ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان

# ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان
ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بسم الله الرحمن الرحيم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان

# ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى

تربية الأولاد في الإسلام

**ئاپتورى : ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان**

تأليف: عبد الله ناصح علوان

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

2016 – يىلى 11 – ئاي ئىستانبۇل – تۈركىيە

ئالاقىلىشىش

0090 5324144055

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە 19

1 ـ ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن پەزىلەتلىرى 19

2 ـ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامغا بەرگەن گۇۋاھلىقى 20

3 ـ سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللاھنىڭ ئىسلامنىڭ ھاياتىي كۈچىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغانلىرى 21

• تۈنجى ئەۋلاد ساھابىلەرنىڭ تەربىيەسى 22

• ساھابىلەردىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى 23

4 ـ ساھابىلەرنىڭ ھىدايەت يولىدا ئىزچىل بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى 24

• ئىسلاھاتتىن ئۈمىد ئۈزۈشنىڭ سەۋەبى 25

Δ بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىنى بىلمەسلىك 25

Δ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش 27

Δ مۇسۇلمانلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە ـ نىشاننى بىلمەسلىك 28

5 ـ ئىسلاھات ۋە تۈزەشنىڭ يولى 29

6 ـ بۇ كىتاب توغرىسىدا 30

7 ـ تەربىيە كىتابلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن 31

8 ـ كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى 32

بىرىنچى قىسىم

بىرىنچى پەسىل: نەمۇنىلىك جۆرە تاللاش ۋە ئۇنىڭ تەربىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى 37

توي قىلىش ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىدۇر 39

1 ـ ئىنسانىيەت نەسلىنى قوغداش 39

2 ـ نەسەبلەرنى قوغداش 39

3 ـ جەمئىيەتنى ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ساقلاپ قېلىش 40

4 ـ جەمئىيەتنى تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلاپ قېلىش 40

5 ـ روھ ۋە پسىخكا خاتىرجەملىككە ئېرىشىش 40

6 ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئائىلە قۇرۇلۇشى ۋە پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئورتاق ھەمكارلىقى 41

7 ـ ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىنىڭ كۈچىيىشى ........ 42
1 ـ نىكاھتىكى تاللاش چوقۇم دىن ئاساسىدا بولۇشى كېرەك ........ 43
2 ـ نىكاھتىكى تاللاش يەنە ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشى ۋە شەرەپ ئاساسىدا بولۇشى كېرەك ........ 46
3 ـ تويلىششتا ياتلاردىن تاللاش كېرەك ........ 48
4 ـ قىزلارنى تاللاشنىڭ ئەۋزەللىكى ........ 49
5 ـ تۇغۇمچان ئاياللارنى تاللاشنىڭ ئەۋزەللىكى ........ 50

ئىككىنچى پەسىل باللارغا بولغان كۆڭۈل تۇيغۇسى 52

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە باللار مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن ........ 53
باللارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن سوۋغىسى ........ 54
• پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھرىبانلىق توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى ........ 55
• مېھرىبانلىقنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى ........ 55
قىزلارنى يامان كۆرۈش جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ پەسكەش قالدۇق تەسىرى ........ 57
بالىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ........ 59
ئىسلام مەنپەئەتىنىڭ پەرزەنت مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ........ 62
• ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇقەۋقىس ئالدىدىكى مەيدانى ........ 63
• شەھىد ئىمام ھەسەنۇلبەننانىڭ ئايالى ئالدىدىكى مەيدانى ........ 64
تەربىيەگە كېرەكلىك دەپ قارالسا، بالىنى جازالاش ۋە تەرك ئېتىشكە بولىدۇ ........ 66

ئۈچىنچى پەسىل بوۋاققا ئالاقىدار ئومۇمىي ھۆكۈملەر 71

تەربىيەتچى جىگەر پارىسى تۇغۇلغاندا نېمىلەرنى قىلىدۇ؟ ........ 71
1 ـ بالا تۇغۇلغاندا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ۋە تەبرىكلەشنىڭ مۇستەھەبلىكى ........ 72
2 ـ بالا تۇغۇلغاندا ئەزان، تەكبىر ئېيتىشنىڭ مۇستەھەبلىكى ........ 74
3 ـ بوۋاقنى ئېغىز ئالدۇرۇشنىڭ مۇستەھەبلىكى ........ 75
4 ـ بوۋاقنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈشنىڭ مۇستەھەبلىكى ........ 77
بوۋاققا ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ........ 79
1 ـ بوۋاققا ئىسىم قاچان قويۇلىدۇ؟ ........ 79
2 ـ ئىسىملار ئىچىدىن قايسى ئىسىملار ياخشى كۆرۈلىدۇ؟ قايسى ئىسىملار يامان كۆرۈلىدۇ؟ ........ 80
3 ـ بالىنى پالانىنىڭ دادىسى دېگەن تەخەللۇس بىلەن چاقىرىشنىڭ سۈننەتلىكى ........ 84
• بالىغا ئىسىم قويۇش دادىنىڭ ھوقۇقى ........ 86
• سەت ۋە ھاقارەت خاراكتېرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن لەقەم قويۇش دۇرۇس ئەمەس ........ 86
• ئەبۇلقاسىم دېگەن ئاتاقنى تەخەللۇس قىلىشقا بولامدۇ؟ ........ 86
بوۋاقنىڭ ئەقىقىسى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ........ 89

www.uyghurkitap.com

1 ـ ئەقىقە دېگەن نېمە؟ ..... 89
2 ـ ئەقىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ قانۇنىي دەلىل ـ پاكىتلىرى ..... 90
3 ـ فەقىھلەرنىڭ ئەقىقىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن يولغا قويۇلۇشىغا قارىتا كۆزقاراشلىرى ..... 90
4 ـ ئەقىقە قىلىش مۇستەھەب بولىدىغان ۋاقىت ..... 93
5 ـ ئوغۇلنىڭ ئەقىقىسى قىزنىڭ ئەقىقىسىگە ئوخشاشمۇ؟ ..... 94
6 ـ ئەقىقە قىلىغان مالنىڭ گۆشىنىڭ سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇشنىڭ يامان كۆرۈلىدىغانلىقى ..... 96
7 ـ ئەقىقىگە مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ھۆكۈملەر ..... 96
• ئەقىقە قىلىنىدىغان مالغا قويۇلىدىغان شەرتلەر ..... 97
• ئەقىقىدىكى قۇربانلىقتا شېرىكلىشىش دۇرۇس بولمايدۇ ..... 97
• ئەقىقە دېگەن سۆزنىڭ مەنە ـ ئۇقۇمى ..... 97
• ئەقىقىنىڭ شەرئىيلەشكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ..... 98
• ئەقىقىنى بوۋاقنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ بوغۇزلاش مۇستەھەبتۇر ..... 98
8 ـ ئەقىقىنى يولغا قويۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ھېكمەت ..... 99
• زىياپەت تائاملىرىنىڭ تۈرلىرى ..... 99
بالىنى خەتنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ..... 100
1 ـ خەتنە قىلىشنىڭ لۇغەت ۋە شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى ئۇقۇمى ..... 100
2 ـ خەتنە قىلىشنىڭ شەرئىي ئەمەل ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ..... 100
3 ـ خەتنە قىلىش ۋاجىبمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟ ..... 100
4 ـ ئايال كىشىمۇ خەتنە قىلىنامدۇ؟ ..... 104
5 ـ خەتنە قىلىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟ ..... 105
6 ـ خەتنە قىلىشتىكى ھېكمەت نېمە؟ ..... 106
تۆتىنچى پەسىل: بالىلاردىكى ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى تۈزەشنىڭ چارىلىرى ..... 108
1 ـ قىسمەن ئائىلىلەرگە قارا تۇمان تاشلىغان كەمبەغەللىك ..... 109
• ئىسلام دىنى كەمبەغەللىككە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئۇل ـ مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلغان ..... 109
2 ـ ئاتا ـ ئانىلار ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا ۋە چىقىشالماسلىق ..... 110
3 ـ ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى ئاجرىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان كەمبەغەللىك ..... 111
• ئەر ـ ئايالنىڭ ئىسلامدىكى ھوقۇقلىرى ..... 112
• تالاق قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش ..... 115
• دۆلەتنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيىتى بار ..... 117
4 ـ كىچىك بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەردە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىكارچىلىق ..... 118
• ئىسلامنىڭ بالىلاردىكى بىكارچىلىققا قارىتا كۆرسەتكەن چارە ـ تەدبىرلىرى ..... 118

• ئىسلامنىڭ بوش ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قوللانغان ئەمەلىي ۋاسىتىلىرى ..... 119
5 - بۇزۇق دوستلار ۋە ناچار ھەمراھلار ..... 121
• ئىسلام ئەۋلادلارنى نازارەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ ..... 121
6 - ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ناچار بولۇشى ..... 123
• ئىسلام ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلىنىشكە بۇيرۇيدۇ ..... 123
• ئاقىي بولغان بالا بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى ..... 125
• ئەھنەف ئىبنى قەيس رەھمەھۇللاھنىڭ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا
قىلغان نەسىھىتى ..... 126
7 - جىنايى ۋە جىنسىي فىلىملەرنى كۆرۈش ..... 126
8 - جەمئىيەتتە ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ..... 128
• ئىسلامنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئىشسىز قالغانلارغا كۆرسەتكەن چارىسى ..... 128
• ئىسلامنىڭ ھورۇنلۇقتىن ئىشسىز قالغانلارغا كۆرسەتكەن چارىسى ..... 130
9 - ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىۋېلىشى ..... 131
• ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىكى مەسئۇلىيىتى ..... 132
• ئىسلام ئاتا - ئانىلارغا تەربىيە مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدۇ ..... 134
10 - يېتىملىك مۇسىبىتى ..... 135
• ئىسلامنىڭ يېتىملەرگە رىئايە قىلىدىغانلىقى ..... 135
• تەربىيەتچىلەرنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقاشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى ..... 136
ئىككىنچى قىسىم ..... 139
مۇقەددىمە ..... 141
• تەربىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ يارقىن مەسئۇلىيەتلىرى ..... 141
• قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايەت، لەتىپە ۋە خەۋەرلىرىدىن ئۆزۈندە ..... 143
بىرىنچى پەسىل ئىمان تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى ..... 146
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەقىدە ئۆگىتىشتىكى پرىنسىپلىرى ..... 146
1 - بالىنىڭ ئېغىزىنى «لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ» دېگەن كەلىمە تەييىبە بىلەن ئېچىشقا بۇيرۇش ..... 147
2 - ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ ھالال - ھارامنىڭ ئەھكاملىرىنى تونۇتۇش ..... 147
3 - يەتتە ياشقا كىرگەندە ئىبادەتلەرگە بۇيرۇش ..... 148
4 - رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىنى دوست تۇتۇش ۋە
«قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىش ئاساسىدا تەربىيىلەش ..... 148
• رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرجىمھالى ۋە جەڭنامىلىرىنى

ئۆگىتىش ..................................................... 149
• ئۆلىمالارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ..................... 149
• بالا، پىترەت ۋە مۇھىت ..................................................... 150
• بالىلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىكى ئەمەلىي رېئاللىقتىن كۆرۈنۈشلەر ..................... 152
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيە مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ چەك ـ چېگرالىرى ..................... 153
1 ـ بالىلارنى ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىشكە ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ مۆجىزىلىك قۇدرىتىگە ۋە ئاجايىپ بەدىئىي ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە يېتەكلەش ..................... 154
2 ـ بالىلار كۆڭلىدە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش، ئاللاھ تەئالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن تەقۋالىق قىلىش ۋە ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن قۇلچىلىق قىلىش روھىنى كۆچەت قىلىپ تىكىش لازىم ..................... 156
3 ـ ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرىدا ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت روھنى ئۆستۈرۈش كېرەك ..................... 158
• ئىمان تەربىيەسى توغرىسىدا غەربلىكلەرنىڭ ئېيتقانلىرى ..................... 161
• پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمان تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئۇسلۇبلىرى ..................... 164
• ئەقىدە توغرىسىدىكى كىتابلارغا تەۋسىيە ..................... 164

ئىككىنچى پەسىل ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى ..................... 166

تۈرلۈك مىجەز ـ خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ئىپادىسى ..................... 167
غەربلىك ئالىملارنىڭ ئىمان بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ..................... 169
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى توغرىسىدىكى ئىرشادلىرى ..................... 170
پەرزەنتلەردە كەڭ ئومۇملىشىپ قالغان تۆت ھادىسە ..................... 172
1 ـ يالغانچىلىق ..................... 172
2 ـ ئوغرىلىق ..................... 175
3 ـ تىللاش ۋە سەت گەپ قىلىش ..................... 177
4 ـ ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىق ..................... 180
شەخسىي خاراكتېر ۋە ئەخلاقنى قوغداش توغرىسىدىكى پرىنسىپلار ..................... 181
1 ـ باشقىلارنى دوراش، باشقىلارغا ئۆزىنى ئوخشىتىۋېلىش ۋە قارىغۇلارچە ئەگەشمىچىلىك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئېھتىياتتا بولۇش ..................... 181
2 ـ راھەتپەرەسلىكتىن چەكلەش ..................... 182
3 ـ ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاشتىن چەكلەش ..................... 183
4 ـ ئەرلەرنى ئاقسا بولۇۋېلىش ۋە ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشتىن چەكلەش ..................... 186
5 ـ يۈزى ئوچۇق بولۇش، ياسانچۇقلۇق، ياتلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە نامەھرەملەرگە قاراشتىن چەكلەش ..................... 187

ئايال كىشى شەرىئەتتە يۈزىنى يوٚگەشكە بۇيرۇلغانمۇ؟ ........ 187
پەرزەنتلەرنىڭ ئوٚزگىرىپ كېتىش سەۋەبلىرى ........ 196
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدىكى ھەدىسلىرى ........ 198

ئۈچىنچى پەسىل جىسمانىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى ........ 201

ئىسلام كۆرسەتكەن جىسمانىي تەربىيە چارىلىرى ........ 202
1 ـ خوتۇن ـ باللارنىڭ نەپىقىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ........ 202
2 ـ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئۇخلاش قاتارلىقلاردا ساغلام قائىدىلەرنى قوللىنىش ........ 203
3 ـ ھەر خىل تېپتىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساقلىنىش ........ 203
4 ـ كېسەللىكلەرگە داۋالاش ئارقىلىق چارە كۆرۈش ........ 204
5 ـ «زىيان تارتىشمۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» دېگەن پرىنسىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ........ 205
6 ـ پەرزەنتلەرنى تەنتەربىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە چەۋەندازلىق ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈرۈش ........ 206
7 ـ پەرزەنتلەرنى جاپالىق تۇرمۇشقا كۆندۈرۈش، تەييار تاپ ۋە راھەتپەرەس بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........ 207
8 ـ پەرزەنتلەرنى تىرىشچان، قىزغىن ۋە مەردانە ھاياتقا ئادەتلەندۈرۈش، ئەكسىچە بوشاڭ، ھورۇن، سۇيۇق ۋە ئەخلاقسىز ئادەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ........ 209
ئەۋلادلاردا كەڭ ئومۇملىشىپ قالغان ھادىسىلەر ........ 210
1 ـ تاماكا چېكىش ھادىسىسى ........ 211
1 ـ تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار ........ 211
2 ـ شەرىئەتنىڭ تاماكا ھەققىدىكى ھۆكمى ........ 215
3 ـ بۇ ھادىسىگە چارە ـ تەدبىر قوللىنىش ........ 216
2 ـ ئىشقاپ لەززەتلىنىش ئادىتىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە ........ 218
1 ـ مۇشۇ ھادىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھادىسىلەر ........ 219
2 ـ شەرىئەتنىڭ بۇ ھادىسە توغرىسىدىكى ھۆكمى ........ 220
3 ـ تۈزەش چارە ـ تەدبىرلىرى ........ 223
3 ـ مەست قىلغۇچى ۋە ھۇشسىزلاندۇرغۇچى بويۇملار ھادىسىسى ........ 227
1 ـ مەست قىلغۇچى ۋە ھۇشسىزلاندۇرغۇچى بۇيۇملاردىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار ........ 227
2 ـ ئىسلامنىڭ مەست ۋە بىھوش قىلىدىغان بويۇملارنى ئىستېمال قىلىش توغرىسىدا چىقارغان ھۆكمى ........ 229
3 ـ ئىسلام نۇرىغا ئاساسىدا بۇ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توگىتىشنىڭ چارىلىرى ........ 232
4 ـ زىناخورلۇق ۋە بەچچىۋازلىق ھادىسىسى ........ 234
2 ـ زىناخورلۇق ۋە بەچچىۋازلىق توغرىسىدا ئىسلامنىڭ ھۆكمى ........ 240

3 ـ بۇ ھادىسلەرنى تۈزەش چارە ـ تەدبىرلىرى ..... 242

∆ دوكتۇر نەبىھ غەبرەتنىڭ مەزكۇر ھادىسلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ..... 245

تۆتىنچى پەسىل: ئەقلىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى ..... 251

1 ـ تەلىم ـ تەربىيە مەجبۇرىيىتى ..... 252

• ئىنساپلىق ئالىملارنىڭ ئىسلامنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇقىغا بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى ..... 254

• بۇ ھەزارەتكە تۆرتكە بولغان سىر توغرىسىدا ..... 255

• ئىسلام دىنى ۋە مەجبۇرىي تەلىم ـ تەربىيە ..... 257

• ئىسلام دىنى ۋە ھەقسىز تەلىم ـ تەربىيە ..... 258

• تەلىم ـ تەربىيە ئۈچۈن ھەق ئېلىش دۇرۇسمۇ؟ ..... 259

• شەرىئەت، ئىسلام تارىخى ۋە ئەدەب بىلىملىرىگە مەركەزلىك يۈزلىنىش كېرەك ..... 264

• ئىسلام دۇنياسىدىكى تەربىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى ..... 265

• تەلىم ـ تەربىيىنى ئۆسمۈرلۈكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا باشلاش كېرەك ..... 267

• يۇقىرىقى ئىلىملەردىن ئاياللارنىڭمۇ نېسىۋىسى بارمۇ؟ ..... 268

• ئاياللارنىڭ خىزمەت ۋە ئىش ئورنىدا ئىشلىشى ۋە غەرب كىشىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى ..... 269

• ئىسلام دىنى قىزلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ ..... 272

• تەلىم ـ تەربىيىدە ئەر ـ ئاياللارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش كېرەك ..... 274

• ئىككى جىنسنى ئارىلاشتۇرۇشنى مۇباھ دەپ قارايدىغانلارغا رەددىيە ..... 276

2 ـ پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش مەسئۇلىيىتى ..... 285

• ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئەجدادلارنىڭ پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ..... 287

• مەزكۇر ئاڭنى يېتىلدۈرۈشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى نېمىلەردىن ئىبارەت ..... 288

1 ـ ئۆگىتىپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش ..... 288

2 ـ ئۈلگە بولۇپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش ..... 289

• كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش ..... 293

• دوست تېپىپ بېرىپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش ..... 294

3 ـ ئەقلىي ساغلاملىق مەسئۇلىيىتى ..... 297

• ئالكىس كارىلنىڭ جىنسىي ھېسسىيات توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ..... 298

بەشىنچى پەسىل: روھىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى ..... 299

باللاردىكى روھىي ۋە پسىخىكا ئالامەتلىرى ..... 300

1 ـ تارتىنچاقلىق ئالامىتى ..... 300

• سەلەف سالىھلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ جۈرئەت جەھەتتىكى مەيدانى ..... 301

• هايا بىلەن خىجىل بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ........ 306
2 ـ قورقۇنچاقلىق ئالامىتى ........ 307
• بالىلاردىكى قورقۇنچاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ........ 308
• بالىلاردىكى قورقۇنچاقلىق ئالامىتىنى تۈزەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان چارە ـ تەدبىرلەر ........ 308
• سەلەف سالىھلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ شىجائەت ۋە باھادىرلىقتىكى مەيدانى ........ 311
3 ـ ئۆزىنى كەمستىش ئالامىتى ........ 316
• بۇ ئالامەتكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ........ 316
1 ـ ھاقارەتلەش، پەس كۆرۈش ۋە ئاھانەت قىلىش ........ 317
Δ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىغا قىلغان مۇئامىلىلىرىدىن نەمۇنىلەر ........ 320
Δ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق ۋە يۇمشاق قوللۇق بولۇش ھەققىدىكى تەۋسىيەلىرى ........ 322
2 ـ ئادەتتىن تاشقىرى ئەركە ـ نايناق قىلىۋېتىش ........ 322
3 ـ بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولماسلىق، بىرىنى ئەتىۋارلاپ بىرىنى چۆرۈۋېتىش ........ 330
4 ـ جىسمانىي ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەر ........ 333
Δ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاقارەتلەشتىن توسقانلىقى ........ 334
5 ـ يېتىمچىلىك ........ 336
6 ـ يوقسۇزلۇق ........ 338
Δ ئىسلامنىڭ يوقسۇللۇققا قارىتا كۆرسەتكەن چارە ـ تەدبىرلىرى ........ 339
Δ ئىجتىمائىي كاپالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى تارىخىي رېئاللىق ........ 343
4 ـ ھەسەتخورلۇق ئالامىتى ........ 344
• ھەسەتخورلۇق ھادىسىسىنى تۈزەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان چارە ـ تەدبىرلەر ........ 346
1 ـ پەرزەنتلەرگە ئورتاق مۇھەببەت ھېس قىلدۇرۇش ........ 346
Δ يېڭى بوۋاق ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىدىغان ئىشلار ........ 347
2 ـ پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئەدلى ـ ئادالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ........ 348
3 ـ ھەسەتخورلۇققا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى يوقىتىش ........ 349
5 ـ غەزەپلىنىش ئالامىتى ........ 350
• مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان غەزەپ ۋە سەلبىي غەزەپ ........ 351
• پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەزەپلىك ھالەتنى تۈزەش توغرىسىدا بەرگەن كۆرسەتمىلىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلى ........ 355
ئالتىنچى پەسىل: ئىجتىمائىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى ........ 357
1 ـ روھىي ئۇسۇللارنى كۆچەت قىلىپ تىكىش ........ 359

www.uyghurkitap.com


1 ـ تەقۋادارلىق ..... 359

2 ـ قېرىنداشلىق ..... 362

3 ـ مېھرىبانلىق ..... 366

4 ـ ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش ..... 369

5 ـ ئەپۇچانلىق ..... 372

6 ـ جۈرئەت ..... 376

2 ـ باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش ..... 382

1 ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى ..... 383

3 ـ قولۇم ـ قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى ..... 400

4 ـ مۇئەللىمنىڭ ھەققى ..... 409

5 ـ ھەمراھنىڭ ھەققى ..... 419

6 ـ چوڭلارنىڭ ھەققى ..... 425

3 ـ ئاممىۋى ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى چىڭ تۇتۇش ..... 433

1 ـ يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 434

2 ـ سالام ـ سەھھەت قىلىشىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 437

3 ـ ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 441

4 ـ سورۇننىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 445

5 ـ سۆزلەشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 448

6 ـ كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 452

7 ـ تەبرىكلەشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 457

8 ـ كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 462

9 ـ تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 467

10 ـ چىۋىشكۈرۈش ۋە ئەسنەشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 471

4 ـ ئىجتىمائىي نازارەت ۋە تەنقىد ..... 476

1 ـ ئامىمىنىڭ رايىنى كۆزىتىش ئىجتىمائىي ۋەزىپىدۇر ..... 477

2 ـ جەمئىيەتنى نازارەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللار ..... 482

1 ـ ئېغىزدا سۆزلىگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە سۆزلىگىنى ئۇيغۇن بولۇش لازىم ..... 482

2 ـ ئىنكار قىلماقچى بولغان مۇنكەر مۇنكەرلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن ئىش بولۇشى لازىم ..... 483

3 ـ يامان ئىشنى چەكلەشتە تەدرىجىي ئۇسۇل قوللىنىش ..... 485

4 ـ يامانلىقنى ئۆزگەرتكۈچى مېھرىبان، چىقىشقاق ۋە ئەخلاقى گۈزەل بولۇشى لازىم ..... 485

5 ـ بۇ جەرياندا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش، يەنى چىدامىلىق بولۇش ۋە بەرداشلىق

بېرىش ..... 488
3 ـ داۋاملىق سەلەفلەرنىڭ مەيدانىنى ئەسلەپ تۇرۇش لازىم ..... 491
1 ـ زاھىد ئەبى غىياس رەھىمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى ..... 491
2 ـ ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ رەھىمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى ..... 492
3 ـ مۇفتى ئەلائۇددىن رەھىمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى ..... 493
4 ـ بىر ئەزھەر شەيخىنىڭ جۈرئەتلىكلىكى ..... 494
5 ـ شەيخ شەرقاۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى ..... 496
• ئىسلام دىنىنىڭ ئەتراپلىقلىقى ۋە ئاممىبابلىقى ..... 497
يەتتىنچى پەسل: جىنسىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى ..... 499
1 ـ ئۆيگە كىرگەندە رۇخسەت سوراشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ..... 500
2 ـ باشقىلارغا قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 502
1 ـ مەھرەملەرگە قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 502
2 ـ تويي قىلماقچى بولغان قىزغا قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 504
3 ـ ئۆز ئايالىغا قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 505
4 ـ يات ئاياللارغا قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 506
5 ـ ئەر كىشىنىڭ ئەر كىشىگە قارىشى ھەققىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ..... 509
6 ـ ئايال كىشىنىڭ ئايال كىشىگە قارىشىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 510
7 ـ كاپىر ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالغا قارىشىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ..... 512
8 ـ بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان بالىلارغا قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 513
9 ـ ئايال كىشىنىڭ يات ئەرلەرگە قارىشىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 514
10 ـ كىچىك بالىلارنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..... 515
11 ـ قاراش يوللۇق بولىدىغان زۆرۈر ئەھۋاللار ..... 516
1 ـ تويي قىلىشقا پۈتۈشۈش مەقسىتىدە قاراش ..... 516
2 ـ ئىلىم ئۆگىتىش مەقسىتىدە قاراش ..... 516
3 ـ داۋالاش مەقسىتىدە قاراش ..... 516
4 ـ ئەرز ـ شىكايەت ۋە گۇۋاھلىق بېرىش مەقسىتىدە قاراش ..... 517
3 ـ بالىلارنى جىنسىي شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇش ..... 518
• ئىچكى نازارەتچىلىك ..... 521
• سىرتقى نازارەتچىلىك ..... 522
1 ـ كىنو ـ تىياتىرخانىلارنىڭ بۇزۇقچىلىقى ( زىيىنى ) ..... 523
2 ـ ئاياللارنىڭ چاكىنا كىيىم پاسونلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىقى ( زىيىنى ) ..... 523
3 ـ مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشرەتخانىلارنىڭ بۇزۇقچىلىقى ( زىيىنى ) ..... 524

Δ تېيىلىپ كېتىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ........ 525
4 ـ جەمئىيەتتىكى شاللاق ۋە نومۇسسىز كۆرۈنۈشلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقى (زىيىنى) ........ 527
5 ـ يامان ھەمراھنىڭ بۇزۇقچىلىقى (زىيىنى) ........ 528
6 ـ قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىشىنىڭ بۇزۇقچىلىقى (زىيىنى) ........ 529
• بۇ ئىللەتلەرنى تۈزەشتىكى ئىجابىي تەدبىرلەر ........ 530
1 ـ ئەۋلادلارنى ئاك ـ ساپالىق قىلىپ تەربىيىلەش چارىسى ........ 530
2 ـ ئىسلامغا خىلاپ يامان قىلمىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى ........ 532
1 ـ تەن ـ سالامەتلىككە ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى ........ 533
2 ـ روھىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى ........ 534
3 ـ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى ........ 536
4 ـ ئىقتىسادىي زىيىنى ........ 537
5 ـ دىنىي ۋە ئاخىرەتلىك خەتىرى ........ 538
3 ـ تىزگىنلەش ۋاستىسى ........ 540
4 ـ پەرزەنتلەرگە بالاغەتكە يەتكەندە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەھكاملارنى ئۆگىتىش ........ 541
5 ـ توي قىلىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ........ 549
• ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان قارىشى ........ 549
1 ـ توي قىلىشتىن باش تارتىشنىڭ ھاراملىقى ........ 550
2 ـ شەھۋەتنى ھالال جايغا ئىشلىتىشنىڭ ساۋاب ـ ئەجرى ........ 551
3 ـ ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ........ 552
Δ سەلەف سالىھلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىكى ئۈستۈنلۈك ........ 552
• ئىسلام جىھادىدا ئايال كىشىنىڭ رولى ........ 554
• ئاللاھ تەئالانىڭ توي قىلىشنى يولغا قويۇشىنىڭ سەۋەبى ........ 556
• توي قىلغاندا ئايالى بىلەن خىلۋەتتە بولۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ........ 558
• مېدىتسىنا ئالىملىرى، ئەھلى ئىلىملەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى نەسىھەتلىرى ........ 566
6 ـ توي قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار ئۆزلىرىنى پاك ساقلىشى لازىم ........ 567
• ھارام قىلىنغان جايلارغا قاراشتىن كۆزنى يۇمۇش ........ 570
• ھارامدىن توسقۇچى دىنىي ئامىللارنى كۈچەيتىش ........ 571
• ئىسلام ۋە جىنسىي كەمسىتىلىش ........ 573
• ئەدىب ئەلى تەنتاۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزى ........ 575
7 ـ بالىلارغا جىنسىيەت ھەققىدە ئوچۇق چۈشەنچە بېرىش توغرىمۇ؟ ........ 580
• ئالىي تەربىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى ........ 585
1 ـ كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش ........ 586

www.uyghurkitap.com

2 - بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ........ 586
• ئاتا - ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ........ 587
1 - ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش ........ 592
• رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى ئۈلگىدۇر ........ 593
• ئىبادەتتىكى ئۈلگىلىكى ........ 595
• ئالىيجاناب ئەخلاقتىكى ئۈلگىلىكى ........ 596
• سېپىيلىقتىكى ئۈلگىلىكى ........ 597
• زاھىدلىقتىكى ئۈلگىلىكى ........ 597
• كەمتەرلىكلىكتىكى ئۈلگىلىكى ........ 599
• ئېغىر - بېسىقلىقتىكى ئۈلگىلىكى ........ 599
• جىسمانىيتى كۈچلۈك بولۇشتىكى ئۈلگىلىكى ........ 600
• شىجائەتتىكى ئۈلگىلىكى ........ 601
• دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈلگىلىكى ........ 602
• پرىنسىپچانلىقتىكى ئۈلگىلىكى ........ 604
• ساھابە كىراملارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭغا
تارتىشىپ تۇرىدىغانلىقى ........ 605
• ساھابىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولىدىغانلىقى ........ 607
• بۇ ئۈلگىلەرنىڭ ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى ........ 609
• رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيىچىلەرنى ئۈلگە بولۇشتا ئاگاھلاندۇردى ........ 610
• پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىچىك بالىلارغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقلىرىدىن بىر قانچە
تىپىك مىسال ........ 612
• ياخشى ئۈلگە بولۇشنىڭ تەربىيىدىكى ئەھمىيىتى ........ 614
• بالىلار ھەممە ئىشلاردا ئۈلگە ساھىبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە باغلىنىشى
كېرەك ........ 615
• چوڭ بالىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك ........ 617
• ئىسلام دىنى سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ ........ 617
2 - ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق تەربىيىلەش ........ 619
3 - ۋەز - نەسىھەت ئارقىلىق تەربىيىلەش ........ 635
5 - جازالاش ئارقىلىق تەربىيىلەش ........ 688

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تەئالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە بەندىلىرىگە تەلىم-تەربىيەنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرىدا پۈتۈن ئالەمگە ياخشىلىق، ھىدايەت ۋە ئىسلاھات پرىنسىپلىرىنى روشەن بايان قىلىپ بەرگەن ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن.

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەدەپ ئۆگەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋە ئىنسانىيەتنى ئەڭ كاتتا ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇققا ئېرىشتۈرىدىغان، يۇقىرى رەھبەرلىك، خوجايىنلىق ۋە ئالىي مەقامغا يەتكۈزىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئورنىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ۋە بۇ يۈكسىلىشنى ھەردائىم كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان شەرىئەت بېرىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى ۋە ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر شۇلارنىڭ يولىدا ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرگە ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە چەكسىز سالامى بولسۇنكى، ئۇلار پەرزەنت تەربىيەسى ۋە ئۇممەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېگانە نەمۇنىلەرنى تەقدىم ئەتتى.

## 1 - ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن پەزىلەتلىرى

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە ئاللاھ تەئالا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېمەت ۋە ئەڭ كاتتا پەزىلەتكى، ئۇنىڭغا تەڭلىشەلىدىغان ھېچقانداق نېمەت ۋە شان-شەرەپ يوق. ئىسلام ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتكە قەلبلەرنى تەربىيىلەش، ئەۋلادلارنى يارامىلىق ئۆستۈرۈپ بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۇممەت قۇرۇش، ھەزارەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇلۇغلۇق ۋە مەدەنىيەت تۈۋرۈكىنى ئورنىتىش قاتارلىقلاردا داغدام ۋە شامىل ــــ ئەتراپلىق ۋە ئامىباب دەستۇر ئېلىپ كەلدى. ئىسلام بۇ ئارقىلىق كېرەكسىز ۋە پۇچەك ئىنسانلارنى كۇپرى، شېرىك، دەھرىيلىك، جاھالەت، ئازغۇنلۇق ۋە باشباشتاقلىقنىڭ قارا زۇلمەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، تەۋھىد، ئىمان، ھىدايەت ۋە ئىسلامدا چېقىلىپ تۇرغان ئىسلامىي نۇرغا ئېلىپ چىقتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. ئاللاھ تەئالا شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇپرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ» (5:15 ــــ 16).

## 2 ـ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامغا بەرگەن گۇۋاھلىقى

ئىسلام شەرىئىتى داۋاملىق ئۆسۈپ يېتىلىپ تۇرىدۇ، زامانىنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىلغار پىكىرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالمايدۇ ۋە كونىراپ ئېلاستىكىلىقىنى يوقاتمايدۇ، ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا ماس كېلىدۇ، ھەردائىم بايراقدار بولۇپ ھەقىقەت ساداسىنى ياڭرىتىدۇ. بۇنىڭغا ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ گۇۋاھ بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ جانلىقلىقى ۋە مەڭگۈلۈكلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشى ئىسلامنىڭ ئېپتىخارلىنىشى ۋە پەزىلىتىگە كۇپايە قىلىدۇ. ئەي غەربلىكلەرنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە ئىسپاتىنى مۆھۈر بىلدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈندىغان ئادەملەر! ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە نېمە دەيدىغانلىقىنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭلار:

گوستاف لوبون ئۇستازى لىبىرانىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ: «ئەگەر تارىخ سەھنىسىدە ئەرەبلەر باش كۆتۈرمىگەن بولسا، ھازىرقى يېڭى ياۋروپا ئويغىنىش ھەرىكىتى نەچچە ئەسىر كېچىككەن بولاتتى» دەيدۇ.

لىن بول «ئىسپانىيىدىكى ئەرەبلەر» ناملىق كىتابىدا: «ياۋروپا مىللەتلىرى جاھالەت، ئىلىمسىزلىك ۋە مەھكۇملۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتىپ خورلىنىۋاتقان چاغلاردا، ئەندەلۇس ئىلىم رەھبەرلىكىنى ئۇستىگە ئالغان ۋە دۇنيا سەقاقەت ( مەدەنىيەت ) توغىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى» دەيدۇ.

ئىلياس ئەبۇ شەبەكە ئۆزىنىڭ «ئەرەبلەر بىلەن پەرەڭلەر ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ۋە روھ مۇناسىۋەتلىرى» دېگەن كىتابىدا: «ئەرەب ھەزارىتىنىڭ زاۋال تېپىشى ئىسپانىيە ۋە ياۋروپاغا ھەقىقەتەن ئاپەت ئېلىپ كەلدى، چۈنكى، ئەندەلۇس بەخت-سائادەتنى پەقەت ئەرەبلەرنىڭ سايىسى ئاستىدىلا تونۇغانىدى. ئەمدى ئەرەبلەر كېتىپ قېلىۋىدى، بايلىق، مولچىلىق، گۈزەللىك ۋە رەڭدارلىقنىڭ ئورنىنى خانىۋەيرانچىلىق ۋە ھالاكەت ئىگىلىدى» دەيدۇ.

سەيدىلىت «ئەرەب تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىلىم، پەلسەپە ۋە باشقا ھەرقايسى پەنلەردە ئۆز زامانىنىڭ يېگانە نەمۇنىچىلىرى بولغان. ئۇلار قەدەملىرى يەتكەنلىكى جايلاردا ئىلىم تارقاتقان، ئىلىم ئۇلاردىن ياۋروپاغا سىڭىپ كىرگەن ۋە ئۇلار ياۋروپانىڭ ئويغىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان» دەيدۇ.

كۆپ ساندىكى زىيالىيلار مەشھۇر ئىنگلىز پەيلاسوپى بىرناردشونىڭ ئىسپاتىنى بىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ دىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك جانلىقلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن يۈكسەك ھۆرمەتلەشكە ۋە يۇقىرى باھا بېرىشكە لايىق. چۈنكى، ئۇنىڭ دىنى ھاياتلىقنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىردىنبىر يېگانە دىندۇر. مەن مۇھەممەدنى ‹ئىنسانىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى› دەپ ئاتاشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەم بۈگۈنكى دۇنيانىڭ رەھبەرلىكىنى قولىغا ئالسا، دۇنيادا ھەل بولمايۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ئەلۋەتتە ھەل قىلالايتتى».

يۇقىرىدىكى شەرقشۇناسلارنىڭ سۆزلىرى ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن بايانلار ھەربىر ئەقىللىق ۋە چېچەن كىشىگە ئىسلام نىزامى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەزارەتنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى ۋە رولى توغرىلىق پاكىت ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com

پاكىت بولىدۇ؛ پۈتۈن تەرەققىيات ۋە ھەربىر باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپلىق پرىنسىپلارنى ۋە مەڭگۈلۈك جانلىقلىقنى ئىگە ئەلىماتلارنى بەخش ئېتىدىغان كۈچ-قۇدرەتنى توغرىلىق دەلىل. ھۆججەت بولىدۇ. ئىسلامنىڭ پەزىلىتى ۋە شان-شەۋكىتى ئەنە شۇنداق ئەڭ يۇقىرى ۋە ئۇلۇغ ئورۇندا بولمىسا، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەمتى؟!

ئىسلام پەزىلىتى كاتتا ھەم بۈيۈك،
گۇۋاھ بولدى ئاڭا بارچە ئۈممەتلەر،
پەزىلەت ئېتىلار خۇددى قۇتاندەك،
قول قويدى قايىل بوپ ھەتتا دۈشمەنلەر،

## 3 ـ سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللاھنىڭ ئىسلامنىڭ ھاياتىي كۈچىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغانلىرى

ئىسلام ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى، ئىسلام شەرىئىتى بولسا ئاللاھ تەئالا ئىنسانىيەتكە ئورتاق بەلگىلەپ بەرگەن ۋە يولغا قويغان قانۇن-ئىنتىزام بولۇپ، ئۇ ھاياتلىقنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاممىباب ۋە يېڭىلىنىپ تۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئادىل شەرىئەتتۇر. ئۇنداقتا ئىسلامنىڭ ئاممىباب ۋە ئەتراپلىق پرىنسىپلىرى ۋە يېڭىلىنىش خۇسۇسىيەتلىرى پەقەت كۆڭۈللەردە ساقلاپ ۋە يادلاپ قويسىلا بولىدىغان قۇرۇق پىكىرلەرمۇ؟ كىتاب ۋە دىۋانلارغا يېزىپ ۋە پۈتۈپ قويسىلا بولىدىغان قۇرۇق نەزەرىيەمۇ؟ ۋەياكى ئۈممەت ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغىلى بولىدىغان رېئال ئەمەلىيەتمۇ؟!

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىسلام شەھىدى ئۇستازىمىز سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللاھقا ئۆتۈنەيلى! ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى (ئاللاھ تەئالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دىن تاماق يەيدىغان، سۇ ئىچىدىغان ۋە بازارلارنى ئايلىنىدىغان ئىنسانلار ھايات كۆرۈنۈشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرىدىغان تىرىك قۇرئانغا ئايلانغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى پاك ئائىلىلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن قۇرئاننى كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان، ھەربىر شەخستىن ئىسلام ئۇچۇن مۇجەسسەملەنگەن نەمۇنىنى كۆرگىلى بولىدىغان ۋە ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر بەئەينى ئىسلامنى كۆرگەندەك بولىدىغان كىشىلەرگە ئايلاندۇرغان ۋە مۇشۇنداق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشكەن.

دەلىل-پاكىت ھېچنەرسىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. قۇرئانمۇ ئادەم بولمىغۇچە ھەرىكەتكە ئايلانمايدۇ ۋە ئۆز

رولنى جارى قلدۇرالمايدۇ ۋە پرنسپلارمۇ ئەمەلي هەركەتكە ئايلانمغۇچە مەۋجۇد بولمايدۇ.

مۇشۇ جەهەتتن مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنڭ بررنچى نشانى ئەمەلي هەركەت قلدىغان مۇئمن ئەركەكلەرنى تەربيلەپ يېتشتۈرۈش بولدىكى، ۋەز-نەسهەتچلەرنى يېتشتۈرۈش بولمدى؛ ئىديە ۋە ۋىجدانلارنى مۇكەممەل بارلىققا كەلتۈرۈش بولدىكى، گەپدان ۋە سۆزمەن خەتىبلەرنى يېتشتۈرۈش بولمدى؛ ئۈممەتنى ئىسلامي ئۈممەت قلىپ قۇرۇپ چىقش بولدىكى، پەلسەپە ئۈستىگە قۇرۇش بولمدى. ئەمما، پىكرگە 《قۇرئان كەرىم》 كاپالەتلك قلدى. مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنڭ پائالىيتى ئاشۇ تۈپ پىكرلەرنى قوللاردا تۇتقلى ۋە كۆزلەردە كۆرگىلى بولىدىغان مۇئمن ئەركەكلەرگە ئايلاندۇرۇش بولغاندى. مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئىسلامي پىكردىن بىر تۈركۈم كىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇلارنڭ ئىسلامغا بولغان ئىشەنچسنى ئەمەلي هەركەتكە ئايلاندۇرغان، باشتا ئون نەچچە، كېيىن بىر نەچچە يۈز، كېيىن نەچچە مڭ 《قۇرئان كەرىم》 لەرنى يېتشتۈرۈپ چىققان كۈندە غەلبىگە ئېرشكەن. لېكىن، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم 《قۇرئان كەرىم》 نى بىزگە ئوخشاش قارا سىياهتا ئاق قەغەزگە بېسىپ چىققنى يوق. بەلكى، ئۇنى كىشلەر قەلبلرىنڭ ئاق ۋاراقلرىغا نۇر بىلەن بېسىپ چىققان، قۇرئاننى كىشلەرنڭ ئەمەلي پائالىيەتلرىگە ئايلاندۇرغان، ئىلىم-بىرىملرىدە ئىشلەتكەن، ئىغىزىدا سۆزلگەننى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قلغان ۋە ئىسپاتلىغان. مانا بۇ پەيغەمبىرىمز مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئاللاه جەللە ۋەئەلانڭ هوزۇرىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى》》[1].

## • تۇنجى ئەۋلاد ساهابىلەرنڭ تەربىيەسى

رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنڭ ساهابىلرىدىن بولغان تۇنجى ئەۋلاد كىشلەر ۋە كېيىن ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشلەرنڭ تەربىيەسى توغرىلىق تولۇق مەلۇماتقا ئېرشمەكچى بولغان كىشى تارىخ كىتابلىرىنى ۋە ئۇلارنڭ ئۇلۇغ ئىش-ئىزلىرى ۋە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرى توغرىلىق يېزىلغان تەرجىمهاللارنى ئوقۇسا بولىدۇ.

دۇنيا تارىخى ئۇلاردىن ئۇلۇغۋار، ئۇلاردىن ئېسىل، ئۇلاردىن كۆيۈمچان، ئۇلاردىن مېهرىبان، ئۇلاردىن ئۇلۇغ، ئۇلاردىن كاتتا، ئۇلاردىن ئۈستۈن ياكى ئالىمىراق كىشلەرنى كۆرۈپ باقتمۇ؟!

ئۇلار هەققدە 《《قۇرئان كەرىم》》 ئېيتقان ئايەتلەر ئۇلارنڭ شان-شەرىپى، ئىپتخارى ۋە مەڭگۈلۈك هۆرمتىگە كۇپايە قىلىدۇ: 《《مۇهەممەد ئاللاه تەئالانڭ رەسۇلىدۇر. ئۇنڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر. ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان ۋە سەجدە قىلغان هالدا كۆرسەن، ئۇلار ئاللاه تەئالانڭ پەزلى ۋە رازىلىقنى تىلەيدۇ. ئۇلارنڭ يۈزلرىدە سەجدىنڭ ئەسرىدىن نشانلار بار》》 ( 48:29 )؛

《《ئۇلار كېچسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەهەرلەردە ( پەرۋەردىگارىدىن ) مەغپىرەت تىلەيتتى. ئۇلارنڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە ( ئېيپەتلىكىدىن سائىللىق قلمايدىغان ) موهتاجلار هوقۇقى ئىگە ئىدى ( يەنى ئۇلار سائىللارغا

(1) ئۇستاز شەهىد سەييىد قۇتۇب رەهىمەهۇللاهنڭ «ئىسلامي دەرسلىكلەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى )» ( 19 ـــ 51:17 )؛

«ئۇلاردىن ( يەنى مۇھاجىرلاردىن ) مەدىنىدە يەرلىك بولغان ۋە ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار ( يەنى ئەنسارلار ) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى ( يەنى مۇھاجىرلارنى ) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق ( مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ) ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» ( 59:8 )؛

«مۆئمىنلەر ئىچىدە ( رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرىلىق ) ئاللاھ تەئالاغا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ بەزىسى ( ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىپ ) شەھىد بولدى، بەزىسى ( شەھىد بولۇشنى ) كۈتمەكتە، ئۇلار ( پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى ) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق» ( 33:23 ).

ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئۇلۇغۋار ئىش-ئىزلىرى دېڭىزدىن تامچىدۇر، خالاس. دەرۋەقە قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى مۇتەپەككۇرلارنىڭ شېرىن خىيالى ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانى بولۇپ كەلگەن «پەزىلەتلىك جەمئىيەت»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ۋە «پەزىلەتلىك دۆلەت» قاتارلىقلار ئۇلار ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ۋۇجۇدقا چىقتى.

ئويلاپ كۆرۈڭ! «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يىگانە سىما» ۋە «يىگانە نەمۇنىچىلەر» بولغان ئاشۇ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى تابىئىنلارنىڭ جەمئىيەتلىرىنى قانداقمۇ پەزىلەتلىك جەمئىيەت دېمەي تۇرالايمىز؟ ھالبۇكى، قازى مەھكىمە شەرئىيدە ئىككى يىل ئولتۇرۇپ، ئەرز-شىكايەت قىلىپ كېلىدىغان ئىككى ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن تۇرسا.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن دەۋا-دەستۇر قىلسۇن؟ نېمە ئۈچۈن جېدەل-ماجىرا قىلىپ ئەرز-شىكايەت قىلسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قۇرئان تۇرسا؛ ئۇلار نېمە ئۈچۈن تالاش-تارتىش قىلسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزلىرى شۇنچە موھتاج تۇرۇپ قېرىنداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان تۇرسا؛ ئۇلار بىر-بىرىگە نېمە ئۈچۈن غەزەپلەنسۇن؟ ھالبۇكى، ئىسلام ئۇلارنى ئۆزئارا بىر-بىرىنى دوست تۇتۇشقا، قېرىنداش بولۇشقا ۋە مۇھەببەتلىك بولۇشقا بۇيرىغان ۋە بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشكە، ئۆتۈنۈشكە ۋە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن تۇرسا.

## • ساھابىلەردىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى

ئەمدى دىققىتىڭلارغا ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ( ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن )نىڭ ئاشۇ ساھابىلەر ( ئاللاھ تەئالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن )نىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك پەزىلەتلىرى ھەققىدە بايان قىلغان سۆزلىرىنى تەقدىم ئېتىمىز. ئۇ ئۇلارنىڭ ئېسىل ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىرىگە

ئەگىششىنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئادەم باشقىلارغا ئەگەشمەكچى ياكى دورىماقچى بولسا، چوقۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىغا ئەگىششى ياكى شۇلارنى دورىشى لازىم. چۈنكى، ئۇلار قەلب ۋە ۋىجدان جەھەتتە مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئىلىم جەھەتتە ئەڭ چوڭقۇرى، ئەڭ ئاز تەكەللۇپ قىلىدىغانلىرى، ھىدايەت جەھەتتە ئەڭ تۈپتۈزلىرى ۋە ھال-ئەھۋالى ئەڭ بەلەنلىرى ... ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى پەيغەمبىرىنىڭ سۆھبىتىگە ئىختىيار قىلدى ۋە ئۆز دىنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تاللىدى. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇڭلار ۋە ئىش-ئىزلىرىغا ئەگىشىڭلار، ئۇلار چوقۇم توغرا يول ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ ھىدايىتى ئۈستىدە بولدى».

## 4 - ساھابىلەرنىڭ ھىدايەت يولىدا ئىزچىل بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى

ئەسىرلەر مابەينىدە مۇسۇلمان ئەۋلادلار ئۇلارنىڭ پەزىلەت بۇلاقلىرىدىن تەشنالىقلىرىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇقلۇققا ئېرىشتى. تەربىيە ساھەسىدە ئۇلار ماڭغان يولدا ماڭدى ۋە ئۇلار قوللانغان ئۇسۇلنى قوللاندى. ئۇلۇغلۇق بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۇلار ماڭغان ئىزدا ماڭدى. بۇ ئەھۋال تاكى ئىسلامي جەمئىيەتتىن ئىسلام ھۆكۈملىرى چەكلەنگەن، يەر شارىدا ئىسلامي خەلىپىلىكنىڭ بەلگە-نىشانلىرى زاۋال تاپقان، ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە دىن ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. مۇسۇلمانلار ئۆز قوللىرى ئارقىلىق ئىلاھىي ھاكىمىيەت ـــــ ئىسلامنى بىتچىت قىلغاندا، ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەسكەش نىيەت-مەقسەتلىرىگە، رەزىل نىشانغا ۋە كۆمۈلۈپ قالغان ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىپ، ئىسلام دۇنياسىنى بىر-بىرىنىڭ بوغۇزىدىن تۇتىشىدىغان قالاق ئۈممەتلەرگە، بىر-بىرىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى چىشلەپ تارتىشىدىغان ۋە بىر-بىرىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان پارچە-پۇرات كىچىك دۆلەتلەرگە ئايلاندۇردى ۋە پارچىلىدى. كۆڭۈل-خاھىشلار ئۇلارنى ھەر جايلارغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇلارنى خىلمۇخىل تەمەگەرلىكلەر ئۆزىگە تارتتى، تۈرلۈك كۆزقاراشلار، پىكىرلەر ۋە پرىنسىپلار پارچىلاپ تىتما-تىتما قىلىۋەتتى. ئۇلار شەھۋەتلەرنىڭ كەينىگە كىردى، راھەت-پاراغەت، ئەيشى-ئىشرەت ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى، ئەخلاقسىزلىق ۋە پاسكىنا قىلمىشلارنىڭ قارا ئازگاللىرى ۋە سېسىق لاتقىلىرىدا ئۆمىلەپ يۈرۈشكە ئادەتلەندى. ئۇلار ھېچبىر نىشان ۋە غايىسىز ھالدا يول يۈردى ۋە ياشاشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇلۇغلۇق، بىرلىك ۋە مەۋجۇدلۇق قاتارلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. سەن ئۇلارنى ئۆم، ئىناق، ئىتتىپاق ۋە بىرلىككە كەلگەن دەپ ئويلايسەن، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرى چېچىلاڭغۇ؛ ئۇلارنى كۈچلۈك ئويلايسەن، ئەپسۇسكى ئۇلار سەل قىرغىقىدا ئۆسكەن مەجرۇھ زەئىپانە ئۆسۈملۈككە ياكى سەل ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئوخشايدۇ. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بۇ ئۈممەتنى ئىسلاھ قىلىشنى نىيەت قىلغان ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان ئۇلۇغ ۋە ئوت يۈرەك كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلاھاتتىن ئۈمىد ئۈزدى. ئۇلارنى نائۈمىدلىك ئىسكەنجىگە ئالدى. چۈنكى، بۇ كىشىلەر ئىسلام ئۈممىتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى يوق، بۇ ئۈممەتنى ئىلگىرىكى ئۇلۇغلۇق، ئىززەت

ۋە مەۋجۇدلۇقىغا قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى. بەلكى، ئاشۇ دەۋەتچىلەر ئىچىدىن «هازىر كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقنىڭ پايدىسى يوق!»، «ۋەز-نەسىھەت قىلغانلىقنىڭ ئەھمىيىتى يوق!»، «ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە ئىسلامىي چاقىرىقلار ئۇلارنىڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ!»، «كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئۆيلەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇش كېرەك!» ۋە «بۇ دەۋر كىشىلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىش تولىمۇ ئەخمەقلىق!» ... دەپ ئاشكارا جار سالىدىغان كىشىلەرمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇلارچە، بۇ ئەسىر زامانى ئاخىرقى زامانمىدۇ؟ ياكى قىيامەت مۇشۇ دەۋر ئىنسانلىرى ئۈستىگە قائىم بولارمۇ؟ ھەممىنى ئاللاھ تەئالا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار شۇنداق ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ. ياكى ئۇلار مۇسۇلمان ئۆز دىنىنى پىتنىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر توپ قوينى تاغ باغرىغا ياكى يامغۇرلۇق جايلارغا ھەيدەپ چىقىپ كىشىلەردىن ئايرىلغان ھالدا ياشايدىغان [1]، ياكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۆزى يالغۇز ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىغان چاغ ھازىر كەلدى دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ؟ ئېھتىمال، ئۇلار شۇنداق ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

## • ئىسلاھاتتىن ئۈمىد ئۈزۈشنىڭ سەۋەبى

مانا بۇنىڭدەك ئىسلاھاتتىن ئۈمىد ئۈزگەن ۋە ئۈممەتنى تۈزەشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دەيدىغان تەسەۋۋۇر ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبنىڭ نەتىجىسى:

1 - بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىنى بىلمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى.

2 - دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرگەنلىكنىڭ نەتىجىسى.

3 - مۇسۇلمانلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە-نىشاننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى.

### ∆ بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىنى بىلمەسلىك:

مۇسۇلمان ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتەن كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كۈندە: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار» (8:60)؛

ئۇلار ئىسلامنىڭ مەيلى شەرىئەت ئىلمى ياكى كائىناتقا ئائىت ئىلىم بولسۇن ئوخشاشلا ئىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كۈندە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن دېگىن»

---

(1) ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «(مۇسۇلمان) ئادەمنىڭ مېلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى قوي بولۇپ قالىدىغان ۋاقىت يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا مۇسۇلمان بىر توپ قوينى ھەيدەپ تاغ چوققىسىغا ياكى يامغۇر كۆپ ياغىدىغان (ئۆسۈملۈك كۆپ ئۆسىدىغان) جايلارغا چىقىپ ئۆز دىنىنى پىتنىلەردىن ساقلاپ قالىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما، ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس دىنغا ئاساسەن پىتنىگە تاشلانغان، كاپىر بولۇش ۋە مۇرتەد بولۇشقا زورلانغان مۇسۇلمانغا قارىتىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمان ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاغلارغا چىقىپ قوي باقسا بولىدۇ. ئەمما، ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئادا قىلىدىغان، ئۆزلىرىگە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلايدىغان مۇسۇلمانلار بار بولغان ۋە ئىسلامىي ئىززەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئىسلامىي ئىمارەتنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياردەملەشسە بولىدىغان مەيدانلار بار بولغان ئەھۋالدا بېكىنمىچىلىك قىلىش ۋە ئايرىلىپ چىقىۋېلىش مۇسۇلمانلارغا ھارام بولىدۇ. بوگۈنكى مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى يۈرگۈزمىسە، ئەمەلىيلەشتۈرمىسە ۋە ئاللاھنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقمىسا گۇناھكار بولىدۇ.

( 20:114 )؛

ئۇلار ئىسلامنىڭ ئىنسانلار ئاللاھ تەئالانىڭ يەر شارىدىكى خەلىپىسى، ئۇ يەر شارى رەھبەرلىكىنى قولغا ئالىدۇ، يەر شارىنىڭ چۆلۈۋۈرىنى قولىدا تۇتىدۇ، يەر ئاستى ۋە ئۈستى بايلىقلىرىنى قازىدۇ ۋە يەر شارىدىكى ھەربىر ئەسىرلاردىن خەۋەردار بولىدۇ دەپ تەبىر بەرگەنلىكىنى چۈشەنگەن كۆندە: «ئاللاھ تەئالا سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى» ( 6:165 )؛

ئىسلامنىڭ ئىنساننى ئىززەت-ھۆرمەت، شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئىنساننى مەخلۇقاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئۇلۇغ قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسئۇلىيەت ئارتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشنى تاپشۇرغانلىقىنى چۈشەنگەن كۆندە: «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق» ( 17:70 )؛

ئۇلار ئىسلامنىڭ ئىنسان ئۆز ئەقلى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى توغرىلىق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، بۇلارغا بىپەرۋالىق قىلغانلىقى، سەل قارىغانلىقى ۋە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرماي بىكارغا تاشلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ دېگەن بەلگىلىمىنى يولغا قويغانلىقىنى چۈشەنگەن كۆندە: «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز ۋە دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ» ( 17:36 )؛

ئۇلار ئىسلامنىڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەنلىكى ۋە بۇ بويسۇندۇرۇلمىلارنى ئىلىم ۋە ئىنسانىيەت خىزمىتىگە ئىشلىتىشنى جاكارلىغانلىقىنى چۈشەنگەن كۆندە: «ئاللاھ تەئالا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى» ( 45:13 )؛

ئۇلار ئىسلامنىڭ سابىت-بەرقارار ھەقىقەتلىرىنىڭ تېگى-تەكتى ۋە ماھىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا ئويلىنىشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرغان دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كۆندە: «ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار» ( 10:101 )؛

مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ ئىشلەشكە، تىرىشىشقا ۋە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كۆندە: «ئاللاھ تەئالا سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھ تەئالانىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» ( 67:15 )؛

مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ ئۈمىدسىزلىكنى ھارام دەيدىغان ۋە نائۈمىدلىكتىن چەكلەيدىغان دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كۆندە: «شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ» ( 12:87 )؛

مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىززەت-ھۆرمەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلار ئىسلام ئارقىلىق

قەددىنى رۇسلىمسا، بىشىنى كۆتۈرمىسە ۋە ئىسلام بايرىقىنى بۇ ئالەمدە تىكلىمىسە ۋە بوشلۇقتا لەيلەپ تىمسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن كۈندە: «غەلىبە ئاللاھ تەئالاغا، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ» (63:8)؛

... مۇسۇلمانلار دىنى توغرىلىق يۈكسەلىشنىڭ ھەممىسىنى چۈشەنگەن كۈندە، كىشىلەر ـــ بولۇپمۇ باشلامچى بولۇپ ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچىلار ـــ مۇشۇ دىنىنىڭ تەبىئىتى، خاراكتېرى ۋە ئىسلامنىڭ تېگى ـ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن كۈندە ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، كۆڭۈللىرىدىن ئۈمىدسىزلىك يوقايدۇ، كۆڭلى پەرىشان ۋە روھى چۈشكۈن بولمايدۇ، بەلكى، ئاللاھ تەئالا تەرەپكە، ئىسلامغا ۋە ئۈممەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا چاقىرىدىغان جامائەتنىڭ سېپىغا قوشۇلىدۇ ۋە بۇ سەپتە ئەركىن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. بۇ ئۈممەتكە ـــ ئىلگىرىكى مۆئمىن ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش ـــ دۇنيا ئۇستازى ۋە ئۈممەتلەرنىڭ يېتەكچىسى بولۇش ۋە يەر شارىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ۋە زۇلمەتكە توشقان ھاياتلىقنى يورۇتقۇچى ماياكلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدىغان تۆھپىكار كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئىنسانىيەت ئۇلارنىڭ ئىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچىدۇ. ئاللاھ تەئالا زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ مىراسخورى بولۇپ قىيامەت كۈنىنى قائىم قىلغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ مەرىپەت ۋە ھەزارەت بۇلاقلىرىدىن تەشنالىقنى قاندۇرىدۇ.

## Δ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش:

مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن ئالىملار ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچىلار دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، دۇنياغا يۆلىنىۋېلىش ۋە دۇنيا لەززەتلىرى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش قاتارلىقلاردىن ئۆزىنى ئازاد قىلىپ، كىشىلەرنى ئىسلامغا يېتەكلەش، جەمئىيەتنى تۈزەش، تەربىيە سېلىش ۋە زېمىندا ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش قاتارلىقلارنى ئەڭ چوڭ غېمى ، ھىممەت ـ مەقسەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئىلىم ـ مەرىپەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى، غايىلەرنىڭ غايىسى ۋە ئۆتكۈر ئىرادە ۋە نىيەتلەرنىڭ ئاتلىنىش نۇقتىسى قىلغان كۈندە؛ ...

قورقۇنچاقلىق، ھورۇنلۇق ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش قاتارلىقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، رىزقىنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە، پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈشنىڭ پەقەت ئاللاھ تەئالانىڭلا قولىدىن كېلىدىغانلىقىغا، ئۇلارغا يەتمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئۇلاردىن باشقىلارغا كېتىپ قالمايدىغانلىقىغا، ياكى باشقىلارغا يەتمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئۇلارغا يېتىپ قالمايدىغانلىقىغا، ئەگەر پۈتۈن ئۈممەت بىرلىشىپ ئۇلارغا بىرەر نەرسە بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا ئىرادە قىلغاندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا، ئەگەر پۈتۈن ئۈممەت بىرلىشىپ ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزمەكچى بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا تەقدىر ئەزەلىيدە پۈتۈۋەتكەندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا چىن پۈتكەن كۈندە؛ ...

... مۇسۇلمانلار يۈكسەلىشلارغا جەزمەن ئىشەنگەن ۋە ئاجىزلىق ۋە بوشاڭلىقنىڭ سەۋەب ـ ئامىللىرىدىن قۇتۇلغان

كۈنــدە، ئالــلاھ تەئــالا تەرەپكــە دەۋەت قىلىدىغــان مەيدانلارغــا ئۆزىنــى ئاتايــدۇ، تەربىيــە، دەۋەت ۋە ئىســلاھات ساھەلىرىگە قورقماستىن دادىل قەدەم تاشلايدۇ، ئالەملەرنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەربىيەتچىسى بولغان ئاللاھ تەئالانىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئاللاھ تەئالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي يەتكۈزىدۇ ۋە ئادا قىلىدۇ، بەلكى، ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقى، زېمىندا ئورۇن بېرىدىغانلىقى، قورقۇنچىسىنى خاتىرجەملىككە ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ۋە خار-زەبۇنلۇقنى ئىززەتكە ۋە تەپرىقە-چېچىلاڭغۇلۇقنى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا يەڭگۈشلەپ بېرىدىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنىدۇ، ئەگەر ئۇلار نىيەت-مەقسەتلىرىنى توغرىلىسا، قىلىشقا كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئالىي ھىممەت باغلىسا، ئۈمىدسىزلىك، خەۋپسىرەش ۋە دۇنيانى سۆيۈشتىن ئازاد بولسا، بۇ ئىشلار ئاللاھ تەئالاغا تەس ئەمەس!!!

## Δ مۇسۇلمانلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە-نىشانىنى بىلمەسلىك:

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ھاياتلىقتا ئۆلۈغ ۋار نىشان ۋە ئالىي مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى چۈشەنگەن كۈندە: بۇ غايىنى ئاللاھ تەئالا تائالا «قۇرئان كەرىم»دە قارار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» ( 51:56 )،

لېكىن، ئاللاھ تەئالا بىزدىن كۈتىدىغان بەندىچىلىك نېمە؟ ئۇ بىزنى بۇيرىغان ۋە بىزنى رىغبەتلەندۈرگەن قۇلچىلىق نېمە؟

ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تەئالا بېكىتىپ بەرگەن مۇستەھكەم ئۇسۇلغا ئەگىشىش، بويسۇنۇش ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ توغرا يولىدا مېڭىشتۇر،

ئاللاھ تەئالا بۇ ئامانەتنى ئاسمان، زېمىن ۋە تاغلارغا تەڭلىگەندى، ئۇلار بۇ ئامانەتنىڭ كاتتىلىقى ۋە يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ قورقۇپ كەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئامانەتنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقى توغرىلىق ئۆزرە ۋە باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى،

مانا بۇ تەكلىپ ئىنسانىيەتنى بەندىگە بەندە بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ، يالغۇز ئاللاھ تەئالاغىلا بەندە بولۇشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن كەڭچىلىككە ۋە ھەرقايسى دىن-ھاكىمىيەتلەرنىڭ جەۋرى-زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئەدلى-ئادالىتىگە ئېلىپ چىقىشقا قىلىنغان دائىملىق تەكلىپتۇر،

ئۇ پەقەتكىنە ئاللاھ تەئالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆئمىنلەرنى دوست تۇتۇش ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن تۇتۇشتۇر؛

ئۇ ئىسلام شەرىئىتىدىن ئۆرغۈپ چىقمىغان پرىنسىپ ۋە پىكىرلەرنى چۆرۈپ تاشلاشتۇر،

مانا بۇ مۇسۇلماننىڭ يەر شارىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، مانا بۇ مۇسۇلماننىڭ ھاياتلىقتىكى غايىسىدۇر، مۇسۇلمان ئۆز دوستلۇقىنى پەقەت ئاللاھ تەئالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگىلا بەرگەن چاغدا، ئاندىن ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىسى بولغان بولىدۇ؛ ئۈستىدىكى ئامانەتنى ئاللاھ تەئالاغا چىن ئىشىنىدىغان

نەپسى، كۆچلۈك ئىرادىسى ۋە سەممىي ساداقىتى بىلەن ئادا قىلغان، ئىسلام يولىيورۇقىدىن باشقا ھېچقانداق يولىيورۇقنى، ئىسلام قانۇنىدىن باشقا ھېچقانداق قانۇننى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، ئاندىن ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىسى بولغان بولىدۇ؛ ئىنسانىيەتنى بەندىلەرگە بەندە بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ، پەقەت يەككە۔يېگانە ئاللاھ تەئالاغىلا بەندە بولۇشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقلىرى ۋە سىقىلىشلىرىدىن دۇنيانىڭ كەڭرىچىلىكى ۋە ئازادىچىلىكىگە ۋە خىلمۇخىل دىن۔ھۆكۈمەتلەرنىڭ جەۋرى۔زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئەدلى۔ئادالىتىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز جىھادىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان چاغدا، ئاندىن ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىسى بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، «ئۆتمەس ماتا، دامالاپ ساتا»نىڭ بىراك مىلىغا ئايلىنىدۇ؛ ھاۋايى۔ھەۋەس ۋە كۆڭۈل۔خاھىشىغا قۇل بولىدۇ؛ تاغۇتقا بەندە بولىدۇ؛ ئۈمىدسىزلىك، قاششاقلىق ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ قولى بولىدۇ؛ ھاياتلىقتا مەقسەت۔نىشانسىز ۋە ھىدايەتسىز ھالدا قارا زۇلمەتلەر قوينىدا يېقىلىپ۔قوپۇپ تەمتىرەيدۇ؛ دەلىل۔پاكىتى يوق نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى پۈچىلايدۇ: «ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى» (6:122).

شۇنداقكەن، مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىنى بىلىشى لازىم؛

دۇنيانى سۆيۈش ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشنىڭ تۆمۈر ئىشكەللىرىدىن ئازاد بولۇشى لازىم؛

شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن مەۋجۇد بولغان غايە۔مەقسەتنى تونۇپ يېتىشى لازىم؛

ئىسلام ئارقىلىق قەددىنى رۇسلىشى، ئورنىدىن دەس تۇرۇشى، ئويغىنىشى، يېڭىدىن قوزغىلىشى ۋە ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغلۇقى، تىللاردا داستان بولغان ئۆتكۈر ئىرادىسى، ئالىي ھىممىتى، كاتتا ۋە زور كۈچ۔قۇۋۋىتى ۋە ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلىكى قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىشى لازىم. شۇ ئىشلار ئاللاھ تەئالاغا تەس ئەمەس.

## 5 ـ ئىسلاھات ۋە تۈزەشنىڭ يولى

لېكىن، ئىسلاھات ۋە تۈزەشنىڭ يولى نېمە؟ يارامىلىق جەمئىيەتنىڭ ساغلام باشلىنىشى قايسى؟ ئاتا۔ئانىلار، ئوقۇتقۇچى۔ئۇستازلار، تەربىيەتچىلەر ۋە تەربىيە ۋە ئىسلاھات كىشىلىرىنىڭ مۇشۇ ئەسىردە ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇھىم ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ مانا بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىر خىل مارشنى دەۋر قىلىدۇ، بىرلا غايىنى نىشان قىلىدۇ.

بىرلا مارشنى دەۋر قىلىدۇ دېگىنىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم بىلىدىغان ۋە تەربىيە مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خالايىقلار گىرىپتار بولغان بۇ ئاچچىق تراگېدىيىلىك رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە بارلىقى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئېرىشكەن ۋاستىلەر ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ،

بۇ جەمئىيەتنى ئىسلام جەمئىيتى ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيتى دەپ ئاتىلىشقا لايىق سەۋىيىدە قۇرۇپ چىقىش ۋە ھاياتلىقنى خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ۋە ئىسلام ۋە قۇرئان روھىغا ئۇيغۇن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىش دېگەنلىكتۇر.

بىرلا غايىنى نىشان قىلدۇ دېگىنىمىز، تەربىيە، ئىسلاھات ۋە يۈزلەندۈرۈش ساھەلىرىدە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە ئىمان ۋە ئەخلاقى كۈچلۈك، تەن ساپاسى يۇقىرى، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ۋە ئىلىم-مەرىپەت ۋە روھىي جەھەتتىن قۇۋۋەتلىك ئۈممەت بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچكە كۈچ ئۇلىشى، مۇرنى مۇرىگە تىرىشى، ئىرادە ۋە ھىممەتلەرنى تېخىمۇ چىڭىتىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھ تەئالانىڭ ياردەم بېرىشىگە، ئەتراپلىق بىرلىككە ۋە كاتتا ئۇلۇغلۇققا نائىل بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنىشى لازىم دېگەنلىكتۇر.

لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يادروسى، ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ باسقۇچلىرى ۋە تەتبىقلاش-ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

بۇنىڭ جاۋابىنى پەقەت بىر ئېغىز سۆزگىلا يىغىنچاقلاش مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ: «تەربىيە».

لېكىن، بۇ سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەر كۆپ، ئۇقۇملار كەڭ ۋە چۈشەنچىلەر مول! ...

بۇ سۆزنىڭ مەنە-ئۇقۇملىرى ۋە چۈشەنچىلىرى شەخس، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە نۇرغۇن تارماق ۋە قىسىملارغا بۆلىنىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈپ نىشانى ۋە تۈپ مەقسىتى پەزىلەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە نەمۇنىلىك ئۈممەت قۇرۇپ چىقىشتۇر.

پەرزەنت تەربىيەسى بولسا جەمئىيەتنىڭ كېرەكلىك بىر ئەزاسى ۋە ھاياتلىقتىكى يارامىلىق بىر ئىنساننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىسلام ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان تەربىيىلەشلەرنىڭ بىر تۈرى، خالاس.

بەلكى، پەرزەنت تەربىيەسى — ئەگەر ياخشى ۋە جايىدا ئېلىپ بېرىلسا — ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ۋە ھاياتلىقنىڭ تۈرلۈك تەكلىپلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان يارامىلىق شەخسلەرنى تەييارلاشنىڭ پۇختا ئاساسى ۋە ئۇل تېشىدۇر.

## 6 - بۇ كىتاب توغرىسىدا

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم! كۆز ئالدىڭىزدىكى بۇ كىتابتا «ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى»نىڭ يولى كامىل ۋە ساغلام بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ جەللە ۋەئەلا سىزنى بۇ كىتابنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق قىلسا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئەتراپلىق بولۇش ۋە ئاممىباب بولۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز؛ بۇ ئەتراپلىق بولۇش ئىنسانىيەتنى دىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكتە بەختلىك قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى

تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى ۋە ئىسلاھات ئۇسۇلىدا ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق نامايان قىلىدۇ. تەربىيەتچىلەر ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى ۋە ئۇسۇلىنى چىڭ تۇتقاندا، ئاندىن ئىسلام ئۈممىتى مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالايدۇ؛ خاتىرجەملىك، بىخەتەرلىك ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بىئارامچىلىق، خەۋپ-خەتەر، بەدبەختلىك، قالايمىقانچىلىق ۋە تەرتىپسىزلىك ئۇلارنى ئىسكەنجىسىگە ئالىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئېنىق بىلىپ قالىسىزكى، ئىسلام ھاياتلىق دىنى، ئىنسانىيەتنىڭ دىنى، ئاڭ، تەربىيە ۋە ئىسلاھاتقا ئىگە دىن، ئىنسانىيەت بۇ دىننىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماڭغان، ئۈممەتلەر بۇ دىننىڭ بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن ۋە دۆلەتلەر بۇ دىننىڭ پرىنسىپلىرى ۋە قانۇن-شەرىئىتىنى چىڭ تۇتقان چاغدا، دۇنيا تىنچلىققا ئېرىشىدۇ؛ پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ بەلگە-نىشانلىرى ئېنىق، ئوچۇق ۋە روشەن نامايان بولىدۇ؛ كىشىلەر ئىسلام سايىسىدا بەخت-سائادەتلىك، خۇشال-خۇرام ۋە تىنچ-ئامان ياشايدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىخارى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رىسالىتى ئاللاھ تەئالا ئىنسانىيەتكە رازى بولغان دەستۇر، يول ۋە پروگرامما بولۇشى ئۈچۈن يولغا قويغان كامىل ۋە شامىل شەرىئەتتۇر.

## 7 - تەربىيە كىتابلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن

مۇلاھىزە قىلغۇچىلارغا مەلۇمكى، ئىسلامىي كىتابخانىلار ئىسلامىي پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارغا بەك كەمبەغەل. مەن ھازىرغا قەدەر بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئىسلام تەكلىپلىرىنى ئۇستىگە ئالىدىغان ياشقىچە بولغان پەرزەنت تەربىيەسى توغرىلىق مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىرەر پارچە ئاممىباب كىتاب ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئى ئاللاھ! ئەگەر بار دېيىلسە، ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھنىڭ «بوۋاقلار ھۆكۈملىرى توغرىسىدىكى سۆيۈملۈك تۆھپە» ناملىق كىتابى بار. لېكىن، بۇ كىتابمۇ بوۋاقلار ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ھۆكۈملەر ئۈستىدىلا توختىلىدۇ. مەن مەزكۇر كىتابتىن مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە ۋە بىرىنچى قىسمىنىڭ ئاخىردا كۆپ پايدىلاندىم. ئاللاھ تەئالا بۇ كىتاب مۇئەللىپىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ۋە ئاشۇرۇپ بەرسۇن ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەت دىيارىدىكى مەقام-ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرسۇن.

ئەرەب ئوقۇرمەنلىرى (توغرىسىنى ئېيتقاندا پۈتۈن مۇسۇلمانلار)نىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، پەرزەنت تەربىيەسى ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ۋە ئاتا-ئانىلار، تەربىيەتچىلەر ۋە تەربىيىلەش ۋە يول كۆرسىتىشنى ئۈستىگە ئالغان بارلىق كىشىلەر قوللانما قىلىشقا تېگىشلىك مۇكەممەل بىر كىتاب يېزىپ چىقىشقا قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىمنى ۋە مۇراجىئەت مەنبەلىرى ئۈستىدە قانچىلىك ئىزدەنگىنىمنى پەقەت يالغۇز بىرلا ئاللاھ تەئالا بىلىدۇ!

ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ كىتاب غەرەزنى تولۇقلىغان، مەقسەت-نىشانى ئەمەلىيلەشتۈرگەن ۋە ۋاستە ۋە غايىلەرنى ئېنىق ئايرىغان بىر كىتاب بولۇپ چىقتى. مەن يازغانلىرىمدا كامىللىقنى، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرىمدا خاتالىق يوقلۇقنى ۋە كىرىشتۈرگەنلىرىمنىڭ تولۇق ۋە ھەممىنى ئۆز

ئىچگە ئالغانلىقىنى دەۋا قىلمايمەن، لېكىن، مەن ئاللاھ تەئالا تائالادىن بۇ كىتابىمنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئىسلامىي پىكىر بايراقدارلىرىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ ۋە قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ ئىسلامىي پەرزەنت تەربىيەسى ساھەسىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسلامىي كىتابخانىلاردا تەربىيە ۋە يول كۆرسىتىشكە ئائىت كىتابلارنىڭ تولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈن كۆپلەپ ئەسەر، ماقالە ۋە كىتابلارنى يېزىشى ۋە تەربىيە ۋاسىتىلىرى ۋە غايىلىرىنى كىشىلەرگە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە نۇرغۇن چىراغلارنى يېقىشى ... ئۈچۈن باشلىنىش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاللاھ تەئالا خالىسا، بۇ كىتاب پەرزەنتلەرنى ئىسلامىي پەرزەنت قىلىپ ئۆستۈرۈش ۋە روھىي، ئەخلاقىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئەڭ ئەۋزەل يولنى تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ۋە تەربىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇراجىئەت مەنبەسى بولغۇسى.

ئىسلام تەربىيەسى توغرىلىق قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى زەپەر قۇچقان كۈنى، ئۇلار مۇشۇ جامائەتكە قارىتا ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ـ مەسئۇلىيەت ۋە تاپشۇرۇقلارنى ئادا قىلغان، ھازىرقى ئەۋلادلارغا ئىززەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن ۋە ئىنسانىيەت ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئىككى كۆزى ئۈچۈق ھەربىر كىشىگە پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرۇلۇشى ۋە نەمۇنىلىك ئەۋلاد بارلىققا كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئەمەلىي ۋاسىتىلەرنى يارقىن ھالدا ئىزاھلاپ بەرگەن بولىدۇ.

## 8 ـ كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى

مەن «ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى» ناملىق بۇ كىتابنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ يېزىشنى توغرا كۆردۈم، ھەربىر قىسىم بىر نەچچە پەسىلگە بۆلۈنگەن، ھەربىر پەسىلدە يەنە بىر نەچچە تارماق ماۋزۇ بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

1 ـ قىسىم تۆت پەسىلدىن تەركىب تاپىدۇ:

1 ) نەمۇنىلىك جۈرە تاللاش ۋە ئۇنىڭ تەربىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى؛

2 ) بالىلارغا بولغان كۆڭۈل تۇيغۇسى؛

3 ) بوۋاققا ئائىت ئومۇمىي ھۆكۈملەر؛ بۇ پەسىلدە يەنە تۆت تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى بار:

( 1 ) تەربىيەتچى پەرزەنتى تۇغۇلغاندا نېمىلەرنى قىلىدۇ؟

( 2 ) پەرزەنتكە ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى؛

( 3 ) ئەقىقە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى؛

( 4 ) خەتنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى.

4 ) بالىلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى تۈزەشنىڭ چارىلىرى.

2 ـ قىسىم «تەربىيەتچىلەرنىڭ چوڭ مەسئۇلىيەتلىرى» نامى ئاستىدا يېزىلغان بىر تەتقىقات ئەسىرى بولۇپ،

ئۇ يەتتە پەسىلدىن تەركىب تاپىدۇ:

1) ئىمان تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى؛

2) ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى؛

3) جىسمانىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى؛

4) ئەقلىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى؛

5) روھىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى؛

6) ئىجتىمائىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى؛

7) جىنسىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى؛

3 ـ قىسىم ئۈچ پەسىل ۋە بىر خاتىمىدىن تەركىب تاپىدۇ:

1) پەرزەنتلەرگە تەسىر كۆرسەتكۈچى تەربىيە ۋاستىلىرى؛

2) پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئاساسلىق قائىدە ـ پرىنسىپلار؛

3) زۆرۈر بولغان تەربىيۋى تەكلىپلەر؛

4) خاتىمە.

* * * * *

ئوقۇرمەن بۇ كىتابنىڭ ھەر قايسى قىسىم ۋە بۆلەكلىرىدە ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان لاھىيەلەرنى كۆرىدۇ ۋە مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە پايدىلىق تېمىلارنى تاپىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە نىشانى پەرزەنتلەر تەربىيەسىنى راۋۇرۇس ئېلىپ بارىدىغان ۋە ھاياتلىققا كېرەكلىك ئىسىل ئەزالارنى، كۈچلۈك ئىسلامىي قوشۇننى ۋە كۆڭۈللىرى ۋە ئەمەلىيەتلىرىدە ئىززەت ـ ھۆرمەت، قۇربان بېرىش، پىداكارلىق ۋە بەدەل تۆلەشنىڭ ئۇلۇغۋار ئۇقۇملىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئوت يۈرەك چەبدەس يىگىتلەرنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئەڭ ئەۋزەل يولنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشتۇر.

مەن ئاللاھ تەئالادىن بۇ ئەمىلىمنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىسانە قىلىپ بېرىشىنى، قىيامەت كۈنى ئالدىغا بارغاندا مەندىن قوبۇل قىلىشىنى، بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى بەندىلەر ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە ھاياتلىقتا توغرا يول ۋە ھىدايەت ئۈستىدە مېڭىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە نۇر چاچقۇچى ھىدايەت قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمەن. چۈنكى، ئاللاھ تەئالا ئۈمىد قىلىنغۇچىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئىجابەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر.

ـــ مۇئەللىف: ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# بىرىنچى قىسىم

‹ نەمۇنىلىك جۈرە تاللاش ۋە ئۇنىڭ تەربىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى
‹ بالىلارغا بولغان كۆڭۈل تۇيغۇسى
‹ بوۋاققا ئالاقىدار ئومۇمىي ھۆكۈملەر
‹ بالىلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى تۈزەشنىڭ چارىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# بىرىنچى پەسىل: نەمۇنىلىك جۈرە تاللاش ۋە ئۇنىڭ تەربىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى

مەن پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدا ئىسلام ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسلارغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ تويى قىلىش توغرىلىق ئۈچ تۈرلۈك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

1 ـ تويى قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ تۇغۇلما تەبىئىتىدۇر؛
2 ـ تويى قىلىش ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىدۇر؛
3 ـ تويى قىلىش تاللاش ئارقىلىق بولىدۇ.

مېنىڭ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىشىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ئەۋلادلار پاكلىقى، بالىنىڭ نەسەبىنى ئېتىراپ قىلىش، بالىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى، ئاتا-ئانىنىڭ بالىلارغا بولغان مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈشىنى كۈچەيتىشى ۋە بالىلارنىڭ ئەگرى كەتكەن تەرەپلىرىنى رۇسلاش ۋە ئۇلارنى ھاياتلىقتا يارىملىق ۋە كېرەكلىك قىلىپ تەربىيىلەشتە ئاتا-ئانىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىگە بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈندۇر.

## تويى قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ تۇغۇلما تەبىئىتىدۇر

ئىسلام شەرىئىتى پرىنسىپلىرىدىكى ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ راھىبلىققا جەڭ ئېلان قىلدى. چۈنكى، راھىبلىق ئىنسان تەبىئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ؛ ئىنساننىڭ مايىللىقى، ئىشتىياقلىرى ۋە غەرەزلىرى بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ.

/ ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇللاھ سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا بىزگە راھىبلىقنىڭ ئورنىغا كەڭچىل ۋە ھەنەفىي بولغان ئىسلامنى يەڭگۈشلەپ بەردى» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

/ ئىمام تىبرانى ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تويى قىلىشقا قۇلايلىق شارائىتى بار تۇرۇپ تويى قىلمىغانلار مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مەزكۇر ھەدىسلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ھەدىسلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام شەرىئىتى تويى قىلىش ئىقتىدارى بار ۋە تويى قىلىشنىڭ سەۋەب ۋە ۋاسىتىلىرى قولايلىق بولغان بىر مۇسۇلماننىڭ تويى قىلىشتىن ئۆزىنى چەكلىشى ۋە راھىبلىق، ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللىنىش ۋە ئاللاھ تەئالاغا يېقىن بولۇش دېگەندەك نىيەتلەر بىلەن تەركى دۇنيا بولۇشنى ھارام قىلىدۇ.

بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمئىيەت شەخسلىرىنى كۆزىتىش ۋە ئىنسانىيەت نەپسىگە چارە قىلىشتىكى مەيدانىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، بۇ كۆزىتىش ۋە چارە قىلىشلارنىڭ ئىنسان ماھىيىتىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئېشتىياقى ۋە مايىللىقلىرىغا «خوش» دەپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئوبدان بىلۋالىمىز. بۇنداق بولغاندا جەمئىيەتتىكى ھەربىر شەخس ئۆز تەبىئىتىنىڭ چېگرا سىزىقىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ؛ چامىسى يەتمەيدىغان ۋە قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. بەلكى، تۈپتۈز يولدا تەبىئىتىگە ماس، ئۆزىگە يارىشىملىق ۋە نورمال ھالەتتە ماڭىدۇ؛ كىشىلەر ئالدىدا ئۇ كەينىدە ياكى كىشىلەر كەينىدە ئۇ ئالدىدا ماڭمايدۇ ۋە كىشىلەر كۆچلۈك ياشىغاندا، ئۇ زەئىپانە ۋە ئاجىز ھالدا جان ساقلىمايدۇ: «ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى)، ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھ تەئالانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ» (30:30).

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەيدانى ئىسلاھات، تەربىيە، سەلبىي تەبىئەت ۋە مجەزلەرگە چارە قىلىش ۋە ئىنسان ماھىيىتىنى چۈشىنىش مەيدانلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلىنىدۇ.

/ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە ئۈچ تۇرلۇك ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچ ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبادەتلىرىنى سورىدى. ئۇ ھەققتە خەۋەر بېرىلگەندە، ئۇلار خۇددى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز كۆرگەندەك قىلىپ: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا نەدە؟ ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا» دېيىشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى: «لېكىن، مەن كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن» دېدى. يەنە بىرى: «مەن يىل بويى روزا تۇتىمەن، ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن» دېدى. يەنە بىرى: «مەن ئاياللارغا يېقىن كەلمەيمەن ۋە ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇلارغا: «سىلەر مۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپسىلەر؟ ئەمما، مەن ئاللاھ تەئالادىن سىلەردىن بەكرەك قورقىمەن ۋە ئۇنىڭغا سىلەردىن بەكرەك تەقۋادارلىق قىلىمەن. شۇنداق تۇرۇپ مەن روزىمۇ تۇتىمەن ھەم ئېغىزىم ئوچۇقمۇ يۈرىمەن؛ نامازمۇ ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن ۋە ئاياللارنى نىكاھىمغا ئالىمەن، (بۇ مېنىڭ سۈننىتىمدۇر) ئەمدى كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېدى.

مۇشۇ دەلىل ـ پاكىتلاردىن ھەربىر كىشى ئوچۇق ئەقىل ئىگىسىگە شۇ ئايدىڭ بولىدۇكى، ھەققەتەن تويى قىلىش ئىسلام نەزىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانىنىڭ كۆڭلىدە تەربىيلەش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش زىممىسىگە ئارتىلغان كىشىلەرگە قارىتا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش روھى ئۆزىدىكى مۇشۇ تەبىئەتكە «خوش» دەپ، مۇشۇ ھېسسىياتنىڭ زوق ـ شوقلىرىغا ماقۇل دەپ ۋە مۇشۇ ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ماسلىشىپ توي قىلغاندا ئاندىن يېتىلىدۇ!

## توي قىلىش ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىدۇر

ئەقلىلىق كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئىسلامىي توي قىلىشنىڭ نۇرغۇن ئاممىۋى پايدىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلىرى بار. ئاللاھ تەئالا خالىسا، تۆۋەندە بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تەربىيىگە ئالاقىدار بولغان تەرەپلىرىنى بايان قىلىمىز:

### 1 ـ ئىنسانىيەت نەسلىنى قوغداش

ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئەتتە يولغا قويغان نىكاھ تويى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ نەسلى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ؛ ئاللاھ تەئالا قىيامەتنى قائىم قىلغانغا قەدەر ئىنسانىيەت كۆپىيىدۇ ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلىپ زەنجىرسىمان ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت بۇ تۈرنى قوغداش ئۈچۈن، شۇنداقلا بۇ تۈرنىڭ ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ساغلاملىق قائىدىلىرى ۋە جىسمانىي قائىدىلەر توغرىسىدا تەربىيىۋى پروگراممىلارنى ۋە توغرا قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان تەبىئىي بىر ئەھۋالدۇر. ۋەھالەنكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللىبۇرۇن بۇ ئىجتىمائىي ھېكمەت ۋە ئىنسانىي مەنپەئەت توغرىسىدىكى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان:

«ئاللاھ تەئالا سىلەر (نىڭ ئۆزىنى ـ ئۆلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى. سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى» (16:72)؛

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار» (4:1).

### 2 ـ نەسەبلەرنى قوغداش

ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئەتتە يولغا قويغان نىكاھ تويى ئارقىلىق بالىلارنىڭ نەسەبلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد پاك ساقلىنىدۇ؛ نەسەبلەر ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ؛ بالىلار نەسەبى چېتىلغان ئاتىلىرى بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ھېس قىلىدۇ، ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ۋە روھلۇق، تېتىك، بېشى كۆتۈرەڭگۈ ۋە دادىل ئۆسىدۇ. ئەكسىچە بالىلار ئاللاھ تەئالا بەلگىلىگەن شەرئىي تويلىشىش يولى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلمىسە، جەمئىيەت ئاتىسىنى ئۇقىلى بولمايدىغان نەسەبى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى يوق «ھارامىي بالىلار» ۋە

«كوچا باللىرى»غا توشۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئاتىسىز باللار بىر ئۆمۈر ئىزا ـ ئاھانەت، كەمسىتىلىش ۋە خورلىنىشقا ئۇچرايدۇ ۋە ئەيىبلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ؛ بۇزۇقچىلىق ۋە ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا يول ئېچىپ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە زەربىلىك پەشۋا ئاتىدۇ.

## 3 ـ جەمئىيەتنى ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ساقلاپ قېلىش

ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئەتنى يولغا قويغان نىكاھ تويى ئارقىلىق جەمئىيەت ئەخلاقسىز بۇزۇق قىلمىشلاردىن سالامەت بولىدۇ؛ ھەربىر شەخس ئىجتىمائىي بۇزۇلۇشلاردىن بىخەتەر بولىدۇ. ئاقىللارغا بۇنىڭدىكى سىر ـ ھېكمەت يوشۇرۇن ئەمەسكى، بىر جىنسنىڭ يەنە بىر جىنسقا بولغان مايىللىقى قانۇنلۇق تويلىشىش ئارقىلىق ھالال بولغان مۇناسىۋەت بىلەن قاندۇرۇلسا، ئۈممەت يەككىلىكلەر ئېتىبارى بىلەن بولسۇن ياكى جامائە ئېتىبارى بىلەن بولسۇن، ئۆزلىرىدە گۈزەل ئەدەپ ۋە ئېسىل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۈستىدىكى ئىسلام ئەلچىلىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ۋە ئاللاھ تەئالا ئىرادە قىلغان يۆلىنىشكە ئاساسەن ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا لاياقەتلىك بولالايدۇ. توي قىلىشنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ھېكمىتى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇسۇلمان ياشلىرىغا ئېيتقان سۆزى نېمىدېگەن توغرا ـ ھە؟! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ياشلار جامائەسى! ئاراڭلاردىن خوتۇن ئېلىشقا قادىر بولالىغانلار خوتۇن ئالسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى نامەھرەمدىن بەك يۇمدۇرىدۇ، ئەۋرەتنى پاك ساقلايدۇ؛ ئۇنىڭغا قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى ئۇ شەھۋەتنى كېسىدۇ» (كۆپچىلىك مۇھەددىسلەر نەقىل قىلغان).

## 4 ـ جەمئىيەتنى تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلاپ قېلىش

ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئەتنى يولغا قويغان نىكاھ تويى ئارقىلىق جەمئىيەت زىنا ـ پاھىشىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ۋە ھارام ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىدىغان ۋابا خاراكتېرلىك يوقۇملۇق ۋە يوقۇمسىز قاتىل كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ كېسەللىكلەردىن تاناسىل كېسەللىكلىرى، سىفلىس، سىزلام، سۆزنەك، ئەيدىز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن كېسەللىكلەر بولۇپ، ئۇلار نەسىل ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشنى توختىدۇ (بۇ دېگەنلىك ئەۋلادى يوق بولۇپ قۇيرۇقى ئۈزۈلدى دېگەنلىك)، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ۋابا تارقىتىدۇ ۋە باللارنىڭ ساغلاملىقىغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

## 5 ـ روھ ۋە پسىخىكا خاتىرجەملىككە ئېرىشىش

ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئەتنى يولغا قويغان نىكاھ تويى ئارقىلىق ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت، دوستلۇق، كۆيۈنۈش ۋە ئۇنسى ـ ئۇلپەت روھى كۈچىيىدۇ. ئەر بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەك ياكى باشقا پائالىيەتلەردىن بىكار بولۇپ، كەچقۇرۇن ھېرىپ ـ چارچىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، خوتۇن باللىرى

بىلەن شاتلىق ئارامگاھى بولغان ئائىلىدە جەم بولىدۇ، ئۆزئارا قىزغىن پاراڭلىشىدۇ؛ كۈيۈمچان ئايالى ۋە گەپ-سۆزى چۆچۈك ئۇماق باللىرى بىلەن ئۆي شاد-خوراملىققا چۆمىدۇ؛ كۈندۈزى ھېرىپ-چارچاتقان جاپالار، نېرۋىسىغا ئارام بەرمەي قىينىغان ھەرخىل غەم-ئەندىشىلەرنىڭ قارا بۇلۇتلىرى تېزلا تارقىلىپ كېتىدۇ؛ تىرىشچانلىقلىرى ۋە جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ ھېرىپ-چارچاشلىرى تۈگەپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك، ئايالمۇ ئۆمۈرلۈك جۈپتى ۋە كۆڭۈل ئارامى بولغان يولدىشى بىلەن جەم بولىدۇ؛ كەچتە ھاياتلىق ھەمراھى بولغان يولدىشىنى قىزغىن كەيپىيات بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلىدىكى ھەربىر شەخس يەنە بىرىنىڭ سايىسى ۋە قىزغىن غەمخورلۇقى ئاستىدا كۆڭۈل ئارامى، ئەر-ئاياللىق ۋە ئاتا-باللىقنىڭ بەخت-سائادىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ۋە پەرۋىشچىسى بولغان ئاللاھ جەللە ۋەئەلا بۇ نامايەندىنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئەڭ مۇكەممەل چۈشەندۈرۈش بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھ تەئالانىڭ) ئۈلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھ تەئالانىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىزكى بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار» (30:21).

## 6 - ئاتا-ئانىنىڭ ئائىلە قۇرۇلۇشى ۋە پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئورتاق ھەمكارلىقى

ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئىتى يولغا قويغان نىكاھ تويى ئارقىلىق ئەر-ئايال ئائىلە قۇرۇلۇشى ۋە پەرزەنتلەر تەربىيەسىدە ئورتاق ھەمكارلىشىدۇ. ئايال ئۆزىنىڭ ئاياللىق تەبىئىتىگە يارىشا، ئاياللىق خاراكتېرى ۋە مىجەزىگە مۇۋاپىق بولغان ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ ۋە ئائىلىنى ئىدارە قىلىش نازارەتچىلىكى ۋە پەرزەنتلەر تەربىيەسى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ:

ئانا مەكتەپتۇر گەر ئۇنى ياخشى تەربىيىلىسەڭ،
يېتىشتۈرىدۇ ئۇ يىلتىزى چوڭقۇر پاكىز ئەۋلادلارنى.

شۇنداقلا، ئەر كىشىمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئەركەكلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئائىلە تۇرمۇش خىراجىتى ۋە چىقىمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئائىلىنى زامانىنىڭ كۈلپەتلىرىدىن ۋە كۈنلەرنىڭ مۇسىبەتلىرىدىن ھىمايە قىلىدۇ. ئەھۋال مانا بۇنىڭدەك بولغاندا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق روھى تولۇقلىنىدۇ ۋە بۇ ئىككىيلەن يارامىلىق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە قەلبىدە ئىمان ئىززىتى ۋە ئىسلام روھىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان مۇئمىن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە نەتىجىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىگە

ۋە مېۋىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئېرىشەلەيدۇ. بەلكى، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى شاد-خوراملىقتا چۆمۈپ، مېھىر-مۇھەببەت، تىنچلىق ۋە كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىدۇ.

## 7 - ئاتا-ئانىلىق مېھرىنىڭ كۈچىيىشى

ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئىتى يولغا قويغان نىكاھ تويى ئارقىلىق ئاتا-ئانىنىڭ كۆڭلىدىكى باللارغا بولغان ھېسسىياتلار كۈچىيىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قەلبىدىن باللارغا بولغان قايناق ھېسداشلىق ۋە ئۇلۇغۋار تۇيغۇلار تۆكۈلىدۇ. بۇ ھېسداشلىق ۋە مېھرلىك تۇيغۇلاردىن ئېسىل ئەسەرلەر ۋە پەرزەنتلەرگە بولغان غەمخورلۇق ۋە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى ئەتىردەك خۇشپۇراق چاچىدىغان ياخشى نەتىجىلەر نامايان بولىدۇ؛ يەنە مۇشۇ تۇيغۇلار ئاساسىدا ئاتا-ئانىلار باللىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم، تىنچ، ئاسايىش، بەختەر، شاد-خورام ۋە ئەركىن-ئازادە ھايات كەچۈرۈشى ۋە كەلگۈسى پەزىلەتنى خۇش چىراي ۋە تەبەسسۇم ئىلكىدە كۈتۈۋېلىشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە خەيرىيەتلىرى ئۈچۈن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم! يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم نىكاھ تويىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەر بولۇپ، سىز كۆرگەندەك بۇلار پەرزەنت تەربىيەسى، ئائىلە ئىسلاھاتى ۋە ئەۋلادلارنى يارامىلىق يېتىشتۈرۈشكە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ.

شۇڭا، بىز ئىسلام شەرىئىتىنىڭ توي قىلىشقا بۇيرىغانلىقى، قىزىقتۇرغانلىقى ۋە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تەئالاغا تەقۋادارلىق قىلغاندىن كېيىن، سالىھ ئايالدىن ياخشىراق بولغان بىر نەرسىدىن مەنپەئەتلەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنى بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدۇ، قارىسا خۇش قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئاساسەن قەسەم قىلسا قەسىمىدىن خالاس قىلىدۇ ۋە ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بولمىسا ئەر ئۈچۈن ئۆز نەپسىنى ۋە ئەرنىڭ مېلىنى ساقلايدۇ» (ئىمام ئىبنى ماجە رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى سالىھ ئايالدۇر» (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا مەنپەئەتلىنىش ماتاسىدۇر، دۇنيا ماتاسىنىڭ ياخشىسى سالىھ ئايالدۇر» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## توي قىلىش تاللاش ۋە ئىختىيار قىلىش بىلەن بولىدۇ

ئىسلام ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار شەرىئىتى ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى شامىل نىزامى بىلەن تويلاشماقچى بولغان ھەربىر يىگىت-قىزغا قائىدە ۋە ھۆكۈملەرنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئەگەر كىشىلەر ئاشۇ قائىدە ۋە ھۆكۈملەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىش كۆرسە ۋە ئۇنىڭ پروگراممىلىرىنى بويلاپ ماڭسا، توي ئەلۋەتتە چۈشىنىش، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىناقلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدە بولىدۇ؛ مۇشۇنداق ئوغۇللار ۋە قىزلاردىن شەكىللەنگەن بۇ

www.uyghurkitap.com

ئائىلە ئۆزئارا ئىشەنچتە چوققىلارنىڭ ئەڭ چوققىسىدا بولىدۇ؛ بۇنىڭدىن سىرت بۇ ئائىلىدىكى پەرزەنتلەر بەدەن ساپاسى يۇقىرى، تېنى ساغلام، ئەخلاقى تۈز، ئەقلى پىشىپ يېتىلگەن، كۆڭلى خاتىرجەم ۋە ساپ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ۋە جۇشقۇن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ قائىدىلەر ۋە ھۆكۈملەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى بايان قىلىمىز:

## 1 ـ نىكاھتىكى تاللاش چوقۇم دىن ئاساسىدا بولۇشى كېرەك

بىز «دىندارلىق» دېگەن بۇ سۆزدىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي تېگى ـ ماھىيىتىنى چۈشىنىشنى، چۈشەنگەن ئاشۇ دىننى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرى، تۇرمۇشى، ھەتتا ھەربىر تىنىقلىرىغا قەدەر بولغان پۈتۈن ھاياتىدا ئەمەلىي تەتبىقلاپ ياشاشنى ۋە ئىسلامنىڭ ئۇلۇغۋار پەزىلەتلىرى ۋە يۈكسەك ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرستىشنى كۆزدە تۇتىمىز؛ شۇنداقلا، زامان ۋە كۈنلەرنىڭ قانچىلىك داۋام قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ھەردائىم ئىسلام شەرىئىتىنىڭ يولى ۋە پرىنسىپلىرىنى كامىل چىڭ تۇتۇشنى كۆزدە تۇتىمىز.

تويى قىلماقچى بولغان يىگىت ياكى قىزنىڭ قايسى بىرى ئىسلامنى چۈشىنىش، ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى چىڭ تۇتۇشتا مۇشۇ سەۋىيىگە يەتكەن بولسا، دىن ئىگىسى، دىندار ۋە گۈزەل خۇلق ئىگىسى دېگەن سۆزنى ئۇنىڭغا ئىشلىتەلەيمىز؛ ئەگەر ئىككىسىنىڭ قايسى بىرى ئىسلامنى تېگى ـ تەكتىدىن چۈشەنمەيدىكەن، ئەمەلىي تۇرمۇشىغا تەتبىقلىمايدىكەن ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى چىڭ تۇتمايدىكەن، ئۇنىڭغا ئازغۇن، يولدىن چىققان، ئەخلاقى بۇزۇق ۋە ئىسلامدىن يىراقلاشقان دېگەن ھۆكۈمنى بېرىمىز؛ ئۇ مەيلى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن كىشىلەرگە قانچىلىك سالىھلىق، تەقۋالىق ۋە كامىل مۇئمىنلىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى بەرسۇن، ئۆزىنى ئىسلامنى چىڭ تۇتقۇچى ۋە نەمۇنىچى مۇسۇلمان دەپ ئويلىسۇن، بەربىر رەڭۋاز، ئالدامچى، ساختىپەز ۋە ئۆزىنى ئالدىغۇچى دېگەن ھۆكۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەخسلەرنى تونۇش، كىشىلەرگە باھا بېرىش ۋە كىشىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن بىكىتكەن ساغلام ۋە توغرا بولغان ئۆلچەملىرى نېمىدېگەن نازۇك ۋە ئىنچىكە ـ ھە! بىر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا يەنە بىر ئادەمگە گۇۋاھ بولماقچى بولغان بىر ئادەم كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇۋاھچىدىن سورايدۇ:

ـــ سىز گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان بۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟ ـــ گۇۋاھچى ئېيتىدۇ:

ـــ ھەئە، تونۇيمەن.

ـــ سىز بۇ ئادەمنىڭ قوشنىسىمۇ؟ بۇ ئادەمنىڭ بارىدىغان ـ تۇرىدىغان يەرلىرىنى ۋە كىملەر بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ـــ ياق، بىلمەيمەن.

ـــ سىز بۇ ئادەم بىلەن سەپەرداش بولۇپ باققانمۇ؟ (سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئېسىل

ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ ) كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىقى ۋە مەردانىلىكى سەپەردە سىنىلىدۇ.

ـــ ياق! مەن بۇ كىشى بىلەن سەپەرداش بولۇپ باقمىغان.

ـــ ئۇنداقتا سىز بۇ ئادەم بىلەن كىشىنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە پەرھىزكارلىقىنى سىنايدىغان پۇل مۇئامىلىسى قىلىپ باققانمۇ؟

ـــ ياق، مەن بۇ ئادەم بىلەن ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلىپ باقمىدىم.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋارقىرىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

ـــ سەن ئېھتىمال بۇ ئادەمنىڭ مەسجىدتە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرگەنسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشى ئادەملىكىگە گۇۋاھ بولىمەن دەپ قېشىمغا كەلگەنسەن.

ـــ ھەئە.

ـــ سەن قايتىپ كەتكىن، سەن بۇ ئادەمنى تونۇمايدىكەنسەن.

ئۇ گۇۋاھلانماقچى بولغان ئادەمگە: «سەن بېرىپ قېشىمغا سېنى تونۇيدىغان ئادەمنى تېپىپ كەلگىن» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى تونۇشتا كىشىلەرنىڭ شەكلى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالدانمىدى. لېكىن، ئۇ ھەقىقەتنى توغرا ئۆلچەملەر بىلەن تونۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھال-ئەھۋالى، دىندارلىقى، ئەخلاقى ۋە تەقۋالىقىغا ھۆكۈم قىلدى.

مانا بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە ئېيتقان سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ سۈرەتلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ».

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردە تۇتقانلىقتىن بولسا كېرەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي قىلىشقا رىغبەتلەنگۈچىنى دىندار بىلەن شەرەپ قوچۇشقا بۇيرىدى. چۈنكى، پەقەت دىندار كىشىلەرلا ئەر-ئاياللىقتىكى ھەقلەر، بالىلارنىڭ ھەقلىرى ۋە ئائىلىنىڭ ھەقلىرىنى ئىسلام ئەمرى قىلغان ۋە كۆرسەتكەن تەرىقىدە كامىل ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىن يىگىت قىز لايىقىنى ـــ ئۆمۈرلۈك، بەلكى ئىككى ئالەملىك جۈپتىنى ياخشى تاللاش، دىنى ۋە تەقۋالىقىغا بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى، تەقۋادار ئايال ئۆزىنى ئىپپەتلىك ۋە پاكىز تۇتىدۇ؛ ساڭا ھېچقاچان خىيانەت قىلمايدۇ؛ ئاتا-ئاناڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ؛ سېنى ھەردائىم ئىززەت قىلىدۇ؛ ھېچقاچان سېنى خورلۇق ۋە رەسۋاچىلىقنىڭ قېيىقىغا چىقىرىپ قويمايدۇ. شۇڭىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىندار بىلەن ئۆيلىنىشكە قىزىقتۇرىدۇ.

/ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «خوتۇن كىشى تۆت ئورلۇك نەرسە ئۈچۈن نىكاھقا ئېلىنىدۇ: مال-دۇنياسى، ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشى، گۈزەل ھۆسن-جامالى ۋە دىنى. دىندارنى ئېلىش بىلەن زەپەر قۇچقىنكى،

www.uyghurkitap.com

قولـۇڭ بەرىكەتكـە تولسـۇن» دېگەنلىكنـى نەقـل قىلـدۇ.

/ ئىمـام تىبرانـى رەھمەھۇلـلاھ ئەنـەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «كىمكـى بىـر خوتۇننـى ئۇنـىڭ ھۆرمەت ـ ئابرۇيـى بولغنـى ئۈچـۈن ئالغـان بولسـا، ئاللاھ تەئـالا بـۇ كىشـىگە خارلىقنى زىيادە قىلىدۇ؛ كىمكى بىر خوتۇننى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ ( باي ) بولغنى ئۈچـۈن ئالغان بولسـا، ئاللاھ تەئـالا بـۇ كىشـىگە كەمبەغەللىكنى زىيادە قىلىدۇ؛ كىمكى بىـر خوتۇننـى ئۇنـىڭ ئائىلـە تەركىبـى يۇقـىرى بولغنـى ئۈچـۈن ئالغان بولسـا، ئاللاھ تەئـالا بـۇ كىشـىگە پەسـلىك ۋە تۆۋەنلىكنـى زىيـادە قىلىدۇ؛ كىمكـى بىـر خوتۇننـى كۆزىنـى نامەھرەمدىـن يۇمـۇش، ئەۋرىتىنى زىنا ـ پاھىشـىدىن پـاك سـاقلاش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىـق ( ياكـى دوستلۇق )نى چىڭىتىش ئۈچـۈن ئالغان بولسـا، ئاللاھ تەئـالا ئۇنىڭغا ئالغان ئايالىدا بەرىكـەت ئاتـا قىلسـۇن ۋە ئۇ ئايالغىمـۇ تەگكـەن ئېرىـدە بەرىكـەت ئاتـا قىلسـۇن» دېگەنلىكنـى نەقـل قىلـدۇ.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم تـوي قىلماقچى بولغـان يىگىتنـى قـىز ۋە قـىز تەرەپنـىڭ دىيانىتـى ۋە قىزنـىڭ ھەقىقـي مۆئمىنـە ۋە مۇسـلىمە ئىكەنلىكنـى تەكشـۈرۈشـكە ۋە شـۇنداقلارنى ئېلىشـقا بۇيرىغىنـىدەك، بۇنـىڭ قارشـى تەرىپـىدە تـوي تەلىپـى قويۇلغـان ئايالنـىڭ ۋەلىيلىرىنـى تـوي تەلىپـى قويغـان يىگىتنـىڭ دىنـى، ئەخلاقـى ۋە باشـقا تەرەپلىرىنـى سۈرۈشـتۈرۈشـكە ۋە تەكشـۈرۈشـكە بۇيرۇيـدۇ. بۇنـداق قىلىـش ئـەر بولغۇچىنـىڭ ئائىلىگـە كۆڭـۈل بۆلـۈش ۋە غەمخورلـۇق قىلـىش مەجبۇرىيىتىنى مۇكەممـەل ھالـدا تولۇق ئۈسـتىگە ئېلىشـى، ئەرلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى تولـۇق ئـادا قىلىشـى، پەرزەنتلـەر تەربىيەسـىنى ئۈسـتىگە ئېلىشـى، شان ـ شـەرەپنى قولغـا كەلتۈرۈشـكە قىزىقىشـى، ئائىلىنـىڭ ھۆرمىتىنـى قوغدىشـى، ئائىلىنـىڭ تۇرمـۇش ھاجەتلىـرى ۋە ئېھتىياجلىرىنـى تەمىـن ئېتىشـى ۋە نەپىقـە ۋە تۆلەيدىغـان بـەدەل قاتارلىقلارنـى تولـۇق كاپالەتكـە ئىگـە قىلىشـى ئۈچۈنـدۇر.

/ ئىمـام تىرمىـزى رەھمەھۇلـلاھ رىۋايـەت قىلغـان بىـر ھەدىسـتە پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئۆيلىرىڭلارغا سـىلەر دىـن ۋە ئەخلاقىغا رازى بولىدىغـان بىـر كىشى ئەلچى بولـۇپ كەلسـە، ئۇنىڭغا ( قىزلىرىـڭلار ياكـى ئاچا ـ سىڭىللىرىڭلارنى ) نىكاھلاپ قويـۇڭلار. ئەگـەر ئۇنـداق قىلمايدىكەنسـىلەر زېمىنـدا پىتنە ـ پاساد ۋە ئومۇمي بۇزۇقچىلىـق يـۈز بېرىـدۇ» دېگەنلىكى بايـان قىلىنغان.

ئەمـدى مۇسـلىمە ۋە مۆئمىنـە قـىزلار مۆمىنلـەر توغرىسـىدا نـە دوستلۇققا، نـە ئەھدىگـە ھۆرمـەت قىلمايدىغان، ياكـى شان ـ شـەرەپ، غەيـرەت، كۆڭلـەش ۋە يۈز ـ ئابـرۇي دېگەنلەرگـە ئۆلچـەم ۋە ئېتىبـار تۇرغۇزمايدىغان پاسـىق، بـۇزۇق ۋە ئەخلاقسـىز ئەرنـىڭ قولىغا چۈشـۈپ قالسـا ياكـى ئاشـۇنداقلارنىڭ تـوي تەلىپـى قويۇشـىغا ئۇچـراپ قالسـا دىنغـا، تەربىيەگـە ۋە ئەخلاققـا بۇنىڭدىـن ئۆتـەر ۋە بۇنىڭدىنمـۇ كاتتـا پىتنـە بارمـۇ؟

سالىھ ئايالغا نىسـبەتەن، يۈزنـى ئېچىشـقا ۋە يـات ئەرلـەر بىلـەن ئارىلىشىشـقا زورلايدىغان، ھـاراق سـورۇنلىرىغا ۋە ئۆلپەتلىرىگـە زاكۇسـكا تەييارلاشـقا ۋە يـات ئەرلەرگـە ناخشـا ئېيتىپ ـ ئۇسسـۇل ئوينـاپ بېرىشـكە مەجبۇرلايدىغـان ۋە دىـن ۋە ئەخـلاق نۇقتىسـىدىن ئۆزۈلـۈپ چىقىشـقا ئۈندەيدىغـان ئەسـكى، ئەخلاقسـىز ۋە نائەھلـى ئەرنـىڭ قولىغـا چۈشـۈپ قېلىشـتىن ئۆتـەر قايسـى كاتتـا پىتنـە بـار؟

ۋاي ئەپسۇس نادامەتلەر! ئۇز ئائىلىسىدە ئىپپەت ۋە پاكلىقتا، شەرمى ـ ھايا ۋە ئار ـ نومۇستا ئۆز ھەمسايىلىرىگە ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولىدىغان تالاي قىزلار ئەخلاقسىز ۋە ناچار ئائىلىلەرگە بارغان ۋە رەزىل، پاسكىنا ۋە بۇزۇق ئەرلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ھاياسىز، شاللاق ۋە پەسكەش خوتۇنلارغا ئايلىنىپ كەتتى. ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە ۋە قىممەتلەرگە ئۈلگە ئەم تۇرغۇزمايدىغان ۋە ئىپپەت، شان ـ شەرەپ ۋە ئار ـ نومۇسقا ئېتىبار قىلمايدىغان ئائىلىلەرغا ئۆزگىرىپ كەتتى!

بۇنىڭغا ھېچكىم شەك قىلماسلىقى مۇمكىن: گۇناھكار، جىنايەتكار، ھاياسىز، يۈزى قېلىن، ئەخلاقسىز ۋە داپشاق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئائىلىسىدە ئۆسكەن بالىلارنىڭ ئازغۇن، ئەخلاقسىز، تۇترۇقسىز، ناچار، داشقال، كېرەكسىز، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان، بۇزۇق ۋە جىنايەتكار بالىلار بولۇشىدا ئېھتىمالسىزلىق يوق.

دېمەك، دىن ۋە ئەخلاق ئاساسىدا تاللاش ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە كامىل مۇئمىنلىكنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بېرىدۇ. پەرزەنتلەرگە ئىسلامىيەتنىڭ پەزىلەتلىك تەربىيەسىنى ۋە ئائىلىگە مۇستەھكەم شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت يۇرۇۋاتقان خاتىرجەملىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2 ـ نىكاھتىكى تاللاش يەنە ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشى ۋە شەرەپ ئاساسىدا بولۇشى كېرەك

تۇي قىلماقچى بولغان بىر جۈپ ياش بىر ـ بىرىنى ئىختىيار قىلىش ۋە تاللاشتا ئىسلام بەلگىلىگەن قائىدىلەرنىڭ يەنە بىرى ھاياتلىق ھەمراھىنىڭ سالىھلىق، ئېسىل ئەخلاقلىق، تېگى ـ تەكتى پاكىزلىق ( تەگلىك ) ۋە تەقۋادارلىق بىلەن تونۇلغان ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشىنى ئېتىبارغا ئېلىشتۇر. چۈنكى، كىشىلەر مەدەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئورۇن ۋە شان ـ شەرەپتە پەرقلىق بولىدۇ. ياماnlıq ۋە ياخشىلىقتىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

/ بۇ ھەقتە ئىمام تەيالىسى، ئىمام ئىبنى مەنىئ ۋە ئىمام ئەسكەرى رەھىمەھۇمۇللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «خالايىقلار ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا مەدەنلەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرى ئىسلامنى ياخشى چۈشەنگەن بولسىلا ئىسلامدىمۇ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇي قىلىش ئالدىدا تۇرغان ياشلارنى تۇي قىلىش ئوبيېكتىنى تېگى ـ تەكتى، شان ـ شەرىپى، ياخشىلىقى ۋە پاكىزلىقى قاتارلىقلارغا ئاساسلىنىپ تاللاشقا قىزىقتۇرغان. بۇ جەھەتتە ھەدىسلەر بەك كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە بىر نەچچىسىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

/ ئىمام دارۇقۇتنى، ئىمام ئەسكەرى ۋە ئىمام ئىبنى ئەدى رەھىمەھۇمۇللاھلار ئەبى سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلەرگە: «پاسكىنا جايلاردا ئۆسكەن يېشىللىقلاردىن ساقلىنىڭلار» دېگەنلىكىنى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ، پاسكىنا جايدا ئۆسكەن يېشىللىق دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ: «ناچار ۋە يامان ئائىلىدە ئۆسكەن چىرايلىق خوتۇنلار» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

/ ئىمام ئىبنى ماجە، ئىمام دارىقۇتنى ۋە ئىمام ھاكىم رەھمەھۇمۇللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەنىي ئىسپېرماڭلارغا (ياخشى ئاياللارنى) تاللاڭلار ۋە تەڭتۇشلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

/ ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام دەيلىمى رەھمەھۇمەللاھلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەنى ئىسپېرماڭلار ئۈچۈن (ئاياللارنى) ياخشى تاللاڭلار، ھەقىقەتەن ئاتىنىڭ خۇيى بالىغا ئۆتىدۇ» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدۇ.

/ ئىمام ئىبنى ئەدىي ۋە ئىمام ئەساكىر رەھمەھۇمەللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەنى ئىسپېرماڭلارغا (ئاياللارنى) ياخشى تاللاڭلار، چۈنكى ئاياللار ھەقىقەتەن ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئوخشاشلىرىنى تۇغىدۇ» دېگەنلىكىنى، يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەنىي ئىسپېرماڭلارغا تەڭتۇش ئورۇنلارنى ئىزدەڭلار، چۈنكى ئەركىشى كۆپ ھاللاردا ئانا تەرەپ تاغىلىرىغا بەك ئوخشاپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

/ ئىمام ئىبنى ئەدىي رەھمەھۇللاھ «كامىل» دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ياخشى قۇچاقلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاياللارنى ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن بالا ئاتىسىنىڭ خۇينى تارتىدۇ» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدۇ.

مۇشۇ توغرىدىكى بىر پۈتۈن ھەدىسلەر تويى قىلماقچى بولغان يىگىت ۋە قىزنى ئۆزىگە سالىھ ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسكەن، شان-شەرەپ ۋە پاكىزلىق بىلەن تونۇلغان، تېگى-تەكتى بار ئۆيلەردە چوڭ بولغان، ئېسىل ۋە ئەسلى-ۋەسلى بار نەسىللەردىن كېلىپ چىققان ۋە ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلاردىن كەلگەن جۈرىلەرنى تاللاشقا قىزىقتۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، ئەركىشى بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغۋار ئىشلار تەبىئىتىگە سىڭگەن، ئېسىل ئادەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، راۋۇرۇس ئىسلامىي ئەخلاققا ئىگە بولالايدىغان، ئانىلىرىدىن ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنىڭ سۈتلىرىنى ئېمىدىغان ۋە ئەجدادلىرىنىڭ خۇي-پەيلىنى ئالىدىغان ئىرسىيىتى ئالاھىدە يارامىلىق ئەۋلادلارنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن!

مۇشۇ پرىنسىپلارغا ئاساسەن ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس سەقەفىي رەھمەھۇللاھ ئەۋلادلىرىغا مەنىي-ئورۇقى ئۈچۈن ياخشى ئېتىز تاللاش ۋە يامان خۇلقلۇق ئاياللاردىن ساقلىنىش توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «ئەي ئوغلۇم! خوتۇن ئالغۇچى كۆچەت تىككۈچىگە ئوخشايدۇ، كۆچەت تىكمەكچى بولغان ئادەم كۆچەت تىكىدىغان يەرنى ئوبدان كۆزىتىشى لازىم. يامان خۇيلۇق ئاياللاردىن ياخشى بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ناتايىن. شۇڭا، كېچىكسەڭلەرمۇ مەيلى، لېكىن پەرزەنت تېرىيدىغان ئېتىزىڭلارنى ياخشى تاللاڭلار».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاللاشنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن: «بالىنىڭ ئاتىسىدا قانداق ھەقلىرى بار؟» دەپ سورىغان بىر ئوغۇلغا: «ئانىسىنى ياخشى تاللاش، چىرايلىق ئىسىم قويۇش ۋە قۇرئان ئۆگىتىش» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مانا بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكەن «ياخشى تاللاش» بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىلمىي ھەقىقەت ۋە تەربىيە نەزەرىيىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى دەۋر ئىرسىيەت ئىلمى بوۋاق تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەخلاقىي، جىسمانىي ۋە ئەقلىي سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە باشلايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بىر جۈپ ئەر-ئاياللىنىڭ تويلىششتىن بۇرۇنقى تاللىشى تېگى-تەكتى، شان-شەرىپى ۋە ياخشىلىقى قاتارلىقلار ئاساسىدا بولغان بولسا، پەرزەنتلەر چوقۇم ئېپپەتلىك، پاكىزە ۋە ئىستىقامەتلىك چوڭ بولىدۇ. باللاردا ياخشى ئىرسىيەت ئامىلى بىلەن پەزىلەتلىك تەربىيە ئامىلى بىرلەشسە، باللا دىن ۋە ئەخلاقىنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا يېتەلەيدۇ؛ تەقۋالىق، پەزىلەت، گۈزەل مۇئامىلە ۋە ئېسىل ئەخلاق قاتارلىقلاردا مىسال ئېلىش ئوبيېكتى بولالايدۇ.

شۇنداق بولغانىكەن، پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق، ئەۋلاد سۇلالىسىنىڭ پاك ۋە ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ مۇئمىن-مۇسۇلمان بولۇشىنى خالايدىغان كىشىلەر چوقۇم تويلىششتا تاللاشنى ياخشى قىلىشى ۋە ھاياتلىقتىكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى بەلگىلەشتە پۇختا ۋە ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق!!

## 3 - تويلىششتا ياتلاردىن تاللاش كېرەك

ئىسلامنىڭ جۆرە تاللاشتىكى ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلىرىنىڭ بىرى، نەسەبداش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقى بار ئاياللاردىن يات ۋە تونۇشمايدىغان ئاياللارنى ئارتۇق كۆرۈش بولۇپ، بۇ پەرزەنتلەرنىڭ زېرەك، چېچەن ۋە تەمەن تۇغۇلۇشىغا پايدىلىق. شۇنداقلا، بۇ باللا تېنىنىڭ ئاتا-بوۋىلاردا بار بولغان ھەرخىل يوقۇملۇق كېسەللىكلەر، ئىرسىيەت ئاپەتلىرى ۋە ئېغىر كېسەللىكلەردىن ساق-سالامەت بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ؛ ئائىلىلەر ئارا تونۇشۇش ۋە چۈشىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى چىڭىتىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى ئاشىدۇ؛ بىرلىكلىك ۋە ئىناق-ئىتتىپاقلىق چىڭىيدۇ؛ ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە تارقىلىش كېڭىيىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەسەبداشلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقى بار ئاياللارنى ئېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس!

/ بۇ ھەقتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى جۈملىسىدىن ئۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرى بار: «يېقىن تۇغقانلارنى ئالماڭلار، بالا ئاجىز ۋە دۆت تۇغۇلۇپ قالىدۇ»؛ «ياتلاردىن ئۆيلىنىڭلار، پەرزەنتنى زەئىپ ۋە دېۋەڭ قىلىپ قويماڭلار».

ئىرسىيەت ئىلمىمۇ يېقىن تۇغقانلار بىلەن تويلىششىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپ ۋە ئەقلىي جەھەتتىن كالۋا تۇغۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ۋە باللاردا پەسكەش مىجەز-خۇلق ۋە يىرگىنىشلىك ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

مانا بۇ ھەقىقەتنى ئىسلام ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 14 ئەسىر بۇرۇن، بۈگۈنكى

ئىلمىي كەشپىياتلار ۋە بايقىلىشلار مەيدانىغا كىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلگەن مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا يارقىن مۆجىزىلىرى ۋە راست خەۋەرلىرى قاتارىغا تىزىلىدۇ.

## 4 - قىزلارنى تاللاشنىڭ ئەۋزەللىكى

ئىسلامنىڭ جۆرە تاللاشتىكى يوليورۇقلىرىنىڭ يەنە بىرى، ۋايىغا يەتكەن ھېكمەت ۋە بۈيۈك پايدىلار بولغانلىقى ئۈچۈن جۇۋانلارنى تاللاشتىن قىزلارنى تاللاشنى ئەۋزەل قارار قىلىشىدۇر.

بۇ پايدىلار بولسا: ئائىلىنى تۇرمۇشتا كۆڭۈل سوغۇپ كېتىشتىن قوغداپ قېلىش. چۈنكى، ئەر ياكى ئايالنىڭ كۆڭلى سوغۇپ كەتكەن ئائىلىلەر چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ، ئاخىرى ۋەيران بولىدۇ ۋە ئائىلە ئەزالىرى سەرسان بولىدۇ. ئائىلە مۇھىتىغا مۇشكۇلاتلار ۋە ئۆچ - ئاداۋەتنىڭ قارا تۇمانلىرى سايە تاشلايدۇ. قىزلار تۇنجى تەگكەن ئادەمنىڭ ئىلكىدە ئۇنىڭغا كۆنۈكىدۇ، ئۇنىسى - ئۇلپەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىزىققانلىقى ئۈچۈن ئەر - ئاياللىق مېھىر - مۇھەببەت ئالاقىلىرى چىڭىيدۇ. ئەكسىچە بىر ئەردىن چىققان سىكىلەك ئايالنىڭ سادىق قەلبى بىرىنچى ئەرگە ئېسىلىپ قالغانلىقى ۋە تۇنجى ئەرنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئىككىنچى ئەرنىڭ مۇئامىلىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر - بىرىدىن تولۇق ئۇنىسى - ئۇلپەت تاپالمايدۇ ۋە ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەت ئالماشمايدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ مەنالارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بايان قىلغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ: ئۇ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر سەن بىر ئورمانزارلىققا چۈشسەڭ، ئۇ يەردە سەندىن بۇرۇن باشقىلار ماللىرىغا يېگۈزۈپ بولغان ۋە بولمىغان دەرەخلەر بولسا، سەن مىلىڭنى قايسى دەرەختە ئوتلىتىسەن؟»، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەلۋەتتە مال ئوتلىمىغان دەرەختە ئوتلىتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئەنە شۇ مەن بولىمەن» دەيدۇ (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىدىن باشقا قىز ئالمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ باشقا ئاياللىرىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان.

ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمۇللاھلار نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىز خوتۇنلارنى ئېلىشنىڭ بەزى ھېكمەتلىرىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قىزلارنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېغىزى تاتلىق، بالىياتقۇسى پاك، ھىيلە - نەيرىڭى ئاز ۋە ئازغا رازى بولىدۇ».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىزلارنى ئېلىشنىڭ مېھىر - مۇھەببەت پەيدا قىلىدىغانلىقى ۋە پاكلىق ۋە ئىپپەت تەرەپنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلىدۇ: زاتۇررىقائ غازىتىدىن قايتىۋاتقاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئەي جابىر! تېخىچە خوتۇن ئالمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «خوتۇن ئالدىم ئى رەسۇلۇللاھ!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىز ئالدىڭمۇ ياكى جۇۋانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! بەلكى جۇۋان ئالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىز ئالساڭ بولماسمىدى، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشار ئىدى، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشار ئىدىڭ» دەيدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتام ئابدۇللاھ ئىبنى رىئاب ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈلدى، بىزگە يەتتە نەپەر قىزنى قالدۇردى، شۇڭا، مەن ئۇلارنى بىر يەرگە توپلىغۇچى خوتۇن ئالدىم، ئۇ ئۇلارنىڭ بېشىنى بىقىپ ۋە يۇيۇپ-تاراپ تۇرۇشتۇرىدۇ ۋە ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ياخشى قىلىپسەن، ئاللاھ تەئالا خالىسا دېگىنىڭگە ئېرىشىسەن» دەيدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەدىسى بەزى چاغلاردا قىز ئېلىشتىن جۇۋان ئېلىشنىڭ ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئەھۋاللاردا، بولۇپمۇ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش ھالەتلەردە قىز ئېلىشتىن جۇۋان ئېلىش ئەۋزەل بولىدۇ. چۈنكى، قىزلار ياكى كىچىكلىك بولغانلىقتىن، ياكى ئەركە-ناياق بولغانلىقتىن بۇنداق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئەمما، جۇۋانلار يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلالمايدىغان ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ياخشىلىققا ھەمكارلىشىپ ئاللاھ تەئالانىڭ: «ياخشىلىققا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەم بېرىڭلار» ( 5:2 ) دېگەن سۆزىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

## 5 - تۇغۇمچان ئاياللارنى تاللاشنىڭ ئەۋزەللىكى

ئىسلامنىڭ جۆرە تاللاشتىكى كۆرسەتمىلىرىنىڭ يەنە بىرى، تۇغۇمچان ئاياللارنى تاللاش بولۇپ، ئۇلارنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىش بىلەن تونۇغىلى ۋە بىلگىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، ھامىلدارلىقتىن مەنئىي قىلىدىغان كېسەللىكلەردىن سالامەت بولۇشى كېرەك، بۇ جەھەتتە مۇتەخەسسىسلەردىن ياردەم سورىسىڭىز بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆيىيكتىنىڭ ئانىسى ۋە ياتلىق بولغان قىز بىر تۇغقانلىرىغا قاراش كېرەك، ئەگەر ئۇلار تۇغۇمچان ئاياللاردىن بولسا، كۆپ ھاللاردا ئۇمۇ تۇغۇمچى چىقىدۇ.

تېبابەت ئىلمىدىن مەلۇم بولىدىكى، ئەگەر ئايال تۇغۇمچان ئاياللاردىن بولسا، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ تەن ساغلاملىقى ياخشى، بەدىنى كۈچلۈك ھەم سالامەت بولىدۇ، بۇ خىلدىكى ئاياللار ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ، تەربىيە مەجبۇرىيەت-مەسئۇلىيەتلىرىنى تولۇق ئۈستىگە ئالالايدۇ ۋە ئەرنىڭ ھەققىنى تولۇق ۋە ئەڭ ياخشى ئادا قىلالايدۇ.

ئەۋلادنىڭ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن تۇغۇمچان ئاياللارغا ھەۋەس قىلىدىغان ئەر كىشى بۇنىڭدىن كېلىپ

چىقىدىغان ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. مەسئۇلىيەت مەيلى نەپىقە ۋە پۇل-مالغا ئالاقىدار مەسئۇلىيەت بولسۇن، ياكى تەربىيەگە ئالاقىدار مەسئۇلىيەت بولسۇن، ياكى ئىلىم ئۆگىتىشكە ئالاقىدار مەسئۇلىيەت بولسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئاللاھ تەئالا ئالدىدا ئاشۇرۇۋېتكەن ياكى كەم قويغان تەرەپلىرىدە ھېسابقا تارتىلىدۇ.

/ بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى ھىببان رەھمەھۇللاھ نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن ھەربىر باشلىق[1] تىن ئەزالىرى توغرىلىق جايىدا مۇھاپىزەت قىلدىمۇ ياكى تۈگەشتۈرۈپ قويدىمۇ دېگەن ھەقتە سوئال-سوراق قىلىدۇ. ھەتتا ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى توغرىلىق سوئال-سوراققا تارتىلىدۇ» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، توي قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىسلام ئەمرى قىلغاندەك پەرزەنت مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشنى چاغلىسا، ئاللاھ تەئالا زېمىن ئۈستىگە چىقىرىلغان ئۇممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلغان ئۇممىتى مۇھەممەدىيەنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن چوقۇم تۇغۇمچان ئاياللارنى ئىزدەپ سوراپ ئېلىشى، مۇتەخەسسىس دوختۇرلاردىن مەسلىھەت سورىشى ۋە ياردەملەشتۈرۈشى لازىم. مانا بۇ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقلىرىدىندۇر.

/ بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن يۇز-ئابرۇيلۇق، نەسەبلىك، ئېگى-تەكتى ئېسىل، مال-دۇنياسى كۆپ ۋە چىرايلىق بىر ئايالنى ياقتۇرۇپ قالدىم. لېكىن، ئۇ تۇغماس ئايال. مەن بۇ ئايالنى ئالسام بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئادەمنى ئۇ ئايالنى ئېلىشتىن توسقان. ئۇ ئادەم شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم كەلگەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوخشاشلا توسقان. ئۈچىنچى قېتىم يەنە كەلگەندە ئۇنىڭغا: «تۇغۇمچان سۆيۈملۈك ئاياللارنى ئېلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن باشقا ئۇممەتلەرگە پەخىرلىنىمەن» دېگەن (ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام نەسەئىي ۋە ئىمام ھاكىم رەھمەھۇمۇللاھلار رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قاتار پرىنسىپلار تويلىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلار ۋە تەربىيەگە ئائىت ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردۇر. شەخس ئائىلىنىڭ تۈنجى ھۈجەيرىسى بولغىنى ئۈچۈن ئىسلام شەخسلەر تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، تويلىشىش كىشىلەرنىڭ تۇغۇلما خاراكتېرلىك تەبىئىي ئېھتىياجى بولغانلىقتىن، ھاياتلىقنىڭ ئىشتىياقلىرىغا ماس قەدەمدە مېڭىش ئۈچۈن، شۇنداقلا باللارنىڭ نەسەبلىرى ئاتىلارغا بىۋاستە چېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىي مايىللىقىغا خوش دەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ھەرخىل يوقۇملۇق كېسەللىكلەردىن، ۋابا خاراكتېرلىك دورا كۆيەشمەيدىغان كېسەللىكلەردىن ۋە ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلاردىن ئامان بولىدۇ؛ پەرزەنتلەر تەربىيەسىدە ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ھەمكارلىق كامالەت تاپىدۇ؛ ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئاتىلىق ۋە ئانىلىق تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ. نېمە

(1) ھەدىس تېكىستىدە: «ئاللاھ ھەربىر پادىچىدىن ئۆزى باققان پادا توغرىلىق سورايدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن دۆلەت رەھبىرىدىن تارتىپ، بىر ئائىلىگە باش بولغانغا چاغلىق پۈتۈن باشلىق بولغۇچى ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇچۇن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ھاياتلىقتىكى ئورتاق ھەمراھى ۋە بۇ ئالەملىك، بەلكى ئىككى ئالەملىك جۈپتىنى تاللاش پۈختا ئاساسلار ۋە ساغلام ۋە ئەمەلىي بولغان قائىدىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى بۇ تاللاش دىن ئاساسىغا، تەگ ۋە شان-شەرەپ ئاساسىغا ۋە قىزلارنى تاللاشنى ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇش ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقتىن شۇنداق بولىدۇ.

مۇسۇلمان ئىسلامىي ئائىلە، سالىھ پەرزەنت ۋە ئاللاھ تەئالاغا ئىشەنگۈچى مۇئمىن ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى نەدىن باشلاشنى بىلگەن چاغدا، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان باشقا مەسئۇلىيەت ۋە تەكلىپلەر ئاددىيلىشىدۇ.

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، مۇسۇلمان ئۆز ئائىلىسىدە تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ تۈۋرۈكلىرى، پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ بەلگە-نىشانلىرى ۋە مەزمۇت ۋە مۇستەھكەم تۈرىدىغان قۇرۇلۇشنىڭ «ئۇل تېشى»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ بولدى. ئاگاھ بولۇڭكى، ئۇ بولسىمۇ سالىھ ئايالدۇر!!!

ئۇنداقتا، ئىسلامدا يارامىلىق ئەۋلاد بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە يارامىلىق قوشۇن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بولغان پەرزەنتلەر تەربىيەسىنى باشلاشتا مۇستەھكەم پرىنسىپلار ئاساسىدىكى جۆرە تاللاشنى تۇنجى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك!!!

ئەقىل ئىگىلىرى بۇلاردىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن ...

# ئىككىنچى پەسىل بالىلارغا بولغان كۆڭۈل تۇيغۇسى

روھىي تۇيغۇدىن مەقسەت: ئاللاھ تەئالا ئاتا-ئانىلارنىڭ قەلبىدە بالىلارغا قارىتا ئورۇنلاشتۇرغان مۇھەببەت، قايناق ھېسسىيات ۋە مېھرىبانلىق قاتارلىقلارنى ئەمەلىيەتتە جۇلالىق ۋە يارقىن ھالدا ئىپادىلەش دېمەكتۇر.

بۇنىڭدىكى ھېكمەت: بەزى كېسەل كۆڭۈللەرگە تېخىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن جاھىلىيەتنىڭ سېسىق، چىركىندى ۋە يىرگىنىشلىك ئادەتلىرى، بولۇپمۇ قىزلارغا يامان قارايدىغان، ئۇلاردىن نومۇس قىلىدىغان رەزىل ئادەتلەرنىڭ سېسىق ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ، مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش، بالىلىرىغا يەتكەن بالايى-قازا ۋە ئۆلۈمگە سەۋر قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ پىراقىغا باتۇرلارچە چىداملىق بولۇش قاتارلىقلارغا بېرىلىدىغان ئەجرى-مۇكاپاتنى بايان قىلىش، ئاخىرىدا ئاتا-ئانىلارغا ئىسلام مەنپەئەتى بىلەن بالىلار مەنپەئەتى قارىمۇقارشى دوقۇنۇشۇپ قالغاندا قانداق قىلىش ۋە نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى ئۇچۇق بايان قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىمىز، سىز بۇ بۆلۈمدە ئاللاھ تەئالا خالىسا مۇشۇ روھىي تۇيغۇلار، قەلب ھېسسىياتلىرى، مۇشۇ تەسەۋۋۇرلار ۋە سوئاللارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەپسىلىي ۋە يارقىن ھالدا بايان قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالىسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە باللار مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن

ھەممىگە مەلۇمكى، باللارنى سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش، ئۇلار ئۈچۈن كېچىلەرنى بىدار، كۈندۈزلەرنى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئېغىر ئەمگەكلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن تەبىئىي خاراكتېر. باللارغا بولغان روھىي تۈيغۇ، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، كۆيۈنۈش، رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۇزلۇكسىز كۆڭۈل بۆلۈش ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلىق ھېسسىياتىنىڭ يىلتىزى، مۇستەھكەم رىشتىسىدۇر.

ئەگەر ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىنسانىيەت نەسلى يەر يۈزىدىن ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە ۋە ئۇلارغا ھەردائىم غەمخورلۇق قىلىشقا چىداپ بولالمىغان، ئۇلارغا كاپالەتلىك قىلالمىغان، تەربىيەسىنى ئۈستىگە ئالمىغان، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۈنلەرنى بىدار ئۆتكۈزمىگەن بولاتتى.

«قۇرئان كەرىم» ئاتا ـ ئانىلاردىكى بۇ سەممىي تۇيغۇنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە تەسۋىرلەپ، باللارنىڭ دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننىتى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ: «ماللار ۋە ئوغۇللار دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننەتلىرىدۇر» (سۈرە كەھف ـ 46 ئايەت).

يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارنىڭ كاتتا نېمەت ئىكەنلىكى، بۇ نېمەتكە قارىتا نېمەتنى بەرگۈچىگە شۈكرى ـ تەشەككۇرلار ئېيتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق» (سۈرە ئىسرا ـ 6 ئايەت).

ئەگەر ئۇلار تەقۋادارلارنىڭ يولىدا ماڭغان بولسا، كۆزنىڭ قارىچۇقلىرى بولىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئۇلار: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شاتلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن› دەيدۇ» (سۈرە فۇرقان ـ 74 ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دىكى بۇ ئايەتلەر ئاتا ـ ئانىنىڭ باللارغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنىڭ سەممىيلىكىنى، جىگەر پارىلىرىغا بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئېنىق ئېچىپ بېرىدۇ.

بىز تۆۋەندە شائىرلارنىڭ بۇ ھەقتە يازغان قۇرلىرىدىن بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرنى نەقىل قىلىمىز.

شائىر ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سەلت ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىدىغان باللار توغرىلىق مۇنداق يازىدۇ:

كىچىككىڭدىن يىغلاڭغۇ ئىدىڭ ھەم چاپتىكەش،
كۆڭلۈڭگە كەلگەننى قىلغۇزاتتىڭ ئىللەت بىلەن،
بىر كېچىسى يەتتى ساڭا ئېغىر كېسەل، ۋاھەسرەتا!

كۆز يۇمماستىن بىدار بولدۇق، تالاي تۈنلەر كۆلپەت بىلەن،
زار-زار يىغلاپ ھەر يانغا چاپتۇق، قىلمىغىنىمىز قالمىدى،
جان ئۆزەرمۇ ئەنسىرەيمىز، ساقايمىدىڭ تۈرلۈك سەۋەب بىلەن،
شۈكرى لىللاھ، ئاستا-ئاستا ئەسلىڭگە كەلدىڭ ساقىيىپ،
بوپ قالغانتۇق ئاناڭ بىلەن سوقۇلغاندەك بازغان بىلەن،
دېسەم گەپ جىق، تەسرلەش مۇمكىن ئەمەس تىل بىلەن،
كۈتتۇق سەندىن كۆپ ئۈمىدلەر، قىلار خىزمەت ئەدەپ بىلەن،
قولۇڭدىن كەلگىنى نېمە بولدى؟ ۋارقىرايسەن، چۇرقىرايسەن،
ئەپتىڭ يامان، پەيلىڭ يامان، چىقار سۆزۈڭ زەرب بىلەن،
سەندە بىزنىڭ قوشنىلارنىڭ ھەققى كەبى ھەقلەرىمىز يوقمۇ؟
بىزنى قوشنا ئەمەس، ھەتتا تىلەمچى، مەدىكاردەك كۆرمەيسەن،
قېرىدۇق، ئىشلىگۈدەك پۇت-قولدا مادار قالمىدى،
بىزدە مال يوق، تۈز گۈگۈتنى ئەمدى بىزدىن ئايايسەن،
سالدىڭ بۇ جانغا نەچچە مىڭلاپ جەۋرى-جاپا،
قىلمايمىز ھېچبىرىگە مىننەت قىلىپ تەنە-تاپا،
ئەجرىمىز، مېھنىتىمىز كۆپ دەپ بولمايمىز سەندىن خاپا،
رەببىمىز ئىنساب بېرەر شۇندا كەلگەي سەندىن ۋاپا،
...

يۇقىرىدىكى ۋە بۇلاردىن باشقا شېئىر ۋە قەسىدىلەردىن ئاللاھ تەئالا ئاتا-ئانىنىڭ قەلبىگە ئامانەت قىلىپ تاپشۇرغان باللارغا بولغان چىن مۇھەببەت ۋە تۇيغۇلارنىڭ قانچىلىك موللىقىنى بىلىۋالىمىز، مانا بۇ مۇھەببەت ئۇلارنىڭ باللىرىغا كۆيۈنۈشىگە، تەربىيىلىشىگە، ئۇلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن غەمخورلۇق قىلىشىغا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋە مەنپەئەتىگە كۆيۈنۈشىگە ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ،

«باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى)، ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھ تەئالانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ» (سۇرە رۇم-30 ئايەت)،

## باللارغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن سوۋغىسى

ئاللاھ تەئالا ئاتا-ئانىلارنىڭ قەلبىگە ئامانەت تاپشۇرغان ئۇلۇغۋار تۇيغۇلارنىڭ بىرى، باللارغا رەھىم-شەپقەت قىلىش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بولۇپ، بۇ تۇيغۇ پەرزەنتلەر

تەربىيەسى ۋە ئۆلارنى ئەۋزەل نەتىجىلەر ۋە كاتتا ئىش ـ ئىزلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ياراملىق تەربىيىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان تولىمۇ ئېسىل ۋە تولىمۇ قىممەتلىك بولغان تۈيغۇدۇر.

مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىقتىن خالىي بولغان قەلبلەرنىڭ ئىگىلىرى توڭ، قوپال، ئوسال، مىجەزى ئەسكى ۋە يارىماس ئادەملەر بولۇپ، ئېنىقكى بۇنداق ئادەملەرنىڭ ناچار سۈپەتلىرى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرى باللارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە، يامان ئادەم بولۇپ قېلىشىغا، چېچىلىپ كېتىشىگە، جاھالەت ۋە بەدبەختلىكنىڭ ئەۋرەزلىرىدە قۇرت ـ قوڭغۇزلار كەبى مىدىرلاپ يۈرۈشىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىداشسىز گۈزەل شەرىئىتىمىز بىر بۆلۈك يولىيورۇقلار ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، كىشىلەر قەلبلىرىدە مېھىر ـ شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىقتىن ئىبارەت مىجەز ـ خۇلقنى مۇستەھكەملىككە ئىگە قىلدى. ئاتا ـ ئانىلار، چوڭلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار، مەسئۇل كىشىلەر، ئومۇمەن پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرىنى مېھىر ـ شەپقەت، ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئۆز ئەخلاقىغا ئايلاندۇرۇشقا، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى.

## • پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھرىبانلىق توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى

ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ئەمرى ئىبنى شۇئەيبتىن، ئۇ دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغان، چوڭلىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمايدىغان كىشىلەر بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئەمەس» دېدى.

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرىد» دېگەن كىتابىدا ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىچىك بالىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئادەم بالىسىنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن سورىدى: «سەن بۇ ئوغلۇڭغا مېھرىبانمۇ؟» ئۇ كىشى: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا تائالا ساڭا سەن ئوغلۇڭغا مېھرىبان بولغىنىڭدىن بەك مېھرىبان، ئۇ مېھرىبانلارنىڭ ئەڭ مېھرىبانىدۇر» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى ئىچىدىن پەرزەنتلىرىگە مېھرىبانلىق قىلمايدىغان كىشىلەرنى كۆرسە كەسكىن ھالدا سىلكىۋېتەتتى ۋە ئۇ كىشىنى ئۆي، ئائىلە ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ مەنپەئەتى بار بولغان ئىشلارغا قارىتاتتى.

## • مېھرىبانلىقنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرىد» ناملىق كىتابىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى يېزىلىق بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: «سىلەر باللىرىڭلارنى سۆيۈپ ئەركىلىتەمسىلەر؟ بىز ئۇلارنى سۆيمەيمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئاللاھ تەئالا سېنىڭ قەلبىڭدىن مېھىر ـ شەپقەتنى تارتىۋالسا، ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ

بېرشكە مەن ئىگە بولالامدىم؟›› دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيدى. ئۇنىڭ ھوزۇرىدا ئەقرەئ ئىبنى ھابىس ئەلتەيمى بار ئىدى. ئەقرەئ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ‹‹مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىرىنى سۆيۈپ باقمىدىم›› دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۇبدان قارىغاندىن كېيىن: ‹‹مېھىر-شەپقەت قىلمىغان كىشىگە مېھىر-شەپقەت قىلىنمايدۇ›› دېدى.

ئىمام بۇخارى ‹‹ئەدەبۇل مۇفرىد››تا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. ئائىشە بۇ ئايالغا ئۈچ دانە خورما بەردى. ئايال ئىككى خورمىنى بالىلىرىغا بىردىن بەردى. بالىلار خورمىنى تېزلا يەۋەتتى. ئانا قولىدا قالغان بىر دانە خورمىنى يېمەكچى بولغانىدى، بالىلار ئانىسىنىڭ قولىغا قاراشتى. ئانا خورمىنى ئىككى پارچە قىلىپ بالىلىرىغا بىر پارچىدىن ئۆلەشتۈرۈپ بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندە ئائىشە بولغان ئىشلارنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹‹سەن مۇشۇ ئىشلاردىن ھەيران قالدىڭمۇ؟ ئۇ ئايالنىڭ بالىلىرىغا مېھىر-شەپقەت قىلغانلىقىدىن ئاللاھ تەئالا بۇ ئايالغا مېھىر-شەپقەت قىلدى ( بۇنى بىلگەن بولساڭ ئىدىڭ كاشكى، ھەيران قالماس ئىدىڭ )›› دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتقا چۈشۈپ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان كىچىك بالىلارنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتەتتى، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى، مېھربانلىقى قوزغىلىپ كېتەتتى. ئۇممەتكە مېھربانلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىشنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگىتەتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوغلىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە ھازىر بولۇشىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتىپ دۇئايى-سالام يوللايدۇ ۋە: ‹‹بەرگىنىمۇ ۋە ئېلىۋالغىنىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ، ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسىنىڭ مۇئەييەن قارارى بار، سەۋر قىلسۇن ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلسۇن›› دەيدۇ. قىزى يەنە ئادەم ئەۋەتىپ زادى كېلىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىد ئىبنى ئۇبادە، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، زەيد ئىبنى سابىت ۋە بۇلاردىن باشقا بىر بۆلۈك كىشىلەر ( ئاللاھ تەئالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن ) بىلەن بىللە يېتىپ بارىدۇ. بالىنى رەسۇلۇللاھنىڭ قۇچىقىغا ئېلىپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا بالا ئۇلۇغ-كىچىك نەپەسلىنىۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. سەئىد ئىبنى ئۇبادە: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ نېمە ئەھۋال؟›› دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹‹مانا بۇ ئاللاھ تەئالا بەندىلىرىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرغان مېھىر-شەپقەتتۇر››. يەنە بىر رىۋايەتتە: ‹‹ئاللاھ تەئالا بۇ مېھربانلىقنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن مېھرىبان، رەھىم-شەپقەتلىك بەندىلىرىگىلا بەك رەھىم قىلىدۇ›› دېدى.

كۆڭۈلدىن يىراقلاپ كەتمىسۇنكى، ئاتا-ئانىنىڭ قەلبىگە پەرزەنت مۇھەببىتى چۈشكەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان چاغدا، ئۇ ئىككىسى بالىلار تەرىپىدىن كېلىدىغان بارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تەئالا كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋاجىب قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئۇ ۋاجىب قايسى؟ دەل مەسئۇلىيەت مەجبۇرىيىتى، ئۇ بولسىمۇ ئەۋلادلار تەربىيەسىگە ئائىت مەجبۇرىيەتتۇر.

## قىزلارنى يامان كۆرۈش جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ پەسكەش قالدۇق تەسىرى

ئىسلام ئۆزىنىڭ مۇتلەق باراۋەرلىك ۋە ئەتراپلىق ئادىللىقا دەۋەت قىلىشى بىلەن مېھىر-شەپقەت مۇئامىلىرىدە، ئاتا-ئانا مېھرى-مۇھەببىتىدە، ئەر-ئايال ۋە ئوغۇل-قىز ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمىدى. بۇ ئىككىسىگە پەرقلىق مۇئامىلىدە بولمىدى. ئاللاھ جەللە ۋەئەلا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئادىللىق قىلىڭلار، ئادىللىق قىلىش تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر» (مائىدە سۈرىسى -8 ئايەت).

ھەرقايسى ھەدىس ئەھلىلىرى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەرزەنتلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار، پەرزەنتلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار، پەرزەنتلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار» دەپ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ھۆكمى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تارىخ مابەينىدىكى مۇسۇلمان ئاتىلار ئۆز پەرزەنتلىرى ھەققىدە مېھىر-مۇھەببەت، ئىللىق مۇئامىلە، كۆيۈمچان نەزەر، مېھرىبانلىققا تولۇپ تاشقان شەپقەت قاتارلىقلاردا ئوغۇل-قىز ئايرىماستىن، قايسىبىر ئىمتىياز ياكى ئايرىمچىلىقلارنى ئىشلەتمەستىن باراۋەرلىك، ئورتاقلىق ۋە ئادالەت پرىنسىپىنى قوللىنىپ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ كەلدى.

ئەگەر ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئوغۇللارنى قىزلاردىن ئالاھىدە كۆرىدىغان ئاتىلار كۆرۈلسە، بۇنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەئالا پاكىت ۋە كۈچلۈك ھۆججەت چۈشۈرمىگەن، جاھىلىيەتنىڭ مەينەت ئەمچەكلىرىدىن پاسكىنا سۈتلەرنى ئەمگەن ئاتىلار ئىكەنلىكىگە قايتىدۇ. بەلكى، ئۇ كەسكىن ھالدا جاھىلىيەتنىڭ يىرگىنىشلىك ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ئاللاھ تەئالا ئەيىبلىگەن جاھىلىيەت دەۋرىگە تۇتىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇشخەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ غەزەبناك بولۇپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ). ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئاللاھ تەئالاغا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ» (سۈرە نەھل 58 — -59 ئايەتلەر).

يەنە بىر سەۋەبى بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى، ئاللاھ تەئالاغا بولغان جەزمىيەت ئىشەنچىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تىرەپلا تۇرىدىغانلىقىغا قايتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولمىدى. ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا قىزلارنى تەقسىم قىلغاندى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، چىرايى ئۆزگەردى. ئاللاھ تەئالانىڭ يارىتىشىدىن قىلچىلىك ئۆزگەرتىش ئۇلارنىڭ، نە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن جاھان ئەھلىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇلار ئاللاھ تەئالا تەبارەك ۋەتائالانىڭ ئوغۇل-قىزلار توغرىسىدىكى پىلان-تەدبىرىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئىرادىسى ۋە مۇتلەق خاھىشى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ ھەممىدىن غالىب ئەمرى ھەر زامان توختاۋسىز ئىجرا بولىدىغانلىقى توغرىلىق ئايەتلەرنى ئاڭلاپ باقمىدىمۇ؟

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تەئالاغا خاستۇر، ئاللاھ تەئالا نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ياكى ئۇلارغا ئوغۇل-قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر» (سۈرە شۇرا 49 ــــ 50-ئايەتلەر).

ھېكايە قىلىنىدۇكى، ئەرەبلەر ئىچىدىن ئەبى ھەمزە ئاتىلىدىغان بىر ئەمىر بولۇپ، ئۇ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالىدۇ ۋە بۇ ئايالنىڭ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىنى قاتتىق تەمە قىلىدۇ، ئايال ئويلىمىغان، كۈتمىگەن يەردىن قىز تۇغىدۇ، ئەمىر شۇ سەۋەبتىن بۇ ئايالنى تاشلاپ باشقا ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كېتىپ قالىدۇ ۋە بۇ ئايالى بىلەن كارى بولمايدۇ، ئەمىر بىر يىلدىن كېيىن بۇ ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئايالنىڭ قىزىنى ئەركىلىتىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ:

ئەبى ھەمزىگە نېمە بولدى؟ بۇياقلارغا ئۆتمەيدۇ،
ئوغۇل تۇغقان خوتۇنىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدۇ،
تۇغمىغاچقا مەن ئوغۇل غەزىپى بار ھەم ئاچچىقى،
تۇغۇش ئوغۇل ياكى قىز قولىمىزدىن كەلمەيدۇ،
قەسەم ئاللاھ، بولغان بىلەن قەلبتە ئارزۇ قايىنقى،
ئىش ھېكمەت بىلەن، خالىغانغا ئوغۇل بەرمەيدۇ،
ئوغۇل بەرسۇن ياكى قىز خۇشال بولۇپ ئالىمىز،
تەلەپ قىلىش ئۆزگىنى شۇكرى قىلغانغا يەتمەيدۇ،

ئايالنىڭ بېيىتلىرىدىن ئىمان، تەقسىماتقا رازى بولۇش ۋە ئىشەنچىدە مۇستەھكەم تۇرۇش دەرسى ئالغان بۇ ئەمىر ئايالى قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيىدۇ، قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ بېكىتىپ بەرگەن ئاتاسىغا رازى، تەقسىماتىغا مەمنۇن بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى نەپسى زەئىپ، جاھىلىيەتنىڭ يىلتىزى باغلىنىپ قالغان

كىشىلەردىن بۇ ئۆسمىنى يۇلۇپ تاشلاش ئۈچۈن قىزلار تۇغرىسىدا خۇسۇسىي نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئاتا-ئانىلار ۋە مۇرەببىيلەرنى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى چىرايلىق قىلىشقا، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرىدى ۋە بۇ ئىشلارنى ئۇلارنىڭ جەننەتكە ئاسان كىرىشىنىڭ قۇلايلىق يوللىرى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئاسان ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ئىمام مۇسلىم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئىككى قىزچاقنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى بىلەن قىيامەت كۈنى مۇشۇ ئىككىسىدەك بولىمەن» دەپ بارماقلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ئۇقبە ئىبنى نافىئ ئامىرىل جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر كىشىنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلارغا سەۋر قىلغان، ئۇلارنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىگەن، ماللىرىنىڭ ياخشىلىرىدىن كىيىم-كېچەك بەرگەن (ۋە ياخشى تەربىيىلىگەن) بولسا، بۇ قىزلار ئۇ كىشى ئۈچۈن دوزاختىن ساقلىنىدىغان توسۇق ياكى پەردە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

ھۇمەيدى ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر ئادەمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ قىز بىر تۇغقىنى، ياكى ئىككى قىزى، ياكى ئىككى قىز بىر تۇغقىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى-تەربىيەسىنى ياخشى قىلغان، ئۇلار تۇغرىلىق كېلىدىغان مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغان، ئۇلار تۇغرىسىدا ئاللاھ تەئالادىن قورققان بولسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

تەربىيەتچىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىشى، قىزلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە، ئوغۇل-قىزلىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىسلام تەلىماتلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە كىرگۈسى بولسا، ئېخى ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا بولغان ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسا، ھەممىگە قۇدرەتلىك، ھەممىنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدىكى سەممىيەتچىل ئورۇنغا ئىگە بولغۇسى بولسا.

## بالىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋر قىلىشنىڭ پەزىلىتى

مۇسۇلمان ئىمانىنىڭ ئالىي دەرىجىسىگە، جەزمىيەت، ئىشەنچىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەندە، ئاللاھ تەئالا تائالا تەرىپىدىن بولغان قازا ۋە قەدەرنىڭ ياخشى ۋە يامان بولۇشىنىڭ ئېگى-ماھىيىتىگە يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە ھادىسىلەر كىچىك كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا مۇسىبەتلەر ئاددىيلىشىدۇ، خۇشال بولىدىغان، مەيلى قايغۇرىدىغان بارلىق ئىشلاردا بارلىقنى ئاللاھ تەئالاغا تاپشۇرىدۇ، كۆڭلىنى توق ۋە خاتىرجەم تۇتىدۇ، قەلبى، ۋىجدانى بالا-مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش، قازاغا رازى بولۇش، ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ جەللە ۋەئەلانىڭ تەقدىر-ئۆلچەملىرىگە تەن بېرىش ۋە بويسۇنۇش بىلەن راھەتلىنىدۇ.

مۇشۇ ئىمان روھىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەر بېرىپ، باللىرىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن

سەۋر قىلغان ۋە ئىستىرجا ئېيتقان ( بىز ئاللاھ تەئالانىڭ ئىلكىدىدۇرمىز ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە قايتقۇچىلاردۇرمىز دېيىش )، بەرداشلىق بەرگەن كىشىلەرگە ئاللاھ تەئالانىڭ جەننەتتە «مەدھىيە ئۆيى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆي بىنا قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر مۇسۇلمان بەندىنىڭ پەرزەنتى ۋاپات بولسا، ئاللاھ تەئالا مەلائىكىلىرىدىن: ‹بەندەمنىڭ پەرزەنتىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟› دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاللاھ جەللە ۋەئەلا: ‹سىلەر بەندەمنىڭ يۈرىكىنىڭ مېۋىسىنى قەبزى روھ قىلدىڭلارمۇ؟› دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاللاھ جەللە ۋەئەلا: ‹بۇ چاغدا بەندەم نېمە دېدى؟› دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر: ‹ئۇلار ساڭا ھەمدۇسانا ۋە ئىستىرجا ئېيتتى› دەيدۇ، ئاللاھ تەئالا: ‹بەندەمگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىڭلار ۋە بۇ ئۆيگە مەدھىيە ئۆيى دەپ ئىسىم قويۇڭلار› دەيدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋرچانلىقنىڭ ئوغۇللار ۋە مال-مۈلۈكلەر ئەسقاتمايدىغان كۈندە ئاللاھ تەئالادىن ساۋاب كۈتۈپ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەسۋىرلىگۈسىز ياخشى نەتىجىلىرى بار.

ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرى، ئۇ جەننەت يولى ۋە دوزاختىن توسۇق بولۇشىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار ئەبى سەئىدىل خۇدرىيىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قېتىم ئاياللارغا: «سىلەر مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىچىدىن قايسى بىرىڭلارنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ پەرزەنتلەر ئۇلار ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى، بىر ئايالنىڭ: «ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا: «ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئادەمنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم بالىلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تەئالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان بولسا جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى، بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟» دېگەنىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق» دېدى. ھەدىس نەقلى قىلغۇچىلارنىڭ بىرى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئەگەر سىلەر بىر بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دەپ سورىغان بولساڭلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق دېگەن بولارمىدى؟» دەپ سورىغاندى، جابىر: «مەن شۇنداق دەرمىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەن.

بالىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋر قىلىشنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى، كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن بالا قىيامەت كۈنىدە ئاتا-ئانىسىنى شاپائەت قىلىدۇ.

ئىمام تىبرانى ئەڭ ياخشى سەنەد بىلەن ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېگەن ئايالدىن رىۋايەت قىلىدۇ، بۇ

ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ مۇنداق دېگەن: «ئىككى مۇسۇلماننىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ بالىلار قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپ: ‹جەننەتكە كىرىڭلار› دېيىلىدۇ، ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىمىز كىرمىگۈچە كىرمەيمىز دەپ كىرگىلى ئۇنىمايدۇ، ئۇلارغا: ‹سىلەر كىرىڭلار، ئاتا-ئاناڭلارمۇ كىرسۇن› دېيىلىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبى ھەسساندىن رىۋايەت قىلىدۇ، ھەسسان مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىزنىڭ ئۆلۈكلىرىمىزدىن كۆڭلىمىز سۆيۈنىدىغان بىرەر ھەدىس ئاڭلىغانمۇ؟» دەپ سورىدىم، ئۇ: «ھەئە، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك باللىرى جەننەتنىڭ بىلجانلىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئاتىسى ياكى (ئاتا-ئانىسىنى) ئۇچراتقاندا، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ بۇجەكلىرىنى تۇتۇۋېلىپ (سەن مۇشۇ كىيىمگىنىڭ پەشلىرىنى قىستۇرۇۋالغاندەك) ئاللاھ تەئالا ئۇنى ۋە ئاتىسىنى جەننەتكە كىرگۈزمىگۈچە ئايرىلغىلى ئۇنىمايدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان» دېدى.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئائىللىرى روياپقا چىقارغان نادىر مەيدانلار ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ئىسپاتلايدۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆلۈمگە قانداق سەۋر قىلغانلىقى، قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر قىلىشى ۋە ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز مۇشۇ ساھەدە ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەيدانىنى مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ قىسسىنى تولۇق بايان قىلىدۇ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە — ئەنەسنىڭ ئۆگەي ئاتىسى — نىڭ كېسەلچان ئوغلى بولۇپ، ئەبۇ تەلھە سىرتقا چىقىپ كەتكەندە بۇ ئوغلى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ قايتىپ كېلىپ ئاياللىدىن: «ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟» دەپ سورايدۇ، ئايالى ئۇممۇ سۇلەيم — ئەنەسنىڭ ئانىسى — : «ئۇ ئارام تېپىپ قالدى» دەيدۇ ۋە تەلھەگە كەچلىك تاماق ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ تاماق يەپ بولغۇچە بۇنىڭدىن بۇرۇن ياسىنىپ باقمىغان ئۇسۇلدا چىرايلىق ياسىنىدۇ ۋە ئەبۇ تەلھە بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇ ئېرىنىڭ تويۇنغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئەي ئەبۇ تەلھە سەن قانداق قارايسەن؟ بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمدىن بىر نەرسە ئارىيەتكە ئالغان بولسا، ئارىيەت بەرگۈچى ئارىيەتكە ئالغۇچىدىن بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىنى بەرگىلى ئۇنىماسلىقى ھەقلىقمۇ؟» دەيدۇ، ئەبۇ تەلھە: «ياق، ئۇنداق قىلىشى ھەرگىز توغرا ئەمەس» دەيدۇ، ئايالى: «ئوغلۇڭ ئۆلۈپ كەتتى، ئاللاھ تەئالادىن ئۇنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلغىن» دەيدۇ، ئەبۇ تەلھە دەرغەزەپ بولۇپ: «بۇلغىنىپ بولغىچە مېنى بىلغىلى بولماسمىدى، مېنى بۇلغىنىۋالغۇچە قويۇۋەتمىدىڭ. جۇنۇب بولغاندىن كېيىن ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر بېرەمسەن» دەيدۇ ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىرىپ بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا كۆرىدۇ ۋە: «ئاللاھ تەئالا ئىككىڭلارنىڭ ئاشۇ كېچەڭلارنى

بەركەتلىك قىلسۇن» دەيدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى ئاللاھ! ئۇ ئىككىسىگە بەركەت ئاتا قىلغىن» دەيدۇ. ئۇممۇ سۇلەيم ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ بالىغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىدۇ.

ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى: «مەن ئاشۇ كېچىدىكى ئابدۇللاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن توققۇز كىشىنىڭ قارى بولغانلىقىنى كۆردۈم. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئى ئاللاھ! ئۇ ئىككىسىگە بەركەت بەرگىن» دېگەن دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىدىن بولغان دەيدۇ.

چوقۇمكى، مۆئمىننىڭ قەلبىدىكى ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىشەنچىسى مۇستەھكەملىنىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان چاغدا كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، زەئىپنى كۈچلۈككە، قورقۇنچاقنى باتۇرغا، بېخىل، پىخسىقنى مەردە ساخاۋەتچىگە، يىغلاڭغۇنى چىداملىققا، ئالدىراڭغۇنى ئېغىر بېسىققا ئايلاندۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىمان بىلەن نۇرلاندۇرۇشى، ئىشەنچ بىلەن قورااللاندۇرۇشى لازىمكى، مۇسىبەت يەتكەندە ئاھسىنىپ، ۋايساپ كەتمەسلىكى، پەرزەنتلىرى ئۆلۈپ كەتكەندە ياقا يىرتماسلىقى كېرەك. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىمان بىلەن داۋاملىق تەربىيىلەپ تۇرۇش كېرەككى، مۇسىبەت يەتكەندە چىرايى ئۆڭمەستىن: «ھەقىقەتەن بەرگىنىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ، ئېلىۋالغىنىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ. ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇئەييەن قاراسى بار. بىز ئاللاھ تەئالانىڭ ئىلكىدىدۇرمىز ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە قايتقۇچىلاردۇرمىز» دېگەن سۆزنى ئېيتىپ ساۋاب ۋە ئەجىر كۈتۈش لازىم. ئۇلار شۇنداق قىلغاندا بۈيرۈق ۋە ھۆكۈم ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ بولغان جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ئەجىر ۋە مۇكاپاتتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. ئى ئاللاھ! بىزگە دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىنى ئاددىي كۆرسەتكىن. بىزنى قازا ۋە قەدەرىڭگە رازى بولغۇچىلاردىن قىلغىن. بىزگە دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئۆزۈڭ ئىگە بولغىن. سەن ھەقىقەتەن ئىگە بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن. ئى ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالا.

## ئىسلام مەنپەئەتىنىڭ پەرزەنت مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى

گەرچە ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈرىكىدە كۆزقارىچۇقلىرى، جىگەر پارچىلىرىغا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سەممىي، قايناق ھېسسىياتلار، مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق، ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ياكى دەردلىرى ئۈچۈن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزىدىغان، كۈندۈزنى غەم بىلەن ئۆتكۈزىدىغان تۇيغۇلار چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ كەتكەن، چېرمىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۇيغۇلار ئاللاھ تەئالا يولىدىكى جىھادنى بېسىپ چۈشمەسلىكى، مۆئمىننىڭ يەر شارىدا ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا چاقىرىش ۋەزىپىسى بار بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىدىن توسۇپ قويماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى بارلىق مەنپەئەتلەر ۋە قاتارغا تىزىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۆئمىننىڭ غايىسى ۋە ھاياتلىقتىكى بىردىنبىر نىشانىدۇر. كېرەكسىز

www.uyghurkitap.com

داشقال بولۇپ كەتكەن پۇچەك ئىنسانلارنى ئىسلامغا يېتەكلەش، «قۇرئان كەرىم» نۇرىغا يېتەكلەش، مۇسۇلمان تىرىشچانلىق قىلدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئالىي سىماسى، تارقىتىشقا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قىزىقىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگەشكەن تۇنجى ئەۋلاد ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىزىدا سەممىيلىك بىلەن ماڭغان ئاۋانگارت كىشىلەر دەپ يۇقىرىقىدەك چۈشەنگەن. ئۇلار جىھادتىن ئۆزگە ھەرىكەتنى، دەۋەتتىن ئۆزگە تەشۋىقاتنى ئۇقمايتتى. ئىسلامدىن ئۆزگە غايىسى بولمىغانىدى.

بىز تارىختا ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈش ۋە يەر شارىدا ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ئاتلانغان ئۇلۇغ يۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق. شۇ يولدا ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى قۇربان قىلغانلىقىنى، ئاللاھ يولىداشەھىد بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ھەيران قالدۇق. دۇنيادا بۇنداق كىشىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەلمىگىلى تاسلا قالدۇق.

ھەيران قالمايلى، چۈنكى ئۇلار مۆئمىن، ئاللاھ تەئالاغا ئىشەنگۈچىلەر، ئۇلار ئىمانىنى ئىپتالىدى، ئىشەنچىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتىلەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆگەنگەن قۇرئاننى ھەربىر ھەرپلىرىگە قەدەر ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلالىدى. رېئال تۇرمۇشتا كۆرسەتتەلىدى.

## • ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇقەۋقىس ئالدىدىكى مەيدانى

بىر ئۆرنەك سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز: ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى رۇملۇقلارنىڭ قورال- ياراق جەھەتتە سەرخىل، ھەربىي تەلىم- تەربىيىدە مۇنتىزىم، مەشىق كۆرگەن، سان- ساناقسىز زور قوشۇن بىلەن تەييار بولغانلىقى بىلەن قورقۇتماقچى، سىياسەتۋازلارنىڭ ھىيلە- نەيرەڭلىرىنىڭ بىرى بولغان ئالتۇن- كۈمۈش، تەڭگە- تىللاغا ئالداپ سېتىۋالماقچى بولغان مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىسكە: «ھەي چۈپرەندە! سەن ئۆزۈڭنى ۋە خەلقىڭنى ئالداپ ئولتۇرما! سەن پۈتۈن رۇملۇقلارنىڭ بىر سەپ بولۇپ تىپلاشقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانىنىڭ ھەددى- ھېسابسىز كۆپلىكى، مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە ئالاھىدە قورال- ياراغلارغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇلارغا كۈچىمىزنىڭ يەتمەيدىغانلىقى بىلەن مېنى قورقىتمەن دەپ خىيال قىلما. رەبىم بىلەن قەسەمكى، ھەقىقىي ئەھۋال سەن ئېيتقاندەك بولسىمۇ، سەن بىزلەرنى يولىمىزدىن قايتۇرالمايسەن. بىز سەنلەر بىلەن ئۇرۇشساق ئىككى تۈرلۈك ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىمىز. بىرى، ئەگەر بىز ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلىپ زەپەر قۇچساق، بىزگە دۇنيانىڭ كاتتا- كاتتا غەنىمەتلىرى قوچاق ئاچىدۇ. ئەگەر سىلەر بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلىپ بىزنى شەھىد قىلساڭلار، ئاخىرەتنىڭ غەنىمەتلىرى، جەننەتنىڭ ھۆر- پەرىلىرى قوچاق ئاچىدۇ. بىز ئاللاھ تەئالانىڭ ئەزىز كىتابىدىكى بۇ ئايەتكە چىن ئىشەنگەن ئادەملەرمىز: «ئاللاھ تەئالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر.» (سۈرە بەقەرە ـ 249 ئايەت). ئارىمىزدىن ئەتىگەن ۋە كەچلەردە ئىگىسى رەببىلئالەمىنگە يالۋۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بىزنى جىھاد مەيدانىدا شەھىد قىلغىن، بىزنى زېمىنىمىز، يۇرتىمىز، خوتۇن، بالا- چاقىلىرىمىز، ئائىلىمىزگە

ساق ـ سالامەت قايتۇرمغىن〉 دەپ دۇئا قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، چۈنكى، بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ يۇرتىدا قالغان ئائىلە ۋە خوتۇن بالىلىرى توغرىلىق غەم ـ قايغۇسى يوق، چۈنكى، بىزنىڭ ھەربىرىمىز ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا ئاتلانغاندا، خوتۇن بالىلىرى ۋە ئائىلىسىنى رەببىگە ئامانەت قالدۇرغان، بىزنىڭ پۈتۈن غەم ـ ئەندىشىمىز، مەقسەت ـ مۇرادىمىز، ئوي ـ خىيالىمىز ئاللاھ يولىداجىھاد قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىشتۇر، سىلەرنىڭ تۇرمۇش ھاللىق سەۋىيەڭلار تۆۋەن، خاپىلىقىڭلار ئېغىر دېگەن سۆزۈڭگە كەلسەك، بىز ئاجايىپ تەسۋىرلىگۈسىز ئازادىچىلىك ۋە كەڭچىلىك ئىچىدە، سەن بۇنى خىيالىڭغا كەلتۈرەلمەيسەن، شۇنى بىلىپ قالغىنكى، ئەگەر بىز پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇپ، ھەممە نەرسە بىزنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۆزىمىزگە ھازىرقىدىن ئارتۇق نەرسىنىڭ بولۇشىنى خالىمايمىز》.

ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىمان مەيدانى ھەرقايسى تارىخ باسقۇچلىرىدىكى ئۇلۇغ قەھرىمان مۆئمىن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىمانىي مەيدانلىرى ئىچىدە پەقەت بىر مەيداندۇر، خالاس، بۇ ئۇلۇغ كىشىلەر بەرگەن جاسامەتلىك قۇربانلىقلار، تۆلىگەن بەدەللەر، ئۆزىنى ئۇنۇتقان پىدائىي ئەمەلىيەتلەر، ئۇلاردىكى جىھاد سۆيگۈسى ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىش سۆيگۈسىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى، ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، تۇرالغۇلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلەرگە بولغان مۇھەببىتىنى بېسىپ چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئۆز ئىگىسى ۋە جىمى ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابىدا ئېيتقان تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ھايات كەچۈرمەكچى بولغانلىقىدىن بولغان: 《ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنۇڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار ( ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار )، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تەئالادىن، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا ( يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار )، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ تەئالا پاسىق قەۋمنى ( يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى ) ھىدايەت قىلمايدۇ》 ( سۈرە تەۋبە ـ 24 ئايەت ).

## • شەھىد ئىمام ھەسەنۇلبەننانىڭ ئايالى ئالدىدىكى مەيدانى

يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شەھىد ئىمام ھەسەنۇلبەننانىڭ مۇنداق ئېسىل تەسىراتلىرى بار ( ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن )، ئۇنىڭ ھەر يىلى روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا يېقىن ۋە يىراقتىكى بارلىق دەۋەت ياشلىرىنى يوقلايدىغان ئادىتى بار بولۇپ، ئۇ ئادىتى بويىچە بىر قېتىملىق ھېيتتا بۇرادەرلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇستازىنىڭ ئوغلى سەيفۇلئىسلام ئېغىر كېسەل بولۇپ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا: 《ئەگەر بۇ يىلقى ھېيتتا سىرتقا چىقماستىن بىز بىلەن بىللە تۇرغان بولسىلا، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئوغۇللىرى بىلەن بىللە بولغان بولسىلا》 دەيدۇ، ئۇ قولىدا سەپەر سومكىسىنى تۇتقان ھالدا: 《ئەگەر ئاللاھ تەئالا ئوغلۇمغا شىپالىق بەرسە ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ۋە كۆپ شۈكرىلەر ئېيتىمەن، ئەگەر

www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تەئالا ئۇنڭغا ئۆلۈمنى ھۆكۈم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە ئاللاھ جەللە ۋەئەلانىڭ: «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار ۋە قېرىنداشلىرىڭلار...» دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان ھالدا بىخارامان چىقىپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تەئالا ئەڭ بۈيۈكتۇر! ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدىغانلار بولسا مۇشۇ كىشىلەردەك بولۇشى لازىم! ئاللاھ تەئالا بۈيۈكتۇر! ئاللاھ تەئالا تەرەپكە چاقىرغۇچىلار ئەنە شۇلاردەك بولسۇن. ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ۋە دەۋەت كىشىلىرىگە مۇشۇنداق مەيدانلاردىن كۆپ ئەمەس بىرسى بولسىمۇ كۆنلەر ئاخىرغىچە ئىپتىخار، شان-شەرەپ ۋە مەڭگۈلۈككە كۇپايە قىلغان بولاتتى.

ھۆرمەتلىك مۇئمىن ئاتا! ئىسلام مۇھەببىتى، جىھادنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشنىڭ مۇھەببىتى، قەلبىڭ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى ئىگىلىشى، ئۇنىڭغا ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك. ئەھلىڭ، پەرزەنتلىرىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەك. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ، قابىلىيىتىڭ، ئەقلىڭ، ئىلمىڭ، بارلىقىڭ بىلەن دەۋەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈشكە، ئىسلام ئەلچىلىك ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىشقا، ئىسلام ئۈممىتىلىك مەجبۇرىيىتىڭنى ئۆتەشكە، جىھاد بايرىقىنى ئېگىز چوققىلارغا كۆتۈرۈشكە ئاتلىنىشىڭ كېرەك! شۇنداق قىلالىساڭ، پولاتتەك مۇستەھكەم بىلەكلىرى بىلەن ئىسلام ئۇلۇغلۇقىنى قۇرۇپ چىقماقچى، سۇنماس ئىرادىسى بىلەن قۇرئان دۆلىتى قۇرۇپ چىقماقچى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىگە تارتۇق قىلىنغان ئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋە بۈيۈك ۋۇجۇدىنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغان كىشىلەر قاتارىدا بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەنە بۇ كىشىلەر نىجادلىققا ئېرىشىپ بولغان ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر. بۇ ئىشلار ئاللاھ تەئالاغا تەس ئەمەس.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمانىنى كامىل قىلىشنى، قەلب چوڭقۇرلىقىدا بۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشنى، ۋىجدان ئورۇنلىشىشىدا لەززىتىنى تېتىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراڭ!

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولۇپ، بۇ ئىشلار كىمدە تېپىلسا ئۇ كىشى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ: بۇ كىشىگە نىسبەتەن ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇ ئىككىسىدىن باشقا تامامى نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولغان بولسا؛ بىر كىشىنى پەقەت ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست تۇتقان بولسا؛ كۇپرىغا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندىنمۇ بەك يامان كۆرگەن بولسا» دېگەن.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ماڭا جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن بەك سۆيۈملۈكسەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا ئۆز جېنىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ» دەيدۇ. ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا كىتاب نازىل قىلغان ئاللاھ بىلەن

قەسەم قىلمەنكى، سەن ماڭا ھەممە نەرسىدىن، ھەتتا جېنىمدىنمۇ بەك سۆيۈملۈكتۈرسەن» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئۆمەر، ئىمانىڭ ھازىر كامىل بولدى» دەيدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ خاھىشى مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ( ئىسلامغا ) بويسۇنمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن ( سەھىھ ھەدىس ).

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا مېلى، پەرزەنتلىرى ۋە خالايىقلارنىڭ ھەممىسىدىن بەك سۆيۈملۈك بولمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

## تەربىيەگە كېرەكلىك دەپ قارالسا، بالىنى جازالاش ۋە تەرك ئېتىشكە بولىدۇ

بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ قول ئاستىدا ياشايدىغان، تەلىم-تەربىيە قوبۇل قىلىدىغان ياشتا بولسىلا، ئاتا-ئانا ۋەياكى تەربىيەتچىلەر بالىنىڭ يارامسىز تەربىيىلىنىشىگە كېرەكلىك بولغان ئىسلاھات ۋاسىتىلىرىدىن بىرەر ۋاسىتىنى ماڭماستىن ياكى تەجرىبە قىلماستىن تاشلاپ قويماسلىقى لازىم. بالىنىڭ قىڭغىر كەتكەن تەرەپلىرىنى تۈزەش، ۋىجدانىنى ئويغىتىش، ئەخلاقىنى ياخشىلاشتا پايدىلىق دەپ قارالغان بىرەر يول ياكى مەنھەج بولسا، ئۇنى چوقۇم قوللىنىشى ۋە مېڭىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا بالا ئىسلامىي ئەخلاقنى كامىل ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاقنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ بالىنى ياخشىلاش ۋە تەربىيىلەشتە ئۆزىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس يولى بار. ئەگەر بالىغا چىرايلىق، مېھرىبانلىق نەسىھەت كار قىلسا، تەربىيەتچىنىڭ ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر تەرك ئېتىش ياكى تونۇش تېگىش كار قىلىدىغان بالا بولسا، ئۇرۇش، دۇمبالاش دۇرۇس بولمايدۇ. چىرايلىق نەسىھەت قىلىش، ئۈزلۈكچە چۈشەندۈرۈشلەر، ۋاقىراپ-جارقىراشلار، تەرك ئېتىشلەر ۋە باشقا قاتتىق-يۇمشاق بولغان ياخشىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئەسقاتمىغان، كار قىلمىغان ئەھۋالدا، بالىنى يارىلاندۇرماستىن، ئىششىتماستىن، كۆكەرتمەستىن يېنىككىنە ئۇرسا بولىدۇ. تەربىيەتچى بەلكى مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق پەرزەنتىنىڭ كۆڭلىنى تۈزەيدىغان، مەسىلىكى ۋە قىڭغىر-سىڭغىر كەتكەن تەرەپلىرىنى رۇسلايدىغان چارە-ئامالغا ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن!

تۈزەش ۋە ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بۇ ئۇسۇللار ۋە باسقۇچلار پەيغەمبەر سۈننىتى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، تەربىيەتچىلەر ئىسلامنىڭ ئىسلاھ قىلىش يولىنى ۋە تەربىيىدىكى مەنھەجىنى ئۇقۇۋېلىشى لازىم. پەرزەنتكە چىرايلىق مۇئامىلە ۋە يۇمشاق نەسىھەتلەر ئارقىلىق يول كۆرسىتىش توغرىسىدا ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار ( ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ) ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدىكى كىچىك بالا ئىدىم. مەن قاچىدىكى

www.uyghurkitap.com

تاماقنى خىلـلاپ يېگەنىدىم[1]، رەسۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ماڭا: «ئـى بـالا، بىسـمىللاھ دەپ ئـوڭ قولـۇڭ بىلـەن يېگـىن، ئـۆز ئالدىڭدىـن يېگـىن» دېـدى.

ئىـمام بۇخـارى ۋە ئىـمام مۇسـلىملار سـەھل ئىبنـى سـەئىد رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىـدۇ، ئـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمگە ئىچىملىـك (سـوغۇق سـۇت) كەلتۈرۈلـدى، ئـۇ ئۇنىڭدىـن ئىچتى، ئۇنىـڭ ئـوڭ يېنىـدا بىـر كىچىـك بـالا، سـول يېنىـدا ياشـانغان شـەيخلەر بـار ئىـدى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم بالىغـا قـاراپ: «مېنىـڭ بـۇ ئىچىملىكنـى ئـاۋۋۇ چوڭلارغا بېرىشـىمگە رۇخسـەت قىلامسـەن؟» دېدى (بـۇ كۆيۈمچانلىـق ئىـدى)، بـالا: «يـاق، ئاللاھ بىلـەن قەسـەم قىلىمەنكـى، مـەن ئۆزلـىرى تەرىپىدىـن بولىدىغـان نېسـۋەمنى ھېچكىمگـە ئۆتۈنـۈپ بەرمەيمـەن» دېـدى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئىچىملىكنـى بالىنـىڭ قولىغا قويـدى، بـۇ بـالا ئىسلام ئۇممىتىنـىڭ دانىشـمەن ئوغلانى ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئىدى.

بالىنـى تەربـىيـە قىلىـش توغرىسـىدا ئىـمام بۇخـارى ۋە ئىـمام مۇسـلىملار ئەبـى سـەئىد رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن مۇنۇ ھەدىسـنى رىۋايـەت قىلىـدۇ: رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم تـاش ئېتىـپ ئـاتا قىلىشـتىن توسـۇپ مۇنداق دېگـەن: «تـاش ئېتىـش ئـوۋنى ئۆلتۈرەلمەيـدۇ، دۈشـمەننى يارىلاندۇرالمايـدۇ، چۈنكـى، ئـۇ كۆزنـى قويۇۋېتىدۇ ياكى چىشنى سـۇندۇرىۋېتىدۇ».

ئابدۇلـلاھ ئىبنـى مۇغەپپەلنـىڭ ئىخـى بالاغەتكـە يەتمىگـەن تـاش ئېتىـپ ئويناۋاتقـان بـالا ئاغىنىسـى بولـۇپ، ئـۇ بـۇ كىچىـك ئاغىنىسـىنى تـاش ئېتىشـتىن توسـۇپ، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ تـاش ئېتىشـتىن چەكلـەپ ئېيتقـان سـۆزىنى ئەسـلىتىدۇ، بـۇ بـالا ئاغىنىسـى يەنـە تـاش ئېتىـپ ئوينىغانـدا، ئابدۇلـلاھ ئۇنىڭغـا: «مەن ساڭا پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ بـۇ ئىشنى چەكلىگەنلىكـى توغرىسـىدىكى ھەدىسـنى سـۆزلەپ بەردىـم، سـەن ئۇنـداق قىلماسـلىققا ماقۇل بولغانىدىـڭ، ئەمـما ھازىـر يەنـە تـاش ئاتقىلى تۇرۇپسـەن، مـەن ساڭا مەڭگـۈ گـەپ قىلمايمـەن» دەپ ئاغىنىلىقتىـن ۋاز كەچكـەن.

بالىنـى ئـۇرۇش توغرىسـىدا ئىـمام ئەبـۇ داۋۇد ۋە ھاكىـملار ئەمـر ئىبنـى شـۇئەيبتىن، ئـۇ دادىسـىدىن، دادىسـى بوۋىسـىدىن نەقـل قىلغـان بىـر ھەدىسـنى بايـان قىلىـدۇ: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «بالىلىرىڭلار يەتتـە ياشـقا كىرگەنـدە نـاماز ئوقۇشـقا بۇيـرۇڭلار، ئـۇلار ئـون ياشـقا كىرگەنـدە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمسا، بۇنىڭغا ئاساسـەن ئۇلارنـى ئـۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنـىڭ ياتىدىغـان جايلىرىنـى ئايرىۋېتىـڭلار» دېگـەن.

ئەدەپلـەش ۋە تەربىيىلەشـتىكى بـۇ باسـقۇچلار ئۆسـمۈرلۈك ۋە بالاغـەت يېشـىغا يەتمىگـەن كىچىـك بالىلارغا قارىتىلغـان بولـۇپ، ئەمـما بالاغەتكـە يەتكـەن، قۇرامىغا يەتكـەن چـوڭ بالىلار، ياشلار ۋە يىگىتلەرگـە نىسـبەتەن تـۈزەش ۋە ئەدەپلەشـنىڭ يوللـىرى باشـقىچە بولىـدۇ.

ئەگـەر بالىغـا چىرايلىـق ۋەز-نەسـىھەتلەر، توغـرا يـول كۆرسىتىشـلەر، ئەقلىي ۋە ۋىجدانـى قانائەتلەندۈرۈشـلەر كار

(1) ئۆز ئالدىدىن يېمەي باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ۋە ئۇ يەر-بۇ يەردىن يېگەنىدى.

قىلمىسا، تەربىيەتچى ئۇلارنى ئۇلار پاسىقلىق ۋە جىنايەتكىرانىلىقنى تاشلىمىغۇچە تەرك ئېتىشى، ئازغۇنلۇقى ۋە تويۇق يولدىن قايتىپ كەلمىگۈچە، ھوشىنى تاپمىغۇچە ئادا-جۇدا بولۇشى لازىم.

بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-پاكىتلار تۆۋەندىكىچە:

ئىمام تىبرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىمان ھالقىسىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەمى ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا دوستلىشىش ۋە ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا دۈشمەنلىشىش، ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا ئۆچ كۆرۈشتۇر» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن نېمىلەردىن ئادا-جۇدا بولۇش دۇرۇس بولىدۇ؟ دېگەن ئابزاستا تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلىپ قالغان ساھابە كەئب ئىبنى مالىكنىڭ سۆزى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار بار: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا گەپ قىلىشتىن چەكلىدى، ئەللىك كېچە-كۈندۈز ئۆتتى، بۇلارغا شۇنچە كەڭ زېمىن تار تۇيۇلدى، ھەتتا نەپەسلىرى سىقىلدى، كىشىلەر ئىچىدىن ئۇلارغا ھېچكىم گەپ-سۆز قىلمىدى ياكى سالام قىلمىدى، ھەتتا بىر سورۇندا بىللە ئولتۇرمىدى، تاكى ئاللاھ تەئالا كىتابىدا ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغۇچە ئەھۋال شۇنداق داۋاملاشقان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى ئاياللىرىدىن قېيداپ، ئۇلارغا ئەدەپ ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر ئاي تاشلىۋەتتى.

ئىمام سەيۇتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئەرلەر ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسمىسۇن» دېگەن ھەدىسىگە بويسۇنماي، ئايالنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسقان بىر ئوغلىدىن ئۆلۈپ كەتكۈچە تېنىشىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ دەلىللەر ئىماندا ۋە ئىسلام ئىچىدە تۇرۇپ پاسىقلىق قىلغان ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنى قول ئۈزگىلى ئۇنىمىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان.

ئەمما، خۇدانى يوق دېگەن، ئىنكار قىلغان ئاتېئىست، پارتىيەك، ئىسلامى ئۈممەتتىن چىقىرىپ تاشلايدىغان كۇفرى يولغا كىرگەن، ئۇلارنىڭ سېپىدا بولغان باللار، ياكى تۇغقان، ياكى دوست-يارانلارغا كەلسەك، ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش ئىمانىنىڭ ئەڭ ئاددىي تەلەپلىرى جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ، بۇ جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» قانداق يوليورۇقلارنى بېرىدۇ.

بۇنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ جەللە ۋەئەلا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ تەئالا بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)» (سۈرە مۇجادىلە - 22 ئايەت).

ئاللاھ جەللە ۋەئەلا نۇھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن دىئالوگنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«نـۇھ پەرۋەردىگارىغـا دۇئـا قىلـىپ: ‹ئـى پەرۋەردىگارىـم! ئوغلـۇم مېنـىڭ ئائىلەمدىكىلەردىـن ئىـدى (سـەن ماڭا ئۇلارنىـڭ نىجـاد تېپىشـىنى ۋەدە قىلغانىدىـڭ)، سـېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتـە ھەقتـۇر، سـەن ھەقىقەتـەن ئـەڭ توغـرا ھۆكـۈم قىلغۇچىدۇرسـەن› دېـدى. ئاللاھ تەئـالا ئېيتتى: ‹ئـى نـۇھ! ئـۇ مـەن نىجـاد تېپىشـنى ۋەدە قىلغـان ئائىلەڭدىكىلەردىـن ئەمـەس، ئۇنـىڭ ئەمەلى يامانـدۇر، سـەن ئېنىق بىلمىگـەن نەرسـەڭنى مەندىـن سـورىمىغىن، مـەن سـېنىڭ جاھىللاردىـن بولماسـلىقىڭنى نەسـىھەت قىلىمـەن›» (سـۈرە ھـۇد 45 ـــ 46 ـ ئايەتلـەر).

ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بولغان دىئالوگنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئـۆز ۋاقتـىدا ئىبراھىـم ئۇلارنـى بەجا كەلتـۈردى، ئاللاھ تەئـالا (ئۇنىڭغـا): ‹سـېنى چوقـۇم كىشـىلەرگە (دىنـدا) پېشـۋا قىلىمـەن› دېـدى، ئىبراھىـم: ‹مېنـىڭ بـىر قىسـىم ئەۋلادىمنىمـۇ پېشـۋا قىلسـاڭ› دېـدى، ئاللاھ تەئالا: ‹مېنـىڭ پېشـۋا قىلىش ئەھدەمگـە زالىمـلار (يەنـى كاپىـرلار) ئېرىشـەلمەيدۇ› دېـدى» (سـۈرە بەقـەرە ـ 124 ـ ئايـەت).

ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتىسىغا تۇتقان مەيدانىغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىبراھىمنىـڭ ئاتىسـىغا مەغپىـرەت تەلـەپ قىلىشـى ئۇنىڭغـا ئىلگـىرى قىلغـان ۋەدىسـىنى ئورۇنـلاش ئۈچـۈن ئىـدى، ئۇنىڭغـا ئاتىسـىنىڭ ئاللاھ تەئالانـىڭ دۈشـمىنى ئىكەنلىكـى ئېنىـق مەلـۇم بولغانـدىن كېيـىن، ئـۇ ئاتىسـى بىلـەن ئادا ـ جۇدا بولـدى، ئىبراھـىم بولسـا ھەقىقەتـەن كـۆپ ئـاھ چەككۈچـى (يەنـى كۆڭلـى يۇمشـاق، (يەتكـەن ئەزىيەتلەرگـە) چىدامـلىق ئـىدى» (سـۈرە تەۋبـە ـ 114 ـ ئايـەت).

يۇقىرىدىكى ۋە بۇلاردىـن باشقا تېمىدىكى بارلىـق ئايەتلـەر كۆپـرى، شېرىك ۋە ئاللاھ تەئالاغـا قارشـى تۇرۇشـنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشـتۇرغان پەرزەنتلـەر ياكى يېقىن ـ يورۇقـلار بىلـەن بولغـان مۇناسـۋەتنى ئـۈزۈش ئەقـدە ۋە ئىمانىنـىڭ تەخىرسىز تەلەپلىـرى جۈملىسـىدىن ئىكەنلىكىنـى ئېنىـق ئۇقتۇرىـدۇ، شـۇنداق بولۇشـىنىڭ سـەۋەبى ئاللاھ تەئالانـىڭ دىنى بولغـان ئىسـلام ئىسـلامىي قېرىنداشـلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغـا قويىدىغانلىقـى ۋە بـۇ قېرىنداشـلىق مۇناسـۋىتىنى نەسـەب مۇناسـۋىتى، زېمىـن مۇناسـۋىتى، تـىل مۇناسـۋىتى، جىنـس مۇناسـۋىتى ۋە ئىقتىسـادىي مەنپەئەتلـەر مۇناسـۋىتى دېگەنـدەك تۈرلـۈك مۇناسـۋەتلەرنىڭ ئۈسـتىدە تۇرغـۇزۇپ باھـا بېرىدىغانلىقـىدۇر، بـۇ ھەقتـە ئاللاھ تەئـالا مۇنـداق دەيـدۇ:

«ئېيتقىنكـى، ئەگـەر سـىلەرنىڭ ئاتـاڭلار، ئوغۇللىرىـڭلار، قېرىنداشـلىرىڭلار، خوتۇنـۇڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىـڭلار (ھەمـمىدە ئۇلاردىـن باشـقىلار)، تاپقـان پۇل ـ ماللىرىـڭلار، ئاقمـاي قېلىشـىدىن قورققـان تىجارىتـىڭلار، ياخشـى كۆرىدىغـان ئۆيلىرىـڭلار سىلەر ئۈچـۈن ئاللاھ تەئالادىـن، ئاللاھ تەئالانـىڭ پەيغەمبىرىدىـن ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ يولـىدا جىھـاد قىلىشـتىنمۇ سـۆيۈملۈك بولسـا (يەنـى شـۇلار بىلـەن بولـۇپ كېتىـپ، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىگـە ياردەم بەرمىسـەڭلار)، ئـۇ ھالـدا سـىلەر تاكى ئاللاھ تەئالانـىڭ ئەمرى كەلگۈچـە كۈتـۈڭلار، ئاللاھ تەئـالا پاسىق قەۋمنى (يەنـى ئاللاھ تەئالانـىڭ دىنىنـىڭ چەك ـ چېگرىسـىدىن چىقىـپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايـەت قىلمايـدۇ» (سـۈرە تەۋبـە

- 24 ئايەت ).

مەلۇمكى، ئىسلامنىڭ «شەك-شۈبھىسىزكى، مۆئمىنلەر قېرىنداشتۇر» دېگەن پرىنسىپى يەڭگۈشلەنمەيدۇ؛ «ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋالىرىڭلار ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر» ( سۈرە ھۇجۇرات - 10 ئايەت ) دېگەن شوئارى ئۆزگەرمەيدۇ.

ئۇلار يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن قالسا، قايسى سۆزگە ئىشەنسۇن؟

بىز بۇ پەسىلدە تەربىيەتچىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئورۇنلىشىپ قېلىشقا تېگىشلىك بولغان روھىي ھېس-تۇيغۇلار ۋە قەلبىي ھېسسىياتلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى بايان قىلدۇق. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداش! سىز بۇ ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدىن ئاتا-ئانىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىپ مۇستەھكەم بېكىپ كەتكەن ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە يىمىرىلمەس رىشتىگە ئايلانغان تەبىئىي ھېس-تۇيغۇلارنىڭ بارلىقىنى كۆردىڭىز. مېھىر-مۇھەببەت، چەكسىز غەمخورلۇق، كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئەگەر بۇ پاك ھېسسىياتلار بولمىغان بولسا، ئاللاھ تەئالا بۇ مۇھەببەتنى ئاتا-ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي ھالەتتە يىلتىز تارتقۇزمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى، ئىنتىزامى بۇزۇلغان، ئىنسانىيەت نەسلى يەر شارىدىن ئاللىقاچان قۇرۇپ يوقالغان بولاتتى. ئەگەر ئاشۇ مېھرىبانلىق بولمىغان بولسا، ئاتا-ئانىلار باللىرىغا ئەھمىيەت بېرىشكە، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، نەپىقە قىلىشقا، ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكە، تەلىم-تەربىيە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئىنتىلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئاشۇ كۆيۈمچانلىق بولمىغان بولسا، بىز پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى توپلاشقان، ئىناق-ئىتتىپاق، ئائىلە قۇرۇلۇشى مۇستەھكەم بولغان ئائىلىنى كۆرەلمىگەن بولاتتۇق.

سىز بۇ ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە قىزلارنى يامان كۆرۈشتەك جاھىلىيەت دەۋرىگە تەۋە چېرگىندى سېسىق ھېسسىياتلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆردىڭىز. سىز ئاتا-ئانىنىڭ ئوغۇل-قىزلارغا ئورتاق نەزەر بىلەن قارىشى، ئوغۇل-قىز ئوتتۇرىسىدا پەرقلىق مۇئامىلىلەر قىلماسلىقى، ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بارلىققا كەلتۈرمەسلىكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەدلى-ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ بۇ سەسكىنەرلىك جاھىلىيەتكە تەۋە ئادەتكە ساغلام ئىمان، يىمىرىلمەس ئىلاھىي ئەقىدە ۋە ئىسلامىيەتنىڭ پەزىلەتلىك تەربىيەسى بىلەن قانداق چارە قىلغانلىقىنى كۆردىڭىز.

بۇ تۇيغۇلار ئىچىدىن ئىسلامنىڭ مەنپەئەتىنى، جىھادقا بولغان مۇھەببەتنى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى بولغان ئىسلامغا كىرىشكە قىلدىغان چاقىرىقنىڭ مۇھەببىتىنى، خوتۇن، بالا-چاقىلار ۋە مال-دۇنيانىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، يۇقىرىدا بىز چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئىسلام مەنپەئەتى» بارلىق شەخسىي مەنپەئەتلەر ۋە شەخسىي ئېتىبارلاردىن ئۈستۈن ۋە ئىلگىرى تۇرىدۇ. ئىسلام ئۇممىتى ئاللاھ تەئالانىڭ، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە ئاللاھ تەئالا يولىدىكى جىھادنىڭ مۇھەببىتىنى خوتۇن، بالا-چاقا، مال-مۈلۈك، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە تۇرالغۇ قاتارلىقلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن قويمىغۇچە ۋە ئاشۇ ئالىي

www.uyghurkitap.com

سۆيگۈلەر ئۈچۈن بۇ تۆۋەن ۋە ئاددىي سۆيگۈلەردىن كېچەلمىگۈچە ئۇلارنىڭ غەلبە ـ نۇسرەت، ئۇلۇغۋارلىق، ئۇلۇغلۇق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشمىكى مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس . . .

بۇ تۈيغۇلار ئىچىدىن پەرزەنتكە نەسىھەت قىلىش، قوپال تېگىش، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋە يارىلاندۇرماستىن يەڭگىل ئۇرۇش قاتارلىق ئەدەپ ۋە تەربىيىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردىڭىز. بارلىق ئاتا ـ ئانا، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستاز ۋە تەربىيەتچىلەر ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىمكى، بالىغا يەڭگىللىك كار قىلسا قاتتىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئەۋلادلارنى ئەدەپلەش، ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىسلاھ قىلىشتا قاتتىق تىرىشچانلىق قىلغان غايىسى.

دىققەت! بارلىق تەربىيەتچىلەر ۋە ئىسلاھاتقا چاقىرغۇچىلار ئىسلامنىڭ تەربىيە توغرىسىدىكى مەنھەجىنى، ئىسلاھ قىلىپ تۈزەشتىكى يولىنى ئوبدان بىلىۋېلىشى كېرەك. ئەۋلادنى تەربىيىلەشتە ساغلام مەنھەجنى قوللىنىش، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتا توغرا ۋە تۈپتۈز يولدا مېڭىش لازىم. پەقەت ئىسلامنىڭ تەربىيە مەنھەجىلا ئەۋلادلارنى بۇزۇق ۋە ئازغۇن مۇھىتتىن پاكلىق، ئىززەت ـ ئىكراملىق ۋە ئەخلاقلىق ھاياتقا يۆتكىيەلەيدۇ.

ئىشلەيدىغانلار بولسا مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىسۇن!!!

# ئۈچىنچى پەسىل بوۋاققا ئالاقىدار ئومۇمىي ھۆكۈملەر

بۇ پەسىلدە تۆت تۈرلۈك تەتقىقات ئوبيېكتى بار:

1 ـ تەربىيەتچى بوۋاق تۇغۇلغاندا نېمىلەرنى قىلىدۇ؟
2 ـ بوۋاققا ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى.
3 ـ بوۋاقنىڭ ئەقىقىسى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى.
4 ـ بالىنى خەتنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى.

## تەربىيەتچى جىگەر پارىسى تۇغۇلغاندا نېمىلەرنى قىلىدۇ؟

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە ئېلىپ كەلگەن پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى، بۇ شەرىئەت بوۋاققا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى، مۇھىم بولغان تەربىيەگە ئائىت پرىنسىپلارغا ئالاقىدار بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق بايان قىلدى. تەربىيەتچىلەرنىڭ يېڭىدا تۇغۇلغان بوۋاقلىرى ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئەھمىيەت بەردى. ئۇستىدە تەربىيىلەش ھەققى بولغان كىشىلەرنىڭ

تەربىيەسى ئاستىدىكى بارلىق پەرزەنتلەرنى ئىسلام بەلگىلەپ بەرگەن ئاساسلارغا تايىنىپ، يول بەلگىلىرىنى تۈنجى تەربىيەتچى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىزىپ كۆرسەتكەن پرىنسىپلارغا تايىنىپ تۇرغۇزۇشقا، ئىجرا قىلىشقا، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ئىمدىكەن لايىق- ھە! ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلالىسا ئۇستىدىكى مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەت، زىممىسىدىكى تاپشۇرۇقنى تولۇق ۋە ئەڭ مۇكەممەل ھالدا ئادا قىلالىغان بولىدۇ.

بوۋاق تۇغۇلغاندا مۇرەببىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ھۆكۈملەر تۆۋەندىكىچە:

## 1 - بالا تۇغۇلغاندا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ۋە تەبرىكلەشنىڭ مۇستەھەبلىكى

بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بوۋىقى تۇغۇلغان چاغدىكى خۇشاللىقىغا جۆر بولۇشقا ئالدىرىشى مۇستەھەب ھېسابلىنىدۇ. بۇ جۆر بولۇش خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى خۇشال- خۇرام قىلىش دېگەنلىكتۇر. گەرچە بۇ مۇستەھەب ئەمەل بولغان بولسىمۇ، بۇ كىچىككىنە ئىشنىڭ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە- مۇناسىۋەتلەر، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق رىشتىلىرىنى كۈچەيتىش، چىڭىتىش، مۇسۇلمان ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مېھىر- مۇھەببەت ۋە ئۈلپەت- ئۇرۇغلىرىنى چېچىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىشتۇر. ئەگەر خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش پۇرسىتى قولدىن كەتكەن بولسا، بۇرادىرى ۋە ئۇنىڭ بوۋىقى ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلىش بىلەن تەبرىكلەش مۇستەھەب بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئىجابەت قىلىشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام ئۈممىتىگە ئۆگىتىش ۋە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە ئورۇندا يېڭى بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشنى تىلغا ئالدى. بىز ھازىر ئىشارە قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ خۇشخەۋەر بېرىشنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەملەشتە زور تەسىرى بار.

ئاللاھ تەئالا ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىسسىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: ‹ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز› دېدى. ئىبراھىم: ‹سىلەرگىمۇ ئامانلىق تىلەيمەن› دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر مۈزايىنى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى. ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى. ئۇلار: ‹قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق› دېدى. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالەك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى. بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇشخەۋەر بەردۇق» (سۈرە ھۇد 69 —- 71 ئايەتلەر).

زەكەرىيا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىسسىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ‹ساڭا ئاللاھ تەئالانىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىيسا)نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ› دەپ نىدا قىلدۇ» (سۈرە ئالى ئىمران ـ 39 ئايەت).

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

«(ئاللاھ تەئالا ئېيتتىكى)، ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق» (سۈرە مەريەم ـ 7 ئايەت).

تەرجىمھال كىتابلىرى زىكرى قىلدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىق خۇشخەۋىرىنى سۇۋەيبە دېگەن ئايال خوجايىنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەبكە يەتكۈزۈپ: «بۈگۈن كېچە قېرىندىشىڭىز ئابدۇللاھقا بىر ئوغۇل تۇغۇلدى» دېدى. ئەبۇ لەھەب بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، سۇۋەيبەنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئاللاھ تەئالا ئەبۇ لەھەبنىڭ ئاشۇ ياخشى ئىشنى بىكار قىلىۋەتمەي، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى باش مالتىقىدىكى ئويمانچۇقتىن سۇغاردى (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

سۇھەيلى ئاببас رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: ئەبۇ لەھەب ئۆلۈپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى چۈشۈمدە ناھايىتى ئېچىنىشلىق، دەھشەت ۋە ئوسال ئەھۋالدا كۆردۈم، ئۇ ماڭا: «مەن سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن راھەت كۆرۈپ باقمىدىم، لېكىن ھەر دۈشەنبە كۈنى مەندىن ئازاب يەڭگىللەيدۇ» دېدى. مانا بۇ دۈشەنبە كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇغۇلغان، سۇۋەيبە ئەبۇ لەھەبكە خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن، ئەبۇ لەھەب ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ سۇۋەيبەنى ئازاد قىلىۋەتكەن كۈندۇر.

ئەمما، بوۋاقلارنى تەبرىكلەش توغرىلىق ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «سۆيۈملۈك تۆھپە» ناملىق كىتابىدا ئەبى بەكرىل مۇنزىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلدۇ: بىز ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇنىڭ قېشىدا يىغىلدا ئايالى تۇغقان بىر كىشى بار ئىدى. سىرتتىن بىر ئادەم كېلىپ بۇ كىشىگە: «چەۋەندازىڭغا مۇبارەك بولسۇن» دېدى. ھەسەن بەسرى ئۇ ئادەمگە: «سەن بۇ بالىنىڭ چەۋەنداز بولۇپ ئاتقا مىندىغانلىقى ياكى ئېشەككە مىندىغانلىقىنى نېمە بىلىسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: «ئۇنداقتا نېمە دەيمىز؟» دەپ سورىدى. ھەسەن بەسرى: «ئاللاھ تەئالا ساڭا بېرىلگەن پەرزەنتىڭدە بەرىكەت بەرسۇن، بەرگۈچىگە شۈكرى ئېيتقايسەن، ئاللاھ تەئالا ساڭا ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن رىزىق بەرسۇن، ئۇنى قىرانلىققا يەتكۈزسۇن دېگىن» دېدى.

مانا بۇ بېشارەت ۋە تەبرىكلەش پۈتۈن بوۋاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ئوغۇل ـ قىز ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق بولماسلىقى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز جەمئىيەتلىرىدە بۇ ئېسىل سۈننەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق

ئۆزئارا ئالاقە-مۇناسىۋەتلەرنى چىڭىتىشى، كۆڭۈلەر ئۆتكەنسېرى ئاردىكى رىشتىلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۆزئارا بىرلىك، ئىناق-ئىتتىپاقلىقتا يەتكۈزىدىغان يولدا مېڭىشى نېمىدېگەن ياخشى[1]! ئۇلارغا نېمىدېگەن لايىق! ئۇلار مۇشۇنداق قىلالىغاندا ھەردائىم ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ھالىتىدىكى بەندىلىرى بولالايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرلىكى خۇددى خىشلىرى بىر-بىرىنى چىڭىتىدىغان مۇستەھكەم بىمرىلمەس بىناغا ئوخشاش بولىدۇ.

## 2 - بالا تۇغۇلغاندا ئەزان، تەكبىر ئېيتىشنىڭ مۇستەھەبلىكى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بوۋاقلار توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ بىرى، بالا تۇغۇلغان ۋاقىتىدىلا ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىشتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى ئەبى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە ھەسەن ئىبنى ئەلىينى تۇغقان چاغدا قۇلىقىغا ئەزان ئېيتقانلىقىنى كۆردۈم».

ئىمام بەيھەقى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ئىبنى ئەلى تۇغۇلغان كۈندە ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلىدى، سول قۇلىقىغا تەكبىر چۈشۈردى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بەيھەقى ۋە ئىمام ئىبنى سۇننى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بوۋىقى تۇغۇلغان كىشى ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتقان بولسا، ئۇ بالىغا ئۇممۇ سىبيان ( جىن-ئالۋاستى ) زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن.

ئەزان، تەكبىر ئېيتىشنىڭ سىرى —— ئىبنى قەييۇم جەۋزى «سۆيۈملۈك تۆھپە» دېگەن كىتابىدا كۆرسەتكەندەك —— ئىنساننىڭ قۇلىقىنى قاقىدىغان ۋە ئاچىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى رەببىلئالەمىيننىڭ كاتتىلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالىيلىقتا تەۋە بۈيۈك سادا ۋە بۈيۈك كەلىملىرى بولۇشى ئۈچۈندۇر. ئىنسان ئىسلامغا كىرىشتە تۇنجى بېجىرىشكە تېگىشلىك سۆز كەلىمە شاھادەتتۇر. بۇ خۇددى ئىنسان دۇنيانىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىمۇ قۇلىقىغا شاھادەت كەلىمىسى تەلقىن قىلىنسۇن، شۇنداقلا، ئۆلۈپ بۇ دۇنيانىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكەندىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا تەۋھىد كەلىمىسى «لا اله الا الله محمد رسول الل » تەلقىن قىلىنسۇن دېگەندەك. ئەزان ۋە تەكبىر بالىنىڭ قەلبىگە يەتسۇن، ئۇنىڭغا تەسىر قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ھېس قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ.

ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، شەيتان ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان قاچىدۇ. چۈنكى، شەيتان بالىنىڭ تۇغۇلۇشىنى مارايدۇ، تۇغۇلۇپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرىدۇ. شەيتان بالىغا تۇنجى ئۇچراشقان ۋاقىتتا ئاچچىقى كېلىدىغان ۋە ئاجىزلاشتۇرىدىغان كەلىملەرنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇنى ئازدۇرۇشتىن ئۈمىد ئۈزىدۇ.

(1) يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئائىلىسىگە گۈل ۋە باشقا سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىش ياخشى ئىش، بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سوۋغا-سالام بېرىڭلار، ئۆزئارا دوست بولۇشۇڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بۇ بالىنى ئاللاھ تەئالا تەرەپكە ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى بولغان ئىسلام تەرەپكە ۋە ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىشقا بولغان چاقىرىقنىڭ شەيتانىنىڭ ئىزىشقا ۋە تويۇق يولدا مېڭىشقا بولغان چاقىرىقىدىن ئىلگىرى بولۇشتۇر. شۇنداقلا، ئاللاھ تەئالانىڭ كىشىلەرنى ياراتقان پىترىتى شەيتانىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشى ۋە بۇ پىترەتتىن بۇراپ تاشلىشىدىن ئىلگىرى بولۇشتۇر. يەنە بۇلاردىن باشقا ھېكمەتلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئاللاھ تەئالا ئالىمدۇر.

ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن ) ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەنا-مەزمۇنلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بالا دۇنيانىڭ پۇراقلىرىنى پۇرىغان ۋە ۋۇجۇد ئالىمنىڭ ھاۋالىرىدا نەپەس ئالغاندىن باشلاپ تەۋھىد ۋە ئىمان ئەقىدىسىنى سىڭدۈرۈشكە، بالىدىن شەيتاننى ۋە ھاۋايى-ھەۋەسنى قوغلىۋېتىشكە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئەڭ كاتتا دەلىلىدۇر.

## 3 - بوۋاقنى ئېغىز ئالدۇرۇشنىڭ مۇستەھەبلىكى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بوۋاقلار توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ بىرى، بالا تۇغۇلغان ھامان ئېغىز ئالدۇرۇشنىڭ مۇستەھەبلىكىدۇر.

لېكىن، ئېغىز ئالدۇرۇش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار؟

ئېغىز ئالدۇرۇش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار؟

ئېغىز ئالدۇرۇش دېگىنىمىز، خورمىنى چايناش ۋە چاينالغان خورمىنى بالىنىڭ ئاستىن ۋە ئۈستۈن تاڭلىيى ۋە ئېغىزىنىڭ ھەممىسىگە سۈركەش دېگەنلىكتۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، چاينالغان خورمىنىڭ بىر قىسمىنى بارماققا ئېلىپ، بارماقنى بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا كىرگۈزىسىز، ئاندىن ئۇنى ناھايىتى ئاۋايلاپ يۇمشاق ھەرىكەت بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە سۈركەيسىز. ئېغىزىنىڭ ھەممىسىگە چاينالغان خورمىنى تولۇق يەتكۈزىسىز. ئەگەر خورما تاپالمىسىڭىز، ئۈزۈم، گۈلا-قاق، ياكى گۈل سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلغان گۈلقەنت، ياكى قەن-گېزەك كەبى نەرسىلەر بولسىمۇ بولىدۇ. ئېغىز ئالدۇرۇش سۈننەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىدا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇنىڭدىكى ھېكمەت: ئېغىز ئالدۇرغاندا چاينالغان ماددىنى بالىنىڭ تاڭلىيىغا سۈركەش ۋە تىلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق بالىنىڭ ئېغىز مۇسكۇللىرىنى كۈچلەندۈرۈش. بالىنىڭ ئانا ئەمچىكىنى ئېغىزىغا ئېلىشى، تەبىئىي ھالەتتە كۈچلۈك بىر شەكىل بىلەن شورىشى ۋە ئېمىشى ئۈچۈن تەييارلاش بولۇشى مۇمكىن.

بالىنى تەقۋادار ۋە سالىھ كىشىلەر ئېغىز ئالدۇرۇش ئەۋزەلدۇر. بۇنىڭدا بالىنىڭ ئېغىز ئالدۇرغان كىشىگە ئوخشاش تەقۋادار، سالىھ ۋە يارامىلىق ئادەم بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

فەقىھلەر بالىنى ئېغىز ئالدۇرۇشنىڭ مۇستەھەبلىكىگە كەلتۈرگەن دەلىللەر:

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبى بەردەدىن، ئۇ ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ:

ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، مەن ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويدى ۋە بىر دانە خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، ئۇنىڭ بەرىكىتى ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ئاندىن ئۇنى ماڭا بەردى،

يەنە مەزكۇر ئىككى سەھىھ كىتابتا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ مەزمۇندىكى ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە ـــ ئەنەسنىڭ ئۆگەي ئاتىسى ـــ نىڭ كېسەلچان ئوغلى بولۇپ، ئەبۇ تەلھە سىرتقا چىقىپ كەتكەندە بۇ ئوغلى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن: «ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟» دەپ سورايدۇ، ئايالى ئۇممۇ سۇلەيم ـــ ئەنەسنىڭ ئانىسى ـــ : «ئۇ ئارام تېپىپ قالدى» دەيدۇ ۋە تەلھەگە كەچلىك تاماق ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ تاماق يەپ بولغۇچە بۇنىڭدىن بۇرۇن ياسىنىپ باقمىغان ئۇسۇلدا چىرايلىق ياسىنىدۇ ۋە ئەبۇ تەلھە بىلەن بىرگە بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغلىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ۋە دەپنە قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە ئەتىگىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغان ئەھۋاللارنى بايان قىلىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا كۆرىدۇ ۋە: «ئاللاھ تەئالا ئىككىڭلارنىڭ ئاشۇ كېچەڭلارنى بەرىكەتلىك قىلسۇن» دەيدۇ،

دەرۋەقە ئۇممۇ سۇلەيم ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغدى، ئەبۇ تەلھە ماڭا ( ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى دېمەكچى ): «بۇ ئوغۇلنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپارغىن» دېدى ۋە بىر قانچە تال خورما بەردى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئوغۇلنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قولىغا ئالدى ۋە: «بۇنىڭغا يېگۈزگۈچىلىك بىر نەرسە بارمۇ؟» دېدى، مەن: «ھەئە، خورمىلار بار» دېدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى چاينىدى ۋە چاينالغان خورمىنى ئېلىپ ئۇنى بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى،

خەللال ماڭا مۇھەممەد ئىبنى ئەلىدىن مۇنۇ ۋەقەلىكنى نەقىل قىلدۇ، ئۇنىڭغا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ بالا تۇغقاندىن كېيىن ئازاد قىلىۋەتكەن دېدىكى مۇنداق دەپ بەرگەن: مەن دېدەك ئىدىم، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن ھامىلدار بولدۇم، مېنى تولغاق ئازابى تۇتقاندا خوجايىنىم ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇخلاقلىق ئىدى، مەن ئۇنىڭغا: «خوجام، مانا مەن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، خوجام مانا مەن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك قىلىمەن» دېدىم، ئۇ ماڭا: «ئاللاھ تەئالا ئاسانچىلىق بېرىدۇ، ئاللاھ تەئالا ئازادچىلىك بېرىدۇ» دېدى، ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى دەپ بولالماي تۇرۇپ ئاللاھ تەئالا ماڭا ئازادچىلىك بەردى، مەن سەئىيدنى تۇغدۇم، ئۇ: «خورما كەلتۈرۈڭلار» دېدى ( بىزدە مەككىدىن كەلتۈرۈلگەن خورما بار ئىدى )، خورما كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇممۇ ئەلىيگە: «بۇ خورمىنى چايناپ بالىنى ئېغىزلاندۇرغىن» دېدى، ئۇممۇ ئەلىي شۇنداق قىلدى،

www.uyghurkitap.com

## 4 ـ بوۋاقنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈشنىڭ مۇستەھەبلىكى

ئىسلام شەرىئىتى بوۋاقنىڭ مۇناسىۋەتلىك يولغا قويغان ھۆكۈملىرىنىڭ يەنە بىرى، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بېشىنى چۈشۈرۈپ، چاچ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى پەقىرلەرگە لايىق كىشىلەرگە سەدىقە قىلىشتۇر.

بۇنىڭدىكى ھېكمەت ئىككى تۈرلۈكتۇر.

1 ـ سەھىيە جەھەتتىكى ھېكمىتى: بالىنىڭ بېشىدىكى تۈكنى چۈشۈرۈش باشنى كۈچلەندۈرۈش، باش تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش، كۆز، قۇلاق ۋە پۇراش قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئېچىلىشى قاتارلىقلارغا پايدىلىقتۇر[1].

2 ـ ئىجتىمائىي جەھەتتىن كېلىدىغان مەنپەئەت: كۈمۈش ئېغىرلىقىدا سەدىقە بېرىش ئارقىلىق ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت بۇلىقىدىن يەنە بىر فونتان ئېتىلىپ چىقىدۇ، كەمبەغەللىك ۋە نامراتلىققا خاتىمە بېرىدىغان يەنە بىر دەرۋازا ئېچىلىدۇ، جەمئىيەت كىشىلىرى ئىچىدە ھەمكارلىق، سىلە ـ رەھىم، كۆيۈمچانلىق ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئىسلام نېمدېگەن كاتتا دىن ھە!!!

يەتتىنچى كۈنى چاچنى چۈشۈرۈش ۋە چاچ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى توغرىلىق فەقىھلەرنىڭ تايانغان دەلىل ـ ئىسپاتلىرى:

ئىمام مالىك «مۇئەتتا» دېگەن كىتابىدا جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدتىن، ئۇ دادىسىدىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىن، زەينەب ۋە ئۇممۇ كۇلسۇملارنىڭ چاچلىرىنى جىڭلاپ، چاچ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلدى.

ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرىدىن، ئۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن بىر قوي ئەقىقە قىلدى ۋە قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «قىزىم، ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرگىن ۋە چاچ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلغىن» دېدى. چاچنى چۈشۈرۈپ جىڭلىغاندا چاچ بىر دىرھەم ياكى شۇنىڭغا يېقىن ئېغىرلىقتا كەلدى.

يەھيا ئىبنى بۇكەير ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەيىن تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بولغاندا، ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ، چاچ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە بېرىشكە بۇيرىدى.

چاچ چۈشۈرۈشتىن ئالا كالىلا قىلىش مەسىلىسى تۇغۇلىدۇ، ئالا كالىلا قىلىش دېگىنىمىز، بوۋاقنىڭ بېشىنىڭ بەزىسىنى چۈشۈرۈپ، بەزىسىنى قالدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ توغرىلىق ئۈچۈق چەكلىمە بار. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

(1) «سۆيۈملۈك تۆھپە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالا-ۋاراق قىلىشتىن توستى دېيىلگەن.

ئالا-ۋاراق قىلىشتىكى چەكلىمە مۇنداق تۆت خىل: 1) باشنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى چۈشۈرۈش؛ 2) ئوتتۇرىسىنى چۈشۈرۈپ ئەتراپىنى قالدۇرۇش؛ 3) ئەتراپىنى چۈشۈرۈپ ئوتتۇرىسىنى قالدۇرۇش؛ 4) ئالدىنى چۈشۈرۈپ كەينىنى قالدۇرۇش ياكى ئەكسى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەدلى-ئادالەتكە بولغان كامالى مۇھەببىتىدىن بولۇپ، ئاللاھ تەئالا ئىنساننى ئەدلى-ئادالەتلىك بولۇشقا، ھەتتا ئىنساننى ئۆز نەپسى بىلەن بولىدىغان شەخسىي ئىشلىرىغا قەدەر ئەدلى-ئادالەتلىك بولۇشقا، ئاللاھ تەئالا ۋە رەسۇلىنىڭ ئادالەت مىزانىغا ئەگىشىشكە بۇيرىدى. باشنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قالدۇرۇشتىن توستى. چۈنكى، باشنىڭ بىر قىسمىغا قارا مامۇقتىن كىيىم كەيگۈزۈپ، يەنە بىر قىسمىنى قاپاق كەبى يالىڭاچ قالدۇرۇش باشقا قىلىنغان زۇلۇم بولىدۇ. مانا بۇ قۇياش تەپتى چۈشىدىغان ئاپتاپلىق جاي بىلەن سايە چۈشىدىغان ئالا-تاغىل جايدا ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. چۈنكى، بەدەننىڭ بىر قىسمىنى پېژغىرىم ئىسسىقتا، يەنە بىر قىسمىنى سايىدا تۇرغۇزۇش بەدەنگە قىلىنغان زۇلۇم. يەنە كىشىنىڭ بىر پۇتىغا كەش كىيىپ، يەنە بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ، ساڭا پاي مېڭىشتىن چەكلىگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش. ئادەتتە ئىككىلى پۇتقا كەش كىيىش، ياكى ئىككىلى پۇت يالاڭ ئاياغ بولۇش كېرەك. چۈنكى، ساڭا پاي ماڭغاندا بىر پۇتقا ئۇۋال بولىدۇ.

يۇقىرىدىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭ ئارقىلىق مۇسۇلمانلىنى جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ سالاپىتى ۋە ئېسىللىكىگە لايىق تاشقى كۆرۈنۈش بىلەن نامايان قىلىشقا بەك ھېرىسمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، باشنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قالدۇرۇش مۇسۇلماننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، ھەيۋىتى، ئۇلۇغلۇقى ۋە جامالىغا زىت كېلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭغا ياندىشىپ مۇسۇلمان ئۆزىنى باشقا مىللەتلەر، باشقا ئېتىقادتىكى كىشىلەر، ئەھلى پاسىقلار، ئازغۇنلار ۋە ئەخلاقسىز كىشىلەردىن ئايرىپ ئالاھىدە پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان ئىسلامىي ئوبرازلار بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئاتا-ئانىلار ۋە مۇرەببىيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھكاملىرىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ھالەتتە بىلمەيدۇ. بەلكى، بىز ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىز ئۇلارغا بۇ ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ۋە ئۇلارغا بۇ ھۆكۈملەرنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇلار كۆنۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن، بۇ ھۆكۈملەرنى ئەمەلىي تۇرمۇشىدا تەتبىقلايدىغان ۋە ئۇ ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قالغانلىقى ۋە يات ساناش ئالامەتلىرىنى كۆرىمىز.

مەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايمەن: ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى ئىسلام شەرىئىتىدە بىلمەسلىك باھانە-سەۋەب بولالمايدۇ. ئۆز دىنى توغرىلىق ئۇقۇشقا، چۈشىنىشكە ۋە بىلىشكە تېگىشلىك دەپ قارالغان، ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشتە ئۇقۇشقا، چۈشىنىشكە ۋە بىلىشكە تېگىشلىك دەپ قارالغان نەرسىلەرنى بىلمىگۈچىلەر نۇقسان پەيدا

قىلىپ كام قويغۇچىلار قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھ مەيدانىدا پۈتۈن، تامامى خالايىقلار ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان كۈندە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىلمەسلىكى ئۇلارنى بۇ كۈندىكى مەسئۇلىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

بايام بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ ھۆكۈملەر گەرچە ياخشى كۆرۈلىدىغان مۇستەھەب ئەمەللەر قەبىلىسىدىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى تامامى بىلەن ئائىلىمىزدە، ئەھلى-ئەۋلادلىرىمىز ئىچىدە، خوتۇن باللىرىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز ۋە يېقىن-يورۇقلىرىمىز ئىچىدە، ئاندىن جەمئىيەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىگىشلىك بولغان ئەمەللەردۇر. چۈنكى، مۇستەھەب ئەمەللەرگە سەل قارىشىمىز ۋە ئاددىي كۆرۈشىمىز بىزلەرنى ۋاجىب ئەمەللەرگە سەل قارىشىمىزغا، ئاندىن پەرز ئەمەللەرگە سەل قارىشىمىزغا، ئاندىن پۈتۈن ئىسلامنى يەڭگىل ساناپ سەل قارىشىمىزغا ئېلىپ بارىدۇ. نەھايەتتە بىر مۇسۇلمان ئىنسانىنى ئوپئوچۇق ھالدا ئاشكارا كۇپرىنىڭ ئارغامچىلىرىغا باغلاپ، تورلىرىغا چۈشەپ قويىدۇ. ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق، زالالەتنىڭ تويۇق يوللىرىغا، قارا ئازگاللىرىغا تاشلايدۇ. ئۇنى دىندىن ۋە ئىسلامدىن سوغۇرۇۋالىدۇ.

دىققەت! مۇرەببىلەر بۇ ھۆكۈملەرنى چىڭ تۇتۇشى، بۇ مۇستەھەبلەرنى ئەۋلادلىرىغا بىر-بىرلەپ تەتبىقلىشى، ئاللاھ تەئالا سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئەمەللەرنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرىشى، ئىسلامنى مەيلى سۆز ۋە ئەمەل جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشچانلىق قىلىشى لازىم. بارچە مۇسۇلمانلار ئىسلامنى ئۆزرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىغا تەتبىقلىغان كۈنى ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىشى، ئۇلارغا كاتتا، تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇق ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنى قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن، شۇ ئىشلار ئاللاھ تەئالاغا تەس ئەمەس.

## بوۋاقىقا ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى

ئەگىششكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ بىرى، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئاتىسى ئۇنىڭغا بوۋاق ئۇنىڭ بىلەن تونۇلىدىغان، مەيلى يېزا ۋە ياكى شەھەرلىكلەر ئالدىدا تونۇلىدىغان بىر ئىسىمنى تاللاپ قويۇشتۇر. ئىسلام ئۆزرىنىڭ كامالى شەرىئىتى بىلەن بۇ ئالامەتكىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ھېس قىلدۇرىدىغان ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بوۋاققا مۇناسىۋەتلىك، ئۈممەتنىڭ ھالىنى كۆتۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەربىيەسىگە ئالاقىدار بولىدىغان ئىشلارنىڭ تامامىسىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن داغدام يول ھازىرلىدى.

ئىسلام بوۋاققا ئىسىم قويۇش توغرىسىدا يولغا قويغان ھۆكۈملەر تۆۋەندىكىچە:

## 1 - بوۋاققا ئىسىم قاچان قويۇلىدۇ؟

ھەدىس توپلىغۇچىلار سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلىشىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەقىقىسىگە گۆرەگە

قويۇلغاندۇر، ئۇ تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مال زەبھى قىلىندۇ، ئاشۇ كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ ۋە بېشى چۈشۈرۈلىدۇ»،

مانا بۇ ھەدىس ئىسمنى يەتتىنچى كۈنى قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ،

ئىسمنى تۇغۇلغان كۈنىلا قويۇش توغرىلىق باشقا ھەدىسلەر بار،

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار سەھلى ئىبنى سەئىد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: مۇنزىر ئىبنى ئۇسەيد تۇغۇلغاندا ئېلىپ كېلىنىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوتىسىدا قويۇلدى، ئۇسەيدنىڭ ئاتىسى ئەبۇ ئۇسەيد ئولتۇرۇقلۇق ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىدىكى باشقا بىر ئىش بىلەن بولۇپ قېلىپ، بالا بىلەن كارىسى بولماي قالدى، ئەبۇ ئۇسەيد باشقا بىرەيلەننى ئوغلى ئۇسەيدنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوتىسىدىن ئېلىۋېتىشكە بۇيرىدى، بالا ئېلىۋېلىندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەشغۇل بولۇپ قالغان ئىشتىن بىكار بولغاندا: «بايامقى بوۋاق قېنى؟» دېدى، ئەبۇ ئۇسەيد: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىز ئۇنى قايتۇرۇۋەتتۇق» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟» دەپ سورىدى، ئۇنىڭغا: «پالانى» دەپ جاۋاب بېرىلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق، ئۇنىڭ ئىسمى مۇنزىر بولسۇن» دېدى،

سەھىھۇلمۇسلىمدا سۇلەيمان ئىبنى مۇغىيرەدىن، ئۇ سابىت ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ماڭا بۈگۈن كېچە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، مەن بۇ ئوغلۇمغا ئاتام ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمنى قويدۇم»،

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن قوبۇل قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىشتا ھەقىقەتەن كەڭچىلىك بار، ئۇ بولسىمۇ بالىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇش بالا تۇغۇلغان تۇنجى كۈنى بولسىمۇ رۇخسەت، ئۈچىنچى كۈنىگىچە كېچىكتۈرۈشكىمۇ رۇخسەت، ئەقىقە كۈنى بولغان يەتتىنچى كۈنگە قەدەر بولسىمۇ رۇخسەت، بۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسىمۇ رۇخسەت،

## 2 ـ ئىسىملار ئىچىدىن قايسى ئىسىملار ياخشى كۆرۈلىدۇ؟ قايسى ئىسىملار يامان كۆرۈلىدۇ؟

1 ـ مۇرەببىيلەر پەرزەنتىگە ئىسىم قويماقچى بولغاندا ئەھمىيەت بېرىشكە، كۆڭۈل قويۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ بىرى، پەيغەمبىرىمىز يول كۆرسەتكەن كۆرسەتمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئىسىملارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ۋە ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ قويۇش كېرەك،

ئىمام مۇسلىم سەھىھۇلمۇسلىمدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنىڭ ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ مەھبۇب بولغانلىرى ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھمان دېگەن ئىسىملاردۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەبى دەرداۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەر قىيامەت كۈنى ئۆز ئىسمىڭلار ۋە ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن[1] چاقىرىلىسىلەر، ئىسمىڭلارنى ياخشى قويۇڭلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

2 ـ شۇنداقلا مۇرەببىلەر پەرزەنتىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ۋە كۆز قىسىشقا سەۋەب بولىدىغان قەبىھ ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتىشى لازىم.

ئىمام تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبىھ ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى».

ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللادىن مۇنداق نەقلى قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاسىيە ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئىسمىنى جەمىلەگە ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۇناھكار، غالىب، قوپال، شەيتان، ھۆكۈم چىقارغۇچى، قاغا ـ قۇزغۇن، يىلان ـ چايان، زەھەرخەندە دېگەن ئىسىملارنى يەڭگۈشلەپ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇرۇش ـ جېدەل ئىسمىنى تىنچ ـ ئاسايىشلىق دېگەن ئىسمغا، يىتۋالغۇچى دېگەن ئىسمىنى قوزغالغۇچى دېگەن ئىسمغا، پاھىشۋازلار ئەۋلادلىرى دېگەن ئىسمىنى توغرا يول تاپقان ئەۋلادلار دېگەن ئىسمغا، ئازغۇنلار جەمەتى دېگىنە ئىسمىنى ھىدايەت جەمەتى دېگەن ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئىمام ئەبۇ داۋۇد: «مەن بۇ ھەدىسنى نەقلى قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى ھەدىس ئۆزىراپ كەتمىسۇن دەپ قىسقارتىۋەتتىم» دەيدۇ.

3 ـ بالىنىڭ مۇشۇ ئىسمىنىڭ شۇملۇقى ۋە مۇسىبىتىدىن سالامەت بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بالىلارغا شۇملۇق سۆزلىكلىرىدىن كېلىپ چىققان ئىسىملارنى قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇنىڭ بوۋىسى ئېيتىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ مەندىن: «ئىسمىڭ نېمە؟» دەپ سورىدى. مەن: «ھەزەن (قاتتىق)» دېدىم. ئۇ: «(بۇ ئىسمىڭ بولماپتۇ)، بەلكى ئىسمىڭ سەھل (قۇلايلىق) بولسۇن» دېدى. مەن: «بولمايدۇ، مەن ئاتام قويغان ئىسمىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن» دېدىم. ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭدىن كېيىن قوپاللىق بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئىمام مالىك «مۇئەتتا» دېگەن كىتابتا يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمدىن:

ــــ ئىسمىڭ نېمە؟ ــــ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم:

ــــ ئىسمىم چوغ، ــــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر:

(1) مەسلەن، ئابدۇللاھ ئوغلى ئابدۇراھمان، ياكى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ دېگەندەك.

ـــ كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

ـــ ئۇچقۇننىڭ ئوغلىمەن

ـــ كىمنىڭ جەمەتىدىن؟

ـــ كۆيدۈرگۈچىلەر جەمەتىدىن.

ـــ تورالغۇ جايىڭ قەيەر؟ قەيەرلىكسەن؟

ـــ دوزاخ تەپتى دېگەن جايدىن.

ـــ دوزاخ تەپتىنىڭ قايسى قىسمىدىن؟

ـــ لەززا دېگەن قىسمىدىن.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سېنىڭ ئەھلىڭ دېگىنىڭنى تېپىپ بولدى، ئۇلار كۆيۈپ تۈگەشتى» دەيدۇ.

يەھيا ئىبنى سەئىيد مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ئەھۋال ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك بولدى، ئۇلار كۆيۈپ تۈگەشتى.

4 ـ بارچە ئەھۋاللىرىدا مەخلۇقلىرىغا ئوخشىمايدىغان، بارچە ئەيىب-نۇقسانىدىن پاك ئاللاھ جەللە ۋەئەلانىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىسىملار، سۈپەتلەر بىلەن ئىسىم قويۇش دۇرۇس ئەمەس. ئەھەد، سەمەد، خالىق، رەززاق، ھەمىت، مەجىت، راخمان، رەھىم، غوپۇر ۋە بۇلاردىن باشقا ... بۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلەر چوقۇم ئەبدى ـــ بەندە، قۇل ـــ مەنىسىدىكى چېتىلما سۆزلەرنى قوشۇپ تۇغرا تەلەپپۇز بىلەن ئىشلىتىلىشى لازىم.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ھەدىسلەر توپلىمىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ھانىئى دېگەن كىشى ئۆز قەۋمى بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى بولۇپ كەلگىنىدە، قەۋمى ئۇنى ئەبۇلھەكەم ( ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئاتىسى ) دەپ ئاتىشىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ ھانىئىنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ھۆكۈم چىقارغۇچى ئاللاھ تەئالاتۇر، بارچە ھۆكۈملەر ئاللاھ تەئالاغا قايتىدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئەبۇلھەكەم دەپ ئاتىۋالدىڭ» دەپ سورايدۇ. ھانىئى: «مېنىڭ قەۋمىم بىرەر ئىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئارىدا ھۆكۈم قىلىش ( قارار چىقىرىش ) ئۈچۈن مېنى چاقىرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دە-تالاشقا ھۆكۈم قىلىمەن. ئىككىلى پەرىقە مەن چىقارغان ھۆكۈمگە رازى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قەۋمىم مېنى ئەبۇلھەكەم دەپ ئاتىۋالغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ئىش. قىلغىنىڭ ياخشى بولۇپتۇ. سېنىڭ ئوغلۇڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ھانىئى: «ھەئە، مېنىڭ شۇرەيھ، مۇسلىم ۋە ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئوغۇللىرىم بار» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى كىم؟» دەپ سورىدى. ھانىئى: «شۇرەيھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تەخەللۇسۇڭ ئەبۇ شۇرەيھ بولسۇن» دەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ سەت ۋە ئەڭ پەس كۆرۈنىدىغان ئادەم شاھىنشاھ، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتالغان ئادەمدۇر. ئاللاھ تەئالادىن ئۆزگە پادىشاھ يوقتۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

5 ـ ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىسىملارنىڭ يەنە بىر تۈرى، ئۇلۇغلۇق، ئاقىۋل ۋە ياخشى پال ئالغىلى بولىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئەگەر پەرزەنتىڭىزگە مۇشۇ ئىسىملارنىڭ بىرسىنى ئىسىم قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ چاقىرىلغاندا يوق بولسا، كۆڭلىڭىز بىئارامچىلىق ھېس قىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، نىجاتلىق، مۇۋەپپەقىيەت، پايدا، يەتكۈزگۈچى، پايدا ۋە خۇشاللىق دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشتىن ساقلىنىڭ.

مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىلەر سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سۆزلەرنىڭ ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك كۆرۈلىدىغىنى ـــ ئاللاھ تەئالانى بارچە ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك دەپ بىلمەن، ھەمدۇسانا ئاللاھ تەئالاغا مەنسۇپتۇر. بىر ئاللاھ تەئالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تەئالا ئەڭ بۈيۈكتۇر دېگەن تۆت تۈرلۈك سۆزدۇر. ئوغلۇڭغا خۇشاللىق، پايدا، نىجات، غۇتقۇزغۇچى دەپ ئىسىم قويما. سەن يۇقىرىقىدەك ئىسىملار بىلەن ئاتالغان ئوغلۇڭنى 〈ئۇ بارمۇ؟〉 دەپ سورايسەن. ئەگەر ئۇ شۇ يەردە بولماي قالسا: 〈ياق〉 دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ تۆت تۈرلۈك ئىشتا ماڭا ئاشۇرۇۋەتمەڭلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

ئىبنى ماجە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قۇللىرىمىزنى نىجاتكار، مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى، پايدا، خۇشاللىق دېگەن ناملار بىلەن چاقىرىشتىن چەكلىدى.

6 ـ ئاللاھ تەئالانىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلغانلىق تۈيغۇسىنى بېرىدىغان ئىسىملارنى قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئابدۇلئۇززا، ئابدۇلكەئبە، ئابدۇننەبى، ئابدۇرەسۇل ۋە مۇشۇلارغا ئوخشايدىغان ئىسىملار. بۇنداق ئىسىملارنى قويۇش ئالىملارنىڭ بىر پۈتۈن بىرلىككە كېلىشى بىلەن ھارام قىلىنغاندۇر.

ئەمما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇنەين غازىتى بولغان كۈندىكى: «مەن پەيغەمبەر، يوق يالغان، مەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزى ئىسىملارنى ئىنشا قىلىش ۋە باشلاش بابىدىن ئەمەس. بەلكى، ئىبنى قەييۇم ئېيتقاندەك، بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغۇچى ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان نامى بىلەن تونۇتۇش ۋە خەۋەر بېرىش بابىدىن. بولۇپمۇ، دۈشمەنگە قارشى تۇرىدىغان مەيدانلاردا شۇنداق. خۇددى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ مەيداندىكى سۆزىگە ئوخشاش ئاتالغۇچىنى تونۇشتۇرۇش بولىغا ئاساسەن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەۋەر بېرىش ھارام بولمايدۇ. چۈنكى، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئابدۇمەناف جەمەتى، ئابدۇشەمس جەمەتى، ئابدۇددار جەمەتى دېگەندەك قەبىلىلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئىنكار قىلمايتتى.

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسى باشلاش ۋە ئىنشا قىلىشتا دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلار خەۋەر بېرىشتە

دۇرۇس بولىدۇ.

ئاخىرىدا بارلىق مۇرەببىلەر پەرزەنتلىرىگە ئازغۇنلۇق، ئوخشىتىش ۋە قەرزدارلىق ئۇقۇملىرى چىقىدىغان ئىسىملەرنى قويۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. ھەييام، ھىيفا، نىھاد، سوسەن، مىيادە، نارىمان، غادە، ئەھلام دېگەندەك ۋە بۇلارغا ئوخشاش ئاتالغۇلار بىلەن ئىسىم قويۇشقا بولمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن؟

ئىسلام ئۈممىتى ئۆزىنىڭ شەخسىي خاراكتېرى بىلەنمۇ ئىمتىيازلىق بولۇشى لازىم. ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۆزلۈكى بىلەن تونۇلۇشى لازىم. يۇقىرىدىكى چەكلەنگەن ئىسىملار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تۇگەشتۈرۈۋېتىش، ھۆرمەت-ئېتىبارىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ۋە مەنىۋىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىسلام ئۈممىتى پەسلىك ۋە تۆۋەنلىكتىن مۇشۇ سەۋىيگە يەتكەن كۈنى، ئۇلار پارچە-پارچە قەۋم دانچىلىرىغا، بىر-بىرى بىلەن چېتىشلىقى، رىشتىسى يوق توزاندىلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىمەكچى، ئەزىز كىشىلىرىنى خار قىلماقچى بولغان تاجاۋۇزچى، بولاڭچى دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇلارغا باسمىچىلىق قىلىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىمىز ئەنە شۇنداقتۇر. ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بولمىسا، بىزدە ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتكۈدەك كۈچ، مادار يوقتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى، ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھمان ۋە بۇلارغا ئوخشايدىغان ئاللاھ تەئالاغا ئۇچۇنلا بولغان ئىبادەت-قۇللۇق مەنىسىدىكى ئىسىملارنى قويۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىدە ھېيران قالمىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممەتنى ياخشى ئىسىملارنى قويۇشقا قىزىقتۇرۇشى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ باشقا ئۈممەتتىن ئالاھىدە بولۇشىغا، ھەتتا ئىسىملىرىدىمۇ ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە تاشقى كۆرۈنۈشلىرىدىمۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ خالايىقلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زېمىن يۈزىگە چىقىرىلغان، ئىنسانىيەتنى ھەقىقەت نۇرى ۋە ئىسلام پرىنسىپلىرىغا يېتەكلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتلىك سالاھىيىتىنى ۋە تاشقى سالاپىتىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈندۇر.

ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى ئەبى ۋەھبىل جۇشەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، ئاللاھ تەئالاغا ئىسىملارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھمان دېگەندەك ئىسىملاردۇر. ئىسىملارنىڭ ئەڭ سەممىيراقى ھارىس ۋە ھەممامدۇر، ئىسىملارنىڭ ئەڭ قەبىھ بولغىنى ھەرب ۋە مۇررەدۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## 3 - بالىنى پالانىنىڭ دادىسى دېگەن تەخەللۇس بىلەن چاقىرىشنىڭ سۈننەتلىكى

ئىسلامنىڭ بوۋاقلار تەربىيەسى توغرىسىدا بەلگىلىگەن تەربىيەگە ئائىت پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى، بوۋاققا پالانىنىڭ ئاتىسى دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىش بولۇپ، بۇ تەخەللۇسنىڭ گۈزەل روھىي تەسىرلىرى، تەربىيەگە ئائىت

كاتتا پايدىلىرى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ) پەرزەنت روھىيىتىدە ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئۇنى چاقىرغاندا ھۆرمەتلەش ئۈچۈن تەخەللۇس قوللىنىمەن،

مەن ئۇنىڭغا ناچار لەقەم، يامان ئاتاق ئىشلىتىشتىن ساقلىنىمەن.

2 ) بالىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنىڭغا چوڭلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئىززەت ـ ھۆرمەت يېشىغا يەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن پايدىسى بار.

3 ) بالىغا چوڭلار بىلەن سۆزلىشىش ۋە شۇنداقلا ئۆز دىمەتلىكلىرى بىلەن سۆزلىشىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگىتىشكە پايدىلىق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق ئۇلۇغ پايدىلار ۋە كاتتا ئېتىبارلارنى نەزەردە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا مۇرەببىلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر يولىدا مېڭىشى ئۈچۈن كىچىك بالىلارغا تەخەللۇس ئىشلەتتى.

ئىككى سەھىھ كىتابتا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت بار: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەخلاق جەھەتتە ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى ئىدى. مېنىڭ ئەبۇ ئۇمەيرى ئىسىملىك قېرىندىشىم بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىم ئۆيىمىزگە كەلگەندە ئۇنىڭغا: «يا ئەبا ئۇمەير، مايەئەلەن نۇغەير» (ئى ئەبۇ ئۇمەيرى! سېنىڭ ئوينايدىغان قۇشقىچىڭ نېمە بولدى، نېمە قىلدى؟) دەيتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاچىسى ئەسمان بىنتى ئەبى بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمنىڭ نامى بىلەن ئابدۇللاھنىڭ ئانىسى دەپ لەقەملىنىشكە رۇخسەت بەردى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تويي قىلماستا ھەمزىنىڭ دادىسى دەپ لەقەملىنەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىسى يوق چاغدىمۇ ئاسلانچاقنىڭ دادىسى دەپ لەقەملىنەتتى. بىر ئادەم بالىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن لەقەملەنسىمۇ ياكى بالىلىرىدىن باشقا ئىسىملار بىلەن لەقەملەنسىمۇ بولىدۇ. مانا بۇ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەكرىنىڭ دادىسى دەپ لەقەملىنەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بەكرى ئىسىملىك بالىسى يوق ئىدى. مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەفسىنىڭ دادىسى دەپ لەقەملىنەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھەفسە ئىسىملىك بالىسى يوق ئىدى. شۇنداقلا، ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ زەرنىڭ ئاتىسى دەپ لەقەملىنەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭمۇ زەر ئىسىملىك بالىسى بولمىغانىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۇلەيمان ئىسىملىك ئوغلى بولمىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇمۇ ئەبۇ سۇلەيمان دەپ لەقەملىنەتتى ... بۇنىڭغا مىساللار بەك كۆپ، ئۇنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، بوۋاققا لەقەم ـ تەخەللۇس قويۇش، شۇنداقلا چوڭلارغىمۇ لەقەم قوللىنىش مۇستەھەب ئىشتۇر. لەقەملەنگۈچىنىڭ بالىسى بولۇش ياكى ئاشۇ بالىنىڭ ئىسمى

بىلەنلا لەقەم قوللىنىش شەرت قىلىنمايدۇ.

ئىسىم قويۇش ۋە لەقەم قوللىنىشتىن تۆۋەندىكىدەك ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ:

### • بالىغا ئىسىم قويۇش دادىنىڭ ھوقۇقى

بالىغا ئىسىم قويۇشقا ئاتا-ئانا كېلىشەلمىگەن ئەھۋالدا قويۇلىدىغان ئىسىمنى قارار قىلىش دادىنىڭ ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ئېنىمىنىڭ باش تەرىپى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەر ئىسىم قويۇش دادىنىڭ ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»مۇ بالىنىڭ ئانىغا ئەمەس، دادىغا نىسبەت بېرىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا پالانىنىڭ ئوغلى پالانى دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر» (سۈرە ئەھزاب - 5 ئايەت).

يۇقىرىدا ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بۈگۈن كېچە ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، مەن ئۇنىڭغا ئاتام ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم» دېگەنلىكى ئېيتىلغان ھەدىسنى بايان قىلدۇق.

### • سەت ۋە ھاقارەت خاراكتېرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن لەقەم قويۇش دۇرۇس ئەمەس

مەيلى ئاتا-ئانا ياكى باشقا كىشىلەر بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بالىنى سەت، پەس لەقەملەر بىلەن تىل-ھاقارەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. مەسىلەن، پىستەك، يەكچەشمە، قارىغۇ، گاچا، ساراڭ، جىنلىغ، تېزەكچى قوڭغۇز ۋە بۇلارغا ئوخشاش. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ چەكلىمىسى بۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار» (سۈرە ھۇجۇرات - 11 ئايەت). چۈنكى، مۇشۇ تۆۋەن ۋە پەس كۆرىدىغان لەقەملەرنىڭ بالىنىڭ روھى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، ئەسكى ئادەم بولۇپ قېلىشىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا بۇ ھەقتە مەزكۇر كىتابنىڭ «مەسئۇلىيەتلەر» دېگەن بابىدىكى «روھىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى» دېگەن تەتقىقاتتا كېڭەيتىپ بايان قىلىمىز.

### • ئەبۇلقاسىم دېگەن ئاتاقنى تەخەللۇس قىلىشقا بولامدۇ؟

ئالىملار بالىغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمى بىلەن مۇھەممەد، ئەھمەد دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا بىرلىككە كەلدى. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر ئادەمگە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئۇ كىشى بالىسىغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ئادەمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: «سەن ئوغلۇڭنىڭ ئىسمىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش قىلىپ مۇھەممەد دەپ قويدۇڭ. بىز سېنى بوش قويۇۋەتمەيمىز، يەنى سېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمىز» دەپ ئۇ ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئىسىملىك ئوغلىنى ھاپاچ ئەتكۈزۈپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇلغاندى، مەن ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدۇم. قەۋمىم بۇنى ئاڭلاپ، سەن ئوغلۇڭغا پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمىنى قويۇپسەن، بىز سېنى بوش قويۇۋەتمەيمىز دېيىشىپ، ئوغلۇمنى ھاپاچ ئەتكۈزۈپ ھوزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلدى» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەرزەنتلىرىڭلارغا مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، مېنىڭ تەخەللۇسۇم بىلەن تەخەللۇس قىلماڭلار. شەك-شۈبھىسىزكى، مەن بولسام تەقسىماتچى بولۇپ، ئاراڭلاردا تەقسىمات قىلىمەن» دېدى.

ئەمما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەخەللۇسى بىلەن تەخەللۇس قوللىنىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى توغرىلىق مۇجتەھىد ئىماملار ئىختىلاپلىق تۆرلۈك مەزھەبلەرگە كەتتى. تۆرلۈك سۆزلەرنى ئېيتتى. ئالدى بىلەن بىز سىلەرگە بۇ تۆرلۈك قاراشلارنى، ئاندىن بۇ قاراشلار ئىچىدىن كۈچلۈك بولغانلىرىنى بايان قىلىمىز.

(1) مۇتلەق يامان كۆرۈش. بۇ خىل قاراشتىكى مۇجتەھىد ئالىملار يۇقىرىدا ئۆتكەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بىلەن ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل-ھۆججەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، تەخەللۇسۇم بىلەن لەقەم قويماڭلار». مانا بۇ ئىمام شافىئى رەھمەھۇللاھنىڭ قارىشىدۇر.

(2) مۇتلەق دۇرۇس دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكى مۇجتەھىد ئالىملار ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر ئايال كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن بىر ئوغۇل تۇغقاندىم. ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدۇم ۋە ئۇنى سېنىڭ تەخەللۇسۇڭ بىلەن ئەبۇلقاسىم دەپ تەخەللۇس قىلدىم. ماڭا سېنىڭ بۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىندى» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنىڭ ئىسمىمنى قويۇشنى ھالال قىلىپ، تەخەللۇسۇمنى ئىشلىتىشنى ھارام قىلغان نېمە؟» دېگەن.

يەنە ئىبنى ئەبى شەيبە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەبى ئەۋانەدىن، ئۇ مۇغىيرەدىن، ئۇ ئىبراھىمدىن ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىز بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئەشئەس ئەبۇلقاسىم دەپ تەخەللۇسلىناتتى.

ئىبنى ئەبى خەيسەمە زوھرىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسھابىلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تۆت كىشىنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، تەخەللۇسى ئەبۇلقاسىمدۇر. ئۇلار مۇھەممەد ئىبنى تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ، مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس قاتارلىقلاردۇر.

ئىمام مالىكتىن ئىسمى مۇھەممەد، تەخەللۇسى ئەبۇلقاسىم ئاتالغان كىشىلەر توغرىلىق سورالغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «بۇ توغرىدا چەكلىمە يوق، مەن بۇ توغرىدا ھېچقىسى يوق دەپ قارايمەن» دېگەن.

مانا بۇ كۆزقاراشتىكى كىشىلەر يۇقىرىدىكى چەكلىمە ھەدىسلەرنى مەنسۇخ بولغان دەپ قارايدۇ.

( 3 ) دۇرۇس بولمايدۇ دەپ قارايدىغانلار. بۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمى بىلەن تەخەللۇسىنى بىرلا ۋاقىتتا قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ، ئەمما پەقەت ئىسمىنى ياكى تەخەللۇسىنى قويسا بولىدۇ، يەنى بالىنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد قويسا، تەخەللۇسىنى ئەبۇلقاسىم قويۇشقا بولمايدۇ، ئەگەر تەخەللۇسىنى ئەبۇلقاسىم قويسا، ئىسمىنى مۇھەممەد قويۇشقا بولمايدۇ دەيدۇ.

بۇ خىل كۆزقاراشتىكى كىشىلەر ئىمام ئەبۇ داۋۇد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويسا، مېنىڭ تەخەللۇسۇمنى تەخەللۇس قىلمىسۇن، كىمنى مېنىڭ تەخەللۇسۇمنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان بولسا مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويمىسۇن» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان ھەدىسنى، شۇنداقلا ئىبنى ئەبى شەيبە ئابدۇراھماندىن، ئۇ ئەبى ئەمرەدىن، ئۇ تاغىسىدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «مېنىڭ ئىسمىم بىلەن تەخەللۇسۇمنى بىرلىكتە ئىشلەتمەڭلار». يەنە ئىبنى ئەبى خەيسەمە مۇھەممەد ئىبنى تەلھە تۇغۇلغاندا، ئاتىسى تەلھە ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ: «مەن بۇ ئوغلۇمغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدۇم، تەخەللۇسى ئەبۇلقاسىم بولسا بولامدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇنىڭ ئىسمىم ۋە تەخەللۇسىمنى بىرلىكتە قوللانمىغىن، ئۇ ئەبۇ سۇلەيمان بولسۇن» دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ.

( 4 ) مۇھەممەد دەپ ئىسىم، ئەبۇلقاسىم دەپ لەقەمنى بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىش توغرىسىدىكى چەكلىمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھايات ۋاقتىغا قارىتىلغان، ئەمما ئۇ زاتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككىسىنى تەڭ قوللىنىشقا بولىدۇ دېگەن قاراش.

بۇ كىشىلەر ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ مۇنزىرىدىن، ئۇ مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى ھۆججەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئەگەر سىلىدىن كېيىن ماڭا ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويۇپ، ئەبۇلقاسىم دەپ تەخەللۇس ئىشلەتسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەئە، بولىدۇ» دېگەن

ھۇمەيد ئىبنى زەنجەۋەيھى «ئەدەپ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئەبى ئۇۋەيستىن سورىدىم: «ئىمام مالىك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسىنى تەڭ قوللانغان ئادەم توغرىسىدا نېمە دەپ قارايتتى؟» ئۇ ماڭا: «بىز بىللە ئولتۇرغان بىر شەيخنى كۆرسىتىپ: «ئاۋۇ شەيخ ئىمام مالىكنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى مالىكتۇر، ئاتىسى ئىمام مالىك ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم،

ئەبۇلقاسىم دەپ تەخەللۇس قويدى، ئىمام مالىك بۇ توغرىدىكى چەكلىمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئىسمى ۋە تەخەللۇسنى بىر ئادەمگە قويۇشنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بولغان، چۈنكى، بىراۋ ئۇنىڭ يېنىدا ‹ئەي ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد› دەپ چاقىرىلسا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىختىيارسىز قاراپ سالىدۇ، ئەمما، بۈگۈن ۋاپاتىدىن كېيىن ھېچبىر گۇناھ ۋە سەقىلىش يوق دەپ قارايدۇ» دېدى.

مانا بۇ قاراش يۇقىرىدىكى قاراشلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قاراش بولۇپ، ئىمام مالىكنىڭ بۇ قارىشى ئەقىل لوگىكىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، يۇقىرىدا ئۆتكەن بۇ قاراشقا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرمۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، بىر ئادەمگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمى بىلەن ئىسىم قويۇش ھەم تەخەللۇسى بىلەن تەخەللۇس قويۇش دۇرۇس بولىدۇ، يۇقىرىدىكى ھەدىسلەر بۇنى دەلىللەيدۇ.

ئاتا-ئانىلار ۋە مۇرەببىيلەر بۇ بۆلەكتىكى تەربىيە مەسىلىلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، پەرزەنتلىرىگە ئىسىم ۋە تەخەللۇس قوللىنىشتا، تۆۋەنلىك ۋە توغرا يولدا مېڭىشلىرى، ئۇلارنىڭ قەدرى-قىممىتى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى، خاراكتېرى ۋە ئوبرازلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلايدىغان ناچار، پەس ئىسىملارنى قويۇشتىن ساقلىنىشلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچى ئۇستازى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قويماسلىقى، جىگەر پارىلىرى، كۆزقارىچۇقلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپ قەلبلىرىگە مەھبۇب، قۇلاقلىرىغا چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك ئاڭلىنىدىغان تەخەللۇسلارنى قوللىنىشى، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ شەخسىي ئوبرازى ۋە خاراكتېرىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە ئۆزلىرىگە مۇھەببەت قىلدىغان، ئۆزىنى سۆيىدىغان ۋە ئىززەت-ھۆرمەت قىلدىغان روھنى يېتىلدۈرىدىغان ۋە ئۈستۈرىدىغان ئىسىم ۋە تەخەللۇسلارنى قويۇشى كېرەك، ئۇلار ئەتراپىدىكى ۋە تەڭ دىمەتلىكلىرى بىلەن بولغان خىتابىتىكى يۈكسەك ئەدەپ-ئەخلاقتا ئادەتلىنىشى لازىم.

ئەگەر بىز ئۆزىمىز ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈك ۋۇجۇدنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلىساق، مۇشۇ پەزىلەتلىك تەربىيىنىڭ ئاساسلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بۈيۈك ئىسلام مەنھەجىگە ئاساسلىنىپ مېڭىشىمىز كېرەك، ئەگەر بىز ئىخلاس قىلساق، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىساق، ئىسلامنى قانۇنىي جەھەتتىن، تەربىيە جەھەتتىن ئۆزىمىزگە تەتبىقلىساق ۋە نۇرلۇق يول سۈپىتىدە چىڭ تۇتساق، بۇ ئىشلار ئاللاھ تەئالاغا قىيىن ئەمەس.

## بوۋاقنىڭ ئەقىقىسى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى

### 1 - ئەقىقە دېگەن نېمە؟

ئەقىقە دېگەن سۆز ئەرەب تىلى ئىستېلاھىدا ئۈزۈش، كېسىش، پارچىلاش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

مېنىڭ تىرەم تۇنجى بولۇپ تۇپرىقىغا تەگكەن زېمىن،
ياشلىق مېنىڭ بويىنۇمدىكى تىلتۇمارنى ئۈزگەن شەھەر،
شەرىئەت ئىستىمالىدا بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭغا ئاتاپ مال بوغۇزلاشتۇر.

## 2 ـ ئەقىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ قانۇنىي دەلىل ـ پاكىتلىرى

ئەقىقىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ۋە ياخشى كۆرۈلگەنلىكىنى دەلىلگە ئىگە قىلىدىغان، سۈننەتلىكىنى بايان قىلىدىغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكىلىرىنى نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

ئىمام بۇخارى سەلمان ئىبنى ئەممارىززەبىيەدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئوغۇلغا ئەقىقە بار، ئۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى يوقىتىڭلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھەدىسلەر تويلىمى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەقىقىسى ئۈچۈن گۆرەگە قويۇلغاندۇر، ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتتىنچى كۈنى مال بوغۇزلىنىدۇ ۋە بۇ كۈندە چېچى چۈشۈرۈلۈپ ئىسىم قويۇلىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئوغۇل ئۈچۈن باپباراۋەر ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي (ئەقىقە قىلىنىدۇ)» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى ئۇممۇ كۈرزىل كەئبىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەقىقە توغرىلىق سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي ئەقىقە قىلىنىدۇ، سىلەرگە بوغۇزلىنىدىغان ماللارنىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولغانلىقى زەرەر يەتكۈزمىسۇن» دېگەن.

ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەلەر ھەسەندىن، ئۇ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەقىقە توغرىسىدا: «تۇغۇلغان ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەقىقىسىگە گۆرۈگە قويۇلغاندۇر، ئۇ تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى مال زەبھى قىلىنىدۇ، بېشى چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئىسمى قويۇلىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## 3 ـ فەقىھلەرنىڭ ئەقىقىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن يولغا قويۇلۇشىغا قارىتا كۆزقاراشلىرى

فەقىھلەر ۋە مۇجتەھىدلەر ئەقىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك مەزھەبكە ئايرىلدى:

1) ياخشى كۆرۈلگەن سۈننەت دەيدىغان قاراشتىكىلەر: ئىمام مالىك، مەدىنە ئەھلى، ئىمام شافىئى ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى، ئىمام ئەھمەد، ئىسھاق، ئەبۇ سەۋر ۋە فەقىھى، ئىلىم ۋە ئىجتىھاد ئەھلىلىرىدىن ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن كشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەلىل ـ هۆججىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان هەدىسلەردۇر. بۇلار هەم ئەقىقە قىلىش ۋاجىبتۇر دېگەن كىشىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ:

( 1 ) ئەگەر ئەقىقە ۋاجىب بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ۋاجىبلىقى دىندا مەلۇم بولغان ئىشلار قاتارىدىن بولاتتى. ئۇنىڭغا زۆرۈر ئېهتىياج تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئارقىلىق سىناق ئومۇملىشاتتى. ئۇنىڭ ۋاجىبلىقىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممەتكە هۆججەت بولۇپ پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك، ئۇنىڭدىن ئۆزرە، باهانە ـ سەۋەب ئۈزۈپ تاشلانغۇدەك قىلىپ يەتكۈزۈپ ۋە ئومۇمىي هالدا ئوچۇق بايان قىلاتتى.

( 2 ) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەقىقىنى ئۇنى قىلغۇچىنىڭ مۇهەببىتىگە ئېسىپ قويدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەرزەنتى تۇغۇلغان كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى ياخشى كۆرسە شۇنداق قىلسۇن» دېدى.

( 3 ) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەقىقىنى چىڭ تۇتقانلىقى ئۇنى قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا دەلىل بولمايدۇ، بەلكى مۇستەهەببلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

2 ) ئەقىقە قىلىش كەسكىن، مۇئەككەد ۋە ۋاجىب دەيدىغان قاراشتىكىلەر: ئۇلار ئىمام هەسەنۇلبەسرى، لەيس ئىبنى سەئىد ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاجىب دېيىشىنىڭ دەلىلى بۇرەيدە ۋە ئىسهاق ئىبنى راهىۋەي رىۋايەت قىلغان: «كىشىلەر قىيامەت كۈنى بەش ۋاقىت نامازغا ئاساسەن سوراق قىلىنغاندەك، ئەقىقىگە ئاساسەنمۇ سوراق قىلىنىدۇ» دېگەن هەدىس بىلەن، سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان: «ئوغۇل بوۋاقنىڭ هەممىسى ئۆز ئەقىقىسىگە گۆرۈگە قويۇلغاندۇر» دېگەن هەدىستۇر.

بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى شاپائەت قىلىشى بالىغا ئاتاپ ئەقىقە قىلىشقا قاراشلىق بولىدۇ.

مانا بۇلار ئۇنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلدۇر.

3 ) ئەقىقىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلار: بۇلار هەنەفىييە فىقهشۇناسلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ دەلىلى ئىمام بەيهەقى ئەمرى ئىبنى شۇئەيبتىن، ئۇ دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەقىقە توغرىلىق نەقىل قىلغان «مەن ئەقىقىنى ياقتۇرمايمەن» دېگەن هەدىس بىلەن، ئىمام ئەهمەد ئەبى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ هەدىستۇر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەۋرىسى هەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ تۇغۇلغاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى قوچقار ئەقىقە قىلماقچى بولغاندا، ئۇ: «ئەقىقە قىلمىغىن، لېكىن بېشىنى چۈشۈرگىن ۋە چاچ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلغىن» دېدى. ئۇ شۇنداق قىلدى. كېيىن ئىمام هۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ تۇغۇلدى، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلدى.

لېكىن، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان هەدىسلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە سىياقى ئەقىقىنىڭ ياخشى كۆرۈلگەن سۈننەت ئىكەنلىك تەرىپىنى كۈچلەندۈرىدۇ. مانا بۇ كۆپ ساندىكى فەقىهلەر، ئەهلى ئىلىملەر ۋە مۇجتەهىد

ئىماملارنىڭ مەزھىبىدۇر.

بۇ مۇجتەھىدلەرنىڭ ھەنەفىيە فەقىھلىرىنىڭ ئەقىقىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا دەلىل قىلغان ھەدىسلەرگە قارىتا جاۋابلىرى:

ئۇلار دەلىل قىلغان ھەدىسلەر ئەقىقىنىڭ قانۇنلۇقىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن پاكىت بولۇشقا يارىمايدۇ. ئەمىر ئىبنى شۇئەيب ئارقىلىق رىۋايەت قىلغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «مەن ئەقىقىنى ياقتۇرمايمەن» دېگەن ھەدىسىنىڭ باش-ئاخىرىمۇ ئەقىقىنىڭ ياخشى كۆرۈلگەن سۈننەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ھەدىسنىڭ تېكىستىدىكى لەفزى مۇنداق: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەقىقە توغرىلىق سورالغاندا: «مەن ئەقىقلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن» دېدى. بۇ خۇددى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالا ئۈچۈن مال بوغۇزلاشنى ئەقىقە دەپ ئاتاشنى يامان كۆرگەندەك بولدى[1]. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىزنىڭ بىرىمىزگە پەرزەنت تۇغۇلسا، قانداق قىلىدىغانلىقىمىز توغرىلىق سورىدۇق» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاراڭلاردىن تۇغۇلغان بوۋىقى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئوغۇل ئۈچۈن ئوخشاش دەرىجىدىكى ئىككى قوي، قىزچاق ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلسۇن» دېدى.

ئۇلار دەلىل قىلغان ئەبى رافىئنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان «ئەقىقە قىلمىغىن، لېكىن ئۇنىڭ بېشىنى چۈشۈرگىن» دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، بۇ ھەدىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەقىقىنى يامان كۆرگەنلىكىگە دەلىل بولمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئەقىقىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن «ئەقىقە قىلمىغىن» دېدى. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى نەۋرىسى ئۈچۈن ئەقىقە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ خاپىلىقىنى يەڭگىللىتىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ئىككى نەۋرىسى ئۈچۈن ئەقىقە قىلغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر بەك كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن تۆۋەندىكىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەبۇ داۋۇد ئەييۇبتىن، ئۇ ئىكرەمەدىن، ئۇ ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەين ئۈچۈن بىردىن قوچقار ئەقىقە قىلدى.

جەرىر ئىبنى ھازىم قەتادەدىن، ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەين ئۈچۈن ئىككى قوچقار ئەقىقە قىلغان.

يەھيا ئىبنى سەئىد ئەمرىدىن، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەين ئۈچۈن تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بولغاندا

(1) بىر بۆلۈك فەقىھلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىقە دېگەن ئىسىمنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى قۇربانلىق دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بىر بۆلۈكلىرى نۇرغۇن ھەدىسلەردە ئەقىقە دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنىدى، شۇڭا ئۆزگەرتمەي ئەقىقە دەپ ئاتاۋېرىسەكمۇ بولىدۇ دەپ قاراشتى. ئىككى كۆزقاراش ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرغاندا، مۇسۇلمان ئۇنى قۇربانلىق دەپ ئاتىشى لازىم، ئەمما ئەقىقە دەپ ئاتىسىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ.

ئەقىقە قىلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدىن خۇلاسە: ئەقىقە قىلىش كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ۋە فەقىھلەرنىڭ نەزىرىدە ياخشى كۆرۈلگەن سۈننەتتۇر. ئەگەر پەرزەنت تۇغۇلغان دادىغا ئەقىقە قىلىشنىڭ شارائىتلىرى بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر سۈننىتىنى تىرىلدۈرۈشكە ئىمكانىيىتى ۋە چامى بولسا، ئۇرۇق-تۇغقانلار، ئەھلى-ئەۋلادلار، يېقىن-يورۇقلار، قولۇم-قوشنىلار ۋە بارلىق دوست-ئاغىنىلەر ئارا بوۋاق تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن زىياپەت قىلىنغان داستىخان ئەقىقە تامىقىغا ھازىر قىلىش، ئۇلارنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يېڭى بىر ئەزاسىنىڭ دۇنياغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنىڭ خۇشال-خوراملىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىش سورۇنىغا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۈنسى-ئۇلپەت، مېھر-مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالاقىلىرىنىڭ مەنا-مەزمۇنلىرىنى ئاشۇرۇپ، شۇنداقلا ئەقىقە داستىخانىغا بىۋاستە چاقىرىش ياكى ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرىش ئارقىلىق ئەقىقىنىڭ مەنپەئەتىگە ھاجەتمەنلەر، پېقىر ۋە مىسكىن كىشىلەردىن مەھرۇم قالغان كىشىلەرنى ئورتاقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي كاپالەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئاللاھ تەئالا سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ئالدىغا بارغاندا ئەجىر-مۇكاپات ۋە يەزىلەتكە نائىل بولۇشنى ئىزدەپ، چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك.

ئىسلام نېمىدېگەن كاتتا! ئىسلامنىڭ جەمئىيەت پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئۈنسى-ئۇلپەت ۋە مېھر-مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى زىرائەت قىلىشقا يولغا قويغان شەرئىي پرىنسىپلىرى نېمىدېگەن ئۇلۇغ، كەمبەغەل ۋە مەھرۇم قالغان تەبىقىلەر ئىچىدە ئىجتىمائىي ئادالەتنى قۇرۇپ چىقىشتىكى تۈزۈم-پرىنسىپلىرى نېمىدېگەن يۈكسەك!

## 4 - ئەقىقە قىلىش مۇستەھەب بولىدىغان ۋاقىت

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئوغۇل ئۆز ئەقىقىسىگە گۆرۈگە قويۇلغاندۇر، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى مال بوغۇزلىنىدۇ ۋە ئىسىم قويۇلىدۇ» دېگەن ھەدىسىمۇ ئەقىقىنى بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بوغۇزلاشنىڭ مۇستەھەبلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھبى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقلى قىلغان «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەين ئۈچۈن تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئەقىقە قىلدى، ئۇ ئىككىسىگە ئىسىم قويدى ۋە بېشىنى چۈشۈرۈشكە ئەمىر قىلدى» دېگەن ھەدىسىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

لېكىن، بۇ جايدا بىر بۆلۈك سۆزلەر بولۇپ، ئەقىقىنى يەتتىنچى كۈنى قىلىشنى قەيت قىلىۋېلىشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ مۇستەھەبلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بالا ئۈچۈن تۆتىنچى كۈنى ياكى سەككىزىنچى كۈنى، ياكى ئونىنچى كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بوغۇزلىسىمۇ ئەقىقە كۇپايە قىلىدۇ.

بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى مۇنۇ رىۋايەتتۇر: مەيمۇنى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ئابدۇللاھتىن: «بالا ئۈچۈن ئەقىقىنى قاچان قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹يەتتىنچى، ئون تۆتىنچى ۋە يىگىرمە بىرىنچى كۈنلىرى ئەقىقە قىلىنىدۇ› دېگەن. سالىھ ئىبنى ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: ئاتام

ئىمام ئەھمەد ئەقىقە توغرىسىدا: «يەتتىنچى كۈنى مال بوغۇزلىنىدۇ، ئەگەر قىلالمىسا ئون تۆتىنچى كۈنىدە، ئەگەر قىلالمىسا يىگىرمە بىرىنچى كۈنىدە» دەيدۇ. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئۆچۈق گەپ شۇكى، ئەقىقىنى يەتتىنچى كۈنىگە قەيت قىلىش مۇستەھەب. ئەگەر تۆتىنچى كۈنى ياكى سەككىزىنچى كۈنى، ياكى ئونىنچى كۈنى، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن مال بوغۇزلانسا كۇپايە قىلىدۇ» » دېگەن جاۋابنى بەردى.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئەگەر دادىغا يەتتىنچى كۈنى ئەقىقىنى بوغۇزلاش قۇلايلىق بولسا شۇنداق قىلىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەۋزەلدۇر. ئەگەر شۇنداق قىلىش ئاسان بولمىسا قايسى كۈنىدە قۇلايلىق بولسا شۇ كۈنىدە قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. خۇددى ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ ئېيتقاندەك.

ئۇنداق ئىشتا كەڭچىلىك بار. ئەقىقىدە ئاسانلىق بار: «ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» (سۈرە بەقەرە ـ 185 ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

«سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىدى)» (سۈرە ھەج ـ 78 ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

## 5 ـ ئوغۇلنىڭ ئەقىقىسى قىزنىڭ ئەقىقىسىگە ئوخشاشمۇ؟

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەقىقە ئەھلى ئىلىملەر، مۇجتەھىدلەر ۋە فەقىھلەرنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ نەزىرىدە ياخشى كۆرۈلگەن سۈننەتتۇر. ئەقىقە ئوغۇل ۋە قىز ئۈچۈن ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈلگەن سۈننەتتۇر.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى ئۇممۇ كۇرزىل كەئبىدىن ھەدىس نەقىل قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەقىقە توغرىلىق سورىغاندا، ئۇ: «ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي» دېگەن.

ئىبنى ئەبى شەيبە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي ئەقىقە قىلىشىمىزغا بۇيرىدى.

مانا بۇ بىر يۈرۈش ھەدىسلەر ئاساسلىق ئىككى تۈرلۈك نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ:

1) ئەقىقىنىڭ قانۇنى جەھەتتىن يولغا قويۇلغانلىقىدا ئوغۇل ۋە قىز ئوخشاش.

2) ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي بولغانلىقىدۇر.

مانا بۇ پەرق ئىبنى ئابباس ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن ئىبارەت ئىلىم ۋە ئەھلى ھەدىس بولغان جامائەتنىڭ مەزھىبىدۇر.

ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىدە ئوغۇل بالا ئۈچۈنمۇ بىر قوي، قىز بالا ئۈچۈنمۇ بىر قوي قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن ئوغۇل ۋە قىز بالا ئۈچۈن قانچىلىك مال زەبھى قىلىنىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئوغۇل بالا ئۈچۈن بىر قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئۇز قارىشىغا تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىدۇ:

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەين ئۈچۈن بىردىن قوچقار قۇربانلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام مالىك ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغۇل ۋە قىز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئوخشاشلا بىردىن قوي ئەقىقە قىلاتتى دەپ بايان قىلىدۇ.

گەپنىڭ يىغىندىسى شۇكى، ئاللاھ تەئالا كۆپلەپ مال-دۇنيا ۋە رىزىق ئىنئام قىلغان كىشىلەر ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي ئەقىقە قىلسۇن. ئارتۇق قىلىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىسپات بار. ئىختىزادى ئەھۋالى نورمال بولغان ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ئوغۇل ئۈچۈن بىر قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي قىلسا كۇپايە قىلىدۇ. ئەجرى-مۇكاپاتتىن نېسىۋە ئالىدۇ. سۈننەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا ھەممىدىن بەك بىلگۈچىدۇر.

ئېتىرازغا رەددىيە: بەزى ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەر نېمە ئۈچۈن ئىسلام ئەقىقە توغرىسىدا بىرىنى ئارتۇق كۆرۈشكە يول قويۇپ، ئوغۇل ۋە قىز ئوتتۇرىسىنى ئايرىدى؟ بۇ ئالاھىدە كۆرۈۋېلىش ۋە بىرىنى ئارتۇق قىلىش نېمە ئۈچۈن؟ دېيىشى مۇمكىن.

بۇ ئېتىرازغا تۆۋەندە بىر قانچە نۇقتىدىن رەددىيە بېرىمىز:

1 ) مۇسۇلمان ئاللاھ تەئالا تەبارەك ۋەتەئالانىڭ: «ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆزئارىسىدىكى دە-تالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» ( سۈرە نىسا - 65 ئايەت ) دېگەن سۆزىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام قىلىشقا بۇيرىغان ۋە قىلىشتىن توسقان بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تەئالاغا بويسۇنۇشى شەرت.

ئەقىقىدىكى ئارتۇق كۆرۈش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن سابىت بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانىنىڭ تەسلىم بولۇشى ۋە ئىجرا قىلىشىدىن باشقا يول يوق.

2 ) بۇ ئارتۇق كۆرۈشتىكى ھېكمەت ۋە ئەقىل لوگىكىسىغا ئۇيغۇنلۇق بولسا، ئاللاھ تەئالا بەخش ئەتكەن جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئۇ تەكلىپ قىلىنغان ئائىلىلارنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە مەسئۇلىيەتنى شىللىسىگە يۈكلەش قابىلىيەتلار ۋە ئۇنىڭغا خاس قىلىنغان سالماقلىق ۋە ھېسسىياتنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيەتلىق ئارتۇقچىلىقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ( يەنى ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قابىلىيىتى جەھەتلەردە ئاياللاردىن ) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر

ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)» (سۈرە نىسا - 34 ئايەت).

3) بۇۋاقنىڭ ئەقىقىسىگە كىشىلەرنى توپلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈنسى-ئۇلپەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىش، كەمبەغەل، نامرات تەبىقىلەر ۋە مەھرۇم قالغان ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ كىرىم مەنبەلىرىنى كۆچەيتىش ئۈچۈندۇر.

## 6 - ئەقىقە قىلىنغان مالنىڭ گۆشىنىڭ سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇشنىڭ يامان كۆرۈلىدىغانلىقى

بوۋاقنىڭ ئەقىقىسىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى، مالنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا بولسۇن ياكى ئەقىقىنىڭ گۆشىنى يېمەكچى بولغاندا بولسۇن، بوغۇزلانغان مالنىڭ سۆڭىكىدىن ھېچنەرسە سۇندۇرۇلمايدۇ. بەلكى، ھەربىر سۆڭەك ئۆز بوغۇمىدىن ئاجرايدىغان بولۇپ، شۇ يەردىن سۇندۇرماستىن ئاجرىتىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئەبۇ داۋۇد جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۈچۈن قىلغان ئەقىدە توغرىسىدا: «ئەقىقىنىڭ بىر پۇتىنى تۇغۇت ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۆزەڭلار يەڭلار، باشقىلارغا تائام قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن سۆڭەكنى سۇندۇرماڭلار» دېگەن.

ئىبنى جۇرەيج ئەتائىنىڭ «بوغۇملاردىن كېسىلىدۇ، سۆڭىكى سۇندۇرۇلمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى مۇنزىر ئەتائىن، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش نەقىل قىلىدۇ.

بۇنىڭدىكى ھېكمەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولۇشى مۇمكىن:

1) سۆڭىكى سۇندۇرۇلمىغان، ئەزالىرىدىن ھېچ نەرسىگە نۇقسان يەتكۈزۈلمىگەن تولۇق ۋە چوڭ بىر پارچە گۆشنى تەقدىم قىلىش بىلەن كەمبەغەللەر ۋە قولۇن-قوشنىلارنىڭ كۆڭلىدە بۇ تائام ۋە بۇ ھەدىيىنىڭ شان-شەرىپى ۋە قەدرى-قىممىتىنى ئىزھار قىلىشى. مانا بۇ خىل تەسەررۇپ قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە بەك ئۇلۇغ، ھەدىيە قىلىنغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى مەردانە ساخاۋەت ۋە ئىززەت-ئىكرام بابىدا بەك كاتتا ئىشتۇر.

2) ئەقىقە بالىغا نىسبەتەن فىدىيىنىڭ ئورنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، بوۋاقنىڭ ئەزالىرىنىڭ ساغلام، بېجىرىم، سالامەت ۋە كۈچلۈك بولۇشىنى ياخشى پال ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىش زۆرۈر بولسا كېرەك. ئاللاھ تەئالا ئالىمراقتۇر.

## 7 - ئەقىقىگە مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ھۆكۈملەر

بۇ يەردە ئەقىقىگە ئالاقىدار بولغان رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھۆكۈملەر بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## • ئەقىقە قىلىنىدىغان مالغا قويۇلىدىغان شەرتلەر

ئۆلىمالار قۇربانلىققا يارىمايدىغان ماللارنىڭ ئەقىقىگىمۇ يارىمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى، قۇربانلىققا يارىغان، قۇربانلىقتا دۇرۇس بولىدىغان نەرسە ئەقىقىدە دۇرۇس بولىدۇ:

(1) قۇربانلىق قىلماقچى بولغان نەرسە تىكە ياكى ئۆچكە بولسا بىر ياشنى تولۇقلاپ، ئىككىنچى يېشىنى قولىغا ئالغان بولۇشى كېرەك، ئەگەر بوغۇزلىماقچى بولغان تىكە پەۋقۇلئاددە چوڭ بولۇپ، بىر ياشلىق تىكىلەر ئارىسىدا تۇرسا پەرقلەندۈرگىلى ۋە ئايرىغىلى بولمىغۇدەك سېمىز بولسا، ئالتە ئايلىق بولسىمۇ بولىدۇ، ئەمما، چىشى ئوغلاق بىر ياشنى تولۇقلاپ ئىككىنچى يېشىنى قولىغا ئالمىغۇچە دۇرۇس بولمايدۇ.

(2) قۇربانلىق ئەيىپلەردىن سالامەت بولۇشى لازىم، مۈشۈنىڭغا ئاساسەن، قارىغۇ، يەكچەشمە، قاتتىق ئورۇق، توكۇر، قۇلىقى، ياكى قۇيرۇقى، ياكى دۈمبىسىدىن ئۈچتىن بىردىن ئارتۇق كېسىلگەن، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن، چوناق ۋە تىتانىس بولۇپ قالغان مال-چارۋىلار قۇربانلىققا يارىمايدۇ.

ئەمما، بۇلاردىن باشقا ئېغىزغا ئالغىلى بولمىغۇدەك ئەيىب-نۇقسانلىرى بار مال-چارۋىلارنى زەبىھى قىلىش دۇرۇس بولىدۇ، مەسىلەن، قۇلىقى يېرىلغان، بىر مۈڭگۈزى سۇنۇپ كەتكەن، ياكى ئۇنىڭ بىلەن ماڭالىغۇدەك دەرىجىدە پۇتى ناكا قىلىنغان (مەسىلەن، ئۈچ پۇتىدا كۆچەپ ماڭىدۇ، ناكا پۇتىدا يەرگە دەسسەيدۇ، لېكىن ئاۋايلاپ ماڭىدۇ)، ياكى ئوت-خەسلەردە يايلاشتىن چەكلەپ قويمىغۇدەك ساراڭلىقى بار، ياكى چىشلىرىنىڭ ئازراقى چۈشۈپ كەتكەن، لېكىن كۆپ قىسمى مەۋجۇت بولغان، ياكى قۇلىقى، ياكى قۇيرۇقى، ياكى ساغرىسى كېسىلگەن بولسىمۇ، ئۈچتىن ئىككى قىسمى ساق بولغان ... دېگەندەك چارۋا-ماللارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ، تىلغا ئالغان بۇ ئەيىب-نۇقسانلار بۇ ماللارنى قۇربانلىق قىلىشتىن مەنئىي قىلمايدۇ.

(3) كالا ۋە قوتاز قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلارغا بۇ ئىككىسى ئىككى ياشنى تولۇقلاپ، ئۈچ ياشنى قولىغا ئالمىغۇچە قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، تۆگە بەش ياشنى تولۇقلاپ، ئالتە ياشنى قولىغا ئالغان بولۇشى شەرت.

## • ئەقىقىدىكى قۇربانلىقتا شېرىكلىشىش دۇرۇس بولمايدۇ

قۇربانلىققا يەتتە ئادەم بىر دانە تۆگىگە شېرىكلىشىش دۇرۇس، لېكىن ئەقىقە قىلىدىغان مال تۆگە ياكى كالا بولسۇن شېرىكلىشىش دۇرۇس بولمايدۇ، ئەگەر شېرىكلىشىش دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارالسا، بالا ئۈچۈن قان تۆكۈشتىن بولغان مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ، بوغۇزلانغان مال بالا ئۈچۈن فىدىيە بولمايدۇ.

## • ئەقىقە دېگەن سۆزنىڭ مەنە - ئۇقۇمى

قوي، تۆگە ياكى كالا زەبىھى قىلىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، تۆگە ياكى كالا قايسىسى بولسۇن پەقەت بىرلا بالا ئۈچۈن بوغۇزلىنىشى شەرت، ئىبنى قەييۇم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر پەرزەنتى ئۈچۈن

بىر دانە تۆگە ئەقىقە قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبى بەكرەت ئوغلى ئابدۇراھمان ئۈچۈن بىر دانە تۆگە ئۆلتۈرۈپ بەسرىلىكلەرگە تائام قىلىپ بەرگەن.

ئەھلى ئىلىملەرنىڭ بەزىسى يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرگە ئاساسەن، ئەقىقىگە قويىدىن باشقىسى دۇرۇس بولمايدۇ دېگەن قاراشتا بولدى. ئەمما، كالا ياكى تۆگە ئەقىقە قىلىشقا بولىدۇ دېگۈچىلەر ئىبنى مۇنزىر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلغان: «ئوغۇل بالا بىلەن ئەقىقە بار، ئۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈڭلار» دېگەن ھەدىسنى نەقىل قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «قان تۆكۈڭلار» دېدى، لېكىن قانداق مالنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى بەلگىلىمىدى. ھەدىسنىڭ كۆرۈنۈشىدىن بوغۇزلىماقچى بولغان مال قوي ياكى كالا، ياكى تۆگە بولسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

## • ئەقىقىنىڭ شەرئىيلەشكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى

قۇربانلىقتا دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار ئەقىقىدىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەقىقىدىن يېيىش، سەدىقە بېرىش ۋە ھەدىيە بېرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئىمام بەيھەقى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ھۈسەيىننىڭ چېچىنى ئۆلچەپ، چاچ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە بەرگىن، تۇغۇت ئانىسىغا ئەقىقىنىڭ بىر پۇتىنى بەرگىن» دەپ بۇيرۇلغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تۇغۇت ئانىسىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئەقىقىنىڭ بىر قىسمى تۇغۇت ئانىسىغا بېرىلىدۇ.

ئەقىقىگە تاماق تەييارلاشنى مەقسەت قىلغان، ئۆزى دوست تۇتقان كىشىلەرنى ئەقىقە داستىخىنىنىڭ تامىقىغا ھازىر بولۇشقا چاقىرغان كىشىلەرگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. فەقىھلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر ۋە قوشنىلار ئوتتۇرىسىدا ئۈلپەت، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەقىقە تامىقى تەييارلاشقا ئىجازەت بەردى. مانا بۇ نۇقتا ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئۈممەتنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقلىقىنى چىڭ تۇتۇشقا، ئۈممەتنى ھەردائىم خىشلىرى بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ مۇستەھكەم تۇرىدىغان بىنا ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## • ئەقىقىنى بوۋاقنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ بوغۇزلاش مۇستەھەبتۇر

ئەقىقىنى بوۋاقنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ بوغۇزلىشى مۇستەھەبتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئىبنى مۇنزىر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بوۋاقنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ بوغۇزلاڭلار، بىسمىللاھ دەڭلار، ئى ئاللاھ ساڭا ۋە سەن تەرەپكە ئاتىدىم، مانا بۇ پالانىنىڭ ئەقىقىسى دەڭلار» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان ھەدىستۇر.

ئەمما، ئەقىقىنى بوغۇزلىغۇچى بوۋاقنىڭ ئىسمىنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئەقىقە كۇپايە قىلىدۇ، مەقسەت ھاسىل بولىدۇ.

## 8 ـ ئەقىقىنى يولغا قويۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ھېكمەت

ئەقىقىنىڭ پايدىسى ۋە ھېكمىتىگە تۆۋەندىكى ھەدىسلەر كۇپايە قىلىدۇ:

1 ) بوۋاقنى ھاياتلىقنىڭ نەپەسلىرىنى سۈمۈرگەن تۇنجى پەيتتە جانابى ئاللاھ تەئالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان قۇربانلىق بولىدۇ.

2 ) بوۋاققا يەتمەكچى بولغان مۇسىبەتلەر ۋە ئاپەتلەرگە فىدىيە بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئىسمائىل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەدىلىگە كاتتا فىدىيە بولغان كۆك قوچقارنى بەرگىنىگە ئوخشاش.

3 ) بوۋاقنىڭ ئاتا-ئانىسىغا شاپائەت قىلىشىغا قارىتىلغان گۆرەدىن ئاجراش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش بولىدۇ.

4 ) ئىسلام شەرىئىتىنى بەرپا قىلالىغانلىقىغا بولغان شاد-خۇراملىقنى ئىزھار قىلىش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەرگە ئۆز ئۈممىتىنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىر قىلىدىغان بىر مۇئمىن جاننىڭ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانلىقىغا بولغان شادىمانلىقنى ئىزھار قىلىش بولىدۇ.

5 ) يېڭى بوۋاقنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئەقىقە داستىخىنىنىڭ تامىقىغا بىرلىكتە كۆپچىلىك بولۇپ قاتنىشىش ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈنسى-ئۈلپەت، مېھىر-مۇھەببەت ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىدۇ ۋە چىڭىتىدۇ.

6 ) ئىجتىمائىي كاپالەت فوندىنى يېڭى كىرىم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۈممەت ئىچىدە ئىجتىمائىي ئادالەت پرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. جەمئىيەتتىكى كەمبەغەللىك، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق ۋە مەھرۇملۇق ھادىسىلىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇن پايدىلىرى ۋە نەتىجىلىرى بار.

### • زىياپەت تائاملىرىنىڭ تۈرلىرى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىسلام شەرىئىتى مەخسۇس ۋاقىتلار ۋە مۇناسىپ كۈنلەردە تەييارلاشقا بەلگىلىگەن داستىخانلار ۋە تائاملارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

( 1 ) قىرا: مېھمانلارغا بېرىلىدىغان تاماق.

( 2 ) تۆھفە: زىيارەت قىلغۇچىلار، يوقلاپ كەلگۈچىلەرگە بېرىلىدىغان تاماق.

( 3 ) خوروس: تۇغۇت تامىقى.

( 4 ) مادوبە: چاقىرىش تامىقى.

( 5 ) ۋەلىيمە: توي تامىقى.

( 6 ) ئەقىيقە: بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بېرىلىدىغان تاماق.

( 7 ) غەدىيرە: خەتنە قىلغاندىكى تاماق.

( 8 ) ۋەزىيمە: مۇسىبەت، ماتەم تۇتقانلارغا بېرىلىدىغان تاماق.

( 9 ) نەفيئە: سەپەردىن كەلگەن كىشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھاردۇق تامىقى.

( 10 ) ۋەكيرە: قۇرۇلۇشتىن بىكار بولغاندىكى تاماق.

## بالىنى خەتنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى

### 1 ـ خەتنە قىلىشنىڭ لۇغەت ۋە شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى ئۇقۇمى

خەتنە قىلىش دېگەن سۆز لۇغەتتە زەكەرنىڭ ئۇچىدىكى تېرىنى كېسىۋېتىش دېگەنلىك بولىدۇ.

شەرئىي ئىستىلاھتا زەكەر مولىلىكىنىڭ ئاستىدىكى ئايلانمىنى ئۈزگەرتىش، يەنى زەكەردىن كېسىۋېتىشكە تېگىشلىك بولغان ئورۇننى كېسىپ تاشلاش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ شەرئىي ھۆكۈملەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئىيلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئىككى خەتنىگاھ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا غۇسۇل ۋاجىب بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

تىبرانىينىڭ بىر رىۋايىتىدە: «ئىككى خەتنىگاھ ئۇچرىشىپ، زەكەر مولىلىكى غايىب بولسا، مەنى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن غۇسۇل چوقۇم ۋاجىب بولىدۇ» دېيىلگەن.

### 2 ـ خەتنە قىلىشنىڭ شەرئىي ئەمەل ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

ھەدىسلەر خەتنە قىلىشنىڭ شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. خەتنە قىلىشنىڭ شەرئىي بەلگىلىمىلىرىنى ئۇقتۇرىدىغان ھەدىسلەر بەك كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكىلىرىنى نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

ئىمام ئەھمەد ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئېغىزغا سۇ ئېلىش، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ چايقاش، بۇرۇتنى قىرقىش، مىسۋاك قىلىش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق تۈكىنى يۇلداش، ئەۋرەتكە ئۇستىرا سېلىش ۋە خەتنە قىلىش قاتارلىقلار پىترەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىككى سەھىھ كىتابتا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پىترەت بەش تۈرلۈك: خەتنە قىلىش، ئەۋرەتكە ئۇستىرا ئىشلىتىش، بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناقلارنى ئېلىش ۋە قولتۇق تۈكلىرىنى ئېلىشتىن ئىبارەت» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

### 3 ـ خەتنە قىلىش ۋاجىبمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

فەقىھلەر بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى.

سۈننەت دېگۈچىلەر ئىمام ھەسەن بەسرى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ھەنبەلىيە مەزھىبىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەردۇر.

ئۇلارنىڭ بۇ توغرىدىكى ھۆججىتى ئىمام ئەھمەد شەدداد ئىبنى ئەۋستىن، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلغان: «خەتنە قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر، ئاياللار ئۈچۈن ئىززەت - ھۆرمەتتۇر» دېگەن ھەدىستۇر.

ئۇلار يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەتنە قىلىشنى يۇقىرىدىكى ھەستە سۆزلەنگەن تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق تۈكنى ئېلىش ... ۋە بۇلاردىن باشقا بىر بۆلۈك سۈننەتلەر بىلەن بىر قاتاردا بايان قىلغانلىقىنى دەلىل قىلىپ، خەتنە قىلىش سۈننەتتۇر، ئۇ ۋاجىب ئەمەس دەپ قارىدى.

ئۇلار يەنە ئىمام ھەسەن بەسرىنىڭ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك، رۇملۇق، پارسلىق ۋە ھەبەشىستانلىق نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ خەتنە قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى تەكشۈرۈلمىدى. ئەگەر خەتنە قىلىش ۋاجىب بولغان بولسا، خەتنە قىلىنمىغۇچە ئۇلارنىڭ ئىسلامى قوبۇل قىلىنمايتتى» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ.

ۋاجىب دېگۈچىلەر شەئبى، رەبىئە، ئەۋزائى، يەھيا ئىبنى سەئىيد ئەنسارى، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى ۋە ئىمام ئەھمەدلەردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام مالىك خەتنە ئىشىدا بەك چىڭ بولۇپ، ھەتتا خەتنە قىلىنمىغان ئادەمنىڭ ئىمام بولۇشىغا سالاھىيىتى يوق، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ مۇجتەھىد ئىماملار خەتنە قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا نۇرغۇن دەلىل - پاكىتلارنى كۆرسەتتى. بىز بۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى نەقىل قىلىش بىلەن بولدى قىلىمىز:

1 ) ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئۇسەيم ئىبنى كولەيبتىن، ئۇ دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، بوۋىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مۇسۇلمان بولدۇم» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈستۈڭدىن كۇفرىنىڭ تۈكلىرىنى تاشلىۋەتكىن ۋە خەتنە قىلدۇرغىن» دېگەن.

2 ) ھەرب «مەسائىل» دېگەن كىتابىدا زوھرىيدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلمان بولماقچى بولغان كىشى گەرچە يېشى چوڭ قېرى ئادەم بولسىمۇ خەتنە قىلدۇرۇشى لازىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ھەدىس گەرچە زەئىپ بولسىمۇ، مۇشۇ مەزمۇندىكى باشقا ھەدىسلەرنىڭ ۋەجھىدىن خەتنە قىلىش مەسىلىسىنى كۈچەيتىدۇ ۋە تايىنىشقا بولىدۇ.

3 ) ۋەكىئى سالىمدىن، ئۇ ئەمرى ئىبنى ھەرمىدىن، ئۇ جابىردىن، ئۇ يەزىدتىن، ئۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: خەتنە قىلىنمىغان ئادەمنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۇ بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ.

4 ) ئىمام بەيھەقى مۇسا ئىبنى ئىسمائىلدىن، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىنىڭ دەستىسىدە «ئىسلامدا خەتنە قىلىنمىغان ئادەمنى خەتنە قىلمىغۇچە بولدى قىلىۋەتمەيمىز» دېگەن خەتنىڭ ئويۇلغانلىقىنى كۆردۇق.

5 ) خەتتابىي دېگەن ئالىم: «خەتنە قىلىش گەرچە يۇقىرىدىكى بىر ھەدىستە سۈننەتلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ۋاجىب دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، خەتنە قىلىش ئىسلامنىڭ شوئارى، خەتنە قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمان بىلەن كاپىر تونۇلىدۇ ۋە ئايرىلىدۇ. ئەگەر خەتنە قىلىنغان بىر نامەلۇم ئۆلۈك خەتنە قىلىنمىغان ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تېپىلسا، خەتنە قىلىنغان ئۆلۈككە مېيىت نامىزى ئوقۇلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. خەتنە قىلىنمىغان ئۆلۈكلەر ئۇنداق قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىرلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ.

6 ) فەقىھلەر ئىچىدىن خەتنە قىلىشنى ۋاجىب دەپ قارىغۇچىلارنىڭ يەنە بىر دەلىلى مۇنداق: خەتنە قىلىنمىغان ئادەمنىڭ تاھارىتى ۋە نامىزى كامىل بولمايدۇ. چۈنكى، خەتنە قىلىنمىغان ئادەمنىڭ زەكەر بېشى خۇددى يېڭى تۇرۇلمىگەن چاپانغا ئوخشايدۇ. كېسىپ ئېلىۋېتىلمىگەن زەكەر بېشى تېرىسى پۈتۈن زەكەر بېشىنى يۆگىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىگە سۈيدۈك تېگىپ قالىدۇ. تاش ياكى چالما بىلەن پاكىزلاش مۇمكىن بولمايدۇ. تاھارەت بىلەن نامازنىڭ ساغلاملىقى خەتنە قىلىشقا قاراشلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئالىملارنىڭ ئاساسلىقى خەتنە قىلىنمىغان ئادەمنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلىشىغا قارشى چىقتى ۋە مەنئىي قىلدى ( ئەمما، بۇنداق ئادەمنىڭ يالغۇز ئوقۇيدىغان شەخسىي نامىزىغا قارىتا سۈيدۈك تامچىلاش كېسىلى بار ئادەمنىڭ ھۆكمىدە ئۆزرىسى بار كىشى قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى ).

7 ) ئاللاھ تەئالا تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىسلام ئۇممىتىنى ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىللىتىگە ئەگىشىشكە ئەمىر قىلىدۇ: «ئاندىن ساڭا ‹باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى ( يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى› دەپ ۋەھيى قىلدۇق» ( 16 ـ سۈرە 123 ـ ئايەت ).

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئۇممىتى ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىللىتىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. خەتنە قىلىش ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىللىتىگە ئەگەشكەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكسەن ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلىنغان» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى بولۇپ مېھماننى مېھمان قىلغان، تۇنجى بولۇپ تامبال كىيگەن، تۇنجى بولۇپ خەتنە قىلىنغان كىشىدۇر. خەتنە قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى، مانا ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەدلەر ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن قالغان تۆت تۈرلۈك سۈننەت بار. ئۇ بولسىمۇ خەتنە قىلىش، خۇشپۇراق ئىشلىتىش، مىسۋاك قىلىش ۋە نىكاھلىنىش قاتارلىقلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇ ھەدىسلەر بالىنى خەتنە قىلىش ۋاجىبتۇر دېگەن قاراشتىكى ئالىملار ھۆججەت قىلغان كۈچلۈك دەلىللەردۇر.

تۆۋەندە بۇ ئالىملارنىڭ خەتنە قىلىشنى سۈننەت دەپ قارايدىغان ئالىملارغا بەرگەن رەددىيەسىنى بايان قىلىمىز:

1 ) سۈننەت دەپ قارىغۇچىلار ھۆججەت قىلغان «خەتنە قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەت، ئاياللار ئۈچۈن ئىززەت ـ ھۆرمەت» دېگەن ھەدىسنى ھەدىس ئەھلى بولغان ئالىملار سەنەد جەھەتتىن زەئىپ ھەدىس دەپ قارايدۇ. فەقىھلەرنىڭ قارىشىدا مەلۇم بولغىنىدەك زەئىپ ھەدىس شەرئىي ھۆكۈملەرنى بېكىتىشتە ھۆججەت بولالمايدۇ. بۇ ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپمۇ پەرەز قىلايلى، ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەتنە قىلىشنى سۈننەت قىلدى ۋە ئۇنى قىلىشقا بۇيرىدى. بۇنداق ئىش ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، سۈننەت دېگەن «يول» دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى دېگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولى، پەيغەمبەر ماڭغان يول دېگەنلىك بولىدۇ. مەن ئۇ كىشى ئۈچۈن مۇنداق ئىشنى سۈننەت قىلدىم، يول قىلدىم دېگەن سۆز ئۇنىڭغا يول سالدىم دېگەن بولىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «خەتنە قىلىش سۈننەتتۇر» دېگىنى ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشنى بەلگىلەنگەنلىكىدۇر دېگەنلىكتۇر.

2 ) ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەتنە قىلىشنى تىرناق ئېلىش، ... غا ئوخشاش سۈننەتلەر بىلەن بىر قاتاردا بايان قىلغانلىقى ئۇنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ دېگەن دەلىلى ساغلام دەلىل ئەمەس. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەزكۇر ھەدىستە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خىسلەتلەر ئىچىدىن ئېغىزنى غەر ـ غەر قىلىش، بۇرۇننى مەز ـ مەزە قىلىشقا ئوخشاش غۇسۇل تاھارەتتە ۋاجىب بولىدىغانلىرى ھەم باردۇر. مىسۋاك قىلىشقا ئوخشاش مۇستەھەب قىلىنىدىغانلىرى ھەم باردۇر. ئەمما، تىرناقنى ئېلىش سۈننەت بولسىمۇ، بەزى چاغلاردا تاھارەتنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن ۋاجىب بولىدۇ. قانداق ۋاجىب بولىدۇ؟ دېيىلسە، تىرناق بەك ئۆسۈپ كېتىپ، تىرناق ئاستىغا كىر، پاسكىنا ۋە مەينەت نەرسىلەر جۇغلىشىپ قالغان بولسا، تاھارەتنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن بۇنداق تىرناقلارنى ئېلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار ھۆججەت قىلغان ھەدىس قۇرلىرى ۋاجىب بولغان نەرسىنىمۇ ۋە مۇستەھەب بولغان نەرسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 ) ئۇلارنىڭ ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھنىڭ سۆزىنى ھۆججەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزىگە قارىتا جاۋاب شۇكى، ئۇلار تەكشۈرۈشتىن بىھاجەت. چۈنكى، ئۇلار خەتنە قىلىنغان، ئەينى دەۋردە بىر پۈتۈن ئەرەبلەر خەتنە قىلىناتتى. بىر پۈتۈن يەھۇدىيلار خەتنە قىلىناتتى. بۇ يەردە ناسارالارلا قالدى. ئۇلارمۇ بۇ جەھەتتە ئىككى پىرقە بولۇپ، بىر پىرقە خەتنە قىلاتتى، يەنە بىر پىرقە خەتنە قىلىنمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن،

مەيلى ئۇلاردىن باشقا كىشىلەر ئىچىدىن بولسۇن، ئىسلامغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «خەتنە قىلىش» دېگەن ئىسلامنىڭ بەلگە-نىشانى دەپ بىلەتتى. ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن غۇسۇل قىلىشقا ئالدىرىغاندەك، خەتنە قىلدۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئىمام ئىبنى قەييۇمنىڭ: «كىشىلەر ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن غۇسۇل قىلىشقا ئالدىرىغاندەك خەتنە قىلىشقا ئالدىرايتتى» دېگەن سۆزى بۇ نۇقتىنى كۆچەيتىدۇ. يۇقىرىدا ئۆتكەن ئۇسەيىم ئىبنى كىلاب بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان، بوۋىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ئىسلامغا كىردىم» دېگەن چېغىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۈستىۋىڭدىن كۇپرىنىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈۋەتكىن ۋە خەتنە قىلدۇرغىن» دېگەنلىكى نەقلى قىلىنغان ھەدىس بىلەن زوھرىي رىۋايەت قىلغان، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلمان بولغان كىشى ياشتا چوڭ بولسىمۇ خەتنە قىلىۋەتسۇن» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان ھەدىسمۇ بۇ نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەردائىم ئۈممەتنى ئۈممەتنىڭ ياخشىلىقى بار، ئۈممەتنىڭ سائادىتى بار ۋە بۇ ئۈممەتنى باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئىمتىيازى بار نەرسىلەرگە يول كۆرسەتتى. لېكىن، ئۇ تەكشۈرۈش، ئاختۇرۇش ۋە تەپتىش قىلىشقا بۇيرۇلمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قوللانغان يولى مۇسۇلمان بولغان، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ تاشقى تەرىپىنى قوبۇل قىلىش، ئىچكى دۇنياسىنى ۋە سىر-ئەسرارلىرىنى ئاللاھ تەئالاغا تاپشۇرغانىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدىن خۇلاسە شۇكى، ھەقىقەتەن خەتنە قىلىش پىترەتنىڭ بېشى، ئىسلامنىڭ بەلگە-نىشانى ۋە شەرىئەتنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، ئۇ ئەركەكلەرگە ۋاجىبتۇر. مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئىسلامدا خەتنە قىلىشقا ئالدىرىمىسا، بالىغ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرىمىسا، ئۇ چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ. مەئسىيەتكە قول ئۇزاتقۇچى بولىدۇ. جىنايەت ۋە ھارامدا توختىغان بولىدۇ. چۈنكى، خەتنە قىلىش ئىسلامنىڭ شوئارلىرىدىن بىر شوئار بولغانلىقى ئۈچۈن، خەتنە قىلىش بىلەن مۇئمىن كاپىردىن ئايرىلىدۇ. خەتنە قىلغۇچى خەتنە سەۋەبىدىن ياخشى بولغان ساغلاملىق بىلەن مەنپەئەتلىنىدۇ. دورا كۈيەش قىلمايدىغان ساقايماس يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ نۇرغۇنىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تەئالا خالىسا ئالدىمىزدىكى سەھىپىلەردە خەتنە قىلىشنىڭ ھېكمىتى ۋە كاتتا پايدىلىرىنىڭ بايانى كېلىدۇ.

## 4 ـ ئايال كىشىمۇ خەتنە قىلىنامدۇ؟

فەقىھلەر ۋە مۇجتەھىد ئىماملار خەتنە قىلىشنىڭ ئاياللار ئۈچۈن مۇستەھەب، ئەرلەرگە ۋاجىب بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. پەقەت ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللا خەتنە قىلىش ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاش ۋاجىبتۇر دېگەن پىكىردە تۇرۇۋالدى. ھالبۇكى، ئۇ رىۋايەت قىلغان ئىككىنچى ھەدىس خەتنە قىلىشنى ئاياللارغا ئەمەس ئەرلەر ئۈچۈن ۋاجىبلىقنى بېكىتەتتى. مانا ئىمام ئەھمەدتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسەن بارلىق مۇجتەھىد ۋە فەقىھ ئالىملار خەتنە قىلىشنىڭ ئاياللارغا مۇستەھەب، ئەرلەر ئۈچۈن ۋاجىب بولىدىغانلىقىغا بىردەك ئويۇشقانىدى. مانا بۇ ھۆكۈم ئۈممەت دەرىجىمۇدەرىجە ياشاپ كەلگەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەۋلادلار

چوڭدىن كىچىكىگە مىراس ئېلىشىپ كەلگەن دىنىي ئەنئەنىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ خەتنە قىلىش ئاياللارغا مۇستەھەب، ئەرلەرگە ۋاجىب دېگەن ھۆكۈم ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسلام ئۈممىتىگە خەتنە قىلىشنى يولغا قويغان، شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىگەن چېغىدا، ئۇنى ئاياللارغا ئەمەس ئەرلەرگە خاس قىلغانىدى. ئاياللارنى خەتنە قىلىشقا بۇيرىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شەدداد رىۋايەت قىلغان «خەتنە قىلىش ئەرلەرگە سۈننەت، ئاياللار ئۈچۈن ئىززەت ـ ھۆرمەتتۇر» دېگەن ھەدىستىن باشقا ھۆججەت يوق. ئەگەر بۇ ھەدىس سەھىھ دەپ قارالسا، بۇ ھەدىس خەتنە قىلىشنىڭ ئاياللارغا ۋاجىب ئەمەس، بەلكى مۇستەھەبلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، «ئاياللار ئۈچۈن ئىززەتتۇر» دېگەن سۆزدە مۇستەھەب بولىدىغانلىقىغا كەسكىن دەلىل بار. ئاللاھ تەئالا ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

ئەرلەرنى خەتنە قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ھېكمەت ئاياللارنى خەتنە قىلىشتىن كېلىدىغان ھېكمەتكە تامامەن ئوخشىمايدۇ: شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ، پايدا جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. بۇنىسى ئۇقۇمۇشلۇق ھەم چۈشىنىشلىكتۇر.

ئىسلام شەرىئىتى نېمىدېگەن كاتتا ـ ھە! كۈنلەر ۋە زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كونىرىمايدىغان، بەلكى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى نېمىدېگەن بۈيۈك ـ ھە!

## 5 ـ خەتنە قىلىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟

ئەھلى ئىلىملەرنىڭ كۆپىنچىسى خەتنە قىلىش بالا بالاغەت يېشىغا كىرەي دەپ قالغان ياشتا ۋاجىب بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پات ئارىدا شەرئىي ھۆكۈملەرگە بويسۇنۇشقا، ئىلاھىي ئەمىر ـ پەرمانغا بويسۇنۇشقا تەكلىپ قىلىنىدىغان بولىدۇ. ئۇ بالاغەت يېشىغا كىرىشتىن بۇرۇن خەتنە قىلىنغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئىبادىتىنىڭ ئىسلام سىزىپ كۆرسەتكەن ساغلام يۆزىلىنىشكە ۋە ئىسلام شەرىئىتى كۆرسەتكەن كۆرسەتمىگە ئاساسەن بولۇشىغا پايدىلىق.

لېكىن، ۋەلىينىڭ ھەقلىرى توغرىسىدا ئەڭ ئەۋزەل بولغىنى خەتنە قىلىش بالا تۇغۇلغان دەسلەپكى كۈنلەردە بولۇشتۇر. بالىغا ئەقىل كىرگەن، ئىشلارنى چۈشەنگىدەك بولغان، ئۆسمۈرلۈك ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش باسقۇچىغا يەتكەندە، بالا ئۆزىنىڭ خەتنە قىلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرسە، ئۆزى ئۈچۈن كەلگۈسىدە خىجالەتچىلىكتىن ھېساب ئاچمايدۇ. ئۆزى ئۈچۈن كۆڭلىدە غەم ـ ئەندىشە تاپمايدۇ. شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئويلاشقا ۋە بىلىشكە باشلىغاندا، ئۆزىنىڭ خەتنە قىلىنىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولغانلىقىنى بىلگەن بۇ بالىنىڭ قەلبى قانچىلىك ھاياجانلىنار، قانچىلىك سۆيۈنەر ـ ھە!

بۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەلىللەيدىغان ھەدىس شۇكى، ئىمام بەيھەقى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئەقىقىسىنى قىلدى ۋە بۇ ئىككىسىنى خەتنە قىلدى.

## 6 ـ خەتنە قىلىشتىكى ھېكمەت نېمە؟

خەتنە قىلىشنىڭ دىنى جەھەتتىن كاتتا ھېكمىتى بار، سەھىيە جەھەتتىنمۇ ئۇلۇغ پايدىلىرى بار. بۇ جەھەتتە ئالىملارنىڭ بايانى، دوختۇرلارنىڭ بايقاشلىرى ۋە دىئاگنوزلىرى بار. بۇنى تۆۋەندە قىسقارتىپ بايان قىلىمىز:

1 ـ خەتنە قىلىشنىڭ دىنىي جەھەتتىكى پايدىلىرى:

1 ) خەتنە قىلىش پىترەتنىڭ بېشى، ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە شەرىئەتنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

2 ) ئاللاھ تەئالا تائالا ئىبراھىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلىغا ئاساسەن يولغا قويغان پاك ئىسلامنىڭ تولۇقلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەنە ئاشۇ پاك ئىسلام تەۋھىد ۋە ئىمان ئەقىدىسى بىلەن دىللارنى بېزىگە بولسا، بەدەنلەرنى خەتنە قىلىش، بۇرۇتنى قىسقارتىش، تىرناقلارنى قىرقىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىش قاتارلىق ئىلگىرىكىلەردىن قالغان پىترەتنىڭ ئالامەت ـ بەلگىلىرى بىلەن بېزىدى.

ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاندىن ساڭا ‹باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى› دەپ ۋەھيى قىلدۇق» ( سۈرە نەھل ـ 123 ئايەت )؛ «ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز» ( سۈرە بەقەرە ـ 138 ئايەت ).

3 ) خەتنە قىلىش مۇسۇلماننى مۇسۇلمان ئەمەس باشقا كىشىلەردىن، باشقا دىنلارغا ئەگەشكۈچىلەر ۋە باشقا مىللەتلەردىن ئايرىيدۇ.

4 ) ئۇ ئاللاھ تەئالاغا بەندە بولغانلىقنى ئىقرار قىلغانلىق، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنغانلىق، ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، ئاللاھ تەئالانىڭ سەلتەنىتىگە بوي ئەگكەنلىك بولىدۇ.

2 ـ سەھىيە جەھەتتىن بولىدىغان پايدىلىرى:

1 ) خەتنە قىلىش پاكلىقنى ۋە پاكىزلىقنى تارتىپ كېلىدۇ. زىننەت، يارىتىلىشتىكى گۈزەللىك ۋە شەھۋەت نورماللىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

2 ) سەھىيە جەھەتتىن ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. خەتنە قىلغۇچى ھەرخىل دورا كۆپ ئىش قىلمايدىغان يوقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە ئاربلاشما كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

دوكتۇر سەبرىل قەبانىي ئۆزىنىڭ «جىنسىي تۇرمۇشىمىز» دېگەن كىتابىدا خەتنە قىلىشنىڭ مۇنداق پايدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

( 1 ) زەكەر بېشىنىڭ تېرىسىنى كېسىپ تاشلاش بىلەن ئىنسان ماي ئېرىتمە كېسەللىكلىرىدىن خالاس بولىدۇ. جاننى ئالىدىغان جىنسىي ئەزا ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرى ۋە ياغ ئېرىپ كېتىش ۋە ئېقىپ كېتىش كېسەللىكلىرىدىن خالاس بولىدۇ. زەكەر سېسىش ۋە بۇزۇلۇش مۇمكىنچىلىكلىرىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ.

(2) زەكەر بېشى تېرىسىنى كېسىپ تاشلاش بىلەن زەكەر يوغىناش جەريانىدىكى زەكەر مولىلىكى يىگىلەش ۋە توختاپ قېلىش كېسەللىكىنىڭ خەۋپ-خەتىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

(3) خەتنە قىلىنغۇچىلاردا زەكەر راكىغا گىرىپتار بولىدىغان ئەھۋاللار ئاز كۆرۈلىدۇ، زەكەر راكى كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زەكەر تېرىسى تار كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەھۋال خەتنە قىلىشنى يولغا قويغان خەلقلەردە كەم كۆرۈلىدۇ.

(4) كىچىك خەتنە قىلىنغان باللاردا كېچىلەردە سىيدۇك تامچىلاش كېسەللىكلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

(5) خەتنە قىلىش ئارقىلىق بالىغ بولغانلارنىڭ ئىشقاپ لەززەتلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەتنە قىلىشنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرى بولۇپ، يۇقىرىدا ئۆتكەنلەرنى سۆزلەش بىلەن بولدى قىلىمىز.

مانا بۇلار ئىسلام شەرىئىتى يولغا قويغان خەتنە قىلىشنىڭ بەزى پايدىلىرى ۋە ھېكمەتلىرى بولۇپ، ئۇنى ھەربىر ئەقىل ئىگىسى بىلەلەيدۇ. ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە شەرىئەتنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى تونۇپ يېتىشنى مەقسەت قىلغان ھەربىر كىشى ئويلاپ تېگىگە يېتەلەيدۇ.

* * * * *

بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىشكە ئالاقىدار بولسۇن، ياكى قۇلىقىغا ئەزان-تەكبىر ئېيتىشقا ئالاقىدار بولسۇن، ياكى ئېغىزلاندۇرۇش ياكى ئەقىقىسىگە ئالاقىدار بولسۇن، ياكى بېشىنى چۈشۈرۈشكە، ياكى ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇشتىكى ھۆكۈملەرگە، ۋەياكى ئۇنى خەتنە قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئالاقىدار بولغان نەرسىلەر بولسۇن، ئوخشاشلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ ھۆكۈملەرنى بېكىتىشتە، مۇشۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى مۇرەببىلەر ئۈچۈن مۇشۇ ھەقىقەتنى بېكىتىدۇ، دىققەت، ئۇ بولسىمۇ پەرزەنتلەرگە تۇغۇلغاندىن باشلاپ كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇ ھاياتلىق نەپىسىنى ئىچىگە تارتقىلى باشلىغاندىن بېرى، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا سەل قارىماسلىق كېرەك دېگەنلىكتۇر.

مانا بۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆكۈملەر بالىغا ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ. بالا ئىككى كۆزىنى ئاچقۇدەك بولغان، ئەتراپىغا نەزەر سالغۇدەك، ئىشلارنى چۈشەنگۈدەك ۋە شەيئىلەرنىڭ تېگى-ماھىيىتىنى چۈشەنگۈدەك بولغاندا، ئۆزىنى، ئىسلامنى كۈندىلىك ھاياتىغا، بارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىگە ئەمەلىي ئويغۇنلاشتۇرۇپ ياشايدىغان، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى ۋە تەلەپ-تەقەززاسى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدىغان مۇسۇلمان ئائىلىدە كۆرسە، بۇنداق بالا ئىسلام شەرىئىتى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرىغان ئىشلارنى بېجىرىشكە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭغان يولدا مېڭىشقا ئالدىرايدۇ، ئەلۋەتتە.

بالا مۇشۇ چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چۈشەنگەن، ئاتا-ئانا ۋە باشقا كىشىلەردىن بولغان مۇرەببىلىرىنىڭ مۇشۇ تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوقۇم ئىسلامنىڭ يىلتىزى چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ، ئىمان تەربىيەسى ۋۇجۇدىغا سىڭىدۇ، ئېسىل، مەكارىم

ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ ئۇقۇملىرى، ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇنداق ئىسلام بوۋاقنىڭ يېڭىدا تۇغۇلغان جەريانلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ ھاياتلىقنى ئۇيلىيالىغۇدەك ۋە چۈشىنەلىگۈدەك باسقۇچلىرىغا بولغان، شەيئىلەرنىڭ تېگى ـ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلىگۈدەك باسقۇچلىرىغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ ۋايىغا يەتكەن، تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ بۈيۈكتۇر.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم! تۆۋەندىكى پەسىللەردە سىز ئىسلام بارلىق مۇرەببىلەر ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا قارىتا زىممىسىگە تاپشۇرۇق قىلىپ چەككەن ئومۇمىي مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرىسىز. سىز بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرلاردا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پەرزەنتلەر تەربىيەسىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانا ۋە بارچە مۇرەببىلەرنى ئۈستىدىكى بالىلىرىغا قارىتا ئۆتەيدىغان تاپشۇرۇقلار، مەجبۇرىيەتلەر، مەسئۇلىيەتلەر ۋە چىگىلمىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا ۋە ھۆددىسىدىن چىقىشقا قانچىلىك سەپەرۋەر قىلغانلىقىنى كۆرىسىز. ئاللاھ تەئالا خالىسا، يۈرىكىڭىزدىكى كېسەلگە شىپا بولىدىغان، تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرىدىغان، مەنھەجنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ۋە يولنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نەرسىلەرنى كۆرىسىز.

# تۆتىنچى پەسىل: بالىلاردىكى ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى تۈزەشنىڭ چارىلىرى

بالىلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە، ھەق يولدىن تېيىلىپ كېتىشىگە، ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە ۋە ئۇلارنىڭ ناچار تەربىيىلىنىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللار بۇ گۇناھ ـ مەئسىيەتكە تولغان جەمئىيەتتە، ئاچچىق رېئاللىقتا، جىنايەتكىرانە ھاياتلىقتا، بۈگۈنكى دەۋردە نېمىدېگەن كۆپ، نېمىدېگەن تولا ـ ھە!

ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ئوراپ، ھەر تەرەپتىن قوچقىغا تارتىپ، ھەممە جايدىن كۆزگە چېلىقىپ، ئۇنى پەردازلاپ گىرىم قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان يامانلىققا تارتقۇچىلار ۋە بۇزۇقچىلىقنى قوزغاتقۇچىلار نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! ئۇلار سانجاق ـ سانجاق بولۇپ رەزىللىكنىڭ ناغرا ـ سۇنايلىرىنى چېلىشماقتا!!!

مۇرەببىلەر بالا سەۋەبلىك ئۆزىگە يۈكلىنىدىغان مەسئۇلىيەت ۋە ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك، بالىلارنىڭ ئۆزگىرىپ ئەسكى، داشقال ئادەم بولۇشىغا تۈرتكە ۋە سەۋەبچى بولىدىغان نەرسىلەرنى بىلەلىگۈدەك، ئۇلارنى تۈزەش ۋە ياخشىلاشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ۋە سايە ـ سەۋەبلىرىنى ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن بولغان ھىدايەت ۋە قەلب كۆزىگە ئاساسەن تونۇيالىغۇدەك ۋە چۈشىنەلىگۈدەك ۋە ئۇلارنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يوللىرىنى چىڭ تۇتقۇدەك سەگەكلىك ۋە ھوشيارلىق سەۋىيىسىدە بولمىسا، بالىلار چوقۇم پات ئارىدا جەمئىيەتتە تۇغەشكەن، كېرەكسىز، بەدبەخ، داشقال كەبى ئادىمىي ھايۋان ئەۋلاد، بىر ئۇچۇم بۇزۇقچىلىق قىلغۇچى، رەزىل، پەسكەش، جىنايەتچىلەر گۇرۇھى بولىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ تەئالا خالىسا، مۇشۇ بۆلەكتە بىز بالىلاردىكى ئۆزگىرىپ يامان ئادەم بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە بۇ ئۆزگىرىشنى تۈزىتىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە توغرىلىق تەپسىلىي توختىلىمىز.

مەقسىتىمىز، ئالدى بىلەن ئۆزى، ئاندىن تەربىيەسى ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىسلامىي ھاياتلىقتا، «قۇرئان كەرىم» سايىسى ئاستىدا، ئىسلامنىڭ ھېكمەتكە تولغان شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىپ، ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ياشاشنى ۋە بىلىشنى خالىغان كىشىلەرگە، ئائىلەرنىڭ ئىگىسى، پادىشاھى ۋە تەربىيەتچىسى بولغان ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەۋلادلارنى ئۆزگىرىپ ناچار ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن ساقلاشقا، جەمئىيەتنى چېچىلىپ كېتىش، باشباشتاقلىق ۋە تۆگىشىپ كېتىشتىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئاساسلارنى بەلگىلىگەنلىكىنى ۋە ھېكمەتلىك مەنھەج تەقدىم ئەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بايان قىلىشتۇر.

ھۆرمەتلىك مۇرەببىلەر (تەربىيەتچىلەر) تەربىيە ئىشلىرىدا ۋە مەسئۇلىيەت مەسىلىسىدە ئاللاھ تەئالا تەرەپتىن بولغان ئىلاھىي يېتەكلەش ۋە ئوپئوچۇق پاكىتقا ئاساسلىنىشىڭلار، بالىلاردىكى ناچارلىشىپ كېتىشكە ئىسلام نۇرىغا ئاساسەن چارە-تەدبىر قوللىنىشىڭلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇردۇق:

## 1 - قىسمەن ئائىلىلەرگە قارا تۇمان تاشلىغان كەمبەغەللىك

ھەممىگە مەلۇمكى، ئائىلىدە قورساق تويغۇدەك غىزا، ئۈستى-بېشىنى يۆگىگىلى يەتكۈدەك كىيىم، زۆرۈر ئېھتىياجلارنى قامدىغۇدەك ھاياتلىق كاپالىتى تاپالمىغان ۋە بۇلارغا ئېرىشەلمىگەن، ئۆز ئەتراپىدىن تۇرمۇشقا يەتكۈدەك نەرسىلەر بىلەن ياردەم قىلىدىغان، بېرىدىغان، ھاياتلىق سەۋەبلىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە بولسىمۇ تەمىن ئەتكۈدەك ئادەملەرنى ئۇچرىتالمىغان، قاچان قارىسا ئەتراپىدا كەمبەغەللىك، نامراتلىق، جاپا-مۇشەققەت ۋە مەھرۇملۇق قاتارلىقلارنى كۆرگەن بالىلار چوقۇم ھاياتلىق سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ، رىزىق كەينىدىن سەۋەب قىلىش باھانىسى بىلەن ئۆيدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇلارنى ھەرخىل جىنايەتكارانە، خىيانەتكارانە، گۇناھكارانە يامان قوللار، ئەسكى ئادەملەر چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىلارنى ئەڭ قورقۇنچلۇق يامانلىقلار ۋە ئۆزگىرىپ كېتىشلەر تەرەپ-تەرەپتىن قورشايدۇ. ئاخىرى بۇنداق بالىلار جەمئىيەتتە جىنايەتكارانە ئادەم بولۇپ يوغىنايدۇ. كىشىلەرنىڭ جانلىرى، ماللىرى ۋە يۈز-ئابرۇيىغا خېيىم-خەتەر، پەۋقۇلئاددە ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ.

### • ئىسلام دىنى كەمبەغەللىككە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئۇل-مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلغان

ئىسلام دىنىمىز ئۆزىنىڭ ئەدلى-ئادالەت جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئادىل شەرىئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كەمبەغەللىككە جەڭ ئېلان قىلىدىغان، ئۇنى تۈگىتىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسلارنى بەلگىلەش بىلەن بىرگە، ھەربىر ئادەمگە ئېسىل ۋە مەردانە ھاياتلىقتا ياشاش ھوقۇقىنى

قارار قىلدى، ھەربىر شەخسكە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ تۇرالغۇ، تاماق ۋە كىيىم-كېچەك تەمىن ئېتىدىغان نەرسىلەرنى شەرئىي بەلگىلىمە قىلىپ بېكىتتى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن ئاخىرى كەمبەغەللىككە خاتىمە بېرىدىغان ۋە ئۇنى تۈگىتىدىغان ئەمەلىي ئۇسۇللارنى سىزىپ كۆرسەتتى، مەسىلەن، ئىشلەش ئىقتىدارى بار، لېكىن ئىش تاپالمىغان كىشىلەرگە ئىش تېپىپ بېرىش ۋە ئىشلەش يوللىرىنى تەمىن ئېتىش، ... ئىشلەش ئىقتىداردىن قالغانلارغا بەيتۇلمال (ئاللاھ تەئالانىڭ مالىيىسى، ئىسلام مالىيىسى)دىن ئائىلىق مائاش تارقاتقانغا ئوخشاش، شەرتسىز ۋە مىننەتسىز ھالدا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تارقاتقانغا ئوخشاش، شۇنداقلا ئائىلىسى ۋە باللىرى بار ھەربىر ئاتا بولغۇچىغا ئائىلە تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يېتىملەرگە گۇرۇھىغا رىئايە قىلىش، تۇل ئاياللار ۋە بوۋايلار تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قانۇن يولغا قويغانغا ئوخشاش قانۇن-لاھىيىلەرنى بېكىتتى ۋە ئىجرا قىلدى.

يۇقىرىدىكى شەكىللەر ئارقىلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداپ قالدى، ئۇلارغا ئەۋزەل تۇرمۇشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەردى، بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇن ۋاستىلەر ۋە ھۆكۈملەر بولۇپ، ئەگەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ۋە ئىجرا قىلىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتسە، جەمئىيەتتە باللارنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ ئەسكى ۋە ناچار ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭ، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە زايە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرى تۈگىشەتتى، ئاخىرى كەمبەغەللىك، نامراتلىق، تراگېدىيە، خاپىلىق ۋە مەھرۇملۇقنىڭ بارچە ئالامەتلىرى تۈگەيتتى[1].

## 2 - ئاتا-ئانىلار ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرا ۋە چېقىشالماسلىق

باللارنى ئۆزگىرىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، ئائىلە ئەزالىرى ئۆيگە جەم بولغاندا ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدىغان ئۆكسىمەيدىغان جېدەل-ماجىرا، تاراڭ-تۇرۇڭ، قاپاق ئۈششۈرۈك ۋە يىرىكچىلىكنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشىدۇر.

ئائىلە ئەزالىرى جەم بولغاندا ئائىلە مۇھىتىدا قاتتىق-قۇرۇق گەپ-سۆزلەر، كېلىشەلمەسلىك كۆپ يۈز بەرسە، ئائىلىدە كۆزى ئېچىلغان باللار كۆز ئالدىدا ھەردائىم ئاتا-ئانىسىنىڭ كېلىشەلمىگەنلىكىنى كۆرسە، خۇسۇمەت ۋە جېدەل-ماجىرالارنى كۆرسە، بۇنداق باللار ئەلۋەتتە كەسكىن ھالدا بۇنداق قارا بۇلۇت داۋاملىق قاراڭغۇ تاشلاپ تۇرىدىغان جانغا جاپا ئائىلە مۇھىتىنى تاشلايدۇ، بۇنداق ۋابا كېسەلى تارقالغان ئائىلىدىن قاچىدۇ، ئاساسلىق ۋاقىتلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزۈش، بوش ۋاقىتلىرىنى بىرگە ئويناپ تۈگىتىش ئۈچۈن ئاغىنە، دوست ۋە ھەمراھلارنى ئىزدەيدۇ، ئەگەر بۇ بالا ئاغىنىلەر ناچار ئاغىنىلەر ۋە يامان ھەمراھلار بولسا، بالا ئەلۋەتتە بۇ ئاغىنىلەرگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ئۆزگىرىدۇ، دەرىجمۇ-دەرىجە ئەسكىلىككە تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن ئەخلاقى رەزىللىشىدۇ، قەبىھ ئادەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ، پەسكە قاراپ توختىماي سىرغىيدۇ، بەلكى، ئۇنىڭ ئەسكىلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئاز بولسا ئۆلگىيىدۇ، جىنايى قىلمىشلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ، ئۇ ئاخىرىدا شەھەرلەرگە ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ

(1) «ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت» دېگەن كىتابىمىزغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

www.uyghurkitap.com

بەندىلىرىگە بالايى ـ ئاپەت ۋە خېيىم ـ خەتەر ئەكېلىدىغان مەنبەگە ئايلىنىدۇ.

ئىسلام ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھېكمەتكە تولغان پرىنسىپلىرى بىلەن تۇيۇق قىلماقچى بولغان يىگىتكە ئۆمۈرلۈك جۈپتى بولغان ئايالنى ياخشى تاللاش توغرىسىدا ئۆزگەرمەس، مۇستەھكەم مەنھەجنى سىزىپ كۆرسەتتى. شۇنداقلا، تۇيۇق تەلەپ قويۇلغان خانىمنىڭ ۋەلىيلىرىگىمۇ قىزى ياكى ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپتىنى تاللاشتا ئەڭ ياخشىسىنى تاللاشتىن ئىبارەت ئەۋزەل يولنى كۆرسەتتى. مانا بۇ قېتىرقىنىپ كۆڭۈل بۆلۈشلەر ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، مېھىر ـ مۇھەببەت، ئۆزئارا چۈشىنىش، يول قويۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە بۇنىڭغا سوغدىشىپ ئائىلىۋى مۇشكىلاتلارنى پەيدا قىلىدىغان، ئادەتتە ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان ئەر ـ ئاياللىق جېدەل ـ ماجىرالىرىغا سەۋەب بولىدىغان ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ساقلىنىش ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈشتىن، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئۆمۈرلۈك جۈپتى، ھاياتلىقنىڭ رەپىقىسى بولغان ئەر ـ ئايالنى ياخشى تاللاش توغرىسىدىكى ساغلام ئاساسلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغانىدۇق.

مانا بۇ ئاساسلار بەخت ـ سائادەتلىك ئۆيلەر ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش، كۆيۈنۈش، يول قويۇش ۋە سۆيۈنۈش جەھەتلەردە نەمۇنە بولالايدىغان ئۈلگىلىك ئائىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئەڭ كاتتا ئاساسلار ھېسابلىنىدۇ.

## 3 ـ ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى ئاجرىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان كەمبەغەللىك

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بالىنى ئۆزگىرىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، ئاجرىشىپ كېتىش ھالەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغان چېچىلىپ كېتىش ۋە زايا بولۇپ كېتىشلەر، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان پارچىلىنىش ۋە جۇدا بولۇشلاردۇر.

مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى، بالا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان، ئىللىق قۇچاق، مامۇق قوللارغا موھتاج بولغان چېغىدا، ئۆزىگە كۆيىنىدىغان، سۆيۈپ ئەركىلىتىدىغان، راھەت ئۈچۈن، ئۇماققىنە ئۇخلىشى ئۈچۈن ئۆز راھىتىدىن كېچىدىغان مېھرىبان ئانىسىنى تاپالمىغان، ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، رىئايە قىلىدىغان، بارلىق ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالىدىغان پاسىبان دادىسىنى تاپالمىغان بالا، چوقۇم جىنايەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەسكى ـ پەسكىلىككە خۇمار بولىدۇ.

تالاقنى بېرىلگەن ئايالنىڭ يەنە باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشى ئىشنىڭ يامانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. چۈنكى، باللار ئاساسلىق ئەھۋاللاردا چېچىلىپ كېتىشكە ۋە تۈگىشىپ كېتىشكە قىستىلىدۇ.

ئانىنىڭ تالاقنى بېرىلگەندىن كېيىنكى كەمبەغەللىك ۋە نامراتلىق قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە قالغان ئانا ئۆزى ۋە باللىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئائىلە سىرتىدا ئىشلەشكە

مەجبۇر بولىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى ئائىلە تاشلىنىپ قالىدۇ دېگەنلىكتۇر، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، قۇش چۈجىلىرىگە ئوخشايدىغان باللار كوچا-كويلارغا تاشلىنىدۇ، ئۇلارنى كۆنلەرنىڭ پىتنىلىرى ۋە كېچىلەرنىڭ ھادىسىلىرى ئۇيان-بۇيان ئۇرۇپ كېرەكتىن چىقىرىدۇ، ئۇلار رىئايە قىلىنماستىن، غەمخورلۇق قىلىنماستىن چوڭىيىدۇ، ئاتىنىڭ مېھرىنى، ئەھمىيەت بېرىشىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئانا مېھرى، ئانا كۆيۈمى، ئانا غەمخورلۇقى ۋە ئانا مەسئۇلىيىتىنى كۆرۈپ باقماي، ئانا مېھرىنى ئېتىپ باقماي چوڭىغان بۇ ئەۋلادلاردىن نېمىنى كۈتىمىز، نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىمىز؟!

ئەتراپىغا ئۈمىد ۋە بىچارىلىك بىلەن قارىغاندا، ئاچلىقىغا دال بولغىدەك تاماق، سوغۇققا دال بولغۇدەك، ئەۋرىتىنى يۆگىگۈدەك كىيىم، ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە راھەت-پاراغەت ئارامگاھى بولىدىغان، ساغلاملىقنى ساقلايدىغان تۇرالغۇ تاپالمىغان باللار ئاتا-ئانىسى بار، كۆيۈمچانلىرى بار ئاغىنىلىرى، تەڭتۇشلىرى نازۇ-نېمەتتىن يۈزلىرى مايلاشقان، ئاق ھورنانىدەك سېمىز، ئۇستىبېشى رەتلىك، جاپا-مۇشەققەت دېگەننى ئەسلا بىلمەيدىغان باللارنى كۆرىدۇ، بۇلارنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن قورسىقى كوركىرايدۇ، زېمىستان سوغۇقلاردا كېچىنى تونۇرلاردا، ئاللىقانداقتۇر بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا غال-غال تىترەپ ئۆتكۈزىدۇ، كۈندۈزلىرى بولسا، ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدىن تۆكۈلۈك ئېچىلىپ قالغان، ياماق چۈشمىگەن يېرى قالمىغان ئەسكى-تۈسكىلەر ئىچىدە ئۆلەر ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزىدۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن «بالا ئوغرى»، «ھارامى»، «كوچا بالىسى» دېگەندەك ئىزا-ئاھانەتلەر ۋە تىل-ھاقارەتلەرنى ئاڭلايدۇ.

توغرا، بىز بۇ باللاردىن نېمىنى ئۈمىد قىلايلى، ئۇلاردىن ئەسكىلىشىپ قېلىش، بۇزۇقچىلىق، ناچارلىق، كىشىلەرنى خەۋپسىرىتىدىغان بۇزغۇنچىلىقتىن باشقىنى كۈتەلمەيمىز!

ئاللاھ تەئالا ساقلىسۇن، بۇنداق باللار ئارىسىدا ياخشى باللار بەك ئاز.

## • ئەر-ئايالنىڭ ئىسلامدىكى ھوقۇقلىرى

ئىسلام ئۆزىنىڭ توغرا يول كۆرسەتكۈچى پرىنسىپلىرى بىلەن ئەر-ئايال ئىككىلىسىنى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرىدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئاقىۋەتى مەدھىيىلەشكە ئەرزىمەيدىغان نەتىجىلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇردى، بۇ ھەق ۋە كۆرسەتمىلەرنىڭ جۈملىسىدىن:

1) ياخشى ئىشلاردا ئايال كىشى ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك، ئىمام بەززارى ۋە ئىمام تىبرانى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بىر قېتىم ئاياللار بىر جايغا توپلىشىپ، ئۇلار ئىچىدىن بىر نەچچە ئايالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇ ئاياللار: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىز ئاياللار تەرىپىدىن سېنىڭ قېشىڭغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز، ئاياللار سەندىن مۇنداق بىر ئىشنى بىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: مانا بۇ جىھاد، ئاللاھ تەئالا ئۇنى ئەرلەرگە پەرز قىلدى، ئەگەر ئۇلار جىھادقا قاتنىشالىسا ئەجرى-مۇكاپاتقا نائىل بولىدۇ، ئەگەر ئۆلتۈرۈلسە، ئۇلار ھايات بولىدۇ، رەببىنىڭ دەرگاھىدا رىزقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەمما، بىز ئاياللار جامائەتتى بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى

www.uyghurkitap.com

قىلمىز، باللىرىنى باقمىز، بىزگە ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن بىرەر نەرسە بارمۇ؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئاياللاردىن ئالدىڭغا ئۇچراتقان كىشىلەرگە ئېيتقىنكى، ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇستىدىكى ئەرنىڭ ھەققىنى تونۇشى شۇنىڭغا تەڭلىشىدۇ (يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ ئەجرىگە تەڭ كېلىدۇ)، ئاراڭلاردىن شۇنداق قىلالايدىغانلار بەك ئاز» دېدى.

2) ئايال كىشى ئۇچۇن ئەرنىڭ مېلىنى ۋە ئۆزىنى ساقلىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىشىدۇر. ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئەر كىشى كان قىلىپ ساقلايدىغان (ياكى كان ئورنىدا كۆرسە بولىدىغان) نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ سالىھ ئايالكى، ئېرى ئۇنىڭغا قارىغاندا خۇشال قىلىدۇ، بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن غايىپ بولۇپ سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە، ئەرنىڭ مېلىنى ۋە ئۆزىنى ئەر ئۇچۇن ساقلايدۇ» دېگەن.

3) ئېرى چۈشەككە كېلىشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇنىماي تۇرىۋالماسلىقى كېرەك. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەر ئايالىنى چۈشەككە كېلىشكە چاقىرغان، ئايال كىشى كېلىشكە ئۇنىمىغان، ئەر بۇ ئايالغا ئاچچىقلانغان ھالدا ياتقان بولسا، پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە بۇ ئايالغا لەنەت ئوقۇيدۇ» دېگەن.

4) ئەر كىشى ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك، كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ» (سۈرە بەقەرە -233 ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش ئۇچۇن خوتۇن-باللىرىغا نەپىقە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۇستىگە ئېلىشى ۋە تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھ تەئالادىن قورقۇڭلار، چوقۇمكى سىلەر ئۇلارنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئامانىتى سۈپىتى بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالدىڭلار، ئۇلارنىڭ پەرجىلىرىنى ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزى بىلەن ھالاللىدىڭلار، ئۇلار ئۇچۇن سىلەرنىڭ ئۇستۈڭلاردا ئۇلارغا ئىنساپ بىلەن رىزىق تېپىپ بېرىش، كىيىم-كېچەك بېرىش قاتارلىق (ھەقلىرى) بار» دېگەن.

5) ئەر بولغۇچى ئۆي ئىشلىرىدا ئايالغا مەسلىھەت سېلىشى ۋە كېڭەشىشى كېرەك. ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىزلار توغرىسىدا ئاياللارغا مەسلىھەت سېلىڭلار (يەنى قىزلارنى ياتلىق قىلىش ئىشىدا ئاياللار بىلەن كېڭەشىڭلار)» دېگەن.

6 - ئەر كىشى ئايالىنىڭ بەزى نۇقسانلىرى ۋە ئەيىبلىرىدىن كۆزىنى يۇمۇشى، بولۇپمۇ ئايالدا بۇ نۇقسانلىقنى يۆگەپ كەتكۈدەك ئېسىل-ئەخلاق پەزىلىتى ۋە ياخشىلىقى بولسا، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك قىلىشى كېرەك. ئۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئەر مۇئمىنە ئايالنى ئۆچ كۆرمىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭدىكى بىر خۇلقنى يامان كۆرسە، ئۇنىڭ يەنە بىر خۇلقىغا قاراپ رازى بولىدۇ (يەنى ئۇنىڭ يەنە بىر خۇلقىدىن سۆيىنىدۇ)».

7 ـ ئـەر كىشى خوتۇنى بىلـەن چىرايلىـق تۇرمـۇش كەچۈرۈشى، ئويۇن ـ چاقچـاق قىلىششى ۋە ئوينىششى كېـرەك. بـۇ ھەقتـە ئاللاھ تەئـالا تائـالا مۇنـداق دەيدۇ: «ئـۇلار بىلەن چىرايلىقچـە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگـەر ئۇلارنى ياقتۇرمىسـاڭلار (سـەۋرى قىلىـڭلار)، چۈنكى سـىلەر ياقتۇرمايدىغـان بىـر ئىشـتا ئاللاھ تەئـالا كـۆپ خەيرىيەتلەرنـى پەيـدا قىلىشى مۇمكىـن» (سـۈرە نىسـا ـ 19 ئايـەت).

بـۇ ھەقتـە يەنـە پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «سـىلەرنىڭ ئـەڭ ياخشـىلىرىڭلار ئـۆز ئەھلىگـە ئەڭ ياخشى بولغانـلاردۇر. مـەن بـۇ جەھەتتـە سـىلەرنىڭ ئـەڭ ياخشـىڭلارمەن» دېگـەن (ئىبنى ماجـە ۋە ھاكىـم رىۋايـەت قىلغان).

ئىمـام بۇخـارى ۋە ئىمـام مۇسـلىملار رىۋايـەت قىلغـان بىـر ھەدىسـتە، پەيغەمبـەر ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھاغـا مەسـجىد سەيناسـىدىكى ئويۇننـى كۆرسـەتكەنىدى. پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئالقىنىنى ئىشـىككە قويـۇپ، قولىنى سـوزۇپ تۇرغـان، ئائىشـە يۈزىنى پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ دولىسـىدا قويـۇپ ئويۇننـى كۆرگەنـىدى. مۇشـۇ جەھەتتىـن ئىمـام بۇخـارى ۋە ئىمـام مۇسـلىملار پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمدىن رىۋايـەت قىلغـان يەنـە بىـر ھەدىسـتە: «مۇئمىنلەرنىـڭ ئىمـان جەھەتتـە ئـەڭ كامىلى خۇلقلىـرى ئـەڭ گـۈزەل بولغـان ۋە ئـۆز ئەھلىگـە ئـەڭ كۆيۈمچـان بولغانـلاردۇر» دېگـەن.

ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد ۋە ئىمـام نەسـەئىي مۇنـداق رىۋايـەت قىلـدۇ: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنها بىلـەن يۈگۈرۈشـتە مۇسابىقىلىشـەتتى. بەزىـدە ئائىشـە ئۇتـۇپ كېتەتتى، بەزىـدە پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئۇتـۇپ كېتەتتى. پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «مانـا بـۇ ئالدىنقى قېتىمدىكىگـە تـەڭ» دەيتتى.

شـۇنچە كۆچلـۈك، تـاش يـۈرەك، ھۆكـۈم ۋە ئادالەتتـە قەتئىـي، كەسـكىن ۋە قاتتىـق قـول ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ: «ئـەر كىشى ئەھلى ئىچىـدە ئۇنسى ـ ئۈلپەت ۋە يۇمشـاقلىقتا سـەبىي بالىغـا ئوخشـاش بولۇشـقا تېگىشـلىك. جامائـەت ئىچىـدە بولغانـدا ھەققىـي ئەركـەك بولۇشـى كېـرەك» دەيتتى.

8) رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمگە ئەگىشـىش يۈزىسـىدىن ئـۆي ئىشـلىرىدا ئايالىغـا ياردەملىششـى لازىـم. ئىمـام تىبرانـى مۇنـداق رىۋايـەت قىلـدۇ: كىشـىلەر ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن: «پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئـۆي ئىچىـدە نېمـە ئىشـلارنى قىلاتتـى؟» دەپ سـورىغاندا، ئـۇ: «سـىلەرنىڭ بىرىڭلارغـا ئوخشـاش ئىشـلارنى قىلاتتـى. ئەپكـەش كۆتۈرەتتـى، تۆگىنى ساغاتتى. ئـۆز ئەھلىنىـڭ مۇشـەققەت ـ مېھنىتىدە خىزمـەت قىلاتتـى. ئاياللىـرى ئۈچـۈن گـۆش پارچىلايتتى، ئۆي ئىشـلىرىنى تۈرغۈزاتتى، ئۆي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشـلىرىغا ياردەملىشـەتتى» دەپ جـاۋاب بەرگـەن.

مانـا بـۇلار ئىسـلام ئەر ـ ئايـال ھەربىرىنىـڭ ئۈستىگە ۋاجىـب قىلغـان تاپشـۇرۇقلارنىڭ ئـەڭ مۇھىملىـرى بولـۇپ، رىئاللىققـا ئۇيغـۇن ۋە ئادىـل بولغـان ھەقلـەردۇر. بـۇ ھەقلەرنـى ئـەر ۋە ئايالنىـڭ ھەربىـرى ئىجـرا قىلغانـدا ئايرىلىـپ كېتىـش ئورنىغا كېلىشـىپ قېلىـش، چىقىشـىش دەسسـەيدۇ. ئـۆچ كـۆرۈش ئورنىغا مۇھەببـەت ۋۇجۇدقـا چىقىـدۇ.

پۈتـۈن ئائىلـە ئـەڭ مۇكەممـەل ۋە گـۈزەل ھالەتتىكـى بەخت-سـائادەت، ئۆزئـارا چۈشـىنىش ۋە كۆڭلـى جايـدا، ئىشـلىرى رېتىملىـق ھالـدا تۇرمـۇش كەچۈرىـدۇ. ئائىلىنـىڭ ساپلىقى ۋە سـۈزۈكلىكىنى لېيىتىدىغـان، غۇۋالاشـتۇرىدىغان ھادىسـىلەر، بـىرى يەنـە بىرىگـە يامانلىـق قىلىدىغان ئەھۋالـلار مۇمكـىن بولمايـدۇ.

## • تالاق قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش

ئەرنىـڭ خۇلقـى ناچـار بولغانلىـق ياكـى ئايالنىـڭ ئەخلاقـى يامـان بولغانلىقتـىن ئىككىسـى ئوتتۇرىسـىدا كېلىشەلمەسلىك، چىقىشالماسلىق يـۈز بېرىـپ بـىر ئۆيـدە ئولتـۇرۇش قىيـن بولغان ئەھۋالـدا، ئۆزئـارا ئىناق-ئىتتىپاق تۇرمـۇش كەچـۈرۈش ھالىتى مۇمكـىن بولمـاي قالغـان ئەھۋالـدا، ئايال كىشى ياقىسـىغا ئېسىلىپ كۈنـدە نەچچە رەت سـۆز-تالاق تەلـەپ قىلسـىمۇ، ئـەر كىشى ئۇنىڭ تالىقىنى بېرىشتىن مۇكەممـەل ھالـدا ئېھتىيـات قىلىشى لازىـم. مانا بـۇ ئېھتىياتـلار تۆۋەندىكىـدەك بولىـدۇ:

1) ۋەز-نەسـىھەت قىلـىش، توغـرا يـول كۆرسـىتىش: بـۇ ئاللاھ تەئالانى ئەسلىتىشنىڭ جۈملىسـىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئالـلاھ تەئالانـى ئەسـلىتىش مۇئمىنلەرگـە مەنپەئـەت قىلىـدۇ. شـۇڭا، بـۇ «ۋەز-نەسـىھەت قىلغـىن، ھەقىقەتـەن ۋەز-نەسـىھەت مۇئمىنلەرگـە مەنپەئـەت قىلىـدۇ» دېگـەن ئايەتكـە ئەمـەل قىلغانلىـق بولىـدۇ.

2) ياتـاق ئايرىـش: بـۇ روھـي ئـازاب، مەنىۋىي جـازا بولـۇپ، بـۇ ئارقىلـىق ئايال كىشـى توغرىسـىغا قايتىشـى مۇمكىن.

3) يارىلاندۇرماسـتىن يەڭگىـل ئـۇرۇش: ئەگـەر ئـەر ئايالىغـا تايـاق كار قىلىـدۇ دېگـەن ئويـدا بولسـا، قاتتىـق بولماسـلىق، ئايالنىـڭ بەدىنىـدە ئىزنـا، كـۆك، ئىششـىق، زىـدە، يـارا دېگەندەكلەرنى قالدۇرماسـلىق شـەرتى بىلـەن، شـۇنداقلا يـۈزى، كۆكسـى ۋە قورسـىقى قاتارلىـق ئەزىيەتكـە ئېغىـر ئۇچرايدىغـان ئەزالارغا ئۇرماسـلىق شـەرتى بىلـەن يەڭگىـل ئۇرۇشـقا بولىـدۇ. مانـا بـۇ شـەرتلەر ئاغرىتىـش، ئازابلاش، ئەزىيـەت بېرىـش ۋە دەردلەندۈرۈشـتىن بەكـرەك تەھدىـت سېلىشـقا يېقىنـدۇر. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئۈممەتكـە ئـەڭ ياخشـى ئۈلگـە، نەمۇنـە كۆرسـەتكۈچى بولـۇپ، ئـۇ ھەرگـىز بىرمـۇ ئايالنـى ئـۇرۇپ باقمىغـان. سـەئىد ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانـىڭ: «رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئـۆز قولـى بىلـەن بـىرەر ئايالنـى ئـۇرۇپ باقمـىدى، خىزمەتچىسـىنى ئـۇرۇپ باقمـىدى، ئالـلاھ تەئالانـىڭ يولـدا جىھـاد قىلغانـدىـن باشـقا ئەھۋالـدا ھېچكىمنـى ئـۇرۇپ باقمـىدى» دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ.

ئىبنـى سـەئىد بـىر ئايـال پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ قېشـىغا ئېرىنـىڭ يۈزىگـە ئۇرغانلىقـى توغرىسـىدا شـىكايەت قىلىـپ كەلگەنـدە، ئـۇ بـۇ ئايالنـىڭ ئېرىگـە: «سـىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالىنـى قۇلنـى ئۇرغانـدەك ئۇرىـدۇ، ئانـدىن ئۇنـى خىجىـل بولمـاي قوچاقـلاپ چاپلىشـۋالىدۇ» دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ.

4) ئامـال بولمىغـان، قىلمىغـان چارە-تۇسـۇل قالمىغانـدا ھۆكـۈم چىقىرىشـقا مەجبۇرلىنىـدۇ: بـۇ دېگەنلىـك ئەر-خوتـۇن ئوتتۇرىسـىدىكى بـۇ ئىتتىپاقسـىزلىق، كېلىشەلمەسـلىككە ئـەر تـەرەپ ۋە ئايال تەرەپتـىن ئەقىللىق، ئادىل،

ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەر ئارىلىشىپ ، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن، كېلىشەلمەسلىك پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقلارنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئىككىسى ئوتتۇرىسىغا ئىسسىقچىلىق، ئىناقلىق، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە يول قويۇشۇش قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ ۋە مۇرەسسە قىلىنىدۇ. تالاق، ئاجرىشىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بۇ ئۇسۇل كارغا كەلسە ئەجەب ئەمەس. مانا بۇ زۆرۈر ئېھتىياتلارغا ئەمەل قىلىشنى ئاللاھ تەبارەك ۋەتەئالا كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ( يەنى ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن ) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرىپ قىلغانلىقىدىندۇر ( يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر ). ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللاھ تەئالانىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر. سىلەر سەركەشلىكىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، ( بۇ ئۈنۈم بەرمىسە ) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، ( بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە ) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر ( ئاللاھ تەئالا ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ ). ئەگەر ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئاللاھ تەئالا ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» ( سۈرە نىسا 34 ـــ 35 ـ ئايەتلەر ).

ئەگەر بۇ ئاماللار ۋە باسقۇچلاردىن كېيىنمۇ ئەپلىشەلمەي قالسا، جىما قىلمىغان پاكلىق ئىچىدە بىر تالاق قىلىدۇ، بىر تالاق بىلەن ئەر-ئاياللىق ھاياتىنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە پۇرسەت قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر ( ئۇ ) ئۇنى ( يەنى خوتۇنىنى ) ( ئۈچ قېتىم ) تالاق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇن باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ. كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن ( ئىددىتىنى توشقۇزۇپ )، ئاللاھ تەئالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىسا ( يەنى قايتا ياراشسا ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىسا )، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تەئالا ئۇنى بىلىدىغان ( ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى پەملىيەلەيدىغان ) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ» ( سۈرە بەقەرە ـ 230 ئايەت ).

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھېكمەتكە تولغان دىنىمىز ئىسلام تالاق يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن توسۇپ قالىدىغان ۋە ئالدىنى ئالىدىغان زۆرۈر ئېھتىيات پرىنسىپلىرىنى يولغا قويىدى. نېمە ئۈچۈن يولغا قويىدى؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئەر-ئايال ۋە بالىلارغا كېلىدىغان خېيىم-خەتەر ۋە ئاقىۋىتىنى تىلغا ئېلىشتىن سەسكىنىدىغان يامان نەتىجىلەرنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تالاقنى ھالاللار ئىچىدىن ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ يامان كۆرۈنىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېيتىقىنىدىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان (ئاللاھ تەئالا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان) ھالال تالاقتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

## • دۆلەتنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيىتى بار

تالاق يۈز بەرگەن، ئاجرىشىش رېئاللىقا ئايلانغان ئەھۋال ئاستىدا تالىقى بېرىلگەن ئايال ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ پەرزەنتلەرنىڭ بەختسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەرنىڭ گەدىنىگە مەنپەئەتلەنگەنلىك نەپىقىسى ۋە ئىددەت نەپىقىسى بېرىشنى ئىسلام شەرىئىتى ۋاجىب قىلدى: «ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل-مال) بېرىشكىلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر» (سۈرە بەقەرە - 236 ئايەت).

ئەر كەمبەغەل، نەپىقە بېرىشكە چامى يەتمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاشۇ ئايال ۋە باللارنىڭ نەپىقىسى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئىشى دۆلەتنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. دۆلەت ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغان پۈتۈن نەرسىلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە بارلىق چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ ئەھۋال باللار چوڭ بولغان ۋە ئۆز ھاجەتلىرىدىن ئۆزى چىقالىغۇدەك بولغان، ئۆزى ئىشلەپ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلغۇدەك بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. مانا بۇ چارە ئارقىلىق باللارنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشى ۋە ئەسكى بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئىسلام دىنىمىز بۇنىڭدىن باشقىمۇ باللارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا كۈچلۈك ۋە ئۈزلۈكسىز ياردەم قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ھاياتىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئارتۇق ئۇلىغى بار ئادەم ئارتۇقىنى ئۇلىغى يوق ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئۆزى بىلەن ئارتۇق ئوزۇق-تۈلۈكى بار ئادەم ئارتۇقىنى ئوزۇق-تۈلۈكى يوق ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرسۇن» دېگەن.

ئىمام تىبرانى ۋە ئىمام ئىبنى ماجە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مالدا زاكاتتىن ئۆزگە ھەق بار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام تىبرانى يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىنىڭ ماللىرىدا، ئۇلار ئىچىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ زۆرۈر ھاجەتلىرىدىن چىققۇدەك دەرىجىدە بېرىشنى پەرز قىلدى. ئەگەر بايلار ئۈستىدىكى بۇ پەرز-بەلگىلىمىنى ئادا قىلماي كەمبەغەللەر ئاچ ۋە يالىڭاچلىقتىن قىينىلىپ قالغان بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇلاردىن ھېسابنى قاتتىق ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى دەردلىك ئازاب بىلەن قاتتىق ئازابلايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بەززارى ۋە ئىمام تىبرانى رەھىمەھۇمەللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يېنىدىكى قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قورسىقى توق ھالدا يېتىپ قالغان كىشى (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە)

ئىشەنمىگەن كىشى» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

## 4 ـ كىچىك بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەردە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىكارچىلىق

بالىلارنى ئەسكىلىككە، ئۆزگىرىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، بالىلار ۋە ياشلاردا ھۆكۈم سۈرىدىغان بوش ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقتۇر. مەلۇمكى، بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئويۇنغا بېرىلىدۇ. ئويۇن ـ تاماشاغا قىزىقىدۇ. تەبىئىي مەنزىرىلەرگە قاراپ مەنپەئەتلىنىش ۋە ئازادىچىلىكنى سۆيۈش تۇغۇلما قىزىقىشقا ئايلانغان. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ھېلى يۈگۈرۈشۈپ ئوينىغان، ھېلى سەكرىشىپ ئوينىغان، ھېلى ئېتىلىپ ئوينىغان، ھېلى ئۆز يېشىدىكى بالىلار بىلەن ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينىغان، تەنتەربىيە چېنىقىشلىرىدا چېنىققان، ۋاسكىتبول ۋە پۇتبول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

بارلىق تەربىيەتچىلەر مۇشۇ ياشتىكى بالىلاردا كۆرۈلىدىغان بۇ ئالامەتلەرنىڭ قىممىتىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ بىكار ۋاقىتلىرىنى ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتە ساغلاملاشتۇرىدىغان، مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىدىغان، بەدەن ئورگانىزمىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرىدىغان ۋە جانلىقلاشتۇرىدىغان ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

ئەگەر ئۇلارغا گۇناھتىن خالىي بولغان ئوينايدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئورۇنلارنى ھازىرلاش، كۈچ ـ قۇۋۋەت تەييارلىقى بولغان تەنتەربىيە ئۈچۈن ياخشى ئورۇنلارنى ھازىرلاش، تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەشىق ساھەلىرىنى، بەدەنىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە جانلىقلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئەمەلىي مۇھىتلارنى ھازىرلاپ بېرىش مۇمكىن بولمىسا، شارائىت قۇلايلىق بولمىسا، ئۇنداقتا بالىلار كۆپىنچە ھالدا يامان ھەمراھلار، ئەسكى ۋە بۇزغۇنچى دوستلار، ناچار ئاغىنىلەر، داشقال ئۈلپەتلەر بىلەن ئارىلىشىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنى كەسكىن ھالدا بەدبەختلىك ۋە ئۆزگىرىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

## • ئىسلامنىڭ بالىلاردىكى بىكارچىلىققا قارىتا كۆرسەتكەن چارە ـ تەدبىرلىرى

ئىسلام ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار يوليورۇقلىرى ئارقىلىق بالىلار ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى بىكارچىلىق، ئۇلارنىڭ بەدەن ساغلاملىقى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، بەدەنلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان، كۈچ، جانلىقلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئەمەلىي ۋاسىتىلەر بىلەن چارە قوللاندى. بۇ ۋاسىتىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىنىڭ بىرى، ئۇلارنى ئىبادەتلەرگە، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇلى ۋە پۇت تىرەپ تۇرىدىغان ئاساسلىق قۇرۇلمىسى بولغان نامازغا ئادەتلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى، نامازنىڭ روھىي جەھەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى زور، جىسمانىي مەنپەئەتلىرى ئۆزگىچە ۋە ئەخلاقىي ۋە نەپسىي تەسىرلىرى پەۋقۇلئاددە كاتتىدۇر.

بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن نامازنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى ياخشى كۆردۇق. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، نامازنى تەنتەربىيە ھەرىكىتى دەپ قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ.

1 ) نامازنىڭ تەنتەربىيە ساھەسى جەھەتتىن ئەڭ زور پايدىسى بولۇپ، مۇسۇلمان نامازدا ئۆزىنىڭ بەدەن ئەزالىرى ۋە ھەربىر بۇغۇملىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، مانا بۇ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مۇسكۇلالارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرغىلى، قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرغىلى ۋە ئومۇمىي بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2 ) پاكىزلىقنى يېتىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى چوقۇم تاھارەت ئېلىشى شەرت. بەدەن ئەزالىرىنىڭ سىرتقى پاكلىقى، تۈك-مويلارنىڭ پاكلىقى، ئېغىز-بۇرۇننىڭ پاكلىقى قاتارلىقلار تاھارەت ئارقىلىق پاكىز بولۇشتىن باشقا يەنە پاكلىق بولمىسا كېرەك؟! مانا بۇ گاھىدا مۇستەھەب، گاھىدا ۋاجىب بولىدىغان غۇسۇل تاھارەتچۇ؟ ئومۇمىي بەدەن، كىيىم ۋە ئورۇن پاكلىقچۇ؟

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نامازنىڭ ساغلام بولۇشىغا قارىتىلغان شەرتلەردۇر. ئىسلامدىن ئۆزگە قايسى دىن ۋە قايسى شەرىئەت تۈزۈمىدە پاكىزلىق ۋە پاكلىققا بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىلىدى؟!

3 ) نامازنىڭ مېڭىش مەشقى بولغانلىقىدۇر. مۇسۇلمان ئىنسان بىر كېچە-كۈندۈزدە مەسجىدلەرگە بەش قېتىم مېڭىپ بېرىپ مېڭىپ كېلىدۇ. مانا بۇ بېرىپ-كېلىش جەريانىدىكى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بەدەننىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ھەرىكەتچانلىقى ئاشۇرۇلىدۇ. بوشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇقنى قوغلىۋېتىدۇ.

بىز بۇ ساھەدە دوختۇرلارنىڭ تاماقتىن كېيىن يەڭگىل ھالەتتە بەدەن چېنىقتۇرسا، ياكى مېڭىپ بەرسە ئاشقازان كېسىلى، ھەزىم قىلىش قىيىن ۋە ناچار بولۇش كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، دىئابېت بىمارلىرىنىڭ شېكەر قەنتىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن كېسەللىكلەر ۋە ھەر خىل ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۈنۈملۈك داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى داۋاملىق تەكىتلىگەن لېكسىيلىرى ۋە ئەسكەرتىشلىرىنى ئاڭلىدۇق.

## • ئىسلامنىڭ بوش ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قوللانغان ئەمەلىي ۋاستىلىرى

ئۆزى چاغلاپ، ئۆز كۆڭۈل خاھىشىدىن گەپ قىلمايدىغان، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ رەھبىرى ۋە يېتەكچىسى سەيىدىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتا-ئانىلار ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەرنى بالىلىرىنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلاردىكى بوش ۋاقىتنى ئىبادەت ۋە ئىبادەتكە ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىمام ھاكىم ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇدلار بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە نامازغا ئاساسەن ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنى ياتىدىغان جايلىرىدا ئايرىۋېتىڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بالا ئۆيدە، تەربىيەتچىنىڭ قولىدا ياكى مەسجىدتە ۋەياكى مەكتەپتە مۇئەللىمنىڭ قولىدا نامازنىڭ قائىدىلىقى، پېئىل-ھەرىكەتلەرنىڭ قائىدىلىقى، قىرائەت، رەكئەت سانى، ناماز ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى پەرزلەر، سۈننەتلەر ۋە ئەدەپلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىكار ۋاقىتلىرىنى ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزىدۇ. ئىسلام دىنى بالىلاردىكى بىكار ۋاقىتنى

ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە بىر قىسىم ئەمەلىي ۋاسىتىلەرنى بەلگىلىدى.

بالىلارنىڭ بىكارچىلىقىغا، بوش ۋاقتىغا قارىتا، ئۇلارغا ھەربىي پەنلەر، چەۋاندازلىق، جانبازلىق، سۇ ئۈزۈش، بوكسىيورچىلىق ۋە چېلىشىش مەشىقلىرىنى ئۆگىتىشكە، مەقسەت ۋە نىشانلىق ھالدا ئۇقتىلىق كىتابلارنى مۇتالىئە قىلدۇرۇش، گۇناھتىن خالىي مەنپەئەتلىك ئويۇن- تاماششالار ۋە كۆڭۈل ئېچىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە ۋە تەنتەربىيىنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە بۇيرىدى. مانا بۇلار چوڭ- چوڭ ئويۇن مەيدانلىرىنى، زور يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان جايلارنى، مەشھۇر كىتابخانىلارنى، ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەرنى ۋە ساغلام سۇ ئۈزۈش ئورۇنلىرىنى ئېچىش ۋە تەسىس قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ ئورۇنلار بولسۇن ياكى بۇ ئورۇنلاردا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئويۇنلار بولسۇن، چوقۇم ئىسلام ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن ۋە ئىسلامنىڭ ئۇلۇغۋار ئەدەپ- ئەخلاقلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى شەرت.

بۇ ۋاسىتىلەرنى تەييارلاش ئۈچۈن ئىسلام قانداق يوليورۇقلارنى بېرىدۇ؟

ئاللاھ تەئالا تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەنلىرىڭلار ( بىلەن ئۇرۇش قىلىش ) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر» ( سۈرە ئەنفال - 60 ئايەت ).

«ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» ( سۈرە زۇمەر - 9 ئايەت ).

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بالىلىرىڭلارغا ئوق ئېتىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنى ئات ئۈستىگە سەكرەپ مىنىشكە بۇيرۇڭلار» دېگەن.

ھاكىم ۋە بەيھەقىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىمەت بىلگىن: ھاياتىڭنى ئۆلۈمىڭدىن بۇرۇن، ساغلاملىقىڭنى كېسەل بولۇپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، بوش ۋاقتىڭنى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، ياشلىقىڭنى قېرىلىقىڭدىن بۇرۇن، بايلىقىڭنى كەمبەغەللىكىڭدىن بۇرۇن غەنىمەت بىلگىن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

نەسەئىي ۋە تىرمىزىيلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «... ئوق ئېتىڭلار ۋە ئاتقا مىنىڭلار، ماڭا ئاتقا مىنگىنىڭلاردىن ئوق ئاتقىنىڭلار بەك سۆيۈملۈكتۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام تىبرانى ۋە ھاكىملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالانى زىكرى قىلىشتىن باشقا ھەممە نەرسە ئويۇن- تاماشا، لەھۋى- لەئەب ۋە بىكارچىلىقتىن ئىبارەتتۇر. پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىشى، يەنى قارىغا ئېلىشى ۋە ئوق ئېتىشى، ئېتىنى كۆندۈرۈشى، ئەھلى بىلەن ئوينىششى ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشى قاتارلىقلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى ئىسھاق ۋە ئىبنى ھىشاملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆزىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى كۆرسەتكەن كىشىلەرگە ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىد سەيناسىدا نەيزىۋازلىق

ماھارىتى كۆرسىتىپ، نەيزىۋازلىق ئويۇنى ئويناۋاتقان قارا تەنلىكلەرگە قاراپ: «ئەي ئەرفىدە ئەۋلادلىرى، داۋاملاشتۇرۇڭلار! يەھۇدىيلار بىزنىڭ دىنىمىزدا كەڭچىلىك بارلىقىنى بىلىپ قالسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كۈچلۈك مۆئمىن ئاللاھ تەئالاغا ئاجىز مۆئمىنگە قارىغاندا بەكرەك سۆيۈملۈك ۋە ياخشىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە ياخشىلىق بار. سەن ھەممە ئىشتا ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن ساڭا پايدا-مەنپەئەت بېرىدىغان ئىشقا قىزىققىن، بوش كەلمىگىن. ئەگەر بىر جەرياندا ساڭا بىرەر نەرسە يەتسە، ئۇنداق قىلسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېمىگىن. لېكىن، بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئاللاھ تەئالا خالىغىنىنى قىلىدۇ دېگىن. ئەگەر ئۇنداق قىلسام بوپتىكەن، بۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېسەڭ، شەيتاننىڭ ئىشىغا ئىشىك ئاچقان بولىسەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقىمۇ ئىنتايىن ئۇلۇغۋار قىممەتلىك يوليورۇقلار بولۇپ، يۇقىرىدىكىلەر بىلەن بولدى قىلىمىز.

ئەگەر بارچە مۇرەببىلەر ئىسلامنىڭ مۇشۇ يوليورۇقلىرىنى قوبۇل قىلسا ۋە چىڭ تۇتسا، ئۇلار ئەلۋەتتە جىگەر پارىلىرى بولغان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ساغلاملىق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىلىم-بىلىمنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنى ئۆزگىرىپ كېتىش، باشباشتاقلىق، چولۋۇرسىزلىق، چېچىلىپ كېتىش ۋە ئەسكىلىشىپ قېلىشتىن توسۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بوش ۋاقتىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىدە مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلار بىلەن تولدۇرالايدۇ ۋە ئۇلارنى ئىسلام ئەۋلادلىرى دەپ ئاتاشقا لايىق، ئىسلامنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنى، ھەق يولغا دەۋەت قىلغۇچىلار ۋە ئىسلام ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئىسلام ياشلىرى قىلىپ يېتىلدۈرەلەيدۇ.

## 5 - بۇزۇق دوستلار ۋە ناچار ھەمراھلار

بالىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان كاتتا ئامىللارنىڭ يەنە بىرى يامان ھەمراھ ۋە بۇزۇق ئاغىنىلەردۇر. بولۇپمۇ بالا گالدۇڭ، دۆت، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن، ئەقىدىسى زەئىپ، ئەخلاقى سۇيۇق، چاكىنا، مەيدانى يوق باللار جۈملىسىدىن بولسا، ئۇ يامانلارنىڭ سۆھبىتىدىن تېز يۇقۇملىنىدۇ. ئەسكى ھەمراھلاردىن يۇقۇملىنىدۇ، ئەسكى ئادەتلەرنى ۋە قەبىھ ئادەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە ئالدىرايدۇ. بەلكى، ئۇلار بىلەن بەدبەختلىك يولىدا ماڭىدۇ ۋە بۇ يولدىكى قەدەمنى تېزلىتىدۇ. جىنايەت ئۇنىڭ تەبىئىي مىجەز-خاراكتېرىگە، ئۆزگىرىپ كېتىش ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يىلتىز تارتقان مۇستەھكەم ئورمانغا، ئۆزگەرمەس ئادەت ۋە تۈزەلمەس خۇيغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تۈزەش، توغرا، ھەق يولغا قايتۇرۇپ كېلىش، ئازغۇنلۇق ئازگىلىدىن ۋە بەدبەختلىك جاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش بەسىي مۇشكۈل بولىدۇ.

## • ئىسلام ئەۋلادلارنى نازارەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ

ئىسلام ئۆزىنىڭ تەربىيەگە ئائىت تەلىماتلىرى بىلەن بارلىق ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەرنى «پەرزەنتلىرىنى ئەڭ ياخشى نازارەت قىلىش»قا، نازارەت قىلغاندىمۇ تولۇق، مۇكەممەل، سىستېمىلىق، ئۆلچەملىك، ھېرىپ-چارچىماي، بوشاشماستىن نازارەت قىلىشقا، باللىرىنىڭ، كۆزقارىچۇقلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا، خۇسۇسەن

ئۆسمۈرلۈك ۋە باللىق ياشلىرىدىكى بالىلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشكە، ئۇلارنىڭ ئارىلىشىدىغان، ئۇلپەتلىشىدىغان ۋە سۆھبەتتە بولىدىغان، بىللە ئوينايدىغان، تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلىدىغان ئەل-ئائىلىلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، كىملەر ۋە قايسى تەبىقىدىكى بالىلار بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشى، ئۇلاردىن بىر مىنۇت، ھەتتا بىر سېكۇنتمۇ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۈزۈپ قويماسلىقى لازىم، ھەتتا، ئۇلارنىڭ ئەتىگەن-كەچلەردە قەيەردە بولىدۇ؟ قەيەرگە بېرىپ قەيەرلەردىن قايتىپ كېلىدۇ؟ باللىرىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىشى لازىم.

ئىسلام ئۆزىنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تەلىم-تەربىيە يوليورۇقلىرى ئارقىلىق ئاتا-ئانا بولغۇچىلارا باللىرىنىڭ ئارىلىششى، ئەل-ئائىنە بولۇپ ئۆتىشى، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ھەمراھ ۋە سالىھ دوستلارنى تاللاپ بېرىشنى ئۇقتۇردى، چۈنكى، بالىلار باللاردىن ئاسان ئۆگىنىدۇ ۋە ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدۇ، بۇ ئارقىلىق بۇ بالىلار سالىھ ئائىلىلىرىدىن بارچە ئېسىل ئەدەپ-ئەخلاق، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ماختاشقا لايىق ئۇلۇغۋار ئادەتلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىدە يېتىلدۇرىدۇ.

شۇنداقلا، ئىسلام بارلىق ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنى كۆزقارىچۇقى، يۈرەك پارىسى بولغان ئۇماق پەرزەنتلىرىنى ئەسكى بالىلار، ناچار ھەمراھلار، يارامسىز داشقاللار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلپەت بولۇش ۋە ئەل-ئائىنە بولۇشتىن توسۇشقا، قەتئىي يول قويماسلىققا ئۇقتۇرۇش چىقاردى ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇردى، چۈنكى، بالىلار باللاردىن ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدۇ، بالىلار ناچار كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا ئوڭايلا تۈيۈق يولنىڭ ئازغاچلىرىغا باغلىنىپ، ئازغۇنلۇقنىڭ تورلىرىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

تۆۋەندە بىز ئىسلامنىڭ بۇ جەھەتتىكى يولىيورۇقلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

«شۇ كۈنى زالىم ئىككى قولىنى چىشلەپ: ‹ئىست! پەيغەمبەر بىلەن (نىجادلىق) يولنى تۇتسامچۇ؟ ئىست! پالاننى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن شەك-شۈبھىسىزكى ئازدۇردى› دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ» (25-سۈرە 27 ـــ 29-ئايەتلەر)؛

«ئۇنىڭ ھەمراھى (بولغان شەيتان): ‹پەرۋەردىگارىم، مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن (ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن) چوڭقۇر گۇمراھلىقتا بولدى› دەيدۇ» (50-سۈرە 27-ئايەت).

«بۇ كۈندە دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادار كىشىلەرلا (ئۇنداق ئەمەستۇر)» (سۈرە زۇخرۇف 67-ئايەت).

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىنسان ئۆز دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىملەر بىلەن دوست بولغانلىقىغا نەزەر سالسۇن» دېگەن.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ياخشى ھەمراھ ۋە يامان ھەمراھنىڭ مىسالى خۇددى ئىپار كۆتۈرگۈچى بىلەن كورەك پۈيدىگۈچىگە ئوخشاشتۇر، ئىپار كۆتۈرگۈچى (ئەتىرپۇرۇش) ساڭا بېرىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن، ياكى

ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق تاپىسەن، كورەك پۈيدىگۈچى كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېسىق بەدبۇي پۇراق تاپىسەن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىنسان ئۆزى دوست تۇتقان كىشىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇ ئىمنى كەسىپ قىلسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى ئەساكىر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يامان كىشىلەر بىلەن يېقىن بولۇشتىن ساقلانغىن، چوقۇمكى سەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇلىسەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بارلىق ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ۋە تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئۇلاردىن گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ خۇش ھىدىدىن پۇراش، ئۇلارنى جەمئىيەتتە ئەخلاق-پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىلدۇرۇش، ئۇلارنى ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە ياخشىلىقنىڭ مەنبەسىگە، ئىسلاھات ئەلچىلىرىگە ۋە ھىدايەت دەۋەتچىلىرىگە ئايلاندۇرۇشتا بۇ ئېسىل يوليورۇقلارنى چىڭ تۇتسا ئىمىدىگەن ياخشى بولاتتى-ھە! ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلالىسا، بۇ بالىلار ئارقىلىق جەمئىيەت تۈزەلگەن، ئۈممەت ئۇلارنىڭ ئېسىل ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىن مەمنۇن بولغان بولاتتى.

## 6 - ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ناچار بولۇشى

دۇنيا تەربىيە ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن ئىشلارنىڭ يەنە بىرى، بالا ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن قوپال مۇئامىلە قىلىنسا، ئۇرۇش ۋە قاتتىق سىلكىش بىلەن ئەدەپلەنسە، ئۇ ھەردائىم ھاقارەتلەش، تۆۋەن كۆرۈش، كەمسىتىلىش ۋە يارامسىزلىق بىلەن مەشھۇر بولۇشنىڭ ئاساسلىق نىشانىغا ئايلانسا، چوقۇم ئۇنىڭ مەسلەك-پائالىيەتلىرى ۋە ئەخلاقىدا تەرەددۇت، ئىنجىق، قورقۇش، قورۇنمىچىلىق ۋە بېكىنمىچىلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ بارچە ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئىشلارنى بىتەرەپ قىلىشلىرىدا ئىككىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بالىلارغا بولغان ناچار پوزىتسىيە ئاخىرى بېرىپ بالىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ ياكى ئاتا-ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، ياكى ئۇنى تاشلاپ كوچىلاردا سەرسان بولۇشقا قىستايدۇ. ئەھۋال ئىمىلا بولمىسۇن بۇنداق زالىمانە قوپاللىق ۋە دەرد-ئەلەملىك مۇئامىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بالا قولىدىن كەلگىنىنى قىلىدۇ.

بىز بۇ خىلدىكى بالىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەھۋالىنىڭ گۇناھكار، جىنايەتچى، بۇ قىسقىغىنە ھاياتتا چېچىلىپ كەتكۈچى، جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغۇچى، ئەسكى، داشقال، پاسىق، نائەھلى، رەزىل، پەسكەش دېگەن سۈپەتلەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ ئازغۇن، ئەخلاقسىز، قىڭغىر-سىڭغىر ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىدىن ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ!

## • ئىسلام ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلىنىشكە بۇيرۇيدۇ

ئىسلام ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈككە ئىگە راۋۇرۇس بولغان تەلىماتلىرى بىلەن ئۈستىدە باشقۇرۇش، يول كۆرسىتىش ۋە تەربىيلەش مەسئۇلىيىتى، ھەققى ۋە مەجبۇرىيىتى بولغان بارلىق كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ئاتا-

ئانىلارنى، ھەممىسىنى، بارچە ـ بارچىسىنى يوقىسەك، ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغۋار ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر بىلەن ئەخلاقلىنىشقا، دىلنى ئاۋۇندۇرىدىغان، كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان مۇلايىملىق بىلەن لۇتفى ـ مەرھەمەتلىك بولۇشقا، مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىققا تولغان مۇئامىلىلەردە بولۇشقا ئەمر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن باللار ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئىستىقامەتلىك (سوپىلار چۈشەنگەندەك ئەمەس) ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. جۈرئەتلىك، جاسارەتلىك، مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە، باشقىلار يۆلىنۋالمايدىغان، تايىنۋالمايدىغان يىگىتلەر بولۇپ تەربىيىلىنىدۇ. بۇنىڭغا سوڭدىشىپ ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە، قەدرى ـ قىممەتكە ۋە ئەتىۋارلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇرىدۇ.

ئىسلامنىڭ يۈكسەك ئەخلاق، مېھرىبانلىققا تولغان مۇئامىلە ۋە كۆيۈنۈشكە سەيرى قىلىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمىي مەخلۇققا) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ ئاللاھ تەئالا سىلەرگە پەندى ـ نەسىھەت قىلىدۇ» (16 ـ سۈرە 90 ـ ئايەت)؛

«تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرىپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ تەئالا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (3 ـ سۈرە 134 ـ ئايەت)؛ «كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىڭلار» (2 ـ سۈرە 83 ـ ئايەت).

«ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى» (سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەت).

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن پۈتۈن ئىشلاردا مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەبۇ شەيخ رەھىمەھۇللاھ «سەۋاب» ناملىق كىتابىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «باللىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ياردەم بەرگەن دادىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە بەيھەقى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا تائالا بىرەر ئائىلە كىشىلىرىگە ياخشىلىق كەلتۈرۈپ بېرىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارغا مۇلايىملىق بەخش ئېتىدۇ. ئەگەر مۇلايىملىق بىرەر مەخلۇق بولغان بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن گۈزەلراق بولغان يەنە بىر مەخلۇقنى كۆرمىگەن بولاتتى. ئەگەر قوپاللىق بىر مەخلۇق بولغان بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قەبىھراق يەنە بىر مەخلۇقنى كۆرمىگەن بولاتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېھرىبان كىشىلەرگە مېھرىبان ئاللاھ تەئالا رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ. زېمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى ئاللاھ تەئالا

رەھىم-شەپقەت قىلدۇ» دېگەنلىكنى بايان قىلدۇ.

مانا بۇلار ئىسلامنىڭ دىلى يۇمشاق، كۆڭلى ياخشى، گەپ-سۆزى چىرايلىق ۋە مۇئامىلىلىرى گۈزەل بولۇش تۇغرىسىدىكى يولىيورۇقلىرى بولۇپ، ئاتا-ئانىلار ئۇنى چىڭ تۇتۇشى، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشى، ئۇنىڭ يېتەكلىشى ۋە يول كۆرسىتىشىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىش قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئەۋلادلىرى ئۈچۈن پەزىلەتكە تولغان ھايات، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ئىستىقامەت ۋە ئۇلۇغۋار بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرسە.

ياكى ئۇلار پەرزەنتلىرى بىلەن ئەگرى-توقاي يولدا ماڭسۇن، قوپال ۋە يىرىك مۇئامىلىدە بولسۇن، قاتتىق زالىم ۋە ئازاب-ئۇقۇبەتلىك بولسۇن، ئۇلار بالىلىرىغا سارائىلىق قىلغان، ئۇلارنى ھاياتلىقتا مۇشۇنداق خاتا تەربىيىنىڭ سېسىق ئازگىلىغا، ئىرماش-چىرماش، ئەگرى-بۈگرى يوللارغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان، ئۇلارنى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىرىپ كېتىشكە ياكى قارغىش قېپىپ بولۇشىغا ياكى سەركەش، باشتۇق، بوينى قاتتىق بولۇشقا مەجبۇرلىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللىقاچان كىچىككىنە بالىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە بۇ ئازغۇنلۇق، بۇ ئەسكىلىك، بۇ ياۋۇزلۇق، بۇ مەلئۇنلۇق، بۇ قارغىش قېپى، بۇ سەركەشلىكنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ بولغان، كۆچەتلىرىنى تىكىپ بولغانلاردۇر.

## • ئاقىي بولغان بالا بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى

بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئوغلىنىڭ ئاقىي بولغانلىقى، قاتتىق قاقشاتقانلىقى ئۈچۈن ئەرز-شىكايەت قىلىپ كېلىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمنىڭ بالىسىنى ھازىرلاپ ئۇنىڭ دادىسىنى قاقشاتقانلىقى، مۇڭ-مۇڭ يىغلاتقانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ئاتىسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق كايىيدۇ. بالا ئۆمەرگە ئېيتىدۇ: «ئى ئەمىرىلمۇئمىنىن، مەن ئاتامنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ھەققىنى ئادا قىلمىدىم، ئۇنى قاقشاتتىم، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن تەۋبە قىلمەن. دادىلارنىڭ بالىلار ئۈستىدە ھەققى بولغىنىدەك، بالىلارنىڭمۇ دادىلىرى ئۈستىدە ھەققى بارمۇ؟»، ئۆمەر: «ھەئە، ئەلۋەتتە بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بالا: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن، بۇ ھەقلەر نېمىلەردىن ئىبارەت؟» دەپ سورايدۇ. ئۆمەر: «بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تاللىشى، بالىنىڭ ئىسمىنى چىرايلىق قويۇشى، ئۇنىڭغا كىتاب (قۇرئان) ئۆگىتىشى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بالا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاتام ماڭا يۇقىرىقى ھەقلىرىمنىڭ ھېچبىرىنى بەرمىدى. ئانام بولسا ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئوتنى قالايدىغان تۇترۇقچى خاتۇن، ئىسمىم تېزەكچى قوڭغۇز، ئۇ ماڭا كىتابتىن بىرەر ھەرپ ئۆگەتمىدى» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىگە ئېيتتى: «سەن مېنىڭ يېنىمغا ئوغلۇڭنىڭ سېنى قاقشاتقانلىقى توغرىلىق ئەرز-شىكايەت ئېيتىپ كەلدىڭمۇ، ئۇ ساڭا ئاقىي بولۇشتىن بۇرۇن سەن ئۇنىڭغا ئاقىيلىق قىلىپتىكەنسەن. ئۇ ساڭا يامانلىق قىلىشتىن بۇرۇن سەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىپ بولۇپتىكەنسەن ئەمەسمۇ؟».

ئەنە شۇنىڭدەك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئادەمگە پەرزەنتىنىڭ ئاقىيلىق مەسئۇلىيىتىنى بۇ

ئادەمنىڭ تەربىيەگە سەل قارىغانلىقىغا يوكلەپ قويىدى.

## • ئەھنەف ئىبنى قەيس رەھمەھۇللاھنىڭ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا قىلغان نەسىھىتى

تەرجىمھال كىتابلىرىدا مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر قېتىم ئوغلى يەزىدقا غەزەپلىنىپ، تاپئىنلار دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئالىم ئەھنەف ئىبنى قەيسنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ بالىلار توغرىسىدىكى كۆزقارىشى توغرىلىق سوراپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئەھنەف مۇنداق دەيدۇ: «باللار بىزنىڭ قەلب مېۋىلىرىمىز، كۈچ-قۇۋۋەتتە تايىنىش ئاساسىمىز، ئۇ بىز ئۈچۈن مۇلايىم زېمىن، سايە تاشلىغۇچى ئاسماندۇر. ئەگەر ئۇلار تەلەپ قىلغان بولسا، تەلىپىنى بەرگىن، ئەگەر ئاچچىقىڭنى كەلتۈرگەن بولسا رازى بولغىن، ئۇلارنى مەمنۇن قىلغىن، ئۇلار ساڭا پۈتۈن مۇھەببىتىنى بېرىدۇ، پۈتۈن تىرىشچانلىقى سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىشكە سەرپ قىلىدۇ، سېنىڭ ئېغىر يۈكۈڭنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلارغا يۈك بولۇپ قالمىغىن، ئۇلار سېنىڭ ھاياتىڭدىن زېرىكىپ مالاللىق ھېس قىلمىسۇن، سېنىڭ ۋاپاتىڭنى ئارزۇ قىلمىسۇن» دېگەن.

ئاتا-ئانىلار مۇشۇ ئىككى خەۋەردىن بالىلىرىغا كۆيۈنۈشتە، ئۇلارغا گۈزەل مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارغا مۇلايىم بولۇشتا، ئۇلارنى تەربىيىلەشتە توپتوغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەت ساۋاق ئالسۇن.

## 7 - جىنايى ۋە جىنسىي فىلىملەرنى كۆرۈش

بالىنى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، ئۇلارنى بەدبەختلىككە ۋە جىنايى قىلمىشلارغا ئىتتىرىدىغان، ئازغۇنلۇق، سۇيۇقلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا زورلايدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ كىنو-تىياتىرخانىلاردا ۋە تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرگەن ساقچى ھېكايە فىلىملىرى، نومۇسسىز فىلىملەر، گېزىت-ژۇرناللاردىن ئوقۇغان شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى، خىيالنى ئويغاتقۇچى، ھېسسىياتنى ئۇرغۇتقۇچى يالىڭاچ خەۋەرلەر، شەھۋانىي ئېلانلاردىن ئوقۇغان ۋە كۆرگەن نەرسىلەردۇر. مانا بۇلار بىر پۈتۈن ھالدا ھېسسىيات تىجارىتى قىلىدۇ. بالىلارنى ئۆزگىرىپ كېتىشكە ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتىدۇ. مانا بۇزغۇنچىلار چوڭلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزغان يەردە، قانداقمۇ كىچىك بالىلار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنى بۇزماي قالسۇن؟!

ھەممىگە مەلۇمكى، بالىلار ئاز-تولا ئەقىل ئىشلىتىشكە باشلىغاندا بۇ سۈرەتلەر ۋە خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلەر بالىلارنىڭ زېھنىگە مۆھۈردەك بېسىلىدۇ، مۇشۇ كۆرۈنۈشلەر، ھەرخىل مەنزىرىلەر بالىنىڭ خىيالىدا يىلتىز تارتىدۇ. بالا مۇقەررەر ھالدا فىلىمدە كۆرگەن كۆرۈنۈشلەرنى دوراپ بېقىشقا ۋە ئۇنى تەقلىد قىلىشقا ئورۇنۇپ كۆرىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىلارغا نىسبەتەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتىدىغان، رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىق تەرەپكە قارىتىدىغان مەنزىرىلەرنى كۆرۈشتىن بەك زىيانلىقراق نەرسە يوق.

بولۇپمۇ، باشباشتاق كۈنۈپ قالغان، چۈلۈۋۈردىن ئاجراپ كەتكەن، نازارەت ۋە غەمخورلۇقتىن ئايرىلغان

بالغان نسبەتەن تېخمۇ شۇنداق. ئىگە-چاقسىز قالغان كوچا باللىرىنى ئىشنى دېمەيلا قويايلى!

ئىككى ئادەم ئۇنداق ياكى مۇنداقلىقىدا تالىشىپ قالمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، مۇشۇ تۈردىكى بۇزۇقچىلىق بوشلۇقلىرى ۋە گۇناھكارلىققا تولغان كۆرۈنۈشلەر، چوڭ-كىچىك ئۆسمۈر بالىلارنىڭ كۆڭلىدە چەكتىن ئېشىپ ئېغىر دەرىجىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ يەرگە تاقىلىپ قالغان بالىلارغا ئاتا-ئانىلارنىڭ نەسىھىتى، ياكى تەربىيەتچىلەرنىڭ ۋە مۇئەللىملەرنىڭ يول كۆرسىتىشى كار قىلمايدۇ.

ئىسلام ئۆزىنىڭ تەربىيەگە ئائىت پرىنسىپلىرى بىلەن بارلىق ئاتا-ئانىلار، تەربىيەتچىلەر ۋە مەسئۇل كىشىلەر ئالدىدا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىشى ۋە يول كۆرسىتىش جەريانىدا قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغان، ئۆز مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ھەقلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلىشتا بولمىسا بولمايدىغان ئەڭ توغرا ۋە تۈپتۈز مەنھەجنى ئورۇنلاشتۇردى.

1 ) ئالدى بىلەن ئۆزلىرى، ئاندىن پەرزەنتلىرى زالىملاردىن ئىنتىقام ئالغۇچى ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ جەھەننەمگە كىرىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن كامىل ۋە مۇكەممەل ھالەتتە ساقلىنىش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار» ( سۈرە تەھرىم - 6 ئايەت ).

2 ) ئۈستىدە تەربىيىلەش ۋە يول كۆرسىتىش ھەقلىرى بار كىشىلەر ئۈستىدىكى مۇھىم ۋەزىپە، ئۆتۈلمەيدىغان ئامانەتنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە ئادا قىلىش ۋە بېجىرىشكە تەخىرسىز ھالدا قەدەم ئېلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەر كىشى ئۆز ئۆيىنىڭ ئەھلى ئىچىدە پادىچىدۇر، ئۇ ئۆز پادىسى توغرىلىق مەسئۇلدۇر» دېگەن ( ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ).

3 ) ئۇلارنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادى ۋە ئەخلاقىنى ئۆزگەرتىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ تاشلاش. ئىمام مالىك ۋە ئىبنى ماجە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلماندا زىيان تارتىشمۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوقتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلامىي پرىنسىپ ۋە تەربىيىۋى مەنھەجگە ئاساسەن، ئاتا-ئانا بولسۇن، مۇرەببىلەر بولسۇن، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار بولسۇن، مەسئۇل كىشىلەر بولسۇن ھەربىرىگە بالىلارنى جىنسىي فىلىملەر، ساقچى فىلىملىرى ۋە ھەرخىل سېرىق فىلىملەرنى كۆرۈشتىن مەنئىي قىلىش ۋاجىبتۇر.

ئۇلار بالىلارنى يۇقىرىقىدەك فىلىملەرنى كۆرۈشتىن چەكلىگەندىن سىرت، ئۇلارنى ئىشقى-مۇھەببەت گەپلىرى چىقىدىغان، ئىشقۋازلىققا ئۈندەيدىغان، نومۇسسىزلىققا يول ئاچىدىغان كىتاب-ژۇرناللارنى، ھېكايە-چۆچەكلەرنى ۋە پىلاستىنكىلارنى سېتىۋېلىشتىن توسۇشى، ئاتېئىزىم، خۇداسىزلىقنى تەرغىب قىلىدىغان كىتاب-ژۇرناللارنى ئوقۇشتىن قەتئىي مەنئىي قىلىشى لازىم. بىر جۈملە سۆزگە قىسقارتقاندا بالىلارنى ئەقىدە-ئېتىقادىغا زەرەر يەتكۈزىدىغان ۋە ئۇلارنى رەزىللىك ۋە جىنايەتكە ئىتتىلدۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەنئىي قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئاللاھ تەئالا

خالسا مەزكۇر كىتاب «ئىسلامدىكى پەرزەنتلەر تەربىيەسى»نىڭ بىرىنچى قىسمى «ئىمان تەربىيەسى مەسئۇلىيىتى» ۋە ئىككىنچى قىسمى «ئەخلاقى تەربىيە مەسئۇلىيىتى» دېگەن تەتقىقاتىمىزدا بۇ جەھەتتە تەپسىلىي توختىلىمىز. ئاشۇ بۆلۈمدىكى پرىنسىپلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىق دىنى، ئەمەلىي رېئاللىقتا، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى، تەبىئىي ئاڭغا ئىگە پىترەت دىنى ئىكەنلىكى، ئىسلاھات، يول كۆرسىتىش ۋە تەربىيىلەش دىنى ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىسلامنىڭ پەرزەنتلەرنى ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلەش توغرىسىدا بەلگىلىگەن بەلگىلىمىلەر توغرىلىق تەپسىلى بىلەن بايان قىلىمىز.

«(ئاللاھ تەئالاغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھ تەئالادىنمۇ ئادىل كىم بار؟» (5 - سۈرە 50 - ئايەت).

## 8 - جەمئىيەتتە ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

بالىنى ئۆزگىرىپ، توغرا يولدىن ئادىشىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، ئۈممەتنىڭ شەخسلىرى ئوتتۇرىسىدا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرى ئىچىدە ئىشسىزلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدۇر. ئايالى ۋە باللىرى بار بولغان بىر دادىغا نىسبەتەن، ئىشلەش يولى قۇلايلىق بولمىسا، كەسىپ قىلىش يوللىرى تەمىن ئېتىلمىسە، ئۆزىنىڭ، خوتۇن - باللىرىنىڭ، ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك، كىيىم - كېچەكنى پۈتۈنلىگۈدەك، تۆۋەن بولسىمۇ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزگۈدەك مال - مۈلۈككە ئېرىشەلمىسە، ئەڭ ئېپتىدائىي ۋە زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىنى ۋە ھاياتلىق تەلەپلىرىنى ھەل قىلالمىسا، بۇ خىلدىكى ئائىلىلەر پۈتۈن ئەزالىرى بىلەن قوشۇلۇپ چوقۇم چېچىلىپ كېتىدۇ ۋە زايە بولۇپ تۈگەيدۇ. بۇ ئائىلىلەردىكى باللار چوقۇم ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە جىنايى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئائىلە باشلىقى، خوتۇن - باللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ھارام يوللار ئارقىلىق مالغا ئېرىشىش ۋە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە پارىخورلۇق قاتارلىقلارغا ئوخشاش قانۇنسىز ۋاستىلەر بىلەن مال توپلاشنى ئويلايدۇ ۋە كىرىشىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى جەمئىيەتتە تەرتىپسىزلىك ۋە قانۇنسىزلىق يۈز بەردى، ھالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىق بىلەن گۇمران بولدى دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەتنى يولغا قويغان قانۇنى ۋە شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش قانۇنىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىشسىزلىقنىڭ ھەممە تۈرىگە چارە - تەدبىر قوللاندى. ئىشسىزلىق چارە - ئامالسىزلىقتىن بولغان ئىشسىزلىق بولسۇن ياكى ھۇرۇنلۇقتىن بولغان ئىشسىزلىق بولسۇن ئۇنى تۈگىتىشكە چارە قوللاندى.

### • ئىسلامنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئىشسىز قالغانلارغا كۆرسەتكەن چارىسى

ئامالسىزلىقتىن بولغان ئىشسىزلىقتا بولغان چارىسى، ئىشلەشكە قىزىقىدىغان، ئىشلەش ئىقتىدارى بار، ئەمما ئىش تېپىشقا ئامال قىلالمىغانلارغا:

1) ئىشلەش يولىنى تەمىن ئېتىشكە دۆلەتنىڭ كاپالەتلىك قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

2) ئىش ۋە ئىشلەش يولى تېپىپ بولغۇچە جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋاجىب بولىدۇ.

دۆلەتنىڭ كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىلىق ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە شەرىفلەردە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس نەقلى قىلىندۇ: ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئېغىر قىينچىلىق تارتىپ قالغانلىقى ۋە بىر نەرسە بېرىشىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن: «ئۆيۈڭدە ھېچ نەرسەڭ يوقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى: «خوش، بار، بىر دانە قېلىن رەخت بار، ئۇنىڭ بىر بۆلىكىنى كىيىم قىلىمىز، بىر بۆلىكىنى بىسات قىلىمىز، يەنە بىر دانە قاچىمىز بار، ئۇنىڭدا يەپ-ئىچىمىز» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قېشىمغا ئۇ ئىككىسىنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ كىشى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ ئىككى نەرسىنى كىم سېتىۋالىدۇ؟» دېدى. بىر كىشى: «مەن ئۇ ئىككىسىنى بىر دىرھەمگە ئالاي» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم بىر دىرھەمگە قوشىدۇ (بىر دىرھەمدىن ئارتۇق ئالىدۇ)؟» دېدى. يەنە بىر ئادەم: «مەن ئىككى دىرھەمگە ئالاي» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە ھېلىقى ئىككى نەرسىنى بېرىپ ئىككى دىرھەمنى ئالدى ۋە ئالغان ئىككى دىرھەمنى ئەنسارىينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ: «بىر دىرھەمگە يېمەكلىك سېتىۋېلىپ ئۆيدىكىلىرىڭگە ئاپىرىپ بەرگىن، يەنە بىر دىرھەمگە پالتا سېتىۋېلىپ مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ كىشى پالتا سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پالتىغا ئۆز قولى بىلەن ساپ-دەستە بېكىتتى. ئاندىن ھېلىقى ئەنسارىيغا: «چۆلگە بېرىپ ئوتۇن ئەكېلىپ ساتقىن. مەن سېنى 15 كۈنگىچە كۆرمەي» دېدى. ئەنسارى شۇنداق قىلدى ۋە (15 كۈندىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا 15 دىرھەم تېپىپ كەلدى. تاپقان پۇللارنىڭ بىر قىسمىغا كىيىم-كېچەك، بىر قىسمىغا يېمەك-ئىچمەك سېتىۋالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىشىگە: «مانا بۇنىڭغا ئوخشاش (ئوتۇنچىلىق) قىلغىنىڭ سەن ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلغىنىڭدىن بەك ياخشى، تىلەمچىلىك قىيامەت كۈنى سېنىڭ يۈزۈڭدە قارا چېكىت (داغ-سەپكۈن) بولىدۇ» دېدى.

ئەمما، ئىش تاپقان، يولغا چىققان يول تاپار، تىجارەتچى پۇل تاپار دېگەندەك، يول تاپقانغا قەدەر جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىششى توغرىلىق ئىمام مۇسلىم، ئەبى سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆزى بىلەن ئارتۇق ئۇلاغ بار ئادەم ئارتۇقنى ئۇلىغى يوق ئادەمگە بەرسۇن، ئۆزى بىلەن ئارتۇق ئوزۇق-تۈلۈكى بار ئادەم ئارتۇقنى ئوزۇق-تۈلۈكى يوق ئادەمگە بەرسۇن» دېگەن ھەدىسى دەلىلدۇر.

ئىمام بەززارى ۋە ئىمام تىبرانىيلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يېنىدىكى قوشنىسىنىڭ ئاچ قورساقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قورسىقى توق ھالدا يېتىپ قالغان ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنمىگەن ئادەمدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم باي قەۋملەر ئارىسىدا تۇرۇپ ئاچلىق، ياكى يالىڭاچلىق، ياكى كېسەللىگە دورا قىلالمىغانلىقتىن تۈگىشىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ بايلاردىن ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ زىممىسى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ». يەنە «ئەلئىختىيار» دېگەن كىتابتا:

«ئەگەر ئۇ كىشىگە ئاشۇ باي قەۋملەر ئىچىدىن بىرەر كىشى تاماق بەرگەن ياكى باشقا نەرسە بەرگەن بولسا، قالدى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى ساقىت بولىدۇ» دېيىلىدۇ.

## • ئىسلامنىڭ ھورۇنلۇقتىن ئىشسىز قالغانلارغا كۆرسەتكەن چارىسى

ئەمما، ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقتىن بولغان ئىشسىزلىققا قوللانغان چارىسى بولسا:

بۇ كىشىلەر ئىشلەش يوللىرى بار، ئىشلەش ئىقتىدارى بار تۇرۇپ ئىشلەشنى يامان كۆرىدۇ. دۆلەت بۇنداق كىشىلەرگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئەگەر بۇ كىشىلەرنىڭ ئىشتىن ئولتۇرۇۋالغان، كام قويغان ياكى ھورۇنلۇق قىلغانلىقى سېزىلىپ قالسا، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىنىدۇ. مەنپەئەتى ۋە ياخشىلىقى بار نەرسىلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغىمۇ كۆنمىسە ئىش ئورۇنلىرىغا مەجبۇرىي ھەيدەپ ئاپىرىلىدۇ ۋە ئىشقا يالاپ سېلىنىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەھۇللاھ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ بىر كۈنى ئىشلىمەيدىغان بىر قەۋم بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە ئادەملەر؟ نېمە ئۈچۈن ئىشلىمەيسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «بىز ئاللاھ تەئالاغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز» دېيىشىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يالغان ئېيتىسىلەر، ... ئاللاھ تەئالاغا تەۋەككۇل قىلغۇچى دەپ يەرگە ئۇرۇغنى تاشلاپ، ئاندىن ئاللاھ تەئالاغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرنى دەيمەن. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ‹ئى ئاللاھ! ماڭا رىزىق بەرگىن، ئى ئاللاھ ماڭا رىزىق بەرگىن› دەپ تىلەشلىرى رىزىق تەلەپ قىلىشتىن توختىتىپ قويمىسۇن. ئۇ بىلىپ قالسۇنكى، ئاسماندىن ئالتۇن-كۈمۈش ياغمايدۇ. بەلكى قار-يامغۇر ياغىدۇ» دېگەن.

ئۇ يەنە كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنى سەدىقە ۋە زاكاتلارغا تايىنىۋېلىپ ئىشلەشتىن قول ئۈزۈشتىن چەكلەپ: «ئەي كەمبەغەللەر گۇرۇھى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، ياخشى ئىشلاردا بەسلىشىڭلار، مۇسۇلمانلارغا يۈك بولۇپ قالماڭلار» دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزى ۋە يول كۆرسىتىشلىرىدىن ئىسلامدىكى زاكات ھاجەتلەرنى قامداش ۋە ئىشلەش يوللىرىنى تەمىن ئېتىش بولسىمۇ، لېكىن زاكاتنىڭ ھورۇنلۇققا چاقىرغۇچى، ئودىراملىق ۋە يۆلىنىۋېلىشقا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىملىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما، يۇقىرىدىكى كىشىلەر ئاجىز، قېرى، كېسەل ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ئىشسىز قالغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش دۆلەتنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل بولغان تۇرمۇش يولى، ھەققىي كاپالەتلىك يولنى تەمىن ئېتىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىشسىز قالغان بۇ قېرى، كېسەل، مېيىپ ياكى ئاجىز كىشىلەر مۇسۇلمان بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولمىسۇن ئوخشاشلا دۆلەت تەمىناتى ۋە كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ رەھمەھۇللاھ «جىزيە» دېگەن كىتابىدا بايان قىلغان ھۆججەت دەلىل بولىدۇ: بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قەۋمنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا،

تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان كۆزى ئاجىز بىر بوۋاينى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇمەر بوۋاينىڭ بىلىكىگە يەڭگىل ھالەتتە شاپىلاقلاپ: «سەن ئەھلى كىتابلاردىنمۇ؟ ئەھلى كىتابلارنىڭ قايسىسىغا تەۋەسەن؟» دەپ سورايدۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇمەر: «نېمە بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ شۇنچە قېرى ئىكەنسەن، نېمە ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىۋاتىسەن؟ سېنى نېمە بۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى؟» دەيدۇ. بوۋاي: «ماڭا قېرىلىق يەتتى، قاتتىق ھاجەتلىرىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىزيە تۆلىمىسەم بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىۋاتىمەن» دەيدۇ. ئۇمەر بۇ ئادەمنى ئۆيىگە ئەكىلىپ بىر بۆلۈك نەرسىلەرنى بېرىدۇ. ئاندىن بەيتۇلمال ئامبارچىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «مانا مۇشۇ كىشى ۋە ئۇنىڭ مىسالىدىكى قېرىلىق يەتكەن ئاجىز كىشىلەرگە قاراپ باققىن. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئۇلارغا ئىنساپ قىلمىدۇق. بىز ئۇلارنىڭ ياشلىقىنى يەپ كەتتۇق، قېرىغىنىدا بولسا خارلىققا تاشلاپ قويدۇق. شەك-شۈبھىسىزكى، سەدىقە ۋە ئۆشرە-زاكاتلار پېقىر ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققى. مانا بۇ كىشى ئەھلى كىتابلارنىڭ مىسكىنلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ۋە ئۇنىڭدەك كىشىلەرگە بەيتۇلمالدىن بېرىڭلار» دېدى.

ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۇزام كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ناسارا كىشىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ئۇلارغا بەيتۇلمالدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇدەك، كېسىلىگە دورا قىلغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلىغۇدەك مال بېرىشكە بۇيرىدى.

مانا بۇلار ئىسلامنىڭ ئىشىسىزلارغا قوللانغان چارىسى. مانا سىز كۆرگەندەك بۇ چارىلەر مېھرىبانلىققا، ھېكمەتكە ۋە ئادالەتكە تولۇپ تاشقان كۆڭۈل بۆلۈشلەر ۋە چارە قوللىنىشلاردۇر.

مانا بۇ ئېنىقسىزلىق بولمىغان ئۈچۈق ھۆكۈمنى ئوقتۇرىدۇ. ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن مېھرىبانلىقنى ئاساس قىلغان، ئادىمىيلىكنى چىقىش قىلغان، ئادالەتنى مەنبە قىلغان دىن بولۇپ، بارچە ئەيىب-نۇقساندىن پاك بولغان ئاللاھ تەئالا بۇ دىننى ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلايدىغان نۇرلۇق چىراق، ھاياتلىقنىكى قارا-زۇلمەتلەرنى يورۇتقۇچى مەشئەل قىلىپ يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى ئەرشىدىن نازىل قىلغاندۇر. بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلمىگۈچىگە ئىسلامنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقۇپ، چۈشىنىپ بىلىۋېلىش نەقەدەر زۆرۈر! ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى نېمە ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يېتەكلىگۈچى، خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ رۇخستى بىلەن ئاللاھ تەئالا تەرەپكە چاقىرغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىدىكى سەۋەبلەرنى ئۇقۇپ، چۈشىنىپ بىلىۋېلىشى نەقەدەر مۇھىم، نەقەدەر زۆرۈر ھە؟!

## 9 - ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىۋېلىشى

بالىنى ئۆزگىرىپ كېتىشكە، ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە، خاراكتېرىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدىغان چوڭ ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، ئاتا-ئانىنىڭ بالىنىڭ نەپسىنى تۈزەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، بالىنى يولغا باشلاش ۋە تەربىيىلەشكە چولىسى تەگمەسلىكىدۇر.

## • ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىكى مەسئۇلىيىتى

بىز ئانىنىڭ ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، رىئايە قىلىش، بالىلىرىنى يارامىلىق ئەۋلاد قىلىپ تەربىيىلەش ۋە توغرا يول كۆرسىتىش جەھەتلەردىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىق رولىدىن غاپىل بولماسلىقىمىز كېرەك.

ئاللاھ تەئالا مۇنۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئانا مەكتەپتۇر، ئەگەر سەن ئۇنى ياخشى تەربىيىلىسەڭ،
تەربىيىلەيدۇ ئۇ يىلتىزى پاكىز ئەۋلادلارنى.

ئانا پەرزەنت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتا دادا بىلەن ئوخشاش، باپباراۋەر، بەلكى، ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى دادىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ بەك خەتەرلىك. چۈنكى، ئانا بالا تۇغۇلغان مىنۇتتىن باشلاپ، بالا چوڭىيىپ ئائىلە ـ ئوچاقلىق بولغان، مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى ئۈستىگە ئالغۇدەك، ھاياتلىقتا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن مۇستەقىل چىقالىغۇدەك بولغانغا قەدەر بالىنىڭ بىردىنبىر مۇلازىمى ۋە ئەڭ يېقىن ئادىمى، بالىلىرىنىڭ يۈتۈن خۇي ـ خۇلقى، مىجەزى ۋە ئەھۋاللىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغىنى، بالىلىرىدىن پەقەت ئايرىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ تەربىيەسىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى، بالىنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىز بولۇشى ئانىغا باغلىق. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىر، مەجبۇرىيىتى زوردۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايال كىشىگە ئايرىم ھالدا بىر كىشىلىك مەسئۇلىيەت ئارتىپ مۇنداق دېگەن: «ئانا بولغۇچى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىدۇر، ئۇ ئۆز پادىسى توغرىلىق سوئال قىلىنغۇچى — مەسئۇلىيەتكە تارتىلغۇچىدۇر».

پەرزەنت تەربىيەسىدە ئانا بولغۇچى دادىغا ھەمكارلىشىشى، ئورتاقلىشىشى لازىم. ئەگەر ئانا پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغان تەربىيىۋى مەجبۇرىيىتىدە كەم قويغان، نۇقسان پەيدا قىلغان بولسا، ئۇ تونۇش ـ بىلىشلىرى، ئايال دوستلىرى، مېھمان كۈتۈشلىرى، ئادىمگەرچىلىكلىرى، قاتار چايلىرى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، پەرزەنتنى ئىسلامىي تەربىيەگە ئىگە قىلمىغان، ئىسلامىي تەربىيە بىلەن يارامىلىق مۇئمىن ـ مۇسۇلمان قىلىپ چوڭقۇرلىغان ۋە ھەسسە قوشمىغان بولسا، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن يۈرەك پارىلىرىنىڭ تەربىيەسىگە بىپەرۋالىق قىلغان بولسا؛ دادىلار بولسا، بوش ۋاقتىنى ئويۇن ـ تاماشا، سەيلى ـ ساياھەت، ئايىغى چىقماس تىجارەت، دوستلىرى بىلەن قاتار چايلارغا، قەھۋەخانىلارغا بېرىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ياكى باشقا ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىپ، پەرزەنتنى ئىسلام تەربىيەسىگە ئىگە قىلمىغان، ئىسلام تەربىيەسى بىلەن يارامىلىق ئادەم، مۇئمىن ـ مۇسۇلمان قىلىپ يېتىشتۈرمىگەن بولسا، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن، سەل قارىغان بولسا، بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى خۇددى

ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم باللارغا ئوخشاش ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئۇلار باشباشتاق تۇرمۇشتا ياشاشقا ئادەتلىنىدۇ، بەلكى، ئۇلار پۈتۈن ئۈممەتكە بالايى-قازا، ئاپەت، جىنايەت ۋە بۇزۇقچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان شۇملاردىن بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن:

هاياتلىقنىڭ قايغۇسىغا چۈجە كەبى خار قالدۇرۇپ،
ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن گۆدەكلەر يېتىم ئەمەس،
ھەقىقىي يېتىمدۇر گەر بولسىمۇ تىرىك ھەم ھايات،
تەربىيەدە ئانىسى بىپەرۋا، دادىسىنىڭ چولى تەگمەس.

ئاتا-ئانىسى مۇشۇ ھالەتتە بولغان باللاردىن بىز نېمىلەرنى كۈتەيلى؟!

مۇقەررەركى، بىز بۇ باللاردىن ئۆزگىرىپ كېتىش، ئەسكىلىشىش، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋە داشقاللىششىتىن باشقا نەرسىنى كۈتمەيمىز، چۈنكى، ئانىنىڭ بالىنى تەربىيىلەشكە، رىئايە قىلىشقا توغرا يول كۆرسىتىشكە ۋاقتى يەتمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ئالدىراش، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئەتىۋارلىقنىڭ كەلگۈسى بەخت-سائادىتى ياكى بەدبەختلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ يارامىلىق مۇسۇلمان ئەۋلاد بولۇشى ئۈچۈن چوت سوقمايدۇ، ھېسابات ئاچمايدۇ، دادىچۇ؟ ئۇمۇ باللىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ئەدەپ-ئەخلاققا ئۈستۈرۈش، ئىسلام تەربىيەسى سىڭدۈرۈش مەجبۇرىيىتىگە سەل قارايدۇ، ئۇنىڭمۇ ئىشى كۆپ، پۇل تاپمىسا بولمايدۇ، لاپ سېلىشىپ ئولتۇرمىسا، باشقا كۈن چۈشكەندە قاچىدىغان دوستلىرى بىلەن گوڭۇر-موڭۇر قىلىشمىسا بولمايدۇ، قىسقىسى، ئۇنىڭمۇ بۇنىڭغا ۋاقتى يەتمەيدۇ.

ئىست! مۇشۇنداق ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتى بولۇپ قالغان كۆزقارىچۇقلار ... كەلگۈسىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا!!!

ئەگەر ئاتا-ئانا بولغۇچى ئاساسلىق ۋاقتىنى گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئازغۇنلۇق، گۇمراھلىق يولىدا ماڭىدىغان، شەھۋەت ۋە لەززەتلەرنىڭ كەينىگە كىرىدىغان، ئەخلاقسىزلىقنى سۆيىدىغان، بۇزۇقچىلىققا كۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولسا، بالىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى تېخىمۇ خەتەرلىك، تېخىمۇ تولۇق ۋە ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ، ئىشنىڭ يامانلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ، جىنايەت يولىغا قەدەم بېسىشى تېخىمۇ تېز ۋە چاپسانلىشىدۇ، بۇنداق باللاردىن كامالى سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلەر ئۈمىد قىلىنامدۇ؟!

ئاللاھ تەئالا بۇ كىشىگىمۇ رەھمەت قىلسۇن:

قۇم بارخانلاردا ئۆسكەن ئۆسۈملۈك،
باغدا ئۆسكەن ئۆسۈملۈككە ئوخشىماس،



www.uyghurkitap.com

ناچار ئانىلارنى ئەمگەن باللاردىن،
كامالەتنىڭ سۇپەتلىرى ئەسلا تېپىلماس.

## • ئىسلام ئاتا ـ ئانىلارغا تەربىيە مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدۇ

ئىسلام بارلىق ئاتا-ئانا ۋە مۇرەببىلەرنى باللار تەرپىدىن كېلىدىغان بارچە مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. پەرزەنتلەر تەربىيەسى ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىدۇ. ئۇلارنى ئامانەتنى ئۈستىگە ئالالىغۇدەك، ھاياتلىقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ كېتەلىگۇدەك يارامىلىق مۇسۇلمان ئەۋلاد قىلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ئامانەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، ياكى كەم قويسا، ياكى خىيانەت قىلسا، ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا قىيامەت كۈنى بولغاندا قاتتىق ئازابنىڭ تەھدىتىگە يولۇقىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» (سۈرە تەھرىم ـ 6 ئايەت).

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەربىيە مەسىلىسىنى بەك كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. باللارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ، ئۇلارغا رىئايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى توغرا بىتەرەپ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيەسىگە پەۋقۇلئاددە جىددىي ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ۋەسىيەتلەر ۋە تاپشۇرۇقلارنى قالدۇردى.

ھۆرمەتلىك سەييىدىمىز رەھنامە رەھبىرىمىز، دىنىي ئۇستازىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە ئېيتقان سۆزىگە نەزەر ئاغدۇرايلى:

«ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىدە پادىچىدۇر، ئۇ ئۆز پادىسى توغرىلىق سورىلىدۇ. ئايال كىشى ئۆز يولدىشىنىڭ ئۆيىدە پادىچىدۇر، ئۇ ئۆز پادىسىدىن سورىلىدۇ» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم).

«پەرزەنتىڭلارغا ئەدەپ ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىنى ياخشى قىلىڭلار» (ئىبنى ماجە).

«پەرزەنتىڭلار ۋە ئەھلىڭلارغا ياخشىلىقنى ئۆگىتىڭلار ۋە ئۇلارنى ئەدەپلىك قىلىڭلار» (ئابدۇرەززاق).

«باللىرىڭلارنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشقا، ئاللاھ تەئالانىڭ چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇڭلار، مانا شۇ ئۇلار ئۈچۈن دوزاختىن ساقلىنىشتۇر (يەنى بۇ ئۇلارنى دوزاختىن ساقلاپ قالغانلىقتۇر)» (ئىبنى جەرىر).

«پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبىرىڭلارنى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ ئائىلە كىشىلىرىنى سۆيىدىغان ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت ئۈستىدە تەربىيلەڭلار. قۇرئاننى ئۈستىگە ئېلىپ ماڭغۇچىلار[1] قىيامەت كۈنى

(1) «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان، مەنا-مەزمۇنلىرىنى چۈشەنگەن، قۇرئان سايىسى ئاستىدا ھايات كەچۈرگەنلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تەئالانىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدا بولىدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ تەئالانىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمايدۇ» (ئىمام تىبرانىي).

ئاللاھ خالىسا مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا بۇ توغرىدا كونكرېت ۋە تەپسىلىي بايانلارنى بېرىمىز.

## 10 - يېتىملىك مۇسىبىتى

بالىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، ئۆمۈرنىڭ چېچەكلىك ھالىتىدىكى ھاياتلىقنى گۈدەكلەرچە كۈتۈپ تۇرغان بالىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن، ھاياتلىق شۇئۇرىغانلىرىدا يالغۇز قالدۇرغان يېتىملىكتىن ئىبارەت قانتىق سۇنۇپ كېتىشتۇر. يېتىم دېگەن كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلاردۇر. مانا بۇ ياشتىكى كىچىك بالىلار بېشىنى سىلايدىغان، ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغان غەمخورلۇقلارنى، كۆيۈنگۈچى، ئاسرىغۇچى مېھر-شەپقەتلىك قەلبلەرنى تاپالمىسا، ۋەسىيلىرىدىن مۇلايىملىق ۋە يېقىملىق بولغان گۈزەل مۇئامىلىلەرنى ئۇچرىتالمىسا، ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆتۈرىدىغان مۇكەممەل غەمخورلۇق، قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك تولۇق يارىدەمگە ئۇچرىشالمىسا، بۇ يېتىم چوقۇم ئازغۇنلۇققا قاراپ يول ئالىدۇ. ئاستا-ئاستا، ئاز-ئازدىن جىنايى قەدەمگە يول سالىدۇ. بەلكى، ئۇ كەلگۈسىدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدىنى ۋەيران قىلىدىغان، خارابىيلاشتۇرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدۇ. جەمئىيەتتىكى ئوغلانلار ئارىسىدا تەرتىپسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ رەزىل ئۇرۇقىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تېرىيدۇ.

### • ئىسلامنىڭ يېتىملەرگە رىئايە قىلدىغانلىقى

ئىسلام ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈككە ئىگە شەرىئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، توغرا يولغا باشلىغۇچى كۆرسەتمىلىرى بىلەن بارلىق ۋەسىيلەر ۋە يېتىم بىلەن كىچىككىنە بولسىمۇ يېقىنچىلىقى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا گۈزەل مۇئامىلىدە بولۇشقا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋە تۇرمۇش كاپالىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ بېجىرىشكە، ئۇلارنىڭ تەربىيەسى ۋە يول تېپىشىغا نازارەتچىلىك قىلىشىغا پەرمان قىلدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشى، ئەخلاق، پەزىلەتلىك ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۆزىگە غەمگۈزار بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ سايىسىدا بارچە مېھرىبانلىق، مۇھەببەت، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئىخلاس قىلىشنىڭ لەززەتلىك تەمىنى تېتىشى ئۈچۈندۇر.

ئىسلام يېتىملەرگە غەمخورلۇق قىلىش ۋە كۆيۈنۈش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇ بۇيرۇقلارغا دىققەت قىلىڭ!

«(ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرىلىق سورىشىدۇ. ئۇلارغا دېگىن: (تەربىيەلەش، ماللىرىنى ئاۋۇتۇپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر. ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر» (سۈرە بەقەرە - 220 ئايەت)؛

«يېتىمنى خارلىما» (سۈرە زۇھا - 9 ئايەت)؛

نـى ئـنكار قىلدىغـان ئادەمنى كۆردۈڭمـۇ؟ ئـۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسـكىنگە تاماق بېرىشـنى ئەرغـىب قىلمايدىغـان ئادەمـدۇر» (سـۈرە مائـۇن 1 ـــ ـ 3 ئايەتلـەر)؛

«زۇلـۇم قىلـىپ يېتىملەرنىـڭ مال ـ مۈلكىنـى (ناھـەق) يەۋالىدىغانـلار شۈبھىسـىزكى، قورسـىقىغا (قىيامـەت كۈنـى يېنىـپ تۇرىدىغـان) ئوتنى يەۋالغـان بولـىدۇ، ئـۇلار كۆيـۈپ تۇرغـان ئوتقـا (دوزاخقـا) كىرىـدۇ» (سـۈرە نىسا ـ 10 ئايەت).

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «بىـر ئـادەم يېتىمگـە مېھرىبانلىـق يەتكـۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشـىغا قولىنـى قويغـان بولسـا، ئـۇ كىشـىنىڭ قولـى تەگكـەن ھەربىـر تۈكنىـڭ بەدىلـدە ئاللاھ تەئـالا ئـۇ كىشـى ئۈچـۈن ياخشـىلىقنى يېزىـدۇ» دېگـەن (ئىمـام ئەھمـەد ۋە ئىبنـى ھەببـان).

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم يەنـە مۇنـداق دېگـەن: «مۇسـۇلمانلار ئارىسـىدىكى يېتىملەرنىـڭ بىرىنـى ئاللاھ تەئالا ئۇنـى ئـۆز پەزلـى بىلـەن بىھاجـەت قىلغۇچـە ئىگدارچىلـىق قىلـىپ يېمەك ـ ئىچمـەك بەرگـەن كىشىگە، ئاللاھ تەئالا ئەلۋەتتـە جەننەتنى ۋاجىب قىلـىدۇ، مەگـەر بـۇ كىشى ئاللاھ تەئـالا ئۇنىـڭ ئۈچـۈن مەغپىرەت قىلمىغـۇدەك، ئۆتمىگـۇدەك گۇنـاھ ئۆتكۈزمىگـەن بولسـىلا» (تىرمىزىـي).

پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «مەن ۋە يېتىمگە كېپىللىك قىلغۇچى جەننەتتە مانا مۇشـۇ ئىككىسـىگە ئوخشـاش بولىمىز» دەپ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن كۆرسـەتكۈچ بارمىقنى جۈپلەپ كۆرسـەتكەن (تىرمىزى).

مەيلـى يۇقىرىدىكىلـەر بولسـۇن، ياكـى بۇلاردىـن باشـقىلار بولسـۇن ئىلاھـي ئەمىر ـ پەرمانـلار ۋە پەيغەمبـەر يوليورۇقلىـرى، يېتىملەرنىـڭ ئاتـا ۋە ئانـا تـەرەپ تۇغقانلىرىنىـڭ ئۇلارغـا غەمخورلـۇق قىلىـش ۋە كاپالەتلىـك قىلىشـنى ئۈسـتىگە ئېلىشـنى، ئۇلارنىـڭ ھال ـ ئەھۋالىدىـن ياخشـى خـەۋەر ئېلىشـنى، ئۇلارغـا زېمىسـتاننىڭ سـوغۇقلىرىنى، ياز كۈننىـڭ ئەپتىلىرىنـى، خورلـۇق يۈزىنـى كۆرسەتمەسـتىن چـوڭ قىلـىپ قاتارغـا قوشـۇشـنى ۋاجىـب قىلـىدۇ، مانـا بـۇ كىشـىلەر كەمبەغـەل بولغانلىقتىـن ياكـى مادىـي جەھەتتـە ئاجىـز بولغانلىقتىـن ئۈسـتىدىكى مەجبۇرىيەتنـى ئۆتـەش قولىدىـن كەلمىسـە، ئۇنداقتـا ئۇلارنىـڭ ھالىدىـن خـەۋەر ئېلىـش، تەربىيەسـىگە نازارەتچىلىـك قىلىـش ۋە ئۇلارغـا چىقىـم قىلىـش ئىسـلام دۆلىتىنىـڭ ئۈسـتىگە يۈكلىنـىدۇ، بـۇ چارە ـ تەدبىـر ئارقىلىق يېتىملەرنىڭ تۈگىشـىپ زايە بولۇپ كېتىشـىنىڭ ئالـدى ئېلىنـىدۇ.

* * * * * *

## • تەربىيەتچىلەرنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقاشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى

يۇقىرىـدا بايـان قىلغانلىرىمىـز پەرزەنتلەرنىـڭ ئۆزگىرىـپ كېتىشـىگە سـەۋەب، ئېزىشـىغا تۈرتكـە بولىدىغـان ئاساسـلىق ئامىللارنىـڭ ئـەڭ مۇھىملىرىـدۇر، سـىز كـۆرۈپ، بىلىـپ يەتكەنـدەك بـۇ ئامىلـلار ئىنتايىـن زىيانلىـق ۋە خەتەرلىـك بولـۇپ، ئەگـەر تەربىيەتچىلـەر بـۇ ئامىللارنـى تونـۇپ يەتمىسـە، سـەۋەبلىرىنى ئەگلـەپ بىلمىسـە، ئىسـلامنىڭ

پەرزەنتلەرنى تۈزەش ۋە تەربىيلەش توغرىسىدا بەلگىلىگەن ئۇنۇملۇك چارە. تەدبىرنى چىڭ تۇتمىسا، بالىلار چوقۇم بۇزۇق ۋە بۇزغۇنچى بولۇپ ئۆسىدۇ، جىنايەتكىرانە، خىيانەتكىرانە بولۇپ تەربىيلىنىدۇ، ھالاكەتكە تاشلىغۇچى رەزىللىكنىڭ ھەممىسىگە ئادەتلىنىپ كۆنۈپ كېتىدۇ، بەلكى، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى چۇۋۇپ تاشلايدىغان، خاراب قىلىدىغان، ۋەيران قىلىدىغان قورال بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇممەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەھدىت پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش، ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنى ياخشىلىقنىڭ يول بەلگىلىرىگە تايىنىپ ھىدايەت يولىدا، توغرا ۋە تۈپتۈز يول بولغان ئىسلام يولىدا، «قۇرئان كەرىم» يولىدا، پەيغەمبەر سۈننىتىدە ماڭدۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ، بارلىق مۇرەببىلەر پەرزەنتلىرىنى، ئۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ پاكلىقىدا، نەپسلىرىنىڭ ساپلىقىدا، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاقلىقىدا، رەببىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشتا خۇددى مالائىكىلەرگە ئوخشاش بولغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئەۋلادلار تەربىيەسىدە، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا چارە قوللىنىشتا، مەسىلىك ـ يوللىرىنى رۇسلاشتا، كۆڭۈللىرىنى ئىسلاھ قىلىشتا، ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەشتە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق، پەزىلەت ۋە ئەخلاق ـ پرىنسىپلىرىنى تەلقىن قىلىپ ئۆگىتىشتە ئىسلام يولىدا مېڭىشقا، ئىسلامنىڭ مەنھەجىنى قوللىنىشقا نەقەدەر تېگىشلىك ـ ھە! شۇنداق قىلىشى نېمىدېگەن توغرا ـ ھە! ئەگەر تەربىيەتچىلەر زادى پەقەت ئىسلامنىڭ پەرزەنتلەر تەربىيەسى يولىدا ماڭسا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئەلۋەتتە بارلىق ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەردە، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر، بەرگەن قۇربانلىقلار، خۇلق ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا ئۆزىدىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە گۈزەل ئۈلگە، دوراشقا تېگىشلىك نەمۇنە، بارماق بىلەن كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە يارامىلىق بىر مۇسۇلمان پەرزەنتنى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

مەن ئاخىردا ئاللاھ جەللە ۋەئەلاغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئېسىلىپ، يىغا ـ زارە قىلغان ھالدا بارچە ئىسلام پەرزەنتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە بەخت ـ سائادىتى بار بولغان ئىشلارغا ۋە نەرسىلەرگە كېلىشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى، ئۇلارغا ھالاۋىتىنى قەلبىدە تېتىيالايدىغان ئىمان، ئىخلاس ۋە ساداقەت بەخشەندە قىلىشىنى، ئۇلارغا ھەردائىم توغرا يولنى ۋە بۇ يولدا ياك تۇرۇشنى ئىلھام قىلىشىنى، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىسلامىي ھەزارەت بىنا قىلىدىغان مەزمۇت ۋە كۈچلۈك ئۇممەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان چاقماقتەك نۇرانىلىك ئاتا قىلىشىنى، ئۇلار ئارقىلىق ئىسلامىي ئىلىمنى نەشىر قىلىشى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىشىنى، يىگىتلەرگە خاس كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن ئىززەت ـ غەلىبە بايرىقىنى كۆتۈرۈشكە نېسىپ قىلىشىنى، ئۇلار ئارقىلىق تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشىنى، بۇ ئۇممەتكە ئىلگىرىكى ئۇلۇغلۇقىنى قايتىدىن قايتۇرۇپ بېرىشىنى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان، تارتىۋېلىنغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ۋە بۈيۈك ۋۇجۇدىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشىنى يالۋۇرۇپ تىلەيمەن، شۇ ئىشلار ئاللاھ تەئالاغا تەس ئەمەس، ئاللاھ تەئالا ئىجابەت قىلىشقا ئەڭ لايىق، تىلەشكە ئەڭ ياخشى ئىگىدۇر، دۇئايىمىزنىڭ ئاخىرى بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەئالاغا مەنسۇپتۇر دېيىش بىلەندۇر.

بارلىق ئاتا ـ ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى تەلەپ شۇكى، سىز ئۆزىڭىزنى مۇسۇلمان ھېسابلىسىڭىز، بارچە ئەۋلادلارنىڭ يارامىلىق، ياخشى، جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئادەم بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئۆزئارا ھەمكارلىشىڭ،

پۈتـۈن جەمئىيـەت ۋە ھەممـە سـاھە بىرلىشـىپ، باللارنـى ئىسـلام تەربىيەسـىگە ئىگـە قىلـش ئۈچـۈن جىددىـي ھەرىكەتكـە كېلىشـى لازىـم. شـۇنى ئۇنتـۇپ قالماڭكـى:

باللار خەتەر ئىچىدە!!!
كۆزقارىچۇقلار خەتەر ئىچىدە!!!
يۈرەك پارىلىرىمىز خەتەر ئىچىدە!!!
ئۇلارنى ئىسلام ئارقىلىق قۇتقۇزۇۋالايلى!!!
ئىسلام ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسى!!!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

- ئىمان تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى
- ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى
- جىسمانىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى
- ئەقلىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى
- روھىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى
- ئىجتىمائىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى
- جىنسىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇقەددىمە

## • تەربىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ يارقىن مەسئۇلىيەتلىرى

ئىسلام ئەھمىيەت بەرگەن، رىغبەتلەندۈرگەن ۋە نەزەر، دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراتقان ئەڭ يارقىن مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىرى «تەربىيەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى» بولۇپ، زىممىسىگە تەلىم ـ تەربىيە ۋە يول كۆرسىتىش ھەقلىرى ئارتىلغان كىشىلەر ئۈستىدىكى بۈرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئۆتەش دېمەكتۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ مەسئۇلىيەت ناھايىتى چوڭ، بەك مۇشەققەتلىك ۋە تولىمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيەتتۇر. چۈنكى، بۇ مەسئۇلىيەت بالا تۇغۇلغان مىنۇتتىن باشلاپ، بالىنىڭ ئۆسمۈر چېغى، ياشلىق مەزگىلى تاكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايدىغان، ئىسلامنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا تەكلىپ قىلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانغا قەدەر ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. ھەتتا بىر ئۆمۈر دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تەربىيەتچى، ئاتا ـ ئانا، مۇئەللىم ياكى ئىجتىمائىي نازارەتچى بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققان، ئۈستىدىكى ھەقلەرنى پۈتۈن ئامانەتدارچىلىق، ئۆتكۈر ئىرادە ۋە ئىزىدىن قايتماسلىق بىلەن، ئىسلام تەلەپ قىلغان يۆنىلىشكە ئاساسەن مۇكەممەل ئادا قىلالىغان چاغدا، مۇسۇلمانىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پۈت تىرەپ تۇرىدىغان ئاساسلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان شەخسنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تىرىشچانلىقىنى قوشقان، مۇسۇلمانىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پۈت تىرەپ تۇرىدىغان ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە يارامىلىق ئائىلە قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشقان ۋە شۇنداق ئائىلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمەي رېئال جەمئىيەتتە ئۈلگىلىك قۇرۇلۇشى بولغان مۇسۇلمانىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پۈت تىرەپ تۇرىدىغان بارچە ئاساسلارغا ئىگە ياخشى شەخس ۋە ياخشى ئائىلىنى بەرپا قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئىسلاھاتىدىكى بۆسۈش ئېغىزىدۇر.

ئەگەر بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئىسلامنىڭ بارچە تەربىيەتچىلەرنى ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئۈندەۋاتقان، ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە تاپشۇرۇقلارنى كەم قويغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر بىز زادى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ جەھەتتىكى ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ بولالمىغۇدەك كۆپلىكىنى، بۇ ساھەگە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلىمىز. مانا بۇ بارلىق تەربىيەتچىلەرگە ئۈستىدىكى ئامانەتنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە مەسئۇلىيەت بۇرچىنىڭ نەقەدەر بۈيۈكلۈكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش، ئۆگىتىپ

قويۇش بولماي نېمە؟!

بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن» (سۈرە تاھا ـ 132 ئايەت)؛

«ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار» (سۈرە تەھرىم ـ 6 ئايەت)؛

«(قىيامەت كۈنى) پۈتۈن قىلمىشىڭلار ئۈستىدە سوراق قىلىنىسىلەر» (سۈرە نەھلى ـ 93 ئايەت)؛

«ئاللاھ تەئالا سىلەرگە بالىلىرىڭلارنى ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇ، ...» (سۈرە نىسا ـ 11 ئايەت)؛

«ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم» (سۈرە بەقەرە ـ 233 ئايەت)؛

«... بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، ...» (سۈرە مۇمتەھىنە ـ 12 ئايەت)؛

«ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ» (سۈرە سافقات ـ 24 ئايەت).

بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئايەتلەر بولۇپ، تەربىيەتچىلەرنىڭ ئىزدىنىشىگە قالدۇرىمىز.

ھەدىس شەرىفلەردىن:

«ئەر كىشى ئۆز ئەھلى ئىچىدە پادىچىدۇر، ئۇ ئۆز پادىلىرىدىن سورىلىدۇ. ئايال كىشى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىدۇر، ئۇمۇ ئۆز پادىلىرىدىن سورىلىدۇ» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم)؛

«بىر ئادەمنىڭ بالىسىغا ئەدەپ ئۆگەتكىنى سەر بىلەن ئۆلچەپ قىلغان سەدىقىدىن ياخشى» (تىرمىزى).

«دادا بالىغا گۈزەل تەربىيەدىن ياخشىراق بولغان نەرسىنى بېرەلمەيدۇ» (تىرمىزى).

«پەرزەنتىڭلار ۋە ئەھلىڭلارغا ياخشىلىقنى ئۆگىتىڭلار ۋە ياخشى تەربىيىلەڭلار» (ئابدۇرەززاق).

«پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ ئائىلە كىشىلىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت ئۈستىدە تەربىيىلەڭلار» (تىبرانى).

ئەبى سۇلايمان مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنىدۇق. ھەممىمىز تەڭتۇش يىگىتلەر ئىدۇق. بىز ئۇنىڭ ھوزۇرىدا 20 كۈندىن ئارتۇق تۇرۇپ قالدۇق. ئۇ بىزنى خوتۇنلىرىمىزنى سېغىنىپ قالدى دەپ ئويلىدىمۇ، بىزدىن ئائىلىمىزدە كىملەرنىڭ بارلىقىنى سورىدى. بىز ئائىلىمىزدە قالغان كىشىلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردۇق. ئۇ ئىنتايىن مۇلايىم، ئىنتايىن كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان كىشى ئىدى. ئۇ بىزگە: «ئەھلىڭلارغا قايتىڭلار، ئۇلارغا ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئۆگىتىڭلار، ئۆگىنىشكە بۇيرۇڭلار، نامازنى مەن ئۆتىگەندەك ئۆتەڭلار، نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە

ئاراڭلاردىن بىرەيلەن ئەزان ئېيتسۇن، ياشتا چوڭراق بىرىڭلار ئىمام بولسۇن» دېدى (ئىمام بۇخارى).

«قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ قەدىمى تۆرت تۈرلۈك ئىشتىن سوئال قىلىنىدۇ: ئۆمرى (نېمىگە سەرپ قىلغانلىقى)، ياشلىقى (نېمىگە پايدىلانغانلىقى)، پۇل-مېلى (قانداق تاپقانلىقى، ئاندىن قەيەرگە سەرپ قىلغانلىقى) ۋە بىلىمى (ئۇنىڭ ئارقىلىق نېمە ئەمەل قىلغانلىقى)» (تىرمىزى) دىن تۇرۇپ تۆۋەندىكى تۈرلىماي ئايرىلماي جايىدىن تۇرغان.

بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇن ھەدىسلەر بولۇپ، يۇقىرىدىكىلەرنى نەقىل قىلىش بىلەنلا بولدى قىلىمىز.

يۇقىرىدىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسەن، پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى بارلىق تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەر تەربىيەسىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسىگە ۋە ئۇلارنىڭ خاتا كەتكەن جايلىرىنى رۇسلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بەلكى، ئاتا-ئانىلار ۋەسىيلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەلىم-تەربىيە ۋە ئەدەپ-ئەخلاقتا مۇئەللىملەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىنى تاللىدى. تەربىيەتچىلەرنىڭ توغرا يول كۆرسىتىش ۋە يۈزلەندۈرۈش جەھەتتە ئەڭ ياخشىسىنى تاللىدى. بۇ تاللاش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشلەر پەرزەنتلەرنى ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىسلام تەلىماتلىرى ئاساسىدا يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئەڭ ساغلام بولغان يۈزلىنىشتە ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

## • قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايەت، لەتىپە ۋە خەۋەرلىرىدىن ئۈزۈندە

بىز ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ۋە ئەقىل كۆزى ئوچۇق كىشىلەرگە بۇرۇنقى مۇسۇلمان ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېلىشقا نەقەدەر قىزىققانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق تەربىيلىنىشى ئۈچۈن تەربىيلىگۈچىلەرنىڭ ئىلىم ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ئەڭ ئەۋزەللىرى، ئۇسلۇب ۋە يول تۇتۇش جەھەتتە ئەڭ ئالاھىدىلىرىنى قانداق تاللىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى قۇرلارنى بايان قىلىمىز.

جاھىز مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇقبە ئىبنى ئەبى سۇفيان ئوغلىنى تەربىيەتچىگە بەرگەن ۋاقتتا مۇنداق دېگەن: «ھۆرمەتلىك موللام! ئوغلۇمنى تۈزەشكە ۋە يارامىلىق ئادەم قىلىشقا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن ئۆزەڭنى تۈزەتكىن ۋە ياخشىلىغىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ساڭا باغلانغاندۇر. سەن ياخشى، چىرايلىق دەپ قارىغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەم ياخشى ۋە چىرايلىقتۇر. سەن قەبىھ دەپ قارىغان نەرسىلەر ھەم ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قەبىھتۇر. سەن ئۇلارغا ھەكىملەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى، ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئۆگەتكىن. ئۇلارغا مەن بىلەن تەھدىت سالغىن. مېنى ئاربلاشتۇرۇۋالماي تەربىيلىگىن. سەن ئۇلارغا خۇددى كېسەلنى تېپىپ چىقمىغۇچە دورا قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان ئۇستا تېۋىپقا ئوخشاش بولغىن. سەن ئۇلارنى ماڭا ۋە مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئۆزرە باھانىگە تاياندۇرمىغىن. مەن ئۇلارغا سېنى كۇپايە قىلىدۇ دەپ تاللىدىم» دېگەن.

ئىبنى خەلدۇن «تارىخى ئىبنى خەلدۇن»نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «ھارۇن رەشىد ئوغلى

ئەمىنى تەربىيەتچىگە بەرگەندە: ‹ھۆرمەتلىك تەربىيەتچى! ئەمىرىلمۇئمىنىن ساڭا ئۆز نەپسىنىڭ خۇشاللىقىنى، قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بەردى، سېنىڭ قولۇڭنى ئۇنىڭغا ئىگە قىلدى، كۈچۈڭنى يېتىدىغان قىلدى، ئۇنىڭ ساڭا ئىتائەت قىلىشىنى ۋاجىب قىلدى، سەن ئۇنىڭغا ئەمىرۇلمۇئمىنىن كۆتكەن يەردىن چىققىن، ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگەتكىن ۋە يادلاتقىن، ھەدىسلەرنى پىششىق ئۆگەتكىن، شېئىر-ئەشئارلارغا قاندۇرغىن، سۈننەتلەرنى يىلتىزلىق بىلدۈرگىن، سۆزلەشنىڭ ئورنىنى ۋە قانداق باشلاشنى ئۆگەتكىن، بىھۇدە كۈلۈش، ھېجىيىشتىن توسقىن، سەن بىرەر دەقىقىنىمۇ ئۇنىڭغا ئەھمىيەتسىز، پايدىسىز ئۆتكۈزۈۋەتمىگىن، ئۇنىڭ زېھنىنى ئورۇنسىز خۇرىتىۋەتمىگىن، ئۇ ۋاقتىنىڭ بىھۇدە زايا بولغانلىقىغا قايغۇرۇپ پۇشايمانغا قالمىسۇن، ئۇنىڭغا بەك كەڭچىلىك ۋە بوش ۋاقىت چىقىرىپ بەرمىگىن، ئۇنىڭغا بىكارچىلىق خۇش يېقىپ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالمىسۇن، ئۇنى مۇمكىنقەدەر يېقىنچىلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن تۈزىگىن، رۇسلىغىن، ئەگەر ئۇ بۇ ئىككىسىگە كۆنمىسە ئۇنىڭغا قاتتىق قول ۋە قوپاللىق بىلەن شىددەتلىك بولغىن› »،

بۇرۇنقىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلار بىلەن تەربىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە-رىشتىلىرىنى چىڭىتىشقا بولغان قىزغىنلىقى شۇ قەدەر بولغانكى، ئەگەر تەربىيەتچىلەر بىرەر سەۋەبتىن بىر يەرگە كېتىپ بالىلىرىنىڭ تەربىيەسى ئۈزۈلۈپ قالسا، قاتتىق قايغۇراتتى ۋە غەم-ئەندىشە قىلىشقا باشلايتتى، چۈنكى، ئۇلار پەرزەنتلىرىگە ئارزۇ قىلغان ۋە خالىغان تەربىيە ۋە تەلىملەرنىڭ ئوتتۇرا يولدا توختاپ قېلىپ نەتىجىسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى،

راغىب ئىسپاھاني مۇنداق دەيدۇ: خەلىپە مەنسۇر زىنداندا تۇرۇۋاتقان مەھبۇسلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: «سىلەر زىنداندا يېتىۋېتىپ نېمىگە بەك قايغۇردىڭلار؟ سىلەرگە نېمە ئەڭ قاتتىق ئېغىر كەلدى؟» دەپ سورىغاندا، ھەممىسى ئوخشاشلا: «پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەربىيەسىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن،

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئوغلىنىڭ تەربىيەتچىسىگە نەسىھەت قىلىپ: «ئۇلارغا قۇرئان ئۆگەتكىنىڭدەك راستچىللىقنى ئۆگەتكىن، ئۇلارنى گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلارغا زورلىغىن، ئۇلارغا شېئىر ئۆگەتكىن، ئۆزلىرى شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى ئىجاد قىلغۇدەك بولسۇن، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىكلىرى ۋە ئېسىلزادىلىرى بىلەن، بولۇپمۇ ئالىملىرى بىلەن ئارىلاشتۇرغىن ۋە ھەمسۆھبەت قىلغىن، تۆۋەن تەبىقە ۋە مەدىكارلار (ئىشچى-خىزمەتچىلەر) بىلەن ئارىلاشتۇرمىغىن ۋە ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلدۇرغىن، چۈنكى، ئۇلار خالايىقلار ئىچىدە ئەدەپ-ئەخلاقى ئەڭ ناچار ۋە يامان كىشىلەردۇر، ئۇلارنى سىرتتا ئاشكارىدا ھۆرمەتلىگىن، مەخپىي ھۇجرىلاردا تەنقىدلىگىن ۋە ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارنى يالغانچىلىققا ئاساسەن ئۇرغىن، يالغانچىلىق چوقۇم گۇناھكارلىققا چاقىرىدۇ، گۇناھكارلىق چوقۇم دوزاخقا چاقىرىدۇ …»،

ھەججاج بالىلىرىنىڭ تەربىيەتچىسىگە: «بالىلارغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىشتىن بۇرۇن، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكىن، چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن خەت يېزىپ بېرەلەيدىغان كىشىلەرنى تاپالايدۇ-يۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئۈچۈن سۇ ئۈزۈپ بېرىدىغان كىشىلەرنى تاپالمايدۇ» دېگەن،

www.uyghurkitap.com

هۆكۈمالارنىڭ بىرى پەرزەنتىنىڭ تەربىيەتچىسىگە: «سەن ئۇلارنى بىر ئىلمدىن يەنە بىر ئىلمگە ئۇلار تاكى شۇ ئىلمدە هۆكۈم قىلالايدىغان بولمىغۇچە يۆتكىمىگىن. ھەقىقەتەن ئىلمنىڭ قۇلاقتىكى سىقىلىشى، ۋەھىمىدە بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ تىقما-تىقماق بولۇشى ئىلمگە بولغان چۈشەنچىنى يوقىتىپ قويىدۇ» دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام ئەھلىگە مۇنداق خەت يېزىپ ئەۋەتكەن: «بالىلىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە چەۋاندازلىقنى ئۆگىتىڭلار».

ئىبنى سىنا پەرزەنت تەربىيىسى توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ: «سەبى ئوغۇل بالەن ئۇنىڭ مەكتىپىدە ئەدەپ-ئەخلاقى گۈزەل، ئادەتلىرى رازى بولغۇدەك سەبىي قىزلار بولسۇن، چۈنكى سەبى سەبىيلەردىن ئاسان ئۆگىنىدۇ، ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئاسان چىقىشىپ قالىدۇ» دېگەن.

ھىشام ئىبنى ئەبدۇلمەلىك ئوغلىنىڭ تەربىيەتچىسىگە: «مانا بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ئۇ ماڭا ئىككى كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدىنمۇ ئەتىۋارلىق. مەن سېنى ئۇنىڭ تەربىيەسىگە مەسئۇل قىلدىم. سەن ئۆزەڭگە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشنى لازىم تۇتقىن، ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلغىن. ساڭا تۇنجى تەۋسىيە قىلىدىغىنىم، ئۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى قۇرئاننى قوبۇل قىلدۇرغىن. ئۇنىڭغا شېئىر-ئەشئارلارنىڭ ياخشىلىرىنى پىششىق ئۆگەتكىن. ئاندىن ئۇنى ئەرەب ئەدەبىياتىغا كىرگۈزگىن. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى ئۆگەتكىن. ھالال-ھارام، خۇتبە ۋە غازاتنامىلەرنى يادلاتقىن» دېگەن.

مانا بۇ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئام ۋە خاسلىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلەر تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، بالىلىرى ئۈچۈن تەربىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ۋە ئەۋزەللىرىنى تاللاپ بېرىشكە نەقەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ساغلام يۆلىنىش ۋە پەزىلەتلىك بولغان تەلىم-تەربىيە پرىنسىپلىرىنى تاللايدىغانلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىسپاتلارنىڭ دېڭىزىدىن تامچىدۇر، خالاس.

ئاتا-ئانا، مۇئەللىملەر ياكى باشقا كىشىلەردىن بولغان تەربىيەتچىلەر «پەرزەنت تەربىيەسى» توغرىلىق، ئۇلارنى يارىملىق، ھاياتلىققا كېرەكلىك ئادەم قىلىپ ئۆستۈرۈش توغرىلىق مەسئۇل بولغاندا، ئۇلار چوقۇم ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنىڭ چېكى، تاكامۇللاشتۇرىدىغان باسقۇچلىرى ۋە تۈرلۈك تەرەپلىرىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق بىلىشى لازىم. ئۇلار شۇ چاغدا ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ياخشى ھالەتتە ئورۇنلىيالايدۇ.

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - ئىمان تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى.
2 - ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى.
3 - جىسمانى تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى.
4 - ئەقلىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى.

5 ـ روھي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى،
6 ـ ئىجتىمائىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى،
7 ـ جىنسىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى،

ئاللاھ تەئالا خالىسا ئالدىمىزدىكى پەسىللەردە ھەربىر مەسئۇلىيەت توغرىلىق تەپسىلىي توختىلىمىز، بىز بۇ جەرياندا ئىلگىرى ـ كېيىن ئاللاھ تەئالادىن ياردەم ۋە تەۋپىق تىلەيمىز، مەقسەت ئاللاھ تەئالانىڭ يولىغا قايتىش ۋە تايىنىشتۇر.

# بىرىنچى پەسىل ئىمان تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەقىدە ئۆگىتىشتىكى پرىنسىپلىرى

ئىمان تەربىيەسىدىن مەقسەت بالا ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ، ئۇنى ئىمان ئۇسۇللىرى بىلەن چەمبەرچەس ئالاقە ـ مۇناسىۋەت ئورنىتىش، چۈشىنىشكە باشلىغاندىن بېرى، ئۇنى ئىسلامنىڭ رۇكنىلىرى ــــ تەۋرۇك، بازا، ئۇل ــــ غا كۆندۈرۈش، ئۇ ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكىلى تۇرغاندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئاپئاق ۋە نۇرانە بولغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىش دېمەكچىمىز ...

ئىمان ئۇسۇللىرى: «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەر ئارقىلىق راستچىل خەۋەرلەر يولىدىن ئىسپاتلانغان ئىشىنىشكە تېگىشلىك ھەقىقەتلەر ۋە غەيبكە تەۋە ئىشلار، مەسىلەن، ئاللاھ جەللە ۋەئەلانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىشىنىش، ئاسمانغا مەنسۇپ كىتابلارغا ئىشىنىش، بارچە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، ئۆلگەن ئادەم قەبرىگە كىرگۈزۈلگەن ھامان ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورايدىغانلىقىغا ئىشىنىش، قەبرىدىكى ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جەننەت، دوزاخ قاتارلىقلارغا ... ۋە بۇلاردىن باشقا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان، ئىشىنىشكە تېگىشلىك بولغان غەيبلەرگە ئىشىنىش قاتارلىقلارنى ئىماننىڭ ئۇسۇللىرى، يىلتىزى ۋە ئۇلى دەپ ئاتايمىز.

ئىسلام ئەركانلىرى: بەدەن ۋە مال ئارقىلىق بەجا كەلتۈرىدىغان بارچە ئەمەل ـ ئىبادەتلەردۇر، مەسىلەن، ناماز، روزا، زاكات ۋە يولىغا قادىر بولغانلارغا پەرز بولغان ھەج قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئىسلام پرىنسىپلىرى: بۇنىڭدا ئومۇمەن ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، قانۇن، تۈزۈم ۋە ھۆكۈملەر جەھەتتىن پەقەتكىنە ئىلاھىي مەنھەجگە ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئالاقىدار بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تەربىيەتچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جان ـ جىگەر پەرزەنتى ھاياتلىققا كۆزىنى ئاچقاندىن باشلاپ، ئۇنى ئىمان تەربىيەسىدىن كېلىپ چىققان مۇشۇ چۈشەنچىلەر ۋە ئۇقۇملار، ئىسلام تەلىماتىدىن كېلىپ چىققان مۇشۇ

ئاساسلارغا تاينىپ تەربىيلەپ ئۆستۈرسە، هارماي ـ چارچىماي ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۇلارغا ئەقىدە ۋە ئىبادەت جەھەتتە پەقەت ئىسلامنى، ئىسلام بولمىسا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى، ئىسلامسىز بىر دەقىقە ئىنسانىيەتنى رەزىللەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى، هاياتلىقتا بىر لەھزە هەم ئىسلامدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى ئۆزلۈپ ئىچۈرسە، پروگراممىا ۋە نىزام جەھەتتىمۇ ئىسلامغا چىڭ باغلىيالىسا، ئۇقتۇرالىسا، چۈشەندۈرەلىسە ۋە بىلدۈرەلىسە ... بالا چوقۇم ئاللاھ تەئالا خالىسا مۇشۇ كۆرسەتمە ۋە تەربىيەدىن كېيىن ئىسلامدىن ئۆزگە دىننى تونۇمايدىغان، قۇرئاندىن ئۆزگە رەھبەرلىكنى تونۇمايدىغان، ئاللاھ تەئالادىن ئۆزگە ئىلاھ، مەئبۇدلارنى، بۇت كەبى تاغۇتلارنى، ئاللاھ تەئالادىن هوقۇق تالىشىۋاتقان رەزىل مەلئۇنلار ۋە چۈپرەندىلەرنى تونۇمايدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن ئۆزگە قوماندان ۋە يېتەكچىنى تونۇمايدۇ ...

مانا بۇ ئىمان تەربىيەسىنىڭ ئەتراپلىق ئۇقۇملىرى، ئۇسۇلى ئىمان، ئىسلام ئەركانلىرى ۋە نۇرانە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرىنى پەرزەنتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇش توغرىسىدا يول كۆرسەتكەن ۋەسىيەتلىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ ...

## 1 ـ بالىنىڭ ئېغىزىنى «لا إِلٰهَ إِلا اللّٰه» دېگەن كەلىمە تەييىبە بىلەن ئېچىشقا بۇيرۇش

هاكىم ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «كىچىك باللىرىڭلارنىڭ ئېغىزىنى تۇنجى بولۇپ ‹لا إِلٰهَ إِلا اللّٰه› ( بىر ئاللاھ تەئالادىن باشقا ئىلاھ ـ مەئبۇد يوق ) دېگەن سۆز بىلەن ئېچىڭلار»؛ «كىچىك باللىرىڭلارنى تىلىنى تۇنجى بولۇپ ‹لا اله الا اللّٰه› ( بىر ئاللاھ تەئالادىن باشقا ئىلاھ ـ مەئبۇد يوق ) دېگەن كەلىمە بىلەن چىقىرىڭلار» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

بۇنىڭدىكى سىر ـ هېكمەت: كىچىك بوۋاق بالىنىڭ تۇنجى بولۇپ قۇلىقىنى قاقىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن تىلى زۇۋانغا كېلىدىغان، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەت باغلايدىغان، ئىسلامغا كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان تەۋھىد سۆزى «لا اله الا اللّٰه» بولسۇن دېگەنلىك ئۈچۈندۇر.

بىز بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى «بوۋاقلارغا ئائىت هۆكۈملەر» دېگەن تېمىدا بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىشنىڭ ياخشى كۆرۈلگەن سۈننەتلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە مۇشۇ ئەمەلدىكى سىر ـ هېكمەت، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەقىدىنىڭ يىلتىزى بولغان تەۋھىد ۋە ئىمان پرىنسىپىنى تەلقىن قىلىشنىڭ تەسىرىنى سۆزلىگەندۇق.

## 2 ـ ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ هالال ـ هارامنىڭ ئەھكاملىرىنى تونۇتۇش

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى مۇنزىر ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئەمەل قىلىڭلار، ئاللاھ تەئالاغا ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىڭلار،

باللىرىڭلارنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشقا، چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇڭلار. ئەنە شۇ ئۇلارنى ۋە سىلەرنى دوزاختىن ساقلاپ قېلىشتۇر» دېگەنلىكنى نەقىل قىلىدۇ.

بۇنىڭدىكى سىر- ھېكمەت: بالا ئىككى كۆزىنى ئاچقاندىن باشلاپ ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى بىلسە ۋە بويسۇنۇشقا كۆندۈرۈلسە، ئاللاھ تەئالانىڭ چەكلىمىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلسا ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا مەشقلەندۈرۈلسە، بالا بىر نەرسىنى ئاڭقارغان ۋە چۈشەنگەندىن باشلاپ ھالال- ھارامنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلسە، كىچىكىدىن باشلاپ شەرىئەتنىڭ ئەھكامىغا باغلىنىدۇ. چوقۇم ئىسلامدىن باشقا شەرئىي قانۇن- تۈزۈم ۋە يولنى ئۇقمايدىغان ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ.

## 3 - يەتتە ياشقا كىرگەندە ئىبادەتلەرگە بۇيرۇش

ھاكىم ۋە ئەبۇ داۋۇد ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «باللىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە نامازغا ئاساسەن ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنى ياتاقتا ئايرىۋېتىڭلار» دېگەنلىكنى نەقىل قىلىدۇ.

نامازغا باشقا بارلىق ئىبادەتلەر قىياس قىلىنىدۇ. بالىنىڭ كۈچ- تاقىتىگە قارىتا بىر نەچچە كۈن روزا تۇتتۇرۇش، دادىنىڭ چامى يەتسە ھەجگە بىللە ئېلىپ بېرىش دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭدىكى سىر- ھېكمەت: بالا تۇغۇلغان، تىرنىقى ئۆسكەندىن باشلاپ مۇشۇ ئىبادەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلسە، ئۇنى ئادا قىلىشقا كۆنسە، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تەئالاغىلا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۈستىدىكى ئاللاھ تەئالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان، ئاللاھ تەئالاغا تەشەككۈر ئېيتىدىغان، ئىلتىجا قىلىدىغان، ئىشەنچ باغلايدىغان، تايىنىدىغان، ئاشكارا- يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تەئالاغىلا تەسلىم بولىدىغان، ھەتتا مۇشۇ ئىبادەتلەردە روھىغا پاكلىقنى، تېنىگە سالامەتلىكنى، ئەخلاقىغا رىغبەتلىنىشنى، سۆز- ھەرىكەتلىرىگە ئىسلاھاتنى تاپىدىغان يارامىلىق ئادەم بولىدۇ.

## 4 - رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىنى دوست تۇتۇش ۋە «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىش ئاساسىدا تەربىيىلەش

ئىمام تىبرانى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھە ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبىرىڭلارنى سۆيۈش، ئۇنىڭ ئائىلە كىشىلىرىنى سۆيۈش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت ئۈستىدە تەربىيىلەڭلار. قۇرئاننى يادلىغۇچىلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدا بولىدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ تەئالانىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمايدۇ. بۇ كىشىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە تاللىغان كىشىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ» دېگەنلىكنى بايان قىلىدۇ.

### • رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرجىمىھالى ۋە جەڭنامىلىرىنى ئۆگىتىش

مۇشۇ جۈملىدىن ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تارىخى تەرجىمىھالى، غازاتنامىلىرى، ساھابە-كىراملارنىڭ تەرجىمىھاللىرى، ئۇلۇغ ئىش-ئىزلىرى، ئۇلۇغ قوماندانلارنىڭ شەخسىي ھاياتى، ئوبرازلىرى، تارىختىكى كەسكىن ۋە قانلىق جەڭ مەيدانلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىش لازىم.

بۇنىڭدىكى سىر-ھېكمەت: بۇنداق بولغاندا بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ ھەرىكەت، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ۋە جىھادتا بۇرۇنقىلارنى دورايدۇ. ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. ھەتتا ھېس-تۇيغۇ، ئىززەت ۋە ئىپتىخار جەھەتتىمۇ ئۇلارنىڭ تارىخىغا باغلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، روھ، پروگرامما ۋە تىلاۋەت-ئوقۇشلۇق جەھەتتىن «قۇرئان كەرىم»گە باغلىنىدۇ.

### • ئۆلىمالارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

تۆۋەندە ھوزۇرۇڭلارغا كىچىك بالىلارغا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىشنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەڭنامىسىنى ۋە قەھرىمان ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرىنى ئۆگىتىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى سۇنىمىز:

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز بالىلىرىمىزغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتنامىلىرىنى قۇرئان سۈرىلىرى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتۇق» دەيدۇ.

ئىمام غەززالى «ئەھيائۇلئۇلۇم» ناملىق كىتابىدا كىچىك ئۆسمۈرلەرگە قۇرئاننى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى، ياخشى كىشىلەرنىڭ ھېكايەتلىرىنى، ئاندىن بىر بۆلۈك دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئىبنى خەلدۇن ئۆز تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ۋە يادلىتىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە قۇرئان ئۆگىتىشنىڭ بارچە ئىسلام يۇرتلىرىدا ئاساسلىق دەرسلىك پروگراممىسى ئىكەنلىكىنى، تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاساسى ۋە باشلىنىشى قۇرئان ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ. ئۇ: «قۇرئاننىڭ ئاساسلىق دەرسلىك بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق شوئارلىرىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆگىتىش ئەقىدىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئىماننىڭ چوڭقۇر ئورۇنلىششىغا ئېلىپ بارىدۇ» دەيدۇ.

ئىبنى سىنا «سىياسەتنامە»دە ئۆسمۈر بالىلارغا بىرىنچى بولۇپ قۇرئان ئۆگىتىشكە تەۋسىيە قىلىپ، قۇرئان ئۆگىتىش بالىلارنىڭ زېھنىنى تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن ئېچىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋەھىي تىلى بولغان ئەسلى ۋە ئېسىل تىلنى پىششىق ئىگىلەشكە ۋە روھىيىتىدە ئىمان بەلگىلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئورۇنلىششىغا پايدىلىق دەيدۇ.

تارىخ ۋە تەربىيە كىتابلىرىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بىر قېتىم فەزلى ئىبنى زەيد سەھرالىق بىر خوتۇننىڭ بالىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ۋە بۇ ئايالدىن بالىسىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سورايدۇ. ئايال فەزلگە: «ئوغلۇم بەش ياشقا كىرگەندە مەن ئۇنى تەربىيەتچىگە تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇ قۇرئاننى يادلىدى ۋە تىلاۋەت قىلغۇدەك بولدى. شېئىرلار ئۆگىنىلدى. ئۆز قەۋمىنىڭ پەخرى-ئىپتىخارلىرىمۇ ئۆگىتىلدى. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىش-

ئېزلىرى تەلقىن قىلىندى، بۇلارنىمۇ پىششىق ئىگىلىدى، ئۇ بالاغەتكە يەتتى، مانا ئەمدى ئات مىنىش، قىلىچ ـ نەيزە سوقۇشتۇرۇشلار ئۆگىتىلىدى، ئۇ ماھىر چەۋەنداز، مەرگەن، قىلىچۋاز ۋە نەيزىۋاز بولۇپ يېتىشتى، ئۇستىگە ساۋۇت ـ دوبۇلغىلارنى كىيدى، قولىغا قورال ئالدى، مەھەللە ئۆيلىرىنىڭ كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ پاسىبانلىق قىلالايدىغان، قوغدىغۇچى بولالايدىغان بولدى، دەردمەنلەر ۋە بىچارىلەرنىڭ دەرىگە دەرمان بولغۇدەك بولدى» دېدى،

بىز يۇقىرىدا ئالدىنقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، ئۇلار بالىلىرىنى تەربىيەتچىلەرگە بەرگەندە تۇنجى بولۇپ كۆرسەتكەن ۋە نەسىھەت قىلغان ئوقۇشلۇقنىڭ قۇرئان ئۆگىتىش، تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە يادلىتىش بولغانلىقىنى، ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىللىرى ۋە دىللىرىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش، توغرىلاش، روھلىرىنى ئالىيلاشتۇرۇش، قەلبلىرىنى قورقۇتۇش، كۆزلىرىدىن ياشلار ئاققۇزۇش، كۆڭۈللىرىدە ئىمان، جەزمىيەت ئىشەنچىسى بارلىققا كەلتۈرۈش بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق،

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن خۇلاسە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىغا كىچىكىدىن باشلاپ ئىماننىڭ ئۇسۇلى، ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى ۋە نۇرانە شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشكە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دوست تۇتىدىغان، ئۇنىڭ ئائىلە كىشىلىرىنى دوست تۇتىدىغان، ئۇنىڭ ساھابىلىرى، قوماندانلىرى ۋە ئىشغال ـ پەتھى قىلغۇچى كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارنى دورايدىغان ۋە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈشكە قاتتىق ئەھمىيەت بەردى، بالىنى ئىمانى كامىل، ئەقىدىسى مەزمۇت، تۇنجى ئەۋلاد قەھرىمان، باتۇر، ئۇلۇغ ۋە ئاۋانگارت ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى سۆيىدىغان ۋە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىدىغان دۇرۇس ئادەم قىلىپ تەربىيلەشكە شۇنچە ئەھمىيەت بەردى، ئەگەر سوختا ۋە سورتلۇق ئۆسكەن ئۆسمۈرلەر كەبى سوختا ۋە تەربىيلىك ئۆسۈپ يېتىلسە، بۇ بالىلارنى ئاتېئىزم، خۇداسىز دەھرىيلەرنىڭ يالغان ياۋىداقلىرى، ئۆسۈك سەپسەتىلىرى تەۋرىتەلمەيدۇ، ئەھلى كۇفرى ۋە ئازغۇنلارنىڭ ساختا يالغان ـ ياۋىداقلىرى تەسىر قىلالمايدۇ!!!

پەرزەنتلىرىنى مۇشۇ ئاساسلارغا تايىنىپ تەربىيلىگەن، ئۇلار بىلەن مۇشۇ ۋاسىتىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ماڭغان تەربىيەتچىلەر نېمىدېگەن توغرا ئىش قىلغان بولىدۇ ـ ھە؟! ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئازغۇنلۇق، خۇداسىزلىق، دەھرىيلىك ۋە ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلاش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتا بۇنىڭدىن ئۆزگە ئىككىنچى يول ياكى ئۇسۇل يوق!

* * * * *

**• بالا، پىترەت ۋە مۇھىت**

بارلىق تەربىيە ۋە ئەخلاق ئالىملىرى بىردەكلىككە ئىگە بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، بالا تۇغۇلغان چاغدىلا تەۋھىد ئېڭى، ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىمان ئېڭى، ئەسلى پاكلىق ۋە كۇپرى شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا

بولۇش ئېڭىدا تۇغۇلىدۇ، ئۇلارغا ئاڭلىق ۋە لاياقەتلىك بولغان ئائىلە تەربىيەسى، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئىشەنچلىك بولغان تەربىيە مۇھىتى ۋە ئەۋزەل شارائىتلار بىرلەشتۈرۈلسە، بالا چوقۇم كىچىدىن باشلاپ ئىمانى چىڭ، ئەخلاق پەزىلەتلىك، ياخشى تەربىيە كۆرگەن يارامىلىق، سالىھ ئەۋلاد، دىلىنىڭ ھوزۇرى، ئارامى، كۆزىنىڭ قارىچۇقى پەرزەنت بولۇپ يوغىنايدۇ.

مانا بۇ ئىمانغا مەنسۇپ ئاڭدىن ئۇرغۇغان ھەقىقەتنى «قۇرئان كەرىم» بېكىتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكىتلەيدۇ، تەربىيە ۋە ئەخلاق ئالىملىرى ئىسپاتلايدۇ.

ئاللاھ جەللە ۋەئەلا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

«( باتىل دىنلاردىن ) بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا ( ئەگەشكىنكى )، ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھ تەئالانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ» ( ـ30 سۈرە ـ30 ئايەت ).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەكىتلىگىنى بولسا، ئىمام بۇخارى ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلغان: «تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي، يا نەسرانىي، ياكى ئوتپەرەست ( مۇشرىك ) قىلىپ چىقىدۇ» دېگەن ھەدىستۇر.

ئەمما، ئەخلاق ۋە تەربىيە ئالىملىرىنىڭ ئىسپاتلىرىنى، غەرب ياكى شەرق دۇنياسىدا ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيەسىنىڭ ئەھمىيتى ۋە ئۇ تەربىينىڭ ھەرقايسى شەخسلەرنىڭ مەسىلەكلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تەسىرى، خەلقلەرنىڭ بۇرۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى رۇسلاشتىكى رولى توغرىلىق سۆزلەرنى نەقىل قىلغان چېغىمىزدا بايان قىلىمىز، بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ساھەدە ئىمام غەززالىينىڭ بالىنىڭ قابىلىيىتى ۋە تەبىئىي ئېڭىغا قارىتا، بالىدا ياخشى خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ياكى يامانلىق پرىنسىپلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش توغرىلىق قارار قىلغان سۆزلىرىنى نەقىل قىلىش بىلەن بولىدى قىلىمىز، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سەبىي بالىلار ئاللاھ تەئالا ئاتا ـ ئانىغا تاپشۇرغان ئامانەتتۇر، ئۇنىڭ پاك قەلبى قىممەت باھالىق ئەڭگۈشتەردۇر، ئەگەر ئۇ ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈلسە ۋە ياخشىلىق ئۆگىتىلسە، ئۇ يارامىلىق، ياخشى ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ، ئەگەر ئۇ يامان ئادەتلەرگە ئۆگىتىلسە، تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا ئوخشاش سەل قارالسا ۋە بىپەرۋالىق قىلىنسا، ئۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ ۋە ھالەك بولۇپ تۈگىشىدۇ، ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش ئۇلارنى ياخشى تەربىيلەش، رىغبەتلەندۈرۈش، ئىسلام تەربىيەسىگە، قۇرئان تەلىماتىغا ئىگە قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن قولغا كېلىدۇ ...».

بۇ شېئىر نېمدېگەن ئورۇنلۇق ھە!

يىگىتلەرنىڭ قانداق ئادەم بولغىنى،

قىلار ئاتىنىڭ تەربىيەسىنى نامايان.

گۇدەكلەرگە دەلىل ـ ئىسپات نە كېرەك،
قىلار دوستلىرى ئۇنى ياخشى دىندار ياكى سىڭايان.

## • بالىلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىكى ئەمەلىي رېئاللىقتىن كۆرۈنۈشلەر

ھۆرمەتلىك مۇرەببىيلەر! بالىگىزنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقىنى ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنى بىلىۋېلىشىڭىز، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلار ۋە ئىگە-چاقا بولغۇچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەشتە سەل قارىسا، كۆپ ھاللاردا بۇ ئىش ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئازغۇنلۇققا، ئۆزگىرىپ كېتىشكە، كۇپرى پرىنسىپلىرى ۋە ئاتېئىزمنى-خۇداسىزلىقنى قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى تونۇپ يېتىشىڭىز ۋە بىلىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن ئىجتىمائىي رېئاللىقمىزدىن بىر كۆرۈنۈش، ئازغۇنلۇق ۋە بۇزۇقچىلىق مۇھىتىدىن بىر نەمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى ياخشى دەپ قارىدۇق:

1) دادا بالىسىنى ئەجنەبىيلەر، كوممۇنىستلار، خۇدانى يوق دەيدىغان ئاتېئىزمچىلار ئاچقان مەكتەپلەرگە، خرىستىئان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇشقا بەرسە ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى ۋە ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا يول قويسا، ياكى بالىلىرىنىڭ ئاشۇ مەكتەپلەردە نېمىلەرنى ئوقۇيدىغان، نېمىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا بىپەرۋالىق قىلىپ كارى بولمىسا ياكى سەل قارىسا، بالا چوقۇم ئازغۇن ۋە بۇزغۇنچى ۋە بۇزۇق ئادەم بولىدۇ، بارا-بارا كاپىرلىق ۋە خۇداسىزلىققا ئۆتىدۇ، بەلكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىسلامنى ئۆچ كۆرۈش، ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلايدىغان، دۈشمەنلىك قىلىدىغان رەزىل ئىنسانغا ئايلىنىدۇ.

2) بالىسىنى كوممۇنىست مۇئەللىم-خانىملار، ئاتېئىزمچى ئۇستازلار ۋە ئەسكى، ناچار تەربىيەتچىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان ئادەم ياكى دادا بالىسىنى چوقۇم يالماۋۇز ئالۋاستىدىنمۇ پەس كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان بولىدۇ. بالىلار بۇلاردىن كاپىرلىق، مۇشرىكلىك، خۇداسىزلىق، دىنسىزلىق، ئىسلامنى ئىنكار قىلىش ۋە ئادەمگە قول بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا زالالەت ئۇرۇغلىرى ۋە كۆچەتلىرى تىكىلىدۇ. بۇنداق بالىلار ئومۇمەن پرىئۇنى بولۇپ ئاتېئىزم تەربىيەسى ئۈستىدە دىنسىز بولۇپ، ئەلمانىيچىلارنىڭ خەتەرلىك پىلانلىرىغا ماس ئادەم بولىدۇ. خالاس.

3) بالىلىرىنىڭ ماددىنى ئاساس قىلىدىغان خۇداسىز دەھرىيلەرنىڭ كىتابلىرىدىن خالىغىنىنى ئوقۇشقا، مۇتالىئە قىلىشقا يول قويىدىغان، مىسسىئونېر ۋە خرىستىئان دۇنياسى مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا تەنە قىلىپ، ئۇنى يوقىتىش كويىدا يازغان كىتاب-ژۇرناللىرىدىن خالىغانچە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان دادا، ئۇ بىلىپ-بىلمەي، ئۇقۇپ-ئۇقماي بالىلىرىغا 100%لىك زەھەر ئىچۈرگەن، كۆزقارىچۇقلىرىنى قەستلىگەن نومۇسسىز، ئىپلاس دادا بولىدۇ. چوقۇمكى، بۇ خىل تەربىيىسىنىڭ زەھەر-ئوغلىرىنى يۇتۇۋەتكەن بالىلار ئومۇمەن ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ھەققەتلىكى ۋە ئۆز دىنىنىڭ ھەققەتلىكى توغرىسىدا گۇمانلىنىدىغان، شۈبھىلىنىدىغان، ئۆز تارىخى ۋە تارىختىكى ئۇلۇغلىقنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئىسلام پرىنسىپلىرىغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان دۈشمەن ياكى دۈشمەن سېپىدا،

كاپىرلار، خۇداسىز كوممۇنىستلار سېپىدا تۇرىدىغان قىزىلپاچاق، يالاڭتۆش ۋە چاكىنا بالا بولىدۇ.

4 ) دادا بالىسىنىڭ چۈلۋۈرىنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتكەن، كۆڭۈل ئارغامچىسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن، ئۆزى خالاپ ئارىلىششقا، ئۆزى خالاپ ئاغىنە تۇتۇشقا، دوست تاللاشقا، ئۆزى قىزىقىدىغان ئاغىنىلەر بىلەن كۈن بويى بىللە تۇرۇشقا يول قويغاندا، باللىرى چوقۇم بۇ ئەسكى ئاغىنىلىرىدىن ئەسكىلىكنى بولۇشىغا ئۆگىنىدۇ. كەلگىندى پىكىرلەردىن خالىغىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئازغۇنلۇقنى ۋە ھەقتىن بۇرۇلۇشنى ھۈنەر-سەنئەتكە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق باللار چوقۇم زالالەتتىكى ئازغۇن ئېقىم ئاغىنىلىرىدىن ئۆگىنىپ، مۇقەررەر ھالدا دىنىي قىممەتلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئىسلام دىنى ۋە شەرىئىتى ئېلىپ كەلگەن ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئىسلام بىلەن مۇتلەق ئىشى يوق نان قېپى، تۆمۈر تاۋاق ئەتراپىغا ئويۇشقان ماڭقۇرتلار بولىدۇ.

5 ) باللىرىنىڭ خۇداسىز كاپىر، پارتىيە-گۇرۇھلارغا ئۆزىنى نىسبەت بېرىشىگە يول قويغان، پېئونېر، كاندىدات ئەزا، پارتىيە ئەزاسى، كوممۇنىزم ئەزاسى، ئىشتىراكچىسى، قۇرۇلتاي ئەزاسى دېگەنلەردەك خىلمۇخىل ئاتاقلار ۋەناملار بىلەن ئۆزىنى ئاتاشقا، دىنسىز ئەلمانىيچىلارنىڭ ئىدارە-ئورگانلىرىغا، ئەقىدە، پىكىر ۋە تارىخىي نۇقتىلار جەھەتتىن ئىسلام بىلەن چېتىشلىقى بولمىغان تەشكىلاتلار ۋە ھەيئەتلەرگە كىرىشكە، ئەزا بولۇشقا يول قويسا، بۇنداق ئاتىلارنىڭ باللىرى چوقۇم ئازغۇنلۇق ئەقىدىسى ئۈستىدە ئۆسىدۇ. كاپىر، خۇداسىز بولغان دەھرىيلىك پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تەربىيىلىنىدۇ. بەلكى، بۇنداق باللار ساماۋىي دىنلار، ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن قىممەتلەر ۋە مۇقەددەسلەرنى پايخان قىلىدۇ ۋە بۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ!

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا مۇسۇلمان ئاتا-ئانا ھەرگىز يول قويالمايدۇ. تىرىنقىنى كوچىلاپ، كالىسىنى قاشلاپ بىر چەتتە قاراپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر بۇ دۇنيادا شۇنداق قىلدىمۇ دەيلى، ئاخىرەت كۈنى جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا پۈتۈن مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلار قاتناشقان ئوچۇق سوت مەيدانىدا بىر تەرەپ تۇرالمايدۇ. چوقۇم زەرىگە چاغلىق ياخشى-يامان ئىشلىرىدىن، باللىرى توغرىلىق سەل قارىغانلىقلىرىدىن بىرمۇبىر ھېساب بېرىدۇ:

قۇم بارخانلار ئارا چۆلدە ئۆسكەن ئۆسۈملۈك،
بوستان ئارا باغدا ئۆسكەن ئۆسۈملۈككە ئوخشىماس.
ناچار ئانىلارنىڭ ئەمچىكىدىن سۈت ئەمگەن باللار،
ئۆزى تەقۋا، سالىھ ئانىلارنىڭ باللىرىغا ئوخشىماس.

## ئاتا - ئانىلارنىڭ تەربىيە مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ چەك - چېگرالىرى

باللارنى ئەقىدە ۋە ئىمانلىق، ئىسلام پرىنسىپلىرىنى چىڭ تۇتىدىغان پرىنسىپچى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش بارلىق تەربىيەتچىلەرگە ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن ۋاجىب بولغان بولسا، ئاتا-ئانىلارغا ئايرىم جەھەتتىن خۇسۇسەن ۋاجىب بولىدۇ. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستىدە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار بولغان بارلىق كىشىلەرنىڭ پەرزەنتنى

مەمنۇن بولىدىغان كامىل ئىمان تەربىيەسىگە ئاساسەن تەربىيلەشتە مۇھىم دەپ قارالغان مەسئۇلىيەتلەرنىڭ چەك- چېگرالىرىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇق.

بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ چەك- چېگرالىرى تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

## 1 - بالىلارنى ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىشكە ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ مۆجىزىلىك قۇدرىتىگە ۋە ئاجايىپ بەدىئىي ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە يېتەكلەش

ئاللاھ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەرچىسى ئىكەنلىكىگە، ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى، ھەتتا شۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە ئويلىنىش، ئانالىز قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يەتكىلى، ئىشەنچ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئۆسمۈرلۈك ياشلىرىدىكى بالىلارغا تەدرىجىي ھالەتتە چۈشەندۈرۈلىدۇ. كۆز بىلەن كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسىدىن ئويلىغىلى بولىدىغان نەرسىگە، پارچە- پۇرات نەرسىدىن ئومۇمىي نەرسىگە، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە يۆتكەپ، تاكى ئۇلار بىلەن ئاخىرقى باسقۇچتا قانائەت ھاسىل قىلىش، ھۆججەت ۋە پاكىتقا تايىنىپ ئىمان مەسىلىسىگە ئېرىشىدۇ. مۇشۇنىڭغا قەدەر بالىغا داۋاملىق ئاللاھ تەئالانىڭ مەخلۇقاتلاردا ئورۇنلاشتۇرغان باراۋەرلىكىگە قارىتا دەلىل- پاكىتلار ئۆزلۈكسىز تەلقىن قىلىنىدۇ. بالا كىچىكىدىن باشلاپ ئىمان مەسىلىرىنى مۇستەھكەم قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭ زېھنى ۋە پىكرىدە تەۋھىد دەلىل- پاكىتلىرى قومۇرۇۋەتكىلى بولمىغۇدەك چوڭقۇر ۋە مەزمۇت يىلتىز تارتىدۇ. ۋەيران قىلماقچى بولغان يېقىش قورالىرى، جەيزە، گۇرجەك ۋە بازغانلار ئۇنىڭ ئاۋات قەلبىدىن بىتۇندىن ئۆتەر مۇستەھكەم بولغان ئىمانى ۋە ئەقىدە ئىخلاسىنى تارتىۋېلىشقا ياكى چېقىپ تاشلاشقا قادىر بولالمايدۇ. يامانلىققا چاقىرغۇچىلار ئۇنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ئەقلىگە يامان تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. بىرەر ئىنسان ئۇنىڭ ئىمانىغا تولۇپ تاشقان مۇئمىن روھىيىتىنى تەۋرىتىۋېتىشكە، تەشۋىشلەندۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، بالىنىڭ ئىمانى ئاللىقاچان مۇستەھكەملىككە، جەزمىيتى چوڭقۇرلۇققا ۋە قانائىتى تاكامۇللۇققا يەتكەن بولىدۇ.

مانا بۇ تۆۋەندىن يۇقىرىغا، ھېس قىلغىلى بولىدىغاندىن ئويلىغىلى بولىدىغانغا تەدرىجىي يۆتكىلىش يولى ــــ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەتنىڭ تېگى- ماھىيىتىگە يەتكۈزۈشتىكى ئۇسۇلى ۋە يولىدۇر.

بۇ ئايەتلەر ئىچىدىن تۆۋەندىكىلەرنى نەقىل قىلىمىز:

«ئاللاھ تەئالا سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئارقىلىق ئۆسكەن دەل- دەرەخلەر بىلەن چارۋىلارنى باقىسىلەر. ئاللاھ تەئالا سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (ئاللاھ تەئالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. ئاللاھ تەئالا سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى. يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بويسۇندۇرۇلغاندۇر, چۈشەندىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئاللاھ تەئالا يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)، ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. ئاللاھ تەئالا سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرى (يەنى بېلىقلىرى) نى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە-مارجانلار)نى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ تەئالانىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، (ئاللاھ تەئالانىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن يېمەك-ئىچمەكلەر ۋە يۈك-تاقلار قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدا تاغلارنى بەرپا قىلدى، (زىرائەتلىرىڭلارنى، چارۋا-ماللىرىڭلارنى سۇغۇرىشىڭلار ئۈچۈن) ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى پەيدا قىلدى. (يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ. (پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان ئاللاھ تەئالا بىلەن (ھېچ نەرسىنى ياراتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر» (سۈرە نەھلى 10 ــــ 17-ئايەتلەر).

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ تەئالا بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىلدۇرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھ تەئالانىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر» (سۈرە بەقەرە 164-ئايەت)؛

«ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىيدىن يارىتىلدى. ئۇ مەنيى ئومۇرتقا سۆڭىكى بىلەن قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەئالا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە) قادىردۇر. سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر» (سۈرە تارىق 5 ــــ 10-ئايەتلەر).

«ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاندىن زېمىننى (ئۇنىڭدىن ئۈسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق. سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلار، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق» (سۈرە ئەبەسە 24 ــــ 32-ئايەتلەر)؛

«كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ تەئالا بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى (شۇنىڭدەك ئاللاھ تەئالا تاغلارنى ياراتتى)، تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەرخىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك، ئىنسانلارنى، ھايۋاناتلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى. ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھ تەئالادىن پەقەت ئالىملارلا بەك قورقىدۇ. ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن غالىبتۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» (سۈرە فاتىر 27 ــــ 28-ئايەتلەر)؛

«ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز ھالدا) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟ يەر يۈزىنى (تۇغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق. يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. ئاللاھ تائالاغا قايتقۇچى ھەربىر بەندىگە (ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق)» (سۈرە قاف 6 ــ 8 ـ ئايەتلەر).

## 2 ـ بالىلار كۆڭلىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن تەقۋالىق قىلىش ۋە ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قۇللۇق قىلىش روھىنى كۈچەيتىش قىلىپ تىكىش لازىم

ئاللاھ تائالانىڭ بارچە مەخلۇقاتلىرىدىكى، چوڭ ـ كىچىك، كاتتا ۋە ئەڭ نازۇك، جانلىق ـ جانسىز، ئۈنۈۋاتقان ئۆسۈملۈك، ئۆسۈۋاتقان دەل ـ دەرەخ، تۈرلۈك رەڭلەرگە بەدىئىي گۈل ـ چېچەكلەر، ياسىلىشى ئاجايىپ، يارىتىلىشى ئاجايىپ، بارلىققا كېلىشى ئاجايىپ بولغان مىليارد ـ مىلياردلىغان مەخلۇقاتلار ۋە تامامى شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، ئويلىنىشلار ئارقىلىق ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىلىك تەڭداشسىز قۇدرىتى، تەڭداشسىز، ئاجايىپ ئۇلۇغ، ئاجايىپ كاتتا، ئاجايىپ زور، ئوخشىمىسىز، تەڭداشسىز پادىشاھلىقى، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە تەسۋىرلىگۈسىز ئالىيجاناپ رەھمان، رەھىيم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. بۇنى تونۇپ يەتكەن قەلبلەر ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە ئەزىمەتىدىن ھۆرمەت ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن لەرزىگە كەلمەي قورقماي تۇرالمايدۇ. بۇنى چۈشەنگەن نەپسى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلماي ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نازارىتىنى ھېس قىلماي تۇرۇشقا ئۆزىگە ئىگە بولالمايدۇ. تونۇش، چۈشىنىش ۋە بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن كىشى ئۆزىنىڭ بارلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ۋىجدان چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز لەززەتلىكىنى بىلىدۇ.

بالىلار كۆڭلىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان تەقۋالىقنى يېمىرىلمەس مۇستەھكەملىككە ئىگە قىلىدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى، بالىنى كىچىك ئۆسمۈرلۈك يېشىدىلا نامازدا خۇشۇئ ـ خۇزۇئ قىلىشقا كۆندۈرۈش، «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلغان ياكى ئاڭلىغاندا قايغۇرۇش ۋە يىغلاشقا ئۈندەش كېرەك. مانا بۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالانى تونۇغۇچى ئارىپلارنىڭ سۈپەتلىرى، ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ نام ـ نىشانى، بەلگىسى ۋە سەممىي سادىق مۇئمىنلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

بىز ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلارنى قانداق مەدھىيىلىگەنلىكى، ئاللاھ تائالانى دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغۇچى كىشىلەرنى قانداق ماختىغانلىقىغا نەزەر سالايلى:

«مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق مۇئمىنلەركى)، نامازلىرىدا (ئاللاھ تائالانىڭ

ئۇلۇغلىقىدىن سۆز بېسىپ كەتكەنلىكتىن ) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر» ( سۈرە مۇئمىنۇن 1 ـــ ـ 2 ئايەتلەر ) ؛

«ئاللاھ تەئالا سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى، ( پاساھەتتە، بالاغەتتە ) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ( ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا ) تەكرارلىنىدۇ، ( قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا )، پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ تەئالانىڭ زىكرى ئۈچۈن ( يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا )، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ ( ئارام تاپىدۇ )، ئەنە شۇ ( يەنى قۇرئان ) ئاللاھ تەئالانىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن ( ئاللاھ تەئالا ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ» ( سۈرە زۇمەر ـ 23 ئايەت ) ؛

«... ئۇلارغا مەرھەمەتلىك ئاللاھ تەئالانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا سەجدە قىلغان ۋە يىغلىغان ھالدا ( زېمىنغا ) يىقىلىدۇ» ( سۈرە مەريەم ـ 58 ئايەت ) ؛

«مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھ تەئالانىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە ( يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە ) ئېرىشىدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ؟ ...» ( سۈرە ھەدىد ـ 16 ئايەت ) ؛

«پەقەت ئاللاھ تەئالا ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھ تەئالانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارى ئىگىسى ئاللاھ تەئالاغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا ( كامىل ) مۇئمىنلەردۇر» ( سۈرە ئەنفال ـ 2 ئايەت ).

ئىلگىرى ـ كېيىن بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان، بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئىككى جاھان سەردارى، رەھنامە رەھبىرىمىز، ئۇلۇغ پېتەكچىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ زاتقا ئەگەشكەن ساھابە ـ كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھ كىشىلەر ۋە ئاللاھ تەئالانى تونۇغۇچى ئارىفلار ( ئاللاھ تەئالا ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن )نىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەئالادىن قاتتىق قورقاتتى، ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن ئەيمىنەتتى. ئاللاھ تەئالا زىكرى قىلغان ياكى قىلىنغاندا ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قوياتتى، قاتتىق غەمكىن ۋە قاتتىق شاد ـ خورام بولاتتى. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ماڭا قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بەرگىن» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرئان ساڭا نازىل قىلىنغان تۇرسا، مەن ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىم؟» دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن باشقا كىشىدىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا سۈرە نىسانى ئوقۇپ: «بىز ھەربىر ئۇممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە ( ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ) سېنى بۇلارغا ( پۈتۈن ئۇممەت، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟» ( سۈرە نىسا ـ 41 ئايەت ) دېگەن يەرگە كەلگىنىمدە، ئۇ: «بولدى قىلغىن، بولدى قىلغىن، ساڭا ھازىر كۇپايە قىلدى» دېدى. مەن قارىسام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈۋېتىپتىكەن.

ئەبى سالىھ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا يەمەنلىك بىر بۆلۈك كىشىلەر كەلدى. ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇپ يىغلىغىلى تۇردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «قەلبلەر قېتىپ كەتكەنگە قەدەر بىزمۇ مۇشۇلاردەك بولغانىدۇق» دېدى.

ئىلگىرىكى ئاتا-بوۋىلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئوقۇغان چاغدىكى يىغا-زارلىرى، نامازدا تۇرغاندىكى غەمكىنلىك ۋە قايغۇ-قورقۇشلىرى، نالە-پەريادلىرى بەك كۆپ. بىر-بىرلەپ بايان قىلىشقا بۇ كىتابىمىز كىچىكلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجايىپ قىسسىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنى ئىستىگەنلەر ئەخلاق ۋە تەربىيەگە مۇناسىۋەتلىك باشقا كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسۇن ...

بەزى ئاز ساندىكى تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش، ئەيمىنىش، غەمكىن بولۇش ۋە يىغلاش قاتارلىقلارغا كۆندۈرۈشنى مۇشەققەت ۋە ئېغىرچىلىق دەپ قارىشى، ھەتتا مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق ھېس قىلىشى مۇمكىن. مەشقلەندۈرۈش ۋە ئۆگىتىشكە باشلىغاندا، ئىشنىڭ بېشىدا بۇ ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ۋە قىيىن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش، يەنە بىر قېتىم چىداملىق سەۋرلىك بولۇشقا ئۈندەش، يەنە بىر قېتىم بۇرۇنقى سالىھ كىشىلەرنى دوراش ئارقىلىق، ... قورقۇش، ئەيمىنىش ۋە غەمكىن بولۇش بالىدا يىلتىز تارتقان ئەسلىيلىككە ئايلىنىشى، بالىنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرى ۋە تۇغۇلما تەبىئي خاراكتېرى جۈملىسىگە ئايلىنىشى چوقۇم ...

بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

پايدا بىرەر ئەدەپ-تەربىيە كىچىكىدە بالىغا،<br>
يوق پايدىسى ھەم كېيىنكى چوڭغان بىر گادايغا.<br>
كۆچەت شېخى ئېگىلىۇر قايان ئەگسەڭ شۇ يانغا،<br>
ئېگىلمەستىن سۇنىدۇ دەرەخ بولغان چېغىدا.

تەربىيەتچىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىدە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش، ئەيمىنىش ۋە يىغلاش قاتارلىق ئېسىل ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئوقۇغۇچىلار ۋە يىغلىغۇچىلار، ئەگەر يىغلىيالمىساڭلار بىرلىشىپ مەجبۇرىي يىغلاڭلار» (ئىمام تىبرانى).

## 3 ـ ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرىدا ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت روھنى ئۆستۈرۈش كېرەك

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دېمەكچى بولغىنىمىز، بالىنى ھەردائىم ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ نازارەت قىلىدىغانلىقى ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئويلىغانلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، كۆزلەرنىڭ

خىيانىتى ۋە دىللاردا يوشۇرغان نەرسىلەرنىمۇ بىلدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنى كېرەك. بالىدا ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىنى يېتىلدۈرۈش تەربىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى ۋە بۈيۈك مەقسەت-نىشانى بولۇشقا تېگىشلىك. لېكىن، بۇ مەقسەت بالىنى ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىگە كۆندۈرۈش، پىكىر ۋە ئويلاشلىرىدىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىگە كۆندۈرۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىگە كۆندۈرۈش دېگىنىمىز، بالا ئۆزىنىڭ بارلىق گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە بارلىق تەسەررۇپلىرى، ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشلىرىدا ئەمەللىرىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن خالىسانە قىلىش، ئىخلاس قىلىش لازىم. قىلماقچى بولغان ھەربىر ئەمەلدە ئاللاھ تەئالانىڭ رىزالىقىدىن ئىبارەت نىيەت-مەقسەت ئىلگىرى بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن خالىس بەندىچىلىك، قۇللۇقچىلىق ئەمەللىشىدۇ ۋە «قۇرئان كەرىم» بايان قىلغان تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ:

«ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھ تەئالاغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھ تەئالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى، نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى). ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز ۋە زاكاتلار) توغرا دىندۇر» (سۈرە بەييىنە ـ 5 ئايەت).

بارلىق تەربىيەتچىلەر سەمىگە! ھەربىر تەربىيەتچى پەرزەنتىگە شۇنى ھېس قىلدۇرۇشى لازىمكى، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدىن پەقەت ئاللاھ تەئالانىڭلا رازىلىقى تەلەپ قىلىنمىغان، ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ئىزدەلمىگەن ئەمەل-ئىبادەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىيلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن پەقەت ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن خالىسانە بولغان ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا ھەرقانداق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەنلىكىنى، ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «شەك-شۈبھىسىزكى، ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر، شەك-شۈبھىسىزكى، ھەربىر ئىنسان نىمىنى نىيەت قىلغان بولسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ ...» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

ئوي-پىكىر جەھەتتىن ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىگە كۆندۈرۈش دېگىنىمىز، بالا ئۆزىنى بۈيۈك ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تەئالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، پۈتۈن خالايىقلارغا ئومۇميۈزلۈك ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان پىكىرلەرنى ئويدان بىلىۋېلىشى لازىم. بەلكى، بالىنىڭ ئەقلى، قەلبى ۋە خاھىشى، بارچە-بارچىسى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە تابى (ئەگەشكۈچى)، تەۋە بولغۇچى بولغۇچە تەربىيىلەش ۋە مەشغۇل بولۇش ۋاجىب بولىدۇ. شۇنداقلا تەربىيەتچىلەر تەربىيەسى ئاستىدىكى بالىلارنى يامان ھېس-تۇيغۇلار، ئوي-خىياللار ۋە چېچىلاڭغۇ پىكىرلەرگە قارىتا ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئايەتلەرنى يادقا ئالدۇرۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئايەتلەردىكى كۆرسەتمىلەر ۋە دۇئالارنى بايان قىلىپ ئۇقتۇرۇشى، بۇ ئايەتلەرنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، مەخلۇقاتلىرىنىڭ تامامى ئىشلىرىنى كۆرۈپ، بىلىپ، خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تەئالاغا ئىلتىجا قىلىش، مۇناجاتلىشىش ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى

ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى لازىم.

ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىن ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىگە كۆندۈرۈش دېگىنىمىز، بالىلارغا بارلىق پاك ھېسسىيات ۋە پاك تۇيغۇلارنى ئۆگىتىش لازىم. ھەسەتخورلۇق قىلماسلىق، باشقىلارغا ئۆچمەنلىك ساقلىماسلىق، چېقىمچىلىق قىلماسلىق، كىرلەنگەن، بۇلغانغان تاۋارلار ۋە مەنپەئەتلەردىن پايدىلانماسلىق، ساختا شەھۋەتلەر، ئارزۇ ـ ئارمانلار ۋە ھېسسىياتلارنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت پاك ۋە ساپ تۇيغۇلار بىلەن تەربىيىلەش لازىم. مۇشۇ تەربىيەگە ئىگە بولغان بالا ھەرقانداق چاغ ياكى ئەھۋالدا شەيتاننىڭ ئالدىشىغا ئۇچرىسا، ياكى يامانلىققا ئادەتلەنگەن نەپسىنىڭ پىچىرلاش ۋە شۇبرلاشلىرىغا ئۇچرىسا، دەرھال بارچە ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك ئاللاھ تەئالانى ياد ئېتىدۇ ـ دە، ئۆزىگە ھەردائىم ئاللاھ تەئالانىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بارچە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھ تەئالانىڭ كۆرۈپ، بىلىپ، ئاڭلاپ، خەۋەردار بولۇپ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالىدۇ. شۇئان يۇسۇپ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىت، جاھان گۈزىلى، مىسىر مەلىكىسى زۇلەيخالارنىڭ قويندىن يۇلقۇنۇپ چىقىدۇ. مانا بۇ تەربىيە ئوبيېكتى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەتچىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت يىگانە تەربىيە ئۇسۇلى دەل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇسۇلىدۇر. ئۇ «ئېھسان دېگەن نېمە؟» دەپ سوئال سورىغان كىشىگە: «ئېھسان دېگەن خۇددى سەن ئاللاھ تەئالاغا ئاللاھ تەئالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھ تەئالانى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ تەئالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

«قۇرئان كەرىم» مۇشۇ مەسىلىگە ئىشارە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھ تەئالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھ تەئالانى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ. شەيتانلار (كاپىر) بۇرادەرلىرىنى بولۇشىغا ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ» (7 ـ سۈرە 201 ـــ 203 ـ ئايەتلەر).

مانا بۇ كۆندۈرۈش، مەشىقلەندۈرۈش ۋە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئالامەتلەر بۇرۇنقى سالىھ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەشىقلەندۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە ئۆگىتىشتىكى ئېسىل ئادىتى بولغانىدى. بۇ ھەقتە ئىمام غەززالىينىڭ «دىن ئىلىملىرىنى تىرىلدۈرۈش» ناملىق كىتابىدا سۆزلىگەن تۆۋەندىكى قىسسىنى بايان قىلىمىز:

سەھلى ئىبنى ئابدۇللاھ توستورىي مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ ياشقا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى. كېچىلەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئانا تەرەپ تاغام (مۇھەممەد ئىبنى سىۋار)نىڭ كېچىلەردە ئوقۇيدىغان تەھەججۇد نامىزىغا قاراپ ئولتۇراتتىم. ئۇ بىر كۈنى ماڭا: «سېنى ياراتقان ئاللاھ تەئالانى ياد ئەتمەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «قانداق ياد ئېتىمەن؟» دېدىم جاۋابەن. ئۇ: «ھەر كۈنى ياتقىڭدىن ئورۇن ئالغان ۋە قوپقان چېغىڭدا تىلىڭنى مىدىرلاتماستىن قەلبىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم ‹ئاللاھ تەئالا مەن بىلەن بىرگە، ئاللاھ تەئالا ماڭا قاراپ

نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تەئالا ماڭا گۇۋاھچى، بارلىق سۆز-ھەرىكىتىمگە شاھىد دىگىن» دىدى. مەن ئۇ سۆزلەرنى بىر قانچە كىچىلەردە دىگەنىدىم، ياخشى بىلىۋالدىم. ئۇنىڭدىن كىيىن: «ھەر كىچىسى يەتتە قېتىم دىگىن» دىدى، مەن يەتتە قېتىمدىن دىدىم. ئۇنىڭدىن كىيىن: «ھەر كىچىسى 21 قېتىم دىگىن» دىدى، مەن شۇنداق قىلدىم. شۇنداق قىلىپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھالاۋىتى قەلبىمدە ئورۇنلاشتى. بىر يىل ئۆتكەندىن كىيىن تاغام ماڭا: «ساڭا ئۆگىتىپ قويغانلىرىمنى ياخشى ساقلا، قەبرىگە كىرگىنىڭگە قەدەر داۋاملاشتۇرغىن، بۇ سۆزلەر ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئەسقاتىدۇ» دىدى. مەن بۇنى بىر نەچچە يىللار داۋاملاشتۇردۇم، ئىچىمدە بۇنىڭ ھالاۋىتىنى تاپتىم.ئۇزۇن چاغلاردىن كىيىن بىر كۈنى تاغام ماڭا: «ئى سەھلى، بىر كىشى بىلەن ئاللاھ تەئالا بىرگە بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىگە نازىر، قاراپ تۇرغۇچى، نازارەت قىلغۇچى بولسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھ تەئالا شاھىد بولسا، بۇ كىشى يەنە ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلامدۇ؟ سەن ئاللاھ تەئالاغا ئاسىي بولۇشتىن، گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلانغىن» دىدى.

شۇنداق قىلىپ سەھلى ئىبنى ئابدۇللاھ تۇستۇرى رەھمەھۇللاھ ئاللاھ تەئالانى تونۇغۇچى ئالىملارنىڭ، ئاللاھ تەئالانىڭ سالىھ رىجاللىرى ـــ ئەركەكلىرى ئىچىدىكى كاتتا كىشىلەردىن بولۇپ قالدى.

ئۇ تاغىسىنىڭ تەلىم-تەربىيەسى، ئەدەپلىشى، پەرۋىشى قاتارلىقلارنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئۇلۇغ بىر ئادەمگە ئايلاندى. ئۇ كىچىك، بەك كىچىك چېغىدىلا تاغىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىمان ئۇقۇملىرى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرى ۋە گۈزەل مەكارىمى ئەخلاقىنى كۆچەت قىلىپ تىككەنىدى.

* * * * * *

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەر تەربىيەسىدە مۇشۇ مەنھەجنى قوللانغان، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەشتە ئاشۇ قائىدىلەرگە ئاساسلانغان چاغدا، ئۇلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىلا، ئاللاھ تەئالاغا ئىشەنگۈچى، ئۇز دىنى بىلەن ئىززەتلەنگۈچى، ئۆز تارىخى ۋە تارىخىدىكى ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئىپتىخارلانغۇچى ۋە تارىخىنى قايتىدىن يېزىش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرغۇچى مۇسۇلمان ئەۋلاد بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالايدۇ. شۇنداقلا يەنە خۇداسىز، دەھرىيلىكتىن پاك بولغان، ئازغۇنلۇقتىن پاك بولغان، ئۇچ-ئاداۋەتتىن پاك بولغان، ئوغرىلىق، چېقىمچىلىق، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق، خىيانەتچىلىك، زىنا-پاھىشە ۋە تۈرلۈك جىنايەتلەردىن پاك بولغان جەمئىيەت قۇرۇپ چىقالايدۇ.

## • ئىمان تەربىيەسى توغرىسىدا غەربلىكلەرنىڭ ئېتىقانلىرى

مانا بۇ بىز تەپسىلىي بايان قىلغان ۋە شۇ دائىرىدە گەپ-سۆز قىلغان ئىمان تەربىيەسىگە غەرب يۇرتلىرىدىكى تەربىيە ۋە ئەخلاق ئالىملىرى جەمئىيەتنى دەھرىيلىك، خۇداسىزلىق، ئاتئىزم، رەزىللىك، پەسكەشلىك، ئازغۇنلۇق، سۇيۇقلۇق ۋە تۈرلۈك جىنايەتلەردىن تازىلاش ئۈچۈن كۆز تىككەكتە:

1 ) غەرب دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ ھېكايە-چۆچەك يازغۇچىسى گىستوپىسكى ئىنسانىيەت ئاللاھ تەئالانى

چۆرۈپ تاشلىغاندا، شەيتانلارغا ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى، رىسالىلەرنى يازدى[1].

2 ) فرانسىيىلىك مەشھۇر ئەدەبىياتچى ۋولتېر خۇدانى يوق دەيدىغان، ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىقى توغرىسىدا گۇمانلىنىدىغان ماددىزمچى دەھرىيلەرنى مەسخىرە قىلىپ: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىقى توغرىسىدا گۇمانلىنىسىلەر؟ ئەگەر ئاللاھ تەئالا بولمىغان بولسا ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلغان، ئۆز خىزمەتچىلىرىم مال-مۈلۈكۈمنى ئوغرىلىغان بولاتتى» دەيدۇ.

3 ) دوكتور ھىنرىلىڭ ( ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە دوختۇرى ) ئۆزىنىڭ «ئىمانغا قايتىش» ناملىق كىتابىدا: «ھازىرقى ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىدە ئېسىل ئەخلاق، پەزىلەتلىك ئادەتلەرنى قانداق يېتىلدۈرۈش ۋە قانداق شەكىللەندۈرۈش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ بىر-بىرىگە سوئال قويۇشماقتا، ھالبۇكى، بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۆز ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرگەن دىنىي تەسىراتلىرىنى ئۇنتۇماقتا ياكى كېمەيتىۋەتمەكتە، ئەمەلىيەتتە بۇلار تولىمۇ قىيىن، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان، مۇشەققەتلىك، چىگىش بىر مەسىلىگە يۈزلەنمەكتە، چۈنكى، ياراتقۇچى ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىمان بارلىققا كەلتۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى ئىلاھىي يارىتىش قانۇنىيىتى روياپقا چىقىرىدىغان تەڭداشسىز زور كۈچنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان، رولىنى ئالىدىغان بىر كۈچ تېخى بارلىققا كەلمىدى ...».

4 ) -1923 يىلى مەككە مۇكەررەمەدە چىقىدىغان «ھەج» ژۇرنىلىنىڭ ئۈچىنچى ساندا ستالىننىڭ قىزى سوتىيلانانىڭ ئۆز تىلىدىن مۇنداق ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئائىلەم، پەرزەنتلىرىم ۋە ۋەتىنىمنى تاشلاپ چەتئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشۈمنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى باشقا مەقسەت-غەرەزلەر ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت دىن مەسىلىسى ئۈچۈندۇر، چۈنكى، مەن ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە ھېچبىرى ‹خۇدا› نى تونۇمايدىغان، مەيلى قەستەن ياكى سەھۋەنلىكتىن ‹خۇدا› دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسىم تىلغا ئېلىنمايدىغان بىر ئاتېئىست ۋە كوممۇنىست ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم، يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەقلىمگە كەلگەندە ھېچقانداق بىر تاشقى بېسىمسىز ھالدا ئىچ-ئىچىمدىن ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىش بولمىغان ھاياتلىق، ئاللاھ تەئالاغا باغلانمىغان، چېتىلمىغان ھاياتلىق ھەقىقىي ھاياتلىق ئەمەس ئىكەن دېگەن كۈچلۈك تۇيغۇ مېنى چىرمىۋالدى، ئاللاھ تەئالاغا ئىشەنمەستىن كىشىلەر ئارىسىدا ئەدلى-ئادالەت ياكى ئىنساپ بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم، ئىچ-ئىچىمدىن، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر تېگىدىن ئىنسان ھايات ياشاش ئۈچۈن خۇددى ھاۋا ۋە سۇغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن ئىمانغا موھتاج ئىكەن دەپ بىلدىم، شۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتىم».

5 ) پەيلاسوپ كانت ئەپەندى «خۇدانىڭ بارلىقى، روھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى، ئۆلگەندىن كېيىن ھېساب بېرىش قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك ئېتىقاد بولماي تۇرۇپ ئەخلاق مەۋجۇد بولمايدۇ» دەيدۇ.

---

(1) ۋول دىيۋانتىنىڭ «پەلسەپە گۈزەللىكلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 2- قىسىم 276- بەتكە قاراڭ.

يۇقىرىقىلاردىن خۇلاسە: ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىمان بالىنى تۈزەشنىڭ ئاساسى، ئەخلاق ئالىملىرىنىڭ ئاللاھ تەئالا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەس رىشتە، مۇستەھكەم تۇتقا، پۇختا ئالاقە، ئەقىدە بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ئالاقە بارلىققا كەلتۈرىدىغان بىردىنبىر ئامىل دەل ئىمان دېگەن سۆزلەرنى كۆردىڭىز، چۈشەندىڭىز. ئاللاھ تەئالا خالىسا «ئەخلاق تەربىيە مەسئۇلىيىتى» دېگەن تەتقىقاتىمىزدا بالىنىڭ تۇتقان يولىنى توغرىلاش، ئەخلاقىي جەھەتتىن ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە خاتا كەتكەن، قىڭغىر كەتكەن تەرەپلەرنى رۇسلاشتا ئىماننىڭ قانداق تەسىرى بارلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

مەقسىتىمىز، ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى بولۇپ ئىلگىرى-كېيىن مەدەت ۋە ئىستىئانەتنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى ئاللاھ تەئالادىن سورايمىز.

قىسقىسى، ھەقىقەتەن بارلىق ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر ئۈستىدىكى پەرزەنتنى ئىمانى مۇئمىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش مەسئۇلىيىتى بولۇپ، ئىمان ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ئىنسانىي كامالەتلەرنىڭ ئۆرغۈپ چىقىدىغان ماكانى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاساسىي مەركەز ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ تەربىيە بولماستىن بالا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرمايدۇ. ئامانەتدارچىلىق سۈپىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. غايە-نىشانىنى تونۇيالمايدۇ. ئۇلۇغۋار ئىنسانىيەتنىڭ مەنا-ئۇقۇمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئۇلۇغۋار نەمۇنە ۋە بۈيۈك مەقسەت-نىشان، ئالىي ئەدەپ ئۈچۈن ئىش-ھەرىكەت قىلالمايدۇ. بەلكى، ئۇ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردەك، چاھارپايلاردەك كۆپ ئۆتكۈزىدۇ. ياشايدۇ. ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ قورسىقىنى بېقىش، ھېسسىياتىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسانىي ھاجەتلىرىدىن باشقا مۇراد-مەقسىتى بولمايدۇ. ئۇ ھەردائىم لەززىتى بار نەرسىلەرنىڭ، شەھۋەت-ھېسسىياتلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ماڭىدۇ ۋە ئاشۇ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ، قۇربان قىلىدۇ، بەدبەخت، جىنايەتكار ئۆلپەتلىرى بىلەن كوندۇزنى كېچىگە، كېچىنى كوندۇزگە ئۇلاپ ھەمراھ بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كاپىرلار گۇرۇھىدىن، ئاللاھ تەئالا تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلغان ئازغۇن، ئەخلاقسىز جامائەتنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ: «كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ-ئىچىدۇ. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ» (سۈرە مۇھەممەد 12-ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا-ئانا ياكى تەربىيەتچى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي پەرزەنتىگە ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، ئۇلۇغلۇقى، ئاللاھ تەئالادىن باشقا ئىلاھنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكى، «لا اله الا الله محمد رسول الل»تىن ئىبارەت كەلىمىگە دەلىل-پاكىت بولىدىغان ھۆججەتلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئىماننى مۇستەھكەملەشتۈرىدىغان كۆرسەتمىلەر ۋە ئەقىدىنى كۈچەيتىدىغان، قۇۋۋەتلەيدىغان قاراتمىلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرۇشى لازىم. مانا بۇ ئىمانغا ئائىت نەسىھەتلەرنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇش ئۇسلۇبى دەل تۈنجى تەربىيەتچى بولغان رەھنامە رەھبىرىمىز، ئۇلۇغ يولباشچى ئۇستازىمىز، سەييىدىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوللانغان ئۇسلۇب-ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ھەردائىم بالىلارنى ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالى ۋە شان-شەرىپىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئىشلارغا قارىتىشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ چوڭقۇر

قاتلاملىرىدا ئىمان، ئىشەنچ ۋە چىنپۈتۈشنى مەزمۇت بېكىتىشكە ئورناتتى.

## • پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمان تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئۇسلۇبلىرى

بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇسلۇبىدىن بىر بۆلۈك نەمۇنىلەرنى نەقىل قىلىمىز:

ئىمام تىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىنگىلىك ئىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەي ئوغلۇم! مەن ساڭا شۇنداق بىر كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قوياي، ئاللاھ تەئالانى مۇھاپىزەت قىلغىن، ئاللاھ تەئالا سېنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالانى مۇھاپىزەت قىلساڭ ئۇنى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. سورىماقچى بولساڭ ئاللاھ تەئالادىنلا سورىغىن، ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولساڭ، ئاللاھ تەئالادىنلا ياردەم سورىغىن. شۇنى بىلىپ قالغىنكى، ئەگەر ھەقىقەتەن بارچە ئۈممەت ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولۇپ بىر جايغا توپلاشسا، ئاللاھ تەئالا سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن پىتۋەتكەندىن باشقا بىر نەرسە بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر پۈتۈن ئۈممەت بىرلىشىپ ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزمەكچى بولۇپ بىر جايغا توپلاشسا، ئاللاھ تەئالا سېنىڭ زىيىنىڭ ئۈچۈن پىتۋەتكەندىن باشقا بىرەر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرۇپ بولدى» دېگەن.

تىرمىزىدىن باشقىلارنىڭ رىۋايىتىدە: «ئاللاھ تەئالانى ساقلىغىن، ئۇنى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. بوش-ئازادە ۋاقتىڭدا ئۆزەڭنى ئاللاھ تەئالاغا تونۇشتۇرغىن، قىيىنچىلىقتا قالغىنىڭدا ئاللاھ تەئالا سېنى تونۇيدۇ. شۇنى بىلگىنكى، بىراۋ سېنى قارىغا كەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇ ساڭا يەتمەيدۇ. شۇنداقلا ساڭا يەتمەكچى بولغان نەرسە سەندىن باشقىلارغا قارىغا كەتمەيدۇ. بىلگىنكى، چوقۇم غەلىبە سەۋر بىلەن بىللە، چوقۇم ئازادىچىلىك، چىقىش يولى خاپىلىق بىلەن بىللە، چوقۇم ھەربىر تەسلىك بىلەن بىر ئاسانلىق بار».

## • ئەقىدە توغرىسىدىكى كىتابلارغا تەۋسىيە

ئاخىردا بارلىق تەربىيەتچىلەر، مۇئەللىملەر، ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار ۋە ئاتا-ئانىلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنىم، ئۆز شاگىرتلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن، بالىلارغا ئۆسمۈرلۈك ۋە ئەقىل كىرگەندىن باشلاپ تەۋھىد ئەقىدىسى ئۆگىتىدىغان كىتابلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ بېرىڭلار. تاللاپ بەرگەن كىتابلىرىڭلار بالىلارنىڭ ياش باسقۇچلىرى ۋە تەلىم-تەربىيە باسقۇچلىرىغا مۇۋاپىق بولسۇن. ھەربىر باسقۇچ بالىنىڭ يېشى، پىشىپ يېتىلىشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولسۇن ...

بىرىنچى باسقۇچتىكى دەرسلىكلەر ئون ياش بىلەن 15 ياش ئارىلىقىدىكى بالىلار ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭغا: 1) ھۆرمەتلىك ئالىم، مۇرشىد شەيخ ئابدۇلكەرىم رىفائى رەھمەھۇللاھنىڭ «مەرىپەت» ناملىق كىتابىنى؛ 2) ئىمام

www.uyghurkitap.com

ھەسەنۇلبەننا رەھمەھۇللاھنىڭ «ئەقىدىلەر» دېگەن كىتابىنى؛ 3 ) ئۇستاز تاھىرىي جەزائىرىي رەھمەھۇللاھنىڭ «كالامىزىم جاۋاھىراتلىرى» دېگەن كىتابىنى دەرسلىك قىلىش مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچتىكى دەرسلىكلەر 20 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بالىلار ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭغا: 1 ) ئۇستاز ئابدۇللاھ ئۇۋانىينىڭ «ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى» ناملىق كىتابىنى؛ 2 ) دوكتۇر ھۇسەيىن ھۇۋەيدىنىڭ «ھەقىقىي ۋۇجۇد» ناملىق كىتابىنى؛ 3 ) مۇئەللىپىنىڭ «شۈبھىلەر ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيىلەر» ناملىق كىتابىنى دەرسلىك قىلىش مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچتىكى دەرسلىكلەر 20 ياشتىن ئاشقان بالىلار ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭغا: 1 ) دوكتۇر مۇھەممەد سەئىيد رامىزان بەۋتىينىڭ «كائىناتتىكى جەزمىيەتكە باشلايدىغان كاتتا ھۆججەتلەر» ناملىق كىتابىنى؛ 2 ) ئۇستاز سەئىيد ھەۋۋانىڭ: «ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىدى» دېگەن كىتابىنى؛ 3 ) ئۇستاز نەدىيم جەسىرنىڭ «ئىمان قىسسىسى» ناملىق كىتابىنى دەرسلىك قىلىش مۇۋاپىق بولىدۇ.

شۇنداقلا، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى باسقۇچتىكى بالىلار ئۈچۈن ئەقىدە ۋە پىكرىي جەھەتتىن يۇقىرىدىكى كىتابلارغا باشقا كىتابلارنى قوشۇپ دەرسلىك قىلىشقا بولىدۇ. مۇشۇ كىتابلارنى دەرسلىك قىلغان ھەربىر مۇسۇلمان يىگىت بۇ كىتابلار تىزىملىكىنى قوبۇل قىلىشى ۋە دەرسلىك قىلىشقا تۈتۈش قىلىشى، بۇ كىتابلاردىكى دەرسلىكلەرنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشى ۋە مۇتالىئە قىلىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ دەرسلىكلەر ئەقىدىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ ۋە ئىماننى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

بۇ كىتابلارنىڭ مۇھىم دەپ قارالغانلىرى تۆۋەندىكىچە: 1 ) ئۇستاز، ئالىم ۋەھىيددىنخاننىڭ «ئىلىم يۈزلىنىشىدىكى دىن» ناملىق كىتابى؛ 2 ) ئۇستاز ۋەھىيددىنخاننىڭ «ئىسلام جەڭ ئېلان قىلىدۇ» دېگەن كىتاب؛ 3 ) غەرب ئالىملىرى بىرلىشىپ يازغان «ئاللاھ تەئالا ئۆزىنى ئىلىم دەۋرىدە ئاشكارىلايدۇ» دېگەن كىتابى؛ 4 ) كەرىيس مورىسۇننىڭ «ئىلىم ئىمانغا چاقىرىدۇ» دېگەن كىتابى؛ 5 ) ئابدۇررازىزاق نەۋفەلنىڭ «ئاللاھ تەئالا ۋە ھازىرقى زامان ئىلمى» دېگەن كىتابى؛ 6 ) دوكتۇر خالىس گەنجۇنىڭ «ئىمان مېھرابىدىكى تېبابەت» ناملىق كىتابى؛ 7 ) مۇئەللىفنىڭ «ھىدايەت قىسسىسى» دېگەن كىتابى.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئىماننى كۈچەيتىدىغان ۋە ئەقىدە ۋە ئىسلامنىڭ ئۇقۇملىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان كىتابلارنى قوشۇپ دەرسلىك قىلىشقا بولىدۇ.

ئەگەر بالىلىرىڭىزنى ئاخىرغىچە ئوقۇتماقچى بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ تاللاڭ. مۇبادا بالىلىرىڭىزنى داۋاملىق تەربىيىلەشتىن ئاجىز كەلسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇستازلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بالىلىرىڭىزغا ئىمان تەربىيەسى، ئەقىدە تەربىيەسى يېتىشتۈرىدىغان مۇۋاپىق كىتابلارنى تاللاڭ. ئاللاھ تەئالا ھەممىمىزگە ئىمان، ئاللاھ تەئالانى رازى قىلغۇدەك ئېتىقاد، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلانغۇدەك ئۆتكۈر ئىرادە ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!!

# ئىككىنچى پەسىل ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش مەسئۇلىيىتى

ئەخلاق تەربىيەسىدىن بولغان مەقسىتىمىز باللارغا كىچىك ۋاقتىدىن، تىرىنقى ئۆسۈشكە باشلىغان ۋاقتىتىن باشلاپ، ئۆسمۈر، ئاندىن يىگىت، ئاندىن قىران بولغۇچە، ھاياتلىق دېڭىزىغا بىمالال شۇڭغۇيدىغان غەۋۋاس بولغۇچە قۇلىقىغا ھەردائىم پىچىرلىنىدىغان، تەلقىن قىلىنىدىغان، ئۆگىتىلىدىغان، ئۆزلەشتۈرىدىغان، قولىغا كەلتۈرۈلىدىغان ۋە ئادەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك ولغان ئەخلاقىي پرىنسىپلار، مەسلەك ۋە ۋىجدانىغا تەۋە پەزىلەتلەرنىڭ مەجمۇئەسىنى دەيمىز.

شەك-شۈبھە ۋە جېدەل-ماجىرا يوق مەسىلىلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر ۋىجدان ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقلار پەقەت مۇستەھكەم ۋە مەزمۇت قارار ئالغان ئىماننىڭ ۋە دىنىي جەھەتتىن ساغلام بارلىققا كەلتۈرۈش، ئىنشا قىلىشنىڭ نەتىجىلىرىدىن بولغان بىر نەتىجىدۇر، خالاس.

ئۆسمۈرلەر كىچىكىدىن باشلاپ ئاللاھ تەئالاغا ئىشەنگەن ھالدا ئۆسۈپ، ئاللاھ تەئالادىنلا قورقىدىغان، ئۆزىنى ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، ئاللاھ تەئالاغا ئېتىماد قىلىدىغان، ئاللاھ تەئالادىن مەدەت-ئىستىئانەت تەلەپ قىلىدىغان، پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالاغا بويسۇنىدىغان بولۇپ تەربىيىلەنسە، بالىدا چوقۇم تەبىئىي ئاڭ ئىگىدارچىلىقى بولىدۇ. بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر ۋە ئېسىل ئەخلاقلارنىڭ تامامىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ۋىجدانى تەييارلىق كۆرۈپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە، ۋىجدانىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دىنىي مەنئىيات (چەكلىمە)لار ۋە ۋىجدان چوڭقۇرلىقىدا مۇستەھكەم بېكىپ كەتكەن ئىلاھىي نازارەت، ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىغا قەدەر ھۆكۈمران بولغان ئۆز ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بالا بىلەن قەبىھ سۈپەتلەر، رەزىل، پەس جىنايەتكىرانە ئادەتلەر، بۇزۇق جاھىلىيەتكە تەۋە ئۆرپ-ئادەتلەر، جاھىلىيەتكە تەۋە ئەنئەنىلەر ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولىدۇ. بەلكى، بالىنىڭ ياخشىلىققا ئالدىنى قىلىشى ئۇنىڭ ئادەتلىرى ئىچىدىن ئېسىل بىر ئادەتكە، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ يارقىن ئوبرازىغا ئايلىنىدۇ.

نۇرغۇن دىندار ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈستىدە، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى تەربىيەتكار ئالىملارنىڭ ئۆز شاگىرتلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىدە ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلىي رېئاللىقتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن تەجرىبىلەر مۇشۇ نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدۇ. مانا بۇ تەجرىبە بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىدا ۋە رېئال دۇنيادا مەلۇم بولدى.

بىز يۇقىرىدا مۇھەممەد ئىبنى سىۋار بىلەن ئۇنىڭ قىز بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى سەھلى ئىبنى ئابدۇللاھ تۇستۇرىينىڭ ئىمان تەربىيەسى، ئۇنىڭ نەپسى ۋە ۋىجدانىنى تۈزەشتىكى مەيدانىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىشى، ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش، ئاللاھ تەئالاغا تايىنىشتىن ئىبارەت

www.uyghurkitap.com

تەربىيەسى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا، ئىچكى ۋە تاشقى تەرپىدە، كىشىلەر بىلەن توپلاشقان ياكى ئۆزى ئايرىم خىلۋەتتە بولغان ھەرقانداق ۋاقىتتا: «ئاللاھ تەئالا مەن بىلەن بىللە، ئاللاھ تەئالا ماڭا نازارەتچى، ئاللاھ تەئالا ماڭا شاھىد» دېگەن ئۇلۇغ ياد ئېتىش ۋە ئەسلەش بىلەن قانداق ئادەم بولغانلىقىدىن ئىبارەت تەجرىبىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

*　*　*　*　*

## تۇرلۇك مىجەز ـ خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ئىپادىسى

ئۆسمۈرلەرگە ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە، ئىسلام ئەقىدىسىدىن يىراق، دىنىي كۆرسەتمىدىن خالىي ۋە ئاللاھ تەئالا ئەززە ۋە جەللە بىلەن بولغان رىشتە ـ ئالاقىدىن ئۈزۈلۈك بولغان تەربىيە بولسا، بالا ئۇمۇمەن پاسىق ۋە ئەخلاقسىز بولۇپ يوغىنايدۇ. ئازغۇن ۋە دەھرىي بولۇپ چوڭىيىدۇ. بەلكى، نەپسىگە ئەگىشىدۇ ۋە نەپسىنى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشىغا ۋە ھاۋايى ھەۋەسگە بويسۇندۇرىدۇ. يامانلىققا ئامراق نەپسىنىڭ ھېسسىياتلىرى كەينىدىن ماڭىدۇ. ئۆزىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى ۋە چۈشكۈن ئىشتىياقلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدىنىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ مىجەزى «جىمغۇر، يۇۋاش، تىنچلىقپەرۋەر» باللار تۈرىدىن بولسا، ئۇ چوقۇم ھاياتلىقتا ھەممە ئىشتىن بىخەۋەر، دۆت، كالۋا، دېۋەڭ ھالدا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھاياتلىققا كەلگىنىدىن ھېچبىر ئىز دېرەك قالمايدۇ. ئۇ خۇددى ئۆلۈككە ئوخشاش تىرىك. يوققا ئوخشاش بار بولىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى ھېچبىر كىشى ھېس قىلمايدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بوشلۇق قالدۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى خۇددى ھاڭغىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز ۋە ئەھمىيەتسىز ئۆتىدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن كىشىگە رەھمەت قىلسۇن:

ئۇ شۇنداق ئادەم، ھايات ياشىسا ھېچ نەرسە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆرمەس،
ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسا، ھەتتا دوستلىرىمۇ ئۇنىڭغا يىغلاشنى راۋا كۆرمەس.

ئەگەر ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە «ھايۋانىيلىق» تەرىپى بېسىپ كەتسە، ئۇ چوقۇم شەھۋەتلەر ۋە تۈرلۈك لەززەتلەرنىڭ ئارقىسىدىن شاپاشلايدۇ. ئاشۇلارغا ئېرىشىش جەريانىدا ھالال ـ ھارام، توغرا ـ خاتا دەپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق يولغا ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئۇنى ئەسكىلىكتىن قايتۇرغۇدەك ھايا، بولدى قىل دېگۈدەك ۋىجدان، توختا دېگۈدەك ئەقىل، مەنئىي قىلغۇدەك كاللا يوق! ئۇ شائىر ئەبۇ نەۋۋاس نېمدېگەن بولسا شۇنداق دەيدۇ:

دۇنيا دېگەن يېمەكتۇر،
ھاراق ـ شاراپ ئىچمەكتۇر،
گەر يوقاتساڭ بۇلارنى،
قىيامەت بولدى دېمەكتۇر.

ئەگەر ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى «ئەسەبىي» تۈردىن بولسا، ئۇنىڭ دۇنيادىكى پۈتۈن غەم ـ ئەندىشىسى، ئوي ـ خىيالى زېمىندا ئۈستۈنلۈك تالىشىش، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىپ زورلۇق ـ زومبۇرلۇق ئىشلىتىش، كىشىلەرنىڭ گەدەنلىرىگە دەسسەپ تۇرۇپ ھوقۇققا ئېرىشىش، ھۆكۈمرانلىق قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش، تىلى ئارقىلىق ئېپتىخارلىنىش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە خويلا كۆز ـ كۆز قىلىش بولىدۇ، ئۇ ئاشۇ ئالىي مەقسەت ـ نىشانىغا يېتىش يولىدا ئىنسانىيەتنىڭ باش سۆڭەكلىرىدىن كالىلا مۇنارلىرى ۋە كالىلا ئوردا ـ قەسىرلەرنى قۇرۇپ چىقىشتىن يانمايدۇ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئاققان قانلىرىدىن دەريا ھاسىل قىلىشتىن نومۇس قىلمايدۇ، ئۇ بىچارە ـ مەزلۇملارنىڭ داد ـ پەريادى، ئاھۇ ـ زارلىرى، نالىلىرى، قانلىق ياشلىرىدىن خۇشال بولۇپ كۈلىدۇ، قانخور بولغىنىدىن پەخىرلىنىدۇ، جاللات بولغىنىدىن كۆڭلى ئارام تاپىدۇ، فاشىست بولغىنىدىن لەززەتلىنىدۇ، ئۇ جاھىلىيەت شائىرى ئېيتقان شېئىرنى تەۋبە ـ ئىستىغفارنىڭ ئورنىدا ئوقۇيدۇ:

دۇنيا بىزنىڭ، دۇنيادا ياشىغانلارمۇ ھەم،
قولىمىزدىن كېلىشچە ئەسكىلىكنى باشلايمىز،
زۇلۇم قىلساق مەيلى، ئەسلا زۇلۇم كۆرمەيمىز،
بىزگە كۆز ئالايتقاننىڭ تىلىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز،
بىز زالىم ئەمەس پەقەت قاتتىق قوللۇق بىزگە ئۇدۇم،
ياشىدۇق، ياشىساق بۆرە ـ قاۋانلاردەك ياشايمىز،
ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بوۋاقلارمۇ بىزگە سەجدە قىلار،
قىلمىسا كۆزىنى ئويۇپ، كاللىسىنى كېسىپ تاشلايمىز.

ئەگەر ئۇنىڭغا «شەيتانىي» تەرەپ غالىب بولغان بولسا، ئۇ سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى پىلانلايدۇ، دوستلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ، ۋەيران قىلىش ئۈچۈن مىنا ـ بومبىلارنى كۆمىدۇ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، يوقىتىش ئۈچۈن زەھەر ـ ئوغا تەييارلايدۇ، بىلىق تۇتۇش ئۈچۈن سۇنى لېيىتقاندەك ئىش قىلىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەتنى زىننەتلەيدۇ، پەردازلايدۇ، پاھىشە بىلەن ئېزىتقۇلۇق قىلىدۇ، كىشىلەر ئارىسىغا ئۆچ ـ ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ، خۇددى شائىر ئېيتقاندەك:

بىراۋغا مەنپەئەت يەتكۈزەلمىسەڭ ئەگەر،
زىيان-زەخمەتنى يەتكۈزگىن شۇئان،
يىگىتنىڭ زىبىنى پايدىغا ئوخشاش،
ياغدۇرغىن ئاپەت، بولغىن سەن توپان[1]،

ئەنە يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش بۇ بالىلار يامانلىققا ئامراق نەپسى قەيەردە ئايلانسا شۇ يەردە ئايلىنىدۇ، قانداق ئايلانسا شۇنداق ئايلىنىدۇ، ئازغۇن مىجەزى نەگە ئىتتىرسە شۇ يەرگە ئىتتىرىلىدۇ، ھاۋايى-ھەۋەسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ، ھاۋايى-ھەۋەس بولسا قارىغۇ، پاڭدۇر، ئەپسۇس، ئۇلار بۇ كۆڭۈل خاھىشىنى ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك مەئبۇد، ئىلاھ قىلىۋالىدۇ،

بۇ ھەقتە رەببۇلئالەمىين مۇنداق دەيدۇ:

«بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى-خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ، ئاللاھ تەئالا ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟» (سۈرە قەسەس-50 ئايەت)،

يۇقىرىدىكىلەردىن خۇلاسە: ھەقىقەتەن ئىمان تەربىيەسى ئۆزگىرىپ كەتكەن مىجەزلەرنى رۇسلايدۇ، بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئېگىلىپ كەتكەن مىجەزلەرنى تۈزلايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتىنى ۋە نەپسىنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزەيدۇ، ئىمان بولماي ئىسلاھاتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، خاتىرجەملىكنىڭ ئورۇنلىنىشى ۋە ئەخلاقنىڭ تۈزۈلۈشى مۇمكىن بولمايدۇ،

## غەربلىك ئالىملارنىڭ ئىمان بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىمان بىلەن ئەخلاق، ئەقىدە بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ چەمبەرچەس مۇناسىۋەت ئۆزلۈكسىز رىشتىگە غەرب دۇنياسىدىكى تەربىيە ۋە جەمئىيەتشۇناس ئالىملار ۋە باشقا مىللەتلەردىكى ئالىملار دىققەت قىلىپ كەلدى، ئۇلار دىن بولماي بەختەرلىك بولمايدىغانلىقى، ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىدىغان ئىمان بولماي ھېچقانداق ئىسلاھاتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقى ۋە ئەخلاقنىڭ تۈزەلمەيدىغانلىقى توغرىلىق نۇرغۇن كۆرسەتمىلەر، كۆزقاراشلار ۋە ئىلمىي لېكسىيەلەرنى ئېلان قىلدى،

تۆۋەندە ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىدىن بىر بۆلىكنى مىسال كەلتۈرىمىز:

1- گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ پىيخوت «دىندىن ئايرىلغان ئەخلاق بىھۇدىلىك ۋە بىكار نەرسىدۇر» دەيدۇ،

2- ھىندىستان خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئىنقىلابىي رەھبىرى ئىندىرا گەندى: «ھەقىقەتەن دىن بىلەن ئەخلاق بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر نەرسە، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن ياكى بىر بۆلىكى يەنە بىر بۆلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇ ئىككىسى پارچىلانغىلى بولمايدىغان بىر گەۋدە، دىن ئەخلاققا نىسبەتەن جانغا ئوخشايدۇ،

(1) توپان -- نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى يەرشارىنى شۇمۇل سۇ بالاسى.

ئەخلاق جانغا نىسبەتەن بوشلۇقتا ئوخشايدۇ. يەنە بىر تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، سۇ زىرائەتكە ئوزۇق بەرگەن ۋە ئۇنى ئۆستۈرگەنگە ئوخشاش دىن ئەخلاققا ئوزۇقلۇق بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆستۈرىدۇ ۋە بۈك-باراقسان قىلىدۇ» دەيدۇ.

3 - بىرتانىيە باش سوتچىسى دىنىچ ئەپەندى سابىق بىرتانىيە ۋەزىرىنىڭ ئەخلاققا چېتىلىدىغان جىنسىي شەرمەندىچىلىككە قىستۇرۇپ: «دىن بولماستىن بۇ يەردە ئەخلاقنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئەخلاق بولماستىن بۇ يەردە قانۇن بولۇشى مۇمكىن بولمايدۇ. دىن گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەر بىلەن قەبىھ قىلمىشلار ۋە خۇلقلارنى ئايرىپ تونۇتىدىغان بىردىنبىر يېگانە مەنبە. دىن ئىنسانىي ئالىيلىققا باشلايدۇ. يۈكسەكلىككە باغلاشتۇرىدۇ ۋە ئەخلاق ئۇچۇن ئىش قىلدۇرىدۇ. دىن شەخسنى مەنمەنچىلىكتىن توسىدۇ. ھېسسىياتنىڭ كونتروللۇقنى يوقىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يامان ئادەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزىدۇ ۋە بۇلارنى ئۆز نىشانى ۋە نەمۇنىسىگە بويسۇندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق تىرىك ئىدىيە ۋە تىرىك ۋىجداننى تەربىيلەيدۇ ۋە مۇشۇ تەربىيىنىڭ ئاساسى ئۈستىگە ئەخلاق بىناسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ» دەيدۇ.

4 - بىر يۇقىرىدا پەيلاسوپ كانت ئەپەندىنىڭ: «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىقاد بولماي تۇرۇپ ئەخلاق مەۋجۇد بولمايدۇ: خۇدانىڭ بارلىقى، روھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن ھېساب بېرىش» دېگەن سۆزىنى بايان قىلغانىدۇق.

شۇڭا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەۋلاد تەربىيەسىدە ئەخلاقىي تەرەپكە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە پەرزەنتلەرنى ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر بىلەن ئەخلاقلىنىشقا، ئېسىل ئەدەپلەر ۋە ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئائىت يوليورۇقلارنى چىقارغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغىنىڭىزدىن كېيىن ئەجەبلەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ!

*  *  *  *  *

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى توغرىسىدىكى ئىرشادلىرى

ئىسلام شەرىئىتى بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيلەشكە قاتتىق ئەھمىيەت بەردى. پەرزەنتلەر ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ئادەتلىرى ئېسىل قىلىپ تەربىيلەش ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك يوليورۇقلارنى چىقاردى.

ئىمام تىرمىزى ئەييۇب ئىبنى مۇسادىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «دادا بالىغا گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقتىن ئەۋزەل بولغان بىر نەرسىنى بېرەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ؛

ئىبنى ماجە رەھمەھۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەۋلادلىرىڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقنى ياخشى قىلىڭلار» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «خوتۇن-بالىلىرىڭلارغا ياخشىلىقنى ئۆگىتىڭلار ۋە ياخشى تەربىيلەڭلار» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ؛

ئىمام بەيھەقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ گەدىنىدىكى ھەققى ئەدەپ-ئەخلاقنى گۈزەل قىلىش ۋە ئىسمىنى چىرايلىق قويۇشتۇر» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئىبنى ھەببان ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەرزەنت ئۇچۇن يەتتىنچى كۈنى ئەقىقە قىلىنىدۇ، ئىسىم قويۇلىدۇ، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ، ئالتە ياشقا يەتكەندە تەربىيلەشكە باشلىنىدۇ، توققۇز ياشقا كىرگەندە ياتاق ئايرىلىدۇ، 13 ياشقا كىرگەندە ناماز ۋە روزىغا ئاساسەن ئۇرۇلىدۇ، 16 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بېرىدۇ (ئۆيلەپ قويىدۇ)، ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ: ‹مەن سېنى تەربىيلىدىم، ئىلىملىك قىلدىم، خوتۇن ئېلىپ بەردىم، ئاللاھ تەئالا سېنى دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن› دەيدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەربىيەگە ئائىت بارلىق ھەدىسلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بالىلارنى ئەڭ ياخشى تەربىيلەش ۋە ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئومۇمىي تەربىيەتچىلەر، خۇسۇسەن ئاتا-ئانىلار ئۈستىگە چۈشكەن ئەڭ كاتتا مەسئۇلىيەتتۇر.

ئۆلىمالار بۇ ساھەدىكى مەسئۇلىيەتنى ئەتراپلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك مەسئۇلىيەت بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىسلاھ قىلىشقا، مايماق كەتكەن تەرەپلىرىنى تۈزىتىشكە، پەسكەشلىك ۋە بۇلغانمىلاردىن يۈكسەلدۈرۈشكە ۋە ئۆلىمالارنىڭ باشقىلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىلىرىنى ياخشىلاشقا ئالاقىدار بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - ئۆلىمالار بالىلىرىنىڭ تىللىرىنى باشقىلارنى تىللاش، ئېغىزىنى بۇزۇش، يامان سۆزلەر، سەت گەپلەر، قەبىھ گەپلەر، نومۇسسىز كەلىمىلەرنى ئېيتىشتىن، ئەخلاقنىڭ بۇزۇقلۇقنى ۋە تەربىيىنىڭ ناچارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بارلىق ئېغىر جىنايەتلەردىن توسۇش ۋە پاك ساقلاشقا مەسئۇل.

2 - بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ راستچىل، ئامانەتدار، ئىستىقامەتلىك، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بار تۇرۇپ ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان، بىچارىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىدىغان، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىززەتلەيدىغان، مېھمانىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىدىغان، قولۇم-قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، باشقىلارغا مۇھەببەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيلەش مەسئۇلىيىتى بار.

3 - ئۆلىمالارنى پەسكەش ۋە تۆۋەن كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن، ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ چاكىنا ۋە ناچارلىرىدىن، قەبىھ خۇلقلاردىن، بالىنىڭ مەردانىلىكى، مۇرۇۋىتى، ئىززەت-ھۆرمىتى، شان-شەرىپى ۋە ئېپپىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان بارلىق ئىشلاردىن ساقلاشقا ۋە ئالىيجانابلاشتۇرۇشقا مەسئۇل.

4 - ئادەمىيلىككە خاس ئېسىل تۇيغۇلار، ئۇلۇغۋار تۇيغۇ، ھېسسىياتلارغا ئىگە قىلىپ تەربىيلەشكە مەسئۇل.

مەسىلەن، يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىش، كەمبەغەللەرگە خەيرى ـ ئېھسان قىلىش، تۇل ئاياللار، مىسكىنلەر، بىچارىلەر ۋە ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت بەرگەنگە ئوخشاش.

بۇلاردىن باشقا بالىنىڭ ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسئۇلىيەتلەر بولۇپ، بۇ ئورۇندا بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىشنى خالىمىدۇق.

* * * * *

## پەرزەنتلەردە كەڭ ئومۇملىشىپ قالغان تۆت ھادىسە

ئۇنداقتا ئىسلام نەزىرىدىكى پەزىلەتلىك تەربىيە، مۇلاھىزە ۋە نازارەت قىلىشقا بىرىنچى دەرىجىدە تايانسا، ئۇنداقتا بارلىق ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار، مۇئەللىملەر ۋە بالىلار تەربىيەسى ۋە ئەخلاق مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بالىلاردا كۆرۈلىدىغان تۆت تۈرلۈك ئالامەتكە ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبار بېرىش، ئويلىنىش ۋە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش لازىم. چۈنكى، بۇ تۆت تۈرلۈك ئالامەت قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەتلەر، ئەمەللەر، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەر ۋە رەزىل سۈپەتلەر جۈملىسىگە تەۋەدۇر. بۇ ئالامەتلەر تۆۋەندىكىچە: 1 ـ يالغانچىلىق؛ 2 ـ ئوغرىلىق ئالامىتى؛ 3 ـ تىللاش ۋە دەشنەم بېرىش ئالامىتى؛ 4 ـ ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىق ئالامىتى.

### 1 ـ يالغانچىلىق

ئۇ ئىسلام نەزىرىدە ئەڭ قەبىھ، يىرگىنىشلىك ئالامەتلەر قاتارىدىن بولۇپ، پۈتۈن تەربىيەتچىلەر قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، تىرىشچانلىق سەرىپ قىلىپ بالىلاردىن بۇ سەتچىلىكنى قومۇرۇپ تاشلىشى، نەپرەتلەندۈرۈش، يالغانچىلىق، كەززابلىقنىڭ پاتقاقلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، مۇناپىقلىققا سېپىلدۇرىدىغان قەبىھ سۆزلەردىن ساقلىشى لازىم.

ئىسلام دىنىنىڭ يالغانچىلىقنى مۇناپىقلىقنىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى دەپ كۆرسەتكەنلىكى ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك ۋە قاباھەتلىكلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە كۇپايە قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تۆت تۈرلۈك ئىش بولۇپ ئۇ كىمدە بار بولسا، ئۇ كىشى خالىسا (ساپ) مۇناپىق بولىدۇ. كىمدە مۇشۇ سۈپەتلەردىن بىر سۈپەت تېپىلسا، ئۇنى تەرك ئەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقتىن بىر سۈپەت بار بولغان بولىدۇ: ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ، سۆزلىسە يالغان ئېيتىدۇ، ئەھدى قىلسا ئۇنىڭغا رىئايە قىلمايدۇ، جېدەللىشىپ قالسا سەتلىشىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يەنــە شــۇنىڭدەك، يالغانچىلىقنــى داۋاملاشــتۇرغۇچىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا تېگىشلىك بولىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك قەبىھ سۈپەت ئىكەنلىكىگە كۇپايە قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ۋە باشقىلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ ۋە ئۇلارغا قارىمايدۇ، ئۇلارغا دەرد-ئەلەملىك ئازاب بار، ئۇلار: قېرى زىناخور، كەززاب پادىشاھ ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى يوقسۇل» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، يالغانچىلىققا كۆنۈپ قالغان كىشىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە يالغانچى دەپ يېزىلىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك قەبىھ قىلمىش ئىكەنلىكىگە كۇپايە قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار، يالغانچىلىق چوقۇم گۇناھ-مەئسىيەتكە باشلايدۇ، گۇناھ-مەئسىيەت چوقۇم دوزاخقا باشلايدۇ. بىر بەندە ھەمىشە يالغان ئېيتىۋېرىدۇ ۋە يالغان ئېيتىشنى ئويلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە كەززاب دەپ تىزىملىككە ئېلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يالغانچىلىقنى چوڭ خىيانەت دەپ ئاتىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك قىلمىشىغا كۇپايە قىلىدۇ. ئىمام ئەبۇ داۋۇد سۇفيان ئىبنى ئۇسەيد ئەلھەزرەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەن بۇرادىرىڭگە بىر سۆزنى ئېيتساڭ، ئۇ سېنى راستچىل دەپ قارايدۇ، ھالبۇكى، سەن ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، بۇ ئەڭ چوڭ خىيانەت بولىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇلار يالغانچىلىق ۋە يالغانچىلارنىڭ ھال-ئەھۋالى، ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى بۇ سېسىق قىلمىشتىن نەپرەتلەندۈرۈشى، قەتئىي چەكلىشى، ئاقىۋىتىدىن ھەزەر قىلدۇرۇشى، ئۇنىڭ زىيىنى ۋە خەتەرلىرىنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇشى لازىم. ئۇلار يالغانچىلىقنىڭ ئارغامچىسىغا باغلىنىپ قالمىسۇن، بوس-بوخاراتلىرىدا تۇنجۇقۇپ قالمىسۇن، پاتقاقلىرىدا تېيىلىپ يۇرمىسۇن.

ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەرنىڭ قارىشىدا ياخشى تەربىيە، ياخشى ئۈلگە بولۇشتىن باشلانسا ۋە بۇنىڭغا تايانسا ... ئۇنداقتا بارچە تەربىيەتچىلەر ۋە مەسئۇل كىشىلەر يىغىسىدىن پەس قىلىش ياكى بىرەر ئىشقا قىزىقتۇرۇش ياكى ئاچچىقىدىن قايتۇرۇش باھانىسى بىلەن كىچىك بالىلىرىغا يالغان ئېيتماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا بالىلارنى ئىلھام، دوراش، قەبىھ ئادەتلەر ۋە رەزىل ئەخلاقلاردا ئۇلارغا يامان ئۈلگە بولۇپ يالغانچىلىققا ئادەتلەندۈرگەن ۋە ئۇلارغا يالغانچىلىق سەنئىتىنى ئۆگەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەتچىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، نەسىھەت ۋە ۋەز-نەسىھەتلىرىگە بولغان تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئاتا-ئانىلىرىنى يالغانچىلار دەپ قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن تۇنجى تەربىيەتچى پەيغەمبىرىمىز، ئۇستازىمىز، يولباشچىمىز مۇھەممەد

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق تەربىيەتچىلەر ۋە ۋەلىيلەرنىڭ كىچىك باللىرى ئالدىدا چاخچاق قىلىپ بولسۇن، قىزىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن بولسۇن ياكى بىرەر ئىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسۇن، قەستەن ياكى سەھۋەن بولسۇن يالغان ئېيتىشتىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە يالغانچىلارنىڭ ئىسمىلكى قاتارىدا تىزىملىككە ئېلىنىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندىدى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئانام مېنى چاقىرىپ: «كەل مانا ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىمىزدە بار ئىدى. ئۇ ئانامغا: «سەن ئۇنىڭغا نېمە بېرىشنى ئويلىدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئانام: «مەن ئۇنىڭغا خورما بېرەيمىكىن دېگەنىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «دىققەت قىلغىن، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرمىسەڭ، سېنىڭ گەدىنىڭگە يالغانچىلىق پۈتۈلىدۇ» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى كىچىك بالىغا: ‹بېرى كەل، ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن دەپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى بەرمىگەن بولسا، ئۇ يالغانچىلىقتۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھېكايە-چۆچەكلەردە بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ باللىرىنى راستچىل، سەممىي، ئەھدىسىگە سادىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

خۇداگۆي ئالىم شەيخ ئابدۇلقادىر كەيلانى مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەندىن باشلاپ راستچىل بولۇشقا قەتئىي نىيەت قىلدىم. بىر كۈنى مەن مەككىدىن باغدادقا ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن چىقىشنى مەقسەت قىلدىم. ئانام ماڭا ئوقۇش خىراجىتى قىلىشىم ئۈچۈن 40 دىنار بەردى ۋە مەندىن راستچىل بولۇشۇمغا ئەھدە ئالدى. بىز ھەمەدان شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز بۇلاڭچى، قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. ئۇلار ھەش-پەش دېگۈچە كارۋاننى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «سەندە نېمە بار؟» دېدى. مەن: «40 دانە دىنار بار» دېدىم. ئۇ مېنى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى بولغاي، مەن بىلەن كارى بولماي تاشلاپ كېتىپ قالدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەنە بىر بۇلاڭچى ئادەم: «سەندە راستلا 40 دىنار بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ھەئە، مەندە 40 دىنار بار» دېدىم. ئۇ مېنى باغلاپ چوڭ قاراقچى قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇ مەندىن بولغان ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر بەردىم. قاراقچىلار كاتتىۋېشى: «سېنى بۇنچىلىك راستچىل بولۇشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟» دېدى. مەن: «ئانام مەندىن راستچىل بولۇشۇمغا ئەھدە ئالغانىدى، مەن ئانامغا بەرگەن ئەھدىگە خىيانەت قىلىشتىن قورقتۇم!» دېدىم. قاراقچىلار كاتتىبېشىغا قورقۇنچ ۋە تىترەك ئولاشتى. ئۇ كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: «سەن شۇمتەك ئاناڭغا بەرگەن ئەھدەڭگە خىيانەت قىلىشتىن قورقۇپسەنۇ، مەن ئاللاھ تەئالاغا بەرگەن ئەھدەمگە خىيانەت قىلىشتىن قورقماپتىمەن! ئاللاھ تەئالاغا بەرگەن ئەھدەمنى بۇزۇشتىن قورقماپتىمەن!» دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن كارۋاندىن بۇلىۋالغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، ئاندىن ماڭا: «ئاللاھ تەئالا سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ماڭا تەۋبە قىلىشىمغا پۇرسەت بېرىپتۇ، مەن ئاللاھ

تەئالاغا تەۋبە قىلدىم. ئىككىنچى بۇلاڭچىلىق قىلمايمەن! ئاللاھ تەئالادىن تەۋبەمنىڭ قوبۇل قىلىشىنى، ئۆتكۈزگەن بارچە گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىشىنى تىلەيمەن» دېدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارچە بۇلاڭچى ـ قاراقچىلارمۇ: «سەن كىشىلەرنىڭ ھالاللىق يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان بۇلاڭچى ئاكىمىز، چوڭىمىز ئىدىڭ. ھالبۇكى، بۈگۈن تەۋبە ـ ئىستىغفار قىلىپ توغرا يولغا قايتىشتىمۇ ئاكىمىز ـ چوڭىمىز بولۇپ قالدىڭ. بىزمۇ تەۋبە قىلدۇق. بۇلاڭچىلىقتىن يوللارنى ئۈزۈپ قويۇشتىن قول ئۈزدۇق» دېيىشىپ راستچىللىقنىڭ بەرىكىتى بىلەن ھەممىسى تەۋبە قىلدى.

## 2 ـ ئوغرىلىق

ئوغرىلىق ھادىسىسى خەتەر جەھەتتىن يالغانچىلىق ھادىسىسىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئوغرىلىق ئىسلامي ئەخلاق بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولمىغان، ئىمان تەربىيەسى بىلەن تەربىيىلەنمىگەن رايون ۋە جەمئىيەتلەردە كەڭ ئومۇملاشقان پەۋقۇلئاددە قەبىھ ئالامەت ۋە پەسكەش ھادىسە.

ھەممىگە مەلۇم بولسۇنكى، بالىلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتى ۋە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلمىسە، ئامانەتدارچىلىق ۋە ھەقلەرنى ئادا قىلىشقا كۆندۈرۈلمىسە، ... بالا چوقۇم ۋاپاسىز، يالغانچى، ئوغرى، خىيانەتكار، خائىن، ۋاپاسىز، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ھەقسىز رەۋىشتە يەۋالىدىغان، بەلكى بەدبەخ، گۇناھكار، جىنايەتكار، جەمئىيەت ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى تىلەيدىغان، قاغىش ۋە نالەتلەر ياغدۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئەسكى قىلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيدىغان ناچار، داشقال، ئىپلاس بالا بولىدۇ...

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاتا ـ ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر بالىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىنى ھېس قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالادىنلا قورقۇشتىن ئىبارەت ئەقىدىنى كۈچەيتىش قىلىشىپ تىكىشى، ... ئۇلارغا ئوغرىلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان خېيىم ـ خەتەرلىك نەتىجىلەرنى، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەتچىلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان بالا ـ قازالارنى ئېنىق ئۇقتۇرۇشى ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تەئالا جىنايەتچىلەر ئۈچۈن ئالدىن تەييارلاپ قويغان شەرمەندە قىلغۇچى دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ئازابنى، قىيامەت كۈنىدىكى دەرد ـ ئەلەملىك دوزاخنى ئەسلىتىشى لازىم.

ئەپسۇس، ئادەمنىڭ قەلبىنى ئۆرتەندۈرىدىغان، يۈرەكنى ئاچچىق ئەلەمگە توشقۇزۇۋېتىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل رەۋىشتە نازارەت قىلمايدۇ. ئۇلاردا كۆرۈپ قالغان ھەرخىل ماتالار، نەرسىلەر ۋە نەخ پۇللارنىڭ بارلىقىغا سەل قارايدۇ. بالىلىرىنىڭ كوچىلاردىن تېپىۋالدىم، ياكى دوستلىرىم بېرىپ تۇردى دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغان گەپلىرىنى، ئېنىقلىماي ۋە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كۆرمەي بىخەستىلىك قىلىدۇ!

بالىلارنىڭ ئۆزىنى تۆھمەتتىن قورقۇپ ۋە يۈزى چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ ئاشۇنداق يالغان ـ ياۋىداق گەپ سۆزلەر بىلەن ئاقلىشى تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق چاغدا تەربىيەتچىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش قىلىنمىغان، تەدبىرلىك ھالدا سوراق قىلىنمىغان، تەپتىش قىلىنمىغان بالىلارنىڭ جىنايەتتە ھەددىدىن ئېشىپ، تېرىسىدىن تېشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ، تەبىئىي بىر ئىش ...

تېخى بۇنىڭدىنمۇ قەبىھراق ۋە سەترەك بولغىنى بالا ئاتا-ئانىسى ياكى تەربىيەتچىسى ئىچىدىن ئوغرىلىقتا كۆشكۆرتىدىغان، قوللايدىغان ۋە ئاسترىتتىن ياردەم قىلىدىغان كىشىلەرنى تېپىشى بولۇپ، بۇنداق بالىلار چوقۇم كەسپىي ئوغرى، تەبىئىي يانچۇقچى، توغۇلما جىنايەتچى بولىدۇ، بارا-بارا ئۆزگىرىپ ئەسكىلىشىپ بۇلاڭچى-قاراقچى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ ياكى ئۆزگىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

قۇم، زەيكەشتە ئۆسكەن ئۆسۈملۈك،
مۇنبەت تۇپراقتا ئۆسكەن ئۆسۈملۈككە ئوخشىماس،
ئەسكى ئانىلار ئەمچىكىدىن سۈت ئەمگەن بالىلار،
ئۆزى تەقۋا، سالىھ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئوخشىماس،
كۈتۈلمەس ناچار تەربىيە كۆرگەنلەردىن كامالەت،
ئۈمىد يوق ياخشىلىقتىن، ئۆزىنى تۈگىتەر نەھايەت.

شەرئىي مەھكىمىلەرنىڭ بىرى بىر ئوغرىغا قولنى كېسىش جازاسى ھۆكۈم قىلغان، ھۆكۈم ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا ئوغرى ئۆلارغا ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ قولۇمنى كېسىشتىن بۇرۇن ئانامنىڭ تىلىنى كېسىڭلار، ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىن توخۇم ئوغرىلىغىنىمدا، ئۇ ماڭا كايىماستىن، تەنبىھ بەرمەستىن، توخۇمنى قوشنىمىزنىڭكىگە قايتۇرغۇزىۋەتمەستىن، بەلكى ئوغرىلىق قىلىشقا كۆشكۆرتۈپ، ‹ئەلھەمدۇلىللاھ، خۇداغا شۈكۈر، ئوغلۇم ئوغۇل بالىلىقتا ياراپتۇ، ئەمدى ئەركەككە ئايلىنىپتۇ› دېگەنىدى، ئانامنىڭ مېنى جىنايەتكە كۆشكۆرتكەن ئاشۇ تىلى بولمىغان بولسا ئىدى، مەن ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتە ئوغرى بولۇپ قالمىغان بولاتتىم» دېگەنىكەن[1].

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار! تۆۋەندە ھوزۇرۇڭلارغا ئىلگىرىكى سالىھ ئاتا-بوۋىلارنىڭ بالىلىرىنى ئىستىقامەتلىك ئادەم قىلىش، ھەقلەرنى ئادا قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، ئامانەتدارچىلىق ۋە ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇش، مۇقىم ۋە يۆتكىلىشچان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ھالەتلەردە ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدا بەزى نەمۇنىلەرنى سۇنىمىز:

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سېتىشنى مەنئىي قىلىدىغان قانۇن چىقاردى، لېكىن، قانۇننىڭ كۆزى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرەلەمدۇ؟ ياكى قانۇن خىيانەت قىلغان، ئالدامچىلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزەلەمدۇ؟ قانۇن شۇنچىلىك قۇدرەتلىكمۇ؟

قانۇن ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئاجىز، تولىمۇ بىچارە، پەقەت ئىمانلا مۇشۇنداق مەيدانلار ۋە مۇشۇنداق ساھەلەردە كۈچىنى كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەتچىلىكىنى ھېس قىلىش ۋە بۇنىڭغا بولغان ئىمان ئۆز

(1) دوكتور سىبائىي رەھىمەھۇللاھنىڭ «ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىز» ناملىق كىتابى ١٦٢- بەت.

www.uyghurkitap.com

رولنى جارى قىلدۇرىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندىكى ئانا بىلەن قىزى ئوتتۇرىسىدىكى مەشھۇر قىسسىنى ھېكايە قىلىمىز:

ئانا كۆپ پايدا ئېلىش ۋە كىرىمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن سۈتكە سۇ ئېلىشتۇرماقچى بولىدۇ. مۆئمىنە قىز ئانىسىغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سېتىشنى مەنئىي قىلغانلىق توغرىسىدا قانۇن چىقارغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئانا: «قىزىم! سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرساق نېمە بوپتۇ؟ بىزنى ئۆمەر كۆرمەيدۇ» دەپتۇ. مۆئمىن قىز ئانىسىغا ئەجەللىك جاۋاب بېرىپ: «گەرچە بىزنى ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۆمەر كۆرمىگەن بىلەن ئەمىرۇلمۇئمىنىننىڭ رەببى ـ خۇداسى كۆرۈپ قالىدۇ» دەپتۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەككىگە چىقتۇق. كۈن ئولتۇرغاندى. بىر پادىچى تاغدىن قويلارنى چۈشۈرۈپ كەلدى. ئۆمەر ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن: «ھەي پادىچى! بۇ قويلىرىڭدىن ماڭا بىر پاقلان سېتىپ بەرگىن» دېدى. پادىچى: «مەن دېگەن قۇل، قويلار مېنىڭ ئەمەس، خوجايىنىمنىڭ» دېدى. ئۆمەر: «خوجايىنىڭ سوراشتۇرۇپ قالسا، بىر قويىنى بۆرە يەپ كەتتى دېسەڭ بولىدىغۇ؟» دېدى. پادىچى: «خوجايىنىمغىغۇ مۇشۇنداق دەرمەن، قۇتۇلارمەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالاغا نېمە دەيمەن» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى ۋە بۇ قۇل بىلەن خوجايىنى قېشىغا بىللە بېرىپ، ئۇنى ئۇنىڭ خوجايىنىدىن سېتىۋالدى ۋە ئازاد قىلىۋەتتى. ئاندىن بۇ قۇلغا: «سېنى بۇ دۇنيادا مۇشۇ گېپىڭ ئازادلىققا ئېرىشتۈردى. ئەمدى مۇشۇ سۆزۈڭ بىلەن ئاخىرەتتە ئۆزەڭنى ئوزەڭ قۇتۇلدۇرۇشۇڭنى (ئازاد قىلىشىڭنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

## 3 ـ تىللاش ۋە سەت گەپ قىلىش

مانا بۇ بالىلار مۇھىتىدا كەڭ تارقالغان ناچار سۈپەت ۋە قەبىھ ئادەتلەرنىڭ بىرى، تىل ـ ئاھانەت ۋە سەت گەپلەر بىلەن تىللىشىش قۇرئاننىڭ يېتەكلىشى ۋە ئىسلام تەربىيەسىدىن يىراقلاپ كەتكەن مۇھىتتا ۋابا كەبى يامرىغان ئاپەت بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىق ئىككى تۈرلۈك ئامىلغا قايتىدۇ:

1) يامان ئۈلگە بولۇش: ئاتا ـ ئانىسىدىن سەت گەپلەر، تىل ـ ئاھانەتلەر، يىرگىنىشلىك گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بالىنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دورىشى، ئۇلارغا ئەگەشمىچىلىك قىلىشى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلەپپۇزىنى تەكرارلىشى چوقۇم ...

بۇنداق بالىلارنىڭ ئېغىزىدىن نەھايەت سەت گەپ قىلىشتىن باشقا، مۇنكەر ۋە گۇناھ بولىدىغانىدىن باشقا سۆزلەرنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ...

2) بۇزغۇنچى دوستلار: كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن، يامان ھەمراھلارغا قويۇپ بېرىلگەن، ئەسكى، داشقال ئاغىنىلەرگە ئارىلاشقان بالا چوقۇم ئاشۇ داشقال ئاغىنىلىرىدىن لەنەت، تىللاش ۋە سەت گەپ قىلىش، قەبىھ تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ ئاغىنىلىرىدىن ئەڭ پەس، ئەڭ مەنىيەت سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. ئەڭ

قەبىھ، ئەڭ يىرگىنىشلىك ئادەتلەر ۋە ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. تەربىيەسىز، ئەخلاقسىز ئادەم بولۇپ ئەتراپقا سېسىق پۇراق تارقىتىدىغان تاپقا ئوخشاش بالا بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر سۆزى گۈزەل بولۇش، ئەخلاقى گۈزەل بولۇش، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇشتا پەرزەنتى ئۈچۈن ئەمەلىيەتچىل ياخشى نەمۇنە، ئۈلگە بولۇشى لازىم ... شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ باللىرىنى كوچىلاردا ئويناش، كوچا باللىرى بىلەن ئارىلىشىش، ئەسكىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش، ئۇلاردىن يامان تەسىرلەرنى يۇقتۇرۇۋالماسلىق، ئەسكى ئادەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈۋالماسلىقى ئۈچۈن يامان ھەمراھلار بىلەن ئارىلىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قەتئىي يىقىن يولاتماسلىق لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باللارغا تىللارنىڭ ئاقىۋىتىدىن چىقىدىغان بالايى-ئاپەتلەر، ئوبرازنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان قاششاقلىق ۋە قىلنلىق نەتىجىلىرى، كىشىلەر ئالدىدىكى ئىززەت-ئابرۇي ۋە ھەيۋەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ شەخسلىرى ئوتتۇرىسىغا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەتنىڭ چېچىلىپ كېتىشى قاتارلىق يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ قويۇشى لازىم.

ئاخىردا بارلىق تەربىيەتچىلەر سەمىگە سالىمىزكى، ئۇلار ھەرقاچان باللىرىغا تىل-ھاقارەت، دەككى-دەشنەم بېرىش، سەت ۋە مەينەت گەپ-سۆزلەر بىلەن تىللاش قاتارلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشى لازىم. ئاللاھ تەئالا سەت گەپ قىلغۇچى، تەرى قىلىن، يۈزسىز، لەنەتخور ئادەملەرگە بېكىتكەن چوڭ گۇناھ ۋە چىدىغۇسىز قاتتىق دەردلىك ئازابلارنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت ئەھۋاللارنى بايان قىلىدىغان ھەدىسلەرنى تەلقىن قىلىپ تۇرۇشى لازىم ... باللار بۇ ئارقىلىق ناچار گەپ-سۆزلەر، مەينەت تىل-ھاقارەتلەردىن چەكلىنىشى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىدىن ياخشى تەسىرات ئېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەردىن:

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كاپىرلىقتۇر» دېگەنلىكى نەقىل قىلىندۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى تىللىشى (لەنەت قىلىشى) چوڭ گۇناھلار ئىچىدىكى چوڭ گۇناھتۇر» دېگەندە، كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قانداقمۇ لەنەت ئېيتالىسۇن؟» دېيىشكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا جاۋابەن: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئۇ ئادەم قوپۇپ ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ. مانا بۇ ئۆز ئاتىسىنى تىللىغانلىق. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، ئۇ ئادەم قوپۇپ ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ. مانا بۇ ئۆز ئانىسىنى تىللىغانلىقتۇر» دېگەن.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر بەندە كۆڭلىگە ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان، ئەمما پەرۋاسىزلىق بىلەن ئويلانمايلا ئاللاھ تەئالانى نارازى قىلىدىغان

بىر سۆزنى سۆزلەش بىلەن جەھەننەمگە تىك موللاق ئاتىدۇ» دېگەنلىكى نەقىل قىلىندۇ.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىشىلەر پەقەت تىللىرىنىڭ ئۇساللىقلىرى سەۋەبلىك دوزاختا دۈم تاشلىنىدۇ» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇئمىن تەنىخور، لەنەتخور، سەت گەپ، سەت ئىش قىلغۇچى ۋە يۈزى قېلىن ئەمەس» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

سۆزلەرنى چىرايلىق قىلىدىغان، گەپلەرنى تاتلىق قىلىدىغان بالىلار نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە؟!

ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، يېقىملىق سۆزلەش ئۆگىتىلگەن، سۆز دۇردانىلىرىنى قانداق ئىشلىتىش ئۆگىتىلگەن بالىلار نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! سەت گەپلەر، تىل ـ ئاھانەتلىك سۆزلەر، مەينەت، داپىيۇزلەرچە ئېيتىلغان لەنەت سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا چىرايى قىزىرىپ كېتىدىغان بالىلار نېمىدېگەن ئېسىل ـ ھە! چوقۇمكى، بۇنداق بالا ئائىلىدە رەيھان ـ سەبدە، خالايىقلار ئىچىدە ئەتىر ـ ئىپار، خۇشپۇراق چاچقۇچى بولىدۇ.

ئۆتمۈشتىكى بالىلارنىڭ سۆزلىرىدىكى ئەدەپ، سۆزلەشتىكى گۈزەللىك، كەلىمىلەردىكى چىرايلىقلىق توغرىلىق بىر نەمۇنە بايان قىلىمىز:

ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەۋرىدە يېزا ـ قىشلاقلاردا قەھەتچىلىك ئاپىتى بولدى، ھەرقايسى قەبىلە ـ ئايماقلار ھىشامنىڭ ئوردىسىغا شىكايەت قىلغىلى كىردى، كىشىلەر ھىشامدىن ئەيمىنىپ شۈخلىق كىرىپىدەك تۈگۈلۈۋالغانىدى، بۇ كىشىلەر ئىچىدە 14 ياشلىق دەرۋاس ئىبنى ھەبىب ئىسىملىك بىر كىچىك بالىمۇ بار ئىدى، ھىشامنىڭ كۆزى دەرۋاسقا چۈشتى، ئۇ بۇ بالىنى كىچىك كۆرۈپ ئوردىدىكى خاس ھاجىبقا: «مېنىڭ قېشىمغا كىرىشنى خالايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كىرەلىدى، ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ كىرىشكە باشلىدىمۇ؟» دەپ كايىدى، دەرۋاس ھىشامنىڭ ئۆزى توغرىلىق گەپ قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ: «ئەي ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئالىيلىرى! مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇرلىرىغا كىرىشىم سىلىگە قىلچىلىك دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە مېنى شەرەپكە ئېرىشتۈرىدۇ، بۇ كىشىلەر مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن كەلدى، ھەممىسى ئۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ بۇرجەككە كىرىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشتى، سۆز دېمەك سىرتقا چىقارماق دېمەكتۇر، سۈكۈت قىلىش بولساق قاتىلماق، يايماق دېگەنلىكتۇر، سۆز سىرتقا چىقىرىلمىغۇچە چۈشەنگىلى بولمايدۇ، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغىلىمۇ بولمايدۇ» دېدى، ھىشام ئۇنىڭ گېپىدىن ھەيران بولۇپ: «سۆزلە، ئاتىسى يوق» دەپ سۆزلەشكە رۇخسەت بەردى، دەرۋاس: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئالىيلىرى! بىزگە ئۈچ يىللىق ئاچارچىلىق ئاپىتى يەتتى، بىرىنچى يىللىق ئاپەت مايلارنى ئېرىتىپ تاشلىدى، ئىككىنچى يىللىق ئاپەت گۆشلەرنى يەپ كەتتى، ئۈچىنچى يىلدىكى ئاچارچىلىق سۆڭەكلەرنى غاجىلاپ بولدى، بىلىشىمىزچە سىلەردە ئارتۇق ماللار بار، ئەگەر ئۇ ماللار ئاللاھ تەئالانىڭ ماللىرى بولسا، ئۇنداقتا بۇلارنى ھەقلىق بولغان موھتاج كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىڭلار، ئەگەر بۇ ماللار ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە بېرىشكە تېگىشلىك ماللار بولسا، ئۇنداقتا نېمە دەپ بۇ ماللارنى ئۆز ئىگىلىرىگە بەرمەي، ئامبارلاردا زاپاس ساقلايسىلەر؟ ئەگەر بۇ ماللار سىلەرگە مەنسۇپ ئۆزەڭلارنىڭ مېلىڭلار بولسا، ئاشۇ موھتاج كىشىلەرگە سەدىقە قىلىۋېتىڭلار،



www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تەئالا چوقۇم سەدىقە قىلغۇچىلارنى ياخشى مۇكاپاتلايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى-مۇكاپاتىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى، يەنە: «ھۆرمەتلىك ئەمىرۇلمۇئمىنىن جانابلىرى، شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، ۋالىي خەلققە نىسبەتەن خۇددى جەسەتكە جان كېرەك بولغانغا ئوخشايدۇ، جەسەت پەقەت روھ-جان بىلەن ھايات بولىدۇ» دېدى، ھىشام: «بۇ ئوغۇل بىزگە ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ ھېچبىرىدە ئۆزرە قالدۇرمىدى، ئۇنىڭ سەھرا كىشىلىرىگە 100 مىڭ دىرھەم بېرىلسۇن، دەرۋاس بالىغا ھەم 100 مىڭ دىرھەم بېرىلسۇن» دەپ بۇيرىدى، بۇ ۋاقىتتا دەرۋاس: «ھۆرمەتلىك ئەمىرۇلمۇئمىنىن جانابلىرى، ماڭا بۇيرۇپ بەرگەن 100 مىڭ دىرھەمنى ئاشۇ سەھرا كىشىلىرىگە بەرگەنلىرىگە قوشۇۋەتسىلە، ئۇلارغا بۇيرۇپ بېرىلگەن ماللار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا يەتمەسىمكىن دەپ ئويلايمەن» دېدى، ھىشام: «ئوغۇل بالا، سېنىڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئېھتىدىغان شەخسىي ھاجىتىڭ يوقمۇ؟» دەپ سورىدى، دەرۋاس بۇنىڭغا: «مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھاجىتى تۇرغۇچىدا مېنىڭ شەخسىي ھاجىتىم يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

## 4 - ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىق

مانا بۇ ئالامەت - 20 ئەسىر دەپ ئاتالغان مۇشۇ دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئەڭ بەك كەڭ تارقالغان ئېغىر ھادىسە ۋە يامان ئالامەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، قەيەرگە قارساڭلار قارىغۇلارچە ئەگەشمچىلىك ۋە دورامچىلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئەخلەتخانىلارغا تاشلىۋەتكەن سېسىق لاتىلىرىنى، بۇزۇق نەرسىلىرىنى مەدەنىيەت ئاتىۋېلىپ، ئۇلارنى دوراۋاتقان، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈچەرەت بولۇپ مېڭىۋاتقان، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق دولقۇنلىرىغا ئۆزىنى تاشلاۋاتقان، ئۇلارنى بۇ تۈيۈق يولدىن قايتۇرغۇدەك دىنىنىڭ تېخى تايىنى بولمىغان، ۋىجدانى تېخى يوق ھالدا يۇرۇۋاتقان تالاي ئۆسمۈر ئوغۇل-قىزلارنى، تالاي ياش ئوغۇل-قىزلارنى كۆرىمىز ۋە ئۇچرىتىمىز، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھاياتلىق خۇددى زاۋال تاپقۇچى مەنپەئەتلەر، تاۋارلار، چۈشكۈنلەشتۈرگۈچى شەھۋانىيلىق ۋە ھارام قىلىنغان لەززەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنى يوقىتىپ قويۇش، بۇلارغا ئېرىشەلمەسلىك خۇددى قىيامەت قائىم بولغانغا ئوخشاش ... ئۇلار ھاياتقا شۇنداق مۇئامىلە قىلماقتا!

تېخى كالللىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان بەزىبىر ئەقىللىق ھاماقەتلەر نومۇسسىز، ھاياسىز ناخشا-ئۇسسۇللارنى ئۆيغىنىشنىڭ بەلگىسى، ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىششىنى بولسا تەرەققىيات ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئالامىتى، قارىغۇلارچە دورامچىلىقنى يېڭىلىقپەرۋەرلىكنىڭ ئۆلچىمى دەپ ئالا-جوقا سۆزلەيدىغان پەلپەتىشلەر پەيدا بولۇپ قالدى، مانا بۇلار ئۆزلۈكتە مەغلۇب بولغۇچىلار، ئۆز خاراكتېرى، ئوبرازلىرى ۋە ئىرادىسىدە مەغلۇب بولغۇچىلار بولۇپ، بۇلار مۇداپىئە كۆرۈش ياكى ھۇجۇم قىلىش ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا مەغلۇب بولۇشتىن بۇرۇن يۇقىرىدىكى ساھەلەردە ئۆزلۈكتە مەغلۇب بولغۇچىلاردۇر، سەن ئاشۇلارنىڭ قايسى بىرىگە قارساڭ، ھاياتلىقتا تاشقى قىياپىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، مېڭىش ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا، ھەتتا گەپ-سۆزلىرىدە باشقىلارنى دوراشتىن ئۆزگە غەم-ئەندىشىسى ۋە نىيەت مەقسىتىنىڭ يوقلىقى، ئۆزىگە ئوخشاش بىر چۈشكۈننىڭ قەدىمى-تاپىنى ئاستىدا ئۆز

ئەركەكلكىنى، ئوغـۇل باللىقنى نابـۇت قلـش، ئۇنـى ياخشى كـۆرۈپ قىلـش ئارقلـق ئۆزنىـڭ خاراكتىـرى ۋە ئوبرازىنى ئۆلتۈرۈشنى ئىزدەۋاتقانلىقنى كۆرىسـەن. ئـۇ ئەنـە شـۇنداق بىـر بۇزۇقچىلىقتىـن يەنـە بىـر بۇزۇقچىلىققا ئۆتـىدۇ. بىـر سـۇيۇقلۇقتىن يەنـە بىـر سـۇيۇقلۇققا ئۆتـىدۇ. بىـر ئازغۇنلۇقتىـن يەنـە بىـر ئازغۇنلۇققـا ئۆتـىدۇ. ئاخـىرى بىرىـپ-بىرىـپ ئـۆزى ۋەيـران بولىدىغـان، هالـەك بولـۇپ تۈگىشىدىغان تەگسىز هاڭغا تىـك مولـلاق ئېتىـپ چۈشـىدۇ.

ئاللاه تەئالا بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ دۇنيادىن ئىز-دېرەكسىز غايىب بولار،
ئۆزلۈكنى يوقاتقانلارنىڭ ھەممىسى.
زامانلار ياشسۇن ئوبرازى بولماس نامايان،
ياتلارنىڭ مەدەنىيىتىنى دورىغانلارنىڭ ھەممىسى.

## شەخسىي خاراكتېر ۋە ئەخلاقنى قوغداش توغرىسىدىكى پرىنسىپلار

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم بـۇ جەھەتتە بارلـق ئاتا-ئانىلار، ۋەلىي بولغۇچىلار ۋە تەربىيەتچىلەرگە ئىلمـي مەنھەجنـى، پەرزەنتنـى راۋۇرۇس بولغـان ئەخـلاق ئۈسـتىدە ۋە ئالاھـىدە ئىمتىيازلىـق بولغـان ئىسـلامي خاراكتېردە تەربىيىلەيدىغـان سـاغلام پرىنسـىپنى ئوچـۇق ئوتتۇرىغا قويـدى ...

تۆۋەنـدە بـۇ مەنھەجنىـڭ ماددىلىرنىـڭ ئـەڭ مۇھىملـىرى ۋە ئاشـۇ پرىنسـىپلارنىڭ ئـەڭ گەۋدىلىكلىرنـى بايـان قىلىـپ ئۆتىمـەن:

### 1 - باشقىلارنى دوراش، باشقىلارغا ئۆزىنى ئوخشىتىۋېلىش ۋە قارىغۇلارچە ئەگەشمىچىلىك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئېھتىياتتا بولۇش

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «مۇشـرىكلارغا قارىمۇقارشى ئىـش قىلـڭلار، بۇرۇتنى قىرقىڭلار، ساقالنى تولۇق كامىل قويـۇڭلار» دېگەن.

مۇسـلىمنىڭ رىۋايىتىـدە: «بۇرۇتنـى قىسـقارتىڭلار، سـاقالنى قويۇۋېتىـڭلار، مەجۇسـىيلارغا قارىمۇقارشـى بولـۇڭلار» دېيىلگەن.

ئىمـام تىرمىـزى رەھمەھۇلـلاھ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئارىمىزدىـن غەيـرى مىللەتلەرگـە ئۆزىنـى ئوخشـىتىۋالغان كىشـىلەر بىزدىـن ئەمـەس، يەھۇدىـي ۋە ناسـارالارغا ئوخشـىۋالماڭلار» دېگەنلىكىنـى نەقـل قىلـىدۇ.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالغان بولسا، ئۇ كىشى ئاشۇ قەۋملەرنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ» دېگەن.

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەن خالايىقلار بىلەن بىللە، ئەگەر خالايىقلار ياخشىلىق قىلسا مەنمۇ ياخشىلىق قىلىمەن، ئەگەر خالايىقلار يامانلىق قىلسا مەنمۇ يامانلىق قىلىمەن دەيدىغان دورامچۇق بولمىسۇن. لېكىن، كۆڭلۈڭلاردىن كىشىلەر ياخشى ئىش قىلسا سىزمۇ ياخشىلىق قىلىش، ئەگەر ئۇلار يامانلىق قىلسا (ئۇلارنى دوراپ يامانلىق قىلماي)، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدىيىگە ئورۇن بېرىڭلار» دېگەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! بىز ئەجنەبىيلەردىن نېمىنى قوبۇل قىلىمىز، نېمىنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك؟ بۇ مۇھىم بولغان ئىككى ئىشنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز كېرەك.

(1) قوبۇل قىلىش دۇرۇس بولغان تەرىپى: تېبابەت، پەن-تېخنىكا، فىزىكا، خىمىيە، جەڭ ۋاسىتىلىرى، ماددىي ھەقىقەتلەر، ئاتوم مەخپىيەتچىلىكى ۋە مۇشۇ قاتاردىكى مەنپەئەتلىك، پايدىلىق، تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ئىلىملەرنى ئۆگەنسەك ۋە قوبۇل قىلساق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ساھەدىكى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان: «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈستىگە پەرزدۇر» دېگەن ھەدىس بىلەن تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان: «ھېكمەت ھەربىر مۆئمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇ ھېكمەتنى قەيەردىن تاپسا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ھەقلىقتۇر» دېگەن ھەدىسى ... ۋە ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ: «دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن (ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار ...» (سۈرە ئەنفال - 60 ئايەت) دېگەن ئەمرىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئەجنەبىيلەردىن پەن-تېخنىكا، سانائەت ۋە تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش لازىم.

(2) قوبۇل قىلىش ھارام بولغان تەرىپى: ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى، ئەخلاقىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ئەنئەنىلىرىنى، بىزگە ئوخشىمايدىغان، بىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى، ئۈممىتىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە زىت كېلىدىغان ۋەزىيەتلەرنى، ئەخلاقىي ئاساسلىرىمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى، بۇ خىل ئەھۋاللار چوقۇم ئۆزلۈكنىڭ يوقىلىشىغا، ئوبراز-خاراكتېرنىڭ ئېرىپ كېتىشىگە، روھ ۋە ئىرادىنىڭ مەغلۇب بولۇشىغا، ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ سۇنۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ ياكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 2 - راھەتپەرەسلىكتىن چەكلەش

«سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسلىم»دا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پارىس يۇرتلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلارغا: «راھەتپەرەسلىكتىن ۋە مۇشرىكلارنىڭ مودىلىرىنى قوغلاشتىن ساقلىنىڭلار» دەپ خەت يازغانلىقى بايان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «نېمەتپەرەسلىكتىن ۋە ئەجەملەرنىڭ ياسىنىشلىرىدىن ساقلىنىڭلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ نۇئەيملەر مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «نېمەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرى راھەتپەرەس ئەمەستۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

نېمەتپەرەسلىك دېگەنلىك لەززەتلىك نەرسىلەر ۋە كۆڭۈل تارتىدىغان ياخشى نەرسىلەرگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىش، ئەلەدداۋام نېمەت ۋە راھەت ئىچىدە ئۆتۈشنى ئويلاش دېگەنلىك بولۇپ، مەڭگۈلۈك راھەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش قوغلىشىش ھادىسىسى دەۋەت ۋە جىھاد مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن چەكلەپ قويىدۇ، روھنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، جىھادىي ئىنكاسلارنى يوقىتىپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، سۇيۇقلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەۋرەزلىرى ۋە يايلاقلىرىدا ئۈملەپ يۈرۈيدىغان قىلىپ قويىدۇ، ھەرخىل ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## 3 - ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاشتىن چەكلەش

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەھمەد ئىبنى مۇنەيئى ۋە ھارىس ئىبنى ئەبۇ ئۇسامە قاتارلىقلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «چوقۇمكى، ئاللاھ تەئالا مېنى پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ ئەۋەتتى، مېنى نەيلەر، چالغۇ ئەسۋابلىرى، ھاراق-شارابلار ۋە جاھىلىيەتتە ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇتلارنى يوقىتىشقا بۇيرىدى» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى، ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە بۆلاردىن باشقىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە زىنا-پاھىشىنى، يىپەكنى، ھاراق-شارابنى ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ھالال سانايدىغان قەۋملەر بولىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىبنى ئەساكىر ئۆز تارىخىدا ۋە ئىبنى سەسرى ئۆزىنىڭ «ئەمالىي» دېگەن كىتابىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ناخشا-ئۇسسۇلچى خوتۇننىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ناخشا ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى ئېرىتىلگەن قوغۇشۇننى تۆكىدۇ (قۇيىدۇ)» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام تىرمىزى ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ناخشىچىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغان ئادەمگە جەننەتتىكى روھانىيلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئەقىل ئىگىلىرىگە مەخپىي ئەمەسكى، يۇقىرىقىدەك ناخشا-ئۇسسۇل ۋە نەغمە-ناۋالاردىن ئىبارەت ئىسلام شەرىئىتى ھارام دەپ بەلگىلىگەن نەرسىلەرنى ئاڭلىغان باللارنىڭ ئەخلاقىغا چوقۇم يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

بالنى باشتا سەل-پەل ئۆزگىرىپ كېتىشكە، ئۇنىڭدىن كېيىن گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە، كېيىن مۇنكەر ئىشلارنى قىلىشقا، ئاخىرىدا ماددىي لەززەتلەر ۋە شەھۋانىيلىقنىڭ پاتقاقلىرىدا غەرق تېيىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاتا-ئانا ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا ئوچۇق پاكىت ۋە توغرا ھىدايەتتىن بولغان ئاساس ئۈستىدە بولۇشى، ھالال-ھاراملىق مەسىلىسىدە ئېنىق بىلىش ئاساسىدا تۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ تېلېۋىزىيە توغرىسىدا چىقارغان ھۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتۇق:

ھېچكىم رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئۈن-سىن سايمانلىرى قاتارلىقلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئىنسانىيەت ئەقىل پاراسىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئەڭ يۇقىرى تەرەققىيات سانىلىدىغانلىقى ئۈستىدە گۇمان قىلمايدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئۈسكۈنىلەر ھازىرقى ۋاقىتتا ماددىي ھەزارەت قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت. لېكىن، بۇ ئۈسكۈنىلەر ئىككى بىسلىق قورال بولۇپ، ياخشىلىق ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ، يامانلىق ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ياخشىلىق ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، يامانلىق ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىخترا-كەشپىياتلار ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىلىم-مەرىپەتنى كەڭ تارقىتىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئىسلامىيەت ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەش، پەزىلەتلىك ئەخلاقلارغا ئۇل سېلىش، ھازىرقى ئەۋلادلارنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە تارىخىغا چېتىش، ئۈممەتنى دىنى ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا مەنپەئەتى ۋە ياخشىلىقى بار ئىشلارغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، مەزكۇر ئىخترالارنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ئۇنى قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش قاتارلىقلارنىڭ دۇرۇسلىقىدا ئىككى كىشى ھەرگىزمۇ تالاش-تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئەمما، بۇ ئۈسكۈنىلەر بۇزۇقچىلىق، ئەسكىلىك، داشقاللىقنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش، سۇيۇقلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىقنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش، ھازىرقى ئەۋلادلارنى ئىسلام يولىدىن باشقا يوللارغا بۇراش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، بۇ ئۈسكۈنىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئىستېمال قىلىش، سېتىش ۋە سېتىۋېلىشنىڭ ھاراملىقى، بۇ ئۈسكۈنىلەرنى ئىستېمال قىلغان، قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سالغانلىقنىڭ گۇناھ-جىنايەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن، ئىمانى بار، ئىنساپى بار ئەقىللىق كىشى ھەرگىز شەك قىلمايدۇ ياكى تالاش-تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئەگەر بىز بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، بۇ پروگراممىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شان-شەرەپنى يەرگە ئۇرۇشنى نىشان قىلغانلىقى، خىيانەت ۋە زىنا-پاھىشىگە ئۈندەيدىغانلىقى، ئۈستى باشلىرى ئوچۇق ياكى ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى ئوچۇق يۇرۇشكە، نامەھرەم ئەرلەر بىلەن رەستىلەردە ۋە خالىي يەرلەردە ئۇچرىشىشقا، ئەخلاقسىزلىققا، ئانارخىزمغا ۋە ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىقلارغا كۈشكۈرتىدىغان پروگراممىلار بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالىمىز. ئىلىمنى نىشان قىلغان، ياخشىلىق تەرەپكە قاراتقان پروگراممىلىرى ناھايىتى ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك. ئۇنداقتا ئىش يۇقىرىدا دېيىلگەندەك بولسا تېلېۋىزور سېتىۋېلىش، ئۇنىڭغا قاراش، بەلگىلەنگەن فىلىملەرنى كۆرۈش، ئەلۋەتتە پروگراممىلىرىنى ئاڭلاش ھارامنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى، گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ ئەڭ چوڭلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

بۇنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

www.uyghurkitap.com

( 1 ) ھەرقايسى ئەسىرلەردىكى ئالىملار ۋە مۇجتەھىد ئىماملار بىردەك ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك مەقسەتلىرى مۇنداق بەش تۈرلۈك، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى ئىسلام شەرىئىتىگە ئائىت بولغان ھەممە نەرسىلەر مۇشۇ بەش مۇھىم ئاساسنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تۈپ نىشان قىلىدۇ دەپ قاراپ كەلدى. بۇلار بولسا، دىننى قوغداش، ئەقلنى قوغداش، نەسەبنى قوغداش، جاننى قوغداش ۋە مالنى قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە قاناللىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاساسلىق پروگراممىلىرىغا ئىشقىۋازلىق ناخشىلار، يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلەر، ھېسسىياتنى قوزغاتقۇچى، شەھۋانىيلىقنى ئۇرغۇتقۇچى بۇزۇق فىلملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى شان - شەرەپنى دەپسەندە قىلىشنى، يۈز - ئابرۇينى تۆكۈشنى، زىنا - پاھىشىگە كۈشكۈرتۈشنى تۈپ نىشان قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانىكەن، شەرىئەت نەسەب ۋە يۈز - ئابرۇينى قوغداش ئۈچۈن تېلېۋىزىيىگە قاراش، كۆرۈش ۋە ئاڭلاشنى ھارام قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تېلېۋىزىينى قوبۇل قىلىش ھارام قىلىنىدۇ. چۈنكى، تېلېۋىزور يۇقىرىقىدەك قالايمىقانچىلىقلارنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ.

( 2 ) ئىمام مالىك ۋە دارى قۇتنى ۋە ئىبنى ماجەلەر ئەبى سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «زىيان تارتىشمۇ، زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ ئاساسلىق سۇيۇقلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىققا يۈزلەندۈرگەنلىكى، جەمئىيەتتە يوشۇرۇن ئاپەت بولۇپ تۇرغان جىنسىي ھېسسىيات ۋە شەھۋانىيلىقنى ئويغاتقانلىقى ۋە قوزغاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇسۇلمانىنىڭ تېلېۋىزور سېتىۋېلىشى، ئۆيىگە ئەكىرىشى ھارام. ئائىلىنىڭ ئەقىدىسى، ئەخلاقى ۋە ساغلاملىقىنى كۆزدە تۇتقان، «زىيان تارتىشمۇ، زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» دېگەن ھەدىسكە ئۇيغۇن ھالدا، تېلېۋىزىينى ئائىلىگە ئەكىرىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش، زىيانلىنىش ۋاستىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈنمۇ ھارامدۇر.

( 3 ) تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرسىتىلىۋاتقان كۆڭۈل ئېچىش، شاد - خوراملىق پروگراممىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇزىكىلار، نومۇسسىز ناخشىلار، قىپيالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللار، دىسكو، تانسىلارغا تولغان. بۇ ئىشلارنى نەزەردە تۇتقاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارام قىلىنغان ئىشلاردۇر.

خۇلاسە: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېلېۋىزورنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىلىرى چالغۇ ئەسۋابلار، ناخشا - مۇزىكىلار، ئىشقى - مۇھەببەتكە تولغان سۆيۈش، ئازغۇن ناخشىلار، داپىۋاز، جىنايەتكىرانە ھالدا ئوينالغان شاللاق ئۇسسۇللار، بەدەننىڭ جەزىبىدار، جەلىبدار يەرلىرىنى غەلىتە مىدىرلىتىشلار بىلەن باشلىنىپ - ئاخىرلاشقانلىقى ۋە ئاساسلىق تېما قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىش، سېتىۋېلىش ۋە ئۆيگە ئەكىرىش ھارامدۇر. شۇنداقلا، بۇ پروگراممىلارنىڭ تەربىيە ۋە ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى چۇۋۇپ تاشلايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندىمۇ ئۇنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ھارامدۇر.

## 4 ـ ئەرلەرنى ئاقسا بولۇۋېلىش ۋە ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشتىن چەكلەش

«سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسلىم»دا ئەبى سەئىيد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى مۇئاۋىيە مەدىنىگە كەلدى ۋە بىزگە تەبلىغ قىلدى، ئۇ تۈكتىن ياسالغان كەيمە چاچنى كۆرسىتىپ: «مەن بۇ ئىشنى يەھۇدىيلاردىن باشقا ھېچكىم قىلمايدۇ دەپ قارايتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغان چاچ مەسىلىسىدە ئۇنى ‹يالغانچىلىق› دەپ ئاتىغان» دېدى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر كۈنى مۇئاۋىيە: «سىلەر يامان بىر ياسىنىش ــــ مودىللىق ــــ نى پەيدا قىلدىڭلار، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغانچىلىقتىن چەكلىگەن» دېدى.

ئىمام بۇخارى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ترمىزىيلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەرلەر ئىچىدىن ئۆزىنى ئاياللاشتۇرغان ئاقسالارغا، ئاياللار ئىچىدىن ئەرەنچىلىشىۋالغان ئەركەكزادە ئاياللارغا لەنەت قىلسۇن» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ئىبنى ماجەلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ئاياللار ئىچىدىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچىلارغا، ئەرلەر ئىچىدىن ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچىلارغا لەنەت قىلسۇن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەڭ ياخشى ئىسناد بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ قولىدا يىپەك، سول قولىدا ئالتۇن تۇتۇپ تۇرۇپ: «مانا بۇ ئىككىسى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەركەكلىرىگە ھارامدۇر» دېگەنلىكىنى كۆردۈم.

ئىمام ترمىزى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يىپەك ۋە ئالتۇن مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەركەكلىرىگە ھارام قىلىندى، ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بېشىغا كەيمە چاچ كىيىش، ئالتۇن بۇيۇملارنى تاقاش، يىپەك كىيىملەرنى كىيىش، ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى ئاياللارغا ئوخشىتىۋېلىشى، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشى، ئاياللارنىڭ كىيىم كىيگەن ھالدا يالىڭاچ سىرتقا چىقىشى ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقسالىق، سۇيۇقلۇق ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى، سىرتقى ئالامەتلىرىدۇر، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركەكلىكنى ئۆلتۈرىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئوبرازىغا بولغان ئىمتىھان، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە بېرىلگەن ئەجەللىك ۋە قاقشاتقۇچ زەربە، بەلكى ئۈممەتنى جىنايەتكىرانە ئەخلاقسىزلىققا ۋە ھالاكەتكە تاشلىغۇچى ئەخلاقسىزلىققا سۆرەپ كەلگەنلىكتۇر، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنى بۇزۇقچىلىق، سۇيۇقلۇق، ئازغۇنلۇق ۋە يامان خۇلقلار تەرەپكە ئىتتىرگەنلىكتۇر.

## 5 ـ يۈزى ئوچۇق بولۇش، ياسانچۇقلۇق، ياتلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە نامەھرەملەرگە قاراشتىن چەكلەش

ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ، ئاللاھ تەئالا (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە ئەھزاب ـ 59 ئايەت)؛

«مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەردىن) كۆزىنى يۇمسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار، مۇئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەردىن كۆزىنى يۇمسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىنەتلىرىدىن باشقا زىنەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىنەتلىرىدىن باشقا) زىنەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن ...» (سۈرە نۇر 30 ــــ 31 ئايەتلەر).

## ئايال كىشى شەرىئەتتە يۈزىنى يۆگەشكە بۇيرۇلغانمۇ؟

بىز ئالدى بىلەن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە بۇرۇن ئۆتكەن پېشۋالار ئىچىدىكى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن ...» (سۈرە ئەھزاب ـ 59 ئايەت) دېگەن ئايەت ھەققىدە قانداق تەپسىر بېرىدىغانلىقىغا قۇلاق سالايلى:

ئىبنى جەرىر تىبرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئاللاھ تەئالا يۇقىرىدىكى ئايەت كەرىم ئارقىلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنى بىرەر ھاجەت بىلەن ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىققاندا، بىر كۆزىنى ئوچۇق قالدۇرۇپ جىلباب ئۈستىدىن يۈزىنى يۆگەشكە بۇيرىدى» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

ئىبنى جەرىرۇ تىبرى يەنە ئىبنى سىيرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس ھەزرەمىيدىن ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ «پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن» دېگەن سۆزى توغرىلىق سوئال سورىغاندىم، ئۇ ئۆز كىيىمى بىلەن بېشى ۋە يۈزىنى يۆگىدى، بىر كۆزىنى كىچىككىنە ئوچۇق قالدۇردى ۋە: «مۇشۇنداق قىلسۇن دېگەن بولىدۇ» دېدى.

ئەللامە ئىبنى جەرىير تىبرىي يەنە مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ ئۇلار بىرەر ھاجەت بىلەن ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىققاندا كىيىنىشلىرىدە دېدەكلەرگە ھەرگىز ئوخشىمىسۇن، دېدەكلەر چاچلىرى ۋە يۈزلىرى ئوچۇق يۈرەتتى. بۇلارغا ئوخشىمىسۇن، بەلكى ئۈستىگە جىلباب كەيسۇن، پۈتۈن بەدىنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورىۋالسۇن، بىرەر پاسىق بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالغان، توغرا كېلىپ قالغان چاغدا پاسىق ئۇلارنىڭ ھۆر،

ئازاد-ئېسىل ئاياللار ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان، رەنجىتىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سالمىسۇن دېگەن بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەللامە ئەبۇ بەكرى جەسساس مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىلىق: «بۇ ئايەتتە ياش ئاياللارنىڭ يات ئەرلەردىن يۈزىنى يۆگەشكە بۇيرۇلغانلىقىغا دەلالەت. ئۇقۇم بار، دىللىرىدا گۇمان بار پاسىقلارنىڭ شېرىن خىياللار ۋە تۈرلۈك تەمەلەردە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياش ئاياللار سىرتقا چىققاندا ئۆزىنىڭ ئېپپەتلىك، ئېسىل مەستۇرە ئاياللىقىنى نامايان قىلىشقا دالالەت بار» دەپ يازىدۇ.

قازى بەيزاۋى مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىدە: «مۆئمىن ئاياللار سىرتقا بىرەر ھاجەت ئۈچۈن چىققاندا يوتقانلىرى بىلەن يۈزلىرى ۋە بەدەنلىرىنى يۆگىۋالسۇن دېگەن بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەللامە نەسافىرىمۇ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «دېمەك مۇسۇلمان ئاياللار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جاھىلىيەتتىكى ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئوخشاش ئىشتان، كوپتا ۋە ياغلىق بىلەنلا سىرتقا چىقاتتى. ھۆر ئاياللار قايسى، دېدەكلەر قايسى ئايرىغىلى بولمايتتى. كېيىن رىدالارنى، ئابايىلەرنى كىيىشكە، بېشى ۋە يۈزىنى يۆگەشكە بۇيرۇلدى» دەيدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن ئايدىڭ بولدىكى، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ۋە بارچە مۇپەسسىر ئالىمالار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى «بەدىنىنى پۈركەنجى بىلەن ئورىۋالسۇن» دېگەن ئايەتنىڭ تەلەپ-تەقەززاسى بىلەن مۇسلىمە ئايال جىلباب كىيىشكە، يات ئەرلەردىن يۈزىنى يۆگەشكە بۇيرۇلغانلىقىغا زىچ ئۇيۇشتى.

ئىككىنچىدىن، مۇسلىمە ئايال يۈزىنى يۆگەش مەسىلىسىدە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ئاياللىرى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالغان قىممەتلىك سەھىھ ھەدىسلەرگە نەزەر سالايلى:

ئىمام ئەبۇ داۋۇد «سۈنەن» دېگەن ھەدىس كىتابىدا، ئىمام تىرمىزى ئۆزىنىڭ ھەدىس كىتابىدا ۋە ئىمام مالىك «مۇئەتتا» دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئايالنى ئېھرام مۇددىتى ئىچىدە قولىغا پەلەي كىيمەسلىككە، يۈزىگە نىقاب تارتماسلىققا بۇيرىغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ. ئىمام ئەبۇ داۋۇد يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللارنى ئېھرام ئىچىدە ئىككى قولىغا پەلەي كىيىشتىن ۋە يۈزىنى نىقابلاشتىن توسقانلىقىنىمۇ رىۋايەت قىلىدۇ.

مانا بۇ ھەدىسلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىكى ئاياللارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا نىقابلىنىش (يۈزىنى يۆگەش) ۋە ئىككى قولىغا پەلەي كىيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىگە ئوچۇق، روشەن دەلىل-پاكىتتۇر. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ھەجگە ئېھرام باغلىغان مۇددەت ئىچىدە يۈزىگە نىقاب تارتىش ۋە ئىككى قولىغا پەلەي كىيىشتىن چەكلەندى. لېكىن، بۇ چەكلەشمۇ مۇتلەق، كەسكىن ئەمەس. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بۇنى دەلىللەيدۇ:

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: بىز ھەجگە ئېھرام باغلاپ ماڭغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن بىللە ماڭاتتى. بىز يۈزىمىز ئوچۇق ھالدا ماڭاتتۇق.

قاچانكى يېنمىزدىن ئۆلاغلىق كىشىلەر ياكى يات ئەرلەر ئۆتسە بىز بېشىمىزدىكى جىلبىپىمىزنى يۈزىمىزگە تاشلاپ يۈزىمىزنى يۆگىۋالاتتۇق. يېنىمىزدىن ئۆتۈپ بىزنى كۆرەلمىگۇدەك بولغاندا يۈزىمىزنى ئېچىۋېتەتتۇق.

ئىمام مالىك «مۇئەتتا» دېگەن كىتابىدا فاتىمە بىنتى مۇنزىرنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: بىز ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىيق رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ھەجگە بىللە چىققاندا ئېھرام ھالەتلىرىمىزدە تۇرۇپمۇ يۈزىمىزنى يۆگەيتتۇق. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە ھېچنېمە دەپ ئىنكار قىلمايتتى.

«فەتھۇلبارى» دېگەن كىتابتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «ئايال كىشى جىلبابنى چوقسى تەرەپتىن يۈزىگە تاشلايدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ.

سەھىھ رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىر مۇسۇلمان ئايال بەزى ھاجەتلىرى ئۈچۈن يەھۇدىيلار مەھەللىسىدىكى قەينۇقا بازىرىغا بارىدۇ. بۇ ئايال ھىجابلانغان مەستۇرە ئايال بولۇپ، بىر يەھۇدىي بۇ ئايالنىڭ ھىجابىنى مەسخىرە قىلماقچى بولۇپ ئالدىنى توسىدۇ. بۇ مەلئۇن يەھۇدى بۇ ئايالنى يۈزىنى ئېچىشقا مەجبۇرلىماقچى بولىدۇ. لېكىن، بۇ مۇسلىمە، مەستۇرە ئايال يەھۇدىيغا قارشىلىق بىلدۈرىدۇ. يۈزىنى ئېچىشنى كەسكىن ۋە قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ ئەتراپتىكىلەردىن ياردەم سوراپ داد-پەرياد قىلىدۇ. مۇشۇ بازاردا بار بولغان بىر مۇسۇلمان يىگىت مەلئۇن يەھۇدىيغا ئېتىلىپ، ئۇنىڭ جىنايەتكىرانە گۇناھكار ئىككى قولى ئىشلىگەن جىنايەتنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ.

يۇقىرىدىكى سەھىھ ھەدىسلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئاياللىرى يۈزىنى يۆگەش ۋاجىب، مەستۇرە بولۇش، ھىجابلىنىشقا ئائىت نۇرانە بولغان ئىسلام شەرىئىتى ئەمر قىلغان دېگەن ئېتىقاد بىلەن بەزى ھاجەتلىرى ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا، ھەتتا ھەجگە ئېھرام باغلىغان ھالەتلىرىدىمۇ يۈزلىرىنى چۈمبەللەر بىلەن يۆگىۋالاتتى.

ئۈچىنچىدىن، ئىشەنچلىك بولغان مۇجتەھىد ئىماملار ئايال كىشىنىڭ يۈزىنى ئېچىش مەسىلىسى توغرىسىدا نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ چىقايلى:

ئىمام شافىئى، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل باشچىلىقىدىكى بارلىق كاتتا ئالىم، مۇجتەھىد ئىماملار (ئاللاھ تەئالا ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن) بىردەك ئايال كىشىنىڭ يۈزى ئەۋرەت، ئۇنى يۆگەش ۋاجىب، ئېچىش ھارامدۇر دېگەن قاراشقا ئويۇشقان. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىغا بولغان دەلىل-پاكىت ۋە ھۆججەتلىرى ساھابە ۋە سەلەفى ئالىملىرىنىڭ «بەدىنىنى يېركەنجى بىلەن ئورىۋالسۇن ...» دېگەن ئايەت توغرىسىدىكى تەپسىرىدۇر. بۇ تەرەپنى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئاياللىرى بەزى ھاجەتلىرى ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا يۈزلىرىنى يۆگىگەن، نىقابلارنى تاشلىغان ۋە ئىككى قولىغا پەلەي كىيگەن ھالدا چىققان ئەمەللىرى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ.

ئەمما، ھەنەفىيە فەقىھلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكرى جۇمھۇر بىلەن بىردەك ئەمەس.

ئەمما، ئۇلار ئېچىدىنمۇ يۇقىرىدىكى ئالىم مۇجتەھىدلەردەك قارايدىغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئايال

كىشىنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەس، بىرەر پىتنە-پاساد كېلىپ چىقىشىنىڭ ئەندىشىسى بولمىسا ئايال كىشىنىڭ يۈزىنى ئوچۇق قويۇشى دۇرۇس، ئەمما پىتنە-پاساتنىڭ ئەندىشىسى بولسا، يوچۇقلارنى ئېتىش ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوچۇق قويۇش هارامدۇر.

ئۇلار بۇ مەزھەبكە مۇنۇ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن:

(1) پەزلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى: ھەججەتۇلۋىدادا پەزلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر ئۇلاغقا مىنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئاياللار ئۆتتى. پەزلى رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بۇ ئاياللارغا قاراشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەزلىنىڭ يۈزىگە قولىنى قويۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ قويدى.

بۇ سەھىھ ھەدىس بولۇپ، ئۇنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ ھەدىسنى پاكىت قىلغان تەرىپى شۇكى، ئەگەر ئايال كىشىنىڭ يۈزى ئەۋرەت بولغان بولسا، ئاشۇ ئاياللار يۈزلىرىنى ھەرگىزمۇ ئوچۇق قويمىغان بولاتتى، پەزلمۇ ئۇلارغا ھەرگىز قارىمايتتى.

(2) ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى: ۋەلىد بىزگە سەئىد ئىبنى بەشىردىن، ئۇ قەتادەدىن، ئۇ خالىد ئىبنى دۇرەيكتىن، ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ھەدىس سۆزلەپ بەردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئاچام ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى ئۈستىگە نېپىز كىيىم كىيگەن ھالدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كىردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسمانى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن باشقا تەرەپكە يۈز ئۆرىدى ۋە: «ئەي ئەسما! ھەيزدار بولغان، بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئايال كىشىگە بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەرلىرىنى كۆرسىتىش ياخشى بولمايدۇ» دېدى يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

كۆپ ساندىكى فەقىھلەر مەزكۇر ئىككى ھەدىسكە مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ:

(1) پەزلى ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىدە ئايال كىشىنىڭ يات ئەرلەر ئالدىدا يۈزىنى ئوچۇق قويۇشىنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل يوق. چۈنكى، پەزلى قارىغان ئاياللار ھەجگە ئېھرام باغلىغۇچى ئاياللار ئىدى. «ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئايال نىقابلانمىسۇن ۋە ئىككى قولىغا پەلەي كىيمىسۇن» دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن ئېھرام باغلىغۇچى ئاياللارغا يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى ئوچۇق قويۇش دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەدىس ئېھرام باغلىمىغان ھالەتلەردە ئاياللارنىڭ نىقابلىنىدىغانلىقى ۋە ئىككى قولىغا پەلەي كىيىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

(2) ئۇلار يۈزىنى ئوچۇق قويۇشقا دەلىل قىلغان ئەسمانىڭ ھەدىسى مۇرسەل ھەدىس، مۇرسەل ۋە ئىرسالنىڭ ئۇقۇمى سەنەدىنىڭ ئۈزۈك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھنىڭ «تەفسىيرى ئىبنى كەسىر»نىڭ 3-توم 283-بېتىدە: «ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاتەم رازىلار نەقىل قىلغان ئەسمانىڭ ھەدىسىنى مۇرسەل ھەدىس، بۇ ھەدىسنى خالىد ئىبنى دۇرەيد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاڭلىمىغان» دەيدۇ.

ئەھلى ئىلمەلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇرسەل ھەدىسكە زەئىپ دەپ ھۆكۈم بېرىدۇ، زەئىپ ھەدىسنىڭ دەلىل- پاكىت بولالمايدىغانلىقى، شەرئىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتا قاتارغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ.

دېمەك، ئايال كىشىنىڭ يۈزى ئەۋرەتتۇر، ئۇنى يۆگەش ۋاجىبتۇر، ئۇنى ئوچۇق قويۇش ھارامدۇر. ھەتتا ئايال كىشىنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەس دەپ قارايدىغان ھەنەفىييە فەقىھلىرىمۇ ئايال كىشىنىڭ يۈزىنى ئوچۇق قويۇشنى پىتنىدىن ئەمىن، بىخەتەر بولۇشقا قاراشلىق قىلىپ قويىدى. خالايىقلار دەم قوپۇپ، دەم يىقىلىپ، پاتقاقلارغا مىنىلىپ ئۆملەپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتتە، بۇزۇقچىلىق ۋە پىتنە-پاساتقا تولغان بىز ياشاۋاتقان مۇھىتتا ئاياللار يۈزى ئوچۇق ھالدا جاھىلىيەتچە ياسىنىپ مودا قوغلىشىپ يۈرسە، بۇزۇقچىلىق ۋە پىتنە-پاسادلار ئەتراپقا تارقالمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. ئاياللارنىڭ پىتنىلىرىنىڭ بارچە پىتنە-پاساتلارنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ ئۇنداق بولمايدۇ دېيەلەيدىغانلار بارمۇ؟ ئۇنداقتا ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانىكەن، چوقۇم ھەربىر غۇرۇرلۇق، كۆڭلەمچىلىك قىلالايدىغان ئەركەك مىجەز دادا چوقۇم ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ دىيانەت، ئىپپەت ۋە پاكلىقنى ساقلاشتا يىگانە ئۈلگىلەر بولغان ئاياللارغا ئەگىشىش، ھېچبولمىسا ئۇلارنى دوراش يۈزىسىدىن، شۇنداقلا ئىشەنچلىك، مۇجتەھىد ئالىم ئىماملارنىڭ چىقارغان قارارىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆز ئەھلىنى ۋە قىزلىرىنى جىلباب كىيىشكە ۋە جىلباب ئۈستىدىن يۈزىگە چۈمبەل تاشلاشقا بۇيرۇشى لازىم.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالا ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن بىرگە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان مۇسۇلمان ھەردائىم ئۆز دىنى ۋە يۈز- ئابرۇيىغا ئېھتىيات قىلىشى، پەخەس بولۇشى، ھەردائىم ئەڭ تەقۋا ۋە ئەڭ پەرھىزكار بولۇشى ۋە ئېھتىياتلىق تەرەپنى تۇتۇشى لازىم.

ئاياللارنىڭ ياسىنىشى ۋە ئايال كىشىگە خاس گۈزەللىكلىرىنى ئىزھار قىلىشتىن چەكلەش توغرىسىدىكى پاكىتلار:

ئىمام مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «دوزاخ ئەھلىدىن بولغان ئىككى تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، مەن ئۇ ئىككىسىگە قاراپمۇ سالمايمەن: ئۇلارنىڭ بىرىدە كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئوخشاش قامچىلار بار قەۋملەر بولۇپ، بۇ قامچىلار بىلەن كىشىلەرنى ئۇرىدۇ، يەنە بىرى، كىيىم كىيگەن يالىڭاچ، نازلىنىپ ماڭىدىغان، يات ئەرلەر قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلغۇچى ئاياللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى تۆگىنىڭ بىر تەرەپكە كەتكەن لوكىلىرىغا ئوخشايدۇ، بۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، جەننەتنىڭ خۇش ھىدىنى ھەرگىز تاپالمايدۇ، ھالبۇكى، جەننەتنىڭ خۇش- پۇراقلىرى 500 يىللىق مۇساپىدىن تېپىلىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار ياسىنىپ چىققاندەك ياسىنىپ چىقماڭلار» (سۈرە ئەھزاب - 33 ئايەت)؛

«ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا (رىدا، ئىمچىغا ئوخشاش)

تاشـقى كيىملىرنـى سىلىۋەتسـە (ئەرلەرنـىڭ ئالدىـدا ئادەتتىكى كيىملىـرى بىلـەن يۈرسـە) ھېـچ گۇنـاھ يوقتـۇر، تاشـقى كيىملىرنـى سىلىۋېتىشـتىن ساقلانسا ئـۇلار ئۈچـۈن ياخشـىدۇر. ئاللاھ تەئـالا ھەممىنـى ئـاڭلاپ تۇرغۇچـىدۇر، بىلىـپ تۇرغۇچـىدۇر» (سـۈرە نـۇر ـ 60 ئايـەت).

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ يۈرۈشتىن چەكلەش توغرىسىدىكى پاكىتلار:

ئاللاھ تەئـالا تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «مۇئمىـن ئەرلەرگـە ئېيتقىنكـى، كۆزنـى (نامەھرەملەردىـن) يۇمسـۇن، ئەۋرەتلىرنـى (زىنادىـن) ساقلانسـۇن، مۇئمىـن ئاياللارغـا ئېيتقىنكـى، كۆزنـى (نامەھـرەم ئەرلەردىـن) يۇمسـۇن، ئەۋرەتلىرنـى (زىنادىـن) ساقلىسـۇن ...» (سـۈرە نـۇر ـ 30 ئايـەت).

سـىز ئەقلى ـ ھوشـىڭىز جايـىدا ئـادەم بولسـىڭىز، ئەر ـ ئايالـلار بىـر يەرگـە توپلاشـقان جايـلاردا، بـۇ ئىككىسـىنىڭ بىر ـ بىرىگـە قارىمـاي كۆزلىرىنـى يۇمـۇپ تۇرغـان ھالىتىنى قانـداق تەسـەۋۋۇر قىلىسـىز؟ ئۇنداقتـا ئايەتنىڭ ئۇقۇمـى ئەر ـ ئايالنـىڭ ئارىلىششـىنى توسىدۇ ۋە ھـارام قىلـىدۇ.

يەنـە بىـر ئايەتتـە ئاللەملەرنـىڭ ئىگىسـى بولغـان جانابى ئاللاھ تەئـالا: «سىلەر پەيغەمبەرنـىڭ ئاياللىرىدىـن بىـر نەرسـە سـوراپ (ئالماقچـى) بولسـاڭلار، پـەردە ئارقىسـىدىن سـوراپ ئېلىـڭلار» (ـ 33 سـۈرە ـ 53 ئايـەت).

ئىمـام تىرمىـزى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «بىـر يـات ئـەر بىلـەن يـات ئايـال بىـر جايـدا يالغـۇز خالىي تۇرمىسـۇن، پەقـەت تۇرۇپلا قالسا ئۇلارنـىڭ ئۈچىنچىسـى شـەيتان بولـىدۇ» دېگەنلىكنى بايان قىلدى.

ئىمـام بۇخـارى ۋە ئىمـام مۇسـلىم رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئاياللارنـىڭ قېشـىغا ئۆشـتۆمتۆت كىرىشـتىن سـاقلىنىڭلار» دېگەنـدە، بىـر ئـادەم: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! قېيىنئانـام ئۈچـۈنمـۇ شـۇنداق قىلمەنمـۇ؟» دېـدى. بـۇ چاغـدا پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «قېيىنئانـا ئۆلۈمـدۇر» دېگەنلىكنـى رىۋايـەت قىلـدۇ.

«سـەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسـلىم»دا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «سـىلەرنىڭ بىرىـڭلار مەھرەملىـرى بولمىغـان ھەرقانـداق ئايـال بىلـەن بىـر يـەردە يالغـۇز تۇرمىسـۇن» دېگەنلىكـى نەقـىل قىلىنغان.

يات ئاياللارغا قاراشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى پاكىتلار:

ئاللاھ تەئـالا تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «مۇئمىـن ئەرلەرگـە ئېيتقىنكـى، كۆزلىرنـى (نامەھرەملەردىـن) يۇمسـۇن، ئەۋرەتلىرنـى (زىنادىـن) ساقلىسـۇن ...» (سـۈرە نـۇر ـ 30 ئايـەت)؛

«... (ئىنسـان قىيامـەت كۈنـى) قـۇلاق، كـۆز، دىـل (يەنـى سـەزگۈ ئەزالىرى) نىـڭ قىلمىشـلىرى ئۈسـتىدە ھەقىقەتـەن سوئال ـ سـوراق قىلىنـىدۇ» (سـۈرە بەنـى ئىسـرائىل ـ 36 ئايـەت).

ئىمـام مۇسـلىم جەرىـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ مۇنـۇ سـۆزىنى نەقـل قىلـدۇ: مـەن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمدىن ئۆشـتۆمتۆت قـاراش توغرىلـىق سـورىغاندىم، ئـۇ: «كۆزۈڭنـى قايتۇرغـىن» دېـدى.

www.uyghurkitap.com

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئىدىم. يېنىمىزدا مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەكتۇم كىرىپ كەلدى ( بۇ بىز ھىجابلىنىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىنكى ئىش ئىدى ). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: «ئۇنىڭدىن يۈگىنىڭلار» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئەما كىشى تۇرسا، بىزنى كۆرمەيدۇ ۋە تونۇمايدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا سىلەر ئىككىڭلارمۇ ئەما بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئۇنى سىلەر كۆرمەمسىلەر؟» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز يوللاردا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا كۆنۈپ قېلىپتىكەنمىز، ئولتۇرماي ئامالىمىز يوقمىكىن» دېيىشكەنلىكىنى، بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەگەر ئولتۇرۇشتىن زادىلا ساقلىنالمىساڭلار، يولنىڭ ھەققىنى بېرىپ ئولتۇرۇڭلار» دېگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ: «ئى رەسۇلۇللاھ! يولنىڭ ھەققى نېمە؟» دەپ سورىغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كۆزنى يۇمۇش، ئەرزىيەت بېرىشتىن ساقلىنىش، سالامنى ئىلىك ئېلىش، مەئرۇپقا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىقلار» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

مەلۇمكى، تامامى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىر پۈتۈن ھالدا قېرى-ياش، ئەر-ئايال، ھاكىم-مەھكۇم بارچە-بارچىسى مۇشۇ مەڭگۈلۈك پرىنسىپلارنى قوبۇل قىلغان، چىڭ تۇتقان، مۇشۇ قىممەتلىك چۈشەنچىلەر، بىباھا ئۆلچەملەرگە ئاساسلىنىپ ماڭسا، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە زىيان ۋە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان يۈزى ئوچۇق يۈرۈش، يېرىم يالىڭاچ، قىپيالىڭاچ مېڭىش، جاھىلىيەتچە ياسىنىش، مودا قوغلىشىش، نامەھرەم ئەر-ئاياللار ئارىلىشىپ يۈرۈش ۋە نامەھرەملەرگە قاراش قاتارلىق نەرسىلەر ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتسا ۋە ساقلانسا، ... بۇ جەمئىيەتلەر ۋە مىللەتلەر چوقۇم ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر ۋە پاكلىق، نىزاپەت باغچىسىدا كەڭتاشا، شاد-خۇرام ھالدا سەيلى-ساياھەت قىلىدۇ. بەختەرلىك ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئىللىق سايىسىدا بەھوزۇر سايىدايدۇ. ئۇلۇغلۇق، ئىززەت-ھۆرمەت ۋە بەخت-سائادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرى ۋە خەلقئارادىكى بارچە مىللەتلەر چېرتىيوژى، خەرىتە ۋە لاھىيىسىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋىشچىسى ئاللاھ تەئالا سىزىپ بەرگەن لىنىيە-يولدا ماڭغان. ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە تاپشۇرغان ئىلاھىي مەنھەجگە ئۇيغۇن ھالدا ماڭغان ۋە يول يۈرگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەڭدىشى بولمىغان ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇ يولدا مېڭىڭلار. ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار. ئۇلار سىلەرنى ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ ( ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن ) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» ( سۈرە ئەنئام - 153 ئايەت ).

مانا بۇ ئىشلار ئەسىرلەردىن بېرى، تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ ئىسلام ئۈممىتىمىز ئىچىدە ئەمەلىيلىشىپ ۋۇجۇدقا چىقىپ كەلدى. مانا بۇ ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان جانابى ئاللاھ تەئالا پۈتۈن دۇنيادا، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھىدايەت ۋە نۇر، خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى ۋە دەھشەتلىك بىر

ئازابتىن ئالدىنئەلا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلغان ئىلاھىي ۋەھيى «قۇرئان كەرىم» تەلىماتىنىڭ پەزىلىتى بىلەن بولماي نېمە؟! بۇ ھەقتە ئىززەت ساھىبى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ» ( ـ17 سۈرە ـ 9 ئايەت ).

* * * * *

ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانىلار ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەر! يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ئۇلۇغ ئىسلام دىنى پەرزەنتىڭىزنىڭ ئەخلاقىنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە شەخس قىلىپ ئۆستۈرۈش، ئۇنى تىرىشچان، ئىنتىلىشچان، يېڭىلىقپەرۋەر، ھەقىقىي ئەركەك ۋە ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك قىلىپ چوڭ قىلىشىڭىز ئۈچۈن بەلگىلىگەن قىممەتلىك تەربىيە قائىدىلىرى ۋە ئەمەلىي بولغان يوللاردۇر، ئۇنداق بولغانىكەن، پەرزەنتلىرىڭىزنى چوقۇم ئاشۇ قائىدە ـ ئۇسۇللارغا ئاساسەن تەربىيىلەپ، ئىسلام كۆرسەتمىسى ۋە يولىيورۇقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، خۇلق ـ مىجەزى ئېسىل، ئۆزلۈك جەھەتتىن ھۆرمەتلىك، ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاققا رىئايە قىلىدىغان يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىشىڭىزلار لازىم، ئەگەر شۇنداق قىلالىساڭلار پەرزەنتىڭلار چوقۇم خالايىقلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان پەزىلەت مۇنارى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدەك بولساملىچۇ دەيدىغان ئۆرنەك بولۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ!

بۇ جاھاندا پەرزەنتلەر خاراكتېرىنى ئەڭ ئالىي دەرىجىدە بارلىققا كەلتۈرۈشتە، پەرزەنتلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ كامالەت تاپقان يارامىلىق ئەۋلاد بولۇپ يېتىلىشىدە، ھاياتلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئۇلۇغۋار ئىنسانىيلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىشتا ئىسلام بەلگىلىگەن ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولغا قويغان پرىنسىپلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ياكى ئورنىنى ئالالايدىغان تەربىيەگە ئائىت يەنە بىر پرىنسىپ ياكى قائىدىلەر بارمۇ؟!!

راھەتپەرەسلىك، ئەيشى ـ ئىشرەت، لەززەتلەرگە بېرىلىش ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى پاراۋان تۇرمۇش ۋە راھەت ـ پاراغەت قوغلىشىش بالىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

بالىنى شەھۋەت، ھېسسىيات ۋە لەززەتلەرنىڭ كەينىدىن قوغلىشىش ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ئىشقى ـ مۇھەببەت ناخشا ـ قوشاقلىرىنى تىڭشاش، شەھۋەت ۋە ھېسسىياتنى، جىنسىيەتنى قوزغاتقۇچى، ئويغاتقۇچى مۇزىكىلار ۋە يالىڭاچ ئۇسسۇللارنى، دىسكو، تانسىلارنى كۆرۈش بالىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

يۈزى ئوچۇق، يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ ھالدا يۈرۈش، جاھىلىيەتچە ياسىنىش، مودا قوغلىشىش، ئەر ـ ئاياللار بىر يەردە، بىر سورۇندا ئارىلىشىپ يۈرۈش، ئەر ـ ئايال نامەھرەملەر بىر ـ بىرىگە قاراش، ئەكسىچە كۆز

www.uyghurkitap.com

يۇمۇشنىڭ ئامىللىرىنى يوقىتىش قاتارلىقلار بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى ئايالالارغا ئوخشىتىپ ئاقسالىشىۋېلىشى، ئايالالارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاپ، ئەركەكزادە بولۇۋېلىشى، نازاكەتلىك، جەلىبدار ۋە جەزىبدارلىق بىلەن تولغىنىپ گەپ قىلىشى بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ تەربىيە ساھەسىدىكى كىشىلەر، پسىخولوگىيە ۋە ئەخلاقشۇناس ئالىملار يۇقىرىدىكى ئالامەتلەرنى ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى زەئىپلەشتۇرىدىغان، ئېسىل خاراكتېرنى پاچاقلاپ سۇندۇرۇپ تاشلايدىغان، مىجەز-خۇلقنى سۇيۇق قىلىپ قويىدىغان، ئەركەكلىكنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان، ھەرخىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان، شان-شەرەپ ۋە ئېپپەتكە، ئىززەت-ھۆرمەتكە خاتىمە بېرىدىغان ئەڭ ئېغىر ۋابا، ئەڭ ئېغىر ئاپەت دەپ قارايدۇ.

دوكتۇر ئالكىس كارلىل ئۆزىنىڭ «ئىنسان چۈشىنىش قىيىن بولغان جانلىق» دېگەن كىتابىدا «ئادەمنىڭ جىنسىيتى ھەربىر ھۈجەيرىگە كەلگەندە قان ئارقىلىق مېڭىگە ماڭىدىغان بىر تۈركۈم ماددىنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ ۋە بۇ ماددىنى بۇزۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ساپ ھالدا پىكىر يۈرگۈزەلمەيدۇ» دەيدۇ.

گورگىي بالۋىچ ئۆزىنىڭ «جىنسىي ئىنقىلاب» دېگەن كىتابىدا تۆۋەندىكىدەك قۇرلارنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ: «-1962 يىلى جون كېنىدى (ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ -35 رەئىسى) مۇنداق دېگەن: 〈ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى ھەققەتەن خەتەر ئىچىدە، چۈنكى ئامېرىكا ياشلىرى سۇيۇق ۋە شەھۋەتلەرگە غەرق بولغان، ئەخلاقسىز بولغاچقا، ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقان ھەر يەتتە نەپەر ياش يىگىتنىڭ ئارىسىدىن ئالتە نەپەر ياش ئەسكەرلىككە يارىمىدى، يارىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار غەرق بولغان شەھۋانىيلىقلار ئۇلارنىڭ تېببىي ۋە پسىخىكا جەھەتتىكى لاياقىتىنى بۇزۇپ تاشلىغان〉 دەيدۇ».

لىۋان گېزىتىنىڭ -650 سانىدا ئىجتىمائىي تەربىيەشۇناسى مىرغىز سىمىس خانىمنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى نەقىل قىلىنغان: «مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى قىز ئوقۇغۇچىلار ئۆز ھېسسىياتلىرى، جىنسىي تۇيغۇلىرى ۋە بۇ ھېسسىيات-تۇيغۇلارغا جاۋاب تاپىدىغان ۋاستىلەردىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ. يۈزدە ئاتمىش پىرسەنت قىز ئوقۇغۇچىلار جىنسىيەتنى كۆپ ئويلىغان ۋە بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدىگەنلىكتىن لاياقەتسىز بولۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ دەرستىن، ھەتتا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاشتىن بەكرەك جىنسىيەتنى ئويلىغانلىقىدۇر».

بارلىق ئاتا-ئانىلار، تەربىيەتچىلەر ۋە مەسئۇل كىشىلەر! ئەگەر يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئاز-تولا بىر نەرسە بىلگەن، ئۇققان ۋە چۈشەنگەن بولساڭلار، ئۇنداقتا باللىرىڭلارنى ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ بارچە كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئالامەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇڭلار! ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خانىسىدە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر، ئالاھىدە بولغان مىجەز-خاراكتېرلەر ۋە ئۇلۇغۋار ئەخلاقنىڭ مەنە-ئۇقۇملىرىنى كۈچەيتىپ قىلىپ تىكىش ئۈچۈن تىرىشىڭلار ۋە قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئىنتىلىڭلار!

## پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبلىرى

ئاخىرىدا، بىز چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، پەرزەنتلەر ئەخلاقىنى رۇسلاش، كۆڭۈلنى ياخشىلاش، ئىسلاھ قىلىش، تۈزەش ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلاردا ئىنچىكىلەپ نازارەت قىلىشنىڭ رولى ۋە ئۇنۇمىدىن غاپىل بولماسلىقىمىز لازىم.

ئەگەر بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇش، ئۆز بېشىمچى بولۇپ قېلىش ۋە مەسىلەك جەھەتتىن ئۆزگىرىپ ئەسكى ئادەم بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە پەرزەنتلىرىنى نازارەت قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ تەربىيەسى ۋە يول كۆرسەتمە بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، قىسقىسى خوتۇن-بالىلىرىغا قارىتا پۈتۈنلەي مەسئۇلىيەتسىز قارايدىغان، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا-ئانا ۋە ماڭقۇرت تەربىيەتچى بولغانلىقىغا قايتىدۇ.

بالىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىش، مەسىلەك جەھەتتىن بۇزۇلۇش، يارامسىز، ئەسكى ئادەم بولۇپ قېلىش سەۋەبلىرى تەۋەندىكىچە:

1 - بالىلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن، كۆڭۈل ئىختىيارىنى گۇدەك بالىلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان، ئۇلارنى نەپسى-خاھىشىنىڭ كۆندۈرۈلمىگەن ئاساۋ ئېتىغا نە ئىگەر-جابدۇق، نە يۈگەن-چۇلۋۇرسىز مىندۈرۈپ قويغان، ئۇلارنى يامان ئاغىنىلەر، ئەسكى ئۈلپەتلەر، داشقال يېقىنلار بىلەن خالىغىنىچە ئارىلىششىقا رۇخسەت قىلىپ، ئۇلارنى ھېچبىر سوئال-سوراقسىز ۋە نازارەتسىز تاشلاپ قويغان، ئۇلارنىڭ بۇ ئەسكى دوستلىرى بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى بىلەن كارى بولمايدىغان دادىنىڭ بالىلىرى چوقۇم بۇ ئەسكى ئاغىنىلىرىدىن يامان تەسىرلەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن مەھسۇلات يىغىۋالىدۇ ۋە ئۇلاردىن يامان ئەخلاق ئۆگىنىدۇ. خۇلاسە، بالىلىرىنىڭ يارامسىز، دۇنيادا ياشىغىنىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، يەر شارىغا يۈك، جەمئىيەتكە بالايى-ئاپەت بولىدىغان داشقال ئادەم بولۇشىغا دادا سەۋەبچى، ئانا سەۋەبچى، بارچە تەربىيەتچىلەر سەۋەبچى!

2 - بالىلىرىنىڭ سۆيۈق ۋە ئەخلاقسىزلىقتا يۈزلەندۈرگۈچى ئىشقىۋازلىق فىلملىرىنى، ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە جىنايى يولغا كىرىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان رازۋېتچىك فىلملىرىنى كۆرۈشكە يول قويىدىغان، شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان دادا ( مانا بۇ فىلملەر كىچىكلەر ئۈياقتا تۇرسۇن، چوڭلارغىمۇ يامان تەسىر قىلىدۇ ) ئۆزى بىلىپ ياكى بىلمەي بالىلىرىنى، جان-جىگىرىم، يۈرەك پارەم، كۆزقارىچۇقۇم دەپ ئېغىزى-ئېغىزىغا تەگمەي يوغان بىلىدىغان، دۇنيادا ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ۋە ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايدىغان ئەتىۋارلىقلىرىنى تەگسىز ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكەن، بارسا-كەلمەس، ئايىغى يوق تۈيۈق يولغا باشلاپ قويغان بولىدۇ. بۇنداق ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئىككىلا ئالەمدە بەختسىز بەدبەخت بولۇپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى!

3 - بالىلىرىنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدىن ھېسسىياتنى ئۇرغۇتقۇچى، شەھۋەتنى ئويغاتقۇچى ۋە جىنسىيەتنى قوزغاتقۇچى مەنزىرىلەرنى، كۆرۈنۈشلەرنى، ئىشقىۋازلىق سۈرەتلىرىنى ۋە گۇناھقا تولغان نومۇسسىز شاللاقلىقلارنى، ساختا قىياپەتلەرنى كۆرۈشكە يول قويغان ۋە سورۇن راستلاپ بەرگەن دادا بالىلىرىنىڭ چوقۇم ئازغۇن چوڭ

بولۇپ، ئەخلاقسىز يوغناپ، روھىيىتىدە ئەركەكلىك ۋە ئەركەكلىككە خاس غۇرۇر يوقىلىپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغۋار ئەدەپ-ئەخلاقلىرى تۈگىشىپ كەتكەن بىغەرەز بالا بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ!

4 - پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقى-مۇھەببەت گېپى چىقىدىغان گېزىت-ژۇرناللار، كىتابلار، ھېكايە-پوۋېستلارنى، ھاياسىزلىققا تولغان چۆچەك كىتابلىرىنى سېتىۋېلىشقا، يالىڭاچ سۈرەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا يول قويغان، مەيلى دەپ ئۇلتۇرغان، نېمە بولاتتى دەيدىغان، باللىرىنىڭ تانسىخانا، دىسكوخانا، ۋاڭبا، جىيۇبا، دىبا ۋە ھەرخىل ئېلېكتىرونلۇق ئويۇنچۇقخانىلار، ئەيشى-ئىشرەتخانىلار، ناخشا-بەزمىخانىلار، تاۋكاخانىلار ۋە ھاراق-شارابخانىلارغا كىرىشكە يول قويغان، ياشلىق، نېمە بولاتتى، چوڭ بولغاندا، ئەقلىگە كەلگەندە ياخشى ئادەم بولار، ئۆگىنىپ قالار دەپ بىخارامان ئولتۇرىدىغان، «جاھاننى سۇ باسسا تەرەپ-تەرەپتە، بولارمىش ئۆردەكنىڭ كۆڭلى ھەلەپتە» دېگەندەك، ئاسمان يېقىلىپ چۈشسە، بىخارامان مانتۇ شوپىلاپ ئولتۇرىدىغان بىغەرەز، مەسئۇلىيەتسىز ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەتچىلەر چوقۇم باللىرىنىڭ پاھىشە ۋە مۇنكەر يولدا، جىنايى يولدا ماڭغىنىنى، سۈرتى بەتبەشىر بولۇپ كەتكەن دوستلۇق ۋە ئارىلىشىش دەرسلىرىنى ئۆگەنگىنىنى، جىنايەتكىرانە جىنسىي ھالقىلارغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى، ئەلگە ئاپەت، جانغا بالا، خەلققە ۋابا، جەمئىيەتكە ئازاب بولغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇ چاغدا ھەسرەت ۋە نادامەتنىڭ بارمىقىنى قاتتىق چىشلەيدۇ، ئەپسۇس-نادامەتلەر پايدا بەرمەيدۇ. بالىنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىغا مەسئۇلىيەتسىز ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر سەۋەبچى بولىدۇ!

5 - خوتۇن-قىزلارنىڭ ھىجابلىنىشىغا، يۈزىنى يۆگىشىگە سەل قارىغان، ئۇلارنىڭ سىرتلارغا يۈزى ئوچۇق ۋە ياسانغان ھالدا چىقىشىدىن كۆز يۇمغان، كۆرمەسكە سالغان، ئۇلارنىڭ بىگانىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشىغا، ياتلار بىلەن ئارىلىشىشىغا بىخەستىلىك قىلغان، ئۇلارنىڭ سىرتلارغا خۇددى مودىللاردەك مودا ياسىنىپ چىقىشىغا، پۇتلىرىنى ئاشكارىلىشىغا، ئەۋرەتلىرىنى ئوچۇق قويۇشىغا، جەلىدار ۋە جەزبىدارلىق بىلەن مەھلىيا قىلغۇچى بولۇپ سىرتلارغا چىقىشىغا يول قويغان ۋە بۇ دېگەن مەدەنىيەت، يېڭىلىق، جاھان رەپتارى دەپ قارايدىغان ئاتا-ئانا ياكى تەربىيەتچىلەرنىڭ خوتۇن-قىزلىرى چوقۇم جىنايەتكار ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلار بولۇپ چوڭىيىدۇ، ئازغۇنلۇق ۋە پاسىقلىق ئارغامچىلىرىغا باغلىنىپ، قاماقلىرىغا ئىلىنىپ قالىدۇ، كۆپ ھاللاردا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يۈز-ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىگە، شان-شەرەپىنىڭ بۇلغىنىشىغا، ئىپپەت ۋە ئار-نومۇسىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا، زىنا-پاھىشىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئېلىپ بارىدۇ، شۇ چاغدا نادامەت، قايغۇ-ھەسرەت ۋە يىغا-زار ئەسقاتمايدۇ، بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

باللىرىڭغا ئۆگەتمىدىڭ ئار-نومۇس، شەرمى-ھايا،
ئاق سۈتۈمنى خورتىپ، مېھنىتىمنى قىلدىڭ زايا،
كەتتى قولدىن ياخشى پۇرسەت، ئەھۋال مانا، ئەھۋال مانا،
ھەسرەت چېكىپ نادامەتتىن، ئەمدى يىغلايسەن يەنا،

6 - ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بارغان ۋە كەلگەن جەرياندا نازارەت قىلمىغان، سۈرۈشتۈرۈپ،

تەكشۈرۈپ تۇرمىغان دادا نېمىگە سەۋەبچى بولىدۇ؟ چوقۇم بالىلىرى مەكتەپنى سۈيئىستېمال قىلىپ كېسەل تەگكەن ئورۇنلارغا بارىدۇ ۋە كېلىدۇ. بىز مەكتەپ قوينىدا تۇرۇپ زىنا-پاھىشىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغان، نام-ئابرۇيىغا پاسكىنا نام بېرىلگەن، ئائىلىسى ئاشۇ قىزلار شەرمەندە بولمىغۇچە، جىنايەتنىڭ ئالامىتى بولغان، هارامدىن قورساق كۆتۈرۈش ئاشكارا بولمىغۇچە ئۇقماي قالغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. ئۇلار قىزلىرىنى جايىدا نازارەت قىلغان بولسا، بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلەرمىدى؟ جىنايەتكە يوچۇق ئېچىلارمىدى؟

7 ـ بالىلىرىنىڭ سومكىلىرىغا، شەخسىي كۆتۈبخانىلارغا ياكى ئۆگىنىش ھۇجرىسىغا نەزەر سالمايدىغان، پات - پات تەكشۈرۈپ تۇرمايدىغان، ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلىگەن، كىتاب كۆرگەن ۋە ئىجتىھاد قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇلارنى نازارەت قىلمايدىغان دادىنىڭ پەرزەنتلىرى چوقۇم ئۆزگىرىپ كەتكەن بالىلار بولسا، ئۆزىنىڭ يامان يولدا مېڭىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ۋە ياخشى شارائىت تاپىدۇ. ئۇلار يالىڭاچ سۈرەتلەردىن خالىغىنىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىدۇ، ھاياسىز گېزىت-ژۇرناللاردىن كۆڭلى تارتقىنىنى ئوقۇيدۇ. ئاشىق-مەشۇقلىرىغا ئۆزى چاغلاپ ئىشقى-مۇھەببەت سالام خەتلىرىنى يازىدۇ. ئۇلار سوئال-سوراقسىز، نازارەت قىلغۇچىدىن ھېچقانداق سوراقسىز ياكى ۋەلىيسى تەرىپىدىن ھېساب ئېلىنماستىن ئۇرغۇن بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىدۇ!

مانا يۇقىرقى ھالەتلەرگە ئوخشاش بالىلار چوقۇم تەدرىجىي ھالدا دىن تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىماي، ۋىجدانى تەرىپىدىن ھېساب ئېلىنماستىن، ئاستا-ئاستا ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىق يولىغا قاراپ ماڭىدۇ ۋە بۇ يولدىكى قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنى توغرىغا، ئىسلاھاتقا ۋە ئۇلارنى تۈزەيدىغان چارە-ئامالغا قايتۇرۇپ كېلىش تەس بولىدۇ.

* * * * *

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدىكى ھەدىسلىرى

بارلىق ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەتچىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە، قىزىقىشىغا، بالىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ۋە چىڭ تۇتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ بىرسى ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاق، مېھىر-شەپقەتلىك، باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىسى گۈزەل ھالەتتە يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىشىدۇر.

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەتچىلەر! بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا بىر قۇر نەزەر سالايلى:

ئىمام ئەھمەد، ھاكىم ۋە بەيھەقىلار ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئبنى مەردەۋيىنىڭ رىۋايىتىدە، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن گۈزەل ئەخلاق توغرىلىق سوئال سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ جەللە ۋەئەلانىڭ: «ئەيۋىنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرىغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)» (سۈرە ئەئراف ـ 199 ئايەت) دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان، ئاندىن: «ساڭا سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان كىشىگە سەن ئۇلىغىن، ساڭا بەرمەي مەھرۇم قويغۇچىغا سەن بەرگىن، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىگە سەن ئەپۇ قىلغىن (مانا بۇ گۈزەل ئەخلاقتۇر)» دېگەن.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى ئەبى دەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت كۈنى تارازىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسىلەر ئاللاھ تەئالاغا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقتۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام تىرمىزى ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا، ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلسىلا» دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئادەمگە: «قەيەردە بولساڭ ئاللاھ تەئالادىن قورققىن» دېدى، ئۇ ئادەم: «يەنە زىيادە قىلغىن» دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يامان ئىش قىلىپ سالساڭ، ئارقىدىنلا ياخشى ئىش قىلغىن، ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى، ئۇ ئادەم: «تېخىمۇ زىيادە قىلغىن» دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن» دېدى.

ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە باشقىلار ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىل بولغانلىرى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىدۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى نەسر ئەلمەرزى مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! دىن دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە: «گۈزەل ئەخلاقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئوڭ تەرىپىدىن كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، دىن دېگەن نېمە» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن، سول تەرىپىدىن كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، دىن دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، دىن دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمگە قاراپ: «چۈشىنەلمىدىڭمۇ؟ ئاچچىقلانما دېگەن بولىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر بولۇپ، ۋاقىت ئېتىبارى ۋە كىتاب ئېتىبارى بىلەن بولدى قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر، ئىسلام دىنى سىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشى، جەمئىيەتتە

تۆھپىكار، كىشىلەر سىزدىن سۆيۈنىدىغان، ئۇنىڭدەك بولسام بولاتتى دەپ ئارزۇ قىلغۇدەك ياخشى ئادەم بولۇشىڭىزغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختمەن بولۇشىڭىزغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدۇ-ھە! ئەگەر سىز ئۆيلاپ كۆرسىڭىز، كىشىلەرگە ياخشى نىيەت، ياخشى سۆز ۋە ياخشى ئىش بىلەن تونۇلسىڭىز، يامانلىق قىلغان بىراۋلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىز، يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرۈۋەتسىڭىز، ئەكسىچە يامانلىق ئورنىغا ياخشىلىق قىلسىڭىز، دوست تۇتۇشىڭىز ۋە دۈشمەن تۇتۇشىڭىز پەقەت ئاللاھ تەئالا ئۈچۈنلا بولسا، ئۆيلاپ كۆرۈڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى پەرزەنتلىرى ۋە شەخسلىرى ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب بولسا، جەمئىيەت كىشىلىرى بەخت-سائادەتنىڭ پەيزىنى قانداق سۈرەر-ھە! بۇ جەمئىيەت كىشىلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئىللىق قۇچاق ئاچار-ھە!

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! ئەگەر بالىلىرىڭىزنى ئەخلاقلىق، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىسىڭىز، ئۇلار ئەلۋەتتە كىشىلەر ئىچىدە كۆككە تاقاشقان مۇنار، كىشىلەرنىڭ ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭدەك بولسامچۇ، ئۇنىڭدەك بولساڭچۇ دەيدىغان، زېمىندا ماڭىدىغان مالائىكىلەر بولىدۇ، مانا بۇ نېمىنىڭ نەتىجىسى؟ ئاللاھ جەللە ۋەئەلانىڭ: «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)» (سۈرە ئەئراف - 199 ئايەت)؛ «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ)، سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ» (-41 سۈرە - 34 ئايەت)؛ «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا( پۇل-مال ) سەرىپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان ) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر، ئاللاھ تەئالا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران - 134 ئايەت ) دېگەن سۆزلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تەئالا خالىسا روھىي-پسىخىكا تەربىيە مەسئۇلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى دېگەن بۆلۈمدە بالىدا بولۇشقا تېگىشلىك روھىي ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار، بالىلارنىڭ ئىگە-چاقىلىرى ۋە مۇرەببىيلىرى! يۇقىرىدىكى قۇرلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە ئەخلاقىي تەرەپكە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدىڭلار.

پەرزەنتلەرنى راۋۇرۇس ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشتە ئەخلاق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئىمان بولمىسا ئەخلاقنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ئەخلاق بولمىغان يەردە ئىماننىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ئەخلاق ئىماننىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىۋالدىڭلار. جىگەر پارەڭلەرنى يىراقلاشتۇرۇش ۋە ھەزەر ئەيلەتىشكە تېگىشلىك بولغان قەبىھ ئالامەتلەر ۋە سەسكىنىشلىك رەزىل-چاكىنا قىلمىشلارنىڭ نېمىلىكىنى ئوقۇپ چىقتىڭلار. گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى مۇئامىلە توغرىسىدا قالدۇرغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىممەتلىك، بىباھا ۋەسىيەتلىرىنى ئاڭلىدىڭلار.

يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ، كۆرۈپ، چۈشىنىپ، تونۇپ، بىلىپ بولغىنىڭلاردىن كېيىن نېمە ئىش قىلماقچىسىلەر؟!!

ئوقۇپ، بىلىپ، چۈشىنىپلا قويماقچىمۇسىلەر، ياكى ؟!!

ئۇستوۋەلاردا تەربىيلەش، بىلدۈرۈش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش ھەققى ئارتىلغان بارلىق كىشىلەرگە قارىتا ئۇستوۋەلاردىكى مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە تولۇق ئادا قىلىشىڭلار ئۈچۈن، مۇشۇ يولدا ماڭماي، مېڭىشقا ئىرادە باغلىماي، ھىممەت قىلماي ئالدىڭلاردا باشقا يول يوق.

شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، پەرزەنتىڭلار ۋە شاگىرتلىرىڭلارنىڭ ئۇستوۋەلاردىكى ئەخلاق تەربىيەسى ھەققىياتىنى كەمتۈك قويساڭلار، ئۇستوۋەلاردا تەربىيلەش ۋە مەسئۇلىيەت ھەققى بار كىشىلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيە تەرىپىگە سەل قارىساڭلار، ئۇلار چوقۇم سۈيۈق، ئازغۇن، ئەخلاقسىز، ناچار، ئەسكى ۋە يامان ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ئۇلار بۇ چاغدا خاتىرجەملىك ۋە بەختەرلىككە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدىنى، ئىچكى دۇنياسىنى چېقىپ تاشلايدىغان، ۋەيران قىلىدىغان، خارابىلىققا ئايلاندۇرىدىغان سايىمانغا ئايلىنىدۇ. بەلكى، جەمئىيەت ئۇلارنىڭ جىنايى ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن، ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئىزدەيدىغان ئەسكى ئادەم بولىدۇ.

پەرزەنتىڭلار توغرىسىدا ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ھەققىياتى توغرىسىدا ئاللاھ تەئالادىن قورقۇڭلار. ئۇستوۋەلاردىكى مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئادا قىلىڭلار. مەسئۇلىيىتىڭلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىڭلار. قولۇڭلاردىن كېلىشىچە تىرىشىڭلار، تىرىشچانلىق سەرپ ئېتىڭلار. ئەگەر ئۇستوۋەلاردىكى ھەقلەرنى، ئامانەتنى جايىدا ۋە ساغلام ئۇسۇلدا ئادا قىلساڭلار، يېقىن كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئائىلىدە تەسىرلىگۈسىز خۇشپۇراق رەيھان سەبدىگە، جەمئىيەتتە نۇر چاچقۇچى نۇرلۇق تولۇن ئايغا ۋە زېمىن ئۈستىدە ماڭىدىغان مالائىكىلەرگە ئايلانغانلىقىنى كۆرىسىلەر.

ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر، ئۆزۈڭلار ۋە پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قويۇڭلار.

«(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ تەئالا، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەر ۋە ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچى (ئاللاھ تەئالانىڭ) دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇسىلەر، ئاللاھ تەئالا قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ» (سۈرە تەۋبە 105 ـ ئايەت).

# ئۈچىنچى پەسىل جىسمانىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى

ئۇلۇغ ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار ۋە مۇئەللىملەردىن ئىبارەت بارچە تەربىيەتچىلەر ئۈستىگە تاپشۇرغان چوڭ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىرى جىسمانىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى بولۇپ، بۇ مەسئۇلىيەت كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، كۈچلۈك، جۇشقۇن، جاسارەتلىك، تېتىك ۋە ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەۋلاد بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## ئىسلام كۆرسەتكەن جىسمانىي تەربىيە چارىلىرى

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! ئاللاھ تەئالا سىلەرگە تاپشۇرغان، ۋاجىب قىلىپ بېكىتكەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئېنىق بىلىۋېلىشىڭلار، گەدىنىڭلاردىكى ئاللاھ تەئالا ئامانەت قىلغان يۈكنىڭ ھەقىقەتەن زورلۇقىنى چۈشىنىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ھوزۇرۇڭلارغا ئۇلۇغ ئىسلام دىنى پەرزەنتلەرنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەش توغرىسىدا سىزىپ كۆرسەتكەن ئىلمىي مەنھەج ئۇسلۇبىنى سۇنىمىز:

### 1 - خوتۇن - بالىلارنىڭ نەپىقىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ۋاجىبلىقى

بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك» (سۈرە بەقەر - 233ئايەت).

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلغان بىر دىنار، قۇل ئازات قىلىش ئۈچۈن چىقىم قىلغان بىر دىنار، كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلغان بىر دىنار، خوتۇن - بالىلىرىڭغا چىقىم قىلغان بىر دىنار، مانا بۇلارنى سېلىشتۇرغاندا خوتۇن - بالىلىرىڭغا چىقىم قىلغان بىر دىنارنىڭ ئەجرى - مۇكاپاتى ھەممىدىن كاتتا بولىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم)

خوتۇن - بالىلىرى ۋە ئۈستىگە بېقىش مەسئۇلىيىتى ئارتىلغان كىشىلەرگە كەڭ - تاشا، مەرد ۋە سېخىلىق بىلەن چىقىم قىلغان، نەپىقە بەرگەن دادىغا يۇقاردا بايان قىلىنغاندەك كاتتا ئەجىر - مۇكاپات بېرىلگەنگە ئوخشاش، قولىدا بار تۇرۇپ، ھالى - قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇپ، خوتۇن - بالىلىرىدىن نەپىقىنى توختۇتۇپ قويغان، ئاچ - يالىڭاچ قويغان، ئىسسىق - سوغۇققا تاشلاپ قويغان رەھىمسىز، تاش يۈرەك دادىغا بولىدىغان گۇناھ، گەدىنىگە ئارتىلىدىغان جىنايەت شۇنچىلىك كاتتا ۋە شۇنچىلىك قاتتىق بولىدۇ، بۇنداق كىشىلەر توغرۇلۇق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىڭلار:

«ئىنسانغا، ئۆزى ئۇزۇق - تۈلۈك بېرىپ بېقىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى باقماي، ھالىدىن خەھەر ئالماي زايە قىلىپ تۆگەشتۈرۈپ قويغىنى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىگە كۇپايە قىلىدۇ (يەنى بۇنداق كىشى بۇنىڭغا باشقا گۇناھ ئۆتكۈزمىسىمۇ ئاشۇ گۇناھىلا گۇناھكارلىققا يېتىپ ئاشىدۇ)». (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد)

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىنسانغا ئۆزى ئۇزۇق - تۈلۈك بېرىشكە ئىگە بولغان كىشىلەردىن ئۇزۇق - تۈلۈكنى توختىتىپ قويغىنى گۇناھكارلىققا يېتىپ ئاشىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم)

دادا بولغۇچىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا ئۇلارنىڭ جىسمىلىرىنى كېسەل چېقىپ كەتمىگۈدەك، ئاچ - يالىڭاچ قالمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش، ياخشى كىيىندۈرۈش ۋە ياخشى تۇرالغۇ - جاي قىلىپ بېرىشى ۋاجىبدۇر.

## 2 ـ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئۇخلاش قاتارلىقلاردا ساغلام قائىدىلەرنى قوللىنىش

مانا بۇ قائىدىلەر پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ئادىتى ۋە خۇلقىگە ئايلانسۇن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېيىش ئادەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن. گالدارلىق، قۇرساقنى ھەددىدىن زىيادە تويغۇزۇۋېلىش، ئېھتىياجدىن ئارتۇق يەپ ـ ئىچىش، كۆزى تويماسلىق قاتارلىقلاردىن توسۇپ: «ئادەم بالىسىدىن قۇرسىقىدىن يامان تاغار يوق، ئۇ بۇ تاغارنى ( مەڭگۇ ) توشقۇزالمايدۇ. ئادەم بالىسىغا بىلىنى رۇسلىيالىغۇدەك بىر نەچچە لوقما يېتىدۇ، ئەگەر بۇنداق قىلىشقا چارىسى بولمىسا، ئۇنداقتا قۇرسىقىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر قىسمىدا تاماق تۇرسۇن، بىر قىسمىدا سۇ تۇرسۇن، بىر قىسمىنى نەپەسلىنىشكە قالدۇرسۇن». ( ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي )

ئىچىملىك توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم بولىدىغانلىقى، قاچىدىكى يېمەك ـ ئىچمەكنى پۈۋلەش ياكى تىنىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى، ئۆرە تۇرۇپ ئىچىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تۆگە سۇ ئىچكەندەك بىرلا قېتىمدا ئىچمەڭلار، لېكىن ئىككى قېتىم ۋە ئۈچ قېتىم ئىچىڭلار، ئىچمەكچى بولغىنىڭلاردا «بىسمىللاھ» دەڭلار، ئىچىپ بولغاندا ھەمدۇسانا ۋە شۈكرى ئېيتىڭلار». ( تىرمىزىي )

ئەبى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «قاچىغا تىنىشتىن چەكلىدى» دەيدۇ. بۇخارى، تىرمىزىي نەقىل قىلغان ھەدىستە: «قاچىغا تىنىشتىن ياكى پۈۋلەشتىن توستى» دەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆرە تۇرغان ھالدا ھەرگىز ئىچمىسۇن، ئەگەر ئۇنتۇپ قېلىپ ئىچىپ سالغان بولسا، ئىسىگە كەلگەن ھامان قۇسۇۋەتسۇن» دېگەن.

ئۇخلاش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى: ئوڭ يانىنى بېسىپ ئۇخلاش لازىم، چۈنكى، سول يانىنى بېسىپ ئۇخلىغاندا يۈرەككە زەرەر يېتىدۇ، نەپەسلىنىش قىيىنلىشىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ياتىدىغان جايىڭغا كەلگىنىڭدە، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ يانپاشلاپ ياتقىن ۋە: «ئى ئاللاھ! ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى سەن تەرەپكە يۆز كەلتۈردۈم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، دۈمبەمنى سېنىڭ پاناھلىقىڭغا ئۆتكۈزدۈم، ساڭا قىزىققانلىقىم ۋە سەندىن قورققانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، سەن ۋە سەن تەرەپتىن باشقا پاناھگاھ ۋە نىجاتلىق يوقتۇر، سەن نازىل قىلغان كىتابىڭغا ئىشەندىم ۋە سەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىشەندىم»، بۇ سۆزلەر سەن دەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولسۇن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## 3 ـ ھەر خىل تىپتىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساقلىنىش

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆرسەتمىلىرى:

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئىچىدە جوزام (ماخاۋ) كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەم بار ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە ئادەم ئەۋەتىپ: «سىز قايتىپ كېتىڭ، بىز سىزنىڭ بەيئىتىڭىزنى قوبۇل قىلدۇق» دېدى. (مۇسلىم ۋە تىرمىزى)

ئىمام بۇخارى سەھىھۇل بۇخارىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «جوزام كېسىلىدىن يولۋاستىن قاچقاندەك قاچقىن» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كېسەل بولغۇچىنى، ساقلارنىڭ قېشىغا ھەرگىز كەلتۈرمەڭلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تەربىيەچىلەر، بولۇپمۇ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بىرەرسى يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىپ قالغانلىقىنى بايقىسا، ئۇ پەرزەنتنى باشقا بالىلىرىدىن دەرھال ئايرىۋېتىشى لازىم. بۇ ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئۆز ئائىلىسىدە كەڭ تارقىلىش ۋە ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدە ۋابا يامراشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ئائىلىنى كېسەل قاپلايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىسمىلەرنى پەرۋىش قىلىش، تەربىيىلەش، بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە بىزگە بەرگەن كۆرسەتمىلىرى نېمە دېگەن كاتتا! نېمە دېگەن بۈيۈك-ھە!!!

## 4 - كېسەللەرگە داۋالاش ئارقىلىق چارە كۆرۈش

چۈنكى داۋالاشنىڭ بالىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە شىپا تېپىش، ساقىيىشنىڭ ئەمەللىشىدە ھەقىقەتەن زور تەسىرى بار.

داۋالاش ۋە ئەملەش توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بولۇپ، بۇ ھەدىسلەر ئىچىدىن بىر نەچچە ھەدىسنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەھمەد، جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر قاندىق كېسەلنىڭ دورىسى بار، كېسەلگە دورا ئەملەنسە ئاللاھ تەئالانىڭ رۇخسىتى بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئىيلەر ئۇسامە ئىبنى شەرىكدىن مۇنداق بايان قىلدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ قېشىغا ئەرابىلەر كەلدى ۋە ئى رەسۇلۇللاھ! داۋالانساق بولامدۇ؟ دەپ سوراشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى داۋالىنىڭلار، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن كېسەل ئورۇنلاشتۇرمىدى، ئەگەر كېسەل ئورۇنلاشتۇرغان بولسا چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ شىپاسىنى بىللە ئورۇنلاشتۇردى، پەقەت بىرلا كېسەل بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇ كېسەلگە دورا يوقتۇر» دېدى، كىشىلەر سورىدى: ئۇ نېمە كېسەل؟ جاۋاب بەردى: «قېرىلىق» دېگەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىيلەر ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەن بىز سۇۋق! سۇۋق قىلىدىغان سۇۋفكەشلىككە، داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا-دەرمەكلەرگە ۋە پەرھىز تۇتىدىغان پەرھىزلەرگە قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ: «بۇ چارىلەرمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ تەقدىرىدىندۇر» دېدى. مانا يۇقاردىكى دەلىل-ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، بارلىق تەربىيەتچىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بالىلىرى كېسەل بولۇپ قالسا، كىچىكتۇرمەستىن داۋالىتىشى، چارە-تامالار قىلىشى، سەۋەبلەر قىلىشى كېرەك. چۈنكى سەۋەبىيە قانۇنىيىتىنى قوبۇل قىلىشمۇ ئىسلامنىڭ تەلەپ تەقەززاسى جۈملىسىدىندۇر. ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىنى چىڭ تۇتقانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 5 - «زىيان تارتىشمۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» دېگەن پرىنسىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

ئىمام مالىك، ئىبنى ماجە ۋە دارى قوتەنىيلەر ئىبنى سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلماندا زىيان تارتىشمۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوقتۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇ ئۇلۇغ ھەدىس شەرىف پەقىھلەر ۋە ئۇسۇل ئالىملىرى، ئىسلام بىكىتكەن شەرىئەت قائىدىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر قائىدە دەپ قارىغان. شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدىنى قوغداشتا ۋە كىشىلەردىن زەرەرلەرنى مۇداپىئە قىلىشتا نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئاساسەن قۇرۇپ چىققان مۇھىم ئاساسدۇر.

مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن ئومۇمەن بارلىق تەربىيەتچىلەر، خۇسۇسەن بارلىق ئانىلار جىگەر پارىلىرى بولغان پەرزەنتلىرىگە، سەھىيە تەلىماتلىرىغا ئەستايىدىل بولۇشقا، بالىنىڭ ساغلىقىنى ساقلايدىغان ۋە جىسمانىي كۈچىنى ئۆستۈرىدىغان ساقلىقنى ساقلاش ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا كۆرسەتمە بېرىش، مۇتەخەسسىس دوختۇرلاردىن بالىلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارە-تامالار توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپ تۇرۇش لازىم. مەسىلەن: تولۇق ۋە غورا مېۋىلەرنى يېيىش بەدەنگە زىيانلىق ۋە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارالسا، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى پىششىق مېۋىلەرنى يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

يېشىل كۆكتاتلار ۋە مېۋە-چېۋىلەنى يۇيۇشتىن بۇرۇن يېگەندە كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ ئېھتىمالى بار دەپ قارالسا، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى يېشىل كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى يۇيۇپ يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

تاماقنى تاماققا ئارلاشتۇرۇش ئاشقازان كېسەللىكى، نەپەسلىنىش ۋە ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىنى ياللۇغلاندۇرىدۇ دەپ قارالسا، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى مەخسۇس تائاملارنى مەخسۇس ۋاقىتلاردا يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

قولنى يۇيماستىن تاماق يېيىش كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ دەپ قارالسا، تەربىيەتچىلەر



www.uyghurkitap.com

پەرزەنتلىرىنى ئىسلامنىڭ تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ۋە يەپ بولغاندىن كېيىن قولنى يۇيۇش لازىم دېگەن كۆرسەتمىسىنى ئەمەللەشتۈرۈشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

قاچا-قۇچا ياكى قوشۇق قاتارلىقلارغا پۈۋلەش ۋە تىنىش جىسمانىي جەھەتتىن بولىدىغان زىيانلارغا ئېلىپ بارغانلىقتىن، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى بۇنداق ناچار زىيانلىق ئادەتتىن چەكلەش لازىم.

ئەنە يۇقاردا بايان قىلغىنىمىزدەك، تەربىيەتچىلەر تىببى تەلىماتلارنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتقان، پەرزەنتلىرىنى مۇشۇنداق سەھىيە كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىشكە ئادەتلەندۈرگەن ۋاقىتتا، كەلگۈسى ئەۋلادلار ساغلام، تىمەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ساغلام بەدەن، كۈچلۈك بەدەن بولۇپ، سوختا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، جانلىق، ئاكتىپ، مەزمۇت ۋە يارام ئادەم بولۇپ قاتارغا قوشۇلىدۇ.

## 6 - پەرزەنتلەرنى تەنتەربىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە چەۋەندازلىق ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈرۈش

بۇ تۈرنى يولغا قويۇش ۋە ئادەتلەندۈرۈش، بىرىنچىدىن، چوقۇم ئاللاھ تەئالا ئەززە ۋە جەللەنىڭ:

«دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييار قىلىڭلار.» (سۈرە ئەنفال - 60ئايەت) دېگەن بۇيرۇقنى ئەمەللەشتۈرۈش.

ئىككىنچىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاللاھ تەئالاغا ئاجىز مۇئمىندىن سۆيۈملۈك ۋە ياخشىدۇر»، (سەھىھ مۇسلىم) دېگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بولۇشى لازىم.

مانا مۇشۇ ئۇلۇغۋار مەقسەت ئۈچۈن بۈيۈك ئىسلام دىنى ئۈز ئەزالىرىنى سۇ ئۈزۈش، ئوقيا ئېتىش ۋە ئات مىنىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە چاقىردى.

ئىمام تىبرانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىشىنىڭ ئوقيا ئېتىش ئۈچۈن ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىشى، ئېتىنى كۆندۈرۈشى، خوتۇن بالىلىرى بىلەن ئوينىششى ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش قاتارلىق تۆت خىسلەتتىن باشقا ئاللاھ تەئالانى ياد ئېتىش جۈملىسىدىن بولمىغان ھەممە ئىشى ئويۇن-تاماشادۇر ياكى سەھۋەنلىكدۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: جانابى ئاللاھ تەئالا ئەززە ۋە جەللەنىڭ «دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چامىڭلارنىڭ يېتىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار» (سۈرە ئەنفال - 60ئايەت) دېگەن سۆزىنى تىلاۋەت قىلىپ كىتىپ: «ئاگاھ بولۇڭلار، كۈچ - ئوق ئېتىش دېمەكتۇر، كۈچ - ئوق ئېتىش دېمەكتۇر، كۈچ - ئوق ئېتىش دېمەكتۇر» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرار-تەكرار ئېيتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام بەززارى ۋە تىبرانىي: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئوق ئېتىپ مەرگەن بولۇشنى

چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ ئويۇن-تاماشالىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى سەھىھۇل بۇخارىدا: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھالقا-ھالقا بولۇپ ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقان ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ، ئۇلارنى روھلاندۇرۇپ: «ئوق ئېتىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىلەن بىرگەدۇرمەن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىنىڭ مەسجىدى شەرىپىدە ھەبەشلەرنىڭ نەيزىۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىدىغان ئويۇننى ئوينىشىغا رۇخسەت قىلغان، ھەتتا ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ئويۇننى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلغان ۋە ئۇلارغا قاراپ: «ئەرپىدە[1] ئەۋلادلىرى داۋاملاشتۇرۇڭلار! داۋاملاشتۇرۇڭلار» دېگەن، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆز ئالدىدا نەيزىۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتقان ئاشۇ پەيتلەردە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كېلىپ يەرگە ئېڭىلگەن ۋە قولىغا شېغىل تاش ئېلىپ ئۇلارغا قارىتىپ ئاتقان، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرنى ئۇلارغا شېغىل ئېتىشتىن توسۇپ: «ئى ئۆمەر! ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلارنى مەيلىگە قويۇۋەتكىن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇ ھۆرمەتلىك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تولىمۇ ئالىيجاناب، كەڭ قورساقلىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەسجىدى شەرىپىدە نەيزىۋازلىق ماھارىتى مەشىقى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويغان. بۇنىڭدىن ھەر بىر ئاقىل، ئىككى كۆزى ئوچۇق، دىلى سەگەك كىشىلەر ئېنىق بىلىۋالسۇنكى، ئىسلامدىكى مەسجىد ئىبادەت بىلەن جىھاد تەييارلىقى ئوتتۇرىسىنى، ۋە شەخسنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئىسلامنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرىدىغان ئورۇندۇر.

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پىيادە يۈگۈرۈش، ئات چاپتۇرۇش ياكى ئوقيا ئېتىشىشتىن باشقا مۇسابىقەلىشىش يوقتۇر، يەنى گۆرۈ تىكىشىش يوقتۇر»[2] دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا مۇشۇنداق مۇسابىقىلەردە ئوتتۇرۇۋالغانلارنى مۇكاپاتلاشنىڭ جەڭ ۋە جىھاد ۋاسىتىلىرى تەييارلىقلىرىدىكى تەسىرى ۋە رولى بەك زور.

## 7 - پەرزەنتلەرنى جاپالىق تۇرمۇشقا كۆندۈرۈش، تەييار تاپ ۋە راھەتپەرەس بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

پەرزەنتلەرنىڭ جىھاد مەجبۇرىيىتى ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىدىغان دەۋەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئۇلۇغۋار غايە-مەقسەتلەر ئۈچۈن تەييارلىنىشى، قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەش ۋە پىداكارلىق قاتارلىقلارنى

(1) ئەرپىدە- ئەرەبلەر ئېفىئوفىيەلىكلەرنى شۇنداق ئاتايتتى.

(2) مەزكۇر ھەدىس مۇسابىقىلەردە تىكىشىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، تىكىشىش ئىككى مۇسابىقىلەشكۈچى تەرەپتىن بولسا ھارام بولىدۇ، ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى تەرىپىدىن بولسا، ياكى كوللىكتىپ ياكى شەخسلەر تەرىپىدىن بولسا بولىدۇ. جىھادى ئەمەلىيەتلەرگە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن كوللىكتىپ ياكى شەخسلەر تەرىپىدىن تۈرلۈك مۇسابىقىلەر ئۇيۇشتۇرۇلسا نېمە دېگەن ياخشى ئىش-ھە!!!

ئۆگۈنۈش ئۈچۈن ئۇلارنى جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، قابىل، ئەقىللىق، كاللا ئىشلىتەلەيدىغان، قارام، راھەتپەرەس، ھۇزۇرپەرەس ئەمەس، گېلىغا ئامراق، تاتلىققا ئامراق، گالدا ئەمەس، قىزلارغا ئوخشاش ياسىنىپ، تارىنىپ، گىرىم قىلىپ يۈرۈيدىغان، نازاكەتلىك ئەمەس، يىگىت قىلىپ، جاسارەتلىك يىگىت قىلىپ، قەھرىمان يىگىت قىلىپ، جاپالىق ۋە يىرىك تۇرمۇشتا ئۆستۈرۈش لازىم. چۈنكى نازلىنىپ يۈرۈيدىغان، راھەت-پاراغەت قوغلىشىدىغانلارنىڭ قولىدىن قانلىق قۇربانلىقلار ناھايىتى ئاز كېلىدۇ.

نۇرغۇن ھەدىسلەردە غورىگۈل، جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە دەۋەت قىلىدىغان چاقىرىقلار بار.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ نۇئەيم مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مەرپۇئ ھەدىستە: «راھەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرى راھەتپەرەس ئەمەستۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام تىبرانى ۋە ئىبنى شاھىن قەئقا ئىبنى ئەبىي ھەدرەددىن رىۋايەت قىلغان مەرپۇئ ھەدىستە: «مەئدىلەرگە[1] ئوخشاڭلار، جاپالىق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىڭلار، نىچاق ياساش، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىڭلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇستازىمىز، رەھنەما، رەھبىرىمىز، ئۇلۇغ يېتەكچىمىز، سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەنلىكى، ماددى نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالمىغانلىقى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، يېمەك-ئىچمەكلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، ئۆي-تۇرالغۇلىرى ۋە بىساتلىرىدا تولىمۇ ئاددى-ساددا بولغانلىقى، مۇشۇنداق ئالىيجاناپ ئۈلگە-نەمۇنە بولغانلىقى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق ياشاشنى ئۆگەتكەنلىكى، مۇسۇلمان ئەۋلادىنىڭ قانداق ئەگىشىش كېرەكلىكى، كۆرسەتمىلىرى ۋە سۈننىتىدە قانداق مېڭىشنى ئوقتۇرغانلىقى، ئۇلارغا ھەردائىم سەگەك، ھوشيار بولۇشنى، تەييارلىق ھالىتىدە، ھەربىي ھالەتتە، بۆيرۈق كۈتۈش ھالىتىدە تۇرۇشنى، يۈز بەرگۈسى ھادىسىلەرگە ھەر قاچان تەق تۇرۇشنى، ئۈشتۈمتۇت بولىدىغان ئىشلارغا ھازىر جاۋاب بولۇشنى ئۆگىتىشى ئۈچۈن ئۈلگە نەمۇنە بولۇش ئەمەسمۇ؟!!

ئۇيلاپ باقىدىغان بولساق، ئىسلام ئۈممىتى راھەت-پاراغەتكە ئۆزىنى ئاتقان، تاتلىق، شېرىن، لەززەتلىك نەرسىلەرگە ئۆزىنى قويۇۋەتكەن، تاۋار-دۇردۇن ۋە يىپەكلەر ئۈستىدە ئۇخلاشقا باشلىغان، ماددى ھەزارەت ئۆزىنىڭ يالتىراق ۋە پارقىراق تاشقى مەنزىرىلىرى بىلەن گۆللەشكە باشلىغان چاغلاردا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ياشلىق قەلبلىرىدىكى ئىززەت-غورۇرى ئۆلۈشكە، كۆڭۈللىرىدىكى ئاللاھ يولىداسابىرلاردىن بولۇش، چىداملىق بولۇش، بەرداشلىق بېرىش، چېگرا ساقلاش ۋە جىھاد قىلىش روھى ناھايىتى تېزلىكتە ئۆچۈشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدى تېزلا تارمار بولدى، دۈشمەنلەرنىڭ كىچىككىنە زەربىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تەسلىمچىلىك بولدى، تارىختىكى ئەندەلۇسنىڭ چۈشكۈنلىششى كۆڭۈللەردىن ئانچە يىراقتا ئەمەس!!!

---

(1) مەئدىلەر- ئەرەبلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى، ئۇلار جاپالىق تۇرمۇشتا ياشايتتى، پاساھەتلىك سۆزلەيتتى.

## 8 ـ پەرزەنتلەرنى تىرىشچان، قىزغىن ۋە مەردانە ھاياتقا ئادەتلەندۈرۈش، ئەكسىچە بوشاڭ، ھورۇن، سۇيۇق ۋە ئەخلاقسىز ئادەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇش

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتمىلەرنى بېرىدۇ:

ئىمام مۇسلىم، سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆزۈڭگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرگە قىزىققىن، ئاللاھ تەئالادىن ياردەم تەلەپ قىلغىن، بوش كەلمىگىن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام تىبرانى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىشىنىڭ ئوقيا ئېتىش ئۆچۈن ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىشى، ئېتىنى كۆندۈرۈشى، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئوينىشىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشى قاتارلىق تۆت خىسلەتتىن باشقا، ئاللاھ تەئالانى ئەسلەش جۈملىسىدىن ئەمەس ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئويۇن ـ تاماشا ياكى سەھۋەنلىكتۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «زىنا قىلغۇچى زىنا قىلىۋاتقان چاغدا مۇئمىن ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچى ئوغرىلىق قىلىۋاتقان چاغدا مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى ئىچكەن ۋاقتىدا مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ھاراق ئىچمەيدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئىمام نەسەئىينىڭ رىۋايىتىدە: «شۇ ئىشنى قىلغان چاغدا ئۇ كىشىنىڭ بوينىدىن ئىسلامنىڭ بويۇنتۇرۇقى چىقىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن.

ئىمام مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «دوزاخ ئەھلىدىن ئىككى تۈرلۈك ئادەملەر بولۇپ، مەن ئۇلارغا قاراپمۇ سالمايمەن، بىرى ئۆزلىرى بىلەن كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئوخشاش قامچىلار بولغان قەۋم بولۇپ، ئۇ قامچىلار بىلەن كىشىلەرنى ئۇرىدۇ، يەنە بىرى كىيىم كىيگەن يالىڭاچ، ئۆزلىرىمۇ باشقىلارغا مايىل بولغۇچى ۋە باشقىلارنى ئۆزىگە مايىل قىلغۇچى، باشلىرى تۆگىنىڭ مايماق كەتكەن لۈكلىرىغا ئوخشايدىغان ئاياللار، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ ۋە جەننەتنىڭ خۇش ھىدلىرىنى تاپالمايدۇ، ھالبۇكى جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پالان ـ پۇستان يىراق مۇساپىدىن تېپىلاتتى» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر ۋە ئوقۇرمەنلەر! مانا بۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقلىرى دېگىزدىن تامچىدۇر خالاس. مانا بۇ قىممەتلىك يوليورۇقلار سىز كۆرۈپ ئۆتكەندەك، تىرىشچان، كۈرەشچان، مەردۇ ـ مەردانە ھاياتلىققا چاقىرىدۇ، سۇيۇقلۇق، ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى بالا كىچىكىدىن باشلاپ سۇيۇق ۋە ئەخلاقسىز بولۇپ ئۆسسە، گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە يامان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ يېتىلسە، پەرۋاسىز، لايغەزەل، لاغاي ۋە بىكارچى بولۇپ چوڭسا، چوقۇم بۇنداق بالىنىڭ شەخسىي خاراكتېرى ئاسان چېقىلىدۇ، ئۆزلۈكى چىگىشلىشىپ كېتىدۇ، روھىيىتى خانىۋەيران بولىدۇ. بەدىنى ئاسانلا خەتەرلىك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە يەم بولىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالغىلى خالتا، بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئالغىلى چارە تېپىلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تەربىيەتچىلەر، بولۇپمۇ ئانىلار كۆز قارىچۇقى بولغان پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن باشلاپ قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈش، ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە، مەردۇ-مەردانىلىك، جاپالىق ۋە يىرىك تۇرمۇش، بويۇن ئەگمەسلىك، تېز پۈكمەسلىك، قولسۇنماسلىق، يۈز-ئابروي تەڭلىمەسلىك، ئىززەت-غورۇر ۋە بۈيۈك ئەخلاقنىڭ ئۇلۇغۋار ئۇقۇملىرىنى كۈچەت قىلىپ تىكىش لازىم.

شۇنداقلا ئۇلارنى مەردۇ-مەردانىلىكنى ۋە شەخسىي خاراكتېرنى، ئۆزلۈكنى چېقىپ پاچاقلاپ تاشلايدىغان، ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتنى قەتلى قىلىدىغان، ئەقىل ۋە بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق ناچار ئادەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم. ئەگەر تەربىيەتچىلەر مۇشۇنداق قىلغاندا پەرزەنتلەرنى پىكرى ساغلام، بەدىنى كۈچلۈك، ئەخلاقى گۈزەل، روھلىرى ئالىي، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە بۈيۈك مەقسەت مۇراتلىرىنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىش ئۈچۈن ھەرقاچان پەرۋاز قىلالايدىغان يىگىت مۇئمىن، ئەركەك مۇئمىن قىلىپ چوڭايتالايدۇ.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! كەڭ ئوقۇرمەنلەر! بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلار! ئەۋلادلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيەلەشتە ئىسلام دىنىمىز سىزىپ كۆرسەتكەن مۇھىم ئاساسلارنى ھۆزۈرىڭىزغا سۇندۇق. ئەمدى سىز نېمە قىلماقچى؟ يەنە بورۇنقىدەك بىپەرۋالىق قىلماقچىمۇ؟ ياكى كاللىڭىز سىلكەندىمۇ؟ يۈرىكىڭىز ئۆرتەندىمۇ؟ بۇنى ئەڭ ياخشىسى ئىمانىڭىزدىن سوراڭ!

ئەگەر بۇ مۇھىم كۆرسەتمىلەرگە ئەھمىيەت بەرسەڭلار، كۆڭۈل بۆلسەڭلار، سىلەرنىڭ پۇشتۇڭلار بولغان بۇ ئەۋلاد كۈچلۈك، ساغلام، جانلىق ۋە ئاكتىپ يىگىتلەر بولۇپ يارامىلىق ئادەم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەدىنىڭلارغا يۈكلەنگەن ئامانەتنى ئادا قىلغان، ئاللاھ تەئالا سىلەرگە پەرز قىلغان مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان بولىسىلەر، قىيامەت كۈنى بارچە ئەيىب-نۇقساندىن پاك ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىغا، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلار ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا ئاق ۋە نۇرانە يۈز بىلەن ئۈچرىشىسىلەر، ئەنە شۇ كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇش نېمە دېگەن گۈزەل-ھە!

*　*　*　*　*

## ئەۋلادلاردا كەڭ ئومۇملىشىپ قالغان ھادىسىلەر

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىم! مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 7 ياشتىن 70 ياشقىچە چوڭ-كىچىك، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار مۇھىتىدا كەڭ كۆلەملىك ئەۋج ئالغان بىر تۈركۈم ناھايىتى خەتەرلىك ھادىسىلەر بولۇپ، بۇلارنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇشنى ئاداقىي بۇرچىمىز دەپ قارىدۇق، بۇ خېيىم-خەتەرلىك ھادىسىلەرگە دىققەت قىلىش، ئاگاھ ۋە دانا بولۇش ئومۇمەن بارچە تەربىيەتچىلەرگە ۋاجىب بولغان بولسىمۇ، خۇسۇسەن ئاتا-ئانا بولغۇچىلارغا تەخىرسىز ۋاجىبدۇر. بارلىق تەربىيەتچىلەر خۇسۇسەن ئاتا-ئانىلار، جەمئىيەتتە ۋابادەك يامراۋاتقان بۇ خەتەرلىك ھادىسىلەرگە تولىمۇ سەگەك بولۇشى، ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى چوڭقۇر تونۇپ

يېتىشى، ھەمدە يۇرەك پارېسى بولغان كۆز قارىچۇقلىرىغىمۇ ئۇقتۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئېزىتقۇ قەبىھ جىنايى قىلمىشلارنىڭ تورىغا چۈشۈپ، ئارغامچىسىغا باغلىنىپ، ئوتلىرىدا داغلىنىپ، سېسىق لاتقا، ئەۋرەزلىرىدە مىلىنىپ، ئايىغى يوق خالتا كوچىلىرىغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن، چوقۇم بۇ ھادىسىلەرنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى لازىم.

مۆلچەرىمچە بۇ ھادىسىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ بەڭگىلىك ھادىسىسى.

2 ـ ئىشقاپ لەززەتلىنىش ھادىسىسى.

3 ـ مەس ۋە بىھۇش قىلغۇچى بويۇملارنى ئىستىمال قىلىش ھادىسىسى.

4 ـ زىنا پاھىشە ۋە بەچچىۋازلىق ھادىسىسى.

ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن بۇ تۆت تۈرلۈك ھادىسىنىڭ ھەر بىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمەن:

## 1 ـ تاماكا چېكىش ھادىسىسى

مانا بۇ تاماكا چېكىش ھادىسىسى بىزنىڭ بۈگۈنكى ئاچچىق ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا تارقىلىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغان، ئىستىمال قىلىنىشى باشقا ھادىسىلەرگە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە كەڭ ۋە يۇقىرى بولغان تىراگىدىيىلىك مەنزىرىدۇر، چۈنكى ئادەم كۆزىنى قاياققا قاراتسا، شۇ ياقتا بۇ پەسكەش ئادەتنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھەر خىل سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىڭ چېكىۋاتقانلىقىنى، ھەممە تەبىقىلەردە، چوڭلاردا، كىچىكلەردە، ياشلاردا، قېرىلاردا، ئەرلەردە، ھەتتا ئاياللار ئىچىدىمۇ بۇ پاسكىنا شەرمەندە قىلىقنىڭ سادىر بولۇۋاتقىنىنى كۆرىدۇ، كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدۇ، ئىرادىسى ھاۋايى ـ ھەۋەسىدىن، ئەقلى ھىسسىياتى ئۈستىدىن، ياخشىلىقى يامانلىقى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن كىشىلەردىن باشقا ئاۋام خالايىق بۇ نىجىس مەلئۇننىڭ تۇمۇر چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى، لېكىن قۇتۇلغان كىشىلەر تولىمۇ ئاز.

بىز بۇ ھادىسىنى تولۇق ئوپېراتسىيە قىلىشىمىز، سۆزلىگەنگە چۈشلۇق لاياقىتىدە مۇكەممەل ۋە تولۇق بايان قىلىشىمىز ۋە ھەممە تەرەپتىن ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ئۈچۈن، بۇ توغرىدا ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق كۆردۇق:

1 ـ تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار.

2 ـ شەرىئەتنىڭ تاماكا توغرىسىدا چىقارغان ھۆكۈمى.

3 ـ بۇ ھادىسىگە قانداق چارە قوللىنىشنىڭ ئۇسۇلى.

### 1 ـ تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار

تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانغا ئالاقىدار ئىشلارنى مۇھىم بولغان ئىككى تۈرلۈك ئىشقا بىكىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى: ساغلاملىق ۋە روھى جەھەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى:

تاماكىنىڭ ئىنسانىڭ جىسمانىي ۋە روھى ساغلاملىقىغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى، سەھىيە ساھەسىدىكى دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرى، ئانالىزلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئارقىلىق، تۆۋەندىكىدەك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىغا گۇمان قالدۇرمىغىدەك، ئىككىلىنىشكە ئورۇن قالدۇرمىغىدەك دەرىجىدە كەسكىن ۋە ئىشەنچلىك پاكىت ھۆججەتلىرى بىلەن ئىسپاتلاندى.

تاماكا تۆۋەندىكىدەك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ:

ئۆپكە تۇبېركولىيۇزى، ئۆپكە راكى، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىزلاش، ئىشتىھادىن قېلىش، يۈز ۋە چىشلار سارغىيىش ۋە چىرىش، نەپەس سىقىلىش، ئەسەبلەر قوزغىلىش، بەدەندە ئومۇميۈزلۈك چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىش، روھسىزلىنىش، مىجەز-خۇلقى ئۆزگىرىپ كېتىش، ئىرادىسى بوشاپ كېتىش، ھالسىزلىنىش، كەم ماغدۇرلۇق، ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق قاتارلىقلار.

تۆۋەندە ھۆرمەتلىك مۇتەخەسسىس دوختۇرلارنىڭ تاماكىنىڭ زىيانلىرى ۋە ساغلاملىققا بولغان ئەكس تەسىرى توغرىسىدا چىقارغان دوكلاتىنى سۇنىمىز:

1 ـ گېرمانىيىدە چىقىدىغان «شابوكىل» ژۇرنىلىرى مۇنداق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان:

ئامرىكا مارىلاند شىتاتىغا جايلاشقان بىچىزدا شەھرىدىكى تەتقىقات مەركىزىدە ئون بەش نەپەر ئامرىكىلىق مۇتەخەسسىس، دوختۇر ۋە پروفېسسور تاماكىنىڭ شەخسلەر ساغلاملىقىغا يەتكۈزىدىغان تەسىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقارغان:

1 ) ئۆلگەن ھەر يۈز ئادەمنىڭ ئىچىدە تاماكا چەككۈچىلەر 68% نى ئىگىلەيدىكەن، قالغان نىسبەتنى تاماكا چەكمەيدىغانلار ئىگىلەيدىكەن.

2 ) تاماكا چېكىدىغانلار بىلەن تاماكا چەكمەيدىغانلارنى سېلىشتۇرغاندا، تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ تۆۋەندىكى كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇشى تۆۋەندىكى نىسبەت بويىچە بولىدىكەن:

ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولغۇچىلار 10.8%

بەلغەم ۋە سۆيۈقلۇق ياللۇغلىنىش، نەپەس يوللىرى ياللۇغى ۋە بۇ يوللارنىڭ ئىششىش ۋە كۆپۈپ قېلىش نىسبىتى 6.1%

كاناي راكىغا گىرىپتا بولغۇچىلار 5.4%

ئېغىز بوشلۇقى راكىغا گىرىپتار بولغۇچىلار 4.1%

قىزىل ئۆڭگەچ راكى 3.4%

ئاشقازان يارىسى، ئاشقازان راكى ۋە ئاشقازان كېسەللىكى 2.4%

باشقا ھەر قايسى قان ئايلىنىش ۋە سۆيۈقلۇق ئايلىنىش كېسەللىكى 2.6%

يۈرەكنى ماي قاپلاش ۋە يۈرەك سانچىقى كېسەللىكلىرى 1.7%

3 ) ئۇندىن باشقا مۇسكۇل ياللۇغلىنىش كېسەللىكنى پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، مۇسكۇل ياللۇغى بىلەن يۈرەكنى ماي قاپلاش كېسەللىكى (ئامرىكا شىتاتلىرىدا كۆپ ھاللاردا ئۇلۇپ كىتىشكە ئېلىپ بارىدىكەن)، مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەن ھەر يۈز نەپەر بىمارنىڭ 70% دىن كۆپرەكى تاماكا چەككۈچىلەر ئىكەن، تاماكا چەكمەيدىغان بىمارلار، ئۆلگۈچىلەر قالغان نىسبەتتە بولىدىكەن، بەلغەم يوللىرى ۋە مەنبەلىرى ياللۇغلىنىش ۋە نەپەس يوللىرى ياللۇغلىنىش كېسىلى بىلەن 500 نەپەر تاماكا چەككۈچى ئۆلسە، تاماكا چەكمەيدىغانلار ئاران 100 ئادەم بولىدىكەن، ئەمما راك كېسەللىكلىرى ئىچىدە ئۆپكە راكىنىڭ تارقىلىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلاردىن 1000 ئادەم تاماكا چەككۈچىلەر بولسا، 100 ئادەم تاماكا چەكمەيدىغانلار ئىچىدىن بولىدىكەن.[1]

2 ـ سۈرىيە جەمئىيىتى ئۆپكە تۇبېركولىيۇزى كېسىلىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنداق ماقالە ئېلان قىلدى:

بىر قانچە يىللاردىن بىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ۋە تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىيەتلەرنى ئىسپاتلىدى: ھەر قانداق بىر دانە سىگارتنى تولۇق چېكىپ، ئۇنىڭدىكى ئىس ـ تۈتەكنى ئىچىگە يۇتسا، بەدەننىڭ بۇ تۈتۈندىن ساقلاپ قالىدىغان نىسبىتى 100% ئىچىدە 90% ـ 80% ئەتراپىدا بولىدۇ، يۇقاردىكى نىسبەتتىكى ئىس ـ تۈتەكنى ساقلاپ قالغاندەك، تاماكىنىڭ كۆيەندە قالدۇقلىرىنىمۇ بىللە ساقلاپ قالىدۇ، ساقلىنىپ قالغان بۇ تۈتۈن ۋە كۆيەندىدىن نەپەس يولىدا قاراماي پەيدا قىلىدۇ، پەيدا بولغان بۇ قاراماي خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ھەر خىل راكلارنى پەيدا قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ، قېپ قالغان باشقا ئېشىندى ماددىلار جاراھەت پەيدا قىلىدۇ، ھەر قايسى ماددىلار بىرلىشىپ ئۆپكىنى ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ ياخشى ۋە سۈيۈملۈك ئانا ماكانىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ ـ دە ئاستا ـ ئاستا ئۆپكە توقۇلمىلىرىنى چىرىتىدۇ، پۇۋەكچىلىرىنى ئىششىتىدۇ، ساقايماس ۋە چىرىتكۈچى كېسەللىكلەرنىڭ مىكروپلىرىنى ئۇندۇرىدۇ، ئۆپكە تۇبېركولىيۇزى كېسىلىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئاخىرى ئۆلتۈرىدۇ... تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ ئۆپكە تۇبېركولىيۇز ۋە ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تاماكا چەكمەيدىغانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ، تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىش: كاناي تەنچىلىرى، ئۆپكە شاخچىلىرى ياللۇغلىنىش، ئۆپكە ئىششىش، ئۆپكە تالالىرى كۆپۈش ۋە ئۆپكە سىلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۈزۈلما خاراكتېرلىك ساقايماس ئاپەت خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ئېلىپ بارىدۇ، تاماكا چېكىش يۈرەك كېسەللىكلىرىگە جاي تەييارلايدۇ، چۈنكى خىمىيىلىك بىرىكمىلەردىن ھاسىل بولىدىغان قاراماي يۈرەك سوقۇشىنى تېزلەشتۈرىدۇ، قان خالتىلىرىنى زەخملەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەگكىلەرنىڭ تولىسى ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قىممەتلىك بەدەللىرىنى تۆلەيدۇ، سان ـ ساناقسىز پۇللارنى خەجلەيدۇ، تاماكىدىن يىراق تۇرغىن! تاماكىدىن قاچقىن! ساقلىقىڭنى ساقلاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش

(1) «مەدەنىيەت ژورنىلى»نىڭ ئىككىنچى يىللىق 3- ۋە 4- سان، 158-بەتتىن ئېلىندى.

ئۆچـۈن، چوقـۇ تامـاكا تاشـلا! بۇنىڭدىـن باشـقا چـارە يـوق![1]

تامـاكا چېكىشـتىن كېلىـپ چىقىدىغـان بۇنىڭدىـن باشـقا يەنـە نۇرغـۇن زىيانـلار ۋە خەتەرلـىك كېسـەللىكلەر بـار بولـۇپ، بايـان قىلغىنىمىـز بىلـەن كۇپايىلىنىمىـز.

ئىككىنچى، ئىقتىسادى جەھەتتىكى زىيىنى:

ھەممىگـە مەلـۇم بولسـا كېـرەك، ئادەتتـە ئىقتىسـادى كىرىمـى چەكلىـك ۋە تـۆۋەن بولغـان بەڭگىلـەر تامـاكا چېكىـش ئۈچـۈن، كۈندىلىـك كىرىمىنـىڭ تۆتتىـن بىرىنى ياكى ئارتۇقراقىنى چىقىـم قىلىـدۇ، مانـا بـۇ مال-مۈلۈكنى زايـا قىلغانلىـق، بىھۇدە خوراتقانلىـق، ئۆيلەرنـى ۋەيـران قىلغانلىـق، ئائىللەرنى پارچىلىغانلىق، شـۇ ئائىلە كىشـىلىرىنىڭ پـاراۋان تۇرمـۇش كەچۈرىدىغـان ھەققىنـى ئوتقـا، ئاندىـن تۇتۇنگـە ئايلانـدۇرۇپ، ھالقىسـىمان كۆكـۈچ ئىس-تۈتەككـە ئۆزگەرتىـپ، ھاۋاغـا پۈۋلىۋەتكەنلىـك بولمـاي نېمـە؟ چۈنكـى بەڭگىلـەر تامـاكا چېكىـش ۋە تامـاكا سېتىۋېلىش ئۈچـۈن ئۆزىنـىڭ ئۇزۇق-تۈلۈكـى ۋە خوتۇن-باللىرىنـىڭ ئۇزۇق-تۈلۈكىنـىڭ بىـر قىسـمىنى كېمەيتىـپ پـۇل تېجەيـدۇ، شـۇنىڭ بىلـەن ئائىلـە كىشـىلىرىنى قىينـاپ قويىـدۇ، ئاچ-يالىڭاچ قالدۇرىـدۇ، كـۆپ ھالـلاردا تامـاكا چېكىدىغـان پۇلغـا ئېرىشـىش، داۋاملىـق تەمىنلىـپ تـۇرۇش ئۈچـۈن، يانچۇقچىلـىق، ئوغرىلىـق، كىشـىلەرنىڭ ھەققىياتلىرىغـا چـاڭ سېلىش ۋە پارىخورلـۇق كەبـى جىنايـى قىلمىشـلارنى سـادىر قىلىـدۇ.

سـاغلاملىققا، ئەخلاققـا، ئائىلىگـە ۋە جەمئىيەتكـە سېلىـق تاماكىنـىڭ خانىۋەيرانچىلىقى ۋە ھالاكىتىدىـن ئېغىـرراق بولغـان باشـقا زىيـان ۋە خەتەرلـەر بارمـۇ؟ لېكىـن مىـڭ ئەپسـۇس، كىشـىلەرنىڭ كۆپىنچىسـى بۇنـى بىلمەيـدۇ!

سـىز بـىر ئىنسـان بولـۇش سۈپىتىڭىز بىلـەن ئويلىنىـپ كـۆرۈڭ، سـىز تامـاكا چېكىشـنى ئادەتتـە نورمـال ئەھـۋال دەپ قارايسـىز، جەمئىيەتتـە، ئائىلـدە، ئىـش ئورۇنلىرىـدا، دوسـت ئاغىنىلىرىڭـىز ئوتتۇرىسـىدا، ھەتتـا ئاتا-ئانىڭـىز ۋە بالا-چاقىلىرىڭـىز ئالدىـدا بىخرامـان چېكىسـىز، سـىز بـۇ ناچـار قىلمىشـىڭىز بىلـەن پۈتـۈن جەمئىيەتتـە تامـاكا چېكىـش ئۇسـتازىغا ئايلانماقچىمۇسـىز، ئۆزىڭىزگـە نۇرغـۇن شـاگىرتلارنى يېتىشتۈرمەكچىمۇسـىز، ھاۋا بوشـلۇقى سـىزنىڭ شـەررىڭىزدىن پانـاھ تىلمەكتـە ۋە سـىزگە غەزەبلەنمەكتـە، ئويـلاپ كـۆرۈڭ! سـىز كـۆك تامـاكا، موخـۇركا، پاپـىروس، زىيـان ياكـى سـىگارت چەككـەن، ناسـۋال چەككـەن بولسـىڭىز، سـىز يېتىشـتۈرۈپ چىققـان شـاگىرتلار بۈگـۈن نەشـە چەكمەكتـە، كوكايىـن چەكمەكتـە، ئەپيـۇن چەكمەكتـە ۋە ياكـى خىروئىـن چەكمەكتـە، قىسقىسـى ئۆزىنـىڭ يـۈرەك، جىگەرلـىرى ۋە ئۇسـتىخانلىرىنى چەكمەكتـە، تـالاي ئوغـۇل-قىـز بـۇ ئالۋاسـتى مەلئۇنلارنىـڭ كەينىگـە كىرىـپ ئۆزىنـى نابـۇت قىلماقتـا، ئىپپـەت، ئار-نومۇسـىدىن ئايرىلماقتـا، ئۆزىنـى خانىۋەيـران قىلماقتـا، ئاتا-ئانىلىرىنىـڭ يۈرىكىنـى لەختە-لەختـە قىلماقتـا، ئائىللەرنـى ۋەيـران قىلماقتـا، باللارنـى يېتىـم، ئاياللارنـى تـۇل قىلماقتا، ئىقتىسـادى جەھەتتىن ئۇزۇل-كېسـىل ئايرىلماقتـا، ئاشـۇ نىجىـس نەرسـىلەرگە ئېرىشـمەك ئۈچـۈن، ئەجەللىـك قۇربانلىقلارنـى بەرمەكتـە، تـىل بىلـەن تەسۋىرلىگۈسـىز بەدەللەرنـى تۆلىمەكتـە، بۇلارغـا كىـم جاۋابـكار؟ ئەلۋەتتـە سـىز پىشـقەدەم بەڭگىلـەر ئـۆز

(1) «مەدەنىيـەت ژورنىلـى»- «سـىل كېسـىلىگە خاتىمـە بېرەيلـى!» دېگـەن مـاۋزۇ 16-15 بەتتىـن ئېلىنـدى، تېخىمـۇ كـەڭ ئۈچۈرغـا ئېرىشـمەكچى بولسـىڭىز، مۇشـۇ سـاھەدىكى كىتـاب، ژورنـال، گېزىتلەرگـە ۋە مۇتەخەسسـىس دوختۇرلارغـا مۇراجىئـەت قىلىـڭ.

قلمشلىرىڭىزنىڭ خەتەرلىك جىنايى ئاقىۋىتىڭىزنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى ۋە سوراقلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز، ئەگەر سىزدە ئەقىل بولىدىغان بولسا ئۇبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭ، قالدى گەپنى بىز قىلمايلى.

## 2 ـ شەرىئەتنىڭ تاماكا ھەققىدىكى ھۆكمى

1 ـ بارلىق پەقىھ ۋە مۇجتەھىد ئالىملار، كىشىنى زەرەرگە ئېلىپ بارىدىغان ۋە ھالاكەتكە تاشلايدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش ۋاجىب، ئۇنى قىلىش ھارامدۇر دېگەن پەتىۋاغا بىردەك ئۇيۇشتى، ئۇلار بۇ پەتىۋاغا جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» (سۈرە بەقەر ـ 195ئايەت ) دېگەن ئايەت بىلەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلماندا زىيان تارتىشمۇ يوق ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» دېگەن ھەدىسنى ئاساس قىلدى.

ئاللاھ تەئالا ئەززە ۋە جەللەنىڭ:

«ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ھەققەتەن مېھرىباندۇر.» (سۈرە نىسا ـ 29ئايەت )مۇ تاماكىنىڭ ھاراملىقىنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى، تاماكا يۇقاردا بايان قىلغاندەك ئۇنىڭ ساغلاملىققا، جىسمانىيەتكە ۋە ئىقتىسادقا ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ۋاجىب، ئىستىمال قىلىش ھارامدۇر.

2 ـ ئەقلى كۈچلۈك ۋە ساغلام زوق ئىگىلىرى تاماكىنىڭ نىجاسەتلەر تۈرىگە كىرىدىغانلىقىغا بىردەك قايىل بولدى. چۈنكى، ئۇ بەدەنگە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈستىگە ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بارچە ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك ئاللاھ تەئالا ئىنسانىيەتكە پاك ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ھالال قىلدى، ئۇنىڭ جىسمىنى قوغداش، خۇلق ـ مىجەزى ۋە پىكرىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى جەمئىيەتتە سۆيۈملۈك، چىرايلىق ۋە گۈزەل مەنزىرە بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پاسكىنا، نىجىس ۋە سېسىق نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى پاسكىنا، نىجىس نەرسىلەرگە ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار.» (سۈرە نىسا ـ 2ئايەت )

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، پاسكىنا نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ.» (سۈرە ئەئراف ـ 157ئايەت )

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«گەرچە سىنى پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، پاك نەرسە بىلەن پاسكىنا نەرسە باراۋەر بولمايدۇ، دېگىن» (سۈرە مائىدە ـ 100ئايەت )

3 ـ يۇقارقىلاردىن باشقا تاماكا ئەقلنى يوق قىلىدۇ، بەدەننى بوشىتىدۇ، مانا بۇ كونا بەڭگىلەرنىڭ

تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن، يىگىت بەڭگىلەر ھېس قىلغان، بولۇپمۇ كوي بەڭگىلەر ئالاھىدە تونۇپ يەتكەن ئەھۋالدۇر. چۈنكى كۆڭلىگە ياقمىغان بىرەر ئىشقا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، دەرغەزەپ بولغان بەڭگىلەر تاماكا چېكىش بىلەن بوشاپ قالىدۇ. مانا بۇ ئەقلىنىڭ بىھوش بولغانلىقى ۋە بەدەننىڭ بوشاپ كەتكەنلىكىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەست قىلغۇچى ۋە ھوشسىزلاندۇرغۇچى بويۇملارنىڭ ھەر قاندىقىنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىگىنىگە ئوخشاش، ئەقلىنى ئۆزۈپ قويىدىغان بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىگەن. ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ھەر قانداق مەست قىلغۇچى، ھوشسىزلاندۇرغۇچى، ئەقلىدىن ئۆزۈپ قويغۇچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن چەكلىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مانا بۇ دەلىل-پاكىتلار تاماكا چېكىشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى تاماكىنىڭ زىيىنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغانلىقى، ئۇنىڭ نىجىس ۋە پاسكىنا نەرسە ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېغىز تاماكىنىڭ مال-مۈلۈكنى بىھۇدە زايا قىلىدىغان، زىيانلىق تەسىرى شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە قايتىپ كېلىدىغان تەرىپى بار، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مال-مۈلۈكنى ئورۇنسىز زايا قىلىۋېتىشتىن توسقان» (ئىمام بۇخارى)

ئۆتمۈشتە تاماكىنى مۇباھ ياكى مەكرۇھ دېگەن پەقەت ئالىملارغا كەلسەك، بۇ جەھەتتە ئۇلارغا ئۆزرە بار. چۈنكى ئۇ زامانلاردىكى تىبابەت تاماكىنىڭ زىيىنىنى تېخى بايقىمىغان بولغاچقا، ئۇ ئالىملار «شەيئىلەرنىڭ ئەسلى، تېگى مەنبەسى مۇباھدۇر» دېگەن قائىدىنى ئاساس قىلغان. ئەمما تاماكىنىڭ بەدەن، ئەقىل ۋە مال-مۈلۈككە بولغان زىيانلىق تەسىرى ئىسپاتلانغان، دوختۇرلۇق، مەدىنىيەت ساھەسى ۋە ئۇنىڭ شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان ئېغىر خەتىرىنى ئېنىق بىكىتكەن بۈگۈنكى كۈنلەردە، تاماكىنىڭ ھارام ياكى مۇباھ بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىككىلىنىشكە ئورۇن يوق، بەلكى ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئوپئوچۇق ھارامدۇر. ئۇنىڭغا ئادەتلىنىش ئېغىر گۇناھدۇر. ئاللاھ تەئالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## 3 - بۇ ھادىسىگە چارە - تەدبىر قوللىنىش

1 - تاماكا چېكىش ھادىسىسىگە چارە قوللىنىش مەسئۇلىيىتى بىرىنچى دەرىجىدە دۆلەتنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ. چۈنكى گېزىت، ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىغا تايىنىپ كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ھۇجۇمى قوزغاش، ھەممە جاي، ھەممە ئورۇن ۋە ھەممە ساھەدە تاماكا چېكىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، بۇ ئۇممەتنىڭ بارچە پەرزەنتلىرى ۋە ياشلىرىغا تاماكىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى ۋە خەتەرلىك ئاقىۋىتىنى ئۈچۈق پاش قىلىش، مۇشۇ ساھەدىن خەۋىرى بار بولغان مۇتەخەسسىس ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ياردەمگە سېلىش، قەلەمدارلار ۋە پىكرى ئۆتكۈر كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق بۇ ھادىسىگە چارە تەدبىر قوللىنىش بىرىنچى دەرىجىدە دۆلەتنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. شۇنداقلا دۆلەت ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئىشلىتىپ تاماكا چەككۈچى ۋە ئېلىپ-ساتارلارغا قاتتىق زەربە بېرىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇشى، تاماكىنىڭ

www.uyghurkitap.com

باھاسىنى پەۋقۇلئاددە ئۆستۈرۈشى، ئاممىۋى ئورۇنلاردا ۋە كىشىلەر قىستاڭچىلىقى بولىدىغان ئادەم كۆپ جايلاردا چېكىشنى قەتئىي مەنئىي قىلىشى ۋە ئاستا-ئاستا بۇ ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىشى، مەنئىي قىلىشتا قەدەممۇ-قەدەم ئالغا سىلجىشى لازىم. ھازىر ئامرىكا، ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر بۆلۈك دۆلەتلەردە تاماكا چېكىش مەنئىي قىلىنماقتا ۋە كەلگۈسىدە ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىشنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرى تۈزۈلمەكتە. مانا بۇ تەرەپلەر دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىدۇر.

2 - تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن چوڭ كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيىتى، بۇ كىشىلەر ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشى، ئاللاھ تەئالانىڭ ھەردائىم نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى، ئۇلاردا ھارامغا قول ئۇزارتىشتىن ساقلانغۇدەك، كەينىگە قايتۇرغىدەك ئىمان بولۇشى، كۆڭلى-خاھىشى، ھاۋايى-ھەۋىسىدىن ئۈستۈن تۇرغۇدەك ئۆتكۈر ۋە كەسكىن ئىرادىسى بولۇشى، ئەگرى-بۈگرىلىك، ئىرماش-چىرماشلىق يوق بولغان تۈپتۈز ۋە توغرا بولغان ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا ماڭغۇدەك. بۇ يولدا مېڭىشقا تۈرتكە بولغۇدەك ئەقىل ۋە ھېكمەت بولۇشى لازىمكى، ئىنسان ئۆزىنى بۇيرۇپ ۋە چەكلىيەلىگۈدەك ئىمانغا، ئۆزىگە ھۆكۈمران بولالىغۇدەك ئىرادىگە، توغرىغا بۇرىيالىغۇدەك ئەقىلگە ئىگە بولسا، بۇنداق كىشى كامىللىق سۈپىتىگە ئېرىشىدۇ، سالىقىن ۋە خۇشبۇي ھاياتقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

3 - ئەمما ئاتا-ئانىلىرى، ئائىلە كىشىلىرى ۋە تەربىيەتچىلىرىنىڭ بىخەۋەر قالغان پەيتلىرىدىن پايدىلىنىپ تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغان كىچىك بالىلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك زور خاتالىق ۋە خەتەرلىك. ئەگەر ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويغاندا جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان يامانلىقى ھەقىقەتەن خەتەرلىك ۋە يامان سۈپەتلىك بولىدۇ.

ئەۋلادلارنىڭ ۋەزىيەتلىرى، ھال-ئەھۋاللىرى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، تۇتقان يول-مەسىلىكلىرىنى كۆزىتىپ، بىلىپ، ئۇقۇپ، چۈشىنىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ قىڭغىر-سىڭغىر كەتكەن تەرەپلىرىگە چارە قوللىنىش، ئۇلارنى ھەق يولغا قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە سالامەتلىك ساھىلىغا يەتكۈزگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىش ۋە تەدبىر قوللىنىش ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەتچىلىرىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر.

ئىككى كىشى دەتالاش قىلىشىپ قالمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى: بالا كىچىدىكىدىن باشلاپ تاماكا چېكىشكە ئادەتلەنسە، ئاز-ئازدىن تەرەققىي قىلىپ كېيىنچە تاماكىدىن قەبىھ بولغان بۇزۇقچىلىق ۋە زىيىنى تاماكىدىن ئېغىر بولغان نەرسىلەرنى چېكىدۇ. چۈنكى تاماكا رەزىللىكنىڭ پوچتىكىشى، چوڭ-كىچىك جىنايەتلەرگە ئاپىرىدىغان تۈيۈق يولدۇر.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەر! پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىڭ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئاددى كۆرۈپ، سەل چاغلاپ بىخۇدلۇق قىلماڭ.

ئاگاھلاندۇرۇش! پەرزەنتىڭىز ئەڭ دەسلەپتە چېكىلىك چېكىدۇ، ياكى ماز چېكىدۇ، كۆيەندە چېكىدۇ ياكى سىزنىڭ يانچۇقىڭىزدىن ياكى دوستلىرىڭىزنىڭ يانچۇقىدىن ياكى بالا دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن ئوغرىلاپ چېكىدۇ،

باشتا مۇخۇركا چېكىدۇ، كۆك تاماكا چېكىدۇ، زىيان چېكىدۇ، نەشە، بەڭ چېكىدۇ، ئەپيۇن چېكىدۇ ياكى خىروئىن چېكىدۇ، ئەمدى نېمىنى چېكىدۇ؟ ياكى كىمنى چېكىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۆزىنى، سىزنى، ۋىجدان-غورۇرنى، ئىپپىتىنى، ئار-نومۇسنى چېكىدۇ، ئاق چېكىدۇ، ئاھ چېكىدۇ، چەككىنگە ھەسرەت چېكىدۇ، نادامەت چېكىدۇ، سىزدەك يارامسىز، لامزەللە، لاياقەتسىز، لايغەزەل ئاتا-ئانىسىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ قالغىنىغا ھەسرەت چېكىدۇ، تۇتامسىز، تۇترۇقسىز، ئەقىدىسىنىڭ تايىنى يوق، قولىدا بىباھا ئەڭگۈشتىرى بولسىمۇ، قەدرىنى بىلمەيدىغان ساپاسىز بىر مىللەتنىڭ پۇشتى بولغىنىدىن ھەسرەت چېكىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز يولىغا ماڭىدىغان، خۇددى ئورىتىسىدىن ئايرىلغان سەييارىلەردەك بولۇشىغا ھايات كەچۈرىدىغان، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ نىچۇك بولارىنى ئويلاپ قويمايدىغان، ئويلاپ قويغاندىمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ باللىرىنىڭلا ھالىنى يۈزەكى ئويلاپ قويىدىغان نانچىلار توپى بولغان بىر جەمئىيەتتە توغۇلۇپ، مۇشۇ جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت كىشىلىرىدىن ئۆكۈنىدۇ ياكى ھەسرەت چېكىدۇ.

ئەي دىنداشلىرىم، ۋەتەنداشلىرىم! مەن سۆيگەن خەلقىم! بىزدە ھالاكەت گىردابىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان، پەرۋانىلەركەبى ئۆزىنى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ جەھەننەملىرىگە تاشلاۋاتقان ناتىۋانلارنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالغۇدەك، ئۇلارنى ھاڭ ئالدىدىن قايتۇرۇپ كەلگۈدەك ۋىجدان، ئەقىل-ساپا قالمىدىمۇ؟ بەختسىز ئەۋلادلارغا قاراپ يۈرىكىمىز ئۆرتەنمىدىمۇ؟

ئەقىل ئىگىلىرى بولسىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ!

## 2 - ئىشقاپ لەززەتلىنىش ئادىتىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە

مانا بۇ قەبىھ ھادىسە خۇسۇسەن ئۆسمۈرلەر بىلەن ياشلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ۋە تارقالغان بولۇپ، بۇ ۋابانى پەيدا قىلغان ئاساسى ئامىللارنىڭ بىرى- ياسانچۇق، مودا قوغلايدىغان، ئېزىتقۇنىڭ رولىنى ئالغان ئاياللاردۇر، ئاياللارنىڭ كوچىلارغا، رەستىلەرگە، ئادەم كۆپ ئورۇنلارغا، باشقىلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىش ئۈچۈن جەلىبدار ۋە جەزىبدار ھالەتتە ياسىنىپ چىقىشى، ناز-كەرەشمىلەر بىلەن، ئاياللارغا خاس گۈزەللىكلىرىنى كۆز-كۆز قىلىش بىلەن سىز تەسۋىرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلىك تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ دەۋرىمىزدە بۇنداق ئاياللار ھەممە جايلاردا كەلكۈن كەبى يامرىماقتا، يۇقاردا بايان قىلغانلىرىمىز جەمئىيەتنىڭ ئاممىۋى مۇھىتلىرىدىكى ئەھۋال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل سۈرەت، كىنو-فىلىملىرى ۋە ئىنتىرنېت قاتارلىقلاردا كۆرگەنلىرى تېخىمۇ قورقۇنۇشلۇق ۋە تېخىمۇ يىرگىنىشلىكتۇر، ئۇلار بۇ ئەسلىھەلەر ئارقىلىق نېمىلەرنى كۆرىدۇ؟ ھېسسىياتنى قوزغىتىدىغان، شەھۋەتنى ئۆرلىتىدىغان، جىنسىيەتنى ئۇرغۇتىدىغان، ئىپپەت، ئار-نومۇس، شان-شەرەپنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان، ئىززەت-غورۇر، مەردۇ-مەردانىلىك، كۆنلەمچىلىك ۋە ئۇلۇغۋارلىقنى ئۆلتۈرىدىغان، تۆگەشتۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇلارنىڭ تۈرلۈك كىتابلار، ھەر خىل گېزىت-ژورناللاردا ئوقۇيدىغان، ھېسسىياتنى قوزغاتقۇچى ئىشقى-مۇھەببەت ھېكايە-چۆچەكلىرى ئەھۋالنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ روھىي، جىسمانىي،

ئەقلىي ۋە ئەخلاقى ساغلاملىقىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ، مانا مۇشۇ ساھەدىكى قوزغاتقۇچىلار، باشقا قوزغاتقۇچىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن، ئۆزى يالغۇز ھالدىلا ياش ئوغۇل ـ قىزلارنى زىنا ـ پاھىشە يولىغا تەدرىجى ئېلىپ بېرىشقا يېتىپ ئاشىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنى يامان يولدىن قايتۇرالىغۇدەك ئىمان ـ ئېتىقادى، ئاللاھ تەئالانىڭ ھەردائىم نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇ ساقلاپ قالغۇدەك قورقۇش، توسۇپ قالالىغۇدەك تەقۋادارلىق، ئاخىرەت كۈنگە ۋە جازا ـ مۇكاپاتلىق ھېساپقا ھاي قىلالىغۇدەك ئىشەنچ بولمىغان ياش ئوغۇل ـ قىزلار ئەلۋەتتە زىنا پاھىشىدىن ئىبارەت رەزىللىك، پەسكەشلىك، بۇزۇقچىلىق قاتارلىقلارنىڭ سېسىق ئەۋرەزلىرىگە مىلىنىپ، پاتقاق تويۇق يوللىرىغا كىرىپ قالىدى، بۇنداق پەرزەنتلەرنىڭ جىنسى ھېسسىياتىنى، ھارام يوللار ئارقىلىق قاندۇرۇشى ياكى ئىشقاپ لەززەتلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇپ، بۇ يامان يول بىلەن شەھۋەتنىڭ تىزگىنىنى بېسقتۇرۇشىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىگە سېپىلىپ قېلىشتىن باشقا چارە تاپالمايدۇ.

بۇ ئىككى تۈرلۈك ئىشنىڭ ھەر ئىككىسى، بالىلارنىڭ، مەيلى چوڭلارنىڭ جىسمانىي، ئەۋلاد قالدۇرۇش، ئەقىل ۋە ساغلاملىقىغا ئېغىر زىيان، خەتەرلىك بولغان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىز! مەزكۇر ھادىسىنى ئەتراپلىق بايان قىلىشىمىز ئۈچۈن، بۇ توغرىدا ئۈچ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى توغرا كۆردۇق:

1 ـ مۇشۇ ھادىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار.

2 ـ شەرىئەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمى.

3 ـ مۇشۇ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى.

## 1 ـ مۇشۇ ھادىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھادىسلەر

ئۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىدۇق:

1 ) جىسمانىي جەھەتتىن بولىدىغان زىيانلىرى، تىبابەت ساھەسى بۇ پەسكەش ھادىسىگە داۋاملىق كۆنۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۆۋەندىكى كېسەللىكلەرگە گىرىپتا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى:

كۈچ ـ قۇۋۋەت خوراش، بەدەن ئاجىزلاش، زەكەر يىگىلەش، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك تۆۋەنلەش، بېسىمغا ئۇچراش، كۆز زەئىپلىشىش، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، كۆپ ھاللاردا ئۆپكە سىلى ۋە ئۆپكە تۇبېركولىيوز كېسەلگە گىرىپتار قىلىدىغان ئۆپكە تالالىرى ياللۇغلىنىش ۋە شەلۋەرەش، قان ئايلىنىشقا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، قان ئازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىش قاتارلىق ۋاھاكازالار.

2 ) جىنسىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلار: زەكەر كىچىكلەپ كېتىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، سۆزنەك، سىزلام ۋە ئانەت كېسىلى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدى دېگەنلىك بۇقىدەك يىگىت تۇرۇپ ئەر ـ خوتۇنچىلىققا قادىر بولالمايدۇ، خوتۇن زاتىنى رازى قىلالمايدۇ دېگەنلىكتۇر، چۈنكى بۇ كېسەل ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىدىن نەپرەتلىنىشى ۋە بىزار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەر ـ ئاياللىق مۇمكىن بولمىغان،

ياكى قىيىن بولغان بۇنداق ھالەتتە ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىشىدۇ، بىر ئۆيدە ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ، قاش-قاپاقنى يېرىشىدۇ، چۈنكى ئەر بولغۇچى ئۆزىنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى مۇشۇنداق جىنايەتكىرانە يول ئارقىلىق قاندۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەنلىكى ياكى مۇشۇ ئادەت كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايال بولغۇچى ئۆز پاكلىقىنى، جىنسىي تەلپۈنۈشىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئېرىدىن تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى يوشۇرۇن ئاشنا ئويناپ زىنا-پاھىشە ئارقىلىق جىنسىي تەلپىنى قاندۇرىدۇ، ياكى ئاجرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىللىق ئائىلە بولغۇسى ئائىلە بۇ پەسكەش قىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن چۇۋۇلىدۇ، بالىلار يېتىم بولىدۇ، بۇنداق چاغدا:

ئاجراشماڭلار ئاتا-ئانىلار!

يېتىم بولمىسۇن سەبىي باللار!

دەپ توۋلىغاننىڭ نە ئەھمىيىتى، نە قىممىتى بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئائىلىلەردە ئەر-ئايالنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بولغان بولىدۇ.

3) روھى ۋە ئەقلىي جەھەتتىن بولىدىغان زىيانلىرى:

روھشۇناس، پىسخولوگىيە ئالىملىرى، مۇشۇ سىپسىق ئادەتكە ئۇزلۇكسىز كۆنۈپ كەتكۈچىلەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك خەتەرلىك بولغان روھىي ۋە ئەقلىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى بېكىتتى:

گومۇشلۇق، گالدۇڭلۇق، ئۇنۇتقاقلىق، ئىرادىسى بوشاپ كېتىش، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى زەئىپلىشىش، بىكىنمىچىلىك، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئاممىۋى ئورۇنلاردىن نەپرەتلىنىش، يۈزى تۆۋەنلىك، خىجىلچان، قورقۇنچاق، تارتىنچاق، ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، غەمكىن، يىغلىغۇسى كېلىدىغان، ئۆزىنى جىنايەتچى ھېس قىلىدىغان، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق ۋە ئۇنىدىن باشقا پىكىر چېچىلاڭغۇلۇق، ئىرادىسى بوشاڭلىق، ئۆزلۈك تۇيغۇسى يوق، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى يوق بولىدىغان كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ، مۇتەخەسسىسلەر بۇ ساھەدە كۆپ تىرىشچانلىق قىلىپ نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلدى.

## 2 - شەرىئەتنىڭ بۇ ھادىسە توغرىسىدىكى ھۆكمى

تۆۋەندە بايان قىلىدىغان دەلىل-پاكىتلار بۇ يىرگىنىشلىك ھادىسىنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇنى قىلىپ سېلىشنىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ:

1 - ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر، (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)، بۇنىڭ سىرتىدىن

( جنسىي تەلپىنى قاندۇرۇشنى ) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.» ( سۈرە مۆئمىنۇن 7-5 ئايەتلەر)

ئىسلام كۆرسەتكەن نىكاھ بىلەن تويلىشىش ياكى قۇل-چۆرىلەرگە ئىگە بولۇش يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلمىغان جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى مەيلى ئۇ زىنا-پاھىشە بولسۇن، بەچچىۋازلىق بولسۇن، ھايۋاناتلارغا چېقىلىش بولسۇن ياكى ئالقان بىلەن ئىشقاپ لەززەتلىنىش بولسۇن، ھەممىسى شەھۋەتتىن تاجاۋۇزكارانە بۇشۇنۇش بولۇپ، ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ:

«بۇنىڭ سىرتىدىن ( جىنسىي تەلپىنى قاندۇرۇشنى ) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.» ( سۈرە مۆئمىنۇن - 7ئايەت )نىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتدىشى بولغان ئىمام ئەتائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن «قىيامەت كۈنى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قوللىرى بوغاز ( ھامىلدار ) ھالەتتە قىيامەت مەيدانىغا توپلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، مەن ئۇلارنى قولى بىلەن ئىشقاپ لەززەتلىنىدىغان كىشىلەرمىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەن. تابىئىنلارنىڭ بىرى بولغان ئەللامە سەئىي ئىبنى جۇبەيرى: «ئاللاھ تەئالا، ئەۋرەتلىرىنى بىكارغا ئىشلەتكەن قەۋملەرنى قاتتىق جازالايدۇ»، «يەتتە تۈرلۈك ئادەمگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالا قارىمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرسى قولىنى خوتۇن قىلغۇچى» دېيىلگەن. مانا بۇ دەلىللەر بۇ قىلمىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2 - يۇقاردىكى تەتقىقاتىمىزدا شەرىئەتنىڭ تاماكا تۇغرىسىدىكى ھۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدەك، زىيانغا ئېلىپ بارىدىغان، ھالاكەت ئازگاللىرىغا تاشلايدىغان نەرسىلەر «مۇسۇلماندا زىيان تارتىشمۇ يوق، زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» دېگەن ھەدىس بىلەن، ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ: «ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» ( سۈرە بەقەر - 195ئايەت ) دېگەن دەلىلگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ۋاجىب، ئۇنى قىلىش ھارامدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشقاپ لەززەتلىنىشنىڭ جىسمانىي، جىنسىي، روھى ۋە ئەقلىي جەھەتتىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلىرىنى نەزەرگە ئالغاندا، يۇقاردىكى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ھارامدۇر.

بۇ ھادىسەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى:

1 - بالدۇر توي قىلىش: توي قىلىش- مۇشۇ ناچار ئادەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ياكى مۇشۇ ئادەتتىن توسۇپ قالىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىلەرنىڭ بىرىدۇر، ۋە بەلكىم شەھۋەت ئۇچقۇنىنى ئۆچۈرىدىغان، ھېسسىيات ئوتىنى تىزگىنلەيدىغان بىردىنبىر تەبىئىي يولدۇر. توي قىلىش، خوتۇن ئېلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، روھى ۋە سەھىيە جەھەتتىن نۇرغۇن پايدىلىرى بولۇپ، ئۇنى ھازىر تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى بۇ ساھە ئۇنىڭغا تارلىق قىلىدۇ.[1]

2 - نەپلە روزا تۇتۇش: يۇقاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك توي قىلىش مۇشۇ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە تۈزەيدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە بولۇپ، ئەگەر بالدۇر توي قىلىش مۇمكىن بولمىغان، توي قىلىشتىن چەكلەپ، توسۇپ قويىدىغان شارائىت ئاستىدا، ئىسلام دىنىمىز توي قىلالمىغان ياشلارغا نەپلە روزا تۇتۇشقا

(1) «توي ئالدىدىكى داۋانلار» ناملىق كىتابقا مۇراجىئەت قىلىڭ.

كۆرسەتمە بېرىدۇ، چۈنكى روزا شەھۋەتنىڭ غەلىيانىنى بېسىقتۇرىدۇ، ھېسسىياتنىڭ تېزگىننى سۇندۇرىدۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئۇقۇمنى ۋە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشنى كۈچەيتىدۇ. بۇ توغرىدا بىر توپ جامائەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەي ياشلار گورۇھى! ئاراڭلاردىن قادىر بولالىغان كىشىلەر خوتۇن ئالسۇن، خوتۇن ئېلىش كۆزنى نامەھرەمگە قاراشتىن بەك ساقلايدۇ، ئەۋرەتنى ھارامدىن ئەڭ پاك ساقلايدۇ. خوتۇن ئېلىشقا قادىر بولالمىغان كىشىلەر داۋاملىق روزا تۇتسۇن، ھەقىقەتەن روزا شەھۋەتنى كېسىپ تاشلايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى نەپلە روزا تۇتۇشقا كۆپ رىغبەتلەندۈرگەن بولۇپ، تۆۋەندە بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىپ ئۆتىمىز: داۋۇد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈن روزا تۇتاتتى، بىر كۈن روزا تۇتمايتتى، ھەر دۈشەنبە، پەيشەنبە روزا تۇتۇش، شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش، شەھۋەتنى بېسىقتۇرۇش روزىسى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ «خوتۇن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەر داۋاملىق روزا تۇتسۇن» دېگەن قاتارلىقلار. ئۇندىن باشقا ھەر خىل كاپارەتلەر ۋە جازالار بولۇپ قول ئازات قىلىش ياكى ئىقتىسادى تۆلەم ۋە جازالار بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئاجىز كەلگەن كىشىلەرمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلغان.

3 ـ جىنسىي قوزغاتقۇچلاردىن يىراق تۇرۇش: ئىككى ئادەم تالاش-تارتىش قىلمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت ھەقىقەتەن بۇزۇقچىلىقلار ۋە مەپتۇن قىلغۇچى، ئېزىتقۇلۇق قىلغۇچىلارغا توشۇپ كەتكەن، ئەخلاقسىز قىلمىشلار ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ خاتا پاتقاقلىقىغا پېتىپ كەتكەن، ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن مۇشۇنداق قوزغاتقۇچى، ھاياجانغا سالغۇچى ۋە مەپتۇن قىلغۇچى ئالۋۇنلارنىڭ كەينىگە كىرگەن، ماڭغان، رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك پاھىشىنىڭ ئەۋرەزلىرىگە ئۆزنى ئاتقان ياشلارنىڭ، ئەخلاقىي جەھەتتىن يامان تەسىرگە ئۇچرىشى چوقۇم، توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىدە گۇمان يوق. شەھۋەتپەرەسلىك ۋە ئۇنى قاندۇرۇشتا ئاڭسىز ھايۋاناتلارغا ئوخشاش بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا، ئاتا-ئانا بولغۇچىلار، ياكى بارلىق تەربىيەتچىلەر نېمە قىلىشلىرى كېرەك؟ بۇلار چوقۇم ھەر ۋاقىت پەرزەنتلىرىدىن پەندى-نەسىھەتلەرنى ئايىماسلىقى كېرەك، ئاگاھلاندۇرۇش، تەنبىھ بېرىش مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆتىشى كېرەك، ئۆزلىرىنىڭ باللىرىغا قارىتا چوقۇم رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، ئۇستىدە توغرا يولغا باشلاش ۋە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئۇلارنىڭ قولاقلىرىغا ھەر قاچان يېرىم يالىڭاچ، قىپيالىڭاچ، ياسانچۇق، مودىكەش، ئېزىتقۇ، جەلىبدار، چىرايلىق، كىيىم كىيگەن-كىيمىگىنىنىڭ پەرقى يوق ئاياللارغا قاراش، نەزەر سېلىش، ھېسسىيات ۋە ئابروي سودىگەرلىرى بازارغا سالغان ۋە كۇنسايىن راۋاجلاندۇرۇۋاتقان ئىشقى-مۇھەببەت ھېكايە-چۆچەكلىرىنى، نومۇسسىز گېزىت-ژورناللارنى، «يولۋاستەك قىلىدۇ، خورازدەك قىلىدۇ» دەيدىغان ئېلان-تەشۋىقاتلارنى ئوقۇش، جاي-جايلاردا تارقىلىۋاتقان رادىئو دولقۇنلىرى، ئۆزۈللىرى ئاڭلىتىۋاتقان، تېلېۋىزىيە قاناللىرى بېرىۋاتقان، ئۇن-سىن ئەسلىھەلىرىدە قويۇلۇۋاتقان، ئىنتېرنېتتا پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان نومۇسسىز ناخشا-مۇزىكىلار، كۆيدۈم-پىشتىم قوشاقلىرى، سېرىق فىلىملەر، كارتونلارنى

كۆرۈش ۋە ئاڭلاشنىڭ ھەقىقەتەن زىيانلىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پىچىرلاپ تۇرۇشى لازىم.

ھەقىقەتەن بىز ھازىر سۆزلەپ ئۆتكەن پەسكەشلىكنىڭ ھەر بىرسى «ئوغۇل بالا»، «يىگىت»، «ئەركەك»، «مەرد» دېگەن سۆپەتلەرنى تۈگەشتۈرۈپ، غەيرەت كۆڭلەمچىلىك ئېگىنى مەست قىلىدۇ، شان-شەرەپ، ئار-نومۇسنى بۇلغايدۇ، ئەخلاقنى مايماق دەسسىتىدۇ، ئىززەت-ھۆرمەتنى قەتلى قىلىدۇ، جىسمنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، چۈشەنچىنى، ئەقلنى بۇشاشتۇرىدۇ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، ھېسسىياتنى قوزغىتىدۇ، ئۆزلۈكنى تۈگەشتۈرىدۇ، مىجەز-خاراكتېرنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، مۇرۇۋۋەت، مەردانىلىك ۋە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتنى قەبرىگە كۆمۈۋېتىدۇ. ياشلىرىمىز ئەنە شۇ ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئېسىدە ساقلاپ، ئاشۇ رەزىللىكلەرنىڭ يامان-ئاقىۋەتلىرى ئۈچۈن ھېساب سوقۇپ، ئۆزىنى ئۈگشۈالسا، يامان يولدىن قايتىۋالسا ئەجەب ئەمەس، چۈنكى ئۇلار مۇشۇ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەسىھەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادە تەكۈپۈكلۈقنى ساقلاش، روھى، ئەخلاقى، ئەقلى ۋە جىسمانى ساغلاملىقنى ساقلاشتا بۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرنى، بۇنىڭدىن بۆلەك يىقىن يولنى تاپالمايدۇ، ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلالىسا، پاك بولغان سالىم كىشىلەرنىڭ، ئەڭ ياخشى مۇئمىنلەرنىڭ جامائەتلىرى ئىچىدە بولىدۇ.

4 - بوش ۋاقىتلارنى پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش

پىسخولوگىيە ۋە تەربىيە ئالىملىرى شۇنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ، بالا بوش ۋاقتىنى يالغۇزچىلىقتا، بىكارچىلىقتا، لاغايلىقتا ئۆتكۈزگەن، ياكى بالىلار ئۆزى يالغۇز ھالدا ئۆزى بىلەن خالىي پىچىرلىشىدىغان بوش ۋاقىت چىققاندا، ئۇلارنىڭ خىيال دۇنياسىغا شىرىن ئويلار، ۋەسۋەسىلىك تۇيغۇلار، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار ۋە جىنسىي قوزغاتقۇچى ھېسسىياتلار كىلىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان ئۆسمۈر ياكى ياشلار، جىنسىي شەھۋەتنىڭ قوزغالغانلىقىنى، تاتلىق بىر سىزىمنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشكەنلىكىنى، جىنسىيەتنىڭ ھەرىكەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھېسسىيات مانا شۇنداق ئوي-پىكىرلەر ۋە تۇيغۇلاردىن پەيدا بولغان دولقۇن ئالدىدا قوزغىلىپ كىتىدۇ. شەھۋەت ۋە جىنسىي ھېسسىياتنىڭ قۇترىتقۇلۇقى ئالدىدا، بىچارىگە ئايلانغان بۇ بالىلار ياكى ياشلار نېمە قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە شەھۋەتنىڭ بېسىمىدىن يەڭگىللەش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىشقاپ لەززەتلىنىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ پەسكەش ئادەتكە ياكى زىنا-پاھىشىگە ۋە ياكى ھايۋانلىق قىلىشقا قىستاپ بارىدۇ. ئۇنداقتا خەتەرلىك ئاقىۋەتكە باشلاپ بارىدىغان تۇيغۇق ئارزۇ-ئارمانلار، شور پىشانە قىلىدىغان شىرىن خىياللار ۋە خىيال چىچىلاڭغۇلۇق، كۆڭۈل پاراكەندىچىلىك قاتارلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ، بۇنداق خېيىم-خەتەرلىك نەتىجىلەرگە، ئازابلىق ۋە دەرد-ئەلەملىك يامان ئاقىۋەتلەرگە يولۇقۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارىلەر نېمىلەردىن ئىبارەت؟

## 3 - تۈزەش چارە-تەدبىرلىرى

ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارغا بوش ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى، بوشلۇقنى نېمىلەر بىلەن تولدۇرۇشنى قانداق ئۆگىتىشىمىز لازىم؟

ئۇلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى تولدۇرىدىغان، بىكارچىلىق ۋە لاغايلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ساھەلەر نېمە دېگەن

تولا ـ ھە!

پەرزەنتىڭىز بوش ۋاقتىنى بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان تەنتەربىيە ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزسىمۇ بولىدۇ ياكى دەم ئېلىپ كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشەنچلىك دوستلىرى بىلەن پاك ۋە ساپ بولغان سەيلى ـ ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزسىمۇ بولىدۇ. ئىلىم ـ بىلىملەرنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان پايدىلىق كىتاب ماتېرىياللار ياكى دەرسلىكلەر بىلەن شۇغۇللانسىمۇ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئىشلارنى قىلسىمۇ بولىدۇ؛ جىسمانىي ئەمگەك قىلسىمۇ بولىدۇ؛ دىنى دەرسلەرگە، ۋەز ـ نەسىھەت سورۇنلىرىغا، ئىسلامى تەشۋىقات سورۇنلىرىغا، لېكسىيە پائالىيەتلىرى، ئىلمىي ئەنجۈمەنلەرگە قاتناشسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ياكى ئەقلىي ساپانى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، چېنىقتۇرىدىغان زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىگە ئىشتىراك قىلسىمۇ بولىدۇ. ياكى جانبازلىق، ھەربىي ماھارەت، ئوق ئېتىش قاتارلىق ئۆزىنى تەييارلايدىغان جىھادى ۋاستىلەر مەشىقى ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ. ۋە بۇلاردىن باشقا پىكرگە ئوزۇق بېرىدىغان، روھنى ئۇرغۇتىدىغان، بەدەننى كۈچەيتىدىغان ۋە ئەخلاقنى ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە قىلىدىغان پايدىلىق ساھەلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

5 ـ ياخشى ھەمراھ

تەربىيەتچىنىڭ ياش پەرزەنتلەرگە قارىتا بەك كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارىڭ بىرسى، ئۇلارغا، ئۇنتۇپ قالسا ئېسىگە سالىدىغان، خاتالىشىپ، ئادىشىپ كەتكىلى قوپسا نەسىھەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، بىرەر ھادىسە ياكى خاپىلىق يەتكەندە، باشقا كۈن چۈشكەندە ھەمدەمدە بولىدىغان ئىشەنچلىك، ياخشى، يارامىلىق ھەمراھلار ۋە دوست ـ ئاغىنىلەرنى تاللاپ ۋە تېپىپ بېرىشتۇر.

بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزگە قارىتا: ئۇنداق ياخشى، ئىشەنچلىك، ياردەمدە بولىدىغان ھەمراھلار بەك ئاز، ھەتتا تېپىلماسلىقى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئىخلاسمەن دوست ۋە مۇئمىن ھەمراھلار تېپىش تەس بولۇپ كەتكەن بۇ زاماندا؟؟؟... دەپ ئېتىرازا بىلدۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. خوش تەقسىرلەر! سىزلەرنىڭ بۇ ئېتىرازلىرىڭلارغا بىزمۇ بوي سۇنىمىز، توغرا، ئۇنداق ياخشى دوست ۋە ھەمراھلار بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە بەك ئاز، لېكىن بۇ ئاز سانلىق ياخشى كىشىلەر ھەممە جاي، ھەر ماكان ۋە ھەممە يۇرتلاردا تولۇق بار. ئۇلارنىڭ سىماسى ئاللاھ تەئالاغا كۆپ سەجدە قىلغانلىقىدىن ئايان، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىدىن ئايان ۋە تۇتقان توغرا يولىدىن ئايان، ئۇلار ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زاماندىشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ياشلارنىڭ ئاشۇنداق ساھىب كامالارنى ئىزدىشى، ئۇلارنى تاپقاندا پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشى نېمىدېگەن توغرا! چۈنكى ئاشۇ كىشىلەرلا باشقا كۈن چۈشكەندە يۆلەنچۈك، ھاياتلىقتىكى بۇزغۇنچىلىقلار ۋە پىتنىلەرگە قارشى ياردەمچى، ياخشىلىققا ياردەملىشىدىغان سىرداش ئىچكى دوست، ئىشەنچلىك بارار جاي ۋە تايانچ بازا بولىدۇ.

شەكسىزكى دوست، دوستىنىڭ دىنىغا ئاساسلانغان بولىدۇ. يېقىن يېقىنىغا ئەگىشىدۇ. قۇشلار ئۆز شەكلىدە تۇخۇمدىن چىقىدۇ. قازاننى تۇتساڭ قارىسى يۇقىدۇ، ياماننى تۇتساڭ يارىسى يۇقىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆز دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ. سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار

كملـەر بلـەن دوسـت. ئاغنە بولغانلىقغا قـاراپ باقسۇن» (ترمزىي رىۋايـەت قىلغان)

ھەممگـە ئايانكى، ئاللاھ تەئالا چەكلىگـەن يامـان ئىشلارنى قىلىدىغـان، ئاسي، پاسىق، گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان، قەبىھ ئادەملەرگـە كىم ئەگىشىدىكەن، ياكى دوست. ئاغنە بولـۇپ ئارىلىشىپ ئۆتىدىكـەن، ئەلۋەتتـە ئۇ پاسىقلار بىـۇ ئادەمنى چوقـۇم زالالەت. ئازغۇنلـۇق تەرەپكـە يېتەكلەيـدۇ، جەھەننـەم يولىغا سـۆرەپ كىلـدۇ، پەقـەت شەخسـي مەنپەئەتلـەر ۋە دۇنيالىـق غايە. مەقسـەتلەر ئۈچـۈن ئارىلىشىدۇ، دوسـت بولىدۇ. خـالاس.

شۇنىڭ ئۈچـۈن بىزنىـڭ ياش. ئۆسـمۈرلىرىمىز، شىر سۈپەت يىگىتلىرىمىز، مۇستەھكەم ۋە تۇراقلىـق ئىمانغا، ئالىي ۋە يۈكسـەك ئەخلاق. پەزىلەتكـە ئىگـە بولۇشـى ۋە جىسـماني جەھەتتىـن ساغلام ۋە بەقـۇۋۋەت بولۇشـنى خالىسا، چوقـۇم يامـان ھەمراھـلار بىلـەن ئارىلىششتىن ئېھتىيات قىلىشـى، ئەسكى دوسـت، ناچـار ئاغىنىلـەر بىلـەن ئاداش بولۇشـتىن ئېھتىيات قىلىشـى، پاسـىق كىشـىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشـتىن ساقلىنىشـى، جىنايەتچىلەرنىڭ تۈگمىنىگە سـۇ ياقلاشـتىن يىـراق بولۇشـى لازىـم.

شۇنىڭ بىلـەن بىرگـە ئىككى ئالەملىـك بەخت. سـائادەتنى، دۇنيـادا ئىززەت. ھۆرمەتلىـك بولۇشـنى، ئاخىرەتتـە نىجاتلىقنى ئەمەلگـە ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن، ياخشـى ھەمراھلارنـى، سـالىھ دوسـت. ئاغىنىلەرنى ۋە مۆئمـىن جامائەتنـى ئىزلـەپ تېپىشـى كېـرەك.

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەنـە شـۇ كۈنـدە (يەنـى قىيامـەت كۈنـدە) دوسـتلار ئۆزئـارا بىر. بىرىگـە دۈشـمەندۇر، پەقـەت تەقۋادار كىشـىلەر بۇنىڭدىـن مۇستەسـنادۇر» (سـۈرە زۇخـرۇف. 67ئايەت)

6. تىبىي تەلىم تەربىيەنى چىڭ تۇتۇش

سـەھىيە ۋە تىبابـەت ساھەسـىدىكى ئىختىسـاس ئىگىلـىرى بولغـان ئالىمـلار ھىسسـىياتنىڭ بىسـىمىدىن يەڭگىللـەش ۋە شـەھۋەت غالجىرلىقىنىـڭ ئالدىنى ئېلىـش توغرىسـىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

- يـاز كۈنلـرى سـوغۇق سـۇدا يۇيۇنـۇش، سـوغۇق سـۇ مۇنچىلىرىغا كـۆپ كىرىـش، باشـقا پەسـىللەردە تاناسـىل ئەزالارغـا سـوغۇق سـۇ قۇيـۇپ تـۇرۇش، يۇيـۇپ تـۇرۇش.

- تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە دائىم قاتنىشىپ تۇرۇش.

- ئىممۇنىـت كۈچىنى ئاشـۇرىدىغان، ھورمۇنلـۇق ۋە دورا. دەرمەكلىـك يېمەكلىكلەرنـى يېمەسـلىك، چۈنكى بـۇلار ھېسسـىياتنى قوزغايدۇ ۋە ھاياجانلاندۇرىدۇ.

- چاي، قەھۋە دېگەندەك نىرۋىنى غىدىقلايدىغان نەرسىلەرنى ئىمكانقەدەر ئاز ئىستىمال قىلىش.

- گۆش، توخـۇم تۈرىدىكى نەرسىلەرنى كۆپ يېمەسلىك.

- ئۇخـدا ياكى دۈم يېتىـپ ئۇخلىماسـلىق، بەلكى سـۈننەتكە ئاساسـەن ئـوڭ يانـى بىسـىپ قىبلىگـە ئالدىنـى قىلىـپ ئۇخلاشـنى ئـادەت قىلىش

7 ـ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە.

ئاللاھ تەئالا تائالادىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈش. ھەممەيلەن قايىلكى، ئەگەر ياشلار ئۆزىنىڭ ۋىجدان چوڭقۇرلۇقىدىن ئۆزىنى ھەردائىم بارچە ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىپ، كۆزىتىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن سىر ـ ئەسرالىرى، ھەتتا پىچىرلاشلىرىغا قەدەر بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ خىيانىتى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغان مەخپىيەتچىلىكىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پات ئارىدا ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ كەم قويغان ياكى ئاشۇرۇۋەتكەن تەرەپلىرىدىن بىرمۇ ـ بىر ھېساب ئالىدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئادىشىپ كەتكەن تەرەپلىرىگە قارىتا جازالايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە تونۇپ يەتكەن ۋاقىتتا، چوقۇم ھالاكەتكە تاشلىغۇچى قەبىھ قىلمىشلاردىن ئۆزىنى چەكلەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك يامان ئىشلار ۋە يىرگىنىشلىك جىنايەتلەردىن قول ئۈزىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىلىم ۋە ئاللاھ تەئالانى ياد ئېتىدىغان سورۇنلارغا قاتنىشىش، ھازىر بولۇش، پەرز ۋە نەپلى نامازلارنى داۋاملاشتۇرۇش، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشنى ۋەزىپىگە ئايلاندۇرۇش، كېچىلەردە، تۈن قاراڭغۇسىدا، خالايىقلار شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان چاغلاردا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، نەپلە ۋە مۇستەھەب روزىلارنى تۇتۇشقا ئادەتلىنىش، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئىسلام خىزمەتلىرىدە بولغان سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە خەۋەرلىرىگە قۇلاق سېلىش، ياخشى ھەمراھلارنى تاللاپ ئارىلىشىش، مۇئمىن جامائەت بىلەن ئالاقە مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىش، ئۆلۈم ۋە ئۆلۈمدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئەسلەش قاتارلىقلار... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم مۇئمىن كىشىدە يىگانە ئاللاھ تەئالادىنلا قورقۇش، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزىگە بولغان نازارىتى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ بۈيۈكلۈكى قاتارلىقلارغا قارىتا بولغان تەرەپلەرنى كۈچەيتىدۇ.

دىققەت !!!

ئەزىز ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇئمىن يىگىتلەر!

سىلەر چوقۇم كۆڭلۈڭلاردا ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىگە بولغان ۋە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئەقىدىنى كۈچەيتىدىغان بۇ ۋاستىلەرنى چوقۇم قوللىنىشىڭلار، ئېزىتقۇ ئالدامچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرمەسلىكىڭلار، ئېزىتقۇ ماگىنىتلارنىڭ ماگنىت ئۇۋاقچىلىرى بولماسلىقىڭلار، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سېھىرلىك ئالۋۇنلىرىغا مەپتۇن بولماسلىقىڭلار، گول بولماسلىقىڭلار، ھارام ياكى ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك گۇناھلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ھەر قاچان ئىككى كۆزۈڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تىكلەپ قويۇپ ياششىڭلار كېرەك.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ

جايى جەننەت بولىدۇ.» (سۈرە نازىئات 37-41 ئايەتلەر)

## 3 ـ مەست قىلغۇچى ۋە ھۇشسىزلاندۇرغۇچى بويۇملار ھادىسىسى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلار! مەست ۋە بىھوش قىلىدىغان بويۇملارنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپ ئىستىمال قىلىنىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ. بۇ خەتەرلىك ۋە ئازابلىق ھادىسە بۈگۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان بولۇپ، خۇسۇسەن ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتكە ئۆلچەم تۇرغۇزمايدىغان ۋە ئىسلام تەربىيەسىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان جەمئىيەت ۋە مۇھىتلاردا پەۋقۇلئاددە كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بولۇپمۇ بۇ قەبىھ ھادىسە ئاتا-ئانىلىرى، ئىگە-چاقىلىرى، ھامىيلىرى ياكى ئوقۇتقۇچى ئۇستازلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلغۇچىلىرى، تەربىيە ۋە توغرا يول ئېيىشىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلىرى بولمىغان چېچىلاڭغۇ، باشباشتاق ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار ئارىسىدا، ياكى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خەۋەرسىز ياكى سەل قارىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇزۇقچىلىق ۋە قىڭغىر-سىڭغىر يوللاردا مېڭىپ قالغان ئەسكى ئادەملەر بىلەن ئارىلاشقان، ياكى يامان ئادەملەرگە ھەمراھ بولغان ۋە بۇلاردىن ئاستا-ئاستا ھەممە بۇزۇقچىلىق ۋە رەزىللىكنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئەۋلادلاردا كەڭ ئۇچرىتىمىز.

بۇ ھادىسىنى ئۆز لايىقىدا تەكشۈرۈپ چىقىشىمىز ئۈچۈن، بۇ توغرىدا ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىدا توختىلىشنى لايىق تاپتۇق:

1 ـ مۇشۇ ھادىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار.
2 ـ ئىسلامنىڭ مۇشۇ ھادىسە توغرىسىدا چىقارغان ھۆكۈمى.
3 ـ بۇ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى.

### 1 ـ مەست قىلغۇچى ۋە ھۇشسىزلاندۇرغۇچى بۇيۇملاردىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار

1) ساغلاملىق ۋە ئەقىلگە قارىتا زىيانلار:

سەھىيە ۋە تىبابەت ئالىملىرى بىردەك مەست قىلغۇچى ۋە ھۇشسىزلاندۇرغۇچى بويۇملارنىڭ تۆۋەندىكى كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى:

ساراڭلىق، مالخۇليالىق، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش، ئەسەب كېسەللىكى، ئاشقازان ۋە ئۈچەي كېسەللىكى پەيدا قىلىش، پىكرى ۋە زېھنى ئۆتكۈر بولماسلىق، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدا ئاغرىق پەيدا بولۇش، يېمەك-ئىچمەككە بولغان ئىشتىھاسىزلىق، ئۆزۈقلىنىش ناچار بولۇش، ئومۇمى بەدەن ئورۇقلاپ كېتىش، بوشاڭلىق، روھسىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، تۇقۇلمىلار قېتىپ قېلىش، قان قېتىپ قېلىش، جىگەر قېتىش كېسەللىكى ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. بىز بۇ ھادىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلارنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، فرانسىيە مىللى ئىستاتىستىكا ئىنستىتۇتى بېكىتكەن تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتنى كۆرۈپ چىقايلى:

ئادەتتە فرانسىيەلىكلەردە ئۆپكە سىلى ۋە ھەر خىل ئۆسمە كېسەللىكلىرى بىلەن ئۆلۈپ كەتكۈچىلەرگە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قارىغانـدا، هاراقتـىن كېلىـپ چىقىدىغـان كېسـەللىكلەر ۋە هارارەتتـىن زەھەرلىنىـپ ئۆلىدىغانلارنىـڭ نىسبىتى يۇقـىرى پىرسـەنتنى ئىگەللەيدىكـەن. 1955 ـ يىلدىكى ئىستاتىستىكىدا ئۆپكـە سىلى ۋە ئۆسـمە كېسـەللىكلىرى بىلـەن ئۆلـۈپ كەتكۈچىلەرنىـڭ شـۇ يىلدىكـى سـانى 12 مىـڭ بولغـان بولسـا، هاراقنىـڭ تەسىرىدىن ئۆلـۈپ كەتكەنلەرنىـڭ سـانى 17 مىڭدىـن ئېشـىپ كەتكـەن.

2 ) ئىقتىسادى جەھەتتىن بولىدىغان زىيانلار:

ھەممىگـە مەلـۇمكـى، هاراق ـ شـاراپ، مەيـزاپ، پىـۋا، ئـۇ هارىقـى، بـۇ هارىقـى، پالانچىنىـڭ هارىقـى، پوكۇنچىنىـڭ هارىقـى، پالانـى نىمـىدە ئىشـلەپچىقىرىلغان، پوكۇنـى نىمـىدە ئىشـلەپچىقىرىلغان هاراق ـ شـاراپلارغا ياكـى نەشـە، ئەپيـۇن، كوكايـىن، خىروئىـن دېگەنـدەك مەسـت قىلىدىغـان، خۇمـار قىلىدىغـان نەرسـىلەرگە كۆنـۈپ قالغۇچـىلار، بـۇ نەرسـىلەرگە ئېرىشـىش ئۈچـۈن مال ـ مۈلكىنـى غـازاڭ خەجلىگەنـدەك، سـۇ ئاققانـدەك ھـەددى ـ ھېسابسىـز خەجلەيـدۇ، پـۇل دېگەننـى ئايىمايـدۇ، خەجلەيـدۇ، خەجلەيـدۇ، باشـتا بارنـى خەجلەيـدۇ، كېيـىن قـەرز ئېلىـپ خەجلەيـدۇ، كېيـىن ئاز ـ تـولا بار ـ يوقنـى سېتىـپ خەجلەيـدۇ، كېيىنچـۇ؟ نىجـىس، پاسـكىنا ۋە مەينەتچىلىكنىـڭ ئانىسـى بولغـان هـاراق ياكـى ئېپلاسـلىق، رەزىللىـك، پەسكەشـلىكنىڭ مەنبەسـى بولغـان زەھەرلىـك چېكىملىكلەرگـە خۇمـار بولغۇچـىلار سېتىـپ خەجلىگـۈدەك نەرسـىلىرى قالمىغانـدا، ۋىجدان ـ غـورۇرنى، ئېپپىتىنى، ئار ـ نومۇسـنى سېتىـپ خەجلەيـدۇ، خوتـۇن ـ قىزلىرىنـى سېتىـپ خەجلىگـەن، ئۆزىنـى سېتىـپ خەجلىگەنلەرنـى كۆزىمىـز بىلـەن كـۆردۇق، قولىقىمـىزدا ئاڭلىـدۇق، تېلېۋىزىيـە ۋە ئۈن ـ سىن بويۇملىرىـدا كـۆردۇق، بەزى كۆرۈنۈشـلەر سـەل ئاشـۇرۇۋېتىلگەندەك كۆرۈنسـىمۇ، رېئـال جەمئىيەتتـە ئاشـۇنداق قەبىھ قىلمىشـلار ھېلىھـەم مەۋجـۇت، جەمئىيەتتـە، ئـاۋام خەلقلەر ئارىسـىدا بۇنـداق ناچـار قىلمىشـلار ئازمـۇ؟ بـۇ نېمىنىـڭ مەھسـۇلى؟ نېمىنىـڭ نەتىجىسـى؟ نەدىـن كېلىـپ چىققـان ئىشـلار؟ نېمىدىـن كېلىـپ چىققـان پاجىئەلـەر؟ قورقۇنۇشـلۇق ئاقىۋەتلـەر؟ ئەلۋەتتـە زەھەرلىـك بويۇمـلار ۋە مەسـت قىلغۇچـى نەرسـىلەرنىڭ ئېلىـپ كەلگـەن پاجىئەلـرى ئەمەسـمۇ؟ بـۇ مەينـەت، پاسـكىنا نەرسـىلەرگە خۇمـار بولغۇچـىلار نېمىگـە ئۈنچـىۋالا پـۇل خەجلىگـەك، مال ـ مۈلـۈك خوراتقـاق ۋە سـاتقاق كېلىـدۇ، ئـۇلار بـۇ ئارقىلىـق ئـاز بولمىغـان مالىرىنـى، پۇللىرىنـى بىھـۇدە سورىۋېتىدۇ، ئىسـراپ قىلىـدۇ، ئاستا ـ ئاستا مال ـ مۈلۈكتىـن ئايرىلىـپ قالىدۇ، شـۇ ئارقىلىق ئائىللەرنـى ۋەيـران قىلىـدۇ، جەمئىيەتتىكى كەمبەغەللـەر، نامراتـلار، ئۆزىدىـن ئېشـىنالمايدىغانلار ياكـى باشـقىلارغا يـۈك بولـۇپ قالىدىغانلارنىـڭ سانىنى ئاشـۇرىدۇ، تـالاي بـاي ئائىللەرنىـڭ پەرزەنتلـىرى، ئاشـۇ مەلئـۇن نەرسـىلەرگە ئۆگىنىـپ قالغانلىقتىـن بىـر پۈتـۈن ئائىلىنـى خانىۋ ـ ۋەيـران قىلغـان ئىشـلار ئـاز ئەمـەس. تېخـى ئۇلارنىـڭ بـۇ جەھەتتىكـى زىيانلىرىدىـن باشـقا يەنـە، زابايـلار ۋە كـوي زەھـەر بەڭگىلىرىنىـڭ ھـەر خىـل ساھەلەر، كەسـىپلەر، ۋە نەتىجىلەردىكـى يارامسىـزلىقى تۈپەيلىدىـن ئىقتىسـادى جەھەتتىـن بۇزغۇنچىلىقلارنـى، ھـازارەت گۈللىنىـش مەيدانلىرىـدا ئارقـىدا قېلىشـنى ياكـى چېكىنىشـنى كەلتـۈرۈپ چىقىرىـدۇ. هـاراق ۋە زەھەرلىـك بويۇملارنىـڭ سـەۋەبىدىن كېلىـپ چىقىدىغان جىسـمانىي ۋە روھـى جەھەتتىـن بولىدىغـان كېسـەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچـۈن سـەرپ قىلىدىغان ئىقتىسـادلار، بوشـاڭلىق، ئاجىزلىق، هورۇنلـۇق ۋە خامۇشـلۇق كېسـەللىكى سـەۋەبىدىن كېلىدىغـان ئىقتىسـادى زىيانلارنـى ھېسـابلىغاندىچۇ؟

قاھـىرەدە چىقىدىغـان «ئەلئىھـرام» گېزىتىنىـڭ 1965 ـ يىلـى 5 ـ ئاينىـڭ 3 ـ كۈنىدىكـى سـانىدا مۇنـداق سـانلىق

www.uyghurkitap.com

مەلۇمات ئېلان قىلىنغان: «ئامرىكىدا 72 مىليون ئامرىكا پۇقراسى هاراق ئىچىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 22 مىليون ئادەمنىڭ هاراق سەۋەبلىك ئىشقا كەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئامرىكا هۆكۈمىتى هەر يىلى نەچچە تىرىليون ئامرىكا دوللىرى زىيان تارتىدىكەن، ياكى كاپالەت چىقىمى تارتىدىكەن».

3 ) روهى، ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي جەهەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى:

مەست قىلغۇچى ياكى هوشسىزلاندۇرغۇچى بويۇملارغا خۇمار بولغۇچىلار ئادەتتە پەسكەش سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، يالغانچىلىق، هىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، قورقۇنچاقلىق، ئەخلاقىي قىممەتلەر ۋە يۈكسەك نەمۇنىلەرنى ئاددى كۆرۈشتەك قەبىھ قىلمىشلارغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ، ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، شاللاقلىق، نومۇسسىزلىق، يۈزنى تۆكۈۋېلىش، كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكى ۋە يۈز-ئابرويىغا تاجاۋۇز قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، ئەخلاق مايماقلىقى، ئىرادە بوشاڭلىقى، مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ئاجىزلاشتەك ماڭقۇرتلۇق كېسەللىكە گىرىپتار بولىدۇ.

تېخى ئاساسلىق ۋاقىتلىرىنى بىر ئۇچۇم ئەسكى، چۈپرەندە ئۈلپەتلىرى، بەتقىلىق ئاغىنىلىرى، گۇناهكارلار ۋە گورۇهۋازلىرى، كىرەكسىز داشقاللىرى بىلەن، ئەخلەت دۆۋىلىرى، سېسىق ئەۋرەزلىرى، قوتانلىرى ۋە سېسىق ئورىلىرىدا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە هالاكەتكە ئاپارغۇچى جىنايى قىلمىشلارنىڭ هەممىسىنى قىلىپ، يۈز-ئابروي ئىناۋىتىنىڭ بارچىسىنى دەپسەندە قىلىپ ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ.

مەلۇم بولۇشىچە، مۇستەملىكە قىلغۇچى دۆلەتلەر مۇستەملىكە قىلىۋالغان مىللەت-ئەلنىڭ شان-شەۋكىتىنى سۇندۇرۇپ تاشلاش، يەرلىك خەلقنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇش، كۈرەش روهى، ئىنقىلاپ روهى ۋە قارشى تۇرۇش روهىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش، ئۇزاق مۇددەت مۇستەملىكە قىلىش ۋە ئاسان ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بىهوش قىلغۇچى بويۇملارنى قىرغۇچى قورال ئورنىدا ئىشلەتكەن ۋە بۇ ساهەنىڭ تىجارىتىنى راۋاجلاندۇرغان، مىسىر هازىرغا قەدەر 50 نەچچە يىلدىن بىرى بۈيۈك بىرىتانىيە ئاتالمىش ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇرۇغ سالغان ۋە راۋاجلاندۇرغان زەهەرلىك بويۇملار ئۇرۇشىنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئەپيۇن سودىسى بارلىققا كەلتۈرگەن «ئەپيۇن ئۇرۇشى» دېگەن ئۇرۇش تارىخ كىتابلىرىغا يېزىلغان.

## 2 - ئىسلامنىڭ مەست ۋە بىهوش قىلىدىغان بويۇملارنى ئىستىمال قىلىش توغرىسىدا چىقارغان هۆكمى

پۈتۈن ئالىملار بىردەك هارام دەپ بېكىتكەن بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئاساسلانغان دەلىل، پاكىت، هۆججەتلىرىنى هۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

هاراقنىڭ هاراملىقى توغرىسىدا ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇئمىنلار! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار ( يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار )

غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار، شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاه تەئالانى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى ( هاراقتىن، قىماردىن ) يانماسسىلەر؟» ( سۈرە مائىدە 91-90 ئايەت )

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر هەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم هاراقنىڭ هاراملىقى توغرۇلۇق: «ئاللاه تەئالا، هاراققا، ئۇنى ئىچكۈچىگە، ئۇنىڭ ساقىيسىغا،[1] ئۇنى ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، سىققۇچىغا، سىقتۇرغۇچىغا، كۆتۈرگۈچىگە ۋە كۆتۈرۈپ ئەكەلدۈرگۈچى قاتارلىقلارغا لەنەت قىلسۇن» دېگەن.

هۇشسىزلاندۇرغۇچى نەرسىلەر توغرىسىدا:

هۇشسىزلاندۇرىدىغان نەرسىلەر.

بىرىنچىدىن، جانابى ئاللاه تەئالا تائالانىڭ:

«ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى هالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى هارام قىلىدۇ.» ( سۈرە ئەئراف -157ئايەت ) دېگەن سۆزى بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «زىيان تارتىشمۇ يوق، زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» دېگەن هەدىسىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىمام ئەهمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاهۇ ئەنها رىۋايەت قىلغان، «ئاللاه تەئالانىڭ پەيغەمبىرى هەر قانداق مەست قىلغۇچى ۋە ئەقلىنى ئۇزۇپ قويغۇچى نەرسىدىن توستى» دېگەن هەدىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئەقلىنى يوقىتىۋالىدىغان نەرسىلەر، ئەقلىنى ئۇزۇپ قويغۇچى نەرسىلەرنىڭ تىپىگە كىرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بىهۇش قىلغۇچى نەرسىلەر، هاراقنى هارام قىلىدىغان دەلىللەر تەۋەسىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئەقلىنى يابپىدىغان، ئۇنى هوشكۆم قىلغۇچى ۋە هېس قىلغۇچى تەبىئىتىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان نەرسىلەر هاراق تەۋەلىكىگە كىرىدۇ. چۈنكى هاراقنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئاتىلىش ئۇقۇمى: ياغلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردۇر. بىهۇش قىلغۇچى بويۇملارنىڭ ئاتىلىشى بولسا: روپاچلانىڭ كەك ياغلىقلىرى ۋە رومالللىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ: «هاراق دېگەن ئەقلىنى يوقىتىدىغان نەرسىدۇر» دەپ جاكارلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ هاراق دېگەننىڭ نېمىلەر بولىدىغانلىقىدا تىڭىرقاپ كۆپ سۇئال سورىغۇچىلارغا هاراق دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمىنى بىكىتىپ بېرىدۇ. دېمەك ئەقلىنى يوقىتىدىغان، ياپقان، ئۇنى هوشكۆم قىلغۇچى، سەزگۈچى ۋە ئايرىغۇچى تەبىئىتىدىن چىقىرىۋەتكەن نەرسىلەرنىڭ هەممىسى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەبەدىل ئەبەد هارامدۇر.

يۇقىرىدىكى دەلىل-پاكىتلارغا ئاساسەن، نەشە، كوكايىن، ئەپيۇن ۋە خىروئىن دېگەندەك هۇشسىزلاندۇرغۇچىلار

(1) رومكىلارغا هاراق قويىدىغان مۇلازىم ياكى هاراق سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى.

دېگەن نامدا تونۇلغان نەرسىلەر ئەقىلگە يۇقىرى دەرىجىدە تەسىر قىلىدۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغۇچىلار يىراقنى يېقىن، يېقىننى يىراق كۆرىدۇ، كىچىككىنە سۇ كاتتا دەريا-ئۆستەڭلەردەك، بىپايان دېڭىز-ئوكيانلاردەك كۆرىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە يوق بەرمىگەن، رىئاللىقتا يوق نەرسىلەر باردەك، يوق بەرگەندەك كۆرۈنىدۇ، تۈرلۈك ئوي-خىياللار، شېرىن چۈشلەر دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ، بۆرگىنى تۆگە، چۈشىن پاشىنى ئايروپىلان دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ھەتتاكى ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، دىنىنى ئۇنتۇيدۇ، دۇنيالىقنى ئۇنتۇيدۇ، ئىمام قەرافىي ۋە ئىبنى تەيمىيەلەر نەشىنىڭ ھاراملىقىغا بىردەكلىككە كەلگەن ۋە ئىبنى تەيمىيە: «نەشە ۋە ئەپيۇننى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولىدۇ» دېگەن پەتۋانى بەرگەن.

بۇ ئورۇندا بىر سۇئال بار، ئۇ بولسىمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ: ھاراقنى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولامدۇ-يوق؟ دېگەن سۇئالىدۇر، بىز بۇ سۇئالغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق جاۋاب بەرگەن بولسا شۇنداق جاۋاب بېرىمىز.

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھاراق توغرۇلۇق سۇئال سورىغاندا، ئۇ كىشىنى ھاراق ئىشلىتىشتىن توسقان، ئۇ ئادەم: مەن ھاراقنى دورا ئورنىدا ئىشلىتەتتىم، دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھاراق دورا ئەمەس، ئۇ بەلكى كېسەلدۇر» دېگەن.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن كېسەل بىلەن تەڭ دورىنى بىللە چۈشۈردى، ھەر بىر كېسەلنىڭ بىر دورىسى بار، داۋالىڭلار، داۋالىنىڭلار، لېكىن ھارام بىلەن داۋالىماڭلار، داۋالانماڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەست قىلغۇچى نەرسىلەر توغرىسىدا: «ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ كېسەلدىن ساقىيىشىڭلارنى، سىلەرگە ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىدى» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇ دەلىل-پاكىتلار يالغۇز ھاراقنىلا دورا سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى، ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى كۆچكە ئىگە قىلىدۇ.

ئەمما سۈرمە ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى دورا تەركىبىگە تەۋەن نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا دۇرۇس، لېكىن دورىنى سۈپەت تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگۈچى دوختۇر چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشى، ئۆز كەسپىگە ماھىر بولۇشى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە ئاللاھ تەئالادىن قورققۇچى بولۇشى شەرت، چۈنكى ئىسلام شەرىئىتى قولايلاشتۇرۇش، ئاسانچىلىق، مۇشەققەت ۋە قىيىنلىشىشنى كۆتۈرۈۋېتىش، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمىلىلەشتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ھۆججىتىمىز- جانابى ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ:

«ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھ تەئالادىن غەيرىينىڭ

( يەنى بۇتلارنىڭ ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى، كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن ( يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىبانىدۇر.» ( سۈرە بەقەرە 173 ـ ئايەت ) دۇر.

## 3 ـ ئىسلام نۇرىغا ئاساسەن بۇ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشنىڭ چارىلىرى

بۇنىڭ چارىلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1 ـ ياخشى تەربىيە ئارقىلىق.

2 ـ سەۋەب ـ ئامىللارنى مەنئىي قىلىش ئارقىلىق.

3 ـ سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاش ئارقىلىق.

1 ـ ياخشى تەربىيە ئارقىلىق دېگىنىمىز: پەرزەنتنىڭ تىرنىقى ئۆسكەن، كۆزى سۈزۈلگەن، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ، پۈتۈن كائىناتنىڭ، ئاسمان ـ زېمىننىڭ، جانلىق ـ جانسىز بارچە مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسى بولغان، يەككە ـ يىگانە ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىش، ئاشۇ ئاللاھ تەئالادىنلا قورقۇش، ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن ھالەتلەردە بولسۇن ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ تەقىپ قىلىشى ئاستىدا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش لازىم، چۈنكى بۇ خىل مۇستەھكەم ۋە توغرا تەربىيىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ئەدىبىسىنى يېتىلدۇرۇش، نەپسىنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزەش ۋە ئەخلاقىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئەڭ زور تەسىرى بار. تارىختىي مەلۇماتلارغا قارايدىغان بولساق، ئىسلام بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا كىرگەن، ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئەرەبلەرنىڭ ئەدىبلىرى ئاللاھ تەئالانىڭ ھازىر ۋە نازىرلىقىدىن ئىبارەت ئىشەنچ بىلەن تەربىيەلەنگەن، كۆڭۈللىرى ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشنىڭ يىلتىزلىرىدىن مۇستەھكەملەنگەن، ئاللاھ تەئالادىنلا ياردەم كۈتۈش ئېڭى تىكلەنگەن، پەقەت ئاللاھ تەئالالا تايىنىش ئويىيكتى بولغان چاغدا، ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە كۆنۈپ قالغان ھەتتا قان بىلەن گۆشىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلانغان رەزىل ئادەتلىرى، پەس ئەنئەنىلىرىنى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئىختىيارى ھالدا چۆرۈپ تاشلىۋەتتى.

ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ ھاراق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ ھاراق ئاتالغۇلىرى، سورۇنى، ئىچىش ۋە كەيپلىرىنى قانداق سۈپەتلەيدىغانلىقىنى، ئىسىم قويۇشتىكى سۆز ياساش ئۇستىلىقى، ھاراقنى مەدھىيەلەيدىغانلىقىنى مىسالغا ئالساق، ھەقىقەتەن ئەجەبلەنمەي تۇرالمايمىز، ئۇلارنىڭ شائىرىنىڭ ھاراق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

مېنى ئۆرماقچى بولساڭلار، تالدىن كالتەك ياساپ ئۇرۇڭلار،
ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا ئۈزۈم سۈيىدە يۇيۇڭلار،

مازار ئىزدەپ يۈرمەستىن، جەسەدىمنى تال تۇۋىگە كۆمۈڭلار،
تۇمۇرلىرىم، سۆڭەكلىرىم مەيگە قانسۇن، تالدىن كىپەن قىلىڭلار.

ئۆلارنىڭ ھاراق ئۈچۈن ئىختىرا قىلغان ئىسىم ۋە ئاتالغۇلارغا قۇلاق سالايلى:

«مۇدامە، سولاپە، راھ، سەھبائ، ئىبنە ئەنقۇد، ئىبنەتۇل كەرەم، بىنتى دەنان، بىنتى ھان» دېگەندەك ئىسىم ۋە ئاتالغۇلار يۈزدىن ئاشىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھاراق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئامراقلىقى شۇ دەرىجىدە يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، ھەممىسى بىردەك: «ئى رەببىمىز، بىز ھاراق ئىچىشتىن قول ئۈزدۇق، قايتتۇق» دېيىشكەن. بەلكى ئۇلار ئۆيلىرىدە ساقلاۋاتقان كوزا ۋە ئىدىشلاردىكى ھاراقلارنى مەدىنە كوچىلىرىغا تۆكۈشكە باشلىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدا ئۈچ كۈن ھاراق ئاققان. ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىمان ئىنسانىيەتنىڭ قەلب تۇقۇلمىلىرىغا ئارىلىشىپ كەتكەن، ئىدىيە ۋە كۆڭۈللەردە يىلتىزى مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىپ كەتكەن ۋاقىتتا، ھەقىقەتەن ئاجايىب! ئاجايىب ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ، ئاجايىب، ئاجايىب ئىشلارنى! سىز ئويلاپ باقمىغان، چۈشىڭىزگە كىرىپ باقمىغان ئىشلارنى! ھەتتا خىيال قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ. بەلكى تۈزەش ۋە تۈرتكىلىك رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدۇكى، بۇنداق ئاجايىباتلارنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنىمۇ كاتتا ـ كاتتا دۆلەتلەر قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىلىرى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈمىدى تۇرسۇن، پالاكەتكە ئۈچرايدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرى ئاشۇ ئىمانغا نېمىدېگەن موھتاج، ئاشۇ ياخشى تەربىيىگە نېمىدېگەن ھاجەتمەن ـ ھە!

2 ـ بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەب ـ ئامىللىرىنى مەنئى قىلىش

بۇ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇلىيىتى ھۆكۈمەتنىڭ گەدىنىگە ئارتىلىدۇ، چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش كۈچى بولىدۇ. دۆلەت ھاراق ـ شاراپنىڭ بازارلاردا سېتىلىشىنى مەنئى قىلغان، ھەممە جايلاردا ھاراقنىڭ تۈرلىرىنى چەكلىگەن، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغان، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ۋە چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغان چاغدا، ئىچكۈچىلەر ۋە مەيپۇرۇشلارنىڭ چىقىش ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، ئىچمەكچى بولغان ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار ئۇنى تاپالمايدۇ، پاسىقلار يولغا ئېرىشەلمەيدۇ.

3 ـ بۇ ھادىسە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى جازالاش

ئۇلۇغ ئىسلام دىنى بۇ قەبىھ قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ھاراق ئىچكۈچىلەرنى 80 ـ 40 گە قەدەر قامچا ئۇرۇش جازاسىنى بەلگىلىدى، ئەگەر ھاراقكەشلەر، ساتقۇچىلار ياكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار، قامچا ئۇرۇش بىلەن پەيلىدىن يانماي ئىچىۋەرسە، سېتىۋەرسە ياكى ئىشلەۋەرسە، ئۇنداقتا تەزىلەش جازاسىدىن باشقا، تۈرمىگە قاماش، ئىقتىسادى جەھەتتىن جەرىمانە قويۇش، شتراپ قويۇش، توڭلىتىش ياكى مۇسادىرە

قىلىش جازاسىنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ. تاكى بۇ نىجىسلار ئانىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدىغانلار تۈگىمىگىچە قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قارىتا، ئېغىر ياكى يەڭگىل جازا قوللىنىش لازىم.

ھۆكۈمەتلەر مۇشۇنداق ئاتاش توغرا بولسا، پۇقرالىرىغا كۆيۈنىدىغان ھۆكۈمەت بولسا، جىنايى تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئەترەتلەر سادىقلىق، ئاكتىپلىق، ئىخلاسمەنلىك، ئىرادىلىك ۋە ئىستىقامەتلىك بولغان ھالدا جەمئىيەتنى ھاراق ۋە ھۇشسىزلاندۇرغۇچى بويۇملاردىن تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى لازىم.

## 4 - زىناخورلۇق ۋە بەچچىۋازلىق ھادىسىسى

باللار، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار ئارىسىدا ئومۇملىشىۋاتقان خەتىرى ئەڭ ئېغىر ھادىسىلەرنىڭ بىرى زىناخورلۇق ۋە بەچچىۋازلىق ھادىسىسى بولۇپ، تېخىچە بالاغەتكە يەتمىگەن، ياكى ئەمدىلا يېتىلگەن باللارنىڭ، ئاتا-ئانىلىرى ياكى يېقىن-يۇرۇقلىرىنىڭ پەرۋاسىزلىقى، غەپلەتتە قالغانلىقى، نازارەت قىلمىغانلىقىنىڭ كاساپىتىدىن زىنا-پاھىشە ۋە بۇزۇقچىلىق يولىغا ماڭغان، بۇ قەبىھ قىلمىش بىلەن بۇلغانغانلىقىنى، ھەتتاكى چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا ۋە ئەخلاقىي چىرىكلىككە ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ھالاكەت ۋە خانىۋەيرانچىلىقنىڭ سېسىق ئېغىلىغا كىرىپ قالغانلىقىنى تالاي قېتىم ئاڭلىدۇق.

ئۆز پەرزەنتلىرى ياكى ئاسىراندىلىرىنىڭ ساغلام ئېڭىنىڭ ئاستىن-ئۈستىن، ئوڭتەي-توڭتەي بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئەخلاقىنىڭ خانىۋەيران بولغانلىقىنى، رەزىللىك، پەسكەشلىك ۋە چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ سېسىق ئەۋرەزلىرىگە، قارا ئۆۋىلىرىغا شۇڭغۇپ كەتكىنىنى كۆرۈش ئاتا-ئانىلار ياكى مۇرەببىيلىرىگە نېمىدېگەن پاجىئە-ھە؟

ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ھالدا قاتناش ۋەقەسى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە ياكى بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسا، بۇ پاجىئە ئەمەسمىدى؟ بۇ قانچىلىك پاجىئە بولار ئىدى؟ ئەپسۇس، باللار ئۆلۈپ كەتكەن بولسا پاجىئە بىرلا قېتىمدا تۈگەيتتى. ئەمدى ئۇلار سېپىلىپ قالغان پاجىئە قاچان تۈگەيدۇ، قاچان ئاخىرلىشىدۇ، بۇ پاجىئەلەرگە يەنە قانداق پاجىئە ئەگىشىدۇ؟

ئاتا-ئانىلارنىڭ جىگەر پارىلىرى ۋە قەلب مېۋىلىرىنى نىجاسەت ئوكيانلىرىدا تۇنجۇقتۇرۇۋاتقان، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئەۋرەزلىرىدە ھالسىز تىپىرلاۋاتقان، رەزىللىكنىڭ ئايىغى يوق تۈيۈق زۇلمەتلىك قارا يوللىرىدا نىھايەت شام كەبى يورۇقلۇق يوق پۇتلىشىپ مېڭىۋاتقان ھالەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاھ-ۋاھ چەككەنلىرى، ھەسرەت-نادامەت ئۇرغانلىرى، پۇشايمان سۆۋەتلىرىگە سۇ ئۇسقانلىرىنىڭ پايدىسى بولارمۇ؟ ئەسقاتارمۇ؟

ئەگەر ئۇلار كۆز قارىچۇقلىرى بولمىش پەرزەنتلىرىنى ئېسىل، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ياخشى، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگەن، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى تولۇق نازارەت قىلغان، ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە كىملەر بىلەن دوست-ئاغىنە بولغان ۋە كىملەرگە ھەمراھ بولغانلىقىغا دىققەت قىلغان ۋە ئۇقۇپ، بىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەرگىزمۇ بۇ دەرىجىدىكى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە ۋە بۇ رەسۋالىق نەتىجىگە يەتمىگەن بولاتتى. ئەخلاقى جەھەتتىن چىرىكلىشىپ كەتكەن، ئىجتىمائىي

جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن باللارغا بىرىنچى بولۇپ كىم مەسئۇل؟ باللارمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئىگە- چاقلىرىمۇ؟

پەرزەنتلەرنى ئاتا- ئانىلاردىن باشقا ئېسىل ئەخلاق- پەزىلەتلەرنى چېڭ تۇتۇشقا كىملەر يېتەكلەيدۇ، ئۇلارغا چوڭ- كىچىك گۇناھ- مەئسىيەتلەرنى كىملەر قەبىھ كۆرسىتىدۇ؟ زادى كىملەر مەسئۇل؟

باللار تەربىيەسىگە بىرىنچى بولۇپ، ئىلگىرى- كېيىن دادا بىلەن ئانا ئىككىسى مەسئۇل، شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇلىيەت تەدرىجى باشقىلارغا يۆتكىلىدۇ.

بىز مانا بۇ قەبىھ ۋە سەسكىنەرلىك قىلمىشنىڭ ھادىسە توغرۇلۇق ئۈچ نۇقتىدا توختىلىمىز:

1 - بۇ ھادىسىدىن كېلىدىغان زىيانلار.

2 - ئىسلامنىڭ بۇ ھادىسە توغرىسىدىكى ھۆكمى.

3 - بۇ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇزۇل- كېسىل تۈگۈتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارە- تەدبىرى.

زىنا ۋە بەچچىۋازلىق ھادىسىسىدىن كېلىدىغان زىيانلار ھەقىقەتەن كۆپ، خەتەرلەر ھەقىقەتەن قورقۇنۇشلۇق، ئەھۋال ھەقىقەتەن چاتاق.

بۇ ھەقتىكى باياانلىرىمىزنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا بۆلدۇق:

1 - ساغلاملىق ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەكىلىدىغان زىيانلىرى:

زىناخورلۇق ۋە بەچچىۋازلىق جىنايى قىلمىشلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك كېسەللەر پەيدا بولىدۇ:

1 ) تاناسىل كېسەللىكى - جىنسىي كېسەللىك:

بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى - قاپارچۇق پەيدا بولۇش، تاناسىل ئەزالار، ئىككى كالپۇك، ياكى تىل ياكى قاپاق ئىششىقى پەيدا بولۇش. بەدەننىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە داغ- سەپكۈن پەيدا بولۇش، سۆزنەك، مانا بۇلار ناھايىتمۇ خەتەرلىك بولغان پالەچ، لەقۋالىق كېسەللىكلىرىنى، ھەتتا ئەمالىق، قان قېتىشىش، كۆكسى بوغۇزلىنىپ كىتىش، جىسمانىي جەھەتتىن كۈرۈمسىزلىك، تىل راكى، قىسمەن چاغلاردا سىل كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە بۇ كېسەللىك زىناخورنىڭ خوتۇن- باللىرىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، تۇتۇش ۋە شۆلگەي ئارقىلىق داۋاملىق يۇقىدۇ، ئائىلىدىن سىرتقا قارايدۇ، ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

2 ) سىزلام ياكى تۇتالماسلىق، تامچىلاپ تۇرۇش كېسەللىكى:

بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى - سۈيدۈك قىستاش، تامچىلاش، سىيگەندە قاتتىق كۆيۈشكەندەك ئازاپلىق ئېچىشىشنى ھېس قىلىش، ئەرلەرنىڭ سۈيدۈك يولىدىن يىرىڭلىق، شىلمىشىق ئىرىتمىلەر ئېقىش، ئاياللاردا بولسا بالىياتقۇ ئېغىزى شەلۋەرەش، سۈيدۈك يوللىرى ئېچىشىش، قىچىشىش، ئەرلەردىكى سۆزنەك ياكى سىزلام كېسەللىكلىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا ياكى ئاقىدىغان ئىرىتمىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىككى تاش بۆرەك ياللۇغلىنىش ۋە دوۋساق ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە سۈيدۈك يولى تارىيىش كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. ئاياللاردا بولسا بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە بۆرەك ياللۇغى پەيدا قىلىدۇ، ياللۇغنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى بالىياتقۇ



www.uyghurkitap.com

راكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەر-ئاياللاردىكى سىزلام كېسەلىنىڭ ئېغىرراقى ئەر-ئاياللاردىكى تۇغماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ، ئەرلەردىكى سۈيدۈك يوللۇغى قىسمەن چاغلاردا سۈيدۈك يولىدا قاپاچۇق پەيدا قىلىدۇ، قاپاچۇق سۈيدۈكنى توختىتىپ قويغانلىقتىن بەزى چاغلاردا ئۆلۈپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

3 ) يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، سۆزنەك، سىزلام، سىبلىس ۋە مەزى بېزى كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلغاندىن سىرت ھەر خىل تىپتىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ: پاھىشىۋازلىق ۋە ئاشنا ئويناش، زىناخورلۇق، بەچچىۋازلىق كەبىي مۇدھىش قەبىھ قىلمىشلارنىڭ نەتىجىسىدە، ھالاك قىلغۇچى مىكروبلارنىڭ كېسەلدىن ساق كىشىلەرگە يۆتكۈلۈش ئارقىلىق جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىدا ھاسىل بولغان بولغىنىش ئارقىلىق ھەر خىل پاسكىنا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

4 ) ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىم! مەزكۇر كىتاب «ئىسلامدىكى ئەۋلاد تەربىيەسى»نىڭ مۇئەللىپى ( ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن ) قولۇڭلاردىكى بۇ قىممەتلىك كىتابنى يېزىپ نەشر قىلغاندا، زىنا-پاھىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەيدىز كېسىلى تېخى بايقالمىغان ئىدى، بۇ جەھەتتە مەنكى كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى كەمىنە بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىم! بىزلەركى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئەينى دەۋرە تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەركىسى ۋە سەركىسى بولغان ئۇيغۇرلار ئىدۇق، بىز خۇشۇسەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 10 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، بىر مۇسۇلمان مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاقتا ئاگاھلىق رىئايە قىلىپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھالال-ھارام كۆرسەتمىلىرىگە ئەستايىدىل بويسۇنۇپ كەلگەن تولىمۇ ئېسىل مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدۇق، زىنا-پاھىشىنى ئىنتايىن چوڭ گۇناھ، قەبىھ، پاسكىنا، مەينەت، رەزىل، پەسكەش قىلمىش دەپ قارايتتۇق، سەسكىنەتتۇق، يىرگىنەتتۇق، جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق ناچار قىلمىشنىڭ سادىر بولۇشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيتتۇق، ھەتتا خىيال قىلالمايتتۇق، يىگىتلىرىمىز تولىمۇ مەردانە، ئېسىل، ئابرويلۇق، ئىناۋەتلىك، ھايالىق، ئۇياتچان، خىجالەتلىك ئىدى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىشاتتى، قىزلىرىمىز ياكى ئاچا-سىڭىللىرىمىز، خوتۇنلىرىمىز، ھەدىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز تولىمۇ ھايالىق، ئىپپەتلىك، شەرمى-ھايالىق، ئار-نومۇسلۇق، نومۇسچان، ئېسىل، يۈزىگە چۈمپەردە، چۈمبەل تاشلايدىغان، ئەقىللىق، دانا ئىدى، بۈگۈنگىچە خەمىت ھەكىمنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرى، دىراما ئۇسۇلچىلىقىغا ئاياللارنى ئاچىقالماي، ئەر كىشىنىڭ ئوڭ-سول يۈزىنى ئىككى خىل ياساپ، بىر تەرىپى ئەر، بىر تەرىپى ئايال قىلىپ سەھنىگە ئاچىققانلىقى بۇنىڭ تىپى مىسالى بولالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىپپەت ۋە ئار-نومۇسنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغان قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى، ئېپوسلىرى ۋە داستانلىرى ناھايىتى كۆپ، تارىختىن سۆزلىسەك كىتابىمىز كىچىكلىك قىلىدۇ.

ئەپسۇس، نادامەتلەر بولسۇن، ئەي ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر تۈرك مۇسۇلمان خەلقىم! ئەي بۇ خەلقىمنىڭ بىچارە، چارە-تەدبىرسىز، زەئىپانە، مەجرۇھ ئوغۇل-قىزلىرى! بىز قانداق مىللەت ئىدۇق؟ بىز نېمە بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟ ياكى نېمە بىزنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ

قويدى؟ بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك تەس كۈنگە قېلىشىمىزغا نېمە سەۋەب بولدى؟ بىزلەر ئەر-خوتۇنچىلىقنى پەقەت ئاللاھ تەئالا بەلگىلەپ بەرگەن نىكاھ ئارقىلىق ئۆتكۈزەتتۇق، نىكاھىمىزنى مۇسۇلمان جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزەتتۇق، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قوياتتۇق، قىزلىرىمىز ئىپپەت-ئار نومۇسنى قوغداش ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئەزىز جانلىرى ۋە ئىسسىق قانلىرىنى تەقدىم قىلاتتى، ئۆزىنى قۇربان قىلاتتى، يىگىتلىرىمىز، باھادىرلىرىمىز ئۆزى، ئائىلىسى، خەلقى، دىنى، ۋەتىنىنىڭ ئىپپەت-نومۇسى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزاتتى، باشلىرى تەنلىرىدىن جۇدا بولاتتى، ئەزىز جانلىرىدىن مەردانە كېچەتتى، ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئىپپىتىگە تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلىرىنىڭ باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا قىلاتتى، قېنىنى تۆكەتتى، جەھەننەمگە يولغا سېلىپ قوياتتى. ھەممەيلەن بىلىسە كېرەك، «يىگىت» دېگەن سۆزنىڭ مەناسى، خۇددى تۈركولوگ ئاتىسى مەھمۇد قەشقىرى ئىزاھلىغاندەك «جەڭچى» دېگەن بولىدۇ.

خوش! بۈگۈن بىز قانداق تائىپىگە ئايلىنىپ قالدۇق؟ مەھەللە-مەھەللىلەردە ئۇيغۇر قىزلىرى، ھەتتا ئانىلار، ھەدىلەر، ئاچا-سىڭىللىرىمۇ بار، ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا زىنا-پاھىشە قىلىۋاتىدۇ، ئاشنا ئويناۋاتىدۇ، ئەركىن مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ، يەنى ئەركىن زىنا-پاھىشە قىلىۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك، ھەر قايسى زىنا ئەۋرەزلىرى، قارا ئۆڭكۈرلىرىدە جىنسىي تەن سېتىۋاتىدۇ، ھەممىدىن يامان بولغىنى باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ياكى ئوقۇشسىز جەمئىيەتتە يۈرىۋاتقان ئۆسمۈر قىزلار. كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى كېرەكتىن چىقىۋاتىدۇ، ئەخلاق، ھايا، ئىپپەت، ئار-نومۇسقا پەرۋا قىلمايىۋاتىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پاھىشە بولاۋاتىدۇ، ھاراق ئىچىۋاتىدۇ، ئاق چېكىۋاتىدۇ، ئاھ چېكىۋاتىدۇ، يەنە بىر يامان ئىش- ئىچكىرىدىن چىققان ئاققۇن خىتايلار، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قەدەر كەڭ تارقىلىپ، ئايىغى يەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسىدە ساتىراشخانا، ساڭنا، مۇنچىخانا، كۆڭۈل ئېچىش، ئۇۋۇلاش، دىسكوخانا، تانسىخانا، تورخانا، مەيخانا، يالىڭاچ ھالەتلىك ئۇسسۇلخانا، كارا ئوكى، ياتاق، مېھمانخانا نامىلىرى ئاستىدا زىنا-پاھىشە قىلدىغان، باللار، يىگىتلەر، ھەتتا ئىمانسىز قېرىلارنى ئازدۇرىدىغان، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادى زىيان سالىدىغان، جىسمانىي زىيان سالىدىغان، ئەخلاقى ۋە روھى زىيان سالىدىغان، ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان قارا ئۇۋىلارنى، سېسىق گەندىخانىلارنى، يۇندا ئازگاللىرى-ئەۋرەز يوللىرىنى ئېچىۋاتىدۇ، ھەرىكەتتىن قالغان خومسىلارغا، ئاقسالارغا زەھەرلىك دورىلارنى سېتىپ بېرىۋاتىدۇ، ھاراق-تاماكا، نەشە، ئەپيۇن، خىروئىنلار شۇلارنىڭ قولىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر يىگىتلىرى! سىلەرگە نېمە بولدى؟ ئاشۇ چوشقا گۆشى يەيدىغان، يەر يۈزىدە يېمەيدىغان ھېچنەرسىسى يوق، مىدىرلىغاننىڭ ھەممىنى يەيدىغان، 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىن سېسىپ پىشەپ كۆلچىكىدىن بەكرەك سېسىق پۇرايدىغان، كاپىر، نىجىس، بۇراغ، مەينەت تەتەيلار، ياكى خالىغان ئادەم بىر نېمە قىلىدىغان، ھەتتا سېسىق ئىشەك، مەينەت ئورانگۇتانلار پۇل بەرسە، چار پاقىغا ئوخشاش تۆت پۇتلۇق بولۇپ بېرىدىغان، قۇچاقتىن-قۇچاققا ئۆتۈپ يۈرۈيدىغان، قانجۇق ئىتقا ئوخشاش، مىكىجىن چوشقىغا ئوخشاش، مىدە ئىشەككە ئوخشاش بىر نېملەر سىلەرنى مەھلىيا قىلىۋالدىمۇ؟ بۇ نېمە دېگەن پەسلىك؟ شەرمەندىچىلىك؟ ئاتا-ئانىڭلار سىلەردەك ئادىمى ھايۋاننى تاپقۇچە قەغەزگە سۈرتۈپ ئەخلەت تۆكۈشكە

تاشلىۋەتسە بولماسمىدى؟ كەچۈرۈڭلار، سەل قاتتىق تىگىپ سالىمەن، ياق! سىلەرگە تەگكەنلىرىم بەك ئاددى، گۈلگە ئوخشاش، جاھان رەنالىرى ئىچىدە بۇلاردەك گۈزەل يوق بولغان قىزلارنى نىكاھلاپ ئالساڭلار، ئۇلارنى پاھىشىلىك يولدىن ساقلاپ «ئانا بولۇش» سالاھىيىتىگە ئىگە قىلساڭلار بولمامدۇ؟ مىڭ ئەپسۇس، «چىۋىننىڭ كۆڭلى ھەمىشە پوقتا، ئەخلەتكە چۈشىدۇ»، ئەي يىگىتلەر! سىلەر نېمانچە دۆت؟ نېمانچە كالۋا؟ نېمانچە بۇزۇق-ھە؟ سىلەر ئايالارچۇ؟ سىلەر زادى نېمە؟ «سىلەرنىڭ بىر قولۇڭلاردا بۇشۈك، بىر قولۇڭلاردا دۇنيا تەۋرەيدۇ» ئەمەسمۇ؟ سىلەر بۇزۇلساڭلار پۈتۈن مىللەت بۇزۇلمامدۇ؟ بۇ مىللەتنىڭ كېلەچىكى نېمە بولىدۇ؟ يىگىتلەر! سىلەر نېمانچە دەيۈز؟ غەيرەتسىز؟ كۆڭلەمچىلىك، يىگىتلىك، ئەرلىك، ئوغۇل باللىق غورۇرۇڭلار نەگە كەتتى؟

تەنقىد قىلدۇق ئەيىبلىرىڭىز تۈزۈلەر،
تۈزۈلمىسە سىزلەردىن ئۈمىد ئۈزۈلەر.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمان قېرىنداشلىرىم! ئېھتىمال مەن قاتتىق ھەم قوپال سۆزلەپ سالغاندىمەن، ياكى ئاشۇرۇۋەتكەندىمەن، لېكىن بۇ جەمئىيەتتە ياشىغان ھەر بىر ئەقىللىق ۋە غورۇرلۇق، ئىسلام ئېتىقادىغا ئىگە كىشى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان رەزىل، قەبىھ ئىشلارغا قاراپ نەپرەتلەنمەي تۇرالمايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار، پەرزەنتلەرگە مەسئۇل كىشىلەر، پەرزەنتلەر، ياشلار، پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرى! دىققەت!!! سەمىڭلاردا بولسۇنكى:

يۇقاردا سۆزلەپ ئۆتكەن زىنا-پاھىشە قىلمىشلارنىڭ نەتىجىسىدە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە «ئەيدىز كېسىلى» ئىسىملىك دورا كار كۆيەش قىلمايدىغان، بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى كۈچىنى يوقۇتىۋېتىدىغان، ئەردىن ئايالغا، ئايالدىن ئەرگە، دادىدىن ياكى ئانىدىن بالىغا، قان ئارقىلىق، شۆلگەي ئارقىلىق، جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق، ئۇكول يىڭنىسىنى ئورتاق ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقۇملىنىدىغان، يۇقۇملىنىش نىسبىتى يۇقىرى، گىرىپتار بولغۇچىلار ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان بالايى ئەزىم كېسەللىك پەيدا بولدى. بۇ كېسەل پەيدا بولۇش بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر جىددىيلەشتى، ئالدىنى ئالماقچى ياكى ئۈزۈل-كېسىل تۈگەتمەكچى بولدى. ئۇلار قانداقمۇ تۈگىتەلىسۇن؟ ئۇلار زىنا-پاھىشىگە يول قويىدىغان، پاھىشە ۋە پاھىشە ئورۇنلىرىغا قانۇنلۇق كىنىشكە تارقىتىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى قوللايدىغان، ھەمكارلىشىدىغان، قوغدايدىغان تۇرسا؟!

ئۇنداقتا بىز بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىگە قايتىپ كېلەيلى! بۇ كېسەل نەدىن كېلىدۇ؟

ئەلۋەتتە، قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، بۇزۇقچىلىقتىن كېلىدۇ. ئۇنداقتا تۆرلۈك نامىلار ئاستىدا ئېچىلغان زىنا-پاھىشە ئەۋرەزلىرىدىكى سېسىق جالاپلاردا ئەيدىز كېسىلى يوقمۇ؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ياكى ئەيدىز كېسلى خىرىدار تالىشىپ، كۈنگە نەچچە ئادەمنى يولغا سالىدىغان پاھىشىلەردىن يۇقامدۇ؟

ياكى بۇنداق پاسكىنىلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىش قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ھېسابلانامدۇ؟

نېمە ئۈچۈن بۇنداق رەزىل مىكروپ تارقاتقۇچى ئورۇنلار ئامانلىق ساقلىغۇچىمىش ساقچىلار تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ؟

ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، بارلىق ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىڭلارغا ھېزىي بولۇڭلار! ئۇلارنى نازارەت قىلىڭلار! ئۇلارنىڭ ئار-نومۇسلۇق، ئىپپەتلىك ئۆسۈشىگە يارىدەمچى بولۇڭلار! پەرزەنتىڭلار زىنا-پاھىشىدىن ساقلىنىدىغان، نامەھرەمدىن كۆزىنى يۇمىدىغان، بەچچىۋازلىقتىن سەسكىنىدىغان بولسۇن، ئۇلارنى تۈرلۈك كېسەللىك ئاپىتىنىڭ نابۇت قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالايلى! پۈتۈن جەمئىيەت سەپەرۋەرلىككە كېلەيلى! بىردەك ئاتلىنايلى! ئەۋلادلىرىمىز ۋە نەسەبلىرىمىزنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالايلى! شالغۇتلىشىش ۋە چاڭلىشىشقا يول قويمايلى! ئىنساپ بىلەن ئويلىنىپ باقايلى!

زىنا-پاھىشە كەڭ تارقالغان، بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا قەدەر بۇزۇقچىلىق ۋە يامان ئىشلار ئەۋج ئالغان جەمئىيەتلەر دۇچ كەلگەن يامانلىق نېمە دېگەن زور، ئۇلاردا يامىرىغان خەتىرى ئېغىر بولغان يۇقۇملۇق، دورا كۈيەش قىلمايدىغان كېسەللىكلەر نېمە دېگەن تولا-ھە!

ئۇستازىمىز، رەھنەما رەھبىرىمىز، راستچىل، سەممىي پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ئىچىدە زىنا-پاھىشە ئەۋج ئالغان قەۋمنى جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنىڭ ئىلگىركى ئاتا-بوۋىلىرى ئىچىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان نامسىز كېسەللەر ۋە تۈرلۈك دەرت-ئاغرىقلار بىلەن بالايى-ئاپەت ياغدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزى نېمە دېگەن توغرا.

ئىمام ئىبنى ماجە، بەززارى ۋە بەيھەقىلەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھاجىرلار جامائىتى! بەش تۈرلۈك ئالامەت بار، سىلەر بۇ ئالامەتلەرگە مۇپتىلا بولغىنىڭلاردا، مەن ئاللاھ تەئالانىڭ سىلەرنى بۇ ئالامەتلەرگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىشىنى تىلەيمەن دەپ، بۇ ئالامەتلەرنىڭ ئىچىدە، بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە زىنا-پاھىشىنى ئۇچۇق-ئاشكارا قىلىدىغان ئىشلار ھەرگىز يۈز بەرمىسۇن، ئەگەر يۈز بېرىپلا قالسا، ئاللاھ تەئالا بۇ قەۋم ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاتا-بوۋىلىرى ئىچىدە بولۇپ باقمىغان كېسەللىكلەرنى ۋە ئاغرىق-سىلاقلارنى كەڭ كۆلەملىك تارقىتىۋېتىدۇ»، ئەقىل ئىگىلىرى ئويلاپ باقسۇن؟!

2 - ئىجتىمائىي، ئەخلاقى ۋە روھى زىيانلىرى:

1) بۇ ھادىسىنىڭ، نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ، شالغۇتلىشىپ كېتىشكە، نەسىلنىڭ بۇلغىنىپ زايا بولۇپ كېتىشكە، يۈز-ئابرۇيى ۋە ھۆرمەتلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا، ئاليجانابلىق، ئېسىللىك ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ يەرگە كۆمۈلۈشىگە، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتكە دەز كېتىپ، ئاخىرى ئۈزۈلۈشىگە، ئائىلە بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىناقلىقىنىڭ پارچىلىنىشىغا، رەزىللىك، پەسكەشلىك ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ ئەۋرەزلىرىگە ئۆزىنى

پۇچۇلاشقا، ئەركەكلىك، مەردانىلىك ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ يۇقۇلىشىغا ئېلىپ بارغانلىقى، سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، زىيانلىق ۋە خەتەرلىك بولىدىغانلىقىغا كۈپايە قىلىدۇ.

2 ) جەمئىيەتنىڭ، ئىززەت-ھۆرمىتى، شان-شەرىپى، نەسەبى، تېگى-تەكتىنىڭ تايىنى يوق، نە ئىگە بولىدىغان دادىسى يوق، «ھارامى» بالىلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى سەۋەبىدىن تەۋرەپ كەتكەنلىكى، ئەخلاقسىزلىق، ئانانىزم دولقۇنىنىڭ ئۈممەتنىڭ ياش ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرىنى يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقى قاتارلىقلار بۇ ئىپلاس ھادىسىنى خەتەرلىك ۋە زىيانلىق دېيىشكە ئاساس بولماسمۇ؟ ئەگەر جەمئىيەتتە مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن بولسا، بۇنداق جەمئىيەتتە ئەخلاقنى ئۆلچەم، پەزىلەت ۋە شان-شەرەپكە ئېتىبار نە قىممەت تۇرغۇزمايدۇكى، بۇنداق جەمئىيەتتە ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتلەر، ئالىيجاناب يۈكسىلىشلەر ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. ئېيىت، ئار-نومۇس بىر تىينىگە ئەرزىمەيدۇ.

ئەخلاق-پەزىلەتلىرى كۆمپەيكۈم بولۇپ كەتكەن، شەرمى-ھايا، ئار-نومۇسلىرى بىتچىت بولۇپ تۈگىشىپ كەتكەن، ئىچكى دۇنياسى، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان قىممەتلىرى خانىۋەيران بولغان جەمئىيەتنىڭ نە قىممىتى بولسۇن؟؟؟ ئۆسمۈرلىرى چېچىلىپ باشباشتاق بولۇپ كەتكەن، ئاياللىرىنىڭ ئار-نومۇسى ئاياغ ئاستى قىلىنغان، ئاياللىرى بۇلغانغان، ياشلىرى ئەسكىلەشكەن، جىنايەت پاتقاقلىرىغا ملەنگەن جەمئىيەتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟

جىنسىي غالجىرلاشقان، شەھۋەتلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان، ئۆزىگە ھېسسىياتلىرى ئىگە بولۇۋالغان، جىنسىي تەلپۈنۈشتىن ئۆزگە غەم ئەندىشىسى، ھارام قىلىنغان لەززەتلەرگە ئۆزىنى ئېتىشتىن باشقا ئالىي مەقسىتى بولمىغان، ھېسسىياتىنىڭ قۇربانى، چۈشكۈن شەھۋەتنىڭ ئۇلجىسىغا ئايلانغان، غايىسى يوق، نىشانى يوق، ماڭقۇرت جەمئىيەتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ قانداق شەرىپى بولسۇن؟ ئېنىقكى بۇنداق جەمئىيەت چوقۇم ئەخلاقسىز، چۈشكۈن، بىرلىك، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق يوق، ھەر لەھزە ۋەيران بولۇشقا، گۇمران بولۇشقا تەييار تۇرغان، تەھدىتكە دۇچار جەمئىيەتتۇر. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى-پاسات قىلىدۇ-دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز.» (سۈرە ئىسرا -16ئايەت)

## 2 - زىناخورلۇق ۋە بەچچىۋازلىق توغرىسىدا ئىسلامنىڭ ھۆكمى

بۇ قەبىھ قىلمىش، بارلىق مۇجتەھىد ۋە پىقھى ئالىملىرىنىڭ بىردەكلىكىگە ئاساسەن قەتئىي ھارامدۇر، ئۇلار تۆۋەندىكى ئايەت، ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىدۇ.

زىنانىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.» (سۈرە ئىسرا -32ئايەت)

«ئۇلار ئاللاھ تەئالاغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ تەئالا ھارام قىلغان ناھەق ئادەم

ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ.» (سۈرە فۇرقان - 68ئايەت)

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچى، زىنا قىلغان چاغدا مۇئمىن ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ».

ئىمام تىبرانىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «قىيامەت كۈنى زىناخورلارنىڭ چىرايلىرى ئوت بولۇپ يانىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «بىر مەھەللىدە زىنا-پاھىشە ۋە جازانە ئوچۇق-ئاشكارا بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىنى ھالال قىلىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام ئىبنى ئەبۇددۇنيا ۋە خەرائىتىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغان ئادەمگە قارىمايدۇ، ئۇنى گۇناھدىن پاكلىمايدۇ، ھەمدە دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرگىن، دەيدۇ» دەيدۇ.

بەچچىۋازلىقنىڭ ھاراملىقى توغرۇلۇق ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر.» (سۈرە شۇئەرا 166-165 ئايەتلەر)

«لۇتنى (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس».» (سۈرە ئەنكەبۇت 29-28 ئايەتلەر)

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشىنى قىلغان ئادەم مەلئۇندۇر، لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشىنى قىلغان ئادەم مەلئۇندۇر، لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشىنى قىلغان ئادەم مەلئۇندۇر»، بۇ جۈملىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، ئىمام ھاكىمىي رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئىمام ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «مېنىڭ قورقىدىغانلىرىم ئىچىدە، ئەڭ بەك قورقىدىغىنىم ئۈممىتىمنىڭ لۇت قەۋمى قىلغان ئىشنى[1] قىلىپ سېلىشىدۇر» دېگەن.

ئىمام تىبرانى ۋە بەيھەقى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تۆت تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپى ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپى ئىچىدە كەچ قىلىدۇ» دېگەندە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار كىملەر؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئەرلەر ئىچىدىن ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچىلار، ئاياللار ئىچىدىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچىلار، ھايۋاناتلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغۇچىلار ۋە

(1) بەچچىۋازلىق، چۈنكى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەچچىۋازلىق سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرلەرگە كىلىپ بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلار» دېگەن.

## 3 ـ بۇ ھادىسىلەرنى تۈزەش چارە ـ تەدبىرلىرى

ئىسلام شەرىئىتى زىناخور ۋە بەچچىۋازنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم جازالارنى بەلگىلىگەن، جازالار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ زىناخورنىڭ جازاسى

زىناخورغا شەرىئەتتە ئىككى تۈرلۈك جازا بار:

1 ) پالاش- سۈرگۈن قىلىش بىلەن بىرگە قامچا ئۇرۇش-تەزىيلەش جازاسى؛

2 ) رەجىم- تاش-كېسەك قىلىش جازاسى؛

1 ) سۈرگۈن قىلىش بىلەن بىرگە قامچا ئۇرۇش جازاسى، بۇ جازا توي قىلمىغان زىناخورلارغا بېرىلىدىغان جازا بولۇپ، ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئوخشاش يۈز قامچا ئۇرۇلىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۇئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن. (سۈرە نۇر ـ 2ئايەت )

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ سۈرگۈن قىلىش جازاسى بېرىلسە، تەزىر جازاسى بېرىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما قالغان ئىماملار قامچا ئۇرۇلغاندىن كېيىن ناماز قەسىر قىلىنمىغۇدەك جايغا سۈرگۈن قىلىش ۋاجىب، دەيدۇ، خەلىپە راشىدلار قامچا ئۇرغاندىن كېيىن سۈرگۈن قىلىشقا ھۆكۈم قىلغان، كۆپ ساندىكى ساھابىلارمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغان.

2 ) رەجىم- تاش-كېسەك جازاسى: بۇ جازا نىكاھلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان ئەر-ئايال زىناخورغا بېرىلىدىغان جازا بولۇپ، ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم ۋە باشقىلار بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر ئاللاھ تەئالادىن ئۆزگە ئىلاھ، مەئبۇدنىڭ يوقلىقىغا ۋە مېنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈش، ئۈچ تۈرلۈك ئىنشىنىڭ بىرنى قىلىپ سالمىسا ھالال بولمايدۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان جۇۋان زىناخور، ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل، (ئىسلام) جامائىتىدىن ئايرىلىپ، دىنىنى تەرك ئەتكۈچى قاتارلىقلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

سەھىھ ھەدىسلەردە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، توي قىلىپ بولغان، ئۆزلىرىنى پاك ساقلىيالىغۇدەك دەرىجىدە بولسىمۇ زىنا قىلغان، ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ زىنا قىلغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان، مائىز مالىك بىلەن غامدىيلىك ئايالنى رەجىم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى

بايـان قىلىنغان.

2 ـ بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى

بارلىـق ئىسـلام ئالىملىـرى بەچچىۋازلىقنـىڭ زىنا ـ پاھىشـە بولىدىغانلىقىغـا بىرلىككـە كەلـدى، لېكىـن جازانىـڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە ئىختىلاپ قىلىشتى، ئىمام بەغەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئەھلىلىرى بەچچىۋازلىققا جازا ئۆلچەشتە تالاش ـ تارتىش قىلىشتى، ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈكى بەچچىۋازلىـق قىلمىشى، زىناخورلۇققا ئوخشاش، شۇنىڭ ئۈچۈن بـۇ ئىككى قەبىھ قىلمىشقا ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ، ئەگەر بەچچىۋازلىـق قىلغۇچى ئىككى تـەرەپ ئېخى تـوي قىلمىغـان ياش ـ چوكىنلـەر بولسا يـۈز قامچا ئۇرۇلـىدۇ ۋە سۈرگۈن قىلىنـىدۇ، ئەگـەر تـوي قىلـىپ بولغـان بولسا رەجـىم قىلىنـىدۇ، مانا بـۇ ئاسسـەن ئىمـام شافىئىينىڭ پىكرىـدۇر».

يەنـە بەزىلـەر: بەچچىۋازلىـق قىلمىشى زىناخورلۇقتىـن قەبىھ، پەۋقۇلئاددە ئېغىر، شۇنىڭ ئۈچۈن بەچچىۋازلىـق قىلغۇچـى ۋە قىلىنغۇچـى، تـوي قىلغـان ياكـى قىلمىغـان بولسۇن رەجـىم قىلىنـىدۇ، مانا بـۇ ئىمـام ئەھمـەد ۋە ئىمـام مالىكىيلارنىـڭ مەزھىبىدۇر، ئىمـام شافىئىينىڭ يەنـە بىـر ئىجتىھادىـدا، بەچچىۋازلىـق قىلغۇچـى ۋە قىلىنغۇچـى ئوخشـاش ھالـدا ئۆلتۈرۈلىـدۇ، دەيـدۇ.[1]

ئىمـام ئەبـۇ ھەنىيفەنىـڭ قارىشـىدا، بەچچـىۋازلار ئىمـام تەرىپىدىـن ئاشـۇ يىرگىنىشـلىك قەبىـھ قىلمىشـىدىن قايتقانغا قـەدەر قامچا ئۇرۇلـىدۇ، ئەگـەر بـۇ قىلمىـش يەنـە تەكرارلانسا قىلىـچ بىلـەن بېشىنى تېنىدىـن جـۇدا قىلىـش جازاسى بېرىلىدۇ، مانا بـۇ ئۇلارغـا بېرىلىدىغـان تەزىرلـەش جازاسى دەيـدۇ.

ھۇزۇرۇۋۇڭلارغـا كـۆپ سانلىق مۇجتەھىـد ۋە فىقھشۇناس ئالىمـلار بىرلىككـە كەلگـەن، قىلغۇچـى ۋە قىلىنغۇچىنى ئوخشـاش ھالـدا ئۆلتـۈرۈش دېگـەن ئىجماغـا ئاسـاس قىلغـان دەلىل ـ پاكىتلارنى سۇنىمىز:

ئىمـام تىرمىزىـي، ئەبـۇ داۋۇد ۋە ئىبنـى ماجەلـەر، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «لـۇت سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ قەۋمـى قىلغـان ئىشنى (بەچچىۋازلىـق) قىلغان كىشـلەرنى تاپساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، قىلغۇچىنى ۋە قىلىنغۇچىنى ئۆلتـۈرۈڭلار» دېگەنلىكىنى بايـان قىلـدۇ.

ئىمـام بەيھەقـى ۋە باشـقىلار مىرزەل ئىبنى پەزالەدىـن، ئـۇ ئىبنى جۇرەيجدىـن، ئـۇ ئىكرەمەدىـن، ئـۇ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «بەچچىۋازلىـق قىلغۇچىنى ۋە قوكچىنى ئۆلتـۈرۈڭلار، ھايۋاناتلار بىلەن جىنسىي مۇناسـۋەت قىلغۇچىلارنىمۇ ئۆلتـۈرۈڭلار» دېگەنلىكىنى بايـان قىلىدۇ.

بىـر بۆلـۈك مەزھـەب ئىماملىـرى، ھايۋاناتلارغـا يېقىـن كەلگۈچىلەرگـە، يېقىـن كەلگـەن ھايۋاناتـلار بىلـەن قوشـۇپ تـاغ چوققىسـىدىن دومىلىتىۋېتىـش جازاسى بېرىـش لازىـم، چۈنكى ئـۇلار بىلـەن ھايۋاناتلاردىـن چاڭلىشىش، غەيرى نەسـىل پەيدا بولـۇش ئېھتىماللىقـى بـار، دېگـەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغـان.

بـۇ ھادىسـىنىڭ ئالدىنى ئېلىـش ۋە ئۈزۈل ـ كېسـىل يوقۇتۇشـنىڭ چارە ـ تەدبىـرى: مانا بـۇ پەۋقۇلئاددە قەبىـھ

(1) «تەرغىب ـ تەرھىب» 4 ـ دەپتەر، 325 ـ بەت، «بەچچىۋازلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش» دېگەن بابتىن ئېلىندى.

قىلمىش بولغان، زىناخورلۇق، بەچچىۋازلىق ۋە ھايۋاناتلارغا جىنسىي چېقىلىش قاتارلىق يىرگىنىشلىك ھادىسە، ئىشقاپ لەززەتلىنىش (يەنى ئالقان بىلەن مەنىي چىقىرىش ياكى سەۋزە ئارقىلىق لەززەتلىنىش) ئالامەتلىرىگە ئوخشاپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقاردا بۇ ھادىسە قانداق چارە قوللىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغانلىقىمىز، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئالدىغان چارىلىرى بىلەن ئۇ ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئالدىغان چارىلەر ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، گەپنى ئىككىنچى قېتىم يەنە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنى زۆرۈر ئەمەس، دەپ قارىدۇق.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! يۇقاردىكى چارە-تەدبىرلەرگە، يەنە بىر چارە-ئامال قوشۇپ قويۇشنى توغرا كۆردۇق، ئۇ بولسىمۇ ھەممەيلەننىڭ سەمدە بولسۇنكى، بۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ تۇنجى ئاۋانگارتلىرى نېمە بىلەن تۈزەلگەن ۋە ئىسلاھ بولغان بولسا، بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرى دەل ئاشۇ نەرسە بىلەن تۈزۈلىدۇ ۋە ئىسلاھ بولىدۇ، ئاتا-بوۋۋا ئۇممەتلىرىمىز ئۆتمۈشتە، ئۆزلىرىگە پەقەت ئىسلامىيەتنى، قۇرئان كەرىمنى، ئاللاھ تەئالانىڭ بۈيۈك نېئمىتى بولغان دىنىنى ھۆكۈمران قىلىپ، قانۇن-نىزام قىلىپ، شەرىئەت قىلىپ تۈزەلگەن ۋە ئىسلاھاتقا ئېرىشكەن بولسا، ئىززەت-ھۆرمەتنى پەقەت جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ ئاشۇ دىنى، ئاشۇ نېئمىتى ئىسلامىيەسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ سايىسى ئاستىدا ياشاش بىلەن تاپقان بولسا، كۈچ-قۇۋۋەتنى، تەمكىنلىكنى ۋە گۈللىنىش ھەزارىتىنى، پەقەت ئاشۇ دىنىنىڭ، ئاشۇ ئىسلامنىڭ، ئاشۇ قۇرئان كەرىمنىڭ، ئاشۇ شەرىئەتنىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە تايىنىپ مېڭىش بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بولسا، بۈگۈنكى بۇ ئۇممىتىمىز پەقەت تۈنۈگۈنكى ئۇممەت تۈزەلگەن ۋە ئىسلاھ بولغان نەرسە بىلەن تۈزۈلىدۇ، ياخشىلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى ئۇممىتىمىزگە باشقىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ، تالان-تاراج قىلىنغان، سالدۇرۇۋېلىنغان، ئىززەت-ھۆرمىتى، شانۇ-شەۋكىتى، دەخلىسىز كۈچ-قۇدرىتى، يىمىرىلمەس دۆلىتى، ھاكىمىيىتى، ئۆزۈندىن بىرى ئىزدەپ كىلىۋاتقان خاتىرجەملىكى قايتىپ كېلىدۇ ياكى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، ئۇلار (خۇددى ئاللاھ تەئالا سۆيەتىلگىنىدەك) ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ئەڭ ياخشى ئۇممەت، يېتەكچى، ئۈلگە كۆرسەتكۈچى، نەمۇنە، كۈچتۈڭگۈر ئىسلاھاتچى «سالاھىيىتى»نى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئاللاھ تەئالا توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز شۇنداق بىر قەۋممىزكى، ئاللاھ تەئالا بىزنى پەقەت ئىسلام ئارقىلىق ئەزىز قىلغان، بىز ئىززەتنى ئاللاھ تەئالا بىزنى ئەزىز قىلغان نەرسىدىن باشقا نەرسىدىن قانچىلىك تەلەپ قىلساق، ئاللاھ تەئالا بىزنى شۇنچىلىك خار قىلىۋېتىدۇ» (ئىمام ھاكىم)

ئادەملەردە ئىمان يۇقالسا، خالايىققا ئامانلىق بولماس،
دىن بىلەن ياشىمىغانغا ئىككىلى دۇنيا پەلاھلىق بولماس.
دىنسىز، ئىسلامسىز ھاياتقا رازى بولغان شەيتانىيلارنىڭ،
دۇنيادىن ئىزسىز يۇقىلار، ھاڭغىرت پىيچىلىك قىممىتى بولماس.

www.uyghurkitap.com

ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇپ نەۋرەڭ كۆپەيسە،
قىستىيالماس، شۇ ئىش شەھەر ئەھلىنى.
ۋە لېكىن كىشىلەر ئەخلاقتىن قاچسا،
قىستايدۇ بۇ ئىش ئىمان ئەھلىنى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى بولغان جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «زىيان تارتىشمۇ يوق ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوقتۇر» دېگەن پرىنسىپىغا ئاساسەن ۋە بارچە ئەيىب- نۇقساندىن پاك ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» (سۈرە بەقەر - 195ئايەت) دېگەن سۆزىگە بويسۇنۇش يۈزىسىدىن، شۇنداقلا ئىسلام ئەلچىلىكى بارچە تەربىيەتچىلەر ئۈستىگە، بولۇپمۇ ئاتا- ئانىلار ئۈستىگە ۋاجىب قىلىپ بېكىتكەن مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئۈستىگە ئېلىپ، مۇكەممەل ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئۇلار چوقۇم پەرزەنتلىرىنىڭ ساقلىقى، ساغلاملىقى، بىجىرىملىقى قاتارلىقلارنى ساقلايدىغان، ساقلىنىش سەۋەبلىرىنى چىڭ تۇتۇشى، جىگەر پارىلىرى، كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ھەر قاچان ئېھتىيات ۋە دىققەت ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشى، بالىلارنىڭ كۈتۈلمىگەن خەتەرلەرگە، ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان پاجىئەلىك ھادىسىلەرگە يۇلۇقۇپ قېلىپ، بىر ئۆمۈر ئەيىبلىك بولۇپ قالىدىغان، مېيىپ بولۇپ قالىدىغان، ۋاقىتلىق بالىنىستلاردا يېتىپ قالىدىغان ۋە كۆپ ھاللاردا يۈرەك پارىلىرىنىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كېتىشىگە، چىرايى بۇزۇلۇپ كېتىشكە، كۆرۈمسىزلىككە، كېسەلگە ياكى يارىلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئاگاھ ۋە دانا بولۇشى لازىم.

### ∆ دوكتۇر نەبىھ غەبرەتنىڭ مەزكۇر ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى:

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر!

تۆۋەندە بىز ھادىسىلەرنى ئازايتىش جەھەتتىكى ساقلاش، ساقلىنىش خاراكتېرىدىكى ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان بىر تۈرلۈك سەۋەبلەرنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

تۆۋەندىكى قۇرلار دوكتۇر نەبىھ غەبرەتنىڭ: «پائالىيەتتىكى قىينچىلىقلار» ناملىق كىتابىنىڭ - 177بەتتىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنغان خۇلاسىسى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك پەرزەنتلىرىمىزگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈر بولغاندەك، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى شۇنچىلىك مۇھىم ۋە شۇنچىلىك زۆرۈردۇر. پەرزەنتلەرنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان نورمال، ئورتاق مەنتىقىلىك نىزام شۇكى، بىر ياشلىق بالىلارنى ھىمايە قىلىش، قوغداش تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتە ئاتا- ئانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ. قانداقلىكى ئاشۇرۇۋېتىش ياكى بوش قويۇۋېتىشتىن كىلىپ چىققان ئاقىۋەتكە بۇلار مەسئۇل. بالا ئىككى ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، ئۇلارغا خەتەرلىك جايلار ۋە نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىشنى ئۆگىتىش ياخشى، دېمەكچىمەنكى بۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ دەزمال، مەش، گولو، ئوت، قايناق سۇ ياكى قىزىق قاچىلارنى تۇتۇپ سالماسلىق

ياكى چۈشۈپ كەتمەسلىكى، ياكى يېقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئېھتىيات قىلدۇرۇش سۈپىتىدە بەزى نازۇك دەرسلەرنى ئۆگىتىش كېرەك. مەسىلەن: كىچىك بالىلارغا يۇقارقىدەك نەرسىلەرنىڭ كۆيدۇرگۈچى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، تۇتۇپ سالغاندا قاتتىق ئاغرىق، دەرت ـ ئەلەم كەلتۈرىدىغانلىقى ۋە قورقۇنۇشلۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، پا! پا! دېگەندەك، ياكى باشقا ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرىنى ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ. ياكى يۇقاردا دەپ ئۆتكەن كۆيدۇرگۈچ ياكى قىزىق نەرسىلەرنى بالىغا ئەزىيەت بەرمىگۇدەك دەرىجىدە يەڭگىللىك ۋە تېزلىك بىلەن تۇتۇشقا يول قويۇش، ياكى ئۆزىمىز يەڭگىلگىنە تۇتقۇزۇپ قويساقمۇ بولىدۇ. مانا بۇ ئاددى دەرس، ساۋاق ئېلىش بىلەن بالىلار قىزىق نەرسىلەرنى تۇتۇش ياكى يېقىن بېرىشتىن قورقىدۇ ۋە ئېھتىيات قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئورۇندۇق، كارۋات، سۇپا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قىرغاقلىرى، گىرۋەكلىرىدە ئويناۋاتقان ياكى يېقىلىپ چۈشمەكچى بولغان ئېھتىماللىقنى كۆرسەك، ئەگەر بالىلارنىڭ قولىدا ياكى يېقىلىدىغان يەردە ئۇستىگە يېقىلسا بالىغا ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەر بولمىسا، يېقىلىشىغا يول قويساق بولىدۇ، بۇنىڭ ھېچقىسى يوق. لېكىن بىرەر ئەزاسىنىڭ سۇنۇپ كېتىش، يارىلىنىشىدىن ئېھتىيات قىلىش، ياكى بەك ئېگىز بولسا يول قويماسلىق لازىم. مانا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بالىغا ئېھتىيات قىلىش لازىملىقىنى ئۆگىتىش كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە پەرزەنتىڭىز، قوزىڭىز، جېنىڭىزغا ئۆگىتىش بىلەن قوغداش ئوتتۇرىسىدا نورمال تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك. ئائىلە كىشىلىرى جىگەر پارىلىرىنىڭ ئويناش جەريانىدا خېيىم ـ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان ئېھتىماللارغا ھەر قاچان سەگەكلىك ۋە زىرەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ھەر قاچان كېرەكلىك بولغان ئېھتىياتلار ۋە ۋاستىلارنى چىڭ تۇتۇش لازىم.»

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! بولۇپمۇ بارلىق تەربىيەتچىلەر، يۇقاردا دوكتۇر نەبىھ غەبرەت ھادىسىلەرنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋاستىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

نۆۋەتتە بىزمۇ مۇشۇ ساھەگە ئائىت بىر بۆلۈك ۋاستىلەرنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

1 ـ د د ۋ، كىرالۇن، لولو، چاشقان دورىسى، چىۋىن دورىسى، سۇۋەرەك دورىسى، ئۆسۈملۈكلەر ۋە زىرائەتلەردىكى قۇرت ۋە باشقا ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرۈش دورىسى دېگەندەك تۈرلۈك ناملاردىكى زەھەرلىك دورىلارنى، ئۆلتۈرگۈچى بويۇملارنى چوقۇم ئامبارلاردا، مەخسۇس ئۆيلەردە قويۇڭ، ئاچقۇچنى پەرزەنتلەر تاپالمايدىغان، ئىشەنچلىك جايلاردا ياكى قولى يەتمەيدىغان ئېگىز ياكى مەخپىي ئورۇنلاردا قويۇڭ، ئەگەر بۇ بويۇملار ئەينەك شىشىلەرگە ياكى قۇتىلارغا قاچىلانغان بولسا، چوڭ ۋە ئېنىق خەت بىلەن زەھەرلىك بويۇمنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇڭ، بۇ شىشىلەر ياكى قۇتىلارنى يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر تېپىلمايدىغان ئايرىم جايلاردا قويۇڭ ياكى ساقلاڭ، شۇنداقلا كىسلاتا تۈرىدىكى بارلىق سۇيۇقلۇقلارنى كۆز قارىچۇقلىرىڭىز تۈرىدىغان قورو جايلارغا يېقىن كەلتۈرمەڭ، ئەگەر مۇمكىن بولمىسا، ئۇلار تاپالمايدىغان جايلاردا قويۇڭ.

2 ـ ھاجەتتىن ئارتۇق، ئىستىمالدىن قالغان ياكى قايتا ئىشلىتىلمەيدىغان دورا ـ دەرمەكلەر ۋە ئوكۇللارنى ئەڭ ياخشىسى تاشلىۋېتىڭ، ياكى جان ـ جىگەرلىرىڭىزنىڭ تاناۋۇل قىلىپ سىيلىشىغا بوشلۇق قالدۇرماڭ، بالىلار بار يەردە دورا ـ دەرمەك ياكى ئوكۇل ئىشلەتمىگەن ياخشى، چۈنكى بالىلار دوراشنى ۋە ئەگەشمىچىلىكنى ياخشى

كۆرىدۇ، ئۆيىڭىزدە يوق چاغلىرىڭىزدا كۆز. قارىچۇقلىرىڭىز سىزنى دوراپ دورىلارنى يەپ قويۇشى ياكى ئۇكۇل ئۇرۇۋېلىشى مۇمكىن، دېمىسىمۇ باللارنىڭ دورىلاردىن زەھەرلىنىپ قالغان ھادىسىلەر «پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر»، ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ئازمۇ؟ پەرزەنتىڭىزگە دورا ئىچۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۇلارغا بۇ نەرسىنىڭ دورا ئىكەنلىكىنى، ئىچملىك ياكى تائام ئەمەسلىكىنى ياخشى چۈشەندۈرۈڭ، ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم! ئەڭ ياخشىسى باللىرىڭىزنىڭ ئىستىمال قىلىۋېلىشىدىن خاتىرجەم بولالمىسىڭىز، مالال كۆرمەي بىخەتەر يىراق جايدا قويۇڭ، ئارتۇق دورا-دەرمەك ساقلىماڭ.

3 - ئوچاق، تونۇر، مەش، پار قازان، گاز مەش، توك مەش قاتارلىق تۈرلۈك كۆيدۈرۈش مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسىگە ساقلىغۇچى توسۇق قويۇڭ، قازان، چەينەك، ئاليومىن قازان، توك قازان دېگەندەك قايناق سايمانلىرى، چايدان، چايجوق دېگەندەك قايناق سۇ ساقلايدىغان ئۇسكۇنىلەر بىلەن باللىرىڭىز ئوتتۇرىسىدا توسۇق، پەردە قويۇڭ، ياكى بىخەتەر جايدا قويۇڭ، بولمىسا گۆھەرلىرىڭىزنىڭ ئۆملەپ، تايتاڭلاپ بېرىپ كۆيدۈرۈۋېلىشىدىن ساقلانماق تەس، قانچىلىغان باللار ناباب، دۆت، بىخۇت، بىپەرۋا ئانىلارنىڭ سەل قارىغانلىقىدىن بىئەجەل كىتىپ قالدى، قانچىلىغان باللار ئوچاقلارغا دۈم چۈشتى، ئوت - قوقاسلارغا يىقىلدى، تونۇرلارغا چۈشۈپ كەتتى، پار قازانلىرىدا كۆمۈرگە، كىيىن كۈلگە ئايلاندى، قانچىلىغان باللار مەش - ئوچاقلارغا چاپلىشىپ قورۇق - قاقشال بولمىدى، قانچىلىغان باللار ھاماقەت ئانىلىرىنىڭ بىخەستەنلىك قىلىشى بىلەن چاي چەينەك، چايدان، قازان، مىڭگەن دېگەندەك قايناق سۇ قاچىلىرىغا يىقىلمىدى، ياكى بۇ قاچىلارغا ئوتتۇر كەلگەن يەردە، تاماق ئۇستەللىرىدە، ئولتۇرۇشمە جايلاردا، ئورۇندۇقتا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇستىدە قويغانلىقتىن، بۇ قاچىلاردىكى قىزىق قايناقلار يۇرەك پارىلىرىنىڭ ئۇستىگە تۆكۈلدى، ياكى بۇ نەرسىلەر ئۇستىگە باللار چۈشۈپ كەتتى، تالاي بەغەرەز ئانىلار قايىنتىلغان سۇ، مايلىرىنى قازان بىلەن كارىۋاتتىن چۈشىدىغان تار جايلاردا قويۇپ قويدى، بۇنى كۆرمىگەن باللار ياكى ئۇقماستىن كارىۋات ياكى ئۇستەلدىن بىۋاستە قازان ئىچىدىكى قايناق سۇ، ماي ئۇستىگە چۈشۈپ پۈتنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ قالدى، ئېغىر يارىلاندى، جىرايلىرى ياكى تەن قۇرۇلۇشلىرى كۆرۈمسىز ھالەتتە ئۆزگىرىپ كەتتى، بىر ئۆمۈر مېيىپ بولۇپ ھاياتى خارۇ-زارلىقتا ئۆتتى. (مەنىكى تەرجىمە قىلغۇچى - 1998يىلى - 6ئاي ئەتراپىدا مەلۇم دوختۇرخانىدا مەلۇم ئۇيغۇر ئايالنىڭ، 27 ياش ئەتراپىدا، ماڭا ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشىچە: ئانىسىنىڭ بىخەستەنلىكىدىن كىچىك ۋاقتىدا ئوتتا كۆيۈپ قېلىپ، تىزىدىن كۆكرىكىگىچە تاتۇق بولۇپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ بۇ ئايالنىڭ ئەڭ نازۇك ئەزاسىنىڭ ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە يارىلانغانلىقىنى، بۇ ئايال كىلىشكەن، چىرايلىق ئايال بولغاچقا (ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق) مەھەللىدىن كۆرۈمسىز، تاز چىراي، توڭ قاپاق بىرسىگە (ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، مەن كۆرگەن) ياتلىق بوپتۇ، 17 ياشقا كىرگەندە، كېيىن بۇ ئايال - 3پەرزەنتنى تۇغۇپتۇ، تۇغۇتى بەكلا تەسكە توختاپتۇ، ئاردىن 20 يىل ئۆتۈپ، ئۇ ئايالنىڭ كۆيگەن ئەزالىرى قايتىدىن يىرىڭداپ، پۈراپ، بۆزۈلۈشقا باشلاپتۇ، يولدىشى ئاز- تولا داۋالىغان بولسىمۇ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالاتقىلى، ھەتتا قولىدا، بانكىدا بار پۇلنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەپتۇ، ئۇ ئايالنىڭ ئېيتىشىچە ئۇزى چىرايلىق كىلىشكەن ئايال بولسىمۇ، لېكىن كۆيۈك ۋە تاتۇقنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابىنى



www.uyghurkitap.com

يەتكۈچە تارتىپتۇ، ھەتتا ئىرىنىڭ، تەك دىمەتلىكلىرىنىڭ، قولۇن-قوشنىلىرىنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقىغا ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچراپتۇ، ئۇ ئايالنىڭ تەبىئىي ئەمەس، بەلكى سۈنئىي جىسمانىي ئەيىب-نۇقسانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىرىنىڭ ھۆرمىتىنى، خىزمىتىنى ئەستايىدىل قىلىدىكەن، باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدىكەن، يېقىنقى يىرىگىداش، بۇزۇلۇش مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىرىنىڭ، ھەتتا بالىلىرىنىڭ مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپتۇ، مانا ھازىر ئىرى ياتاقتا ئالدۇرۇپ، ئازراق پۇل ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن سىرت دوختۇرخانىغا كەلگىلى ئۇنىمىدى، بۇنى بىزمۇ كۆردۇق، پۇل بولمىسا دوختۇرخانا كېسەل داۋالامدۇ؟ بۇنىسى ھەممە كىشىگە بەش قولدەك ئايان، دوختۇرلار بىمارلارغا قولىڭىزنى چىقىرىڭ، تىلىڭىزنى چىقىرىڭ، ئەمدى يانچۇقىڭىزدىكى پۇلىڭىزنى چىقىرىڭ، دەيدۇ ئەلۋەتتە، پۇل بولمىسا ئۆلۈپ كەتسىمۇ كارى يوق داۋالىمايدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتقان بولدۇق، كەمىنە تىجارەتچى ياكى كەسپىم بولمىغانلىقتىن يانچۇقنى كولاپ كىچىككىنە ياردەمنى ئايىمىدىم، ھەتتا بەزى مېھرىبان كىشىلەر بىلەن ئۇ ئايالنىڭ يولدىشىنى تېپىپ كەلگەنمۇ بولدۇق، يات كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقانلىرىدىن ئىزا تارتىپ، ئاز-تولا يانچۇق كولىغانمۇ بولدى، لېكىن ئىش ھەل بولمىدى، كېيىن مەن دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتىم، ئۇ ئايالنىڭ ھالى نېمە بولدى بىلمەيمەن، بۇ مەنزىرە ئون نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمىدى، كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى، خوش بۇ ئاقىۋەت نېمىنىڭ نەتىجىسى؟ قايسى ئىشتىن كىلىپ چىققان قورقۇنۇشلۇق پاجىئە؟ )

يۇقارقىدىن سىرت، ئاشۇ چېچەكلەر گۈل بولۇپ ئېچىلماستىن، تورغاقتەك توزۇپ كەتتى، كىچىككىنە تەنلىرى جانلىرىدىن جۇدا بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

ھۆرمەتلىك ۋە مېھرىبان ئانىجانلار! پەرزەنتلىرىڭىزلەرنىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كىتىشى، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىشى، مەلۇم ئەزالىرىنىڭ تاتۇق، كۆرۈمسىز ياكى قورقۇنۇشلۇق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر قاچان سەگەك ۋە ھۇشيار تۇرۇڭلار، بىر ئۆمۈر يۈرىكىڭلار داغلانمىسۇن، كۆز-قارىچۇقۇڭلار سىلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن قارىمىسۇن!

4 - پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ سەرەڭگە، تارشا گۈگۈت، چاقماق، پوجاڭزا، ئوق-دورا تۈرىدىكى ئاسان ئوت ئالىدىغان ۋە ئاسان پارتلايدىغان بويۇملارنى ئوينىشىغا يول قويماڭ، قولى يەتمەيدىغان، ئېگىز ياكى بىخەتەر جايلاردا قويۇڭ، ۋاقتى-ۋاقتىدا يانچۇقلىرىنى، يانلىرىنى سەزدۈرمەستىن، چاندۇرماستىن ئاختۇرۇپ تۇرۇڭ، بالىلار ئۆزىنى كۆيدۈرىۋالغان ياكى ئوت قويغان ئەھۋاللار ئاز ئەمەس.

5 - كۆز-قارىچۇقلىرىڭىزنىڭ ئېغىزىغا ياكى پۈركىگۈچ ئويۇنچۇقلىرىغا بىنزىن، سەلياركىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قاچىلاپ ئوت پۈركۈپ ئوينىشىغا يول قويماڭ، تۈرلۈك پائالىيەتلەر، مۇناسىۋەتلەر ۋە مەۋسۇملاردا ئوتلۇق نەرسىلەرنى ئويناشتىن ئاگاھلاندۇرۇڭ.

6 - توك ئۈسكۈنىلىرى، توك سايمانلىرى ۋە توك سىملىرىنىڭ خەتەرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇڭ ۋە ساقلاڭ، توك سوقۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ، ئېلىكتىر ساھەسىنىڭ بەك خەتەرلىكنى ھېس قىلدۇرۇڭ، ئۇقتۇرۇڭ.

www.uyghurkitap.com

7 ـ پىچاق، قىڭراق، جادۇ، خەنجەر، قىلىچ، پالتا، كەكە، تەۋەزۇن، قايچا، ئەينەك قاچا، تىغ، شىشە قاتارلىق سايمانلارنى بالىلارنىڭ قولى يەتمىگۈدەك ئېگىز، يىراق جايلاردا قويۇڭ.

8 ـ پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ئارغامچا بىلەن بويىنىنى باغلاپ، ياكى سىرتماق سىلىپ، ئات، ئېشەك، تۆگە، ئىت ئويۇنى ئوينىشىغا رۇخسەت قىلماڭ. سولياۋ خالتا، نەپەس ئالالمايدىغان، ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان نەرسىلەرنى بېشىغا كىيىپ، ياكى بېشىنى شۇ خىلدىكى نەرسىلەرگە تىقىپ ئويناشتىن قاتتىق چەكلەڭ. ئۇلارنىڭ بوغۇلۇپ قېلىش ياكى تۇنجۇقۇپ قېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى زور. شۇنداقلا بالىلىرىڭىزنىڭ ئېغىزىدا تاماق، مېۋە-چېۋە ياكى شار، سولياۋ دېگەندەك نەرسىلەر بار چاغدا، سەكرەپ ئوينىغىلى قويماڭ. پىستە، بادام، پۇرچاق، خاسىڭ، دادۇر، گىلاس، ئالارەھەت، ئەينولا، ئوكچا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاسمانغا ئېتىپ، بىۋاستە ئېغىزىغا چۈشۈرۈپ ئوينىغىلى قويماڭ. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنىڭ نەپەسلىنىش يوللىرىغا كەپلىشىپ قېلىپ، تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇش ياكى بىۋاستە ئۆپكىگە كىتىپ، چاتاق چىقىرىش ئېھتىمالى بار.

9 ـ ئانىلار مۇمكىنقەدەر بوۋىقى بىلەن بىر كارىۋاتتا ئۇخلىماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆز-قارىچۇقلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇش ئېھتىمالى زور. بىز مۇشۇ خىلدىكى ھادىسىلەر توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىمىز ئازمۇ؟ نۇرغۇن ئانىلار بوۋاقلىرىنىڭ ئېغىزىغا ئەمچەك سېلىپ قويۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ. بوۋاقمۇ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئانىنىڭ كىچىككىنە يەڭگىل بىر تەرەپكە قىيسىيىشى بىلەن ئەمچەك بوۋاقنىڭ ئېغىز-بۇرنىنى ئېتىۋالىدۇ. نەتىجىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. گاھىدا بىلەكلىرىدە بېسىپ، يوتقاندا بېسىپ تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ.

10 ـ بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرغان بولسىڭىز، بولۇپمۇ يۇقىرى قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇراقلاشقان بولسىڭىز، ئىشىك، دەرىزە، پەلەمپەيلەرگە ھېزى بولۇڭ. بالىلارنىڭ ئىشىك، دەرىزىلەردىن ئېشىپ چۈشۈشكە، ئېسىلىپ قارىشىغا يول قويماڭ. ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئىشىك، دەرىزىڭىز بالىلىرىڭىز ئېسىلىپ ئوينىغاندا، سىرتقا قارىغاندا، ئاسمانىڭ مەنزىرىلىرىگە قارىغاندا تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە بىخەتەر بولسۇن. ئەڭ ياخشىسى دەرىزىلىرىڭىزگە بىخەتەرلىك توسۇقلىرى، تۆمۈر سالاسۇن ياكى ھازىرقى زامان يەن-تېخنىكىسىنىڭ يېڭى ئىجادىيەتلىرىدىن توسۇق قويۇڭ. مۇشۇ خىلدىكى تالاي ھادىسىلەرنىڭ قۇربانى، ئۆمرىنىڭ ئەڭ گۈزەل چېچەك ۋاقىتلىرىدا تۇرۇۋاتقان ئۆسمۈرلەر بولدى ئەلۋەتتە. بۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت مۇشۇنداق ئىشلارغا سەل قارىغانلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟

11 ـ مىخانىك سايمانلىرىنى ياكى توك ئۈسكۈنىلىرى ۋە جاھازلىرىنى ئىشلەتكەندە، بولۇپمۇ كىرئالغۇ، گۆش توغراش ماشىنىسى، يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى ۋە مۇشۇ تۈردىكى نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندە پەخەس بولۇڭ. كىرئالغۇ قولنى ئۈزىۋەتكەن، گۆش توغراش ماشىنىسى بارماقلارنى توغرىۋەتكەن ھادىسىلەر ئاز ئەمەس.

12 ـ ھويلىڭىزنىڭ يولغا ئېچىلىدىغان چوڭ دەرۋازىسىنى دائىم تاقاق ياكى قولۇپلاپ قويۇڭ. بولۇپمۇ ھويلا دەرۋازىڭىز، چوڭ يوللارغا، ئاسفالتلاشتۇرۇلغان يوللارغا، قاتناش كۆپ ماڭىدىغان كوچىلارغا، ئېرىق-ئۆستەڭ، دەريا-ئېقىنلارغا ئېچىلىدىغان بولسا، بەك دىققەت قىلىڭ. پەرزەنتىڭىز ئانىنىڭ مەشغۇلات قىلىۋاتقان ياكى

بىخۇت قالغان ۋاقتىدا سىرتقا چىقىپ، كۆتۈلمىگەن قاتناش ھادىسىسى، سۇدا ئېقىپ كېتىش، چۈكۈپ كېتىش ۋەقەلىكلىرى بىلەن بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمىسۇن.

13 ـ كىچىك بالىلىرىڭىزنى ماشىنا ئىچىدە قويۇپ، بىرەر ھاجەت ئۈچۈن يەرگە چۈشمەكچى بولسىڭىز، قول تورمۇزىنى ياخشىلاپ تارتىڭ، ئالدىن ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىشنى، ئىشىك-دەرىزىلەرنى ئېتىشنى ئۇنتۇماڭ. ماشىنىڭىزنى ھەيدەشتىن بۇرۇن، ئالدى-كەينىڭىزگە، ماشىنا ئاستىغا ئوبدان قاراڭ. نۇرغۇن بالىلار، قېرىنداشلار، تۇغقانلار ياكى قوشنىلارنىڭ بالىلىرى، ئۆز دادىسى، تاغىسى ياكى قوشنىلىرىنىڭ ماشىنىسى بېسىۋېلىش بىلەن ياكى سوقۇۋېتىش بىلەن ئۆمۈر گۈلشەنلىرىدىن ئايرىلغان ئىش ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە.

14 ـ ئىشىك-دەرىزە ۋە مۇشۇ تۈردىكى نەرسىلەرنى ئېچىپ ياپقاندا دىققەت قىلىڭ، بالىلىرىڭىزنىڭ قول-پۇتلىرىنى قىسىۋالمىسۇن، مۇشۇنداق ئاددى ئىشلار سەۋەبىدىن تالاي پەرزەنتلەرنىڭ قول-پۇت، بارماقلىرى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى، دەرت-ئەلەملىك ھادىسىلەرگە سەۋەب بولدى.

مانا بۇلار ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ساقلاش ۋاستىلىرى بولۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر، جۈملىدىن تەربىيەتچىلەرنىڭ ئەقلى ۋە دانالىقىغا قالدۇرىمىز.

يۇقاردا بايان قىلغانلىرىمىز، ئىسلامنىڭ ئەۋلادلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەش توغرىسىدا بەلگىلىگەن ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىرى بولۇپ، سىز بىلگەندەك ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە ئىجابىي ۋاستىلار ۋە ساقلاپ قېلىش خاراكتېرىگە ئىگە سەۋەبلەردۇر. ئەگەر تەربىيەتچىلەر مانا مۇشۇ ئىجابىي ۋاستىلەر ۋە ساقلىغۇچى سەۋەبلەرنى چىڭ تۇتسا، ئىسلامنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ئەستايىدىل بولسا، بارچە ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلار، مۇئەللىملەر مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانسا ۋە مۇشۇ يولدا دادىل قەدەم ئېلىپ ماڭسا، بىز چوقۇم كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ساغلام، كۈچلۈك، تىمەن، جاسارەتلىك، باتۇر، قەيسەر، شىجائەتلىك، روھلۇق، يارامىلىق ئەزىمەتلەر بولۇپ ئۆسكەنلىكىنى، خاتىرجەملىك، بەختەرلىك يولىدا ساباتلىق ماڭغىنىنى، ئىسلام يۈكلىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

دىققەت! ھەممە كىشى جەزمەن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىككى، ئىسلام ئۈممىتى ساغلام ئەقىل، كۈچلۈك بەدەن، مەزمۇت ئىرادە، سۇنماس نىيەت، يۇقىرى بېسىملىق شىجائەت ۋە مۇكەممەل، تولۇق ئاڭ-سەۋىيەدىن مەنئەپەتلىنەلىگەن، پايدىلىنالىغان كۈندە، ئۇلار تۈرلۈك نەتىجىلەردە باش كۆتۈرۈشكە، ئوبرازىنى نامايان قىلىشقا، ھازارەتكە ئىلگىرىلەشكە، ياردەم، غەلىبە، نۇسرەت ۋە ئۇلۇغلۇق تېپىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزلەشكە، چىڭ تۇتۇشقا، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تائەبەدلىك، مەڭگۈ-مەڭگۈلۈك ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلەشكە باشلايدۇ، بەل باغلايدۇ، تىرىشىدۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە مۇئمىنلەر ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى ۋە غەلىبە نۇسرىتىدىن شاد-خۇراملىققا چۆمىدۇ. ئاللاھ تەئالا خالىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، غەلىبە-نۇسرەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئەزىز، غالىب ۋە مېھرىباندۇر.

بارلىق ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار، مۇئەللىملەر، تەربىيە ساھەسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك كىشىلەر!

www.uyghurkitap.com

مانا بۇ بىردىنبىر يىگانە ھاياتلىق يولى،

مانا بۇ بىردىنبىر يىگانە كۈچ-قۇۋۋەت يولى،

مانا بۇ بىردىن بىر يىگانە ئۇلۇغلۇق يولى،

مانا بۇ بىردىنبىر تائابەدىيلىك، مەڭگۈلۈك يولى.

سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرۇلغان بۈگۈنكى ئىسلام ئەۋلادلىرى، بۇ يولغا ۋە بۇ يولنىڭ ئۇلۇغۋار تەلىماتلىرىنى ئەمەلىي ھاياتىغا تەدبىقلاپ ياشاشقا، جىسمانىي جەھەتتىن تەييارلىنىش، يېتىلىش، روھىي ۋە سەھىيە جەھەتتىن ساغلام بارلىققا كەلتۈرىدىغان پرىنسىپلارنى تۇتقا قىلىش ۋە ئەمىلىيلەشتۈرۈشكە نېمە دېگەن موھتاج-ھە! ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلالىغان بولسا ئۇستىدىكى يۈكلەرنى كۆتۈرۈشكە، ھۆددىسىدىن چىقىشقا، ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرۇشقا، ئىسلامىي ئەلچىلىك ئۇستىگە يۈكلىگەن، ئىسلامىيەتنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ، پۈتۈن يەر شارىنى ئىسلاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تۇنجى ئەۋلاد ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇستىگە ئالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئەۋلاد تابىئىنلار ئۇستىگە ئالغان، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئۇستىگە ئېلىپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ياكى سەل ئىلگىرى سۇلھى-سالا ۋە سەپكە چۈشۈپ قالغان، ئۇستىگە ئالغۇچىلار قالمىغان ياكى ئاز قالغان، ئۇلۇغ مەسئۇلىيەت ۋە بۈيۈك بۇرچنى ئۇمۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ئۇستىگە ئېلىشقا قادىر بولالايتتى، ئەلۋەتتە.

ئى ئاللاھ! بۈگۈنكى ئىسلام ئۇممىتىمىزنى خۇداسىزلىق، دەھرىيلىك، ئاتېئىزم، كاپىرلىق، مۇناپىقلىق، پاسىقلىق، زالىملىق، جىنايەتكارلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە جاھىلىيەتنىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتقازغىن، ئۇلارنى ئىمان نۇرىغا، ئىسلامنىڭ يېتەكلىشىگە، قۇرئاننىڭ سايىسىغا، دىنىڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئېلىپ چىققىن، ئەخلاقىنى تۈزەتكىن، ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتلەرگە مۇيەسسەر قىلغىن، ئىسلام بىلەن ھىدايەت قىلغىن، سەن ئىنئام قىلغان «توغرا يولۇڭ»غا باشلىغىن!

ئى ئاللاھ! ھەممە ئىش ساڭا ئاسان، بىزگە بەسىي مۈشكۈل ياكى مۇمكىن ئەمەس، ئامىن!

## تۆتىنچى پەسىل: ئەقلىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى

ئەقلىي تەربىيەدىن مەقسەت، بالىنى كىچىكىدىن باشلاپ شەرئىي ئىلىملىرى ۋە دەۋر ئىلىملىرىدىن، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ئىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىپ، ئۇلاردا ئىلمىي ساپا ۋە ھەزارەت پىكرى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى پىكرىي، ئىلمىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلدۈرۈش، يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەگە ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر.

مانا بۇ مەسئۇلىيەت پىلان تۈزۈش ۋە ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە بىز يۇقىرىدىكى بۆلۈملەردە بايان قىلىپ ئۆتكەن: ئىمان تەربىيەسى مەسئۇلىيىتى، ئەخلاق تەربىيەسى مەسئۇلىيىتى ۋە جىسمانىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى

قاتارلىقلاردىن قېلىشمايدۇ، چۈنكى ئىمان تەربىيەسى ئاساس سېلىش، جىسمانىي تەربىيە يېتىلدۈرۈش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش، ئەخلاق تەربىيەسى كۆندۈرۈش ۋە ئادەتلەندۈرۈشتۇر، ئەمما ئەقلىي تەربىيە بولسا، ئۇ ئاڭ يېتىلدۈرۈش، ساپالىق ۋە تەلىم-تەربىيىلىك قىلغانلىقتۇر.

مانا بۇ تۆت تۈرلۈك مەسئۇلىيەت ۋە ئاللاھ تەئالا خالىسا بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈملەردە بايان قىلماقچى بولغان مەسئۇلىيەتلەر، ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلەرنى ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ئۈستىدىكى ئىسلام ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان مەسئۇلىيەتچان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتا، ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ياردەملىشىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىمان پىكىر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، ئەخلاق ساغلاملىق بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان تەربىيە نېمە دېگەن گۈزەل تەربىيە، نېمە دېگەن چىرايلىق تەربىيە-ھە!

بالا ئەملىي ھاياتقا قەدەم قويغاندا ئاللىقاچان مۇرەببىلىرى تەرىپىدىن ھەر تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلۈنگەن، ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن بولسا نېمە دېگەن كاتتا ئىش بولار ئىدى-ھە!

ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەرگە قارىتا ئېلىپ بارىدىغان مېڭىشقا، مەسىلەك قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، بارچە مەسئۇلىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ باسقۇچلىرىنى بايان قىلماي بولمىسا، ئۇنداقتا مەن ئەقلىي تەربىيە ساھەسىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى تۆۋەندىكى ئىشلارغا مەركەزلىشىدۇ، دەپ قارايمەن.

بىرىنچى: تەلىم-تەربىيە مەجبۇرىيىتى.
ئىككىنچى: پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتى.
ئۈچىنچى: ئەقلىي ساغلاملىق مەجبۇرىيىتى.

## 1 - تەلىم - تەربىيە مەجبۇرىيىتى

مانا بۇ مەسئۇلىيەت ئىسلام نەزىرىدە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن، چۈنكى ئىسلام پەرزەنتلىرىنى تەلىم-تەربىيىلىك قىلىش، ئۇلارغا ساپا ۋە ئىلىم بولاقلىرىدىن ئۇچۇملاپ ئىچكۈزۈش، زېھنىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل چۈشەنچىگە مەركەزلەشتۈرۈش، خالىس مەرىپەت، زىننەت بەرگۈچى، مۇھاكىمە ۋە ساغلام پىشىپ يېتىلگەن ئەقىل-ئىدراك قاتارلىقلارغا ئىگە قىلىشتىكى بارلىق چوڭ مەسئۇلىيەت مەجبۇرىيەتلەرنى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. مانا بۇلار ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىقتىدارى جارى بولىدۇ، تۇغما تالانتلار ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ، ئەقىللەر پىشىپ يېتىلىدۇ، ماھارەت ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. تارىخى مەلۇماتلارغا قارايدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل بولغان قۇرئاننىڭ تۇنجى سۈرىسى: «ياراتقان رەببىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، سېنىڭ رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئۇ ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.» (سۈرە ئەلەق 5-1 ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر بولدى.

مانا بۇ ئەمەلىيەتتە ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ماھىيىتىنى ئۇلۇغلىغانلىق، پىكىر ۋە ئەقىلنىڭ مەشئىلىنى يۇقىرى

كۆتۈرگەنلىك، ئۈستۈنلۈكنى جاكارلىغانلىق، ھازارەت ئىشىكىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەنلىك ئەمەسمۇ؟

بىز ئىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئالىملارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، بۇ جەھەتتىكى ئۈچۈرلارنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلىكىنى، چوڭ-كىچىك ھەممىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بارلىقىنى كۆرىۋالىمىز. ئايەتلەردىن:

«ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» (سۈرە زۇمەر ـ 9ئايەت)

«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» (سۈرە تاھا ـ 114ئايەت)

«ئاللاھ تەئالا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.» (سۈرە مۇجادىلە ـ 11ئايەت)

«نۇن، قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى» (سۈرە قەلەم ـ 1ئايەت)

ھەدىسلەردىن:

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا ئىلىم تەلەپ قىلىپ ماڭغان ئادەمگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەن.

ئىمام تىرمىزى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دۇنيا مەلئۇندۇر، دۇنيادىكى تامام نەرسە مەلئۇندۇر، پەقەت ئاللاھ تەئالانى ياد ئېتىش، ئاللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلىدىغان ئىشلار، ئۆگەتكۈچى بولۇش ياكى ئۆگەنگۈچى بولۇش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر» دېگەن.

ئىمام تىرمىزى ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى ئارتۇقچىلىقى، خۇددى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەنلىرىڭلارغا قارىتا ئارتۇقچىلىقىم بولغانغا ئوخشاشتۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى كىشىلەر، ھەتتا تۆشۈكىدىكى چۈمۈلىلەر ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلارغىچە قەدەر كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچىگە رەھمەت تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن.

ئىمام مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئادەم بالىسى ئۆلسە، ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۈچ تۈرلۈك ئىش: سەدىقە جارىيە (ئېقىپ تۇرىدىغان داۋاملاشقۇچى سەدىقە)، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ياخشى پەرزەنت» دېگەن.

مۇسۇلمانلار يۇقارقىدەك قۇرئان يوليۇرۇقلىرى ۋە پەيغەمبەر يېتەكلىشىگە ئاساسەن، پەيغەمبەرلىك دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە تەبىئەت ئىلىملىرى ۋە باشقا ئىلىم مەكتەپلىرىگە ئۇزىنى ئاتتى، ھەر قانداق مەنپەئەتلىك ئىلىمنى ئۆگىنىشنى پەرز ياكى ۋاجىبلىق نۇقتىسىدىن قاراپ باھا بەردى، دۇنيادىكى بارچە مىللەتلەرنىڭ

پەن-مەدەنىيەتلىرى ۋە ھەزارەتلىرىدىن پايدىلاندى، ئۇنى يېڭىلىدى ۋە ھەزىم قىلدى ۋە بۇ ئىلىملەرگە ئىسلام ماركىسىنى چاپلىدى، مېغىزىنى قوبۇل قىلدى، شاكىلىنى تاشلىدى، ئۆزۈن زامانلاردىن بىرى دۇنيا ئۇلارنىڭ ئىلىملىرىدىن بەھرىمەن بولدى، ھەزارىتىدىن پايدىلاندى، بۈگۈنكى يېڭى دۇنيادا مەيلى غەرbتە بولسۇن ياكى شەرقتە چاقنىغان ماددىي ھەزارەت ئۇلارنىڭ سەقەلىيە، ئاندىلۇس ۋە ئەھلى سەلب ئۇرۇش يوللىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارىتى ۋە ئىلىملىرىدىن قوبۇل قىلغان ھاسىلاتلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھەقىقەتەن ئىسلامىي دۆلەت ئازغۇن دۇنيانىڭ پىر-ئۇستازى، ھەيرەتتە قالغان ئىنسانىيەتنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى بولغان ئىدى.

## • ئىنساپلىق ئالىملارنىڭ ئىسلامنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇقىغا بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى

غەرب پەيلاسوپلىرى ئىچىدىن چىققان بىر بۆلۈك ئىنساپلىق پەيلاسوپلار مۇسۇلمانلار ئۆزۈن دەۋرلەردىن بىرى يېپىقا تىزىپ كەلگەن بۇ ئىلىم ۋە ھەزارەت دۇردانىلىرىنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە شاھىد بولىدۇ:

1 ـ شىرىستىي: ئۆزىنىڭ ئىسلامىي پەن-مەدەنىيەت توغرۇلۇق ماقالىسىدە: «ياۋروپا مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىسلامىي پەن-مەدەنىيەتكە ھەيران بولۇپ، گاڭگىراپ قالدى» دەيدۇ.

2 ـ گوللاندىيىلىك شەرقشۇناس دوزى: «ياۋروپادا يۇقىرى تەبىقىلىك پوپلاردىن باشقىلارنىڭ باشلانغۇچ خەت يېزىش ۋە ئوقۇش ساۋادى بولمىغان چاغلاردا پۈتۈن ئەندىلوستا ساۋاتسىز بىرمۇ ئادەم تېپىلمايتتى» دەيدۇ.

3 ـ لىن بول ئۆزىنىڭ «ئەرەب ۋە ئىسپانىيە» دېگەن كىتابىدا: «ياۋروپا نادانلىق ۋە مەھرۇملۇقنى ئامبار-ئامبارلاردا زاپاس ساقلاۋاتقان چاغلاردا ئەندىلوس دۇنيانىڭ ئىلىم رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ سەقافەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرمەكتە ئىدى» دەيدۇ.

4 ـ بىروفلىت «ئىنسانىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى» دېگەن كىتابىدا: «ئەرەبلەرنىڭ ھازىرقى يېڭى دۇنياغا تەقدىم قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئىلىمدۇر، ياۋروپا تەرەققى قىلغان، ئۆسۈپ يېتىلگەن تەرەپلەردىن ھېچبىر تەرەپنى ئىسلامىي سەقافەتنىڭ تەسىرى ۋە نىسىۋىسىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس، ئاشۇ ساپا ھەردائىم بۈگۈنكى يېڭى دۇنياغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە، بۇ ساپانىڭ ھەردائىم ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئورنىنى ساقلاپ كېلىشى، ئۇنىڭ تەبىئىي ئىلىم ۋە ئىلمىي روھ بولغانلىقىدا، مانا بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىسلامدۇر، دەل ئىسلامنىڭ ھازارەت قۇرۇپ چىققىدىغان دىن بولغانلىقىدا» دەيدۇ.

5 ـ ئەبۇ شەبەكە «ئەرەبلەر بىلەن پەرەڭلەر ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر روھ مۇناسىۋەتلىرى» دېگەن كىتابىدا: «ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ئىسپانىيە ۋە ياۋروپاغا شۇملۇق ئېلىپ كەلدى، چۈنكى ئەندىلوس بەخت-سائادەتنى پەقەت ئەرەبلەرنىڭ سايىسىدا تاپقان ئىدى، ئەرەبلەر كېتىپ قېلىۋىدى، بايلىق، گۈزەللىك ۋە مولچىلىقنىڭ ئورنىغا خانىۋەيرانچىلىق چۈشتى» دەيدۇ.

6 ـ ھ. ر. جىب «ئىسلامدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر» دېگەن كىتابىدا: «پۈتۈن ياۋروپادا قەد كۆتۈرگەن تەجرىبە

مەزھىبى، ئەمەلىيەتتە ئىسلامنىڭ ئىگىزلىك مىراسىدۇر، مەن مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار ئۈستىگە ئالغان ئىنچكە، نازۇك ۋە تەپسىلىي ئىلىپ بارغان مۇلاھىزىلەر ئىلمىي مەرىپەتنىڭ ئالغا سىلجىشىغا ئەمەلىي ۋە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، تەجرىبە ئۇسلۇبى مۇشۇ مۇلاھىزە يوللىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋرۇپاغا يېتىپ بارغان دەپ قارايمەن، مەن باشقىلارنىمۇ مىنىڭ قارىشىمغان قوشۇلىدۇ، دەپ ئويلايمەن» دەيدۇ.

7 - فىكتور روبىنسون ئاندولۇستىكى ئىسلامىي ھەزارەت بىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرۇپا ھەزارىتى ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتلەر سېلىشتۇرمىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «ياۋرۇپانىڭ ئېسىلزادىلىرى ئۆز ئىسىملىرىنى ئىمزا قىلىپ يېزىشقا قادىر بولالمىغان چاغلاردا، قۇرتۇبەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك باللىرى مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇيتتى، ياۋرۇپانىڭ راھىبلىرى چېركاۋلاردا ئىنجىلنى قىرائەت قىلىپ چالا- پۇچۇق ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇۋاتقان چاغلاردا، قۇرتۇبەنىڭ مۇئەللىملىرى بۈيۈك ئىسكەندىرىيە كۇتۇپخانىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان كاتتا كۇتۇپخانىلارنى تەسىس قىلغان ئىدى» دەيدۇ.

مانا بۇ سۆزلەر، بۇ ساھەدىكى گەپ سۆزلەر بەك جىق، بىزگە ئىسلام ئۆز قېتىغا ئالغان ھەزارەتنىڭ تۈرتكىلىك كۈچ- قۇۋۋىتىنىڭ ۋە ئىلمىي نۇرىنىڭ نۇرلاندۇرۇش كۈچىنىڭ ئېنىق ۋە روشەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى ياۋرۇپا ئالىملىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ۋە پىكرى جۇرئەتلىرى ئۈچۈن ئاممىۋى ساھەلەردە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان چاغلاردا، ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم جۇلالىسى ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشئەل يېقىپ چاقماق چاقماقتا ئىدى!

## • بۇ ھەزارەتكە تۈرتكە بولغان سىر توغرىسىدا

ئۇنداقتا بۇ ھەزارەتكە تۈرتكە بولغان، ئىلمىي جەھەتتىن نۇرلۇنۇشقا شۇنچىۋالا ئىنتىلدۈرگەن نەرسىلەرنىڭ سىرى نېمە ۋە قەيەردە؟

سىرى مەڭگۈلۈك ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قېتىغا ئالغان پرىنسىپلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان:

1 - ئىسلام دىنىنىڭ روھ بىلەن ماددىنى، دىن بىلەن دۇنيانى، ۋە ئۇ ئالەم بىلەن بۇئالەمنى بىرلەشتۈرگەن دىن بولغانلىقىدا، بۇ دىنىنىڭ ئىبادەتلىرى، مۇئامىلاتلىرى، ئىجتىمائىي قانۇن- تۈزۈملىرى ۋە دۇنيالىق ھۆكۈملىرىدە ئىنسانىيەت ھەزارىتىنىڭ بىناسىنى قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن يارقىن جۇلاسى ۋە ئېنىق بولغان تەسىراتلىرى بار.

ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى شوئارى: «ئاللاھ تەئالا ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن.» (سۈرە قەسەس - 77ئايەت)

«ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغۇنۇڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھ تەئالانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار.» (سۈرە جۇمۇئە - 10ئايەت)

2 - ئىسلام دىنىنىڭ باراۋەرلىك، ئورتاقلىق ۋە ئادەمگەرچىلىكنى ئاساس قىلغان دىن بولغانلىقىدا، چۈنكى دىنىمىز، ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان بارچە ئۈممەتنى ئۇلارنىڭ جىنسى، رەڭگى ۋە تىلىنىڭ قانداق

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىيەتنىڭ ھەزارەت بىناسىنى قۇرۇپ چىقىشقا ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن چاقىرىدۇ.

ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى شوئارى: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىڭلار، ئاللاھ تەئالادىن بەك قورقىدىغىنىڭلاردۇر.» (سۈرە ھۇجۇرات ـ 13ئايەت )

3 ـ دىنىمىزنىڭ پۈتۈن ئۇممەت ۋە خەلقلەرگە ئېچىۋېتىلگەن دىن بولغانلىقىدا، بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق.» (سۈرە ھۇجۇرات ـ 13ئايەت )

مانا مۇسۇلمانلار يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى بۈيۈك ئەرشىدىن ياغدۇرغان بۇ سادادا ئاساسەن ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى، بارچە ئۇممەتلەرنىڭ ھەزارەتلىرىدىن پايدىلاندى، ئۇلار سانائەت، تىجارەت، زىرائەت ۋە پەن- تېخنىكىنىڭ ھەر قايسى ۋە تۈرلۈك ساھەلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، تۈرلۈك تەجرىبىلەرگە ۋە مول ئىلمگە ئىگە بولدى، ۋە بۇ ھەزارەتلەرنى ئىسلامنىڭ ئوچىقىدا تاۋلىدى، شاكىلىنى مېغىزىدىن ئايرىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەدەنىيەتلەرگە ئىسلامنىڭ ماركىسى چاپلاندى ۋە ئىسلامنىڭ تامغىسى ئۇرۇلدى.

4 ـ دىنىمىز ئىسلامنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان، بارچە تۈزۈملەر، ھۆكۈملەر ۋە پرىنسىپلارنىڭ ئالدىن قاتارىدا ۋە بەلكى ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ھەر زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغان قانۇن- شەرىئەتلىرى بولغانلىقىدا، شەرىئىتىمىزنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ ئىگىسى تەرەپتىن نازىل بولغانلىقى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ شەرىئىتى بولغانلىقى، بۇ شەرىئەتنىڭ ئىپتىخارى، شان- شەرىپى ۋە مەڭگۈلۈكلۈكىگە يېتەرلىكتۇر، ھەقىقەتەن بۇ شەرىئەت ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ئىنسانىيەتنىڭ ھاجەتلىرىدىن تولۇق چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تولۇق تەمىن ئېتىدۇ، ئاللاھ تەئالا زېمىن ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارچە كىشىلەرنىڭ مىراسىنى ئېلىپ قىيامەتنى قائىم قىلغانغا قەدەر، ئىنسانىيەتكە جانلىق، ئەڭ يۇقىرى ۋە مۇكەممەل بولغان شەرىئەت قانۇن- تۈزۈملىرىنى تەقدىم ئېتىپ تۇرىدۇ، ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى شوئارى:

«( ئاللاھ تەئالاغا ) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھ تەئالادىنمۇ ئادىل كىم بار؟» ( سۈرە مائىدە ـ 50ئايەت )

غەربنىڭ كاتتا ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بۈيۈكلۈكى، جانلىقلىقى ۋە مەڭگۈلۈكلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە گۇۋاھلىق بېرىشىدۇ، مانا بۇ ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان شەرقشۇناسلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىپتىخارلىنىشى ۋە ئۇلۇغلىنىشىغا كۇپايە قىلىدۇ.

ئىنگلىز پەيلاسوپى بەرناردشو: «مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەيران قالارلىق جانلىقلىققا ئىگە دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك باھالىنىشقا ۋە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئۇنىڭ دىنى ھاياتلىقنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىنى ھەزىم قىلىش كۈچىگە ئىگە بىردىنبىر يىگانە دىندۇر، مەن مۇھەممەدنى ئىنسانىيەتنىڭ قۇتقازغۇچىسى، نىجاتكارى دەپ ئاتاشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن، ھەقىقەتەن

مۇھەممەدكە ئوخشاش بىر ئادەم بۈگۈنكى يېڭى دۇنيانىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇزۇندىن بىرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان ۋە ھېچكىم ھەل قىلالمايۋاتقان مۇشكۈلاتلارنى ئەلۋەتتە ھەل قىلغان بولاتتى» دەيدۇ.

دوكتور ئىزىكو ئىنساباتو: «ھەقىقەتەن ئىسلامنىڭ شەرئىي قانۇن-تۈزۈملىرى ئۆزىنىڭ بارچە تەتقىقاتلىرىدا ياۋروپا قانۇن-تۈزۈملىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بەلكى ئىسلام شەرىئىتى دۇنياغا قانۇن-تۈزۈملەر ئىچىدە ئەڭ مۇستەھكەم، يىلتىزى چوڭقۇر، ساباتلىق قانۇن-تۈزۈملەرنى تەقدىم ئېتىدۇ» دەيدۇ.

ئافىنا ئۇنىۋېرسىتېتى ھوقۇق فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئەللامە شىبرىل 1927-يىلى ئېچىلغان ھوقۇق قۇرۇلتىيىدا سۆز قىلىپ: «ئىنسانىيەت ھەقىقەتەن مۇھەممەدتەك ئۇلۇغ شەخسنىڭ ئۆز جىنسى ئىچىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكى، مۇھەممەدنىڭ ئادەم پۈشتىدىن بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىشى، سۆيۈنۈشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىغا قارىماي، نەچچە ئەسىرلەردىن بۇرۇن، كېيىن كەلگەن بىز ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىي قانۇن-تۈزۈملىرىمىزنى بېسىپ چۈشكۈدەك ۋە بەلكى پۈتۈن دۇنيانى تەمىن ئەتكىدەك ئۇلۇغ شەرئىي قانۇن-تۈزۈمنى يولغا قويۇشقا قادىر بولالىدى. گەرچە بىزنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىمىزنىڭ يېشى ئىككى مىڭ يىلغا يەتكەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۇنىڭ شەرئىي قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ قىممىگە يېتىۋالمىدۇق» دەيدۇ.

بىرلىدى ھەممە پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تەرەپتىن مۆجىزە، تۆگەپ كەتتى ھەممىسى،
نەدە قالدى سۇلەيمان ئۈزۈكى، سالىھنىڭ تۆگىسى، مۇسانىڭ ھاسىسى بۈگۈن.
ئېلىپ كەلدىڭ رەسۇلىمىز، بىزگە ئاللاھتىن مەڭگۈ ئۆچمەس مۆجىزە قۇرئاننى،
زامان ئۆتكەنسىرى يېڭىلىنار جۇلالىنار، يېشىلگۈسى ئۇ ئارقىلىق دىللاردىكى تۈگۈن.

## • ئىسلام دىنى ۋە مەجبۇرىي تەلىم-تەربىيە

دىنىمىز ئىسلامنىڭ تەلىم-تەربىيىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مەجبۇرى سۈپەتتە چىڭ تۇتقانلىقى ۋە پۈتۈن تەلىم-تەربىيىنى ھەقسىز ئېلىپ بارغانلىقىدا، ئىسلام دىنىمىز تەلىم-تەربىيىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ چىڭ تۇتىدۇ ۋە ئۇنى ھەقسىز ئېلىپ بارىدۇ. ئىلىملەرنى دىنىي ئىلىم، پەننىي ئىلىم، ياكى شەرىئەت ئىلمى ياكى تەبىئەت ئىلمى دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئىلىملەرنى ئېھتىياج، كۆپىيە ۋە ئىختىساس تەرىپىدىن باھالايدۇ.

ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەلىم-تەربىيىنى مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەت ۋە زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا كەلسەك، تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ نۇقتىنى دەلىل-پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ:

ئىبنى ماجە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دەيدۇ. بۇنىڭدىكى «مسلم» دېگەن سۆز ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرزلىكىنىڭ ئەر-ئايال بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىمام تىبرانى «كەبىر» ناملىق ھەدىس توپلىمىدا، ئەلقەمە دېگەن كىشىدىن، ئۇ دادىسىدىن، بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئەلقەمەنىڭ چوڭ بوۋىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر كۈنى تەشۋىقاتتا، بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنى ماختىغانلىقىنى، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «قوشنىلىرىغا پىقھى ئۆگەتمەيدىغان، ئىلىم-بىلىم ئۆگەتمەيدىغان، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلمايدىغان، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇمايدىغان ۋە يامانلىقتىن توسمايدىغان قەۋملەرنىڭ ھال-ئەھۋالى نېمە؟ ئۆزىنىڭ قولۇم-قوشنىلىرىدىن ئىلىم-بىلىم ئۆگەنمەيدىغان، پىقھى ئۆگەنمەيدىغان، ۋەز-نەسىھەت قوبۇل قىلمايدىغان قەۋملەرنىڭ ھالى نېمە؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قوشنىلار قوشنىلارغا ئىلىم ئۆگىتىشكە، پىقھى ئۆگىتىشكە، ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا، ئەمرى-مەرۇپ قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا باشلايدۇ، قەۋم ئۆزىنىڭ قوشنىلىرىدىن ئۆگىنىدۇ، پىقھى ئۆگىنىدۇ، ۋەز-نەسىھەت قوبۇل قىلىشنى باشلايدۇ، ياكى ئۇلارغا ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابى، جازاسى ئالدىراپ كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىبنى ماجە ئەبىي سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى دىن ئىشىدا ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئارقىلىق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىلىمنى يۇشۇرغان بولسا، ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە ئوتتىن بولغان بىر يۈگەن بىلەن يۈگەن سالىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇنداقتا ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە، ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرز بولسا، ئىلىم تەلەپ قىلىش ياكى ئۆگىتىشتىن باش تارتقۇچىغا شەرىئەت تەرىپىدىن جازا ۋە ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن تەھدىت بولسا، مەنپەئەتلىك ئىلىمنى يۇشۇرغان كىشى قىيامەت كۈنى ئوتتىن بولغان يۈگەن بىلەن يۈگەنلەنسە، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىشنى مەجبۇرى ۋە زۆرۈرى نۇقتىسىدىن بەلگىلەيدىغانلىقىنى دەلىللىمەمدۇ؟

## • ئىسلام دىنى ۋە ھەقسىز تەلىم-تەربىيە

ئىسلام دىنىمىزنىڭ پۈتۈن تەلىم-تەربىيە ۋە ئۇنىڭ بارچە خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەقسىز ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ھەقسىز قىلىۋەتكەنلىكىگە كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ 23 يىللىق ھاياتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ پۈتۈن تەلىم-تەربىيىنى ھەقسىز ئېلىپ باردى، ئۆگىتىش ۋە تەربىيىلەشنى بىكارلىق قىلىۋەتتى، ساھابىلىرىدىن ئۆگەتكەنلىرىگە ئەجىر ئېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلدى.

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋەتنى يەتكۈزگەنلىكىگە ۋە تەلىم-تەربىيە ئۆگەتكەنلىكىگە ھېچكىمدىن ئەجىر تەلەپ قىلمىدى، ھەق سورىمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ پرىنسىپىنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلدى، ئۇلارنىڭ پرىنسىپى نېمىدى؟

«تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ ئىگىسىدىن تىلەيمەن.» ( سۈرە شۇئەرا ـ 109ئايەت )

تارىخ يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرىل ئەبدەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىگە، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە، جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەبەشىستانغا، ۋە بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان ساھابىلەرنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە كىشىلەرنى ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا چاقىرىش ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھېچكىمدىن ئەجىر-ھەق تەلەپ قىلمىدى.

## • تەلىم - تەربىيە ئۈچۈن ھەق ئېلىش دۇرۇسمۇ؟

تۆۋەندىكى ھەدىس دىنى تەلىم-تەربىيەگە ھەق ئېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سۇپپە ئەھلىدىن بولغان بىر تۈپ كىشىگە ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنى ئۆگەتكەن ئىدىم، ئۇلار ئىچىدىن بىر ئادەم ماڭا بىر دانە ئىچاقنى سوۋغا قىلدى، مەن كۆڭلۈمدە بۇ دېگەن ئوق-يا، مال-دۇنيا ئەمەس، مەن ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئاللاھ يولىدا بۇنىڭ بىلەن ئوق ئاتسام بولىدۇ، قوبۇل قىلاي دەپ ئويلىدىم ۋە قوبۇل قىلدىم، يەنە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، سوراپ باقاي دېدىم ۋە باردىم، سورىدىم: ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىدىغان كىشىلەر ئىچىدىن بىر ئادەم ماڭا بىر دانە ئىچاقنى سوۋغا قىلدى، مەن كۆڭلۈمدە بۇ مال-دۇنيا ئەمەس، ئوقيا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ يولىدائاللاھ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئوق ئاتىمەن دەپ ئويلاپ قوبۇل قىلدىم، دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر سەن دوزاخ ئوتىدىن بولغان بىر چەمبىرەكنىڭ بولۇشنى ياخشى كۆرسەڭ ئۇنى قوبۇل قىلغىن» دېدى» دەيدۇ.

تارىخ يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى مەسجىدلەرگە ئىمامەتچىلىك قىلاتتى، مەكتەپ مەدرىسىلەردە مۇئەللىملىك قىلاتتى، ئوقۇغۇش ۋە ئوقۇتۇش يولىدا ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايتتى. ۋە بەلكى بەزى چاغلاردا دۆلەت بەرگەن خىراجەتكە تايىنىپ مۇدەررىسلىك قىلغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولغان ئىدى، سەلەپ ئالىملىرى تەلىم-تەربىيە ۋە توغرا يولغا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئەجىر تەلەپ قىلغان كىشىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى، ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ: «ئۆگەتكۈچىلەر، مۇئەللىملەر نۇرانە شەرىئەتنىڭ ساھىبى بولغان جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىشى لازىمكى، ئىلىمدىن پايدىلىنىپ ئەجىر-مۇكاپات تەلەپ قىلماسلىقى، ئۆگەتكەن ئىلمى بەدىلىگە ھەق ۋە ياكى رەھمەت-تەشەككۈرلەر كۈتمەسلىكى، بەلكى ئىلمىنى ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىسانە ئۆگىتىش ۋە ئاللاھ تەئالاغا يېقىنچىلىق ئىزدىشى كېرەك» دېگەن، ئاللاھ تەئالا تائالا بىر پەيغەمبەرنىڭ تىلىغا ئاساسەن مۇنداق دەيدۇ: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە (دىنىنى) يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل-مال تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت ئاللاھ تەئالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان.» (سۇرە ھۇد - 29ئايەت)

يۇقارقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئىسلام دىنى دۆلەت ھېسابىغا بولسۇن ياكى شەخسلەر ھېسابىغا بولسۇن، تەلىم-تەربىيەنى مەقسەت قىلغان، ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن، ئاللاھ تەئالاغا يېقىن بولۇشنى

ئىزدىگەن بارچە كىشىلەرگە ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ھەقسىز يولغا قويدى.

شۇنىڭ نەتىجىسىدە كىشىلەر ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن شەكىلدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەندى، مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامىي دۆلەت ھەقىقەتەن شۇ ۋەتەندىكى كىشىلەرگە ئايرىمچىلىق قىلماستىن، پەرقلىق مۇئامىلىلەر قوللانماستىن، پۈتۈن تەلىم-تەربىيىنى ھەقسىز قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالدىغا ئېشىپ كەتتى، مەدرىس، مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىلىرى مەسجىدلەردە بولسۇن، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشخانىلاردا بولسۇن ۋە ئاممىۋى ئورۇنلاردا بولسۇن، بارچە خەلقلەر ئۈچۈن چوڭ ئېچىۋېتىلدى، ئىسلام كىرگەن يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلدى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى دارۇل ئۇلۇم فاكۇلتېتى ۋە شەرئىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ھەقسىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەجىر تەلەپ قىلىنمايدىغان ئەركىن ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلدى. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق ۋە ياتاق مەسلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىئانىلەر توپلىنىدۇ، ھازىر ھەر قايسى دۆلەتلەر مۇشۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئورۇنماقتا»[1].

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئىلىم ئۆگەتكۈچى ئىلىم ئۆگىتىشتىن باشقا ھېچقانداق مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانمىسا، ئۇلارغا تۇرمۇش كاپالىتى بېرىدىغان دىنىي ھاكىمىيەت ياكى جامائەت بولمىسا، كەسپلەر ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق ئىقتىسادى مەئىشەت كىرىمگە ئېرىشىشنىڭ چارىسى بولمىسا، ئۇنداقتا ئىلىم ئۆگەتكىنىگە ھەق تەلەپ قىلىشقا بولامدۇ؟

مۇئەللىم پەقەت ئىلىم ئۆگىتىش ۋە تەلىم-تەربىيەدىن باشقا ھېچقانداق دۇنياۋىي مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانمىغان، پەقەت تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن بولسا، تۇرمۇش چىقىمىغا يەتكۈدەك مەھسۇلاتقا ئىگە بولىدىغان سەۋەبلەر قولايلىق بولمىسا، ھۆكۈمەت (ئىسلامىي ھۆكۈمەتنى دېمەكچى) ياكى جامائەت بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان كاپالەت ۋە كۇپايەتكە سەل قارىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ نەپسىنى ھۆرمەتلەيدىغان، تۇرمۇشقا كۇپايە قىلىدىغان ھالەتتە ئۆگەتكىنىگە ئەجىر ئالسا ياكى ھەق تەلەپ قىلسا دۇرۇس. ئىما غەززالىي رەھمەھۇللاھ «دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش» دېگەن كىتابىدا مۇشۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇتقۇچى (دىن ئۆگەتكۈچى) قەلبىنى تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ كەينىگە كىرىشتىن پارىغ قىلغۇدەك، ئىلىم نەشىر قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۇتتۇرلۇق يەتكۈدەك دەرىجىدە ئەجىر ئالسا بولىدۇ، لېكىن ئۆگىتىشنى بايلىق توپلاش، ئابرويغا ئېرىشىش ۋە دۇنياۋى مەقسەتلەر ئۈچۈن ئېلىپ بارماي، پەقەت ئىلىم تارقىتىش ۋە ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى بولۇش كېرەك، تۆۋەن تۇرمۇشقا يەتكۈدەك، ئۆزۈقلىنىشقا يەتكۈدەك ھەق ئالسا دۇرۇس».

ئەبۇلھەسەن ۋە قابۇس ئېيتىدۇ: ۋەھبى ئىبنى مۇنەببە مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ، مەن ئىمام مالىكنىڭ

---

(1) «ئىسلام مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ ٤٢٢-قېتىملىق ساندا ئېلان قىلىنغان ئۇستاز مەھمۇد مەھدى ئىستانبۇلنىڭ «ئىسلام تەربىيىسى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

هۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ يېنىغا كىچىك باللارنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش ساۋادىنى چىقىرىدىغان مۇئەللىم كەلدى ۋە ئىمام مالىكقا: ئى ئەبۇ ئەبدۇللاھ! مەن كىچىك باللارنى تەربىيلەيدىغان مۇئەللىم ئىدىم، ماڭا سىنىڭ ئۆگۈتۈشكە ھەق، ئەجىر ئېلىشنى يامان كۆرىدىغانلىقىڭدىن ئىبارەت خەۋەر يەتتى، كىشىلەر ماڭا بىر نەرسە بېرىشكە ئۇنىمىدى، ئۇنىغان تەقدىردىمۇ بۇرۇن بەرگىنىدەك بەرگىلى ئۇنىمايدىغان بولۇۋالدى، مەن ۋە ئائىلەم تۇرمۇشتا قاتتىق قىستىلىپ قالدۇق، مىنىڭ ئۆگۈتۈشتىن باشقا كەسپىم يوق، قانداق قىلىمەن؟ دېدى.

ئىمام مالىك ئۇ كىشىگە: بارغىن، ھەق بېرىشكە شەرت قىلىپ ساۋات چىقارغىن، دېدى. ئۇ كىشى قايتىپ كەتتى، ئىمام مالىكنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ بىرى: ئى ئەبۇ ئەبدۇللاھ! سەن ئۇ كىشىنى ئۆگىتىش ۋە تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن ھەق بېرىشكە شەرت قىلىشقا بۇيرۇمسەن؟ دەپ سورىدى.

ئىمام مالىك بۇ كىشىلەرگە: ھەئە، ئەگەر مەن بۇ كىشىگە ھەق ئالساڭ، تەلىم-تەربىيەگە ئەجىر ئالساڭ بولمايدۇ، دېسەم، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئىشنى قىلغۇچىلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ھەممىسى ئۆز ئىشىنى قىلسا، باللىرىمىزنىڭ ساۋادىنى بىزگە كىملەر چىقىرىپ بېرىدۇ؟ باللىرىمىزنى بىزگە كىملەر ياراملىق، سالىھ قىلىپ تەربىيلەپ بېرىدۇ؟ ئۇلارنى بىزگە كىملەر ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر قىلىپ يېتىلدۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئەگەر ئاشۇنداق مۇئەللىملەر بولمىغان بولسا، بىزلەر نېمە بولغان ۋە قانداق ئادەملەر بولار ئىدۇق-ھە؟ دېدى.

بۇ نۇقتىنى بىز ياشاۋاتقان دەۋر تېخىمۇ كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز ئەسكىلىك كۆپەيگەن، يامانلىق ھەسسىلەپ ئاشقان، مۇستەملىكچىلەر ئىسلامنىڭ يول بەلگىلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ھىيلە-مىكىر، سۇيىقەست ۋە شۇم پىلان-لايىھىلىرىنى تولۇق ئىشقا سالغان، ئىنسانىيەتتىن ئاللاھ تەئالانى، ئىسلامنى، ئىمانىنى، دىنىنى، قۇرئاننى، بارچە-بارچە ساماۋى قىممەتلەرنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بۇ دەۋردە بارلىق ئاتا-ئانىلار، مۇرەببىيلەر، باللارنىڭ ھامىيلىرى پەرزەنتلىرىگە ئىلىم ئۆگىتىشكە، بولۇپمۇ تەۋھىد ئىلمى، ئەقىدە-ئېتىقاد، قۇرئان كەرىم ئىلىملىرىنى ۋە ئۇنىدىن باشقا شەرىئەتنىڭ باشقا ئىلىملىرىنى ئۆگىتىشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش، كىچىككىنە بولسىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى ۋاجىب تولۇق ئورۇندالمىغان ئەھۋالدا، ھەممىگە ۋاجىبنى ئورۇنداش ۋاجىبتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى دىنىي مۇئەللىملەرگە ئەجىر ۋە ئىش ھەققى بېرىپ بولسىمۇ دىنى تەربىيەگە ئىگە قىلىش لازىم، ئەگەر ئۇلار پەرزەنتلىرىگە ئەجىر ئېلىش ۋە بېرىش بەدىلىگە بولسىمۇ مۇئەللىملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمىسە، باللىرى چوقۇم يا كوممۇنىست، يا نادان، يا ئەخلاقسىز، ياكى بۇزۇق، ئەسكى ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

ئىبنى سەھنۇن، سوفيان ئىبنى سەۋرىيدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ: قەدىمدىن تارتىپ، «كىشىلەرگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك نەرسە بولمىسا بولمايدۇ:

بىرىنچى، كىشىلەر ئارىسىدا ئەدلى-ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان پادىشاھ، ئەگەر بۇنداق بولمىسا كىشىلەر ئەلۋەتتە بىر-بىرىنى يەپ كىتىدۇ.

ئىككىنچى، كىشىلەر ئۆزئارا قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ ـ ساتمىسا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى تۇگەپ كىتىپ ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئۈچىنچى، كىشىلەرگە ھەق ئېلىپ، ئەجىر ئېلىپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەپ بىرىدىغان مۇئەللىملەر بولمىسا بولمايدۇ، ئەگەر بۇنداق بولمىسا، خالايىقلار ساۋاتسىز قالىدۇ».

بىز بۇ ھېكمەتلىك ماقالغا زامانىمىزغا ماس كىلىدىغان يەنە بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويىمىزكى، كىشىلەرگە چوقۇم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئەقىدە مەسىلىلىرىنى، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى، تارىخىي ۋەقەلىكلىرىنى، قۇرئان كەرىم ئىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، دىندار قىلىپ تەربىيلەپ بىرىدىغان مۇئەللىملەر بولمىسا بولمايدۇ، چۈنكى بۇلار بولمىسا ئەۋلادلار چوقۇم خۇداسىز، كوممۇنىست، ئاتىئىست، ئازغۇن، پاسىق ئادەم بولىدۇ، ئۆگىتىش ۋە تەربىيلەش ئەجىر، ئىش ـ ھەققى ئېلىش بىلەن بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن كارى چاغلىق.

بۇ ساھەدىكى ئىش ھەققى، ئەجىر ئېلىش، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ زۆرۈرىيەت جەھەتتىن ئالغىنىغا ئوخشاش زۆرۈرىيەت بولۇپمۇ قالىدۇ، بىر نۆۋەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى (ئاللاھ تەئالا ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) سەپەرگە چىقىدۇ، ۋە سەپەردە بىر ئەرەب قەبىلىسىدىن ئۆزلىرىنى قوندۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن بۇ قەبىلە ئۇلارنى مېھمان قىلىشقا ئۇنىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلار قەبىلىنىڭ سەل چەترەك بىر جايىغا چۈشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قەبىلە ئاقساقىلىنى چايان چېقىۋالىدى، قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئاقساقىلى ئۈچۈن قىلمىغانلىرى قالمىدى، ئۇلار بىز قوندۇرۇۋېلىشقا ئۇنىمىغان مۇساپىر كىشىلەرنىڭ قېشىغا بارايلى، ئۇلاردا بىرەر ئۇنۇملۇك دورا تېپىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دېيىشىپ، ساھابىلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ، باشلىقىمىزنى چايان چېقىۋالغان ئىدى، ئۇنى ساقايتىدىغانغا ھېچقانداق چارە ـ ئامال قىلالمىدۇق، قىلمىغان دورا ـ دەرمانلىرىمىز قالمىدى، ھېچقايسىسى كار قىلمىدى، ئاراڭلاردىن بىرەر كىشىدە بۇنىڭ دورىسىدىن ئازراق بارمىدۇ؟ دەپ كەلگەن ئىدۇق دېيىشتى، ساھابىلار ئىچىدىن بىر كىشى: ھەئە، مەندە بار، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەلۋەتتە سۈف كەشلەيمەن، لېكىن بىر شەرتىم بار، سىلەرگە بىزنى قوندۇرۇۋېلىشنى ئېيتتۇق، ئۇنىمىدىڭلار، سىلەر ماڭا ئەجىر بەرمىگۈچە سۈف كەشلەپ قويمايمەن، دېدى ۋە بىر تۇياق قوي بىرىشكە كېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بېرىپ قەبىلە باشلىقىغا سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ، سۈف دەپ ھۈرۈشكە باشلىدى، ئاقساقال خۇددى ئارغامچىدىن، باغلاقتىن يېشىلگەندەك ئاستا ـ ئاستا ئۆڭشىلىشقا باشلىدى، كېيىن ماڭدى ۋە ئاخىرى سەللىمازا ساقايدى، خۇددى كېسەل بولمىغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى، ئاقساقال ئادەملىرىگە: بۇلارغا كېلىشكەن نەرسىلەرنى تولۇق بېرىڭلار، دېدى.

ساھابىلار ئۆزئارا بۇ قويلارنى بۆلۈشۈۋالايلى، دېيىشتى.

سۈف كەشلىگەن كىشى: ياق، ئۇنداق قىلمايلى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارايلى، بولغان ئىشلارنى ئېيتايلى، بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىغا قارايلى، ئاندىن بۆلۈشەيلى، دېدى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، بولغان ئىشلارنى ئېيتتى، پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: «سەن سۈرە پاتىھەنىڭ سۈفلىسى بولىدىغان ئۇلۇغ ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى نېمە بىلەتتىڭ؟ توغرا قىپسىلەر، قويلارنى بۆلۈشۈڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ بىر ھەسسە (ئۈلۈش) بۆلۈپ قويۇڭلار» دەيدۇ ۋە كۈلۈپ كېتىدۇ.

ئىمام بۇخارى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەق ئېلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان بولسا، ھەق ئېلىشقا ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى ئەڭ ھەقلىق، ئەڭ لايىق» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى)

بۇ ھەدىستىكى زۆرۈرىيەت جەھەتتىن ھەق ئېلىش بىر قانچە تۈرلۈك تەرەپلەرگە ئالاقىدار بولغانلىقتىن دۇرۇس بولىدۇ:

1 - ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار سەپەر ئۈستىدە ئىدى، قورسىقى ئاچ بولغانلىقتىن تاماققا ئېھتىياجلىق ئىدى، ئۇلار ئەرەبلەردىن بولغان بۇ مەھەللە كىشىلىرىدىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلدى، مېھمان قىلمىدى، بىرىنچى دەلىل.

2 - ھەدىسنىڭ باش-ئاخىرىغا قارىغاندا بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مېھمان قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ، دارىل ھەربنىڭ ئەھكاملىرى، دارىل ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىغا ئۇيىتىن ئوخشاشمايدۇ.

3 - ساھابىلارنىڭ ئىش ھەققىگە بىر تۇياق قويغا كېلىششى، كەنتنىڭ باشلىقىنى داۋالاپ ساقايتىشىنىڭ بەدىلىگە بولدى، بۇ قۇرئان ئۆگەتكىنىگە ئەجىر ئېلىش ئەمەس.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا مۇشۇ جىددى شارائىتلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجىر ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىش ۋە ئىززەت-ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن: «ئۇنى داۋالاش بەدىلىگە ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابىغا ھەق ئالغانلىقىڭلار ئەڭ ھەقلىق بوپتۇ» دېدى.

يۇقارقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئىسلام شەرىئىتى ئەسلىدە تەلىم-تەربىيەگە ھەق ئېلىشقا ئىجازەت بەرمەيدۇ، ئى ئاللاھ بىزنى كەچۈرگىن، پەقەت ھەق ئەجىر ئالمىسا بولمايدىغان زۆرۈر شارائىتلار بولغان چاغدا، مەسىلەن: مۇئەللىم پەقەت ئوقۇتۇش، ئۆگىتىش ياكى تەربىيلەش بىلەنلا مەشغۇل بولغان بولسا، تەلىم-تەربىيەگە ھەق ئېلىشتىن باشقا كىرىم مەنبەسى بولمىغان ئەھۋالدا، ياكى بالىلارنىڭ ھالىتى ئاتا-ئانىلىرى تەرەپىدىن تەربىيەتچىلەرنى ھەممە ئىشتىن ئۆزۈل-كېسىل ۋاز كەچتۈرۈپ، كوممۇنىست ۋە كۇپرى ئەقىدىلىرىدىن قوغداپ قېلىش، ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە پەزىلەتلىك تەربىيەگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلسا، مانا مۇشۇنداق ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زۆرۈر ھالەتلەردە ئىسلام شەرىئىتى مەيلى شەرىئەت ئىلىملىرىگە بولسۇن ياكى تەبىئەت ئىلىملىرىگە بولسۇن ھەق ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئاللاھ تەئالا ئەڭ بەك بىلگۈچىدۇر.

دىنىمىز ئىسلام تەربىيەنى پەرز ئەيىن ۋە پەرز كۇپايە دەپ ئىككى نۇقتىغا ئايرىيدۇ، تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1 ) ئۇگەنمەكچى بولغان ئىلىم مۇسۇلمان شەخسنى روھىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئالاقىدار ئىلىم بولسا، بۇ ئىلىمنى ئېھتىياج قامدالغانغا قەدەر ئۆگىنىش پەرز ئەيندۇر. بۇ تەۋەلىككە ئەر-ئايال، قېرى-ياش، چوڭ-كىچىك، ئىشچى-خىزمەتچى، ئىشقىلىپ مۇسۇلمان ئۇممەتنىڭ ھەممە تەبىقىسى كىرىپ كېتىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگىنىش، ئىبادەتلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى، ئاساسىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى، ھالال-ھارام مەسىلىلىرىنى، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىنى، مۇسۇلمان دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايالغا مۇشۇ ھاياتلىقتا ئوخشاش پەرز ئەيىن بولىدۇ.

2 ) ئەگەر ئۆگەنمەكچى بولغان ئىلىم دېھقانچىلىققا، سانائەتكە، تىجارەتكە، تىبابەتكە، مىخانىكىغا، توك ئېلىكتىر ساھەسىگە، ئاتوم ياكى ھەربىي ئىشلار قورال-ياراق، مۇداپىئەلىنىشكە ئالاقىدار ۋە بۇلاردىن باشقا تەبىئىي ئىلىم-پەن ساھەسىگە ئالاقىدار ئىلىم بولسا، بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايە بولىدۇ. بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار ئۆگىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقسا، ئومۇمدىن گۇناھكارلىق چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ ساھەدىكى ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان كىشىلەر بولمىسا، پۈتۈن ئىسلامىي جەمئىيەت گۇناھكار بولىدۇ ۋە مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ.

* * * * *

## • شەرىئەت، ئىسلام تارىخى ۋە ئەدەب بىلىملىرىگە مەركەزلىك يۈزلىنىش كېرەك

مانا بۇ ئىنسانىيەت ھەزارىتىنى بىنا قىلىشتا، ھەزارەتلىك ۋە ئىلمىي بولۇشقا تۈرتكە بولغان كۈچىنىڭ سىرى، مانا بۇ ئىسلامنىڭ كاتتىلىقىنى، ئىسلامنىڭ دەۋر روھى ۋە تەرەققىيپەرۋەر روھىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈك، يېڭىلىنىپ تۇرۇش ۋە داۋام ئېتىش خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆز ئىچىدىن قايىنام تاشقىنى ھاسىل قىلىپ ئۇرغۇپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان نەرسىلەردۇر. ئەمما بىز بۈگۈن مۇسۇلمانلار ئىلمىي جەھەتتىن زەئىپ، ھەزارەت جەھەتتىن ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتقانلىقىمىزغا كەلسەك، بۇنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئىسلامنىڭ تېگى-ماھىيىتى، ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغانلىقى، ھەر ساھە ھاياتتا ئىسلامنىڭ تۈزۈملىرىنى ئەمەلىي رېئاللىققا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ يول بەلگىلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان ھىيلە-نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ، دىن بىلەن دۆلەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىكى، ئىسلام نىزامىنى ئىبادەت ئىشلىرى ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىگە قىسقارتىۋاتقان ۋە چەكلىۋاتقانلىقىغا قايتىدۇ، ئەلۋەتتە!

مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىي تېگى ـ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن كۈندە، مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ شامىل نىزامىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە رېئال ئەمەلىيەتكە ئۆيغۇنلاشتۇرغان، ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قولچۇماقلىرىنىڭ توقۇپ چىققان ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ھوشيارلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالىغان كۈندە، ئەنە شۇ كۈندە مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ قوياش ئاستىدىكى ئۇلۇغ ئورنى قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسى ۋە يولباشچىسىغا ئايلىنىدۇ، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.» (سۈرە ئەنئام ـ 153ئايەت)

بارلىق ئاتا ـ ئانىلار، مۇرەببىلەر ۋە مۇئەللىملەر قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان تەلىم ـ تەربىيە مەجبۇرىيىتى شۇكى، ئۇلار پەرزەنتلىرى تەلىم ـ تەربىيەسىنى ئۆسمۈرلۈك يېشىدىن باشلاپ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش، شەرئەت ئىلىملىرى ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە بىرىنچى دەرىجىلىك مەزكەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە ئىمام تىبرانىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت ئۈستىدە تەربىيىلەڭلار، ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالغۇچىلار، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ، بۇ چاغدا ئاللاھ تەئالانىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمايدۇ» دېگەن.

ھەر قايسى تارىخ باسقۇچىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرىگە مۇشۇ ئاساسىي ئىلىملەرنى ۋە زۆرۈر بولغان ماددىلارنى ئۆگىتىپ كەلدى.

## • ئىسلام دۇنياسىدىكى تەربىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى

بىز بۇنىڭغا پاكىت سۈپىتىدە ئۇلارنى بۇ ھەقتىكى ۋەسىيەتنامىلىرىدىن ئۆرنەك كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

ئۇتبە ئىبنى ئەبىي سۇفيان ئەبدۇسسەمەد ئوغلىنىڭ تەربىيەتچىسىگە: ئوغلىغا ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى، ھېكمەتكە ئىگە شېئىرلارنى ۋە ئۇلۇغ گەپ ـ سۆزلەرنى ئۆگىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر قايسى جايلارنىڭ ۋالىيلىرىغا: «يۇقارقىلاردىن كېيىن سىلەرگە تاپشۇرۇق، باللىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى ۋە چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىڭلار، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە چىرايلىق شېئىرلاردىن يادقا ئالدۇرۇڭلار» دەپ مەكتۇپ يازىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم مۇپەززەل ئىبنى زەيد سەھرالىق بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ بالىسىدىن ھەيران بولۇپ، بۇ ئايالدىن ئۇنىڭ ئوغلى توغرۇلۇق ئەھۋال سورايدۇ. ئايال ئېيتىدۇ: «ئوغلۇم بەش ياشنى توگەتكەندە ئۇنى تەربىيەتچىگە تاپشۇرۇپ بەردىم، قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالدۇردى ۋە ياخشى تىلاۋەت قىلغۇدەك قىلدى، شېئىر ئۆگەتتى، ئۇجۇر-بۇجۇرنى پىششىق بىلگۇدەك بولدى، قەۋمىنىڭ ئېتىخارلىنىدىغان نەرسىلىرىگە رىغبەتلەندۇرۇلدى، ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى پىششىق ئىگەللىدى، بالاغەتكە يەتكەندە ئاتىنىڭ بويىنغا مىندۇرۇلدى، ماھىر چەۋەندازغا ئايلاندى، مانا ئەمدى جەڭ كىيىملىرىنى كىيدى، يۇرتنى قوغدىغۇدەك بولدى، بىچارىلەرنىڭ نالىسىگە يەتكۇدەك، زالىملارغا قەھىر قىلغۇدەك بولدى» دېدى.

ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھ: «قۇرئان كەرىمنى ئۆگەتكەن ئادەمنىڭ قىممىتى ئاشىدۇ. پىقھى ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ۋە قەدرى ئۆسىدۇ، ھەدىس ئۆگەنگەن ۋە يېزىتكەن ئادەمنىڭ ھۆججىتى كۈچلۈك بولىدۇ، تىلشۇناسلىقتىن خەۋىرى بار ئادەمنىڭ تەبىئىتى مۇلايىم، سۆزى يېقىملىق بولىدۇ. ھېساب بىلىدىغان ئادەمنىڭ پىكرى توغرا بولىدۇ» دېگەن.

ئىمام غەززالى «دىن ئىلىملىرىنى گۈللەندۇرۇش» دېگەن كىتابىدا؛ «ئۆسمۈر بالىلارغا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھنى ئۆگىتىش، ياخشى كىشىلەرنىڭ ھېكايەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشتۇرۇش، دىنى ئەھكاملارنى ئۆگىتىش، ئىشقى-مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى تىلغا ئېلىشتىن خالىي بولغان شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى يادلىتىش» قاتارلىقلارغا تەۋسىيە قىلغان.

ئىبنى سىنا «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابىدا پەرزەنتلەر تەربىيەسى توغرىسىدا تولىمۇ قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىلارغا ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىشكە نەسىھەت قىلغان ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش ئارقىلىق، بالىنىڭ تەلىم-تەربىيەگە جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن يېتىلىدىغانلىقى ۋە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە تاۋۇشلارنى، قىرائەتنى ۋە يېزىشنى بىللە ئېلىپ بېرىشقا، دىن قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشكە، شېئىر، قەسىدىلەرنى يادلىتىشقا ۋە ئەدەپىياتتىن خەۋەردار قىلىشقا نەسىھەت قىلغان.

ئىبنى خەلدۇن «پەرزەنتلەرگە قۇرئان كەرىم ئۆگىتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ، بالىلارغا ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش لازىم. بارچە ئىسلام يۇرتلىرىدا ئاساسلىق دەرس پروگراممىسى قۇرئان كەرىم بولماقتا، چۈنكى قۇرئان كەرىم دەرسلىكى ئىسلام دىنىنىڭ شۇئارى، بۇ دەرسلىك ئىمانىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن.

ئىبنى قۇتەيبە «خەۋەرلەر بولىقى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ: «سەقىف قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئادەم ۋەلىد ئىبنى ئابدىمەلىكنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدۇ. ۋەلىد بۇ ئادەمدىن: قۇرئان ئوقۇيالامسىز؟ دەپ سورايدۇ. بۇ ئادەم: ياق! ئى ئەمىرىلمۇئمىنىن، مېنى دېھقانچىلىق، چارۋا ۋە مۇشۇنىڭدەك نۇرغۇن ئىشلار كاشىلا قىلىپ، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن دېدى.

ۋەلىد: ئۇنداقتا پىقھىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

بۇ ئادەم: ياق ئەمرىلمۇئمىنىن خەۋىرىم يوق.

ۋەلىد: شېئىر-قەسىدىلەردىن ئاز-تولا بىلەمسەن؟

بۇ ئادەم: ياق ئەمرىلمۇئمىنىن پەقەت بىلمەيمەن.

ۋەلىد بۇ ئادەمدىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدۇ، ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ بىرى ئابدۇللا ئىبنى مۇئاۋىيە: ئەمرىل مۇئمىنىن، بۇ ئادەم دەپ ھېلىقى سەھرالىق كىشىنى كۆرسىتىدۇ، ۋەلىد جاۋابەن: ئابدۇللاھ، جىم ئولتۇر! بىزنىڭ يېنىمىزدا ئادەم يوق، ھېچكىم يوق دەيدۇ».

ۋەلىد بۇ سۆزى بىلەن قۇرئان ئوقۇيالمايدىغان، پىقھى بىلەن تونۇشمىغان، شېئىر-قەسىدىلەردىن پەقەت خەۋىرى يوق، دىن ئۆگەنمىگەن ئادەمنى ئادەم ھېسابلىمايدۇ، بەلكى ئۇنى ۋۇجۇدى بولمىغان يوق نەرسە، ئېتىبارسىز، قىممەتسىز، ئەگەر ئۇ ئۆز ۋۇجۇدى، تىنى ۋە جەسىدى بىلەن ھازىر بولسىمۇ، يوقنىڭ ئورنىدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

## • تەلىم-تەربىيىنى ئۆسمۈرلۈكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا باشلاش كېرەك

پەرزەنتنى تەلىم-تەربىيىلەش قىلىشتا ئىسلام بەلگىلىگەن قائىدىلەرنىڭ بىرى، تەلىم-تەربىيەنى بالىنىڭ بوۋاق چېغىدىن تارتىپ باشلاش كېرەك، چۈنكى بالىلارنىڭ زېھنى ئەڭ ساپ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك ۋە تەلىم-تەربىيىدە ئاكتىپ كېلىدۇ.

تۇنجى مۇئەللىم، ئۇستازىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئىمام بەيھەقى ۋە ئىمام تىبرانى ئەبى دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مەرپۇئ ھەدىستە: «كىچىك چاغدا ئالغان ئىلىم تاشقا نەقىش ئويغانغا ئوخشاشتۇر» دېگەن ھېكمەتلىك جۈملە مۇشۇ نۇقتىنى كۆرسىتىدۇ، ھازىرقى زامان تەربىيە ئىلمى ساھەسى بۇ ئالامەتنى ئىسپاتلىدى.

بۇ ھەقتە شائىرنىڭ ئېيتقىنى نېمە دېگەن ياخشى ھە:

بالىلىقتا ئۆگەنگىنىم ئەستە تۇرار بايامقىدەك،
ياشانغاندا بىلگىنىمدىن قالمىدى ھېچبىر ئەسەر.
سەبىيلىكتە ئۆگەنگىنىم، ئۆگەنگىنىڭ ئىلىم ئىكەن،
قېرىغاندا ئەقىللىق بول، ئۆگىنىشتىن قىلغان ھەزەر.
سەبىيلەرنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ ئاچار، ئىلىم بىلەن مۇئەللىم،
ئۆگەنگىنى خۇددى تاشقا نەقىش ئويغاندەك بولار.
قېرىلىقتا بىلىم ئالدىم تالاي قېتىم، توزغاق كەبى توزۇپ كەتتى،
ئەمدى بۇ چاغ، قەلب، كۆز ۋە قۇلاق ھاردى، بولار مەندىن ئۇزاپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

ئىنسان پەقەت ئەقىل، مەنتىق، ئىلىم بىلەن ئادەمدۇر،
بۇ ئىككىسىنى يوقاتقانلار ئۆز ـ ئۆزىنى تامامەن خاراپ ئەتتى.

## • يوقىرىقى ئىلىملەردىن ئاياللارنىڭمۇ نېسۋىسى بارمۇ؟

ئىلگىرىكى، مەيلى كېيىنكى بارلىق ئىسلام ئالىملىرى ۋە پەقىھلىرى شۇنىڭغا بىردەكلىككە كەلدىكى، ئۇگىنىش پەرز ئەيىنلىك يولىغا ئاساسەن ۋاجىب بولغان نەرسىلەر ئەرلەرگە ۋاجىب بولغىنىدەك، ئاياللارغىمۇ ئوخشاش دەرىجىدە ۋاجىبدۇر، بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، خوتۇن كىشى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەكلىپلىرىدە ئەر كىشى بىلەن ئوخشاش.

ئىككىنچى، خوتۇن كىشى ئاخىرەت دىيارىنىڭ جازا ـ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش.

1 ـ ئاياللار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەكلىپلىرىدە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش، چۈنكى ئىسلام دىنى ئاياللارنى، ئەرلەرنى تەكلىپ قىلغان بارچە ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلدى. مەسىلەن: ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئەدلى ـ ئادالەتلىك بولۇش، خەيرى ـ ئېھسان، ئىلىم ـ سېتىم، گۇرۇھ، رەنە قويۇش ۋەكىلى قىلىش، ياخشىلىققا بويسۇنۇش، يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىق ۋە بۇلاردىن باشقا مەسئۇلىيەتلەر ۋە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلەر ئوخشاشدۇر. ئى ئاللاھ ئۆزۈڭ بىلسەن پەقەت بەزى خۇسۇسىي ھالەتلەردە ئىسلام ئاياللاردىن بۇ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتتى:

1) قىينچىلىق ۋە ساغلاملىققا زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەيز ۋە نىپاسدارلىق كۈنلىرىدە ناماز ۋە روزىنى ئەپۇ قىلغانغا ئوخشاش.

2) ئېغىر يۈكلەر ۋە ئىشلار ئايال كىشىنىڭ تەبىئىتى ۋە جىسمانىيىتى ئۈنى ئاياللىق خۇسۇسىيىتىگە ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، خۇددى ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن، جەڭ ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدىغان، قۇرۇلۇشچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ئېغىر سانائەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك، مانا بۇ ئىشلار ئاياللارنىڭ سالاھىيتى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ.

3) ئاياللار قىلماقچى بولغان ئىش ئۇلارنىڭ ئەسلىدە شۇنىڭ ئۈچۈنلا يارىتىلغان تەبىئىي ۋەزىپىسى بىلەن قارشىلىشىپ قالغاندا، ئائىلە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش، پەرزەنتلەر تەربىيەسى ۋە ئائىلىگە نازارەتچىلىك قىلغانغا ئوخشاش.

4) ئاياللار قىلدىغان ئىشلارنىڭ كەينىدىن خەتەرلىك ئىجتىمائىي بۇزۇلۇشلار كىلىپ چىقىدىغان ئەھۋالدا، خۇددى ئەر ـ ئاياللار ئارىلىشىپ كىتىدىغان، ئارىلىشىپ قىلىدىغان ۋەزىپىلەر ۋە ئىشلارغا قويغاندەك.

بۇنىڭدىن باشقا مەجبۇرىيەتلەر ۋە تەكلىپلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاش ۋە باپباراۋەر.

مىنىڭ ۋە بارلىق ئاقىللارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئاياللارغا بولغان بۇ كەڭچىلىك ئۇلارنى قاتتىق ھۆرمەتلىگەنلىك، ئىززىتىنى قىلغانلىق ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكتۇر.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە، ئاياللارنىڭ ئېرى، ئۆيى ۋە پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغان مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىشىگە، ئاربىمىزدىن كىم رازى بولىدۇ؟

ئاللاھ تەئالا شەۋقىيگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

هاياتلىقنىڭ غەم-ئەندىشىسىگە چۈجە كەبى خار قالدۇرۇپ،
ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلار يېتىم ئەمەس.
ھەقىقىي بىچارە، غەمكىن ئىرۇر، يېتىم ئىرۇر شۇنداق بالىلار،
تەربىيىلەشكە ئاتىسىنىڭ ئىشى كۆپ، ئانىسىنىڭ چولى تەگمەس.

ئاياللارنىڭ جىسمانىيىتىنى تۈگەشتۈرىۋېتىدىغان، ئاياللىق خاراكتېرىنى يوقۇتۇۋېتىدىغان، ئۇلارنى تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدىغان، ساقايماس ئازابلارغا قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئېغىر ئىشلار ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئاربىمىزدىن كىملەر رازى بولسۇن؟

ئاياللارنىڭ ئەر-ئاياللار (نامەھرەملەر) ئارىلىشىپ ئىشلەيدىغان ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ يۈز-ئابروينىڭ بۇلغىنىشىغا، شان-شەرىپىنىڭ كىرلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا ئاربىمىزدىن كىم رازى بولسۇن؟

ئايال كىشىگە، خۇسۇسەن ئايالغا نىسبەتەن يۈز-ئابروي ۋە شان-شەرىپىدىنمۇ قىممەتلىكراق بىر نەرسە بارمۇ؟ بۇزۇقچىلىقتا ئەزۋەيلىگەن، زىنا-پاھىشىنىڭ قارا يوللىرىدا ماڭغان ئاياللار ياكى ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى قانداق بولار؟

ئاللاھ تەئالا بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن

گۈلشەنلەر ئارا باغدا ئۆسكەن ئۆسۈملۈك،
قاقاس چۆلدە، تاغلاردا ئۆسكەن ئۆسۈملۈككە ئوخشىماس،
ئۆزى تەقۋا ئېسىل ئانىلاردىن سۈت ئەمگەن بالىلار،
ئۆزى لەقۋا ناچار ئانىلارنى ئەمگەن بالىلارغا ئوخشىماس.

## • ئاياللارنىڭ خىزمەت ۋە ئىش ئورنىدا ئىشلىشى ۋە غەرب كىشلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى

تۆۋەندە ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشى ۋە ئائىلىنىڭ سىرتىدا ئىشلىشى توغرىسىدا غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

1 ـ ئىنگلىز ئەللامە سامۇئىل سمايلس ئۆزىنىڭ «ئەخلاق» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئايال كىشىنىڭ زاۋۇت، كارخانىلاردا، سانائەت ئورۇنلىرىدا ۋە باشقا تۈرلۈك ئورۇنلاردا ئىشلىشىگە، ۋەزىپە ئۆتىشىگە يول قويغان، ئائىلىنىڭ سىرتىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىغا يول قويغان نىزاملار قانچىلىك بايلىق ۋە ئىقتىسادى ئىگىلىك يارىتىشتىن قەتئىينەزەر، بۇنىڭ نەتىجىسى چوقۇم ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلۇشىنى يىمىرىپ ۋەيران قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى بۇ نىزام ئائىلىنىڭ سىمۋولىغا ھۇجۇم قىلدى، ئائىلىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بىتچىت قىلدى، چۈنكى ھەقىقىي ئايالنىڭ ۋەزىپىسى ئائىلىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەش ئىدى، مەسىلەن: ئۆي ـ تۇرالغۇنى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش، ئائىلىنىڭ جىددى ئېھتىياجلىرىنى قامداش بىلەن تۇرمۇش ۋاستىلىرىدا ئىقتىسادچان بولۇش ۋاھاكازالار. لېكىن مىڭ ئەپسۇس، زاۋۇت ـ كارخانىلارنى، فابرىكىلار، ئىش ۋە خىزمەت ئورۇنلىرى ئاياللاردىن بۇ ئارتۇقچىلىقلار ۋە مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سالدۇرۇۋالدى، ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، مەنزىللەر، ئائىلىلەر، ئائىلە ئەمەستەك ئورۇنغا ئايلاندى، بالىلار ئەھمىيەت بەرمەسلىك ۋە بىپەرۋالىقنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا بىنەزەر تاشلىۋېتىلگەنلىكتىن، ھەقىقىي تەربىيەسىز ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بولدى، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلدى، ئايال كىشى ئائىلە ئايالى بولۇشتىن ھالقىپ چىقىپ كەتتى، ئەرنىڭ ئويۇنچۇقى، ئۆتكۈنچى مۇھەببىتى، كۆڭۈل خۇشىغا ئايلاندى، ياكى ئېغىر ئىشلار ۋە مۇشەققەتلەردىكى خىزمەتداشلىرىغا، ساۋاقداشلىرىغا ئايلاندى، شان ـ شەرەپ ۋە پەزىلەتنىڭ ئوقى ئايلىندىغان پىكرىي ۋە ئەخلاقىي ئورۇندىن ئايرىلىپ تۈرلۈك تەسىراتلارنىڭ زەرەتلىشىگە توغرىلىنىپ قالدى، دېمەك، ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئاياللىق خۇسۇسىيىتى ۋە سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، زامانىۋى دۇنيانىڭ بۇيۇملىرىغا ياكى تاۋارلىرىغا ئايلىنىپ قالدى».

«گۆھەر دەرىخى» ژورنىلىنىڭ تۇنجى يىلى چىققان ئالتىنچى سانىدا ئىنگلىز ئايال يازغۇچى ماسانىي رود تۆۋەندىكى ماقالىنى ئېلان قىلدى:

«قىزلىرىمىزنىڭ ئائىلىلەردە خىزمەتچى بولغىنى ياكى خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش بولغىنى، ئۇلارنىڭ زاۋۇت ـ كارخانىلار، فابرىكىلار ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلىگىنىدىن، سىرتلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بارغىنىدىن مىڭ ياخشى، بالايى ـ ئاپەتلەر تېخىمۇ ئاز، چۈنكى ئۇ جايلاردا قىزلارنىڭ شان ـ شەرىپى كىرلىنىدۇ، بۇزغۇنچىلۇقنىڭ كىرلىرى بىلەن كىرلىنىپ، گۈزەل ھاياتى ئەبەدى كەلمەسكە كېتىدۇ. كاشكى بىزنىڭ يۇرتلىرىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئوخشاش بولغان بولسا، ئۇ يەردىكى پاكلىق، ئىپپەت، ئار ـ نومۇس ۋە سالاپەتلەر بۇ يەرلەردىمۇ بولسىچۇ، ئۇ يەردىكى ئاياللار ئەڭ پاراۋان تۇرمۇش، ئەڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇش بىلەن ئىنئام ئالماقتا، يۈز ـ ئابرويى ۋە شان ـ شەرەپنى پاك ساقلاش بىلەن ياشىماقتا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاياللار شۇنداق بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى!»

شۇنداق، ئۆز قىزلىرىنى ئەرلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىش بىلەن رەزىللىكلەرگە يەم ـ خەشەك قىلىپ بېرىش ياۋرۇپالىقلارغا ئار ـ نومۇس ۋە ئەيىپكەنۇ، بىز نېمە ئۈچۈن قىزلىرىمىزنى ئۆز تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىش (ساماۋى دىن تەلەپ قىلغاندەك)، ئۇلارنى ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمەتچىلىرى قىلىشقا، ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى

ئەرلەرنىڭ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئاياللارنى ئائىلىلەردە پاك ساقلاشقا ئۇرۇنمايمىز. مۇشۇنداق قىلغان ۋە قىلالىغان چاغدا ئۇلارنىڭ شان-شەرىپىنى ساقلىيالايمىز. بىزگە نومۇس ئەمەسمۇكى، ئەجنەبىيلەر ئۆز يۇرتلىرىنى بىزنىڭ يۇرتلاردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلسۇن، بىز يۇرتلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمىز!

ئەمما ئاياللارنىڭ ئاخىرەتنىڭ جازا-مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزىمىزگە كەلسەك، بۇ جەھەتتە بىزنى ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى كاتتا ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ:

«ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەملىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن، ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرەتىم بىلەن ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن»، بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار.» (سۈرە ئال ئىمران - 195ئايەت)

«ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھ تەئالاغا تاپشۇرۇدىغان (يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلنى خالىس ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنى جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ، ئاللاھ تەئالا ئىبراھىمنى دوست تۇتتى.» (سۈرە نىسا - 124ئايەت)

«مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا، تائەت ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھ تەئالانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھ تەئالانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ تەئالا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.» (سۈرە ئەھزاب - 35ئايەت)

ئاياللارنىڭ ئەجرى-مۇكاپات ۋە گۇناھ-ساۋابتا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقى، ئەر-ئايال دەپ كىچىككىنە ئايرىمچىلىق بولمايدىغانلىقىغا تۆۋەندىكىلەرمۇ دەلىل بولىدۇ:

ئەبدۇلبەررى «ئىستىئاب» ناملىق كىتابىدا، ئىمام مۇسلىم سەھىھۇل مۇسلىمدا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئەسما بىنتى يەزىد ئىبنى سەكەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئارقامدا قالغان مۇسۇلمان ئاياللار جامائىتىنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن،

ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن دېگەندەك دەيدۇ، ھەممىسىنىڭ پىكرى، كۆز قارىشى مىنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ئاللاھ تەئالا ھەققەتەن سىلىنى ئەر-ئاياللارغا ئوخشاش پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، بىز ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكلىرىگە ئىشەندۇق، چىن ئىمانىمىز بار، بىز سىلىگە ئەگەشتۇق، بىز ئاياللار جامائەتتە بولساق ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا، سىرتلارغا چىقماسلىققا، ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا ۋە چۈمبەللىك بولۇشقا بۇيرۇلدۇق، ئەرلەر بولسا جۈمە نامازلىرى، مېيىت نامازلىرى ۋە ئاللاھ تەئالا يولىدىكى جىھادقا قاتنىشىش ئارقىلىق بىزلەردىن ئارتۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى، ئۇلار جىھادقا چىقىپ كەتكەندە بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ماللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، بالىلىرىنى باقىمىز، تەربىيىلەيمىز، ئۇلار ئېرىشكەن ئەجىر-مۇكاپاتتا بىزنىڭمۇ ھەسسىمىز، شېرىكچىلىكىمىز، ئورتاقلىقىمىز بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتراپىدىكى ساھابىلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن: «سىلەر ئۇز دىنى توغرۇلۇق بۇ ئايالدىنمۇ چىرايلىقراق سوئال سوراپ باققان بىرەر ئايالنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانمۇسىلەر؟ بۇ ئايال نېمىدېگەن گۈزەل سوئال سورىدى-ھە؟» دېدى، ئۇلار: خوش ئى رەسۇلۇللاھ! دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايتقىن ئى ئەسما! سىنىڭ كەينىڭدە قالغان ئاياللارغا ئۇقتۇرغىن، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆز ئېرىگە بولغان خوتۇندارچىلىقىنى ياخشى قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش، ئۇنىڭ مۇۋاپىق كۆرگىنىگە ئەگىشىش سەن تىلغا ئالغان نەرسىلەرگە تەڭ كېلىدۇ» دېدى، ئەسما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشارەت بەرگەن نەرسىدىن خۇشال بولۇپ، سۇبھانەللاھ، ئەللاھۇ ئەكبەر دېگەن ھالدا قايتىپ كەتتى».

مانا بۇ ئۇلۇغ ھەدىس شەرىف ئايال كىشىنىڭ ئۆز تۇرالغۇسىنى رەتلەش، ئائىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش، ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە بالىلىرىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەشتە ئېرىشىدىغان ئەجىر-مۇكاپاتى، ئەر كىشىنىڭ ئۆز جىھادى ۋە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدە بار بولغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئەجىر-مۇكاپات بىلەن ئوخشاش ۋە تەڭ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

* * * * *

## • ئىسلام دىنى قىزلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ

تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئىسلام دىنىنىڭ قىزلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسىگە نەقەدەر كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ:

تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ئاچا ياكى سىڭلىسى، ياكى ئىككى قىزى يا ئىككى ئاچا ياكى ئىككى سىڭلىسى بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، خەيرى-ئېھسان قىلىپ ئەرگە بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەت بار»،

يەنە بىر رىۋايەتتە: «قايسى بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قول ئاستىدا قىزى بولۇپ ئۇنىڭغا ياخشى تەلىم-تەربىيىلىك قىلغان، ياخشى ئىلىملىك قىلغان ۋە ياخشى ئەدەپلىك قىلغان، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھدى نىكاھىغا ئالغان بولسا، بۇ كىشىگە ئىككى ئەجرى بار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

www.uyghurkitap.com

سەھھۇل بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەخسۇس كۈنلەرنى ئاياللارغا خاس قىلىپ، ئاشۇ كۈنلەردە ئۇلارغا ئاللاھ تەئالا بىلدۈرگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى، چۈنكى بىر مۇسلىمە ئايال، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ ھەدىسلىرىڭنى ئەرلەر ئېلىپ كىتىۋالدى، بىزگە مەخسۇس كۈن ئاجرىتىپ بەرسەڭ، بىز ئاشۇ كۈندە سىنىڭ قېشىڭغا كەلسەك، ئاللاھ تەئالا ساڭا ئۆگەتكەن نەرسىلەردىن بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويساڭ، دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پالان، پالان كۈنلىرى بىر يەرگە توپلىنىڭلار» دېدى، ئاشۇ كۈنلەردە ئاياللار بىر يەرگە توپلىشاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ ئۇلارغا، ئاللاھ تەئالا ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ئۆگۈتەتتى.

ئىمام بىلازىرىينىڭ «يۇرتلارنىڭ پەتھى قىلىنىشى» دېگەن كىتابىدا، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە بىنتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە شىفائۇل ئەدەۋىي دېگەن يازغۇچى ئايالنىڭ قولىدا خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، شىفائۇل ئەدەۋىينى ئەكەلدۈرۈپ، ئەسلىدە خەت يېزىشتىن ساۋادىنى چىقارغاندەك ھۆسنى خەت يېزىشنى ۋە ئىملانى چىرايلىق قىلىشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، دەپ نەقىل قىلىدۇ.

يۇقاردىكى دەلىل-پاكىتلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كىلىمىزكى: ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن قىزلارغا مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى، پايدىلىق ساقاپەتلەرنى ئۆگىتىش ۋە تەلىم-تەربىيىلىك قىلىشقا ئەمىر قىلدى، بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملاردىن خۇتۇن كىشىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېلىشىنى مەنئىي قىلغانلار تېپىلسا، بۇ مەنئىي قىلىش ئەمەلىيەتتە سەت شېئىرلار، پەس، سېسىق گەپ-سۆزلەر، قىممەتسىز ئەدەپلەر ۋە زىيانلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن چەكلەش بولىدى، ئەمما ئايال كىشىگە دىنى ۋە دۇنيالىقى جەھەتتە مەنپەئەت بېرىدىغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىش، ھېكمەتلىك شېئىرلارنى يادلىشى، ھېكمەتلىك ۋە ئۇلۇغ سۆزلەرنى ئۆگىنىشى قاتارلىقلارغا كەلسەك، بۇنىڭدىن چەكلەيدىغان، مەنئىي قىلىدىغان بىرەر كىشى تېپىلمايدۇ!

ئىبنى سەھنۇن «مۇئەللىملەر» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «تەقۋادار قازى ئەيسا ئىبنى مىسكىين قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى ئوقۇتاتتى»، قازى نىياز: ئەسىر نامزىدىن كىيىن ئۆزىنىڭ ئىككى قىزى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا قۇرئان كەرىم ۋە باشقا ئىلىملەرنى ئۆگۈتەتتى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن سەقەلىيەنى پەتھى قىلغۇچى ھەربىي قوماندان ئەسەد ئىبنى فۇراتمۇ ئىلىم ساھەسىدە كاتتا دەرىجىگە ئېرىشكەن قىزى ئەسمانى ئوقۇتاتتى، خوشەنىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەمىر ئەھمەد ئىبنى تەغلەبىنىڭ ئوردىسىدا مەخسۇس تەربىيەتچىلىرى بولۇپ، كۈندۈزى ئوغۇل بالىلارنى، كېچىسى قىزلارنى ئوقۇتاتتى، دەپ نەقىل قىلىدۇ.

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاياللار پەقەت ۋە پەقەت ئىسلامنىڭ سايىسى ئاستىدىلا ئاندىن ئىلىم ۋە ساقاپەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسىگە ئېرىشەلىدى، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە ئەڭ كاتتا ئەدلى-ئادالەتكە ئېرىشەلىدى.

ئىسلام سايىسى ئاستىدا مۇسۇلمان ئاياللار ئىچىدىن، ئۇلەييە بىنتى مەھدى، ئائىشە بىنتى ئەھمەد ئىبنى قادىم ۋە ۋاللادە بىنتى خەلىپە مۇستەكفى بىللاھ قاتارلىق ۋە ئۇلارغا ئوخشاش داڭلىق شائىرەلەر ۋە كاتىپەلەر مەيدانغا كەلدى.

كۆز كۆرسەتكەنلىرىنى داۋالاش بىلەن نام چىقىرىۋەتكەن مەشھۇر كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرى تەبىيە زەينەب بىنتى ئەۋۋەد، تىبابەت ساھەسىدە ئالاھىدە مەشھۇر بولغان مەشھۇر تەبىيە ئۇمموئۇل ھەسەن بىنتى ئەلقازى ئەبۇ جەئفەر تىنجالىيغا ئوخشاش ئۆز زامانىسى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېتۈك زاتلىرى يېتىشىپ چىقتى...

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن: كەرىمە مەرۋەزىيى، سەييىدە، نەفىسە بىنتى مۇھەممەدلەرگە ئوخشاش ئاتاقلىق مۇھەددىسەلەر، ھەدىسشۇناسلار چىققان ئىدى، ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىمام ھاپىز ئىبنى ئەساكىر ئۆزىنىڭ ھەدىس ئۆگەنگەن شەيخلىرى ۋە ئۇستازلىرىنى ساناپ، ئۇلار ئىچىدىن سەكسەن نەچچە ئۇلۇغ زاتنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئۇلار ئىچىدىن نۇرغۇن ئاياللار ئىلمىي جەھەتتىن يۈكسەك ئۇلۇغۋار ئورۇنغا ئىگە بولدى، ئاشۇ ئاياللار ئىچىدىن ئىمام شافىئىي، ئىمام بۇخارى، ئىبنى خەللىكان، ئىبنى ھەببان ۋە ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئۇستازلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى ئاياللار بولغان بولۇپ، بۇ يەردە تىلغا ئالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى داڭلىق پەقىھلەر، ھەدىسشۇناسلار، ئۆلىمالار ۋە ئەدىبلەر ئىدى. مانا بۇ ئىسلام تەربىيەسىنىڭ ئىلىم، پىكرى، تالانت ۋە تۈرلۈك ئىسلامىي ساقاپەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ دەلىل-ئىسپاتىدۇر.

## • تەلىم - تەربىيەدە ئەر - ئاياللارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش كېرەك

ئىسلام شەرىئىتى ئاياللار ئۈچۈن دىنى ۋە دۇنيالىق ئىشىدا مەنپەئەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، بىلىشكە يول قويىدى.

لېكىن بۇ ئۆگىنىش ۋە بىلىش «ئاياللارنىڭ يۈز-ئابرويىنىڭ سالامەت بولۇشى»، شان-شەرىپىنىڭ بۇلغانماسلىقى، ئېپپەت ئار-نومۇسىنىڭ دەپسەندە بولماسلىقى ۋە قوغدىلىشى، ھەردائىم مۇسلىمەلەرنىڭ داڭ-تەۋسىپىنىڭ ياخشى بولۇشى، شەرمى-ھايا ۋە ئۇياتچانلىقتا مىسال ئوبيېكتى بولۇشى، مىجەز-خۇلقى ئېسىل ۋە كۆپ-كۆپ ئىززەت-ئېھتىرامغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئەرلەردىن تامامەن ئايرىلغان ۋە يىراق بولغان بولۇشى لازىم.

تەربىيە ساھەسىدە ئوغۇل-قىزلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرۇپ تەربىيلەشنى تەشەببۇس قىلغان تۇنجى يازغۇچى ئىمام قابۇسىي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە كىشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىم-تەربىيە توغرىسىدا يازغان رىسالىسىدە: «ياخشى نەزەر سالغان ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن كىشىلەر شۇنى بىلىۋالالايدۇكى، تەلىم-تەربىيە ۋە باشقا ساھالەردە ئوغۇل-قىزلارنى ئارلاشتۇرماسلىق كېرەك»، باشقىلار ئىبنى سەھنۇندىن ئوغۇل-قىزلارنى ئارلاشتۇرۇپ تەلىم-تەربىيلەش قىلىش توغرۇلۇق سورالغاندا، ئۇ: «مەن ئوغۇل-

قىزلارنى ئارلاشتۇرۇپ تەربىيلەشنى يامان كۆرمەن، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلارنى بۇزغانلىقتۇر» دېگەن.

ئىبنى سەھنۇن بىلەن قابۇسنىڭ پىكرى ئوخشاش، ھەر ئىككىسى ئوغۇل ـ قىزلارنى ئارلاشتۇرۇپ تەربىيلەشنى يامان كۆرىدۇ، چۈنكى بۇلار ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ھازىرقى مائارىپنىڭ ئۇسۇلى بۇنى ئىسپاتلىماقتا، چۈنكى ئاغزىدىن سۈت ھىدى كەتمىگەن ئۆسمۈر بالىلار ئاللىقاچان بۇزۇقچىلىققا ئۆزىنى ئاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە تۇرۇپلا قورسىقىدىن ھامىلە ئالدۇرۇۋاتقان قىزلار، ھارامدىن بالىلىق بولغان ئوغۇللار كۆرۈلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ پىكرى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان.

مۇشۇ ھاياتلىقتا، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى پۈتۈن ئىشلارنىڭ ۋە ھۆكۈملەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيدى:

«ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ تەئالا ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ). كىمكى ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوچۇق ئازغان بولىدۇ.» (سۈرە ئەھزاب ـ 36ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دېيدى:

«سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىرەر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار.» (سۈرە ئەھزاب ـ 53ئايەت)

بۇ ئايەت گەرچە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئۇسۇل ئالىملىرى ئېيقاندەك، خۇسۇسىي سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىقنى كۆزلەيدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ئېپپەتى، پاكلىقى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى سالاھىيتى بىلەن تۇرۇپ ھىجابلىنىشقا، يات ئەرلەر ئالدىدا ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىققا بۇيرۇلدى، ئومۇمى مۇسۇلمان ئاياللار ئومۇمى شەكلدە، يۈزىنى يېپىش، ھىجابلىق بولۇش ۋە يات ئەرلەر ئالدىدا كۆرۈنمەسلىك قاتارلىقلارغا بۇيرۇلۇش بىرىنچى نومۇرلۇق ئەۋلا بابىدىندۇر. مانا بۇ پەقىھ ۋە ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە بىرىنچى دەرىجىلىك ئەۋلا ئۇقۇمى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن (تاشقى زىننەتلىرىدىن) باشقا زىننەتلىرىنى، ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلاردىن) يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ تەئالاغا تەۋبە قىلىڭلار.» (سۈرە نۇر ـ 31ئايەت)



www.uyghurkitap.com

بۇ ئايەتنىڭ بۇيرۇق نامەھرەمدىن كۆز يۇمۇشنى، باش ۋە كۆكرەككە لىچەك تاشلاشنى، ئۆز مەھرەملىرىدىن باشقا كىشىلەرگە زىننەت ۋە پىتنە ئورۇنلىرىنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا بۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇسلىمە ئاياللىنىڭ سەترلىك، ھەشەمەتلىك، ئىپپەتلىك، نومۇسلۇق بولۇشقا، يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ دەللى، پاكتى ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تەئالا تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر (ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا) ئېيتقىنكى، پۈركەنچە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ-دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە ئەھزاب -59ئايەت)

بۇ ئايەتتە مۇسلىمە ئايال ھىجابلىنىشقا ۋە جىلباب بىلەن ئۆزىنى ئوراشقا بۇيرۇلغان تۇرسا، ئايال كىشىنىڭ يات ئەر بىلەن ئارىلىشىشىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىز؟ ئىمام ترمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يات بىر ئەر بىلەن يات بىر ئايال بىر يەردە خالىي بولمىسۇن، چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ» دېگەن. ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاياللار ئۈستىگە كىرىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار» دېگەندە، بىر ئادەم: ئى رەسۇلۇللاھ! ئايالىمىزنىڭ دوستلىرى بولغان ئاياللار ئۈستىگە كىرسەكچۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋابەن: «ئاياللىرىڭنىڭ يېقىنلىرى ئۆلۈمدۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئەنە يۇقارقىدەك قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىنى گۇمانلىنىش، شۈبھىلىنىش ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت يوق دەرىجىدە قەتئىي ۋە كەسكىن بىر شەكىل بىلەن ھارام قىلىدۇ.

* * * * *

## • ئىككى جىنسنى ئارىلاشتۇرۇشنى مۇباھ دەپ قارايدىغانلارغا رەددىيە

ئىككى جىنسنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىشىشى ۋە ئۇچرىشىشىنى مۇباھ دەپ قارايدىغان ۋە يول قويىدىغان، ئۇنى ئىجتىمائىي ئادەتلەر، كۆڭۈلكۆشلەر، پىسخىكىلىق چارە-ئۇسۇللار ۋە شەرئىي ھۆججەت بىلەن ئاقلىماقچى بولغانلار، ئەمەلىيەتتە بۇلار شەرىئەتكە يالغاننى دۆڭگەيدۇ، ئىنساندىكى جىنسىي ھېسسىياتنىڭ تەبىئىتىنى بىلمەيدۇ، بۇگۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرى بىر قۇتۇپ بولۇپ تاقىلىپ قالغان ئاچچىق رىئاللىقنى ئۇقمايدۇ، چۈشەنمەيدۇ.

1 - ئۇلارنىڭ شەرىئەتكە يالغاننى دۆڭگەيدۇ دېگەن سۆزىمىزگە كەلسەك، سەل ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن نۇرغۇن دەلىل-پاكىتلار ئۇنى ئىسپاتلايدۇ.

2 - جىنسىي ھېسسىياتنىڭ تەبىئىتىنى بىلمەيدۇ دېگەن سۆزىمىزگە كەلسەك، ئاللاھ تەئالا سۇبھانەھۇۋەتەئەلا

ئىنسانىي ياراتقاندا، ئەرنى ئايالغا، ئايالنى ئەرگە جىنسىي جەھەتتىن مايىل بولىدىغان خۇرۇچنى قوشۇپ ياراتقان.

«ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھ تەئالانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.» (سۈرە رۇم - 30ئايەت ).

ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىنى، چىراينى ئوچۇق قويۇش كېرەكلىكىنى دەۋا قىلغۇچىلار كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتمەكچىمۇ، ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى يەڭگۈشلىمەكچىمۇ، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىنى بۇزۇۋەتمەكچىمۇ، بولۇپمۇ ئەر-ئايال ئارىلىشىۋاتقان ھالەتلەردە جىنسىي جەھەتتىن ئاچ، ئەخلاقىي جەھەتتىن سۇيۇق بولسا، چوقۇم، شەك-شۈبھە يوقكى، پاھىشىنىڭ يۈز بېرىشى چوقۇم ۋە گۇمانسىز!

ئەگەر ئارىلىشىش كىچىك چاغدىن، بالىلىقتىن باشلاپ بولسا، ئۆمرىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا بولسا، ئۇنداقتا ئاياللارغا قاراش كۆنۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر-ئايالنىڭ كۆڭلىدىكى ھېسسىيات، نە شەھۋەت ھەركەتلەنمەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئۆچ-ئاداۋەتكە، مېھىر-شەپقەت كۆيۈم-زۇلۇمغا، جىنسىي ئالاقە سوۋۇشقا ئايلىنىپ، ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرى بىلەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ سايىسىدا تۇرۇپ قېلىشقا، بىر ئۆيدە بولۇشقا رازىلىقى قالمايدۇ. دەۋر مەنزىرىسى ۋە رېئاللىقى شۇ ئەمەسمۇ؟!

3 - ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرى بىر قۇتۇپ بولۇپ، ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە بېرىپ يەتكەن ئاچچىق رېئاللىق ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۇقمايدۇ دېگەن سۆزىمىزگە كەلسەك، ئۇلار غەرب ياكى شەرق دۆلەتلىرىدىكى جەمئىيەت كىشىلىرىدىن ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان باشباشتاقلىقلار، ئەخلاقسىزلىقلار، ناشايان ئىشلار ۋە بۇزۇقچىلىقلارنىڭ قەيەرگە ۋە قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى سوراپ باقسۇن، ئۇ جەمئىيەتلەردە ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە شۇكى، ئەندە بۇزۇقچىلىقلار ھەممە جايدا، ئوخشاشمىغان ياشلىقلاردا ۋە ھەممە تەبىقە، ھەممە ساھەدە ۋابادەك كەڭ كۆلەمدە يامرىغان، كوچىلاردا، مەكتەپلەردە، تىجارەت، سودا-سېتىق ئورۇنلىرىدا، بازارلاردا، دائىرىلەردە، ئىدارە-ئورگانلاردا، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، زاۋۇت-كارخانىلار، ھەممە، ھەممە جايلاردا مىسلىسىز كۆلەمدە يامراپ كەتكەن.

تۆۋەندە بىز دىققىتىڭلارغا ئۇلارنىڭ رېئاللىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن كېلىپ چىققان نەتىجىلەرنى ۋەقەلىكلەر ۋە رەقەملەر بىلەن ئېنىق سۇنىمىز:

1 - ئۇستاز شەھىد سەييىد قۇتۇب «ئىسلام ۋە دۇنيا تىنچلىقى» دېگەن كىتابىدا: «ئامرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھامىلدار بولۇش قېلىش نىسبىتى 48% يېتىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

لۇۋان گېزىتىنىڭ «650» رەقەملىك سانىدا، ئامرىكا ئۇنىۋېرسىتېت ۋە فاكۇلتېتلىرىدىكى جىنسىي شەرمەندىچىلىكلەر توغرۇلۇق تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى نەقىل قىلغان:

1 - ئامرىكىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت ۋە فاكۇلتېتلىرىدىكى ئوغۇل-قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي شەرمەندىچىلىكلەر

يىلساين ئېشىپ بارماقتا ۋە كۆچەيمەكتە.

2 ـ ئامرىكا ئۆنىۋېرسىتتلىرى ۋە فاكۇلتتلىرىدىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئاشكارا ھالدا: بىزگە قىزلار كېرەك، بىزگە قىزلار كېرەك، بىز قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى خالايمىز، دەپ چۇقۇرىشىدۇ.

3 ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزلار ياتاقلىرىغا كېچىلەردە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىچ كىيىمنى ئوغرىلايدىغان ئەھۋاللار ئېغىرلاشماقتا.

ئۆنىۋېرسىتت مۇدىرى يۈز بېرىۋاتقان بۇ ھادىسىلەرگە قارىتا مۇنداق دېدى: «ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق كۆپ قىسمى ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق بولغان جىنسىي ئاچارچىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئېنىقكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنچىۋالا چېچىلىپ كىتىشى ۋە جىنسىي قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىغا رىئال دەۋر ھاياتىنىڭ ئەڭ زور تەسىرى بار».

گېزىت يەنە: «ئۆتكەن بىر يىللىق ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، يېشى يىگىرمىدىن ئاشمايدىغان 120 مىڭدىن ئارتۇق ئۆسمۈر ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ قانۇنسىز سۈرەتلىرىنى تارقىتىش بىلەن جىنسىي پاتقاقلىققا پېتىپ قالغان، بۇ قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆنىۋېرسىتت ۋە فاكۇلتتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن».

گېزىت يەنە: ئامرىكىنىڭ پروفىندوس شىتاتىدىكى بىر ساقچى دوكلاتىدا 66% ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆتكەن يىللىق بىر نەچچە ھەپتىلىك يازلىق تەتىلنى روۋايلاند ئاربىلىدا ئۆتكۈزگەنلىكىنى، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىپ كەلمەستىن، بەلگى تۈرمىلەرگە قامالغانلىقى، ئۇلارنىڭ جىنايىتى جىنسىي قالايمىقانچىلىقتىن باشقا، زەھەرلىك بۇيۇملارنى ئىستىمال قىلغانلىقى ۋە باشقا جىنايى قىلمىشلارنى قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى نەقىل قىلغان.

گېزىت يەنە، ئىجتىمائىي تەربىيشۇناس مورغىرت سىمىس خانىمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى نەقىل قىلغان: كۆپ ساندىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنسىي ھېسسىيات ۋە بۇ ھېسسىياتقا جاۋاب تاپىدىغان ۋاستىلەردىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ، 60% قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتسىز بولۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق پىشكەللىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلار دەرسلىرى ھەتتا كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلىغاندىن بەكرەك جىنسىيەت ھەققىدە ئويلىنىش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈندۇر، پەقەت 10% ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلالايدۇ.

1 ـ جورجى بالوشى ئۆزىنىڭ «جىنسىي ئىنقىلاب» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ـ 1962يىلى گەندى ئامرىكىنىڭ كەلگۈسى خەتەر ئىچىدە، چۈنكى ئامرىكىنىڭ ياشلىرى شەھۋەتكە غەرق بولغان، ئەخلاقسىز ۋە سۈيۈق، ئۇستىگە تاشلانغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇزىنى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقىلى كەلگەن ھەر يەتتە نەپەر ياشنىڭ ئالتە نەپىرى ھەربىي ۋەزىپە ئۇتەشكە يارىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار غەرق بولغان شەھۋەتپەرەسلىك ئۇلارنىڭ جىسمانىي، پسىخكا ۋە تىببى جەھەتتىكى لاياقتىنى بۇزۇپ تاشلىغان».

يەنە ـ 1962يىلى ( خىرشوف ) كىندى جاكارلىغاندەك، روسىيەنىڭ كەلگۈسى خەتەر ئىچىدە، چۈنكى روسىيەنىڭ ياشلىرىنىڭ كەلگۈسىگە خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سۈيۈق، ئەخلاقسىز، يولدىن

چىقىپ كەتكەن، شەھۋەتلەرگە غەرق بولغان دەپ ئېلان قىلدى.

2 ـ دىيىل دىۋارىنىت «پەلسەپە يولى» دېگەن كىتابىدا: «بىز يەنە بىر قېتىم سوقراتنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان مۇشكۈلاتقا يۈزلىنىۋاتىمىز، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنى قانداق قىلىپ، ئالىقاچان ئۇلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە تەسىرى يوقىلىپ كەتكەن چەكلەش كۈچىگە ئىگە ساماۋى ئەخلاقنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان تەبىئىي ئەخلاققا قانداق يېتەكلەيمىز دېگەن مەسىلە. بىز ئۆزىمىزنىڭ قىممەتلىك ئىجتىمائىي مىراسلىرىمىزنى مۇشۇنداق نومۇسسىز بۇزۇقچىلىقلار بىلەن چىرىتىۋاتىمىز».

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش كۈملىچى ۋە قاپچۇقلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىشى ئەخلاقىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. چۈنكى بۇرۇنقى ئەخلاقىي قانۇن جىنسىي ئالاقىنى تۇيلىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشنى قەيت قىلاتتى، چۈنكى نىكاھ دادىنى مەسئۇلىيەتچان دادا بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قانۇندا جىنسىي ئالاقە بىلەن نىكاھنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى نىكاھ بولمىغان ۋە ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇيلىشىش بولمىغاندا، دادا بالىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئەمما بۈگۈن جىنسىي ئالاقە بىلەن نەسىل قالدۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يات مۇناسىۋەتلەر ئورۇنلاشتى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئويلاپ باقمىغان، خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى، چۈنكى ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئامىللارنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

بىز يېرىم مىليون ئامېرىكىلىق قىزلارنىڭ ئەخلاقسىز، زىنا ـ پاھىشە قۇشخانىلىرىدا قۇربانلىققا ئايلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بۇنداق چاكىنا ۋە رەزىل ئورۇنلارغا ۋە ئىشلارغا تەقدىم قىلىۋاتقىنىدىن نومۇس قىلماي، خىجىل بولماي، بەلكى خۇشاللىق ئىچىدە رازى بولۇۋاتىمىز. بۇ قىزلار بىزگە كىنو ـ تىياتىرخانىلار، ئاممىۋى سورۇنلار ۋە يالىڭاچلانغان كىتاب ـ ژۇرناللاردا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ۋە ئۆزلىرىنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئەرلەردىكى جىنسىي ھېسسىيات ۋە قىزىقىشنى قوزغاپ پۇل ـ مالغا ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ئەمما ئىرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەرسىز قالغان ئاياللار جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، رەستىلەردە ئۆچرەتتە تۇرىدۇ. نۇرغۇن ئاياللار ئەرلەر تەرىپىدىن ھىمايىچىسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، جان بېقىش ئۈچۈن ئۆيپىتىنى سېتىشنى دەسمايىگە ئايلاندۇرماقتا.

كىچىكىپ تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئەرلەر مۇشۇ جەرياندىكى جىنسىي تەلەپنى قاندۇراي دېسە، ئۇلارغا ئۆزىنى ئاشكارا ھالدا بازارغا سالغان كوچا قىزلىرىدىن نەچچىسى ھەمراھ بولىدۇ. ياكى دۆلەت نىزامى قانۇنلۇق دەپ يولغا قويغان گۈزەللەشتۈرۈش نامىدىكى، ساتىراچخانا نامىدىكى، كۆڭۈل ئېچىش ۋە بەزمىخانىلاردىكى ئورۇنلاردىن ئاشنىلارنى تاپالايدۇ. ھەتتا تۈرلۈك ئىلمىي ناملاردىكى ئىدارە ـ ئورگانلاردىن تاپقىلىمۇ بولىدۇ. دېمەك جىنسىي تەلەپنى قاندۇرماقچى بولغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق. پۈتۈن دۇنيا جىنسىي قىزىقىشنى قوزغاش ۋە ئۇنى قاندۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولىدىغان بارچە يوللارنىڭ ھەممىسىنى پەيدا قىلدى.

جىنسىيەت ۋە لەززەتلىنىشكە بۇنچىۋالا يۈزلىنىشتىكى ئەڭ چوڭ قاراش ۋە بۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئەڭ كاتتا تۈرتكە دارۋىنىزمنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە قىلغان ھۇجۇملىرى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئوغۇل-قىز ياشلار دارۋىنىزىم ئارقىلىق دىنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ لەززەتلىرى ۋە جىنسىي ئەركىنچىلىكىدىن چەكلەيدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغدىن باشلاپ، ئىلىم ساھەسىدە دىنىي چەكلەيدىغان، قامچىلايدىغان نەچچە ئونمىڭلىغان سەۋەبلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى.

مانا ئەمدى جىنسىي ئىنقىلابقا قاتناشمىغان بىرمۇ جىسىم قالمىدى، قەدىمكى زاماندىكىدەك نەپسىنى كونترول قىلالايدىغان نەپسىگە ئىگە بولالايدىغان قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، پەزىلەت ۋە شان-شەرەپ ھېسابلىنىدىغان ئىپپەت ۋە ئار-نومۇس، مەسخىرە تىمىسىغا ئايلىنىپ قالدى، كۆزگە ئىلمايدىغان تىما بولۇپ قالدى، گۈزەللىككە گۈزەللىك قوشىدىغان شەرمى-ھايا قاتمۇ-قات پەردىلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى، ئەرلەر قىلغان ئەسكىلىكلىرى، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولدى، ئاياللار ئۆزىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر تۇرىدىغان، ئوخشاش تۇرىدىغان قەدەمدە ھېچقانداق چەكلىمە ۋە چەكسىز ھالەتتە بولۇشىنى ھوقۇق ئورگانلىرىدىن تەلەپ قىلدى، قارىماققا ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولدى، توي قىلىش، نىكاھلىق بولۇشتىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندى، پۇل تېپىش مەقسىتىدە كوچىغا چىققان جالاپلار، ئائىلىق ساقلىغۇچى ساقچىلارنىڭ نازارىتىدىن ئەمەس، بەلكى جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەقسىز بىكارغا بىرىۋېتىدىغان جالاپلارنىڭ قىزغىنىشلىرى بىلەن كوچىلاردىن غايىپ بولىدىغان بولدى، دەپ يازىدۇ. [1]

قاھىرە كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتىنىڭ 1965-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى چىققان سانىدا تۆۋەندىكى خەۋەرلەرنى نەقىل قىلىدۇ:

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى قولىغا لوزۇنكا ۋە پىلاكات كۆتۈرۈۋالغان يۈز مىڭدىن ئارتۇق نامايىشچى ئايال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلىرى ۋە مەركەزلىرىگە بۆسۈپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا نامايىشلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى، بۇ نامايىشچى خانىملارنىڭ شۇئارى ۋە تەلىپى: ئاياللار ھوقۇقتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك، پۈتۈن ئاياللارغا جىنسىي ئەركىنچىلىك بېرىلىشى كېرەك، ئاياللار ئەرلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، دېگەن سۆزلەر بار ئىدى.

گېزىتتە يەنە: 1964-يىلى ئاپرېل ئېيىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا پۈتۈن سوۋېتنى زىلزىلىگە سالغان كەڭ كۆلەملىك نامايىش بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى، دۆلەت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن پروفېسسور مۇدىر ۋىراچ ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن بولغان 140 نەپەر دوختۇر، زىيالىي، قۇرۇلتاي كومىتېتى ۋە ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىدىن مىللەتنىڭ ھاياتى، تەقدىرى ۋە ساغلاملىقىغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلگەن جىنسىي شەرمەندىچىلىك، ۋە باشباشتاقلىقنى چەكلەيدىغان بىر ئىجرائىيە كومىتېتى قۇرۇش ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىككە قارشى قانۇن-تۈزۈم

(1) «پەلسەپە يوللىرى» 134-6 بەتكىچە قارالسۇن.

ماقۇللاشنى تەلەپ قلىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر سوتچى بېن لىندوس ئۆزىنىڭ «ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سەركەشلىكى» دېگەن كىتابىدا: «ئامېرىكىدا كىچىك ئۆسمۈر قىزلار مەزگىلدىن بۇرۇن بالاغەتكە يەتمەكتە، ئۇلار بەك بالدۇرلا يېتىلىپ قالغانلىقتىن كىچىك تۇرۇپلا جىنسىي تۇيغۇسى بەك كۈچەيمەكتە» دەپ يازىدۇ. بۇ سوتچى ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن 313 نەپەر قىزنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن ۋە بۇلار ئىچىدىن 255 نەپەر قىزنىڭ 11 ياشتىن 13 ياش ئارلىقىدا بالاغەتكە يېتىپ قالغانلىقىنى، ئۇلاردا جىنسىي شەھۋەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكىنى، ئادەتتە 18 ياشتىن ئاشقان قىزلاردا بولىدىغان جىسمانىي تەلەپلەرنىڭ يېتىلىپ قالغانلىقىنى بايقىغان.

دوكتۇر ئەدېيس جوكىر ئۆزىنىڭ «جىنسىيەت قانۇنلىرى» دېگەن كىتابىدا: «غەرب ئەللىرىدە ھەتتا ئۇقۇمۇشلۇق بولغان مەدەنىيەتلىك تەبىقىلەر ئىچىدىمۇ 8-7 ياشلىق قىزلارنى ئالدايدىغان، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنى زىنا-پاھىشە بىلەن بۇلغايدىغان ئىشلار ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئايلانغان» دەپ يازىدۇ. ۋە ئۆزىنىڭ بۇ دەۋاسىغا نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

بىرىتانىيە گېزىتى مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «25 ياشلاردىكى خانىم ئوقۇتقۇچى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىي مۇناسىۋەتنى قانداق قىلىشنى ئەمەلىيەتتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا كىيىملىرىنى بىر-بىرلەپ سالىدۇ. ۋە ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا نومۇسسىز بىر ئەر بىلەن بۇ رەزىل ئىشنى تۈگىتىدۇ. ئىش ئاخىرلاشقۇچە سىنىپ ئوتتۇرىسىدا بۇ ئىككى ھايۋان قىپيالىڭاچ تۇرىدۇ».

لوندوندا چىقىدىغان «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 1979-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى چىققان سانىدا: ياۋرۇپادا 75% ئاياللىنىڭ ئېرىگە خىيانەت قىلىدىغانلىقى، ياتلىق بولغان ئاياللار ئىچىدىن ئەرلىرىگە خىيانەت قىلمايدىغان ئاياللارنىڭ ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغانلىقىنى، كۆپىنچە ھاللاردا ئاياللىرىنىڭ خىيانەت قىلىدىغانلىقىنى ئەرلەرنىڭ بىلىدىغانلىقىنى، ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ خىيانەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى، بىلسىمۇ بىلمەسكە، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئاجرىشىپ كەتمەستىن ئارىسىدىكى شەكلىي ئەر-خوتۇنلۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

ئەمما تويى قىلىشتىن بۇرۇن جىنسىي ئالاقە ئۆتكۈزۈش 85%-80% گىچە يەتكەن، ئەرلەرنىڭ ئاز دېگەندە 3-2 ئايال ئاشنىلىرى بولغان، خوتۇنى ياكى جالاپلاردىن ئاشنىسى بولمىغان ئەرلەر شاختىن-شاخقا يۆتكىلىپ ئۆزىنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرىدىكەن.

لىۋاندا چىقىدىغان «ئامانلىق» ژۇرنىلىرىنىڭ 1979-يىلى 11-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

«ئەرەبلەردىن بولغان بىر داشقال يىگىت دانىمارىكىتىكى كېچىلىك تىياتىرخانىغا بارىدۇ، سەنئەتچى ئايال تاماشىبىنلىرى ئوتتۇرىسىدا قىزىق ئۇسۇل ئويناپ كىتىۋېتىپ، ئۈستۈمىتۈتلار كىيىمىنى بىر-بىرلەپ سېلىپ تاشلايدۇ، قىپيالىڭاچ بولغان سەنئەتچى كۆندۈرۈلگەن ئىتنى چاقىرىدۇ، گۈلدۈراس ئالقىشلار ساداسى ۋە قۇلاقنى يارغۇدەك

مۇزىكا كۈيلىرى ئىچىدە نەچچە مىڭلىغان تاماشىبىن ئوتتۇرىسىدا ئىت بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ، بۇ سەنئەتچى قانجۇق ئىت بىلەن بولغان ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن تۆۋەندە ئولتۇرغان تاماشىبىنلىرىدىن ئۆزى بىلەن ئىت قىلغان ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بىر مەست قىپيالىڭاچ ھالدا سەھنىگە چىقىپ، سەنئەتچى بىلەن ئىت قىلغان ئىشنى قىلماقچى بولىدۇ-يۇ، ئەمما قىلالمايدۇ. يىگىت بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ!؟»

فرانسىيە مىللىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لوتروكىينىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقانلار بارمۇ؟ يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بۇ قېرى ئەبلەخ ئىككى قولىغا ھەردائىم سېرىق لىنتىلەر ۋە سېسىق گەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن تىڭشاتقۇ سېلىۋالىدىكەن. بۇ قېرىنى قولىقىغا زىناخورلارنىڭ قارا ئەۋرەزلىرىدىن ئېچىپ چىققان بىھايا كۈسۈرلاشلىرى، ئىڭراشلىرى ۋە جىنسىي شەرمەندىچىلىكنىڭ سېسىق لاتقىلىرىنى ئاڭلاشتىن قېرىلاردا بولىدىغان پىشقەدەملىك توسۇپ قالالمىغان. بۇ قېرى مەلئۇننىڭ خۇسۇسىي ساقچىسىنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ مەلئۇن ئەبلەخ پارژدىكى ھۆكۈمەت بىناسىدا 14 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان قىزلارنى ئەكەلدۈرۈپ يالىڭاچ ئۇسۇل كېچىلىكىنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇيۇشتۇرغان. ئەييۇھاناس! مانا بۇ پارژدىكى ھۆكۈمەت بىناسىدا بولغان شەرمەندىچىلىك! پارژنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىچىدە يۈز بەرگەن شەرمەندىچىلىك؟ يۇقىرى قاتلاملاردىكى ئەھۋاللار بۇنداق تۇرسا؟! تۆۋەن قاتلاملاردىكى ئەھۋاللار قانداق بولىدۇ؟ مانا بۇلار فرانسىيە سوت كوللېگىيىسىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ۋە ئۇلار ئالدىدا داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھەل قىلىش قىيىن بولغان مۇشكۈلچىلىك.

ئامرىكا چىكاگو مەخپىي ساقچى دوكلاتىدا مۇنداق خەۋەر بېرىلگەن، 13 جىلدلىق بۇ دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئامرىكىدىكى بۇزۇقچىلىققا يېتەكلىكۈچى دەرىجىدىن تاشقىرى ئەركىنچىلىك بىلەن پەسكەش مەدەنىيەت پەقەت ئائىلە نىزامىنى بۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى ئامرىكىغا ساقچى ۋە سوتچى بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل غەلىتە مەدەنىيەتنى سۆرەپ كىردى».

ئامرىكا «ھىراتىلدىرپون» گېزىتىنىڭ 1979-يىلى 6-ئاينىڭ 29-كۈنلۈك سانىدا: «ئامرىكىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بىر قانچە نەپەر مۇتەخەسسىس ئومۇمەن غەرب دۇنياسىدا، خۇسۇسەن ئامرىكىدا كۆرۈلگەن ئەبەدى مەھرەملىرى بولغان قىزلىرى ياكى ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن پاھىشە قىلىشنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى خەۋەر قىلغان».

تەتقىقاتچىلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق ھادىسىلەر كەم كۆرۈلىدىغان نادىر ھادىسىلەر ئەمەس، بۇ ئىشلار كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن، ئىگەللىشىمىزچە ھەر ئون ئائىلىدە بىر ئائىلە بۇ ناچار پاراكەندىچىلىكنى قىلىدىكەن».

مانا بۇ غەرب دۇنياسىدا مەڭگۈلۈك مەھرەملىرى بىلەن قىلىدىغان رەزىللىكلىرى ياش ئوغۇل-قىزلار دەرس ياكى ئىش، خىزمەت ياكى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەش باھانىسى بىلەن بىر يەرگە جەم بولسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا

www.uyghurkitap.com

نەسەپ مۇناسىۋىتى ياكى يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىسا؟ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ زىنا ـ پاھىشىدىن ئىبارەت جىنايەتنى ئىشلىشى بىرىنچى دەرىجىلىك ئىش قاتارىدىن بولىدۇ؟!

غەرب مىللەتلىرىنىڭ قىز ـ ئوغۇللارنى ئارىلاشتۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ ۋەقەلىكلەر ۋە تەجرىبىلەردىن بىز نەقىل كەلتۈرگەن رىۋايەتلەر ئۇلار ئىچىدە يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق بۇزۇقچىلىق دېڭىزىدىن تامچىدۇر خالاس، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرى ئىشلار تەتۈرىچە ۋە ئەكسىچە بولۇۋاتقان بۇ دەۋردە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ يۈرۈش، نامدا بار ئاياللار ئەركىنلىكىدىن كېلىپ چىققان زەرەتلىنىش، يۈزى ۋە بەدەنلىرىنى، ئەۋرەت ئورۇنلىرىنى ئوچۇق قويۇش ۋە ياسانچۇقلۇق قىلىشنىڭ نەتىجىسىدە[1] جىنسىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن تېز يارىنىڭ گىرۋىكىچە كېلىپ قالغان ئائانىزىم دېڭىزىدىن تامچىدۇر خالاس. غەربتە بولسۇن مەيلى شەرقتە بولسۇن، ئىككى جىنسنىڭ ئارىلىشىشى يەسلىدىن باشلىنىپ، تەييارلىقتا ئاندىن باشلانغۇچقا، ئاندىن تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە، ئاندىن ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا، ئاندىن ئىش ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىغا قەدەر كۆچۈپ يۈرىدۇ. بەلكى يەنە مۇتلەق ھالدا ئۇلارنىڭ بارچە ئىجتىمائىي ھاياتىغا قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ۋە مەۋجۇد بولغاندۇر.

بەسىرەت ئىگىسى بولغان بىرەر ئاقىل يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلىرىمىزدىن كېيىن، بۈگۈنكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىنى توغرا، ئەر ـ ئاياللار تولا ئارىلىشىپ يۈرسە، ئۇلاردىكى جىنسىي تەلپۈنۈش غالجىرلىقى تىزگىنلىنىدۇ، شەھۋەت قوزغىلىشلىرى جىمىقىدۇ، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىيەتنى ئادەتتىكى كۆنۈپ كەتكەن بىر ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ، دەپ دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنەرمۇ؟

ئىمام كوسرىي (ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ ماقالىلىرىدىكى ھېكايەتلەر ئىچىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار: «بىرىتانىيەدە بىر قېتىم دۆلەت كاتىپلىرى يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بارچە كاتىۋاشلار يالىڭاچ خوتۇنلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئايالىنى بىللە ئېلىپ بارمايدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا جانابلارنىڭ بىرى: سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسى قاچانغىچە ئازات بولمايدۇ؟ ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان ئايال قاچانغىچە قالاق ھالەتنى ساقلايدۇ؟ چۈمبەل تاشلاپ قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ؟ ئەرلەردىن ئايرىپ تاشلىنىدۇ؟ دەپ سورايدۇ، بۇ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى بۇ جاناپقا: چۈنكى بىزنىڭ ئىسلام شەرقىدىكى ئاياللىرىمىز ئۆز ئەرلىرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەن بىللە بولۇپ ھارامدىن بالا تۇغۇشنى خالىمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، گەپ سورىغان جاناپ خىجىل بولۇپ لام ـ جىم دېيەلمەي تامقىغىنى قىرىپ قالىدۇ»، مانا بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمىگۈچىلەر قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟

مەن، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەر توغرۇلۇق بولغان بۇ سۆزلەرگە قوشۇپ، ئاتا ـ ئانىلار ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەر ئالدىدا تۆۋەندىكى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى قويماقچىمەن: ھەقىقەتەن يەر شارىدىكى بارلىق مۇستەملىكچىلەر، يەھۇدىي زىئونىزمچىلىرى، كوممۇنىستلار، ماددىپەرەسلەر ۋە

(1) پەرۋىد نەزەرىيىسى، بۇ نەزەرىيە جىنسىيەتنىڭ مۇتلەق ئەركىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاتېئىزمچىلارنىڭ رەزىل پىلانچىلىرى ھەردائىم بىرىنچىسى بولۇپ، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاشنى، ئىچكى دۇنياسىنى يىمىرىپ تاشلاشنى ۋە يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى تۈپ مەقسەت، تۈپ نىشان قىلىدۇ. بۇ مەقسەت ۋە بۇ نىشان ئۈممىتى ئىسلامىيەنىڭ ئەخلاقى قىممەتلىرىنى، ئوغۇل-قىز ياشلار ئىچىدىكى دىنى ئۇقۇملارنى مىجىقلاپ تاشلاش، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ھەممە ۋە ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قەدەر ئەخلاقسىزلىق ۋە جىنسىي سۇيۇقلۇقنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ. سەگەك ۋە ھوشيار بولۇڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىم! بۇ مەلئۇنلارنىڭ ئەخلاقسىزلىققا دەۋەت قىلىش ۋە ھىيلە-مىكىرگە تولغان مەيداندىكى بىرىنچى نىشان، تۇنجى ئوق-دەل خوتۇن كىشىدۇر! ( مانا بۇ ئاجىز ۋە ھېسسىياتچان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىچارە ئاساسىي ئېلمېنت ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا، ئەخلاق بۇيۇنتۇرۇقلىرىنى ئۈزۈپ-تاشلاشقا چاقىرغۇچىلار ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك لايىھەلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئويلىغىنىڭىزدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى رول ئوينايدۇ ).

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاتاقلىق كاتتىۋاشلىرىنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ھاراق رومكىسى بىلەن ناخشا-ئۇسسۇلچى ئايال، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىنى بۇزۇپ تاشلاشتا نەچچە مىڭلىغان ئاتوم بومبىسى قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئۈممىتىنى مال-دۇنيا ۋە شەھۋەتپەرەسلەر دېڭىزىغا تاشلىۋېتىش كېرەك، ئۇلار مال-دۇنيا ۋە ھېسسىياتنىڭ قۇربانى بولسۇن ۋە بۇ ئىككى دېڭىزدا تۇنجۇقۇپ قالسۇن».

رەزىللىكتە چەكتىن ئاشقان ئەھلى سەلىب تاجاۋۇزچىلىرى ماسونىزمچىلار كاتتىۋاشلىرىنىڭ بىرى: «مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىنى بۇزۇپ تاشلاشتا، ئاياللارنى كۆپلەپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، ئۇلار قاچانكى بىزگە قول سۇنسا بىز بىلەن زىناىي-ھارام قىلغان بولىدۇ، ئەنە شۇ ئاياللار ئىسلام دىنى ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىدىغان جەڭگىۋار مۇجاھىد تۇغمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام قوشۇنىنى پارچىلاپ تاشلايدۇ. دىن ئۈچۈن غەلبە زەپەر قۇچقۇچى قوشۇن تۆگەيدۇ» دەيدۇ.

يەھۇدى قىساسچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەستۇرلىرىدا تۆۋەندىكى جۈملىلەر بار: «بىز پۈتۈن يەر شارىغا خوجا بولۇشىمىز ئۈچۈن، ھەممە جايدا ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەدەپ-ئەخلاقنى ئۈزۈل-كېسىل گۇمران قىلىشىمىز كېرەك. پەرۋىد ۋە دەركايىملار بىزنىڭ ئۆز ئادىمىمىز. ئۇلار جىنسىي ئالاقىنى ئازات ۋە ئەركىن ھالدا ھېچبىر شەيئىدىن خىجىل بولماي، ئوچۇق-ئاشكارا ئېلىپ بېرىش تەرغىباتىنى جېنىنىڭ بېرىچە كۈچەپ تارقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياشلارنىڭ نەزەرىدە مۇقەددەس نەرسە قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتا غەم-ئەندىشىسى جىنسىي ھېسسىياتنى قاندۇرۇش بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئەخلاقى يىمىرىلىدۇ. ئۇلار ھازىر ناشايان ئىشلار دەپ قارايدىغان ئىشلارنى كۆپكۆندۈزدە رەستىلەردە قىلىدىغان بولىدۇ».

يۇقارقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىسلام يۇرتلىرىدا ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ يۈرۈشىنى توغرا دەپ دەۋا قىلىدىغان، بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ بارچە ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزدا كەڭ ئومۇملىششىنى خالايدىغان ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمىنى، ئىسلامنىڭ دۈشمىنى بولغان ماددىزمچىلار، ماددىپەرەس مەزھەبلەر، كوممۇنىستلار، ئاتېئىزمچىلار، مۇستەملىكىچىلەر، يەھۇدىزمچىلار، ئەھلى سەلىبلەر ۋە باشقىلارنىڭ پىلانلىرىنى

ئورۇندايدىغان، بىلىپ-بىلمەي، ئۇقۇپ-ئۇقماستىن ئاشۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەملىشىدىغان قولچوماقلار ۋە گۇماشتىلاردۇر. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا بارلىق ئاتا-ئانىلار، مۇرەببىلەر ۋە مەسئۇل كىشىلەر قىزلارنىڭ ئىپپەتلىك، ئار-نومۇسلۇق ۋە شەرمى-ھايالىق، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئۇسۇپ يېتىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك بۇزۇقچىلىقلار ۋە ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ساغلام بولۇشى ئۈچۈن، ئوغۇل-قىز ياشلارنىڭ تىببى، روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى ئۈچۈن تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە ۋە مەيلى باشقا ساھەلەردە بولسۇن، چوقۇم ئەرلەرنى ئاياللاردىن، ئوغۇللارنى قىزلاردىن ئايرىپ تاشلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئىسلام ئۈممىتى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسلىمە ئاياللىنى بۇزۇپ تاشلاشتىكى پىلان تاكتىكىلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

مۇسۇلمان ئايال شائىرە ئائىشە تەمۇرىينىڭ ئۆز ئىلمى، ئىپپىتى ۋە ھىجابى بىلەن ئىپتىخارلانغان ھالدا ئېيتقان شېئىرى نېمە دېگەن گۈزەل-ھە!

ھىجابىم ئىززىتىنى ئىپپىتىم بىلەن ساقلايمەن،
ھىممىتىم بىلەن تەڭتۇشلىرىمدىن ئۈستۈن تۇرارمەن،
ئىلمىم ئېلىشىمغا ھىجاب قىلالماس دەخلى،
ئىلىم ئىرپان ئەدەپ باغىدا گۈلى رەيھان بولارمەن،
شەرمى ھايا توسۇپ قويماس مېنى ئىلمىدە يۇقىرى ئۆرلەشتىن،
ياغلىغىم، ھىجابىم بىلەن تۇرۇپ ئىلىم بابىدا زەپەر قۇچارمەن.

## 2 - پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش مەسئۇلىيىتى

ئىسلام دىنى بارلىق ئاتا-ئانىلاردىن ئىبارەت تەربىيەتچىلەرنىڭ گەدىنىگە ئامانەت قىلىپ بېكىتكەن كاتتا مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىرسى، پەرزەنتىنى تىرنىقى ئۇسۇشكە باشلىغاندىن، كىچىك چېغىدىن باشلاپ پىكرىي ئاڭغا ئىگە قىلىش، ئەقىل-كامالەت يېشى ۋە بىر ئادەم بولۇپ پىشىپ يېتىلگەنگە قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشتۇر. پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرۈشتىن بولغان مەقسەت، پەرزەنتلەر: دىن ۋە دۆلەت ھاكىمىيەت جەھەتتىن پەقەت ئىسلام دىنىنىلا تونۇيدىغان، قانۇن ۋە نىزام جەھەتتىن پەقەت ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىلا بىلىدىغان، ئۇلۇغلۇق ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنى چۈشۈنۈشتە پەقەت ئىسلامىيەتنىڭ تارىخىنى ئوقۇيدىغان، روھىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن پەقەت ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتىنى چۈشىنىدىغان، قىزغىنلىق ۋە ئىنتىلىش جەھەتتە ئىسلامىي دەۋەتكە ھەرىكەت جەھەتتىن باغلىنىدىغان، يۇقارقى ھەممە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئاڭ سەۋىيىگە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە ئاق-قارىنى پەرق ئەتكەن، بىرەر نەرسىنى ئېسىدە تۇتالايدىغان ئەقىلگە

ئىگە بولغاندىن باشلاپ، ئۇلارغا تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرنى تونۇشتۇرۇشى ۋە ئۇقتۇرۇشى لازىم:

1 ـ ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى ـ ھۆكۈمرانلىقى ـ بولغان بۇ ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى، ئاممىباب، ئەتراپلىق، ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى، مەڭگۈلۈك، يېڭىلىنىپ تۇرۇش ۋە داۋاملىشىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا، ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەر قانداق شارائىتقا ماس كېلىدىغان سالاھىيىتى بارلىقى.

2 ـ ئىلگىركى ئاتا ـ بوۋىلار ئېرىشكەن ئىززەت ـ ھۆرمەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە گۈللىنىش ئۇلارنىڭ پەقەت ۋە پەقەت مۇشۇ ئىسلام بىلەن ئۆزلىرىنى ئىززەتلىگەنلىكى، ئۆزلىرىگە قۇرئان كەرىمنى تەدبىقلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى.

3 ـ پەرزەنتلەرگە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىگە تولغان سۇيىقەستلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېچىپ تاشلاش، قان ـ قېنىغا سىڭدۈرۈۋېتىش لازىم، بۇ كىملەرنىڭ سۇيىقەستى؟ ئەلۋەتتە يەھۇدى قىساسچىلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرى، ھىيلە ـ مىكرلىرى، دۇنيا مۇستەملىكچىلىرى، ۋەھشىي قانخور، زالىملارنىڭ سۇيىقەستلىرى، ئاتېئىزمچى كوممۇنىستلارنىڭ سۇيىقەستلىرى، ئۆچمەنلىككە تولغان ئەھلى سەلىبچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرى.

مانا بۇ بىر پۈتۈن پىلانلىق سۇيىقەستلەر، ھىيلە ـ مىكرىگە تولغان ئىستىراتىگىيىلەر، يەر شارىدىن ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشنى، يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى، مۇسۇلمان ئەۋلاد ئىچىدە دەھرىيلىك، خۇداسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى كۆچەت قىلىپ بىخلىتىشنى، مۇسۇلمان شەخس، مۇسۇلمان ئائىلە ۋە مۇسۇلمان جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق ۋە سۇيۇقلۇقنىڭ ۋابا كەبى يامراپ ئەۋج ئالدۇرۇشنى تۈپ مەقسەت، تۈپ نىشان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ سۇيىقەستلىك پىلانلىرىدىن بولغان ئىلگىرى ـ كېيىن ۋە يېقىن ـ يىراق مەقسەت ـ نىشانى، ئىسلام ياشلىرىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە جىھاد قىلىش روھىنى ئۆچۈرۈش، ئىسلامىي يۇرتلارنىڭ بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرى، تويماس، ئاچكۆز نەپسلىرى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى، ئىسلام يۇرتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ «ھاياتلىق ماكانى»غا ئايلاندۇرماقچى. شۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ ئىسلام ئەھلىگە مەنسۇپ بولغان جەمئىيەتلەردىن ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قەدەر، ئىسلامنىڭ يول بەلگىلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى!

4 ـ نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ساپ بولىقىدىن قانغۇچە ئىچىپ كەلگەن ئىسلامىيەتنىڭ ھازارىتى ئۈستىدىكى سۇئىي پەردىلەرنى ئېچىپ تاشلاش لازىم.

5 ـ ئاخىردا ئۇلارغا، «بىز ئۆز تارىخىمىزنى ئەبىي جەھىل، ئەبىي لەھەب ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئبلەرنى كىرگۈزمەستىن، بەلكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۇمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنى كىرگۈزدۇق، يەنى بىز ئەرەب مىللەتچىلىرى ئەمەس، ئەرەب شوۋىنىزمچىلىرى ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

بىز شەھەرلەرنى بەسۇس،[1] داھىس[2] ۋە غەبرا[3] كەبى جەڭلەر ۋە ئۇرۇشلار بىلەن پەتھى قىلمىدۇق، بەلكى بەدرى،[4] قادىسسىيە[5] ۋە يەرمۇك[6] غازاتلىرى بىلەن پەتھى قىلدۇق.

دۇنياغا يەتتە مۇئەللەق بىلەن ھۆكۈم قىلمىدۇق،[7] بەلكى ئاللاھ تەئالا نازىل قىلغان ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم بىلەن ھۆكۈم قىلدۇق.

كىشىلەرگە لات، ئۇززا[8] دېگەن بۇتلارنىڭ نامىدىن ئەلچىلىككە كەلمىدۇق، بەلكى ئۇلارغا ئىسلام ئەلچىلىكىنى ۋە قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلدۇق».[9]

## • ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئەجدادلارنىڭ پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى

پەرزەنتلەرگە پىكرى ئاڭ يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەسلى مەنبەسى، ئىمام تىبرانىي، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەرفۇئ تەرىقىسىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەۋلادلىرىڭلارنى، پەيغەمبىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتكە ئاساسەن تەربىيىلەڭلار».

ئىلگىرىكى ياخشى ئاتا-بوۋىلار پەرزەنتلىرى مۇشۇ ئاڭ-پىكرىنىڭ يېتىلىشىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى، كىچىكىدىن باشلاپ ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىشنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتنامىلىرىنى، ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئۇلۇغ ئىش-ئىزلىرىنى يادلاتقۇزۇشنى چىڭ تۇتاتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ توغرىدا نېمە دېيىشكەنلىكىگە بىرلىكتە قۇلاق سالايلى:

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەۋلادلىرىمىزغا خۇددى قۇرئان كەرىمدىن سۈرە يادلاتقۇزغاندەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتنامىلىرىنى يادقا ئالدۇراتتۇق».

ئىمام غەززالىي «دىن ئىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش» ناملىق كىتابىدا، «ئۈسمۈرلەرگە ئالدى بىلەن قۇرئاننى ئۆگىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆگىتىش، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن دىنىي ھۆكۈملەرنى ئۆگىتىشكە تەۋسىيە قىلىدۇ».

(1) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇشلىرى.
(2) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇشلىرى.
(3) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇشلىرى.
(4) ئىسلام قۇدرەت تاپقاندىن كېيىنكى ساپ ئىسلامى ئۇرۇشلار.
(5) ئىسلام قۇدرەت تاپقاندىن كېيىنكى ساپ ئىسلامى ئۇرۇشلار.
(6) ئىسلام قۇدرەت تاپقاندىن كېيىنكى ساپ ئىسلامى ئۇرۇشلار.
(7) كەئبىگە ئېسىپ قويۇلىدىغان داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى.
(8) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ چوڭ بۇتلىرى.
(9) ئۇستاز ئەسسام ئەتتار رەھمەھۇللاھنىڭ لېكسىيەسىدىن ئېلىندى.

مەشھۇر تارىخچى ئىبنى خەلدۇن ئۆز كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئۆسمۈرلەرگە قۇرئان ئۆگىتىش ۋە يادلىتىشنىڭ كاتتا ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ۋە بارلىق ئىسلام يۇرتلىرىدىكى تەلىم-تەربىيە ۋە دەرسلىك پروگراممىلىرىنىڭ ئاساسى قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش بولغانلىقى، چۈنكى بۇ ئۆگىتىشنىڭ ئىماننى مۇستەھكەملەشكە ئېلىپ بارىدىغان دىنى بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ».

ھىشام ئىبنى ئەبدىمەلىك ئوغلىنىڭ مۇئەللىمىگە: ئوغلىغا ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشى شېئىرلارنى، جەڭ تارىخلىرىنى ئۆگىتىشكە، ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك تەربىيىلەشكە، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش ماھارىتىنى ئىگەللەشكە تەۋسىيە قىلغان.

يۇقاردا بايان قىلغانلىرىمىز، مەيلى ھاكىم، مەيلى پۇقرا، ئالىم-ئۆلىما، ياكى ئاۋام خەلق، مۇئەللىم ياكى ئۆگەنگۈچىلەرى بولسۇن، ئۆتمۈشتىكى مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ مۇكەممەل ئاڭ-سەۋىيىسى توغرىلىق سەممىي، راستچىل ۋە ئىشەنچلىك كۆرۈنۈشلەرنى تەقدىم ئېتىدۇ.

## • مەزكۇر ئاڭنى يېتىلدۈرۈشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى نېمىلەردىن ئىبارەت

بۇ ئاڭغا ئېرىشىشنىڭ يوللىرى بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ پىچىرلاش، شىۋىرلاش ۋە تەلقىن قىلىش ئارقىلىق ئۆگىتىش.

2 ـ نەمۇنە ۋە ئۈلگە بولۇش.

3 ـ كىتاب ئوقۇتۇش.

4 ـ دوست تېپىپ بېرىش.

### 1 ـ ئۆگىتىپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش

ئاڭ تەلقىن قىلىش دېگىنىمىز: ئاتا-ئانا، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار، ئومۇمەن تەربىيە ساھەسىدىكى بارلىق كىشىلەر پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ، ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ھەقىقەتلىرىنى ۋە بۇ ئىسلامنىڭ يەر شارىدىكى بارچە مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ مىراسىنى تاكى يىگانە ئاللاھ تەئالا ئالغان، قىيامەتنى قايىم قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، چۈنكى بۇ ئىسلامنىڭ پىرىنسىپلىرى، شەرىئەتلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ بىردىنبىر مەڭگۈلۈك داۋاملىشىش، پۈت تىرەپ تۇرۇش، يېڭىلمەي تۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەر قاچان تەلقىن قىلىش، قۇلاق-مېڭىلىرىگە پىچىرلاپ تۇرۇش، مۇشۇ ئاڭنى قۇيۇپ قۇيما قىلىۋېتىش لازىم. بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىلىرىغا ئىززەت-ھۆرمەت پەقەت ئىسلام ئارقىلىق كېلىدىغانلىقى، غەلىبە-نۇسرەت پەقەت قۇرئان تەلىماتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى، كۈچ-قۇۋۋەت، تەرەققىيات، ھەزارەت گۈللىنىشى ۋە ئويغىنىشى پەقەت ۋە پەقەت پەيغەمبەر مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىشقا ئاشىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى چوقۇم ئېنىق ۋە ئوچۇق چۈشەندۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارغا: يەھۇدى قىساسچىلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىق سۇيىقەست پىلانلىرىنى، مۇستەملىكىچى، زالىم، قانخور، فاشىست تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى،

قىلتاقلىرىنى، ماركسىزمچى كوممۇنىستلارنىڭ ھىيلە-مىكىرگە تولغان سۇيىقەستلىرى، ئۆمۈچۈكنىڭ تورلىرىغا ئوخشاش قاپقانلىرىنى، ناسارالاشتۇرغۇچى، خىرىستىئان مۇرتى توپلىغۇچى مىسسىئونىرلار، ياۋۇز، قارا نىيەت ئەھلى سەلىبچىلەرنىڭ ياۋۇز، قارا نىيەت-مەقسەتلىرىنى قوياشتەك روشەن ھالەتتە كۆرسىتىپ قويۇش ۋە بۇ مەلئۇنلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش لازىمكى، بۇ بىر ئۈچۈم چۈپرەندىلەر ھەر قاچان ئاسماندىكى پارلاۋاتقان قوياشنى ئېتىكى بىلەن ياپماق بولۇۋاتىدۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ نۇرى بولغان ئىسلامنى ئۈچۈرمەك ۋە يەر شارىدىن ئۆزۈل-كېسىل يوقاتماق بولۇۋاتىدۇ، يارقىن ھەقىقەتلەر ۋە قوياش كەبى يول بەلگىلىرىنى بۇلغاش ۋە بەتبەشىرە، يىرگىنىشلىك كۆرسەتمەكچى، ئىسلامنىڭ چىرايىنى سەت ۋە خۇنۈكلەشتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ روھىيىتىدە قايتىدىن ئويغىنىۋاتقان، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن، كېلەچەكتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدىغان جىھاد روھى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى، بىخ ھالىتىدە، مايسا ھالىتىدە چەيلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئىسلام ياشلىرىدىكى بۇ ئىدىيەنى تۈنجۇقتۇرماقچى، ھەمدە ھازىرقى ئەۋلادنى ئىسلامدىن، قۇرئاندىن، ئىماندىن، دىندىن ئايرىپ، كوممۇنىست، ئاتېئىست، دەھرىي، ئازغۇن، ئەخلاقسىز، سۇيۇق، مۇناپىق قىلىشنى تۈپ مەقسەت-نىشان قىلىۋاتىدۇ، مانا بۇلارنى تەلقىن قىلىش لازىم، ئاگاھ بولۇڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىم! سۇ- ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ،

يەنە شۇنىمۇ تەلقىن قىلىش كېرەككى، گۈللەنگەن ئىسلام ھازارىتى نەچچە ئەسىرلەپ ئىنسانىيەت ئالىمگە، ھەقىقەت، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-ئىرپان نۇرىنى چېچىپ كەلگەن، ياۋروپا نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئىسلامنىڭ ساپ بۇلىقىدىن ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن، ئىسلامنىڭ نۇرى ۋە يورۇقلىقىدىن يول تېپىپ كەلگەن قاتارلىق ئىدىيىلەرنى سۇ ئىچۈرگەندەك ئىچۈرۈش كېرەك،

ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان ئەنە شۇ ئاڭ پەيدا قىلغۇچى پىچىرلاشلارنىڭ پەزلى بىلەن پەرزەنتلەر ئىسلامنى دىنىم، دۆلىتىم، قۇرئان كەرىمنى- قانۇنۇم، نىزامىم، ئىسلام تارىخىنى ئىززىتىم، ئۈلگە-نەمۇنەم، جىھادىي ھەرىكەت ئىش-پائالىيەتلەرنى- بۇرچۇم، ئالغا سىلجىشىم دەپ ياشايدىغان ئەزىمەتلەر بولۇپ يېتىلىشىدە شەك-شۈبھە يوقتۇر، ئەۋلادلار مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار كۆرسەتمىگە، قىبلىنامىگە، ئاڭلىق پىچىرلاشلارغا ۋە مەقسەت-نىشانلىق تەربىيىگە نېمە دېگەن موھتاج-ھە!!!

## 2 - ئۈلگە بولۇپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش

ئاڭلىق نەمۇنە بولۇش دېگىنىمىزدىن مەقسەت، پەرزەنتنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئىخلاسمەن، پەرھىزكار، ئىسلامنى چۈشەنگەن، ئىنتىلىدىغان، ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان، ھۆددۇد-بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزىگە تەدبىقلايدىغان، ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان يول باشلىغۇچىغا تۇتقۇزۇپ بېرىش دېگەنلىكتۇر،

بۈگۈنكى كۈنلەردە توغرا يولغا باشلايدىغانلار بەك ئاز، كۆپىنچىلەر شاگىرتلىرى ۋە مۇرتلىرىغا ئىسلامنى بۇرمىلاپ، سەتلەشتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەرنى بەرمەكتە، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بىر قاراتمىلىق، بىر تەرەپلىمىلىككە

ئىگە، ئـۇلار ئىچىدىـن نۇرغـۇن كىشـىلەر نەپسىنى پاكلاش ۋە ئىسـلاھ قىلىشـقىلا مەركەزلىشـۋېلىپ، باشـقا تەرەپلەرگـە پۈتۈنلـەي سـەل قارايـدۇ، ئەمرى ـ مەرۇپ، نەھىي مۇنكەرگـە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھۆكۈمـدار، ئەمەلدار، مەنسـەپدارلارغا نەسـىھەت قىلىدىغـان، زالىمـلار ۋە زۇلـۇم ئالدىـدا تىـك تۇرىدىغـان ئەھۋاللاردىـن ئېغىـز ئاچقىلـى بولمايـدۇ. ئـۇلار ئىچىدىـن سـەللە، سـاقال، تون ـ پەرىجـە، رومـال، لىچـەك، جىلبـاپ، ئابايـى، بـاش كىيـىم دېگەنـدەك ئىسـلامنىڭ تاشـقى كۆرۈنۈشـلىرىگە ئەھمىيـەت بېرىـپ، يـەر شارىدا ئالـلاھ تەئالانـىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قـۇرۇپ چىقىش ئۈچـۈن بولمىسـا بولمايدىغـان، ئەمىلـي ھەرىكـەت ۋە ئىسـلامىي توپلىشىشـقا سـەل قارايـدۇ.

ئۇلارنـىڭ ئىچىدىـن بىـر بۆلـۈك كىشـىلەر شـەرئىي، پىقھىي ئىلىملەرگـە پۈتـۈن دىققـەت ئېتىبارىنى قارىتىـدۇ، دەۋەت قىلىـش ۋە جىھادىـي ھەرىكەتنىـن ئىبارەت ئۇلـۇغ بۇرۇچقـا ئەھمىيـەت بەرمەيدۇ.

بەزىلـەر پەقـەت مائارىـپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتـۇش ئىشلىرىغىلا كۆڭـۈل بۆلـۈپ، سىياسـىي ھاياتقـا قارشى تۇرىـدۇ، ئېخى ئـۇلار ئۆزلىرىنـى بىـز ئىسـلامغا يـاردەم بەرگۈچىلـەر، غەلىبە ـ نۇسـرەت ئەكەلگۈچىلـەر دەپ گۇمان قىلىشـىدۇ.

ئۇلار ئىچىدىن ئۇنداق، ياكى مۇنداق ئويلايدىغانلار كۆپ.

پۈتـۈن دۇنيا خەلقى بىلىـپ قالسـۇنكى: «ئىسلام پارچىلانمايدىغـان بىـر پۈتـۈن گەۋدىـدۇر»، مۇرشىد، نە ئالىم ياكى كىشـىلەر ئۆزىگـە ئۈلگـە، نەمۇنـە تىكلىگـەن كىشـىلەرنىڭ، ئالـلاھ تەئـالا بۇيرىغـان بىـرەر ۋاجىبنى يۇشـۇرۇش، ياكى ئالـلاھ تەئـالا توسـقان يامـان ئىشـتىن كـۆز يۇمـۇش قەتئىي دۇرۇس بولمايـدۇ. بـۇ ھەقتـە ئالـلاھ تەئـالا تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ:

«بـۇ كىتابتـا (يەنـى تەۋراتتـا) كىشـىلەرگە توغـرا يولنـى ئېنىـق بايـان قىلغىنىمىزدىـن كېيىـن، بىـز نازىـل قىلغـان (مۇھەممـەد سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ راست پەيغەمبـەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشـەن دەلىللەرنى ۋە توغـرا يولنـى يۇشـۇرىدىغانلارغا ئالـلاھ تەئـالا لەنـەت قىلىـدۇ (يەنـى رەھمىتىدىـن يىـراق قىلىـدۇ)؛ لەنـەت قىلغۇچىـلار (يەنـى پەرىشـتىلەر ۋە مۇئمىنلەر) مـۇ ئۇلارغـا لەنـەت قىلىـدۇ. پەقـەت تەۋبـە قىلغانـلار، (ئەمەلىنـى) تۈزەتكەنلـەر، (يەھۇدىيلارنـىڭ تـەۋرات ئەھكاملىرىدىـن يۇشـۇرغانلىرىنى) بايـان قىلغانـلارلا بۇنىڭدىـن مۇستەسـنا. ئەنە شـۇلارنىڭ تەۋبىسـىنى قوبـۇل قىلىمـەن، مـەن تەۋبىنـى بەكمـۇ قوبـۇل قىلغۇچىدۇرمـەن، ناھايىتـى مېھرىباندۇرمـەن.»
(سـۈرە بەقـەر 160 ـ 159 ئايـەت)

ئىمـام ئىبنـى ماجـە، ئەبـى سـەئىدىل خۇدرىـي رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلغـان ھەدىسـتە، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دەيـدۇ: «دىـن ئىشـىدا ئالـلاھ تەئـالا خالايىقلارغـا مەنپەئـەت بېرىدىغـان ئىلىملەردىـن بىـرەر ئىلىمنـى يۇشـۇرغان كىشـىلەرگە، ئالـلاھ تەئـالا قىيامـەت كۈنـى ئوتتىـن يۈگەن سـالىدۇ».

قـاراپ باقىدىغـان بولسـاق، نۇرغۇنلىغـان يېتەكچـى، توغـرا يـول كۆرسـەتكۈچى، ئالىم ـ ئۆلىمـا، ئۇسـتازلار، ئۆزلىرىنـىڭ گۇناھ ـ مەئسـىيەتتىن پاكلىقىنـى، ئېزىشـتىن يىراقلىقىنـى دەۋا قىلماقتـا، شـەرىئەتنىڭ ئۆزلـىرى ئۈچـۈن نېمىلەرنـى ھۆكـۈم قىلىدىغانلىقىغا پـەرۋا قىلماسـتىن، ئۆزلىرىنـىڭ تۆگـەپ كېتىدىغـان پانىي شەخسـىيىتىگە ھەققەتنـى چېتىۋالماقتـا، ئۆزلىرىنـى خاتالىقتىـن پاك ـ مۇنەززەھلىـك مەرتىۋىسـىگە، كىشـىلەر كۆزىنـى يۇمـۇپ ئەگىشىشـى كېـرەك

دېگەن مەقامغا يەتكەنلىكىنى جۆيلۈشمەكتە، ئۇلارنىڭ قارىشچە، ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزسە ھېچكىمنىڭ تەنقىدلەش سالاھىيىتى يوق، ئۇلار بىر ئىشقا بۇيرۇسا ھېچكىمنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ياكى رەت قىلىش ھوقۇقى يوق، دېگەن سەپسەتىلەرنى ئىلگىرى سۈرمەكتە، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ۋە قوغدىنىش مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۇق دەپ ئويلىشىدۇ. بۇلار بىلىپ قالسۇنكى، خاتالىقتىن پاك ساقلىنىش پەقەت ئاللاھ تەئالا تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملەرغا خاسدۇر. بىر قېتىم ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا تۇرۇپ، قەۋرىنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇ قەۋرىنىڭ ئىگىسىدىن باشقا، ئارىمىزدا رەت قىلمىغان ياكى رەت قىلىنمىغان ھېچ كىشى قالمىدى» دېگەن ئىكەن.

ئىخلاسمەن، پەرھىزكار ئالىملار ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ بىرى ـ «بەدىئۇززامان» دەپ لەقەملەنگەن زامانىسىنىڭ ئالىمى ۋە يېتەكچىسى تۈركىيىلىك شەيخ سەئىد نۇرسىيدۇر، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئەجىر ـ مۇكاپاتىنى تولۇق بەرسۇن، ئۇ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ تالىپلىرى ۋە مۇرىدلىرى ئىچىدىن، ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈرمەكچى، چەكتىن ئاشۇرۇپ ئۇلۇغلىماقچى، تەزىم قىلماقچى، ئۇنىڭ يۇقۇلدىغان، پانىي ۋۇجۇدىنى ھەققەتنىڭ بەلگىلىرىگە چېتىۋالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، توغرا يول كۆرسىتىپ مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ: «ئەي ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىلىرىم، مۇرىدلىرىم، قاراپ باقسام ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر مېنىڭ گۇناھكار، يۇقۇلدىغان، پانىي شەخسىي ۋۇجۇدۇمنى، مەن سىلەرنى چاقىرغان ھەققەتكە چېتىۋالماقچى بولۇپسىلەر، مەندەك ناتىۋان، ئاجىز، ئاللاھ تەئالا ئالدىدا تىترەپ، قورقۇپ تۇرىدىغان گۇناھكار ئىنساننى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ، ناسارالار ئەيسانى مۇقەددەسلەشتۈرگەن يولدا ماڭماقچى بولۇپسىلەر. بۇنداق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار، ئىككىنچى قېتىم قايتا كۆرۈلمىسۇن، سىلەر ھەققەتنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ساپ مەنبەسىدىن، سۈزۈك بولاقتىن قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئاشۇ مەنبەگە چېتىڭلار، ئۇ ساپ مەنبە ۋە سۈزۈك بولاق دەل ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنى بىلىپ قېلىشىڭلارغا تېگىشلىككى، مەن ئۇلۇغ مېھرىبان ئاللاھ تەئالانىڭ مېلىغا خېرىدار چاقىرىدىغان دەللالدىن باشقا كىشى ئەمەسمەن، بىلىشىڭلار كېرەككى، مەن گۇناھ مەئسىيەت ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلانغۇچى ئەمەس، مەندىن خاتالىق ئۆتۈشى، سەھۋەنلىك كۆرۈلۈشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنى چېتىۋالغان ھەققەتنىڭ كۆرۈنۈشى، مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىم ياكى گۇناھىم سەۋەبى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ياكى مەن خاتالىق ئۆتكۈزۈش، ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتە كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇپ قالىمەن ياكى مەن، مېنىڭ ئېزىپ كېتىشىم ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىم سەۋەبلىك ھەققەتنىڭ چىرايىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش بىلەن كىشىلەرنى ھەقتىن قايتۇرۇۋەتكۈچى بولۇپ قالىمەن».

ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر، پەرزەنتلىرىنى، ئىسلامنى، ئەقىدە ۋە شەرىئەتكە ئالاقىدار تەرەپتە بولسۇن ياكى دىن ۋە دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ياكى نەپسىنى پاكلاش ۋە جىھادقا چېتىشلىق بولسۇن ياكى ئىبادەت ۋە سىياسەتكە خاس بولسۇن، ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق، ئومۇميۈزلۈك، كامىل ۋە شامىل، باپباراۋەر ھالدا

چۈشىنىدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان تەقۋادار، پەرھىزكار، ئاللاھ تەئالادىن قورققۇچى، ئىخلاسمەن، ئالىم يېتەكچىگە تۇتقۇزۇش لازىم.

مانا بۇنداق يېتەكچى ئالىملار پەرزەنتلەرگە تەربىيەگە ئائىت ۋە نەپسىنى تۈزۈش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا ئائىت ساغلام كۆرسەتمە، ساغلام بۇرۇلۇش ۋە ساغلام ئاڭ بېرەلەيدۇ. ئۇلارنى ھەقىقەتكە، شەرىئەتكە ۋە سەلەپ-سالىھلارنىڭ توغرا كۆرسەتمىلىرىگە چاقىرىدۇكى، ئۆزىنىڭ پاسىي ۋۇجۇدىغا ۋە گۇناھكار شەخسىيىتىگە چاقىرىدۇ.

پەرزەنتلەر ھازىر بىز بايان قىلغان شەكىلدىكى توغرا ئاڭغا ئىگە قىلغۇچى، ئۇلگە كۆرسەتكۈچى، نەمۇنىلىك كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا، تەربىيىلىشىگە تۇتقۇزۇلسا، ئۇلارنىڭ تەقۋادار، مۇجاھىد بولۇپ تەربىيىلىنىدىغانلىقىدا، ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆتنۈيدىغان بولۇپ ئۆسىدىغانلىقىدا، ھەقىقەت توغرىسىدا جۈرئەتلىك، مېھرابلاردا ئىبادەتلىك، ھاياتلىق مۇساپىلىرىدە ئاللاھ تەئالانىڭ، رەسۇلىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە زەربىلىك، جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەنلىرىگە ئەجەللىك، قاقشاتقۇچ، پالۋان، قەھرىمان، زەربىدار ئادەم بولۇپ يوغۇنايدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوق. ئەۋلادلار ئەشۇ چاغدا ئىسلام شائىرى خۇدرى ئۇلارنى تەسۋىرلىگەن نەمۇنىچى كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ:

ئىگىز داۋانلاردىن ئاشقان، مەرت يىگىتلەر
ئىسلامدىن ئۆزگە دىننى، ھەرگىز ئۇقمايدۇ.
كىچىكىدىن تەربىيىلىگەچ ئۇلارنى قۇرئان،
ئەتراپىقا خۇش ھىد تارقىتىپ، ئىپارغا ئوخشاش پۇرايدۇ.
جەڭگە كىرسە خۇددى شىر، ئارسلان سۈپەت پالۋان،
سېپىل، قورغان، قەلئە، ئاكۇپىلارنى چېقىپ تاشلايدۇ.
كەچ كىرسە، كەيسە جاھان قارا تون چاپان،
خۇدادىن قورققىنىدىن، رۇكۇ، سەجدە قىلىپ يىغلايدۇ.
ئەنە شۇنداق يېتىشتۇردى ئىسلام، قەۋمى-قېرىنداشمنى،
ياپياشتۇرۇپ ئىخلاسمەن، تەقۋادار، ھالال-ھارامنى ئىلغايدۇ.
ئەركىن، ئازات، ئەمىندۇر، ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى بىلگەندۇر،
بىراۋنى دورىمايدۇ، ئۆزىنى خار قىلمايدۇ، دۈشمەننى كۆزگە ئىلمايدۇ.
دىلدا ئىمان، قولدا قۇرئان، قىلىچ-قالقان بار،
يۈرىكىدە ئىسلام ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن، دەشتى-قازان قاينايدۇ.

ئەۋلادلار مۇشۇ شەكىلدە ئۆسۈپ يېتىلسە، ئاللاھ تەئالا خالىسا ئۇلارنىڭ قولىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق تارقىتىش ئادرېسى

ئىززەت ـ ھۆرمەتكــە، غەلىبە ـ نۇســرەتكە ۋە رەھبەرلــىك ئورنىغــا ئۆتــىدۇ.

## • كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش

ئاڭغا ئىگە قىلغۇچى كىتابلارنى مۇتالىئە قىلغۇزۇشتىن بولغان مەقسەت: تەربىيەتچىلەر، پەرزەنتلىرىگە، ئەقلىگە كەلگەن ۋە پەرق ئەتكەن كىچىك چېغىدىن باشلاپ، ئىسلامىي قىسسەلەر، ئىسلامىي ھېكايە ـ چۆچەكلەر، ئىسلام قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، تەرجىمىھالى، تارىخىي كىتابلار، ياخشى كىشىلەرنىڭ ھېكايەتلىرى ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كۇتۇپخانا (گەرچە كىچىك بولسىمۇ) تەييارلاپ بېرىش كېرەك.

بۇ كۇتۇپخانىدا، ئىسلامىيەتنىڭ نىزامىغا ئالاقىدار بولغان ھەممە ئىشلارنى سۆزلەيدىغان، ئەقىدىگە ئائىت بولسۇن، مەيلى ئەخلاققا ئائىت كىتاب بولسۇن، ۋە ياكى ئىقتىسادقا ئائىت كىتاب بولسۇن، نە سىياسىيغا ئائىت كىتاب بولسۇن، پىكرى كىتابلار بولسۇن.

دۈشمەنلەرنىڭ، يەھۇدى قىساسچىلىرى، ماسونىزمچىلار، كوممۇنىزمچىلار، ئەھلى سەلىبلەر، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زىتىدە تۈرىدىغان ماددىي مەزھەبلەر توقۇپ چىققان ئەپسۇنلار، ھىيلە ـ مىكىرلەر، سۇيىقەستلىك پىلان ـ تەدبىرلەرنى ئېنىق بايان قىلىدىغان، ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاچىدىغان، چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغان كىتابلار بولسۇن.

ئىسلامنى توغرا ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ھەدىس ۋە خەۋەرلەرنى ساغلام نەقىل قىلىدىغان، قىيىنچىلىقلارنى ئەملىي ھەل قىلىدىغان، تېمىلارنى راۋان ۋە جەلىپدار ئۇسلۇبتا يازىدىغان، ئاڭ ـ سەۋىيىگە ئىگە قىلىدىغان، ئىسلامىي گېزىت ـ ژۇرناللار بولسۇن.

تەربىيەتچىلەر، پەرزەنتلەرنىڭ تولۇق پايدىلىنىشى، كۆزلىگەن نەتىجىنى ئۈنۈملۈك قولغا كەلتۈرەلىشى ۋە ئەڭ ياخشى بىتەرەپ قىلىشى ئۈچۈن، مۇشۇ كىتابلار، ژۇرناللار ۋە قىسسەلەر ئىچىدىن پەرزەنتىنىڭ يېشى ۋە سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ بېرىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئىمام بۇخارى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىشىلەرگە ئۇقۇلايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىڭلار» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام دەيلىمىي ۋە ھەسەن ئىبنى سوفيان، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «مەن كىشىلەرنىڭ ئەقلى ئىقتىدارىغا قارىتا سۆز قىلىشقا بۇيرۇلدۇم» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، دېگەن ھەدىسلەرنى ئەمەللەشتۈرگەنلىك بولىدۇ.

ئەگەر تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە قارىتا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانسا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ يولدا ماڭسا، ئۇلار چوقۇم پەرزەنتلىرىنى ئىسلامىيەتنىڭ مۇكەممەل بولغان مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن مەدەنىيلىككە ئىگە قىلىدۇ، كۆڭۈلدىكىدەك ساپاغا ئېرىشتۈرىدۇ ۋە پىشىپ يېتىلگەن ساغلام ئاڭدا چوڭ قىلالايدۇ.

## • دوست تېپىپ بىرىپ ئاڭ يېتىلدۈرۈش

توغرا ئاڭغا ئىگە قىلغۇچى ھەمراھلار بولۇشتىن مەقسەت: تەربىيەتچىلەر، ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ياخشى، ئوبدان، باشقىلاردىن پىشىپ يېتىلگەن ئىسلامى چۈشەنچىسى، تاكامۇللاشقان پىكرى ئاڭ- سەۋىيىسى ۋە ئاممىباب، ئىسلامى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان دوست- ئاغىنىلەرنى، ئارلىشىپ ئۆتىدىغان ھەمراھلارنى تېپىپ بىرىش لازىم.

ئەقلىگە كەلگەن ۋە ئاق- قارىنى پەرق ئەتكەندىن باشلاپ، زېھنى ئېغىر، پىكرى ساپاسى تۆۋەن، دۆت، كالۋا، ھاڭۋاقتى باللار بىلەن ئارىلاشقان، دوست، ئاداش- ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەن باللارنىڭ ئۇلاردىن چوقۇم دۆتلۇك، كالۋالىق، ھاڭۋاقتىلىق ۋە ساپاسىزلىقنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىدا شەك ۋە شۈبھە يوق، ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، باللار ئەگەر ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ھەقىقەتلىرىنى تولۇق بىلمەيدىغان، ئىسلامنىڭ تەبىئەت، ھاياتلىق ۋە ئىنسانغا قارىتا نەزىرىيەسىنى، قارىشىنى ئېنىق بىلمەيدىغان دوست- ئاغىنىلەر بىلەن بىللە چوڭ بولسا چوقۇمكى، ئۇلاردىن نۇقسانلىقنى ۋە تار رامكىدىكى چەكلىكلىكنى ئۆگىنىدۇ.

سۇيۇملۇك پەرزەنتىڭىزنىڭ ئارلىشىدىغان ھەمراھلىرىنىڭ پەقەت ياخشى، نامازخان، ئىبادەتكار بولۇشى ۋە ياكى بۇ سۈپەتلەردىن خالىي مەدەنىيەتلىك، سەۋىيىلىك، ئەقىللىق، زېرەك ۋە تالانتلىق بولغانلىقى يېتەرلىك، كۇپايىنەرلىك ئەمەس. بەلكى ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىللە ئەقلى پىشىپ يېتىلگەن بولۇش ئارتۇقچىلىقىنى، ئىجتىمائى ئاڭ بىلەن ساپ ئىسلامي چۈشەنچىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ھەمراھلار بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەمراھلار نورمال، ئۆلچەملىك ھەمراھ، پىشىپ يېتىلگەن تەقۋادار ئاغىنە بولالايدۇ. قەدىمكىلەر «ھەمراھ بولغىلى ئادەم كېرەك»، «ھەمراھقا لايىق ھەمراھ كېرەك»، «ھەمراھ قىلغىلى ھەمراھ ئىزدە» دېيىشىدىكەن. ئىلىم- مەرىپەت ئەھلىلىرى: «ماڭا مەندىن سەن كىم دەپ سورىماستىن، بەلكى، مەن كىمگە ھەمراھ بولىمەن؟ دەپ سورىغىن، ياكى، سىز كىم بولۇرسىز؟ دېمەستىن، سىز كىملەر بىلەن ئارلىشىسىز؟ دەپ سورىغىن، مىنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قالىسەن» دېيىشىدىكەن. بۇ ھەقتە شائىر قانداق گۈزەل بېيىتلارنى ئېيتىدۇ، قاراپ باقايلى:

بىراۋنى تونۇماق بولساڭ سەن ئەگەر،
سورمىغىن كىم بولۇرسىز؟ ئەسلىڭىز كىملەر؟
ۋە لېكىن سۈرۈشتۈر ئۇنىڭ دوستلىرىنى،
كىملىكى ئادەمنىڭ دوستىدىن بىلىنەر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەقتە دېگەنلىرى نېمە دېگەن سەممىي- ھە! ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان ئۆز دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىملەر بىلەن دوست

www.uyghurkitap.com

بولغانلىقىغا نەزەر سالسۇن»،

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىگە ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بولغاندىن باشلاپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ھەقىقەت-ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ئاممىباب پرىنسىپلىرىنى تونۇتىدىغان، مەڭگۈلۈك تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىدىغان، بايرىقىنى ئېسىل، مەردانە قەھرىمانلار، ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلار كۆتۈرگەن يەر شارىدىن ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە قەدەر تىكلىگەن، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چىقىرىلغان ياخشى ئۈممەتلىك سالاھىيىتىگە لايىق بولغان ئاشۇ ئىسلام دىنى ئۈچۈن سەممىي ۋە راستچىل، ئىشەنچلىك كۆرۈنۈشلەرنى بىرىدىغان ئاڭلىق، ياخشى ۋە تەقۋادار ھەمراھلارنى، دوست-ئاغىنىلەرنى تەييارلاپ بېرىشى لازىم،

ئاخىرىدا بارلىق ئاتا-ئانىلار، تەربىيەتچىلەر ۋە ئىگە-چاقىلارنىڭ قولىقىغا مانا بۇ ھەقىقەت بىلەن جاراڭلىق پىچىرلىماقچىمەن:

ياشلىرىمىز ئىسلام تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش يېشىغا بېرىپ قالغان تۇرۇپ، ئېخچە ئىسلامنىڭ دىن ھەم دۆلەت، قۇرئان ھەم قىلىچ، ئىبادەت ھەم سىياسەت ئىكەنلىكىنى، يەر شارى تەۋەلىكىدە بىردىنبىر شامىللىقى، ئاممىبابلىقى، مەڭگۈلۈككە، مەدەنىيلەشكەن دۇنياغا ۋە قەدەممۇ-قەدەم تەرەققىي قىلىۋاتقان ھاياتلىقنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىغا ھازىر جاۋاب دىن ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى، چۈشەنمەسلىكى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرمامدۇ، دەرت-ئەلەمگە، قايغۇغا سالمامدۇ، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟

باللىرىمىزنىڭ مەكتەپلەردە غەربنىڭ سەپسەتىلىرى، شەرقنىڭ پەلسەپىلىرى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى، كۆز قاراشلىرىغا ئائىت ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ھايات تارىخى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرى، داھىيلىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ تارىختىكى قەھرىمانلىرىمىز، ئۇلۇغ زاتلىرىمىز، ئەمىرلىرىمىز، قوماندانلىرىمىز، پەتھى قىلغۇچى كىشىلىرىمىزنىڭ خەۋەرلىرى، ئېسىل ئىش-ئىزلىرى توغرۇلۇق ھېچنەرسە بىلمەسلىكىنى، بىلگەن تەقدىردىمۇ ناھايىتى ئاز بىلگىنى بىزنى ئەپسۇسلاندۇرمامدۇ؟ يۈرىكىمىزدە دەرت-ئەلەم پەيدا قىلمامدۇ؟

باللىرىمىز مەدرىسە-مەكتەپلەردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندا، ئاللىقاچان ئەجنەبىيلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى، غەرب ياكى شەرقنىڭ پرىنسىپلىرى، سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ بولغان، ئىدىيىسىنى زەھەرلەپ بولغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆز دىنىنىڭ تارىخىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلىنىپ بولغانلىقى نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئەيىب ئەمەسمۇ؟ يىرگىنىشلىك ئەمەسمۇ؟

مۇئمىنە ياش قىزچاقلارنىڭ پىكرىنى كېرەكتىن چىقىرىدىغان، ئاڭلىق بولغان ئىسلامىي ساقاپەت بىلەن بولغان بارچە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان، ئۇلارنى توغرا يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى، ئىسلامنىڭ ھەقىقەت ماھىيىتى ۋە بىر پۈتۈن ئەتراپلىق ھەممىنى ئۆز قېتىغا ئالغۇچى نەزەرىيىسىنى ئېنىق، روشەن بايان قىلىپ بېرىدىغان ئىخلاسمەن ئالىملار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن چەكلەيدىغان موللا-ئىشانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ

كتىشى، يۇرەكنى لەختە-لەختە، جىگەرنى پارە-پارە قىلمامدۇ؟ ئەپسۇسلىنارلىق ئۈستىگە ئەپسۇسلىنارلىق ئەمەسمۇ؟

مۇشۇ ئەۋلادنىڭ پەرزەنتلىرى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ جىگەر پارىلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كوممۇنىزمنىڭ كىتاب-ژۇرناللىرىنى مۇتالىئە قىلىشى، ئىدىيىدىن يۇقۇملىنىشى، نومۇسسىز ژۇرناللار، ئىشقى-مۇھەببەت ھېكايە-چۆچەكلىرىنى ئوقۇشى، ئەڭ ئەدناسى ئۇلاردا ئىسلام نىزامىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ شەك-شۈبھىلىرى، توقۇپ چىققان يالغان-ياۋىداقلىرىغا رەددىيە قايتۇرغىدەك سەۋىيىگە ئىگە قىلىدىغان، ئىپتىخارلىق تارىخىي ئىزنالارنى تونۇتىدىغان پىكرىي كىتابلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، رەسۋاچىلىق ئۈستىگە رەسۋاچىلىق، شەرمەندىچىلىك ئۈستىگە شەرمەندىچىلىك ئەمەسمۇ؟

بارلىق ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار، تەربىيەتچىلەر، پەرزەنتلىرىغا قارىتا ئۈستۈڭلاردىكى مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشىڭلار، ئەگەر پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئىدىيىسى كەلگۈندى پىكىرلەر بىلەن بۇلغانغان، ئازغۇن پىكىر-كۆز قاراشلار بىلەن چاڭلاشقان، بۇزۇق ئىدىيىلەر بىلەن ئاسسىمىلاتسىيەلەشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرى، ئوقۇملىرى ۋە پىكىرلىرىنى تۈزۈشكە، ئىسلاھات قىلىشقا پۈتۈن تىرىشچانلىقىڭلارنى سەرپ قىلغايسىلەر. شۇنداقلا ئۇلارغا، ھەر ئەتىگەن-كەچلەردە كوممۇنىزمچىلار، خىرىستىئان مىسسىئونېرلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىگە، ماددىزمچىلار ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ توقۇلمىلىرىغا رەددىيە بېرىشنى ئۆگىتىشى لازىم.

مانا مۇشۇنداق قىلغانلىق، ئۇلارغا پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرگەنلىك، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى غەرەزلىك سۇيىقەستلەر، ۋەيران قىلغۇچى پرىنسىپلار ۋە ھەقىقەتتىن بۇرىۋېتىدىغان ئەقىدىلەردىن بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغانلىق ۋە ساقلاپ قالغانلىق بولىدۇ.

ئەگەر سىلەر مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانساڭلار ۋە مۇشۇ يولدا ماڭساڭلار، پەرزەنتلىرىڭلار ئۆز دىنى بىلەن ئىززەتلىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغلىرى ۋە تارىخى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئىسلامدىن ئۆزگە ئەقىدىنى، شەرىئەتنى، قۇرئاننى، قىبلىنى، دىننى، دۆلەتنى، ئىبادەتنى، سىياسەتنى تونۇمايدۇ. شائىر ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق بېيىت ئېيتقان تۇنجى ئەۋلاد ئاۋانگارتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ:

تارىختا ئۆتتى بىر ئەۋلاد ئۇلۇغ ساھابىلار،
ئىش-ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا روھ رەيھان بولۇپ.
پەتھلىرى تولىمۇ مېھىر-شەپقەتلىكتۇر ئەجەب،
سىياسىتى ئەدلى-ئادالەت، خەيرى-ئېھسانغا تولۇپ.
دىننى ئۇلار ۋەزىيە ئوقۇش، تەسۋى سىرىش دەپ بىلمىگەن،
بەلكى بايرىقنى كۆتۈرۈش مېھراب ۋە جەڭگاھتا شېھىت بولۇپ.

www.uyghurkitap.com

## 3 ـ ئەقلىي ساغلاملىق مەسئۇلىيىتى

ئاللاھ تەئالا ئاتا-ئانىلارغا پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەرنىڭ گەدەنلىرىگە ئامانەت قىلىپ يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىرى، پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرىنىڭ ئەقلىلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى قەدىرلەشكە تېگىشلىك رەۋىشتە قەدىرلىشى، كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك رەۋىشتە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك رەۋىشتە رىئايە قىلىشلىرى كېرەك. تاكى ئۇلار ساغلام پىكىر، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، زېھنى ساپ ۋە ئەقلىلىرى پىشىپ يېتىلگەن سالاھىيەتكە ئېرىشكەنگە قەدەر.

لېكىن ئەۋلادلارنىڭ ئەقلىي ساغلاملىقىنى ساقلاش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ چەك-چېگراسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى جەمئىيەتنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىدە كەڭ تارقالغان بارلىق بۇزۇقچىلىقلاردىن پەرزەنتلىرى، ياكى شاگىرتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە يىراقلاشتۇرۇشقا مەركەزلىشىدۇ. چۈنكى بۇ بۇزۇق قىلمىشلار ئىنسانىڭ ئەقلىي، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە جىسمىغا ئومۇمىي شەكىلدە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بىز مەزكۇر كىتابنىڭ «جىسمانىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى» دېگەن بۆلۈمدە، مۇشۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالغان ئىدۇق. ھازىر بىز ئاشۇ تەپسىلاتلارنى خۇلاسىلەيمىز. ۋە بۇ خۇلاسىنى چىقىرىش ئارقىلىق، گەدىنىدە تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى بار بولغان كىشىلەرگە يەنە بىر قېتىم ھۆججەت، يېتەكلەش ۋە ۋەز نەسىھەت كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

دوختۇرلۇق ساھەسى بىردەكلىككە كەلگەن، سەھىيە ئالىملىرى ئاگاھلاندۇرغان، ئەقىل، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى، نېرۋا قاتارلىقلارغا يامان تەسىر قىلىدىغان، زېھنىي كېرەكتىن چىقىرىدىغان، ئىنساندىكى پىكىر قىلىش خىزمىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان، پىكرى چېچىلاڭغۇلۇققا سەۋەب بولىدىغان، جىسمىدا ئېغىر دەرىجىدە زەرەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان ۋە پەيدا قىلىدىغان بۇزغۇنچىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ شەكىللىرى، رەڭلىرى، تۈرلىرى ۋە ئىسىملىرى ھەر خىل بولغان ھاراق-شاراپلارنى ئىچىش بۇزغۇنچىلىقى ساغلاملىقنى تۈگەشتۈرىۋېتىدۇ، ساراڭلىقنى مىراس قالدۇرىدۇ.

2 ـ ئىشقاپ لەززەتلىنىش، ئالقان ئارقىلىق مەنىي چىقىرىش بۇزغۇنچىلىقى، مانا بۇ قەبىھ قىلمىش بىلەن بىر مۇددەت شۇغۇللىنىش، سىل كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ، نېرۋىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، زېھنىنىڭ كېرەكتىن چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ئەقىل چېچىلاڭغۇلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مالخۇليانى پەيدا قىلىدۇ.

3 ـ تاماكىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، ئەقىلگە كەلتۈرىدىغان خەتەرلىك تەسىرى: ئەسەبلەرنى قوزغىتىدۇ، نېرۋىنى غىدىقلايدۇ ۋە ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئىنكاسىنى ئاستىلىتىدۇ، زېھنىنى ۋە پىكرىنى يىغالماسلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

4 ـ جىنسىي قوزغاتقۇچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، نومۇسسىز فىلىملەرنى كۆرۈش، سېرىق لىنتىلەرنى كۆرۈش، ئاڭلاش، ھاياسىز، شاللاق، يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلەرگە، رەسىملەرگە قاراش، ھەقىقەتەن ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىدۇ، ئەقلىي چېچىلاڭغۇلۇققا سەۋەب بولىدۇ، زېھنىي ساقلاش ئىقتىدارىغا خاتىمە بېرىدۇ، قىممەتلىك ۋاقىتنى زايا قىلىش، بىكار تەلەت قىلىپ قويۇش، ئويۇن-تاماشاغا بەنت قىلىش توغرۇلۇق بولىدى

سۆزلىمەيلا قويۇق.

## • ئالكىس كارلىنىڭ جىنسىي ھېسسىيات توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

دوكتۇر ئالكىس كارلىل ئۆزىنىڭ «ئىنسان چۈشىنىش قىيىن بولغان نەرسە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساندىكى جىنسىيەت قوزغالغاندا، ئۇنىڭدىكى بەزلەر قان ئارقىلىق مېڭىگە ماڭىدىغان بىر تۈرلۈك ماددىنى ئىرىشۈيتىدۇ ۋە ئۇنى ھوشسىزلاندۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسان ساپ پىكىر ئەسلىيىتىگە قايتىپ كىلىشكە قادىر بولالمايدۇ».

بۇلاردىن باشقىمۇ، باللارنىڭ ئەقلىگە زەرەر يەتكۈزىدىغان، تۈرلۈك خەتەرلەر ۋە ئاپەتلەرنىڭ كىلىشىگە سەۋەب بولىدىغان، زىيانلىق ۋە خەتەرلىك بۇزغۇنچىلار ۋە بۇزۇقچىلىقلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەتچىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

يۇقاردا بايان قىلىنغان مۇشۇ بۆلۈمدىكى تەتقىقاتلاردىن خۇلاسە:

1 - تەلىم-تەربىيە مەسئۇلىيتى.
2 - پىكرىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش مەسئۇلىيتى.
3 - ئەقلىي ساغلاملىقنى ساقلاش مەسئۇلىيتى.

يۇقاردا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز ئەۋلادلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيەگە ئىگە قىلىش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئەڭ يارقىن ئىبرازلىقراقى بولغان بولۇپ، ئەگەر ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلار، مۇئەللىملەر، تەربىيەتچىلەر، ئومۇمەن تەربىيەگە مەسئۇل بولغان بارلىق كىشىلەر مۇشۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆتەشتە، مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا، ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرۇشتا نۇقسان پەيدا قىلغان بولسا، كەم قويغان بولسا، ئاشۇ مەسئۇلىيەتلەردە ئاشۇرۇۋەتكەن بولسا، بارچە ئەيىب-نۇقساندىن پاك ئالللاھ تەئالا چوقۇم ئۇلارنىڭ كەم قويغانلىرىدىن بىرمۇ-بىر ھېساب ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ بىپەرۋالىقى، سەل قارىغانلىقى، ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە بىخەستەنلىك قىلغانلىقىدىن كىلىپ چىققان نەتىجىلەردىن سۇئال-سوراق ئالىدۇ.

ۋاي ئاللاھتىن خىجالەتچىلىك، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ھەقلەرنى ئۆتەشتە ئاشۇرۇۋەتكەن ياكى كەم قويغانلىرىغا!؟

ئەڭ كاتتا كۈندىكى زور كۆرۈنۈشتە ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئالللاھ تەئالاغا مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك جاۋاب بەرسە، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! مىڭ-مىڭلاپ ۋاي! تۈمەن مىڭلاپ ۋاي! ۋاي ئېسىت! ئالللاھ تەئالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئۆرۈلۈپ كۆيدۈرۈلىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز ئالللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەققەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا

ئازابنى ئككى ھەسسە بەرگن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قلغن» دەيدۇ. » (سۇرە ئەھزاب 67ـ 66 ئايەت )

ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن راست سۆزلگۈچدۇر، ئبنى ھەببان رىۋايەت قلغان بر ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دىگەن: «ئاللاھ تەئالا ھەققەتەن، ھەر بر پادىچدىن ئۆزى باققان پادا توغرۇلۇق سۇئال-سوراق قلدۇ، مۇھاپزەت قلدمۇ ياكى زايا قلدمۇ سۇرۇشتۇردۇ».

ئى ئاللاھ! بزنى ئۇزۇڭگە ۋە پەيغەمبرىڭگە ئتائەت قلغۇچلاردىن قلغن، ھىساب-كتاب كۈنى يۇزلرى ئاق ۋە نۇرانە ھالدا كلدىغان كشلەر قاتاردىن قلغن، ئۆزلرى، ئەھلى-ئەۋلادلرى ۋە ئۇممتى ئسلامىيەگە قارتلغان مەسئۇلىيتنى ئەڭ ياخشى ئادا قلغان كشلەر قاتاردىن قلغن.

ھەققەتەن سەن ئاڭ ياخشى ئۇمد قلنغۇچسەن، سورالغۇچنىڭ ئەي ئبسلى سەن، ئجابەت قلشقا ئەڭ لايىق سەن، ئامن!!!

# بەشنچى پەسل: روھىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيتى

روھىي جەھەتتىن تەربىيلەشتىن بولغان مەقسەت پەرزەنتلەرنى ئەقلگە كەلگەندىن باشلاپ جۇرئەتلك، ئوچۇق-يورۇق، جۇشقۇن، جاسارەتلك، شجائەتلك، باتۇر، باھادىر، كامالەت تۇيغۇسغا ئگە، باشقىلارغا ياخشلق سېغىندىغان، سۆيدىغان، ئاچچقى كەلگەندە غەزپىنى بېسۋالدىغان ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالدىغان دېگەندەك ئېسل روھى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى يېتلدۇرگەن ھالەتتە تەربىيلەش دېگەنلكتۇر.

بۇ تەربىيىنىڭ نشانى پەرزەنتلەرنىڭ مجەز-خاراكتېرىنى مۇكەممەل، نورمال ۋە ئۆلچەملىك ھالەتتە شەكللەندۇرۇش ئارقلق ئۇلار ئەقلگە كېلىپ ياش-قورامغا يەتكەندە ئۇستىدىكى تەكلىپلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئەڭ ياخشى يول ۋە ئەڭ ئۇلۇغۋار ئۇقۇم بلەن ئادا قلشنى كاپالەتكە ئگە قلشتۇر.

پەرزەنتلەر تۇغۇلغاندىن ئېتبارەن ئۆزىنىڭ تەربىيەتچىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان ئامانەت بولغانلقى ئۈچۈن، بارلق تەربىيەتچلەر ۋە باللارغا مەسئۇل كشلەر كەسكن ھالەتتە ئۇلار دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ ئۇلاردا پىشىپ يېتلگەن ئەقلگە، ساغلام تەپەككۇرغا، ئۆلچەملىك تەسەررۇپقا ۋە ئالىي ھىممەت-ئرادىگە ئگە بولغان ھەقىقىي ئادەمىلىك سالاھىيتگە ئگە قلدىغان روھىي ساغلاملق ئۇسۇللرىنى كۆچەت قلىپ تكىپ بىخلتىش لازىم.

شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمتى، قەدرى-قىممتى ۋە مەرتىۋە-ئېتبارىنى چۈشۈرىدىغان، داغ تەگكۈزىدىغان، باللارنىڭ ئچكى دۇنياسى ۋە مجەز-خاراكتېرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان، ئۇلارنى ھاياتلىققا، ئەتراپقا ۋە مۇھتقا ئۆكۈنۈش، ئۆچ كۆرۈش، يامان كۆرۈش ۋە يامانلىق سېغىنىش بلەن قارايدىغان قىلىپ قويىدىغان بارچە ئامىللاردىن ئازاد قلش ۋە قۇتقۇزۇش لازىم.

## باللاردىكى روھىي ۋە پسىخىكا ئالامەتلىرى

مەن تەربىيەتچىلەرنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى ۋە گۈل-چېچەك شاگىرتلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە قۇتقۇزۇۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن ئىبارەت دەپ قارايدىم:

1 - تارتىنچاقلىق ۋە قورۇنۇش ئالامىتى،

2 - قورقۇنچاقلىق ئالامىتى،

3 - ئۆزىنى كەمسىتىش ئالامىتى،

4 - ھەسەتخورلۇق ئالامىتى،

5 - ئاچچىقى يامان بولۇش ئالامىتى،

6 - تىل-ھاقارەت ئالامىتى،

7 - كالتەكلەش، دۇمبالاش ئالامىتى.

ئاللاھ تەئالا خالىسا مۇشۇ بۆلۈمدە ھەربىر ئالامەتنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئاندىن ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن بۇ ئالامەتلەرگە چارە-تەدبىر قوللىنىشنىڭ يولىنى ئاچىمىز، ئاندىن بۇ ناچار ئالامەتلەرنىڭ ئورنىنى پەزىلەتلىك ئالامەتلەر ئالىدىغان پەزىلەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز، ئىشلارغا تەۋپىق بەرگۈچى ۋە ياردەم بەرگۈچى ئاللاھ تەئالاتۇر.

* * * * *

### 1 - تارتىنچاقلىق ئالامىتى

ھەممىگە مەلۇمكى، تارتىنچاقلىق ئالامىتى باللارنىڭ تەبىئىتى بولۇپ[1]، ئىرسىيەت باللاردىكى تارتىنچاقلىقنىڭ كۈچىيىشىدە ئۆز رولىنى ئوينايدۇ، مۇھىت ئۇلاردىكى تارتىنچاقلىقنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ بېرىشى ياكى نورماللىششىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر باللار باشقا باللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۇلار بىلەن كوللېكتىپ بولۇپ بىللە ئۆتسە تارتىنچاقلىقى تۆۋەنلەشكە ۋە تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلايدۇ.

(1) بۇ ئالامەتنىڭ تۇنجى ۋە دەسلەپكى ئىپادىلىرى بالا تۇغۇلۇپ تۆت ئايلىق بولغاندا كۆرۈنۈشكە باشلىشى مۇمكىن. ئەمما، بىر ياشقا توشقان باللاردا بۇ ئالامەت ناھايىتى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. چۈنكى، مۇشۇ ياشتىكى باللار يات كىشىلەرنى ياكى يات نەرسىلەرنى كۆرگەندە يۈزىنى باشقا تەرەپكە بوراشقا، ياكى ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقا ياكى يۈزىنى باشقا تەرەپكە بوراشقا، ياكى يۈزىنى ئالقىنى ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن يۆگەشكە، توسۇۋېلىشقا باشلايدۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەن باللار يات ھويلىلارغا، قولۇم-قوشنا ياكى يىراقتىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ياتسىراشقا، تارتىنىشقا باشلايدۇ. ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياكى يېنىدا ئۇزۇن مەزگىل خاتىرجەم ۋە تىنچ تۇرۇپ زۇۋان سۈرمىگەن بىلەن، ئانىسىنىڭ سىرتقا ماڭسا ياكى يات يەرلەردە يالغۇز قالسا خۇدۇكسىرەشكە ياكى يىغلاشقا باشلايدۇ.

باللاردا باشقلار بلەن كوللكتپ هالدا ياشاش ئادتتى يېتلدۈرۈشتن باشقا ئۇلاردكى تارتنچاقلق ئالامتگە ئۇنۇملۇك ۋە تولۇق چارە تاپقلى بولمايدۇ. باللرىڭز ئۈچۈن هويلا قورۇلرىڭزغا ئۇلار بلەن تەڭ يېقلىپ، تەڭ قوپۇپ بللە ئوينايدىغان كچك دوستلارنى ۋە بالا هەمراهلارنى جەلب قلسڭز ۋە چللىسڭزمۇ مەيلى. ئاتا-ئانڭز، دوست-ئاغنلرىڭز ياكى يېقن-يورۇقلرىڭزنى زيارەت قلغاندا بللە ئېلىپ بارسڭزمۇ مەيلى. ياكى، ئۇلاردن مېهربانلق بلەن باشقلار ئالددا سۆزلەشنى تەلەپ قلسڭزمۇ مەيلى. سۆزلەنگۈچلەر چوڭ ياكى كچك بولسۇن ئوخشاش. ياكى بۇلاردن باشقا ئۇسۇللارنى قوللانسڭزمۇ مەيلى. نېملا بولمسۇن توغرا ئۇسۇللار ئارقلق سۆيۈملۈك پەرزەنتڭزنى كوللكتېپ تۇرمۇش بلەن تارتنچاق بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدنى ئېلىپ، جۇشقۇن ۋە روهلۇق ئۆسۈپ يېتلشگە كاپالەتلك قلڭ! ...

مانا بۇ ئادەتلەندۈرۈش يۈرەك پارلرىڭزنڭ كۆڭۈللرىدكى تارتنچاقلق ئالامەتلرنى ئاجزلاشتۇرۇپ، ئۆزگە ئىشنىش تۇيغۇسنى كۈچەيتدۇ ۋە قولغا كەلتۈردۇ. ئۇلارنڭ هەردائم هەققەتنى سۆزلشگە ۋە هەققەت يولدا مالامەت قلغۇچلارنڭ مالامتدن قورقمايدىغان بولۇشقا تۈرتكە بولدۇ.

## • سەلەف سالىهلارنڭ پەرزەنتلرىنڭ جۈرئەت جەهەتتكى مەيدانى

مانا بۇ بر بۆلۈك تارىخي مسالار، ئۆرنەكلەر ۋە پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنڭ هەدىسلرى ۋە ئلگرىكى سەلەف سالىهلرىمزنڭ پەرزەنتلرنى جۈرئەتلك قلىپ تەربىيلەش ۋە ئۇلارنڭ كۆڭۈللرىدكى تارتنچاقلققا قانداق چارە كۆرىدىغانلقى جەهەتتە بارلق تەربىيەتچلەرگە، جۈملدن ئاتا-ئانلارغا ياخشى ئۈلگە ۋە ياخشى نەمۇنە بەخش ئېتدۇ:

1 - ئىمام بۇخارى رەهمەهۇللاه ۋە باشقلار ئابدۇللاه ئبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمادن رىۋايەت قلغان هەدىستە ئۇ (بۇ ئۇنڭ تېخى بالاغەتكە يەتمگەن كچك ۋاقتلرىدكى ۋەقە ئىدى) مۇنداق دېگەن: بر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «دەل-دەرەخلەر ئچدە بر دەرەخ بار، ئۇ دەرەخنڭ يوپۇرماقلرى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ دەرەخ خۇددى مۇسۇلمانغا ئوخشايدۇ. قېنى ئۇ دەرەخنڭ نېمە دەرەخى ئكەنلكنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭلار» دېدى. بۇنڭ بلەن كشلەر سەهرا-بېزبلارنڭ دەرەخلرنى پەرەز قلىشقا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ۋاقتتا مەن ئۇنڭ خورما دەرەخى ئكەنلكنى ئويلدىم. لېكن كۆڭلۈمگە كەلگەن بۇ ئوينى سورۇندا ئېيتىشتن تارتنىپ قالدىم. چۈنكى، مەن سورۇندكى كشلەرنڭ ئەڭ كچكى ئىدم. شۇنڭ كېين كشلەر: «ئى رەسۇلۇللاه! ئۇ دەرەخنڭ قايسى دەرەخ ئكەنلكنى ئېيتپ بەرسلە» دېيىشتى. شۇنڭ بلەن پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ئۇ خورما دەرەخدۇر» دېدى.

يەنە بر رىۋايەتتە، مەن «ئۇ خورما دەرەخى» دېيشنى ئويلدىم، لېكن مەن قەۋمنڭ ئەڭ كچكى بولغانلقم ئۈچۈن بۇنى ئېيتىشتن خجل بولدۇم، دېيلگەن.

يەنە بر رىۋايەتتە، مەن ئەبۇ بەكرى سددىق (رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ) بلەن ئاتام ئۆمەر (رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ)نڭ گەپ قلماي ئولتۇرغىننى كۆرۈپ، گەپ قلشنى ياман كۆردۇم. بز ئورنمزدن قوپۇپ ئاتام



www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ( رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ) بىلەن يالغـۇز قالغـان چاغـدا ئۇنىڭغـا كۆڭلۈمگـە كەچكـە ئىشـلارنى ئېيتتىـم، ئاتـام ماڭا: «كۆڭلۈڭگـە چۈشـكەن ئىشـنى سۆزلىشـىڭ مېنىـڭ قىزىـل تۆگىلىرىـم بولغىنىدىنمـۇ بەكـراق سۆيۈملۈك ئىـدى» دېـدى، دېيىلگـەن.

2 ـ ئىمـام مۇسـلىم رەھمەھۇلـلاھ سـەھل ئىبنـى سـەئىد سائىدىي رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلغـان ھەدىستە ئـۇ مۇنـداق دېگـەن: بىـر كۈنـى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمگە ئىچىملىـك كەلتۈرۈلـدى، ئـوڭ تەرىپىـدە يېشـى كىچىـك بىـر بـالا، سـول تەرىپىـدە ياشـانغان ئىككـى شـەيخ بـار ئىـدى، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئىچىملىكتىـن ئىچىـپ بولغاندىـن كېيىـن، ئـوڭ تەرىپىدىكـى كىچىـك بالىغـا قـاراپ: «بۇنـى سـول تەرىپىمدىكـى مـاۋۇ كىشـىلەرگە بېرىشـىمگە رۇخسـەت قىلامسـەن؟» دەپ سـورىدى، ئـۇ بـالا: «يـاق، رۇخسـەت قىلمايمـەن، ئاللاھ تەئالانـىڭ نامـى بىلـەن قەسـەمكى، مـەن سىلىدىن بولغـان نېسـىۋەمنى ھېچكىمگـە ئۆتۈنـۈپ بەرمەيمـەن» دېـدى.

3 ـ ئىمـام بۇخـارى رەھمەھۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمادىـن رىۋايـەت قىلغـان ھەدىسـتە ئـۇ مۇنـداق دېگـەن: مېنـى ئۆمـەر ( رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ) ئۆزىنـى خەلىپىلىـك قىلىۋاتقـان كۈنلىرىـدە بـەدرى غازىتىغـا قاتناشـقان شـەيخلەر بىلـەن بىـر قاتـاردا شـورا مەسـلىھەت كېڭەشـىگە بىللـە ئەكىرەتتـى، مـەن تېخـى بالاغەتكـە يەتمىگەن بـالا بولغانلىقىـم ئۈچـۈن ئۇلارنـىڭ بەزىسـى كۆڭلىـدە ماڭا ئاچچىقلانغانـدەك قىلىـپ ئۇنىڭدىـن مېنـى نېمىشـقا ئېلىـپ كىرىدىغانلىقىنـى سورىشـاتتى، بـۇ چاغـدا ئـۇ ئۇلارغـا: «ئۇنىـڭ قانـداق بـالا ئىكەنلىكىنـى ۋە ئورنىنـى سـىلەرنىڭ بىلگەنلىكـڭلار ئۈچـۈن ئېلىـپ كىرىدىـم» دەپ جـاۋاب بېرەتتـى[1].

بىـر قېتىـم ئۆمـەر ( رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ) مېنـى چاقىرتىـپ ئاشـۇ كىشـىلەر قاتارىـدا يەنـە مەسـلىھەت كېڭەشـىگە ئېلىـپ كىـردى، مـەن ئۆمـەر ( رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ )نـىڭ ئاشـۇ كۈنـى مېنـى ئۇلارغـا كۆرسـىتىپ قويـۇش ئۈچـۈن چاقىرتقانلىقىنى بىلدىـم، ئـۇ ئۇلاردىـن: « ( سۈرە نەسر ـ 1 ئايـەت ) دېگـەن ئايـەت توغرىسـىدا نېمـە دەيسـىلەر؟» دەپ سـورىدى، بـۇ چاغـدا ئۇلارنـىڭ بەزىلـرى: «ئاللاھ تەئـالا بـۇ ئايەتلـەر ئارقىلـىق بىزنـى ئـۇ بىزگـە غەلبـە. نۇسـرەت ئاتـا قىلغـان ۋە پەتھگـە ئىگـە قىلغاندا ئۆزىگە ئىسـتىغپار ئېيتىشـقا بۇيرىدى» دېيىشـتى، بەزىلىرى ھېچنەرسـە دېمـەي جىـم تۇرۇشـتى، شـۇنىڭ بىلـەن ئۆمـەر ( رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ) مـاڭا قـاراپ: «ئەي ئابدۇللاھ سـەنمۇ شـۇنداق دەمسـەن؟» دېـدى، مـەن: «يـاق» دەپ جـاۋاب بەردىـم، ئـۇ: «ئەمسـە سـەن نېمـە دەيسـەن؟» دەپ سـورىدى، مـەن: «ئـۇ رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ ئەجىلىنـىڭ بېشـارىتى بولـۇپ ئاللاھ تەئـالا ئۇنـى ئۇنىڭغا بىلـدۈردى، ئاللاھ تەئالانـىڭ دېگىنـى «بـۇ سېنىڭ ئەجىلىـڭ ۋە ۋاپاتىڭنىـڭ يېقىنلاشـقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، شـۇڭا سـەن ئەمـدى ...... دېگەنلىكىـدۇر» دېدىـم، شـۇنىڭ بىلـەن ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «مەنمـۇ بـۇ ئايەتنـى پەقـەت سـەن ئوتتۇرىغـا قويغانـدەك چۈشـىنەتتىم» دېـدى.

4 ـ بىـر كۈنـى ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مەدىنـە يوللىرىنـىڭ بىرىـدە مېڭىـپ كېتىۋاتاتتـى، يولـدا

(1) ئـۇلار پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ ھەزرىتـى ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇماغـا قارىتـا: «ئـى ئاللاھ! ئۇنـى دىنـدا ئالـىم قىلغىـن، ئۇنىڭغـا شەرھلەشـنى بىلدۈرگىـن» دەپ دۇئـا قىلغانلىقىنـى بىلىشـەتتى.

نۇرغۇن باللار ئويناۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرمۇ بار ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باللار ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى مۆكۈنۈۋېلىشتى. لېكىن، ئۇلار ئارىسىدىن بىر بالا خۇددى كىگىز ئادەمدەك ئورنىدىن قىمىرلىماي مەزمۇت تۇردى، ئۇ بالا دەل ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن سەنمۇ باشقا قاچاق باللار بىلەن بىللە قاچمايسەن؟» دەپ سورىدى. بۇنىڭغا ئابدۇللاھ تەمكىنلىك بىلەن ئېغىزىغا چىڭ ئېلىپ: «مەن جىنايەتچى ئەمەس سىزدىن قورقۇپ قاچقىلى، ياكى يول تار ئەمەس سىزگە يول بوشاتقىلى» دەپ جاۋاب بەردى.

مانا بۇ ناھايىتى جۈرئەتلىك ۋە توغرا جاۋابتۇر.

5 - ھېيت-ئايەم كۈنى ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھمەھۇللاھ ئوغلىنىڭ ئۈستىدە بەك كونىراپ كەتكەنلىكتىن چىرىپ يىرتىلىپ، نەچچە يېرىگە ياماقلىق چۈشكەن ئەسكى كىيىملەرنى كۆردى ۋە ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆرگەن ئاتىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كۆزىدىن تارامالاپ ياشلار تۆكۈلدى. ئوغلى ئاتىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئاتا! سىلىگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزىلا؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئەي ئوغۇلچىقىم! سىزنى تەڭ دىمەتلىك باللار ياكى دوستلىرىڭىز ئۈستىڭىزدىكى مۇشۇ كونا ۋە ئەسكى كىيىملەر بىلەن كۆرگەندە ۋە سىز ئۇلارنىڭ ئۈستى-باشلىرىدىكى ھېيتلىق يېڭى كىيىملىرىنى كۆرگىنىڭىزدە باغرىڭىزنىڭ سۇنۇپ، قەلبىڭىزنىڭ جاراھەتلىنىشىدىن ئەنسىرەپ يىغلىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئوغلى: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئاتا! ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ رىزاسىنى يوقىتىپ قويغان ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان باللارنىڭ قەلبلىرى سۇنۇپ كېتىدۇ، مەن سىلىنى رازى قىلغانلىقىم سەۋەبلىك ئاللاھ تەئالانىڭ مەندىن رازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

6 - ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، ھىجاز ئەلچىلىرى ئىچىدە ئۇلار ئۈچۈن گەپ قىلغىلى ئون بىر ياشقا كىرمىگەن، يەنى تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بىر كىچىك بالا بىللە كەلگەن ئىدى. خەلىپە ئۇ بالىنى كۆرۈپ: «بالام! سىز قايتىپ كېتىڭ، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا يېشى چوڭ پېشقەدەم كىشىلەر كەلسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بالا ئېيتتى: «ئەمىرۇلمۇئمىنىنگە ئاللاھ تەئالا ياردەم بەرسۇن. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەڭ كىچىك ئىككى نەرسىسى بولغان قەلبى ۋە تىلى بىلەن ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا بىر بەندىسىگە پاساھەتلىك سۆزلىگۈچى تىل، ئەستە ساقلىغۇچى دىل ئاتا قىلغان بولسا، ئۇ سۆزلەشكە ھەقلىق بولىدۇ. ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئەگەر ئىش ياشقا بېقىپ بولغان بولسا، بۇ ئۈممەت ئىچىدە سىلە ئولتۇرغان بۇ ئورۇنغا سىلىدىنمۇ بەك ھەقلىق بولغان كۆرىمىڭ كىشىلەر بار ئىدى؟» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھمەھۇللاھ بۇ بالىنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇغان:

ئىلىم ئۆگەن ھېچبىر ئىنسان تۇغۇلماس ئالىم بولۇپ،
ئىلىم ئەھلى ياشىماس نادانغا ئوخشاش جاھىل بولۇپ.
قەۋمىنىڭ چوڭى كىچىك سانلار بىلىمسىز بولسا،
سورۇنلاردا سۆزلىيەلمەس دانا ۋە ئاقىل بولۇپ.

7 ـ ئەدەپ-تەربىيە كىتابلىرىدا نەقىل قىلىندۇكى، خەلىپە مەئمۇن رەھمەھۇللاھنىڭ ئالدىدا بىر نارەسىدە بالا سۆز قىلىپ سورالغان سوئاللارغا ناھايىتى ياخشى جاۋاب بېرىدۇ. خەلىپە بۇ بالىدىن سورايدۇ: «سىز كىمنىڭ ئوغلى بولسىز؟»، بالا جاۋاب بېرىدۇ: «مەن ئەدەپىياتچىنىڭ ئوغلى ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن!»، خەلىپە: «سىزنىڭ نەسەبىڭىز نېمىدېگەن ياخشى» دەيدۇ ۋە بۇ بېيتنى ئوقۇيدۇ:

كىمنىڭ پەرزەنتى بول ئىلىم ئۆگەن قەتئىينەزەر،
ئىلمىنىڭ مەدھىيىسى سېنى نەسەبتىن بىھاجەت ئېتەر.
ئاتام ئۇنداق-مۇنداق ئادەم ئىدى دېگەنلەر يىگىت ئەمەس،
ھەقىقىي يىگىت بولۇر مەيدىسىگە موشتلاپ «مانا مەن» دېگەنلەر.

8 ـ بىر كۈنى خەلىپە مەئمۇن رەھمەھۇللاھ «بەيتۇلدىۋان» دەپ ئاتالغان كۇتۇبخانىغا كىرگەندە، قولىقىغا قەلەم قىستۇرۇۋالغان كىچىك بىر بالىنى كۆرۈپ: «كىم سەن؟» دەپ سورىغان. بالا جاۋابەن: «سىلىنىڭ دۆلەتلىرىدە ئۆسۈۋاتقان، نېمەتلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتقان، خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان ھەسەن ئىبنى رەجا بولىمەن» دېگەن. بۇ چاغدا خەلىپە بالىنىڭ بەرگەن بۇ ياخشى جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ: «تالانتقا ئېتىبار بېرىپ، بەدىئىيلىككە قىزىققانلىقتىن ئەقىللەر ئارتۇقچىلىققا ئېرىشىدۇ. بۇ بالىنى ئۈستۈن مەرتىۋىلەرگە قويۇڭلار» دېگەن.

9 ـ ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ زامانلىرىدا ئەتراپتىكى يېزىلارغا ئېغىر قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ياردەم سورايدىغان ئەلچىلەر ۋە ۋەكىللەر كېلىشكە باشلىغان. كەلگەن ۋەكىللەر ئىچىدە دەرۋاس ئىبنى ھەبىب ئىسىملىك بىر سەبىي بالىمۇ بار ئىدى. بۇ بالىنىڭ قەۋمى ئىچىدە چوڭ ئادەملەر بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ھىشامدىن ئەيمىنىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ھىشامنىڭ كۆزى بالىغا چۈشتى-دە، ئوردا مەسلىھەتچىسىگە: «ھوزۇرۇمغا كىرىشنى خالىغانلا ئادەم كىرىشكە باشلىدى، ھەتتا كىچىك سەبىي بالىلارمۇ كىرىشكە باشلىدى، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ كايىپ كەتتى. بۇ چاغدا بالا سۆزگە كىرىشىپ: «ھۆرمەتلىك ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئالىيلىرى! ئېھتىمال بۇ سۆزنى ماڭا قارىتىپ دەۋاتىلىغۇ دەيمەن، مېنىڭ سىلىنىڭ ھوزۇرلىرىغا كىرىشىم سىلىنىڭ ئىززەت-ھۆرمەتلىرىگە ھېچ دەخلى قىلماس، ئەكسىچە مېنى ھۆرمەت ۋە شەرەپكە

نائىل قىلار. تىل يۈرەكنىڭ تاشقى ئىپادىسى، ئۇنى سىرتقا چىقارمىغۇچە ھېچنەرسىنى ئۇققىلى، چۈشەنگىلى بولماس. قەۋمىم ئىچىدە چوڭ ۋە ياشانغان شەيخلەر بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىپ مەقسەتلىرىنى ئىپادە قىلالمىدى. ھۆرمەتلىك ئالىيلىرى! بىزگە قورغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئاپىتى يەتكىلى ئۈچ يىل بولدى. ئۇ بىرىنچى يىلى مايلارنى ئېرىتىۋەتتى، ئىككىنچى يىلى گۆشلەرنى يەپ كەتتى، ئۈچىنچى يىلى سۆڭەكلەرنى پاك-پاكىز غاجىلىۋەتتى، ئىلىكلەرنى قۇرۇتىۋەتتى، ئەگەر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئارتۇق مال بولسا، ئۇ ماللارنى ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە تارقىتىپ بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەققىياتلىق مىلى بولسا، ئۇنداقتا نېمىدەپ ئۇ ماللارنى ئۇلاردىن توختىتىپ يىغىپ تۇرىۋالىسىلەر؟ ئەگەر ئۇماللار ئۆزەڭلارنىڭ مىلى بولسا، ئۇنىڭدىن ئاشۇ قىينىلىپ قالغان كىشىلەرگە سەدىقە بېرىڭلار، ئاللاھ تەئالا ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى.

ھىشام: «بۇ بالا بىزگە ئۈچ تۈرلۈك گەپ قىلىپ ئۆزرە ئېيتقۇدەك، باھانە كۆرسەتكۇدەك بىرەر يوچۇق قالدۇرمىدى، ئۇنىڭ سەھراسىغا 100 مىڭ دىرھەم، ئۆزىگە 100 مىڭ دىرھەم بېرىڭلار» دەپ بۇيرىدى.

بالا: «ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئالىيلىرى! ماڭا بەرگەن 100 مىڭ دىرھەمنى مېنىڭ سەھرايىمدىكى كىشىلەرگە بەرگەنلىرىگە قوشۇۋەتسىلە، مەن بەرگەن ياردەملىرىنىڭ ئۇلارغا يېتىشمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھىشام: «ئوغلۇم، سېنىڭ ھاجىتىڭ يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. بالا جاۋاب بېرىپ: «مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھاجىتى تۈرگۈچىدا مېنىڭ شەخسىي ھاجىتىم يوق» دېدى. ئاندىن قەۋمىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان ھالدا خەلىپىنىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپ كەتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مىساللاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلگىرىكى سەلەف-سالىھلىرىمىز پەرزەنتلىرىنىڭ تارتىنچاق، غەيرى ئۇياتچان، مۇرمەس، بىكىنمە، ئۆزۈمچى ۋە قورۇنغاق بولۇشتەك ناچار روھىي ئادەتلەردىن يىراق قىلغان ھالدا جۈرئەتلىك، ئەركىن پىكىرلىك ۋە ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدىغان، جۇشقۇن، جاسارەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك، باشقىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ھەتتا خەلىپە ۋە ئەمىر-سۇلتانلار ھوزۇرىدا ئىش بېجىرەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ئاممىۋىي يىغىلىشلارغا، توي-تۆكۈنلەرگە ۋە دوستلىرىنى زىيارەت قىلىشقا بىللە ئېلىپ بارىدىكەن. شۇنىڭ ئەگىشىپ ئۇلارنى چوڭلار ئالدىدا سۆزلەشكە ئۈندەيدىكەن، خەلىپە ۋە ئەمىر-سۇلتانلارغا سۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئىچىدىن تالانتلىق ۋە پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان باللارنى تاللايدىكەن. ھەتتا ئۇلارنى ئاممىنى ئىدارە قىلىدىغان مۇشكۇل مەسىلىلەردە ياكى دۈشمەن بىلەن بولغان سىياسىي ۋە قورallىق كۆرەشلەردە مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشتۇرىدىكەن. مۇتەپەككۇر ئالىملار قاتاردا ئىلمىي سورۇنلارغا ھازىر قىلىدىكەن ۋە ئىلمىي ئەنجۇمەنلەرگە قاتناشتۇرىدىكەن.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى باللاردا ئەدەپ-ئەخلاققا ئىگە جۈرئەت ۋە جۇشقۇنلۇقنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۇلۇغۋار ئۇقۇم-چۈشەنچە ۋە ئاڭ-سەۋىيە يېتىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كامالەت دەرىجىلىرىگە يۇقىرى ئۆرلىشىگە، مىجەز-خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدە يېتىلىشىگە، پىكرىي ۋە ئىجتىمائىي روھنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۈگۈنكى تەربىيەتچىلەر، بولۇپمۇ دادىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ

ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا رىئايە قىلىش، كىشىلەرنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا چۈشۈرۈش دائىرىسى ۋە چەك ـ چېگرىسى ئىچىدە ئوچۇق ـ يورۇق، جۈرئەتلىك، تەمكىن ۋە ئىرادىلىك قىلىپ تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن چوقۇم مۇشۇ قائىدىلەر چىڭ تۇتۇشى سىلازىم.

سەمگىنزدە بولسۇنكى، بالىلىرىڭىزنى ھازىر ئوتتۇرىغا قويغان باشقىلارنى ھۆرمەتلەش قاتارلىق دائىرىلەر ۋە چەك ـ چېگرىلار ئىچىدە ئۆستۈرمىسىڭىز، چوقۇم ئۇلاردىكى جۈرئەت يۈزى قېلىنلىققا، ئوچۇق ـ يورۇقلۇق باشقىلار ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇشنى ئاجىزلاپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

* * * * *

## • ھايا بىلەن خىجىل بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

شەرم ـ ھايا بىلەن تارتىنچاقلىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىشىمىز لازىم.

تارتىنچاقلىق ـــ يۇقىرىدا ئۆتكەندەك پەرزەنتىنىڭ بىكىنمىچىلىكى، يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇشى، يۈزىنىڭ نېپىزلىكى ۋە باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى قاتارلىقلاردۇر.

شەرم ـ ھايا بولسا، پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلامنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلغانلىقى، پەزىلەت ۋە شان ـ شەرەپ يولىدا ماڭغانلىقىدۇر.

شۇڭا، پەرزەنتلەرنى كىچىدىن باشلاپ ئاللاھ تەئالا توسقان يامان ئىشلارنى قىلىشتىن، ئىسلام چەكلىگەن جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىشتىن، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئۆتكۈزۈشتىن ھايا قىلغىنى ۋە ئۇيالغىنى تارتىنچاقلىقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراشقا، نامەھرەملەرگە قارىماسلىققا، باشقىلارنىڭ سىر ـ مەخپىيەتلىكلىرىنى تىڭشىماسلىققا، تەپتىش قىلماسلىققا ياكى ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئاچماسلىققا ئادەتلەندۈرۈش تارتىنچاقلىقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس!

تىلنى باتىل سۆزلەر، يامان سۆزلەر، تىل ـ ھاقارەت سۆزلىرى، كۇپرى، شېرىك ۋە نىپاق سۆزلىرىگە ۋە بىھۇدە سۆزلەرگە كېتىشتىن پاك ساقلاش، قورساقنى ئاچلىقتىن كوكىراپ كەتسىمۇ ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى تاناۋۇل قىلىشتىن ساقلاش، ۋاقتىنى ئاللاھ تەئالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشقا سەرپ قىلىش قاتارلىقلارغا ئادەتلەندۈرگەنلىك ئۇلارنى يۈزى تۆۋەن ۋە تارتىنچاق قىلىپ قويغانلىق ئەمەس!

مانا بۇ بىز ھازىر بايان قىلغان ھايانىڭ ئۇقۇمى ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەۋسىيە قىلغان ئىشتۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھ تەئالادىن ھايا قىلىش لايىقىدە ھايا قىلىڭلار». بۇ چاغدا ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، بىز ئاللاھ تەئالادىن ھايا قىلىش لايىقىدە ھايا قىلىمىز» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «سىلەرنىڭ

قىلغىنىڭلار لاياقەتلىك ئەمەس، ئاللاھ تەئالاغا لايىق بولغان ھايا باش ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قاچىلىۋالغان نەرسىلەرنى، قورساق ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشتۇر، ئۆلۈمنى ۋە ئىمتىھان-سىناقلارنى ئەسلەپ چىقارماي ئاخىرەت يۇرتىنى ئويلاشقان كىشى دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى تەرك ئېتىدۇ، ئاخىرەتنى بۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرىدۇ، مۇشۇلارنى قىلالىغان كىشى ئاللاھ تەئالادىن ھەقىقىي ھايا قىلغان بولىدۇ» دېگەن.

ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئى ئاللاھ! مېنى ئىلىملىككە ئەگىشىلمەيدىغان ۋە چوڭلاردىن ھايا قىلىنمايدىغان زامان تاپمىسۇن» دېگەنلى بايان قىلىنغان.

ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن ھەربىر دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بولىدۇ، ئىسلامنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

* * * * *

## 2 - قورقۇنچاقلىق ئالامىتى

قورقۇنچاقلىق ئالامىتى بىر خىل پسىخىكىلىق غەيرى نورمال ھادىسە بولۇپ، ئۇ چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ۋە ئوغۇل-قىز ھەممىدە يۈز بېرىپ قالىدۇ. بەزىدە بۇ ئالامەت بالىلاردا ئۆزىنىڭ نورمال تەبىئىتىنىڭ چەك-چېگرىسى، دائىرىسى ئىچىدە بولسا ياخشى ئىش. چۈنكى، بۇ ئالامەت بالىلارنى تۈرلۈك ھادىسىلەردىن قوغداشتا، نۇرغۇن خەتەرلەردىن يىراقلاشتۇرۇشتا ۋاستە بولىدۇ.

لېكىن، بالىلاردىكى قورقۇنچاقلىقنىڭ ھەددىدىن زىيادە، ئادەتتىن سىرت ئېشىپ كېتىشى، ھودۇد-چېگرالىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشى چوقۇم بالىلاردا روھىي جەھەتتىن بىئاراملىق كېلىپ چىقىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلاردا پەيدا بولغان روھىي قالايمىقانچىلىق، غەيرى نورمال پسىخولوگىيىگە چارە-ئامال تېپىش بەسىي مۇشكۈلاتقا ئايلىنىدۇ.

بالىلار پسىخولوگىيە ئىلىملىرى مۇتەخەسسىلىرى مۇنداق دەيدۇ: «بوۋاق بىر ياشقا كىرگەندىن باشلاپ قورقۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلايدۇ، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئاۋاز ۋە قاچا-قۇچا، چىنە قاتارلىقلار ئۇشتۇمتۇت يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، ماشىنا-تراكتور سىگنال بەرگەن دېگەندەك ئاۋازلاردىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن چۆچۈشقا، قورقۇشقا، ھەتتا قاتتىق يىغلاشقا باشلايدۇ. تەخمىنەن ئالتە ئايلىق بولغاندىن باشلاپ يات كىشىلەردىن، كۆرۈپ باقمىغان شەخسلەردىن قورقىدۇ، ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ نۇرغۇن نەرسىلەردىن ـــ ھايۋانات، ماشىنا، قۇرت-قوڭغۇز ۋە سۇ دېگەندەك ۋە مۇشۇلارغا ئوخشايدىغان نەرسىلەردىن قورقىدۇ. ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئوغۇل بالىلارغا قارىغاندا قىزلارنىڭ قورقۇشى بەكرەك نامايان بولىدۇ. بالىلاردىكى قورقۇنچاقلىق ئۇلارنىڭ خىيال قىلىش ۋە ئويلاش ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە يېتىلىشىگە ئەگىشىپ

تېخىمۇ كۆچىيىپ بارىدۇ. بالىلار قانچە خىيال قىلغانسىرى قورقۇنچاقلىق تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ»[1].

## • بالىلاردىكى قورقۇنچاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار

بالىلاردىكى قورقۇنچاقلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئامىللار ۋە سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1 ـ ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىنى كۆلەڭگە، ياكى قاراڭغۇ، ياكى يات مەخلۇقلار بىلەن قورقۇتۇشى.

2 ـ ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئەركە-ناياق قىلىۋېتىشى، زىيادە بىئارام قىلىۋېتىشى، قىيىنچىلىق ۋە خاپىلىق ھېس قىلدۇرۇشى.

3 ـ پەرزەنتلەرنى بېكىنمە، جىمغۇر ۋە ئۆزىمچى قىلىپ ئۆستۈرۈش، ھويلىنىڭ تۆت تېمى ئارىسىدا نەزەربەنت قىلىپ سىرتقا چىقارماسلىق.

4 ـ جىن، پەرى، دېۋە، ئالۋاستى ۋە بويىنى يوق خوراز قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك خىيالىي پانتازىيىلىك ھېكايە-چۆچەكلەرنى كۆپ سۆزلەپ بېرىش.

5 ـ بۆ-بۆ، ھۇي-ھۇي، ھام-ھام بار دېگەندەك يوق نەرسىلەر بىلەن قوقاق سېلىش.

بۇلاردىن باشقىمۇ مۇشۇلارغا ئوخشايدىغان بىر بۆلۈك ئامىللار ۋە سەۋەبلەر بولۇپ، بۇنى كىتابخانلارنىڭ ئەقلىگە ھاۋالە قىلىمىز.

## • بالىلاردىكى قورقۇنچاقلىق ئالامىتىنى تۈزەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان چارە-تەدبىرلەر

بالىلاردا پەيدا بولغان بۇ خىل ھادىسىگە چارە قوللىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىش لازىم.

بالىلارنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىدىغان، ئاللاھ تەئالاغىلا قۇللۇق قىلىدىغان، مەيلى خۇشال-خۇراملىق چاغلاردا بولسۇن، مەيلى غەم-قايغۇلۇق چاغلاردا بولسۇن، مەيلى كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىشلاردا بولسۇن، مەيلى قورقۇنچ سالىدىغان ئىشلاردا بولسۇن ھەرقاچان ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقىغا تەسلىم بولىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش لازىم. ئەگەر پەرزەنتىڭىز ھەقىقەتەن ئىمان ئۇقۇملىرىغا ئاساسەن تەربىيىلەنسە، جىسمانىي ۋە روھىي ئىبادەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ چوقۇم بالا-مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا قورقۇپ كەتمەيدىغان، خاپىلىق ۋە قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ئالاق-جالاق بولۇپ تىترەپ كەتمەيدىغان، مۇسىبەت يەتكەندە ئالدىراقسانلىق قىلمايدىغان، ھودۇقۇپ كەتمەيدىغان، ئۆتكەنگە ھەسرەت-نادامەت چەكمەيدىغان، كەلگۈسىدىن زىيادە ئەنسىرەپ كەتمەيدىغان تەمكىن ئادەم بولۇپ چىقىشىدا شەك-شۈبھە يوقتۇر. بۇ ھەقتە

(1) دوكتۇر نەبىھ غەيرەتنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىتابىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

«قۇرئان كەرىم» كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى، ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر، بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر، پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر» (سۈرە مەئارىج 19 — 23 ـ ئايەتلەر).

2 ـ ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، شۇڭا ئۆز پادائڭلاردىن سورىلىسىلەر» دېگەن ھەدىسىنى تەدبىقلاش يۈزىسىدىن تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە تەسەررۇپ ئەركىنچىلىكى، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ھوقۇقى، ئۆسۈپ ـ يېتىلىش مىقدارى ۋە تەرەققىيات باسقۇچىغا يارىشا ئىشلارنى بىتەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش شارائىتى بېرىشى لازىم.

3 ـ ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالاغا كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن ھەدىسىنى ئەمەللەرگە تەدبىقلاش يۈزىسىدىن پەرزەنتلەرنى يىغلىغان چاغلىرىدا سايە، ئالۋاستى، ئېزىتقۇ، جىن، يالماۋۇز، دېۋە ـ پەرى، بويىنى يوق خوراز، سىرتلان ۋە ھەرخىل پانتازىيىلىك غەلىتە كۆرۈنۈشلەر بىلەن قورقۇتماسلىقى، پەرزەنتلەرنى تۇرلۇك شەكىلدىكى قورقۇنچنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرىدىن ئازاد قىلىشى، كىچىككىنە سەۋەبى يۈرەكلەرنى خاتىرجەم قىلىشى، شىجائەتلىك، باتۇر ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا باي قىلىپ چوڭ قىلىش لازىم.

4 ـ ئىمام بەيھەقى ۋە ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇئمىن ئۆزىدىن باشقىلار بىلەن چىقىشالايدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالايدىغان كىشىدۇر. باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغان كىشىلەردە ياخشىلىق يوقتۇر. خالايىقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى خالايىقلار ئۈچۈن ئەڭ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتلىك كىشىدۇر» دېگەن ھەدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، پەرزەنتلەر ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ ئۇلارغا باشقىلار بىلەن ئەمەلىي ئارىلىشىش، ئۈچرىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىش، پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ۋىجدان چوڭقۇرلۇقىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقان، بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان تونۇش ـ بىلىشلىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى، ھەتتا پۈتۈن ئۇممىتىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام قىلىدىغان، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، سۆيىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان تۇيغۇنى مۇستەھكەم ۋە پۇختا ھالدا كۆچەت قىلىپ تىكىش لازىم.

بالىلار پسىخولوگىيە ۋە تەربىيە ئالىملىرى شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، بالىلار قورقىدىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا كۆپرەك تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ، بۇنىڭ ھېچقىسى يوق. مەسىلەن، قاراڭغۇدىن قورقىدىغان بالىلارغا نىسبەتەن چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قاراڭغۇغا كۆنەلەيدىغان، قورقمايدىغان قىلىپ كۆندۈرۈشكە بولىدۇ. سۇدىن قورقىدىغان بالىلارغا داس ـ تەڭلە دېگەنكىدەك كىچىك قاچىلار ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرگە

ئـازراق سۇ تۆكـۈپ بېرىـپ، سـۇ ئۈينىشـىغا يول قويساق بولىدۇ. تـوك سايمانلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىدىن قورقىدىغان باللارغـا دەسـلەپتە تـوك سۈپۈرگىسى، قـىل ۋە چاڭ-تـوزاڭ سـۈمۈرگۈچ دېگەنـدەك تـوك ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىسـمەن جايلىرىنى تۇتۇشـقا، ئوينىشـقا يـول قويساق، كېيىـن تولـۇق تۇتقۇزساق، مۇشـۇ ئارقىلـىق ئۇلاردىكـى قورقۇشـنى تۈگىتىشـكە بولىـدۇ. يەنـە مۇشـۇلارغا ئوخشـاش باشـقا ئۇسـۇللارنى قوللىنىشـقىمۇ بولىـدۇ[1].

5 ـ ئۇلارغـا ھەرقاچـان رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ غازاتنامىلىرىنـى، سەلەف-سـالىھلارنىڭ قەھرىمانلىـق مەيدانلىرىنـى ئۆگىتىـپ تەلقىـن قىلىـپ تـۇرۇش، ساھابە ۋە تابىئىنلاردىـن بولغـان قوماندانـلار ۋە پەتھى قىلغۇچىلارنىـڭ ئېسـىل ئەخلاقـى بىلـەن تەربىيلـەش، جىھـاد ۋە ئالـلاھ تەئالانىـڭ سـۆزىنى ئۈسـتۈنلۈككە ئېلىـپ چىقىشـقا مۇھەببـەت باغلىتىـش، نادىـر ۋە كەمدىن-كـەم تېپىلىدىغـان قەھرىمـان، ھەممىنـى بېسـىپ چۈشـكۈدەك شـجائەتلىك قىلىـپ ئۆسـتۈرۈش كېـرەك.

بـۇ مەزمۇنـدا سـەئد ئىبنـى ئەبـى ۋەققـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ بـۇ ھەقتـە نېمـە دەيدىغانلىقىغـا قـۇلاق سـالايلى: «بىـز پەرزەنتلىرىمىزگـە رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ غازاتنامىلىرىنى قۇرئـان ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتـۇق».

ئۇمـەر ئىبنى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـۇ ئاتا-ئانىلارغـا پەرزەنتلىرىگـە يىگىتلىـك، مەرد-مەردانىلـك، چەۋەندازلىق ۋە جەڭ-جىھاد ماھارەتلىرىنـى ئۆگىتىشـكە تەۋسـىيە قىلىـپ: «باللىرىڭلارغـا ئـوق ئېتىش ۋە سۇ ئۈزۈشـنى ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنـى ئاتلارغـا سـەكرەپ مىنىشـكە بۇيـرۇڭلار» دېگەن.

مەزكـۇر كىتـاب «ئىسـلامدىكى پەرزەنـت تەربىيەسـى»نىڭ «ئىمان تەربىيەسـى مەسئۇلىيىتى» دېگـەن بۆلۈمدە، بىز ئىمـام تىبرانـى رىۋايـەت قىلغـان پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ «پەرزەنتلىرىڭلارنـى پەيغەمبىرىڭلارنـى ياخشـى كۆرىدىغـان، ئۇنىـڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنـى ياخشـى كۆرىدىغـان ۋە قۇرئـان تـلاۋەت قىلىدىغـان ئـۈچ تۈرلـۈك خىسـلەت ئۈسـتىدە تەربىيلـەڭلار» دېگـەن ھەدىسـنى بايـان قىلغانـدۇق.

مانـا بـۇ جانابـى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ يولىيورۇقلىـرى، كۆرسـەتمىلىرى ۋە ئـۇ زاتنىـن كېيىنكـى سـاھابە كىراملارنىـڭ ئىش-ئىزلىـرى ئىسـلامنىڭ ئـەۋلاد تەربىيەسـىگە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كەلگۈسـىدە ئىسـلامنىڭ مۇسـتەھكەم بىناسـىنى قـۇرۇپ چىقىشـتا، پۈتـۈن دۇنيـادا ئىسـلامنىڭ ئىـززەت مۇنارىنـى كۆككـە كۆتۈرۈشـتە ئىسـلامىيەت تايىنىدىغـان، بـازار بولىدىغـان ئىسـلام ئەۋلادلـىرى ۋە ئاۋانگارتلـىرى بولـۇپ يېتىلىشـى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باتـۇر، باھادىر، قەھرىمـان، شـجائەتلىك تەربىيلىنىشـىگە ۋە ئالغـا ئىلگىرىلـەش روھىغـا تولـۇپ تېششـىغا كۆڭـۈل بۆلىدىغانلىقـى ۋە ئەھمىيـەت بېرىدىغانلىقىغـا پولاتتـەك پاكىـت ۋە سـۇنماس ھۆججەتتـۇر.

* * * * *

(1) دوكتور نەبىھ غەيرەتنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى.

## • سەلەف سالىھلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ شىجائەت ۋە باھادىرلىقتىكى مەيدانى

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ساھابە-كىراملارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەرجىمىھالى، ئىش-ئىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس قەھرىمانلىق، پىداكارلىق مەيدانلىرىدىن بىر باغاقچە ئېلىپ ھوزۇرىڭلارغا سۇنىمىزكى، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى مەڭگۈ تىلغا ئېلىشقا، ئەسلەشكە، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۈلگە قىلىش ۋە ئەگىشىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى ۋە پائالىيەتلىرى، مىسال ئوبيېكتى بولماقتا، ئىش-ئىزلىرى ئەۋلادلارنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلانماقتا، ئۇلارنىڭ مەيدانلىرى تارىخنىڭ ئاجايىباتلىرى ۋە قىزىقىشىغا ئايلانماقتا، تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

1 - مۇسۇلمانلار ئوھۇد غازىتىغا چىققان كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرگەن ھەمدە بالاغەتكە يەتمىگەن، ئۇرۇشنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە چىدىيالمايدۇ دەپ قارالغان، لېكىن كىچىككە يەتكەن باھادىر، بەقۇۋۋەت ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ پىدائىيلىق قىلماقچى، ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىنى ئالىي قىلماقچى بولغان كىچىك باللارنىڭ ھەربىي سەپكە تىزىلغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلار ئىچىدىن بىشى بەك كىچىك بولغانلارنى قايتۇرۇۋەتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقان ۋە كۆيۈنگەن ئىدى.

قايتۇرۇۋېتىلگەن باللار ئىچىدە رافىئ ئىبنى خەدىج ۋە سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بار ئىدى. كىشىلەر تەرىپىدىن «رافىئ ئۇستا مەرگەن ئىدى، ئۇ ئوقيانى ياخشى ئاتاتتى» دېيىلگەن سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىققانلىقتىن رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سەپكە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن يىغلاپ كەتتى. ئاندىن ئۆگەي دادىسىغا: «دادا، رەسۇلۇللاھ رافىئقا ئىجازەت بەردى، مېنى قايتۇرۇۋەتتى، چېلىشىش ۋە جانبازلىقتا مەن ئۇنى يېڭەلەيتتىم» دېدى.

دادىسى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىككىيلەننى چېلىشىپ بېقىشقا بۇيرىدى. بۇ ۋاقىتتا سەمۇرە غالىب كېلىپ رافىئنى ئارقا-ئارقىدىن يىقىتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

2 - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغاندا سەۋر غارىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى قىزى ئائىشە بىلەن ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۇ ئىككىيلەننىڭ سەپەر تەييارلىقى ۋە ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى تەييارلاش ئىشلىرىنى قىلدى. ماڭار ۋاقىتتا ئەسما بۇ نەرسىلەرنى تۆگىگە ئارتىدىغان ياكى تاماق قاچىسىنىڭ ئېغىزىنى چىگىدىغان ئارغامچا دېگەندەك نەرسە ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلار مېڭىشقا تەمشەلگەندە بۇلارنى چىگىشكە ئامال بولماي قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىككىلەنمەستىن ئىككى ئۆرۈم چېچىنىڭ بىرىنى كېسىپ، ئۇنى ئارغامچا ئورنىدا ئىشلىتىپ يۈك-تاقلارنى ئۇنىڭ بىلەن چەگدى. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئـۇ كېيـن «ئىككى بەلـۋاغ ئىگىسى» دەپ ئاتالـدى.

بـۇ جەريانـدا يەنـە ئەبـۇ بەكرى سـىددىق رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلـلاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيشلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكـۈزۈش خىزمىتىنى ئۆتـدى. ئابدۇلـلاھ تولىمـۇ زېـرەك ۋە هوشيار بـالا بولـۇپ، كۈنـدۈزى مەككـە قۇرەيشلىرى ئارىسـىدا يـۈرۈپ، ئۇلارنىـڭ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسـەللەم بىلەن ئاتىسـى ھەققىدە قىلىشـقان گەپ-سۆزلىرى، توزۇشكەن ھىيلە-مكىـر ۋە سۇيقەستلىك پىلان-تەدبىرلىرىنى ئۇقۇۋېلىـپ، ئاخشىمى كىشـلەرنىڭ كۆزلىـرى باغلانغـان چاغـدا، بـۇ ئىككىيلەننىـڭ قېشـىغا كېلىـپ بولغـان گەپ-سـۆزلەر ۋە ئەھۋاللارنىـڭ ھەممىسـىنى بىر-بىرلـەپ يەتكـۈزۈپ تۇراتتـى. بـۇ يـەردە ئـازراق ھـاردۇق ئالغاندىـن كېيىـن ئـۇ ئىككىسى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئېلىـپ تـاڭ ئېتىشتىن بـۇرۇن مەككىگـە قايتىـپ كېلەتتى ۋە كېچىـدە ھېـچ ئـىش بولمىغانـدەك، خـۇددى كېچىچـە ئۇلار بىلـەن بىللـە ئۇخلىغانـدەك نىمـە ئىشـلارنى قىلغانلىقنى چاندۇرمـاي ئەتىگەندىـن كەچكىچـە يەنـە قۇرەيشـلەر ئارىسـىدا يۈرەتتـى. مەلـۇم بولۇشـىچە شـۇ چاغـلاردا ئائىشـە بىلـەن ئابدۇلـلاھ رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـالار تېخـى بالاغـەت يېشـىغا يەتمىگـەن باللار ئىـدى. مانـا بـۇ كـەم تېپىلىدىغـان نادىـر شـجائەتنى خېلى مەن-مـەن دېگـەن ئەركەكلەر كۆرستىشـكە پېتىنالمايدۇ.

3 ـ ئىككى شـەيخ (يەنـى ئىمـام بۇخـارى ۋە ئىمـام مۇسـلىم) رەھىمەھۇمەللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان ھەدىسـتە ئابدۇراھمـان ئىبنـى ئـەۋف رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دېگـەن: «بـەدرى كۈنـى مـەن ئـۇرۇش سېپىدا تۇرغىنىمـدا، تۇسـاتتىن ئـوڭ يېنىمـدا بىـر، سـول يېنىمـدا بىـر ئىككى نەپـەر يېشى كىچىـك ئەنسار باللىـرى پەيدا بولـۇپ قالـدى. گويـا مـەن بۇنىڭغـا ئىشـىنەلمەي قالدىـم. شـۇنىڭ بىلـەن ئۇلارنىـڭ بىـرى يەنـە بىردىـن يوشـۇرغاندەك قىلىـپ: «ئـەي تاغـا! ئەبـۇ جەھـل دېگەننـى تونامسـىز؟ ئەگـەر تونۇسـىڭىز ئۇنـى ماڭـا بىـر كۆرسـىتىپ قويغـان بولسـىڭىز» دېـدى. مـەن ئۇنىڭغـا: «ئىنىم! ئـۇ نېمـە قىلسـىز؟» دېسـەم، ئـۇ: «ئاڭلىشـىمچە، ئـۇ رەسـۇلۇللاھقا بـەك ئەزىيەت قىلارىكەنـدۇق، خـەپ بۈگـۈن ئۇنىـڭ قارىسـىنى كۆرۈپـلا قالىدىغـان بولسـام، ئىككىمىزنىـڭ بىـرى ئۆلۈمنىـڭ تەمىنى تېتىمىغۇچـە ئۇنـى قاچـۇرۇپ قويمايمـەن» دېـدى. مـەن بـۇ بالىنىـڭ جاسـارىتىگە راستىنلا ئەجەبلەندىـم. شـۇنداق تۇراتتىـم يەنـە بىـرى مېنـى نوقـۇدى، ئۇنىڭغـا قارىسـام ئۇمـۇ ئالدىنقى بۇرادىرىگـە ئوخشـاش بىـر گەپنـى قىلـدى. ئـۇزاق ئۆتمـەي ئەبـۇ جەھلنىـڭ دۈشـمەن سېپىدە تېرىسـىگە پاتماي ئوڭ-سولغا قاتراپ يۈرگەنلىكنى كـۆردۈم-دە، يېنىمدىكى ھېلىقـى ئىككى يىگىتكـە: «ئەنـە قـاراڭلار، ئۇنـى كۆردۈڭلارمـۇ؟ ئەنـە ئـاۋۇ تېرىسـىگە پاتماي قالغـان ئادەم سـىلەر ئىزدىمەكچـى بولغـان ئـادەم شـۇ» دەپ ئەبـۇ جەھلنـى ئۇلارغـا كۆرسـىتىپ قويـدۇم. شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچـلاپ ئويىنىـپ ئەبـۇ جەھـل تەرەپكـە ئۇچقانـدەك يـۈرۈپ كەتتـى. كېيىـن جەڭ قىزىشـىپ كەتتى. ھـەر ئىككىيلـەن ئۇنـى تـەڭلا ئـۇرۇپ يىقىتتـى، ئاندىـن قايتىـپ كېلىـپ رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسـەللەمگە مەلـۇم قىلىشـتى. ئـۇ: «ئۇنـى قايسـىڭلار ئۆلتۈردـىڭلار؟» دەپ سـورىغاندى، ھـەر ئىككىلىسـى: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! مـەن ئۆلتـۈردۈم» دېيىشـتى. شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇ: «ھـەر ئىككىڭلار تـەڭ قىلىـچ سـالدىڭلارمۇ؟» دېۋىـدى، ئـۇلار: «يـاق» دېيىشـتى. ئۇلاردىـن «قىلىچىڭلارنـى سـۈرتتۈڭلارمۇ؟» دەپ سـورىلىۋىدى، ئـۇلار: «ياق، سـۈرتمىۋەتمىدۇق» دېيىشـتى. بـۇ چاغـدا رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسـەللەم ئۇلارنىـڭ قىلىچلىرىغـا قـاراپ: «ھـەر ئىككىڭلار

تـەڭ ئۇرۇپسـلەر» دېدى، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەبۇ جەھلدىن ئۆلجا ئېلىنغان نەرسىلەر بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بىرسى بولغان مۇئاز ئىبنى ئەمرى ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇيرۇپ بېرىلدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ يەنە بىرى ئەبۇ جەھلنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇشرىكلار تەرىپىدىن شەھىد قىلىنىۋېتىلگەنىدى.

4 ـ ئىبنى ئەبى شـەيبە رەھمەھۇللاھ شۇئبى رەھمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئوھۇد غازىتى بولغان كۈنى بىر ئايال ئوغلىنى پىدائىيلار سېپىگە قوشۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر قىلىچ بەردى. بالا كىچىك بولغانلىقتىن قىلىچنى كۆتۈرەلمەي قالدى. بۇ چاغدا ئانا چوپۇردا ئۆرۈلگەن بىر شوينا بىلەن قىلىچنى ئۇنىڭ بىلىگە چىگىپ قويدى. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ ئوغلۇم ئۆزلىرى ئۈچۈن جەڭ قىلماقچى، ئۇنى قوبۇل قىلسىلا» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئوھۇد غازىتىغا بىللە ئېلىپ چىقتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم بۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلغىن، ئۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلغىن» دەپ كۆرسەتمە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بالا ئېغىر يارىلاندى. جاراھەتتىن توختىماي قان ئاقاتتى. ئۇرۇش مەيدانىدىن زەمبىلگە سېلىنغان ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن: «ئى ئوغلۇم! جاراھىتىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ چىدىيالمايۋاتامسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ياق، ئاتا-ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ!» دەپ جاۋاب بەردى.

5 ـ ئىبنى سەئد «تەبەقات» دېگەن كىتابىدا بەزارىي ئىبنى ئەسىر «ئىسابەت» دېگەن كىتابىدا سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئىسلامنىڭ پىدائىي قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا مەن ئىنىم ئۇمەر ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ سەپنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا: «نېمە قىلىۋاتىسەن ئى سۆيۈملۈك ئىنىم؟ ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئاكا! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىپ يېشىڭ كىچىككەن دەپ قايتۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن، مەن ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھادقا چىقىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئاللاھ تەئالا ماڭا شەھىدلىكنى رىزىق قىلىپ بەرسە دەپ ئارزۇ قىلاتتىم ۋە تىلەيتتىم» دېدى. ئۇ مۆكۈنۈۋالغان بولسىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنى بەربىر كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يۈرىكىنى سۇ قىلىپ ئېرىتىۋەتكۈدەك ھالەتتە يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ جەڭگە قاتنىششقا رۇخسەت قىلدى.

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ كىچىك بولغانلىقتىن مەن جەڭ كۈنى قىلىچنى ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويغانىدىم. ئۇ 16 ياشتا شەھىد بولدى، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن» دەيتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە ئۇلاردىن باشقا تارىخىي مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساھابىلەرنىڭ ئوغۇللىرى شىجائەت ۋە باھادىرلىقنىڭ، كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان نادىر قەھرىمانلىقنىڭ، جۈرئەتلىك ۋە سۇنماس جىھادنىڭ ئەڭ يۇقىرى بۈيۈك پەللىسىدە بولغانىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر مەكتىپىدىن قوبۇل قىلغان تۈپتۈز ۋە توغرا

تەربىيىسىنىڭ پەزىلىتى بىلەن بولغان ئەمەسمۇ؟ مۇسۇلمانىنىڭ ئۆيىدە، مۇسۇلمانىنىڭ ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكنىڭ ۋە مۇشۇ جەرياندا قوبۇل قىلغان تەربىيىسىنىڭ پەزىلىتى ئەمەسمۇ؟! شىجائەتلىك مۇئمىن مۇجاھىدلار جەمئىيىتىدە تەربىيىلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟!

بەلكى، ئانىلار سۆيۈملۈك ئوغۇللىرىنى جىھاد مەيدانلىرىغا، پىدائىيلىق سەپلىرىگە قوللىرىنى يېتىلەپ ئاپىرىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى، شەھىد بولغانلىق بېشارىتىنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولغان «مېنىڭ ئوغلۇمنى شەھىد بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن، مەن ئاللاھ تەئالانىڭ مەن بىلەن ئۇلارنى قىيامەت كۈنى ئۆز رەھمىتىنىڭ قارارگاھىدا ئۇچراشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن يارقىن سادالىق سۆزىنى ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ يىغا-زار قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى، بۇنداق مۇسىبەتتە كۆزلىرى چىمچىقلىتىپمۇ قويمايتتى. ئاتىلارغا كەلسەك، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى كىچىدىن باشلاپ چەۋەنداز، باتۇر، شىجائەتلىك، باھادىر ئەركەك يىگىت، ئوغۇل بالا، ئالغا باسقۇچى، خەتەر ۋە خاپىلىقلارغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيتتى. ئۇلار تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بولسىمۇ ھەرىكەت قىلالىغۇدەك، جەڭگە ئاتلىنالىغۇدەك ياشقا كىرسە، ئۇلارنى ئەركىنلىك، ئازادلىق، جىھاد، ھالالدىن رىزىق ئىزدەش، سادىق دەۋەتچىلەر، قەھرىمان مۇجاھىدلار ۋە ھالال ئىشلەپ ھالال كەسىپ قىلغۇچىلارنىڭ سەپلىرىگە قوشاتتى.

بىز مىسال سۈپىتىدە زېمىنىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېچىپ يۈرۈپ ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن چىقىش يولى، ئۇلۇغلۇق يولى ئېچىش، بەخت-سائادەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ ئالىي چوققىسىغا، قىممىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئىجازەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان ۋە بەلكى ئاتىسىغا ئىززەت، غالىبلىق، قەيسەرلىك، غۇرۇر ۋە كۆتۈرەڭگۈلۈك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شېئىر-بېيىتلىرى بىلەن خىتاب قىلغان بىر مۇئمىن يىگىتنىڭ مەيدانىنى سۆزلەيمىز:

ئېتىمغا ئىگەر-جابدۇق توقۇيمەن سەپەرگە تەييار بولۇپ،
شۇڭقار كەبى ئۇچىمەن يۆگەننى مەھكەم تۇتۇپ،
بېشىمغا دوبۇلغا كىيىمەن، ئۈستۈمگە ساۋۇت،
قىلىچ-قالقان قولۇمدا، ئوقيانى چىڭ تۇتۇپ،
ئىزدەيمەن ئۆزۈم، ئەھلى-ئەۋلادىمغا ئوزۇق-تۈلۈك،
ئۇلارنى ئاچلىقتىن زايە قىلسام بولامدۇ بىر يىگىت تۇرۇپ،
چاپىمەن زېمىندا، ماڭىمەن ھەريانغا سەرسان بولۇپ،
ئىستەيمەن ھالالنى قولاي بولسىمۇ ھارامدىن قېچىپ،
تەۋەككۇل سەپەر، نامراتلىق ۋە بىچارە ھالەتنى تۈگىتەر،
كۆرىمەن باشقا كەلگەننى ۋەياكى يول تاپىمەن ئۇتتۇپ،

مانا بۇ يېگانە ئەۋلاد مۇشۇنداق خىسلەتلەر ئۈستىدە ئۆسۈپ يېتىلدى، ئاشۇ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر ئۈستىدە يۇقىرى ئۆرلىدى.

چۈنكى، ئۇلار ئىرناقلىرى ئۆسكەندىن باشلاپ ئوقيا ئوينىاپ مەرگەن بولۇپ تەربىيىلەندى، سۇ ئۈزۈشنى تولا مەشىق قىلىپ بىمالال ئۈزەلەيدىغان بىلىقچانلارغا ئايلاندى، ئات ئۈستىدە ئۇخلاپ، يېتىپ-قوپۇپ چەۋەنداز بولۇپ ئۆستى.

چۈنكى، ئۇلار ئەركە-نايناق، قاتىل خاراكتېرلىك بېكىنمىچى قىلىپ تەربىيىلەنمىدى، بەلكى، ئۇلار ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ھېس قىلىدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەندى.

چۈنكى، ئۇلار جاپا-مۇشەققەتكە كۆنەلەيدىغان، غورىگۇل تۇرمۇشنى يېڭەلەيدىغان، چەۋەندازلىق بەيگىلىرىدە ماھىرلىق بىلەن ئوتتۇپ چىقالايدىغان، دۈشمەنلىرىگە قارشى ئات سالالايدىغان، سەپەر قىلالايدىغان، سەپەرنىڭ مېھنەت-مۇشەققەتلىرىگە چىدىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەندى.

چۈنكى، ئۇلار تاغلىرى، ھامىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆز دىمەتلىك پەرزەنتلىرى بىلەن ئارىلىشىدىغان، باشقا ئاغىنىلىرى بىلەن كېلىشىپ-چىقىشالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەندى.

چۈنكى، ئۇلار كۆزى سۆزۈلگەن، ئەقلى بىخ سۈرگەن، تىرنىقى ئۆسۈشكە باشلىغان ئاشۇ يۇمران مايسا چېغىدىن باشلاپ ئىسلام تارىخىدىكى باتۇر، باھادىر قەھرىمانلارنىڭ، ئىشغالىيەتچى قوماندان-ئەمىر لەشكەرلەرنىڭ تارىخى ئىش-ئىزلىرىنى ئاڭلاپ، ئوقۇپ، ئۆگىنىپ، ئۆزىنى يارامىلىق شەخسكە ئايلاندۇرۇشنىڭ شەرت-شارائىتىنى ھازىرلىغانىدى.

بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت ۋە توغرا ھەم مۇستەھكەم تەربىيىنىڭ ساپ-سۈزۈك بۇلاقلىرىدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ چوڭ بولغانىدى.

ئاقاغ ئۇرۇشنىڭ قانداقلىقىنى ئۇقتۇرار،

خورمىلارمۇ مۇنبەت تۇپرىقىدا بىخلىنار.

بۇگۈنكى كۈندىكى ئاتا-ئانىلار ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەر ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاتا-بوۋىلىرىمىز، ئۇلۇغلىرىمىز ماڭغان مۇشۇ يولدا ماڭسا، ئۇلار قوللانغان ئۇسۇللارنى قوللانسا؛

بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمىز مۇشۇ خىسلەتلەر ۋە ئاشۇ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە ئاساسەن تەربىيىلەنسە؛

بۈگۈنكى پەرزەنتلىرىمىزنى قورقۇنچاقلىق، بوشاڭلىق، يۈرەكسىزلىك، جۈرئەتسىزلىكنىڭ ياۋۇز قولىدىن ئازاد قىلىش ۋە قۇتقۇزۇشتا بۇ ساغلام تەربىيە قائىدىلىرى تۈتقا قىلىنسا؛

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن كۈنى بۈگۈنكى ئەۋلاد بىئارامچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىكتىن ئىشەنچكە، قورقۇنچاقلىقتىن باتۇر-شجائەتلىككە، بوشاڭلىقتىن ئۆتكۈر ئىرادىگە، خارلىق ۋە پەسلىكتىن ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ ماھىيىتىگە يەڭگۈشلىنىپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئىززەت ـ غەلىبە ئاللاھ تەئالاغا، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ» (سۈرە مۇناپىقۇن ـ 8 ئايەت).

* * * * *

## 3 ـ ئۆزىنى كەمسىتىش ئالامىتى

ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بالىلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالىدىغان روھىي ھالەت بولۇپ، ئاساسلىق سەۋەبى جىسمانىي جەھەتتىكى ئەيىب ـ نۇقسانلار، كېسەللىك، تەربىيە ئامىللىرى ياكى ئىقتىسادىي شارائىتلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

بۇ ئالامەت بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چېگىلەشتۈرۈۋېتىدىغان، ئۇلارنىڭ بىر ئۆيدىن كېتىپ بارغان ھاياتىنى بىردىنلا رەزىللىك، پەسكەشلىك، بەدبەختلىك ۋە جىنايەتلىك ھاياتقا ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ خەتەرلىكىدۇر.

بىز بۇ جەھەتتە ھەربىر ئالامەتنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام نۇرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن چارە كۆرۈشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان چېغىمىزدا، مەزكۇر ئالامەت ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىشىمىز ۋە تۈزىتىش چارە ـ تەدبىرلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ ئالامەت يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەھمىيەتلىك، خەتەرلىك ۋە ئالاھىدە تەسىراتلىق ئالامەتتۇر.

بىزنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىمىز، تەپسىلىي توختالغانلىقىمىزنى كۆرگەن بارلىق ئاتا ـ ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر بىرلىكتە بالىلارنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىي ساغلاملىقىنى ساغلام ھالەتتە شەكىللەندۈرىدىغان تەربىيەگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پەرزەنتلەرنى ئۆزىنى كەمسىتىش، روھىي كېسەللىك ۋە سارائىلىقنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەجايىب چارە ـ ۋاسىتىلىرىنى، ساقلىنىش سەۋەبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قوللىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

## • بۇ ئالامەتكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

بالىلار دۇنياسىدىكى ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1) ھاقارەتلەش، پەس كۆرۈش ۋە ئاھانەت قىلىش.

2) ھەددىدىن زىيادە ئەركە ـ ناياناق قىلىۋېتىش.

3) بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولماسلىق، بىرىنى ئەتىۋارلاپ بىرىنى چۈشۈرۈش.

4) جىسمانىي ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەر.

www.uyghurkitap.com

5 ) يېتىمچىلىك،

6 ) نامراتلىق، كەمبەغەللىك.

ئاللاھ تەئالا خالىسا بۇ بۆلەكتە مۇشۇ ئامىللارنىڭ ھەربىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز. ئاندىن ئىسلام نۇرىغا ئاساسەن چارە-تەدبىر ۋە ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىمىز. ئاللاھ تەئالادىن مەدەت ۋە ئىستىئانەت تىلەيمىز.

## 1 - ھاقارەتلەش، پەس كۆرۈش ۋە ئاھانەت قىلىش

مانا بۇ ئامىل بالىلارنى روھىي جەھەتتىن تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىشكە، تاتلىق ۋە ئۇماق مىجەز خاراكتېرىنى قوپاللىق ۋە ئەسكىلىككە بوراشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ ناچار ئامىلە تتۇر. بەلكى، ئاشۇ ئۇماقلار جىنايى قىلمىشلاردىن پەرىشتە سۈپەت پاك بىگۇنالارنىڭ سەبىي قەلبىدە ئۆزىنى كەمسىتىش، يارىماس، ماڭقۇرتلۇق ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. بىز كۆپ ھاللاردا دادىنىڭ ياكى ئانىنىڭ پەرزەنتنى تۇنجى قېتىم ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت يوللىرىدىن چەتنەپ بىرەر قېتىم يالغان سۆزلەپ قويغىنىنى كۆرسە، ئۇنى ھەردائىم يالغانچى، كەززاب دەپ چاقىرىپ كەززابلىق بىلەن مەشھۇر قىلىپ قويغىنىنى، بىرەر قېتىم كۆز بويامچىلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ قالسا، ئالدامچى، ساختىپەز، مەككار سۆزلىرى بىلەن چاقىرغانلىقىنى، ئىنىلىرى ياكى سىڭىللىرىنى بىرەر كاچات ياكى تەستەك سېلىپ قالسا، مۇتتەھەم، لۈكچەك، مۇشتۇمزور، ھارامزادە ۋە ياۋۇز ئاتالغۇلىرى بىلەن چاقىرغانلىقىنى، كىچىك قېرىنداشلىرىنىڭ قولىدىن ئالما ياكى ئويۇنچۇق دېگەندەك نەرسىلەرنى تارتىۋالسا، بۇلاڭچى، قاراقچى دېگەندەك تىل-ھاقارەتلەر بىلەن چاقىرغانلىقىنى، ئەگەر دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن ياكى ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ سومكىسىدىن قەلەم، پارچە پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالسا، ئوغرى، يانچۇقچى دېگەندەك تىل-ئاھانەتلەرنى ياغدۇرىدىغانلىقىنى، بىرەر ئىستاكان سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىسا ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلسا ئۇنىمىسا، قىلمىسا، ھورۇن، بوشاڭ، ھاڭۋاقتى، لايغەزەل، بىغەرەز دەپ تىللىغان ئەھۋاللارنى كۆپ ئاڭلىدۇق. ھەتتا بالىلىرىنى يۇقىرىقىدەك ھاقارەتلىك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ، ئەسلىدىكى چىرايلىق ئىسىملىرىنى ئۇنتۇپ قالغان ئاتا-ئانىلارمۇ يوق ئەمەس. بىشەم خوتۇنلار بالىلىرىنى ئېمىلەرنى دەپ تىللاپ، ئېمىلەرنى دەپ ھاقارەتلىمەيدۇ دەيسىز. مانا مۇشۇنداق قىلىپ بالىلارنى قېرىنداشلىرى، ئاغىنىلىرى، ئائىلىسى ۋە ئەلكۈن ئالدىدا يۇقىرىقىلارغا ئوخشايدىغان بولمىغۇر ھاقارەتلىك، ئەيىبلىك ئاتالغۇ ۋە ئىسىملار بىلەن مەشھۇر قىلىۋاتىمىز. ئۇلاردىكى بۇ تۇنجى ياكى كىچىك ئىللەتلەرنى تۈزەتمەكتە يوق، بەلكى ئۇلارنى بىرىنچى دەرىجىلىك پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈۋاتىمىز[1].

بۈگۈنكى ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزدا بالىلارنى ھاقارەتلەيدىغان، ئاھانەت قىلىدىغان، سەت گەپلەر، مەنىيەت سۆزلەر ۋە قەبىھ ئاتالغۇلار بىلەن تىللايدىغان، قېرىنداشلىرى ۋە يېقىن-يورۇقلىرى ئالدىدا، بەزى چاغلاردا بالىنىڭ دوستلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى ئالدىدا ياكى يات كىشىلەر ئالدىدا ھەرخىل سەت گەپلەر بىلەن تىللايدىغان،

(1) مەرھۇم دوكتۇر مۇستەپا سىبائىينىڭ «ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىز» دېگەن كىتابىنىڭ -159 بېتىدىن ئېلىندى.

ھەرخىل سېسىق نام- ئاتاقلار بىلەن ئاتايدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ھەم ئېغىر. نۇرغۇن ئاتىلار ياكى ئانىلار باركى، ئۇلار بالىلىرىنى جاھاندا ئىپىلمايدىغان ئەڭ ئېتىقسىز گەپلەر بىلەن تىللايدۇ ( مەسىلەن، ئوغۇل بالىلىرىنى ھېجىقىز، ئاقسا، قوۋچى، شوۋا، ئانداقچى- مۇنداقچى دەپ تىللايدىغان، قىز بالىلىرىنى جالاپ، بۇزۇق، پاسكىنا، قانجىق ئىت دەپ تىللايدىغان نۇرغۇنلىغان نا ئەھلى، لاياقەتسىز ئاتا- ئانىلار بار ـــ تەرجىماندىن )، ئېنىقكى، ئاتا- ئانىلىرىدىن بۇنداق خورلۇق، پەس كۆرۈش ۋە ھاقارەت تېپىدىكى گەپ- سۆزلەرنى ئاڭلىغان، دۇشكەللەشكە ئۇچرىغان بالىلار ئۆزىنى ھەقىر، ئەرزىمەس، خار، بىچارە، ئاڭقاۋ، ماڭقۇرت ۋە مەن ھېچنەرسە ئەمەس، يارىماس، نە قىممىتى، نە ئەتىۋارى يوق ئاقماس ماتا دەپ قارايدۇ. ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىلاردا روھىي جەھەتتىن بىئارام بولۇش، ئىچى سىقىلىش، روھىي كېسەللىك، پسىخىكا نورمالسىزلىقى پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، ھەتتا ھەممە نەرسىگە ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە يامان كۆز بىلەن قارايدۇ. جەمئىيەت كىشىلىرىدىن، ھەتتا ئەل- ئاغىنىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۆزىدە بېكىنمىچىلىك، يالغۇزلۇق، بۇلۇڭغا قاپسىلىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇنداق بالىلار يا بولسا ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تەكلىپلىرىنى كۆتۈرۈشتىن چېكىنىدۇ، يا بولمىسا جەمئىيەتتىن ئۆچىنى ئېلىپ كىشىلەرگە بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئوغۇل- قىزلىرىمىزغا نىسبەتەن قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى، ئۇلارغا قايسى ئۇسۇلدا ۋە قايسى دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىمىزنى، ئۇلارنىڭ بۇنچىۋالا ئەسكى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك ھەم ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنداقتا بىز ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق خاتالىققا، قوپال مۇئامىلىگە تولغان بۇزۇق تەربىيە بوشلۇقىدىكى ھاياتلىققا قانداق قىلىپ سۆرەپ كىردۇق؟ قايسى جىنايەت بىلەن سۆرەپ كىردۇق؟!!

كىچىك چاغلىرىدا سەبىي قەلبلىرىگە، يۇمران كۆڭۈللىرىگە، ئىسسىق ۋىجدانلىرىغا، يۈرەك ئېتىزلىرىغا ئۆزىمىز مۇشۇنداق ئەسكىلىك، ئاقىلىق، قارغىش قىپىلىق، باشتۇڭلۇق، بويۇنتاۋلىق، گېپىمىزنى پىشت دېمەسلىك كەبىي يامان ئەخلاق، ناچار سۈپەتلەرنى كۆچەت قىلىپ تىكىپ ياكى شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇغلىرىنى چېچىپ، مانا ئەمدى ئۇ ئېتىزلاردىن ئىتائەت، ياخشىلىق، ئىززەت- ھۆرمەت، نورمال ئۆلچەم، ئىستىقامەت، ياخشىلىق، ۋاپادارلىق مەھسۇلاتلىرىنى يىغىۋالماقچى ياكى كۈتمەكچىمۇ؟!! سىلەر «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالارسەن، تىكەن تېرىساڭ تىكەن ئالارسەن، چامغۇر تېرىساڭ شېكەر يىغارسەن» دېگەن ماقال تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ؟!!

گۆدەكلەر قەلبى بىباھا ساپ ئەڭگۈشتەر، ساپ ۋە سۈزۈك بۇلاق، ئاق قەغەز، سەبىيلەر قەلبى مۇنبەت ئېتىزلىق! بۇ ئېتىزلىققا نېمە تېرىساق شۇنى ئالىمىز. كىچىك چېغىدا ئۆزىمىز ئەسكى، داشقال، غىتمەك، ھارامخور، قارغىش قىپى، لەنەتكەردى ۋە تەرسا قىلىپ ئۆستۈرگەن ئەتىۋارلىقلىرىمىزدىن، تاش يۈرەك، توڭ قاپاق بالىلىرىمىزدىن نېمە ئۈمىد قىلايلى، قانداق ياخشىلىق كۈتەيلى؟!!

بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز- شىكايەت قىلىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئاتىسىنى باقمىغانلىقىنى، ھالىدىن خەۋەر ئالمىغانلىقىنى، ياشىنىپ قالغان بۇ بوۋاينى قاقشاتقانلىقى

توغرىسىدا قاتتىق كايىپتۇ ۋە ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. ئۇستىدە ئاتىسىنىڭ ھەققى بارلىقىنى ئەسلىتىپتۇ. بۇ چاغدا بالا ئۇ زاتتىن: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئۇستۈمدە ئاتامنىڭ ھەققى بارلىقىنى بىلىمەن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى ئادا قىلالمىدىم. لېكىن، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھەق-ھوقۇقلىرى بولغاندەك، بالىلارنىڭمۇ ئاتا-ئانىلىرى ئۈستىدە ھەق-ھوقۇقلىرى بولامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەلۋەتتە بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بالا ئۇنىڭ قايسىلىقىنى سوراپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «دادا بولغۇچى پەرزەنتىگە ئانا بولغۇچىنى ياخشى تاللىشى لازىم، پەرزەنتىگە چىرايلىق ئىسىم قويۇشى لازىم، ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگىتىشى لازىم» دەپتۇ. بالا: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! مېنىڭ دادام شۇ ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ ئادا قىلمىدى. مېنىڭ ئانام ئوتپەرەسلەرنىڭ ئوتنى قالايدىغان مەجۇسىي تۇترۇقچى ئايالدۇر، ئۇ تېخى ماڭا قوڭغۇز دەپ ئىسىم قويدى. ماڭا قۇرئاندىن بىر ھەرپ بولسىمۇ ئۆگەتمىدى» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى بالىسىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن كىشىگە قاراپ: «سەن مېنىڭ قېشىمغا ئوغلۇڭنىڭ ساڭا ئاقىي بولغانلىقى، قاقشاتقانلىقى توغرىلىق ئەرز قىلىپ كېلىپسەن، ئەمما بالاڭ ساڭا ئاقىيلىق قىلىشتىن بۇرۇن بالاڭغا ئاقىيلىق قىلىپسەن، ئۇنى قارغىش قېپىي قىلىپ ئۆگىتىپسەن، ئۇ ساڭا يامانلىق قىلىشتىن بۇرۇن، سەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىپسەن» دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر دادا ئوغلىنى ئانىسى بىلەن ئەيىبلەپ: «ھوي دېدەك خوتۇننىڭ بالىسى نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن قارشىلىشىسەن؟ نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسەن؟» دەپتۇ. بالا دادىسىغا جاۋاب قايتۇرۇپ: «دادا ئانامنى ئەيىبلىگۈچى بولماڭ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ سىزدىن كۆپ ياخشى» دەپتۇ. دادىسى: «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراپتۇ. بالا: «ئانام ئەرنى ياخشى تاللىدى، ئۇ مېنى ئازاد ئادەمدىن تۇغدى. سىز تاللاشتا كەتكۈزۈپ قويدىڭىز، چۈنكى سىز مېنى دېدەك ئايالدىن تۇغۇلدۇردىڭىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ قەبىھ ناچار سۆزلەر بالىلاردا كۆرۈلگەن چوڭ-كىچىك بىرەر خاتالىقنى تۈزەش ياكى تەربىيىلەش ئۈچۈن بولغانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز. لېكىن، ئۇلاردىكى بۇ خاتالىق ئاچچىقلىنىش، دەرغەزەپ بولۇش، قوپاللىق قىلىش، قاتتىق ۋاستە قوللىنىش يوللىرى بىلەن تۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئۇلاردىكى مايماقلىقنى كۈچ ئىشلىتىپ رۇسلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئۇسۇللار بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا، شەخسىي پائالىيەتلىرىدە، ئۆزلۈك ۋە مىجەز-خۇلقىدا خەتەرلىك بولغان يامان تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلاردا سەت تىل، پاسكىنا گەپ، دەككە-دەشنەم خاراكتېرى يېتىلىپ قالىدۇ. ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئەسكىلىشىپ قالغان ئەخمەقلەر، ھاماقەتلەرنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق قوپال، قاتتىق مۇئامىلىلىرىمىز بىلەن بالىلار ئالدىدا جىنايەت قىلغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمىز. ئۇلارنى ھاياتلىقنىڭ يوللىرىدا ئەقىل نۇرى، تەڭپۇڭلۇق، ئىستىقامەت ۋە ئويغۇچۇق ھەقىقەت نۇرىغا ئاساسەن ماڭدىغان ئاقىل، ئۆلچەملىك، لاياقەتلىك، يارامىلىق ئادەم قىلىپ چوڭىتىشنىڭ ئورنىدا، بىلىپ-بىلمەستىن، ئوقۇپ-ئوقماستىن ئۇلارنى روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن پاچاقلاپ تاشلىغان بولىمىز.

ئۇنداقتا پەرزەنتلەر بىرەر خاتالىققا سېپىلىپ قالغان ياكى ئۇلاردىن بىرەر سەھۋەنلىك سادىر بولغاندا بۇنى

تۈزەشنىڭ ئىسلام كۆرسەتكەن ئەڭ ياخشى چارىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

بۇنىڭ ئەڭ توغرا توغرا ۋە ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، بالىلاردا كۆرۈلگەن خاتالىقلار ياكى سەھۋەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئۇلارنى مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن ئاگاھلاندۇرىشىمىز، ئىككىنچى قېتىم بۇنداق خاتالىقلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە دىققەت قىلىشنى جېكىلىشىمىز، كۈچلۈك دەلىل-پاكىتلار، ئىسپات-ھۆججەتلەر ئارقىلىق قانائەتلەندۈرۈپ ھەققە بويى ئەگدۈرىشىمىز، ئۇلارغا ئۇلار پەيدا قىلغان ئىشقا ئەقلىلىق، كالللىسى بار، ئەقلى-ھوشى جايىدا، ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، پىكرى پىشقان ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ رازى بولمايدىغانلىقى، خۇش كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەك.

ئەگەر ئۇلار قانائەتلەنسە، ھەققە بويسۇنسا، بىز كۆزلىگەن ئىسلاھاتقا، ئۇلاردىكى خاتالىق ۋە ئۆزگىرىپ كەتكەن تەرەپلەرنى تۈزەش مەقسىتىمىزگە يەتكەن بولىمىز. ئەگەر بۇ خىل يۇمشاق تەربىيە ۋە پاكىت كۆرسىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق تۈزەلمىسە، ئەھۋاللىرى ئوڭشالمىسا، ئۇنداقتا ئاللاھ تەئالا خالىسا مەزكۇر كىتاب «ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىدىكى «جازالاش ئارقىلىق تەربىيلەش» دېگەن تەتقىقاتىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز.

ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يۇمشاق، مۇلايىم، ئۇلۇغۋار يول دەل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىدۇر.

## ∆ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىغا قىلغان مۇئامىلىلىرىدىن نەمۇنىلەر:

ھازىر بىز ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلارغا قىلغان يۇمشاق مۇئامىلىسى ۋە بۇ ھەقتىكى ۋەسىيەتلىرىدىن بىر بۆلۈك نەمۇنە كۆرسىتىمىز:

1 - ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ئەڭ ياخشى سەنەد بىلەن ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى بىر ياش يىگىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلغىن» دېگەندە، كىشىلەر ئۇ يىگىتنىڭ بۇ سۆزىدىن تولىمۇ غەزەپلىنىدۇ، جىمجىتلىق بۇزۇلۇپ بىردىنلا شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنى پەس قىلغاندىن كېيىن: «ئۇ يىگىتنى ماڭا يېقىنلاشتۇرۇڭلار، يىگىت قېنى يېنىمغا كېلىڭ» دەپ ئۇنى يېقىن كېلىشكە چاقىرىدۇ. يىگىت كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن: «باشقىلارنىڭ سىزنى تۇغقان ئانىڭىز بىلەن زىنا قىلىشنى ياقتۇرامسىز؟ ئانىڭىزنىڭ زىنا بىلەن بۇلغىنىشىنى، ئىپپەت، ئار-نامۇسىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشنى ياقتۇرامسىز؟» دەپ سورايدۇ. يىگىت: «ياق، ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدا قىلسۇن، مەن ھەرگىز ياقتۇرمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر سىز زىنا قىلسىڭىز باشقىلارنىڭ ئانىسى بىلەن زىنا قىلىشىڭىز مۇمكىن، سىز ياخشى كۆرمىگەندەك باشقىلارمۇ ئۆز ئانىلىرىنىڭ زىنا بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىنىشى خالىمايدۇ» دەيدۇ. ئاندىن يەنە: «سىز باشقىلارنىڭ

قىزىڭىز بىلەن زىنا قىلىشنى ياقتۇرامسىز؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ: «ياق، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدا قىلسۇن! ھەرگىز ياقتۇرمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەنە سىز ياقتۇرمىغانغا ئوخشاش خالايىقلارمۇ قىزلىرىنىڭ زىنا بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىنىشىنى ياقتۇرمايدۇ» دەيدۇ. ئاندىن يەنە: «سىز باشقىلارنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىڭىز بىلەن زىنا قىلىشنى راۋا كۆرەمسىز؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ: «ياق، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدا قىلسۇن! ھەرگىز راۋا كۆرمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەنە شۇنىڭدەك خالايىقمۇ ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ زىنا بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىنىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ» دەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دادا تەرەپ ھاممىلىرى ۋە ئانا تەرەپ ھاممىلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەيدۇ، ھەر قېتىمدا يىگىت «ياق، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدا قىلسۇن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ دىئالوگلاردىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يىگىتنىڭ كۆكسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بۇنىڭ قەلبىنى پاك قىلغىن، گۇناھىنى كەچۈرگىن ۋە ئەۋرىتىنى زىنادىن ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

يىگىت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىن تۇرغاندا كۆڭلىدە ئۆزگە زىنادىن سەترەك كۆرۈندىغان بىرەر نەرسە بولمىغان ھالدا قوپىدۇ.

2 ـ ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ «سەھىھ مۇسلىم»دا مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم سۇلەمي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر چاغدا مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، بۇ ۋاقىتتا جامائەت ئىچىدىن بىر كىشى چۈشكۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ناماز ئىچىدە بولسامۇ ئۇ كىشىگە «ئاللاھ تەئالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن» دېۋىدىم، كىشىلەر مېنى كۆزى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا قارىتا مەن: «ۋاي ئۆلگۈرلەر! سىلەرگە نېمە بولۇشتى؟ ماڭا نېمانداق قارايسىلەر؟» دېۋىدىم، ئۇلار قوللىرى بىلەن لوتىلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ مېنى شۈك تۇر دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ جىم بولدۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مېنى چاقىردى. دادامىمۇ ئۇ، ئانامىمۇ ئۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئۇنىڭدەك بىر مۇئەللىمنى، ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق تەلىم بېرىدىغان بىر ئۇستازنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ماڭا كايىمىدى، سىلكىشلىمىدى، قاپىقىنى تۈرمىدى، ئۇرمىدى ياكى تىللىمىدى، پەقەت: «بۇ دېگەن ناماز، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرغاندا گەپ قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ تەسبىھ، تەكبىر ۋە قۇرئاننى قىرائەت قىلىشتۇر» دېگەن گەپنىلا قىلدى.

3 ـ ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى بىز مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق. سىرتتىن بىر ئەئرابى (سەھرالىق ئەرەب) كىرىپ مەسجىد ئىچىگە سىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن شۇئان قوزغىلىپ كېتىشتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى توسۇپ: «ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، سىيگەن سۈيىدۈكى ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈۋېتىڭلار، سىلەر ئاسانلاشتۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلدىڭلار، تەسلەشتۈرگۈچى بولۇپ ئەۋەتىلمىدىڭلار» دېدى.

**Δ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق ۋە يۇمشاق قوللۇق بولۇش ھەققىدىكى تەۋسىيەلىرى:**

1 ـ ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ھەققەتەن ئىللىقلىق يەتكۈزگۈچىدۇر. ئۇ ھەممە ئىشتا ئىللىقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

2 ـ ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەرقانداق بىر شەيئىدە ئىللىقلىق بولىدىكەن، ئۇ شەيئىنىڭ سالمىقى ـ ۋەزنى ئاشىدۇ. ئىللىقلىق تارتىۋېلىنغان ھەرقانداق شەيئى چوقۇم بەربات بولىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېھرىبانلىقتىن قۇرۇق قالغان كىشى پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، بالىلارنى داۋاملىق ــ بولۇپمۇ باشقىلار ئالدىدا ــ ھاقارەتلەش، قوپاللىق قىلىش ۋە تىللاش ئۇلاردا ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، ئۆزىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان كەمسىتىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر.

بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بالىدىن خاتالىق كۆرۈلگەندە يەڭگىل ئاگاھلاندۇرۇش، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن دەلىل ـ پاكىت كۆرسىتىپ قايىل قىلىش. ئەگەر بۇ كار قىلمىسا تەربىيەتچى ئۇلارغا كايىماقچى ياكى سەل قاتتىق تەگمەكچى بولسا، ئامال بار باشقىلار ئالدىدا، ئادەم كۆپ يەردە كايىش ۋە قاتتىق تېگىشتىن ساقلىنىشى لازىم. شۇنداقلا ئىشنىڭ بېشىدا، پوس كاللىسىدا قوپال ئۇسۇللار بىلەن چارە كۆرمەستىن، بەلكى چىرايلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشى كېرەك. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش، تەربىيىلەش ۋە ئەگىرىنى رۇسلاشتىكى يولىدۇر.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! سەمىگىزدە بولسۇنكى، كۆز ئالدىڭىزدىكى بىچارە ناتىۋانلار سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز ئەمەس ياكى سىز خالىغانچە دۇمبالايدىغان قۇم تاغىرى ئەمەس!!!

*   *   *   *   *

## 2 ـ ئادەتتىن تاشقىرى ئەركە ـ نايناق قىلىۋېتىش

بالىلارنى بەك ئەركە ئۆگىتىپ قويۇشمۇ ئۇلارنى روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان خەتەرلىك ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئامىل بالىلاردا ئۆزىدىن ئەيىب ـ نۇقسان ئىزدەيدىغان، قوسۇر

www.uyghurkitap.com

ئۈزدەيدىغان، ھاياتلىقتا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان كۆپ تەرەپلىمە مۇرەككەپ تۇيغۇغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالدىكى نەتىجىلىرى بولسا، تارتىنچاقلىق، يۈزى تۆۋەن بولۇش، كىيىنى تېپىپ قىلالماسلىق، ئەركەكلىك مىجەزىنى يوقىتىش، شىجائەتتىن ئايرىلىپ قېلىش، غەتمەكلىك، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاجىزلاش، سوغۇق ۋە ئازغۇنلۇق تەرەپكە تەرەققىي قىلىش، تەگتۇشلىرى ۋە ھەمساللىرىنىڭ ئارقىسىدا قېلىش، چېكىنىش قاتارلىقلاردۇر.

زىيادە ئەركە-نازۇقلۇق پەرزەنتىڭىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۆۋەندىكى ئىشلار بىلەن ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ۋە ھاياتلىققا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش پاجىئەسىنى پەيدا قىلىدۇ:

* كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان، ئۆزىنى بولسا ئارقىغا كېتىۋاتقان، چېكىنىۋاتقان دەپ قاراش.

* كىشىلەرنى باتۇر، چىدامىلىق، جاسارەتلىك، يۈرەكلىك، ئۆزىنى بولسا قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، بوشاڭ، ھۇرۇن دەپ قاراش.

* باشقىلارنى ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق قىلىۋاتىدۇ، ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ، جەڭ قايناملىرىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتىدۇ، كۆرەش سەپلىرىگە قوشۇلۇۋاتىدۇ، ئۆزىنى بولسا سوغۇت ئىچىدە، جىمغورلۇق ئىچىدە، تۇرغۇن ھالەتتە، تاشتەك قېتىپ قالغان ھالەتتە دەپ ئويلاش.

* باشقىلارنى چېقىشقاق، كوللېكتىپلەشكەن، ئۆملەشكەن، ئۆزىنى بولسا بىكىنمە، ئايرىمچى، بولۇمسىز دەپ ئويلاش.

باشقىلارنى بالا-مۇسىبەتلەرگە، جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداملىق، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنى بولسا كىچىككىنە ئىشلارغا سەۋر قىلالمايدىغان، تىكەن سانجىلغانغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، سەۋرسىز، تاقەتسىز، چىدامسىز، يىغلاڭغۇ، مىش كۆز، يارامسىز، يارىماس دەپ قاراش.

ئەھۋالى مۇشۇ «ھالى شۇ بالا»دىن سىز نېمىنى كۈتمەكچىسىز؟ ئۇنى نورمال ئادەم بولار دەپ ئويلامسىز؟ جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق، مەنپەئەتلىك بىر ئەزاسى بولالايدۇ دەپ قارامسىز؟ سىزنىڭچە ئۇ ھاياتلىققا ئۈمىدكە تولغان كۆز، ئىشەنچكە توشقان قەلب كۆزى بىلەن قارارمۇ؟ ئۇنىڭدىن ساپ بىر ۋىجدان ساداسى ئېتىلىپ چىقارمۇ؟ ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىگە تايىنىدىغان مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە ئادەم بولالارمۇ؟ مەيلى سىز نېمە دەپ ئويلاڭ، مېنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم: «ياق، مۇمكىن ئەمەس».

بۇ پەقەت مېنىڭلا جاۋابىم بولماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئاڭلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ جاۋابىدۇر.

ئۇنداقتا ئاتا-ئانىلار نېمە ئۈچۈن بالىلىرىنى مۇنچىۋالا ئەركە-نازاق قىلىۋېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا تىل چىقىرىدىغان، تىل ئۆمەللەيدىغان قىلىۋېتىدۇ؟ ئۇلار بالىلىرىغا نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا چاپلىشىۋالىدۇ؟ ئۇلارنى يانچۇقىغا ئۇيا-ئەڭلىك سېلىپ يۈرۈيدىغان خېنىم، خان مىجەز قىلىپ قويىدۇ؟ تالاي ئەركە-نازاقلار باركى، ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ غەتمەككە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن، بەللىرىنىڭ چۈمۈلە بەل بولغانلىقىدىن پەخىر قىلىشىدۇ، بۇ نېمە قىلىق؟ ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا نېمانچە ئېسىلىۋالىدۇ؟ بولۇپمۇ ئانىلار، ئۇلار پەرزەنتلىرىگە ئاشۇرۇپ كۆڭۈل

بۆلىدۇ، ئاشۇرۇپ غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق ئاتاش توغرا بولسا، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئۇلارغا شۇ دەرىجىدە ئاشۇرۇپ كۆيىندۇكى، ئاخىردا ئۇلارنى قوچاقلاپ، باغاشلاپ يۇرۇپ يارىماس نايناققا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارنى نورمال بولغان ئادەتتىن، ئۆلچەملىك بولغان چەك-چېگرالاردىن ھالقىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

بىز بۇ خەتەرلىك ھادىسىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئىسلام تەربىيەسى، قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى ئۇقمايدىغان تالايلىغان ئانىلاردا بارلىقىنى كۆرىمىز:

* ئانىلاردىكى بۇ خاتا تەربىيىنىڭ بىر ئالامىتى بالىلار گەرچە قىلالايدىغان، ئۇلارغا ئېغىر كەلمەيدىغان ئاددىي ئىشلارنىمۇ ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن قىلغۇزماسلىق، زىيادە ئاسراش، بالىلارنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىگە تايىنىدىغان روھتىن مەھرۇم قىلىش، پۇرسەت بەرمەسلىك.

* بۇ خاتا تەربىيىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بالىلارنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىش، قورۇنىڭ تاملىرى ئىچىگە نەزەربەند قىلىش، ھەردائىم ئەركىلىتىپ مۇشۇككە ئوخشاش يالاپ، پۇراپ يامان كۆنىدۇرۇش، يامان ئۆگىتىش، باشقىلار بىلەن ئارىلىششقا، جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى كۆرۈپ بېقىشقا يول قويماي پارنىك مايسىسىدەك چوڭ قىلىش.

* بۇ خاتا تەربىيىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بالىغا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ھەردائىم كۆز ئالدىدىن يىراقلاشتۇرماسلىق، نېمە قىلماقچى بولسا قورقۇتۇپ، ئەنسىز خاراكتېر پەيدا قىلىش.

* بۇ خاتا تەربىيىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بالا ئۆي سايمانلىرىنى خالىغانچە بۇزۇپ تاشلىسا، ئۇرۇپ-چاقسا، قاچا-قوچىلارنى خالىغانچە سۇندۇرسا، دەرىزىدىن سىرتقا ئېتىسا، ئۆي ئىچىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ئالا-تۇپىلاڭ كۆتۈرسە، ياكى تامنى دوسكىغا، قەلەمنى بورغا ئايلاندۇرۇپ، قالايمىقان خەت يېزىپ، رەسىم سىزسا، جىجىلسا كارى بولماسلىق، ھاي قىلماسلىق، ھېساب ئالماسلىقمۇ بالىلارنىڭ ئەركە-نايناق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

تۇرمۇش قۇرۇپ بەك ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن پەرزەنت كۆرگەن ئاتا-ئانىلار ۋە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەرزەنت كۆرەلمەي ئۇزۇن مۇددەت داۋالانغاندىن كېيىن پەرزەنت كۆرگەن ئاتا-ئانىلار، ئارقا-ئارقىدىن قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئەمدى ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەيدىغان ئوخشايمىز دەپ قالغاندا ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن، ياكى ئارقا-ئارقىدىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئەمدى قىز پەرزەنت كۆرمەيدىغان ئوخشايمىز دەپ قالغاندا قىز پەرزەنت كۆرگەن ئاتا-ئانىلار، پەرزەنتلىك بولالمىغانلىقتىن بالا بېقىۋالغان ئاتا-ئانىلار، بالىلىرى كېسەل بولۇپ ھاياتى ئېغىر خەتەرگە يولۇققاندىن كېيىن گۆر ئېغىزىدىن قايتىپ كەلگەن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ، ئۇلارنى ھېچنەرسىگە يارىمايدىغان يارامسىز، بولۇمسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇنداق ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى يا بولسا زىيادە ئەركە كۆندۈرۈلگەنلىكتىن ھېچنەرسىگە يارىمايدىغان خېنىم مىجەز بالا بولىدۇ، يا بولسا ھەممە ئەسكىلىك قولىدىن كېلىدىغان نائەھلى، بالايى-ئاپەت بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلىرىڭىزغا بولغان ئامراقلىقىڭىزنى يۈرىكىڭىزنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنى چىدامىلىق، يارامىلىق ئادەم قىلىپ ئۆستۈرۈڭ!!!

ئىسلامنىڭ بۇ ئالامەتنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن چارىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

1 ـ ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆڭلىدە «قازا ۋە قەدەر» ئەقىدىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەتتاكى، ئۇلار جىگەر

پارلىرىغا يەتكەن ساغلاملىق ياكى كېسەللىك، نېمەت ياكى بەختسىزلىك، ئاللاھ تەئالا تەقدىر ئەزەلىيدە بېكىتكەن پەرزەنتلىك بولالماسلىق، ئۇلار مۇپتىلا بولغان بايلىق ياكى نامراتلىق ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ خاھىشى، ئىرادىسى، قازا ۋە تەقدىرى بىلەن بولغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۆزلىرىگە يەتكەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقى، بەلكى ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا بېكىتكەن ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەيۈسلەنمەي ئۈمىدۋار ئىشەنچ بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەئالاغا ئاساندۇر. (ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ تەئالا بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تەئالا مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» (سۈرە ھەدىد 22 ــــ 23 ـ ئايەتلەر).

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تەئالاغا خاستۇر. ئاللاھ تەئالا نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر» (سۈرە شۇرا 49 ــــ 50 ـ ئايەتلەر).

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: ‹بىز ئەلۋەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز› دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» (سۈرە بەقەرە 155 ــــ 157 ـ ئايەتلەر).

2 ـ پەرزەنت تەربىيىلەشتە تەدرىجىي شەكىل قوللىنىش، دەرىجمۇدەرىجە ئەدەپلەش لازىم. ئەگەر بالىغا ۋەز ـ نەسىھەت، چۈشەندۈرۈش، سىلىغ ـ سىپايىلىق كار قىلسا، يامان ئىللەتلىرىنى تۈزىتەلىسە، كۆتكەن مەقسەتكە ئېلىپ بارالىسا، پەرۋىشچىلەرنىڭ بۇ خىلدىكى باللارنى تەرك ئېتىشى، بولدىلا دەپ ۋاز كېچىشى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر تەرك ئېتىش، قىيداش كار قىلسا ئۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ. تەربىيەتچى ئەدەپلەش، قاتتىق قوللۇق قىلىش، كايىش ۋە سىلكىش قاتارلىق بارلىق ئەدەپلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپمۇ يۇرەك پارىلىرىنىڭ ناچار ئەھۋاللىرىنى تۈزىتەلمىگەن، مايماق كەتكەن تەرەپلىرىنى رۇسلىيالمىغان، ئەسكىلىك ۋە ناشايان بولمىغۇر ئىشلاردىن ۋاز كەچتۈرەلمىگەن بولسا، ئەنە شۇ چاغدا باللارنى ياربلاندۇرماستىن، كۆكەرتمەستىن، ئىششىتماستىن ئۇرۇشقا بولىدۇ.

بۇ توغرىسىدىكى ئۇسۇللارنى ئاللاھ تەئالا خالىسا مەزكۇر كىتاب «ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىدىكى «ئۆسمۈرلەرگە قارىتا تەسىرلىك تەربىيە ۋاستىلىرى» دېگەن بۆلۈمنىڭ «جازالاش ئارقىلىق

تەربىيلەش» دېگەن تەتقىقاتىمىزدا تەپسىلىي، تولۇق، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ كېسەلگە شىپا بولغۇدەك دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويىمىز.

3 ـ پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ جاپالىق تۇرمۇشقا كۆنەلەيدىغان، ئېغىرچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، بالا ـ مۇسىبەتلەر ئۈستىدىن داتلانمايدىغان، ھال ـ مۇڭ تۆكمەيدىغان، بەلكى غالىبلارچە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھەممىنى يېڭەلەيدىغان، شەخسىي مەنپەئەت، شەخسىي راھەت ـ پاراغەت قوغلاشمايدىغان، ئەيش ـ ئىشرەت ئىزدىمەيدىغان، ئومۇمنىڭ راھىتى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان، ئېتىقاد ـ ئەقىدىسى، شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان پىداكار روھ، ئالىي ھىممەت، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى، ئاللاھ تەئالا يۈكلىگەن، دىن يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، يۈكلەرنى قورقماستىن ئۈستىگە ئالالايدىغان ئوت يۈرەك جۈرئەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق پەرزەنت قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم. ھەتتاكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ بارلىقى، ۋۇجۇدى ۋە ئىچكى دۇنياسىدا يۇقىرىدىكى ئۇلۇغۋارلىقنى ھېس قىلغاي، سەزگەي، بىلگەي، ئۇققاي ۋە چۈشەنگەي. مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت، بۇرچ تۇيغۇسىنى سەزگەي ۋە ھۆددىسىدىن چىققاي.

پەرزەنتىڭىزنى جاپا ـ مۇشەققەتلىك، غورىگۇل تۇرمۇشقا ئادەتلەندۈرۈڭ دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ نۇئەيملەر مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ مەرفۇئ ھەدىستۇر: «راھەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىڭلار (قېچىڭلار)، چۈنكى ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرى راھەتپەرەس ئەمەستۇر».

پەرزەنتىڭىزنى ئۆزىگە ئىشىندىغان، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەڭ دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى يۇقىرى بايان قىلىنغان «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، شۇڭا ئۆزەڭلارنىڭ پادىسى توغرىلىق سوئال قىلىنىسىلەر» دېگەن ھەدىستۇر. چۈنكى، بۇ ھەدىس چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، رەھبەر ـ پۇقرا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ يولىيورۇقمۇ بۇ سۆزىمىزگە دەلىلدۇر: «باللىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىشنى ئۆگىتىڭلار ۋە ئۇلارنى ئاتقا سەكرەپ مىنىشكە بۇيرۇڭلار».

ھەممىگە مەلۇمكى، كىچىكى چېغىدىن باشلاپ سۇنى قانداق ئۈزۈشنى بىلگەن، ئوقنى قانداق ئېتىشنى ئۇققان، ئاتقا قانداق مىنىشنى بىلگەن بالا چوقۇم ئۆزىگە ئىشىنەلەيدىغان، ئۆزىنى مەۋجۇدلۇقنى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىنى ھېس قىلالايدىغان چىۋەر ئوغۇل بالا بولۇپ ئۆسىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالەتتە جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا قاراپ ماڭىدۇ.

پەرزەنتىڭىزنى ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئىگە جۈرئەتلىك قىلىپ تەربىيلەڭ دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەيلى خۇش كۆرگەن، مەيلى يامان كۆرگەن، مەيلى قىزغىنلىقىمىز بولغان، مەيلى مەجبۇرلىنىش بولغان بارلىق ئىشلاردا مەيلى ئاسايىشلىقتا بولسۇن، مەيلى قىيىنچىلىقتا بولسۇن ھەرۋاقىت ئىتائەت قىلىشقا، قەيەردە بولمايلى ھەقنى سۆزلەشكە، ھەقنى ھەق دېيىشكە، ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامەتلىرىدىن قورقماسلىققا بەيئەت قىلدۇق». شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ بەيئەت چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممە كىشى ۋە ھەممە تەبىقە

ۋە ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز ئالدىنقى بۆلۈم «جىسمانىي تەربىيە مەسئۇلىيتى»دە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي تەربىيەسى توغرىسىدا سۆزلىگەن ھەدىسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى، ئىسلامىي تەلىم-تەربىيىنىڭ ئەڭ ئوبرازلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم پەرزەنتلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرىدىغان، ئۇستىگە يۈكلەنگەن ئامانەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلدۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ خاراكتېرگە، ئىززەت-ئىكرامغا ۋە ئىچكى دۇنياغا ئىگە ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ۋە ئادەتلەندۈرىدىغان ئۇلۇغۋار يولىيورۇقلار ۋە كۆرسەتمىلەردۇر.

4 ـ باللارنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا، بالىلىق چاغلىرى، ياشلىق دەۋرى، تاكى ئاللاھ تەئالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنگە قەدەر بولغان پۈتۈن ھاياتىغا ئەگەشتۈرىدىغان قىلىپ تەربىيلەش ۋە ئادەتلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزى تەربىيلىگەن، غەمخورلۇق قىلغان ۋە ئۆزى بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن.

ھازىر بىز تەربىيەتچىلەرگە ماياك، يول كۆرسەتكۈچ ۋە قول چىراغ بولۇشى، مۆئمىن ئەۋلادقا نىسبەتەن ئۆلگە، نەمۇنە بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى، بولۇپمۇ بالىلىق ۋە ياشلىق ھاياتىدىكى ئىش-ئىزلىرىدىن ئۆلگە ۋە نەمۇنىلەرنى بايان قىلىمىز.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا قوي باققاندى. ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى توغرىلىق سۆزلەپ: «ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىچىدە قوي باقمىغان بىرمۇ پەيغەمبەر يوق» دېگەن. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىمۇ قوي باققانمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھەئە، مەنمۇ قوي باققاندىم، مەن مەككىلىكلەرنىڭ قويلىرىنى بىر قانچە تىيىنگە باقاتتىم» دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك چاغلىرىدا باللار بىلەن بىللە ئويناپتىكەن. ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەزى كىچىك باللار ئوينىغاندەك مەنمۇ قۇرەيش باللىرى بىلەن بىللە تاش يۆتكەپ ئوينىغاندىم. ھەممىمىز ئىشتىنىمىزنى سېلىۋېتىپ، سېلىنغان ئىشتاننى دولىمىزدا قويۇپ قىپ-يالىڭاچ ھالدا دولىمىزدا تاش كۆتۈرۈپ ئويناۋاتاتتۇق. مەنمۇ باللارغا ئوخشاش بىردەم ئۇ تەرەپكە، بىردەم بۇ تەرەپكە تاش كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ ئويناۋاتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت بىرى قاتتىق كاچات سالدى، مەن مېنى ئۇرغان كىشىنى كۆرمىدىم، ئاندىن ماڭا (ئىشتىنىڭنى كىيىۋال) دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئىشتىنىمنى كىيدىم، ئاندىن تاشنى گەدىنىمدە كۆتۈرۈپ ئوينىدىم. دوستلىرىم ئىچىدە پەقەت مەندىلا ئىشتان بار، قالغانلارنىڭ ھەممىسى قىپيالىڭاچ ئىدى».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنى قايتا ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقاندى. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياش

ۋاقتىدا كەئبە كەلكۈنىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن بىر قېتىم قايتا ياسالغان. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشلەرنىڭ ئېسىلزادىلىرى قاتارىدا كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تاش يۆتكىگىلى بارغان. تاغىسى ئاببىاس ئۇنىڭغا: «ئىشتىنىڭنى سېلىپ مۈرەڭگە قويۇۋالغىن، تاش ئاغرىتىۋەتمىسۇن» دېگەن. ئۇ شۇنداق قىلغان-يۇ، دەرھال يەرگە دۈم يىقىلىپ چۈشكەن ۋە ئىككى كۆزى ئاسمانغا چەكچىيىپ قالغان. ئاندىن «ئىشتىنىم، ئىشتىنىم» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتىنىنى كىيىۋالغان ۋە: «مەن يالىڭاچ ھالەتتە مېڭىشتىن چەكلەندىم» دېيىلگەن. مانا بۇ ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى پاك ساقلانغانلىقىنىڭ دەلىلى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىققانىدى. ئىسپاتلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قېتىم سەپەرگە چىققان بولۇپ، بىر قېتىم بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن بىللە چىققان، ئىككىنچى قېتىم بالاغەتكە يېتىشتىن كېيىن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن چىققان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىلىق چاغلىرىدا ۋايىغا يەتكەن جۈرئەت كۈچىگە ئىگە ئىدى. تارىخىي تەرجىمىھال كىتابلىرى بايان قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى كىچىك چېغىدا بىر ئادەم ئۇنىڭ لات ۋە ئۇززا دېگەن بۇتلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەسەم تەلەپ قىلغۇچىغا: «مەندىن بۇ ئىككىسىنىڭ نامىدىن ھېچنەرسە سورىمىغىن، ئەزبىرايى خۇدا، ماڭا بۇ ئىككىسىدىن بەكرەك سەت كۆرۈنىدىغان ھېچنەرسە يوق» دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك ۋاقىتلىرىدا جەڭگە قاتناشقان، تارىخ كىتابلىرى ئۇنىڭ «فۇججارلار ئۇرۇشى»غا قاتناشقانلىقىنى، ئۇرۇشتا تاغىلىرىنىڭ ئوقياسى ئۈچۈن ئوق سۇنۇپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نادىر پىلان ئىگىسى ۋە دانا ئىدى. ئۇ ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان ياش بولسىمۇ قىيىن ئىشلاردا قۇرەيشلەر ئۇنى ھۆكۈم قىلدۇراتتى. تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، قۇرەيشلەر بەيتۇللاھنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكەن چاغدا ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئۆز ئورنى كىمنىڭ قويۇشى مەسىلىسىدە ئۇنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىدىن ھەممىسى مەمنۇن بولغان ھەمدە ئۇنىڭ ھۆكۈمى، پىلان-تەدبىرى، ئەقلى ۋە دانالىقىدىن ھەيران قېلىشقان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك چېغىدىن باشلاپ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان بولسىمۇ، بارچە كۆڭۈللەر ئېرىششنى ئارزۇ قىلغان ئېسىل خىسلەتلەر، مەدھىيىلىك سۈپەتلەر ۋە گۈزەل ئادەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگىنى پەخرى-ئىپتىخار ۋە شان-شەرەپكە يېتىپ ئاشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆمرىدە بۇتقا باش ئۇرۇپ باقمىغان، جاھىلىيەتنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىغا ئارىلىشىپ باقمىغان، بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىپ باقمىغانىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ رەببىگە مەنسۇپ قىلىشى ئانچە ھەيران

قالارلىق ئىش ئەمەس، چۈنكى، ئۇنى رەببى ئىھاتە قىلىپ تۇرغان، ئىلاھىي كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن كۆڭۈل بۆلگەن، غەمخورلۇق قىلغان ۋە ئۇنىڭ تەربىيەسىگە ئۆزى ئىگە بولغان. ئىمام ئەسكىرى رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېنى رەببىم تەربىيىلىدى، ئۇ مېنىڭ تەربىيەمنى تولىمۇ چىرايلىق قىلدى» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بالىلىقى ۋە ياشلىق ھاياتىدىكى پاك ساقلانغان ۋە ئېسىل ئەدەپ-ئەخلاقى گۈلزارىدىن ئېلىنغان بىر غۇنچە بولۇپ، ئۇ بارلىق پەرۋىشچىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ماس قەدەمدە مېڭىشىغا تېگىشلىك بولغان تەربىيىنىڭ يولى ۋە ئۇسلۇبىنى بايان قىلىشتا يېتەكلەش مەشئىلىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيلى بالىلىق چاغلىرىدا بولسۇن ياكى ياشلىق دەۋرىدە بولسۇن، قىران ئەرلىك ۋاقتىدا بولسۇن، مەيلى كامالەتكە يەتكەن ساھىب قىرانلىقىدا بولسۇن ئۈممەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە-نەمۇنىدۇر. ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ توغرا يولغا ھىدايەت قىلغان كىشىلەر ئەنە شۇ ئۈلۈغ زاتنىڭ يېتەكلىشىگە ئەگىشىشى شەرتتۇر.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئەركە-نازىناق كۆندۈرۈش بالىلارنىڭ روھىي تۇيغۇسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، پسىخىكا نورماللىسىزلىقى پەيدا قىلىدىغان چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۆپ ھاللاردا بوۋاق ياكى ئۆسمۈرلۈك ھاياتىدا مۇرەككەپ بولغان ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىغا ۋە ئەيىبلەش ھېسسىياتىغا ئېلىپ بارىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاتا-ئانىلار، بولۇپمۇ ئانىلار ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئىسلام كۆرسەتكەن يولدا مېڭىشى لازىم.

شۇ يوللارنىڭ بىرى، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا بولغان مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش، سېغىنىش، ئېسىلىۋېلىش، چاپلىشىۋېلىش قاتارلىقلاردا نورمال بولۇش، ھەممە ئىشنى ئاللاھ تەئالاغا تاپشۇرۇش ۋە ئاللاھ تەئالاغا تەۋەككۇل قىلىشتۇر.

شۇ يوللارنىڭ يەنە بىرى بالىلارنى تەربىيىلەشنى ئۇلار ئەقىلگە كەلگەن، ئاق-قارىنى پەرق ئەتكەن چېغىدىن باشلاش، تەربىيىنى تەربىيىنىڭ مەنپەئىتى تەلەپ قىلغان بويىچە ئېلىپ بېرىش، ئىمكانقەدەر جازا ئۇسۇلى قوللىنىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك، چارە-ئامال بولمىغاندا ئاندىن جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، جازانى ئېغىر بېرىۋەتمەسلىك لازىم.

شۇ يوللارنىڭ يەنە بىرى، بالىلارنى جاپالىق تۇرمۇشقا كۆنەلەيدىغان، غورىگۈل ھاياتقا ئادەتلىنەلەيدىغان، جاپا-مۇشەققەت ۋە بالا-مۇسىبەتتىن قورقمايدىغان، بەلكى يىغا-زارنى كۆلكىگە، خۇشاللىققا ئايلاندۇرالايدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىگە تايىنىدىغان، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئەدەپ-ئەخلاققا ئىگە، جۈرئەتلىك ئادەم قىلىپ ئۆستۈرۈش لازىم.

شۇ يوللارنىڭ يەنە بىرى، بالىلارنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەخسىيىتى ۋە خاراكتېرىگە

ئەگىشىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

تەربىيەتچىلەر بۇ يوللاردا ماڭغان ۋە مۇشۇ قائىدىلەرنى چىڭ تۇتقان كۈنى بارلىق ئەۋلادلارنى شەخسىي خاراكتېرنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان، ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇپ تاشلايدىغان بارچە ئامىللاردىن ئازاد قىلالايدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ روھىي، ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى ھاياتلىقتا يارامىلىق، مۇكەممەل ۋە كېرەكلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرالايدۇ.

* * * * *

## 3 - بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولماسلىق، بىرىنى ئەتىۋارلاپ بىرىنى چۈرۈشۈش

مانا بۇ ئامىل بالىلارنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى ئەسكىلەشتۈرۈپ قويىدىغان ئامىللارنىڭ چوڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسە بېرىشتە بولسۇن، مۇئامىلىدە بولسۇن، ياكى مۇھەببەتتە بولسۇن بالىلارنى ئوخشاش كۆرمەسلىك ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. قېرىنداشلار ئارا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ ھادىسىنىڭ مەيلى بالىلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىدە بولسۇن ۋەياكى روھىي ھېس-تۇيغۇلىرىدا بولسۇن ناچار نەتىجىلەرنى ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە ئىچى تارلىق قىلىشنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقىدۇ. قورقۇنچاقلىق، تارتىنچاقلىق، يىغلاڭغۇلۇق ۋە بېكىنمىچىلىككە سەۋەب بولىدۇ. بالا بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىش، تالاش-تارتىش، جېدەل-ماجىرا، ئىختىلاپ ۋە ئىسيانكارلىقنى سېغىنىپ تۇرىدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق بالىلار ئاخشىمى سىرتلارغا چىقالمايدۇ. تۈن قاراڭغۇسىدىن قورقىدۇ. ئەسەب كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇستازى، ئۇممەتنىڭ تەربىيەتچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ جەھەتتە يېتۈك پەيلاسوپ، ئەمەلىيەتچان ھەكىم، بۈيۈك ئىجتىمائىي تەربىيەتچى ئىدى. ئۇ تالاي قېتىم بارلىق تەربىيەتچىلەرنى ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشقا، پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرىغانىدى.

ئىبنى ھەببان رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەئالا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ياردەم قىلغان ئاتىغا رەھمەت قىلسۇن».

ئىمام تىبرانى رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا نەرسە بەرگەندە ھەممىگە باراۋەر بېرىڭلار».

ئىككى شەيخ رەھىمەھۇمەللاھلار نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى نوئماننىڭ ئاتىسى ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە:

«ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇ ئوغلۇمغا بىر دانە قۇلنى ئىگىلىتىپ قويدۇم، گۇۋاھ بولغىن» دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن: «سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا پەرزەنتلىرىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن ھەممە بالىلىرىڭغا مۇشۇ بالاڭنى ئىگىلىتىپ قويغاندەك ئىگىلىتىپ قويدۇڭمۇ؟» دەيدۇ. ئاتام: «ياق، مۇشۇ بالامغىلا ئىگىلىتىپ قويدۇم. بۇ بالام باللىرىم ئارىسىدا كۆزۈمگە ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بەك ئامراق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ئۇ قۇلنى قايتۇرىۋالغىن» دەيدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەممە بالىلىرىڭغا مۇشۇ بالاڭغا بەرگەندەك بەردىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالادىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭدىن بۇ سوۋغىنى قايتۇرىۋالىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى بەشىر! سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭدىن باشقىمۇ پەرزەنتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «بار» دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ھەممە بالىلىرىڭغا مۇشۇ بالاڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا مېنى زۇلۇمغا گۇۋاھ قىلمىغىن، مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن» دەيدۇ. ئاندىن: «ياخشىلىقتا باراۋەر بولۇش سېنى خۇشال قىلامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «ئەلۋەتتە خۇشال قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا رۇخسەت يوق» دەيدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا بىر ئادەم تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىغا ئوغلى كەلدى، ئۇ ئۇنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزى كەلگەنىدى، ئۇنى ئالدىدا يەردە ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تىرىكىپ: «ئىككىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلساڭ بولمامدۇ؟ ئادىللىق قىلساڭ بولمامدۇ؟» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ ئىيسىل يوليورۇقلىرىدىن پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئادىللىق، باراۋەرلىك ۋە مۇھەببەت قاتارلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئۆز-ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، باللار ئوتتۇرىسىدا بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقچىلىك، ئايرىمچىلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئىگىز-پەسلىك، بىرنى ئارتۇق، بىرنى تۆۋەن كۆرۈشكە بولمايدۇ.

توغرا! بەزىدە باللارنى ئوخشاش ياخشى كۆرمەسلىك، ئوخشاش كۆڭۈل بۆلمەسلىكنىڭمۇ مەلۇم سەۋەبلىرى بولىدۇ. خۇددى تۇغۇلغان بوۋاق ئاتا-ئانىلار قىزىقمايدىغان جىنستىن بولغانغا ئوخشاش. مەسىلەن ئەر-ئايال ئىككىلىسىنىڭ ياكى بىرسىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغۇسى بار، لېكىن تۇغۇلغان بوۋاق قىز بولسا، ياكى

بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ياكى تۇغۇلغان بوۋاق چىرايلىق بولمىسا، رەڭگى-رويى ئارزۇ قىلغاندەك بولمىسا، ياكى ئەقىللىق، زېرەك، چېچەن بولمىسا، سەل گالۋاڭ چىقىپ قالسا، ياكى جىسمانىي جەھەتتىن ئەيىب-نۇقسانلىرى بولسا، ياكى مېيىپ، ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق بولسا، ... ئېيتاۋۇر ئاتا-ئانىلار ياكى تەربىيەتچىلەر بالىلاردىن كۆرۈلگەن بىر بۆلۈك ئەھۋاللارغا قارىتا ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەن، پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان بولسا ۋە بۇ ئەھۋاللارنى باھانە-سەۋەب قىلغان بولسا ... لېكىن، بۇ ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي سەۋەبلەر شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە بالىنى يامان كۆرۈش، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا بىرىنى ئارتۇق، بىرىنى تۆۋەن كۆرۈشنىڭ باھانە-سەۋەبلىرى ۋە ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ ئۆزرىلىرى ھېسابلانمايدۇ.

خوش! ئۇنداقتا سىز قانداق ئوي، قانداق تۇيغۇغا كەلدىڭىز؟ پەرزەنتلىرىڭىز توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

ئاتا-ئانىلار ئەگەر بالىلىرىغا قارىتا مۇشۇ يولدا ماڭغان، ئۇلارغا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان، مۇشۇ يامان يولنى تاللىۋالغان، مۇشۇنداق قوپال ۋە قاتتىق مۇئامىلە بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئۇلار قانچىلىك زالىم؟ قانچىلىك ۋەھشىي؟ قانچىلىك جەۋرى-جاپا قىلغۇچى بولار ھە؟!

گۈل غۇنچىسى پەرزەنتىڭىزنىڭ بۇ ھاياتلىققا قىز بولۇپ تۇغۇلغىنىنىڭ نېمىسى يامان؟!

قىز تۇغۇلۇپ ئۇ سىزگە نېمە گۇناھ قىلدى؟!

قىز تۇغۇلۇشتا ئۇنىڭ نېمە گۇناھى بار؟!

سىز يامان بولغاندىكىن، كۈچ-قۇۋۋەتلىك بولغاندىكىن، قىزلارغا ئۆچ بولغاندىكىن، نېمە ئۈچۈن خوتۇنىڭىزنى ئوغۇل تۇغدۇرمىدىڭىز؟!

سىز قىزلارغا ئۆچ بولغاندىكىن، بالا ياسىلىدىغان زاۋۇت سىزنىڭ قورسىقىڭىزدا بولغاندىكىن، نېمە ئۈچۈن بوۋىقىڭىزنى ئوغۇلغا ئۆزگەرتىۋېتەلمىدىڭىز؟! نېمە ئۈچۈن قىز تۇغدىڭىز؟!

ئەي ئىنسان! ئويلاپ كۆرۈڭ، ئوغۇل ياكى قىز تۇغۇش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ، ئوغۇل تۇغسىڭىز ئۆزىڭىزدىن، قىز تۇغسىڭىز باشقىلاردىن كۆرمەڭ، پەرزەنت كۆرۈمسىز، پىگورىسى قاملاشمىغان تۇغۇلغان بولسا، ئۇنىڭ نېمە خاتالىقى بار؟!

ئەقىللىق، چېچەن، تالانتلىق، تۇغۇلما زېرەك يارىتىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ نېمە يامانلىقى بولسۇن؟!

تەبىئىتى چاپتىكەش، كەپسىز، تېنىمسىز، ھەرىكىتى كۆپ، يىغىسى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى نېمە؟!

ئەگەر ئۇ چۈجە كەبى، يۇمران مايسا كەبىي، بىچارىلىكىدە ئۇنىڭغا جىسمانىي ئەيىبلەر يەتكەن، مېيىپ بولۇپ قالغان ياكى باشقا ئىشلار بولسا، ئۇلارنىڭ نېمە ئامالى؟! نېمە چارىسى؟! نېمە مەسئۇلىيىتى بار؟... سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمىگەن ئىشلارنى ئۇلاردىن كۈتەمسىز؟! بۇ نېمىدېگەن ئەخمىقانىلىق؟! نېمىدېگەن كۈلكىلىك؟! ...

تەربىيەتچىلەر ئەگەر پەرزەنتلىرىنىڭ روھىي كېسەللىكلەر، پسىخىكا نورماللىسىزلىق، مۇرەككەپ بولغان ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى، قەلب ئاپەتلىرى بولغان ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەتخورلۇق، پىتنە-پاسات قاتارلىقلاردىن

سالامەت بولۇشىغا، مىكروبلار بىلەن يۇقۇملانماسلىقىغا قىزىقىدىغان كىشىلەر بولسا . . . ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا يول يوق، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەئالادىن قورقۇڭلار، پەرزەنتىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار»، كىشىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇشى كېرەك، ئوغۇل بەرسۇن، مەيلى قىز بەرسۇن خۇشاللىق بىلەن سۆيۈنۈپ قوبۇل قىلىشى كېرەك، ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىشلىرى كېرەك، شۇنداقلا، ئۇلار بارلىق پەرزەنتلىرىگە مۇھەببەت، قېرىنداشلىق، كەڭ قورساقلىق ۋە باراۋەرلىك، ئورتاقلىق قاتارلىقلارنىڭ روھىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىشى كېرەك، ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلالىسا، ئەدلى-ئادالەت ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مېھرىبانلىق نەزىرى، سەممىي مېھرى، كۆيۈمىنىڭ، ئادىل مۇئامىلىنىڭ بۈك-باراقسان سايىسى ئاستىدا راھەت-پاراغەتنىڭ نېئمىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا پەرزەنتىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ياردەملەشكەن ئاتىغا رەھمەت قىلسۇن» دېگەن.

*  *  *  *  *

## 4 - جىسمانىي ئەيىب-نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەر

جىسمانىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك ياكى ئەيىب-نۇقسانمۇ بالىنى روھىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، پسىخىكا جەھەتتىن نورمالسىزلاشتۇرىدىغان، كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى كەمسىتىشكە، ھاياتلىققا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت نەزىرىدە قاراشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن سانىلىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئالغاي، ئەما، پاك، گاس، توكۇر ياكى كېكەچ دېگەندەك تەبىئىي ياكى سۈنئىي ئەيىب-نۇقسانلارغا ياكى مېيىپلىققا گىرىپتار بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆيچۆرىسىدىكى ئاتا-ئانا ياكى بىر تۇغقان، يېقىن-يورۇق، قوشنا، دوستلار ۋە ئەھلىلەر، ھەتتا جەمئىيەت كىشىلىرىگىچە ھەممىسى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنىشى، غەمخورلۇق قىلىشى، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشى، مۇھەببەت كۆرسىتىشى، كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك كەڭ قورساقلىق ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن گۈزەل ۋە چىرايلىق بولغان مېھرىبانلىقنى يەتكۈزۈشى لازىم. مانا بۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمام تىرمىزى ۋە ئىما ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولىدۇ: «رەھىم-شەپقەت قىلغۇچى كىشىلەرگە مېھرىبان ئاللاھ تەئالا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ، زېمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ»؛ يەنە ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ھەببان رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولىدۇ: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى كاملىراقى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەلراق بولغىنىدۇر».

لېكىن، ئېغىر ئازابلىق مېيىپلىق كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان بۇ بىچارە سەبىيلەرنى ھەي ئالغاي، ھەي سىڭاركۆز، ھەي پاك، ھەي گاس، ھەي دوك، ھەي كېكەچ، ھەي گاچا، ھەي كالۋا، ھەي دۆت،

ھەي توكۇر، ھەي ئۇنداقچى، ھەي مۇنداقچى ... دەپ ئۇلاردىكى ئەيىب-نۇقسانلارنى چىشلەپ تارتقاندا، ھەرنېمە دەپ ئەيىبلىگەندە ھېلىقىدەك كېسەللىككە ۋە ئېغىر ئازابلىق مېيىپلىككە گىرىپتار بولغان بالىلار ئېكەن، خىلىلا ئاغرىق، تەندۇرۇس باللارمۇ بۇنداق تىل-ھاقارەتلەرنى ئاڭلاۋەرسە، ئەيىبدارلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىشتىۋەرسە، ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇلىرىنى، پىسخىكا نورمالسىزلىقى ۋە روھىي بىنورماللىق تۇيغۇلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە باشلايدۇ. ئاخىرى سارالڭ ۋە بىنورمال ئادەم بولىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانىكەن، بۇنداق يامان سۆزلەرنى تولا ئاڭلاۋېرىپ جىسمانىي ئازابلارغا گىرىپتار بولغان باللارنىڭ نورمال ئادەم بولالمىغانلىقىدىن، تۇراقسىز كەيپىياتىدىن، روھىي قارىمۇقارشىلىقىدىن، ئىجتىمائىي ئۆچ-ئاداۋەتتىن، ھاياتلىققا شۇملۇق نەزىرى بىلەن قاراشتىن ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تەربىيەتچىلەر، خۇسۇسەن ئاتا-ئانىلار بۇ خىلدىكى ئازابلىق ۋە ئېچىنىشلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان پەرزەنتلەردىكى مۇشكۈلچىلىكلەرگە ھېكمەتلىك ئۇسلۇبلار، ياخشى بولغان تەربىيە، مېھىر-شەپقەتلىك مۇئامىلە ۋە تولۇق بولغان نازارەت ئارقىلىق چارە-تەدبىر كۆرۈشى، ھەرقاچان ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈشى، ئۇلارغا ئىنساننىڭ قىممىتى ئۇنىڭ دىنى ۋە ئەخلاقىدا بولىدىغانلىقى، شەكلى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئەمەسلىكىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈشى ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياششى زۆرۈر.

* بۇ خىلدىكى باللارغا چارە قوللىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى — ئۇلارغا ياخشى كۆرۈش، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق نەزىرىدە قاراش، پەرزەنتلەر ئىچىدە خۇسۇسەن ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئەقىل، زېرەكلىك، تۇغما تالانت، بىلىم، تېخنىكا، ئاكتىپچانلىق، جانلىقلىق ۋە تىمەنلىك قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم. ئۇلارغا مۇشۇنداق قاراش ۋە بۇنى ھېس قىلدۇرۇش ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ ئاپەتلىرىنى يوقىتىدۇ. بەلكى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان تۇيغۇ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئىش-ھەرىكەتكە ۋە مېۋىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

* چارە قوللىنىشنىڭ ئىككىنچى قەدىمى — تەربىيەتچىلەر ئاشۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان باللارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىدىغان كىشىلەرنى، ئۇلار مەيلى يېقىنلار بولسۇن ۋەياكى يىراق كىشىلەر بولسۇن، ئۇ باللارنى ئەيىبلەش، مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىش، مازاق قىلىش، ھاقارەتلەش ۋە ئاھانەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشى، ئۇلارغا بۇنداق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ھەزەر قىلىشنى ئۇقتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا يامان تەسىر قالدۇرماسلىقى، ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھەسسە-ھەسسىلەپ دەرد-ئەلەم پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە كىشىلەرگە بۇ جەھەتتە ئېھتىيات قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇشى لازىم.

### Δ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاقارەتلەشتىن توسقانلىقى:

تەربىيەتچىلەر كىشىلەرگە نەسىھەت قىلغان ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا قاراتقان ۋاقىتدا، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار

بولغان باللارنىڭ ئۆپچۆرىسىگە جەم بولغان بارلىق كىشىلەرنىڭ سەمىگە، ئۇممەتنى مۇھەممەدىيەنىڭ تۇنجى ئۇلۇغ ئۇستازى، يولباشچىسى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇۋرۇكلىرى سايلىق، پاكىزلىق، خالىسانىلىق ۋە ئۆزئارا دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈش ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلغان ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەش ئاساسىغا مەركەزلەشكەن ئەڭ پۇختا ۋە پولات ـ بىتۇندەك، ئويۇلتاشتەك ئىجتىمائىي بىرلىككە چاقىرغان ئەڭ زور دەۋەت ئۇسۇلىنى سەمىگە سىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە، غورۇرىغا تېگىدىغان، مۇسۇلمانىنىڭ خاراكتېرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان، ئويۇلتاشتەك ئىجتىمائىي بىرلىكنى پارچىلاپ تاشلايدىغان نەرسىلەر ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ تىللارنىڭ ئاپەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «بەندە ھەقىقەتەن كۆڭلىگە ئانچە كىلىپ قالمايدىغان، ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ، ئاشۇ گەپلەرنىڭ سەۋەبىدىن جەھەننەمگە مولىلاق ئېتىدۇ» دەيدۇ؛ يەنە بىر ھەدىستە: «بەندە ھەقىقەتەن ئېنىق بولمىغان شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئاشۇ سۆزلەرنىڭ سەۋەبىدىن دوزاخنىڭ مەشرىق بىلەن مەغرىب ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر يېرىگە مولىلاق ئېتىدۇ» دەيدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «قېرىندىشىڭنىڭ ئەيىبىدىن خۇشال بولمىغىن، بولمىسا ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىدۇ، سېنى ئۇنىڭدىكى ئەيىبكە مۇپتىلا قىلىدۇ» دەيدۇ.

يەنە ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كۆرسىتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساڧا سەفىيەنىڭ پالان ـ پالان ئەيىبى كۇپايە قىلىدۇ دەپ ئۇنىڭ پاكارلىقىنى بايان قىلىۋىدىم، ئۇ ماڭا: «ئائىشە سىز شۇنداق بىر گەپنى قىلدىڭىز، ئەگەر بۇ گېپىڭىز دېڭىزغا ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ سېسىقلىقى بىر دېڭىزنى بۇلغاشقا يېتىدۇ» دېدى.

بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار ئاللاھ تەئالا تەبارەك ۋە تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ تەۋەلىكى ئاستىغمۇ كىرىدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھىي قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر» (سۈرە ھۇجۇرات ـ 11 ئايەت).

* چارە قوللىنىشنىڭ ئۈچىنچى قەدىمى: تەربىيەتچىلەر مېيىپلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن يېقىن-يورۇقلىرى ۋە بۇرادەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىن ئەدەپ-ئەخلاقى ياخشى، ئادەتلىرى سۆيۈملۈك بولغان ئاغىنىلەر ۋە ھەمراھلارنى تېپىپ بېرىشى كېرەك. ئۇلار ئۆزئارا بىر يەرگە جەم بولۇپ بىللە ئوينىسۇن، سۆز ئالماشتۇرسۇن، ئۆزئارا دوستلۇق ئالماشتۇرسۇن. بۇنىڭ ئارقىلىق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغان بۇ بالىلار ۋىجدانىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، ياخشى كۆرىدىغانلىقى، كۆيىنىدىغانلىقى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلسۇن، باشقىلار ھېس قىلدۇرسۇن.

ئىبنى سىنا ئۆسمۈرلەرنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە كوللېكتىپلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھېسسىياتنى قاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيەسىدە: «سەبىي ئوغۇللارنىڭ مەكتەپتە بىللە ئوقۇيدىغان گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلىق، رازى بولغۇدەك ئەدەپ-قائىدىگە ئىگە سەبىي قىزلار بولسۇن، چۈنكى سەبىيلەر سەبىيلەردىن ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، ئاسان ئۆگىنىدۇ ۋە ئاسان چىقىشىدۇ». 

ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ نەۋادىر ناملىق كىتابىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى چاپتىكەشلىكى چوڭايغاندا ئەقلىنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدىن خۇلاسە: تەربىيەتچىلەر جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ مۇشكۈلچىلىكلىرىگە چارە قوللىنىشتا ياخشى كۆرۈش، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق قىلىش ئارقىلىق بولسۇن، ياكى مەخسۇس كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش ۋە رىئايە قىلىش ئارقىلىق بولسۇن، ياكى ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى كىشىلەرنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، مازاق قىلىش، ھاقارەتلەش ۋە ئاھانەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق بولسۇن، ياكى جەم بولۇپ ئوينىشى، ئارىلىشىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ھەمراھلار ۋە دوستلارنى تەييارلاپ بېرىش ئارقىلىق بولسۇن، قايسى ۋاسىتىلەر بولسۇن قولدىن بەرمەسلىكى لازىم. مۇشۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ئۆزىنى كەمسىتىدىغان تۇيغۇلار، روھىي زەربىلەر، مالىخولىيالىق ۋە ساراڭلىق ئاپەتلىرىنى يوق قىلىپ، ئۇلارنى مېيىپ بولسىمۇ جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق بىر ئەزاسى، ئەككى بىلىكى ئارقىلىق ھەزارەتنىڭ بىناسىنى قۇرۇپ چىقىشقا، ئۈممەتنىڭ ئۇلۇغلۇق قورۇلۇشى ۋە يۇرتنىڭ كەلگۈسىگە ئۆتكۈر ئىرادە ۋە ئالىي ھىممەت بىلەن ھەسسە قوشىدىغان ئادەم قىلىپ تەييار قىلالايدۇ.

* * * * *

## 5 - يېتىمچىلىك

بالىلارنى روھىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چوڭ ۋە خەتەرلىك ئامىللارنىڭ بىرى يېتىملىكتۇر. بولۇپمۇ يېتىملەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىمايدىغان، ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان، كارى بولمايدىغان، بېشىنى سۈرتكىلى، غەم-ئەندىشىلىرىگە ئورتاقلاشقىلىقى ئادەم چىقمايدىغان، ئۇلارغا مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش ۋە دوستلۇق نەزىرى بىلەن قارالمايدىغان جەمئىيەتلەر ۋە مۇھىتلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولغان ئىسلام دىنى يېتىملەرنىڭ تەربىيىلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن، بېقىلىشى ۋە پەرۋىش قىلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن، مۇئامىلە قىلىنىش جەھەتتىن بولسۇن ۋەياكى تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتىن بولسۇن ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئامانەتنى ئەڭ گۈزەل ۋە چىرايلىق رەۋىشتە ئۇلۇغۇۋار مەنا-ئۇقۇملار ئاساسىدا ئادا قىلالايدىغان مەنپەئەتلىك، كېرەكلىك بىر ئەزا قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە بەك ئەھمىيەت بەردى.

«قۇرئان كەرىم» يېتىملەرگە قەھرى قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە، شەنىگە داغ چۈشۈرمەسلىك، ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «يېتىمنى خارلىما» (سۈرە زۇھا-9 ئايەت)؛ «دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، ... ئادەمدۇر» (سۈرە مائۇن 1 — -2 ئايەتلەر).

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىملەرنىڭ ھال-ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە بۇنىڭغا بۇيرۇپ، قىزىقتۇرۇپ يېتىملەرنىڭ ۋەسىيلىرىگە ۋەسىيلىكنى ياخشى قىلالىسا، ئۇلارنىڭ جەننەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋە يېتىمگە كېپىللىك قىلغۇچى جەننەتتە مانا بۇ ئىككىسىگە ئوخشاش بولىمەن» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن (ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان رەھمەھۇمەللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغان بولسا، قولى تەگكەن ھەربىر تۈك ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ قويىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام نەسەئىي رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئى ئاللاھ! مەن يېتىم ۋە ئايال كىشىدىن ئىبارەت ئىككى بىچارىنىڭ ھەققىنى ئەڭ ئېغىر گۇناھ بىلىمەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ھەققىنى بىھۇدە زايا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر جىنايەت ۋە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى، بۇنىڭ جازاسىنى تېتىيدىغانلىقىنى بىلىمەن.

يېتىملەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، خەيرخاھلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا كېپىل بولۇش ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئانا تەرەپ ۋە دادا تەرەپ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان ۋاجىب ئەمەل بولۇپ، ئەگەر ئۇلار يېتىملەرنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىي ئەھۋاللىرىغا چارە-تەدبىر قوللىنىشنى مەقسەت قىلسا، مەخسۇس ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش، مېھىر-شەپقەت قىلىش ۋە ئۇلارغا خۇددى ئۆز بالىلىرىغا قىلغان مېھرىبانلىق، ئامراقلىق، مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە مۇئامىلىنى ھېس قىلدۇرۇشى لازىم.

ئاتا-ئانا تەرەپتىن بولغان يېقىن تۇغقانلىرىدىن ۋەسىيلەر بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئىشنى ئىسلام دۆلىتى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش، تەربىيلەش، يول كۆرسىتىش، روھنى كۆتۈرۈش، ھاياتلىقتا ئۇلارنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈش، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېتىملەرگە مەخسۇس كۆڭۈل بۆلەتتى، مېھىر-شەپقەت قىلاتتى، چىرايلىق مۇئامىلە قىلاتتى. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى بىر يېتىم بالىنى كۆرۈپ، ئۇ بالا بىلەن ئويناشتى، خۇشخۇيلۇق ئىزھار قىلدى، تولىمۇ چىرايلىق مۇئامىلە قىلدى، قولىدىن يېتىلەپ ئۆيىگە ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا دادا بولسام، ئائىشە ئاناڭ بولسا رازى بولامسەن؟» دېدى.

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش تېپىۋېلىنغان، ئۇچرىتىۋېلىنغان تاشلاندۇق بالىلارنىڭ ئىشلىرىنىمۇ دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلغان. مەسىلەن، بۇ زاتنىڭ خىلاپەت زامانىدا بىر ئادەم ئۇچرىتىۋېلىنغان بىر بالىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ: «ئۇنىڭ نەپىقىسى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بولسۇن، ئۇ ئازاد بولسۇن» دېگەن.

مانا بۇ گۈزەل مۇئامىلە ئىسلام دىنى ماڭغان يول، ئۇ يېتىملەر ۋە ئۇچرىتىۋېلىنغان بالىلارغا قوللانغان ئۇسۇل بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلامي جەمئىيەتكە، ئىسلام ۋەتەنلىرىدە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشى، يېتىم-يېسىرلار، غېرىب-غۇرۋالارنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىغا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقى، ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇزۇق تەسەۋۋۇرلار، ئوي-خىياللار، تۇرلۇك پىكىرلەر ۋە ھېسسىياتلارنىڭ دېڭىزلىرىدا تۇنجۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەقدىم ئېتىلگەن ئۆلگىدۇر.

* * * * *

## 6 - يوقسۇزلۇق

يوقسۇزلۇق بالىلارنى روھىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، بىنورمال پىسخىكا پەيدا قىلىدىغان چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى يوقسۇزلۇقتۇر. ئۇماققىنە ئىككى كۆزى يورۇق دۇنياغا ئېچىلغاندىن باشلاپ ئاتا-ئانىنىڭ تۇرمۇشتا قىستىلىۋاتقان، خاپىلىق تارتىۋاتقان، ئائىلىسىنىڭ نامراتچىلىق، كەمبەغەللىك، يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، كىيگىلى يوق، داۋالانغىلى يوق، قاچان قارىسا ئۈمىدسىزلىك، مەھرۇملۇقنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقىنىنى كۆرگەن بالىلارنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. يېقىن-يورۇقلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى، بىللە ئويناپ تەڭ كۈلىدىغان دوستلىرى، قولۇن-قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى، ياكى مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ

ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىقى، ئۇستىباشلىرىنىڭ يارىشىملىق، يېڭى كىيىملەر بىلەن پارقىراپ تۇرغانلىقى، نازۇ-نېمەتلەردىن تولۇق بەھرىلەنگەنلىكىنى كۆرگەن، ھالبۇكى ئۇ خار، بىچارە، غەمكىن، قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن تاماقنىڭ ئۇستى-بېشىنى ياپقۇدەك كىيىم-كېچەككە ئېگە ئەمەس، مانا بۇ ئەھۋال بۇنداق بالىلاردىكى روھىي ئۆزگىرىش كېتىشنى ھەسسىلەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھال-ئەھۋالى مۇشۇنداق بولغان بالىلاردىن روھىي جەھەتتىن نېمىلەرنى كۈتمەكچىسىز؟ كەسكىنلىك بىلەن ئېيتىمىزكى، بۇنداق بالىلار پات ئارىدا جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن، ئىككى كۆزىگە لىق قان تولغان ھالدا قارايدۇ. جەمئىيەت كىشىلىرى، بولۇپمۇ بايلارغا قارا سانايدۇ. مۇنداق تېگى جۆندەك بالىلار كەلگۈسىدە ھوقۇق-ھاكىمىيەت ئىگە بولۇپ قالسا ياكى بىرەر ئەمەل-مەنسەپكە ئېرىشسە، جەمئىيەت كىشىلىرىگە بالايى ئاپەت ياغدۇرىدۇ، پومېشچىك، باي دېھقان، كاپىتالىست، بۇرژۇئاز دەپ بايلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى بولاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى بولسا قارا قالپاق كىيگۈزۈپ سازايى قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. يەنە كەسكىنلىك بىلەن ئېيتىمىزكى، بۇنداق بالىلار ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇلىرى، سارائىلىق، مەجنۇنلۇق ۋە بىنورمال پسىخىكا كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدۇ. كەسكىن ھالەتتە ئارزۇ-ئارمانلىرى كۆپۈككە، ئۈمىدلىرى توزغاققا ۋە ئۈمىدسىزلىككە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

خۇددى ئەھمەد ئىبنى مۇنەيئى ۋە بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقاندەك بولىدۇ: «پېقىرچىلىق كاپىرلىققا يېقىن تۇرىدۇ».

بەلكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىدا نامراتلىقتىن پاناھ تىلىگەنلىكىدىن ئانچە ھەيران قالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىمام نەسەئى ۋە ئىبنى ھەببان رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ سەئىد خۇدرىيىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مەرفۇئ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كاپىرلىق ۋە كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

### △ ئىسلامنىڭ يوقسۇللۇققا قارىتا كۆرسەتكەن چارە-تەدبىرلىرى:

ئىسلام كەمبەغەللىككە ئاساسلىق ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن ئىلاج قىلدى: بىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى ھۆرمەت-ئېھتىرامغا ئىگە قىلىش؛ يەنە بىرى ئىجتىمائىي كاپالەت پرىنسىپلىرىنى يولغا قويۇش.

=ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش چارىسى:

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە جىنسلىرىنى، ھەممە رەڭلىرىنى، ئىرقلىرىنى ۋە تەبىقىلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىش ۋە ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈشتە ئورتاقلىق ۋە باراۋەرلىككە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئارتۇق ياكى تۆۋەن كۆرۈش بار دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ تەقۋادارلىق، نەتىجە ۋە ياخشى ئەمەللەرگە ئاساسەن بولىدۇ.

ئىسلام دىنى مانا بۇ پرىنسىپنى تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر زامانىنىڭ يۈرىكىگە مۆھۈر قىلىپ باستى:

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» (سۈرە ھۇجۇرات ـ 13 ئايەت).

چۈنكى، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، سۈرىتى، سالاپىتى ۋە جىسمىلىرىغا قاراشنى ئۆلچەم قىلماستىن، بەلكى قەلبلەر ۋە ئەمەللەرگە قاراشنى ئۆلچەم قىلدى.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ مۇسلىم»دا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ سۈرەتلىرىڭلارغا ۋە جىسمىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئاجىز، بىچارە، كەمبەغەل، نامرەت، يوقسۇللارنىڭ قەدرى-قىممىتىنى كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈش ياكى ئۇلارنى ھاقارەتلەشنى، بارچە ئەيىب-نۇقساندىن پاك ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىگە سازاۋەر قىلىدۇ دەپ ئېتىبارغا ئالدى.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب سەلمان، سۇھەيب ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار ئەبۇ سۇفيانغا قاراپ: «ئاللاھ تەئالانىڭ قىلىچلىرى ئاللاھ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئېلىۋالمىدى» دېيىشتى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: «قېرىنداشلىرىم! بۇ قۇرەيشلەرنىڭ پېشۋاسى ھەم خوجايىنى، سىلەر ئۇنىڭغا مۇشۇنداق گەپنى قىلامسىلەر؟» دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئىشلاردىن خەۋەردار قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ بەكرى! سەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن بولۇشىڭ مۇمكىن، ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن بولساڭ، ساڭا رەببىڭ غەزەپلىنىدۇ» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: «قېرىنداشلىرىم! سىلەرنىڭ غەزىپىڭلارنى كەلتۈرۈپ قويدۇممۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «ياق، ئاللاھ تەئالا سىزگە مەغپىرەت قىلسۇن!» دېيىشتى.

* ئىجتىمائىي كاپالەت پرىنسىپلىرىنى يولغا قويۇش چارىسى:

ئىسلام دىنى كەمبەغەللىك ۋە نامراتچىلىقتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈلچىلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي كاپالەت پرىنسىپلىرىنى يولغا قويدى. بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى ئىنسانىيەت نەچچە ئەسىر جاپا-مۇشەققەت تارتىپ ئېرىشكەن، بۈگۈنكى يىگىرمە ئەسىر ئىنسانلىرى ئەڭ ئۇلۇغۋار ۋە ئەڭ بۈيۈك ئىش بولدى دەپ يولغا قويغان ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى ئىسلام دىنى ئون تۆت ئەسىردە يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئىسلامنىڭ جەمئىيەتتىكى نامراتلىق مۇشكۇلچىلىكىگە قوللانغان بەزى چارىلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

1 ـ زاكاتتىن جۇغلىنىدىغان «بەيتۇلمال»نى تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت زاكات ۋە باشقا ئىقتىسادىي مەنبەلەردىن كەلگەن ماللارنى بىر تۇتاش يىغىپ ۋە بىر تۇتاش كونترول قىلىپ، پېقىرلەر، مىسكىنلەر، مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان يولۇچىلار، قەرزدارلار ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقى قاتارلىق تېگىشلىك بولغان كىشىلەر ۋە ئورۇنلارغا سەرپ قىلىشنى بېكىتتى. بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلىنغان: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھ تەئالانىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ تەئالا (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە تەۋبە ـ 60 ئايەت).

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىنىڭ ماللىرىدا ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرىنى سىغدۇرغۇدەك مىقداردا زاكات پەرز قىلدى. ئۇلار ئاچ قالغان ياكى يالىڭاچ قالغاندا ئۇلارنىڭ بايلىرى بېرىدىغان زاكات، سەدىقە، ھەدىيە، غەمخورلۇق ۋە ئىئانىلەر بىلەن جاپا تارتىپ قالمايدۇ. ئەگەر بايلار شۇنداق قىلمىسا، پات ئارىدا ئاللاھ تەئالا ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى دەرد-ئەلەملىك ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

2 ـ قوشنىسىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچ ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى توقلىغان ھالەتتە يېتىپ قالغان مۇسۇلماننى مۇسۇلمان ھېسابلىمىدى.

بۇ ھەقتە ئىمام بەززارىي ۋە تىبەرى رەھمەھۇمەللاھلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يېنىدىكى تام قوشنىسىنىڭ ئاچ قورساق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى چىڭ تويغۇزغان ھالەتتە يېتىپ قالغان كىشى مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

3 ـ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشنىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ۋە ئۇنى خۇشال قىلىشنى ئاللاھ تەئالاغا يېقىن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەمەللەرنىڭ ئۇلۇغلىرى جۈملىسىدىن دەپ ئېتىبارغا ئالدى.

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ «ئەۋسەت» دېگەن كىتابىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مەرفۇئ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى بىر مۇئمىنگە خۇشاللىق بېغىشلاشتۇر، كىيىم بېرىپ ئەۋرىتىنى ياپامسەن، تاماق بېرىپ ئاچ قورسىقىنى تويغۇزامسەن، ياكى ھاجىتىنى راۋا قىلامسەن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

قىيىنچىلىق پەيتلەردە، جاپا-مۇشەققەتلىك ۋاقىتلاردا ئاچلارغا تاماق بېرىش، مەھرۇم قالغان كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ۋاجىبلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى جۈملىسىدىندۇر.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىنىڭ سوپىسىدا ئولتۇرۇپ قويىدىغان ئەھلى

سۈففە كىشىلىرى ئىنتايىن كەمبەغەل ئادەملەر بولۇپ، بىر قېتىم ئۇلار ھەققىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كىشىلىك تاماق بولسا ئۈچ كىشىنى ئېلىپ كەتسۇن، كىمنىڭ ئۆيىدە تۆت كىشىلىك تاماق بولسا بەش ياكى ئالتە كىشىنى ئېلىپ كەتسۇن» دېگەن.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبۇ سەئىد خۇدرىيى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يېنىدا زىيادە ئۇلىغى بار كىشىلەر ئۇ ئۇلاغنى ئۇلاغسىز كىشىلەرگە بەرسۇن، يېنىدا زىيادە يېمەكلىكى بار كىشىلەر ئۇنى ئوزۇق-تۈلۈكى يوق كىشىلەرگە بەرسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماللارنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى بىر-بىرلەپ زىيادىلەر يوقلارغا بەرسۇن دەپ دەۋەرگەنلىكتىن بىزنىڭ بىرىمىزنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ قالىدىغان ئېشىنچا مېلىدا ھەققى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدۇق دېگەن.

ئىشلەشكە قۇدرىتى يېتىدىغان، ئىشلەش ئىمكانىيىتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىش تېپىپ بېرىش ھاكىم ئۈستىگە ۋاجىب بولىدۇ.

ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام نەسەئى رەھمەھۇمۇللاھلار رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارلار ئىچىدىن بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر نەرسە بېرىشنى سوراپ كېلىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن: «ئۆيۈڭدە بىر نەرسەڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بەزىدە يېپىنچا ۋە بەزىدە سېلىنچا قىلىدىغان بىر دانە ئەديال ۋە بىر دانە تاماق يەيدىغان جام بار» دەيدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنى ئاشۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىشى ئۆيىگە بېرىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ نەرسىلەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ ئىككىسىنى مەندىن كىم سېتىۋالىدۇ؟» دەيدۇ، بىر كىشى: «مەن ئۇ ئىككىسىنى بىر دىرھەمگە سېتىۋالاي» دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم بىر دىرھەمگە يەنە قوشىدۇ؟» دەيدۇ، يەنە بىر ئادەم: «مەن ئىككى دىرھەمگە سېتىۋالاي» دەيدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككى نەرسىنى ھېلىقى كىشىگە بېرىپ ئىككى دىرھەمنى ئېلىپ ئەنسارىغا بېرىدۇ ۋە: «بىر دىرھەمگە يېمەكلىك سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئائىلەڭدىكى كىشىلەرگە ئاپىرىپ بەرگىن، يەنە بىر دىرھەمگە پالتا سېتىۋېلىپ ئۇنى يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن» دەيدۇ، ئۇ كىشى پالتىنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ قولى بىلەن پالتىغا ياغاچ ساپ بېكىتىپ بېرىدۇ ۋە: «چۆلگە بارغىن، بۇنىڭ بىلەن ئوتۇن كېسىپ ئېلىپ كېلىپ ساتقىن، مەن سېنى 15 كۈنگىچە مەسجىدتە كۆرمەي» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى چۆلدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ 10 دىرھەمگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمىغا يېمەكلىك، بىر قىسمىغا كىيىم-كېچەك سېتىۋالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «سېنىڭ بىر نەرسە سوراپ كەلگىنىڭدىن مانا مۇشۇنىڭدەك ئوتۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگىنىڭ ياخشى، تىلەمچىلىك قىيامەت كۈنى سېنىڭ يۈزۈڭدە قارا داغ-سەپكۈن بولىدۇ» دەيدۇ.

4 ـ ئائىلە كاپالەت قانۇنىنى يولغا قويىدى. ئىسلامدا تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ھەممىسىگە مەيلى ئۇ ھاكىمنىڭ،

www.uyghurkitap.com

ياكى خىزمەتچىنىڭ، ياكى ئىشچىنىڭ، ياكى ھوپىگەرنىڭ، ياكى تىجارەتچىنىڭ، ياكى دېھقاننىڭ بالىسى بولسۇن، ھەربىر بوۋاقتا ئائىلە كاپالەت قانۇنى يولغا قويۇلدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە رەھمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «مال-مۈلۈكلەر» دېگەن كىتابىدا خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇغۇلغان ھەربىر بوۋاقنىڭ دادىسىنىڭ مائاشى ياكى كاپالەت پۇلىغا يۈز دىرھەم قوشۇپ بېرىدىغانلىقى، بالا چوڭ بولغانسېرى بۇ پۇلنىڭ سوممىسى يەنە ئېشىپ بارىدىغانلىقى، بۇ ئىشنى بۇ زاتتىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭمۇ شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇ ئائىلە تۇرمۇش كاپالىتى ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى ۋە ئىدىيلىرىنىڭ بولۇڭ-پۇشقاقلىرىغا كۆچەت قىلىپ تىككەن ۋىجدان تەربىيەسىدىن باشقا، ھەممە كىشى ۋە ھەممە ساھەنىڭ ھەمكارلىق، كاپالەت، ئۆزلۈكىدىن رىغبەت قىلىپ ئىمانىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ئۆتتۈنۈپ بېرىشى، ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىشى، ئىختىيارىي ھالدا سۆيۈنۈش بىلەن ياردەملىشىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكىلىك رول ئويناش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

### $\Delta$ ئىجتىمائىي كاپالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى تارىخىي رېئاللىق:

تارىخىي رېئاللىق دېگەنلىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ شاھىدى توغرىسىدا ھوزۇرۇڭلارغا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش كاپالەتلىرى، ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقلىرى، ھەمكارلىقلىرى ۋە بىر-بىرىگە ئېچ ئاغرىتىشلىرىغا ئائىت قىسمەن نەمۇنىلەرنى سۇنىمىز:

1) ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: مەدىنىدە ئولتۇراقلاشقان بىر تۈركۈم نامرات كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىغا كىمنىڭ ئەكېلىپ قويغانلىقىنى، كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي ياشايتتى. زەينۇلئابىدىن ئىبنى ھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، ئۇلار ئاندىن ئىشنىڭ سىرىنى بىلدى. چۈنكى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالىدىغان نەرسىلەر ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا غەسلى قىلغۇچىلار ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ۋە مۈرىسىدە تۇل ئاياللار، يېتىملەر ۋە يوقسۇل كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە نەرسە يۈدۈپ ئاپارغانلىق ۋە ئۆز ئۆيى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئارىسىدا تولا قاتىرىغانلىق سەۋەبىدىن چۈشۈپ قالغان ئىزلارنى كۆرۈشتى.

2) لەيس ئىبنى سەئد رەھمەھۇللاھ كۆپ كىرىملىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 70 مىڭ دىناردىن ئاشاتتى. ئۇ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا ئۆمرىدە ھەرگىز زاكات پەرز بولۇپ باققان ئەمەسكەن. چۈنكى، ئۇ تاپقان پايدىسىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۆمرىدە زاكات پەرز بولغۇدەك مىلى بولۇپ باقمىغان. ئۇ بىر قېتىم ئامبار قىلغىلى بىر ھويلا سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇ ۋەكىلىنى مەزكۇر ھويلىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ۋەكىل ئۇ ھويلىدا ئولتۇرغۇن يېتىم باللار ۋە غېرىب-غۇرۋالارنى كۆرگەن. بۇ كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇ ھويلىنى ئۆزلىرىگە قالدۇرۇپ قويۇشنى

ئاللاھ تەئالانىڭ نامى بىلەن سورىغان، لەيس رەھمەھۇللاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ھويلا سېلەرگە قالسۇن، ئاندىن يەنە ھويلا بىلەن قوشۇپ سىلەرگە كېرەكلىك تەمىنات ۋە ھال-ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلايدىغان نەرسىلەر سىلەرگە بېرىلسۇن» دېگەن.

3) كاتتا مۇھەددىس ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكمۇ كۆپ سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ھەر يىللىق سەدىقىسى 100 مىڭ دىناردىن ئېشىپ كېتەتتى، ئۇ بىر قېتىم بۇرادەرلىرى بىلەن ھەج قىلغىلى چىقىپ يولدا كېتىۋاتقاندا بىر مەھەللىدىن ئۆتكەن، بۇ مەھەللىدە ئۇلارغا بىر ئۆلۈك قۇش ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرادەرلىرىدىن بىرىنى ئۇ قۇشنى بىر ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىشكە بۇيرىغان، قۇش ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇلار يولىغا راۋان بولۇشقان، لېكىن ھەمراھلىرىنىڭ ئارقىسىدىراق ماڭغان بۇ زات شۇ يەرگە يېقىن بىر ھويلىدىن بىر قىزچاقنىڭ چىقىپ تاشلىۋېتىلگەن ھېلىقى قۇشنى ئېلىپ ئۆيىگە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان، ئۇ ھېلىقى قىزچاقتىن بۇ ئۆلۈك قۇشنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، قىزچاق ئۇنىڭغا: «مەن ۋە مېنىڭ قېرىندىشىم ئىككىمىز نامرات، يەيدىغان ھېچنەرسىمىز يوق، بىز ئىككىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ زات يۈك-تاقلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرىغان ۋە خادىمىدىن قانچە پۇل قالغانلىقىنى سورىغان، خادىم ئۇنىڭغا 1000 دىنار قالغانلىقىنى ئېيتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «20 دىنار سانىۋالغىن، ئۇ بىزنىڭ مەرۋىگە قايتىپ بېرىۋېلىشىمىزغا يېتىدۇ، قالغان دىنارلارنى بۇ بىچارىلەرگە بەرگىن، مۇشۇ ئىش بىزنىڭ بۇ يىل ھەج قىلغىنىمىزدىن ئارتۇقتۇر» دېگەن ۋە ھەج قىلماي قايتىپ كەتكەن.

دېمەك، كەمبەغەللىك ۋە نامراتلىق مۇشكۈلچىلىكنى ھەل قىلىشتا دۆلەت ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى ھەسسىلەپ كۆچەيتىسە، جەمئىيەتمۇ كۆچەيتىسە ۋە شەخسلەرمۇ كۆچەيتىسە، ئىسلامىي جەمئىيەتتە بىرمۇ نامرات كەمبەغەل ۋە موھتاج كىشى قالمايدۇ، ئىسلام ئۈممىتى خاتىرجەملىك، ئەمىنلىك، پاراۋانلىق، كاپالەت ۋە مۇستەھكەم پۈت تىرەپ تۇرۇشنىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ، راھەتلىنىدۇ، جەمئىيەت ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرى جىنايى ئامىللار، نورمالسىز پىسخىكىلار ۋە روھىي ئۆزگىرىپ كېتىشلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئازاد بولىدۇ، ئىسلامىي ئىززەتنىڭ بايرىقىنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە ئىززەتنىڭ ئالىي چوققىسىدا لەپىلدىگىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز، ئەنە شۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن شاد-خۇراملىققا چۆمىدۇ.

* * * * *

## 4 - ھەسەتخورلۇق ئالامىتى

ھەسەتخورلۇق باشقىلار ئېرىشكەن نېمەتلەرنىڭ زاۋال تېپىشىنى ئارزۇ قىلىش بولۇپ، ئۇ ناھايىتىمۇ خەتەرلىك بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر، ئەگەر تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىدىكى بۇ يۇقۇملۇق كېسەلگە ۋاقتىدا ئىلاج قىلمىسا، ئۇ كەسكىن ھالەتتە يامان نەتىجىلەرگە ۋە خەتەرلىك ئەھۋاللارغا ئېلىپ بارىدۇ، ھەسەتخورلۇقنى باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى دەسلەپكى باسقۇچتا ئاسانلىقچە بايقاپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار پەرزەنتلىرىدىن ھەسەتخورلۇق

www.uyghurkitap.com

يۈز بەرمەيدۇ دەپ ئويلىشىدۇ، ئۇنى ھېس قىلمايدۇ، گۇمانمۇ قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇن باللار تەربىيەتچىلىكىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر ھەسەتخورلۇقتا قىينىلىدىغان تۇغدۇرىدىغان مۇشكۇلاتلارغا، خىيىم-خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە، نەتىجىلەرگە، روھىي دەرد-ئەلەملەر ۋە ئىچ پۇشۇقلارنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارمايدىغان دەرىجىدە ھېكمەت ۋە توغرا تەربىيە يولىنىشى بويىچە چارە-تەدبىر قىلىشى لازىم.

بۇ ھادىسىنى يىلتىزىدىن ئۈزۈل-كېسىل قومۇرۇپ تاشلايدىغان ساقلاش ۋە چارە كۆرۈش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ ھادىسىگە سەۋەب بولىدىغان، ياقۇنلاپ كۆيگەن ئوتنى ئېخىمۇ ئۆرلىتىۋېتىدىغان، باللارنىڭ كۆڭلىدىكى ھەسەتخورلۇق، قىزغىنىش ۋە كۈنلەمچىلىكنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزىدىغان سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ياخشى كۆردۇق.

بۇ سەۋەبلەرنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئىشلارغا مەركەزلىشىدۇ دەپ قارىدىم.

1 ـ باللارنىڭ ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى كۆرۈش، كۆيۈنۈش، ئەتىۋارلىق بولۇش، ھەممەيلەن كۆز تىككەن شەخس بولۇش دېگەندەك ئائىلىۋى ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇش. بولۇپمۇ يېڭى بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئاچا-ئاكىلىرىنىڭ ئىچى سىقىلىشقا ۋە تارىيىشقا باشلايدۇ. چۈنكى، ئۇلار يېڭىدىن تۇغۇلغان ئىنە-سىڭىللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشلىرىدىن، ياخشى كۆرۈشلىرىدىن، مېھرىبانلىقى ۋە كۆيۈنۈشلىرىدىن سىقىپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئەتىۋارلىق بولالمايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.

2 ـ باللار ئوتتۇرىسىدا يامان سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىش. مەسىلەن، باللارنىڭ بىرىنى ئەقىللىق، زېرەك، يەنە بىرىنى دۆت، كالۋا، ئەقىلسىز؛ بىرىنى ئىشچان، ئاكتىپ، يەنە بىرىنى ھورۇن، بوشاڭ دېگەنگە ئوخشاش.

3 ـ باللىرى ئىچىدىن بىرلا بالىغا ئەھمىيەت بېرىش، كۆڭۈل بېرىش، باشقا باللىرى بىلەن كارى بولماسلىق. مەسىلەن، بىر بالىنى قاچان قارىسا ھاپاش قىلىش، كۆتۈرۈش، ئەركىلىتىش، نەرسە بېرىش، ئەتىۋارلاش، باشقىلىرىنى بولسا سىلكىشلەش، دۈشكەللەش، پەرۋاسىز قاراش ۋە مەھرۇم قىلىش.

4 ـ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بالىسى ھەرقانچە ئەسكىلىك قىلسىمۇ، ئەزىيەتلىك زەھەر نەشتىرى بولسىمۇ يول قويۇش، كەچۈرۈۋېتىش، كۆڭلىگە يىراق باللىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن قوسۇر ئىزدەش، ھەدېسىلا ئورۇپ-سوقۇش، پەس كۆرۈش، ئادەتتىكى بىر يامانلىقنى قىلسىمۇ يوغىنىتىپ جازا بېرىش.

5 ـ باي، راھەت-پاراغەتلىك ۋە پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە مۇھىتلاردا باللارنىڭ كەمبەغەللىك، يوقسۇللۇق، تۇرمۇش ھالىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋاللار.

بۇلاردىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆسمۈرلەرنىڭ خاراكتېرىدە ناچار تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنى ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇلىرى، ياكى قاتىل خاراكتېرلىك مەنمەنچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىككە، ياكى ئىجتىمائىي ئۆچ-ئاداۋەتكە ـــ كوللېكتىپكە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراشقا ـــ گىرىپتار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە بىئاراملىق، باشتۇڭلۇق، ئۆزىگە ئىشىنەلمەسلىك كەبى روھىي

كېسەللىكلەرنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ئىسلام ھەسەتخورلۇق ئاللامىتىگە ھېكمەتكە ئىگە بىر تەربىيىۋى پرىنسىپلار بىلەن چارە قىلدى. ئەگەر تەربىيەتچىلەر بۇ پرىنسىپلارنى بۇگۈنلا قوبۇل قىلسا، ئەۋلادلارنى ئەلۋەتتە ئۆزئارا بىر-بىرىنى دوست تۇتىدىغان، بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، مۇھەببەت ۋە ساپلىق ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى ھەممە ئەۋلادلار ھەمكارلىق روھىغا ئىگە، ياخشىلىق روھىغا ئىگە، باشقىلارغا نىسبەتەن كۆيۈنۈش روھىغا ئىگە يارامىلىق ئەۋلاد بولۇپ بارلىققا كېلىدۇ.

## • ھەسەتخورلۇق ھادىسىسىنى تۈزەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان چارە-تەدبىرلەر

ھەسەتخورلۇق ھادىسىسىگە چارە قوللىنىشنىڭ تەربىيىۋى پرىنسىپلىرىنى تۆۋەندىكى ئىشلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

### 1 - پەرزەنتلەرگە ئورتاق مۇھەببەت ھېس قىلدۇرۇش

مانا بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى قىلغان ئىش، ساھابىلىرىنى قىلىشقا بۇيرىغان ئىش، كىشىلەرنى قىلىشقا قىزىقتۇرغان ئىش، جەمئىيەتتە ئىجرا بولۇشىغا ئۆزى بىۋاستە نازارەتچىلىك قىلغان ئىش.

بۇنىڭ بەزى مىساللىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ۋە باشقىلار ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدىدىن، ئۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنبەر ئۈستىدە ۋەز-نەسىھەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، ئۇشتۇمتۇت ھالدا ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار يىقىلىپ قوپۇپ مەسجىدكە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىزىل كىيىم كىيگۈزۈلگەنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنبەردىن چۈشۈپ ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى. ئاندىن ئاللاھ تەئالانىڭ: «بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر» (سۈرە ئەنفال - 28 ئايەت )نى تىلاۋەت قىلىپ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر، مەن بۇ ئىككى سەبىي بالىنىڭ دەم يىقىلىپ، دەم قوپۇپ تەمتىرەپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ چىدىيالماي قالدىم، ھەتتاكى گېپىمنى بۆلۈپ مىنبەردىن چۈشۈپ بۇلارنى قۇچىقىمغا ئالدىم» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بىلەن ئوينىشاتتى، ئىككى قولى ۋە تىزى بىلەن ئۇلارغا ئات بولۇپ بېرەتتى. ئۇ ئىككىسى ئىككى ياندىن ئېسىلاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككىڭلارنىڭ تۆگىسى نېمىدېگەن ياخشى، ئىككىڭلار خورجۇننىڭ نېمىدېگەن ياخشى ئىككى يېيى» دەيتتى.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

www.uyghurkitap.com

«سىلەر بالىلىرىڭلارنى سۆيەمسىلەر؟ بىز ئۇلارنى ھەرگىز سۆيمەيمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا سېنىڭ قەلبىڭدىن رەھمەتنى تارتىپ ئالغان بولسا، مەن ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە سالالامتىم؟» دېگەن.

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد»تە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بىر ئايال ئىككى بالىسىنى بىللە ئېلىپ كىردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ ئايالغا ئۈچ دانە خورما بەردى. ئۇ ئايال بۇ خورمىلاردىن ئىككىسىنى بالىلىرىغا بىردىن بېرىپ بىرىنى ئۆزى يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، بالىلار ئۆزلىرىنىڭ خورمىسىنى يەپ بولۇپ ئانىسىنىڭ قولىدىكى خورمىغا تەڭلا قاراشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال قولىدىكى خورمىنى ئۆزى يېمەي، ئىككى پارچە قىلىپ ئۇلارغا بىر پارچىدىن بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇ: «ئى ئائىشە! سەن ئۇ ئىشتىن شۇنچىلىك ھەيران قالدىڭمۇ؟ بالىلىرىغا رەھىم-شەپقەت قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تەئالا ئۇ ئايالغا رەھمەت قىلدى» دېدى.

### Δ يېڭى بوۋاق ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىدىغان ئىشلار:

يېڭى بوۋاق تۇغۇلغان چاغدا تەربىيەتچىلەر، بولۇپمۇ ئانىلار چوڭ بالىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، ئۇلاردىكى ھەسەتخورلۇقنىڭ شىددەت بىلەن كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان زۆرۈر ئېھتىيات ئۇسۇللىرىنى چوڭ تۇتۇشى ۋە كۆڭلىدىن بىردەممۇ يىراق قىلماسلىقى لازىم. مانا بۇ ئېھتىياتلار بوۋاق تۇغۇلۇشتىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى باشلىنىدۇ. مەسىلەن، چوڭ پەرزەنتلەرنىڭ ياتىدىغان كارىۋىتىنى ئۆزگەرتكەنگە، ياكى يەسلى ۋە ساۋات چىقىرىش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىۋەتكەنگە ئوخشاش. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئىشلىرىغا، مەسىلەن، كىيىم ۋەھەكازالىرىنى يۇغان، كىيگۈزگەن ياكى تاماق يېگۈزگەن چاغلاردا چوڭ بالىنى ياردەملەشتۈرسەكمۇ بولىدۇ. ئۇلارنى بوۋاق ئۇكىسى بىلەن ئوينىشىش ۋە ئويناشقا يول قويۇش كېرەك. لېكىن، ئەزىيەت بېرىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئازراق كۆزىتىش كېرەك. بولۇپمۇ ئانا بوۋاقنى ئېمىتىش ئۈچۈن قۇچىقىغا ئالغاندا پەخەس بولغىنى تۈزۈك. بۇنداق چاغدا دادا چوڭ بالىسى بىلەن ئوينىشىشى، سۆزلىشىشى، مۇھەببەت، مېھىر-شەپقەت ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىشى كېرەك.

بۇلاردىن مەقسەت چوڭ بالىغا ئۆزىنىڭمۇ مەھبۇب ئىكەنلىكىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆز تىككەن، مەقسەت قىلغان بالىسى ئىكەنلىكىنى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئوخشاشلا مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆڭۈل بۆلۈش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مانا بۇ ئۇلۇغ تەربىيەتچى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردە كۆرسىتىپ بەرگەن مەسىلىلەردۇر.

ئەگەر بارلىق تەربىيەتچىلەر ئۆسمۈرلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى مۇھەببەت، ھەمكارلىق، ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە

ئـۆز مەنپەئەتىدىـن ۋاز كېچىـش ئاساسـىدا يېتىلدۈرۈشى، شـۇنداقلا ئۇلارنى ئۆچ ـ ئـاداۋەت، ئۆزىنىـڭ كۆمچىگـە چـوغ تارتىـش ۋە مەنمەنچىلىكتىـن ئـازاد قىلىشنى ياخشى كۆرسە، پەرزەنتلىرىگـە مۇھەببـەت ھېـس قىلدۇرۇشـتا رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ماڭغـان يولـدا مېڭىشـى لازىـم.

## 2 - پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئەدلى ـ ئادالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

قۇياشـتەك روشـەن ئىشـلارنىڭ بىـرى شـۇكى، ئەگـەر تەربىيەتچىلـەر پەرزەنتلىـرى ئوتتۇرىسـىدا مۇئامىلىـدە بـاراۋەر بولسـا، بىرىشـتە ئـۇلار ئارىسـىدا ئەدلى ـ ئادالەتنـى ئەمەلىيلەشتۈرسـە، ئۇلارنىـڭ كۆڭۈللىرىدىكى ھەسـەتخورلۇق ئالامتى يوقايـدۇ، ئۇلارنىـڭ قەلبلىرىدىــن ئۆچ ـ ئاداۋەتنىـڭ ئاپەتلىـرى زاۋال تاپىـدۇ، بەلكـى، پەرزەنتلـەر قېرىنداشـلىرى ۋە تەربىيەتچىلىـرى بىلـەن تولـۇق چۈشـىنىش ئاساسـىدا، ئۆزئـارا مۇھەببـەت ئالماشـتۇرۇش ئاساسـىدا ياشـايدۇ، بەلكـى، ئائىلـىدە دوسـتلۇق، ئىناقلىـق، ئىخلاسـمەنلىك ۋە ساپلىقنىڭ قاناتلىـرى پـەرۋاز قىلىـدۇ، تۇنجـى مۇئەللىـم، ئۇلـۇغ تەربىيەتچـى پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ ئاتا ـ ئانـلار ۋە بارلـىق تەربىيەتچـى قېرىنداشـلار ئارىسـىدا ئەدلى ـ ئادالـەت پرىنسـىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشـكە قىزىقتۇرغانلىقىدىـن ھەيـران قالمىسـاقمۇ بولىـدۇ، بەلكـى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم پەرزەنتلىـرى ئارىسـىدا ئەدلى ـ ئادالـەت يۈرگۈزمىگـەن، رەھىم ـ شـەپقەتنى ئوخشـاش ئىزھـار قىلمىغـان كىشـلەرنى قاتتىـق ئەيىبلەيتتـى ۋە ئۇلارغـا قەتئىـي قارشـى تۇراتتـى. تەقسـىمات ۋە نەرسـە بېرىشـتە بـاراۋەر قىلمىغانلارنـى كۆرسـە قاتتىـق تەنبىـھ بېرەتتـى.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ توغـرا تەربىيـە ۋە ئىجتىمائىـي ئىسـلاھاتقا قانچىلىـك ئەھمىيـەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىشـنى مەقسـەت قىلغـان كىشـلەرگە ئـۇ زاتنىـڭ كۆرسـەتمىلىرى ۋە ئىنكار قىلغانلىرىدىـن نەمۇنىلـەر كەلتۈرىمـىز.

پەرزەنتلـەردە كۆرۈلىدىغـان ئۆزىنـى كەمسـىتىش تۇيغۇسـى ئالامەتلىرىگـە چـارە كـۆرۈش توغرىسـىدا بۇ ھەدىسـلەرنى بىـر قـۇر بايـان قىلىـپ ئۆتكـەن بولسـاقمۇ، لېكـن پايدىلىنىشـنى ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن يەنـە بىـر قېتىـم تەكـرار بايـان قىلىمىز:

ئەنــەس ئىبنــى مالــك رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن مۇنــداق رىۋايــەت قىلىنىــدۇ: پەيغەمبــەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ يېنـدا بىـر ئـادەم تۇراتتـى. ئۇنىـڭ يېنغـا ئوغلـى كەلـدى، ئـۇ ئۇنـى سـۆيۈپ ئەركىلىتىـپ يوتىسـىدا ئولتۇرغـۇزدى، شـۇنىڭدىن كېيىــن قىــزى كەلگەنــدى، ئۇنــى ئالدىــدا يــەردە ئولتۇرغــۇزدى، پەيغەمبــەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئۇنىـڭ بـۇ قىلىقىنـى كـۆرۈپ ئۇنىڭغـا تىرىكىـپ: «ئىككىسـىگە ئوخشـاش مۇئامىلـە قىلسـاڭ بولمامـدۇ؟ ئادىللىـق قىلسـاڭ بولمامـدۇ؟» دەپ كايىـدى.

ئىككـى شـەيخ رەھىمەھۇمەللاھـلار نوئمـان ئىبنـى بەشـىر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن مۇنـداق رىۋايـەت قىلىـدۇ: بىـر كۈنى نوئماننىـڭ ئاتىسـى ئۇنى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ ھوزۇرىغـا ئېلىـپ كېلىـدۇ ۋە: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! مـەن بـۇ ئوغلۇمغـا بىـر دانـە قۇلنـى ئىگىلىتىـپ قويـدۇم، گـۇۋاھ بولغىـن» دەيـدۇ، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئۇنىڭدىـن: «سـېنىڭ بۇنىڭدىـن باشـقا پەرزەنتلىرىـڭ بارمـۇ؟» دەپ سـورايدۇ، ئـۇ:

«بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن ھەممە باللىرىڭغا مۇشۇ بالاڭنى ئېگىلىتىپ قويغاندەك ئېگىلىتىپ قويدۇڭمۇ؟» دەيدۇ، ئاتام: «ياق، مۇشۇ بالامغىلا ئېگىلىتىپ قويدۇم، بۇ بالام باللىرىم ئارىسىدا كۆزۈمگە ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، مەن ئۇنىڭغا بەك ئامراق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ئۇ قۇلنى قايتۇرۇۋالغىن» دەيدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى بەشىر! سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭدىن باشقىمۇ پەرزەنتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ: «بار» دەيدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ھەممە باللىرىڭغا مۇشۇ بالاڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا مېنى زۇلۇمغا گۇۋاھ قىلمىغىن، مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن» دەيدۇ، ئاندىن: «ياخشىلىقتا باراۋەر بولۇش سېنى خۇشال قىلامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ: «ئەلۋەتتە خۇشال قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا رۇخسەت يوق» دەيدۇ.

## 3 ـ ھەسەتخورلۇققا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى يوقىتىش

بارلىق تەربىيەتچىلەر پەرزەنت تەربىيىلەشتە ھوكۇما بولۇشى كېرەك، دېمەكچىمەنكى، پەرزەنتلەر كۆڭلىدىن ھەسەتخورلۇقنىڭ ئالامەتلىرىنى يوقىتىشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرنى قوللىنىش كېرەك.

يىگى بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى چوڭ قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىدە ئەمدى دادىمىز بىلەن ئانىمىزنىڭ كۆڭلىدىن بىزگە بولغان مۇھەببەت، ئامراقلىق، كۆيۈنۈش ۋە غەمخورلۇقنى يوق قىلىۋېتىدۇ دەيدىغان تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى سەرپ قىلىپ ئۇلارغا مۇھەببىتىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنى مەڭگۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن ئۇلارغا ئورۇن بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئاتا ـ ئانىنىڭ چوڭ پەرزەنتلەرنى دۆت، كالۋا، يارىماس دېگەندەك سىلكىشلەش سۆزلىرى بىلەن تىللىشى، ئۇلارنىڭ سەبىي يۈرەكلىرىدە ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، ھەسەتخورلۇقنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىۋاتقان بولسا، ئاتا ـ ئانىلار دەردلىك سۆزلەر، تىل ـ ئاھانەتلەر ۋە جاراھەتلىك سۆزلەرنى قىلىشتىن تىلىنى يىغىشى كېرەك.

مۇئامىلە، مۇھەببەت ۋە نەرسە ـ كېرەك بېرىشتە بالىلار ئارىسىدا باراۋەر قىلماي، باللارنىڭ بىرىنى ئارتۇق، بىرىنى تۆۋەن كۆرۈش ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ھەسەتخورلۇق ئالامەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يەئقۇب سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەندەك قېرىنداشلار ئارا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى تەۋەللۇت قىلغان بولسا، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ئەدلى ـ ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە باراۋەرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئەنە شۇنىڭدەك، بارلىق تەربىيەتچىلەرگە، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىلارغا پەرزەنتلىرىنىڭ روھىيىتىدە ھەسەتخورلۇق باشچىلىقىدىكى بارلىق روھىي ئاپەتلەرنىڭ يېتىلىپ قالماسلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ۋابالارغا گىرىپتار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەل ھالەتتە يېتىلىشى، ياخشى تەربىيىنىڭ



www.uyghurkitap.com

سايىسىدا يارامىلىق، ئۆلچەملىك ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ھەردائىم ئاگاھ ۋە دانا بولۇشى، قاتتىق دىققەت قىلىشى، ئېھتىيات قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، ھەسەتخورلۇق شەخسكە نىسبەتەن بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن بولسۇن خەتىرى ئەڭ زور ئاپەتتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىنى ھەسەتخورلۇقتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە چەكلىگەن: ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مەرفۇئ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، خۇددى ئوت ئوتۇننى يەپ كەتكەندەك، ھەسەت ياخشىلىقلارنى يەپ كېتىدۇ» دېگەن.

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىشىلەر ئۆزئارا ھەسەت قىلىشمىسىلا ياخشىلىق ئىچىدە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە «ھەسەتخور مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەستۇر» دېيىلگەن.

ئىمام دەيلەمى رەھمەھۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەبرى[1] ھەسەلنى بۇزغاندەك، ھەسەت ئىماننى بۇزىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بارلىق ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىدىكى ھەسەتخولۇقنى چارە قوللىنىشتا مۇشۇ تەربىيۋى پرىنسىپلارغا ئېھتىياجلىق. ئەگەر ئۇلار بۇ پرىنسىپلارنى چىڭ تۇتسا، كۆرسەتمىلەرنى قوبۇل قىلسا، پەرزەنتلەرنىڭ روھى پاك، نىيىتى ساپ ھەم خالىس، يارامىلىق ئادەمگە ئايلىنىشىدا شەك يوق.

* * * * *

## 5 - غەزەپلىنىش ئالامىتى

ئاچچىقلىنىش روھىي ھالەت بولۇپ، ئۇ ئۆسمۈرلۈك ھاياتىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپ ھېس قىلىنىدىغان ۋە ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۆمرىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا ھەمراھ بولىدىغان ھاياجانلاندۇرغۇچى ئالامەتتۇر.

ئاچچىقلىنىش ئادەم تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۇنىڭدا يىلتىز تارتىپ كەلگەن خۇلق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاچچىقلىنىشنى قەبىھ ئالامەتلەر ۋە ناچار ھاياجانلىق ھالەتلەرنىڭ قاتارىغا تىزىشىمىز خاتا. چۈنكى ئاللاھ تەئالا سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭدا ھېسسىيات، مايىللىق ۋە ھېس-تۇيغۇلارنى بىللە قوشۇپ، ئۇنى ئىنسان تەركىبىي قىسمى قىلىپ ياراتقان. مانا بۇلار ۋايىغا يەتكەن بىر ھېكمەت ۋە ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ.

(1) سەبرى – بىر خىل ئاچچىق، قىرتاق دورا ئۆسۈملۈكى.

www.uyghurkitap.com

غەزەپلىنىشنىڭ پايدىلىرى: جانني قوغداش، دىنني قوغداش، يۈز-ئابرۇيىنى قوغداش، ئىسلامىي ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرى، دۈشمەنلەرنىڭ قانلىق قوراللىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش ۋە قوغداشتۇر. ئەگەر ئاللاھ تەئالا ئىنسانغا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرغان بۇ غەزەپلىنىش ئالامەت ھادىسىسى بولمىغان بولسا، ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلغان، ھارام قىلغانلىرى ھالال سانالغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى خورلانغان، ياكى دۈشمەن مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغان ياكى تارتىۋالماقچى بولغان، ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىن-يۇرتلىرىغا ئىگە بولۇۋالماقچى بولغاندا مۇسۇلمانلاردا غەزەپ بولمىسا، بۇلارغا قارشى ھەرگىز قوزغالمايتتى، دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ ئەدىبىنى بەرمىگەن بولاتتى.

## • مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان غەزەپ ۋە سەلبىي غەزەپ

مانا بۇ غەزەپ شەكسىز مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك بولغان غەزەپنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ غەزەپ بەزى ھالەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ رەھبىرى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىمۇ بار ئىدى:

«سەھىھ بۇخارى»دا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالانىڭ قانۇنىي جازاسىغا تارتىلماقچى بولغان بىر كىشىنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغان كىشىلەرگە قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى ۋە چىرايىدا غەزەپلىنىشنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلگەنلىكى ۋە بۇ توغرىدا مۇنۇ مەڭگۈلۈك سۆزنى دېگەنلىكى بايان قىلىندۇ: «سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىز، بىچارە ئوغرىلىق قىلسا ئۇلار ئۇنى جازالايتتى، ھودۇد بەلگىلىمىلەرنى ئۇنىڭغا ئىشلىتەتتى. ھۆرمەتلىك ئېسىلزادە ئوغرىلىق قىلسا ئۇلار ئۇنى جازالىماي قالدۇرۇپ قوياتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر كەمىنە مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلسا، مەن چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كېسىمەن»».

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغاندىن باشقا بىرەر ئىشتىن ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئەگەر ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلسا خالايىقلار ئىچىدە ئۇنىڭدەك قاتتىق غەزەپلىنىدىغان كىشىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ئەگەر ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى ئىش تەڭلەنسە، ئاللاھ تەئالانىڭ نارازىلىقى بولمىسىلا ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ئاسانراقىنى تاللايتتى. ئەگەر ئۇ ئىشتا ئاللاھ تەئالانىڭ نارازىلىقى بولسا، خالايىقلار ئىچىدە ئۇ شۇ ئىشتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان ۋە قاچىدىغان كىشى ئىدى».

جەمئىيەت ۋە تەربىيە تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە غەزەپنىڭ بولۇشىنى ھالەك قىلغۇچى رەزىللىكلەر ۋە پەسكەش ئادەتلەر قاتارىدىن سانىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئاشۇ پەسكەش ۋە ناچار غەزەپنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىدىغان يامان ئىشلار ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر ۋە يامان نەتىجىلەرنى كۆزدە تۇتقان. غەزەپ ۋە ھاياجانلىنىش شەخسىي مەنپەئەت، مەنمەنلىكنى قوزغاتقۇچى ئامىللار ۋە شەخسىيەتچىلىكنى قۇتراتقۇچى ئازازۇللۇقنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولسا،

ئۇنداقتا بۇ خىلدىكى غەزەپ ۋە ھاياجانلىنىشنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى بىرلىكنى پارچىلىۋېتىشى، جامائەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى، ئىناقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى بولۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قەدەر كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن قېرىنداشلىق، مۇھەببەت ۋە ساپلىقنىڭ مەنا-ئۇقۇملىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىشى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ خىلدىكى غەزەپ ھادىسىلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن، ئاچچىقنى يۇتقان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ۋە غەزەپلەنگەن ۋاقتىتا ئۆزلىرىگە ئىگە بولالىغان كىشىلەرنى مەدھىيىلىگەن.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا» دېگەندە، ئۇ: «ئاچچىقلانما» دېگەن. ھېلىقى كىشى «ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا» دېگەن سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىغان. بۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ «ئاچچىقلانما» دېگەن سۆزنى تەكرار ئېيتىۋەرگەن.

ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى! مېنى ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىدىن نېمە يىراق قىلىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئاچچىقلانماسلىقىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاچچىقنى چىقىرىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ ئاچچىقنى يۇتقان كىشىنى ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى خالايىقلارنىڭ ئىچىدە دەسلەپ بولۇپ چاقىرىدۇ ھەمدە ئۇ كىشىنى شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر ئىچىدىن قايسىسىنى ئىختىيار قىلسا، شۇنى تالللىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزدىن: «سىلەر قانداق كىشىنى باتۇر دەپ قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز: «ئەركەكلەر يېقىتالمايدىغان ۋە يېڭەلمەيدىغان كىشىنى باتۇر ۋە پەھلىۋان دەپ قارايمىز» دېيىشتۇق. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق، بەلكى ھەقىقىي باتۇر كىشى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىگە ئىگە بولالىغان كىشىدۇر» دېدى.

شۇنىڭدەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ جەمئىيەتتە دوستلۇق، مېھىر-مۇھەببەت، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناق-ئىتتىپاقلىقى ۋە سەممىي مۇھەببەت ئەمەلىيلەشكەنگە قەدەر مۇئمىن ئەر-ئاياللارنى ئاچچىقنى يۇتۇشقا، يامانلىقتىن ياخشىلىق بىلەن مۇداپىئە كۆرۈشكە ۋە نادانلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلار بىلەن تەڭ بولماسلىققا بۇيرىغانلىقىدىن ھەيران قېلىشىڭىزمۇ ئورنى يوق.

«قۇرئان كەرىم» بۇ ھەقتە نېمە دەيدۇ، بىر نەزەر سېلىپ باقايلى: «ياخشى ئىش بىلەن يامان

www.uyghurkitap.com

ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ» (سۈرە فۇسسىلەت 34 ـــ 35 ـ ئايەتلەر)؛

«مەرھەمەتلىك ئاللاھ تەئالانىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ. نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: ‹سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز› دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)» (سۈرە فۇرقان ـ 63 ئايەت)؛

«تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ تەئالا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران ـ 134 ئايەت).

«...، ... دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، ... ئاللاھ تەئالانىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر» (سۈرە شۇرا ـ 37 ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سەلبىي غەزەپلىنىش ھادىسىسى ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى، ئادىمىيلىك سالاھىيىتى، ئەقلى ۋە ئۆلچىمىگە ناچار تەسىر يەتكۈزگەنلىكى، داغ تەگكۈزگەنلىكى، جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى، ئىناقلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سالغانلىقى ۋە خېيىم ـ خەتەر ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پەس نەتىجىلەرنى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بارلىق تەربىيەتچىلەر سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ تىرىنقى ئۆسۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ ئۆسمۈرلۈك باسقۇچىغا، ئاندىن بالاغەت يېشىغا يەتكەنگە قەدەر ئۇلاردىكى بۇ ھادىسىگە چارە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

پەرزەنتلەردىكى سەلبىي غەزەپلىنىش ھادىسىسىگە چارە كۆرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بۇ ناچار سۈپەتلىك غەزەپلىنىش ئالامىتىنىڭ ئۇلارنىڭ خۇلقى ۋە ئادىتىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرى ۋە چاقىرغۇلىرىنى ئالدىنىئالا بايقاش ۋە ئالدىنئالا زەربە بېرىش ۋە يوقىتىشتۇر. خۇددى ئاقىللار ئېيتقاندەك: «ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلگەن بىر درھەم، ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن چارە قىلىش ۋە تۈزەشكە ئىشلەتكەن دۆۋە ـ دۆۋە تىللالاردىن ياخشى»، «سۇ كېلىشتىن بۇرۇن توغان سال، بېلىق تۇتۇشتىن بۇرۇن تو (قاماق)».

* ئەگەر بالىلاردىكى غەزەپلىنىش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبى ئاچلىق بولسا، ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە ۋاقتىدا تاماق يېگۈزۈشكە، مەخسۇس ۋاقىتلاردا مەخسۇس تاماقلارنى تەييارلاپ بېرىشكە، كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ ئاچ قالماسلىقىغا تىرىشچانلىق قىلىشى ۋە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئوزۇقلىنىشقا پەرۋاسىزلىق قىلىش جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە روھىي جەھەتتىن ھاياجانلىنىشقا، تەسىرلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. قانچىلىغان تەربىيەتچىلەرنى ئۆزى ئىگە بولغان، بېقىشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنى باقماي زايە

قىلغانلىقتىن گۇناھكار ۋە جىنايەتچى بولۇپ قالمايدۇ دەيسىز؟

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىنسان ئۆزى بېقىشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنى باقماي زايە قىلىۋەتكەنلىكى ئۇنىڭغا گۇناھ ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

* ئەگەر بالىلاردىكى غەزەپلىنىش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبى كېسەللىك بولسا، ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتىگە تېببىي جەھەتتىن چارە كۆرۈشى، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ساقلىقنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىشى، ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەرقانداق كېسەلنىڭ بىر دورىسى بار، دورا كېسەلگە توغرا ئىشلىتىلسە، كېسەل ئاللاھ جەللە ۋەئەلانىڭ ئىزنى بىلەن ساقىيىدۇ» دېگەن كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇشى لازىم.

* ئەگەر بالىلاردىكى غەزەپلىنىش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبى ئورۇنسىز ئاھانەت قىلىش، سىلكىشلەش، قېقىۋېتىش بولغان بولسا، ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ كۆڭلىدە روھىي ئاپەتلەرنىڭ يىلتىز تارتماسلىقى، غەزەپلىك ھاياجان ئۇچقۇنلىرىنىڭ يالقۇنغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۇنداق ھاقارەتلىك ۋە ئاھانەتلىك سۆزلەرنى قىلىشتىن تىلىنى يىغىشى كېرەك. بۇ ھەقىقەتەن تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بارغانلىق ۋە پەرزەنتىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ.

ئىمام ئىبنى ماجە رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەۋلادلىرىڭلارنى تەربىيىلەڭلار، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى چىرايلىق قىلىڭلار».

ئىمام ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بولسا «ئۆز پەرزەنتىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ياردەم قىلغان دادىغا ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن» دېيىلگەن.

* ئەگەر بالىلاردىكى غەزەپلىنىش ھادىسىسى ئاتا-ئانىسىنى دوراش بولسا، ئۇنداقتا ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە مۇلايىملىق، كەمتەرلىك، خۇشپېئىللىق، ئىللىقلىق ۋە ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىقلاردا ياخشى ئۈلگە بولۇشى، ئاللاھ تەئالانىڭ: «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا( پۇل-مال ) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان ) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر، ئاللاھ تەئالا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران - 134 ئايەت ) دېگەن سۆزىنى ئەمەلىي رېئاللىقتا ئىپادىلىشى، شۇنداقلا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدا بايان قىلغان «ھەقىقىي باتۇر كىشى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىگە ئىگە بولالىغان كىشىدۇر» دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

=ئەگەر بالىلاردىكى غەزەپلىنىش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلەتكەنلىك، چەكتىن ئاشۇرۇپ راھەتپەرەس قىلىپ قويغانلىق بولسا، ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتكە بولغان مۇھەببەتتە نورمال

www.uyghurkitap.com

بولۇشى، ئۇلارغا بولغان كۆيۈنۈش، مېھىر-شەپقەت ۋە چىقىم قىلىشتا تەبىئىي بولۇشى، ئۇلارغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «دوستۇڭلارغا بولغان دوستلۇقتا ئەمگە بول، چۈنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن؛ دۈشمىنىڭگە بولغان دۈشمەنلىكتىمۇ تەمكىن بول، چۈنكى ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دوستۇڭغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزىگە مۇناسىپ ئىش قىلىشى، ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «راھەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرى راھەتپەرەس ئەمەستۇر» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئۇيغۇن ئىش قىلىشى لازىم.

* ئەگەر بالىلاردىكى غەزەپلىنىش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبى مازاق قىلىش، مەسخىرە قىلىش ۋە لەقەملىرى بىلەن چىشلەپ تارتىش بولسا، پەرزەنتلەرنىڭ كۆڭلىدە ئاچچىقلىنىش ۋە تەلۋىلىك ھادىسىسى يىلتىز تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، پەرۋىشچىلەر بۇ سەۋەبلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەسخىرە قىلىش، يامان گۇمان قىلىش، ئىشپىيونلۇق قىلىش ۋە لەقەملەرنى چىشلەپ تارتىش قاتارلىقلاردىن نەھيى قىلغان تەربىيەسى نېمىدېگەن كاتتا! نېمىدېگەن بۈيۈك-ھە!

## • پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەزەپلىك ھالەتنى تۈزەش توغرىسىدا بەرگەن كۆرسەتمىلىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلى

غەزەپلىك ھالەتنى تۈزەشنىڭ چارە-ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ غەزەپلەنگۈچىلەر شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ ۋە باشقىلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆرە تۇرغاندا غەزەپلەنگەن بولسا دەرھال ئولتۇرۇۋالسۇن، بۇنىڭ بىلەن غەزەپ كەتسە مەيلى، ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ كەتمىگەن بولسا دەرھال يېتىۋالسۇن» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدۇ.

2 ـ تاھارەت ئېلىش.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاچچىقلىنىش شەيتاندىندۇر، شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان؛ ئوتنى سۇ ئۆچۈرىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا تاھارەت ئېلىۋەتسۇن» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدۇ.

3 ـ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئاچچىقى تۇتقاندا جىم تۇرۇۋالسۇن» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدۇ.

4 ـ ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش.

ئىككى شەيخ رەھىمەھۇللاھلار مۇنداق رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

هوزۇرىدا ئىككى ئـادەم تىللىشـىپ قالـدۇ، ئىككىسىنىڭ بىـرى ئۆزىنـىڭ ھەمراھىنى چىرايى قىزارغـان ھالـدا غـەزەپ بىلـەن تىللايـدۇ، شـۇنىڭ بىلـەن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «مـەن سـاڭا شـۇنداق بىـر كەلىمنـى ئۆگىتىـپ قويـاي، ئەگـەر ئـۇ كەلىمنى دېسـە كىشىدە غـەزەپ يوقىلىـپ كېتىـدۇ، ئـۇ بولسـمۇ: ‹ئەئـۇزۇ بىللاھـى مىنەششـەيتانىررەجىم› (ئاللاھ تەئالانـىڭ ياردىمى بىلـەن ئاللاھ تەئالانـىڭ دەرگاھىدىـن قوغلانـدى بولغـان شـەيتاننىڭ يامانلىقىدىـن پانـاھ تىلەيمـەن) دېگـەن دۇئادىـن ئىبـارەت» دېگـەن.

مانـا بـۇلار پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ غەزەپنـىڭ بىسـىنى ئارقىغـا يانـدۇرۇش توغرىسـىدا قالدۇرغــان ۋەســىيەتلىرىنىڭ ئــەڭ مۇھىملىرىــدۇر.

مانـا ئەمـدى بارلىـق ئاتا ـ ئانـىلار ۋە تەربىيەتچىلـەر ئەۋلادلىـرى ۋە شـاگىرتلىرىنى ئاشـۇ ۋەسـىيەتلەرگە ئاساسـەن تەربىيىلىشى لازىـم، بـۇ تەربىيىنـىڭ پەزلى بىلـەن ئـۇلار مۇلايىملىقىـا، كـەڭ قورساقلىققا، ئاچچىقى تۇتقانـدا ئۆزىنـى تۇتۇۋېلىشـقا ئادەتلىنىشـە ئەجـەب ئەمـەس.

ئاخىـردا تەربىيەتچىلەرنـىڭ سـەمگە شـۇنى سـالىمىزكى، ئـۇلار پەرزەنتلىرىگـە غەزەپلىنىـش ھادىسـىلىرىنى قەبىـھ كۆرسىتىشـى، غەزەپلەنگـەن ھالەتتىكى ئىنسـاننىڭ ئىككى كـۆزى يوغىنـاپ، قىزىرىـپ، گـەدەن تومۇرلـىرى ئىسـسىپ، چىـراي ئىپادىلـىرى ئۆزگىرىـپ، يـۈزى قىزىرىـپ، ئـاۋازى كۆتۈرۈلـۈپ سەتلىشـىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى كېرەك، شۇبھىسـىزكى، بالىلارغـا بـۇ ھېسسـىي كۆرۈنۈشـلەرنى گەۋدىلـىك قىلىـپ نامايـان قىلىـپ كۆرسـەتكەندە، ئۇلارنـىڭ غەزەپلىنىشـنى توسـۇپ قالغىلى ۋە ئالدىنى ئالغىلى بولىـدۇ.

شـۇنداقلا، ئۇلارنى غەزەپلىنىشـنىڭ ئاپەتلىـرى، چېكىگـە يېتىدىغـان خەتەرلىـرى ۋە خېيىم ـ خەتەرلىـك ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغىلـى بولىدۇ.

پەرزەنتلەرگـە مانـا بـۇ غەزەپلىـك ھالەتنى قەبىـھ كۆرسىتىش، بەتبەشـىرە كۆرۈنۈشـتە كۆرسـىتىش ۋە ئاگاھلانـدۇرۇش دەپ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ جەمئىيەتنـى تەربىيلـەش ۋە كىشـلەرنىڭ روھىيەتلىرىگـە چـارە قىلىشتا ماڭغـان يولـدۇر.

ئىمـام ئەھمـەد رەھمەھۇلـلاھ رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «دىققـەت! غەزەپ ـ نەپـرەت ئـادەم پەرزەنتىنـىڭ قەلبىـدە كۆيىدىغـان چوغـدۇر، ئۇنـىڭ تومۇرلىرىنـىڭ كۆپۈشـكەنلىكى، ئىككى كۆزىنـىڭ قىزارغانلىقىغا قارىمىدىڭلارمـۇ؟ كىمكى ئاشـۇ غەزەپتىـن بىـر نەرسـىنى ھېـس قىلسـا يەرگـە ياتسـۇن، يەرگـە ياتسـۇن» دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ.

يۇقىرىدىكـى بايانلاردىــن خۇلاسـە: تەربىيەتچىلـەر پەرزەنتلەرنـى غەزەپلىنىشـنى كەلتـۈرۈپ چىقىرىدىغـان ئامىـل ۋە سـەۋەبلەردىن يىراقلاشـتۇرغان، غەزەپنى پەسەيتىشـتە رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ يولنى چىڭ تۇتقان، ئۆسـمۈر پەرزەنتلىرىگـە غەزەپلىنىشـنىڭ قەبىـھ كۆرۈنۈشـلىرىنى كۆرسـەتكەن غەزەپلىنىشـتىن ئېھتىيـات قىلىشـقا ئاگاھلاندۇرغـان چاغـدا ... ئۇلارنـىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلادلـىرى چوقـۇم مۇلايىـم، ئېسـىل، ئېغىر ـ بېسـىق، تەمكىـن، ئەقلى ئۆلچەملىـك، مىجـەزى ئوبـدان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغـان، ئۆزىگـە ئىگـە بولالايدىغـان ۋە بەلكى مۇسـۇلماننىڭ ئەخلاقىدىـن سـەممىي

كۆرۈنۈشلەرنى تەقدىم ئېتىدىغان، ھاياتلىقتا توغرا يول تۇتۇپ ماڭالايدىغان ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ!!!

* * * * * *

بارلىق ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچى پەرۋىشكارلار سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە شاگىرتلىرىنى، جۈملىدىن پۈتۈن جەمئىيەت ۋە پۈتۈن ساھەدىكى ئەۋلادلارنى تارتىنچاقلىق، يۈزى تۆۋەنلىك، قورقۇنچاقلىق، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى، ھەسەتخورلۇق ۋە ئاچچىقلىنىش قاتارلىق ھادىسىلەردىن ئازاد قىلغان ۋە قىلالىغان چاغدا يۈرەك پارلىرىنىڭ كۆڭلىدە ساباتلىق، باتۇرلۇق، شىجائەت، ئەدەپ-ئەخلاق ئاساسىدىكى جۈرئەت، غەيرەت، مەجبۇرىيەت ۋە كامالەت تۇيغۇسى، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ ئۆتۈنۈپ بېرىش، مۇھەببەت، مۇلايىملىق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئېغىر بېسىقلىق روھلىرىنى كۆچەت قىلىپ تىكىدۇ ۋە تىككەن بولىدۇ.

بەلكى ئۇلار مانا بۇ بىرنى قومۇرۇپ بىرنى تىكىش ياكى بىرنى يولغا قويۇپ بىرگە قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەۋلادلىرىنى ئەتىنىڭ يىگىتلىرى، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئەركەكلىرى قىلىپ تەييارلايدۇ. مانا بۇ يىگىتلەر ۋە ئەركەكلەر ھاياتلىقتا تەبەسسۇم ۋە خۇش چىراي بىلەن، ئۆتكۈر، سۇنماس، مەزمۇت ئىرادە بىلەن، كۆككە تاقاشقان ھىممەت بىلەن، ئاجايىپ ئېسىل ئەخلاق بىلەن ۋە مەردانە قەدەم بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ ۋە يۈزلىنىدۇ.

بىز روھىيەتنى تەربىيىلەشتە ئىسلامنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزەشتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەنھەج-يوللىرىنى بىلىدىغان تەربىيەتچىلەرگە نېمىدېگەن ئېھتىياجلىق-ھە! چۈنكى، ئۇلار ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن بۇنى بىلىشلىرى كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق بولغان بولسا، بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنىڭ كامالەت تاپقانلىقى، ھەرىكەت ۋە مېڭىش يۆلىنىشىنىڭ تۈزۈلۈپ كەتكەنلىكى، ئەخلاقى ئالىي، روھى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، جەڭگىۋار ھالەتتە ھايات قايناملىرىدىن دولقۇنلاردىن سۈزگەنلىكى، كۆڭۈللىرى ۋە قەلبلىرىدىن روھىي ئاپەتلەر تۈزۈلۈپ ئىنسانىيەت ئۈلۈغلۈقى، ئىسلام قۇرۇلۇشى ۋە ھازارەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقىنى كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولاتتى. ئەگەر ئىسلاھاتچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشسا، بارلىق تەربىيەتچىلەر ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرسا، پۈتۈن ساھەلەر بۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىسە، — شۇ ئىشلار ئاللاھ تەئالاغا قىيىن ئەمەس — ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىز، مەقسەت-غايىلىرىمىز يېقىندا رويابقا چىققۇسى! ھەدەپ-نىشانلىرىمىز رېئاللىققا ئايلانغۇسى (ئامىن)!!!

# ئالتىنچى پەسىل: ئىجتىمائىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى

ئىجتىمائىي تەربىيەدىن بولغان مەقسىتىمىز پەرزەنتلەرنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ مەڭگۈلۈك ئىسلام ئەقىدىسىدىن، چوڭقۇر ئىمانىي تۇيغۇدىن ئۇرغۇپ چىققان پەزىلەتلىك ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاقنى ۋە ئۇلۇغۋار



www.uyghurkitap.com

روھي يۈكسەك ئۇسۇللارنى چېك تۇتىدىغان، جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەل مۇئامىلە، ئەدەپ-ئەخلاق، ئۆلچەملىك، ئەقلى پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى ھېكمەتكە ئىگە بولۇش جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئادەم قىلىپ ئۆستۈرۈش ۋە يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر ئالدىدا قويۇلغان پەرزەنتنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتا، مانا بۇ جىسمانىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى كەم بولسا بولمايدىغان مەسئۇلىيەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەسئۇلىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەلكى بۇ مەسئۇلىيەت يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتكەن ئىمان تەربىيەسى، ئەخلاق تەربىيەسى ياكى روھىي تەربىيە قاتارلىق بىر قاتار تەربىيىلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى، بۇ تەربىيىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى، ئەمەلىي پائالىيىتى، مەسلىكى ۋە ۋىجدانىي نامايەندىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئارقىلىق پەرزەنتلەر ئۇستىدىكى ھەقلەرنى ئادا قىلىدۇ، ئەدەپ-ئەخلاقنى چېك تۇتىدۇ، ئىجتىمائىي نازارەتنى چېك تۇتىدۇ، ئەقلىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ، باشقىلار بىلەن بولغان سىياسەت ۋە مۇئامىلىنى گۈزەل ئۇسلۇبتا ئېلىپ بارىدۇ.

تەجرىبە ۋە رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جەمئىيەتنىڭ ساغلام، قۇرۇلۇشى كۈچلۈك، ئىناق-ئىتتىپاق بولۇشى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ساغلام بولۇشى ۋە ساغلام تەربىيىلىنىشىگە باغلىقتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ پەرزەنتلەر تەربىيەسىدە ئىجتىمائىي ۋە مەسىلەك جەھەتتىكى تەربىيەگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشى شۇ سەۋەبتىندۇر. پەرزەنتلەر پەقەت ۋە پەقەت ئىسلام تەربىيەسى بىلەن تەربىيىلەنگەن، بارلىققا كەلگەن ۋە ھاياتلىق تىياتىرخانىسىدا رېئال رولنى ئالغان چاغدا، ئاندىن ئەقىل ۋە ھېكمەتكە ئىگە ئۆلچەملىك بىر مۇسۇلمان ئىنسانىنىڭ ئۈلگىلىك كۆرۈنۈشىنى بېرەلەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولغانىكەن، بارلىق تەربىيەتچىلەر ئۆتكۈر ۋە سۇنماس ئىرادە بولمىسا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن يېڭىنى تۇرۇپ ئىمان، ئەخلاق، ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي تەربىيە ۋە يۈكسەك ئىسلامىي قىممەت قاراشقا مەركەزلەشكەن ئىجتىمائىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا، ساغلام بولغان يۈزلىنىش ۋە يۆنىلىشتە ئىجتىمائىي تەربىيە ساھەسىدىكى زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم (بۇ ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئاللاھ تەئالاغا قىيىن ئەمەس).

تەربىيەتچىلەر قوللىنىپ مېڭىشقا تېگىشلىك بولغان ھەربىر تەربىيىنىڭ ۋاستىلىرى بولغان بولسا، ئۇنداقتا پەزىلەتلىك ئىجتىمائىي تەربىيەگە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەلىي ۋاستىلەر نېمىلەردىن ئىبارەت؟

بۇ جەھەتتىكى ۋاستىلەر مېنىڭ نەزىرىمدە مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئىشقا مەركەزلىشىدۇ:

1 - ئۇلۇغۋار روھىي ئۇسۇللارنى كۆچەت قىلىپ تىكىش.

2 - باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش.

3 - ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاقنى چېك تۇتۇش.

4 - ئىجتىمائىي نازارەت ۋە تەنقىدنى قوبۇل قىلىش.

*   *   *   *   *

## 1 ـ روھىي ئۇسۇللارنى كۆچەت قىلىپ تىكىش

ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىز مۇستەھكەم بولغان ئۇلۇغۋار روھىي ئۇسۇللار ۋە مەڭگۈلۈك تەربىيىۋى قائىدىلەرگە ئاساسەن، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، قېرى-ياش بارلىق شەخسلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە پەزىلەتلىك تەربىيىنىڭ قائىدىلىرىنى بەرپا قىلدى. ئىسلامىي خاراكتېرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كامالەتكە يېتىشى پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ قائىدىلەر بولمىسا تولۇقلانمايدۇ ۋە تولۇق ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ قائىدە ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك قىممىتى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى شەخسلەر ۋە جامائەتلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە مۇشۇ روھىي ئۇسۇللارنى كۆچەت قىلىپ تىكىش ئۈچۈن، ئىسلام ئۆزىنىڭ قىممەتلىك يوليورۇقلىرى، كۆرسەتمىلىرى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ۋەسىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. نېمە ئۈچۈن باشلىۋەتتى؟ ئىجتىمائىي تەربىيىنى ئەڭ ئۇلۇغۋار مەزمۇن ۋە ئەڭ مۇكەممەل غايىدە تولۇقلاش، پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، جەمئىيەتنى جەمئىيەت كىشىلىرى نەتىجىلىك ھەمكارلىشىدىغان، يېمىرىلمەس بىرلىك، ئىتتىپاقلىققا ئۇيۇشىدىغان، ئۇلۇغۋار ئەدەپ-ئەخلاققا رىئايە قىلىدىغان، ئۆزئارا دوستلۇق ئالماشتۇرىدىغان ۋە ئىسلامىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ تۇرىدىغان جەڭگىۋار جەمئىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن باشلىۋەتتى.

تۆۋەندە ئىسلام ھەربىر شەخسنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدىغا كۆچەت قىلىپ تىكىشنى مەقسەت قىلغان ۋە تىرىشقان بۇ روھىي ئۇسۇللارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

### 1 ـ تەقۋادارلىق

تەقۋادارلىق ــــ ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى، چەكسىز كۈچ-قۇدرىتى ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى كۆزىتىپ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشىنىش، ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش، ئەيمىنىش، ئۇنىڭ غەزىپى ۋە جازاسىدىن قورقۇش، مۇكاپاتى ۋە ئەپۇ-مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىش قاتارلىقلارنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ۋە بۇلارغا ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئىشەنگەن تۇيغۇنىڭ تەبىئىي مېۋىسىدۇر. ئۇ خۇددى ئالىملارنىڭ «ئاللاھ تەئالا قىلىشتىن توسقان، چەكلىگەن ئىشلاردا سېنى بار تاپمىسۇن، بەجا كەلتۈرۈشكە بۇيرىغان ئىشلاردا سېنى يوق تاپمىسۇن» دېگەن سۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھالەتتۇر ياكى بەزىلەر ئېيتقاندەك «ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئەيىب-نۇقسانسىز ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش، مەيلى ئاشكارا، ياكى يوشۇرۇن، ھەرۋاقىت ۋە ھەرھالەتتە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش»تۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» تەقۋادارلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ پەزىلەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ھەربىر ئىسلام ئەزاسىنى تەقۋادار بولۇشقا بۇيرىغان ۋە قىزىقتۇرغان. ھەتتا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلغۇچى ئۇنىڭدا تەقۋادارلىق تىلغا ئېلىنمىغان ياكى تەقۋادارلىققا ئائىت سۆزلۈك ئىشلىتىلمىگەن بىرەر بەتنى ئۇچرىتىشى تەس. تەقۋادارلىق ئىنسان ھاياتىنى ئۇلۇغلۇققا، يۈكسەكلىككە، ئالىيجانابلىققا ئىتتىرگۈچى پىشاڭ ياكى ماتوردۇر. ئۇ ئىنسان ھاياتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ، تەسۋىرلىگۈسىز ئېسىل ئەخلاقلار ۋە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى

ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى ئالەملىك سائادىتى ۋە نىجاتلىقىنى روياپقا چىقىرىدۇ، ياخشى ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، جىنايى قىلمىشلارنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابە كىراملار ۋە سەلەف سالىھلار تەقۋادارلىققا بەك ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئەمەلىي ھاياتىدا كۆرسىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان، ئىجتىھاد قىلغان ۋە بۇ توغرىدا كۆپ ئىزدەنگەن ۋە سوئاللارنى سورىغان.

تارىخىي كىتابلاردا مۇنداق بىر ۋەقە خاتىرىلەنگەن: ئەمىرۇلمۇئمىنىين ھەزرىتى ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋادارلىق توغرىسىدا سورىغاندا، ئۇ ھەزرىتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

— سىز تىكەنلىك يولدا مېڭىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىغان، بۇ زات:

— ئەلۋەتتە مېڭىپ باققان.

— قانداق ماڭغانىدىڭىز؟

— تىكەنلەر ئىلىشۋالمىسۇن دەپ يەڭلىرىمنى تۈرۈپ، پەشلىرىمنى قىستۇرۇپ، پۇشقاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاۋايلاپ ماڭغانىدىم.

— ئەنە شۇ تەقۋادارلىقتۇر.

ئەنە شۇ تەقۋادارلىق ئىدىيىدىكى ھېس، ۋىجداندىكى سېزىم، قەلبتىكى تۇيغۇ، تۇيغۇدىكى سۈزۈكلۈك ۋە يارقىنلىغان جۇلادۇر، ئۇ ئۈزلۈكسىز ئەيمىنىش، ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن قورقۇش، ھەردائىم ئېھتىيات قىلىش ۋە ئاگاھ-دانا بولۇشتۇر، يوللاردىكى شوخا-تىكەنلەردىن ساقلىنىش، سانجىلىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىشتۇر، يول دەل ھاياتلىق يولىدۇر، شوخا-تىكەنلەر ئاشۇ ھاياتلىق يولىدىكى بىھساب كىشىلەر، بىھساب كارۋانلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ئۆزىگە قىزىقتۇرىدىغان قىزىقتۇرغۇچى، مەھلىيا قىلغۇچى، رام قىلغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى قىزىقىشلار ۋە شەھۋەتلەردۇر، نەپسى تىكەندۇر، شەھۋەتلەر تىكەندۇر، خىلمۇخىل غەيرى ئارزۇ-ئارمانلار تىكەندۇر، تەمەگەرلىكلەر ۋە تەلپۈنۈشلەر تىكەندۇر، قورقۇشلار، ئەنسىرەشلەر ۋە ھودۇقۇشلار تىكەندۇر، خىياللار، شېرىن-تاتلىق ئارزۇلار تىكەندۇر، قىلغان ئۈمىدكە ئىگە بولالمايدىغان، باغلىغان ئۈمىدنى يەردە قويىدىغان كىشىلەرگە باغلانغان ئۈمىدلەر، يالغان ئۈمىدلەر تىكەندۇر، پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان كىشىلەردىن خەۋپسىرەش تىكەندۇر، بۇنىڭدىن باشقا نەچچە ئونلىغان تىكەنلەر باركى، ھەممىسى ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان تىكەنلەردۇر[1].

ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش يۇقىرىقىلاردىن ئىلگىرىلەپ، مۇئمىننىڭ قەلبىنى ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ نازارىتىگە ئىشىنىش بىلەن توشقۇزىدۇ، تەقۋادارلىق بارلىق ئىجتىمائىي پەزىلەتلەرنىڭ يېگانە مەنبەسى، بۇزۇقچىلىقلار، پىتنە-پاساتلار، يامان قىلمىشلار، گۇناھ-مەئسىيەتلەر، تۈرلۈك جىنايەتلەر ۋە شوخا-تىكەنلەردىن ساقلىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى، بەلكى ئۇ شەخسلەردە ئۆزىنىڭ جەمئىيىتى ئۈچۈن، ھاياتلىقتا ئۇچرىغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن

(1) «قۇرئان كەرىم سايىسى»نىڭ 1-جىلد 40-بەت (سەييىد قۇتۇب).

مۇكەممەل ئاڭ ۋە تۇيغۇ بارلىققا كەلتۈرىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك يولدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «تەقۋادارلىق بۇ يەردە» دېگەن سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىشى مۇشۇ جەھەتتىن بولسا كېرەك. بۇ مەنىۋى مەنبەنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىجتىمائىي تەربىيىدە ئەمەلىيلەشمىسە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسا كېرەك. بولۇپمۇ ئىنسانىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، كىشىلەرگە زەرەر يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن چەكلىنىشتە پەۋقۇلئاددە رولى بارلىقىنى تەكىتلىسە كېرەك ۋە بەلكىم ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ۋە ھەرقايسى ھاياتىدا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسا كېرەك.

مانا بۇ تەقۋادارلىقنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە مۇئامىلىلىرىگە قىلغان تەسىرلىرى توغرىلىق بەزى نەمۇنىلەرنى كەلتۈرىمىز:

1 ) ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھ «دىن ئىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش» دېگەن كىتابىدا مۇنۇ ۋەقەنى رىۋايەت قىلىدۇ: يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيدىنىڭ دۇكىنىدا باھاسى 200 دىرھەملىك، 400 دىرھەملىك بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان باھادىكى زىبۇ-زىننەتلەر بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ دۇكىنىدا قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كېتىدۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن دۇكانغا سەھرالىق بىر ئادەم كىرىدۇ ۋە 400 دىرھەملىك ماللاردىن كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوغۇل ئۇ ئادەمگە 200 دىرھەملىك جابدۇقلارنى كۆرسىتىدۇ. سەھرالىق كىشىگە بۇ جابدۇقلار ئەرزىيدۇ ۋە ياخشى كۆرىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 200 دىرھەملىك زىبۇ-زىننەتنى 400 دىرھەمگە سۈيۈنۈپ سېتىۋالىدۇ. ئاندىن بۇ زىبۇ-زىننەتلەرنى قولىدا كۆتۈرگەن ھالدا دۇكاندىن چىقىپ بازار ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغىچە ناماز ئوقۇپ قايتقان يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد بۇ ئادەم بىلەن يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى مالنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دۇكىنىنىڭ مېلى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالىدۇ-دە: «قېرىندىشىم! قولىڭىزدىكى ئاۋۇ زىبۇ-زىننەتنى قانچە پۇلدىن سېتىۋالدىڭىز؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: «400 دىرھەمگە سېتىۋالدىم» دەيدۇ. يۇنۇس: «مەن بىلەن يۈرۈڭ، قولىڭىزدىكى بۇ بۇيۇملار 200 دىرھەملىك، 200 دىرھەمگە ساتساقمۇ بىزگە پايدا چىقىدۇ. سىز بۇنى 400 دىرھەمگە قىممەت سېتىۋاپسىز. سىزگە ئوشۇق پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەيلى، ياكى زىننەت بۇيۇملىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ بېرەيلى، ياكى مال قوشۇپ بېرەيلى» دەيدۇ. ئەمما، ھېلىقى سەھرالىق كىشى: «بولدى، سىزگە ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن، مەن بۇنى سۈيۈنۈپ ئۆز رازىلىقىم بىلەن سېتىۋالدىم. بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا 500 دىرھەمگە ساتقىلى بولىدۇ» دەپ ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد بۇ كىشىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي: «يۈرۈڭ، مەن بىلەن قايتىڭ! ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىدا ئىنساپلىق بولۇش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى تامامى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر» دەيدۇ ۋە بۇ كىشىنى زورمۇزور دۇكانغا ئاپىرىپ ئوشۇق پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بىلەن جېدەللىشىپ قالىدۇ. يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد ئۇنىڭغا: «خىجىل بولساڭ بولمامدۇ؟ ئاللاھ تەئالادىن قورقساڭ بولمامدۇ؟ سەن بىر ھەسسە پايدىنى دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كۆيىنىشنى، ئۇلارغا سەممىي بولۇشنى تەرك قىلساڭ بولامدۇ؟» دەيدۇ. جىيەنى ئۇنىڭغا: «ئۇ ئۆزى رازى بولۇپ ئالغان تۇرسا» دەيدۇ. ئۇ جىيەنىنىڭ بۇ سۆزىگە قارىتا: «ئۆزۈڭگە رازى بولغان نەرسىدە قېرىندىشىڭنى رازى قىلساڭ

بولامدۇ؟ ئۆزۈڭگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىڭغىمۇ ياخشى كۆرسەڭ بولامدۇ؟›› دەيدۇ.

2 ) ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەككىگە بارغانىدىم، كەچ كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يولدا قونۇپ قالماقچى بولدۇق، شۇ ئەسنادا تۇرغىنىمىزدا بىر پادىچى تاغدىن قوي ھەيدەپ چۈشتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ‹‹ھەي پادىچى! ماڭا بۇ قويلار ئىچىدىن بىر دانە قوي سېتىپ بېرەلەمسىز؟›› دېدى. پادىچى: ‹‹ياق، سېتىپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى مەن قۇل، قويلار خوجايىنىمنىڭ›› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى سىناش ئۈچۈن: ‹‹قويدىن بىرنى سېتىپ بېرىۋېرىڭ، ئەگەر خوجايىنىڭىز سوراپ قالسا، بۆرە يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىڭ›› دېدى. پادىچى: ‹‹خوجايىنىمدىنغۇ بۆرە يەپ كەتتى دەپ قۇتۇلارمەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالا سورىسا ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن، ئۇنىڭ جازاسىدىن قانداق قۇتۇلارمەن؟›› دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن قۇل بىلەن بىللە ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: ‹‹سىزنى مۇشۇ دۇنيادىكى قۇللۇقتىن مۇشۇ سۆزىڭىز ئازاد قىلىۋەتتى، ئاخىرەتتە مۇشۇ سۆزىڭىز ئارقىلىق ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىدىن ئۆزىڭىزنى ئازاد قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن›› دېدى.

3 ) كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئانا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇنۇ ھېكايىنى بىلىدۇ: ئانا سۈتكە سۇ ئېلىشتۇرۇپ پايدىنى كۆپ ئالماقچى بولىدۇ. قىز ئانىسىغا ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇنى مەنئىي قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئانا: ‹‹ئۆمەر نەدە، بىز نەدە؟ ئۇ بىزنى كۆرمەيدۇ›› دەيدۇ. قىز كەسكىن جاۋاب بىلەن رەددىيە بېرىپ: ‹‹بىزنى ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرمىگەن بىلەن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەئالا كۆرۈپ تۇرىدۇ›› دەيدۇ.

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەر! سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىزنى ئەنە شۇنىڭدەك تەقۋادارلىق ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان پەزىلەت ئۈستىدە ئۆستۈرەيلى!

## 2 - قېرىنداشلىق

قېرىنداشلىق ئىسلامىي ئەقىدىنىڭ ئېگىزلىك يادروسىنى ئاساس قىلغان، قەلبىدە ئىمان ۋە تەقۋادارلىق چوڭقۇر ئورۇنلاشقان، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇسۇلمانلارنىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقىدا مېھىر-شەپقەت، كۆيۈنۈش، مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بارلىققا كەلتۈرىدىغان روھىي مۇناسىۋەتتۇر. مانا بۇ سەممىيەتكە تولغان قېرىنداشلىق تۇيغۇسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆز نەپسىدىن قېرىندىشى ئۈچۈن ۋاز كېچىش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، ئۈچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئەپۇ قىلىۋېتىش قاتارلىق ئىجابىي مەيدانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە، شۇنداقلا كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ جانلىرىغا، ماللىرىغا چېقىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە، ئىناۋىتىگە تېگىش قىلىش قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراق بولۇشتىن ئىبارەت سەلبىي مەيدانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە، ئەڭ ئۇلۇغۋار، يۈكسەك بولغان ئەڭ سەممىي ھېسسىياتلار ۋە رېئال

ئەمەلىيەتلەرنى روياپقا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىز ئاللاھ تەئالا يولىدىكى بۇ قېرىنداشلىققا تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى ۋە قىزىقتۇردى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ۋە ھەدىس شەرىفلەردە بۇ قېرىنداشلىقنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرى ۋە جىددىي زۆرۈرەتلىرىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر» (سۈرە ھۇجۇرات ـ 10 ئايەت)؛

«قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز» (سۈرە قەسەس ـ 35 ئايەت)؛

«... ئاللاھ تەئالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ تەئالا دىللىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھ تەئالانىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار» (سۈرە ئال ئىمران ـ 103 ئايەت).

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى زۇلۇمغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، ئۇنى خارلىمايدۇ، ئۇنى تۆۋەن كۆرمەيدۇ. كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۇنىڭ ئەسكى ئادەملىكىگە يېتىپ ئاشىدۇ. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ ھەممىسىگە ھارامدۇر، ئۇنى قېنى ھارامدۇر، مېلى ھارامدۇر، يۈز-ئابرۇيى ھارامدۇر، تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە، تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە، تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە» دەپ كۆكسىنى ئۈچ قېتىم كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۆئمىن بولالمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۆئمىنلەر ئۆزئارا بىر-بىرىنى دوست تۇتۇش، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق قىلىشتا خۇددى بىر تەننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر تەندىن بىرەر ئەزا ئاغرىسا پۈتۈن تەن ئاشۇ ئاغرىغان ئەزا ئۈچۈن دەرت تارتىدۇ، ئۇيقۇسىز قالىدۇ، قىزىشىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ «سەھىھ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى: ‹ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ توغرامدا دوستلاشقانلار قېنى؟ بۈگۈن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ سايىسىدىن سايە بېرىمەن. بۈگۈن مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە يوقتۇر› دەيدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تەئالا يولىدىكى ئەنە شۇ دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنىڭ ئۆتكەنكى تارىخ مابەينىدە ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ شەخسلىرىدە كۆرۈلگەن نەتىجىلىرى، كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئورتاقلىق، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش، ھەمكارلىقى ۋە كاپالەت قاتارلىق گۈزەل مۇئامىلىلەرنىڭ رېئاللىقى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ باشقا ھېچبىر دەۋرىدە كۆرۈلۈپ باقمىدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بۇلاردىن باشقا يەنە بىر شۇنداق گۈزەل مۇئامىلىگە ئۇچرىشىپ باقمىدى.

تۆۋەندە ھوزۇرۇڭلارغا ئاشۇ مۇئامىلىلەردىن بىر قانچە نەمۇنىلەرنى سۇنىمىز:

1) ئىمام ھاكىم «مۇستەدرەك» دېگەن كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان

رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۆئمىنلەرنـىڭ ئانىسى ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھاغـا 80 مىـڭ دىرھـەم ئەۋەتـتى. بـۇ چاغـدا ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا روزىـدار بولـۇپ، ئۈسـتىدە كونـىراپ كەتكـەن، نەچچـە يېرىگـە ياماقلىـق چۈشـكەن كىيىـم بـار ئىكـەن. ئـۇ شـۇ سـائەتنىڭ ئۆزىدىـلا بـۇ پۇللارنـىڭ ھەممىسىنى مۇسـۇلمانلارنىڭ كەمبەغەللـىرى، نامراتلـىرى، يېتىم-يېسـىرلىرى ۋە تـۇل خاتۇنلىرىغـا ئۈلەشـتۈرۈپ بېرىۋېتـىدۇ. ئۆزىگـە بولسـا ھېچنەرسـە ئېلىـپ قالمايـدۇ. ئۆيىدىكـى خىزمەتچـى ئايـال ئۇنىڭغـا: «ئـى مۆئمىنلەرنـىڭ ئانىسـى! ئىپتـار قىلىشـىڭىز ئۈچـۈن گـۆش سېتىۋالغىلى بىـر دىرھـەم قالدۇرمىدىڭىـز» دەيـدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن بـۇ زات ئۇنىڭغـا: «قىزچـاق! بۇرۇنـراق ئېسـىمگە سېلىپ قويماپسـىز، ئەگەر ئېسـىمگە سېلىـپ قويغـان بولسـىڭىز شـۇنداق قىلاتتـىم» دەيـدۇ.

2 ) ئىمـام تىبرانـى «كەبىـر» ناملـىق كىتابىـدا مۇنـۇ ۋەقەلىكنـى بايـان قىلىـدۇ: ھەزرىتـى ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ 400 دىنارنـى بىـر ھەميانغـا سېلىپ خىزمەتچىسـىنىڭ قولىغـا تۇتقـۇزۇپ، ئۇنـى ئەبـۇ ئۇبەيدە ئىبنى جـەرراھ رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا ئاپىرىـپ بېرىشـنى ۋە بىـرەر باھانـە بىلـەن ئۇنـىڭ ئۆيـىدە بىـرەر سـائەت كاشـىلا بولـۇپ تۇرۇشـنى، بـۇ جەريانـدا ئۇنـىڭ بـۇ پۇللارنـى قانـداق قىلىدىغانلىقنـى كۆزىتىشـنى بۇيرۇيـدۇ. خىزمەتچـى خادىـم ھەزرىتـى ئەبـۇ ئۇبەيـدە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ ئۆيىگـە بېرىـپ ھەميانـنى ئۇنىڭغـا تاپشـۇرىدۇ ۋە ئەمىرۇلمۆئمىنىنـنىڭ بـۇ پۇللارنـى ئۆزىنـىڭ ھاجەتلىرىنـى ئۈچـۈن ئىشلىتىشـكە بەرگەنلىكنـى ئېيتـىدۇ. ھەزرىتـى ئەبـۇ ئۇبەيـدە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بۇنـى ئـاڭلاپ: «ئالـلاھ تەئـالا ئۆمەرگـە سـىلە-رەھىم قىلسـۇن، ئۇنىڭغـا رەھمـەت قىلسـۇن» دەيـدۇ. خىزمەتچـى خادىـم ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بۇيرىغانـدەك مەلـۇم ئىشـلار بىلـەن ئـازراق كاشـىلا بولـۇپ تۇرىـدۇ ۋە ئەبـۇ ئۇبەيـدە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ بـۇ پۇللارنـى قانـداق قىلىدىغانلىقنـى كۆزىتـىدۇ. ئـۇ بىـر قىزچاقنـى چاقىرىـپ: «قىزىـم، مـاۋۇ يەتتـە دىنارنـى پالانـى يېتىملەرنـىڭ ئۆيىگـە ئاپىرىـپ بەرگىـن، مـاۋۇ بـەش دىنارنـى پوكۇنـى تـۇل خاتۇنلارنـىڭ ئۆيىگـە ئاپىرىـپ بەرگىـن، مـاۋۇ بـەش دىنارنـى پۇستانى كەمبەغـەل كىشـىنىڭ ئۆيىگـە ئاپىرىـپ بەرگىـن دەپ ئەۋەتكىلـى تۇرىـدۇ، ھەتتـا بـۇ دىنـارلار تۈگـەپ كېتىـپ بىـر دىنارمـۇ قولـدا قالمايـدۇ. خىزمەتچـى يىگىـت قايتىـپ كېلىـپ بولغـان ئىشـلارنى ھەزرىتـى ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا خـەۋەر قىلىـدۇ.

ئۇنىڭغىچـە ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ يەنـە بىـر ھەميانغـا 400 دىنـار سېلىپ ئۇنـى ھەزرىتـى مۇئـاز ئىبنـى جەبـەل رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا تەييـارلاپ قويغـان بولـۇپ خىزمەتچىسـنى ئـۇ ھەميانـدىكى دىنارلارنى ھەزرىتـى مۇئـاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا ئاپىرىـپ بېرىشـكە ۋە ئۇنىڭمـۇ بـۇ پۇللارنـى قانـداق قىلغانلىقنـى كـۆرۈپ كېلىشـكە بۇيرۇيـدۇ. خىزمەتچـى يىگىـت ھەميانـنى كۆتـۈرۈپ مۇئـاز ئىبنـى جەبـەل رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ ئۆيىگـە بېرىپ ئۇنىڭغا تاپشـۇرۇپ بېرىـدۇ ۋە ھەزرىتـى ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ بـۇ پۇللارنـى ئـۆز ھاجەتلـىرى ئۈچـۈن ئىشلىتىشـكە بەرگەنلىكنـى ئېيتـىدۇ. ئاندىـن ئۇنـىڭ ئۆيـىدە ئـازراق كاشـىلا بولـۇپ تـۇرۇپ بـۇ زاتنـىڭ ئـۇ پۇللارنـى قانـداق قىلىدىغانلىقنـى كۆزىتـىدۇ. ئـۇ پۇلنـى قولىغـا ئالغاندىـن كېيىـن: «ئالـلاھ تەئـالا ئۆمەرگـە سـىلە-رەھىم قىلسـۇن، رەھمـەت قىلسـۇن» دەيـدۇ. ئاندىـن قىزنـى چاقىرىـپ: «قىزىـم مـاۋۇ دىنارلارنـى پالانىنـىڭ ئۆيىگـە، مـاۋۇ دىنارلارنـى پۇستانىنىڭ ئۆيىگـە، مـاۋۇ دىنارلارنـى پوكونىنـىڭ ئۆيىگـە ئاپىرىـپ بەرگىـن» دەپ دىنارلارنـى تارقىتىشـقا باشـلايدۇ. شـۇ ئەسـنادا بىـر ئايـال مۇئـاز ئىبنـى جەبـەل رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا قـاراپ: «ئالـلاھ بىلـەن قەسـەم قىلىمـەن، بىزمـۇ مەدىنىنىڭ ئـەڭ نامراتلىرى

قاتاربدنندۇرمىز، بىزگىمۇ بېرىڭ» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا بىر - ئىككى دىنار قالغان بولۇپ، ئۇ بۇلارنىمۇ مەزكۇر ئايالغا ئېتىپ بېرىدۇ. ھۆرمەتلىك كىتابخان قېرىنداشلىرىم! سىز بۇ ئايالنى كىم بولغىيتتى دەپ ئويلاپ قالغانسىز؟! ئۇ دەل مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتچى خادىم ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغان ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولغان ھالدا: «ئۇلار بىر ئادەمگە ئوخشايدىغان قېرىنداشلاردۇر، شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ» دەيدۇ.

3 ) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا بىر قېتىم ئېغىر دەرىجىدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە 1000 دانە تۆگىدىن تەشكىللەنگەن بىر كارۋان شامدىن مەدىنىگە كېلىدۇ. تۆگىلەر ئۈستىدە كىشىلەر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەكلىكلەر ۋە ھەرخىل كىيىم - كېچەكلەر بار بولۇپ، بۇ كارۋان دەل ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەر ۋە تىجارەتچىلەر بەس - بەستە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھويلىسىغا توپلىشىپ ئۆزلىرىگە بۇ كارۋاندىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن: «سىلەر ماڭا قانچىلىك پايدا بېرىسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «يۈزدە بەش پىرسەنت پايدا بېرەيلى» دېيىشىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بولمايدۇ، سىلەر پايدىنى بەك ئاز بېرىدىكەنسىلەر، مەن ھەقىقەتەن سىلەردىن كۆپ پايدا بېرىدىغان كىشىنى تاپتىم، مەن ماللىرىمنى شۇ كىشىگە سېتىپ بەرمەكچى بولدۇم» دەيدۇ. سودىگەرلەر ئېيتىدۇ: «قىزىق گەپقۇ بۇ، بىز تىجارەتتە تېخى يۈزدە بەش پىرسەنتتىن كۆپرەك پايدا بېرىدىغان كىشىنى ئۇچرىتىپ باقمىدۇق، ئۇنىڭ كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمىدۇق». ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىلەرگە: «مەن بىر دىرھەمگە 700 ھەسسە ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پايدا بېرىدىغان كىشىنى تاپتىم، مەن جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ: ‹ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ تەئالا خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى كەڭدۇر، (مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ نىيىتىنى) بىلگۈچىدۇر› (سۈرە بەقەرە - 261 ئايەت) دېگەنلىكىنى تاپتىم. ئەي سودىگەرلەر جامائەسى! گۇۋاھ بولۇڭلار، مەن بۇ كارۋاندىكى بۇغداي، ئۇن، ماي ... قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەدىنىنىڭ نامرات كىشىلىرىگە ھەدىيە قىلىۋەتتىم، ئۇ مۇسۇلمانلارغا سەدىقىدۇر» دەيدۇ.

4 ) تارىخىي خاتىرىلەردە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: بىر كۈنى ئۆيىدە قوي ئۆلتۈرگەن بىر كىشى ئازراق گۆش بىلەن قوينىڭ كاللا - پاچىقىنى يېسۇن دەپ ھەزرىتى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغ مەدىنىدە قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق بولۇۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ھەزرىتى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ گۆش بىلەن كاللا - پاچاقنى ئۆزىدىن تېخىمۇ نامرات، باللىرى كۆپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر دەپ قارىغان بىر ئائىلىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ كىشى يەنە بىر ئائىلىگە ئەۋەتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ گۆش ۋە كاللا پاچاق قولدىن قولغا ئۆتۈپ، يەتتىنچى قېتىمدا يەنە ھەزرىتى ئەبۇ دەرداڭ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بىزگە شۇنداق بىر زامان كەلدىكى، بۇ زاماندا كىشىنىڭ ئۆز دىنارى ۋە دىرھەمىگە مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن ھەقلىقراق بولغان ھېچكىشى بولمىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم! پەرزەنتلىرىمىزنى مانا شۇنداق قېرىنداشلىق، مۇھەببەت ۋە دوستانىلىق ئۇستىدە تەربىيىلەپ ئۆستۈرەيلى!!!

## 3 - مېھرىبانلىق

مېھرىبانلىق قەلبتىكى يۇمشاقلىق، ۋىجداندىكى سەزگۈرلۈك، تۇيغۇدىكى ئىچ ئاغرىتىش بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى، ئىچ ئاغرىتىشنى، مېھرىبانلىق قىلىشنى، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى، غەم-ئەندىشىلىرى، قايغۇلىرى ۋە دەرد-ئەلەملىرىگە ئورتاقلىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مېھرىبانلىق مۇئمىنگە باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىشتىن يىراق تۇرۇشنى، جىنايى قىلمىشلاردىن ساقلىنىشنى بەخش ئېتىدۇ. ئۇ پۈتكۈل خالايىقلار ئۇچۈن خەيرىيەت، ياخشىلىق ۋە تىنچلىق مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالايىقلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە مېھر-شەپقەت قىلىشنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارغا رەھمەت قىلغانلىقىدىن بولغان دەيدۇ.

ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇمۇللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «رەھىم-شەپقەت قىلغۇچىلارغا مېھرىبان ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلىدۇ. زېمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەھىم-شەپقەتتىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنى بەختسىز كىشىلەر دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېھر-شەپقەت پەقەت بەدبەخت ئادەمدىن باشقا كىشىدىن تارتىۋېلىنمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇئمىننىڭ مېھرى-شەپقىتى ئۆزىنىڭ مۇئمىن قېرىنداشلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل خالايىقلارنىڭ ھەممىسىگە تۆكۈلىدىغان بۇلاقتۇر، مول يامغۇرلۇق بولۇتتۇر.

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە: «ئۆزئارا بىر-بىرىڭلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشمىغۇچە ھەرگىز مۇئمىن بولالمايسىلەر» دېگەن. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ھەممىمىز مېھر-شەپقەتلىكتۇرمىز» دېيىشكەن. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق، مەن دېمەكچى بولغان مېھر-شەپقەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆز بۇرادىرىگە كۆيۈندىغان مېھر-شەپقەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئومۇمغا مېھر-شەپقەت قىلىشتۇر» دەيدۇ.

شۇڭا، مۇئمىننىڭ رەھمىتى سۆزلىيەلەيدىغان ئىنسان بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، تىلسىز ھايۋانلارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

ئىنسانىيەت ئالەمدە پەقەت بىردىنبىر مۇئمىن ئادەملا ھايۋانغا رەھىم قىلىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاللاھ تەئالادىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ھەققىياتىنى كەم قويسا ياكى ئۇنىڭ ئەزىيەتلىنىشىگە سەۋەب بولسا، پات ئارىدا چوقۇم ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغانلىقى ۋە سوراققا تارتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ قالغان ئىتنى ئۆتۈكى بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ سۇغارغان بىر پاھىشە ئايالغا ئېچىلغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانلىقى، ئوخشاشلا تەقۋادار، ياخشى دەپ قارالغان بىر ئايالنىڭ بىر مۈشۈكنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، يا يېمەك-ئىچمەك بەرمەي، يا بىر نەرسە تېپىپ يېيىشى ئۈچۈن سىرتقا قويۇۋەتمەي قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئايالغا دوزاخ ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

يەنە بىر ھەدىستە ئۇ: «ھەرقانداق ھۆل جىگەر ئىگىسىگە ياخشىلىق قىلىشتا ئەجىر بار» دەيدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ بوغۇزلاش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان قوينى يۆتىدىن سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئىست، ئادەملىككىگە! ئۇنى ئۆلۈمگە چىرايلىق يېتىلەپ ئېلىپ بارغىن» دەيدۇ.

تۆۋەندىكى قۇرلىرىمىزدا ھوزۇرۇڭلارغا ئىسلامىي جەمئىيەتتە بولۇپ ئۆتكەن مېھرىبانلىقنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن نەمۇنىلەر سۇنىمىز:

1 ) تارىخشۇناسلار رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىسىرنى پەتھى قىلغاندا ئۇنىڭ چېدىرىغا كەپتەر ئۇۋا سالغان، ئۇ كۆچمەكچى بولغاندا چېدىرنى بۇزۇش بىلەن كەپتەرلەرنى پاراكەندە قىلىشنى خالىماي، چېدىرنى كەپتەرلەرگە تاشلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ چېدىرنىڭ ئەتراپىدا چېدىر ۋە ئىمارەتلەر كۆپىيىشكە باشلىغان، ئاخىرى بۇ جايدا «پوستات ( چېدىر )» شەھىرى بارلىققا كەلگەن.

2 ) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەتتە قوپال، باغرى تاش، قاتتىق قول ئادەم دەپ تونۇلاتتى. ئىسلام قۇياشى پارلىغاندا ئۇ قەلبىدىن مېھىر-شەپقەت بۇلاقلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىشىگە ئايلاندى. چۈنكى، ئۇ ئىراق شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىدا، دەجلى ۋە پۇرات دەريا ساھىللىرىدا يول ياخشى ياسالمىغانلىقتىن بىر ئات چېپىپ كېتىۋېتىپ پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلسا، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆمەر ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىغا بارغاندا سوئال-سوراق قىلىنىمەن دەپ قارايتتى.

3 ) تۇنجى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇملۇقلارغا قارشى غازاتقا ئاتلانغان ھەزرىتى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئۇزىتىپ چىققاندا ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى: «ئاياللارنى، قېرىلارنى ۋە باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار، خورمىلارغا ئوت قويماڭلار، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمەڭلار، زىرائەتلەرنى بۇزماڭلار، ئىبادەتخانىلاردا ئۆز ئىبادەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان كىشىلەرگە چېقىلماڭلار، ئۇلارنى ئۆز ھالىدا قويۇڭلار».

4 ) مۇسۇلمانلاردىكى خەيرىيەت ۋەقپىلىكلىرىدىن ئۈرنەكلەر:

(1) لالما ئىتلار ۋەقپىلكى: بۇ ئىگىسىز قالغان ئىتلارغا خەمخورلۇق قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئىتلارنى ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى. ئىگىسىز قالغان ئىتلار مۇشۇ ئورۇنغا يىغىۋېلىنىپ بېقىلاتتى، ئۇلار شۇ يەردە ياشاپ قېرىپ ئۆلەتتى ياكى باشقىلار ئېلىپ كېتەتتى-دە، بېقىش شۇنىڭغا قەدەر داۋاملىشاتتى.

(2) توي-تۆكۈن ۋەقپىلكى: بۇ مەخسۇس كەمبەغەل ۋە نامرات كىشىلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە-مارجان ۋە ئېسىل كىيىملەر تەييارلاپ قوياتتى. يوقسۇل كىشىلەر توي-تۆكۈن ۋە باشقا ئايەم شاتلىقى كۈنلىرىدە بۇ ئورۇنغا كېلىپ مۇۋاپىق ئېسىل كىيىملەر ۋە زىننەت جابدۇقلارنى ئارىيەتكە ئېلىپ كېتىپ باشقىلار ئالدىدا چىرايلىق كىيىنىپ ۋە گۈزەل سالاپەت بىلەن شاتلىق ھوزۇرىنى سۈرۈۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرەتتى.

(3) كېسەل ۋە غېرىب-غۇرۋالارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ۋەقپىلكى: بۇ ئورۇنغا ئاۋازى مۇڭلۇق، قۇرئاننى، ئاندىن قالسا شېئىر-بېيىتلارنى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئوقۇيدىغان قارىلار، ھاپىزلار، قىسسىچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كېسەللەرنىڭ دەرد-ئەلىمىنى كەتكۈزۈش، باققۇچىسى يوق مويسىپىتلارغا يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن كېچىلەر مۇڭلۇق قىرائەت ۋە بېيىتلارنى ئوقۇش بىلەن ئۆتەتتى.

بۇ ئورۇن بۈگۈنكى يېتىم-يېسىرلار ساناتورىيىسى ۋە ياشانغانلار ساناتورىيىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى ۋە ئۆزگىچە ئىلغار ئىدى.

(4) چىنە-قاچا ۋەقپىلكى:

چىنە قاچا-قۇچىلارنى سۇندۇرۇپ قويغانلىقتىن خوجايىنىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان چاكارلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىدارىگە بېرىپ سۇنۇق قاچىلارنى قويۇپ قويۇپ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ساق قاچىلارنى ئېلىپ كېلىشەتتى-دە، خوجايىنىنىڭ غەزىپى ياكى جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداش! ئەينى چاغدىكى ئاچلارغا تاماق بېرىش ۋەقپىلكى، ئۇسسۇزلارنى سوغۇرۇش ۋەقپىلكى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋەقپىلكى، يالىڭاچلارغا كىيىم بېرىش ۋەقپىلكى، يات ۋە مۇساپىر كىشىلەرنى، غېرىب-غۇرۋالارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەقپىكى، كېسەل داۋالاش ۋەقپىلكى، نادانلارغا تەلىم-تەربىيە بېرىش ۋەقپىلكى، مېيىت دەپنە قىلىش ۋەقپىلكى، يېتىملەرگە كاپالەتلىك قىلىش ۋەقپىلكى، دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىش ۋەقپىلكى، ئاجىزلارنى يۆلەش ۋەقپىلكى ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ۋەقپىلكلەر بولۇپ، بۇلارنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ بولغىلىمۇ بولمايدۇ.

مانا بۇ ۋەقپىلكلەر قۇتقۇزۇش ئورۇنلىرى، ئىلىم-ئىرپان يۇرتلىرى ۋە بۇلاردىن باشقا تۈرلۈك خەيرىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىدارە ۋە ئورگانلارنى، مېھرىبان تەربىيەتچى، پەرۋىشچى ئاللاھ تەئالا تەبارەك ۋەتەئالانىڭ ئۆزىنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ قەلبلىرىگە ئامانەت قىلىپ تاپشۇرغان، تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئورۇنلاشتۇرغان خەيرىيەت ئىشلىرىنى سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش،

مۇھەببەت باغلاش ھېسسىياتىنىڭ تەسىرلىرىدىن بىر تەسىردۇر، ئىسلام ھەزارىتىدىكى پەخرى-ئىپتىخارلىرىمىزدىن بىر ئىپتىخاردۇر دېمەي تۇرالمايمىز.

خوش، ئۇنداق بولسا بىز پەرزەنتلىرىمىزنى، يۈرىكىمىزنىڭ پارىلىرىنى، مېھرىبان، كۆيۈمچان، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئىچ ئاغرىتىدىغان، باشقىلارنىڭ دەرد-پەريادى ئۈچۈن دەردلىنىدىغان، ئازابى ئۈچۈن ئازابلىنىدىغان، يۈرىكى پۇچۇلىنىدىغان، ياردەم قولىنى ئايىمايدىغان، ئۈلگىلىك، نەمۇنىلىك ئەۋلاد قىلىپ ئۆستۈرۈشىمىز، تەربىيىلىشىمىز لازىم!!!

## 4 - ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش

ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش روھىي تۇيغۇ بوۇپ، بۇ تۇيغۇدىن ئىنسانىنىڭ تۇرلۇك قىزغىنىشىدىغان خەيرىيەتلەر ۋە شەخسىي مەنپەئەتلەردە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىش، خۇسۇسىي نەپسىدىن ئۆتۈنۈپ بېرىش كېلىپ چىقىدۇ. ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنسا، ئۇ تولىمۇ ئۇلۇغۋار، يۈكسەك ئەخلاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىماننىڭ راستلىقى، نىيەتنىڭ ساپلىقى ۋە كۆڭۈلنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلايدىغان روھىي ئۇسۇللارنىڭ ئەۋۋىلىدۇر. ئۇ يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانىيەت پەرزەنتلىرىگە ياخشىلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەينى چاغدىكى ئىسلامىي جامائەتنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدىغان ئەنسارلارنى قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئۇلۇغۋارلىق ۋە كۆيۈنۈش سۈرەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈرىتىدە تەسۋىرلەپ ئۇتتۇرىغا قويۇشى بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ: «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (سۈرە ھەشرى -9 ئايەت).

مانا بۇ ئۆزلىكىدىن ئىختىيارى ھالدا ئۆتۈنۈپ بېرىش، مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئىجتىمائىي مېھرىبانلىق ئەنسارلارنىڭ ئەخلاقىدا تەجەللىي قىلغان بۈيۈك ئابىدە بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا، ئۈممەتلەرنىڭ ھېكايە-چۆچەكلىرىدە بۇنداق ئۇلۇغۋار ئەخلاقنىڭ مىسلى تېپىلمايدۇ.

ئەنسارلار ئەينى چاغدا ئۆز دىنىدا قىيىن-قىستاققا ئۇچرىغان، قورام تاشلارنى كۆكۈم-تالقان قىلغۇدەك ئېزىلىشكە ۋە زەربىگە ئۇچرىغان، تۇغۇلغان يۇرتى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنى ئۆي-زېمىن، مال-مۈلۈك ۋە ئىقتىساد ھەممە نەرسىسىگە شېرىك قىلغان، ھەتتا ئىككى ئايالى بارلار قېرىندىشى ئۈچۈن قايسىسى يارىسا، ئۇنىڭ تالىقىنى بېرىپ مۇھاجىر قېرىندىشىغا نىكاھلاپ قويماقچىمۇ بولغان، دۇنيا ھاياتىنىڭ سەرەمجانلىرى ۋە زىننەتلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنىپ، قولىدا ھېچقانداق نەرسە قالمىغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھېچنەرسىسىنى ئايىماي تەقدىم قىلغان، ئۆزئارا قېرىنداش قىلىپ قويۇلغان بىر

ئەنسارى قېرىنداش ئۆزىنىڭ بىر مۇھاجىر قېرىندىشىدىن ھېچقانداق ياردەمنى ئايىمىغان، بەلكى دۇنيا ھاياتىنىڭ كۆپ سانلىق نېسىۋىلىرىدە مۇھاجىر قېرىندىشى ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن كېچەلىگەن، ھەتتا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلۈپ قالسا، يەنە بىرى ئۇنىڭغا مىراسخور بولغان.

تۆۋەندىكى قۇرلىرىمىزدا ئەينى چاغدىكى ئىسلامىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا كۆرۈشنىڭ نەمۇنىلىك كارتىنىلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

1 ) ئىمام غەززالىي «گۈللەندۈرۈش» دېگەن كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ۋەقە نەقىل قىلىنغان: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىن بىر كىشىگە بىر قوينىڭ كاللىسى ھەدىيە قىلىنغاندا، ئۇ كىشى بۇ كاللىغا پالانى مەندىن موھتاجراق دەپ ئۇنى شۇ كىشىگە ئەۋەتىپ بەرگەن، ئۇ كىشى يەنە بىر كىشىنى ئۆزىدىن بەكراق موھتاج ھېسابلاپ شۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن، ئۇ يەنە بىر كىشىنى ئۆزىدىن بەكراق موھتاج ھېسابلاپ شۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن، بۇ كاللا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يەتتىنچى قېتىملىق يۆتكىلىشتە دەسلەپ كاللا ھەدىيە قىلىنغان كىشىنىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەن.

2 ) مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى زەينەب بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھا باشقىلار ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن كېچەلىگەنلىكى، كىشىلەرگە كۆپ خەيرى-ئېھسان قىلغانلىقى، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا باشقىلارغا ياردەم ۋە سەدىقە قولىنى سوزغانلىقى ئۈچۈن «مىسكىن-كەمبەغەللەرنىڭ ئانىسى» دەپ لەقەملىنەتتى.

ئىمام ئىبنى سەئد رەھمەھۇللاھ «تەبىقلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا بەررەتە بىنتى باتئى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن: ھەزرىتى ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بەيتۇلمالدىن كېلىدىغان تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئەۋەتكەندە، ئۇ: «ئاللاھ تەئالا ئۇمەرگە مەغپىرەت قىلسۇن! مېنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىم[1] بۇ ماللارغا مەندىن بەكرەك ھەقلىق ئىدى» دەيدۇ. بۇ چاغدا مالنى ئېلىپ كەلگۈچىلەر: «بۇ ماللارنىڭ ھەممىسى سىلىگە تېگىشلىك بولغان ماللاردۇر. قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىگە سىلىگە ئوخشاش تەقسىم قىلىندى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «تـوۋا خۇدايىم! بۇ نېمدېگەن كۆپ مال» دېگىنىچە كىيىمىنىڭ پېشى بىلەن كۆزىنى ئۇ ماللاردىن يوگىۋالىدۇ. ئاندىن: «بۇ ماللارنى يەرگە تۆكۈپ ئۈستىگە بىر نەرسە تاشلاپ قويۇڭلار» دەيدۇ.

قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچى بەررە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنى چاقىرىپ: «ئەي بەررە! بۇ ماللاردىن سىقىمداپ ئېلىپ ئۇنى پالانى كىشىنىڭ بالا-چاقىلىرىغا ئاپىرىپ بەرگىن، يەنە سىقىمداپ ئېلىپ پالانىنىڭ يېتىم بالىلىرىغا ئاپىرىپ بەرگىن، يەنە ئېلىپ پالانى كەمبەغەللەرگە ئاپىرىپ بەرگىن» دەپ بۆيرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا شۇنچە كۆپ مال جىمپىلا كەتتى. مەن ھېچنەرسە قالمىدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم-دە: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ئاللاھ تەئالا گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىزنىڭمۇ بۇ ماللاردا ھەققىمىز بار ئىدى» دېدىم. ئۇ: «كىيىم

(1) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقا ئاياللىرىنى دېمەكچى.

ئاستىدىكى سىلەرنىڭ بولسۇن» دېيىدى، كىيىمنى ئېچىپ قالغان مالنى سانىساق پەقەت 85 دىرھەملا قاپتۇ.

بىز يۇقىرىدا مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بەيتۇلمالدىن بېرىلگەن 80 مىڭ دىرھەمنى ئۆزىگە بىر دىرھەممۇ ئېلىپ قالماي ھەممىسىنى ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەتكەنلىكىنى، ھالبۇكى ئانىمىزنىڭ بۇ چاغدا روزىدار ئىكەنلىكىنى، ئۆيىدە ئىپتار قىلغۇدەك بىرەر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇ چاغدا ھەتتا ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكى ۋە ئۆيىدە ئىپتار قىلغۇدەك نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. دېمەك، بۇ ئانىمىزمۇ باشقىلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغانىدى.

3 ) ئىمام ئەدەۋىي ۋە قۇرتۇبى ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىشنىڭ تېخىمۇ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى بايان قىلىدۇ:

مەن يەرمۇك غازىتى بولغان كۈنى تاغامنىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ ماڭدىم. مەندە ئازراق سۇ بار ئىدى. مەن ئۇنى تاپتىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرى قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا: «سۇ بېرەيمۇ؟» دېسەم، ئۇ ماقۇل دېگەنگە ئىشارەت قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزەي دەپ تۇرغىنىمدا يېنە بىر يارىدار كىشى: «ئاھ، ئاھ!» دەپ ۋايساپ كەتتى. تاغامنىڭ ئوغلى سۇنى ئۇ كىشىگە ئىچكۈزۈشكە بۇيرىدى. بېرىپ قارىسام ئۇ كىشى ھىشام ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «سىزگە سۇ ئىچكۈزەيمۇ؟» دېسەم، ئۇمۇ ماقۇل دېگەنگە ئىشارەت قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنى سۇغۇراي دەپ تۇرسام، ياندىن يېنە بىر كىشىنىڭ «ئاھ، ئاھ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھىشام مېنى سۇنى ئۇ كىشىگە ئىچكۈزۈشكە بۇيرىدى. بېرىپ قارىسام ئۇ كىشى ئۆلۈپ قاپتۇ. ھىشامنىڭ يېنىغا كەلسەم ئۇمۇ ئۆلۈپ قاپتۇ. تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلسەم ئۇمۇ ئۆلۈپ قاپتۇ.

دېمەك، يەرمۇك غازىتى جەڭ مەيدانىدىكى ئۈچ نەپەر مۇجاھىد، ئۈچ نەپەر شەھىد ھەممىسى جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان، شۇنچە چاڭقاق! شۇنچە ئۇسسۇز! سۇغا شۇنچىلىك تەشنا تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ سۇنى ئۆتۈنۈپ بىر-بىرلەپ شەھىد بولۇپ كەتكەن. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى بىر قېتىم ئىچكەن ئادەم ئىككىنچى قېتىم ئۇسسىمايدىغان جەننەتنىڭ بۇلاقلىرى، ئۆستەڭلىرى ۋە كۆللىرىنىڭ سۈيىدە سۇغارسۇن (ئامىن!).

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم! ھەرقايسى ئىسلامىي دەۋرلەردە ئۆتكەن مۇسۇلمان ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ۋە ئانىلىرىمىزنى مۇشۇنچىۋالا ئۇلۇغلۇقتا، ئەڭ ئالىي مەقامدىكى ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە قىلغان، ئىنسانى ئەڭ كامالەت ۋە شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرىدىغان، ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ روھىي يۈكسەكلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن، بارلىققا كېلىشكە سەۋەب بولغان بۇ تۈرتكە، بۇ پىشاڭ، بۇ قوزغاتقۇچ زادى نېمىدۇ؟ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟!

ئويلىنىپ باققان بولسىڭىز ياخشى! ئەمەلىيىتىڭىزدە ئىپادىلەشكە ئالدىراڭ! ئەگەر ئويلانمىغان بولسىڭىز تېزدىن سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىڭ!

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر! بالىلىرىمىزنى ئەنە يۇقىرىقىدەك ئۆزىنى ئۇنتۇغۇدەك، شەخسىيەتچىلىكنى

ئىسـدىن چىقىرىـپ قويغـۇدەك دەرىجـدە باشـقىلارغا ئۆتۈنـۈپ بېرىدىغـان ۋە قۇربانلىـق بېرىدىغـان ئېسـىل مەنـە۔ ئۇقۇملار ئاساسـىدا تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشـكە تىرشـايلى!

## 5 ـ ئەپۇچانلىق

ئەپۇچانلىـق ئۇلۇغـۋار روھـى تۈيغـۇ بولـۇپ، تاجـاۋۇز قىلغۇچـى قانچىلىـك زالىـم، قانچىلىـك جـەۋر سالغۇچى بولسـۇن ئۇنىڭدىـن قىسـاس ئالماسـلىق، ئـۆز ھەققىدىـن ۋاز كېچـىش ۋە كـەڭ قورسـاقلىق قىلىشـنى كۆرسـىتىدۇ.

لېكـىن، بۇنـىڭ شـەرتى زۇلۇمغـا ئۇچرىغۇچـى ئىنتىقـام ئېلىشـقا قادىـر بولالىشـى كېـرەك، كۈچى يەتمىگەنـدە ئەپۇ قىلىۋېتـش، بـوش كەلگەنـدە مەيلـى دەۋېتـىش ياكـى بولـدى قىلىۋېتىش بۇنـىڭ دائىرىسـىگە كىرمەيدۇ.

شـۇنداقلا، ئەپـۇ قىلـىش دىنـي ھۆرمەتلەرنـىڭ زىيىنغـا، ئىسـلامنىڭ مۇقەددەسـاتلىرىنىڭ زىيىنغـا بولماسـلىقى كېـرەك، ئەگـەر مۇشـۇنداق ئەھۋالدىمـۇ يەنـىلا ئەپـۇ قىلىنسـا، بـۇ ئەپۇچانلىـق ھېسـابلانمايدۇ، بەلكـى، خارلىـق، بوشـاڭلىق، تەسـلىمچىلىك، مازگەدەنلىك ۋە پەسـلىك بولۇپ ھېسـابلىنىدۇ، خۇسۇسـەن ئەپۇچانلىق شەخسىي ئىشلار ئۈچـۈن ئـۆچ ئالماسـلىقنى كۆرسـىتىدۇ، دېمـەك، مۇشـۇ ئۇقـۇم ۋە مۇشـۇ شـەرت ئاساسـىدىكى ئەپۇچانلىـق ئىماننىـڭ چوڭقۇرلۇقـى، مۇسـتەھكەملىكى ۋە ئىسلامنىڭ ئۇلۇغـۋار ئەدەپ۔ئەخلاقنـى كۆرسـىتىدىغان يىلتىزلىـق ئېسـىل ئەخلاقي پەزىلەتتۇر.

شـۇنىڭ ئۈچـۈن «قۇرئـان كەرىم»نـىڭ بىزنـى ئەپـۇ قىلىشـقا بۇيرىغانلىقـى ۋە قىزىقتۇرغانلىقىدىـن ھەيـران قالمىسـاقمۇ بولـىدۇ، ئـۇ بـۇ ھەقتـە نېمـە دەيـدۇ، بىرلىكتـە قـاراپ باقايلـى:

«... سـىلەر ئۆتۈنسـەڭلار، (ئۆتۈنگـەن ئـادەم) تەقۋادارلىققـا ئـەڭ يېقىنـدۇر، ئۆزئـارا ئېھسـان قىلىشـنى ئۇنتۇمـاڭلار...» (سـۈرە بەقـەرە ـ 237 ئايەتنـىڭ بىـر قىسـمى)؛

«ياخشـى ئـىش بىلـەن يامـان ئـىش بـاراۋەر بولمايـدۇ، ياخشـى خىسـلەت ئارقىلـىق (يامـان خىسـلەتكە) تاقابىـل تۇرغـىن، (شـۇنداق قىلسـاڭ) سـەن بىلـەن ئۆزىنـىڭ ئارىسـىدا ئـاداۋەت بـار ئـادەم گويـا سـىرداش دوسـتۇڭدەك بولـۇپ قالـىدۇ» (ـ 41سـۈرە ـ 34 ئايـەت)؛

«مەرھەمەتلىـك ئاللاھ تەئالانـىڭ (ياخشـى كۆرىدىغـان) بەندىلىـرى زېمىنـدا ئۆزلىرىنـى تـۆۋەن تۇتـۇپ تەمكىنلىك بىلـەن ماڭىـدۇ، نادانـلار ئۇلارغـا (ياقتۇرمايدىغـان) سـۆز قىلسـا، ئـۇلار: «سـىلەرگە ئامانلىـق تىلەيمىـز» دەيـدۇ (يەنـى گۇنـاھ بولمايدىغـان سـۆزلەرنى قىلـىدۇ)» (سـۈرە فۇرقـان ـ 63 ئايـەت).

«تەقـۋادارلار كەڭچىلىكتىمـۇ، قىسـىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا(پۇل۔مـال) سـەرپ قىلىدىغانـلار، (ئـۆچ ئېلىشـقا قادىـر تۇرۇقلـۇق) ئاچچىقىنـى يۇتىدىغانـلار، (يامانلىـق قىلغـان ياكـى بـوزەك قىلغـان) كىشـىلەرنى كەچۈرىدىغانـلاردۇر، ئاللاھ تەئـالا ياخشـىلىق قىلغۇچىلارنـى دوسـت تۇتـىدۇ» (ـ 3 سـۈرە ـ 134 ئايـەت).

مۇئمىننىـڭ روھىيىتى مۇلايىملىـق، ئەپۇچانلىـق ۋە كـەڭ قورسـاقلىق ئەخلاقى بىلـەن ئەخلاقلانغانـدا، ئـۇ چوقـۇم مېھىر۔شـەپقەت، كۆڭلـى يۇمشـاقلىق، ئېسـىل ئەخـلاق، چىقىشـقاق، باشـقىلار بىلـەن ياخشـى ئۆتـۈش قاتارلىـق

جەھەتلەردە كىشىلەر پىشىنى تۈتۈپ ماڭغۇدەك ئۆلگە ـ نەمۇنىچگە ئايلىنىدۇ. بەلكى، پاكلىق ۋە ساپلىقتا، ئۇلۇغلۇقتا زېمىن ئۈستىدە ماڭىدىغان پەرىشتە بولىدۇ!!!

تۆۋەندە بىز ئىسلامىيەت تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدا كۆرۈلگەن مۇلايىملىق، ئەپۇچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

1 ) ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى مەئمۇننىڭ ھوزۇرىدا بولغانىدىم، ئۇ خىزمەتچى يىگىتنى: «ھەي خىزمەتچى! ھەي خىزمەتچى» دەپ چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى، ئىككىنچى قېتىم بۇرۇنقىدىن ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ھەي غۇلام! ھەي غۇلام! ...» دەپ چاقىردى،

تۈرۈك خىزمەتچى ئۇنىڭ يېنىغا: «خىزمەتچى تاماق يېمەمدۇ؟ ئۇسسۇلۇق ئىچمەمدۇ؟ ھەر قاچان يېنىدىن ئايرىلساقلا ‹ھەي غۇلام! ھەي غۇلام!› دەپ چاقىرىدۇ، قاچانغىچە ‹ھەي غۇلام› دەپ چاقىرىدىكەن» دېگىنىچە غۇدراپ دوققاڭشىغان ھالدا كىردى، شۇنىڭدىن كېيىن مەئمۇن خېلى ئۇزۇنغىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە مەئمۇننىڭ ئۇ خىزمەتچىنىڭ بېشىنى كېسىشكە جاللاتنى بۇيرۇيدىغانلىقىدا ھېچقانداق گۇمان قالمىدى، ئەمما، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ماڭا قاراپ: «ئەي ئابدۇللاھ! بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ياخشى قىلغاندا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەخلاقى يامانلىشىدىكەن، خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەخلاقىمىزنى يامانلاشتۇرۇشنى خالىمىدۇق!» دېدى،

2 ) تەرجىمىھال كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىندۇكى، زەينۇل ئابىدىن ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنى چاقىرىدۇ، بىر قانچە قېتىم چاقىرغان بولسىمۇ زادىلا جاۋاب قايتۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ زات خىزمەتچىدىن: «مېنىڭ سېنى چاقىرغانلىقىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ، خىزمەتچى: «ئەلۋەتتە ئاڭلىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، زەينۇل ئابىدىن: «ئاڭلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەرمەسلىكىڭگە نېمە سەۋەببولدى» دەيدۇ، خىزمەتچى: «مېنىڭ سەندىن خاتىرجەم بولغانلىقىم، كۆڭلۈمنى ئاغرىتمايدىغانلىقىڭغا ئىشەنگەنلىكىم، سېنىڭ ئەخلاقىڭنىڭ پاكلىقىنى بىلگەنلىكىم سەۋەب بولدى، شۇڭا، سۆرەلمىلىك قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، زەينۇل ئابىدىن بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقلىنىپ قېلىشنىڭ ئورنىغا: «مەندىن مېنىڭ خىزمەتكارىمنى خاتىرجەم قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دەپ ھەمدۇسانا ئېيتتى،

يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە، زەينۇل ئابىدىن بىر قېتىم مەسجىدكە چىققاندا، بىر ئادەم ئۇنى قاتتىق تىللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ھېلىقى ئادەمنى ئۇرماقچى، ئەزىيەت بەرمەكچى بولىدۇ، زەينۇل ئابىدىن ئۇلارغا: «ھاي، ھاي! بولدى قىلىڭلار، بۇ ئادەمگە ئەزىيەت قىلىشتىن قولۇڭلارنى يىغىڭلار!» دەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەمگە قاراپ: «ھەي قۇسۇرچى كىشى، سىز مەندىن قوسۇر تېپىپ ئۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنىڭ قىلدىڭىز، مەن ئەمەلىيەتتە سىز ئېيتقاندىن بەتتەر، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىم سىز ئېيتقاندىن كۆپ، سىزنىڭ مەن توغرىلىق بىلگەن ئىشلىرىڭىزدىن بىلمىگەن ئىشلىرىڭىز كۆپ، ئەگەر سىزنىڭ بۇ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا



www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ئۆتۈشكە ھاجىتىڭىز بولسا، مەن سىزگە ئۆزۈم دەپ بەرسەم» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى قاتتىق خىجالەت بولۇپ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالىدۇ. زەينۇل ئابىدىن ئۈستىدىكى تونىنى سېلىپ ئۇ كىشىگە كىيگۈزۈپ قويىدۇ ۋە خەزىنىدىن مىڭ دىرھەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى يولدا ئۇچرىغان ھەربىر كىشىگە: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ يىگىت ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەۋرىسى ئىكەن! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەۋرىسى بولۇشقا لايىق يىگىت ئىكەن» دەپ ماڭىدۇ.

زەينۇل ئابىدىن توغرىلىق يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى ئۇنىڭ خىزمەتكار قۇلى ئۇنىڭ قولىغا ئىدىش ئاپتۇۋا بىلەن سۇ قويۇپ بېرىۋاتقاندا، ئىدىش ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كېتىدۇ ۋە زەينى ئابىدىننىڭ پۇتىنى زەخىملەندۈرىدۇ. بۇ چاغدا خىزمەتكار ئۇنىڭغا تولۇق خاتىرجەم بولغان ھالدا: «غوجام! ئاللاھ تەئالا ‹تەقۋادار كىشىلەر ئاچچىقىنى يۇتقۇچىلاردۇر› ( سۈرە ئال ئىمران ـ 134 ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) دېگەن ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. ئۇمۇ: «ئاچچىقىمنى يۇتتۇم» دەيدۇ. خىزمەتكار: «ئاللاھ تەئالا ‹تەقۋادار كىشىلەر خالايىقلارنى ئەپۇ قىلغۇچىلاردۇر› ( سۈرە ئال ئىمران ـ 134 ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) دېگەن ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. ئۇ: «سېنى ئەپۇ قىلدىم» دەيدۇ. خىزمەتكار: «ئاللاھ تەئالا ‹ئاللاھ تەئالا ئېھسان قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ ( سۈرە ئال ئىمران ـ 134 ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) دېگەن ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان زەينۇل ئابىدىن: «سەن ئاللاھ تەئالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئازادتۇرسەن، ھازىردىن ئېتىبارەن قۇللۇقتىن ئازاد قىلىندىڭ» دەيدۇ.

3 ) ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى مەدىنىگە كەلگەندە قېرىندىشى ھور ئىبنى قەيسنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ھور ئىبنى قەيس ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى. چۈنكى، ئەمىرۇلمۇئمىنىننىڭ مەسلىھەتچىلىرى، كېڭەش ئەھلى، ياش بولسۇن ۋەياكى ياشانغان بولسۇن قارىلاردىن بولاتتى. ئۇيەينە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئىجازەت سوراپ بەردى. ئۇيەينە ئەمىرۇلمۇئمىنىننىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇنىڭغا: «ئەي ئۇمەر ئېھتىيات قىل، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە ھەققىمىزنى تولۇق بەرمەيسەن، ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايسەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپتىن ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتقۇدەك ھالەتكە كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا ھور: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرىگە: ‹ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا ( يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا ) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن ( يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن )› ( سۈرە ئەئراف ـ 199 ئايەت ) دېگەن. چوقۇمكى، بۇ نادان ئادەملەر قاتارىدىندۇر» دېۋىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىلاۋەت قىلىنغان مەزكۇر ئايەتنى ئاڭلىغان ھامان تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئاللاھ تەئالا ئەززە ۋەجەللىنىڭ كىتابىنىڭ ئالدىدا بەك قاتتىق توختىغۇچى ئىدى!!!

4 ) «قۇرئان كەرىم»دىكى مەلۇم ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان

قىلىنغان: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىستەھ ئىسىملىك كەمبەغەل، ئۇنىڭ قىلغان خەيرى-ئېھسان ۋە بەرگەن تۇرمۇش كاپالىتىگە تايىنىپ ياشايدىغان تۇغقىنى بار بولۇپ، مۇناپىقلار مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەييىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدە ئۆسەك سۆز ۋە پىتنە-ئىغۋا تارقاتقاندا ئۇ ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئۇنۇتقان، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى ئۇنۇتقان، خەيرى-ئېھسان ۋە كاپالەت ھەققىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدىكى توقۇلما سۆز-چۆچەكلەرنى كەڭ تارقاتقان ۋە بۇ قىلمىشى بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غورۇرىغا تەگكەن، ھەتتا ئەبۇ بەكرنى بۇ تۇغقىنىنى تاشلىۋېتىش، ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرمەسلىك، خەيرى-ئېھسان قىلماسلىق، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىشقا ئېلىپ بارغان. بۇ چاغدا جانابى ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالا مۇنۇ كالامىنى نازىل قىلغان: «ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش-ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھ تەئالانىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئاللاھ تەئالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە نۇر - 22 ئايەت).

مەزكۇر ئايەت نازىل بولۇش بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىستەھنى ئەپۇ قىلغان ۋە كەچۈرگەن، ئۇنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ بۇ ۋەقەنى ئېسىگە ئالسىلا «مەن ھەققەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن!» دەيتتى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىم! ئۇ ئۇلۇغ كىشىلەر ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈۋېتىش، كەڭ قورساق بولۇش ۋە مۇلايىملىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئەخلاق-پەزىلەتنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟ كىمدىن قوبۇل قىلغان؟ ئەلۋەتتە ئۇلۇغ ئۇستاز، بۈيۈك يېتەكچى، يىتۈك دەۋەتچى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەخلاق-پەزىلەتلىرىدىن ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ يولىيورۇقلىرىنىڭ پەزىلەت بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچكەن-دە!

ھەتتاكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقنى قول-چاكارلارنىڭ ئەخلاقىدىن ئالىي تۇتقان، مەكارىمى ئەخلاقلىرى ئام ۋە خاس كىشىلەرنىڭ مەكارىمى ئەخلاقلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە نېمىدېگەن؟ قۇلاق سېلىپ باقايلى:

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتقان كىشىلەرنى ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى خالايىقلارنىڭ بېشىدا چاقىرىدۇ ھەمدە ئۇلارغا شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن خالىغىنىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن سىلەرگە ئۇنىڭ ئارقىلىق ئاللاھ تەئالا جەننەتتىكى بىنالارنى ئېگىز قىلىدىغان، دەرىجىلەرنى ئۈستۈن قىلىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دېگەنلىكىنى، ساھابىلارنىڭ: «ئەلۋەتتە بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زاتنىڭ: «ساڭا نادانلىق قىلغان كىشىگە مۇلايىم، كەڭ قورساق بولغايسەن،

ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلغايسەن ۋە كەچۈرگەيسەن، سېنى مەھرۇم قالدۇرغان كىشىگە سەن ئىنئام قىلغايسەن، سەندىن ئۈزۈۋق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە سەن سىلە ـ رەھىم قىلغايسەن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار، ئومۇمەن بارلىق تەربىيەتچىلەر! كۆز قارچۇقىمىز، يۈرەك پارىمىز بولغان ئەۋلادلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق مۇلايىملىق، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىگە ئاساسەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشىمىز بىزگە ۋاجىبتۇر!!!

## 6 ـ جۈرئەت

جۈرئەت مۆئمىنگە ئۆزى ئېتىقاد قىلغان يېگانە يالغۇز ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىمان ـ ئىشەنچىسىدىن ئۆزى قوبۇل قىلغان ھەقىقەتتىن، جەزمىيەت قىلغان مەڭگۈلۈكلۈكتىن، تەسلىم بولغان قازا ۋە قەدەردىن، ھېس قىلغان مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچتىن، ئۆسۈپ يېتىلگەن تەربىيەدىن ئۇرغۇپ چىققان ئاجايىپ جۇشقۇن روھىي كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر.

مۆئمىننىڭ مەغلۇپ بولمايدىغان كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىمان ـ ئىشەنچىسى، خار بولمايدىغان ھەقىقەت، ئۆزگەرمەس تەقدىر، باشقا بىر ئىشقا دۆڭگەپ قويغىلى، سۇسلۇق قىلغىلى بولمايدىغان مەسئۇلىيەت، ماللىق يەتمەيدىغان تەربىيە قاتارلىقلاردىن بولغان نېسىۋىگە قارىتا، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىقدارىغا بېقىپ ئۇنىڭ شىجائەت، باتۇرلۇق، جۈرئەت، جاسارەت، باھادىرلىق ۋە ھەق سۆزنى سۆزلەش ۋە ھەق تەرەپكە دادىل قەدەم تاشلاش قاتارلىقلاردىن شۇنچىلىك نېسىۋىسى بولىدۇ.

بىز بۇنىڭ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خاراكتېرىدە نامايان بولغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالسا مۆئمىنلەر ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كۈچلۈك كىشىدۇر. ئۇنىڭ ئىمانى بۇ ئۇقتىنى شۇنداق مەيدانلاردا شەكىللەندۇردىكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش شۇنچە كۈچلۈك، باتۇر، قاتتىق دەپ قارالغان كىشى ئۇ زات توغرىلىق «ئاللاھ تەئالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى بىلەن پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىمانى تارازىغا سېلىپ ئۆلچەنسە، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن.

ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولغان كۈنىدىكى مەيدانى مۇنداق بولغانىدى: كىشىلەر بۇ كۈنى گاڭگىراپ قېلىشتى، ھەيران قېلىشتى، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ئۇلارنى ئەس ـ يادىدىن، توغرا يول تۇتىدىغان ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ قويدى. ھەتتا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش شۇنچە چىدامىلىق كىشىمۇ: «كىمكى مۇھەممەد ئۆلدى دەيدىكەن، مەن ئۇنىڭ بويىنىغا مۇشۇ قىلىچىم بىلەن ئۇرىمەن» دېگەن. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلدى. كىمكى ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ مەڭگۈ ھايات، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ» دېدى. ئاندىن ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى

www.uyghurkitap.com

تىلاۋەت قىلدى: «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھ تەئالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ» (سۈرە ئال ئىمران ـ 144 ئايەت).

ئۇنىڭ بۇ ۋەقەدىن كېيىنكى مەيدانى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەللىدىن بۇرۇن شامغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىقى توغرىسىدا مۇسۇلمانلار ئىككىلىنىپ قالغان كۈنى نامايان بولدى. بۇ كۈنى مۇسۇلمانلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇشۇ قوشۇننىڭ مېڭىشىنى توختىتىشنى، ھېچبولمىغاندا كىچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سەۋەبى ئەتىنىڭ ھەرخىل ھادىسىلەر ۋە تۈرلۈك ئېھتىماللىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇققان ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە كەنت ـ قىشلاقلاردىكى ئەرەبلەرنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقى ئىدى. لېكىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا كەسكىن ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن رەددىيە بېرىپ: «مەن ئەبۇ بەكرنىڭ نەپسى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مېنىڭ جەسىتىم يىرتقۇچلارغا يەم بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇسامەنىڭ قوشۇنىنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇيرىغاندەك بۇيرۇيمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان بايراقنى ھەرگىز چۈشۈرۈۋەتمەيمەن. ئەگەر مەدىنىدە مېنى قوللايدىغان ھېچبىر ئادەم بولمىغان ھالەتتىمۇ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىمەن» دېگەن.

ئۇنىڭ مۇرتەدلەر ۋە زاكاتنى بەرگىلى ئۇنىمىغانلار بىلەن بولغان جەڭدىكى مەيدانى تېخىمۇ قەتئىي بولغاندى. مانا بۇ چاغ جاھىلىيەت تەرەپبازلىقىنىڭ مۇڭگۈزلىرى خۇددى شەيتانلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىدەك، ئېشەك مەرىسىگە ئوخشاش ئۆسۈپ چىققان، مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خۇددى يامغۇرلۇق كېچىدە قالغان قوي پادىلىرىغا ئوخشاپ قالغان، خۇددى سەييىدە ئانىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۈپەتلىگەندەك، ھەتتا بەزى مۇسۇلمانلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! سېنىڭ پۈتۈن ئەرەبلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا تاقىتىڭ يەتمەيدۇ، ئۆيۈڭگە كىرىۋالغىن، ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىڭنى تاقىۋالغىن، ساڭا ئۆلۈم كەلگۈچە رەببىڭگە تەنھا ئىبادەت قىلغىن» دېيىشكەن. لېكىن، بۇ دىلى يۇمشاق، نازۇك، يىغلاڭغۇ، يىپەككە ئوخشاش يۇمشاق، قەلبى ئانا قەلبىگە ئوخشاش مېھرىبان ئادەم ئاشۇ بىر قانچە لەھزىلەردە خۇددى دېڭىز ـ ئوكيانغا ئوخشاش قىساسكار، شىرغا ئوخشاش ھۇجۇمكار كىشىگە ئايلانغان. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ۋارقىراپ تۇرۇپ: «جاھىلىيەتتە كۈچلۈكلۈك، ئىسلامدا بوشاڭلىقمۇ؟ ۋەھيى تاماملاندى، مۇكەممەللەشتى. مەن ھايات تۇرۇپ ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى كېمىيىپ كېتەمدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئادا قىلغان زاكاتتىن

تۆگە باغلايدىغان ئارغامچا چاغلىق نەرسىنى قىسىپ قالدىكەن، مەن ئۇلارغا ئۇرۇش ئوتى ياقمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلار بىلەن قولۇم قىلچىنى تۇتۇپ تۇرالمىغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلمەن» دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ چاغدا: «ئاللاھ تەئالا ئەبۇ بەكرىنىڭ يۈرىكىنى جەڭ ئۈچۈن ئېچىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ۋە ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىغان[1].

مۇشۇ جەھەتتىن ھەقىقەتكە ۋە ھەقكە جۈرئەتلىك بولۇشنىڭ پەزىلىتى جىھادنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئىبنى ماجە رەھىمەھۇمۇللاھلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جىھادنىڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇشۇ جەھەتتىن ھەقنى سۆزلەش يولىدا شەھىد قىلىنغان ئادەم بىلەن شەھىدلەرنىڭ خوجىسى ئوخشاش بولىدۇ.

ئىمام ھاكىم رەھىمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «شەھىدلەرنىڭ خوجىسى تاغام ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە زالىم پادىشاھ ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسقان، ئاندىن شۇ سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن قەيەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھەق سۆزلەشكە ئەھدە ئالاتتى.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ مۇسلىم»دا ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز رەسۇلۇللاھقا مەيلى قىيىنچىلىق بولسۇن، مەيلى ئاسايىشلىق بولسۇن، مەيلى كۆڭۈلگە خۇش ياقىدىغان بولسۇن، مەيلى خۇش ياقمايدىغان بولسۇن ھەرقاچان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا، ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي تونۇشى ۋە قارىشىدىن ئارتۇق ۋە ئەۋزەل كۆرۈشكە، سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن ھۆججەت - پاكىت كەلتۈرۈلگەن ھالەك قىلغۇچى كۇپرىلىق كۆرۈلمىگۈچە ئىشنى ئۆز ئەھلىدىن تالاشماسلىققا، قەيەردە بولايلى ھەق سۆزلەشكە ۋە ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا مالامەتخورنىڭ تاپا - مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت قىلدۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تەئالا پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىلىك رىسالەتلىرىنى يەتكۈزگەن، بۇ جەرياندا يېگانە ئاللاھ تەئالادىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەھەدىدىن قورقمىغان كىشىلەرنى مەدھىيىلىدى ۋە ماختىدى: «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ تەئالادىن قورقىدۇ، ئاللاھ تەئالادىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ ئاللاھ تەئالادىن غەيرىدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، ئاللاھ تەئالا (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر» (33 - سۈرە 39 - ئايەت).

بىز ئەگەر تارىختا ئۆتكەن ئىسلام رىجاللىرى ھەققىدە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك كىتابلارنى ۋاراقلاپ

(1) ئۇستاز يۈسۈپ قەرزاۋىنىڭ «ئىمان بىلەن ھاياتلىقنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق كىتابىنىڭ 274 - بېتىدىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

چىقماقچى بولساق، كىتابىنىڭ ھەربىر قۇرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش-ئىزلىرى، نادىر قەھرىمانلىقلىرى، ھەقىقەت ۋە ئىسلام يولىدا كۆرسەتكەن جۈرئەتلىرى، باتۇرلۇقلىرى ۋە باھادىرلىقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلار بۇ جەھەتتە مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلەپ قالدۇردى.

ھوزۇرۇڭلارغا ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق مەيدانلىرىدىن جانلىق بولغان بىر بۆلۈك تېرەن مىساللارنى سۇنىمىز:

1 ـ ئىززە ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ مەيدانى: بىر كۈنى ئىززە ئىبنى ئابدۇسالام مىسىر سۇلتانى نەجمىددىن ئەييۇبنىڭ ئوردىسىغا باردى. بۇ چاغدا سۇلتان قوبۇلخانىدا ئولتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئەتراپىغا دۆلەت ئەركانلىرى توپلاشقان، ھەشەمەتلىك سورۇن تۈزۈلگەن ئىدى. ئىززە بۇ سورۇندا: «ئەي ئەبۇ ئەييۇب! قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا ئۇ سەندىن ‹ئەي ئەبۇ ئەييۇب! مەن ساڭا مىسىر دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى بەرسەم، كىشىلەرنى باشقۇرىدىغان ھوقۇقنى بەرسەم، سەن نېمە دەپ دۇكانلاردا ھاراق سېتىشقا يول قويىسەن؟› دەپ سورىسا نېمە دەپ ھۆججەت-پاكىت كۆرسىتىسەن؟» دەيدۇ. سۇلتان: «سەن بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇ مەملىكەتتە مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىپتۇمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئىززە: «ھەئە، پالانى يەردىكى پالانىنىڭ دۇكىنىدا ھاراق-شارابلار سېتىلىۋاتىدۇ، مۇنكەر ئىشلارمۇ مۇباھ بولۇۋاتىدۇ. ناشايان ئىشلار ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ بۇ مەملىكەتنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىگە مەستۇ-مۇستەغرەق بولۇۋاتىسەن» دەيدۇ. ئەييۇب: «سەن ئۇ دۇكاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن تەقسىر! ئۇ دۇكاندىكى ئىشلار مېنىڭ ئاتامنىڭ زامانىدىمۇ بار ئىدى، مەن ئاتامنىڭ زامانىدىن قالغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىۋاتىمەن. ئۇ دۇكانغا ۋە دۇكاندارغا تېگىش قىلغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. ئىززە ئىبنى ئابدۇسالام: «ھۆرمەتلىك تەقسىر! سىلى ‹بىز ھەقىقەتەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلدۇق، شەك-شۈبھىسىزكى بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز› (سۈرە زۇخرۇف 23 ـ ئايەت) دەيدىغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلا» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان دەرھال ھېلىقى دۇكاننى تاقاشقا ۋە ئىككىنچىلەپ ئاچقۇزماسلىققا، ھاراق-شارابلارنى مۇسادىرە قىلىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا يازما پەرمان چۈشۈردى.

2 ـ ئەبى ھازىم تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان سەلەمە ئىبنى دىنار دېگەن ئالىم مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرەتتى ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي مەدىكار! ساڭا ئاللاھ تەئالانىڭ سالىمى بولسۇن» دەيتتى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنى «ئەي ئەمىر! ئاللاھ تەئالانىڭ سالىمى ساڭا بولسۇن» دېگۈزۈشكە كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ: «سەن ھەقىقەتەن مۇشۇ ئۈممەتنىڭ مەدىكارى، رەببىڭ سېنى مۇشۇ ئۈممەتنى باشقۇرۇشۇڭ ئۈچۈن سېنى مەدىكارلىققا يالالاپ ئىشلەتكەن» دەيتتى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئاغرىنماقتا يوق ئەكسىچە سۆيۈنۈپ كېتەتتى. يۈرەكنى ئاغرىتىپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەت ۋە تەنبىھلىرىنى سېغىناتتى. شۇ ئارقىلىق يولىنى كۆرۈۋالاتتى.

3 ـ سەلەمە بىلەن سۇلايمان ئىبنى ئابدۇمەلىك ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ: بىر كۈنى سۇلايمان سەلەمەدىن سورايدۇ:

ـــ ئى ئەبۇ هازىم! بىز نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنى يامان كۆرىمىز، ئۆلۈشنى ياقتۇرمايمىز؟!!

ئەبۇ هازىم جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:

ـــ چۈنكى سىلەر ئاخىرەتلىكىڭلارنى خاراب قىلدىڭلار، بۇ دۇنيانى ئاۋات قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەرنىڭ ئاۋات يەردىن خاراب يەرگە كەتكۈڭلار يوق (ساھابىلەر بۇ دۇنيانى خاراب، ئاخىرەتنى يۇرتنى ئاۋات قىلدى، شۇڭا ئۇلار خاراب يەردىن ئاۋات يەرگە كېتىشنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى ـــ ت.).

ـــ ئەتە ئاللاه تەئالانىڭ ئالدىغا بېرىش قانداق بولىدۇ؟

ـــ ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى ئۆز ئەھلىنىڭ هوزۇرىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان كىشىگە ئوخشاش غالىب سۆيەتتە كېلىدۇ؛ يامان ئىشلارنى قىلغۇچى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن تۇتۇلۇپ قالغان قۇل خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەنگە ئوخشاش كېلىدۇ.

ـــ سۆزنىڭ قايسىسى ئەڭ ئادىلراق؟

ـــ سەن ئەيمەنگەن ياكى ئۈمىد قىلغان كىشىنىڭ ئالدىدا هەق سۆزلەش.

ـــ مۇئمىنلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئاقىل هېسابلىنىدۇ؟

ـــ ئاللاه تەئالانىڭ ئىتائىتىدە ئەمەل قىلغان ۋە كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشىغا باشلامچىلىق قىلغان، يول كۆرسەتكەن ئادەم.

ـــ قايسى مۇئمىن ئەڭ ئەخمەق؟

ـــ زالىم قېرىندىشىنىڭ هاۋايى ـ هەۋەسلىرىگە چۈشۈپ كەتكەن، يامانغا يانتاياق بولۇپ باشقىلارنىڭ بۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى سېتىۋەتكەن ئادەم.

ـــ ئەي ئەبۇ هازىم! بىزگە هەمسۆھبەت بولساڭ، سېنى ئوردىنىڭ خاس هاجىبى قىلسام؛ بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولساڭ، سەن بىزدىن نېسىۋىگە ئېرىشسەڭ، بىز سەندىن نېسىۋىگە ئېرىشسەك بولمامدۇ؟

ـــ ئاللاه تەئالا ساقلىسۇن!

ـــ نېمە ئۈچۈن بۇنى يامان كۆرىسەن؟ ئەجەبا بىز سېنى پاناه تىلىگۈدەك ئىشقا تەكلىپ قىلدۇقمۇ؟

ـــ مەن سىلەرگە ئازغىنە بولسىمۇ يۆلىنىپ قېلىشتىن، ئازغىنە بولسىمۇ تايىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەيمەن. ئەگەر مەن ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، ئاللاه تەئالا ماڭا هاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ زەئىپ ـ ئاجىزلىقىنى تېتىتىپ قويىدۇ.

ئەبۇ هازىم كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، سۇلايمان ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇ هازىم! ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ هازىم: «مەن سىلىگە پات ئارىدا ۋەسىيەت قىلىمەن، قىلغاندىمۇ قىسقا ۋەسىيەت قىلىمەن: پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، سەن ئۇزۇڭنى ئۇ سېنى چەكلىگەن، توسقان يەرلەردە كۆرۈپ قېلىشتىن ساقلانغىن ياكى سېنى قىلىشقا بۇيرىغان بولۇشقا تېگىشلىك يەردىن سېنى يوق تاپمىسۇن!» دېدى.

www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلىك كىتابخان قېرىنداشلىرىم! سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىزنى ئەنە يۇقىرىقىدەك ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ھەقىقەتتە جۈرئەتلىك ۋە ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەشكە تىرىشايلى!!!

* * * * * *

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار، تەربىيەتچىلەر، ئومۇمەن بارلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسى! يۇقىرىدىكى روھىي ئۇسۇللار ئىسلام دىنىمىز مۆئمىننىڭ روھىدا كۆچەت قىلىپ تىكىشكە قاتتىق تىرىشقان ئۇسۇللارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى بولۇپ، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان شەخسنىڭ خاراكتېرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشىدۇ، ھەممىسى ئىسلامنىڭ شەخسلەردىكى ئىجتىمائىي تەربىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، شەخس قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام ھالەتتە بىنا بولۇش نۇقتىسىدىن باشلاشنى ۋاجىب قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەقىقەتەن قايسى بىر تەربىيە ياكى بارلىققا كەلتۈرۈش قائىدىلىرىنى ئىسلام بەلگىلىگەن مۇشۇ روھىي ئۇسۇللارغا ئاساسەن بولمايدىكەن، بېجىرىلمەيدىكەن ياكى پۈت تىرەپ تۇرمايدىكەن، بۇنداق تەربىيە ياكى بارلىققا كەلتۈرۈش چوقۇم پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، قۇيرۇقنى قۇم بېسىپ پالاكەتكە يولۇقىدۇ، جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ بىر-بىرىگە چېتىلىشى، مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالاقىلىرى گوياكى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

شۇڭا، ئاتا-ئانىلار ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەرگە، خۇسۇسەن ئانىلارغا تۆۋەندىكىدەك تەربىيە ئېلىپ بېرىش بەكمۇ زۆرۈر بولىدۇ: سۆيۈملۈك ۋە ئۇماق پەرزەنتلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا، قەلب گۈلزارلىقىغا، يۈرەك ئېكىنزارلىقىغا ئىمان ۋە تەقۋادارلىق ئەقىدىسىنى، قېرىنداشلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ پەزىلىتىنى، مېھىر-شەپقەت، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش، ئۆزىنىڭ كۆمچىگە چوغ تارتماسلىق، بەلكى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىش، مۆلايىملىق، كەڭ قورساقلىق قاتارلىقلارنىڭ مەنە-ئۇقۇملىرىنى، ھەقىقەتكە ئالغا ئىلگىرىلەش، دادىل قەدەم تاشلاش ۋە جۈرئەتلىك بولۇشنىڭ ئۇلۇغۋار يولىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلۇغۋار روھىي ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى كۆچەت قىلىپ تىكىشى، ئەگەر كۆچەت تىككەن بولسا ئۇنى يېمىرىلمەس مۇستەھكەم قارىغاي ۋە شەمشاد دەرەخلىرىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. ھەتتاكى باللار ئوينايدىغان چەمبىرەكلەرنى تاشلاپ يىگىتلىككە قەدەم تاشلىغان، ھاياتلىق دېڭىزىغا شۇڭغۇغىدەك، غەۋۋاسلارغا لايىق يېشىغا يەتكەن چېغىدا، ئۈستىدىكى تۆرلۈك مەجبۇرىيەتلەر ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى بوشاڭلىق قىلماستىن، يۆلىنىۋالماستىن، ئىككىلەنمەستىن ياكى ئۈمىدسىزلەنمەستىن تولۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقىلارغا قارىتا چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەقىقەتنى سەل چاغلىماستىن ياكى ۋاجىب-تاپشۇرۇقنى كەم قويماستىن ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇ تەرەپكە تولۇق يۈزلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى جان-دىل بىلەن ئورۇنلايدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ مۇئامىلىلىرى، كىشىلەر بىلەن ئارىلىششىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاقلىرى كىشىلەر كۆرگەن ئەڭ گۈزەل قىياپەتتە، خىياللار تەسەۋۋۇر قىلغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئالىي سىماسىدا بولىدۇ.

قايسى بىر تەربىيە نىزامى مۇشۇ روھىي ئۇسۇللار ۋە تەربىيىۋى ئاساسلار ئۈستىدە پۈت تىرەپ تۇرمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى خۇددى ساغىرىشقا ۋە قۇرۇشقا باشلىغان دەرەخ ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنى داۋالاش ياكى چارە

قىلىشقا تىرىشماي، بەلكى يوپۇرماقلىرى، شاخ ـ شۇمبىلىرى ياكى قوۋزاقلىرىغا چارە ـ تەدبىر قىلىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كەتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ.

بىلىشىڭىز كېرەككى، دەرەخ يىلتىزىدىن تۈزەلمىسە ھەرگىز يوپۇرماقلىرى، شاخ ـ شۇمبىلىرى ۋەياكى تاشقى پوستىدىن تۈزەلمەيدۇ. ئەگەر يىلتىزى ياخشىلانسا، دەرەخنىڭ بىر پۈتۈن ھەممە قىسمى ياخشىلىنىدۇ ۋە تۈزىلىدۇ.

تېخىمۇ ئوچۇق سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەربىيە مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشى ئۆز تەربىيەسىنى مۇشۇ ساپاتلىق ئۇلى ــــ مۇستەھكەم ئۇل ـ ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىشى خۇددى سۇ ئۈستىگە خەت يازغان، كۆلگە پۈۋلىگەن، ھېچبىر پايدىسىز، ئەھمىيەتسىز ياكى نىشانسىز ھالدا چۆلگە كىرىپ ئالا ـ جۇقا تۇۋلاپ، ۋاقىراپ يۈرگەن كىشىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

* * * * *

## 2 ـ باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش

«ئۇلۇغۋار روھىي ئۇسۇللارنى كۆچەت قىلىپ تىكىش» دېگەن تەتقىقاتىمىزدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلۇغ ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىك تەربىيىۋى قائىدىلىرىنى، ئەقىدىگە بىۋاستە تۇتىشىدىغان، تەقۋالىققا بىۋاستە چېتىلىدىغان روھىي ئۇسۇللار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقتى.

شەخسىتكى ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەنە ـ ئۇقۇمىدا، ئەڭ مۇكەممەل غايىدە تولۇقلىنىشى ئۈچۈن، جەمئىيەتىكى ئۆزئارا ھەمكارلىق نەتىجىلىك مېۋىلەرنى بېرىشى، شېرىن سەمەرىلەرنى نەتىجىلىشى، جەمئىيەت شەخسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنىڭ چەمبەر ـ چاس باغلىنىشى، ئالىي ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن، ئۆزئارا مۇھەببەت ئالماشتۇرۇش، قۇرۇلۇش بىناسى ئۈچۈن ئۆزلۈكنى تەنقىد قىلىشنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ تەربىيىۋى قائىدىلەرگە چوقۇم ئائىلىق ئەمەل قىلىشى كېرەك.

بىز ئىجتىمائىي مۇئامىلىلەر ئۇنىڭغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇسۇللارنىڭ مۇھىملىرىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئۇ ئاساسلار ئىمان ۋە تەقۋالىق ئەقىدىسى، قېرىنداشلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ پەزىلىتى، مېھىر ـ شەپقەت، ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە مۇلايىملىق قاتارلىقلارنىڭ پرىنسىپلىرى، ھەقىقەتكە دادىل قەدەم تاشلاش ۋە ھەقتە جۈرئەتلىك بولۇش ئەخلاقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

بىز شۇنى قاتتىق تەكىتلىگەن ئىدۇقكى، بارلىق تەربىيەتچىلەر جىگەر پارىسى بولغان سەبىيلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە كىچىكىدىن باشلاپ مۇشۇ روھىي ئۇسۇللارنى يىمىرىلمەس ھالەتتە مەزمۇت ئورۇنلاشتۇرمىسا، ئۇلار كەلگۈسىدە چوقۇم بۇ داشقال ئەۋلادلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، ھەق يولدىن ئادىشىپ باشباشتاق، چېچىلاڭغۇلارنىڭ يولىدا ماڭىدىغان، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى خانىۋ ـ ۋەيران قىلىۋېتىدىغان، ئىناق ـ

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىقنى پارچىلايدىغان ۋەيران قىلغۇچى جىنايەتكار ھالىتىنى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ بۇزغۇنچىلىق ۋە خاتا يولدا ئۆسۈپ يېتىلسە، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىش كار قىلمايدۇ، تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، ئىسلاھ قىلغانلىقنىڭ مەنپەئەتى بولمايدۇ.

ئۇ چاغدا ھەسرەت ـ نادامەتنىڭ بارمىقىنى چىشلەيسىز، ئۆزىڭىزگە باش ئاغرىقى تېپىۋالىسىز، ياخشى ئەمەللىرىڭىزنى يەپ كېتىدىغان كۈيلەر ئۇزۇن پۇشتىڭىزدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. ئۇلار دۇنيادا سىزنىڭمۇ ۋە ئۆزىنىڭمۇ يۈزىنى تۆكىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا سىزنىمۇ ۋە ئۆزىنىمۇ تۇگمەس ئەلەملىك ئازابقا تاشلايدۇ.

بۇ مۇقەددىمىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، جەمئىيەتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش، ئۇلۇغۋار روھىي ئۇسۇللارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئاجرىماس بىر گەۋدىسىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە يېپىشقاندۇر، بەلكى ئېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا روھىي ئۇسۇللار ئىچكى مەنە ـ ئۇقۇم (نەزەرىيە)، جەمئىيەت ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش ئەمەلىي كۆرۈنۈشتۇر، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئالدىنقىسىنى روھ، كېيىنكىسىنى تەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ھەرقانداق ھالەتتە بىرىنچىسىنىڭ ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت بولۇشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، چوقۇم بۇزغۇنچىلىق، يوچۇق، تەرتىپسىزلىك، قالايمىقانچىلىق ۋە ئىزتىراپ قاتارلىقلارنىڭ كۆمھقاپ دەرۋازىسى چوڭ ئېچىلىدۇ.

لېكىن، بالىلىرىمىزغا يول كۆرسىتىشكە، يېتەكلەشكە، ئۇنىڭغا ئاساسەن يېتىلدۈرۈشكە، ئۇنىڭغا بۇيرۇشقا، ئۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈشكە ۋە ئۇنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئادا قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئادەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان بۇ ئىجتىمائىي ھەقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

بۇ ھەقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى؛

2 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەققى؛

3 ـ تەربىيەتچى ئۇستازلارنىڭ ھەققى؛

4 ـ ھەمراھنىڭ ھەققى؛

5 ـ چوڭلارنىڭ ھەققى.

بىز تەربىيەتچىلەرنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە بەك كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ مۇستەھكەم ۋە يىمىرىلمەس ھالەتتە ئۇل ـ ئاساس سېلىشى ئۈچۈن، بۇ ھەقلەرنىڭ ھەربىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز، ئاللاھ تەئالاغا تايىنىمىز ۋە ياردەم سورايمىز.

## 1 ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتىگە تونۇتۇشقا، قىزىقتۇرۇشقا ئەڭ تېگىشلىك بولغان ھەقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر، ئۇ بولسىمۇ بۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىش، ئىتائەت قىلىش، خەيرى ـ ئېھسان

قىلىش، ئىخلاس قىلىش، ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ياشىنىپ قالغاندا پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش، غەمخۇۋار، غەمگۇزار بولۇش، ئاۋازىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردىن باشقىمۇ تېگىشلىك ھەقلەر ۋە ئاتا ـ ئانىلىققا لازىملىق بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاقلار بار.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم! ھوزۇرۇڭلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىكى قىممەتلىك تەۋسىيەلىرىدىن بىر قانچە تامچە سۇنىمىز. ئاتا ـ ئانىلار! سىلەر بۇ تەۋسىيەلەرنى پەرزەنتلىرىڭلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەتكەيسىلەر ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن مېڭىشنى بىلدۈرگەيسىلەر.

1 ) ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ئۇ ئىككىسىنىڭ رازىلىقىدا ئىكەنلىكى: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر مۇسۇلمانىنىڭ ئىككى مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ساۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلانغان بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىككى دەرۋازىسىنى ئوچۇق قويىدۇ، ئەگەر بىرى بولسا بىر ئىشىكنى ئوچۇق قويىدۇ، ئەگەر كىشى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغان بولسا، تاكى ئۇ ئۇنىڭدىن رازى بولمىغۇچە ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىدىن رازى بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى، «ئەگەر ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلسىچۇ؟» دەپ سورالغاندا: «گەرچە زۇلۇم قىلسىمۇ شۇنداق» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

«سۇبۇلۇسسەلام» ( تىنچلىق يوللىرى ) ناملىق كىتابتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىدا، ئاللاھ تەئالانىڭ نارازىلىقى ئاتا ـ ئانىنىڭ نارازىلىقىدا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

2 ) ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن ئۆزلىرى بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشقا تەييارلىق قىلىپ كەلدىم» دېگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن: «ئاتا ـ ئانىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇ: «ھەئە، بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: «ئۇنداق بولسا سىز ئۇ ئىككىسى توغرىسىدا جىھاد قىلىڭ ( يەنى جىھادقا چىقماي ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭ، شۇ ئارقىلىق جىھادنىڭ ساۋابىنى تېپىڭ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام نەسەئى رەھمەھۇمەللاھلار مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمەتۇسسۇلەمي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان: ئاتام جاھىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن غازاتقا چىقىشنى ئىرادە قىلغانىدىم، شۇڭا سىلىدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن يانلىرىغا كەلدىم» دېگەندە، ئۇ ئاتامدىن: «ئانىڭىز بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئاتام: «ھەئە، بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئۇنىڭغا يېپىشقىن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن، جەننەت ھەقىقەتەن ئۇنىڭ

ئىككى پۇتىنىڭ ئاستىدا» دەپتۇ.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ مۇسلىم»دا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلىگە ھىجرەت قىلىش، ئاندىن جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلغىلى كەلدىم، مەن بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تەئالانىڭ ماڭا ئەجىر-ساۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن: «ئاتا-ئاناڭنىڭ بىرەرى ھاياتمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: «بەلكى ھەر ئىككىلىسى ھايات» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن ئاللاھ تەئالادىن ئەجىر-مۇكاپات تەلەپ قىلامسەن؟» دېدى. ئۇ كىشى: «ھەئە» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداق بولسا، سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇ ئىككىسىگە ياخشى ھەمسۆھبەت بولغىن (يەنى خىزمىتىنى قىلغىن)» دېدى.

3) ئاتا-ئانا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەشنىڭ ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلغانلىق ۋە ۋاپادارلىق بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا جانابى ئاللاھ تەئالا تەبارەك ۋەتەئالانىڭ ئەمرى-پەرمانىغا بويسۇنغانلىق بولىدىغانلىقى:

بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇھ-ۋاي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: (ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن) دېگىن» (سۈرە بەنى ئىسرائىل 23 ـــ 24 ـ ئايەتلەر).

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېيىت ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ دەرىجىسىگە دەرىجە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: (ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ قانداق ئىش؟) دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: (پەرزەنتىڭ مەندىن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشىمنى تىلىدى) دەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ھاكىم رەھىمەھۇمۇللاھلار مالىك ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يېنىغا بەنى سەلەمە ئايمىقىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ياخشىلىقتىن بىرەر نەرسە قالامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: «ھەئە، ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت تىلەش،

ئىستىغپار ئېيتىش، ئەھدىلىرىنى ئورۇنلاش، دوستلىرىنى ھۆرمەتلەش، پەقەت ئۇ ئىككىسىنىڭ سەۋەبىدىن ئۈلانمىسا ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش، سىلە-رەھىم قىلىش قاتارلىقلار بار» دېدى.

مانا بۇ ئىسلام دۇنياسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق بولغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار، ياخشىلىق قىلغۇچى، سالىھى پەرزەنتنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا بىزگە مۇنداق ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ. بۇ ئېسىل كۆرۈنۈشنى بىزگە ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلىپ قالدۇرىدۇ. بۇ ۋەقەلىكنى ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ مۇسلىم»دا مۇنداق بايان قىلىدۇ: بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككىنىڭ يولىدا كېتىۋاتقاندا ئۈستى-بېشى تولىمۇ ئاددىي بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئابدۇللاھ ئۇ كىشىگە سالام قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىنى ئۆزى مىنگەن ئېشەككە مىندۈرۈپ بېشىدىكى سەللىنى ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: شۇنىڭ بىلەن بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «ئاللاھ تەئالا سىلىنى تۈزىسۇن، ياخشىلىسۇن، ئۇلار دېگەن سەھرالىق كىشىلەر، بۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلىشىڭىز ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇلار ئازراق بەرسىمۇ رازى بولىدۇ» دېدۇق. ئابدۇللاھ سۆزىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىزگە: «بۇ كىشىنىڭ دادىسى ئاتام ئۆمەرنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىر ئادەمنىڭ ئاتىسىنىڭ دوستلىرىنىڭ ئەھلىگە سىلە-رەھىم قىلىشىدۇر› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا، مۇشۇنداق قىلدىم» دەيدۇ.

«مەجمەئۇززەۋائىد» ناملىق كىتابتا ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئاتاڭنىڭ دوستلىرىغا سىلە-رەھىم قىلغىنىڭ ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق جۈملىسىدىندۇر» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

مەزكۇر كىتابتا يەنە بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ رىۋايەت نەقىل قىلىنغان: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئانامنى بىر پارچە گۆش تاشلاپ قويۇلسا پىشىپ كاۋاپ بولۇپ قالغۇدەك پىژغىرىم ئاپتاپتا ئىككى پەرسەخ يەرگىچە كۆتۈردۈم. مەن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېنى تەربىيىلىگىنىگە تېگىشلىك شۈكرى ئېيتقان بولامدىمەن؟» دەپ سورىغۇدى. ئۇ: «ياق، بەلكى بىر قېتىم تولغاق ئاغرىقى تارتقانلىقىڭ ھەققىنى ئاران ئادا قىلالىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن» دېدى.

4 ) ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى: ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت نەقىل قىلىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ سۆھبىتىمنى ياخشى قىلىشقا كىم ئەڭ ھەقلىق؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ كىشى: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ كىشى يەنە: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ يەنە: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ كىشى يەنە: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆتىنچى قېتىمدا پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاندىن ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ «تەپسىر ئىبنى كەسىر»دە سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدىدىن، ئۇ كىشى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەج تاۋاپىدا بىر ئادەم ياشىنىپ قالغان ئانىسىنى گەدىنىدە كۆتۈرگەن ھالدا تاۋاپ قىلدۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «مەن ئانامنىڭ ئۈستۈمدىكى ھەققىنى ئادا قىلدىممۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: «ياق، بەلكى بىر قېتىم تولغاق ئازابى تارتقانلىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلالمىدىڭ» دېدى.

ئىسلام دىنى ئىككى تۈرلۈك سەۋەبنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالدىغا قويدى: بىرى، ئانا دادىغا قارىغاندا ھامىلىنى كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئېمىتىش، بالىنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش، بېقىش ۋە تەربىيەلەشنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى كۆپ تارتىش جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى جانابى ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدە مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: «ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى، (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر» (سۈرە لوقمان-14 ئايەت).

بىز سەل ئىلگىرى بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «مەن ئانامنى گەدىنىمگە ھاپاش قىلىپ ھەج تاۋاپى قىلدۇردۇم، مەن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېنى تەربىيىلىگىنىگە تېگىشلىك شۈكرى ئېيتقان بولدۇممۇ؟» دېگەندە، ئۇنىڭ: «ياق، بەلكى بىر قېتىم تولغاق ئاغرىقى تارتقانلىڭ ھەققىنى ئاران ئادا قىلالىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر ياخشى كىشى ھەج تاۋاپىدا سەھرالىق بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنى گەجگىسىگە ھاپاش قىلغان ھالدا ھەج تاۋاپ قىلىۋېتىپ مۇنداق شېئىر ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان:

ئانام ئۈچۈن مەن خۇددى قوي قوزىسىدەك ئۆلاغمەن،
ئۆلاغ گاھى ھۈركۈيدۇ، مەنكى ئەسلا ھۈركمەيمەن،
مېنى ئانامنىڭ تۆگە تايلاق ئەتكىنى، ئېمىتكىنى شۇنچە كۆپ،
مېنىڭ رەببىم ئاللاھ تەئالا ھەممىدىن ئۇلۇغ، رەھمىتى شۇنچە كۆپ.

ئاندىن ئۇ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ: «مەن ئانامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدىممۇ؟» دەپ سورىغان. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىگە: «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئۇنىڭ تولغاق ئاغرىقلىرىدىن بىر قېتىملىق ئاغرىقتا تەڭ كەلگۈدەك ھەققىنى ئادا قىلالىدىڭ ياكى ئادا قىلالمىدىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىككىنچى بىرى، ئانىنىڭ خاراكتېرىدە پەرزەنتكە قارىتا ھېسسىيات، تۇيغۇ، مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىق دادىنىڭ كۆيۈنىشى، غەمخورلۇقى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە يۇقىرى، پەۋقۇلئاددە كۈچ ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. بالىلار بەزىدە ئاندىن زاھىر بولغان ھېسسىيات، ئامراقلىق، مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە تورلۇك كۆڭۈل بۆلۈش تۇيغۇلىرىغا قاراپ ئۇنىڭ ھەققىگە سەل قارايدۇ ياكى ئاددىي كۆرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرانە شەرىئەت پەرزەنتلەرگە ئانىلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلىشنى، ئۇلارغا ۋاپادار بولۇشنى، ئىتائەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ھەققىگە سەل قارىماسلىقنى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ۋاپادار بولۇش، ئىززەت-ئىكرامىنى قىلىشتىن كۆز يۇممىاسلىقنى تەۋسىيە قىلدى.

بالا ئانىنى قانچىلىك قاقشاتسۇن، قانچىلىك زەردە قىلسۇن، رەنجىتسۇن، كۆڭلىنى ئاغرىتسۇن، يۈز ئۆرۈپ تەتۈر قارىسۇن، ئانىنىڭ يەنىلا ئۇنىڭغا قانچىلىك كۆيۈنىدىغانلىقى، ئامراقلىقى، بالىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، بىرەر مۇسىبەت ياكى خاپىلىق يەتسە چىدىمايدىغانلىقى، ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقى كىشىنى ھەققەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ.

بۇ سۆزىمىزنى مۇنۇ ۋەقەلىكمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: ئەبۇ لەيس سەمەرقەندى رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئەلقەمە ئىسىملىك بىر يىگىت كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ۋە كېسىلى كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ نەپەس ئۈزۈشكە ئاز قالغان. لېكىن، ئۇنىڭغا «لا اله الا اللّٰه» دېگەن ئىمان كەلىمىسى تەلقىن قىلىنغاندا ئۇ بۇ كەلىمىنى ئېيتالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن. ئۇ: «ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بارمۇ؟» دەپ سورىغان. كىشىلەر: «دادىسى كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن، ئەمما ياشىنىپ قالغان قېرى بىر ئانىسى بار» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىلگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالدىن ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان. موماي: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئوغلۇم ئۇنداق-مۇنداق نەپلى ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇنداق-مۇنداق نەپلە روزا تۇتىدۇ، سەدىقە دېگەننى شۇنداق قىلىدۇكى، ئۇ سەدىقە قىلغان دىرھەملەرنىڭ سانىنى ۋە ئېغىرلىقىنى بىلىپ بولالمايسىز» دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلىسى قانداق؟» دەپ سورايدۇ. موماي: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئوغلۇمدىن رازى ئەمەس، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقىم، غەزەپ-نەپرىتىم بار» دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «نېمىشقا؟» دەپ سورايدۇ. موماي: «ئوغلۇم خوتۇنىنى مەندىن ئارتۇق كۆرىدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇ خوتۇنىغا بويسۇنىدۇ، خوتۇنىنىڭ كەينىگە كىرىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئانىسىنىڭ رازى بولماسلىقى ئۇنىڭ تىلىنى «لا اله الا اللّٰه» كەلىمىسىدىن توسۇپ قويۇپتۇ» دەيدۇ. ئاندىن: «ئى بىلال! بارغىن، كۆپ ئوتۇن يىغىپ كەلگىن، مەن ئانىسىنى نارازى قىلغان بۇ ئەلقەمەنى ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان موماي: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئوغلۇم مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ مېۋىسى، ئۇنى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا كۆيدۈرۈپ تاشلامسىز؟ مېنىڭ قەلبىم بۇ ئىشنى قانداق كۆتۈرىدۇ» دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالانىڭ ئوغلۇڭنىڭ خاتالىقلىرىنى مەغپىرەت قىلىشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟ ئەگەر

www.uyghurkitap.com

شۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭدىن رازى بولغىن، مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئوغلۇڭدىن نارازى بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوقۇغان نامىزى، تۇتقان روزىسى مەنپەئەت قىلمايدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي دۇئاغا قولىنى كۆتۈرۈپ: «مەن ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالانى، ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ۋە مۇشۇ يەردە هازىر بولغان كىشىلەرنى گۇۋاھ قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن ئوغلۇمدىن رازى بولدۇم» دەيدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالنى چاقىرىپ: «ئى بىلال! بارغىن، ئەلقەمە «لا اله الا الله» دېيىشكە قادىر بولالىدىمۇ، يوق؟ ئۇقۇپ كەلگىن، مەن ئۇنىڭ ئانىسىنى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىدىن هايا قىلىپ كۆڭلىدە يوق بىر ئىشنى دېگەنمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم» دېگەن. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلقەمەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارغاندا ئۇنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا «لا اله الا الله» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. بۇ ساھابە شۇ كۈنى ئۆلۈپ قالغان. ئاندىن يۇيۇپ-تارىلىپ كېپەنلەنگەن. ئۇنىڭ نامىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئوقۇغان. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ: «ئى مۇهاجىرلار ۋە ئەنسارلار! كىمكى خوتۇنىنى ئانىسىدىن ئۈستۈن كۆرسە، ئۇ كىشىگە ئاللاھ تەئالانىڭ لەنىتى بولسۇنكى، ئۇنىڭدىن بىرەر پەرز ياكى نەپلە ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ، تەۋبە ياكى پىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن.

ئىمام تىبرانى ۋە ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇمەللاھلارمۇ بۇ ھەدىسنى مەلۇم سۆزلۈكلەر ئوخشىمىغان ھالەتتە رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، مەزكۇر ئىككى سەۋەبنىڭ ۋەجھىدىن ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، مېھىر-شەپقەت قىلىش، كۆيۈنۈش، غەمگۈزارلىق قىلىش ۋە ھەققىنى ئادا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆگەتكەندىكى چوڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بۇنى ياخشى بىلىۋېلىشى كېرەك!

5 ) ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى: تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە تۆۋەندىكى ئەدەپ-ئەخلاقلارغا رىئايە قىلدىغان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم: ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق، ئالدى بەشىلىك قىلماسلىق، ئۇلارنى ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرماسلىق، ئۇلاردىن بۇرۇن ئولتۇرماسلىق، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈمەسلىك، ئۇلار قاراپ تۇرغاندا تاماق يېمەسلىك، ئۇلاردىن ئۈستۈن، ئالىي ئورۇنغا چىقماسلىق، بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماسلىق ...

بۇ ئەدەپ-ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىشنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى

كىچىكلىكىمىدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن» (سۈرە بەنى ئىسرائىل 23 ـــ 24 ـ ئايەتلەر).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاتىسىغا غەزەپ بىلەن كۆز ئالايتقان كىشى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلمىغان بولىدۇ» دەيدۇ («مەجمەئۇززۋائىد» ـ 3 دەپتەر ـ 8 بەت).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر كىشى كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ياشىنىپ قالغان بىر بوۋاي بار ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن: «ھەي پالانى يېنىڭدىكى بۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: «بۇ مېنىڭ دادام» دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئولتۇرما، ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرما، ئۇنىڭغا ئىزا-ئاھانەت تېپىپ بەرمە» دېدى («مەجمەئۇززۋائىد» ـ 3 دەپتەر ـ 8 بەت).

ئىلگىرىكى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاتىلىرى بىلەن بولغان ئەدەپ-ئەخلاقى چەك تۇتىدىغانلىقىغا ئائىت ئۆرنەكلەر:

* «ئۇيۇنۇل ئەخبار» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق يازىدۇ: ئۇمەر ئىبنى زەيدتىن: «سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ ساڭا ئەرزىيدىغان ياخشىلىقى نېمىلەردىن ئىبارەت؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «مەن ئوغلۇم بىلەن كۈندۈزى سىرتقا چىقسام، ئۇ مېنىڭ ئارقامدىن ماڭىدۇ، كېچىسى چىقسام ئالدىمدا ماڭىدۇ، مەن بار ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

=«مەجمەئۇززەۋائىد»نىڭ مۇئەللىپى مۇنۇ قىسسىنى تىلغا ئالىدۇ: ئەبى غەسسان زەببى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئاتام بىلەن سىرتقا چىققاندىم، يولدا بىزگە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولۇقتى، ئۇ مەندىن: «بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «دادام» دەپ جاۋاب بەردىم، ئۇ: «ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭمىغىن، ئارقىسىدا ياكى بىر تەرىپىدە ماڭغىن، ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭغا بىراۋنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا يول قويمىغىن، ئاتاڭ بار ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقمىغىن، ئۇ ساڭا قاراپ ئولتۇرغاندا سۆڭەك غاجىلىمىغىن، ئۇنىڭمۇ غاجىلىغىسى كېلىشى مۇمكىن» دېدى.

* «ئۇيۇنۇل ئەخبار»نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: خەلىپە مەئمۇن مۇنداق دېگەن: مەن ئاتىسىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ۋاپادار بولۇشتا پەزلى ئىبنى يەھيادىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىرەر ئەھەدىنىڭ بارلىقىنى كۆرمىدىم، ئۇنىڭ ئاتىسىغا بولغان ياخشىلىقى شۇ دەرىجىگە بارغانكى، پەزلىنىڭ دادىسى يەھيانىڭ ئىسسىق سۇدا تاھارەت ئالىدىغان ئادىتى بولۇپ، ئاتا-بالا ئىككىسى زىنداندا بولغان ۋاقىتلاردا گۇندىپايلار ئۇ ئىككىسىنى سوغۇق قاتتىق بىر كېچىسى زىندان ئىچىگە ئوتۇن ئېلىپ كىرگىلى قويمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەزلى دادىسى يەھيا ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن سۇ ئىسسىتىدىغان چۆگۈننى سۇغا توشقۇزۇپ چىراغنىڭ ئوتىغا قاقلايدۇ، ئۇ چۆگۈننى ئۆرۈپ-چۆرگەن ۋە ئۆرە تۇرغان ھالدا كېچە تاڭ ئاتىدۇ. بۇ سالىھ ئوغۇل شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتىسىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسسىق سۇدا تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

* بىر قېتىم سالىھ ئاباسىيلار خەلىپىسى مەنسۇرنىڭ مەجلىسىگە ھازىر بولىدۇ، ئۇ بۇ سورۇندا ھە دېسىلا ئاتىسىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئاللاھ تەئالا ئاتامغا رەھمەت قىلسۇن دېگەن سۆزنى كۆپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرنىڭ خاس ھاجىبى ئۇنىڭغا: «ئەمىرۇلمۇئمىنىننىڭ ھوزۇرىدا ئاتاڭنىڭ گېپىنى كۆپ قىلمىغىن، ھە دېسىلا ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن دەۋەرمىگىن» دەيدۇ. سالىھ ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا تاپا-مالامەت قىلمايمەن، چۈنكى سەن ئاتا-ئانىنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىنى تېتىپ باقمىغان ئادەمسەن» دەيدۇ. خەلىپە مەنسۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە: «بەنى ھاشىم پەرزەنتلىرىگە شىلتىڭ ئاتقاننىڭ جازاسى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەيدۇ.

* ئىمام ئىبنى ھەببان رەھمەھۇللاھ بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: بىر ئادەم ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئەبۇ دەرداﺋ! ئاتام مېنى قاتتىق زورلاپ يۈرۈپ بىر خوتۇننى ئېلىپ بەردى، ئەمدىلىكتە بولسا مېنى ئۇ ئايالنى تالاق قىلىشقا بۇيرىدى، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئى ئەبۇ دەرداﺋ ! مەن ساڭا ئاتا-ئاناڭغا قارىغىن قېپى بول ياكى ئايالىڭنى تالاق قىلغىن دېمەيمەن، لېكىن خالىساڭ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى سۆزلەپ بېرەي: ‹ئاتا جەننەت دەرۋازىلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدۇر، خالىساڭ دەرۋازىنى ساقلاپ قالغىن، خالىساڭ تەرك ئەتكىن› » دەيدۇ. ھەدىسنىڭ ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئەتائ: «مەن ئۇ كىشىنى خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كەتتىمكىن دەپ ئويلايمەن» دەيدۇ.

* ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئىبنى ھەببان رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر خوتۇنۇم بار بولۇپ، مەن ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما، ئاتام ئۇمەر ئۇ ئايالنى ياقتۇرمايتتى، بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «بۇ خوتۇنىڭنىڭ تالىقىنى بەرگىن» دېدى، مەن ئۇنىمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئاتام ئۇمەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئۇ ئايالدىن ئاجرىشىپ كېتىڭ» دېدى.

6 ) ئاتا-ئانىلارنى قاقشىتىشتىن ئېھتىيات قىلىش: قاقشىتىشنىڭ مەنىسى ئاسىيلىق قىلىش، قارىمۇقارشىلىق قىلىش، گەدەنكەشلىك قىلىش ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. باللارنىڭ غەزەپلەنگەندە ئاتا-ئانىسىغا ئالىيىپ قارىشى، ھومىيىشى ۋە كۆزلىرىنى چەكچەيتىشى ئاقىيلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

باللارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتا-ئانىسى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشى، ئاتا-ئانامدىن ئېشىپ كەتتىم ياكى باراۋەر بولۇپ قالدىم دەپ ئويلىشى ئاقىيلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيۈش، خىزمىتىنى قىلىشتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشمۇ ئاقىيلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇ ئىككىسى سىرتتىن كىرگەندە ئۇلارغا ھۆرمەت، ئېھتىرام ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرماسلىقى ئاقىيلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

باللارنىڭ مەغرۇرلانغانلىقتىن ياكى كىبىر-غۇرۇرى تۇتقانلىقتىن ئاتا-ئانىسىنى تونۇماس بولۇۋېلىشى، بولۇپمۇ ئالىيجانابلار ئىجتىمائىي مەركەزلىرىدىن ئورۇن ئالغان كىشىلەرنىڭ نومۇس قىلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماسلىقى، ئۆزىنى مەن پالانىنىڭ بالىسى دېيىشتىن تارتىپ قېلىشى ئاقىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

باللارنىڭ ئاتىسىنى ئامانلىق قوغدىغۇچى (باۋئەن)، ئانىسىنى بالا باققۇچى (باۋمۇ) قىلىشى ئاقىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاتا-ئانىسى كەمبەغەل بولسا، ياشىنىپ قالغان بولسا، باللىرى باقماستىن تاشلىۋەتكەن، نەپىقە ھەققىنى بەرمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ يېتىم-يېسىرلار ساناتورىيىسى دېگەندەك ئورۇنلارغا بېرىپ قېلىشى ياكى باللىرى ئۈستىدىن قازى مەھكىمىلىرىگە ئەرز-شىكايەت قىلىشى ئاقىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاۋازىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈشى، تىوك مۇئامىلە قىلىشى، قاتتىق تېگىشى، ھۆركىرىشى، يۈرەكنى جاراھەتلەندۈرىدىغان، كۆڭلىنى ئەزىيەتلەندۈرىدىغان، ئىزار-ئاھانەت ئېلىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشى، ئاتا-ئانىنىڭ تىل-ھاقارەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشى، مەسىلەن باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللىشى، بۇ سەۋەبتىن ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇشى قاتارلىقلار چوڭ ئاقىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاقىلىقتىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى، ئاقىلارنىڭ ئېغىر جىنايەت، چوڭ گۇناھ، كاتتا خاتالىقلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالىدىغانلىقى، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ نەخ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تولىمۇ ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلغانلىقىدىن ھەيران قالمىغۇلۇق.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاگاھ بولۇڭلار، مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئۈچ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دېگەنلىكنى، ساھابىلەرنىڭ: «ئەلۋەتتە خەۋەر بەرسىلە ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەنلىكنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ: «ئاللاھ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش» دېگەنلىكنى، ئاندىن يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالىتىدىن تىك بولۇپ ئولتۇرۇپ: «يالغان ئېيتىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» دېگەنلىكنى ۋە بۇ سۆزنى قايتا-قايتا تەكرارلاۋەرگەنلىكنى، ھەتتا ساھابىلەرنىڭ يالغان ئېيتقان، يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىگە ئىچى ئاغرىپ، مېھرى-شەپقىتى تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەمدى توختاپ قالسىكەن دېيىشىپ كەتكەنلىكنى بايان قىلىدۇ.

2 ـ ئىمام ئەھمەد، ئىمام نەسەئى، ئىمام بەزارى ۋە ئىمام ھاكىم رەھمەھۇمۇللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا تەبارەك ۋەتەئالا ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە جەننەتنى ھارام قىلدى، ئۇلار بولسا ھاراقكەش زاباي، ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقان قارغىش قېپى ۋە خوتۇن-قىزلىرى، ئاچا-سىڭىللىرى ۋە كېلىنچەكلىرىنىڭ زىنا-پاھىشە قىلغانلىقى، ياتلارغا يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلىسىمۇ ۋە كۆرسىمۇ ئاڭلىماس ۋە كۆرمەس بولۇۋالغان دەييۇز يۇمشاق باش[1]» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

(1) شوۋنچى، سولامچى.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللىشى چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن» دېدى، بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشى ئۆز ئاتا-ئانىسىنىمۇ تىللامدۇ؟» دېدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ھەئە، سىلەر بىر ئادەمنىڭ دادىسىنى تىللايسىلەر-دە، ئۇمۇ سىلەرنىڭ داداڭلارنى تىللايدۇ، سىلەر بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنى تىللايسىلەر-دە، ئۇمۇ سىلەرنىڭ ئاناڭلارنى تىللايدۇ، مانا بۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى تىللىغانلىقتۇر» دېدى.

ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا ئون تۈرلۈك ئىشنى تەۋسىيە قىلدى: «ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، ئوتتا كۆيدۈرۈلسەڭمۇ ئاللاھ تەئالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمىغىن، ئەگەر سېنى ئائىلەڭ ۋە مال-مۈلكۈڭدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرىسىمۇ ئاتا-ئاناڭنى قاقشاتمىغىن...».

ئىمام ھاكىم ۋە ئىمام ئىسپاھانى رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقاندىن باشقا گۇناھلارنىڭ جازاسىنى ئۆزى خالاپ قىيامەت كۈنىگە قەدەر كېچىكتۈرىدۇ، لېكىن قارغىش قىپىنىڭ جازاسىنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادا نەخ بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئەلقەمە ئىسىملىك ساھابىنىڭ خوتۇنىنى ئانىسىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئىمام ئىسپاھانى ۋە باشقىلار ئەبۇل ئاباستىن، ئۇ ئەۋۋام ئىبنى ھوشەبتىن مۇنۇ ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر قېتىم بىر مەھەللىگە چۈشتۈم، ئۇ مەھەللىنىڭ بىر تەرىپىدە چوڭ بىر قەبرىستانلىق بار ئىدى، ئەسىردىن كېيىن ئۇ يەردىكى قەبرىلەر ئىچىدىن بىر قەبرە يېرىلدى، قەبرە ئىچىدىن بېشى ئېشەكنىڭ كاللىسىغا، تېنى ئادەمنىڭ تېنىگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم چىقىپ ئۈچ قېتىم ھاڭرىدى، ئاندىن قەبرىسىگە كىرىپ كەتتى، قەبرە ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلدى، قەبرىستانلىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ھويلىدا بىر موماي چاق بىلەن يىپ ئېگىرىپ ئولتۇراتتى، بىر ئايال ماڭا ئۇ موماينى كۆرسىتىپ: «ئۇ موماينى تونۇمىلا؟» دېدى، مەن: «ياق، تونۇمايمەن، ئۇ نېمە بولغان موماي؟» دەپ سورىدىم، ھېلىقى ئايال ماڭا: «ئاۋۇ قەبرىدىن چىقىپ ئېشەك ھاڭرىغاندەك ھاڭراپ بولۇپ يەنە قەبرىگە كىرىپ كەتكەن ئادەم بۇ موماينىڭ ئوغلى، موماي ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ» دېدى، مەن ئۇ ئايالغا: «ئەگەر بىلسىڭىز ئۇ ئانا-بالىنىڭ ھېكايىسىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟» دېدىم، ئۇ ئايال: «بولىدۇ، مەن سۆزلەپ بېرەي» دېدى:

ھېلىقى ئېشەك باش ھايات چېغىدا ھەمىشە ھاراق ئىچەتتى، كېچە-كۈندۈز مەس-ئەلەس يۈرەتتى، كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتاتتى، ئانىسى ئۇنىڭغا: «ھەي ئوغلۇم! ئاللاھ تەئالادىن قورققىن، ھاراق دېگەن بۇ نىجىس، پاسكىنىنى قاچانغىچە ئىچىسەن؟ تەۋبە-ئىستىغپار قىلمامسەن؟ جېنىم ئوغلۇم! بۇ مەلئۇننى تاشلىغىن» دەپ نەسىھەت قىلاتتى، يىغلاپ يالۋۇراتتى، ئوغلى بولسا پەيلىدىن يانماقتا يوق: «ئانا! ئېشەك ھاڭرىغاندەك

ھاڭراۋەرمەڭ، ئاۋازىڭىز قولىقىمغا ئىشەكنىڭ ھاڭرىغىنىدەك سەت ئاڭلىنىدۇ» دەيتتى. كېيىن ئۇ ئەسىردىن كېيىن ئۆلدى، ھەر كۈنى ئەسىردىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسى يېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئېشەك بېشىنى چىقىرىپ ئۇچ قېتىم ھاڭرايدۇ، ئاندىن قەبرىسى يەنە يېپىلىپ قالىدۇ.

* * * * * *

مانا بۇ مۇھىم ئاساسلار تەربىيەتچىلەر جىگەر پارىسى بولغان پەرزەنتلىرىنى ئەنە شۇ ئاساسلارغا ئاساسلىنىپ ئۆستۈرۈشى، تەربىيىلىشى، ئۇلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا ياخشىلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن، بۇ ئاساسلارنى ھەرقاچان ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرۇشى كېرەك. تاكى ئۇلار ئىرنىقى ئۆسكەندىن باشلاپ ئۆگىنىلگەن ئۇ ئاساسلارنى چۈشىنەلىگۈدەك، ئۇقالىغۇدەك يېشىغا يەتكەندە، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىشتا ئىسلام ئۈنىڭدىن كۆزلىگەن ساغلام يۈزلىنىشتە ئادا قىلىدىغان، كىچىكىدىن باشلاپ ياخشىلىققا ئىرىشىدىغان ۋاپادار پەرزەنت بولۇپ يېتىلىدۇ.

تېخى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغاندىن سىرت، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، قوشنىدارچىلىق ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ھەقلىرىنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى تېخىمۇ رىغبەت بىلەن ئادا قىلىدۇ.

چۈنكى، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پۈتۈن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر.

كىچىكىدىن تارتىپ ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىدىغان ۋە ئىززەت-ھۆرمەت قىلىدىغان ھالەتتە تەربىيىلەنگەن باللارنى قوشنىلارنى، چوڭلارنى، مۇئەللىم-ئۇستازلىرىنى ۋە پۈتۈن خالايىقنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش تولىمۇ ئاسان ھەم قۇلايلىق بولىدۇ.

مېنىڭ بۇ ئابزاستا ئاتا-ئانا توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا چەك يېپىشقۇيلىپ، تەتقىقاتىمنى مۇشۇ تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى بۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلىي بايان قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ھەقلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى پۈتۈن پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى، بەلكى بۇ مەۋجۇدلۇقتىكى ھەقلەرنىڭ ھەممىسى ۋە ھەربىرىنى ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئاساس بولالايدۇ!

ئەمدى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆججەتلەردىن كېلىپ چىققان ۋە تەربىيەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشكە تېگىشلىك بولغان يولىيورۇق-كۆرسەتمىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

1 ـ گۇناھ بولىدىغان ۋە ئاللاھ تەئالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشقا بۇيرىمىسىلا، پەرزەنت ھەرقانداق ئىشتا ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنۇشى لازىم.

2 ـ ئاتا-ئانىسىغا لۇتفى-مەرھەمەت بىلەن مۇلايىم سۆزلەش لازىم.

3 ـ ئاتا-ئانىسى كىرسە ئورنىدىن تۇرۇش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

4 ـ ئەتىگەن-كەچتە ۋە مۇناسىپ چاغلاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيۈش لازىم.

5 ـ ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈز-ئابرۇيى، شان-شەرىپى ۋە مال-مۈلكىنى قوغداش لازىم.

6 ـ ئاتا-ئانىسىنى ئىززەت-ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلار تەلەپ قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم.

7 ـ پۈتۈن ئىشلار ۋە ھەرىكەتلەردە ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش لازىم.

8 ـ ئۇلار ئۈچۈن كۆپ دۇئا قىلىش ۋە گۇناھىنىڭ مەغپىرەتلىكىنى تىلەش لازىم.

9 ـ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولسا، ئىشىككە يېقىن يەردە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىنى كۈزىتىش لازىم. چۈنكى، ئۇلار سىزنى يوشۇرۇن ھالەتتە بىرەر ئىشقا بۇيرۇشى مۇمكىن.

10 ـ بۇيرىمىسىمۇ ئۇلار خۇش بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش لازىم.

11 ـ ئاتا-ئانىسى ئالدىدا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماسلىق لازىم.

12 ـ ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسلىك لازىم.

13 ـ ئۇلار رۇخسەت قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن قوپۇپ كەتمەسلىك، ھويلىدىن سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىك لازىم.

14 ـ ئۇلار ئۇخلاۋاتقان بولسا، ئويغىتىۋەتمەسلىك لازىم.

15 ـ خوتۇنىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئارتۇق كۆرمەسلىك لازىم.

16 ـ ئۇلار بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويسا، ياكى سىزنى قىزىقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلالمىسا، ياكى كۆڭلىڭىزدىكىدەك قىلالمىسا، تاپا-مالامەت قىلماسلىقىڭىز لازىم.

17 ـ ئۇلار ئالدىدا ئورۇنسىز كۈلمەسلىك لازىم.

18 ـ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن تاماقنى تارتىۋېلىپ يېمەسلىك، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش لازىم.

19 ـ ئۇلاردىن بۇرۇن تاماققا قول ئۇزاتماسلىق لازىم.

20. ئۇلار ئولتۇرغاندا ئىزنى بەرمىگۈچە ياتماسلىق ياكى ئۇخلىماسلىق لازىم.

21 ـ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۇتنى سۇنماسلىق لازىم.

22 ـ ئۇلاردىن بۇرۇن كىرمەسلىك، ئالدىدا ماڭماسلىق لازىم.

23 ـ ئۇلار چاقىرغان ۋاقىتتا، دەرھال خوش-لەببەي دېيىش لەزىم.

24 ـ ئۇلار ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ دوست ۋە ئەقرىبالىرىنى يوقلاپ تۇرۇش لازىم.

25 ـ ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلمايدىغان، ياكى قارغىش ئالغان ئادەم بىلەن دوست بولماسلىق لازىم.

26 ـ ئۇلار ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلىش، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بەك كۆپ دۇئا قىلىش لازىم، چۈنكى، ئۇلارغا پەرزەنتلىرى قىلغان دۇئانىڭ مەنپەئەتى كۆپ، شۇڭا، ئۇلار ھەققىدە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» ( 17:24 ) دېگەن ئايەتنى كۆپ ئوقۇش لازىم.

* * * * * *

## 2 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنىڭ ھەققى

ئى ئىنسان! ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ساڭا قانداشلىق، نەسەب ۋە يېقىنچىلىق بىلەن باغلىنىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يېقىنلىق تەرتىپى مۇنداق:

1 ـ ئاتا ـ ئانىلار،
2 ـ چوڭ دادىلار ۋە چوڭ ئانىلار،
3 ـ ئوغۇل قېرىنداشلار،
4 ـ قىز قېرىنداشلار،
5 ـ دادا تەرەپ تاغىلار ۋە ھاممىلار،
6 ـ ئوغۇل قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرى،
7 ـ قىز قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرى،
8 ـ ئانا تەرەپ تاغىلار ۋە ھاممىلار،

شۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدىكى كىشىلەرگە يانداش يېقىن كىشىلەر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن كىشىلەر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن كىشىلەر،

مانا بۇ كىشىلەر شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدە ئىككى تۈرلۈك سەۋەبتىن ئۇرۇق ـ تۇغقان دەپ ئاتىلىدۇ،

1 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق، «بالىياتقۇ» ( الرحم ) دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا جانابى ئاللاھ تەئالانىڭ «الرحمن» دېگەن ئىسمىدىن ئېلىنغان، مانا بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكىتلىگەن: ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: ئاللاھ تەئالا ئېيتىدۇ: مەن ئاللاھ تەئالاتۇرمەن، مەن رەھماندۇرمەن، سىلە ـ رەھىمنى مەن ياراتتىم، ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ ئىسمىدىن ئىسىم ئاجرىتىپ بەردىم، كىمكى سىلە ـ رەھىم قىلسا، مەن ئۇنىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلىمەن، كىمكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزسە، مەنمۇ ئۇنىڭدىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزىمەن،

ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىيلە رەھىم قىلىشقا جانابى ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئىسمىدىن ئىسىم ئاجرىتىپ بەرگەنلىكى، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىشقا، كۆيۈنۈشكە ۋە سىيلە-رەھىم قىلىشقا تۈرتكە بولماي نېمە؟ سىيلە-رەھىم قىلىنىش ھەق-ھوقۇقىغا ئىگە بولغان يېقىن تۇغقانلار ۋە نەسەب تۇغقانلارغا غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۈشكە سەپەرۋەرلىك قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىق ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، ئىنسان كېلىپ چىققان ئەسلىي مەنبەگە نىسبەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئېسىل ھەدىس دۇردانىلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنىڭ بىرىدە سىيلە-رەھىم قىلىشنىڭ لازىملىقى ۋە ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئالاھىدە ئەسكەرتىش بەرگەن.

شەكسىزكى، بۇ ئۇقۇملار ھەقىقەتەن ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ھېسسىياتىنى يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ھەربىكەتكە كەلتۈرىدۇ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى قېرىنداشلىق تۇيغۇلىرىنى ئەڭ ئالىي يۈكسەكلىككە قوزغىتىدۇ! . . .

ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەرگە بۇ ھەقىقەتلەر ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، پەرزەنتىگە ئاق-قارىنى پەرق ئەتكەن، ئاڭ پەيدا بولغان كىچىك چېغىدىن باشلاپ، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يېقىن-يورۇقلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى كۆرسىتىشكە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ياشاش، ئۇملۇككە ئىنتىلىش ۋە ئىجتىمائىيلىشىش ھېسسىيات تۇيغۇلىرىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك خاراكتېرىدە ئۆزىگە قان ياكى نەسەب جەھەتتىن چېتىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتا مېھىر-مۇھەببەتنى يىلتىز تارتقۇزۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشىش، جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشى لازىم.

بۇ تەربىيىنى پەرزەنتلەر تاكى ئۆزىنىڭ يولىنى تاپالايدىغان، ئىشلارنى ئۆزى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان، ئەقلى پىشىپ يېتىلگەن، كۆرۈنەرلىك ئىقتىدار ھازىرلىغان ۋاقىتقا قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

مانا بۇ چاغدا باللار ئۇستىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلارغا قارىتا بېكىتىلگەن مېھىر-شەپقەت، خەيرى-ئېھسان مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئۆتەيدۇ، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىپ، كىچىكلەرنى ئاسرايدۇ، دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەتتىن ياش تۆككەنلەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىدۇ، قىيىنچىلىقتا قالغان، جاپا تارتىپ قالغانلار، نامرات، كەمبەغەل ۋە يوقسۇل كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. مانا بۇ ئىشلار پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇشۇ ئۇلۇغ خىسلەتلەر بىلەن تەربىيىلىگەن ۋە ئاشۇ ئۇلۇغ پەزىلەتلەر ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا كۆندۈرگەن ۋە ئادەتلەندۈرگەندە ئاندىن قولغا كېلىدۇ.

بىز ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلغىنىمىزدا، سىيلە-رەھىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا خەيرى-ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەتلەرنى شۇنچە كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر قېنى مەرھەمەت!

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھ تەئالادىن

قورقۇۋلار، سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر» (4:1)؛

«تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) سەرپ قىلمىغىن» (17:26)؛

«ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلماڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، yanدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار» (4:36)؛

بۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە «قۇرئان كەرىم» سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنى ھەددىدىن ئاشقانلىق ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق، قالايمىقانچىلىق ئېلىپ بارغانلىق دەپ قارايدۇ، سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقى، جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالاغا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھ تەئالانىڭ سىيلە-رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ــــ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ» (13:25).

«سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ تەئالا رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى» (23 ــــ 47:22).

سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايى ۋە ئاقىۋىتى شۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئورنى زالىم ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئورنىدا بولغانىكەن، تەربىيەتچىلەر ئۈستىدە تەربىيىلەش ھەققى بار كىشىلەرگە چوقۇم سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئاقىۋىتى ماختالمايدىغان خېيىم-خەتەرلىك نەتىجىلەر كېلىپ چىقىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى، شۇنداقلا ئۇلارغا سىيلە-رەھىم قىلىشتىن ئالىدىغان مول-ھوسۇللۇق نەتىجىلەرنى، ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقتىن قولغا كېلىدىغان مېۋىلەرنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇش لازىم.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! جىگەر پارەڭلار بولغان پەرزەنتىڭلارنى ياخشى تەربىيىلىشىڭلار، سىلەر تەربىيىلەشكە تېگىشلىك بولغان كىشىلەرگە ئۆگىتىشىڭلار ئۈچۈن تۇنجى ئۇلۇغ تەربىيەتچى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىيلە-رەھىم قىلىشتىن كېلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل نەتىجىلەر توغرىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا دۇردانىلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

1 ـ سىيلە-رەھىم ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەنلىكنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا: ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى مېهمىنىنى هۆرمەتلىسۇن، ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى سىلە-رەھىم قىلسۇن، ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

2 - سىلە-رەھىم ئۆمۈرنى زىيادە بولۇشىغا ۋە رىزقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا: ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇمەللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «رىزقى كەڭ ۋە ئىزى ئۆچمەس ( يەنى ئۆمرى ئۇزۇن ) بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم سىلە-رەھىم قىلسۇن» دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

3 - سىلە-رەھىمنىڭ ئۆز ساھىبىنى يامان ئۆلۈمدىن قوغدايدىغانلىقى توغرىسىدا: ئىمام ئەبۇ يەئلا رەھىمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن سەدىقە ۋە سىلە-رەھىم ئارقىلىق ( بەندىسىنىڭ ) ئۆمرىنى زىيادە قىلىدۇ ۋە بۇ ئىككىسى ئارقىلىق ( بەندىسىنى ) يامان كۆرۈلىدىغان ۋە ئېھتىيات قىلىدىغان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

4 - سىلە-رەھىمنىڭ يۇرتلارنى ئاۋات قىلىپ، ماللارنى كۆپەيتىدىغانلىقى توغرىسىدا: ئىمام تىبرانى ۋە ئىمام ھاكىم رەھىمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن بىر قەۋم ئارقىلىق يۇرتنى ئاۋات قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، ئۇلارنى ياراتقاندىن بېرى ئۇلارغا يامان كۆزى بىلەن قارىمايدۇ» دېگەنلىكىنى، ساھابىلەرنىڭ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قانداق نەرسىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ قەۋم بۇ كاتتا دەرىجىگە ئېرىشىدۇ» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇلارنىڭ سىلە-رەھىم قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

5 - سىلە-رەھىم ئارقىلىق گۇناھنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ خاتالىقلارغا كەپپارەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا: ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم رەھىمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ناھايىتى چوڭ بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالدىم، مېنىڭ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمىدۇ؟» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ئاناڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ئاناڭنىڭ قىز بىر تۇغقىنى بارمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: «ھەئە، بار» دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ئۇنداق بولسا، سەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىن» دېدى.

6 - سىلە-رەھىمنىڭ قىيامەت كۈندىكى ھېسابنىڭ ئاسان بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ساھىبىنى جەننەتكە باشلاپ كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا: ئىمام بەززار، ئىمام تىبرانى ۋە ئىمام ھاكىملار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىش

تېپىلغان كىشىدىن ئاللاھ تەئالا ھېسابنى ناھايىتى تېز ئالىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ئۆز رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەنلىكىنى، بۇ چاغدا ساھابىلەرنىڭ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىگە ئاتا-ئانىمىز پىدا بولسۇن! ئۇ ئىشلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟» دەپ سورىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سېنى مەھرۇم قالدۇرغان كىشىگە بەرگەيسەن، سەندىن سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە سىلە-رەھىم قىلغايسەن، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلغايسەن، شۇ ئىشلارنى قىلالىساڭ ئاللاھ تەئالا سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇمەللاھلار جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلە-رەھىمنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

7 - سىلە-رەھىم قىيامەت كۈنى سىلە-رەھىم قىلغۇچىنىڭ دەرىجىسىنى ئالىي دەرىجىلەرگە كۆتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا: ئىمام بەززارى ۋە ئىمام تىبرانى رەھىمەھۇمەللاھلار ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن سىلەرنى ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئارقىلىق دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان ئىشلارغا باشلاپ قويايمۇ؟» دېگەنلىكىنى، ساھابىلەرنىڭ: «ئەلۋەتتە ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ساڭا نادانلىق قىلغان كىشىگە كەڭ قورساق بولغايسەن، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلغايسەن، سېنى مەھرۇم قىلغان كىشىگە بەرگەيسەن، ساڭا سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان كىشىگە سەن سىلە-رەھىم قىلغايسەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

تەربىيەتچىلەر كۆز قارىچۇقى بولغان پەرزەنتى ئالدىدا سىلە-رەھىم ئارقىلىق نېسىۋىگە ئېرىشىدىغان بۇ پەزىلەتلەرنى قويغاندا، پەرزەنتنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىقى بىلەن يېقىن-يورۇقلىرىنى ياخشى كۆرۈشى، مۇھەببەت قىلىشى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا ئىنتىلىشى، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى تونۇشى، ئۇستىدىكى ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشى، ئۇلارنىڭ قايغۇ-ئەلەملىرى ۋە شاد-خۇراملىقىغا ئورتاقلىششى، ئۇلارنى قىينچىلىق ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىنتىلىشى چوقۇم. ئىگەم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مانا بۇ ياخشىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە سىلە-رەھىمنىڭ ئاخىرقى چېكىدۇر. بىز ئەۋلادلىرىغا مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىدىغان ۋە ئاشۇ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە يېتەكلەيدىغان تەربىيەتچىلەرگە نېمىدېگەن موھتاج-ھە!

## 3 - قولۇم - قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى

تەربىيەتچىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ھەقلەرنىڭ بىرى قولۇم-قوشنىدارچىلىق ھەققىدۇر. لېكىن، قوشنىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر كىملەردىن ئىبارەت؟

ئوڭ-سول، ئاستى-ئۈستىدىن بولۇپ 40 ئائىلىگە قەدەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇم-قوشنىلىرىڭدۇر. ئۈستۈڭدە ئۇلارنىڭ ھەقلىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىمۇ ساڭا قارىتا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتلىرى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مانا بۇ قوشنىدارچىلىق ئۇقۇمى ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىس شەرىفتە كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن پالانچى ئايماقنىڭ مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقاندىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ قاتتىق ئەزىيەت بېرىدىغان كىشى مېنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنام بولدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى شۇ مەھەللىنىڭ مەسجىدىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا: «سىلەر مەسجىدنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ: ‹ئاگاھ بولۇڭلار! قىرىق ئائىلە قوشنىدارچىلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ، قوشنىسىنى ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خاتىرجەم قىلمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ› » دەپ توۋلاشنى جېكىلىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى تۆت تۈرلۈك مەنبەگە قايتۇرۇلىدۇ:

1. قوشنا بولغان كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمەسلىك؛

2. قوشنىنى يامانلىق يەتكۈزگۈچىلەردىن قوغداش؛

3. ياخشى مۇئامىلە قىلىش، خەيرى-ئېھسان قىلىش؛

4. قوشنا جاپا سالغان ياكى يامانلىق يەتكۈزگەن بولسا، كەڭ قورساقلىق، مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن ئالدىغا چىقىش.

1. قوشنىغا ئەزىيەت بەرمەسلىك: ئەزىيەتنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، مىسال سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەيمىز:

زىنا-پاھىشە، ئوغرىلىق، ھۆرمەت-ئېتىبارىنى يەرگە ئۇرۇش قاتارلىقلار بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ نۇقتىنى قاتتىق تەكىتلىگەن. چۈنكى، ئۇ زات ساھابىلىرىنى ئېسىل خىسلەتلەرگە بۇيرۇپ، يامان قىلمىشلاردىن چەكلەيتتى. ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇمەللاھلار مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە: «سىلەر زىنا توغرىلىق نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى زىنانى ھارام قىلدى، ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە قەدەر ئەبەدىي ھارامدۇر» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئادەمنىڭ ئۆز قوشنىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىر قېتىم زىنا قىلغىنى باشقا ئون خوتۇن بىلەن ئون قېتىم زىنا قىلغىنىدىن ياماندۇر» دېدى. ئۇ يەنە سورىدى: «سىلەر ئوغرىلىق توغرىسىدا نېمە دەيسىلەر؟» ئۇلار: «ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوغرىلىقنى ھارام قىلدى، ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە قەدەر ئەبەدىي ھارامدۇر» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئادەمنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن بىر قېتىم نەرسە ئوغرىلىغىنى، باشقا ئون ئائىلىدىن ئون قېتىم نەرسە ئوغرىلىغىنىدىن ياماندۇر» دېدى.

ئەمما، قول ۋە تىل ئارقىلىق ئەزىيەت بېرىشتىن ساقلىنىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ بىلەن

قەسـەم قىلىمـەن، ھەرگىـز مۇئمىـن بولالمايـدۇ، ئاللاھ بىلـەن قەسـەم قىلىمـەن، ھەرگىـز مۇئمىـن بولالمايـدۇ، ... دەپ بـۇ سـۆزنى ئـۈچ قېتىـم تەكرارلىـدى، شـۇنىڭ بىلـەن كىشـىلەر تاقەتسـىزلىنىپ سـورىدى: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! ئـۇلار كىملـەر؟» پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم جاۋابـەن ئېيتتـى: «ئۆزىنىـڭ ئەسـكىلىكىدىن قوشـنىلىرىنى خاتىرجـەم قىلمىغـان كىشـىلەر» (ئىمـام بۇخـارى ۋە ئىمـام مۇسـلىم رەھىمەھۇمەللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان).

ئابدۇلمەلىـك ئىبنى مـەرۋان بالىلىرىنىـڭ ئۇستازلىرىغا: «بالامغـا شېئىر ئۆگەتمىسـىلە، ئەگـەر ئۆگەتمـەي بولمىسـا ئۆجەيـرى سـەلۇلىيدەك كىشـىلەرنىڭ مۇنـداق مەزمۇندىكى شېئىرلىرىنى يادقـا ئالدۇرسـىلا دەيتتـى:

دەرۋازام ئوچۇق، كىرەر ھويلامغا قوشنىلىرىم بىخارامان،
لېكىن ماڭا كۆرنمىدى قوشنامنىڭ تايغىنى ئەسلا،
يۈرەر ئايال قوشنام ئۆيۈمنىڭ يېنىدا ئوچۇق،
چۈنكى يوقتۇر ئارىلىقتا قوشنامنىڭ تام- چىتلىرى ئەسلا،
قوشنام خاتىرجەم مېنىڭدىن، سالمايمەن كۆز قىرىمنى،
يامان خىيالدا بولغۇچە، سامان تىقاي سويۇپ تېرەمنى،
مىراس ئالدىم ئاتا- بوۋامدىن بۇ ئېسىل ئادەتنى،
مىراس ئالار خارەت ئۇستىسىدىن خارەتلىكنى،
ئەنەزە دېگەن شائىرمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:
يۇممەن كۆزۈمنى، توختايمەن ئىزىمدا،
ئايال قوشنام كۆرۈنسە ماڭار يولۇمدا،
ساقلايمەن ئۇزاق، ھەتتا بىرەر ئاش پىشىم،
كۆڭلۈمدە دەيمەن: «قوشنام تېزرەك ئۆيگە كىرىۋالسا».

قوشـنىلارغا ھاقـارەت قىلىـش، ئۇلارنـى كۆزگـە ئىلماسـلىقمۇ ئۇلارغـا ئەزىيـەت بەرگەنلىـك بولـۇپ، پەزىلەتلىـك تەربىيەگـە ئىگـە بولمىغـان كىشـىلەر كەمبەغـەل قوشـنىلىرىنى كۆزگـە ئىلمايـدۇ، مەھەللىسـىدىكى ئاجىـز، بىچـارە ۋە يوقسـۇل كىشـىلەرنى تـۆۋەن كۆرىـدۇ، بـۇ ھەقتـە ھەسسـان ئىبنـى سابىت رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ:

ئارىمىزدىن ھېچكىم قوشنىسىغا يەتكۈزمەس زەرەر،
قوشنىسىغا يامانلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى خەتەر،
ئۇلار ھەققىنى ئامانەت ۋە قەرز دەپ بىلدۇق،
قوشنىدارچىلىققا رىئايە قىلار ئېسىل كىشىلەر،

2 ـ قوشنىنى قوغداش:

قوشنىلارنى قوغداش، ھىمايە قىلىش، زۇلۇم قىلماسلىق، زالىملارغا تاشلاپ بەرمەسلىك، بالا-مۇسىبەتتىن قۇتقۇزۇۋېلىش، قىيىنچىلىقتا ھەمدەم بولۇش، مۇشكۇلاتلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىسىل سوپەتلەر ئىسلام نەزىرىدە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتكە ياتىدۇ ھەمدە شۇ كىشىلەرنىڭ روھلىرىنىڭ پاكلىقىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.

قوشنىلارنى ھىمايە قىلىش ئەرەبلەرنىڭ قەدىمىي ئىپتىخارلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولۇپ، شائىرلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن شېئىر ۋە قوشاق توپلاملىرىنى روياپقا كەلتۈرگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىزنىڭ يۇرتتا ھۆرمەتلىنەر مېھمانلار، كەتمەس قۇرۇق،
قوشنىسىنى دۈشمىنىگە بەرمەس ھېچبىر ئۇرۇق.

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇلۇغ كىشىلىرىمىز قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە ئېتەر،
شۇنىڭ ئۈچۈن قوشنىغا زۇلۇم قىلغان دۈشمەننىڭ ئىشى بىتەر.

ھەسسان ئىبنى نەشىبە مۇنداق دەيدۇ:

قوشنىسىنى دۈشمەنگە تاپشۇرماس بىزلەردە ھېچكىم،
يالغاچلىسۇن قىلىچنى جاللات، تۇرسىمۇ ئالدىدا ئۆلۈم.
تىكلەنسۇن كاللىدىن مۇنار، دەريا بولۇپ ئاقسىمۇ قانلار،
بەخىرلىنەر قەۋمىم قوشنا ئۈچۈن تېرىسى سويۇلۇپ قىلىنسا تولۇم.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ كۇفىدىكى ئۆيىنىڭ يېنىدا بىر بويتاق ياش قوشنىسى بولۇپ، ھەركۈنى كەچتە ئىشتىن قايتقاندا، ئۆيىدە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مۇنداق قوشاق توۋلايتتى:

زايا قىلدى قوشنىلار مەندەك يىگىتنى،
تەس كۈنگە قالدۇردى ئەتمەي يوچۇقنى.

ئىمام ئەئزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ ئۇ يىگىتنىڭ قوشاق ئاۋازىنى ئاڭلايتتى، بىر كۈنى كەچتە يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماي قالدى، ئۇنى شۇ كۈنى كېچىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ كەتكەنىدى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ يىگىتنى سۈرۈشتۈرگەنىدى، ئۇنى ياساۋۇللارنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېتىغا مىنىپ ئەمىر ئىيسا ئىبنى مۇسانىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن بۇ يىگىتنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىگىتنى قويۇپ بېرىشتى، يىگىت قاماقخانىدىن چىققاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ ئۇنى چاقىرىپ قۇلىقىغا ئاستاغىنە: «ئەي يىگىت! سەن بىلەن كارىمىز بولماي سېنى زايە قىلىۋەتتۇقمۇ؟» دەپ پىچىرلىدى، يىگىت: «ياق، ئاللاھ تەئالا سىلىگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، ياخشىلىق قىلدىلا، مەندەك ناتىۋاننى ھۆرمەتلىدىلە» دېدى ۋە مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

جەمەتسىز بولغىنىمىز ھېچ گەپ ئەمەس،
بولسا قوشنىڭ ياخشى ھەم ئەزىز،
كۆپ سانلىق بولغانىڭ نېمە پايدىسى،
بولسا قوشنىڭ پەس، رەزىل ھەم خەبىس.

قوشنىسىنى قوغداش، ھىمايە قىلىش، زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىچارە ۋە رەسۋا قىلماسلىقنىڭ ئەسلى مەنبىئى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر، بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان ئۆز قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، (دۈشمەنگە) تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، خارلىمايدۇ، ئاللاھ تەئالا قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولغان كىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ، ئاللاھ تەئالا قېرىندىشىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈندىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇسۇلماننى يۆگىگەن كىشىنى قىيامەت كۈنى يۆگەيدۇ» دېدى.

3 ـ قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش:

قوشنىلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىك، تىل ـ ھاقارەت قىلماسلىق، غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلماسلىق، قولى ياكى يۈز ـ ئابرۇيى ئارقىلىق ئۇلاردىن زالىمنىڭ قولىنى تۇسۇش قاتارلىقلار قوشنىغا ياخشىلىق قىلغانلىققا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى مۇسىبەتلىك بولسا تەزىيە قىلىش، شاد ـ خوراملىقنى تەبرىكلەش، كېسەلنى يوقلاش، ئۇچراشقاندا بالدۇر سالام قىلىش، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا مەنپەئەتلىك ئىلمىلەرنى ئۆگىتىش ۋە توغرا يولغا باشلاش، نەسىھەت قىلىش، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا قولدىن كېلىشىچە ئىززەت ـ ئىكرام قىلىش قاتارلىقلارنىڭ مەھمىسى بىر بولۇپ، ئاندىن قوشنىغا ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە دېگەن ئۇ سۆزىمىزنىڭ ئاساسى ئىمام خەرائىتى ۋە ئىمام تىبرانى

رەھمەھۇمەللاھلار ئەمرى ئىبنى شۇئەيبتىن، ئۇ دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن، بوۋىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان: «قوشنىسىنى ئەھلىم ۋە مېلىمغا چېقىلارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىشقا مەجبۇرلىغان ئادەم مۇئمىن ئەمەس، قوشنىسىنى ئۆزىنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم قىلمىغان ئادەم مۇئمىن ئەمەس، قوشنىڭنىڭ ئۈستۈڭدە قانداق ھەقلىرى بارلىقىنى بىلەمسەن؟ ياردىمىڭگە موھتاج بولسا ياردەم قىلىسەن، قەرز سورىسا قەرز بېرىسەن، يوقسۇل بولسا ياردىمىڭنى ئايىمايسەن، كېسەل بولسا كېسىلىنى كۆرىسەن، ياخشىلىق يەتسە تەبرىكلەيسەن، مۇسىبەت يەتسە تەزىيە بىلدۈرىسەن، ئۆلۈپ قالسا جىنازىسىغا ئەگىشىسەن، ئىجازەت ئالمىغۇچە ئۆيۈڭنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئېگىز (قەۋەتلىك قىلىپ) سالمايسەن، چۈنكى سەن بۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن شامال ۋە قۇياش نۇرىنى توسۇپ قويىسەن، قازىنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن خۇش ھىدلار بىلەن ئەزىيەت بەرمەيسەن، چوقۇم ئۇلارغا قورۇما ۋە باشقا تائاملىرىڭدىن سۇنىسەن، بازاردىن مېۋە-چېۋە سېتىۋالغىنىڭدا ئۇلارغىمۇ سوۋغا-سالام قىلىسەن، يەنى مېۋە-چېۋىلەردىن بېرىسەن، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ، ئۇلارنى خۇشال قىلىسەن، بالىلىرىڭ مېۋىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئاچچىقلىتىپ قويمىسۇن» دېگەن ھەدىستۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىمانىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا ساناپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى قوشنىسىنىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى قىلسۇن» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا ۋە قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار» (4:36).

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرىنى تەكتلەپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «قوشنىدارچىلىق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرلا ھەققى بار قوشنا، ئۇ مۇشرىك قوشنىدۇر؛ ئىككى ھەققى بار قوشنا، ئۇ مۇسۇلمان قوشنىدۇر، قوشنىلىق ھەققى ۋە ئىسلامنىڭ ھەققى؛ ئۈچ ھەققى بار قوشنا، ئۇ مۇسۇلمان ھەم ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بار قوشنىدۇر، قوشنىدارچىلىق ھەققى، ئىسلامنىڭ ھەققى، ئۇرۇق-تۇغقانلىقنىڭ ھەققى».

تابىئىنلار ئىچىدىن چىققان كاتتا ئالىم مۇجاھىد رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىدا بولغانىدىم، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى خىزمەتچى يىگىت بىر پاقلاننى سويۇۋاتاتتى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا: «قوينى سويۇپ بولغىنىڭدا ئالدى بىلەن يەھۇدىي قوشنىمىزدىن باشلاپ گۆشنى ئۈلەشتۈرگىن» دېگەن سۆزنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى ۋە ئارقىدىنلا: «چۈنكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا ئىزچىل تۈردە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە،

مەن ئۆلـۈپ قالسـام مراسـىمنى قوشنام ئالامدىكـىن دەپ ئويـلاپ قالدىـم» دېگەنلىكنـى ئاڭلىغانـدىـم» دېـدى.

«قۇرئـان كەرىـم» تەربىيەسـى بىلەن تەربىيلەنگەن كىشـلەر قوشنىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئـەڭ ئۆلچەملىك ۋە لاياقەتلىك رەۋىشـتە مۇھاپىـزەت قىلـدۇ. مۇئمىنلەرنـىڭ ئانىسـى ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھا مۇنداق دەيـدۇ: ئەنسـارىيلاردىن بولغان ياخشـى ئىككـى ئائىلىنـىڭ ئوتتۇرىسـغا ئورۇنلاشـقان ئايـال ھېـچ نەرسـىدىن غـەم قىلمايتتـى، خـۇددى ئۆزىنـى ئاتـا-ئانىسـىنىڭ يېنـىدا ياشـاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى».

قوشنىلار تەلـەپ قىلغـان گۆشگـۈرت، ئـوت، تـۇز ۋە سـۇ قاتارلـىق نەرسـىلەرنى بېرىـش، كىشىلەر ئارىيـەت ئېلىـپ ئادەتلەنگـەن ئـۆي سـەرەمجانلىرىنى، ھويـلا ئېھتىياجلـىرى بولغـان قازان-قومـۇچ، داس-تەلەڭگـە، قاچا-قۇچـا، پىچـاق، پالتـا، غەلۋىـر، ئۆتكەمـە، ناسـۇس ... دېگەنـدەك ئېھتىياجلـىق نەرسـىلەرنى ئارىيـەت بېرىـپ تۇرۇشـمۇ قوشـنىغا ياخشـىلىق قىلغانلىقنىـڭ جۈملىسـىدىندۇر.

تەپسىرشـۇناس ئالىملارنـىڭ كۆپىنچىسـى جانابـى ئاللاھ تەئالانىـڭ مائۇن سۈرىسـىدىكى دېگەن سـۆزىنى يۇقىرىدىكى سـايىمان ۋە ئائىلـىۋى ئېھتىياجلارنـى باشـقا كىشـىلەرگە ئىشـلىتىۋالغىلى بەرگىلـى ئۇنىمغانـلار دەپ تەپسـىر قىلـدۇ. ئەمەلىيەتتىمـۇ بـۇ نەرسـىلەرنى بەرگىلـى ئۇنىمغانلىـق پـەس تەبىئەتلىـك، نەپسـى پەسـلىك، كۆڭلـى پەسـلىك ۋە ناچارلىقنىـڭ دەلىلىـدۇر.

مىھيار دېگەن شائىر مۇنداق دەيدۇ:

قانچىلىك ھەققىڭ بار مېلىڭدا سېنىڭ،
قوشناڭنىڭ شۇنچىلىك كاتتا ھەققى بار.
راھەتۇ-پاراغەت قانچىلىك كۆرسەڭ،
قوشناڭنىڭ ئۇنىڭدا شۇنچە ھەققى بار.

ئەرەبلـەر قوشـنىغا ياخشـىلىق قىلىشـتا ئەبـى داۋۇد دېگـەن ئىسـىم بىلـەن نـام چىقارغـان كەئـب ئىبنـى ئۇمامەنـى مىسـال ئويىيكتـى قىلاتتـى. ئـۇلار: «قوشـنا بولسـا ئەبـى داۋۇدتـەك بولسـا» ياكـى «قوشـنا بولسـاڭ ئەبـى داۋۇدتەك قوشـنىنى تاپقىـن» دېيىشـەتتى. چۈنكـى، ئەبـى داۋۇد قوشنىسـىنىڭ تۆگىسـى ياكـى قويـى ئۆلـۈپ قالسـا، ئۇنىڭغـا تۆگـە ياكـى قـوي بېرەتتـى، قوشنىسـى ئۆلـۈپ قالسـا، ئۇنىـڭ ۋارىسـلىرىغا ئۆزىنىـڭ مېلىدىـن دىيـەت مىقـدارى مـال بېرەتتى.

خارەزمـى دېگـەن ئالـىم «پايدىلـىق ئىلىملـەر» ناملـىق كىتابىـدا مۇنـداق بىـر ۋەقـە بايـان قىلىنغـان: ئابدۇلـلاھ ئىبنـى مۇبـارەك رەھمەھۇللاھنـىڭ بىـر يەھۇدىـي تـام قوشنىسـى بـار ئىـدى. بىـر كۈنـى ئـۇ يەھۇدىـي قورۇسـىنى سـاتماقچى بولـۇپ خېرىـدار چاقىـردى. خېرىـدار ئۇنىڭدىـن قورۇسـىنى قانچـە پۇلغـا سـاتىدىغانلىقىنى سـورىدى. ئـۇ 2000 دىنـار باھـا قويـدى. خېرىـدار: «نېمانچـە قىممـەت، نەرقـى بـەك ئۇستۈن بولـۇپ كەتتـى، ئۆيـۈڭ ئېشـىپ

كەتسە 1000 دىرھەمگە يارايدۇ» دېدى. يەھۇدىي: «دېگىنىڭ توغرا، ئۆيۈمنىڭ باھاسى 1000 دىرھەم، ئەمدى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ تام قوشنىلىقىنىڭ باھاسى 1000 دىرھەم، قانداق ئالامسەن؟» دېدى. بۇ خەۋەر ئابدۇللاھ رەھمەھۇللاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كېلىۋىدى، ئۇ بۇ يەھۇدىي قوشنىسىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا قورۇسىنىڭ پۇلى 1000 دىرھەمنى بەردى ۋە: «ئۆيۈڭنى ساتمىغىن» دېدى.

ئەگەر يەھۇدىي ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەھمەھۇللاھتىن بۇ دەرىجىدە ئېسىل ئەخلاق ۋە ياخشى مۇئامىلىگە ئۇچرىمىغان بولسا، ئۆيىنى سېتىشتا ھەرگىزمۇ بۇ مەيداندا تۇرمىغان بولاتتى.

4 ـ قوشنىلارنىڭ ئەزىيىتىگە بەرداشلىق بېرىش:

كىشىنىڭ قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمەسلىكمۇ پەزىلەت، ئۇلارنى قوغدىشى، ئۇلارنى قوللاشمۇ پەزىلەت. ياماندىن قولىدىن قوغداشمۇ پەزىلەت، ئۇزۇلدۇرمەي خەيرى-ئېھسان قىلىشمۇ پەزىلەت، ئەمدى بۇ يەردە تۆتىنچى پەزىلەتنى تونۇشتۇرىمىز، ئۇ بولسىمۇ قوشنىسىنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش، ئەيىب-نۇقسانلىرى ۋە سەھۋەنلىكلىرىدىن كۆز يۇمۇش، ئۇلاردىن يولۇققان يامانلىقلار ۋە ئەسكىلىكلەرگە كەڭ قورساقلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن تاقەت قىلىش، بولۇپمۇ قەستەنسىز سادىر قىلىپ سالغان، قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغان، ئۆزرە ئېيتقىلى كەلگەن يامانلىقى ۋە ئەسكىلىكىگە قارىتا قاتتىق ئېغىر-بېسىق بولۇش، ئەڭ ياخشىسى تىلغا ئالماسلىق، مانا بۇلار ئالاھىدە پەزىلەتلەردۇر.

ھەرىيرى رەھمەھۇللاھ «مەقامات» دېگەن كىتابىدا: «قوشناڭ ساڭا زۇلۇم قىلسىمۇ، سەن ئۇنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققىگە رىئايە قىلغىن» دەيدۇ.

نادانلىق قىلغان كىشىگە مۇلايىم بولغان، يامانلىق قىلغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلغان، زۇلۇم قىلغان ئادەمگە كەچۈرۈم قىلغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى سائادەت مەيدانىدا مەقام-مەرتىۋىسى ئەڭ ئالىي بولىدۇ.

ئىمام بەززارى ۋە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇمەللاھلار ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلەرگە: «مەن سىلەرنى ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئارقىلىق دەرىجىلەرنى ئالىي قىلىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟» دېگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ: «ئەلۋەتتە ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ساڭا نادانلىق قىلغان كىشىگە كەڭ قورساق بولىسەن، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىسەن، ساڭا بەرمىگەن كىشىگە سەن بېرىسەن، سەندىن سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە سەن سىلە-رەھىم قىلىسەن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

كۆپ ھاللاردا خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى كەچۈرۈۋېتىش، يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش قاتارلىق ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت ئاشۇ گۇناھكار ياكى ئەسكىنىڭ ئەخلاقىدىكى يامانلىققا شىپا بولىدىغان دورا، مايماق ۋە قىڭغىر كەتكەن تەرەپلىرىنى رۇسلىغۇچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىناقسىزلىق ئىتتىپاقلىققا، گىنە-ئاداۋەت دوستلۇققا، بوينى قاتتىقلىق مۇلايىملىققا، ئۆچمەنلىك مۇھەببەتكە، دۈشمەنلىشىش دوستلۇققا ئۆزگىرىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالا ھەققەتەن توغرا ئېيتقان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ

ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ» (41:34).

تەربىيە ۋە ئەخلاق ئالىملىرى بىردەك قاراشتا بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، يامانلىققا ئوخشاش يامانلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش ياكى ئاشۇرۇپ يامانلىق قىلىش بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئويلىمىغان ئاقىۋەتلەرنى، خەتەرلىك نەتىجىلەرنى، مۆلچەرلىگۈسىز ياۋۇزلۇقلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ شۇ كىشىلەرنىڭ چاكىنا ئادەملىكىنى، كۆكسى ـ قارنىنىڭ تارلىقىنى، لاۋۇلداۋاتقان غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەخلاق ۋە رەھبەرلىك ماھارىتى بىلەن ئاستىن ـ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ئىككى سۈپەتكە ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىيالايدىغان، توغرا تەدبىر قوللىنالايدىغان، ئىشلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىلىرىنى كۆرەلەيدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ھاياجان ئەكسىلئىنقىلابىنى باسالايدىغان، ئەسەبىيلىكنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرەلەيدىغان، غەزەپ دولقۇنلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كىشىلەر ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ۋە ئۆزىگە ئىگە بولالايدىغان كىشىلەر ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەزىرىدە كۈچلۈكلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى، باتۇر ـ پەھلىۋانلارنىڭ ئەڭ باتۇرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز ھەدىسىدە «چېلىشتا يەڭگەن كىشىلەر باتۇر ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۇنى يەڭگەن كىشىلەر ھەقىقىي باتۇردۇر» دېگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز قوشنىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئائىت مەنبەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى، قوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئاساسلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىدىن باشلانغان بارلىق تەربىيەتچىلەر جىگەر پارىسى بولغان پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن باشلاپ بۇ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىشى، ئاپەت ئالدىدا ئۆزىگە ئىگە بولۇپ، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالىشى، قوشنىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىش ۋە چۈشەندۈرۈشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشى، قولىدىن كەلگەن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلىشى لازىم.

پەرزەنتىڭىز ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغۇدەك، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپقۇدەك يېشىغا يەتكەندە، قوشنىلىرى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى ھەرقانداق زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزدىن قوغدايدۇ، ئۇلارغا خەيرى ـ ئېھسان قىلىدۇ، ئۇلاردىن يولۇققان ھەرقانداق يامانلىق ۋە ئەزىيەتكە بەرداشلىق بېرىدۇ.

مېنىڭ نەزىرىمدە بالىلارنى قوشنىلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش ئەخلاقىغا ئىگە قىلىشتا مۇنداق ئىككى ئىشقا تايانماي بولمايدۇ:

بىرىنچى، يۇقىرىدىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى مۇناسىۋەتلىك ياكى مۇناسىۋەتسىز بولغان بارلىق ئەھۋاللاردا بالىلارغا ئېغىزاكى ئۆگىتىش.

ئىككىنچى، پەرزەنتى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولغان ياشتىكى قوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە رىئاللىققا

www.uyghurkitap.com

تەتبىقلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشىم! ئەگەر پەرزەنتىڭىز كىچىكىدىن باشلاپ مۇشۇ ئېسىل خىسلەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىغا ئايلاندۇرسا، رېئاللىقتا كۆرسەتسە، ئۇنىڭدا چوقۇم باشقىلار بىلەن ئۆملۈكتە ياشاشنىڭ پاك ھېسسىياتى، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ پاك تۇيغۇلىرى يېتىلىشكە باشلايدۇ. بەلكى، پەرزەنتىڭىز مۇشۇ سۆزلەردىكى ئۇقۇملارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مۇنەۋۋەر ئىنسان، جەمئىيەت ئوغلانى، ئۈممەتنىڭ پەرزەنتى، خەلقنىڭ پەرزەنتى ۋە جەمئىيەت ئەربابىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بېكىنمىچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئۆزەمچىلىك، يالغۇزلۇقنى خالاش ۋە يۈزى تۆۋەنلىك ئاپەتلىرى يوقىلىدۇ.

قەيەردە بولسا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاپ، قەيەردە مەۋجۇد بولسا شۇ يەردە ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ ياشايدۇ.

مانا بۇنداق مۇنەۋۋەر ئىنسان پەقەت ۋە پەقەت پەرزەنتىڭىزنىڭ ئەخلاقىغا ئايلانغان، ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغان، كېيىنچە ئۆزىنىڭ مەسلىكى، ۋاستىسى ۋە سەۋەبلىرىگە ئايلانغان ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تەربىيەتچىلەر! پەرزەنتنىڭ خاراكتېرىنى ئۈستۈردىغان ۋە ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرى ۋە ئەڭ ئەۋزەللىرىدىن قىلىدىغان ئاساسلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك!

* * * * *

## 4 - مۇئەللىمنىڭ ھەققى

تەربىيەتچىلەر دىققەت قىلىشقا، يادىدىن چىقىرىۋەتمەسلىككە، كۆڭۈل قويۇشقا، ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ئىجتىمائىي ھەقلەرنىڭ بىرى، پەرزەنتنى مۇئەللىمنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇلۇغلايدىغان، ئىززەت - ئىكرام قىلىدىغان ۋە ھەقلىرىنى ئادا قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتۇر. بۇنىڭدىكى مەقسەت پەرزەنتلەرنى ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئەدەپلەرگە رىئايە قىلىدىغان، ئۆزىگە تەلىم - تەربىيە بەرگەن، يول كۆرسەتكەن، تەربىيىلىگەن، ئېغىزىغا ئىلىم سالغان، كۆزى ۋە دىلىنى ئاچقان، ھاياتلىققا شام ياققان بۇ جاپاكەش ئۇلۇغ ئىنساننى ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان، ئۇنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتۇر. بولۇپمۇ، مۇئەللىم، ئۇستاز ۋە ئوقۇتقۇچى سالىھ، تەقۋادار، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسمەن، ئىسلام ۋە ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن يۈرىكىدە ئوت كۆيىدىغان، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئادەم بولسا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم.

چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەربىيەتچىلەر ئالدىدا ئالىملارنى ھۆرمەتلەش، بىلىملىك ئىنسانلارنى قەدىرلەش، مۇئەللىملەرنى ئۇلۇغلاش، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۇقتۇرۇش، شاگىرت ۋەياكى ئوقۇغۇچىلىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش، شاگىرت ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇلار

بلـەن بولغـان ئەدەپ. قائىدىنى چىڭ تۇتـۇش توغرىسـدا نۇرغۇنلىغـان ئىسـل ۋەسـىيەتلەرنى، ئۇلـۇغ كۆرسـەتمە ۋە يولیورۇقلارنــى قالدۇردى.

تۆۋەندە ئاشۇ خۇش ھىدلىق ۋەسىيەتلەر ۋە يوليورۇقلار ئىچىدىن بىر باغاقچىنى ھوزۇرىڭلارغا سۇنىمىز:

ــــ ئىمـام ئەھمــەد ۋە ئىمـام تىبرانـى ۋە ئىمـام ھاكـىم رەھىمەھۇمۇللاھـلار ئۇبـادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدــن پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەســەللەمنىڭ: «ياشـتا چوڭلىرىمىزنـى ھۆرمــەت قىلمايدىغــان، كىچىكلىرىمىزنـى ئاسـرىمايدىغان، ئالىم. ئۆلىمالىرىمىزنـىڭ (ھەققىنـى) تونۇمايدىغـان كىشـىلەر مېنـىڭ ئۈممىتىمنـىڭ جۈملىســىدىن ئەمــەس» دېگەنلىكىنـى رىۋايــەت قىلـدۇ.

ــــ ئىمـام تىبرانـى رەھىمەھۇلـلاھ «ئەۋسـەت» ناملـىق كىتابـدا ئەبـۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدـىن پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئىلـىم ئۆگىنـىڭلار، ئىلمنـىڭ خاتىرجەملىك ۋە ئۇلۇغلۇق (بېغىشـلايدىغانلىقىنى) ئۆگىنـىڭلار، ئىلـىم ئالغـان كىشى ئالدـدا كەمتـەر بولـۇڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايـەت قىلدۇ.

ــــ ئىمـام تىبرانـى رەھىمەھۇلـلاھ «كەبىـر» ناملـىق كىتابـدا ئەبـۇ ئۇمامـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدــن پەيغەمبــەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئـۈچ تۈرلـۈك كىشى بـار، ئۇنىڭغا مۇناپىقتـىن باشـقا كىشى سـەل قارىمايـدۇ: ئىسـلامدا ياشـانغان مويسـىپىت كىشـى، ئىلـىم ئىگىسـى ۋە ئادىـل پادىشـاھ (ئىسـلام خەلىپىسـى ياكـى پادىشـاھ)» دېگەنلىكىنـى بايـان قىلـدۇ.

ــــ ئىمــام ئەھمــەد رەھىمەھۇلـلاھ سـەھل ئىبنـى سـەئىد ئەسسـائىدىي رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدــن پەيغەمبــەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئـى ئاللاھ! ئىلىملىككە ئەگەشـلمەيدىغان، مويسـىپىتتىن ھايـا قىلنمايدىغـان، قەلبلـىرى ئەجەملەرنـىڭ قەلبىگـە، تىللـىرى ئەرەبنىـڭ تىلىغـا ئوخشـايدىغان كىشـلەر كېلىدىغـان زامـان مېنى تاپمىسـۇن» دېگەنلىكىنـى رىۋايــەت قىلـدۇ.

ــــ ئىمـام بۇخـارى رەھىمەھۇلـلاھ جابىـر ئىبنى ئابدۇلـلاھ رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدـىن پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ ئوھـۇد غازىتـىدا شـەھىد بولغـان كىشـلەردىن ئىككـى كىشـنى بىـر قەبرىگـە دەپنـە قىلغانلىقىنـى، بـۇ چاغـدا: «ئىككىسـىنىڭ قايسـى قۇرئاننـى كـۆپ يادقـا ئالغـان» دەپ سـورىغانلىقىنى، شـۇنىڭ بىلـەن پالانـى دەپ كۆرسىتىلسـە، شـۇنى ئالدـدا لەھەدكـە ئەكىرگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ.

بۇ ھەدىسلەردىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى خۇلاسلەيمىز:

* ئۆگەنگۈچـى مۇئەللىمـى ئالدـدا ئۆزىنـى كىچىـك تۇتۇشـى، كەمتـەر بولۇشـى، خـۇش پېئىـل بولۇشـى، ئۇنىـڭ رايىدىــن ۋە كۆرسـەتمىلىرىدىن چىقماسـلىقى، بەلكـى مۇئەللىمـى بىلـەن خـۇددى كېسـەل ئـادەم ماھىـر دوختـۇر بىلـەن بىللـە بولغانغـا ئوخشـاش بولۇشـى، قىلماقچـى بولغـان ئىشـلىرىدا ئۇنىڭغـا مەسـلىھەت سېلىشـى، قىلغـان ئىتمالىرىـدا ئۇنىـڭ رازىلىقىنـى ئىزدىشـى، بەلكـى مۇئەللىمـى ئالدـدا ئۆزىنـى تـۆۋەن تۇتۇشـنى ئىـززەت، بويسۇنۇشـنى ئىپتىخـار، كەمتەرلىكنـى ئالىيجانابلىـق دەپ بىلىشـى كېـرەك.

ئىمـام شـافىئى رەھىمەھۇلـلاھ ئۆزىنـى ئالىم. ئۆلىمـالار ئالدـدا كەمتـەر تۇتقانلىقـى ئۈچـۈن كايىشـقا ئۇچرىغـان ۋە

www.uyghurkitap.com

كايغۇچىغا مۇنداق بېيىت بىلەن جاۋاب بەرگەن:

ئۇستازلار ئالدىدا تۇتمەن ئۆزۈمنى شۇنچە خار،
چۈنكى ئۇلار نەپسىمنى ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك قىلار،
كىملەركى ئۇستاز ئالدىدا تۆۋەن تۇرۇشنى ئار بىلسە،
بولۇر بىر كۈن خار، ئاڭا ئىززەت بولماس مەڭگۈ يار،
كىمكى ئۇستازىغا ئىززەتۇ ـ ئىكرام قىلار،
كەلگۈسى ئىززەت ئۈچۈن پۇختا ئاساس ـ ئۇل سالار،

* ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنچە ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئورنى، قەدرى، ئۇلۇغلۇقى ۋە ئابرۇيى باركىشى تۇرۇپمۇ، ھەزرىتى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاغقا مىنمەكچى ياكى چۈشمەكچى بولغاندا ئۈزەڭگۈنى تۇتۇپ بېرەتتى ۋە: «بىز ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىزغا مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇق» دەيتتى.

ئىمام ئەھمەد ھەنبەلىي رەھمەھۇللاھ خەلەف ئەھمەرىيگە: «مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئولتۇراي، بىز ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىمىز ئالدىدا كەمتەر بولۇشقا بۇيرۇلدۇق» دەيتتى.

* ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھ: «ئىلىمگە كەمتەرلىك ۋە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ دىققەت قىلىش بولمىسا ... ئېرىشكىلى بولمايدۇ» دېگەن.

* ئىلىم ئۆگەنگۈچى مۇئەللىمى ياكى ئۇستازىغا ھۆرمەت كۆزى بىلەن قاراش، ئۇنىڭدا يۇقىرى كامالەت دەرىجىسى بار دەپ ئويلاش لازىم. مانا بۇ قاراش مۇئەللىمنىڭ ئىلمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ۋە مەنپەئەتلىنىشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئىمام شافئى رەھمەھۇللاھ: «مەن ئۇستازىم مالىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ كىتاب ۋاراقچىلىرىنىڭ شىپىر ـ شىپىر ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كىتابنىڭ ۋاراقلىرىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن شەپە چىقارماي ئاستا ۋە ئاۋايلاپ ئاچاتتىم» دېگەن.

ئىمام رەبىئە رەھمەھۇللاھ: «ئاللاھ تەئالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇستازىم ئىمام شافئىينىڭ سۈر ـ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا سۇ ئىچىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم» دېگەن.

بىر قېتىم ئىمام شۇرەيك رەھمەھۇللاھنىڭ مەجلىسىگە خەلىپە مەھدىينىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ھازىر بولغان بولۇپ، ئۇ تامغا يۆلەنگەن ھالدا تۇرۇپ شۇرەيكتىن بىر ھەدىس توغرىلىق سوئال سورايدۇ. شۇرەيك رەھمەھۇللاھ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ، ئۇ سوئالنى قايتا ـ قايتا سورايدۇ. شۇرەيك رەھمەھۇللاھ ئالدىنقى قېتىملاردىكىدەك پىسەنت قىلماي، لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىنىڭ ئوغلى ئاچچىقلىنىپ: «سىلى خەلىپىنىڭ باللىرىنى مۇشۇ دەرىجىدە كۆزگە ئىلمامدىلا؟» دەيدۇ. شۇرەيك رەھمەھۇللاھ: «ئۇنداق

ئەمەس، لېكىن ئىلىم ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە بەك ئۇلۇغ، مەن ئۇنى زايە قىلىۋەتسەم بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىغا سەنلەپ ياكى سىزلەپ سۆزلىمەسلىكى، بەلكى ئۇنى «ئەي غوجام، مۇئەللىم، ئۇستاز ...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چاقىرىشى، «سىلى، ئۆزلىرى» دېگەن ھۆرمەت سۆزلىرى بىلەن سۆزلىشى، شۇنداقلا باشقا كىشىلەر ئالدىدا ئۇستازىنىڭ گېپىنى قىلغاندا ئاتلىغۇچىلارغا ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ھۆرمىتى، ئىززەت-ئىكرامىنىڭ بارلىقى ھېس قىلىندىغان سۆزلەرنى قىلىشى، پەزىلەتلىك مۇئەللىممىز پالانى، پەزىلەتلىك ئۇستازىمىز پۈكۈنى، ھۆرمەتلىك مۇرشىدىمىز پالانى دېگەندەك ئىسىم-شەرىپلەر بىلەن تىلغا ئېلىشى كېرەك ...

* ئۆگەنگۈچى ئۇستىدىكى مۇئەللىمنىڭ ھەققىنى تونۇشى، پەزىلىتىنى ئۇنۇتماسلىقى لازىم. ھەدىس توپلىغۇچى ۋە رەتلىگۈچى ئالىملارنىڭ بىرى بولغان ئىمام شۇئبە رەھمەھۇللاھ: «مەن بىر كىشىدىن بىر ھەدىس ئاڭلىسام، ھاياتىمدا ئۇ كىشىگە قۇل ئورنىدا بولاتتىم» دەيدۇ.

ئۇ يەنە: «مەن بىر كىشىدىن ئازراق نەرسە ئاڭلىسام، ئۇنىڭ قېشىغا ئاڭلىغان نەرسەمدىن كۆپ بېرىپ كېلەتتىم» دېگەن.

ئاللاھ تەئالا شەۋقىيگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ مۇنداق دېگەن:

تۇر ئورنۇڭدىن ئۇستازىڭغا ھۆرمەت بىلەن،
تاس قالدى مۇئەللىملەر «ئەلچى»[1] بولۇپ قالغىلى.
بىلەمسەن مۇئەللىمدىن كاتتا-ئۇلۇغ ئىنساننى؟!
نەپسلەرنى ئىنشا قىلىپ، ئەقىللەردە بىنا سالغاننى.

پەرزەنتلەر ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازىغا ھايات ۋە ماماتىدا دۇئا قىلىشى، ۋاپاتىدىن كېيىن بالا-چاقىلىرى، ئەھلى-ئائىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى، يېقىن-يورۇقلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشى، قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشى، گۇناھىنىڭ مەغپىرەتلىكىنى تىلىشى، ھەرقاچان ئۇنىڭ ھەققىدە سەدىقە بېرىپ تۇرۇشى، ئىلىم، دىن ۋە ئەخلاقتا ئۇلارنىڭ ئادىتىگە رىئايە قىلىشى، ھەرىكەتلىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئۇلارغا ئەگىشىشى، گۈزەل ئۈلگە، ياخشى نەمۇنە ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىنى ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم.

* ئەگەر ئۇستازىنىڭ ئەخلاقى ناچار، جاپاسى يامان بولسا، ئۆگەنگۈچى بۇنىڭغا سەۋرچان بولۇشى، چىداملىق بولۇشى، ئۇستازىدىكى ناچار ئەخلاق، يامان ئادەت ئۇنى ئۇستازىغا يېپىشىشتىن، ئۇنىڭدىكى ئىلمىدىن

(1) پەيغەمبەر دېگەن مەنىدە.

بەھرىمەن بولۇشتىن توسۇپ قويماسلىقى لازىم، مۇئەللىم جاپا قىلغان، ئورۇنسىز ئاچچىقلانغان، قارا- قويۇق تاياق سالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشى، مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولۇشنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزى ئىكەنلىكى، قىلغان- ئەتكەنلىرىگە كەچۈرۈم سورىشى، خاتالىقنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكى، ئاچچىقلىنىشقا تېگىشلىك ئىش قىلىپ قويغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كايىتقانلىقى، ئىككىنچى بۇنداق سەھۋەنلىكنى ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇستازىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سورىشى كېرەك.

بۇنداق قىلغاندا ئۇستازىنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى مەڭگۇ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش ئۇستازىنىڭ قەلبىدە مەڭگۇ ساقلىنىدۇ، ئۇنتۇلمايدۇ، ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن دىنىي، دۇنياۋى ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تولىمۇ مەنپەئەتلىك بولىدۇ.

بۇرۇنقى كىشىلەردىن مۇنداق ئىبرەتلىك تەۋسىيەلەر قالغان: «تەلىم- تەربىيىنىڭ جاپا- مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلالمىغان، بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشىنىڭ ئۆمرى جاھالەتنىڭ قارا تۇمانلىرى ئىچىدە ئەمادەك ئۆتىدۇ؛ سەۋر- تاقەت قىلغان كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىلىمنى تەلەپ قىلغاندا بىچارە ۋە خار بولدۇم، ئىلىم مەندىن تەلەپ قىلىنغاندا ئەزىز بولدۇم» دېگەن.

ئىمام شافىئى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: سۇفيان ئىبنى ئۇيەيىنىگە: «زېمىننىڭ يىراق- يىراق جايلىرىدىن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئېغىر جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئورغۇن كىشىلەر سىلىدىن ئىلىم ئۆگەنگىلى كېلىدۇ، سىلى ئۇلارغا قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلار سىلىنى تاشلاپ يانلىرىدىن كېتىشكۈدەك بولىشىدۇ» دېيىلگەنىدى، ئۇ بۇ سۆزنى دېگۈچىگە: «ئەگەر ئۇلار ئەخلاقىمنىڭ قوپال بولغىنى ئۈچۈن مەندىكى مەنپەئەتلىك نەرسىنى تاشلاپ كەتسە، ئۇلاردەك ئەخمەقلەر ھېچ يەردىن تېپىلمايدۇ» دېدى ۋە مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مۇئەللىم بىلەن دوختۇر ھەر ئىككىسى،
نەسىھەتنى ئايايدۇ، قىلىنمىسا گەر ئىززىتى.
كېسەللىك ئۈچۈن سەۋر قىلغىن ھەم چىدا،
دوختۇر ئاغرىتىپ گەر سالسا جاپا.
نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىداش كېرەك،
ئۇستاز- مۇئەللىمنىڭ سالسا جاپا.

* بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەۋسىيە:

ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى! سىز بىر ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئوقۇغۇچىلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە- تۈزۈملەرگە چوقۇم رىئايە قىلىڭ. سىز بىر ئىسلام ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇستازىڭىز،

مۇئەللىمىڭىز ياكى ئوقۇتقۇچىڭىز ئالدىدا چوقۇم ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇڭ، جىمجىتلىقنى بۇزماڭ، كەمتەر بولۇڭ، ھۆرمەتلەڭ، ئۇستازىڭىزنىڭ ئۆگۈتلىرىگە قەلب خانىڭىزنى ئېچىۋېتىڭ، قۇلاق سېلىڭ، بىخەستىلىك قىلماڭ، كۆزىڭىزنى چوڭ ئېچىپ، مۇئەللىمىڭىزگە پۈتۈن دىققىتىڭىز بىلەن قاراپ ئولتۇرۇڭ، پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا ئالدىڭىزنى قىلىپ ئولتۇرۇڭ، ئېھتىياجىڭىز بولمىغان ئەھۋالدا ئوڭ، سول، ئۈستى ياكى ئاستى تەرىپىڭىزگە قارىماڭ . . .

مۇئەللىمىڭىزنىڭ ھوزۇرىدا ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ھاياغا زىت كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ئۇششۇمتۇت ئاڭلانغان سۆرەن-شاۋقۇنلار ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تەۋرەپ كەتمەڭ، ئۇياق-بۇياققا كۆز تاشلىماڭ، بولۇپمۇ دەرس سۆزلەۋاتقاندا ئۇستازىڭىزغا تىكىلىپ قارىماڭ، قول-پۇتلىرىڭىز ياكى باشقا ئەزالىرىڭىزنى ئويناپ ئولتۇرماڭ، قارس چىقارماڭ، بۇرنىڭىز بىلەن ھەپىلەشمەڭ ياكى بۇرنىڭىزدىن بىرەر نەرسە چىقارماڭ، ئېغىزىڭىزنى يوغان ئاچماڭ، چىشىڭىزنى كولىماڭ، قۇلاق كولىماڭ، يەرگە تەپمەڭ، بارماقلىرىڭىز بىلەن نەرسە سىزماڭ، جىجىلىماڭ، قولىڭىزنى گىرەلەشتۈرمەڭ، تامبىلىڭىز بىلەن كاشىلا بولماڭ، ئېھتىياجلىق بولمىسىڭىز كۆپ سۆزلىمەڭ، ھەيران قالىدىغان ئىشلار بولمىسا كۈلمەڭ، ئەگەر كۈلكە قىستاپ كەتسە، قاقاقلاپ كۈلمەستىن ئاۋازسىز ھالدا تەبەسسۇم قىلىڭ، دورامچىلىق قىلىپ ساۋاقداشلىرىڭىزنى كۈلدۈرمەڭ، ئېھتىياجلىق بولمىسىڭىز ھاسىراپ-ھۆمىدىمەڭ، ئىمكانقەدەر تۆكۈرمەڭ، بەلغەم چىقارماڭ، ئەگەر چىقىرىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، لۆڭگە ياكى قەغەزدەك نەرسىگە چىقىرىپ، ئەخلەت قاچىسىغا تاشلىۋېتىڭ، مۇمكىنقەدەر چۈشكۈرمەڭ، ئەگەر زادى بولمىسا پەس ئاۋازدا يۈزىڭىزنى لۆڭگىدەك نەرسىدە يۆگىۋېلىپ ئاندىن چۈشكۈرۈڭ، تولا ئەسنىمەڭ، ئەسنىمەي زادى بولمىغاندا ئېغىزىڭىزنى ئېتىۋېلىپ ئاندىن ئەسنەڭ، ئىسقىرتماڭ، چاكىلدىماڭ، يۆتەلمەڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماڭ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالىمنىڭ ئۆگەنگۈچىلەر ئۈستىدىكى ھەققىنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئالىمنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرى، سەن قەۋمگە ئومۇمەن سالام قىلساڭ، ئالىمغا خۇسۇسەن سالام قىلىسەن، ئالدىدا ئولتۇرىسەن، ھوزۇرىدا قولۇڭنى چىينىمايسەن، ئىشارەت قىلمايسەن، باشقىلارغا كۆز قىسمايسەن، پالانى سىلىنىڭ سۆزلىرىنىڭ خىلاپىدا سۆزلىدى دېمەيسەن، ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايسەن، ئۇنىڭ تېيىلىپ كېتىشىنى ياقتۇرمايسەن، ئەگەر تېيىلىپ ۋە يېقىلىپ كەتسە ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىسەن، ئۇنى ئاللاھ تەئالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن ھۆرمەتلىشىڭ، ئۇلۇغلىشىڭ كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر ھاجىتى بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىگە قەۋمنىڭ ئالدىدا بارىسەن، ئۇنىڭ مەجلىسىدە ھېچكىم بىلەن پىچىرلاشمايسەن، ئۇنىڭ كىيىمىنى تۇتمايسەن، بوشاڭ بولۇپ قالغىنىدا ياكى ھېرىپ-چارچاپ كەتكىنىدە چاپلىشىۋالمايسەن، چىڭ تۇرۇۋالمايسەن، سۆھبىتىنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن قېنىپ قالمايسەن، تويۇپ قالمايسەن، ئۇ ساڭا نىسبەتەن خۇددى خورما دەرىخىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۈستۈڭگە ئۇنىڭدىن قاچان بىر نەرسە چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرىسەن . . .».

ئاللاھ تەئالا بۇ زاتتىن رازى بولسۇن، ئۇ بۇ ۋەسىيىتىدە كۆپىيە قىلغۇدەك، يۈرەكتىكى كېسەلگە شىپا، چاڭقاق دىللارغا ئۇسسۇلۇق بولغۇدەك نەرسىلەرنى جەملىگەن.

* ئوقۇغۇچىلار يەنە مۇئەللىمى بار سىنىپ، ئۆي، ئىشخانا ياكى مەخسۇس ئورۇنلارغا ئۆزى يالغۇز بولسۇن،

www.uyghurkitap.com

ياكى باشقىلار بىلەن بولسۇن ئىجازەتسىز كىرمەسلىكى لازىم، ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە كىرىشى، بېرىلمىسە قايتىپ كېتىشى، قايتا-قايتا تەكرار ئىجازەت سورىماسلىقى كېرەك. ئەگەر مۇئەللىمنىڭ ئىجازەت سورىغانلىقنى بىلەلىگەن ياكى بىلەلمىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالغان بولسا، ئىجازەت سوراش ئۈچ قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئىشىك يەڭگىل ھالەتتە ئەدەپ بىلەن چېكىلىشى، ئالدى بىلەن بارماقلارنىڭ ئۇچىدا، كېيىن ھالقا، ئاندىن قوڭغۇراق كۇنۇپكىسى بېسىلىشى لازىم ... ئەگەر مۇئەللىم بار ئورۇن دەرۋازىدىن يىراقتا، ئاڭلانمىغۇدەك جايدا بولسا زۆرۈرەت مىقدارى قاتتىقراق چەكسە مەيلى ...

ئوقۇغۇچى ۋە ئۆگەنگۈچى مۇئەللىمنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، سالاپەتلىك ھالدا بەدىنى ۋە كىيىمى پاكىز ھالدا، خۇش پۇراق ئىشلىتىپ، كامىل ۋە گۈزەل شەكىل بىلەن كىرسۇن. بولۇپمۇ ئىلىم مەجلىسىنى مەقسەت قىلىپ كىرگەن چېغىدا، چۈنكى بۇ مەجلىس ئاللاھ تەئالانى زىكرى قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلىدىغان سورۇندۇر.

مۇئەللىمنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئەستە ساقلاش، مېڭىسىگە قاچىلىۋېلىش، ئاڭلىغان نەرسىلىرىگە كۆڭۈل-كۆكسىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن قەلبىنى باشقا خىياللاردىن بىكار قىلىش، روھىنى شەخسىي ئەھۋاللاردىن ساپلاشتۇرۇش ۋە ئۆزىدە تەقۋادارلىقنى يېتىلدۈرۈش لازىم. مۇئەللىم با ئۆيگە كىرگەندە، ئۇ بولمىسا كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش، دەرس ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئىچى سىقىلىپ، دەرسكە چىقىشى ئۈچۈن مۇئەللىمنىڭ ئىشىكىنى قاقماسلىقى، ئۇخلاۋاتقان بولسا ئويغاتماسلىقى، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشى ياكى قايتىپ كېتىپ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن قايتا كېلىشى لازىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش جەريانىدا زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇ ئويغانغۇچە ساقلاپ ئولتۇرىدىغانلىقى، «ئۇنى ئويغىتىپ قويايلىمۇ؟» دېيىلگەندە: «ياق، بولمايدۇ، ئويغانغۇچە ساقلايمەن» دېگەنلىكى، ئۇزۇن ئولتۇرغانلىقتىن ئۈستى-بېشىنى چاڭ-توزان كۆمۈۋەتكەنلىكى، قۇياشنىڭ ئاپتىپى كۆيدۈرۈپ قويغانلىقى، بۇنداق مەنزىرىلەرنى ساناپ بولغىلى بولمايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىلگىرىكى سەلەفلىرىمىز شۇنداق قىلاتتى.

* ئۆگەنگۈچىلەر يەنە ئۆگەتكۈچىلىرىدىن بىرەر ھۆكۈمگە دەلىل سۆزلىگەنلىكىنى، ياكى يات بىر پايدىلىق نەرسىنى، ياكى بىرەر ھېكايەتنى، ياكى شېئىر-قوشاقنى ئاڭلىغاندا، گەرچە ئۇنى بىلگەن، ھەتتا يادقا ئېلىپ بولغان تەقدىردىمۇ، گويا ئۇنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك، ھازىرلا ئاڭلىغاندەك، بىلمىگەندەك ھالەت بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلىشى، سۇغا تەشنا بولغۇچى سوغۇق سۇ تاپقاندەك خۇشال ھالەتنى ئىپادىلىشى كېرەك.

ھەدىس توپلىغۇچى ۋە رەتلىگۈچى ھەدىس ئالىملىرىنىڭ بىرى بولغان ئەتائ دېگەن ئالىم مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كىشىدىن بىر ھەدىسنى ئاڭلىسام، ھالبۇكى ئۇ ھەدىسكە مەن ئۇ كىشىدىن بەك ئالىم بولساممۇ ئۆزۈمنى ئۇ كىشىگە بۇ ھەدىسكە قارىتا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغاندەك قىلىپ كۆرسىتەتتىم.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ماڭا بىرەر يىگىت بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرسە، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ھەدىسنى خۇددى ئاڭلاپ باقمىغاندەك، مانا ھازىرلا بۇ يىگىتنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغاندەك قىياپەتتە تۇرۇپ ئاڭلايتتىم، ھالبۇكى، مەن ئۇ ھەدىسنى ئاشۇ يىگىت تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئاڭلاپ بىلىپ بولغان.

ئەبۇ تەمام دوستلۇقنىڭ سۈپەتلىرى ۋە دوست بولۇشنىڭ ئەدەپلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئاچچىقلانسام قايسى ئىنسان ئۇنىڭ كەبى قاراپ تۇرار،
نادانلىقتىن قىلغىنىمغا مۇلايىم بوپ ئۇ كەبى سەۋر قىلار،
خاتالاشسام، بۇزۇپ قويسام، قېيدىماستىن تۈزۈپ قويار،
ئەخلاقىدىن مەي ئىچسەم، ئەدەپلىرى مەست-بىھوش قىلار،
ئۇ بىلگەننى سۆزلىسەمۇ، بىلمىگەندەك قۇلاق سالار،
قەلبى بىلەن، پىكرى بىلەن ماڭار داغدام يول ئاچار، يولغا سالار،

دوست دوستقا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىش ياخشى بولسا، مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن بۇ مۇئامىلىنى كۆرۈشكە تېخىمۇ لايىق، تېخىمۇ تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئۇستازىدىن بىلگەن نەرسىلەرنى تەكرار سورىماسلىقى، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى قايتا چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى، بۇ قىلىق ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلىدۇ، كۆپ ھاللاردا مۇئەللىمگە بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىمام زۆھرى رەھىمەھۇللاھ: «سۆزنى قايتىلاش قورام تاشلارنى يۆتكەشتىنمۇ قىيىن» دېگەن.

ئوقۇغۇچىنىڭ دەسكە كۆڭۈل قويماي، ئەستايىدىللىق بىلەن دىققەت قىلىپ ئولتۇرماي، قۇلاق سالماي، چۈشەنچە ئالماي، پەھمى قىلماي، زېھنىنى باشقا ئوي-خىيال ياكى سۆزلەر بىلەن كاشىلا قىلىپ، كېيىن مۇئەللىمنى دېگەن سۆزلەرنى قايتىلاشنى تەلەپ قىلىشى لايىق بولمايدۇ، چۈنكى، بۇنداق قىلىش شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەدەپ-تەربىيەسىنىڭ ناچارلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر، ئۇستازنىڭ كالامىغا دىققەت قىلىش تۈنجى قېتىمدىن باشلىنىشى، زېھنىنى يىغقان بولۇشى شەرت.

ئەگەر مۇئەللىم بىلەن بولغان ئارىلىق يىراق، دىققەت بىلەن تىڭشىغان بولسىمۇ بىرەر سەۋەب بىلەن دەرس ئاڭلانماي قالغان ياكى چۈشىنىلمەي قالغان ئەھۋالدا ئۆزرە بايان قىلغاندىن كېيىن، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن دەرسنى قايتىلاپ بېرىشنى ياكى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۆتۈنسە بولىدۇ.

* * * * *

يۇقىرىدىكىلەر پەرزەنتكە مۇئەللىمى ۋە تەربىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تەلقىن قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى بولۇپ، تولىمۇ ئۇلۇغۋار تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە ئەدەپلەر ۋە تولىمۇ ئېسىل ئىجتىمائىي ھەقلەردۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، بالىلار بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقتتىن باشلاپ، ئۇلارغا بۇ ئەدەپلەر تەلقىن قىلىنسا، تىرىنقى ئۆسكەندىن باشلاپ ئاشۇ ھەقلەر ئۇلارنىڭ خۇلقىغا ئايلاندۇرۇلسا، بۇنداق بالىلار چوقۇم ئۇستىدىكى ئىلىملىك، تەربىيىلىك، ئەخلاقلىق ۋە ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئادەم بولۇشقا سەۋەب بولغان ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى چوقۇم ئادا قىلىدۇ. جېدەل-ماجىرا قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، بالىلار مۇئەللىملىرى ۋە مۇرەببىيلىرى تەرىپىدىن ئىلىملىك، مەدەنىيەتلىك ۋە سەۋىيىلىك قىلىپ تەييارلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ روھىيىتى ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر بىلەن بېزىلىشى كېرەك.

كونىلار ئېيتقاندەك، ئېسىل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىش مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەف-سالىھلار ئۆسمۈر پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرىغا كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇش ۋە مەرىپەتتىن ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن بەكرەك، ئۇلارنى ئەدەپلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ھەبىب ئىبنى شەھىد رەھمەھۇللاھ ئوغلىغا: «ئەي ئوغۇلچىقىم! فەقىھلەر ۋە ئالىملارغا ھەمسۆھبەت بولغىن، ئۇلاردىن ئىلىم ئۆگەنگىن، ئۇلارنىڭ ئەدەپلىرىدىن قوبۇل قىلغىن، ماڭا نىسبەتەن يۇقىرىدىكى دېگەنلىرىمنى قىلغىنىڭ كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى ئۆگەنگىنىڭدىن ياخشىراقتۇر» دېگەن.

مۇخەللىد ئىبنى ھۇسەين رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەھمەھۇللاھقا: «بىز ھەدىسلەرنىڭ كۆپ بولغىنىدىن ئەدەپنىڭ كۆپ بولۇشىغا بەكرەك موھتاج» دېگەن.

سەلەفلەرنىڭ بەزىلىرى ئوغۇللىرىغا: «ئەي ئوغۇلچىقىم! ماڭا ئەدەپتىن بىر باب ئۆگەنگىنىڭ ئىلىمدىن يەتمىش باب ئۆگەنگىنىڭدىن ياخشى» دېگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە رەھمەھۇللاھ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ چوڭ ئۆلچەمدۇر، ئىشلار ئۇنىڭ خۇلق-ئەخلاقى، ئىش-ئىزلىرى ۋە يولىغا توغرا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلگەنلىرى ھەققەت، قارىمۇقارشى كەلگەنلىرى باتىلدۇر» دېگەن.

ئىبنى سىرىن رەھمەھۇللاھ: «ئۇلار ئىلىمنى قانداق ئۆگەنگەن بولسا، ھىدايەتنى شۇنداق ئۆگەنگەن» دەيدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش! ...

چىڭ تۇتۇشقا، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بۇ مۇھىم ۋە ۋاجىب بولغان ئەدەپلەر ئۆزلىرىدە تەقۋالىق ھازىرلىغان، دىنىي ئىسلامغا ۋاپادار بولغان، ئاللاھ تەئالاغا ئۇلۇغلۇقنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئىسلامنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئەتلىكىگە، قۇرئاننىڭ داغدام ھاياتلىق يولى ۋە قانۇنىي دەستۇر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان مۇئەللىملەر، ئۇستازلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدە ئېيتىلغاندۇر.

ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەشنىڭ ۋاجىبلىقى، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى تونۇشنىڭ لازىملىقى، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى پەرزەنتلەرگە تەلقىن قىلىش كېرەك. ئەگەر شۇ كىشىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ توغرا يولى (صراط المستقيم) يولىدا داۋاملىق ماڭغان بولسا...

ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، گەدەندىكى بۇ ھەقلەر ساقىت بولىدۇ.

سەممي ئەسكەرتىش!...

ئەمما، مۇئەللىملەر دەھرىي بولسا، ئوقۇتقۇچىلار ئاتېئىزمچى بولسا، ئۇستازلار خۇدا مەۋجۇد ئەمەس دەيدىغان كوممۇنىست بولسا، تەربىيەتچىلەر دىنسىز بولسا ۋە ئەقىدە-ئېتىقادسىز بولسا، ئىسلام مەيدانىدا تۇرمىسا، ئۇنداق كىشىلەرگە قەلبلەردە ئۇلۇغلاش يوق، كۆڭۈللەردە ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام يوق، ۋىجدانلاردا ئورۇن يوق. چۈنكى، ئۇ ئەدەم[1]لەر ئاللاھ تەئالانى تونۇماسلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىيلىكىنى يوقاتتى، كۇپرى ۋە زالالەت بىلەن ئۆز ئېتىبارلىرى، قىممەتلىرى ۋە ھەيۋەتلىرىنى يەرگە ئۇردى.

ئەگەر سىز ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىدىغان دادا بولسىڭىز، پەرزەنتىڭىزنىڭ دەھرىي مۇئەللىمى ياكى مۇئەللىمەسىنىڭ پەرزەنتىڭىزگە كۇپرىنىڭ پرىنسىپلىرى، ئازغۇنلۇق ۋە دەھرىيلىكنىڭ ئۇقۇم-چۈشەنچىلىرىنى سىڭدۈرۈشكە ياكى ئۆگىتىشكە باشلىغانلىقىنى ئۇققان چېغىڭىزدا، ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن ئۇلارغا غەزەپلىنىشىڭىز، نەپرەتلىنىشىڭىز، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز لەرزىگە كېلىشى، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى ئۆرە-تۆپە قىلىشىڭىز، قەلبىڭىزدە، تومۇرىڭىزدا ئىسلام قىزغىنلىقى، ئىسلامنى قوغداش قاينام-تاشقىنلىقى ھاسىل قىلىشىڭىز كېرەك، ئۆزىڭىزنىڭ ئىسلامنىڭ بىر ئەزاسى، بىر مۇئمىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنۇتماسلىقىڭىز كېرەك!

ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مىكروبلىرى تۆشۈكلەرگە مۆكۈنگەن، قارا ئۆۋىلىرىغا يوشۇرۇنغان، ئۇلاردىن ھېچبىرى قايتا باش كۆتۈرەلمىگۈدەك، تىلى زۇۋانىغا كەلمىگۈدەك بولغانغا قەدەر بۇ بىر ئۈچۈم تاجاۋۇزچى شەرمەندىلەرگە ۋە خائىن ئىسيانكارلارغا روبىرو تۇرۇشىڭىز، ھەممە جايدا ئۇر-ئۇر قىلىشىڭىز كېرەك!

جانابىي ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل تېزلا يوقىلىدۇ (ئى كۇففارلار جامائەسى! ئاللاھ تەئالانى بالىسى بار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سىلەرگە ۋاي» (21:18).

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن كىشىگە رەھمەت قىلسۇن:

بىزنى چېقىش ئۈچۈن تۆشۈكىدىن چىقسا يىلان-چايان،
قايتىمىز ئاڭا، قولىمىزدا تەيياردۇر كالتەك-توقماق ھامان.

(1) بۇ ئەرەب تىلىدا يوق دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

دادىنىڭ دەھرىي مۇئەللىم ۋە خائىن ۋە ئازغۇن تەربىيەتچى ئالدىدىكى مەيدانىدا ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن غەزەپلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى دادا جىگەر پارىسى، كۆز قارىچۇقى بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەدەپ-ئەخلاققا ئىگە جۈرئەت، جاسارەت، يۈرەكلىكلىك، باتۇرلۇق، ھەقنى ئۈنلۈك جاكارلاش، ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈشى، پەرزەنتلىرىنى ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇلارنىڭ كۈچى، سەلتەنىتى ۋە نوپۇزى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇستەھكەم ۋە سابىت قەدەم بەرقارار تۇرىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

مۇئەللىملەر ياكى مۇئەللىم ئەمەس ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بەتقىلىقلىرى ۋە گەپ-سۆزلىرى ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قېرى-ياش ھەممە كىشىدىن ئورتاق قارشى ئىنكار ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن چاغدا، ئۇلار ئىچىدىن بىرەرسى خۇداسىزلىقنى ئاشكارا سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالارمۇ؟ ...

ئاشۇ جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالارمۇ؟

شۇ چاغدا بىرەر دۈشمەننىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ زاتىغا تىل ئۇزاتقان ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەخسىيىتىگە تەنە قىلغانلىقىنى ئاڭلارمىزمۇ؟ ياكى كۆرەرمىزمۇ؟

بۇنىڭ مۇقەررەر ۋە كەسكىن جاۋابى —— «ياق»!

ئۇنداقتا خائىن، مەدىكار، يالاقچى ۋە غالچىلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، تېرىسىگە سىغماي قالماسلىقى، قورقۇنچاق دۈشمەنلەرنىڭ تۆشۈكلىرى ۋە سېسىق ئەۋرەزلىرىدىن چىقالماسلىقى، ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ داۋاملىق ئاللاھ تەئالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشى، ئۇستىدىكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى، ھەربىر خائىن غالچىغا قارشى پەرزەنتلىرىگە جۈرئەت، باتۇرلۇق، پىدائىيلىق، قارشىلىشىش خۇلقى بىلەن ئەخلاق ئۆگىتىشى لازىم ...

ئاللاھ تەئالا شۇنداق ئىنسانلارغا رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇلار ئۆز نەپسىدىن كۈچ-قۇۋۋەتنى كۆردى، جىھادتىن ئىززەتنى كۆردى، جۈرئەتتىن ھەق سۆزلەشنى كۆردى!

* * * * *

## 5 - ھەمراھنىڭ ھەققى

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئۇلارغا مۇئمىن ھەمراھ، ياخشى دوست، تەقۋادار ئائىنە تاللاپ بېرىش بولۇپ، بۇنىڭ پەرزەنتنىڭ ئىستىقامەتلىك (دۇرۇس) ئادەم بولۇشىدا زور تەسىرى ۋە ئالاھىدە ئۇنۇمى بار، بەلكى، بۇ ئارقىلىق پەرزەنتلەرنىڭ ئىشلىرى رۇسلىنىدۇ،

ياخشىلىنىدۇ ۋە ئەخلاقى دۇرۇسلىنىدۇ.

كونىلاردا مۇنداق دېگەن گەپ بار: «ھەمراھ تەلەپ قىلساڭ، ھەمراھقا دىققەت قىل»؛ «ھەمراھلىققا ھەمراھ بولغۇدەك ئادەم كېرەك»؛ يەنە: «مەندىن ‹سىز كىم بولۇرسىز› دەپ سورىماستىن، بەلكى ‹سىز كىملەر بىلەن ئارىلىشىسىز؟ دوستلىرىڭىز كىم؟› دەپ سوراڭ، مانا بۇ چاغدا مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قالىسىز».

ئاللاھ تەئالا مۇنۇ شېئىرنى ئېيتقان شائىرغا رەھمەت قىلسۇن:

بىراۋنى تونۇماق بولساڭ سەن ئەگەر،
سورىمىغىن كىم بولۇرسىز؟ ئەسلىڭىز كىملەر؟
ۋەلېكىن سۈرۈشتۈر ئۇنىڭ دوستلىرىنى،
ئادەمنىڭ كىملىكى دوستىدىن بىلىنەر.

ئۇلۇغ ئۇستاز، يېتۈك تەربىيەتچى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتا-ئانىلار ۋە بارلىق تەربىيەتچىلەرگە كۆزقارىچۇقى بولغان پەرزەنتلىرىگە ياكى تەربىيەسى ئاستىدىكى ئۆماق ئۆسمۈرلەرگە ياخشى دوست، ئوبدان ھەمراھ، يارامىلىق ئاغىنە، تەقۋادار ئاداش تاللاپ بېرىش توغرىسىدا قانداق كۆرسەتمىلەرنى بەرگەنلىكىگە نەزەر ئاغدۇرايلى!

— ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ مۇسا ئەشئەريي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ياخشى ھەمراھ ۋە يامان ھەمراھنىڭ مىسالى خۇددى ئىپار كۆتۈرگۈچى ۋە كورەك باسقۇچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئىپار كۆتۈرگۈچىگە ھەمراھ بولساڭ، ئۇ ئىپاردىن ساڭا بېرىدۇ، ياكى پۇلغا سېتىۋالىسەن ۋەياكى خۇش ھىدىدىن پۇرىۋالىسەن، كورەك باسقۇچىغا ھەمراھ بولساڭ (ئۇچقۇنلار) كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق ھىدىنى پۇرايسەن».

— ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «مۇئمىندىن باشقا كىشى بىلەن ھەمراھ بولمىغىن، تائامىڭنى تەقۋادارىدىن باشقا كىشى يېمىسۇن».

— ئىبنى ئەساكىر رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «يامان ئادەملەر بىلەن يېقىن بولۇشتىن ئېھتىيات قىلغىن، چۈنكى سەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇلىسەن».

— ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان دوستىنىڭ دىنىغا ئاساسەن تونۇلىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ كىم بىلەن دوست-ئاغىنە بولغانلىقىغا نەزەر سالسۇن».

مانا بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەتچىلەرگە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۆسمۈر چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ

بىرگە ئارىلىششى، بىللە ئوينىشى، بىللە دەرس ئۆگىنىشى، تاپشۇرۇقنى بىللە ئىشلىشى، ئۆزئارا زىيارەت قىلىشى، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلىششى، نەتىجىگە ئېرىشسە سوۋغات ۋە ئىلھاملاندۇرغۇ تەقدىم قىلىشى، ئۇتتۇپ قالسا ئەسلىتىشى، ھاجىتى چۈشسە ياردەملىششى قاتارلىقلار ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئوخشاش ياشتىكى تەڭ دېمەتلىك بالىلار ئىچىدىن ياخشى دوستلارنى، كېرەكلىك ئاداشلارنى تاللاپ تېپىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئاللاھ تەئالا خالىسا پەرزەنتىڭىزدە ئەسلىدە شۇنداق يارىتىلغان، لېكىن كېيىنچە ئۆزگەرتىۋېتىلىدىغان ئىجتىمائىي ھېسسىياتنى ئۆستۈرىدۇ، يۈكسەلدۈرىدۇ. پەرزەنتىڭىز كەلگۈسىدە شىللىسىگە يۈكلەنگەن جەمئىيەت ھەققىنى ئاللاھ تەئالا ئەززە ۋە جەللە رازى بولغۇدەك، ئىسلام بۇيرىغان پېتى ئادا قىلىدىغان، تولۇق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان يارامىلىق ئەركەك بولۇپ ئۆسىدۇ.

ئەمدى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ھەمراھچىلىق ۋە دوست-ئاغىنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - ئۇچراشقاندا بالىدۇر سالام قىلىش: ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئىسلامدا قايسى ئىش ياخشى؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاچ ئادەمگە تائام بېرىش، تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىگە سالام قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا دوستلاشمىغۇچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە دېگىنىمدەك قىلساڭلار ئۆزئارا دوستلىشالايدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرغايسىلەر».

2 - كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېسەلنى يوقلاڭلار، ئاچ قورساقنى تاماق بېرىڭلار، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار».

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە بەش ھەققى بار، سالامغا سالام قايتۇرۇش، كېسىلنى يوقلاش، جىنازىسىغا ئەگىشىش، تەكلىپ-چاقىرىقلىرىغا بېرىش، چۈشكۈرۈپ «الحمد لله » (ھەمدۇسانالار ئاللاھ تەئالاغا خاستۇر) دېسە، «يرحمك الله » (ئاللاھ تەئالا ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېيىش.

3 - چۈشكۈرگەندە جاۋاب قايتۇرۇش: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرگەن چاغدا ‹الحمد لله › دېسۇن،

ئۇنىڭغا قارىتا قېرىندىشى ياكى ھەمراھى ‹يرحمك الل › دېسۇن، بۇ چاغدا چۈشكۈرگۈچى بۇ قېرىندىشى ياكى ھەمراھىغا قارىتا: ‹ي ديكم الل وي لح بالكم› (ئاللاھ تەئالا سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلاپ بەرسۇن) دېسۇن» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

4 ـ ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا زىيارەت قىلىش: ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھ تەئالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن كېسەل كۆرگەن ياكى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلغان بولسا، بىر چاقىرغۇچى ئۇ كىشىنى ‹ياخشى ئىش قىلدىڭ، قەدىمىڭ ياكى مىڭگەن ئۇلىغىڭمۇ ياخشى ئىش قىلدى، ئۆزەڭگە جەننەتتىن ئورۇن تەييارلىدىڭ› دەپ نىدا قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر ئادەم ئاللاھ تەئالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن، باشقا يۇرتتىكى بىر قېرىندىشىنى زىيارەت قىلغىلى ماڭدى. ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىنىڭ ماڭىدىغان يولىغا بىر پەرىشتىنى كۆزەتچىلىككە قويدى. ئۇ كىشى پەرىشتە بار جايغا كەلگەندە پەرىشتە ئۇ كىشىدىن: ‹قەيەرگە كېتىۋاتىسىز؟› دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: ‹بۇ يۇرتتىكى قېرىندىشىمنى دەپ كېتىۋاتىمەن› دېدى. پەرىشتە: ‹سىزنىڭ ئۇ كىشىدىن كۈتىدىغان بىرەر پايدا ـ مەنپەئەت بارمۇ؟› دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم: ‹ياق، مەن ئۇ كىشىنى ئاللاھ تەئالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن دوست تۇتقىنىمدىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق› دېدى. پەرىشتە بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ: ‹مەن ئاللاھ تەئالانىڭ سىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولىمەن، سىز ئۇ كىشىنى ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا دوست تۇتقىنىڭىزدەك، ئاللاھ تەئالا سىزنى دوست تۇتتى› دەيدۇ» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

5 ـ جاپالىق ۋە قىيىنچىلىق پەيتلەردە ياردەم بېرىش: ئىككى شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇ قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ، كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ، كىمكى مۇسۇلماندىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننى يۆگىگەن بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى يۆگەيدۇ» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

6 ـ تەكلىپ ـ چاقىرىقنى قوبۇل قىلىش:

ئىككى شەيخ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە بەش تۈرلۈك ھەققى بار: سالامىغا جاۋاب قايتۇرۇش، كېسەلنى كۆرۈش، جىنازىسىغا ئەگىشىش، چاقىرىقىغا ئىجابەت قىلىش ۋە چۈشكۈرگىگە جاۋاب قايتۇرۇش.

7 ـ كىشىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ھېيت ـ ئايەم ۋە تۈرلۈك مۇناسىپ ئەھۋاللاردا تەبرىكلەش:

ئىمام دەيلەمى رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «جۇمە نامىزىدىن قايتىپ كەلگۈچىلەر ئۇچراشقان قېرىندىشىغا: ‹ئاللاھ تەئالا بىزدىن ۋە سىزدىن ئوقۇغان جۇمە نامىزىنى قوبۇل قىلسۇن› دېيىشى لازىم» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدۇ.

«مەقاسىد» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى خالىد ئىبنى مەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېيت كۈنى ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچراشقاندا: «ئاللاھ تەئالا بىزدىن ۋە سىزدىن ھېيت نامىزىنى قوبۇل قىلسۇن» دېۋىدى، ۋاسىلەمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى دەپ يازىدۇ.

«بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەبۇك غازىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن 50 كېچە-كۈندۈز جازالىنىپ، كېيىن تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغان كەئب ئىبنى مالىك رەھمەھۇللاھ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاللاھ تەئالانىڭ تەۋبىڭىزنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

«جامىئۇل كەبىر» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئەمرى ئىبنى شۇئەيب رەھمەھۇللاھتىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان مەرفۇئ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «قوشنىنىڭ ھەققىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن (ھەمراھنىڭ ھەققىمۇ مۇشۇ دائىرە ئىچىگە كىرىدۇ)؟ ئۇنىڭ ھەققى شۇكى، ئەگەر ئۇ سەندىن ياردەم سورىسا ياردەم بېرىسەن، قەرز سورىسا قەرز بېرىسەن، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە تەبرىكلەيسەن، مۇسىبەت يەتسە تەزىيە تۇتىسەن».

8 ـ تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەر ۋە ھەرخىل مەۋسۇملاردا سوۋغات بېرىش:

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ «ئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزئارا سوۋغات بېرىڭلار، ئۇ دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ».

مەزكۇر كىتابتا يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرى! ئەگەر قوينىڭ ئېلىپ تاشلىۋېتىدىغان تۇۋىقى بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار، ئۇ دوستلۇقنى ئەھيا قىلىپ، ئۆچ-ئاداۋەتنى يوقىتىدۇ».

ئىمام دەيلەمى رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان مەرفۇئ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «سوۋغا-سالام قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن دوستلۇقنى مىراس قالدۇرۇپ، ئۆچ-ئاداۋەتنى يوقىتىدۇ».

ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ «مۇۋەتتا» ناملىق كىتابىدا: «قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش يوقىتار ھەسەتنى * سوۋغات بېرىپ دوست بولۇش كەتكۈزەر ئاداۋەتنى» دېگەن.

مۇئمىننىڭ دائىملىق ھەمراھىنىڭ ھەققىدىن ۋاقىتلىق ھەمراھىنىڭ ھەققى ئايرىلىپ چىقىدۇ. ۋاقىتلىق ھەمراھ ساپا سەپەردە، دەرستە، خىزمەتتە ياكى باشقا ئىشلاردا ۋاقىتلىق ھەمراھ بولغان كىشىدۇر. ئۇنىڭ توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»: «يانىڭدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا ۋە خىزمەتداشقا)...» (4:36) دەپ ئىبارەت كەلتۈردى.

مانا بۇ ھەمراھلار سىزدىن كۆيىنىش، غەمخورلۇق، ئىززەت ـ ھۆرمەت، مېھىر ـ شەپقەت، ئۆتۈنۈش، مۇلايىملىق، گۈزەل مۇئامىلە ۋە ئېسىل ئەخلاق قاتارلىقلارغا ئېرىشىشنى لازىم.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى ئۈلگە بولۇپ، مەيلى سەپەردە بولسۇن، مەيلى شەھەردە بولسۇن، مەيلى تىنچلىقتا بولسۇن، مەيلى ئۇرۇش ھالىتىدە بولسۇن، مەيلى مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندا بولسۇن، مەيلى كۆچۈپ يۈرۈشلىرىدە بولسۇن ساھابىلىرىغا قىلغان گۈزەل مۇئامىلىلىرىدە ئۈممىتى ئۈچۈن چىرايلىق نەمۇنىلەرنى بېرەتتى.

ئىمام تىبرانى رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە ساھابىلىرى ئىچىدىن بىر كىشى بىلەن كېتىۋاتاتتى، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ ئۆلىغىغا مىنگىلىك ئىدى، يول ئۈستىدە قويۇق ئورمانلىققا ئۇچرىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن بىرسى تۈز، يەنە بىرى ئەگرى ئىككى دانە تاياقنى كېسىپ ئېلىپ چىقتى ـ دە، مايماق تاياقنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، تۈز تاياقنى ھەمراھىغا بەردى، ھەمراھى ئۇنىڭغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ تاياققا سەن لايىق ئىدىڭ، قولۇڭدىكى مايماق تاياقنى ماڭا بېرىپ، ماڭا بەرگەن تۈز تاياقنى ئۆزۈڭ ئىشلەتكىن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق ئەي پالانى، ئەگەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە كۈندۈزدىن پەقەت بىر سائەت ھەمراھ بولغان بولسىمۇ، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ھەمراھچىلىقى توغرىلىق سوئال قىلىنىدۇ» دېدى.

رەبىئە ئىبنى ئابدۇراھمان رەھىمەھۇللاھ: «سەپەرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئادەمگەرچىلىكى بار، شەھەرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئادەمگەرچىلىكى بار. سەپەردىكى ئادەمگەرچىلىك ھەمراھلارغا تاغار ـ خورجۇنلارنىڭ ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تۆكمە قىلىش، يار ـ بۇرادەرلىرىگە خىلاپ ئىشلارنى ئاز قىلىش، ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەيدىغان چاقچاق ـ كۈلكىلەرنى كۆپ قىلىشتۇر. شەھەردىكى ئادەمگەرچىلىك مەسجىدلەردىن ئايرىلماسلىق، مەسجىدلەرنىڭ خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاللاھ تەئالا بارىسىدىكى قېرىنداشلىرىنى كۆپەيتىشتۇر» دەيدۇ.

بەنى ئەسەد ئايمىقىنىڭ مۇنداق بېيىتلىرى بار:

منەر ئۆلغىمغا ھەمراھىم خۇددى سايەمدەك،
ئارتۇق ئۆلغى بار، مىنىپ باقمىدىم مەن ئەسلا.
ئوزۇق ـ تۈلۈك، ياق! خورجۇننىڭ يېرىمى ئۇنىڭ،
ئارتۇق ئۇلاغ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلۈك بولۇپ باقمىدىم ئەسلا.
مېنىڭ ھەممە نەرسەمدە ئىككىمىز شېرىك، ئىككىمىز ئورتاق،
ئۇنىڭ تۈلۈكلىرى ئېشىپ تۇرار، ئاشمايدۇ مېنىڭكى پەقەتلا.

هۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! مانا بۇلار پەرزەنتىڭىز ئىككى كۆزىنى يورۇق دۇنياغا ئاچقاندىن باشلاپ ئۆگىتىلىشكە تېگىشلىك بولغان ھەمراھىنىڭ ھەققى ۋە دوستلارنىڭ ھەققىدىن ئىبارەت ئاساسلار ۋە قائىدىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاساس ۋە قائىدىلەر ھەققەتەن پەرزەنتلەردە ئىجتىمائىي ھېسسىياتنى ئۆستۈرىدىغان، ئاللاھ تەئالا بارىسىدىكى مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئالامىتىنى كۈچەيتىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى دەپ قارىلىدۇ.

بۇ ھېسسىيات ئۆزئارا دوستلىشىش، ئىخلاس، ۋاپادارلىق، سەممىيەت، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش، ئۆزىنىڭ كۆمچىگە چوغ تارتماسلىق، بەدەل تۆلەش، بېخىللىقتىن ساقلىنىش ۋە ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلسا، ھەققەتەنمۇ مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە كاپالەت، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ تۈۋرۈكلىرى مۇستەھكەملىنىدۇ، ئەدلى ـ ئادالەت، قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپلىرى يەر شارىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرى ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە قەدەر كەڭ تارقىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

چۈنكى، ھەربىر مۇسۇلمان شەخس ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ئەخلاقى، كۆيۈنۈشى ۋە مۇئامىلىلىرىدە ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئىسلام توغرىلىق جانلىق نەمۇنىلەرنى بېرىدۇ.

پەرزەنتلىرىدە يەزىلەتلىك تەربىيە ۋە تۈز ئەخلاق ـ پەزىلەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان، پەرزەنتلەرنىڭ ئېسىل خىسلەتلىك ئادەم بولۇشىغا، ئەخلاق ـ پەزىلەت باغچىلىرىدا يايراپ، يايلىشىغا ھەسسە قوشىدىغان، پەرزەنتلىرىنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ ياشايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئۇلۇغ تەربىيەتچىلەرگە ۋە ئېسىل ئاتىلارغا ئۇلۇغ ئىسلام جەمئىيەتلىرى نېمىدېگەن موھتاج ـ ھە!

* * * * *

## 6 - چوڭلارنىڭ ھەققى

چوڭ دېگەن ياش جەھەتتە سەندىن چوڭراق بولغان ياكى ئىلىم جەھەتتە ئىلمىلىكرەك بولغان ياكى تەقۋادارلىق ۋە دىن جەھەتتە سەندىن يۇقىرىراق بولغان ياكى يۈز ـ ئابرۇي، ھۆرمەت ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋە جەھەتتىن سەندىن ئۈستۈنرەك بولغان كىشىدۇر.

مانا بۇ كىشىلەر ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئۈچۈن ئىخلاس قىلغۇچى، ئاللاھنىڭ ئىگىسىنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئىززىتىنى قىلغۇچى بولسا، پۈتۈن خالايىقلارغا ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

بۇنداق قىلغانلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنغانلىق بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈتۈن جەمئىيەتنى ئۇلارنىڭ پەزلىنى تونۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا كۆرسەتكەن ئىسىل يولىيورۇقلىرىدىن ئەتىر-ئىپارغا مىلەنگەن بىر باغاقچىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز:

— ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر يىگىت بىر شەيخنى پەقەت ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ھۆرمەت قىلغان بولسا، ئاللاھ تەئالا بۇ يىگىتكە ئۇ شەيخنىڭ يېشىغا بارغاندا، ئۇنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنى بەلگىلەيدۇ».

— ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىز رەھمەھۇمەللاھلار ئەمرى ئىبنى شۇئەيب رەھمەھۇللاھتىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىچىكلىرىمىزنى ئاسرىمايدىغان، چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس».

— ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلمان مويسىپىتنى، يادىدا ساقلىغان ياكى ئۇنۇتقان بولسۇن قۇرئاننى يادلىغان كىشىنى ۋە ئادىل پادىشاھ قاتارلىقلارنى ھۆرمەتلىگەنلىك ئاللاھ تەئالانى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

— ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ مەيمۇنە ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ئىدىم، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر تىلەمچى ئۆتتى، ئۇ تىلەمچىگە بىر پارە نان بەردى، ئارقىدىنلا كىيىم-كېچەكلىرى جايىدا، ئۇستى-بېشى ياخشى ۋە سالاپەتلىك بىر مويسىپىت كىشى ئۆتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ يېمەكلىك بەردى، ئاندىن ئۇنىڭدىن شۇ ھەقتە سورىلغاندا، ئۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹خالايىقلارنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا چۈشۈرۈڭلار› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان (يەنە بىر رىۋايەتتە ‹رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى خالايىقلارنى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنلارغا چۈشۈرۈشكە بۇيرىغان›)» دېدى.

— ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن چۈشۈمدە مىسۋاك قىلىۋاتاتتىم، قېشىمغا چوڭ-كىچىك ئىككى ئادەم كەلدى، مەن مىسۋاكنى ئۇ ئىككىسى ئىچىدىن كىچىك ئادەمگە سۇندۇم، ماڭا: ‹چوڭىغا بەرگىن› دېيىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى چوڭىغا بەردىم».

يۇقىرىدىكى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەجمۇئەسىدىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى خۇلاسىلەيمىز:

1 - چوڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە لايىق مەرتىۋە-ئورۇنغا قويۇش، مەسىلەن، ئىشلاردا مەسلىھەت سېلىش، مەجلىستە تۆردىن ئورۇن بېرىش، ئالدىدا يول باشلىتىش، زىياپەتتە ئۇنىڭدىن باشلاش دېگەندەك.

چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرنى ئۆزىگە لايىق مەرتىۋە ۋە ئورۇنغا قويۇڭلار» دېگەنلىكى ئۈچۈن.

بۇ تەرەپنى ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ سەھىھ سەنەد بىلەن شىھاب ئىبنى ئەبباد رەھمەھۇللاھتىن

رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ۋەقەلىك ئېخمۇ كۆچكە ئىگە قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇلقەيس ئەلچىلىرى قاتارىدىن بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ مۇنداق دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى بولۇپ كەلدۇق، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزگە قاتتىق خۇشال بولدى، قەۋم- قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېشىغا كەلگىنىمىزدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، جامائەت سورۇنىدىن بىزگە ئورۇن بەردى، بىز ئولتۇردۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قارشى ئالدى ۋە بىزگە خەيرلىك دۇئا قىلدى، ئاندىن بىزگە قاراپ: «سەييدىڭلار ۋە باشلىقىڭلار كىم؟» دەپ سورىدى، ھەممىمىز بىردەك مۇنزىر ئىبنى ئائىزنى كۆرسەتتۇق، مۇنزىر ئورنىدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىنلاشماقچى بولۇۋىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بەردى، ھەتتا ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنى قارشى ئېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ئۇنىڭدىن يۇرتىمىز ۋە يۇرتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ... دەپ ھەدىسنى ئاخىرغىچە بايان قىلىدۇ.

پۈتۈن ھەدىس ئەھلى بىردەكلىككە ئىگە بولغان، بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار زىياپەتنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىشىلەردىن باشلايتتى، مانا بۇ سۈننەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدىن ھازىرغا قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

2 - ھەممە ئىشتا چوڭدىن باشلاش: جامائەتلىك نامازدا كىشىلەرگە سۆزلەشتە، ئېلىم- بېرىمدە، مۇئامىلىدە ۋە باشقا ئىشلاردا چوڭلار كىچىكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇ توغرىلىق ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئوخۇرەكلىرىمىزنى تېگىشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن: «تۈز تۇرۇڭلار، سەلكەش تۇرماڭلار، بولمىسا ئاللاھ تەئالا قەلبىڭلارنى ئىختىلاپلىق قىلىپ قويىدۇ، ئاراڭلاردىكى كامىل كىشىلەر ۋە ئۆزىنى توختىتىۋالالايدىغان كىشىلەر ماڭا يانداشىپ تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا يانداش كىشىلەر تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يانداش كىشىلەر تۇرسۇن» دەيتتى.

ئىككى شەيخ ئەبى يەھيا ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سەھل بىلەن مەھىيسە ئىبنى مەسئۇد خەيبەرگە يۈرۈپ كەتتى، شۇ كۈنلەردە خەيبەر سۈلھى ھالىتىدە ئىدى، خەيبەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى ئايرىلىپ كەتتى، كېيىن مەھىيسە ئابدۇللاھنىڭ يېنىغا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە قانغا مىلەنگەن ھالدا كەلتۈرۈلدى، ئاندىن ئۇ مەدىنىگە ئېلىپ كېلىندى، ئابدۇراھمان ئىبنى سەھلى مەھىيسەنىڭ ئوغۇللىرىدىن مۇھەييەسە ۋە ھۇۋەييەسە قاتارلىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى، ئارقىدىن ئابدۇراھمان ئىبنى سەھلى گەپ قىلىشقا تەمشەلگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى گەپ قىلىشتىن توسۇپ: «سۆزنى چوڭغا بەرگىن، چوڭغا بەرگىن» دېدى، چۈنكى، ئابدۇراھمان كەلگەن كىشىلەر ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك كىشى ئىدى.



www.uyghurkitap.com

بۇ ھەدىس ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قۇرلىرىنىلا نەقىل قىلدۇق.

شۇنىڭدەك، بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى مىسىۋاكنى چوڭ كىشىگە بېرىشكە بۇيرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

3 ـ كىچىكلەرنى چوڭلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش: مەسىلەن، زاڭلىق قىلىش، مەسخىرە قىلىش، كۆزگە ئىلماسلىق، يامان گەپ قىلىش، ھوزۇرىدا بەتقىلىق، سەت ئەدەپ، قەبىھ مىجەزلىك، بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىش، يۈزمۇيۈز كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلەش قاتارلىق ناچار كۆرۈنۈشلەر...

بۇ ھەقتە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ «كەبىر» ناملىق كىتابتا ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار، ئۇلارنى مۇناپىقتىن باشقا ئادەم ئاددىي كۆرمەيدۇ: ئىسلامدا ياشانغان مۇيسىپىت كىشى، ئىلىم ئىگىسى ۋە ئادىل پادىشاھ (ئىسلام خەلىپىسى)».

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدىكى بۇ مەزمۇنلاردىن ئىززەت ـ ئېھتىرامغا مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ئىجتىمائىي پەزىلەتلەر شاخلاپ چىقىدۇ، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئاشۇ ئىجتىمائىي پەزىلەتلەر ئاساسىدا ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە قىلىشى ۋە بۇ ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرىشى لازىم!

پەزىلەتلەر تۆۋەندىكىچە؛

1 ـ ھايالىق بولۇش:

ھايادىن ئىبارەت بۇ خۇلق قەبىھ قىلمىشلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا، چوڭلارنىڭ ھەققىنى كەم قويماسلىققا تۈرتكە بولىدۇ، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرىشكە ئۈندەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى شەيخ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەھمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلغاندەك: «ھايانىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر».

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ ھايانىڭ پەزىلىتى توغرىلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئائىشە ئانىمىزنى چاقىرىپ: «ئى ئائىشە! ئەگەر ھايا ئادەم بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ياخشى ئادەم بولغان بولاتتى، ئەگەر قەبىھلىك ئادەم بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە ناچار ئادەم بولغان بولاتتى» دېدى.

ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەبىھلىك بار ھەر نەرسە ۋەيران بولۇر، ھايا بار ھەر نەرسە مەڭگۈ دەۋران قىلۇر».

ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئىبنى ماجە رەھمەھۇمەللاھلار زەيد ئىبنى رەكانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوقۇم ھەربىر دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى

بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر».

ئىككى شەيخ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىدىن كېيىن، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئاشۇ ھايادىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ئەخلاقلاندۇرغانلىقى، ياشتا ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈن كۆتۈرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى يېتىلدۈرگەنلىكىدىن ھەيران قالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئىككى شەيخ ئەبى سەئىدىل خۇدرىيى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بەك يادلايدىغان بالا ئىدىم، مېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا گەپ قىلىشتىن ئۇ يەردە يېشى مەندىن چوڭ كىشىلەرنىڭ بولغانلىقى توسۇپ قالاتتى.

2 - سىرتتىن كىرگۈچىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇش: كەلگۈچى مېھمان، ياكى مۇساپىر، ياكى ئالىم، ياكى مويسىپىت بولسۇن ھەممىسىگە ئورنىدىن تۇرۇش پەرزەنتكە بىلدۈرۈشكە ۋە ئەخلاقىغا ئايلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاقتۇر.

نۆۋەتتىكى ھەدىسلەر مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتقا ئىگە قىلىدۇ:

1 ) ئىمام بۇخارى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمۇللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن تاشقى قىياپەت، چىراي-شەكىل، يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتلەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىزى فاتىمەدەك ئوخشايدىغان بىرەر شەخسنى كۆرۈپ باقمىدىم. فاتىمە ئۆيگە كىرسە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇراتتى، ئۇنى سۆيەتتى ۋە ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمەنىڭ يېنىغا كىرسە، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇراتتى، دادىسىنى سۆيەتتى ۋە ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى.

2 ) ئىمام نەسەئى ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بېرەتتى، ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرسا بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق، تاكى ئۇ ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇراتتۇق.

3 ) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ ئۆمەر ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جايدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قېشىغا ئېنىكئاتىسى كەلدى. ئۇنىڭغا ئۈستىدىكى كىيىمنى سېلىپ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېنىكئانىسى ھەلىمە كەلدى. ئۇنىڭغا كىيىمنىڭ بىر تەرىپىنى سېلىپ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. كېيىن ئېمىلدەش قېرىندىشى كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى.

4 ) ئىككى شەيخ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: سەئەد ئىبنى مەئاز ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەنسارلارغا: «رەھبىرىڭلارغا ياكى ئەڭ ياخشى ئادىمىڭلارغا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېدى.

5 ) ھازىر سۆزلەپ ئۆتكەن سەھىھ ھەدىسلەر ۋە تەبۇك غازىتى ۋەقەلىدىكى كەئەب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇتتەفەقۇن ئەلەيھى ( سەھىھلىكى بىرلىككە كېلىنگەن ) بولغان ھەدىسى كەلگۈچىگە ئورنىدىن قوپۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەزكۇر ھەدىستە كەئەب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولغانلىقى، بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئايەت نازىل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتسام، كوچىلاردا كىشىلەر توپ-توپ بولۇشۇپ مېنى تەبرىكلەپ: «ئاللاھ تەئالانىڭ تەۋبەڭنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن سېنى تەبرىكلەيمىز» دېيىشەتتى. مەسجىدكە كىرسەم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى ئورىۋاپتۇ. مېنى ھەممىدىن بۇرۇن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ تونۇۋالدى ۋە ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مېنى تەبرىكلىدى.

ئەھلى ئىلىم ۋە مۇجتەھىدلەر مۇشۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەلىللىگە ئاساسەن تۇرلۇك ئەھۋال، مەۋسۇم ۋە ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئىلىم ۋە پەزىلەت ئەھلىلىرى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا بىر قاراشقا جەم بولغان.

ئەمما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشنى چەكلىگەن ھەدىسكە كەلسەك، بۇ ھەدىس شەخسنىڭ ئۆزلىكنى ئۇلۇغلاش ۋە چوقۇنۇش يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇرۇشقا قارىتىلغان. چۈنكى، بۇ خىل مەخسۇس سۈپەتلەرگە ئىگە ئورۇندىن تۇرۇشتىن كىبىر ۋە ئۇلۇغلاش ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئەجەملەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ۋە ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئۇلۇغلاشتا قوللانغان ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇلۇغلانماقچى بولغان ئادەم ئولتۇرىدا تۇرىدۇ. باشقا ئادەملەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا قول باغلاپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۆزىگە مانا مۇشۇ كىشىلەر تۇرغاندەك ئورنىدىن تۇرۇشنى چەكلىگەن.

3 - چوڭلارنىڭ قولىغا سۆيۈش: پەرزەنتلەرنى ئادەتلەندۇرۇشكە، ئەخلاقىغا ئايلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بىرى چوڭلارنىڭ قولىغا سۆيۈشتۇر. پەرزەنتكە كەمتەرلىك، ئېھتىرام، مۇلايىملىق ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە لايىق ئورۇن-مەرتىۋىگە قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىشتە بۇ ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىنىڭ زور تەسىرى بار.

بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى، ساھابىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ئىجتىھادلىرى دەلىل بولىدۇ.

1 ) ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ئىبنى ئەئرابى رەھمەھۇمۇللاھلار زارىئى

رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن مۇنـداق رىۋايـەت قىلـدۇ، بـۇ كىشى ئابدۇلقەيـس ئەلچىلىرى ئىچىدىكى بىر كىشى بولـۇپ، ئـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: بىـز مەدىنىگـە كەلگىنىمىـزدە، ئـۇلاغ ۋە يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا، پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ قېشىغا ئالدىـراپ بـاردۇق ھەمـدە ئۇنـىڭ پـۇت ۋە قوللىرىغا سـۆيدۇق.

2 ) ئىمـام بۇخـارى رەھمەھۇلـلاھ «ئەدەبـۇل مۇفـرەد» ناملىـق كىتابـىدا ۋازىئـىز ئىبنـى ئامىـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى رىۋايـەت قىلـدۇ: بىـز مەدىنىگـە كەلـدۇق، بىزگـە ئـاۋۇ كىشـى رەسـۇلۇللاھتۇر دەپ كۆرسـىتىلىۋىدى، بىـز ئۇنـىڭ قـول ۋە پۇتىغـا سـۆيدۇق.

3 ) ئىبنـى ئەسـاكىر رەھمەھۇلـلاھ ئەبـى ئەممـار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلدۇ: زەيد ئىبنى سـابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغـا ئۇلىغى يېقىنلاشتۇرۇلدى، ئـۇ ئۇلاغقا مىنىشكە تەمشىلىۋىدى، ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئابباس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئۈزەڭگىنى تۇتـۇپ بـەردى. زەيـد رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئۇنىڭغـا: «ئـى رەسـۇلۇللاھنىڭ تاغىسـىنىڭ ئوغلى! يـىراق تۇرغـىن» دېگەنـدى، ئـۇ: «بىـز چوڭلىرىمـىز ۋە ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىزغا مۇشـۇنداق قىلىشـقا بۇيرۇلـدۇق» دېـدى. شـۇنىڭ بىلـەن زەيـد رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئۇنىڭغـا: «ئۇنـداق بولسـا مـاڭا قولىڭىزنـى كۆرسـىتىڭ!» دېگەنـدى، ئابدۇلـلاھ قولىنى چىقـاردى. بـۇ ۋاقىتتا زەيـد ئىبنـى سـابىت رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئۇنـىڭ قولىغا سۆيدى ۋە: «بىـز پەيغەمبىرىمىزنـىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا مۇشـۇنداق قىلىشـقا بۇيرۇلـدۇق» دېـدى.

4 ) ئىمـام بۇخـارى رەھمەھۇلـلاھ «ئەدەبۇلمۇفرەد»تـە سـۇھەيب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن مۇنـداق رىۋايـەت قىلـدۇ: مـەن ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ ئابباس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ قولـى ۋە پۇتىغـا سـۆيگىننى كـۆردۈم.

5 ) ئىمـام ھافىـز ئەبـۇ بەكرىـل مەقـررى رەھمەھۇلـلاھ ئەبـى مالىـك ئەشـجەئى رەھمەھۇللاھتىـن مۇنـداق رىۋايـەت قىلـدۇ: مـەن ئىبنى ئەبى ئەۋفاغا: «ماڭا رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمگە بەيئـەت قىلغان قولۇڭنى ئۇزاتقىـن» دېسـەم، ئـۇ قولىنى ئۇزاتتـى. شـۇنىڭ بىلـەن مـەن ئۇنـىڭ قولىغا سـۆيدۈم.

ئىلىـم ۋە پەزىلـەت ئەھلىلىرىنـىڭ قولىغـا سۆيۈشـنىڭ ياخشـى ھالەتلىكـى توغرىسـىدا ئىسـپات كەلتۈرگەنلىرىمىـز دېگىنىمىزدىـن تامچىـدۇر، خـالاس. ئۇنـداق بولغانىكـەن تەربىيەتچىلـەر پەرزەنتلىرىنـى چوڭلارنى ھۆرمەتلـەش، ئالىم ـ ئۆلىما ۋە پەزىلـەت ئەھلىلىرىنـى ئۇلۇغـلاش ۋە باشـقىلار بىلـەن مۇئامىلـە قىلىشـتا كەمتـەر ۋە ئالىي ئەخلاقلىـق ئـادەم قىلىپ ئۆسـتۈرۈش ئۈچـۈن، مۇشـۇ ئېسىـل ئەخـلاق ۋە ئۇلۇغـۋار ئەدەپ ـ قائىدىگـە ئادەتلەنـدۈرۈش لازىم.

لېكىـن، تەربىيەتچىلـەر پەرزەنتلىرىگـە بـۇ ئېسىـل ئـادەت ۋە چوڭلارنىـڭ قولىغـا سۆيۈشـنى ئۆگەتكەنـدە مۇنـداق مۇھىـم ئىككـى تۈرلـۈك ئىشـقا دىققـەت قىلىش كېـرەك:

1 ـ ھۆرمەت ـ ئېھتىـرام، ئورنىدىـن تـۇرۇش ۋە پۇت ـ قولىغا سۆيۈش جەريانىدا نورمال چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىـم. چۈنكـى، ھەددىدىـن ئاشـۇرۇۋېتىش بىـر تەرەپنـى چوڭچىلىق قىلـىش ۋە جىنايى قەدەملەرنى ئېلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشـقا سـەۋەب بولسـا، يەنـە بىـر تەرەپنىـڭ تـۆۋەن كۆرۈلـۈش ۋە ئىززەت ـ نەپسىنىڭ خورلىنىشىغا سـەۋەب بولـۇپ قالـىدۇ. شـۇنداقلا، چـوڭلار ئۆتكۈزگـەن يامـان ئىشـلاردىن كـۆز يۇمـۇش، ھەقىقەتكـە ئـۇۋال قىلـىش، ئىـززەت ـ ئېھتىرامنـىڭ ماھىيىتىنى ئەكسىللەشـتۈرۈش ۋە پەرزەنتنـىڭ روھـي خاراكتېرىنـى پاچاقـلاپ تاشـلىۋېتىش قاتارلىقلارنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2 ـ ئىسلام شەرىئىتى بۇيرىغان نورمال بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن، ئورنىدىن تۇرۇش جەريانىدا ئېگىلىش ۋە سۆيۈش جەريانىدا رۇكۇ قىلىش ياكى تىز پۈكۈش دېگەندەك.

* * * * *

يۇقىرىدىكىلەر باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا ئىسلام بەلگىلىگەن مۇھىم ئاساسلار بولۇپ، تەربىيەتچىلەر ئەۋلادلىرىنى ئەنە شۇ ئاساسلارغا تايىنىپ ئۆستۈرۈشى، ئۇلارغا بۇ ئاساسلارنى ئۆگىتىشى ۋە ئۇلارنى مۇشۇ ئاساسلار ئاساسىدا يېتەكلىشى لازىم.

ئەگەر بۇ ئاساسلار ھەقىقەتەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك ئۆزلەشتۈرۈلسە، پەرزەنتلەرنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش، ياشانغان مويسىپىتلەرنى ئىززەتلەشكە قاراپ يول ئالىدۇ. تىرنىقى ئۆسكەندىن باشلاپ ياش جەھەتتە ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى، ئىلىم ـ پەزىلەت ۋە مەرتىۋە جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەر بىلەن قانداق ئەدەپتە بولۇشنى چۈشىنەلەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئەگەر تەربىيەتچىلەر مۇشۇ دەۋر ئەۋلادلىرى ئالدىدا، پەرزەنتلىرى باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلار بىلەن گۈزەل مۇئامىلە ۋە چىرايلىق ئەدەپ ئاساسىدا ياشايدىغان، خەيرى ـ ئېھسان قىلالايدىغان ئەخلاق ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى قويالىسا ۋە توغرا قوللىنالىسا، پەرزەنتلەر چوقۇم پەزىلەت ئىگىلىرىنى ئۇلۇغلاش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەرەپكە قاراپ يول ئالىدۇ.

ماڭا ئۆمۈر ۋە ھاياتلىق بەرگەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مانا بۇ ئەدەپلىك بولۇشنىڭ غايىسى، ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئاخىرقى چېكىدۇر.

بىز ئىسلامدىكى تەربىيىنىڭ ھەقىقەت ـ ماھىيەتلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان، ئاندىن ئەۋلادلارنى ئاشۇ ئېسىل مەكارىم ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە، ئېسىل خىسلەتلەرگە ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈشكە ئۆتكۈر ئىرادە باغلاپ، يەڭنى شىمايلاپ ماڭىدىغان ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەرگە، ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارغا ۋە مۇئەللىملەرگە نېمىدېگەن ئېھتىياجلىق ـ ھە!

ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇ يولدا ماڭسا ۋە بۇ ئۇسۇلنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرسا، ئىسلام ئۈممىتى ئەلۋەتتە ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئەخلاقنى، يۈكسەك ئىسلامي ئەدەپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولاتتى. ئەنە شۇ چاغدا مۇئمىنلەر ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلىرىدىن، پەزىلەتلىك جەمئىيەتتىن ھەممە ئىزدەۋاتقان خاتىرجەملىكتىن سۆيۈنەتتى، خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمگەن بولاتتى.

## 3 ـ ئاممۋى ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى چىڭ تۇتۇش

پەرزەنتنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەربىيلەشتە، ئىسلام يولغا قويغان ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ بىرى پەرزەنتنى كىچىكىدىن باشلاپ ئاممۋى ئىجتىمائىي ئەدەپكە ئادەتلەندۇرۇش ۋە مۇھىم بولغان تەربىيىۋى پرىنسىپلار بىلەن ئەخلاقلاندۇرۇشتۇر.

بالا چەمبەر، غالتەك، پىرقىرىغۇچ ۋە ھەرخىل ئويۇنچۇقلارنى تاشلاپ، بالىلىقتىن ئادەمىلىككە قاراپ ماڭغان ۋە شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرىنى ھېس قىلالىغۇدەك بولغاندا، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ياخشىلىق، ۋاپادارلىق ۋە ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى غايىسىدە، جەمئىيەتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى مۇھەببەتت ۋە كۆيۈمچانلىقنىڭ ۋە ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدە بولىدۇ.

شەكسىزكى، مەن مۇشۇ تەتقىقاتتا تەپسىلىي توختالماقچى بولغان بۇ ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ قائىدىلەر پۈتۈنلەي مەزكۇر بۆلۈمنىڭ ئالدىدىكى «روھىي ئۇسۇللارنى كۆچەت قىلىپ تىكىش» دېگەن بۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

چۈنكى، ئىجتىمائىي مۇئامىلە ياكى ئاممۋىي ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى چىڭ تۇتۇش، ئىمان ۋە تەقۋادارلىق ئەقىدىسى ئۇستىگە، قېرىنداشلىق، مېھرىبانلىق پرىنسىپى ئۇستىگە، ئېسىل مەكارىمى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۇستىگە قۇرۇلسا، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش، كۆمۈچىگە چوڭ تارتماسلىق ۋە مۇلايىملىق ئەخلاقىنىڭ ئۇستىدە تىكلەنسە، چوقۇم پەرزەنتنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەربىيەسى، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسىگە ۋە ئۈلگىلىك نىشانغا يېتىدۇ. بەلكى پەرزەنت ئۆزىنىڭ پائالىيىتىدە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، ئەخلاقىدا ۋە جەمئىيەتتىكى مۇئامىلىسىدە، ئۈلگىلىك ئىنساننىڭ، زېرەك ئاقىلنىڭ، ھېكمەتلىك ئادەمنىڭ ۋە كامىل ئەرنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشىنى نامايان قىلىدۇ.

مانا بۇ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋلادلارنى ئەخلاقىي جەھەتتە بارلىققا كەلتۈرۈش، مەسىلەك ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە تەييارلاشتا تەربىيىۋى ئۇسۇللارنى بەلگىلەشكە قىزىققان نەرسىدۇر.

بىز يۇقىرىدىكى ئابزاسلاردا تەربىيەتچىلەرگە يولنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش، داغدام يولغا باشلاپ، يولغا چىراغ يېقىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي تەربىيەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەربىر تەرەپكە كەڭ ۋە مول خەرىتىلەرنى سىزغان بولساق، مەزكۇر تەتقىقات ئۈچۈنمۇ نۆۋەتتىكى كەڭ كەتكەن خەرىتىلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق:

1 ـ يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛
2 ـ سالام ـ سەھەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛
3 ـ ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛
4 ـ چاقچاقلىششنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛
5 ـ سورۇننىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛
6 ـ سۆزلەشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛



www.uyghurkitap.com

7 ـ تەبرىكلەشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛

8 ـ كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛

9 ـ تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى؛

10 ـ چۈشكۈرۈش ۋە ئەسنەشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

تەربىيەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدە ئەھيا قىلىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈنلەي ئاللاھ تەئالاغا تايانغان ۋە ئاللاھ تەئالادىن ياردەم سورىغان ھالدا، ئاللاھ تەئالا خالىسا مۇشۇ ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ ھەربىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمەن:

## 1 ـ يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشكە ۋە ئادەتلەندۈرۈشكە، يول كۆرسىتىشكە ۋە تۇرمۇشقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بار:

1 ) تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ۋە يەپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قولنى يۇيۇش: ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ترمىزى رەھىمەھۇمەللاھلار سەلمان پارسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تاماقنىڭ بەركىتى تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تاھارەت ئېلىشتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام بەيھەقى رەھىمەھۇمەللاھلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹ئاللاھ تەئالادىن ئۆيىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تىلەيدىغان كىشى داستىخانغا غىزا قويۇلغان چاغدا ۋە ئېلىۋېتىلگەن چاغدا تاھارەت ئالسۇن› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

2 ) ئەۋۋىلىدە «بسم الله»، ئاخىردا «الحمد لله» دېيىش: ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ترمىزى رەھىمەھۇمەللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار يېمەكچى بولغاندا ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى تىلغا ئالسۇن، ئەگەر ئەۋۋىلىدە ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ‹بسم الله الرحمن الرحيم والأول ولأخر› (ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تەئالانىڭ نامى بىلەندۇر) دېسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ ۋە باشقىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەي ـ ئىچىشتىن توختىغاندا: «الحمد لل ال ي عمنا وسقانا وجعلنا من المسلمين» (بىزگە تائام بەرگەن، ئۇسسۇلۇق بەرگەن ۋە مۇسۇلمانلاردىن قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن) دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

3 ) ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تاماقنى ئەيىبلىمەسلىك: ئىككى شەيخ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامنى ھەرگىز ئەيىبلىگەن ئەمەس،

ئەگەر ئىشتىها قىلسا يەيتتى، خۇش كۆرمىسە يېمەيتتى.

4 ) ئوڭ قولى بىلەن يېيىش ۋە ئالدى تەرىپىدىن يېيىش: ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ ئۇمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېقىشى ئاستىدىكى بالا ئىدىم، مېنىڭ قولۇم چىنە-ئاياقتىكى تاماقلار ئۈستىدە ئويان-بۇيان سوزۇلۇپ كۆپ ھەرىكەت قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئەي بالا! ‹بىسمىللاھ› دەپ ئوڭ قولۇڭدا ۋە ئالدى تەرىپىڭدىن يېگىن» دېدى.

5 ) يۆلەنگەن ھالدا يەپ-ئىچمەسلىك: يۆلەنگەن ھالدا يەپ-ئىچىش ساغلاملىققا خەتەر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا كىبرى-تەكەببۇرلۇقنى ئاشكارا ئىپادىلىگۈچى كۆرۈنۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئەبى جۇھەيفە ۋە ھىبە ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن يۆلەنگەن ھالەتتە يېمەيمەن».

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساغرىسىنى يەرگە چاپلاپ، ئىككى پاچىقىنى تىكلەپ ئولتۇرغان ھالدا خورما يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

6 ) تائامغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى: ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلىلىرىدىن شىرنە سورىدى. ئۇلار: «قېشىمىزدا سىركىدىن باشقىسى يوق» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شىرنە بولمىسا سىركىنى ئەكېلىڭلار» دېدى. سىركە كەلتۈرۈلۈۋىدى، ئۇ: «شىرنىگە تېگىشكۈسىز سىركە نېمىدېگەن ياخشى، شىرنىگە تېگىشكۈسىز سىركە نېمىدېگەن ياخشى» دېگەچ سىركىدىن يېيىشكە باشلىدى.

يەنە نۇرغۇنلىغان سەھىھ ھەدىسلەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بىلەن بىللە داستىخان ئۈستىدە تاماق يېگەندە، تاماقنى ماختىغانلىقى ۋە ياخشى سۆزلەرنى قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

7 ) تاماقتىن بىكار بولغاندا ساھىبخان ياكى مېھمان قىلغۇچى ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى:

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھىمەھۇمەللاھلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا نان بىلەن زەيتۇن[1] ئۆيۈتمىسى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يېدى. ئاندىن سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا روزىدارلار ئىپتار قىلدى، تاماقىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت ئېيتتى» دېدى.

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىبرانى رەھىمەھۇمەللاھلارنىڭ رىۋايىتىدە بۇ يەردە قۇرۇق ئۈزۈم دەپ كېلىدۇ، مۇشۇ توغرىدەك قىلىدۇ.

8 ) ئۆزىدىن چوڭ كىشى بار يەردە تاماقنى باشلىماسلىق: ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تاماققا ھازىر بولغىنىمىزدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماققا قولىنى ئۇزىتىپ يېيىشنى باشلىمىغۇچە ھېچبىرىمىز قولىمىزنى تاماققا ئۇزاتمايتتۇق.

9 ) نېمەتنى ئاددىي كۆرمەسلىك: ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماق يېگەندە بارماقلىرىنى ئۈچ قېتىم يالىۋېتەتتى ۋە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر چىشلەم تامىقى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى ئالسۇن، ئۇنىڭدىكى ئەزىيەتلەرنى تازىلىۋېتىپ يېسۇن، ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ بەرمىسۇن» دەيتتى ۋە بىزنى تاماق يېگەن قاچىنى يالىۋېتىشكە، ياكى چايقاپ ئىچىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى ۋە: «سىلەر تامىقىڭلارنىڭ قايسى يېرىدە بەرىكەت بارلىقىنى بىلمەيسىلەر» دەيتتى.

ئىچىملىك ئىچىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ) ئىچىشنى باشلىغاندا «بسم الل » دېيىش، ئىچىپ بولغاندا «الحمد لل » دېيىش ۋە ئۈچ قېتىم ئىچىشنىڭ مۇستەھەبلىكى: ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆگە ئىچكەندەك بىر قېتىمدا ئىچمەڭلار، بەلكى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمدا ئىچىڭلار، ئىچمەكچى بولغىنىڭلاردا ‹بىسمىللاھ› دەڭلار، ئىچىپ بولغىنىڭلاردا ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› دەڭلار».

2 ) تۇلۇمنىڭ ئېغىزىدىن بىۋاسىتە ئىچىشنىڭ يامانلىقى: ئىككى شەيخ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ قاچىسى ياكى تۇلۇمنىڭ ئېغىزىدىن بىۋاسىتە ئىچىشتىن توسقان.

بۇنداق توسۇشنىڭ سەۋەبى ئۇ ئىجتىمائىي زوق ئېلىشقا زىت كەلگەنلىكى، شۇنداقلا بۇنىڭ بىلەن سۇغا سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

3 ) ئىچىملىككە پۈۋلەش ۋە تىنىشنىڭ يامانلىقى: ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىغا تىنىش ياكى پۈۋلەشتىن توسقان.

بۇنىڭ سەۋەبمۇ ئۇنىڭ ساغلاملىققا زىيان يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاققا زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

4 ) ئولتۇرغان ھالەتتە يەپ-ئىچىشنىڭ مۇستەھەبلىكى: ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئادەمنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىشتىن توستى.

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئۆرە تۇرۇپ ييىشچۇ؟» دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ: «بۇ تېخىمۇ يامان» دېدى.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاراڭلاردىن ھېچبىرىڭلار ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچمىسۇن، ئۇنتۇپ قېلىپ ئىچىپ سالغان كىشى قۇسۇۋەتسۇن» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەنلىكى توغرىسىدىكى سەھىھ ھەدىس بۇنداق ئىچىشنىڭ جائىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ئولتۇرغان ھالەتتە ئىچىشتىن ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ئىچىش ئەۋزەل بولغان ئەھۋالدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ئاسانچىلىق كەلتۈرۈپ بېرىشنى خالايدۇ، سىلەرگە قىيىنچىلىق كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ» دېگەن پرىنسىپال ئايەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن زەمزەم سۈيىنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكىنىگە ئوخشاش.

5 ) ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا يەپ-ئىچىشكە بولمايدۇ: ئىككى شەيخ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىدا ئىچكەن ئادەمنىڭ قورسىقىدا جەھەننەمنىڭ ئوتى گۈركىرەيدۇ» دېگەنلىكىنى، «مۇسلىم»نىڭ يەنە بىر رىۋايىسىدە: «ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن بولغان قاچىدا ئىچكەن ئادەمنىڭ قورسىقىدا جەھەننەمنىڭ ئوتى گۈركىرەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلارنى ئىستېمال قىلىش كىبىر-تەكەببۇرلۇق، يوغانچىلىق ۋە ئۆزىنى ئالىي تۇتۇشنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ كەمبەغەل ۋە يوقسۇل كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە دەز ئۇرىدىغان ۋە يۈرىكىنى جاراھەتلەندۈرىدىغان ناچار ئىللەتتۇر.

6 ) ئاشقازاننى يېمەك-ئىچمەككە توشقۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ: ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «ئادەمزات قورسىقىدىن يامانراق بىر قاچىنى توشقۇزمايدۇ، ئۇنىڭغا بېلى ئۆرە تۇرغۇدەك بىر نەچچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر بۇنداق قىلىشقا ئامالى بولمىسا، ئۇ قورسىقىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى يېمەكلىككە، ئۈچتىن بىرىنى ئىچىملىككە ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىشكە قالدۇرسۇن».

بارلىق تەربىيەتچىلەر بۇ ئەدەپ-قائىدىلەرنى چىڭ تۇتۇشى، ئەۋلادلارغا ئۆگىتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا روياپقا چىقىرىشى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىدە قوللاندۇرۇشى لازىم.

## 2 - سالام-سەھەت قىلىشىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

سالام-سەھەت قىلىشىشنىڭ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىدە يېتىلدۈرۈشكە، ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە ئادەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان مۇنداق بىر قانچە ئەدەپ-قائىدىلىرى بار:

1 ) ئىسلام شەرىئىتى سالام قىلىشقا بۇيرىغان: ئاللاھ تەئالا «قۇرئان كەرىم»دە سالام قىلىشقا بۇيرۇپ

مۇنداق دېدى: «ئى مۇئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۇ ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار» (24:27)؛ «سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) ئاللاھ تەئالا بەلگىلىگەن مۇبارەك ۋە پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)» (24:61).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىگە سالام بېرىشنى ئۆگەتتى ۋە سالام بېرىشكە بۇيرىدى: ئىككى شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئىسلامدا قايسى ئىش ياخشى؟» دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاچ قورساق كىشىگە تاماق بېرىش ۋە تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىگە سالام قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا دوستلاشمىغۇچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرنى دېگىنىمدەك قىلساڭلار ئۆزئارا دوستلاشتۇرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا قىلىڭلار».

2) سالامنى قانداق قىلىشنى ئۆگىنىش: سالامنى باشتا قىلغۇچى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» (سىلەرگە ئاللاھ تەئالانىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن) دەيدۇ.

ئەمدى سالامنى قايتۇرغۇچى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» (سىلەرگىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن) دەيدۇ.

سالام قىلىشقان ئىككى مۇسۇلماننىڭ ھەر ئىككىلىسى يالغۇز بولسىمۇ، «ساڭا سالام بولسۇن» دېگەندەك بىرلىك شەكىلدىكى سۆزنى ئىشلەتمەيدۇ، بەلكى «سىلەرگە سالام بولسۇن» دەيدىغان كۆپلۈك شەكلىنى ئىشلىتىدۇ.

قانداق سالام قىلىشنى تەلىم بېرىشمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندۇر.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنىڭ سالامىغا ئەلەيكە ياندۇردى، ئاندىن ئۇ كىشى كېلىپ ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئون (ئەجىر ـ ساۋاب ياكى دەرىجە)» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى» دەپ سالام قىلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگىمۇ ئەلەيكە ياندۇردى، ئاندىن ئۇمۇ كېلىپ ئولتۇردى،

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يىگىرمە» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دەپ سالام قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگىمۇ ئەلەيكە ياندۇردى. ئاندىن ئۇمۇ كېلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئوتتۇز» دېدى.

ئىككى شەيخ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مانا بۇ جىبرىئىل ساڭا سالام ئېيتتى» دېدى. مەن: «ئۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن» دېدىم.

3 ) سالام قىلىشنىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگىتىش: ئۇلاغلىق كىشى پىيادە ماڭغۇچىغا، پىيادە ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا، كىچىك چوڭغا سالام قىلىدۇ.

ئىككى شەيخ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «ئۇلاغقا مىنگۈچى پىيادە ماڭغۇچىغا، ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام قىلىدۇ».

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھنىڭ رىۋايىتىدە: «كىچىك چوڭغا سالام قىلىدۇ دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

4 ) ئەجنەبىيلەرچە سالام قىلىش چەكلىنىدۇ: ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئەمرى ئىبنى شۇئەيب رەھمەھۇللاھتىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «باشقا كىشىلەرگە (ئەجنەبىيلەرگە) ئۆزىنى ئوخشىتىۋالغان كىشىلەر بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئوخشىۋالماڭلار، يەھۇدىيلارنىڭ سالىمى بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىشتۇر، ناسارالارنىڭ سالىمى ئالقان بىلەن ئىشارەت قىلىشتۇر».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ چەكلىشى ئىسلام ئۈممىتىنى مەيلى ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاق ۋە قائىدە-يوسۇندا بولسۇن، مەيلى ئىش-پائالىيەت ۋە ھاياتلىق مەيدانىدىكى ھەرىكەت ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا بولسۇن ۋە ياكى ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنىلىرىدە بولسۇن باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە نامايان قىلىشىنى نەزەردە تۇتقانلىقىدىندۇر.

5 ) ئاتا-ئانا بولغۇچى ئەۋلادلىرىغا ئالدى بىلەن سالام قىلىشى لازىم: تەربىيەتچى پەرزەنتىگە ئۆگىتىش، كۆندۈرۈش، ئادەتلەندۈرۈش، خۇلق-مىجەزىگە يەرلەشتۈرۈش ۋە تۇنجى تەربىيەتچى ئۇستاز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن، پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرە-چەۋرىلىرىگە ئالدى بىلەن سالام قىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۇلارغا سالام قىلاتتى.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا سالام قىلغانلىقىنى ۋە: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇنداق قىلاتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

«مۇسلىم»نىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇششاق باللارنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا سالام قىلدى دېيىلگەن.

«ئەبى داۋۇد»نىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويناۋاتقان باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا سالام قىلدى دېيىلگەن.

«ئىبنى سۇننى»نىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «ھەي باللار! ئاللاھ تەئالانىڭ سالامى سىلەرگە بولسۇن» دېگەنلىكنى بايان قىلىنغان.

6 ) مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە «ۋەئەلەيكۇم» سۆزى بىلەن جاۋاب قايتۇرىلىدۇ: ئىككى شەيخ رەھىمەھۇمەللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرگە ئەھلى كىتاب سالام قىلسا، (ۋەئەلەيكۇم) ( سىلەرگىمۇ شۇ بولسۇن ) دەڭلار» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئۇلارغا — كۇفرى ئەھلىلىرىگە — بالدۇر سالام قىلماسلىقنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا سالامنى بالدۇر قىلماڭلار» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

7 ) بالدۇر سالام قىلىش سۈننەتتۇر، سالام قايتۇرۇش بولسا ۋاجىبتۇر: ئىمام ئىبنى سۇننى رەھىمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى سالامغا جاۋاب قايتۇرغان بولسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق، جاۋاب قايتۇرمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس».

ئىمام تىرمىزى رەھىمەھۇللاھ ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى كىشى تەڭ ئۇچرىشىپ قالسا، ئىككىسىنىڭ قايسى سالامنى ئالدى بىلەن قىلىدۇ؟» دېيىلگەندى، ئۇ: «ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاللاھ تەئالاغا يېقىنراقى» دەپ جاۋاب بەردى.

«ئەبى داۋۇد»نىڭ بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «خالايىقلارنىڭ ئاللاھ تەئالاغا يېقىنراق بولغانلىرى سالامنى بالدۇر قىلغان كىشىلەردۇر» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ يەردە يەنە سالاملىشىش يامان كۆرۈلىدىغان ئايرىم ئەھۋاللار بولۇپ، بۇنى تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە بىلدۈرۈشى كېرەك. مەسىلەن، تاھارەت ئېلىۋاتقان ئادەمگە، مۇنچىخانىدىكى ياكى ھاجەتخانىدىكى ئادەمگە، بىر نەرسە يەۋاتقان ياكى ئىچىۋاتقان ئادەمگە، جەڭ قىلىۋاتقان ئادەمگە، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى، ئاللاھ تەئالانى زىكرى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغۇچى، ھەجدە تەلبىيە ئېيتقۇچى، جۈمە خۇتبىسىگە كىرىشىپ كەتكۈچى، مەسجىدتە ۋەزخانلىق قىلغۇچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغۇچى كىشىلەرگە، فىقھى مەسىلىلەرنى بېكىتىشۋاتقان، دەرس بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ئىلىم تەتقىق قىلىۋاتقان، ئەقلىي ئەمگەك قىلىۋاتقان، پىكىر قىلىۋاتقان، بىرەر نەرسە يېزىۋاتقان، ئەزان-تەكبىر ئوقۇۋاتقان، ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىگە بەند بولۇپ قالغان، ھۆكۈم چىقىرىۋاتقان ياكى مۇشۇ شەكىلدىكى، مۇشۇنداق ھالەتلەردىكى كىشىلەرگە سالام

www.uyghurkitap.com

قىلمىغان ياخشى. ئەگەر بىرەر كىشى سالام قىلىش ياخشى كۆرۈلمەيدىغان مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا سالام قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سالام قىلغۇچى جاۋاب قايتۇرمىسا (ئەلەيكە ياندۇرمىسا) گۇناھكار بولمايدۇ. دېمەك، بۇنداق ئەھۋاللاردا خالىسا جاۋاب قايتۇرىدۇ، خالىسا قايتۇرمايدۇ.

يۇقىرىدىكى دەلىل ـ پاكىتلارغا ئاساسەن بارلىق پەرۋىشچىلەر سالامنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ئۆزلىرى چىڭ تۇتۇش، ئەۋلادلىرىغا ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىجتىمائىي ھاياتلىرىدا، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىدە روياپقا چىقىرىش لازىم.

* * * * *

## 3 ـ ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

ئىجازەت سوراشنىڭ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشكە، ئۇلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشقا تېگىشلىك بولغان بىرقانچە مۇھىم ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بولۇپ، ئاللاھ جەللە ۋەئەلا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، ئاللاھ تەئالا ئايەتلىرىنى (دىنىڭ ئىشلىرىنى) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (58 ـــ 57 :24).

ئاللاھ تەئالا مەزكۇر ئايەتنىڭ تېكىستىدە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنى ئۈچ خىل ئەھۋالدا ئۆز ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قېشىغا كىرگەندىمۇ ئىجازەت سوراپ كىرىشكە بۇيرۇيدۇ:

1 ـ بامدات نامازدىن ئىلگىرى، چۈنكى، كىشىلەر بۇ چاغدا چۈشەكلىرىدە ئۇخلىغان ھالەتتە بولىدۇ.

2 ـ چىڭ چۈش ۋاقتىدا، چۈنكى، كىشىلەر بۇ چاغدا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئەھلى بىلەن ئارام ئېلىۋاتقان بولىدۇ.

3 ـ خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، چۈنكى، بۇ ئۇخلايدىغان ۋە ئارام ئالىدىغان ۋاقىتتۇر.

ئىجازەت سوراشنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل ۋاقىتتا يولغا قويۇلۇشى ئەر ياكى ئايال پەرزەنتلىرىدىن بىرەرسىنىڭ

ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما، بالىلار بالاغەت يېشىغا يەتكەندە، ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا، مۇشۇ ئۈچ تۈرلۈك ۋاقىتتا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ھەرقاچان چوڭلاردىن ئىجازەت سورايدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ: «كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك ئۆيگە كىرىشتە (ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن» (24:59).

بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ قاراتمىلىرى ئۈستىدە كىچىككىنە پىكىر قىلساق، ئىسلام دىنىنىڭ پەرزەنتلەرنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە، مەسلەك ۋە ئەخلاق جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. ئەگەر پەرزەنتلەر مۇشۇ تەربىيەگە مۇيەسسەر بولالىسا، كەلگۈسىدە يىگىتلىككە قەدەم قويغاندا ئۆزىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدا، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە ئۆلچەمدە مۇكەممەل ئىنسانىنىڭ جانلىق ئۆلگىسىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

ئىجازەت سوراشنىڭ يۇقىرىدىكىدىن باشقا تۆۋەندىكىدە ئەدەپ قائىدىلىرى بار:

1) ئالدى بىلەن سالام قىلىش، ئاندىن ئىجازەت سوراش: ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىرىشتە ئىجازەت سورىدى ۋە: «كىرەيمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ چاغدا ئۆيدە بولۇپ خىزمەتچىگە: «سىز چىقىپ بۇنىڭغا ئىجازەت سوراشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭغا دەڭ: ئاۋۋال سالام قىلسۇن، ئاندىن كىرەيمۇ؟ دېسۇن» دېدى. ھېلىقى ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كىرىشكە ئىجازەت بەردى، ئاندىن ئۇ كىردى.

2) ئىجازەت سورىغاندا ئىسمىنى، ياكى سۈپىتىنى، ياكى تەخەللۇسىنى ئېنىق دېيىش لازىم: «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»نىڭ ئىسرا ۋە مىئراج ھەققىدىكى مەشھۇر رىۋايىتىدە مۇنداق كېلىدۇ: شۇنىڭدىن كېيىن جىبرىئىل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆرلىدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى (دەرۋازىنى چەكتى)، ئۇنىڭغا: «بۇ كىم؟» دېيىلدى، ئۇ: «جىبرىئىل» دەپ جاۋاب قايتۇردى. «سەن بىلەن ئۆرلىگەن كىم؟» دېيىلدى، ئۇ: «مۇھەممەد» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ مېنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئاسمانلارغا ئۆرلەتتى، ھەر ئاسماننىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە: «بۇ كىم؟» دېيىلدى، ئۇ: «جىبرىئىل» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىككى سەھىھ كىتابتا («سەھىھ بۇخارى» بىلەن «سەھىھ مۇسلىم»دا) ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە باغلىرىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئىجازەت سورىدى. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىجازەت سورىغان كىم؟» دېگەنىدى، «ئەبۇ بەكرى» دېگەن جاۋاب كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئىجازەت سورىدى. «ئىجازەت سورىغان كىم؟» دېيىلگەنىدى،

«ئۆمەر» دېگەن جاۋاب كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى ۋە يۇقىرىقىدەك سوئال-جاۋابلار بولدى.

مەزكۇر ئىككى كىتابتا يەنە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم ۋە ئىشىكنى قاقتىم. «كىم بۇ؟» دەپ سورالدى. مەن: «مەن» دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گويا «مەن» دېگەن جاۋابنى يامان كۆرگەندەك قىلىپ: «مەن، مەن ...» دەپ غۇدىردى.

3 ) ئىجازەت سوراش ئۈچ مەرتەم بولۇشى كېرەك: مەزكۇر ئىككى كىتابتا ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىجازەت سوراش ئۈچ قېتىمدۇر، ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە كىرىش، ئىجازەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىش كېرەك. بىرىنچى قېتىملىق ئىجازەت سوراش بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق ئىجازەت سوراش ئارىلىقىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغۇدەك مىقداردا كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك. چۈنكى، ئىجازەت سورالغان كىشى ئېھتىمال ناماز ئوقۇۋاتقان ياكى ھاجەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن.

4 ) ئىشىكنى قوپاللىق بىلەن قاقماسلىق: بولۇپمۇ ئۆي ئىگىسى ئىجازەت سورىغۇچىنىڭ دادىسى، ئۇستازى ۋەياكى پەزىلەت ئىگىسى بولسا تېخىمۇ شۇنداق.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابتا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكلىرى بارماقلار بىلەن چېكىلەتتى.

نەمۇنىچى ئاتا-بوۋىلار شەيخلىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى تىرناقلىرى بىلەن چېكەتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئېھتىرامنى ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

ئۆيى دەرۋازىلىرىغا يېقىن كىشىلەرگە قارىتا مۇشۇنداق قىلغان ياخشى، ئەمما دەرۋازىسى ئۆيىدىن يىراق بولسا، مەقسەت ھاسىل بولغۇدەك دەرىجىدە قاقسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۈگۈنكى كۈندە كۆپ ساندىكى ئىشىكلەرگە قوڭغۇراق ئورنىتىلاشتۇرۇلغان. ئۇنى قاتتىق ياكى بوش ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

ئىشىك چەككۈچى ئىشىكنى يەڭگىللىك ۋە لاتاپەت بىلەن قېقىشى، ئۆزىنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئېسىل، ئەخلاقلىق، مۇئامىلىسى گۈزەل، مەدەنىيەت ساپاسى بار كىشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىشى لازىم.

5 ) ئىجازەت سورىغاندا دەرۋازا ئالدىدىن بىر تەرەپكە يۆتكىلىش: ئىشىك ئېچىلغاندا يات ئاياللارغا كۆزى چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا ئۇدۇل تۇرماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئىجازەت سوراش تۇيۇقسىز كۆرۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «ئىجازەت سوراش كۆزنىڭ جەھىتىدىندۇر».

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ:

مـەن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئۆيلەرگـە دەرۋازا تەرەپتىـن ئـۇدۇل كەلمـەڭلار، لېكـن يـان تەرەپلەردىـن كىلىـڭلار، كىرىشكە ئىجازەت سوراڭلار، ئەگـەر ئىجازەت بېرىلسـە كىرىـڭلار، بېرىلمسـە قايتىـپ كېتىڭلار» دېگەنلىكىنـى ئاڭلىغانىدىم.

ئىمام ئەبـۇ داۋۇد رەھمەھۇلـلاھ مۇنـۇ ھەدىسنى رىۋايـەت قىلـدۇ: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم بىـر قەۋمنىـڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلسـە، دەرۋازىغا يۈزمۇيـۈز قـاراپ تۇرمايتتى، لېكـن ئـوڭ تـەرەپ ياكى سـول تـەرەپ تۆۋرۈكى تەرەپتـە تۇراتتى ۋە: «ئەسسـالامۇ ئەلەيكـۇم» دەيتتى.

ئىككى سـەھىھ كىتابتـا ئەبـۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكى رىۋايـەت قىلىنغـان: «ھەرقانـداق بىـر ناتونـۇش ئـادەم بىـر كىشـىنىڭ ئۆيىگـە قارىغان بولسـا، شـۇ ئۆيدىكىلەرگـە ئـۇ ئادەمنىـڭ كۆزىنـى قويۇۋېتـش ھـالال بولـدۇ».

ئىمام نەسـەئى رەھمەھۇلـلاھ رىۋايـەت قىلغـان ھەدىسـتە، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «بىر كىشى بىـر قەۋمنىـڭ ئۆيىگـە ( يوچـۇق ياكى تۆشـۈكتىن ) قارىغـان بولسـا، ئـۇ كىشـلەر ئـۇ ئادەمنىـڭ كۆزىنى كـور قىلىۋەتسـە، ئۇلاردىـن قىسـاس ئېلىـش يـوق ۋە دىيـەت تۆلـەپ بېرىشـمۇ يـوق» دېگەنلىكى بايـان قىلىنغـان.

6 ) ئـۆي ئىگىسـى «قايتىـپ كېتىـڭ» دېسـە، قايتىـپ كېتىـش لازىـم: بـۇ ھەقتـە ئالـلاھ تەئـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـى مۆئمىنلـەر! باشـقىلارنىڭ ئۆيلىرىگـە ( كىرىشـكە ) ئىجـازەت سـورىمىغىچە ۋە ئـۆي ئىگىسـىگە سـالام بەرمىگىچـە كىرمـەڭلار، ۋەز ـ نەسـىھەت ئېلىشـڭلار ( يەنـى بـۇ گـۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەپكـە ئەمـەل قىلىشـڭلار ) ئۈچـۈن بـۇ ( يەنـى ئىجـازەت سـوراپ ۋە سـالام بېرىـپ كىرىـش ئۈشـتۈمتۇت كىرىشـتىن ) سـىلەرگە ياخشـىدۇر. ئەگـەر باشـقىلارنىڭ ئۆيلىرىـدە ھېـچ ئـادەم بولمىسـا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچـە كىرمـەڭلار، ئەگـەر سـىلەرگە قايتىـڭلار دېيىلسـە قايتىـپ كېتىـڭلار، قايتىـپ كېتىـش سـىلەر ئۈچـۈن ئـەڭ ياخشـىدۇر، ئالـلاھ تەئـالا سـىلەرنىڭ قىلىدىغـان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىـپ تۇرغۇچـىدۇر» ( 28 ـــ 27: 24 ).

ئىجـازەت سـورىغۇچى قايتىشـتا ئالـلاھ تەئالانىـڭ ئەمرىگـە بويسـۇنۇش يۈزىسـىدىن كۆڭلـىدە سـىقىلىش ۋە تۆۋەنچىلىـك ھېـس قىلماسـلىقى كېـرەك.

قەتـادە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: مۇھاجىرلارنىـڭ بەزىسـى: «مـەن پۈتـۈن ھاياتىمـدا مۇشـۇ ئايەتنى رىئاللىققـا چىقىرىشنى ئىزدىدىـم، لېكـن تاپالمىدىـم. ئەگـەر قېرىنداشـلىرىمدىن ئىجـازەت سـورىغان ۋاقتىمدا بىرەرسى: ‹قايتىـپ كېتىـڭ› دېگـەن بولسـا، خۇشـاللىق بىلـەن قايتىـپ كېتەتتىـم» دېگـەن.

مانـا بـۇلار ئىسـلامنىڭ ئىجازەت سـوراش ئەدەپلىـرى توغرىسـىدا بەلگىلىگـەن قائىدىلىـرى بولـۇپ، بـۇ قائىدىگـە ئالـدى بىلـەن تەربىيەتچىلـەر ئۆزلـىرى ئەمـەل قىلىشـى، ئاندىـن ئەۋلادلىرىغـا ئۆگىتىشـى ۋە ئۇلارنىـڭ ئىجتىمائىـي تۇرمۇشـى ۋە كىشـىلىك مۇناسـىۋىتىدە رىئاللىققـا ئايلاندۇرۇشـىغا ئەھمىيـەت بېرىشـى لازىـم.

* * * * *

www.uyghurkitap.com

## 4 ـ سورۇننىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

سـورۇننىڭ تەربىيەتچىلـەر پەرزەنتلەرگـە بىلدۈرۈشكە ۋە ئۇلارنـىڭ رېئاللىقـدا كۆرستىشكـە تېگىشلىك بولغـان بىـر بۆلـۈك ئەدەپ ـ قائىدىلـرى بـار:

1 ) سـورۇندا ئۇچراشـقان كىشـلەر بىلـەن قـول ئېلىشـىپ كۆرۈشـۈش: ئىمـام ئىبنـى سـۈننى ۋە ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد رەھىمەھۇمەللاھـلار پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «ئىككـى مۇسـۇلمان بىر ـ بىـرى بىلـەن ئۇچراشـقاندا قـول ئېلىشـىپ كۆرۈشـكەن، ئاللـاھ تەئالاغـا مەدھىيـە ئېيتقـان ۋە گۇناھلىرىنـىڭ مەغپىرەتلىكنـى تىلـگەن بولسـا، ئاللـاھ تەئـالا ئـۇ ئىككىسـىنىڭ گۇناھلىرىنـى مەغپـىرەت قىلـدۇ».

ئىمـام تىرمىـزى ۋە ئىمـام ئىبنـى ماجـە رەھىمەھۇمەللاھـلار بـەرائ ئىبنـى مالـك رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلغـان ھەدىستە، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «بىر ـ بىـرى بىلـەن ئۇچراشـقاندا قـول ئېلىشـىپ كۆرۈشـدىغان ئىككـى مۇسـۇلمان بولمـاس، ئەگـەر بولسـا ئىككىسـى ئايرىلـىپ كېتىشـتىن ئىلگـرى ئـۇ ئىككىسـىنىڭ گۇناھلـرى مەغپـىرەت قىلىنـدۇ» دېگەنلىكـى بايـان قىلىنغـان.

ئىمـام مالـك رەھىمەھۇلـلاھ «مۇۋەتتـا» ناملىـق كىتابـدا ئەتائـۇل خۇراسـانى رەھىمەھۇللاھتـىن مۇنـۇ ھەدىسـنى رىۋايـەت قىلـدۇ: ئـۇ: «مـاڭا رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: ‹قـول ئېلىشـىپ كۆرۈشـۈڭلار، ئـۇ ئۆچمەنلىكنـى كەتكۈزىـدۇ؛ ئۆزئـارا ھەدىيـە بېرىشـىڭلار، بـۇ سىلەرنى ئۆزئـارا دوست ـ ئاغىنە قىلـدۇ ۋە ئاداۋەتنـى كەتكۈزىـدۇ› دېگـەن» دەيـدۇ.

2 ) ئـۆي ئىگىسـى بەلگىلـەپ بەرگـەن ئورۇنـدا ئولتـۇرۇش: ئـۆي ئىگىسـى مېھمىنىنـى قەيـەردە ئولتۇرسـا بولىدىغانلىقنـى ئوبـدان بىلگەنلىكـى ئۈچۈن، مېھمان ساھىبخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشـىغا بويسـۇنۇشـى كېرەك. ساھىبخان بۇنىڭغـا ھەقلىقتـۇر. قەدىمكىلەرنىـڭ «مەككـە ئەھلـى ئۇنـىڭ جىلغىلىرىنـى ئـەڭ ئوبـدان بىلـدۇ» دەيدىغـان سـۆزى بـار. ھازىرقـلار بولسـا «ئـۆي ئىگىسـى ئۆزنـىڭ ئۆيىنـى ئـەڭ ئوبـدان بىلدۇ» دېيىشـدۇ. بـۇ ئورۇنلاشـتۇرۇش ئاللاھ تەئالانـىڭ «ئەگـەر باشـقىلارنىڭ ئۆيلىرىـدە ھېـچ ئـادەم بولمىسـا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچـە كىرمـەڭلار. ئەگـەر سىلەرگە قايتىـڭلار دېيىلسـە قايتىـپ كېتىـڭلار. قايتىـپ كېتىـش سـىلەر ئۈچـۈن ئـەڭ ياخشـىدۇر» ( 28 :24 ) دېگـەن سـۆزىگە ئۇيغۇنـدۇر.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «بـىر قەۋمنىـڭ ھويلىسـىغا كىرگـەن كىشـى ئـۇلار بۇيرىغـان ئورۇنـدا ئولتۇرسـۇن، چۈنكـى، قـەۋم ئـۆز ھويلىسـىنىڭ ئەۋرىتىنـى ئـەڭ ئوبـدان بىلـدۇ» دېگـەن.

3 ) كىشـلەرنىڭ قاتارىـدا ئولتـۇرۇش، ئوتتۇرىـدا ئولتۇرماسـلىق: بۇمـۇ بىـر ئېسـىل ئەدەپ ـ ئەخـلاق. چۈنكـى، كىشـلەرنىڭ ئوتتۇرىسـدا ئولتۇرغانـدا بىـر بۆلـۈك كىشـلەرگە دۈمبىسـنى قىلـىپ ئولتۇرۇشـقا توغـرا كېلـىپ قالـدۇ. شـۇ سـەۋەبتىن ئـۇ كىشـلەرنىڭ كۆڭلـى رەنجىـپ قالـدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇ كىشـگە لەنـەت ئوقۇيـدۇ ۋە ئېچـدە تىللايدۇ.

ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد رەھىمەھۇلـلاھ ھۇزەيفـە ئىبنـى يەمانـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلغـان بىر ھەدىستە، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «يۇمـلاق ( ھالقـا شـەكىللىك ) ئولتۇرۇشـتا، ئوتتۇرىـدا ئولتۇرغـان

ئـادەم مەلئۇنـدۇر» دېگەنلىكى بايـان قىلىنغـان.

ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇلـلاھ ئەبى مەجلـەز رەھمەھۇللاھتـىن مۇنـۇ ھەدىسنى رىۋايـەت قىلـدۇ: بىـر ئـادەم يۇمىلاق شـەكىللىك سورۇننىڭ ئوتتۇرىسـىدا ئولتۇرۇۋىـدى، ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «ھەلقىنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا ئولتۇرغـان بـۇ ئـادەم مۇھەممـەد سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ سـۆزىگە ئاساسـەن مەلئۇنـدۇر» دېـدى.

بـۇ ئولتـۇرۇش ئـازادە ۋە كەڭتاشا سـورۇنغا قارىتىلغـان. ئەمما، سورۇن كىچىـك ۋە تارچىلىـق بولغانلىقتىـن كىشىلەر ھەلقىنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا ئولتۇرۇشـقىمۇ مەجبـۇر بولـۇپ قالغـان ئەھۋالـدا، بۇنـداق ئولتۇرۇشتا بىـرەر گۇنـاھ ھـەم سـىقىلىش يوقتـۇر. چۈنكى، ئاللاھ تەئـالا: «سىلەرگە دىنـدا ھېچقانـداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىـدى» ( 22:78 ) دېگەن.

4 ) ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا رۇخسەتسىز ئولتۇرماسلىق: ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇمەللاھلار ئەمرى ئىبنى شـۇئەيب رەھمەھۇللاھتـىن، ئـۇ دادىسـىدىن، ئـۇ بوۋىسـىدىن مۇنـۇ ھەدىسنى رىۋايـەت قىلـدۇ: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «بىـر ئادەمگـە رۇخسەتسـىز ھالـدا ئىككـى ئادەمنىـڭ ئوتتۇرىسـىنى ئايرىۋېتىـش ھـالال بولمايـدۇ» دېگـەن.

«ئەبـى داۋۇد»نىـڭ رىۋايىتـىدە يەنـە «ئىككـى ئـادەم ئوتتۇرىسـىدا ئـۇ ئىككىسـىنىڭ رۇخستىسـىز ئولتۇرۇشـقا بولمايـدۇ» دېگـەن دەپمـۇ كېلىـدۇ.

5 ) كېيىـن كەلگـەن ئـادەم بىكار يـەردە ئولتـۇرۇش: ئىمام ئەبـۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار جابىـر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى رەھمەھۇللاھنىـڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ قېشىغا كەلسـەك، ئارىمىزدىـن ھەربىـر كىشى قەيـەر بىكار بولسا شـۇ يـەردە ئولتۇراتتى ياكى كەلگـەن يېرىـدە ئولتۇراتتى.

بـۇ ھەدىـس كەلگـەن كىشىنىڭ ئادەتتىكى ئادەملىكىگـە قارىتىلغـان، ئەمما كەلگۈچى ئىلىملىك كىشى بولسا ياكى ھۆرمىتى، ئورنى ۋە مەرتىۋىسى بـار كىشى بولسا، سورۇنغا ھازىـر بولغـان كىشىلەر ياكى ئـۆي ئىگىسى تەرەپتىـن مۇناسـىپ ئورۇنغـا ئورۇنلاشتۇرۇلسا بولـىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «كىشىـلەرنى ئۆزىگـە مۇناسـىپ ئورۇنغـا قويـۇڭلار» دېگـەن.

يۇقىرىـدا ئابدۇلقەيـس ئەلچىلـىرى توغرىلـىق كەلگـەن ھەدىـس ئۆتتى. ئۇنىڭدا ئۇلارنىـڭ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ھوزۇرىغـا كەلگەنـدە ساھابىلەرنىڭ ئۇلارنى قىزغىـن قارشى ئالغانلىقى، ئـورۇن بوشـىتىپ ۋە يول ئېچىپ سـورۇننى كېڭەيتىپ بەرگەنلىكى، ئۇلارنىـڭ باشـلىقى مۇنزىـر ئىبنى ئائىزنى پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ ئـۆز يېنىـدا ئولتۇرغۇزغانلىقى قاتارلىـق ئەھۋالـلار بايـان قىلىنغـان.

6 ) ئـۈچ ئـادەم بـار سـورۇندا ئىككـى ئـادەم قـۇلاق يېقىـپ پىچىرلاشماسـلىق لازىـم: ئىككـى شـەيخ رەھمەھۇمەللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان بىـر ھەدىسـتە، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئـۈچ ئـادەم بولسـاڭلار، بىـر ئادەمنـى ئايرىـپ قويـۇپ ئىككـى ئـادەم پىچىرلاشمىسـۇن، چۈنكـى بـۇ ئىـش ئايرىلىـپ قالغـان

ئادەمنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىنغان.

بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئۈچ ئادەم بار يەردە ئىككى ئادەمنىڭ ئايرىم پاراڭلىشىشى ئايرىلىپ قالغان شەخسنى گۇمانغا تاشلايدۇ، كۆزگە ئىلىنمىغانلىقى ۋە پەرۋاسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن قايغۇغا مۇپتىلا قىلىدۇ.

ئەمما، ئۈچتىن كۆپ ئادەملەر بار يەردە ئىككى ئادەم قۇلاق يېقىپ پىچىرلاشسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش بىرەر گۇمان قوزغىمايدۇ.

7 ) بىرەر ھاجەت ئۈچۈن سورۇندىن چىقىپ كەتكەن ئادەم قايتىپ كەلگەندە ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر: ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ كەتكەن بولسا، ئاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇشقا ئەڭ ھەقلىق» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

8 ) قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن سورۇندىكىلەردىن ئىجازەت سوراش لازىم: ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىجازەت سوراش كۆزنىڭ جەھىتىدىندۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مانا بۇ ھەدىس كىرىشتە ئىجازەت سوراشنى ئۆز قېتىغا ئالغاندەك، قايتىشتا ئىجازەت سوراشنىمۇ ھەم ئۆز قېتىغا ئالىدۇ.

مانا بۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش، يۈز-ئابرۇيى ۋە ئار-نومۇس ھۆرمەتلىرىنى ساقلاشتا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قىزىققان ئىشلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى نىشانىدۇر.

9 ) سورۇننىڭ كەپپارەت دۇئاسىنى ئوقۇش لازىم: ئىمام ھاكىم رەھمەھۇللاھ ئەبى بەرزەتەل ئەسلەمي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورۇندىن قوپماقچى بولغاندا: «ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن بىرگە، سېنى بارچە ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن، سەندىن باشقا ئىلاھ-مەئبۇد ۋە ھۆكۈمران يوقتۇر، گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىشىڭنى تىلەيمەن، گۇناھلىرىم ئۈچۈن ساڭا تەۋبە قىلىمەن» دەيتتى. بىر ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قېتىم بۇرۇنقى مەجلىسلەردە دېمىگەن سۆزلەرنى دېدىڭغۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئۇ: «مانا مۇشۇ دۇئا سورۇندا ئۆتۈلۈپ قالغان گۇناھلارغا كەپپارەتتۇر» دېدى.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! مانا بۇلار سورۇن ئەدەپلىرى توغرىلىق ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن قائىدىلەردۇر. بۇنى ئالدى بىلەن سىلەر چىڭ تۇتۇشۇڭلار كېرەك، ئاندىن ئەۋلادلىرىڭلارغا ئۆگىتىشىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە روياپقا چىقىرىشىڭلار لازىم.

*　*　*　*　*



www.uyghurkitap.com

## 5 - سۆزلەشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

پەرۋىشكارلار ئەھمىيەت بېرىشكە، پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئادەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ئىجتىمائىي ئەدەپ- قائىدىلەرنىڭ بىرى سۆزلەش، گەپ- سۆز ئۇسلۇبى ۋە دىئالوگ ئۇسلۇبىدىكى ئەدەپ- قائىدىلەردۇر.

پەرزەنتىڭىز يوغىنىغان ۋە بالاغەت يېشىغا يەتكەندە كىشىلەرگە قانداق سۆزلەش، قانداق ئۇسلۇبتا ئاڭلاش، ئۇلار بىلەن قانداق ئۇسلۇبتا دىئالوگ ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى قانداق ئۇسلۇبلار ئارقىلىق خۇشال قىلىشنى بىلمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلىرىڭىزگە كىچىكىدىن باشلاپ بۇ جەھەتتىكى ئەدەپ- قائىدىلەرنى ئۆگەتمىسىڭىز بولمايدۇ.

تەربىيەتچىلەر ئوچۇق كۆرۈۋېلىشى، ئۇلارغا پەند- نەسىھەت بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندە گەپ- سۆزدىكى ئەدەپ- قائىدىلەرنىڭ جۈملىلىرى ئىچىدىن بىر جۈملىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ) پاساھەتلىك، ئورتاق ۋە ئالاھىدە ئەرەب تىلىدا سۆزلەش: ئەرەب تىلى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلى، تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بولغان ساھابە كىراملارنىڭ تىلى ۋە ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەگەشكەنلەرنىڭ تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، سۆزلىگەندە ساپ ئەرەب تىلىدا پاساھەتلىك سۆزلەش لازىم.

بۇ تىلنى ئۆزگەرتىش، قالايمىقان لەھجە ۋە شىۋە پەيدا قىلىش، ئەرەبىزىم بىلەن رىشتە- مۇناسىۋىتى ۋە چېتىشلىقى يوق، ئاممىۋىي پوسۇندىكى تىل بىلەن سۆزلىشىش، كلاسسىك ئەرەب تىلىنى ئۇنتۇش، مانا بۇ ئەرەب تىلىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭغا تانغانلىقتۇر.

تىل پاساھىتى ئىنسان زىننىتىدۇر، مەنتىقە شېرىنلىكى ئەرنىڭ جامالىدۇر.

ئىمام ھاكىم رەھمەھۇللاھ «مۇستەدرەك» ناملىق كىتابىدا ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى تون، ئىككى ئۆرەم چاچ بار بولۇپ، تولىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاپئاق يۈزلۈك ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى نېمە كۈلدۈردى؟ ئاللاھ تەئالا سېنىڭ چىشلىرىڭنى مەڭگۈ كۈلدۈرسۇن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنى پەيغەمبەر تاغىسىنىڭ جامالى ئەجەبلەندۈردى» دېدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «گۈزەللىك — جامال دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىد، ئۇ: «تىل» دېدى.

ئىمام ئەسكەرى رەھمەھۇللاھنىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئەر كىشىدىكى گۈزەللىك نېمىدۇر؟» دەپ سورالغاندا، ئۇنىڭ: «تىل پاساھىتىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئىمام شىرازى ۋە ئىمام دەيلەمى رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بىرىنى كۆرۈپ باقمىدۇق» دېگەنىدۇق، ئۇ: «ئاللاھ تەئالا مېنى چۈشىنىكسىز سۆزلەيدىغان قىلىپ ياراتمىدى، ئاللاھ تەئالا ماڭا سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان كىتابى «قۇرئان كەرىم»نى ئاتا قىلدى» دېدى.

2 ) سۆزلەش جەريانىدا توختىلىپ-توختىلىپ سۆزلەش لازىم: سۆزلەشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بىرى ئاڭلىغۇچىلار مەقسەت-مۇرادنى چۈشىنەلىگۈدەك، سورۇندىكى كىشىلەر سۆزنىڭ جەۋھىرىنى ئويلىيالىغۇدەك، ئېسىدە ساقلىيالىغۇدەك دەرىجىدە ئاستا ۋە دانە-دانە توختىلىپ سۆزلەش لازىم.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىگە ئۆگىتىش ئۈچۈن دەل شۇنداق قىلاتتى.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەردەك ۋىچىر-ۋىچىر سۆزلىمەيتتى، ئۇ سۆزلىگەندە بىرەر ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى ساناپ باقاي دېسە، ئەلۋەتتە سانىيالايتتى.

«ئىسمائىلى»نىڭ رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى قەلبلەر چۈشىنەلىگۈدەك رەۋىشتە چۈشىنىشلىك ئىدى دېيىلگەن.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى چۈشىنەلىگۈدەك مۇپەسسەل ئىدى.

3 ) سۆزلەشتە تەكەللۇپ ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ: گەپ قىلغاندا ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش ۋە پاساھەتلىك تىلدا تەكەللۇپ قىلىشتىن ساقلىنىش سۆزلەش ئەدەپلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تىلىنى كالا مىدىرلاتقاندەك مىدىرلىتىدىغان، سۆزنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىدىغان[1] ئەرلەرنى ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن ئۆچ كۆرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىككى سەھىھ كىتابتا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەپ قىلغاندا چۈشىنىشلىك بولغانغا قەدەر بىر گەپنى ئۈچ قېتىم قايتىلايتتى، بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۈچ قېتىم سالام قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى زېرىكىپ قالغۇدەك ئۇزۇنمۇ ئەمەس، چۈشىنەلمىگۈدەك قىسقىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆپتۈرۈپ سۆزلەشنى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشنى، گەپدانلىقنى ۋە تەكەللۇپ بىلەن سۆزلەشنى يامان كۆرەتتى.

4 ) كىشىلەرنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىگە ۋە چۈشىنىش قۇۋۋىتىگە قارىتا سۆزلەش لازىم: سۆزلەش قائىدە-يوسۇنلىرىنىڭ بىرى، سۆزلىگۈچى سورۇندىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا، ئاڭ سەۋىيىسىگە، ئەقلىي قۇۋۋىتىگە ۋە ياش پەرقىگە

---

(1) «نەھايەت» ناملىق كىتابتا «گەپدانلىق قىلىدىغان، سۆزمەنلىك قىلىدىغان، تىلىنى چوڭقايتىدىغان، تىل چىشلەيدىغان، كالا ئوت-چۆپ يېگەندە تىلىنى ئۇياق-بۇياققا مىدىرلاتقاندەك تىلىنى مىدىرلىتىدىغان كىشىلەر» دېيىلگەن.

ئۇيغۇن هالدا سۆزلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرىنىڭ مىقدارىغا بېقىپ سۆزلەشكە بۇيرۇلدۇق».

«سەھىھ بۇخارى»دا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزى بايان قىلىنغان: «كىشىلەرگە ئاڭقىرالايدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەڭلار، سىلەر ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟».

«سەھىھ مۇسلىم»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزى بايان قىلىنغان: «سەن بىر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك سۆزلەرنى سۆزلىسەڭ، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە پىتنە بولۇشتىن باشقا ئىش قىلمىغان بولىسەن».

ئىمام دەيلەمى رەھىمەھۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر مەرفۇئ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۈممىتىمگە ھەدىسلىرىمدىن ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى كۆتۈرەلمەيدىغانلىرىنى سۆزلەپ بەرمەڭلار، ئۇلارغا پىتنە بولۇپ قالىدۇ» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

5 ) زېرىكتۈرۈپ قويغۇدەك ئۇزارتىۋەتمەسلىك، تېرىكتۈرۈپ قويغۇدەك قىسقارتىۋەتمەسلىك لازىم: سۆزلەشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ يەنە بىرى، سۆزگە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىشتۇر. بۇ دېگەنلىك سۆز زىيادە قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇقتۇرۇماقچى بولغان مەقسەت تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن، ئۇزۇن بولغانلىقتىن ئاڭلىغۇچى زېرىكىپ ۋە ھېرىپ-چارچاپ قالمىسۇن، بەلكى سۆز ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىدە روشەن ئورۇنلاشسۇن، قەلبلىرىگە ئىشتىياق باغلاتسۇن، ئاڭلىغۇسى كېلىپ تۇرسۇن دېگەنلىكتۇر.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتۇم، ئۇنىڭ نامىزى نورمال ئىدى، ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىمۇ ئوتتۇرىھال ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇمەللاھلار ھەكەم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جۈمە نامىزىغا ھازىر بولدۇم. ئۇ ھاسا ياكى نەيزىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۆرە ھالەتتە خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى، ئاندىن تەبلىغ قىلدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك يەڭگىل، شۇنچىلىك خۇشبۇي ۋە شۇنچىلىك بەرىكەتلىك ئىدى.

ئىككى سەھىھ كىتابتا مۇنۇ رىۋايەت نەقىل قىلىنغان: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىر كىشى ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ئابدىراھمان ئەگەر ياخشى كۆرسەڭ ھەر كۈنى سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ» دېۋىدى، ئۇ: «مېنى شۇنداق قىلىشتىن سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشنى يامان كۆرگەنلىكىم مەنئىي قىلىدۇ. بولمىسا مەن سىلەرگە ۋەز-نەسىھەتتە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى خالايمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىزنى چارچىتىپ ۋە زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى» دېدى.

www.uyghurkitap.com

ۋەز ـ نەسىھەت، تەبلىغ ـ تەشۋىقات ۋە لېكسىيە ـ نۇتۇقلارغا ياخشى شېئىر ۋە ھېكمەتلىك ھېكايە ـ چۆچەكلەر ئارىلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بەدەنلەرنىڭ چارچىغىنىغا ئوخشاش، قەلبلەرمۇ چارچايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىزىق ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى تەلەپ قىلىڭلار» دېگەن.

6 ) سۆزلىگۈچىگە پۈتۈنلەي دىققەت قىلىش: نۇتۇق سورۇنىدىكى ئەدەپلەرنىڭ يەنە بىرى، دېگەن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلاش، مېڭىگە قاچىلىۋېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىش ۋە ئاڭلىق ھالدا تىڭشاشتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەندە ساھابىلەر ئۇ زاتقا دەرىجىدىن تاشقىرى ھۆرمەتتە بولغانلىقى، ئۇنىڭ سۆزىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خۇددى باشلىرىغا قۇش قونغان ئادەملەردەك تۇرۇپ تىڭشايتتى.

شۇڭلىدەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ ئۆزىگە گەپ قىلغان ياكى سوئال سورىغان ئادەمگە پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى بېرەتتى ۋە گەپ ـ سۆزنى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى. بەلكى، پۈتۈنلەي شۇ كىشىگە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇراتتى، كۆيۈنەتتى، مېھىر ـ شەپقەت قىلاتتى، خۇش چىراي ھالدا كۈلۈمسىرەيتتى ياكى ئۇ كىشىنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن بىئارام بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن قۇلىقىغا پىچىرلىغاندا بېشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېگىپ بەرگەندەك ئېگىپ بېرىدىغان كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىرەر كىشى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ گەپ قىلسا، ئۇ ئادەم ئۆزى بېشىنى كۆتۈرمىگۈچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشكەندىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك كۆرۈشىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ بىراۋ بىلەن ياكى بىراۋ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، قارشى تەرەپ قولنى تارتىۋالمىغۇچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولنى تارتىۋالمايتتى، بەلكى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

7 ) سۆزلىگۈچى ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش يۈزلىنىشى لازىم: سۆزلەشتىكى ئەدەپلەرنىڭ يەنە بىرى، سۆزلىگۈچىنىڭ ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە تەكشى نەزەر سېلىشى، ئورتاق يۈزلىنىشى، ھەربىر شەخسكە خۇددى ئۇنى مەقسەت قىلغاندەك، مەخسۇس ئۇنىڭغا سۆزلىگەندەك ھېس ـ تۇيغۇغا ئىگە قىلىشتۇر.

ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ ئەڭ ياخشى ئىسناد بىلەن ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورۇندا سۆزلىگەندە ئۆزىنىڭ چىرايى ۋە سۆزى بىلەن قەۋمنىڭ ئەڭ ياۋۇزىغا يۈزلىنەتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىگە ئەل قىلىۋالاتتى. بىر كۈنى ئۇ چىرايى ۋە سۆزى بىلەن ماڭا يۈزلەندى، ھەتتاكى مەن ئۆزۈمنى قەۋمنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن سورىدىم: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ياخشىمۇ، ئەبۇ بەكرىمۇ؟»، ئۇ: «ئەبۇ بەكرى» دېدى. ئاندىن يەنە: «مەن ياخشىمۇ، ئۆمەرمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «ئۆمەر ياخشى» دېدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ياخشىمۇ، ئوسمانمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «ئوسمان ياخشى»

دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ سوئاللارنى سورىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ مەندىن يۈز ئۆرۈپ باشقا تەرەپكە بۇرالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇنداق سوئال سورىمىسام بوپتىكەن دەپ ئويلىدىم.

8) سۆزلەش جەريانىدا بولسۇن ياكى سۆزلىگەندىن كېيىن بولسۇن، سورۇندىكىلەرگە ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇش لازىم: سۆزلەشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ يەنە بىرى، سۆزلىگۈچى سۆزلەش جەريانىدا بولسۇن ياكى سۆزلىگەندىن كېيىن بولسۇن، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى ياخشى ساقلاش، دەرىجىدىن تاشقىرى سۈر-ھەيۋە پەيدا قىلماسلىق، ئاڭلىغۇچىلارغا زېرىكىشلىك تۇيغۇسى بېرىپ قويماسلىق، چارچىتىپ قويماسلىق ھەمدە كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلب قىلىش ئۈچۈن ئېچىلىپ-يېيىلىپ، قورۇنماي خۇشال كەيپىياتتا سۆزلەشتۇر.

ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ئۇممۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ دەرداﺋ كىشىلەرگە سۆزلىسە تەبەسسۇم ئىلكىدە سۆزلەيتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا دېدىم: «دادىسى! كىشىلەرگە بۇنداق تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىمىسىلە، سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار سىلىنى ئەخمەق ئادەمكەن دېيىشىدۇ». ئۇ سۆزۈمگە جاۋابەن: «مەن گەپ قىلغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدىغان كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم ياكى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم» دېدى. دېمەك، ئەبۇ دەرداﺋ سۆزلىگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئادىتىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن تەبەسسۇم ئىلكىدە سۆزلەيتتى.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ سىماك ئىبنى ھەرب رەھمەھۇللاھتىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەممەجلىس بولۇپ ئولتۇرۇپ باققانمۇ؟» دېدىم. ئۇ: «ھەئە، نۇرغۇن قېتىم بىللە ئولتۇرغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇغان ئورنىدىن تاكى كۈن چىققۇچە قوپمايتتى، كۈن چىققاندا ئاندىن ئورنىدىن تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ھوزۇرىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلارنى جاھىلىيەتنىڭ ئىشلىرى تۇتۇپ كېتىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ تەبەسسۇم قىلاتتى» دېدى.

ھۆرمەتلىك تەربىيەتچىلەر! يۇقىرىدىكى بايانلار ئىسلامنىڭ سۆزلەشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى، بۇ ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئالدى بىلەن سىلەر چىڭ تۇتۇشۇڭلار، ئۇنىڭ بويىچە ئىش قىلىشىڭلار، ئاندىن پەرزەنتىڭلارغا ئۆگىتىشىڭلار، ئۇلارنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە روياپقا چىقىرىشقا ئادەتلەندۈرۈشۈڭلار لازىم.

* * * * *

## 6 - كۈلكە - چاقچاقنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ئۆزىنىڭ ھاياتىدا يېگانە ئاللاھ تەئالاغا تەقۋادارلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىدە ئويۇنىشىش، كۈلكە-چاقچاق

قىلىش، يۇمۇرلۇق سۆزلەش، شېرىن گەپ قىلىش، ھېكمەتلىك ھېكايەتلەرنى توقۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى يېتىلدۈرگەن مۇسۇلمان نېمىدېگەن ياخشى ۋە سۆيۈملۈك-ھە!

كىشىلەر قەلبىنى ماگنىتتەك سۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تارتىۋالغان، ئۆز تۇرمۇشىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى لەتىپىلىك چاقچاقلىرى ۋە ئېسىل كۈلكە ھىدلىرى بىلەن ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان مۇسۇلمان نېمىدېگەن ياخشى ۋە نېمىدېگەن ئېسىل-ھە!

چۈنكى، ئىسلام ئۆزىنىڭ كەڭچىل پرىنسىپلىرى بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئالاھىدىلىك بىلەن مۇسۇلمانىنى چىقىشقاق، ئۆيۈشقاق، ھجايىغاق، روھلۇق، تېتىك، جۇشقۇن، شاد-خۇرام، ئېسىل مىجەزلىك، ئەخلاقى گۈزەل، خىسلەتلىرى ئېسىل، قىلمىشلىرى مەدھىيىلىك، تۇرمۇشى گۈزەل ۋە ئارىلىششى يېقىملىق بولۇشقا بۇيرىدى. كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا، بىر يەرگە جەم بولۇشقاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىقسۇن، ھەۋەس قىلسۇن، ئۇنىڭغا باغلانسۇن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشسۇن، ئۇنىڭغا ئەگەشسۇن دەپ شۇنداق قىلدى.

مانا بۇ ئىسلام شەخسلەرنى تەربىيىلەشتە، جەمئىيەتلەرنى بەرپا قىلىشتا ۋە كىشىلەرنى يېتەكلەشتە قىزىقىدىغان نەرسىنىڭ نىشانىدۇر.

لېكىن، مۇسۇلمانغا ئۆزى خالاپ، ئۆزى چاغلاپ ئويۇن-تاماشا قىلىش، كۈلكە-چاقچاقلىشىش، ئويۇن ئىزدەش، غەمسىز، پەرۋاسىز ۋە بىخارامان يۈرۈش، خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك:

جاھاننى سۇ باسسا تەرەپ-تەرەپتە،
بولۇرمىش ئېشەكنىڭ كۆڭلى ھەلەپتە.
ئەگەر سەن ھەقىقي مۇسۇلمان پەرزەنتى بولساڭ،
ياشىما ئېشەكتەك شەخسي تەلەپتە.

توغرا بولامدۇ؟ ياكى بۇنىڭمۇ ئەدەپ-قائىدىلىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بارمۇ؟

توغرا، ئەلۋەتتە ئويۇن ۋە كۈلكە-چاقچاقنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان ئەدەپ-قائىدىلىرى ۋە يوسۇنلىرى بار:

1 ـ كۈلكە-چاقچاق كۆپ بولماسلىق، نورمال بولۇش لازىم: ئىمام بۇخارى (بۇ زات بۇ ھەدىسنى ئۆزىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا بايان قىلغان) ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن ئويۇن-تاماشا ئەھلىدىن ئەمەس، ئۇمۇ مەندىن ئەمەس» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

چۈنكى، كۈلكە-چاقچاقنى كۆپ قىلىش، ئويۇن-تاماشاغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش ۋە كۆڭۈل شادلىقىنى ئىزدەش مۇسۇلمانغا ئاپەتتۇر. بۇ ئاپەت مۇسۇلماننى تاپتىن چىقىرىۋېتىدۇ. مۇسۇلمان ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان ئاساسىي مۇھىم ۋەزىپىسى بولغان ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىش، زېمىندا ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى

تىكلەش ۋە ياخشى جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

پەيغەمبەر مەدرىسىدە تەربىيىلەنگەن ساھابە كىراملار ئۆزئارا چاقچاقلىشاتتى، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار يىگىت ئەركەكلەرگە ئۆزگىرەتتى.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئادەتتىكى ۋاقىتتا تاۋۇزلارنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئاتاتتى، ئەمەلىي مەيدانلاردا بولسا ئۇلار ئەركەك يىگىتلەر بولاتتى.

كۆپ چاقچاقلىشىش ۋە ئويۇن-تاماشىلارغا بېرىلىش يەنە قەلبلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، ئارىدا ئۆچ-ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ، كىچىكلەرنى چوڭلارغا جۈرئەتلىك قىلىپ قويىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كۈلكىسى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ھەيۋىتى كېمىيىدۇ، چاقچاقچى ئادەم كىشىلەر تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايدۇ» دېگەن.

2) كۈلكە-چاقچاقتا بىراۋغا ئەزىيەت بەرمەسلىك لازىم: كۈلكە-چاقچاق ئەھلى-ئەۋلادلار، يېقىن-يورۇقلار، قېرىنداشلار ۋە دوست-ئاغىنىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش. شۇڭا، ئۇنىڭدا بىراۋغا ئەزىيەت بەرمەسلىك، بىرەرسىنى كەمسىتمەسلىك، ئەندىشىگە سالماسلىق ۋە مازاق قىلماسلىق شەرت!

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەھمەھۇللاھتىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەيلى ئوينىشىپ بولسۇن، مەيلى راست بولسۇن قېرىندىشىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋالمىسۇن، كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاسا ياكى تاياق كەبى بىر نەرسىسىنى ئېلىۋالسۇن، كىمكى قېرىندىشىنىڭ شۇ كەبى بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋالغان بولسا ئۇنى قايتۇرۇپ بەرسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبى لەيلا رەھمەھۇللاھتىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: بىزگە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە بىر يۈرۈشكە ئاتلاندۇق. يۈرۈش جەريانىدا ئارىمىزدىن بىر كىشى ئۇخلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىن قىزىقچى بىرسى يېنىدىكى ئارغامچىسى بىلەن ئۇخلاپ قالغان قېرىندىشىمىزنى باغلاپ قويدى، ئۇ كىشى ئويغىنىپ چۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر مۇسۇلمانغا يەنە بىر مۇسۇلماننى قورقۇتۇش ھالال بولمايدۇ» دېدى.

ـــ خەندەك غازىتى بولغان كۈنى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە توپا يۆتكەۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇنى مۈگدەك تۇتۇپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمارە ئىبنى ھەزمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىۋالدى. ئۇ تۇيماي قالدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن چەكلىدى.

ـــ ئىمام بەززارى ۋە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇمەللاھلار ئىبنى ھەببان ۋە ئامىر ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇمالاردىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم چاقچاق قىلىپ يەنە بىر ئادەمنىڭ كەشنىنى يوشۇرۇپ قويىدى، بۇ ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بېرىلىۋىدى، ئۇ: «مۇسۇلماننى قورقۇتماڭلار، مۇسۇلماننى قورقۇتۇش ھەقىقەتەن كاتتا زۇلۇمدۇر» دېدى.

ئى ئىنسان! چاقچاقتا باشقىلارنى مازاق قىلغان، مەسخىرە قىلغان، چاقچاق ئارقىلىق غەيۋەت-شىكايەت قىلغان، چاقچاق ئارقىلىق ھاقارەت قىلغان، چاقچاق ئارقىلىق دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرغان كىشىلەرگە كۆڭلۈڭدە نېمە ئويلايسەن؟ جەزمەن ئۇنداق ئادەم بىلىپ-بىلمەي گۇناھكار، جىنايەتچى ۋە ھارامغا چۈشۈپ كەتكۈچى بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

3) كۈلكە-چاقچاقتا يالغانچىلىق ۋە يالغان سۆزلەشتىن ساقلىنىش لازىم: نۇرغۇن كىشىلەر سورۇنلاردا خۇشال كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ بېقىنلىرىنى ئاغرىتىپ تاشلاش، كۈلكە ۋولقانلىرىنى پارتلىتىپ، شادلىق لاتقىلىرىنى سەلدەك ئېقىتىپ قىيان ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئېغىزىغا كەلگەن گەپلەرنى، يۇمۇرلارنى، قىزىق سۆزلەرنى، كۈلكىلىك ھېكايىلەرنى ۋە يالغان-ياۋىداق توقۇلمىلارنى سۆزلەۋېرىدۇ، توغرا-خاتا ۋە ياخشى-يامانىنى ئايرىمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەت كۈلدۈرۈش، ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقى ۋە ھەييارلىقىنى نامايان قىلىش بولۇپ، بۇنداق يالغان يۇمۇرلار، ھېكايىلەر ۋە سۆزلەر ھەققىدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يېتەكچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە دەيدۇ؟ كېلىڭلار بىرلىكتە قۇلاق سالايلى:

— ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزى، ئىمام نەسەئى ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمۇللاھلار بوھزى ئىبنى ھەكىم رەھمەھۇللاھتىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قەۋمنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان گەپ ئويدۇرۇپ چىققان ئادەمگە ۋەيلۇن بولسۇن، ۋەيلۇن بولسۇن، ۋەيلۇن بولسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

— ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇمەللاھ نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەن قېرىندىشىڭغا بىر گەپنى قىلسەن، ئۇ سېنى ئۆزىگە راست گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ھالبۇكى سەن ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىدىڭ، بۇ ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

— ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئويۇن-چاقچاقتا يالغاننى، راست بولغان تەقدىردىمۇ جېدەل-ماجىرانى تەرك ئەتمىگۈچە بەندە ھەممە ئىمانغا تولۇق ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

يۇرتلىرىمىزغا كەڭ تارقىلىۋاتقان، كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىۋاتقان بىدئەتلەرنىڭ بىرى «ئالدامچىلىق بايرىمى» ياكى «ئاپرېل يالغانچىلىقى» دەپ ئاتالغان يىرگىنىشلىك سېسىق ئادەتتۇر، ئۇ ياۋروپالىقلاردىن قوبۇل قىلىنغان قەبىھە، پەسكەش ۋە ھالاكەتكە تاشلىغۇچى ۋابادەك بىدئەتتۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئىسلامىي ئەخلاقىمىز، ياخشى ئەنئەنە ئادەتلىرىمىزدىن ئەمەس، شەكسىزكى، ئۇ ھارام قىلىنغان يالغانچىلىق، ئوپئوچۇق كەززابلىق ۋە

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىگە ھەممە ئىشتا ياخشى ئۈلگە بولاتتى. ساھابىلەرگە نەمۇنىلىك يېتەكچىلىك قىلاتتى. ھوزۇرۇڭلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرىمىز. ئۇ چاقچاق قىلغاندىمۇ ھەق سۆزلەيتتى:

—— ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زاھىر ئىسىملىك سەھرالىق بىر ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەھرا سوۋغاتلىرىدىن ھەدىيە ئالغاچ كېلەتتى. ئۇ سەھراسىغا چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا شەھەر سوۋغاتلىرىنى تەييارلاپ بېرەتتى ھەمدە: «زاھىر ھەقىقەتەن بىزنىڭ سەھرايىمىز، بىز ئۇنىڭ شەھىرى» دەيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى دوست تۇتاتتى. ئۇ كۆرۈمسىز ئادەم ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ بازاردا يېزىدىن ئەكىرگەن نەرسىلىرىنى سېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆرمەي قالغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. زاھىر: «بۇ كىم؟ مېنى قويۇۋەتكىن» دېدى ۋە كەينىگە قاراپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇدى. ئۇ ئۆزىنى قۇچاقلاپ تۇرغان كىشىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەنلىكىنى ئۇققاندا جىم تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ قۇلنى كىم سېتىۋالىدۇ؟» دېدى. زاھىر خاپا بولۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنى ئەرزىمەس ۋە كاسات كۆرۈۋاتىسەن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس، كاسات ئەمەس، سەن ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە بەك قىممەتلىك، باھايىڭ يۇقىرى» دېدى.

—— ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ «سۇنەن» ناملىق كىتابىدا ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەبۇك غازىتىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كەلدىم. ئۇ چەمدىن ياسالغان بىر كىچىك گۈمبەزسىمان چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا سالام قىلىۋىدىم، ئۇ سالامىمنى قايتۇردى ۋە: «كىرگىن» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! پۈتۈن كىرەمدىم ياكى يېرىمىمۇ؟» دېسەم، ئۇ: «پۈتۈن كىرگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن كىردىم.

—— ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇمەللاھلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنى بىر ئۇلاغقا مىندۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: «مەن سىزنى تۆگىنىڭ بوتىلىقىغا مىندۇرۇپ قوياي» دېدى. ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تۆگىنىڭ بوتىلىقىنى نېمە قىلىمەن؟» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەمىسە تۆگە تۇغقاندا بوتىلاق تۇغامدۇ؟» دېدى.

—— ئىبنى بەككار رەھمەھۇللاھ زەيد ئىبنى ئەسلەمدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇ ئەيمەن

ھەبەشىيە ئىسىملىك بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سىزنى ئېرىم چاقىرىدۇ» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىزنىڭ ئېرىڭىز كىم؟ ھېلىقى ئىككى كۆزىدە ئاق بار ئادەممۇ؟» دېدى، ئايال: «ياق! مېنىڭ ئېرىمنىڭ كۆزىدە ئاق يوق» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كۆزىدە ئاق بار، سىز كۆرمەپسىز» دېدى، ئايال: «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئۇنىڭ كۆزىدە ئاق يوق» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككى كۆزىدە ئاق يوق بىرمۇ ئىنسان يوق» دېدى (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزىدە كۆزنىڭ قارىسىنى ئوراپ تۇرغان ئاقنى، يەنى كۆز تېمىنى نەزەردە تۇتقاندى).

—— ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھتىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر موماي كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تەئالاغا مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلغان بولساڭلا» دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەي پالانىنىڭ ئانىسى! موماي جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ موماي يىغلىغان ھالەتتە كېتىپ قالدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ قاتتىق پەرىشان بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ: «ئۇ ئايالغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ موماي ھالىتىدە جەننەتكە كىرمەيدۇ»، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق ۋە تەڭتۇش قىلدۇق» (37 —— 56:35).

بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدۇكى، جەننەتكە كىرگەن ھەرقانداق ئايال، مەيلى ئۇ ئېغىزىدا چىشلىرى قالمىغان ئادەتتىن تاشقىرى موماي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىزلىق ھالەتكە، تولغان ياش قىز ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ.

تەربىيەتچىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈلكە- چاقچاق توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى قوبۇل قىلىشى، ئاندىن پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە رويابقا چىقىرىشى لازىم.

## 7 - تەبرىكلەشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

پەرۋىشكارلار جىگەر پارىسى بولغان ئەۋلادلىرىنى تەربىيە كۆرگەن ئادەم قىلىپ تەييارلاشتا، ئىجتىمائىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشتە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىجتىمائىي ئەدەپ- قائىدىلەرنىڭ بىرى پەرزەنتىنى تەبرىكلەشنىڭ ئەدەپ- قائىدىلىرىگە ئادەتلەندۈرۈش، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلاردا تونۇلۇشنىڭ، ئۆملىشىشنىڭ مۇھەببىتىنى، ھېسسىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قېرىنداشلىرى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر، ھاياتلىقتا ئۇچراشقان ۋە ئالاقە قىلغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئالاقىلىرىنى ۋە رىشتىلىرىنى چىڭىتىشتۇر.

ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن خالايىقلار تەبرىكلىشىپ ئادەتلەنگەن پائالىيەتلەر ناھايىتى كۆپ بولغان بولسىمۇ، تەربىيەتچىلەر ئومۇمەن، ئاتا- ئانىلارغا خۇشۇسەن شەكىلدە، شاگىرتلىرى بولغان ياكى ئەۋلادلىرى بولغان كۆچەت- نوتىلىرىنى بەخت- سائادەتلىك بولغانلىقى، ئىشلاردا ئۇتۇق قازانغانلىقى، تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكى

مۇناسىۋەتنى بىلەن ئۆزلىرى تەبرىكلىمەكچى ۋە مۇبارەكلىمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ قېشىغا بارغاندا بىللە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. تاكى بۇ ھالەت ۋە كەيپىيات ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ۋە ئەسلىملىرىگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلىپ كەتسۇن، كۆڭۈلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن كۆڭۈللىرىدە ئادەت ۋە ئەخلاققا ئايلانسۇن.

مۇسۇلمان ھاياتىدا بېجىرگەن ياخشى ئەمەللەردىن بىر ياخشى نەتىجە ۋە ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن بولىدىغان ساۋاب ـ مۇكاپاتنى مەقسەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننى بىرەر سائادەت ياكى خۇشاللىق مۇناسىۋەتنى بىلەن تەبرىكلىشى، لاتاپەتلىك بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا خۇشاللىق بېغىشلىشى ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئاللاھ تەئالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان قۇربانلىقلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى، پەرز ئەمەللەردىن قالسا ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈندىغانلىرى، بەلكى ئۇ ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمەت ـ مەغپىرىتىنى لازىم تۇتىدىغان ۋە جەننەتكە كىرىش يولى بولىدىغان سەمەرىلىك ئەمەل بولۇپ قالىدۇ.

ــــ ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ «سەغىير» ناملىق كىتابىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قېرىندىشىغا ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بىلەن ئۇچراشقان كىشىنى ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى خۇشال قىلىدۇ».

ــــ ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ «كەبىر» ناملىق كىتابىدا، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان قېرىندىشىڭغا خۇشاللىق بېغىشلىشىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ مەغپىرىتىنى قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر».

ــــ ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ «ئەۋسەت» ۋە «كەبىر» ناملىق كىتابلىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تەئالاغا پەرز ئەمەللەردىن قالسا، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى مۇسۇلمانغا خۇشاللىق بېغىشلاشتۇر».

ــــ ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلاردىن بولغان بىر ئائىلە كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلىغان كىشىگە ئاللاھ تەئالا جەننەت بېرىشتىن باشقا مۇكاپاتقا رازى بولمايدۇ».

تەبرىكلەشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1 ) تەبرىكلەش مۇناسىۋەتلىرىدە خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلنى ئىزھار قىلىش لازىم: ئىككى سەھىھ كىتابتا رىۋايەت قىلىنغان كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسىدە، ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: مەن ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن: «ئەي كەئب ئىبنى مالىك! ساڭا خۇش خەۋەر، تەۋبەڭ قوبۇل بولۇپتۇ» دەپ توۋلىغان كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە باشلىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇچرىشىش مەقسىتىدە مەسجىدكە قاراپ ماڭدىم. كوچىلاردا تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى تەبرىكلەشكە كېتىۋاتقان توپ ـ توپ ئادەملەر ئۇچرىدى. ئۇلار: «ئاللاھ تەئالانىڭ تەۋبەڭنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن سېنى تەبرىكلەيمىز» دېيىشەتتى.

هەتتاكى مەسجىدكە كىردىم. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپتۇ، ئەتراپىدا كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىپتۇ، مېنى ھەممىدىن بۇرۇن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ تونۇۋالدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ مېنى تەبرىكلىدى. كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنۇتمىغانىدى.

كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلغىنىمدا ئۇنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن ۋىللىدە يورۇپ كەتتى ۋە: «ئاناڭ سېنى تۇغقاندىن باشلاپ سەن ئۆتكۈزگەن كۈننىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن خۇش بېشارەت تاپقىن» دېدى[1].

2 ) تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن لاتاپەتلىك سۆزلەرنى ۋە ئىسلامدا ئورنى بار دۇئالارنى قىلىش: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بىزگە تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن لاتاپەتلىك سۆزلەرنى قىلىشنى، چىرايلىق، مۇڭلۇق ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلىشنى كۆرسەتتى. مۇسۇلمانىنىڭ بۇلارنى ئۆگىنىشى، ئادا قىلىشنى ياخشى بىلىشى، مەخسۇس ۋاقىتلاردا بېجىرىشنى چۈشىنىۋېلىشى لازىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكەن، ساھابە كىراملار ۋە سەلەف سالىھلاردىن قالغان تەبرىكلەش سۆزلىرىنى ئېيتىشىمىز لازىم:

( 1 ) بوۋىقى تۇغۇلغان كىشىنى تەبرىكلەش: ئۇ كىشىگە: «ساڭا بېرىلگەن بوۋاق بىلەن بەرىكەت بېرىلسۇن، بەرگۈچىگە شۈكرى قىلىش نېسىپ بولسۇن، ياخشىلىقى رىزىق قىلىپ بېرىلسۇن، كۈچى ۋە كامالىتىگە يېتىشى نېسىپ بولسۇن» دېيىش مۇستەھەبتۇر.

ئەمدى تەبرىكلەنگۈچىنىڭ مۇنداق دېيىشى مۇستەھەبتۇر: «ئاللاھ تەئالا سىزگىمۇ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، سىزگىمۇ بەرىكەتلىك بولسۇن، ئاللاھ تەئالا سىزگىمۇ بىزگە رىزىق بەرگەندەك پەرزەنت رىزىق بەرسۇن»».

مانا بۇ ئىبارىلەر سەييىدىمىز ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

( 2 ) سەپەردىن كەلگەن كىشىنى تەبرىكلەش: سەپەردىن كەلگەن كىشىگە: «سېنى ساق-سالامەت قىلغان، ئائىلە كىشىلىرىڭ بىلەن جەم قىلغان ۋە سېنى ھۆرمەتلىك قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دېيىش مۇستەھەبتۇر. بۇمۇ سەلەفلەردىن رىۋايەت قىلىنغان.

( 3 ) جىھادتىن كەلگەن كىشىنى تەبرىكلەش: جىھادتىن كەلگەن كىشىگە: «ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلغان، سېنى ئەزىز قىلغان ۋە سېنى ھۆرمەتلىك قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دېيىش مۇستەھەبتۇر.

ئىمام مۇسلىم، ئىمام نەسەئى رەھىمەھۇمەللاھلار ۋە باشقىلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتقا چىقاتتى. ئۇ قايتىپ ئۆيگە كىرگەندە مەن ئۇنى قارشى ئالغىلى ئالدىغا باراتتىم ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ساڭا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلغان، سېنى ئەزىز قىلغان ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دەيتتىم.

(1) ئەگەر بۇ قىسسىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنى خالىسىڭىز «شىرىن بۇلاق» دېگەن ئەسەرنىڭ «تەبۇك غازىتى» دېگەن بۆلۈمىگە قاراڭ.



www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك، «سېنى ساق-سالامەت قايتىپ كەلگىلى نېسىپ قىلغان ۋە ئائىلە كىشىلىرىڭ بىلەن جەم قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدىلەر بولسۇن» دېيىشمۇ بولىدۇ.

( 4 ) ھەجدىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنى تەبرىكلەش: ھەجدىن قايتىپ كەلگەن كىشىگە: «ئاللاھ تەئالا ھەجىڭىزنى قوبۇل قىلسۇن، گۇناھىڭىزنى مەغپىرەت قىلسۇن، قىلغان چىقىمىڭىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرسۇن» دېيىش مۇستەھەبتۇر.

ئىبنى سۇننىي رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر يىگىت كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھەج قىلماقچى بولۇۋاتىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يىگىت بىلەن خېلى يەرگىچە بىللە ماڭدى ۋە: «ئى يىگىت! ئاللاھ تەئالا ساڭا تەقۋادارلىقنى ئوزۇق قىلىپ بەرسۇن، سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن، سېنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىڭگە ئۆزى كۇپايە قىلسۇن» دېدى.

يىگىت ھەج قىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇ يىگىتكە: «ئەي يىگىت! ئاللاھ تەئالا ھەجىڭنى قوبۇل قىلسۇن، گۇناھىڭنى كەچۈرسۇن، قىلغان چىقىملىرىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرسۇن» دېدى.

( 5 ) نىكاھ ئەقدىسىنى تەبرىكلەش: نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىنى مۇنداق تەبرىكلەش مۇستەھەبتۇر: «ئاللاھ تەئالا ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، بەرىكەتلىك قىلسۇن، ئاراڭلارنى ياخشىلىقتا جەمئىي قىلسۇن».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ۋە باشقىلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى توي قىلغان چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، بەرىكەتلىك قىلسۇن، ئاراڭلارنى ياخشىلىقتا جەمئىي قىلسۇن» دەيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «داۋاملىق توي تارتىڭلار، ئوغۇل باللىق ۋە كۆپ چارۋىلىق بولۇڭلار» دەيدىغان تەبرىكلەشنى يامان كۆرەتتى. چۈنكى، بۇ خىل تەبرىكلەش جاھىلىيەتنىڭ تەبرىكلەشلىرىدىن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، ئىمام نەسەئىي رەھمەھۇمەللاھلار ۋە باشقىلار ئۇقەيل ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ جۇشەم قەبىلىسىدىن بىر ئايالنى ئالىدۇ. نىكاھقا قاتناشقان كىشىلەر ئۇنىڭغا: «توي تارتىڭلار، ئوغۇل باللىق ۋە كۆپ چارۋىلىق بولۇڭلار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرگە: «خالايىق! بۇنداق تەبرىكلىمەڭلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق تەبرىكلەشتىن توسقان» دەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا: «ئى ئەبا زەيد! ئەمىسە نېمىدەپ تەبرىكلەيمىز» دېيىشىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ: «ئاللاھ تەئالا ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، بەرىكەتلىك قىلسۇن دەڭلار، بىز شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇق» دەيدۇ.

( 6 ) ھېيت-بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش: ھېيت نامىزىدىن كېيىن بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا: «ئاللاھ تەئالا بىزدىن ۋە سىزدىن قوبۇل قىلسۇن» دېيىشى مۇستەھەبتۇر.

«مەقاسىد» ناملىق كىتابتا، ھېيت توغرىسىدا مۇنۇ رىۋايەت نەقىل قىلىنىدۇ: خالىد ئىبنى مەئدان ھېيت كۈنى ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا: «ئاللاھ تەئالا بىزدىن ۋە سىزدىن قوبۇل قىلسۇن» دېدى، ۋاسىلەمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى ھەمدە بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىسناد قىلدى.

7 ) ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىنى تەبرىكلەش: ياخشىلىق قىلغان كىشىگە «ئاللاھ تەئالا سىزگە، ئەھلى-ئەۋلادلىرىڭىزغا ۋە مېلىڭىزغا بەرىكەت بەرسۇن» دېيىش مۇستەھەبتۇر.

ئىمام نەسەئى ۋە ئىمام ئىبنى ماجە رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن 40 مىڭ ( دىرھەم ياكى ... )نى قەرز ئالدى، ئۇنىڭ قولىغا مال كەلگەندە ماڭا قەرز قايتۇردى ۋە: «ئاللاھ تەئالا ساڭا، ئەھلى-ئەۋلادلىرىڭغا ۋە مال-مۈلكۈڭگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، قەرز بەرگۈچىنىڭ مۇكاپاتى ھەمدۇسانادۇر» دېدى.

ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشىگە يەنە بىر كىشى تەرەپتىن ياخشىلىق قىلىنغان بولسا، ياخشىلىق قىلىنغۇچى ياخشىلىق قىلغۇچىغا: ‹ئاللاھ تەئالا سىزگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن› دېسە، ماختاشنى كامىل قىلغان بولىدۇ».

تەبرىكلەنگۈچى ھەققىدە دەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىسلامدا ئورنى بار سۆزلەردۇر. ئېخمۇ كۆپ ئىبارىلەرنى كەلتۈرۈشنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنداقتا مېھىر-شەپقەتلىك، يۇمشاق ۋە لاتاپەتلىك سۆزلەرنى ۋە خەيرلىك دۇئالارنى قىلسا بولىدۇ.

بۇ ئىبارەتلەر ۋە تەبرىكلەش سۆزلىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ مەنبەلىرىدىن، جاھىلىيەتنىڭ ئەنئەنە ئادەتلىرىدىن ئېلىنمىغان بولۇشى، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىسلامىي مەنبەنىڭ ساپلىقىنى ساقلىغان بولۇشى شەرت.

8 ) تەبرىكلەش بىلەن بىرگە سوۋغات بېرىشنىڭ مۇستەھەبلىكى: تەبرىكلەشتىكى مۇستەھەب ئىشلارنىڭ بىرى بولسا، بوۋىقى تۇغۇلغان كىشىلەرگە، ياكى سەپەردىن كەلگەن كىشىگە، ياكى تويى كېچىسىگە كىرگەن كىشىگە، ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالدىكى كىشىلەرگە سوۋغات تەقدىم قىلىش مۇستەھەبتۇر.

تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بۇنى دەلىللەيدۇ:

—— ئىمام تىبرانى ۋە ئەسكەرى رەھمەھۇمەللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «سوۋغات تەقدىم قىلىشىڭلار، ھىجرەت قىلىڭلار، شۇندىلا پەرزەنتلىرىڭلارغا ئۇلۇغلۇقنى مىراس قالدۇرىسىلەر، ئېسىل كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار».

—— ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ «ئەۋسەت» ناملىق كىتابتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرى! ئەگەر قوينىڭ تۇۋاقى بولسىمۇ ھەدىيە بېرىشىڭلار، ئۇ ئاراڭلاردا دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ، دۈشمەنلىكنى كەتكۈزىدۇ».

ـــ ئىمـام بۇخـارى ( «ئەدەبـۇل مۇفـرەد» ناملىـق كىتابـدا ) ۋە ئەھمـەد رەھىمەھۇمەللاھـلار ئەبـۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلـدۇ: «ئۆزئارا سـوۋغات بېرىشـڭلار، ئـۇ يۈرەكتىكى ئۆچمەنلىكنى يوقىتـدۇ».

ـــ ئىمـام دەيلەمـى رەھىمەھۇلـلاھ ئەنـەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى رىۋايـەت قىلـدۇ: «سوۋغا ـ سـالام بېرىشـنى لازىـم تۇتـۇڭلار، ئۇ دوسـتلۇقنى مـراس قالدۇرۇپ، ئۆچ ـ ئاداۋەتنى كەتكۈزىدۇ».

ـــ ئىمـام تىبرانـى رەھىمەھۇلـلاھ «ئەۋسـەت» ناملىـق كىتابـدا ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھادىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى رىۋايـەت قىلـدۇ: «ئۆزئـارا سـوۋغات بېرىشـڭلار، بـۇ سـىلەرنى ئۆزئـارا دوسـت ـ ئاغىنە قىلـدۇ».

بـۇ ھەدىسـلەر مۇناسـىۋەت بولمىغـان ئەھۋاللاردىمـۇ جەمئىيـەت كىشـىلىرى ئارىسـىدا ئۆزئـارا سوۋغا ـ سـالام بېرىـش ئالامەتلىرىنى تەكىتلەيـدۇ ۋە ئىلگىـرى سـۈرىدۇ، ئەلۋەتتـە، تەبرىكلـەش ۋە خۇشـاللىق مۇناسـىۋەتلىرى بىلەن سـوۋغا ـ سـالام تەقدىـم قىلـش بولسـا تېخىمـۇ ئۇچـۇق، تېخىمـۇ ياخشـى ۋە تېخىمـۇ تەكىتلىك ئەمەسـمۇ؟!

نېمـە ئۈچـۈن مۇسـۇلمانلار ئۆزئـارا سوۋغا ـ سـالام قىلىشـقا تەكلىـپ قىلىنـدۇ؟ بـۇ نېمە ئۈچـۈن شـۇنچە تەكىتلىنىدۇ ۋە تەشـەببۇس قىلىندۇ؟

چۈنكـى، سوۋغا ـ سـالام قىلـش، بىر ـ بىرىگـە كۆيۈنۈش ۋەھاكەزالارنىڭ ئىسـلام ئۈممىتىنىـڭ ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىش، جامائەتنىـڭ بىرلىكىنى قوغـداش، ئۈممەتنىـڭ ئىچكى ۋۇجۇدىنىـڭ يىمىرىلىـپ كېتىشـىنىڭ ئالدىنى ئېلىـش، مۇسـۇلمان جەمئىيـەت ۋە مۇئمىـن خەلقنىـڭ تەربىيەسـىدە دوسـتلۇق، قېرىنداشـلىق ۋە سـاپلىق تەربىيـە ئۇرۇقلىرىنى تېرىـش ۋە بىخلىتىشتا زور تەسىرى بـار.

شـۇنىڭ ئۈچـۈن تەربىيەتچىلـەر تەبرىكلەشـنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنـى ئالـدى بىلـەن ئۆزلـىرى چـىڭ تۇتۇشـى، ئائىلىسـى ۋە ئەۋلادلـىرى ئىچىـدە يىلتىـز تارتقۇزۇشـى، ھەتتاكـى ئۆلارنىـڭ ئىجتىمائىـي تۇرمۇشـىدا ۋە كىشـىلىك مۇناسـىۋەتلىرىدە روياپقـا چىقىرىشـى لازىـم.

* * * * *

## 8 ـ كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

تەربىيەتچىلـەر ئۈسـتىدىكى ئەھمىيـەت بېرىشـكە ۋە نارەسـىدە ئەۋلادلارنى ئادەتلەندۈرۈشـكە تېگىشـلىك بولغـان مۇھـىم ئىجتىمائىـي ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىـڭ بىـرى كېسـەل يوقلاشـتىكى ئەدەپتـۇر.

ئۆسـمۈر پەرزەنتىڭىزنىـڭ كۆڭلىـدە كىچىكىدىـن باشـلاپ ۋىجدانىـي ئورتاقلىشـىش ئالامەتلىرى، باشـقىلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنـى ھېـس قىلـش ئالامەتلـىرى چوڭقـۇر يىلتىـز تارتسـۇن، بـۇ ئالامـەت كىچىـك باللارنىـڭ كۆڭۈللىرىـدە

www.uyghurkitap.com

بخلانسا، ئۆسسە ۋە چوڭقۇر يلتىز تارتسا، شۇ نەرسە مەڭپىي قالمايدۇكى، ئۇلار چوقۇم ئۆزىدىن باشقىلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا مۇھەببەت باغلاش، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىش، مېھرىبانلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈش ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بەلكى، بۇ ئۇقۇملار ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئەخلاق ۋە ئادەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈستىدىكى ھەقنى كەم قويمايدۇ، ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتتىن قاچمايدۇ. بەلكى، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ شاد-خوراملىقى ۋەياكى قايغۇ-ھەسرەتلىرىگە جور بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە دەرد-ئەلەملىرىنى ھېس قىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. ماڭا ئۆمرۈمنى بەرگەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مانا بۇ ئىسلامي جەمئىيەتنى ياخشى خىسلەتلەر ۋە ئەخلاق-پەزىلەت پرىنسىپلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈش، قۇرۇپ چىقىش ۋە شەخسلەر تەربىيەسىدە كۆزدە تۇتقان ۋە قىزىققان ئۇلۇغ نىشاندۇر.

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئىسلام كېسەل يوقلاشقا بۇيرىدى. بەلكى، بۇ كېسەل يوقلاشنى «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى» قىلىپ بېكىتتى.

— ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى كېسەل يوقلاشقا، جىنازىغا ئەگىشىشكە، چۈشكۈرگۈچىگە جاۋابقا قايتۇرۇشقا، قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە، زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ياردەم بېرىشكە، چاقىرغان يەرگە ئىجابەت قىلىشقا ۋە سالامنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرىدى.

— ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە بەش ھەققى بار. سالام قايتۇرۇش، كېسەلنى يوقلاش، جىنازىسىغا ئەگىشىش، چاقىرغىغا ئىجابەت قىلىش، چۈشكۈرگۈچىگە ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن دېيىش».

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابە كىراملار قۇدرەتلىك پادىشاھ ئاللاھ تەئالانىڭ ھوزۇرىدىكى سەممىيەت مەقامىدىكى جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئۆزئارا بەسلىشەتتى، كېسەل يوقلاشمۇ مۇشۇ ياخشىلىقلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۈگۈن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن كىم روزىدار بولدى؟» دەپ سورىۋىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «بۈگۈن ئاراڭلاردىن كىم كېسەل يوقلىدى؟» دەپ سورىۋىدى، يەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «بۈگۈن ئاراڭلاردىن كىم جىنازە نامىزىغا قاتناشتى؟» دەپ سورىۋىدى، يەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «بۈگۈن ئاراڭلاردىن كىم مىسكىنگە تائام بەردى؟» دەپ سورىۋىدى، يەنىلا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن» دەپ جاۋاب بەردى.

بـۇ ھەدىسـنى رىۋايـەت قىلغۇچىلارنىـڭ بـىرى بولغـان مـەرۋان رەھىمەھۇلـلاھ: مـاڭا پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «مۇشـۇ خىسـلەتلەر بىـر ئادەمـدە جـەم بولمايـدۇ، ئەگـەر جـەم بولسـا ئـۇ جەننەتكـە كىرىـدۇ» دېگەنلىكـى يەتتـى دەيـدۇ.

كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلەرگە بۆلدۇق:

1 ) كېسـەلنى يوقلاشـقا ئالدىـراش لازىـم: بـۇ ھەقتـە پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «كېسـەلنى كېسـەل بولغـان ھامـان يوقلىغـىن» دەيـدۇ. بـۇ ھەدىـس كېسـەلنى دەسـلەپتىكى ۋاقتىدىـلا يوقلاشـنى كۆرسـىتىدۇ.

لېكىن، كېسەلنى ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن يوقلاش توغرىلىقمۇ ھەدىس بار:

ــــ ئىمـام ئىبنـى ماجـە ۋە ئىمـام بەيھەقـى رەھىمەھۇمەللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان مۇنـۇ ھەدىـس: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم كېسـەلنى ئـۈچ كـۈن ئۆتكەندىـن كېيىـن يوقلايتتـى.

ئىمـام تىبرانـى رەھىمەھۇلـلاھ «ئەۋسـەت» ناملىـق كىتابىـدا ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمادىـن رىۋايـەت قىلغـان مۇنـۇ ھەدىـس: «كېسـەلنى ئـۈچ كۈندىـن كېيىـن يوقـلاش سـۈننەتتۇر».

ئىمـام ئەئمـەش رەھىمەھۇللاھتىـن رىۋايـەت قىلىنغـان مۇنـۇ ھەدىـس: بىـز سـورۇن تـۈزۈپ ئولتۇراتتـۇق، ئارىمىزدىـن بىـر كىشـىنى ئـۈچ كـۈن يوقاتقىنىمىـزدا، ئۇنىـڭ توغرىلىـق سـورايتتۇق. ئەگـەر ئـۇ كېسـەل بولـۇپ قالغـان بولسـا، ئۇنـى يوقلايتتـۇق.

بـۇ ھەدىسـلەرنىڭ ئوتتۇرىسـىنى مۇۋاپىقلاشـتۇرۇش ئۈچـۈن مـەن مۇنـداق قارايمـەن: ئەگـەر كېسـەل خەتەرلىـك ھـەم ئېغىـر بولسـا، ئۇنـى دەرھـال يوقـلاش تەلـەپ قىلىنىـدۇ. ئەگـەر يەڭگىلـرەك ۋە كىچىكـرەك كېسـەل بولسـا، ئۈچ كـۈن ئۆتكـۈزۈپ يوقلىسـىمۇ بولىـدۇ.

2 ) كېسـەلنى يوقـلاش يەڭگىـل ھالەتتـە بولـۇش ياكـى كېسـەلنىڭ تەلپىگـە ئاساسـەن بولـۇش لازىم: ئەگەر كېسـەل ئېغىـر ۋە خەتەرلىـك ھالەتتـە بولغانلىقتىـن، بېقىشـقا، كۈتۈشـكە موھتـاج بولغـان بولـۇپ، يېنىـدا خىزمىتىگـە ئـادەم تۇرۇۋاتقـان بولسـا، بولۇپمـۇ كېسـەلنى بېقىۋاتقـان كىشـى ئايـال بولسـا ياكـى دوختـۇرلار بىئـارام قىلىشـقا بولمايـدۇ، تىنچلىـق كېـرەك دەپ كۆرسـەتمە بەرگـەن، يېنىـدا ۋاراڭ-چـۇرۇڭ قىلماسلىق تەلـەپ قىلىنغـان كېسـەل بولسـا، ياكـى گەپ-سۆز خالىمايدىغـان كېسـەل بولسـا، بۇنـداق ھالەتلـەردە كېسـەلنى يوقـلاش يەڭگىـل ھـەم تېـز بولـۇش لازىـم.

ئەگەر كېسـەل ئادەتتىكىچە بولسـا، كېسـەللىك ھالىتىدە يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشـنى ۋە پاراڭلىشىشـنى خالىسـا، كېسـەلنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا نورمـال ھالەتتـە ئۇزۇنـراق ئولتۇرۇشـقىمۇ بولىـدۇ. ئەگـەر كېسـەلنىڭ ئەھۋالـى ياخشـى بولسـا، كېسـەل يوقـلاش كـۈن ئاشـۇرۇپ بولغىنـى ئـەۋزەل.

بۇنىـڭ دەلىلـى ئىمـام بـەززارى، ئىمـام بەيھەقـى، ئىمـام تىبرانـى ۋە ئىمـام ھاكىـم رەھىمەھۇمۇللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان مۇنـۇ مەرفـۇئ ھەدىسـتۇر: «كـۈن ئاشـۇرۇپ قىلغـىن زىيارەتنـى * ئاشـۇرار ئـۇ ئاربدىكى مۇھەببەتنـى» دېگـەن ھەدىسدۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى دۇرەيدنىڭ مۇنۇ شېئىرى نېمدېگەن ياخشى ئېيتىلغان-ھە!

كۆڭ ئاشۇرۇپ، ئاشۇرۇپ زىيارەت قىل، يوقلا دوستلارنى،
كۆپ يوقلاش، دوستلار ئارا تاشلىششقا ئاچىدۇ يوللارنى.
توختىماي يېغىۋەرسە قار-يامغۇر زېرىككەنلەرنى كۆپ كۆردۈم،
ياغمىسا يېغىشنى تىلەپ دۇئاغا ئېگىز كۆتۈرەر قوللارنى.

3 ) كېسەلنىڭ قېشىغا كىرگەندە دۇئا قىلىش لازىم: ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلىدىن بولغان بىرەر كېسەلنى يوقلىغاندا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئى خالايىقلارنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! كېسەلنى كەتكۈزگىن، شىپالىق بەرگىن، شىپالىق بەرگۈچى سەن ئۆزۈڭسەن، سېنىڭ شىپالىقىڭدىن باشقا شىپالىق يوق، شۇنداق شىپالىق بەرگىنكى، سېنىڭ شىپالىقىڭ ھېچبىر كېسەلنى كېسەل ھالىتىدە قويمايدۇ» دەيتتى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ھاكىم رەھمەھۇمۇللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلىغان بولسا، كېسەلگە ئۇنىڭ ئەجىلى ھازىر بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ قېشىدا ‹بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالانىڭ كېسىلىڭگە شىپالىق بېرىشىنى تىلەيمەن› دېگەن دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشى بۇ كېسەلدىن ساقايتىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

4 ) كېسەلگە ئاغرىغان يېرىگە قولنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن مەئسۇر[1] بولغان دۇئالارنى ئوقۇشنى سەمىگە سېلىپ قويۇش لازىم: ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبى ئابدۇللاھ ئوسمان ئىبنى ئەبلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەدىنىدە تاپىدىغان بىر قاتتىق ئاغرىق-دەرد توغرىلىق شىكايەت قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «بەدىنىڭدىن ئاغرىيدىغان يەرگە قولۇڭنى قويغىن، ئاندىن ‹بىسمىللاھ› نى ئۈچ قېتىم، ‹ئاللاھ تەئالانىڭ ئىززىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن مەن تاپقان ۋە ئېھتىيات قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن› نى يەتتە قېتىم دېگىن» دېدى.

5 ) كېسەلدىن ئەھۋال سوراش مۇستەھەبتۇر: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن چىقتى. ئۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان ۋە شۇ كېسەلدە ۋاپات بولغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇلھەسەن! رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟»

(1) قۇرئان، ھەدىس ۋە سەلەف-سالىھلاردىن ئىزنا بار دۇئالارنى دېمەكچى.

دېيىشتى، ئۇ: «ئاللاھ تەئالاغا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى.

6 ) كېسەل يوقلىغۇچى كېسەلنىڭ بېشى تەرىپىدە ئولتۇرۇش مۇستەھەبتۇر: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل يوقلىغاندا كېسەلنىڭ بېشى تەرەپتە ئولتۇراتتى. ئاندىن يەتتە قېتىم: «بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالادىن كېسىلىڭىزگە شىپالىق بېرىشنى تىلەيمەن» دەيتتى. ئەگەر كېسەلنىڭ ئەجىلى تېخى توشمىغان بولسا، ئۇ شۇ كېسەلدىن ساقىيىپ كېتەتتى.

7 ) كېسەلنىڭ كۆڭلىنى شىپالىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بىلەن خۇش قىلىش مۇستەھەبتۇر: ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئىبنى ماجە رەھمەھۇمەللاھلار ئەبى سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېسەل ئادەمنىڭ يېنىغا كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا نەپەس قىلىڭلار، ئۇ (تەقدىردىن) ھېچ نەرسىنى قايتۇرمايدۇ، لېكىن كېسەلنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىكىدەك: «ئاللاھ تەئالا خالىسا ساقىيىپ كېتىسىز ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

8 ) كېسەل كۆرگۈچىلەر كېسەلدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇستەھەبتۇر: ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئىبنى سۇننىي رەھمەھۇمەللاھلار ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كېسەلنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇنى سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا بۇيرىغىن، ئۇنىڭ دۇئاسى ھەققەتەن پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئوخشاشتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

9 ) ئەگەر كېسەل جان ئۈزۈش ھالىتىدە بولسا، ئۇنىڭغا «لا إله إلا الله»نى ئەسلىتىش لازىم: ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ھاكىم رەھمەھۇمەللاھلار مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سۆزىنىڭ ئاخىرى ‹لا إله إلا الله› بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبى سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان كىشىلەرگە ‹لا إله إلا الله› نى تەلقىن قىلىڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مانا بۇلار ئىسلام شەرىئىتى كېسەل يوقلاشتا يولغا قويغان ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ مۇھىملىرى بولۇپ، ئالدى بىلەن تەربىيەتچىلەر ئۇنى ئىجرا قىلىشى، ئاندىن پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە روياپقا چىقىرىش لازىم.

* * * * *

www.uyghurkitap.com

## 9 ـ تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ تەربىيەتچىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئائىلىسىدىن ياكى يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئەزىز ھەم قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان مېيىت ئەھلىگە، مۇسىبەتدار ۋە ھازىدارلارغا تەزىيە قىلىش دېمەكتۇر.

تەزىيىنىڭ مەنىسى مېيىت ئەھلىگە، مۇسىبەتلىك كىشىلەرگە كۆڭلى تەسەللىي تاپقۇدەك، قايغۇ ـ ھەسرىتى يەڭگىللىگۈدەك، مۇسىبەت ئاددىي كۆرۈنگۈدەك يۇمشاق ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىش بىلەن، ياكى مەئسۇر ئىبارىلەر بىلەن مېيىت ئىگىلىرىنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەش دېگەنلىك بولىدۇ.

زىممىي ( مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلمايدىغان كاپىر ) ئۈچۈنمۇ تەزىيە بىلدۈرۈش مۇستەھەبتۇر.

ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار ئەمرى ئىبنى ھەزمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆز قېرىندىشىنىڭ مۇسىبىتىگە تەزىيە بىلدۈرگەن مۇسۇلمان بولماس، ئەگەر بولسا ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىگە ھۆرمەت تونلىرىدىن كىيگۈزىدۇ».

ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسىبەتكە تەزىيە بىلدۈرگەن كىشى مۇسىبەتلىك بولغان كىشى بىلەن ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ».

مېيىت ئىگىلىرىگە چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال[1] ھەممىسىگە، ھەممە يېقىنلىرىغا ئوخشاش تەزىيە بىلدۈرۈش لازىم. تەزىيە بىلدۈرۈش مېيىت دەپنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى بولسۇن ياكى ئۈچ كۈنگە قەدەر ( مېيىت دەپنە قىلىنغان كېيىن بولسۇن ) ئوخشاشتۇر. ئەگەر تەزىيە بىلدۈرۈلمەكچى بولغان كىشى يوق بولسا، ئۈچ كۈندىن كېيىن تەزىيە بىلدۈرسىمۇ بولىدۇ.

تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ) ئىمكانىقەدەر ئايەت ـ ھەدىستە كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش: ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللاھ «ئەزكار» ناملىق كىتابىدا تەزىيە بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىستۇر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قىزلىرىنىڭ بىرى بىر نارەسىدە پەرزەنتىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئەۋەتىلگەن كىشىگە: «قىزىمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ‹ئېلىۋالغىنىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ، بەرگىنىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ. ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسىنىڭ بەلگىلەنگەن بىر قارارى بار› دەڭ ۋە ئۇنى مۇسىبەتكە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇڭ، ئۇ بۇ مۇسىبەتتىن ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن» دېدى.

(1) ياش قىز-چوكانلارغا مەھرەملىرى تەزىيە قىلسۇن، يات ئەرلەر تەزىيە قىلسا بولمايدۇ.

ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللاھ تەزىيە سۆزىدە ئارتۇق چەكلىمە يوق بولۇپ، گۇناھ بولمايدىغان قانداق سۆز بولسا، تەزىيە بىلدۈرۈشتىن بولغان مەقسەت ھاسىل بولىدۇ، ئەھلى يارەن-بۇرادەرلىرىمىز مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا: «ئاللاھ تەئالا مۇكاپاتىڭنى كاتتا قىلسۇن، تەزىيەرىڭنى چىرايلىق قىلسۇن، مېيىتىڭگە مەغپىرەت قىلسۇن» دەپ تەزىيە بىلدۈرۈشنى ياخشى كۆردى.

2 ) مېيىت ئىگىلىرىگە تاماق تەييارلاشنىڭ مۇستەھەبلىكى: ئىسلام شەرىئىتى مېيىت ئىگىلىرى ئۈچۈن تاماق تەييارلاشنى مۇستەھەب دەپ بەلگىلىدى، چۈنكى، بۇ ياخشىلىق قىلغانلىق، خەيرى-ئېھسان قىلغانلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكەنلىكتۇر، چۈنكى، مېيىت ئىگىلىرى ئۆز ساھىبى بىلەن مەشغۇللانغان، مۇسىبەتتىن يۈرەكلىرى جاراھەتلەنگەن ۋە ھازىدار بولغاندۇر.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمۇللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئتە ئۇرۇشىدا شەھىد قىلىنغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە تاماق تەييارلاڭلار، ئۇلارغا ھەقىقەتەن زور مۇسىبەت كەلدى، ئۇلار شۇ ئىش بىلەن ئاۋارە» دېدى.

بارلىق ئىمام ۋە مۇجتەھىدلەر مېيىت ئىگىلىرىنىڭ ھەممە كىشىلەرگە تاماق تەييارلىشىنى ۋە قازان ئېسىشىنى بىردەك يامان كۆردى.

بۇنىڭ دەلىلى جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: بىز مېيىت ئىگىلىرىنىڭ ئۆيىگە توپلىشىۋېلىشنى ۋە مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن تائام تەييارلاشنى ئۆلۈككە يىغلىغانلىق قاتارىدىن سانايتتۇق.

ئەگەر مېيىت ئەھلىگە ھازىر بولغان كىشى بەك يىراقتىن كەلگەن، كېلىپ-كېتىش قۇلايسىز بولغان ئەھۋالدا مېيىت چىققان ئۆيدىن يېيىشكە رۇخسەت، ئەڭ ياخشىسى بۇ كىشىلەرنى مېيىت ئىگىلىرىنىڭ قوشنىلىرى ياكى يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ مېھمان قىلغىنى ياخشى.

ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە بەزى مېيىت ئىگىلىرى قىلىۋاتقان كەلگەن كىشىلەرگە تاماق تەييارلاش، داستىخان راستلاش، تەزىيە جەريانىدا زىياپەت بېرىش قاتارلىق ئىشلار ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا ھۆججەت چۈشۈرمىگەن يامان بىدئەتلەر جۈملىسىدىندۇر، مېيىت نامىزىغا قاتنىشىش ياكى تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىنغان ھەرقانداق زىياپەتنى، سەدىقىنى، نەزرى-نۇزرات، ھەدىيە-ئىسقات ۋە ئاق-قارا ئاشلارنى قەتئىي رەت قىلىشلىرى كېرەك، چۈنكى، بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتكە، ئىسلامىيەتنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىغا زىت كېلىدىغان قەبىھ قىلمىشتۇر.

3 ) تەزىيە بىلدۈرۈلمەكچى بولغان كىشىلەرگە ئىچى ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش: قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تىلاۋەتكە جىمجىت ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىش ئارقىلىق يىغلاش، مۇسىبەتكە مۇۋاپىق ھەدىسلەرنى سۆزلەش، ھەدىس ياكى سەلەف-سالىھلاردىن ئىزنا ئالغان سۆزلەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەزىيە سۆزلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئىچى ئاغرىغانلىقىنى ئىپادىلەش لازىم.

ئەمما، مېيت، ياكى مېيت ئىگىلىرى، ياكى مۇسىبەتلىك كىشىلەرنىڭ يېنىدا ھېچىش، ياكى كۈلۈش، ياكى بىكار ۋە قۇرۇق پاراڭ سېلىش، ياكى مۇناسىۋەتسىز سۆزلەر ئىچىگە كىرىپ كېتىش، ياكى كۈلكە قىستاشقا سەۋەب بولىدىغان كۈلكىلىك گەپ ۋە يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلىش تەزىيە بىلدۈرۈلمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئەدەپسىزلىك قىلغانلىق ۋە بەتقىلىقلىق بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرى بىلىپ-بىلمەي گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

مېيتكە ئىچ ئاغرىتىش، قايغۇ ئىپادىلەش ۋە ئۇنىڭ ياخشى گەپ ۋە ياخشى ئىشلىرىنى كۆپ تىلغا ئېلىش تەزىيە بىلدۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى بولۇپ، ئىلگىرىكى ياخشى ئاتا-بوۋىلىرىمىز شۇنداق قىلاتتى، مۇشۇ ئۇسۇلغا ئاساسەن تەسەللىي بېرەتتى ۋە تەزىيە قىلاتتى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام نەسەئى رەھمەھۇمەللاھلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئەي قىزىم فاتىمە! سېنى بۇنداق ۋاقىتتا ئۆيۈڭدىن نېمە چىقاردى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ: «مەن بۇ مېيتنىڭ ئەھلىگە باردىم، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مېيتىگە ئىچ ئاغرىتىشىپ بەردىم ياكى ئۇلارنىڭ مېيتىگە تەزىيە بىلدۈردۈم» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

4 ) يامان ئىشنى كۆرگەندە چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش: تەزىيە بىلدۈرگۈچى تەزىيە ئورۇنلىرىدا ئۇشتۇمتۇتلا مېيتنىڭ سۈرەتلىرىنى چىقارغان، تاماكا چەككەن، قارى قۇرئان ئوقۇۋاتقان، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان، ماتەم مۇزىكىسى قويۇپ بېرىلگەن، تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەرگە زىياپەت بېرىلگەن ... دېگەندەك مۇنكەر ئىشلار ۋە بىدئەتلەرگە ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ نېمە قىلىدۇ؟ ئىسلام ئۇنىڭغا يۈكلىگەن مەجبۇرىيەت نېمە؟

ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ياخشى ئىشقا نەسىھەت قىلىش بىلەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا جۈرئەتلىك بولۇش، ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا تاپا-مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىقتۇر. ئۇنى ھەقنى سۆزلەشتىن، مەئرۇپقا بۇيرۇپ، مۇنكەردىن توسۇشتىن مۇناسىۋەتنىڭ قورقۇنچىسى مەنئىي قىلماسلىقى، كىشىلەرنىڭ «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىمەن دېمەي ئىشنى قىلسۇن، كارى بولمىسۇن، ئۆلسەك بىر گۆرگە قويامتى؟» دېگەندەك سۆزلىرى ھودۇقتۇرۇپ ۋە گاڭگىرىتىپ قويماسلىقى لازىم. قورقۇشقا پەقەت ئاللاھ تەئالا سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئەڭ ھەقلىقتۇر.

ئىمام ئىبنى ماجە رەھمەھۇللاھ ئەبى سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار ئۆزىنى كەمستمىسۇن» دېدى. كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ بىرىمىز قانداقمۇ ئۆزىنى كەمستسۇن؟» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىنىڭ ئۆزىنى كەمستكەنلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سۆزلەر بار دەپ قارايدۇ، ئاندىن ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمەيدۇ. ئاللاھۇ ئەززە ۋەجەللە قىيامەت كۈنى ئۇ

كشىدىن: «مېنىڭ توغرامدا ئۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى قىلماقچى ئىدىڭ، لېكىن قىلمىدىڭ، سېنى شۇنداق قىلىشتىن نېمە مەنئىي قىلدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى: «خالايىقلاردىن قورقۇش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. جانابى ئاللاھ تەئالا: «مەندىنلا قورقۇشۇڭ كېرەك ئىدى، مەندىنلا قورقۇشقا ھەقلىق ئىدىڭ» دەيدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بەيئەت ئالغاندا ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت ئالاتتى.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىلغانىدىم.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامان ئىشنى ئۆزگەرتىشكە قۇدرىتى بار تۇرۇپ ئۆزگەرتمىگەن كىشىلەرنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تەئالانىڭ جازالايدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر كىشى گۇناھ ـ مەئسىيەت ئىشلەيدىغان بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە بولسا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قۇدرىتى يەتسە، لېكىن ئۆزگەرتمىگەن بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا، ئۇلار ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزى تەرەپتىن ئازاب چۈشۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن چەكلەش چوقۇم لاياقەتلىك، تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق، چىرايلىق ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن، ھېكمەتكە مۇناسىپ ئۇسلۇب بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى، قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتكە قەلبلەر ئېچىلغان، كۆڭۈللەر تەسىرلەنگەن ۋە روھلار ئۇرغۇغان بولۇشى كېرەك. تالاي يېقىملىق، يۇمشاق، چىرايلىق، مېھرلىك ۋە ھېكمەتلىك خالىسانە گەپلەر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئاڭلىغۇچىنى باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. كىشىلەرنى ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىغان سالىھ مۇئمىنلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن قىلىپ قويىدۇ. بۇيۇك ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن راست سۆزلىدى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن» (16:125).

مانا بۇلار تەزىيىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى توغرىسىدا ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن قائىدە ـ يوسۇنلاردۇر. تەربىيەتچىلەر بۇنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئىجرا قىلىشى، ئاندىن پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ۋە كىشىلىك مۇئامىلىسىدە روياپقا چىقىرىشى لازىم.

* * * * *

## 10 - چۈشكۈرۈش ۋە ئەسنەشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ئىسلام دىنى بۇيرىغان ۋە قىزىقتۇرغان ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بىرى، چۈشكۈرۈش ۋە ئەسنەشتىكى ئەدەپ-ئەخلاق بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئىسىللىككە لاياقەتلىك كۆرۈنۈش ۋە بۇ ئەدەپ-ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇش بىلەن گۈزەللىكنى نامايان قىلىش بىلەن تونۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى بۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

لېكىن، چۈشكۈرۈشنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسىتىپ بەرگەن ئەدەپ-قائىدىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

1) ھەدىستە ئۇتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ھەمدۇ، رەھمەت ۋە ھىدايەت كەلىمىلىرىنى سۆزلەش لازىم: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرگەن ۋاقتتا ‹الحمد لله› (ئاللاھ تەئالاغا ھەمدىلەر بولسۇن) دېسۇن، يېنىدىكى قېرىندىشى ياكى بۇرادىرى ئۇنىڭغا: ‹يرحمك الله› (ئاللاھ تەئالا رەھىم قىلسۇن) دېسۇن، ئاندىن چۈشكۈرگۈچى ئۇنىڭغا: ‹يهديكم الله ويصلح بالكم› (ئاللاھ تەئالا سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلاپ بەرسۇن) دېسۇن»، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھىمەھۇمەللاھلارنىڭ رىۋايىتىدە «يغفر الله لنا ولكم» (ئاللاھ تەئالا بىزگە ۋە سىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن) دېسۇن دەپ بار.

بۇ ھەدىستىن تۆۋەندىكىدەك ئىشلار يەكۈنلىنىپ چىقىدۇ:

(1) چۈشكۈرگۈچى «الحمد لله» (ئاللاھ تەئالاغا ھەمدىلەر بولسۇن) ياكى «الحمد لله على كل حال» (ھەر ھالەتتە ئاللاھ تەئالاغا ھەمدىلەر بولسۇن) دېيىشى كېرەك.

(2) يېنىدىكى كىشى چۈشكۈرگۈچىگە: «يرحمك الله» (سىزگە ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن) دېيىشى كېرەك، مانا بۇ چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاب قايتۇرغانلىق بولىدۇ.

(3) بۇ چاغدا چۈشكۈرگۈچى ياندىكى كىشىگە: ‹يهديكم الله ويصلح بالكم› (ئاللاھ تەئالا سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلاپ بەرسۇن) ياكى «يغفر الله لنا ولكم» (ئاللاھ تەئالا بىزگە ۋە سىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن) دېيىشى كېرەك.

مۇسۇلمان ھەرقاچان بۇ كەلىمىلەرنى ئىشلىتىشى لازىم، چۈنكى، بۇ سۆزلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىزگە يېتىپ كەلگەندۇر.

2) چۈشكۈرگۈچى «الحمد لله» دېمىسە، يېنىدا تۇرغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا «يرحمك الله» دېمەسلىكى لازىم.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يېنىڭلاردا بىرەر كىشى چۈشكۈرۈپ «الحمد لله» دېسە، سىلەر ئۇنىڭغا:



www.uyghurkitap.com

«يرحمـك الـل » دەڭلار، ئەگـەر ئـۇ «الحمـد لله» دېمسـە، سـلەرمۇ ئۇنڭغـا: «يرحمـك الله» دېمـەڭلار»،

ئىككـى شـەيخ رەھمەھۇمەللاھـلار ئەنـەس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇدىـن مۇنـۇ ھەدىسـنى رىۋايـەت قىلـدۇ: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ يېنـدا ئىككـى ئـادەم چۈشـكۈردى، بـىرى: «ئاللاھ تەئالاغا ھەمدىلەر بولسـۇن» دېـدى، يەنـە بـىرى ھېچنېمـە دېمـدى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم «ئاللاھ تەئالاغـا ھەمدىلـەر بولسـۇن» دېگـەن كىشـگە: «ئاللاھ تەئـالا ساڭا رەھمـەت قىلسـۇن» دېـدى، ھېچنېمـە دېمىگـەن كىشـگە ئۇمـۇ ھېچنېمـە دېمـدى، شـۇنىڭ بىلـەن ھېچنېمـە دېمىگـەن ئـادەم: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! پالانـى چۈشـكۈردى، ئۇنڭغـا (ئاللاھ تەئـالا سـاڭا رەھمـەت قىلسـۇن) دېدىـڭ، مـەن چۈشـكۈردۇم، مـاڭا ھېچنېمـە دېمىدىـڭ؟» دېـدى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ئـۇ كىشـى ئاللاھ تەئالاغـا ھەمـدۇ ئېيتتـى، سـەن بولسـاڭ ھەمـدۇ ئېيتمىدىـڭ» دېـدى،

ئەگەر چۈشكۈرگۈچىنىڭ ئېسىگە ھەمدۇسانا ئېيتىش كەلمسە، يېنىدىكى كىشىلەر ئەسلىتىپ قويسىمۇ بولىدۇ،

3 ) ئاۋازنـى ئىمكانقـەدەر پەسـلەش ئۈچـۈن ئېغىزنـى قولـى ياكـى لۆڭگـەدەك بـىر نەرسـلەرنى قويۇۋېلـش لازىـم: ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد ۋە ئىمـام تىرمـىزى رەھمەھۇمەللاھـلار ئەبـۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇدىـن مۇنـۇ ھەدىسـنى رىۋايـەت قىلـدۇ: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم چۈشـكۈرگەندە قولـى ياكى كىيمىنـى ئېغىزىغا قويۇۋالاتتـى ۋە بـۇ ئارقىلـق ئاۋازنـى پەسـلەيتتى،

ئىمـام ئىبنـى سـۇننى رەھمەھۇلـلاھ ئابدۇلـلاھ ئىبنـى زۇبەيـر رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇدىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «ئاللاھ تەئـالا ھەقىقەتـەن ۋارقىراپ-جارقىراشـنى، ئەسنەشـنى ۋە ئۈنلـۈك ئـاۋازدا چۈشكۈرۈشـنى ئـۆچ كۆرىـدۇ»،

4 ) جـاۋاب قايتـۇرش ئـۈچ مەرتەمگىچـە بولـۇش لازىـم: بـىر ئـادەم ئارقمۇئارقـا چۈشكۈرسـە، بـۇ ئادەمنـىڭ چۈشـكۈرۈكگە ئـۈچ قېتىمغىچـە جـاۋاب بېرـش سۈننەتتۇر،

ئىمـام مۇسـلىم، ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد ۋە ئىمـام تىرمـىزى رەھمەھۇمۇللاھـلار سـەلەمە ئىبنـى ئەكـۋەئ رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇدىـن مۇنـۇ ھەدىسـنى رىۋايـەت قىلـدۇ: بـىر ئـادەم رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ يېنـدا چۈشـكۈردى، ئـۇ يـەردە مەنمـۇ ھازىـر ئىدىـم، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئـۇ كىشـگە: «ئاللاھ تەئـالا سـىزگە رەھمـەت قىلسـۇن» ( يرحمـك الله ) دېـدى، ئـۇ يەنـە چۈشـكۈردى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم يەنـە شـۇنداق دېـى، ئاندىـن ئـۇ يەنـە چۈشـكۈردى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەممۇ يەنـە شـۇنداق دېـدى، ئاندىـن ئـۇ يەنـە چۈشـكۈرۈۋىدى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ئاللاھ تەئـالا رەھمـەت قىلسـۇنكى، بـۇ ئـادەم زۇكامـداپ قاپتـۇ» دېـدى،

دېمەك، ئۈچ قېتىم چۈشكۈرگەندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرمىسىمۇ بولىدۇ،

ئىمـام ئىبنـى سـۇننى رەھمەھۇلـلاھ ئەبـۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇدىـن مۇنـۇ ھەدىسـنى رىۋايـەت قىلـدۇ: مـەن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «سـلەرنىڭ بىرىـڭلار چۈشـكۈرگەندە ئۇنـىڭ يېنىدىكـى كىشـى:

«سىزگە ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن» دېسۇن، ئۈچ قېتىمدىن زىيادە چۈشكۈرگەن كىشى زۇكامدىغان ئادەمدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىسۇن» دېگەنلىكنى ئاڭلىغانىدىم.

ئالىملار ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق چۈشكۈرگەن ئادەمگە ياندىشى ياكى ھەمراھى ساقىيىپ كېتىشكە ۋە سالامەت بولۇشىغا دۇئا قىلسۇن، بۇ مۇستەھەبتۇر. بۇ جاۋاب قايتۇرغانلىق بولمايدۇ دەيدۇ.

5 ) مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەرگە «ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ھىدايەت بەرسۇن» دەپ جاۋاب بېرىش لازىم: ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا قەستەن چۈشكۈرەتتى ھەمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزلىرىگە «ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن» دېسە، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ھىدايەت بەرسۇن ۋە ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلىسۇن» دېيىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

6 ) يات قىز-چوكانلار چۈشكۈرۈپ: «ئاللاھ تەئالاغا ھەمدىلەر بولسۇن» دېسە، جاۋاب قايتۇرۇشقا بولمايدۇ: كۆپ سانلىق ئەھلى ئىلىملەر ۋە مۇجتەھىدلەر «يات ئەرلەرنىڭ يات بولغان ياش قىز-چوكانلارنىڭ چۈشكۈرۈشىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ھارام دەرىجىلىك يامان كۆرۈشتە يامان كۆردى، ئەمما مومايلار ئۈچۈن يامان كۆرمىدى.

يوچۇقنى ئېتىش ۋە پىتنىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن بۇ ياش خانىم-قىزلارغا يامان كۆرۈلىدى.

ھۆججەتۇلئىسلام ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئىمام ئەھمەد ھەنبەلىي رەھمەھۇللاھتىن مۇنداق بىر ۋەقە رىۋايەت قىلىندى: ئۇنىڭ يېنىدا ئابدالاردىن بولغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھنىڭ ئايالى چۈشكۈرگەندە جاۋاب قايتۇرۇپ: «سىلىگە ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن» دەيدۇ. ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ: «ھەي نادان سوپى» دېگەن. ئۇ يات ئايالنىڭ چۈشكۈرگىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھېلىقى ئادەمنى جاھىل ۋە نادان دەپ قارىغان.

ئەمما، ئەسنەشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ) مۇمكىنقەدەر ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەسنەكنى قايتۇرۇش كېرەك: ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن چۈشكۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەسنەشنى يامان كۆرىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرگەندە ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇ ئېيتسا، ئۇنى ئاڭلىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ گەدىنىگە ئۇ كىشىگە: «سىزگە ئاللاھ تەئالا رەھمەت قىلسۇن» دېيىش ھەقلىق بولىدۇ. ئەمما، ئەسنەش شەك-شۈبھىسىزكى، شەيتاندىن بولىدۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ئەسنەك تۇتسا، ئۇنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قايتۇرۇۋەتسۇن، ھەقىقەتەنمۇ سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەسنىگەندە ئۇنىڭدىن شەيتان كۈلىدۇ».

2 ) ئەسنەگنى قايتۇرالماي، ئۇ غالىب كەلگەندە قولنى ئېغىزغا قويۇۋېلىش لازىم: ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبى سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەسنىگەندە قولى بىلەن ئېغىزىنى توسۇۋالسۇن، شەيتان ھەقىقەتەن ئېغىزىدىن كىرىدۇ».

كۆپ ساندىكى ئەھلى ئىلىملەر ۋە مۇجتەھىدلەر ئەسنەك تۇتقاندا مەيلى نامازنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن ئېغىزغا قولنى قويۇۋېلىش مۇستەھەب دېگەن ھۆكۈمگە كەلدى.

3 ) يۇقىرى ئاۋازدا ئەسنەش يامان ئىشتۇر: ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمۇللاھلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن چۈشكۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەسنىگەندە (ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ): (ھاھ ... ھاھ ...) دېمىسۇن، شۇنداق ئەسنەش شەيتاندىن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن شەيتان كۈلىدۇ».

ئىمام سۇننىي رەھمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تەئالا ئەززە ۋەجەللە ھەقىقەتەن يۇقىرى ئاۋازدا ئەسنەش ۋە چۈشكۈرۈشنى يامان كۆرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

پايدىلىنىش:

سەلەفلەردىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ، ئەسنەشنى توختىتالمايدىغان، ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدىغان، ئۇنى قايتۇرۇشنى خىيال قىلالمايدىغان كىشىلەر شۇنىڭغا ھېرىسپ بولۇڭلاركى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرىدە ھەرگىز ئەسنەپ باققان ئەمەس، ئاللاھ تەئالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ زاتتىن ئەسنەش كەتكەن.

مانا بۇلار ئەسنەش ۋە چۈشكۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرى توغرىسىدا ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ مۇھىملىرى بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنى تەربىيەتچىلەر ئۆزلىرى ئىجرا قىلىشى، ئائىلىسى، پەرزەنتلىرى ۋە ئاياللىرى ئىچىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قىزىقىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك مۇئامىلىسىدە روياپقا چىقىرىشى لازىم.

* * * * *

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلار! يۇقىرىدا بىز ھوزۇرۇڭلارغا ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاق، كىشىلىك مۇئامىلە ۋە ئۇچرىشىش توغرىسىدىكى قائىدە-يوسۇنلىرى، ئاساسلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ بىر قەندەر ئوبرازلىق دەپ قارالغانلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. مۇسۇلمان بۇ ئەدەپ-قائىدىلەرنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرغاندا، ئىجتىمائىيلىقتا گەۋدىلەندۈرگەندە، مەسلەك-پائالىيەتتە ۋۇجۇدقا چىقارغاندا قانچىلىك ئىززەت-ھۆرمەتلىك بولار، قانچىلىك ئۇلۇغلۇقتا ئىگە بولار ۋە قەدىرلىنەر-ھە!

مۇسـۇلمان يېمەك ـ ئىچمـەك، سالام ـ سـەھھەت، ئىجـازەت سـوراش، ئولتۇرۇپ ـ قوپـۇش، سـۆزلەش، يومـۇر، كۈلكە ـ چاقچـاق، تەبرىكلـەش، تەزىيـە بىلـدۈرۈش ۋە چۈشكۈرۈش ۋە ئەسنەش قاتارلىقلاردىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى بىلگـەن چاغـدا، نەمۇنىلىك ئەخلاقنىڭ قىممىتىگە قانچىلىك يېتەر ـ ھە؟!!

مۇسـۇلمان ئىنسـانىي ۋۇجـۇد ئالەمـدە پەزىلەتلىـك جەمئىيەتنىڭ بەلگە ـ نىشـانلىرىنى يورۇتـسۇن دەپ، زوھـۇر قىلدۇرسـۇن دەپ، جىنسـلىرى ئوخشـمايدىغان، تىللىـرى ئوخشـمايدىغان، رەڭلىـرى ئوخشـمايدىغان، مەدەنىيـەت ـ سەۋىيىسى ئوخشـمايدىغان مۇسـۇلمانلاردا مۇجەسسـەملەنگەن پەزىلەتلىـك جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىرى كۆزنى چاقناتسـۇن دەپ، ئۇلـۇغ ئىسـلام دىنى بـۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى چوڭ ـ كىچىـك، ئەر ـ ئايـال، ھاكىم ـ مەھكـۇم، باشلىق ـ پۇقرا، ئالىم ـ ئاممـا ھەممـە مۇسـۇلمانغا ئورتـاق تاپشـۇرۇق قىلـدى.

بـۇ ئېسـىل ئەدەپ ـ قائىدىلـەر ئىسلام يۇرتلىـرى ۋە جەمئىيەتلىرىـدە نەچچـە ئەسـىرلەپ مۇجەسسـەملەندى. ئـۇ زامانـلاردا دۆلـەت مۇسـۇلمانلارنىڭ بولغـان، ھوقـۇق مۇسـۇلمانلارنىڭ بولغـان، مۇسـۇلمانلارنىڭ ئىچكـى بىرلىكـى، قۇدرەتلىك ۋۇجـۇدى، ھۆكۈمىتـى ۋە سـەلتەنىتى بولغانـدى. ئـۇ چاغـلاردا مۇسـۇلمان خەلـپە بـۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى بەلگىلىمـە قىلىـپ بەلگىلىيەلەيتتـى. ئەمەلىيلەشتۈرگەن ياكـى كەم قويغانلارنى نـازارەت قىلىدىغان كىشـلەرنى قويغانـدى. ئىسـلامىي جەمئىيەتتـە ۋەز ـ نەسـىھەت، ئىجتىمائىـي تەنقىد ۋە نـازارەت، ئەمرى ـ مەئـرۇف ۋە نەھيى ـ مۇنكەر كاپالەتلىك قىلىناتتـى. بۇنىـڭ ئۈچـۈن بىـر يـۈرۈش نىزامنامـە تۈزۈلگەنـدى. خالايىقـلار ئـۇ دەۋرلـەردە ئالـلاھ تەئالانىـڭ دىنـى بولغـان ئىسـلامغا توپ ـ تـوپ، جامائـەت ـ جامائـەت بولـۇپ كىرگەنـدى. چۈنكـى، ئـۇلار مۇسـۇلمانلارغا قارىسـا، ئۇلارنىـڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقـى ۋە قائىدە ـ يوسـۇنلىرىدا ئىسـلامنىڭ مۇجەسسەملەشـكەنلىكىنى، ئۇلارنىـڭ مەسـىلەكلىرى، پائالىيەتلىـرى ۋە مۇئامىلىلىرىـدە شـەكىللەنگەنلىكىنى، ئىلىم ـ بىرىـم ئىشـلىرىدا ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى كۆرەتتـى. بـۇ چاغدا كىشـلەرنىڭ ئىسـلامغا بەس ـ بەسـتە كىرىشـى تەبىئىـي ئىشـلاردىن ئىـدى. ئىسـلام ئەلچىلىكىگە ئـۆز ئىختىيارىچـە رازى ۋە راغىـب بولـۇپ ئىشـتىنىش ھـەم تەبىئىـي ئىشـلاردىن ئىـدى.

مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ئىدى!

ھەممەيلـەن ئېنىـق بىلىۋېلىشـقا تېگىشـلىكى شـۇكى، بـۇ ئىسـلام ئۈممىتىنىـڭ ئەۋۋىلـى نېمـە بىلەن ئىسلاھ بولغان بولسـا، ئاخىرىمـۇ شـۇ نەرسـە بىلـەن ئىسـلاھ بولـىدۇ. ئەۋۋىلـى ئىسـلاھ بولغـان نەرسىنى بـۇ ئاخىرقىلىـرى قولغـا ئالمىغۇچـە ھەرگىـز ئىسـلاھ بولمايـدۇ ۋە ئىسـلاھاتتىن ئېغىـز ئېچىـش مۇمكىـن بولمايـدۇ.

ئەھـۋال شـۇنداق بولغانىكـەن، ئىسـلام دۇنياسـىدىكى بارچـە تەربىيەتچىلـەر، ئاتا ـ ئانـىلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار، تەربىيەگـە مەسئۇل كىشـىلەر ۋە ئىسـلام ئۈممىتىنىـڭ يـاش ئەۋلادلىرىنـى يارامىلىـق تەربىيىلەشـكە قىزىققۇچـى ھەرساھە كىشـىلىرى ئۆسـۈپ يېتىلىۋاتقـان بـۇ مۇسـۇلمان ئەۋلادلارنـى ئاشـۇ پەزىلەتلىـك ئىجتىمائىـي ئەدەپ ـ قائىدىلەرگـە ئىگـە قىلىـپ تەربىيىلـەش ئۈچـۈن، ھىممەت ـ مەقسـەتلەرنى چاقـلاپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتلەرنـى توپـلاپ، ئاكتىپچانلىقنـى ئىشـقا سـېلىپ، ئۆتكـۈر ئـىرادە كەمەرلىرنـى چىـڭ باغـلاپ، مەردانـە كۆكـرەك كېرىـپ كىچىكتۈرمەسـتىن سـەپەرۋەرلىككە كېلىشـى، ئالاھـىدە نەتىجىلەرنـى ۋە سـەمەرىلىك پايدىلارنـى قولغـا كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن تەربىيىنى سـۆيۈملۈك كۆچەتلىرى

بىخ ھالىتىدە تۇرغان ۋاقىتتىن باشلىشى لازىم.

ئەگەر ئۇلار دېگىنىڭىزدەك قىلالىسا، ئاللاھ جەللە ۋەئەلا ئۇلارغا يېقىن كەلگۈسىدە مۇكاپات بەرگۈسى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلسا ئەجىر- مۇكاپاتنى قىيامەت كۈنىگە زاپاس ئېلىپ قويغۇسى، ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتىسە جەننەت بىلەن تارتۇقلىغۇسى، ئاللاھ جەللە ۋەئەلا سادىقلىق بىلەن، سەممىيەت بىلەن ۋە ئىخلاس بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى مۇكاپاتلايدۇ، ياخشى ئىش قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىنى كۆيدۈرۈۋەتمەيدۇ.

ئاخىردا مەن مۇھىم ئىككى مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم:

1 ـ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي ئەدەپ- قائىدىلەرگە ھېچقانداق دىن، ياكى ئەقىدە، ياكى جەمئىيەت ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ھەم كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىدى.

2 ـ بۇ ئەدەپ- قائىدىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىيەتنى چىقىش قىلىدىغان ئىجتىمائىي دىن ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىنى تۈزەش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىرەر شەخسكە مەنسۇپ شەخسىي ۋە خۇسۇسىي دىن ئەمەسلىكىنى، مىسسىئونېرلىق قانۇنمۇ ئەمەسلىكنى، شۇنداقلا ئاق قەغەز ئۈستىگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان قۇرۇق خەت ياكى تەكچە- تويۇقلار ئۈستىگە ئېلىپ قويىدىغان، كىتاب ئىشكاپلىرى ئىچىدىن پەخىرلىنىشكە ئاتاپ قويۇلغان كىتاب ئەمەسلىكنى ئىسپاتلايدۇ.

«مانا بۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ ( ياراتقان ) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، ئاللاھ تەئالادىن باشقا مەئبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ بەلكى زالىملار ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر» ( 31:11 ).

## 4 ـ ئىجتىمائىي نازارەت ۋە تەنقىد

پەرزەنتنى مەسىلەك جەھەتتىن بارلىققا كەلتۈرۈش، ئىجتىمائىي جەھەتتىن يارامىلىق ۋە مۇنەۋۋەر ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەش جەريانىدا بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي پرىنسىپلاردىن بىرى، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان، نازارەت قىلىدىغان ۋە بىللە ياشايدىغان، ئۆزى مەنسۇپ بولغان، دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان قەۋم- قېرىنداشلىرىغا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەنقىد ئېلىپ بارىدىغان، تەرتىپسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىق سادىر قىلغان ھەربىر ئادەمگە نەسىھەت قىلىدىغان، پۈتۈن ئادەمزاتنىڭ ئۆلۈغ مەنپەئىتىگە كۆيىنىدىغان، ئۆزىنىلا ئويلاپ ئۆزگىنى تاشلاپ قويمايدىغان، «كېمىگە چۈشكەنلەرنىڭ جېنى بىر» دېگەن تۇيغۇ بىلەن ياشايدىغان ئۇلۇغۋار خىسلەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈش ۋە قان- قېنىغا سىڭدۈرۈۋېتىش دېگەنلىكتۇر.

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، پەرزەنتنى ترىنقى ئۆسكەن چاغدىن باشلاپ، ئامىمنىڭ راينى كۆزىتىش، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارغا ۋە ھەقتىن ئادىشىپ كەتكۈچىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قىممەتلىرى، مۇقەددەساتلىرى ۋە ئەخلاق- نەمۇنىلىرى قاتارلىقلارنى قوغداش جەھەتلەردە ئاساسلىق قائىدىلەرنىڭ بىرى بولغان «ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش» مەجبۇرىيەت روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئادەتلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

بىزلەر بۈگۈن ئۆسمۈر پەرزەنتلىرىدە ئىككى كۆزنى ئاچقاندىن باشلاپ جۈرئەت، شىجائەت، باھادىرلىق،

مەردانلىلىك، ھەق سۆزلەش ئەخلاق ـ روھنى يېتىلدۈرگەن ۋە يېتىلدۈرۈشكە ئىنتىلىۋاتقان ھەق سۆيەر ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھالىغا ئېچىنىدىغان، ئۆتمۈشنى سېغىنىدىغان، كەلگۈسىگە ئۈل ـ ئاساس سېلىشنى ئويلىشىدىغان ۋە بۇلار ئۈچۈن يەڭ تۈرگەن، ھىممەت كەمىرىنى تاقىغان، ئاڭلىق ۋە تىرىشچان تەربىيەتچىلەرگە، پەرۋىشكارلارغا نەقەدەر ئېھتىياجلىق ـ ھە!!!

ئەنە شۇ تەربىيەتچىلەرنىڭ تەربىيىلىگەن ئەۋلادلىرى، ياكى شاگىرتلىرى يامانلارنى تەنقىدلىيەلىگۈدەك، نەسىھەت قىلالىغۇدەك، يامانلىقتىن توسۇشقا جۈرئەت قىلالىغۇدەك، ھەقنى سۆزلىيەلىگۈدەك لاتاپەت ۋە ئۆلچەمگە يەتكەندە، ئۈستىدىكى نەسىھەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا، تەنقىدلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەشكە ئاتلىنىدۇ، بەلكى، ئاللاھ تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچى جامائەت كارۋىنىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئىسلام ئەلچىكىنى يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ھەق يولدىن ئادىشىپ كەتكەن، تۇيۇق داغدام يولدىن بارسا كەلمەس تۇيۇق يوللارغا، ئەگرى ـ توقايلىقلارغا، قاپتاللارغا قايرىلىپ كەتكەن، ئەگىپ كەتكەن بىچارە تەلەيسىزلەرنى قولىدىن يېتىلەپ، يېگانە ئاللاھ تەئالانىڭ توغرا يولى ـــ « را المستقيم»گە باشلايدىغان پەيغەمبەر ۋارىسى بولۇش بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئۈستىگە ئالىدۇ، بۇ جەرياندا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامەتلىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ، ئۇنى مۇستەبىت ياكى زالىم ھەقنى سۆزلەشتىن توسۇپ قالالمايدۇ.

لېكىن، بالىلارنى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى تەنقىدلىيەلىگۈدەك، ئاممىنىڭ رايىنى نازارەت قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە قىلىدىغان ئۇسۇللار ۋە باسقۇچلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟

مانا بىز ھازىر بارلىق تەربىيەتچىلەر ئالدىدا تەربىيىلەش، يېتىلدۈرۈش، تەييارلاش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتە مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئاشۇ ئۇسۇللار ۋە باسقۇچلارنىڭ ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

## 1 ـ ئاممىنىڭ رايىنى كۆزىتىش ئىجتىمائىي ۋەزىپىدۇر

ئىسلام دىنى ئەمرى ـ مەئرۇف ۋە نەھيى ـ مۇنكەردە شەكىللەنگەن ئاممىنىڭ رايىنى نازارەت قىلىشنى سىنىپ، تۈر، ئىمتىياز ۋە پەرق ئايرىماستىن، پۈتۈن ئۈممەت كوللېكتىپىغا پەرز قىلدى. ئۇ ھۆكۈمران ئالىملار، خۇسۇسىيلار، ئاممىلار، ئەرلەر، ئاياللار، ياشلار، قېرىلار، چوڭلار، كىچىكلەر، خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلار ھەممىسىگە ئوخشاش ۋە ئورتاق پەرز قىلدى ۋە بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ھەركىم ئۆز ھالىغا، تاقىتىگە، ئىمانىغا ۋە بىلىمىگە لايىق رەۋىشتە ئۈستىگە ئالىدىغان ھېچقانداق بىر ئىنساندىن كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ئىجتىمائىي ۋەزىپە قىلىپ بېكىتتى.

دىلىغۇل بولۇپ قالغان بولساڭىز ئاللاھ تەئالا تەبارەك ۋەتەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە قاراڭ: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھ تەئالاغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» (3:110).

ئاللاھ تەئالا مۇئمىنلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىپىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى ) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى ( تولۇق ) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ تەئالا رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ( 9:71 ).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە مەنسۇپ دەپ قارايدىغان ھەربىر كىشىدىن بەيئەت ئالغان چاغدا، ئۇلاردىن كۆڭلىگە خۇش ياقسۇن ياكى ياقمىسۇن، ئاكتىپلىقى قوزغالسۇن ياكى زورلانسۇن، ئاسايىشلىقتا بولسۇن ياكى قىيىنچىلىقتا بولسۇن، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا، قەيەردە بولسا ھەقنى سۆزلەشكە ۋە ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا تاپا ـ مالامەتتىن قورقماسلىققا ئەھدى ئالاتتى.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆڭۈل خۇش كۆرسۇن ياكى زورلانسۇن، ئاسايىشلىق بولسۇن ياكى قىيىنچىلىقتا بولسۇن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتماي ئۆزىمىزدىن ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن كۇپرىلىققا ھۆججەت بار ئىش كۆرۈلمىگۈچە ئىشنى[1] ئۆز ئەھلىدىن، لاياقەتلىك كىشىلەردىن تالاشماسلىققا، قەيەردە بولسا ھەق سۆزلەشكە ۋە ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا تاپا ـ مالامەت قىلغۇچىنىڭ تاپا ـ مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت قىلدۇق».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا جەمئىيەتنىڭ شەخسنى، شەخسنىڭ جەمئىيەتنى نازارەت قىلىشىنى، «كېمىگە چۈشكەنلەرنىڭ جېنى بىر» تەسۋىرى بىلەن كېمىنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن، بۇ مىسال ھەربىر مۇسۇلمانغا ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى نازارەت قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشتىكى، زالىمنىڭ قولىنى، زوراۋانىڭ زورلۇق ـ زۇمبۇرلۇقىنى چەكلەپ، ئىسلام ئۈممىتىگە ساغلام ئەقىدىسىنى ۋە ئەخلاقىنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىش، ئۇلارنى مەۋجۇدلۇق ئارىلىغا، ۋۇجۇد ئالەمگە ئېلىپ چىقىش، ھەردائىم كېرەكتىن چىقارغۇچىلارنىڭ كېرەكسىزلەشتۈرۈۋېتىشى، زالىم، تاغۇت ـ تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەئىۇن ئىستىبداتىدىن خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تەئالانىڭ ھودۇد ـ بەلگىلىمىلىرىدە چىڭ تۇرغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا رىئايە قىلماي قىڭغىر كەتكۈچىلەر ئۆزئارا چەك تاشلىشىپ بەزىسى ئاستىن قەۋىتىگە، بەزىسى ئۈستۈن قەۋىتىگە ئورۇنلاشقان بىر كېمىدىكى ئىككى قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئاستىدىكى كىشىلەر سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئۈستىگە چىققاندا، ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ، ئۇلارنى بىئارام قىلىدۇ ۋە

(1) ھوقۇق مەسىلىلىرى ۋە جامائەت ئىشلىرى بۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلار كۇپرى دەرىجىسىگە تاقالمىغۇچە ئۇلاردىن ھوقۇق تالاشماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

غۇدىراپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى كىشىلەر ئۈزۈنئارا مەسلىھەتلىشىپ: «ئەگەر بىز سۇدىن ئىبارەت نېسىۋىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن كېمىنىڭ تېگىنى تەشسەك، ئۈز نېسىمىزگە ئاسانلا ئېرىشىمىز، ئۈستىمىزدىكىلەرگىمۇ ئەزىيەت بەرمەيمىز» دېيىشىدۇ ۋە كېمىنى تەشمەكچى بولىدۇ. ئەگەر كېمىدىكىلەر ئۇلارنى مەيلىگە قويسا، خالىغان ئىشنى قىلىشقا يول قويسا، ئۇلار كېمىنى تەشسە، ئۇلارمۇ ۋە بۇلارمۇ ھەممىسى ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇۋالسا، ئۇلارمۇ، بۇلارمۇ ھەممىسى قۇتۇلۇپ قالىدۇ، نىجاتلىق ساھىلىغا يېتىۋالىدۇ».

ـــ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەممە شەخسلىرىگە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنىڭ ۋاجىبلىقىنى، ھەربىر مۇسۇلمان شەخسنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىجتىمائىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان ئىشلارنىڭ بىرى، بەنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزئارىسىدا بولۇۋاتقان يامان ئىشلارنى توسماسلىق سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ لەنىتىگە ھەقلىق بولۇپ قالغانلىقىدۇر. بىر ئىنسان گەدىنىدىكى ۋاجىب ـ پەرز بولغان بىر ئىشنى تەرك ئەتمىگۈچە ئاللاھ تەئالانىڭ لەنىتىگە ھەقلىق بولمايدۇ. مۇنۇ ئايەت مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ: «بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!» (79 ـــ 5:78).

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۈستىگە ئوخشاش ۋاجىب بولىدىغانلىقىغا بۇ ھەدىسمۇ دەلىل بولىدۇ: ئىمام تىرمىزى رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «بەنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، ئاندىن ئۆلىمالىرى ئۇلارنى توستى، ئۇلار توختىمىدى، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى ئۇلار بىلەن بىر سورۇندا بىللە ئولتۇردى، يەپ ـ ئىچىشتى، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ ئوخشاش قىلىۋەتتى ۋە ئۇلارغا داۋۇد ۋە ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلدى. شۇ لەنەت ئۇلارنىڭ ئاسىي بولغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى سەۋەبى بىلەن بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، بىردىنلا تىك ئولتۇردى، ئاندىن: «مېنىڭ نەپسىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، (سىلەر بەنى ئىسرائىلغا ئوخشىماڭلار) ئۇلارنى ھەقكە ئىتتىرىپ ـ ئىتتىرىپ قايتۇرۇپ كېلىڭلار» دېدى.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ۋاجىبلىقىنى تەكىتلەيدىغان ھۆججەتلەرنىڭ يەنە بىرى، كىشىلەرنى ئاللاھ تەئالانىڭ توغرا يولىغا باشلاش، ئىسلاھ قىلىپ تۈزەش، تاپتىن چىقارغۇچىلارنىڭ قولىنى، بۇزغۇنچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن يالتايغان كىشىلەرنىڭ ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىر قاتاردا ئوخشاش ھالاك بولىدىغانلىقىدۇر.

ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار زەينەب بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت

قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا چۆچۈگەن ھالدا كىرىپ كەلدى، ئۇ: «بىر ئاللاھ تەئالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، يېقىنلاپ كەلگەن بىر يامانلىقتىن ئەرەب مىللىتىگە ۋاي! بۈگۈن يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ توسۇقىدىن مۇشۇنىڭچىلىك چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلدى» دېدى ۋە باشمالتاق بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا ھالقا شەكىللەندۈردى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر تۇرسا، بىزمۇ ھالەك قىلىنامدىمىز؟» دېۋىدىم، ئۇ: «بۇزۇقچىلىقلار كۆپەيسە» دېدى.

بۇ ۋاجىبنى تەكىتلەيدىغان ھۆججەتلەرنىڭ يەنە بىرى، يۇقىرىقىدەك ئاللاھ تەئالا سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ئۈممەت ئىچىدىن بىرەر كىشىنىڭ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەرنىڭمۇ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدىغانلىقى، نىداسىغا قۇلاق سالمايدىغانلىقىدۇر، چۈنكى، ئۇلار ئازغۇنلار بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە زالىملارغا قارشىلىق كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتىدىن يالتايغاندۇر.

ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نەپسىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئەلۋەتتە ياخشى ئىشقا بۇيرۇيسىلەر ۋە يامان ئىشتىن توسىسىلەر ياكى بولمىسا ئاللاھ تەئالا ئۈستۈڭلارغا ئۆزى تەرىپىدىن ئەۋەتىدىغان ئازابنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر، لېكىن ئۇ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلمايدۇ».

ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئىبنى ھەببان رەھمەھۇمەللاھلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىردى، ئۇنىڭ چىرايىدىن چوقۇم بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلدىم، ئۇ تاھارەت ئالدى، ئاندىن ھېچكىمگە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئاڭلارمەنمۇ؟ دەپ ھۇجرا تېمىغا چاپلاشتىم، ئۇ مەسجىدكە كىرىپ مۇنبەر ئۈستىگە چىقتى، ئاندىن ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاندىن: «ئەي خالايىق! ھەقىقەتەن سىلەر دۇئا قىلساڭلار ئاللاھ تەئالا ئىجابەت قىلمايدىغان، تىلىسەڭلار ئاللاھ تەئالا تىلىكىڭلارنى بەرمەيدىغان، ياردەم سورىساڭلار ئاللاھ تەئالا ياردەم قىلمايدىغان ۋاقىت كېلىشتىن ئىلگىرى ياخشىلىققا بۇيرۇڭلار ۋە يامانلىقتىن توسۇڭلار» دېدى-دە، باشقا گەپ قىلماي مۇنبەردىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەمما، بەزى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان «سىلەردىن يامان ئىشنى كۆرگەن كىشى ئۇ يامانلىقنى قولى بىلەن تۈزەتسۇن، بۇنىڭغا قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا دىلىدا نارازى بولسۇن، دىلىدا نارازى بولغانلىق بولسا ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزىدۇر» دېگەن ھەدىسنى قولى ئارقىلىق ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھۆكۈمرانلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ ۋەزىپىسى، تىلى ئارقىلىق ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئالىملارنىڭ ۋەزىپىسى، دىلى ئارقىلىق ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئاۋام خەلقنىڭ ئىشى دەۋېلىشى ۋە ھۆججەت قىلىۋېلىشى پاكىت سۈپىتىدە دەلىل-ئىسپات بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئۇ بىرەر ھۆججەتكىمۇ تايانمايدۇ، ھۆججەت ئوبيېكتى ھەم بولالمايدۇ، بۇ ۋاجىبنى يەڭگىللىتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى دەلىل ئۈستىگە تۇرغۇزۇلمىغان ۋە ھۆججەتكە

تايانمىغان. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن مۇنكەر ئىشنى كۆرگەن كىشى ...» دېگەن ھەدىسىدىكى «كىشى» سۆزى ئومۇمنى كۆرسىتىدىغان سۆزدۇر. شۇڭا، ئۇ سۆز مۇنكەرنى قولى ياكى تىلى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ياكى دىلىدا نارازى بولۇشقا قادىر بولالايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنكەرنى ئىنكار قىلماسلىقتىن مۇنكەر ئومۇملىشىش كېلىپ چىقىدىغان خەتەرنى چۈشەنگەندە، ئىنكار قىلىش ئەمىرلەر، ئالىملار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ زىممىسىگە ئوخشاش ۋاجىب بولىدۇ. بۇ يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ ئومۇمىي دەلىللىكى قاتارىغىمۇ كىرىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (3:104) دېگەن سۆزىدە كەلگەن «ئۈممەت» ۋە «جامائە» تەۋەلىكىگىمۇ كىرىدۇ. «ئۈممەت» سۆزى تەبىقىلىرى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تىلى ۋە رەڭگى ئوخشاش بولسىمۇ دىنى بىر، قىبلىسى بىر بولغان پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەممىسىنى ۋە تامامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھۆكۈمرانلار، ھوقۇقدارلار، ئالىم-ئۆلىمالار ۋە ئاۋام خەلقلەر ھەممىسىنى ئوخشاشلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكىنى ھوقۇقدارلار، بىر بۆلىكىنى ئالىم-ئۆلىمالار، بىر بۆلىكىنى خەلق ئاممىسى دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دېگۈچىلەر بولسا، دەلىل-پاكىتلىرى ۋە ھۆججەتلىرى بولسا چىقارسۇن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

ئۇنداق بولمىسا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دىنىغا ۋە ئەخلاقىغا سۇيىقەست قىلىۋاتقان، ئەقىدە-ئېتىقادلىرى ۋە بارچە مۇقەددەساتلىرىنى كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇشقا خىرىس قىلىۋاتقان، زېمىندا زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇۋاتقان، ئاللاھ تەئالانىڭ نۇرى بىلغان ئىسلام دىنىنى ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئۆچۈرۈشكە ئورۇنۇۋاتقان ياۋۇز، ھىيلىگەر، ئالا كۆڭۈل، قىزىل كۆز سۇيىقەستچىلەرنى كىم نارازەت قىلىدۇ؟ كىم كۆزىتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن زادى كىم خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ؟ ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىن كىم توسۇپ تۇرىدۇ؟ پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى، ھەممىسى، تامامىسى مۇنكەرنى ئىنكار قىلىشقا مۇرىنى مۇرىگە تىرىمىسە، قول تۇتۇشۇپ تۇرمىسا، تاپتىن چىقارغۇچى، چىرىتكۈچى، كېرەكسىزلەشتۈرگۈچىلەر ۋە زالىم-زوراۋان تاغۇتلارغا قارشى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر سەپتە تۇرمىسا كىم تۇرىدۇ؟ ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلسا، ئەمرى-مەئرۇف، نەھيى-مۇنكەر قىلمىسا، ياكى ئوتتۇرىدىكى مۇنكەرلەرنى ئۆزگەرتىش پىلانچىنىڭ، بۇ تۈردىكى مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش پوكونچىنىڭ ۋەزىپىسى، خەلق ئاممىسى نېنىنى يەپ، ئېشىنى ئىچىپ، ئىشىنى قىلسا بولىدۇ دەپ قارىغاندا، ئىسلامنىڭ ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېلەچىكى بولامدۇ؟!

كىشىلەر ئاگاھ بولسۇنكى، ھەقىقەتەن ۋە چوقۇم تەربىيەتچىلەر ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئەدەپلىك جۈرئەت-شىجائەتنىڭ، سۆز ۋە ھەرىكەتتە روھىي باھادىرلىق ۋە جاسارەتنىڭ ئۇرۇقلىرىنى كۆچەت قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا يېمىرىلمەس گىگانت ئورمانلارغا ئايلاندۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلالىساق، ئوماق پەرزەنتلىرىمىز تىرناقلىرى ئۆسكەندىن باشلاپ ئاممىنىڭ راينى كۆزىتىدىغان، نارازەت قىلىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ۋاجىبلىق سۈپىتىدە قاراپ، ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ھەربىر ئىنساننى ھېكمەتلىك قۇرۇلۇش خاراكتېرىگە ئىگە تەنقىد قىلالايدىغان يارامىلىق، مۇنەۋۋەر

ۋە كېرەكلىك ياخشى ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

* * * * *

## 2 - جەمئىيەتنى نازارەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللار

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللار ۋە زۆرۈر بولغان شەرتلەر بار. تەربىيەتچىلەر بۇلارنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى قوبۇل قىلىشى، ئاندىن پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشى ۋە قۇلاقلىرىغا قۇيۇۋېتىشى لازىم. پەرزەنتلەر مۇشۇ ئۇسۇللارنى ئۆيلىيالىغۇدەك، مۇشۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن ماڭالىغۇدەك بولغاندا، ئۇستىدىكى ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى ياخشى، چاقىرىق كۈچى زور، تەسىرى كۈچلۈك، قوبۇل قىلىشى كۆپ بولىدۇ.

بۇ ھەقتە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللار، ئالىملار ۋە دەۋەتچىلەر كۆرسەتكەندەك بەك كۆپ. تۆۋەندە مۇھىم دەپ قارالغانلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

### 1 - ئېغىزدا سۆزلىگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە سۆزلىگىنى ئۇيغۇن بولۇش لازىم

بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلىيەتتە سىلەر قىلمايدىغان ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئېغىزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېيىشىڭلار ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر» (3 ـــ 2:61)؛ «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟» (2:44).

يەنە بۇ ھەقتە ئىككى شەيخ رەھمەھۇمەللاھلار ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. كىشىلەر: ‹ئى پالانى، سىزگە نېمە بولدى؟ سىز ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭىز ئەمەسمۇ؟› دەيدۇ. ئۇ كىشى جاۋابەن: ‹توغرا، مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتۇم، لېكىن ئۆزەم قىلمايتتىم، يامانلىقتىن توساتتىم، لېكىن ئۆزەم يانمايتتىم› دەيدۇ.

ئىمام ئىبنى ئەبى دۇنيا ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «مەن ئىسرا كېچىسى بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدۈم، ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى ئوتتىن بولغان قايچىلار بىلەن كېسىلىۋېتىپتۇ. مەن: ‹ئەي جىبرىئىل! ئۇلار كىملەر؟› دەپ سورىدىم. جىبرىئىل (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم): ‹ئۇلار سېنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ ئۆزلىرى قىلمايدىغاننى باشقىلارغا قىلىڭ دېمەيدىغان، ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇپ ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايدىغان خەتىبلەر› دېدى».

سەلەف ـ سالىھلار ( ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن ) ئۆزلىرى، ئەۋلادلىرى ۋە ئەھلىلىرىدىن ھېساب ئېلىشتىن، ئۇلارنى ياخشىلىققا، تەقۋادارلىققا ۋە ئەمەلى سالىھ قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىش ۋە باشقىلارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىشتىن قاتتىق قىينچىلىق ھېس قىلاتتى.

مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇش ياكى توسۇشتىن بۇرۇن پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرىنى يىغاتتى ۋە ئۇلارغا: «ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتقاندىن كېيىن: «مەن چوقۇم پات ئارىدا كىشىلەرنى مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرماقچى، مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلاردىن چەكلىمەكچى، ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ماڭا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىرەرسىنىڭ خالايىقلارنى چەكلىگەن ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان ياكى قىلىشقا بۇيرىغان ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلمىغانلىقى توغرىلىق خەۋەر كېلىپ قالمىسۇن، بولمىسا مەن ئۇنى قاتتىق جازالايمەن، ھېچكىم مەندىن ئاغرىنمىسۇن» دەيتتى. ئاندىن چىقىپ كىشىلەرنى مەقسەت قىلغان ئىشقا چاقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتمايتتى.

مانا بۇ مالىك ئىبنى دىنار رەھمەھۇللاھ كىشىلەرگە: «ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى كىشىلەرگە تەبلىغ، ۋەز ـ نەسىھەت، دەۋەت ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ھەرقانداق خەتىبتىن بىرىنچى قالدۇرماي: ‹سىز بۇ دەۋىتىڭىزدىن نېمىنى مەقسەت قىلدىڭىز؟› دەپ سورايدۇ» ( ئىمام بەيھەقى ۋە ئىمام ئىبنى ئەبى دۇنيا رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان ) دېگەن ھەدىسنى ھەر قېتىم سۆزلىسە، يىغلاپ كېتەتتى، ئاندىن: «سىلەر مېنى بىزگە بىرەر نەرسە سۆزلەپ بەرسە كۆڭلى خۇشال بولۇپ يايراپ كېتىدۇ، كۆزى ئارام تاپىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ مەن ئاللاھ تەئالانىڭ قىيامەت كۈنى بۇ توغرىلىق: ‹سەن سۆزلەپ بېرىشتىن نېمىنى مەقسەت قىلدىڭ؟› دەپ سورايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن دەيمەنكى، ئى ئاللاھ! ئۆزلىرى مېنىڭ قەلبىمگە گۇۋاھ! ئەگەر مەن دەۋەتنىڭ ئۆزلىرىگە مەھبۇب ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسام، ئىككى ئادەمگە ھەرگىز ھېچنەرسە ئوقۇپ بەرمىگەن بولاتتىم» دەيتتى.

بارلىق دەۋەتچىلەر گەپ ـ سۆزلەرنى خالايىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشى، ۋەز ـ نەسىھەت ۋە كۆرسەتكەن يوللىرىغا ئەگىشىشى ئۈچۈن چوقۇم ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم!

## 2 ـ ئىنكار قىلماقچى بولغان مۇنكەر مۇنكەرلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن ئىش بولۇشى لازىم

ئىلىم ۋە ئىسلاھات ئەھلىلىرى ئىچىدىن ئىككى ئادەم تالاش ـ تارتىش قىلمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، مۇسۇلمان چەكلىمەكچى بولغان يامان ئىش ئۇنىڭ يامان ئىشلىقىغا فەقىھلەر ۋە مۇجتەھىد ئىماملار بىرلىككە كەلگەن بولۇشى لازىم.

ئەمما، ئىشەنچلىك مۇجتەھىدلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىشتا قالغان ئىشلار شەرىئەتتە مۇنكەر سانالمايدۇ.

مەسىلەن، ئىمام ئەھمەد ھەنبەلى رەھمەھۇللاھنىڭ مەزھىبىنى تۇتقۇچىلار بۇ مەزھەبتە مۇنكەر دەپ قارالغان ئىشنى ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھنىڭ مەزھىبىنى تۇتۇپ ماڭغۇچىلارغا (بۇ ئىش شۇ زاتنىڭ قارىشىدا مۇنكەر ھېسابلانمىغان بولسا) مۇنكەر دەپ تېگىشقا بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ ۋە ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھلارنىڭ مەزھىبىنى تۇتۇپ ماڭغۇچىلارغىمۇ ھەم شۇنداق.

چۈنكى، بۇ ئىماملارنىڭ ھەممىسى دەلىل- پاكىتقا تايىنىپ تۇرۇپ، توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىدە بار كۈچ- تاقەت ۋە ئىقتىدارنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە سەرپ قىلغاندۇر.

ئاشۇ ئىماملارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ مەزھىبىنى قۇرئان، ھەدىس، قىياس ۋە ئىجمائتىن ئىبارەت مەئرۇف بولغان شەرئىي قانۇن چىقىرىش مەنبەلىرىدىن سۈغىرىدۇ.

تەقۋادارلىق، ياخشىلىق ۋە پەرھىزكارلىقتا ئۈلگە- نەمۇنە، زىرەكلىك، زەكىيلىك، ھوشيارلىق، چېچەنلىك، ئەقىل- پاراسەت، چۈشەنچە، پەھىم قىلىش، كامالەت ۋە تالانتتا ئالامەت، بەلگە، نىشان بولغان، تاغدەك ئىلمى بار بۇ ئىماملارغا تەقلىد قىلغان، مەزھىبگە ئەگەشكەن كىشىگە نېمە دەپ ئىنكار قىلغىلى بولسۇن؟ ئۇلارغا ئىنكار قىلىش نەدە بار؟ كونىلاردا بىر گەپ بار: «ئالىمغا ئەگەشكەن ئادەم ئۇچرىشار ئاللاھ تەئالاغا ساغلام».

ئەمما، ئۆزلىرىنى مۇشۇ زاماننىڭ مۇجتەھىدلىرى چاغلىشىپ قېلىپ، ئاشۇ ئىماملارنىڭ مەزھەبلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئىنكار ۋە قايمۇقۇش پەردىسى پەيدا قىلغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ باشتۇق مەيداندا تۇرۇپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغۇچىلار ۋە ئىززەت- غەلبىسېرى ئالغا سىلجىۋاتقان ئىسلام جامائىتىنىڭ يولىغا پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلغۇچىلاردۇر.

بىزنىڭ بۇ كىشىلەرگە نەسىھىتىمىز شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ناباب مەيداندىن قايتىشى، ئىتتىكلىكى ۋە قان قىزىقلىقىدىن پەسىيىشى، مۇسۇلمانلارغا تەھدىد بولۇۋاتقان قىيىن شارائىتلارنى توغرا مۆلچەرلىشى، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاۋغا ئالغان ئەلەملىك، خەتەرلىك، شىددەتلىك خېيىم- خەتەرلەرنى چۈشىنىشى، «بىرلىككە كەلگەنلىرىمىز، ئىتتىپاقلاشقانلىرىمىزدا ئورتاق ئەمەل قىلايلى، ئىختىلاپلىشىپ قالغانلىرىمىزدا ئۆزرە بىلەن ئۆز مەيدانىمىزدا قالايلى!»، «بىرلىكنى، ئىتتىپاقلىقنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىۋىزملىقنى بۇزمايلى!»، «تون ئۈستىدىن بولسىمۇ قۇچاقلاپ، پەلەي ئۈستىدىن بولسىمۇ كۆرۈشۈپ، تېرىمىزدە بولسىمۇ كۈلۈپ، ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرەيلى!»، «چوڭ ئىشلار ئالدىدا ئۇششاق ئىشلارنى تالاشمايلى!» ... دېگەن پرىنسىپلارنى ۋە شوئارلارنى قوبۇل قىلىشۇن.

ئەگەر ئۇلار بۇ پرىنسىپ ۋە شوئارلارنى قوبۇل قىلسا، ئېتىبار كۆزى بىلەن قاراپ مۇئامىلە قىلسا، ئەلۋەتتە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىشقا ھەسسە قوشقان، كۈچ چىقارغان، بەلكى مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ غەلبىسېرى ئىلگىرىلىشىگە تايانچى ۋە ئارقا تىرەك بولغان، ئىسلام دۆلىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىخلاسمەن ھالەتتە ئىشلەۋاتقان كىشىلەر قاتارىدا بىر كىشىلىك تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. شۇ ئىش ئاللاھ تەئالاغا تەس ئەمەستۇر.

## 3 - يامان ئىشنى چەكلەشتە تەدرىجىي ئۇسۇل قوللىنىش

يامان ئىشلارنى تەدرىجىي ۋە باسقۇچمۇباسقۇچ يوق قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن يامان ئىشنى تونۇتۇش ۋە چۈشىنىپ يېتىش لازىمكى، كەينىگە كىرىپ تىڭتىڭلىماسلىق، جاسۇس ئىشلەتمەسلىك ۋە تەپتىش قىلماسلىق لازىم. ئىككىنچى قەدەمدە يامان ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ئىشىنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇش، ئاندىن ۋەز-نەسىھەت قىلىش، كۆرسەتمە ۋە چۈشەندۈرۈش بېرىش ۋە ئاللاھ تەئالا بىلەن قورقۇتۇش ئارقىلىق چەكلەش، ئۈنىڭدىن كېيىن ۋەز-نەسىھەت ۋە كۆرسەتمە كار قىلمىغان ئەھۋالدا، قاتتىق، قوپال سۆزلەر بىلەن قاتتىق تېگىش، ئۇمۇ كار قىلمىسا ئۇنداق قىلمىغىن، مۇنداق قىلمىغىن دەپ تەھدىت سېلىش ۋە خەۋپسىرىتىش، ئەگەر بۇ ئۇسۇلمۇ ئەسقاتمىسا ئوينايدىغان، تاماشا قىلىدىغان نەرسىلىرىنى قول ئارقىلىق سۇندۇرۇپ تاشلاش ياكى ھاراق دۇكانلىرى، قىمارخانا، پاھىشىخانا دېگەندەك ئورۇنلار كۆيدۈرۈش، كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مەنئىي قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئەگەر بۇمۇ كار قىلمىسا، قورالسىز ھالەتتە جامائەت كۈچى ياكى تەشكىلىي ئاپپارات كۈچى ئارقىلىق چەكلەش، بۇ ئۇسۇلنى شەخسلەر قوللانسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما، زۆرۈرەت ۋە ھاجەت مىقدارىدا بولۇش، خالايىقلار ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلماسلىق شەرت. ئەگەر يامان ئىش قورالسىز جامائەت ئارقىلىق تۈزەلمىسە، خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ياكى قورال‌لىق قارشى تۇرۇش لازىم. لېكىن، بۇ ئۇسۇلنى شەخسلەر قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش پىتنىنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىگە، بۇزغۇنچىلىقنىڭ يامراپ كېتىشىگە ۋە يۇرتلارنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ[1].

فىقھى ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغاندەك، يامان ئىشنى ئۆزگەرتىشتە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل شۇكى، يەڭگىلرەك چارە ئۈنۈم بەرگەندە قاتتىق چارىلەرنى قوللانماسلىق، مەسىلەن يامان ئىشنى ئۆزگەرتىشتە مۇلايىم سۆز، نەسىھەت ۋە مېھرىبانلىق ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلى بولسا، قوپال، تونۇ ۋە قاتتىق گەپ قىلماسلىق، قاتتىق گەپ كار قىلغاندا قول ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ئورۇنماسلىق، ياكى ... لازىم.

يامان ئىشلارنى ئۆزگەرتىمەن دېگۈچىلەر ئاقىۋىتى ياخشى بولمىغان يامان ئاقىۋەتلەرگە بېرىپ قالماسلىقى، بىھۇدە زىيان ۋە چىقىم تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يامان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشتە ئىلىملىك، تەجرىبىلىك ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى بولۇش لازىم: «ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ» (2:269).

## 4 - يامانلىقنى ئۆزگەرتكۈچى مېھرىبان، چىقىشقاق ۋە ئەخلاقى گۈزەل بولۇشى لازىم

كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ۋە يامانلىقتىن توسۇشقا ئاتلانغان كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، دەۋەت تولۇق تەسىر قىلىش، ئىجابەت قىلىشى كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن دەۋەتچىنىڭ دىلى يۇمشاق، سۆزى تاتلىق ۋە ئەخلاقى گۈزەل بولۇشى لازىم.

(1) ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھنىڭ «دىن ئىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش» ناملىق كىتابى 2- جىلد 292- بەتتىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ كۆچۈرۈلدى.

مېھربانلىق، كۆيۈمچانلىق، مۇلايىملىق، چىقىشقاقلىق ۋە تىلى تاتلىقلىق دېگەن بۇ سۈپەتلەر ئىسلاھات، تەبلىغ ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىش يولىدا دەۋەتچى ئۆزىنى نامايان قىلىش ۋاجىب بولغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بەلكى پەيغەمبەرلەر شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى ۋە ئۆزى ساھابىلارغا شۇنداق ئۈلگە بېرەتتى.

— ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇللاھ ئەمرى ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ياخشى ئىشقا بۇيرىغان كىشى ئالدى بىلەن ئۆزى ياخشى بولسۇن» دېگەنلىكىنى؛

— ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ «مېھربانلىق بار ھەر نەرسە چوقۇم دەۋران قىلار، مېھربانلىقتىن ئايرىلىپ قالغان ھەر نەرسە ۋەيران بولار» دېگەنلىكىنى؛

— ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ يەنە «چوقۇم ئاللاھ تەئالا مېھرباندۇر، ئۇ مېھربانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، مېھربانلىققا قوپاللىققا بەرمىگەن ۋە مېھربانلىقتىن باشقا نەرسىگە بەرمەيدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

ئەمما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھربانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە دىلى يۇمشاقلىققا كۆرسەتكەن ئۈلگىلىرى تۆۋەندىكى مىساللاردا شەكىللىنىدۇ:

— ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەھرالىق بىرى مەسجىدكە سىيىپ قويىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى ئەدەپلەش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭ سىيدۈكى ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈۋېتىڭلار، شەك-شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاسانلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلدىڭلار، قىيىنلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلمىدىڭلار» دېدى.

— ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر يىگىت كېلىپ: «ئى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلساڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ يىگىتكە ۋارقىراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە: «ئۇنى ماڭا يېقىنلاشقىلى قويۇڭلار» دېدى. ئاندىن ئۇ يىگىتكە: «يېنىمغىراق كېلىڭ» دېدى. يىگىت كېلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىگىتتىن سورىدى: «زىنانى ئانىڭىز ئۈچۈن ياخشى كۆرەمسىز؟». يىگىت: «ياق، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدائىي قىلسۇن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر خۇددى سىزگە ئوخشاش زىنانى ئانىلىرىغا ياخشى كۆرمەيدۇ» دېدى. ئاندىن يەنە: «ئۇنداقتا ئۇنى قىزىڭىزغا ياخشى كۆرەمسىز؟» دەپ سورىۋىدى، يىگىت: «ياق، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدائىي قىلسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر خۇددى سىزگە ئوخشاش قىزلىرىغا زىنانى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېدى. ئاندىن يەنە: «ئۇنداقتا ئۇنى ئاچا-سىڭىللىرىڭىزغا ياخشى كۆرەمسىز؟» دەپ

www.uyghurkitap.com

سورىۋىدى، يىگىت: «ياق، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدائىي قىلسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر خۇددى سىزگە ئوخشاش ئاچا-سىڭىللىرىغا زىنانى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېدى.

ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يىگىتكە دادا تەرەپ ۋە ئانا تەرەپ ھامىلىرىنىمۇ بىرمۇبىر ساناپ چىقتى. يىگىت ھەربىرسىگە: «ياق، ئاللاھ تەئالا مېنى سىلىگە پىدائىي قىلسۇن» دەيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا ئوخشاشلا: «كىشىلەر سىزگە ئوخشاش زىنانى ... گە ياخشى كۆرمەيدۇ» دەيتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بۇ يىگىتنىڭ قەلبىنى پاك قىلغىن، گۇناھىنى كەچۈرگىن ۋە ئەۋرىتىنى پاك ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت مەجلىستىن زىنادىن سەت كۆرۈندىغان ھېچنەرسە بولمىغان ھالدا ئايرىلدى.

ـــ ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم سۇللەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن بىركۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتاتتىم. شۇ ئەسنادا قەۋملەر ئىچىدىن بىر كىشى چۈشكۈردى. مەن: «ئاللاھ تەئالا سىزگە رەھمەت قىلسۇن» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ماڭا ھۇمىيىشكە باشلىدى. مەن: «ۋاي ئانىسى تاپالماي قالغۇلار! سىلەرگە نېمە بولۇشتى، ماڭا مۇنداق قاراشقىلى» دېدىم. كىشىلەر قوللىرى بىلەن لوتىلىرىغا ئۇرغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ مېنى جىم تۇرۇشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىم بولدۇم. شۇك تۇردۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، داداممۇ ئۇ، ئاناممۇ ئۇ، مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن تەلىم-تەربىيە بېرىشتە ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر مۇئەللىمنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ماڭا ئاچچىقلاپ قالمىدى، ئۇرمىدى، تىللىمىدى، پەقەت دېگەن گېپى: «بۇ دېگەن ناماز، ئۇنىڭدا خالايىقلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن بىرەر نەرسىنى دېيىش ياخشى بولمايدۇ. بۇ ھەققەتەن تەسبىھ، تەكبىر ۋە قۇرئاننى قىرائەت قىلىش» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ـــ ۋەزخان خەلىپە ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرنىڭ قېشىغا كىرىپ، گەپ-سۆزدە ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەئفەر ۋەزخانغا: «ھەي بۇ ئادەمنى! ماڭا سىلىق ۋە يۇمشاق گەپ قىلغىن، قوپال سۆزلەپ دىلىمنى رەنجىتمە، ئاللاھ تەئالا سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا سەندىن نەچچە ھەسسە ياخشى كىشىنى مەندىن نەچچە ھەسسە ئەسكى كىشىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا سىلىق سۆز قىلىشنى بۇيرىغانىدى (يەنى مۇسا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى فىرئەۋنىنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىشقا بۇيرىغانىدى: ‹پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەققەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن›) (44 ـــ 20:43)» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۆزىدىن ئۆتكەن خاتالىقتىن خىجىل بولدى ۋە ئۆزىنىڭ مۇسا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۈلۈغ ئەمەسلىكىنى، ئەبۇ جەئفەرنىڭ فىرئەۋنىدىن ياۋۇز ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ خىتاب ئارقىلىق ئەدەپ ئۆگەتكەندە ھەقىقەتەن راست ئېيتقان: «ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال ۋە باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھ تەئالاغا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (3:159).

## 5 - بۇ جەرياندا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش، يەنى چىدامىلىق بولۇش ۋە بەرداشلىق بېرىش

جەمئىيەتنى تەنقىدلىگۈچى ياكى ئاللاھ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە، دەرد- ئەلەم ۋە ئازاب- ئوقۇبەتلەرگە دۇچ كېلىشى ھەممىگە مەلۇم بولۇپ كەتكەن ۋە چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز بولغان ئىشلاردىن بولۇپ، مۇتەكەببىر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنىڭ قاتتىق باشلىقى، قوپاللىقى، نادان- جاھىللارنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ ھەجۋىي قىلىشى، مەسخىرىسى، تىل- ھاقارىتى ۋە ھەرخىل ئازاب ۋە قىين- قىستاقلىرى بۇ يولدىكى كىشىلەرگە كېلىپ تۇرىدۇ، قار- يامغۇردەك يېغىپ تۇرىدۇ، شەكسىزكى، بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى پەيغەمبەرلىرى، دەۋەتچىلىرى ۋە ئىسلاھاتچىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان سۈننىتى — قانۇنىيىتىدۇر.

«ئەلىف، لام، مىيم. ئىنسانلار (ئىمان ئېيتتۇق) دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ تەئالا (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ» (3 — 29:1)؛

«سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەنىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: (ئاللاھ تەئالانىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟) دېگەنىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» (2:214).

مۇشۇ جەھەتتىن لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەز- نەسىھەتى ئۈنىڭغا قىلغان ۋەسىيىتى بولۇپ قالغان: «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر» (31:17).

مۇشۇ جەھەتتىن ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا ئىمتىھان- سىناقلارغا دۇچار بولۇش، مۇسىبەت- ئەزىيەتلەرگە يولۇقۇش جەننەتكە بارىدىغان يول ۋە ئۆتمۈشتە ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلارغا كەپپارەت بولىدۇ: «ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار،

ئۇرۇشقا قاتناشقانلار، (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرەتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە كەچۈرۈۋېتىمەن، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن»، بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار» (3:195).

ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئىبنى ماجە، ئىمام ئىبنى ھەببان ۋە ئىمام ھاكىم رەھمەھۇمۇللاھلار سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بالا-مۇسىبەتنىڭ ئەڭ قاتتىق ئېغىرلىرى كىمگە كېلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدۇق، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «پەيغەمبەرلەرگە، ئاندىن پەيغەمبەرلەرگە يانداش كىشىلەرگە، ئاندىن ئۇلارغا يانداش كىشىلەرگە، ئاندىن ئۇلارغا يانداش كىشىلەرگە ... كېلىدۇ، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىغا ئاساسەن سىنىلىدۇ، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىدا چىڭ بولسا، بۇ ئادەمگە كېلىدىغان بالا-مۇسىبەت ئېغىر بولىدۇ، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىدا بوش-يۇمشاق بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىنى دىنىغا قارىتا سىنايدۇ، بىر بەندىگە بالا-مۇسىبەت ھەمىشە كېلىۋەرگەنلىكتىن، ھەتتا ئۇ بەندە زېمىن ئۈستىدە گەدىنىدە خاتالىق يوق ھالدا ماڭىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ» دېدى.

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جەننەت يامان كۆرۈلىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئورالدى، دوزاخ كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدىغان شەھۋەتلەر بىلەن ئورالدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

نەسىھەتچى دەۋەتچىگە ۋە تەنقىدچى مۇجاھىدقا دەۋەتچىلەرنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ھېچقانداق بىر دەۋەتچىگە يېتىپ باقمىغان ئەزىيەتلەر، كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە تۆھمەتلەرنىڭ يەتكەنلىكى ئەگىشىشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

مۇشرىكلار ئۇنىڭ بىلەن ئالداش، ئىغۋاگەرچىلىك يوللىرى بىلەن ئۇچەكەشتى. بۇ ئارقىلىق ئۇنى دەۋەتنى يەتكۈزۈشتىن توسۇپ قالماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ بوششىپ قالمىدى، ئاجىزلىشىپ قالمىدى، ئۇلارغا بويسۇنمىدى ۋە مەيۈسلەنمىدى.

مۇشرىكلار دەۋەتنى يەتكۈزۈشتىن توختىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، ياكى قوللىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىنى ئەتراپلىق ۋە ئۇزۇل-كېسىل ئۈزۈۋېتىپ تاشلاش يولىنى تۇتتى. لېكىن، بۇنىڭغىمۇ بوششىپ قالمىدى، بويۇن ئەگمىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋەت يولىدا داۋاملىق چىدامچانلىق بىلەن بەرداشلىق بەردى، ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى كۆتۈردى. ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن پەتھىسى كەلگەنگە قەدەر گېگانىت، ئىگىلمەس، پۈكۈلمەس، تىز پۈكمەس ئادەم بولۇپ قارغايدەك قەددى-قامەت بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

قوللىرىدا ئىسلام ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنىڭ بايراقلىرىنى كۆتۈرگەن كىشىلەر، زېمىندا ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت-نىشان قىلىشقا نېمىدېگەن لايىق!

كۆڭۈللىرىدىن سەۋرىگە ۋە چىدامچانلىققا ئورۇن بەرگەن كىشىلەر. ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا يەتكەن ئەزىيەت ۋە مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈشكە نىمىدېگەن لايىق! ئەگەر ئۇلار كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى مەزمۇن قىلغان، كەلگۈسىدە غەلبە-نۇسرەتنىڭ روياپقا چىققان ۋە مەۋجۇدلۇققا كەلگەنلىكىنى كۆرگۈسى بولسا.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئالغا دۇچ كېلىمىز: ئۇ بولسىمۇ مۆنكەرنى ئىنكار قىلغۇچى ئۆزىگە بىرەر زەرەر يېتىپ قېلىشتىن قورقسا، مۇنكەرنىڭ يوقىلىشىغا كۆزى يەتمىسە، يەنىلا مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش دۇرۇس بولامدۇ؟

قارىماققا، ئاللاھ تەئالانىڭ لوقمان ھەكىمنىڭ تىلىدىن بايان قىلىپ ئېيتقان سۆزى ئۇچۇن مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش دۇرۇس: «... (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرىغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى، ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە باغلاشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر» (17:31).

قۇرئاننىڭ تېكىستىدىكى ئىلاھىي بۇيرۇق يامانلىقنى ئۆزگەرتىشتە جانغا كېلىدىغان خەۋپنى ياكى مۇنكەرنىڭ يوقىلىش ئۇمىدىنىڭ بار-يوقلىقىنى نەزەرگە ئالمىدى. بۇ مۇنداق نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: يامانلىقنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان مۇسۇلماننىڭ نىيتى ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالا ئۇچۇن خالىسانە بولسا، نىمە بولسا بولسۇن ئۆزىنى يامانلىقنى ئۆزگەرتىشكە ئاتىسۇن، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمىسۇن. چۈنكى، بۇ ئۆزىنى ئېتىش ۋە ئاللاھ ئىلگىرىلەش قىلىشقا ئۆتكۈر ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن ۋە ئىماننىڭ ئالغا ئىنتىلگۈچىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەرەبى رەھىمەھۇللاھ مۇنكەرنى ئۆزگەرتكەندە ئۇنىڭ يوقىلىش ئۇمىدى بولسا، لېكىن ئۆزگەرتكۈچىگە، ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ تاياق-توقماق، جازا ياكى ئۆلۈم كەلسە، كۆپىنچە ئالىملارنىڭ نەزىرىدە مۇشۇنداق زوراۋار ھالەتتە جاننى ئالقانغا ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر مۇنكەرنىڭ ئۆزگىرىش ئۇمىدى يوق بولسا، جاننى سېلىپ بەرگۈدەك قايسى پايدا بار؟ دەيدۇ.

ئىبنى ئەرەبى رەھىمەھۇللاھ ئالىملاردىن نەقىل قىلغان ئۇ قاراشقا ئۆزىنىڭ بۇ ئىلاۋىسىنى قوشۇپ قويىدۇ: «مېنىڭ نەزىرىمدە نىيەت خالىسانە بولسا، يامانلىقنى ئۆزگەرتىشكە جاننى ئاتاپ ئۆزىنى ئېتىش، ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماسلىق، نىمە بولسا بولسۇن نەتىجىسى بىلەن ھېسابلاشماسلىق لازىم».

شەيخ ئەلى زادە يازغان «ئىسلام شەرىئىتى» دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسىدە: «كىشىلەرگە ياغلامچىلىق ياخشى كۆرۈلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن يامانلىقنى توزەتكۈچى مالامەتتىن قورقماسلىقى، تىل-ھاقارەتتىن، تاياقتىن ۋە بەلكى قەتل قىلىنىشتىنمۇ قورقماسلىقى لازىم. چۈنكى، سەلەفلەر پۇقراغىمۇ ۋە ئەمىرلەرگە ئوخشاش ئىنكار قىلاتتى، ئەسلا پەرۋا قىلمايتتى» دېيىلگەن.

بۇلار ياخشىلىققا بۇيرىغۇچى ۋە يامانلىقتىن توسقۇچىلار سۈپەتلىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئىلىمدىن باشقا تەلەپلەردۇر. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ تەنقىدى، نەسىھىتى، بۇيرۇقى ۋە چەكلىشى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن، ئىسلامنىڭ ئەتراپلىق پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ھالەتتە بولۇشى لازىم.

ئومۇمنىڭ رايىنى كۆزىتىش ۋە جەمئىيەت شەخسلىرىنى ئۆزلۈك جەھەتتىن تەنقىدلەش جەريانىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللارنىڭ مۇھىم دەپ قارالغانلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. بۇ ئۇسۇللارنى تەربىيەتچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزلىرىدە ئۆزلەشتۈرۈش، ئاندىن سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشى، پەرزەنتلىرى ھاياتلىق مەكتىپىگە كىرگەن، ئۇنىڭ جەڭ قايناملىرىغا چۆمگەن، ئۇستىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆتىگۈدەك بولغان چاغدىن باشلاپ، بۇ ئەدەپ-قائىدىلەرنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

*   *   *   *   *

## 3 - داۋاملىق سەلەفلەرنىڭ مەيدانىنى ئەسلەپ تۇرۇش لازىم

مۇسۇلماندا جۈرئەت ۋە شىجائەت ئەخلاقىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزىدىغان، ئۇنىڭدا ئامىمىنىڭ رايىنى نازارەت قىلىش روھىنى قوزغىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا، ياكى يامانلىقنى ئۆزگەرتىپ، مايماقنى رۇسلاشتا ئۈلگە ئاتا-بوۋىلار، سەلەف-سالىھلار دۇچ كەلگەن كەسكىن مەيدانلار، تارىخي خاراكتېرلىك ھايات-ماماتلىق كەسكىن ئېلىشىشلار ۋە مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇلار تاللىغان يول ۋە مەيداننى ئۇلارغا ئەسلىتىپ تۇرۇشتۇر. چوقۇمكى، ئەگەر بۇ ھالەتلەر ياخشى ئۆتتۈرىغا قويۇلسا ۋە تەسۋىرلەنسە، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ۋە ياشلارنىڭ ئىرادە-ھىممەتلىرىدە ئەۋزەل بولغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بەلكى، ئۇلارنى ئىسلامغا ھۆرمەت، پەزىلەتلىك ئەخلاققا ئۆلچەم، نە قىممەت تۇرغۇزمايدىغان، ھەققەتتىن ئادىشىپ كەتكەن، بۇزغۇنچى خۇداسىزلارغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن مارشقا دەسسەپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنداق ئەسكىلەر بىز ياشاۋاتقان بۇ زاماندا نېمىدېگەن كۆپ!

سەلەفلەرنىڭ ياش، چەبدەس يىگىتلەرگە ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەت بولىدىغان كەسكىن مەيدانلىرى:

### 1 - زاھىد ئەبى غىياس رەھىمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇخارا قەبرىستانلىقىدا ياشايدىغان ئەبا غىياس زاھىد ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ بىر كۈنى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىدۇ. ئۇ شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاندا ئەمىر نەسىر ئەھمەدنىڭ ئوردىسىدىن ئۇنىڭ باللىرى بىر توپ نەغمە-ناۋاچى ۋە ناخشا-ئۇسۇلچىلار بىلەن بىللە داقا-دۇمباق ۋە ناغرا-سۇناي چېلىشىپ چىقىدۇ. بۇ كۈن ئەمىرنىڭ زىياپەت كۈنى ئىكەن. زاھىد ئۇلارنى كۆرۈپ بىردەم جىمجىت خىيال سۈرىدۇ ۋە: «ئەي نەپسىم! ئۇستۇڭگە ئېغىر بىر ئىش يۈكلەندى، ئەگەر سۈكۈت قىلساڭ ئۇنىڭغا سەنمۇ شېرىك بولىسەن» دېدى ۋە بېشىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ ئاللاھ تەئالادىن ياردەم تىلىدى. ئاندىن قولىغا تاياق ئېلىپ ئەمىرنىڭ باللىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ ئارقىسىنى قىلغان ۋە قاچقان ھالدا سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا كىرىۋالدى ۋە زاھىد ئۇستىدىن ئاتىسى ئەمىر سۇلتان ئەھمەد نەسىرگە شىكايەت قىلدى. ئەمىر ئۇنى چاقىرتىپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئى زاھىد! سەن سۇلتانغا قارشى چىققان كىشىنىڭ زىندانغا تاشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ — دېدى، زاھىد كىشى:

— ئى سۇلتان! سەن مېھرىبان ئاللاھ تەئالاغا قارشى چىققان كىشىنىڭ دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— ساڭا بۇنداق ۋەز-نەسىھەت قىلىش ھوقۇقىنى كىم بەردى؟

— ساڭا ئەمىرلىك ھوقۇقىنى بەرگەن زات بەردى.

— ماڭا ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى خەلىپە بەرگەن.

— ماڭا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ھوقۇقىنى خەلىپىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەئالا بەردى.

— مەن سېنى سەمەرقەندنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئىشلىرىغا ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندىم.

— مەن ئۆزۈمنى ئۇ ۋەزىپىدىن تارتىۋالدىم.

— نېمىشقا؟ مەن سېنىڭ ئىشىڭدىن ھەيران بولمەن، سەن بۇيرۇلمىغان، رۇخسەت قىلىنمىغان جايدا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ يۈرۈيسەن، بۇيرۇلغان ۋە رۇخسەت قىلىنغان جايدا قىلغىلى ئۇنىمايسەن؟

— ھوقۇقنى سەن بەرگەندە ئۇنى خالىغان چاغدا تارتىۋالىسەن، ھوقۇقنى ماڭا رەببىم بەرگەن چاغدا ئۇنى مەندىن ھېچكىشى تارتىۋالالمايدۇ.

— ھاجەتلىرىڭ بولسا سورىغىن.

— ھاجىتىم شۇكى، ماڭا ياش يىگىتلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن.

— بۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— ئۇنداقتا دوزاخنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىنىڭ مېنى ئازابلىماسلىقى توغرىسىدا خەت يېزىپ بەرگىن.

— ئۇمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، يەنە باشقا ھاجىتىڭ يوقمۇ؟

— ئۇنداقتا جەننەتنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەرگە مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىش توغرىلىق خەت يېزىپ بەرگىن.

— ئۇمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— ئۇ پۈتۈن ھاجەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان رەببىمنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ، مەن ھاجەتلىرىمنى ئىجابەت قىلالايدىغان ئاللاھ تەئالادىن سورايمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدىن سورىمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئۇنى يولىغا قويۇۋەتتى.

## 2 - ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ رەھىمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى

ئىمام غەززالىي رەھىمەھۇللاھ «ئىھيائۇئۇلۇم»دا ئەسمەئىي رەھىمەھۇللاھتىن مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان

قىلدۇ: ئەتائ ئىبنى ئەبى رىباھ رەھمەھۇللاھ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ كارۋىتى ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر ئايماقنىڭ ئېسىلزادىلىرى ئۆرە تۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇ مەككىدە بولۇپ، ھەج قىلغىلى كەلگەن. ئۇنىڭ قولىدا خەلىپىلىك ھوقۇقى بار ئىدى. ئۇ ئەتائ رەھمەھۇللاھنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى كارىۋاتقا باشلاپ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇ مۇھەممەد (بۇ ئەتائ رەھمەھۇللاھنىڭ كۇنيىتى ئىدى )! سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بار» دېدى. ئەتائ رەھمەھۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين! سەن ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەرەمىدە ئاللاھ تەئالادىن قورققىن، ئۇنىڭ ئىمارەت قىلىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگىن، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ ئەۋلادلىرى توغرىسىدا ئاللاھ تەئالادىن قورققىن، چۈنكى سەن بۇ ئورۇندا ئۇلار سەۋەبلىك ئولتۇرالىدىڭ. كەمبەغەل-بىچارە كىشىلەر ۋە ئاللاھ تەئالاغا يېقىن بەندىلەر توغرىسىدا ئاللاھ تەئالادىن قورققىن، چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قورغانلىرىدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى يوقلاپ، ھال-ئەھۋاللىرىنى سوراپ تۇرغىن، ئۇلار توغرىلىق سەن يالغۇز مەسئۇلىيەتكە تارتىلىسەن، دەرۋازاڭ ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر توغرىسىدا ئاللاھ تەئالادىن قورققىن، ئۇلاردىن غاپىل بولمىغىن، ئۇلارغا دەرۋازاڭنى تاقىۋالمىغىن» دېدى. ئابدۇلمەلىك: «بولىدۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتائ رەھمەھۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئابدۇلمەلىك ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە: «ئەي ئەبۇ مۇھەممەد! بىزدىن ئۆزۈڭنىڭ ھاجەتلىرىنى سورىماي، باشقىلارنىڭ ھاجەتلىرىنى سورىدىڭ، ئۆزەڭنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بار؟» دېدى. ئەتائ رەھمەھۇللاھ: «مېنىڭ مەخلۇقاتقا ھاجىتىم يوق» دېدى-دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇلمەلىك: «مانا بۇ سېنىڭ ئاتاڭنىڭ شەرىپى» دېدى.

## 3 - مۇفتى ئەلائۇددىن رەھمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى

ئوسمان تۈركلىرى دۆلىتىدىكى ئالىملار يازغان «نىئمانىيە قىرىنداشلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنغان: سۇلتان سەلىمخان دۆلەتنىڭ مالىيە ئادەملىرى ۋە ئامبارچى خەزىنىدارلىرىدىن بولۇپ 150 ئادەمگە ئۆلۈم بۇيرىقى چىقاردى. بۇ خەۋەردىن ئالىم ۋە مۇفتى ئەلائۇددىن ئەلى ئىبنى ئەھمەد قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئالىي دىۋان مەھكىمىسىگە باردى. ئۇلاردا كاتتا بىر ئىش بولمىسا ئادەتتە مۇفتىنىڭ ئالىي دىۋان مەھكىمىسىگە بارىدىغان ئادىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دىۋاندىكىلەر ئۇنىڭ كېلىشىدىن بەك ھەيران بولۇشتى. ئۇ دىۋانغا كىرگەندە ۋەزىرلەر سالام قىلدى، ۋەزىرلەر ئۇنى قارشى ئېلىپ مەجلىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇلار مۇفتىدىن: «مەۋلانى قايسى نەرسە ئالىي دىۋان مەھكىمىسىگە چىللاپ كەلگەندۇ؟» دەپ سوراشتى. مۇفتى: «سۇلتاننىڭ قېشىغا كىرمەكچى بولۇپ كەلدىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان ئاير يم گەپلىرىم بار ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرلەر بۇ ئىشنى سۇلتانغا خەۋەر قىلدى. سۇلتان ئۇنىڭ يالغۇز كىرىشىگە ئىجازەت بەردى. ئۇ كىرىپ سۇلتانغا سالام قىلىپ ئولتۇردى. ئاندىن: «پەتىۋا ئەربابلىرىنىڭ ۋەزىپىسى سۇلتاننىڭ ئاخىرەتلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىشتۇر. ئاڭلىسام ئۆزلىرى 150 ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتىلا. شەرىئەتتە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشلىرى لازىم» دېدى. سۇلتان ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ سەل ئىتتىك مىجەز كىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «سەن سەلتەنەت

ئىشلىرىغا ئارىلاشقىلى تۇرۇپسەن، بۇ سېنىڭ ۋەزىپەڭ دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس» دېدى. مۇفتى: «ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن سىلىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋاتىمەن، ئۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، ئەگەر ئەپۇ قىلسىلا سىلىگە نىجاتلىق بار، ئەپۇ قىلمىسىلا جازا بار» دېدى. مانا بۇ سۆزنى ئاڭلىغان چاغدا سۇلتاننىڭ غەزەپ ئوتى بېسىقتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈردى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى بىرەر سائەت پاراڭلاشتى. ئاندىن مۇفتى ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا سۇلتانغا: «مەن سىلىگە سىلىنىڭ ئاخىرەتلىكلىرى توغرىلىق سۆزلىدىم، ئەمدى مەردانىلىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئېغىز گەپ قالدى» دېدى. سۇلتان: «نېمە گەپ بولسا دەۋەرسىلە» دېۋىدى، مۇفتى: «ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغان ئۇ كىشىلەر سۇلتاننىڭ خىزمەتچى ـ چاكارلىرىدۇر، كىشىلەرنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش، چېقىم قىلىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش سەلتەنەتنىڭ ئابرۇيىغا لايىق كېلەمدۇ؟» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان: «ياق، لايىق كەلمەيدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇفتى: «ئۇنداقتا ئۇ كىشىلەرنى ئۆز مەنسەپلىرىدە قويسىلا» دېدى. سۇلتان بۇ تەلەپنىمۇ قوبۇل قىلدى ۋە: «مەن ئۇلارنى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئازراق جازالايمەن» دېدى. مۇفتى: «بۇ شەرىئەتتە جائىز، تەزىرلەش سۇلتانغا تاپشۇرۇلغان» دېدى. ئاندىن سۇلتانغا سالام قىلىپ تەشەككۈر ئېيتىپ قايتىپ كەتتى.

## 4 - بىر ئەزھەر شەيخىنىڭ جۈرئەتلىكلىكى

مىسىر ئالىي شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ نائىبى شەيخ مۇھەممەد سۇلايمان مۇنداق ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: ماڭا دوستۇم كەرىم مۇھەممەد پەھمى نازورى پاشا ئەھمەد ئەپەندى بەدەۋىيدىن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەپەندىگە بۇ ۋەقەنى دادىسى، دادىسىغا دادىسى سۆزلەپ بەرگەنىكەن. ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بوۋىسى خەدەۋى ئىسمائىلنىڭ زامانىدا ئەزھەرنىڭ شەيخلىرىنىڭ بىرى بولغانىكەن. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئىسمائىل خەدەۋىينىڭ سەلتەنىتى دەۋرىدە مىسىر بىلەن ھەبەشىستان ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇش پارتلىغان. مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئىختىلاپ تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشتا مىسىر قوشۇنلىرى ئارقىمۇئارقا مەغلۇپ بولۇشقا باشلىغان. بۇنىڭغا خەدەۋىينىڭ قاتتىق ئىچى سىقىلغان. ئۇ بىر كۈنى ئازراق بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، سىقىلغان كۆڭلىنى ئازادىلەشتۇرۇش، غەم ـ ئەندىشىدىن بىرئاز يەڭگىللەش ئۈچۈن شەرىف پاشا بىلەن ئاتقا مىنىپ سىرتنى ئايلانغان. خەدەۋىي كېتىۋېتىپ شەرىف پاشاغا: «ساڭا بىرەر خاپىلىق يەتسە، ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن قانداق قىلاتتىڭ؟» دەپ سورايدۇ. پاشا ئۇنىڭغا: «ئەپەندىمىز! ئاللاھ تەئالا مېنى بىزگە بىرەر قىيىن ئىش يۈز بەرسە، ‹سەھىھ بۇخارى› غا مۇراجىئەت قىلىشقا ئادەتلەندۈردى. ماڭا ئۇنى نەپسى پاك ئالىملار ئوقۇپ بېرىدۇ ـ دە، ئاللاھ تەئالا مەندىن خاپىلىقنى كەتكۈزىۋېتىدۇ. ئەزھەرنىڭ شەيخىغا دەيلى، ئۇ «‹سەھىھ بۇخارى› نى ئوقۇسۇن» دېدى. بۇ چاغدا ئەزھەرنىڭ شەيخى شەيخ ئەرۇسىي ئىدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن ئالىملار ئىچىدىكى ياخشى ۋە تەقۋادار دەپ قارالغانلىرى يىغىپ بېرىلدى. ئۇلار ئەزھەردىكى كونا قىبلە ئالدىدا ئولتۇرۇپ «‹سەھىھ بۇخارى›»نى تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ مەغلۇبىيەتنىڭ خەۋەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇردى. بۇنىڭدىنمۇ ئىچى سىقىلغان خەدەۋىي شەرىف پاشا بىلەن ئالىملارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇلارغا ئاچچىقلىنىپ: «سىلەر تىلاۋەت قىلىۋاتقان ‹سەھىھ

بۇخارى〉 ھەققىي 〈سەھىھ بۇخارى〉 ئەمەس ياكى سىلەر بىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان سەلەف ـ سالىھلار قاتارىدىكى ئالىملار ئەمەس، ئاللاھ تەئالا سىلەر ۋە سىلەرنىڭ تىلاۋەتچىلار بىلەن ھېچ نەرسىنى قايتۇرمىدى》 دېدى. شەيخلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق جىم بولۇپ قالدى. بۇ ئەسنادا سەپنىڭ ئاخىرىدىن بىر شەيخ ئورنىدىن ئالدىراپ قوپۇپ: 《ھەي ئىسمائىل! ئاڭلاپ تۇر، بىزگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ: 〈سىلەر ئەلۋەتتە ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر ۋە ئەلۋەتتە يامانلىقتىن توسىسىلەر ياكى بولمىسا ئەلۋەتتە ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ئەڭ ياۋۇز ئىنسانلارنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرىڭلار دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت قىلىنمايدۇ〉 دېگەن ھەدىستۇر》 دېدى ياكى مۇشۇنىڭغا يېقىنراق بىر گەپنى قىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەيخلەرنى سۈر بېسىپ تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. خەدەۋى بىلەن شەرىف پاشا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىملار ئۇ شەيخكە تاپا ـ مالامەت قىلىشقا ۋە كايىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ ئەسنادا تۇرغاندا شەرىف پاشا قايتىپ كېلىپ: 《خەدەۋىگە بايام گەپ قىلغان شەيخ قېنى؟》 دېدى. باياتىن بېرى ئۇنىڭغا تاپا ـ مالامەت قىلغان ۋە كايىۋاتقان ئالىملار بىردىنلا ئىچ ئاغرىتىشىپ، خۇددى بارسا قايتىپ كەلمەس كىشى بىلەن ۋىدالاشقاندەك ئۇ شەيخ بىلەن ۋىدالاشتى، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن شەيخ پاشا بىلەن بىرگە خەدەۋىنىڭ قەسرىگە كىردى. ئۇ كىرىپ ئولتۇرغان بولۇپ شەيخنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە: 《ئى شەيخ! بايا ئەزھەردە دېگەن سۆزۈڭنى قايتا بىر دېگىن》 دېدى. شەيخ سۆزلىرىنى قايتىلىدى، ھەدىسنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەرھلىدى.

خەدەۋى ئۇنىڭغا: 《ئۈستىمىزگە بۇنداق ئېغىر بالا چۈشكۈدەك بىز نېمە گۇناھ قىلغاندىمىز؟》 دېدى. شەيخ ئۇنىڭغا: 《ئەپەندىمىزنىڭ ئارىلاشما قانۇن مەھكىمىلىرى جازانە قىلىشنى توغرا دەيدىغان قانۇن يولغا قويدى ئەمەسمۇ؟ زىناغا رۇخسەت قىلدى ئەمەسمۇ؟ ھاراققا يول قويدى ئەمەسمۇ؟ يەنە بىر مۇنچىلىغان ... ئەمەسمۇ؟ دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىنكارسىز ئېقىۋاتقان ۋە بازار تېپىۋاتقان يامان ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ چىقتى ۋە: 《ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ قانداقمۇ ئاسماندىن غەلىبە ـ نۇسرەت كۈتەيلى!》 دېدى. خەدەۋى: 《بىزگە نېمە ئامال، ئەجنەبىيلەر بىلەن ئارىلىشىپتۇق، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، نېمىمۇ قىلالايمىز؟》 دېدى. شەيخ: 《ئۇنداقتا 〈سەھىھ بۇخارى〉 نىڭ نېمە گۇناھى بار، ئالىملارنىڭ نېمە چارىسى بار؟》 دېدى.

خەدەۋى ئۇزۇن ئويلىنىپ قالدى، بېشىنى قاتۇرۇپ پىكىر قىلدى ۋە ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن: 《توغرا، دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، راست، ھەقىقەتەن توغرا گەپ قىلدىلا》 دېدى. ئاندىن ئۇ شەيخنى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

شەيخ ئەزھەرگە قايتىپ كېلىۋىدى، قېرىنداشلىرى ئۇنى خۇددى يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقنى كۈتۈۋالغاندەك مۇبارەكلەشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭ ساق قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى[1].

(1) شەيخ سۇلايماننىڭ «ئۆلىمالارنىڭ ئەخلاقى» ناملىق كىتابى ـ 97 بەتتىن ئېلىندى.

## 5 ـ شەيخ شەرقاۋى رەھمەھۇللاھنىڭ جۈرئەتلىكلىكى

«ئەزھەر تارىخىدىكى گۆھەر كانى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: ھىجرىيە 1209 ـ يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باش شەيخى شەيخ شەرقاۋىينىڭ يېنىغا بىلبىسنىڭ شەرقىدىكى يۇرتنىڭ كىشىلىرى ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ كېلىدۇ. ئۇلار شەيخكە مۇھەممەد بەگ ئەلفىينىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغانلىقى، ئۇلاردىن قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، ئالۋان ـ سېلىقنى تولا سېلىپ كۈن ئېلىشنىڭ تەس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن شەيخ ئەمرى ـ مەئرۇف ۋە نەھيى مۇنكەر ئىشلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى مۇراد بەگ ۋە ئىبراھىم بەگلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى يەتكۈزىدۇ. ئۇ ئىككىسىدىن زۇۋان چىقمىغان ۋە بۇ مۇھىم ئىشتا ياخشىلىق تەرەپكە ھەرىكەت قىلمىغان، جىمجىتلىقتىن كېيىن شەيخ ئەزھەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئارقىدىن ئەزھەرنىڭ ھەممە شەيخلىرىنى ئەزھەرگە يىغىدۇ ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقايدۇ.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەيخلەر خالايىقلارنى زۇلۇمغا قارشى بازارلارنى، دۇكان ـ سارايلارنى تاقاشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشلار بولۇپ ئىككىنچى كۈنى شەيخلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن نۇرغۇن ئامما مۇراد بەگ ۋە ئىبراھىم بەگنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ ۋە ئىبراھىم بەگ ئالامىنىنى كۆرەلىگۈدەك جاي بەرىكەت دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. شۇنچە چوڭ مەيدان يىغىلغان ئاممىغا تار كېلىدۇ.

باشتا مويى مىدىرلاپمۇ قويمىغان ئىبراھىم بەگ مەيدانغا سىغىشماي قالغان كىشىلەرنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈيدۇ ۋە دەرھال باش سېكرېتارى ئەييۇب بەگنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. سېكرېتار كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن قوزغىلىپ كەتكەن كىشىلەر توپىدىن: «مەقسىتىڭلار نېمە؟» دەپ سورايدۇ. كىشىلەر: «بىز ئەدلى ـ ئادالەت ئورنىتىشنى، سىلەر پەيدا قىلغان بۇرۇندىن باشلاپ يوق ئىشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشۇڭلارنى، تۇرلۇك ئالۋان ـ سېلىق ۋە باج تۇزۇمىنى بىكار قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز» دېيىشتى. سېكرېتار: «سىلەرنىڭ بۇ تەلىپىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر سىلەر دېگەندەك قىلساق، بىز تۇرمۇش مەئىشەتلىرىمىزدە قىيىنچىلىق تارتىپ قالىمىز، كۈن ئېلىشىمىز تەسلىشىپ قالىدۇ» دېدى. كىشىلەر: «قۇرۇق گەپ، بۇنداق گەپلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزرە بولالمايدۇ. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ۋە قۇللارنى ئاۋۇتۇپ، چىقىم ـ خىراجەتلەرنى كۆپەيتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەمىر ئېلىش بىلەن ئەمەس، بېرىشى بىلەن ئەمىر بولىدۇ. قانداق گەپ بۇ؟» دېيىشتى. سېكرېتار كىشىلەرگە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ، دوكلاتقا قارىتا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە ئۇلارغا قايتىپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن توپلاشقان ئامما تارقىلىپ كەتتى. شەيخلەرمۇ ئەزھەرگە قايتىپ كەلدى. مۇراد بەگ ئالاقىدار كىشىلەرنى يىغىپ مەسلىھەت كېڭىشى ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئەزھەرنىڭ شەيخلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «سىلەرنىڭ دىۋان بۇلاق بىلەن مائاشنى كېچىكتۇرۇش تەلىپىڭلاردىن باشقا ھەممە تەلىپىڭلارغا قوشۇلدۇق» دېدى ۋە شەيخلەردىن تۆت نەپەر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ توختام ـ ھۆججەت تۈزۈش ئۈچۈن جىيزەگە بارسۇن دەپ تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ناھايىتى مۇلايىم ۋە سىلىق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شەيخلەردىن سۆلھىگە ئالدىراش ئىلتىماس قىلىنغانىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەمىرلەر ۋە شەيخلەر ئىبراھىم بەگنىڭ ئۆيىگە توپلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەيخ شەرقاۋىمۇ بار ئىدى. زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋېتىش، بىدئەت تۈزۈملەرنى بىكار قىلىش، كىشىلەر ئىچىدە چىرايلىق يۈرۈش بىلەن ھوقۇق يۈرگۈزۈش توغرىلىق سۆلھى تۈزۈلدى. قازى شۇ ھەقتە بىر بىتىمنامە يازدى. بىتىمگە پاشا ۋە ئەمىرلەر قول قويدى. پىتنە ئۆچۈقلاشتى.

شەيخلەرنىڭ بۇنداق مەيدانلىرىغا مىسال بەك كۆپ[1]، ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئەمرى ـ مەئرۇف، نەھيى ـ مۇنكەر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى دەلىللەيدۇ. چۈنكى، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش جەمئىيەتنى بىكار، قۇرۇق ياكى تەرتىپسىزلىك يولغا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ، ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىدۇ. جەمئىيەتتىكى ھەربىر شەخس شۇ جەمئىيەتنىڭ بىناسىدىكى خىشلاردىن پەقەت بىر خىش خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ھەربىر شەخسنىڭ ئۈستىدە ئاممىنىڭ رايىنى مەنپەئەتلىك ئىشلارغا قارىتىش، جەلب قىلىش ۋە بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ھەربىر يوچۇقنى ئېتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسى بار. شۇنداقلا، خالايىقلار بىلەن بىرگە ئۆزئارا پائال ماسلىشىپ، ساپ ئىسلام ئەقىدىسى ۋە پەزىلەتلىك ئەخلاق پرىنسىپلىرىدىن بولغان ئاساس ـ ئۇلتاش ئۈستىگە ئىجتىمائىي بىنا قۇرۇپ چىقىش، ئاللاھ تەئالا توغرىسىدا تاپا ـ مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ تاپا ـ مالامىتىدىن قورقماستىن، ھەقنى ئۆچۈق ـ ئاشكارا جاكارلاش ۋەزىپىسى بار.

ئىسلام ئۆزىنىڭ ئېسىل يوليورۇقلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بىلەن ھەربىر مۇسۇلماننى ئۆزىگە ئۆزىنى كۆزەتچى ھەم نازارەتچى، ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرگە كۆزەتچى ھەم نازارەتچى ۋە جەمئىيەتكە كۆزەتچى ھەم نازارەتچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. نېمە ئۈچۈن؟ ئىسلام بىناسى، ھازارەت بىناسى ۋە جەمئىيەت بىناسىنى تەلەپكە لايىق قۇرۇپ چىقىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ھەقكە تەۋسىيە قىلىش ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىش قاتارلىقلاردا ئۆزىنىڭ كاتتا رولىنى جارى قىلدۇرسۇن، ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسۇن ئۈچۈن شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى.

بۈيۈك ئاللاھ تەئالا نازىل قىلغان ھۆكۈمدە ھەقىقەتەن راست ئېيتتى: «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋر ـ چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر» (103:1 ـــ 3).

## • ئىسلام دىنىنىڭ ئەتراپلىقلىقى ۋە ئاممىبابلىقى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! كۆز ئالدىڭلاردا ئىسلامنىڭ «ئەمرى مەئرۇف ۋە نەھيى مۇنكەر» پرىنسىپىغا مۇجەسسەملەنگەن ئىجتىمائىي تەنقىد، جەمئىيەتنى نازارەت قىلىش ۋە ئاممىنىڭ رايىنى كۆزىتىش ھەققىدە بەلگىلەنگەن مۇھىم ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

(1) تېخىمۇ كۆپ مىساللارنى ئىزدىسىڭىز، مۇئەللىپنىڭ «پەيغەمبەرلەر ۋارىسلىرىغا»، شەيخ مۇجاھىد ۋە شەھىد ئابدۇلئەزىز بەدرىينىڭ «ئاللاھ بىلەن ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام»، شەيخ مۇھەممەد سۇلەيماننىڭ «ئالىملارنىڭ ئەخلاقىدىن»، ئىمام غەززالىينىڭ: «ئەھيائۇلئۇلۇم» قاتارلىق كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

مەن تەربىيەتچىلەر ئالدىدا مۇنداق بىر ئىشنى قوشۇپ قويماقچىمەن، بۇ تەربىيەتچىلەر پۈتۈن دىققىتىنى قارىتىشقا، مۇزاكىرىلەر ئۆيۈشتۇرۇشقا، يۈزلىنىشكە ۋە پۈتۈنلەي دىققەت ئېتىبارىن مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشتۇر.

ئۇ بولسىمۇ ئىسلامنىڭ ھاياتلىق نىزامى ئىكەنلىدىكى ئەتراپلىق ۋە ئاممىباب تەسەۋۋۇر ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇشتۇر. مانا بۇ ئەتراپلىق بولۇش ۋە ئاممىباب بولۇش، شەخسنىڭ تەلەپ ـ مەقسەتلىرى بىلەن ئۇممۇمنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. ئۈممەتنىڭ رەھبەرلىكنى ۋە دۇنيا تىنچلىقنى تەمىن ئېتىدۇ ۋە ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مانا بۇ ئەتراپلىق بولۇش ۋە ئاممىباب بولۇش، كەڭ دائىرىلىك بولۇش دىن بىلەن دۇنيانىڭ، روھ بىلەن ماددىنىڭ، قۇرئان بىلەن قىلىچنىڭ ۋە ئىبادەت بىلەن جىھادنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە گىرەلەشتۈرۈپ بىر گەۋدە قىلىدۇ.

مانا بۇ ئەتراپلىق، ئاممىباب، كەڭ دائىرىلىك ئالاھىدىلىكى ئەقىدە ۋە ئىمان، تەقۋالىق ۋە ئىخلاس، ناماز ۋە روزا، خەيرىيەت ۋە ياخشىلىق، زىيان ـ زەخمەتكە سەۋر قىلىش، راستچىللىق ۋە ۋاپادارلىق، ياخشى كۆرۈش ۋە قېرىنداشلىق، ئايىماي سەرپ قىلىش ۋە ساخاۋەت، ئەھدى ـ پەيمان ۋە ۋەدىسىدە تۇرۇش، ئۆتكۈر ئىرادە ۋە ھىممەت ـ مەقسەت، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، جازا ۋە قىساس قاتارلىقلاردا مۇجەسسەملىنىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ.

مانا بۇ ئايەتلەر ھەققى سۆزلەيدۇ، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىدۇ، ئەتراپلىق بولۇش ۋە ئومۇمىيلىق خۇسۇسىيىتىگە يېتەكلەيدۇ: «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تەئالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ تەئالا نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھ تەئالانى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىششىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر. ئى مۇئمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار، (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ،

ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ)، (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى))» (179 ــــ 2:178).

مۇسۇلمان ئىسلامنى «ئىبادەت دىنى»، ئۇ جىھاد قىلىدىغان دىن ئەمەس دەپ ئويلىسا، ئۇ قانچىلىك جاھىل بولار-ھە؟!

ھەرقانداق بىر ئىنسان ئىسلامنى ئۇ ھۆكۈمرانلىق نىزامىغا چاقىرمايدىغان، ھاياتلىق ئىشلىرىنى، ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىنى باشقۇرمايدىغان دىن، سىياسىيغا ئارىلاشمايدىغان دىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلسا، ئۇ قانچىلىك خام خىيال قىلغان، ئۇخلىماي چۈش كۆرگەن بولار-ھە!

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر» (2:85).

ئاخىردا، مەن تەربىيەتچىلەرنىڭ نەزىرىنى شۇنىڭغا قاراتماقچى، ئەگەر پەرزەنتلەر جەمئىيەتنى نازارەت قىلىدىغان ۋە كۆزىتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەنمىسە، ئۇلار چوقۇم يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق، قورقۇنچاق، بىكىنمە ۋە دۇشمەك ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بىز بۇ توغرىلىق مەزكۇر كىتابنىڭ «روھىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى» دېگەن بۆلۈمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. شۇڭا بۇ ھەقتە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاشۇ تەتقىقاتقا مۇراجىئەت قىلىش لازىم بولىدۇ.

مەقسەت ئاللاھ تەئالانىڭ توغرا يولىغا ئېرىششتۇر!

# يەتتىنچى پەسل: جىنسىي تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى

جىنسىي تەلىم-تەربىيەدىن مەقسەت باللار جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە نىكاھقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى چۈشەنگۈدەك بولغاندىن باشلاپ، ئۇلارغا جىنسىي جەھەتتە تەلىم-تەربىيە بېرىش ۋە بەزى ئىشلارنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشتۇر. بۇنداق بولغاندا باللار چوڭ بولۇپ تۇرمۇش ئىشلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا ئىملەرنىڭ ھالال، ئىملەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئىسلامىي ئىش-پائالىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئەخلاق ۋە ئادىتىگە ئايلىنىدۇ-دە، ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ خاتا يوللارغا كىرىپ قالمايدۇ.

مەن تەربىيەتچىلەر كۆڭۈل بۆلۈپ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان بۇ جىنسىي تەربىيە تۆۋەندىكىدەك باسقۇچلاردا ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ دەپ قارايمەن:

1 - يەتتە ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان ۋاقىت. بۇ ۋاقىت ئاق-قارىنى پەرقلەندۈرۈش يېشى بولۇپ، بۇ چاغدا باللارغا ئۆيگە رۇخسەت سوراپ كىرىش ۋە قاراشنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرى ئۆگىتىلىشى كېرەك.

2 ـ ئـون ياشـتىن 14 ياشـقىچە بولغـان ۋاقـت، بـۇ ۋاقـت بالاغەتكـە يېتـش مەزگىلـى بولـۇپ، بـۇ چاغـدا بالـلار ھەرقانـداق جىنسـىي ھېسسـىياتنى قوزغايدىغـان ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇلۇشـى كېرەك.

3 ـ 14 ياشـتىن 16 ياشـقىچە بولغـان ۋاقـت، بـۇ ۋاقـت بالاغـەت يېشـى دەپ ئاتىلىدىغـان بولـۇپ، بـۇ چاغـدا بالـلار نـاۋادا تـوي قىلماقچـى بولسـا، جىنسـىي مۇناسـۋەتنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلـرى ئۆگىتىشـى كېـرەك.

4 ـ بالاغەتكـە يېتـىپ بولغاندىـن كېيىنكـى ياشـلىق مەزگىلـى. بـۇ چاغـدا بالـلار نـاۋادا تـوي قىلىشـقا قادىـر بولالمىسـا، ئۆزىنـى ئېپپەتلىـك ساقلاشـنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلـرى ئۆگىتىلىشـى كېـرەك.

ئەمـدى بالـلار ئاق ـ قارىنـى پەرقلەنـدۈرۈش مەزگىلىگـە يەتكەنـدە ئۇلارغـا جىنسـىيەت ھەققـدە ئوچـۇق سـۆزلەش توغرىمۇ؟

تەربىيەتچـى قېرىندىشـىم! مـەن سـىزنىڭ بالىلىرىڭىزنـى قانـداق ئىشـلارغا بۇيـرۇپ، قانداق كۆرسـەتمە بېرىشـىڭىزنى بىلىشـىڭىز ئۈچـۈن ھەمـدە بـۇ بۈيـۈك ئىسـلام دىنىنـىڭ تەربىيەتچـى ئاتا ـ ئانىلارغـا تەلىم ـ تەربىيىنىڭ بارلىق سـاھەلىرىنى كۆرسـىتىپ بەرگەنلىكىنـى بىلىۋېلىشـىڭىز ئۈچـۈن، شـۇنداقلا ئالـلاھ تەئـالا زىممىڭىزگـە يۈكلىگـەن تەلىم ـ تەربىيـە مەسـئۇلىيىتىڭىزنى مۇكەممـەل ئـادا قىلىشـىڭىز ئۈچـۈن سـىزگە بـۇ تېمىلارنـى تەرتىپلـىك، كونكرېـت ھالەتتـە بايـان قىلىـپ بەرمەكچىمـەن.

قېنـى بـۇ تېمىلارنـى باسـقۇچلىرى بويىچـە تەرتىپلـىك ھالـدا بالىلىرىڭىزغـا ئۆگىتـىڭ ( توغـرا يېتەكلەشـكە ئالـلاھ تەئـالا كېپىـل ).

## 1 ـ ئۆيگە كىرگەندە رۇخسەت سوراشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

تەربىيەتچـى قېرىندىشـىم! مـەن ئۆيگـە كىرگەنـدە رۇخسـەت سـوراپ كىرىـش ھەققـدە ئىلگىرىكـى بۆلەكتـە تەپسـىلىي بايانلارنـى ئوتتۇرىغـا قويـۇپ بولغانلىقـىم ئۈچـۈن، بـۇ بۆلەكتـە سـىز بىلـەن بـۇ ھەقتـە بەس ـ مۇنازىـرە قىلىـپ ئولتۇرماقچـى ئەمەسـمەن. لېكـىن، مېنىـڭ ئوتتۇرىغـا قويماقچـى بولغىنـىم ئـەر ياكـى ئايـال كىچىـك بالىلارنىـڭ بىرەرسـىنىڭ كـۆرۈپ قېلىشـىنى خالىمايدىغـان ھالەتلـەردە، بالىلارنـى چوڭلارغـا يېنىغـا كىرمەكچـى بولغانـدا رۇخسـەت سـوراپ كىرىـش قائىدە ـ پرىنسـىپلىرىغا ئادەتلەنـدۈرۈش.

«قۇرئـان كەرىـم» بـۇ ئائىلـۋى ئەدەپ ـ قائىدىلەرنـى ناھايىتـى ئېنىـق بايـان قىلىـپ بەرگـەن. بـۇ ھەقتـە مۇنـۇ ئايـەت كېلىـدۇ:

«ئـى مۇئمىنلـەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىـڭلار، چۆرىلىرىـڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالـلار ناماز بامداتتىن بـۇرۇن، چۈشـتە ( ئۇخـلاش ئۈچـۈن ) كىيىمىڭلارنـى سـالغان چېغىـڭلاردا ۋە خۇپتەندىـن كېيىـن ( مۇشـۇنداق ) ئـۈچ ۋاقىتتـا ( يېنىڭلارغـا كىرسـە ) سـىلەردىن ئىجـازەت سورىسـۇن، ( بـۇ ) ئـۈچ ۋاقـت سـىلەرنىڭ ئەۋرىتـىڭلار ( ئېچىلىـپ قالىدىغـان ۋاقىتتـۇر )، بـۇ ئـۈچ ۋاقىتتـىن باشـقا ۋاقىتـلاردا ( ئـۇلار سـىلەرگە كىرسـە ) سـىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمـۇ ھېـچ گۇنـاھ بولمايـدۇ، سـىلەر بىر ـ بىرىـڭلار بىلـەن بېرىش ـ كېلىـش قىلىـپ تۇرىسـىلەر، ئالـلاھ تەئـالا سـىلەرگە ئايەتلەرنـى

( يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر ( يەنى چوڭلار كىرىشتە ) ئىجازەت سورىغاندەك، ( ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت ) ئىجازەت سورىسۇن، ئاللاھ تەئالا ئايەتلىرىنى ( دىنىڭ ئىشلىرىنى ) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ( 59 — 24:58 ).

دېمەك، ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتتە تەربىيەتچىلەرگە كىچىك باللار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا چوڭلارنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولغاندا رۇخسەت سوراپ كىرىش ھەققىدىكى ئائىلىۋى تەلىم-تەربىيە پرىنسىپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىجازەت سوراش تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا بولىدۇ:

1 ) ناماز بامداتتىن بۇرۇن. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر تۆشەكلىرىدە ئۇخلايدۇ.

2 ) چىڭقى چۈش ۋاقتىدا. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئەر-ئايال ھەممەيلەن سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىدۇ.

3 ) خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن. چۈنكى، بۇ ۋاقىت ئارام ئېلىش ۋاقتى.

باللار چوڭلارنىڭ يېنىغا ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىش بىئەپ بوپقالىدىغان ئەھۋالدا تۇيۇقسىز كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، باللارغا مۇشۇ ئۈچ ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ يېنىغا ئىجازەت سوراپ كىرىش ھەققىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئۆگىتىشتىكى ھېكمەت ھەممىگە مەلۇم.

ئەمما، باللار بالاغەت يېشىغا يەتكەن چاغدا، تەربىيەتچىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ «كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر ( يەنى چوڭلار كىرىشتە ) ئىجازەت سورىغاندەك، ( ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت ) ئىجازەت سورىسۇن» دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ يېنىغا ئىجازەت سوراپ كىرىش ھەققىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئۆگىتىش كېرەك. تەلىم-تەربىيىنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى چۈشەندىغان ئادەم بۇ قۇرئان كۆرسەتمىلىرىدىن ئىسلام دىنىنىڭ كىچىك باللار بىر نەرسىنى چۈشەنگۈدەك بولغاندىن باشلاپ ھايالىق، يۈرۈش-تۇرۇشى تۈزۈك، يۈكسەك ئىسلامىي ئەدەپ-قائىدىلىك تەربىيىلىنىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ۋە كىچىك باللارنى مۇشۇنداق تەربىيىلىگەندە، باللار چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە ياخشى ئىش-پائالىيەتلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتە جانلىق نەمۇنە بولالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيدۇ.

ناۋادا كىچىك باللار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا ئۇشتۇمتۇت كىرىپ قېلىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ قېلىپ، كېيىن سىرتقا چىققاندا كۆرگەنلىرىنى كىچىك دوستلىرىغا سۆزلەپ بەرسە، بۇ نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك-ھە؟! ھەرقاچان بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالسا، بالا قانچىلىك قىيىن ئەھۋالدا قالار؟! بۇ بالىدا ئاياللارغا مايىل بولۇش ھېسسىياتى شەكىللىنىپ، بۇ مۇناسىۋەت قانداق بولىدىغاندۇ؟ لەززىتى قانداق بولىدىغاندۇ؟ دېگەن خىياللار ئەقلىگە غالىب كەلسە، بۇ چاغدا بۇ بالا قانچىلىك تاپتىن چىقىپ كېتەر؟!

تەربىيەتچىلەر باللىرىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىك، ئىسلامىي خاراكتېرلىك، يۈرۈش-تۇرۇشى تۈزۈك ھالەتتە ئۆسۈپ

يىتىلىشىنى ئىراده قىلسا، بالىلىرى ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ ئۇلارغا چوڭلارنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئىجازەت سوراش ھەققىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئۆگىتىشتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ پرىنسىپلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك.

## 2 ـ باشقىلارغا قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

كىچىك بالىلار ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرگۈدەك بولغان چاغدا، نېمىگە قارىسا بولىدىغانلىقى ۋە نېمىلەرگە قارىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى باشقىلارغا قاراشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە ئادەتلەندۈرۈش تەربىيەتچىلەر دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەشۇ كىچىك ۋاقتىدا قىلغان تەربىيە ئارقىلىق بالىلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ، ئەخلاقى توغرىلىنىدۇ. كىچىك بالىلارغا ئۆگىتىپ ئادەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان باشقىلارغا قاراشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1 ـ مەھرەملەرگە قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

ئەرگە نىكاھلاپ ئېلىش مەڭگۈل ھارام بولغان ھەرقانداق ئايال ـــ ئەرنىڭ مەھرەملىرىدۇر. ئايال كىشىنىڭ تېگىشى مەڭگۈلۈك ھارام بولغان ھەرقانداق ئەر ـــ ئايال كىشىنىڭ مەھرەملىرىدۇر.

نەسەب تۇپەيلىدىن نىكاھلاپ ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللار يەتتە تۈرلۈك بولۇپ، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلغان: «سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى» (4:23).

قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك ھارام قىلىنغان ئاياللار تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلغان: «ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار» (4:22)؛ «يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى» (4:23)؛ «سىلەرگە ... قېيىن ئاناڭلارنى ... ئېلىش ھارام قىلىندى» (4:23)؛ «سىلەرگە ... سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيەلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيەلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى» (4:23).

ئېمىلدەشلىك سەۋەبىدىن ھارام قىلىنغان ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ... سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىڭلارنى ... ئېلىش ھارام قىلىندى» (4:23).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «نەسەبتىن ھارام بولغان ئاياللار ئېمىلدەشلىكتىنمۇ ھارام بولىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ئانا، قىز، ھەمشىرە، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەمشىرىلىرى نەسەب سەۋەبىدىن ھارام بولغاندەك، ئىنىك ئانا، ئېمىلدەش ھەمشىرىلەر ۋە باشقىلارمۇ ھارامدۇر.

قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېيتىلغىنىدەك، مەھرەم دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ مەھرەملىرى بولغان

ئايالLARنىڭ بويىنى، بېشى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى دېگەندەك كۆپىنچە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جايلىرىغا قارىشى دۇرۇس، لېكىن كۆكرەك، دۈمبە، قورساق دېگەندەك كۆپىنچە يېپىلىپ تۇرىدىغان جايلىرىغا قارىشى دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى دەلىلى مۇنۇ ئايەت: «مۇئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋەتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن» (24: 31).

بۇ ئايەتتىكى «زىننەت» دېگەن سۆزدىن ئۇلارنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا كۆپىنچە ئوچۇق تۇرىدىغان بويىنى، بېشى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى دېگەن ئوخشاش ئەزالىرى كۆزدە تۇتۇلغان.

ئەمما، بۇ سۆزدىن ئەرلەر مۇستەسنادۇر. چۈنكى، ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسىغا مەيلى شەھۋەت بىلەن ياكى شەھۋەتسىز قارىسا دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۆز ئايالىغا قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى سۆزلىگەندە كېلىدۇ.

ھەدىستىن بولغان دەلىل مۇنداق: سەھلە بىنتى سۇھەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ھەدىس نەقىل قىلىنغان: ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «بىز سالىمنى ئۆز بالىمىز دەپ قارايمىز. شۇڭا، ئۇ، مەن ۋە ھۇزەيفە ئۈچىمىز بىر ئۆيدە تۇرىمىز. مەن ئادەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا ھىجابلانماستىن ئادەتتىكى كىيىملەر بىلەنلا يۈرىمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىلىسەن، بېقىۋېلىنغان باللار ھەققىدە ئايەت نازىل قىلىندى. ئەمدى سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن» دېۋىدى، بۇ زات ئۇنىڭغا: «ئۇنى بەش قېتىم ئېمىتىۋەتكىن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، سالىم ئېمىتىلگەندىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىنىڭ ئورنىدا بولغان. بۇ ھەدىس سالىمنىڭ ئۇ ئايالنىڭ بېشى، بويىنى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىغا ئوخشاش كۆپىنچە ئوچۇق تۇرىدىغان جايلىرىغا قارىسا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىسلام دىنى مەھرەملەرگە بىر-بىرلىرىنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتتا يۆگىلىپ تۇرىدىغان جايلىرىغا قاراشقا رۇخسەت قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ يەرلەرگە قاراشقا ئېھتىياج يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ بىلەن شەھۋەت قوزغىلىپ قېلىشتىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، بۇ ئەرلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، ئاياللارنىڭ ئىپپىتىگە لايىق ئەمەس. بەلكى، بۇ جايلارغا قاراشقا رۇخسەت قىلماسلىقنى يېتىە، گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، چارۋىلىرىنى چېگرا ئەتراپىدا ئوتلاتقان ئادەمنىڭ چارۋىلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىشى تولىمۇ يېقىن.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، مەھرەم ئەرگە — بولۇپمۇ بالاغەتكە يەتكەن چاغدا — ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى بولغان ئاياللاردىن بىرەرسى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، يوتىلىرى ئېچىلىپ قالىدىغان قىسقا كىيىملەرنى كىيگەن، ياكى بەك نېپىز، تارلىقىدىن بەدىنىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان، قاراش ھارام قىلىنغان جايلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن چاغدا ئۇلارغا قاراش چەكلىنىدۇ. شۇنداقلا، قىز ياكى ئايالغىمۇ ئۆزىنىڭ مەھرەملىرىدىن بىرەرسىنىڭ — ئۇ ئۆز ئوغلى، ياكى قېرىندىشى، ياكى دادىسى بولغان تەقدىردىمۇ، پىتنىدىن ئەمىن بولۇپ، شەھۋەتنى قوزغىماي قېلىشتىن ئەنسىرىمىگەن ھالەتتىمۇ، يۈيۈنىدۇرۇپ قويۇش دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن بولسىمۇ — كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىغا قارىشى چەكلىنىدۇ.

«ئەنە شۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ بەلگىلىملىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار ئاللاھ تەئالانىڭ بەلگىلىملىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر» (229 :2).

## 2 - توي قىلماقچى بولغان قىزغا قاراشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ئىسلام شەرىئىتى توي قىلماقچى بولغان ئەرگە ئۆزى توي قىلماقچى بولغان قىز ياكى ئايالغا قاراشقا رۇخسەت قىلغان، شۇنداقلا، قىز ياكى ئايالغىمۇ توي قىلماقچى بولغان ئەرگە قاراشقا رۇخسەت قىلغان. بۇنداق بولۇشى قىز - ئوغۇل ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاللاشتا دەلىل - پاكىتقا ئىگە بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە «سەھىھ مۇسلىم»دا مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «توي قىلماقچى بولغان ئايالغا قارىغىن! چۈنكى بۇ قاراش ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ» دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر ئەنسار ئايالنى ئالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئۇ ئايالغا قارىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: «ياق» دېدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئۇ ئايالغا قارىغىن! ئەنسارلارنىڭ كۆزلىرىدە ئازراق ئەيىب بار» دېدى (يەنى كۆزى كىچىك دېمەكچى).

لېكىن، بۇ قاراشنىڭ توي قىلماقچى بولغان ئادەم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ - قائىدىلىرى بار:

(1) توي قىلماقچى بولغان ئادەم ئالماقچى بولغان قىزنى ئېلىشقا بەل باغلىغاندىن كېيىن، ئۇ قىزنىڭ پەقەت يۈزى ۋە ئالقىنىغىلا قارىشىغا بولىدۇ.

(2) زۆرۈر تېپىلغاندا قىزنىڭ چىراي قىياپىتى زېھنىدە ساقلىنىشى ئۈچۈن تەكرار قارىشىمۇ دۇرۇس.

(3) توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ۋە بىر - بىرىنى كۆرگەن سورۇندا ئۆزئارا پاراڭلىششى دۇرۇس.

(4) نىكاھتىن ئىلگىرى توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز يات ھېسابلانغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولى بەيئەت ئالغان چاغدىمۇ بىرەر ئايالنىڭ قولىغا تېگىپ باقمىغان، ئاياللاردىن پەقەت

www.uyghurkitap.com

ئېغىزاكى بەيئەت ئالغان»، بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

( 5 ) تويلاشماقچى بولغان قىزنىڭ مەھرەملىرىدىن بىرەرسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىككى تەرەپنىڭ بىر يەردە تۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئىسلام يات ئاياللار بىلەن يالغۇز قېلىشنى ھارام قىلغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يات بىر ئايال بىلەن يالغۇز تۇرمىسۇن! ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەرگە چىقمىسۇن!»، بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان.

بۇ يەردە بەزىبىر ئەخلاقسىز ئوتتۇرىھال كىشلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز-ئوغۇللارنىڭ بىر-بىرلىرىنىڭ ئەخلاقىنى ئۇقۇپ بېقىشنى باھانە قىلىپ، ھېچقانداق بىر چەكلىمىسىز ھالەتتە بىر-بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشلىرى توغرىسىدا بىرئاز پىكىر بايان قىلىش زۆرۈر.

ئېنىقكى، ئىسلام دىنى بۇ باھانىنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئارىلىشىش ئەڭ ئاددىي بولغان ئەخلاق-پەزىلەت پرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىل ئارىلىشىش توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئىككى تەرەپتىن ئوغۇلغا قارىغاندا قىز تەرەپنىڭ نام-ئابرۇيىغا بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ناۋادا بۇ توي بولماي قالسا، بۇ قىز تۆھمەت نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىپ باشقىلاردا يامان گۇمان پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نەتىجىدە كېيىن كۆپىنچە يىگىتلەر بۇ قىز بىلەن توي قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. مانا بۇ «بۇ قىز ئۆتمەس ماتا بازىرىدىكى (قېرى قىز) بوپقالدى» دېگەن گەپ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل ناتوغرا ئارىلىشىش ھەرگىزمۇ ئۆز نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئەھۋالدا ھەر ئىككىلى تەرەپ قارشى تەرەپكە تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىز توي قىلىشقا پۈتۈشكەن مەزگىلدە بىر نەچچە يىل ئارىلىشىپ، ئاندىن توي قىلغان نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنىڭ توي قىلىپ ئۇزۇنغا بارمايلا ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى تولا ئاڭلايمىز. ئۇنداق بولسا بۇلار نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى بىر-بىرىنى شۇنداق چۈشىنىشىپ يەتمىگەن؟ ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئەخلاقنى تونۇش»نىڭ پايدىسى قەيەردە قالدى؟ ...

بىلگىلاركى، پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.

## 3 - ئۆز ئايالىغا قاراشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ئەر كىشى ئۈچۈن ئۆز ئايالىنىڭ ھەرقانداق ئەزاسىغا شەھۋەت بىلەن ياكى شەھۋەتسىز قارىشى دۇرۇس. چۈنكى، ئۇنى تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشى دۇرۇس بولغانىكەن، ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە قاراش ئەلۋەتتە دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ مېنىڭ ئەۋرىتىمنى كۆرمەي، مەن ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرمەي ۋاپات تاپتى» دېگەن ھەدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر-خوتۇنلارمۇ بىر-بىرلىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىغىنى ئەۋزەل.

ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىر-بىرلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قارىشىنىڭ دۇرۇسلۇقىنىڭ دەلىلى مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە

رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىنغـان بىـر ھەدىسـتە ئـۇ زات مۇنـداق دەيـدۇ: «مـەن ئـى رەسـۇلۇللاھ! بىـز ئەۋرەتلىرىمىزدىـن قايسىسـىغا كىلىـپ، قايسىسـىنى تـەرك ئېتىمـىز؟» دېسـەم، ئـۇ: «سـەن ئەۋرىتىڭنـى خوتۇنۇڭدىـن ۋە قول- چۆرىلىرىڭدىـن باشـقىلاردىن سـاقلىغىن!» دېـدى. بـۇ ھەدىسـنى ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد، ئىمـام تىرمـىزى ۋە نەسـەئىيلەر رىۋايـەت قىلغـان.

ئالـلاھ تەئـالا بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دېگـەن: «ئـۇلار ئەۋرەتلىرىنـى (ھارامدىـن) سـاقلىغۇچىلاردۇر. (يەنـى ئەۋرەتلىرنـى) پەقـەت خوتۇنلىرىدىـن، چۆرىلىرىدىـن باشـقىلاردىن سـاقلىغۇچىلاردۇر (بـۇلار بىلـەن يېقىنچىلىـق قىلغۇچىـلار مالامـەت قىلىنمايـدۇ)» (6 ــــ 5: 23).

## 4 - يات ئاياللارغا قاراشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

بالاغەتكـە يەتكـەن ئـەر كىشـى ئۈچـۈن يـات ئايالغـا ــــ گەرچـە ئـۇ ئايـال ئەرلەرنـىڭ شـەھۋىتىنى قوزغىمايدىغـان ئايـال بولغـان تەقدىردىمـۇ ــــ تىكىلىـپ قـاراش دۇرۇس ئەمـەس.

لېكىن، يات ئايال كىم؟ يات ئەرچۇ؟

يـات ئـەر دېگىنىمـىز، ئايـال كىشـى ئۈچـۈن نىكاھلىنىـش ھـالال بولىدىغـان ئادەمـدۇر. جۈملىدىـن، دادىسـى ۋە ئانىسـىنىڭ قېرىنداشـلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، ئۆز ھەمشىرىسـىنىڭ ئېرى، ئانىسـىنىڭ ھەمشىرىسـىنىڭ ئېرى ۋە باشـقىلار...

يـات ئايـال دېگىنىمـىز، ئەر كىشـى ئۈچـۈن نىكاھلىنىش ھالال بولىدىغان ئايالدۇر. جۈملىدىن، دادىسـى ۋە ئانىسـىنىڭ قېرىنداشـلىرىنىڭ قىزلىرى، ئۆز قېرىندىشـىنىڭ ئايالى، دادىسـىنىڭ قېرىندىشـىنىڭ ئايالى، ئانىسـىنىڭ قېرىندىشـىنىڭ ئايالى، ئۆز ئايالىنىڭ ھەمشىرىسـى، ئايالىنىڭ دادىسـىنىڭ ھەمشىرىسـى، ئايالىنىڭ ئانىسـىنىڭ ھەمشىرىسـى ۋە باشـقىلار...

كىچىـك بـالا بالاغەتكـە يېتىشـكە يېقىنلىشـىپ قالغـان ياكى چىرايلىـق بىلـەن سـەتنى پەرقلەندۈرگـۈدەك بوپقالغـان بولسـا، چـوڭ ئەرلەرگـە ئوخشـاش يـات ئاياللارغـا تىكىلىـپ قارىشـى دۇرۇس ئەمـەس.

نامەھرەملەرگـە تىكىلىـپ قاراشـنىڭ ھارامىقىنـىڭ دەلىلـى ئالـلاھ تەئالانـىڭ مۇنـۇ سـۆزىدۇر: «مۇئمىـن ئەرلەرگـە ئېيتقىنكـى، (نـا مەھرەملەرگـە) تىكىلىـپ قارىمىسـۇن، ئەۋرەتلىرىنـى (زىنادىـن) ساقلىسـۇن، مۇنـداق قىلىـش ئـۇلار ئۈچـۈن ئـەڭ ياخشـىدۇر، ئالـلاھ تەئـالا ھەقىقەتـەن ئۇلارنـىڭ قىلمىشـلىرىدىن تولـۇق خـەۋەردار. مۇئمىنەلەرگـە ئېيتقىنكـى، نامەھرەملەرگـە تىكىلىـپ قارىمىسـۇن، ئەۋرەتلىرىنـى ياپسـۇن» (31 ــــ 30: 24).

ھەدىسـتىن بولغـان دەلىـل شـۇكى، ئىمـام تىبرانـى ۋە ئىمـام ھاكىـم رەھمەھۇمەللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان، ئىمـام ھاكىـم رەھمەھۇلـلاھ ئىسـنادى سـەھىھ دەپ باھالىغـان ئابدۇلـلاھ ئىبنـى مەسـئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن نەقىـل قىلىنغـان مۇنـۇ رىۋايـەت: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق بىـر ھەدىـس قۇددۇسـىينى بايـان قىلىـپ بەرگـەن: «ئالـلاھ تەئـالا مۇنـداق دەيـدۇ: نامەھرەملەرگـە تىكىلىـپ قـاراش ئىبلىسـنىڭ ئوقلىرىدىـن بىـر ئوقتۇر، مەندىـن قورقـۇپ نامەھرەملەرگـە تىكىلىـپ قاراشـنى تـەرك ئەتكـەن ئادەمگـە قەلبىـدە ھالاۋىتىنى تېتىيالىغـۇدەك ئىمـان ئاتـا قىلىمـەن».

www.uyghurkitap.com

ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ ھۆسنى-جامالىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇۋالسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىگە قەلبىدە ھالاۋىتىنى تېتىيالايدىغان ئىبادەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، جەزمەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ماڭا ئالتە ئىشقا كېپىللىك قىلىڭلار! مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىللىك قىلاي: گەپ قىلساڭلار راست گەپ قىلىڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلىڭلار، ئەۋرەتلىرىڭلارنى (زىنايى ھارامدىن) ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى (نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن) يۇمۇڭلار، قوللىرىڭلارنى (باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلاڭلار» (ئىمام ئەھمەد، ئىمام ھىببان ۋە ئىمام ھاكىملار رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىغا زىنا قىلىش پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى قىلماسلىققا چارىسى بولمايدۇ. ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆزلەرنى ئاڭلاشتۇر، تىلنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆزلەرنى سۆزلەشتۇر، قولنىڭ زىناسى تۇتۇشتۇر، پۇتنىڭ زىناسى زىنا يولىغا مېڭىشتۇر، كۆڭۈل بولسا خالايدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ. جىنسىي ئەزا بۇ خاھىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ» (بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر نامەھرەمگە ئۇشتۇمتۇت قاراپ قېلىش توغرىلىق سورىسام، ئۇ ماڭا بۇيرۇق قىلىپ: «تېز باشقا تەرەپكە قارىۋالغىن!» دېدى (ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن مەيمۇنە بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىر چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) يېنىمىزغا كىلىپ قالدى. بۇ بىز ھىجابلىنىشقا بۇيرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: «ئۆزەڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار!» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ بىزنى كۆرەلمەيدىغان ۋە تونۇيالمايدىغان قارىغۇ ئەمەسمۇ؟» دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرمۇ قارىغۇمۇ؟ سىلەرمۇ ئۇنى كۆرەلمەمسىلەر؟» دېدى (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر يات ئەر-ئاياللار بىر سورۇندا بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىسا پىتنە يۈز بېرىدىغان ئىش بولسا، ئەر كىشىنىڭ يات بىر ئايالغا، شۇنداقلا ئايال كىشىنىڭمۇ يات ئەرگە قارىشىنىڭ ھاراملىقىغا قىل سىغمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئۆقتۇرۇپ بېرىدۇ.

«قۇرئان سايىسىدا» ناملىق تەپسىر كىتابىنىڭ يازغۇچىسى سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، ئىسلام

دىنىنىڭ نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن چەكلەشتىكى مەقستى بولسا، ھەر مىنۇتتا شەھۋەتلەر قوزغالمايدىغان، ھەرۋاقىت شەھۋانىي ھېسسىيات قوزغالمايدىغان، مۇھىتى ساپ بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

چۈنكى، ئۆزلۈكسىز ھېسسىيات قوزغاتقۇچى ھەرىكەتلەر ئىنساننى ئاخىردا پەسكەيمەيدىغان، قانمايدىغان شەھۋانىي غالجىرلىققا ئېلىپ بارىدۇ. خىيانەتكارانە قاراش، شەھۋەت قوزغاتقۇچى ھەرىكەتلەر، چاكىنا ياسىنىش ۋە يالىڭاچ بەدەنلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئاشۇ ساراڭلارچە شەھۋانىي غالجىرلىقنى قوزغايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىتى ساپ بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى بولسا، مۇشۇ خىل غالجىرلىقنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ۋە تەبىئىي بولغان بىر-بىرىگە تەلپۈنۈش ئامىلىنى ساغلام ۋە ياسالما ئەمەس، تەبىئىي كۈچى بىلەن ساقلاپ قېلىشتۇر.

بىر چاغلاردا يات جىنسقا شەھۋەتتىن خالىي ھالدا قاراش، ئازادە پاراڭلىشىش، ئەركىن ئارىلىشىش، ئۆزئارا كۈلكە-چاقچاق قىلىش ۋە يېپىشقاق تېگىشلىك بولغان ئۇياتلىق جايلىرىغا قاراش دېگەندەك ئىشلار كۆڭۈل خۇشى قىلىش، كىشەنلەنگەن روھىي تەلپۈنۈشلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش، روھىي پاراكەندىچىلىك ۋە سىقىلىشتىن ساقلىنىش، جىنسىي بېسىمنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان ئىنتىلىشلەرنى يەڭگىللىتىشتۇر دېگەندەك نەزەرىيىلەر ئەۋج ئالغانىدى. لېكىن، مۇشۇنداق نەزەرىيىۋى قاراشلارغا ئېسىلىۋالىدىغان بۇ ئادەملەر ئەر ۋە ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مايىللىقنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ساغلام ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر ئورۇنلاشقان مايىللىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان. چۈنكى، ئاللاھ تەئالا بۇ يەر شارىدىكى ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى ھەمدە بۇ ئىنسانغا بۇ دۇنيانىڭ تىزگىننى تۇتقۇزۇشتىكى نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى شۇ مايىللىققا باغلىغان. دېمەك، بۇ مايىللىق مەلۇم ۋاقىت تىنچ تۇرىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە قايتىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ داۋاملىق قوزغىلىپ تۇرۇشى بۇ ئىنساننى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىدۇ. قاچانكى بۇ مايىللىق تاماملانمىسا، قوزغالغۇچى نېرپىلار چارچاپ كېتىدۇ-دە، بۇ مايىللىق ئىنساننى ئۆزلۈكسىز ئازابلاش ئامىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش، بولمىغۇر ھەرىكەتلەرنى قىلىش، كۈلۈش، چاقچاقلىشىش ۋە مۇشۇ مايىللىقنى ئىپادىلەيدىغان تەلەپپۇزدا گەپ قىلىش ھەممىسى شۇ مايىللىقنى قوزغايدىغان ئامىللاردۇر. بۇ مايىللىق ئۆزىنىڭ تەبىئىي دائىرىسىدە تۇرۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يوللۇق نىكاھ ئارقىلىق تەبىئىي قوزغىلىدىغان دەرىجىدە مۇشۇ مايىللىقنى قوزغاتقۇچى ئامىللارنى ئازايتىش بولسا ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر. ھەمدە بۇ ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانلارنىڭ روھىي خاتىرجەملىكى، پىكرى مۇقىم بولۇشى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىۋاتقان ساغلام مۇناسىۋەتنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن تاللىغان ۋە رازى بولغان يولدۇر.

نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش ئىنساننىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنۇ شېئىر نېمىدېگەن گۈزەل ئېيتىلغان-ھە!

قاراش بارچە ئاپەتلەرگە ئۇل سالار،
بىر تال ئۇچقۇن سەل قارالسا ئوت يانار.

تولا قاراش دىللارغا ئۇ گوياكى،
ياچاقسىز ھەم تارىسىز ئوقلار كەبى ئېتىلار.
ئىنسان ھەر چاغ كۆزىنى نازىنىنغا تىكەركەن،
ھامان خەتەر ئىچىگە ئۆزىنى ئاتار.
كۆزۈڭنى شادلاندۇرۇپ، روھىڭنى خاراب قىلغان،
زەھەر سالغان ھەسەلنى يېمىگىن زىنھار.

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ھەققەتەن راست ئېيتقان: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوزاختا كۆيمەيدۇ: بىرى ئاللاھ يولىداكۆزەتچىلىك قىلغان كۆز، ئىككىنچىسى ئاللاھ تەئالادىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆز، ئۈچىنچىسى ئاللاھ تەئالا چەكلىگەن جايلارغا قاراشتىن توختىغان كۆز» (ئىمام تىبرانى رىۋايەت قىلغان).

## 5 - ئەر كىشىنىڭ ئەر كىشىگە قارىشى ھەققىدىكى ئەدەپ - قائىدىلەر

ئەر كىشى يەنە بىر ئەرگە مەيلى ئۇ ئەر يېقىندا بولسۇن ياكى يىراقتا بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىغا قارىشى دۇرۇس ئەمەس. ئەمما، بۇنىڭدىن باشقا قورساق، دۈمبە ۋە كۆكرەك دېگەندەك جايلارغا قارىشى، قارىغۇچى شەھۋەتتىن ئەمىن بولالىسا دۇرۇس.

ئەر كىشىنىڭ يەنە بىر ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشنىڭ ھارام‌لىقىنىڭ دەلىللىرى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئەر كىشى يەنە بىر ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە، بىر ئايال كىشى يەنە بىر ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن!».

ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ۋە ئەسھابۇسسۇنەنلەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە «ئايالىڭ ۋە قول-چۆرىلىرىڭدىن باشقىلاردىن ئەۋرىتىڭنى ساقلىغىن» دېيىلگەن.

ئىمام ھاكىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تىز ۋە كىندىكنىڭ ئارىلىقىدىكى جاي ئەۋرەتتۇر».

ئىمام ھاكىم يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەرنىڭ يوتىسىنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇ ئادەمگە كۆرسەتمە بېرىپ: «يوتاڭنى يۆگىگىن! چۈنكى بۇ جاي ئەۋرەتتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھنىڭ رىۋايىتىدە «يوتا ئەۋرەتتۇر» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن شۇ ئېنىق بولدىكى، ئەر كىشى مەيلى تەنھەرىكەت ئۈچۈن بولسۇن، ياكى سۇ ئۈزۈش ئۈچۈن بولسۇن، ياكى بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسۇن ۋەياكى مۇنچىغا كىرىش ئۈچۈن بولسۇن،

شـەھۋەتتىن ئەمـىن بولالىغـان تەقدىردىمـۇ، باشـقىلارنىڭ ئالدىـدا كىندىكى بىلـەن تىزىغىچـە بولغـان ئارىلىقنـى ئېچىشـى دۇرۇس ئەمـەس. نـاۋادا بىرەرسـى ئۇنـى ئەۋرەتنىـڭ مەلـۇم بىـر قىسـمىنى ئېچىشـقا بۇيرىسـا، ئۇنىڭغـا ئىتائـەت قىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى، بىر ھەدىستە: «ئالـلاھ تەئالاغـا ئاسـىيلىق قىلىـپ تـۇرۇپ بەندىگـە ئىتائـەت قىلىشـقا بولمايـدۇ» دېيىلگـەن. ئەممـا، مالىكىيلارغـا نىسـبەتەن بېرىلگـەن «ئـەۋرەت بولسـا ئالـدى ۋە ئارقـا ئىككـى ئەزادىنـلا ئىبـارەت، مۇشـۇ ئىككـى جايدىـن باشقىسـىنى ئېچىـش دۇرۇس» دېگـەن بـۇ گەپكـە كەلسـەك، بـۇ دەۋا توغـرا ئەمـەس، بەلكـى بـۇ نادانلىـق ۋە باشـقىلارنى ئازدۇرۇشـتىن ئىبارەتتـۇر.

ئېنىقكى، مالىكىيلارنىـڭ قارىشـىدا ئـەۋرەت ئىككى قىسـىم بولۇپ، بىرى نامازغا نىسبەتەن ئەۋرەت ھېسـابلىنىدىغان ئـەزالار، يەنـە بىـرى قاراشـقا نىسبەتەن ئـەۋرەت ھېسـابلىنىدىغان ئـەزالاردۇر. نامازغـا نىسـبەتەن ئەۋرەت ھېسـابلىنىدىغان ئەزامـۇ ئىككـى قىسـىم بولـۇپ، بىـرى ئېغىـر دەرىجىدىكـى ئـەۋرەت، ئـۇ بولسـا ئالـدى ۋە ئارقىدىكـى ئۇياتلىـق ئـەزالاردۇر. يەنـە بىـرى بولسـا يەڭگىـل دەرىجىدىكـى ئـەۋرەت بولـۇپ، ئـۇ كىندىكتىـن تىزغىچـە بولغـان ئارىلىقتـۇر. ئېغىـر دەرىجىدىكـى ئـەۋرەت نامـاز ئوقۇۋاتقانـدا ئېچىلىـپ قالسـا، نامـاز ۋاقتـى چىقىـپ كەتكـەن بولسـۇن ياكـى بولمىسـۇن شەرتسـىز قايتـا ئوقۇلـىدۇ. يەڭگىـل دەرىجىدىكـى ئـەۋرەت ناماز ئوقۇۋاتقانـدا ئېچىلىپ قالسـا، نامـاز پەقەت ۋاقتـى چىقىـپ كەتمىگـەن بولسـا قايتـا ئوقۇلـىدۇ، ئەممـا ۋاقتـى چىقىـپ كەتكـەن بولسـا قايتـا ئوقۇلمايـدۇ.

قاراشـقا نىسـبەتەن ئـەۋرەت ھېسـابلىنىدىغان ئەزاغـا كەلسـەك، مەيلـى ئېغىـر دەرىجىدىكى بولسـۇن، مەيلـى يەڭگىل دەرىجىدىكـى بولسـۇن بـۇ ئەزانـى ئېچىـش ھارامدۇر.

ئـەر كىشـىنىڭ باشـقا ئەرلەرگـە ئـەۋرەت ھېسـابلىنىدىغان ئەزاسـى كىندىكتىـن تىزغىچـە بولـىدۇ. ئايـال كىشـىنىڭ باشـقا مۇسـۇلمان ئاياللارغـا نىسـبەتەن ئـەۋرەت ھېسـابلىنىدىغان ئەزاسـى كىندىكـى بىلـەن تىزىنىـڭ ئارىلىقىغىچـە بولغـان جايلاردۇر. مۇسـۇلمان ئايالنىـڭ كاپىـر ئاياللارغـا نىسـبەتەن ئـەۋرەت ھېسـابلىنىدىغان ئەزاسـى، بىـر كۆزقاراشـتا يـۈزى بىلـەن ئىككـى ئالقىنىدىـن باشـقا پۈتـۈن بەدىنىـدۇر، يەنـە بىـر كۆزقاراشـتا بەدىنىنىـڭ ھەممىسـى ئـۇلار ئۈچـۈن ئەۋرەتتـۇر.

ئايـال كىشـىنىڭ ئـۆز مەھرەملىرىگـە نىسـبەتەن ئەۋرىتـى يـۈزى، ئىككـى قولـى، بېشـى، بويۇنلـىرى ۋە ئىككـى پۇتىنىـڭ دۈمبىسـى قاتارلىـق ئەزالىرىدىـن باشـقا جايلىـرى ئـەۋرەت ھېسـابلىنىپ، بـۇ يەرلەرگـە قاراش ھـالال بولمايدۇ.

يۇقىرىقىـلار مالىكىيلارنىـڭ فىقھـى دەلىللىرىدىـن تـۆت ئىمامنىـڭ ھەممىسـىنىڭ ئـەر كىشـىنىڭ ئـەر كىشـىگە نىسبەتەن كىندىكى بىلـەن تىزىنىـڭ ئارىلىقىدىكى جايلىـرى ئـەۋرەت ئىكەنلىكىگـە بىـردەك قاراشـتا ئىكەنلىكـى ئېنىـق بولـدى، مۇشـۇ دەلىللەرگـە بىنائـەن ئەرلەرنىـڭ بىر-بىرلىرىنىـڭ كىندىكـى بىلـەن تـىزى ئارىلىقىغـا قارىشـى ھـارام. بۇنىڭدىـن باشـقا جايلىرىغـا قارىشـى توغـرا.

## 6 - ئايال كىشىنىڭ ئايال كىشىگە قارىشىنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ئايـال كىشـىنىڭمۇ باشـقا ئايالنىـڭ مەيلـى ئـۇ ئايـال يېقىنىدا بولسـۇن ياكـى يىراقتـا بولسـۇن، مەيلـى مۇسـۇلمان

www.uyghurkitap.com

بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، كىندىكى بىلەن تىزى ئارىلىقىغا قارىشى دۇرۇس ئەمەس.

بۇنىڭ دەلىلى ئىلگىرى ئۆتكەن «ئەر ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايال ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن» دېگەن ھەدىستۇر. شۇنىڭدەك، ئىمام ھاكىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان «كىندىك بىلەن تىزنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلار ئەۋرەتتۇر» دېگەن ھەدىستۇر. يەنە شۇنىڭدەك، «يوتا ئەۋرەتتۇر» دېگەن ھەدىستۇر.

بۇ ھەدىسلەردىن شۇ ئېنىق بولدىكى، ئايال كىشى ئۆزىنىڭ قىزى ياكى ئايال دوستىنىڭ يوتىسىغا، مەيلى مۇنچىدا ياكى باشقا جايلاردا بولسۇن قارىشى ھارام. بۇنداق ھارام قىلىنىشتىكى ھېكمەت، بىراۋنىڭ كۆزى شەھۋىتىنى قوزغىتىدىغان ئۇياتلىق جايلىرىغا چۈشكەن چاغدا، ئايال كىشى شەھۋىتىنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاياللاردىكى بۇ خىل (يەنى ئاياللار بىر-بىرلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراش ئارقىلىق) ھېسسىياتنىڭ قوزغىلىشى جىنسىي شەھۋەتنى قاندۇرۇش ھەمدە قوزغالغان ھېسسىياتنى پەسەيتىش ئۈچۈن بەزى چاغلاردا ئاياللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن جىنسىي ئالاقىدە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەھىھ ھەدىستە ئېيتىلغىنىدەك، «ئەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن لىۋاتەت قىلىشى، ئاياللارنىڭ بىر-بىرلىرى مۇناسىۋەت قىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر».

ۋىجدانلىق مۇسۇلمان ئاياللار مەيلى مۇنچىغا كىرىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغاندا بولسۇن، ياكى مۇنچىدا ئۇۋۇلاپ قويۇش ئۈچۈن بولسۇن، ياكى توي مۇراسىملىرىدا بولسۇن، ئۆزىگە ئوخشاش ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

غورۇرلۇق مۇسۇلمان ئەركەكلەرمۇ خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئاممىۋىي مۇنچىلارغا كىرىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ جايدا يالىڭاچ بەدەنلىرىنى ئېچىپ يۈرۈيدىغانلار ۋە خىلمۇخىل بۇزۇقچىلىقلار مەۋجۇد. ھازىرقى جەمئىيەتتە ئارىمىزدا بۇنداق ئىشلارنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ئايالنى ئاممىۋىي مۇنچىلارغا كىرگۈزمىسۇن!» (ئىمام نەسەئى، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ھاكىملار رىۋايەت قىلغان).

بىر قېتىم ھىمسىلىك ياكى شاملىق ئاياللار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ ئۇلارغا: «سىلەر ئاممىۋىي مۇنچىلارغا كىرىدىكەنسىلەر، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: ‹قانداق بىر ئايال ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەردە كىيىملىرىنى سالسا، ئۆزى بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتىۋەتكەن بولىدۇ› » دېگەن (بۇ ھەدىسنى ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر كەلگۈسىدە ئەجەملەر (ئەرەب بولمىغان مىللەتلەرنى دېمەكچى ــــ ت.)نىڭ زېمىنلىرىنى پەتھى قىلىسىلەر، ئۇ يۇرتلاردا مۇنچا دېيىلىدىغان ئۆيلەرنى ئۇچرىتىسىلەر، ئۇ ئۆيلەرگە ئەرلەر ئىشتانلىرى بىلەن كىرسۇن! لېكىن كېسەل ياكى نىفاسدار

ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنى ئۇ ئۆيلەرگە كىرگىلى قويماڭلار!» (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

## 7 ـ كاپىر ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالغا قارىشىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

مۇسۇلمان ئايال كاپىر ئايالنىڭ ئالدىدا ئىككى قولى، يۈزى ۋە ئىككى پۇتى دېگەندەك ئىش قىلغان چاغلاردا ئوچۇق تۇرىدىغان جايلىرىدىن باشقا ئەزالىرىنى ئېچىشى ھارامدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تەئالانىڭ سۈرە نۇردىكى مۇنۇ سۆزى ئومۇمىيدۇر: «مۇئمىن ئاياللار (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرى ۋە ئۆز ھېسابلىنىدىغان ئاياللار ... دىن باشقىلارغا ئاشكارىلىمىسۇن!» (31:24).

ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ ئايەتتىكى «ئۆز ھېسابلىنىدىغان ئاياللار» دېگەن سۆزىدىن مۇسۇلمان ئايالنىڭ زىننەتلىرىنى پەقەت سالىھ مۇسۇلمان ئاياللار ئالدىدىلا ئاشكارىلىسا دۇرۇس، ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس ياكى مۇسۇلمان بولسىمۇ پاسىق ئاياللار بار سورۇندا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىشى دۇرۇس ئەمەس دېگەن ئۇقۇم چىقىدۇ.

بۇنداق ھارام قىلىنىشنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە «دۇسۇقى»نىڭ شەرھىسىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار: «مۇسۇلمان ھەۋر ئايالنىڭ كاپىر ھەۋر ئايال ئالدىدىكى ئەۋرىتى كىچىلۈك كۆزقاراشتا يۈزى ۋە ئىككى قولىدىن باشقا ھەممە جايلىرىدۇر. بۇ بولسا كاپىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ كاپىر ئېرىگە ئۇ مۇسۇلمان ئايالنى سۈپەتلەپ بەرمەسلىكى ئۈچۈندۇر. دېمەك، ھارام قىلىنىش ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئەۋرەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىرتقى بىر ئامىل تۈپەيلىدىندۇر».

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇسۇلمان، ئەمما پاسىق ئاياللار ئالدىدا بەدىنىنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان جايلىرىنى ئېچىشى ھارامدۇر. بۇ چەكلەشمۇ ئۇ پاسىق ئايالنىڭ بۇ مۇسۇلمان ئايالنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېرىگە سۆزلەپ بەرمەسلىكى ئۈچۈندۇر. «ھەدىيىەتۇل ئەلائىيە» ناملىق كىتابتا مۇنداق مەزمۇنلار بار: «سالىھ ئاياللارنى پاسىق ئاياللار ئەرلەرگە سۈپەتلەپ بەرمەسلىكى ئۈچۈن، بۇنداق ئاياللار سالىھ ئاياللارغا قارىماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن سالىھ ئايالمۇ بۇنداق ئاياللار ئارىسىدا جىلبابلىرىنى ۋە ياغلىقلىرىنى سېلىۋەتمەسلىكى كېرەك».

بۈيۈك ئۇستاز ئەللامە ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ «ئۆز ھېسابلىنىدىغان ئاياللار» دېگەن سۆزى ھەققىدىكى خاس چۈشەنچىسىنى، بۇ ئۇستازنىڭ «سۈرە نۇرنىڭ تەپسىرى» ناملىق كىتابىدا سۆزلەنگەن پېتى بايان قىلىپ ئۆتىمىز: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئېنىقكى، ئاللاھ تەئالانىڭ ‹ئۆز ھېسابلىنىدىغان ئاياللار› دېگەن سۆزىدىن كۆزدە تۇتۇلغان ئاياللار مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، شۇ مۇئمىن ئاياللارغا ھەمسۆھبەت بولۇش، بىرگە خىزمەت قىلىش ۋە ئۆزئارا تونۇشۇش ئارقىلىق مۇئمىن ئاياللار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئاياللاردۇر. بۇ ئايەتتىن مەقسەت ئەدەپ-ئەخلاقى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى بىلمەيدىغان ياكى سىرتقى ئەھۋالى گۇمانلىق بولۇپ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان يات ئاياللارنى بۇ دائىرىدىن چىقىرىپ تاشلاشتۇر. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا ئاساسلىق كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى دىنىنىڭ ئوخشىماسلىقىلا ئەمەس، بەلكى

ئەخلاقنىڭ ئوخشىماسلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاياللار ئۆزلىرى بىلەن ئائىلىدىن كىلىپ چىققان، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ ئەخلاقىغا ئىشەنگىلى بولىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق ئاياللارغا، مەيلى ئۇلار مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھىجابسىز ۋە ھېچبىر سىقىلىش ھېس قىلماستىن زىنەتلىرىنى ئاشكارىلىسا بولىدۇ. ئەمما، گەرچە مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ ھاياسىز، ئەدەپ-ئەخلاقىغا ئىشەنگىلى بولمايدىغان پاسىق ئاياللارغا كەلسەك، ھەرقانداق بىر مۇئمىن ۋە سالىھ ئايال بۇنداق ئاياللاردىن ھىجابلىنىشى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق ئاياللارغا ھەمسۆھبەت بولۇشنىڭ مۇئمىن ئاياللارنىڭ ئەخلاقىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئەرلەرگە ھەمسۆھبەت بولۇشتىن كەم ئەمەس».

لېكىن، بۇ دەۋردە مۇسۇلمان بولمىسىمۇ ئەخلاق-پەزىلەتلىك بۇنداق ئېسىل ئاياللار نەدە؟ مېنىڭ پەرىزىمچە، بۇنداق ئاياللار ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. قىسقىسى دىنىسىز ئاياللارنىڭ ياكى مۇسۇلمان بولسىمۇ ھېچبىر ئىززەت-ھۆرمەتكە دىققەت قىلمايدىغان ئەخلاقسىز ئاياللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش خەۋپى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئايال ئۆز دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلىق نامىنى ئېھتىيات بىلەن قوغدىشى كېرەك.

## 8 - بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان بالىلارغا قاراشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

بۇ بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان بالا بولسا، ئون ياش بىلەن 15 ياش ئارىلىقىدىكى تېخى ساقال چىقمىغان ياش بالا بولۇپ، بۇنداق بالىلارغا سودا-سېتىق ياكى ئېلىم-بېرىم قىلىش، داۋالاش ياكى ئىلىم ئۆگىنىش ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن زۆرۈر تېپىلغاندا قاراش دۇرۇس. لېكىن، ئۇلارنىڭ يۈزىگە لەززەتلىنىش يۈزىسىدىن قاراش ھارامدۇر. چۈنكى، بۇ ئىش شەھۋەتنى قوزغىتىپ ئىنساننى ئازدۇرىدۇ. بۇنىڭ ھاراملىقىنىڭ دەلىلى بولسا، ئاللاھ تەئالانىڭ «مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمسۇن» ( 30: 24 ) دېگەن سۆزىدۇر.

ئىلگىرىكى سالىھ ئۆلىمالىرىمىز چىرايلىق يىگىتلەرگە قاراشتىن ۋە بىر سورۇندا ئولتۇرۇشتىن شۇ دەرىجىدە ساقلانغاندىكى، ھەزرىتى ھەسەن ئىبنى زەكۋان رەھمەھۇللاھ: «بايلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولماڭلار، چۈنكى ئۇلار قىزلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىتنىسى ئاياللارنىڭكىدىنمۇ ياماندۇر» دېگەن.

بىر قېتىم ھەزرىتى سۇفيان سەۋر رەھمەھۇللاھ مۇنچىغا كىردى. ئارقىدىنلا چىرايلىق بىر بالا كىرىۋىدى، سۇفيان سەۋر رەھمەھۇللاھ ئۇلارغا: «بۇ بالىنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى مەن ھەربىر ئايال بىلەن بىر شەيتاننى كۆرسەم، ھەربىر ياش بالا بىلەن 17 شەيتاننى كۆرىمەن» دېگەن.

بىر ئادەم ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھنىڭ يېنىغا چىرايلىق بىر بالىنى ئېلىپ كەلدى. ئىمام ئۇ ئادەمگە: «بۇ بالا سېنىڭ نېمەڭ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم: «ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ: «بۇ بالىنى بۇندىن كېيىن بىزنىڭ يېنىمىزغا ئېلىپ كەلمىگىن ھەمدە بۇ بالا بىلەن بىرگىمۇ ماڭمىغىن. سېنى تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان ئادەملەر سېنىڭ توغراڭدا يامان گۇمان قىلىپ قالمىسۇن» دېدى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھمەھۇللاھ: «بىر ئادەمنىڭ ياش باللارغا تىكىلىپ قاراۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، ئۇنى يامان نىيەتلىك ئادەم دەڭلار» دېگەنىكەن.

ياش باللارغا زۆرۈرەتسىز قاراشتىن چەكلەشتىكى ھېكمەت بولسا، ئېغىر گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش بولۇپ، بۇ جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. تەقۋادار، پەرھىزكار مۇسۇلمان ئۆز دىنى، ئەخلاقى ۋە نام-ئابرۇيىغا داۋاملىق پەخەس بولىدۇ ھەمدە تۆھمەتكە قېلىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ.

## 9 ـ ئايال كىشىنىڭ يات ئەرلەرگە قارىشىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

يات ئەرلەر يوللاردا مېڭىۋاتقان، ياكى ھارام قىلىنمىغان ئويۇنلارنى ئويناۋاتقان، ياكى سودا-سېتىق قىلىشىۋاتقان ۋەياكى باشقا بىر ھاجەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھالەتلەردە بولسا، مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۇلارغا قارىشى دۇرۇس.

بۇنىڭ دەلىلى «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن مۇنۇ ھەدىستۇر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى مەسجىدتە نەيزە ئويۇنى ئويناۋاتقان ھەبەشلەر (قارا تەنلىك قۇللار)نىڭ ئويۇننى كۆرگەن. بۇ چاغدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئويۇننى كۆرگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تاكى قاراپ زېرىكىپ قايتىپ كەتكەنگە قەدەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۇلاردىن توسۇپ تۇرغان. بۇ ئىش ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى يۈز بەرگەن.

ئەمما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممۇ سەلەمە بىلەن مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا دېگەن «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمدىن ئۆزەڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار، ... سىلەر ئىككىڭلارمۇ قارىغۇمۇ؟ سىلەر ئۇنى كۆرمەمسىلەر؟!» دېگەن سۆزى بۇ ئىككىيلەنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر سورۇندا جۈغلىشىپ قېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇچرىشىپ قېلىشىغا قارىتىلغان.

ئەللامە ئەبۇل ئەئلەل مەۋدۇدى ئۆزىنىڭ «ھىجاب» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئېنىقكى، بۇ يەردە ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىگە قارىشى ۋە ئەرنىڭ ئايال كىشىگە قارىشى ئوتتۇرىسىدا، ئىككى جىنسنىڭ پسخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تەرەپتىن ناھايىتى ئىنچىكە پەرقلەر بار. مەسىلەن: ئەر كىشىنىڭ خاراكتېرىدە ئىنتىلىش بار بولۇپ، بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرسە، دەرھال ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. لېكىن، ئايال كىشى ئۇياتچان بولغاچقا، ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزىنى تارتىش ۋە قېچىش بولىدۇ. ئايال كىشى ئۆزىنىڭ شۇ ساغلام خاراكتېرىدىلا بولىدىكەن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە قىزىققان نەرسىگە ئەر كىشىگە ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن ئىنتىلىشى، جۈرئەت قىلىشى ۋە يۈزى قېلىنلىق قىلىشى ناتايىن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرققە دىققەت قىلغان بولغاچقا، ئاياللارنى يات ئەرلەرگە قاراشتىن چەكلەشنى ئەرلەرنى يات ئاياللارغا قاراشتىن چەكلەشنى تەكىتلىگەندەك قاتتىق تەكىتلىمىگەن. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا ھەبەشلەرنىڭ مەسجىدتە نەيزە ئوينىشىنى كۆرسەتكەنلىكى

ھەققىدىكى مەشھۇر ھەدىسى بولسا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىشى شەرتسىز چەكلەنمىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. پەقەتلا ئەر-ئاياللارنىڭ بىر سورۇندا جۇغلىششى ۋە بىر-بىرلىرىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قېلىشى مەكرۇھ. خۇددى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمدىن ئۆزدىنى دالدىغا ئېلىشقا بۇيرۇلغىنىغا ئوخشاش. لېكىن قاراش بىلەن پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالسا، قاراش دۇرۇس ئەمەس.

ئەللامە ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى رەھمەھۇللاھ «سەھىھ بۇخارى»نىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەبەشلەرگە قارىغانلىقى ھەققىدىكى بۇ ھەدىس يات ئايالنىڭ يات ئەرگە قارىشىنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىگە ئەمەس. بۇرۇندىن تارتىپ ئاياللار مەسجىدلەرگە ۋە بازارلارغا چىققاندا، ئەرلەر كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن باشلىرىغا چۈمبەل ئارتىپ چىقىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئاياللارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەرلەرنىڭمۇ چۈمبەل ئارتىشقا بۇيرۇلمىغانلىقىمۇ، ئاياللارنىڭ يات ئەرلەرگە قارىسا بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىككى جىنسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى ئاياللارنىڭ يات ئەرلەرگە قارىشىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىز ئەر كىشىگە نىسبەتەن يات ئايالنىڭ يۈزى ئەۋرەت بولغىنىدەك، ئەر كىشىنىڭ يۈزىمۇ يات ئايالغا نىسبەتەن ئەۋرەت دېمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى پىتنىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالسا، يات ئەرگە قارىشى ھارام. ئەگەر پىتنە بولمايدىغان ئىش بولسا ھارام ئەمەس. چۈنكى، تارىختىن بۇيان ئەرلەرنىڭ يۈزى ئوچۇق ھالەتتە ياشاپ كەلگەن. ئەمما ئاياللار سىرتقا چىققاندا باشلىرىغا چۈمبەل ئارتىپ چىقىپ كەلگەن. ئەگەر ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋال باراۋەر بولغان بولسا، ئەرلەرمۇ چۈمبەل ئارتىشقا بۇيرۇلغان بولاتتى ياكى سىرتقا چىقىشتىن چەكلەنگەن بولاتتى.

مەن يۇقىرىدا ئۆتكەن ھەدىسلەر ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە مۇنداق يەكۈن چىقىرىمەن: ئايال كىشىنىڭ يات ئەرلەرگە قارىشى مۇنداق ئىككى شەرت ئاستىدا دۇرۇس: بىرى قاراش ئارقىلىق پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەسلىك، يەنە بىرى ئەر-ئاياللار بىر سورۇندا ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ بىر-بىرىگە تىكىلىپ قارىماسلىقتۇر.

## 10 - كىچىك باللارنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

فەقىھ ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: كىچىك بالا مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، تۆت ياش ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولسا، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەزاسى ئەۋرەت ھېسابلانمايدۇ. ئەمما، تۆت ياشتىن ئاشقان چاغدا، ئالدى ۋە ئارقا ئەزالىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپى ئەۋرەتتۇر. ھەتتا بۇ بالا شەھۋەت يېشىغا يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئەۋرىتى يۇقىرىقى تەپسىلات بويىچە بالاغەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ ئەۋرىتىگە ئوخشاش بولىدۇ. بىز كىچىك باللارنى قانچە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا ئادەتلەندۈرسەك شۇنچە ياخشى.

## 11 ـ قاراش يوللۇق بولىدىغان زۆرۈر ئەھۋاللار

بىز ئىلگىرى ئەر كىشى يات ئايالغا، گەرچە ئۇ ئايال شەھۋەتنى قوزغىمايدىغان سەت ۋە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، مەيلى قاراش شەھۋەت بىلەن بولسۇن، ياكى شەھۋەتسىز بولسۇن، تىكىلىپ قاراش دۇرۇس ئەمەس، بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تەئالانىڭ: «مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىسۇن ...» دېگەن سۆزى ھەمدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «باشقا تەرەپكە قارىۋالغىن» دېگەن سۆزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

لېكىن، ئەمدى بەزىبىر زۆرۈر ئەھۋاللار ۋە جىددىي ھالەتلەر بۇ چەكلىمىدىن مۇستەسنادۇر. بىز بۇ ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بايان قىلىمىز:

### 1 ـ توي قىلىشقا پۈتۈشۈش مەقسىتىدە قاراش

بۇ ھەقتە توي قىلماقچى بولغان قىزغا قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى دېگەن تېمىدا تەپسىلىي بايانلار ئۆتتى.

### 2 ـ ئىلىم ئۆگىتىش مەقسىتىدە قاراش

تۆۋەندىكى بىرقانچە شەرتلەر ئاستىدا، يات ئايالنىڭ يۈزىگە ئۇ ئايال زىننەتلەنمىگەن ئەھۋالدا ئىلىم ئۆگىتىش مەقسىتىدە قاراش دۇرۇس: (1) ئۆگىتىلمەكچى بولغان ئىلىم شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنغان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش؛ (2) سىستېرالىق قىلىش قائىدە ـ پرىنسىپلىرى ۋە تۇغۇت ئىشلىرىنى ئۆگىتىشكە ئوخشاش ئاياللارغا خاس بولغان دائىرىدە بولۇش؛ (3) ئايال كىشىنىڭ يۈزىگە قارىغانلىق سەۋەبتىن پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەسلىك؛ (4) ئۆگىتىش جەريانىدا ئىككىيلەن يالغۇز قالماسلىق؛ (5) ئۆگىتىشتە ئەرلەرنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئاياللار بولماسلىق.

ئىسلام دىنى بۇ شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، شەك ـ گۇمان يېقىن يولىمايدىغان، تۆھمەت قىلىنمايدىغان، ھەتتا قىزلار گۇناھ ـ جىنايەت قوللىرى سوزۇلماستىن ۋە خىيانەت كۆزلىرى قادالماستىن ئېپپەتلىك ساق ۋە پاك ھالەتتە ياشىيالايدىغان ساپ ۋە پاكىزە بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىرادە قىلغان بولۇشىدا شەك يوق.

بۈيۈك ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن راست ئېيتقان: «بۇنداق قىلسا (يەنى ئاياللار بەدىنىنى يوپكەنچە بىلەن ئورىۋالسا) ئۇلارنىڭ (ئېپپەتلىك ھۆر ئايال ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ» (33:59).

### 3 ـ داۋالاش مەقسىتىدە قاراش

ئەر دوختۇر يات ئاياللارنىڭ داۋالاش ئېلىپ بارماقچى بولغان ئورۇنلىرىغا قارىشى دۇرۇس.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئالدۇرۇش توغرىسىدا رۇخسەت سورىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبا تەييىبنى مەندىن قان ئېلىپ قويۇشقا بۇيرىدى» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ئەر دوختۇر يات ئاياللارنى تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ئاستىدا داۋالىشى دۇرۇس: (1) ئەر دوختۇر تەقۋادار، ئىشەنچلىك، ئادالەتلىك، داۋالاش ئېلىپ بارماقچى بولغان ساھەدە يېتىشكەن بولۇش؛ (2) قاراشقا توغرا كەلگەندە ئايالنىڭ ئەزالىرىدىن ئېھتىياجغا چۇشلۇق جايىنى ئېچىش؛ (3) شۇ يۇرتتا ئىلىم ۋە كەسىپ جەھەتتە شۇ ئەر دوختۇرنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئايال دوختۇر بولماسلىق؛ (4) داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئايالنىڭ مەھرىمى، يا ئانىسى، يا ھەمشىرىسى، يا ئايال قوشنىسىغا ئوخشاش ئىشەنچلىك ئايال بار يەردە بولۇش؛ (5) مۇسۇلمان دوختۇر بار يەردە كاپىر دوختۇرغا داۋالانماسلىق.

مۇشۇ شەرتلەر تولۇق بولغان ۋاقىتدا ئەر دوختۇر ئايال كىشىنىڭ ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغان جايلىرىغا قارىشى ياكى تۇتۇشى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلاردىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، پايدا-مەنپەئەت ۋە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدىغان دىندۇر. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى پرىنسىپى مۇنداق: «ئاللاھ تەئالا سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى» (22:78)؛ «ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» (2:185).

## 4 - ئەرز-شىكايەت ۋە گۇۋاھلىق بېرىش مەقسىتىدە قاراش

قازى ۋە گۇۋاھچى ئۈچۈن پىتنىدىن قورققان تەقدىردىمۇ ئايال كىشىنىڭ يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىغا قارىشى دۇرۇس. چۈنكى، مۇشۇنداق قاراش ئارقىلىق ھەق ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، زۇلۇم يوقىتىلىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ دۇرۇس بولۇشى پەقەت بېشىغا چۈمبەل ئارتىۋالغان ئاياللار قازى ۋە گۇۋاھچىغا نىسبەتەن ناتونۇش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلماقچى بولغان ئايال ئېنىق بولۇپ، ئىشلار ئېلىشىپ كەتمەسلىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەق-ھوقۇقلار زايا بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مۇشۇ منۇتلاردا ئايال كىشىنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا بولىدۇ.

بۇنداق بولۇشى پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ پايدا-مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان ۋە ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان ئەمەلىي رېئاللىق ۋە ھاياتلىق دىنى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر: «ئاللاھ تەئالاغا چىن ئىشىنىدىغان ئادەمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھ تەئالادىنمۇ ئادىل كىم بار؟» (5:50).

مەن مۇشۇ ئورۇندا ئەر ۋە ئاياللار ئېچىدىن ۋىجدانلىق، غورۇرلۇق ئادەملەرنىڭ ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلىرىمىزنىڭ ئايال كىشىنىڭ يات ئەرلەر ئالدىدا يۈزىنى ئېچىشقا، گەرچە بۇ ئىش يوللۇق بولغان ۋاقىتتىمۇ قانچىلىك سىقىلىش ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، تارىخ بېتىگە مەڭگۈلۈك خاتىرلەنگەن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ھىجرىيىنىڭ 3-ئەسىرىدە رەي ۋە ئەھۋاز دېگەن جاينىڭ قازىسى مۇسا ئىبنى ئىسھاق دېگەن كىشى كىشىلەرنىڭ دەۋا-دەستۇرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئولتۇراتتى. دەۋاگەرلەر ئارىسىدا بىر ئايال ئۆز ئېرى ئۈستىدىكى 500 دىنار تويلۇق مەھرىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئېرى بۇنى ئىنكار قىلاتتى. قازى بۇ ئادەمگە: «گۇۋاھچىلىرىڭنى

ئېلىپ كەل!» دېدى. ئۇ ئادەم: «ئېلىپ كەلدىم» دېدى. قازى ئۇلارنىڭ بىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «گۇۋاھلىق بەرگەندە توغرا كۆرسىتىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بۇ ئايالنىڭ يۈزىگە قاراپ باققىن!» دېدى. گۇۋاھچى ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئايالغا: «ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئايالنىڭ ئېرى: «ئايالىمنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟» دېدى. ئۇنىڭغا: «گۇۋاھچىنىڭ ئايالىڭنى تونۇيدىغانلىقى راست بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ ئايالىڭنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قاراپ بېقىشى كېرەك» دېيىلىۋىدى، بۇ ئادەم گۇۋاھلىق ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئايالىنى يۈزىنى ئېچىشقا مەجبۇرلاشنى يامان كۆردى-دە، دەرھال: «قازى جانابلىرى! مەن ئايالىمنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە تەلەپ قىلغان تويلۇق مەھرىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىمەن، ئايالىمنىڭ يۈزىنى ئاچمىسىلا» دەپ توۋلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايالىنىڭ قەلبىدە، ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزىنى گۇۋاھچىلارنىڭ كۆرسىتىشىگە چىدىمايۋاتقانلىقى ۋە ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ساقلاشقا تىرىشىۋاتقانلىقىدىن، ئېرىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى-دە، قازىغا: «مەن سىلىنى شۇنىڭغا گۇۋاھچى قىلدىمكى، ئېرىمگە بۇ تويلۇق مەھرىمنى سوۋغا قىلىۋەتتىم. مەن ئۇنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بۇ ھەققىن خالاس قىلدىم» دەپ توۋلىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قازى ئەتراپىدىكىلەرگە: «بۇ ۋەقەلىكنى ئېسىل ئەخلاقلار بابىغا پۈتۈپ قويۇڭلار!» دېدى.

تەربىيەتچىلەر مەيلى مەھرەملەرگە قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بولسۇن، ياكى تويى قىلماقچى بولغان قىزغا قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بولسۇن، ياكى ئەر ئۆز ئايالىغا قاراشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر بولسۇن، ياكى ئەر كىشى يات ئايالغا قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بولسۇن، ياكى ئەر كىشى ئەر كىشىگە قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بولسۇن، ياكى ئايال كىشى ئايال كىشىگە قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بولسۇن، ياكى كاپىر ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالغا قارىشى، ياكى ئەر كىشىنىڭ ياش يىگىتكە قارىشى، ياكى ئايال كىشىنىڭ يات ئەر كىشىگە قارىشى، ياكى كىچىك باللارنىڭ ئەۋرىتىگە قاراش، ياكى تەلىم-تەربىيە ۋە ئۆگىتىش مەقسىتىدە قاراش، ياكى داۋالاش مەقسىتىدە قاراش، ياكى دەۋا-دەستۇر ۋە گۇۋاھلىق ئۈچۈن قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بولسۇن، ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ باشقىلارغا قاراشتىكى يولغا قويغان ئەدەپ-قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك.

ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىق، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىسلامي خاراكتېرلىك، جەمئىيەتتە يۈرۈش-تۇرۇشى تۈزۈك ۋە يۈكسەك ئىسلامي تەربىيىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىرادە قىلسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن باشقىلارغا قاراش ھەققىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىدە پەرزەنتلىرىگە ئەمەلىي ئۈلگە بولۇشى، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆگىتىپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ. مال-دۇنيا ۋە باللار ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئەجىر-مۇكاپاتلىرىنى كېمەيتىۋەتمەي بېرىدۇ.

## 3 - باللارنى جىنسىي شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇش

ئىسلام دىنى تەربىيەتچىلەرگە يۈكلىگەن ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىرى، باللارنى جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغىتىدىغان ۋە ئەخلاقنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇشتۇر. بۇ تەلىم-تەربىيە باللار ئون ياش

ئەتراپىدىكى ۋاقتىدىن باشلاپ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئەخلاق تەربىيەسى ئالىملىرى شۇ قاراشقا كەلدىكى، بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى بولسا، ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزگىلدۇر. تەربىيەتچى بولغان ئادەم دەل مۇشۇ مەزگىللەردە پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيلەشنى، سېكس پاتقاقلىرىدىن ئۇلارنى قانداق تارتىۋېلىشنى ھەمدە ئۇلارغا قانداق كۆرسەتمە بېرىشنى تونۇپ يېتەلىسە، بالىلار كۆپىنچە ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئەدەپ ـ قائىدىلىك ۋە يۈكسەك ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيەگە ئىگە ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنى ۋە تەربىيەتچىلەرنى ئۆز پەرزەنتلىرىنى جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا بۇيرىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تەئالا سۈرە نۇردا مۇنداق دەيدۇ: «لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، يا ئاتىلىرىدىن، يا قېيىنئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن» (ـ 31 ئايەت).

بۇ ئايەتتىن بالىلار ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدىغان ۋە شەھۋەتنى قوزغىتىدىغان ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان دەرىجىدە كىچىك بولسا، بۇنداق بالىلار ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىۋەرسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما بالا بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدە ياكى شۇنىڭغا يېقىنلاپ قالغان (يەنى توققۇز ياشتىن ئاشقان) مەزگىللەردە، چىرايلىق بىلەن سەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ۋە شەھۋەتنى قوزغىتىدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالسا، كۆڭلىدە جىنسىي ئىستەك قوزغىلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق بالىلار نامەھرەم ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىشى توغرا ئەمەس دېگەن مەنە چىقىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ «ياكى ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلار ...» دېگەن مەزمۇن ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق بالىلار كىچىك بولغانلىقتىن ئاياللارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى نازاكىتىدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋە ئەۋرەت ئورۇنلىرىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق كىچىك بالىلار بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيدىغان بولغاچقا، نامەھرەم ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

«سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ زات: «نامەھرەم ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرمەڭلار» دېگەندە، شۇ يەردىكى ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرىچۇ؟» دەپ سورىغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەرنىڭ قېرىنداشلىرى كىرسىغۇ ھالەك بولغاننىڭ ئۆزى شۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام ھاكىم ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە نامازنى ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار». بۇ ھەدىستىن بالىلار بالاغەت يېشىغا يېقىنلاپ قالغان مەزگىللەردە قىز-ئوغۇللار بىر ئورۇندا يېتىۋەرسە، ئۇخلىغان ياكى ئويغاق ھالەتتە بىر-بىرلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغاپ قويىدىغان ياكى ئەخلاقنى بۇزىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىگەنلىك تۈپەيلىدىن، ئاتا-ئانىلار شەرىئەت تەرەپتىن بالىلىرى ئون ياشقا كىرىپ قالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىشكە بۇيرۇلغان دېگەن ھۆكۈم ئېلىنىدۇ.

مانا بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا-ئانىلارنى پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئېسىل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن، بالىلارنىڭ جىنسىي شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجابىي تەدبىرلەرنى ھەمدە يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش سەۋەبلىرىنى قوللىنىشقا بۇيرىغانلىقىنىڭ كەسكىن دەلىلىدۇر. ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت كۈنى فەزلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئارقىسىغا مىنگەشتۇرۇۋالغانىدى. فەزلى ئىبنى ئابباس بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان بالا ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دىنىي مەسىلىلەرنى سوراۋاتقان خەسئەم قەبىلىسىدىن بولغان چىرايلىق بىر ئايالغا قاراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ قويدى.

ئىمام تىرمىزى رەھىمەھۇللاھنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «تاغاڭنىڭ ئوغلىنىڭ بويىنىنى تولغاپ قويدۇڭغۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «مەن بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ ئۆزئارا قارىشىپ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەمىن بولالمىدىم» دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ فەزلى ئىبنى ئابباسنىڭ يۈزىنى ھېلىقى ئايالغا قاراشتىن باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىش-ھەرىكىتىدىن ھەمدە «مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولالمىدىم» دېگەن سۆزىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياش ئەۋلادلارنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىپ ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق تۈپەيلىدىن ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى تۈزەيدىغان ۋە جىنسىي ھېسسىياتنى تۇراقلاشتۇرىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق، بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان ياكى بالاغەتكە يېتىپ بولغان ياشلارغا كۆرسەتمە بېرىشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ئىبارەت ھۆكۈم ئېلىنىدۇ.

مانا بۇ ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋلادلارنى تۈزەش ۋە تەربىيىلەش ھەمدە جەمئىيەتنىكى ناتوغرا ئىشلارنى تۈزەشتىكى ئەڭ ياخشى بولغان تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش-ھەرىكىتىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلاھاتقا ئائىت پوزىتسىيىلىرى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش-پائالىيەتلىرى نېمىدېگەن كۆپ! ...

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇ ھۆكۈمنى خۇلاسىلەيمىزكى، تەربىيەتچى مۇئەللىملەر ۋە ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ زىنا-پاھىشە قىلتاقلىرىغا دەسسەپ، خارلىق ئازگىلىغا چۈشۈپ، ئەخلاقسىزلىق ۋە بۇزۇقچىلىق پاتقاقلىرىدا ئېغىراپ ياتماسلىقى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىنى جىنسىي شەھۋەتنى قوزغايدىغان ھەرقانداق بىر ئامىلدىن يىراقلاشتۇرۇشى ۋاجىب.

تەربىيەتچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى جىنسىي شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتى مۇنداق ئىككى تەرەپتە روياپقا چىقىدۇ: بىرى، ئىچكى نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتى. يەنە بىرى، سىرتقى نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتى.

## • ئىچكى نازارەتچىلىك

ئىچكى نازارەتچىلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، تەربىيەتچىلەر بالىلىرىنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ھەرقانداق ئامىلدىن چەكلەشتە، ئىسلامنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. مەسىلەن: بالىلارنىڭ بالاغەتكە يېتىش مەزگىللىرىدە بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى، چۈش ۋاقتى ۋە خۇپتەندىن كېيىنكى ئارام ئېلىش ۋە ئۇخلاش ۋاقىتلىرىدا چوڭلارنىڭ يېنىغا رۇخسەتسىز كىرىشى ئۇلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغىتىپ قويىدىغان ئامىللاردىندۇر. چۈنكى، بالىلار بۇنداق چاغلاردا كۆپىنچە ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆرۈپ قېلىش ياخشى بولمايدىغان ۋە ئەۋرەتلەر ئېچىلىپ قالىدىغان ھالەتلەردە ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا ئۆتكەندەك، تەربىيەتچىلەر كىچىك بالىلىرىغا مۇشۇ ئۈچ ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ يېنىغا رۇخسەت سوراپ كىرىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش كېرەك.

ــــ بالىلار توققۇز ياشتىن كېيىن بالاغەتكە يېتىش مەزگىللىرىدە يات ئاياللارنىڭ يېنىغا، ئۇلار چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇرغاندا كىرىشىمۇ ئۇلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغاپ قويىدىغان ئامىللاردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بالىلىرى بالاغەتكە يېتىش مەزگىللىرىدە ئۇلارنى يات ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرىشتىن چەكلىشى كېرەك.

ــــ بالىلار ئون ياشتىن ئاشقاندا ئۆزىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز قېرىنداشلىرى بىلەن بىر جايدا، بولۇپمۇ بىر يوتقاندا ئۇخلىشىمۇ ئۇلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئامىللاردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بالىلىرىنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىشى كېرەك.

ــــ بالىلار بىر نەرسىنى پەرقلەندۈرگۈدەك بولغاندىن باشلاپ، ئايال كىشىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئەۋرەت ئورۇنلىرىغا تىكىلىپ قارىشىمۇ ئۇلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئامىللاردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر يۇقىرىدا ئۆتكەندەك، پەرزەنتلىرى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان چاغدىن باشلاپ، ئۇلارغا باشقىلارغا قاراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشى كېرەك.

ــــ ئائىلىدە بالىلارنىڭ تېلېۋىزور قاناللىرىدىن ھېسسىياتنى قوزغىتىدىغان ھاياسىز كۆرۈنۈشلەرنى ۋە بۇزۇق ئېلان-

تەشۋىقاتلارنى كۆرۈشكە يول قويۇشمۇ بالىلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغىتىدىغان ئامىللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

تېلېۋىزورلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىنتايىن خەتىرى چوڭ بولغاچقا، تەربىيەتچىلەر ئۆيلىرىدە تېلېۋىزور بولۇشىغا يول قويماسلىقى كېرەك.

ــــ بالىلارنى خالىغانچە يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلەرنى، ھاياسىز مەزمۇنلار يېزىلغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى، ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ۋە جىنسىي شەھۋەتنى قوزغايدىغان ناخشا ـ مۇزىكا لىنتىلىرىنى يىغىپ ساقلىشىنى نازارەت قىلماستىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشمۇ بالىلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئامىللاردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچى ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرىدا ئۆتكەندەك، پەرزەنتلىرىنىڭ ھارام قىلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىپ ساقلىغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنى قانداق توغرا يولغا يېتەكلەپ، قانداق كۆرسەتمە بېرىشنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، بالىلارنى نازارەت قىلىپ، ئۇستەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى كېرەك.

ــــ بالىلار بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدە ئۇلارغا دەرس تەكرارلاش ۋە ئۆگىنىش قىلىشنى باھانە قىلىپ، قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن ياكى قوشنىلارنىڭ قىزلىرى بىلەن خالىغانچە دوستلىششىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشمۇ ئۇلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئامىللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتكە زور تەسىرى بار.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئەخلاقسىزلىق، ئۇچىغا چىققان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ھاڭلىرىغا ئاپىرىپ تاشلايدىغان نۇرغۇن جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغاتقۇچى ئامىللار بولۇپ، تەربىيەتچى ئاتا ـ ئانىلار، مۇئەللىملەر ئاقىلانە كۆرسەتمە بېرىش، توغرا ھەم ھېكمەت بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، پەرزەنتلەرنى بۇنداق ئامىللاردىن يىراقلاشتۇرۇشى ھەمدە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئالىيجاناب قىلىپ تەربىيىلەش چارە ـ تەدبىرلىرىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى كېرەك!

## • سىرتقى نازارەتچىلىك

ئەمما، سىرتقى جەھەتتە نازارەت قىلىشقا كەلسەك، بۇمۇ مۇھىملىقتا ھەرگىز ئىچكى جەھەتتە نازارەت قىلىشتىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. چۈنكى، بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتە بۇزىدىغان ۋاسىتىلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھۆرمەتلىك تەربىيەتچى قېرىنداشىم! شۇڭا، بۇ يەردە سىزنىڭ بالىلارنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان ۋە ئۇلارنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن، بالىلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئەڭ خەتەرلىك ۋاسىتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىز!

## 1 ـ كنو ـ تياترخانلارنىڭ بۇزۇقچىلىقى ( زىينى )

بۇ جايلاردا باشقىلارنى جىنسىي جەھەتتىن ئازدۇرىدىغان، شەھۋەتلەرنى قوزغايدىغان، ئەخلاقسىز، بۇزۇقچىلىق كۆرۈنۈشلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى زامانىمىزدىكى كنو ـ تياترخانلار ئەخلاقسىزلىق ۋاستىسى ۋە ھاياسىز ئۇچۇمە كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ يايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كنو ـ تياترخانلاردىن پايدىلىنىپ يۈز ـ ئابرۇي ۋە جىنسىيەت تىجارىتى قىلىش يەھۇدىيلار ۋە باشقىلار يالغاندىن ئىسلامغا نىسبەت بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان رەزىل تەمەخورلار ۋە پەس تەبىئەتلىك بەدبەختلەرنىڭ پۇل تېپىش ئۇسۇلى ۋە مۇسابىقە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى.

## 2 ـ ئاياللارنىڭ چاكنا كىيىم پاسونلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىقى ( زىينى )

بۇ كىيىم پاسونلىرى بالاغەتكە يەتكەن ياشلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان چاغدا، بۇ ياشلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇشۇنداق بازار تېپىۋاتقان پىتنە ـ پاساتلار ۋە چاكنا كىيىملەر ئالدىدا بەرقارارلىق ھېس قىلالمايدۇ. ئېنىقكى، بۇ ياش يىگىت يالىڭاچ، باشقىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان ئەشۇ گۈزەللەردىن شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۇرسۇن، كۆزى بىلەن قاراپمۇ يېتىشەلمەيدۇ.

ئۇنداقتا بۇ بالاغەتكە يەتكەن دەپ قالغان ياكى بالاغەتكە يېتىپ بولغان بۇ ياش مۇشۇنداق كۈچلۈك پىتنە ـ پاسات دولقۇنى ئالدىدا نېمە قىلىدۇ؟ ئېنىقكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ، ئەخلاقىنى بۇزىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ يارىملىق بىر ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن چىن ـ ئىخلاس بىلەن تىرىشىشتىن بەزدۈرىدۇ.

بۇنداق كىيىم پاسونلىرىنى كەشپ قىلغانلار كىملەر؟

ئېنىقكى، ئۇلار پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە دۇنيانىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىش قولاي بولۇشى ئۈچۈن ئەتراپى ئالەمگە چۇۋالچاقلىقنىڭ يامراپ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى كۆزلەيدىغان، كۆپىنچىسى يەھۇدىيلاردىن چىققان بىر ئۇچۇم تىجارەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ ئەقىدىمىزدىن باشقا ئەقىدىدىن، بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدىن باشقا ئەخلاقتىن كېلىپ چىققان ئادەملەردۇر.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، روھىي بىقىنمىچىلىق ۋە كەمچىلىك ھېس قىلىش ھەمدە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش بوتىللىرىدا قايناش بولسا، يۇرتلىرىمىزدىكى ئاڭسىز ئاياللار ھېسسىياتقا ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگەنلىك تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى پىتنە ـ پاساتقا ئىتتىرىش ۋە ئازدۇرۇشنى نىشان قىلغان چاكنا كىيىملەر دولقۇنىغا غەرق قىلىۋەتكەن.

ھېچ بىلمىدىم ... مۇسۇلمان ئايال ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە ئەسلى ـ ۋەسلىنى يوقىتىۋېتىدىغان ھەمدە مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات نامى بىلەن مەجرۇھ بىر قىياپەتكە كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئەشۇ بۇزۇق ئېقىمنىڭ كەينىدىن قانداقمۇ

يۈگۈرەيدىغاندۇ ؟! ...

بۇ مودا قوغلىشىش ئېقىمىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالماستىن، بەلكى ھەر خىل غەلىتە پاسونلار بىلەن باشقىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، دىققىتىنى تارتىپ، قىزىقىشىنى قوزغايدىغان ھەرقانداق تەرەپكە يۈزلىنىدىغان بولۇشى بۇ ئىشنىڭ خەتىرىنى تېخىمۇ زورايتىۋېتىدۇ. بۇ مودا كىيىم پاسونلىرى باشقىلارنى تاپتىن چىقىرىش ئارقىلىق پىتنە-پاسات پەيدا قىلىشتا خىلمۇخىللىشىپ كەتكەن بولۇپ، پىتنە-پاسات پەيدا قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان، چۈرۈپ تاشلانغان، ئىنسانىڭ ھۆرمىتىنى قانچىلىك يەرگە ئۇرغان بولسۇن، ئىنسانىي قانچىلىك ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بولسۇن، ھەرقانداق بىر ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كەلمەكتە. بۇ زاماندىكى ئاياللار دىنىي ئەخلاقتا سەل قارىغۇچىلار تاللىغان ھەرقانداق ۋاستىغا يۈزلىنىش بىلەن ئىتائەت قىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېھنىگە مۇشۇ خەلقئارالىق مودا پاسونلاردىن كېيىن قېلىش مەدەنىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىش ھەمدە شەھەرلىشىش ۋە مەدەنىيەت كارۋىنىدىن كېيىن قېلىش دېگەن ئۇقۇم چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ناۋادا ياۋروپالىق، بولۇپمۇ ئامېرىكىلىق بىر ئايال ئەخلاقسىز مودا پاسونلاردىن ئىبارەت بۇ ۋابا خاراكتېرلىك ئېقىمغا ئەگىشىشتە ھېچقانداق مەسىلە يوق دەپ قارىسا، مۇسۇلمان ئايال بۇ ئېقىمدا چوقۇم چاتاق بار دەپ قارىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىش بويتاق قىز-يىگىتلەرگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنى جىنسىي چۇۋالچاقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىققا سۆرەپ ئېلىپ بارىدۇ. بىلمىسىز، كەمبەغەل ئاياللارنىڭ پۇل تېپىشى ئۈچۈن مەخپىي زىنا-پاھىشە بىلەن شۇغۇللىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئاياللار مۇشۇ مودا كىيىملەرنى كىيگەن چاغدا گۈزەل بىر ئېرىنتقۇ كۆرۈنۈشىدە نامايان بولىدۇ. ئاياللار يېڭى پاسوندىكى مودا كىيىملەرنى كىيىشكە بېرىلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا يۈز بېرىدۇ. شەكسىزكى، مۇسۇلمان ئايال ئۆزىنىڭ ئىسلامىي ئەخلاق پرىنسىپ دائىرىسىدە ياشاشىنى جەمئىيەتنىڭ ياخشى ۋە خاتىرجەم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئۆزىنى كىيىملەرنى كىيىپ ۋە ھىجابلىنىپ مۇكەممەل ھايالىق قىياپەتتە كۆرۈنۈش ئارقىلىق بالاغەتكە يەتكەن بويتاق يىگىتلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ ئايال شەرىئەت نەزىرىدە ئىسلام پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە بېرىلگەن، ھاۋايى-ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئازغۇنلۇق يولىغا ماڭغان دەپ قارىلىدۇ.

«ئاللاھ تەئالا ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ تەئالا ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارسا، ئەر-ئايال مۆئمىنلەر ئۇ ھۆكۈمگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ)» (33:36).

## 3 - مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشرەتخانىلارنىڭ بۇزۇقچىلىقى (زىبىنى)

كاللىسىدا قىزغىنىش، ئىززەت-ھۆرمەت ۋە كۈندەشلىك تۇيغۇسى يوق ئەرلەر ۋە كۆڭۈللىرىدىكى ئېسىللىك، ھايا قىلىش ۋە ئىپپەت-نومۇس تىزگىنىنى يوقىتىۋەتكەن ئاياللار پەس ۋە ناچارلىقتا تولۇگۈزدەك، بىر-بىرلىرى بىلەن چېتىلىش ۋە جىنسىي شەھۋىتىنىڭ قوزغىلىشىدا چاھارپايلاردەك بەدئەخلاقلىق مەيدانىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشلىرى

ئۈچۈن، مۇشۇنداق گۇناھ-مەئسىيەتكە تولغان جايلارغا يىغىلىدۇ.

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئورۇنلار ئەخلاقسىزلىق ۋە پىتنە-پاسات مەيدانلىرىدۇر. ئەيش-ئىشرەت ۋە ناشايان ئىش-ھەرىكەتلەر ماكانىدۇر. بۇ يەرلەرگە ھەرقانداق چاغدا مۇشۇ دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنىلا كۆزلەيدىغان، ئۆچمە كۆڭۈل، ئەخلاقىي پرىنسىپلاردىن ياتلىشىپ كەتكەن مەستانىلەر كېلىپ تۇرىدۇ.

بۇنداق ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىش بولسا، بىزلەرگە ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش مىكروبىرىدىن ياكى مېغىزىنى قويۇپ شاكىلىنى ئېلىشتىن كەلگەن ۋابا خاراكتېرلىك ئاپەتتۇر. بۇ بولسا ئويۇن-تاماشا بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىش ۋە ھاياتنىڭ قىممىتىنى زايا قىلىۋېتىشنىڭ دەلىل-ئىسپاتىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ ئەخمەق ئىنسانىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى كۆرۈش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە ئورۇنۇش، ئەخلاقسىزلىق يولىغا مېڭىش ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىنى ۋە پۇل-مېلىنى زايا قىلىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟!

... بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيا ياكى ئاخىرەتكە ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق ئىشلاردۇر. بۇ ئىشرەتخانىلار مەيلى مەخپىي بولسۇن ياكى ئاشكارا بولسۇن، جىنسىي ئالاقىدىكى چۇۋۇلچاقلىقنىڭ كەڭ مەيدانىدۇر، دېمەك، بۇ جايلار جىنايەت ۋە گۇناھ-مەئسىيەت مىكروبلىرى تەرەققىي قىلىدىغان ھەم تۈرلىرى كۆپىيىدىغان مەينەت ۋە سېسىق ئازگاللاردۇر. بۇ جايلارنىڭ شەھۋەتنى قوزغىتىدىغان كۆرۈنۈشلىرىدە ئىنسان ئىرادە تىزگىنىنى يوقىتىدۇ، ئۆز رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ ھەمدە گۇناھكار چىرايلارنى، يالىڭاچ بەدەنلەرنى ۋە ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان ئۇياتلىق جايلارنى كۆرگەن چاغدا، ئەخلاقسىزلىق پەلەمپىيىگە ئۆرلەيدۇ. مەست قىلغۇچى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە تاقاقلىق ئىشكلەرنى ئاچىدۇ، ئىنسانلار چىن ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىشتىن، توغرا يول تۇتۇشتىن ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن تۈرلۈك ھېسسىياتلارغا، ئەرزىمەس ئويۇن-تاماشالارغا ۋە ھارام قىلىنغان مۇناسىۋەتلەرگە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ناچار مۇھىتلاردا ۋە گۇناھقا تولغان ئىشرەتخانىلاردا يىلتىز تارتقان تاپتىن چىققان ئالاقىلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئائىلىلەر ۋەيران بولىدۇ، ئۆيلەر بۇزۇلىدۇ، ئاياللار تاپتىن چىقىدۇ، ئادەمگەرچىلىك يوقىلىدۇ، ھۆرمەتلەر دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرايدۇ، مال-دۇنيالار خوراپ تۈگەيدۇ.

بۇ ئىشرەتخانىلارنىڭ خەتىرى مۇشۇ بىر ئىزدا توختاپ قالماستىن، بەلكى مال-دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشى، ئېھتىياجىنى قامداش ھەمدە بالايى-ئاپەت ۋە دەرد-ئەلەم كەلتۈرىدىغان ئۆتكۈنچى لەززەتلەردىن مەنپەئەتلىنىش مەقسىتىدە قەدەملىرى مۇشۇ تېگى يوق ھاڭغا تېيىلىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇنلىغا قىزلارغا زەھەرلىك قولىنى سوزىدۇ.

### Δ تېيىلىپ كېتىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى:

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! مەن بۇ ئورۇندا سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىڭىزنىڭ ئېنىق ۋە روشەن بولۇشى ئۈچۈن، قىزلارنىڭ بۇ رەزىل ھاڭلارغا تېيىلىپ كېتىش كارتىنىلىرىنى سىزىپ بېرىمەن.

ــــ بىر كۈنى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىرىدە ئايال گىمناستىكا ئوقۇتقۇچىسى ئون قاتار قىز ئوقۇغۇچىلارغا گىمناستىكا دەرسى ئۆتۈۋاتقاندا، بىر قىز ئۇشتۇمتۇتلا بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ قىز داۋالاش ئۈچۈن دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكىلىدۇ. پۈتۈن بەدىنىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن بۇ قىزنىڭ زىنادىن ھامىلدار

بوپقالغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدۇكى، بۇ قىز ئوقۇغۇچىلاردىن بىرسى مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن پاھىشە ئانىسىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن مەخپىي پاھىشە بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنى قۇتراتقۇچى ئۇسۇللىرى بىلەن قىز ساۋاقداشلىرىغا پاھىشە ۋە مۇنكەر ئىشلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەن. نەتىجىدە باشقا ساۋاقداشلىرىنىمۇ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان. تەلىم-تەربىيە مەسئۇللىرى رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، بۇ ھادىسىنى يوشۇرۇپ ئىزىنى يوقاتقان.

يامان ھەمراھنىڭ باشقىلارنى بۇزۇپ ئازدۇرۇشتا تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىدا شەك يوق! ...

— ئۆزىنىڭ ھايۋانىي شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن لەززەت ۋە شەھۋەتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرەشتىن باشقا غېمى يوق، بۇزۇق ۋە ئەخلاقسىز بىر دادىنى بىر كۈنى ئۇنىڭ ھايۋانىي ھېسسىياتى مەخپىي پاھىشىخانىلارنىڭ بىرىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھايۋان دادا ئۇ يەرگە كىرگەن چاغدا، پاھىشىخانا خوجايىنى خېرىدارلىرىغا پاھىشە ئاياللارنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندى. بۇ دادىنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچى قىزلىرىدىن بىرىنىڭ سۈرىتىگە چۈشتى-دە، بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھاڭ-تاڭ قالدى. لېكىن، ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن چاغدا ئۆزىگە كېلىپ، مەسئۇل يېتەكچىگە: «مەن مۇشۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسىنى خالايمەن» دېدى. مەسئۇل يېتەكچى ئۇنىڭغا: «پالانى ياتاقتا كىرگىن! ئۇ ئاللىقاچان سېنى كۈتۈشكە تەييارلىنىپ بولدى» دېدى. بۇ ئادەم مەسئۇل يېتەكچى كۆرسەتكەن ياتاققا كىردى-دە، ئۆز قىزىنىڭ خېرىدارلارنى كۈتۈش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ قىز ئۆز دادىسىنىڭ ئالدىدا بۇ ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى قورقۇنچ قاپلىدى ھەمدە بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر زەربە بولدى-دە، دادىسىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاتتىق ھودۇققان ۋە ئەنسىز ۋارقىرىغان ھالدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئەمما، دادا بولسا ئۇنىڭ كۆڭلىدە قىزغىنىش ۋە كۈنلەش ھېسسىياتى قوزغىلىپ، تومۇرلىرىدا ئار-نومۇس ۋە ئىززەت-شەرىپىنى قوغداش تۇيغۇسى پەيدا بولدى-دە، قىزنى بوغۇپ تاشلىماقچى بولۇپ خۇددى ئاڭسىز يىرتقۇچ يولۋاستەك قىزىغا ئېتىلدى. لېكىن، باشقىلارنىڭ ئۇنى تىزلا سېزىپ قېلىشى بۇنىڭغا يول قويمىدى. نەتىجىدە بۇ يەردە يېپىق قازان يېپىق پېتى قالدى. ھېچكىم بۇ قىزنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلمىدى.

بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ قىزنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى يامان ھەمراھى بولغانلىقىدۇر. چۈنكى، بۇ قىزنىڭ مەكتەپكە بىرگە بارىدىغان قوشنىسىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا يامان يولنى چىرايلىق كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇنى مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان.

بۇ قىزنىڭ ئائىلىسىدىن ھېچكىم ئۆز قىزىنىڭ مەكتەپنى ئىززەت-شەرىپى ۋە ئىپپىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان بۇنداق پاھىشىلەر ماكانىغا ئالماشتۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

يامان ھەمراھنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىنى بۇزۇش ۋە ئازدۇرۇشتا چوڭ تەسىرى بولىدىغانلىقىدا شەك يوق! ...

— مەن ئەڭ ئېشەنچ قىلىدىغان، ئىخلاسمەن، غەيرەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ بىر قېتىم ئۆز يۇرتىدىكى قەھۋەخانىلارنىڭ بىرىگە شۇ يەردىكى بىر دوستىنى ئىزدەپ كىرىپ قاپتۇ. كىرىش جەريانىدا قىز-ئوغۇللار ئۇچرىشىدىغان بۇ قەھۋەخانىنىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىگە كەينى-كەينىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىر توپ قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭدا بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكى ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ. ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپلا كۆرگەن ئەھۋاللارنىڭ دەھشىتىدىن ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىۋاتقان، مۇھەببەتلىشىۋاتقان، قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتقان ۋە ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئۆز-ئۆزىدىن: «بۇلار قانداق قىلىپ بۇ ھالەتكە كېلىپ قالدى؟ بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر قانداق مەيدانغا چىقتى؟ ئۇلارنى بۇ جايغا كىم ئېلىپ كەلدى» دەپ سوراپتۇ.

بۇ بولسا بۇلار تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن، گېزىت-ژۇرناللاردىن، شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى ھېكايىلەردىن، ئۇسسۇللۇق ناخشا-مۇزىكىلاردىن ۋە كوچا-كويلاردىن كۆرگەن زىنا-پاھىشە ۋە ئەخلاقسىز ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئالغان ساۋاق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققان. ئاتا-ئانىلىرى بولسا ئۆز بالىلىرى ۋە قىزلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ.

مۇھتىنگمۇ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ، ئەخلاقنى بۇزۇشتا چوڭ تەسىرى بارلىقىدا شەك يوق! ...

— بىر قانچىلىغان مۇدىر ۋە باشقۇرغۇچى ئەر-ئاياللار ماڭا مۇنداق ۋەقەلىكنى ئېيتىپ بەرگەن: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇل خىزمەتلىرىدە مەكتەپكە پوچتا ئارقىلىق كېلىدىغان كۆپلىگەن خەت-چەكلەرنىڭ ئارىسىدا ئىشق-مۇھەببەت ئىبارىلىرى بارلىقىنى بايقاپ قالغان. قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلەملىرى بۇ خەتلەرنى گۈل كەلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئوقۇش ھاياتىدىكى كۆپ ۋاقتىنى ئوغۇل بالا قىز مەشۇقىغا، قىز بالا ئوغۇل ئاشىقىغا خەت يېزىپ ئەۋەتىش بىلەن زايا قىلىۋەتكەن. بۇ ئىش بولسا، ئاتا-ئانىلار ئائىلە ئىچىدە بالىلىرىنى نازارەت قىلىشقا سەل قارىغانلىقتىن، مەكتەپ تەرەپتىن ئاڭلىق تەربىيىۋى كۆرسەتمە بېرىشكە سەل قارىغانلىقتىن ياكى ھەرقانداق جايدىكى جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان ئىجتىمائىي پىتنە-پاساتلارنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان.

بالىلار مەيلى ئوغۇل بولسۇن، ياكى قىز بولسۇن ئەقىدە ۋە ئەخلاقتىن خالىي، قەلبى ئۆلۈك بولسا، يامانلارغا ئارىلىشىپ، پاسىقلارغا ھەمسۆھبەت بولسا، ئۇ چوقۇم مۇشۇنداق شەرمەندىچىلىككە قالىدۇ.

ناچار مۇھىت ۋە ئەسكى ھەمراھلارنىڭ باشقىلارنى ئازدۇرۇپ بۇزۇشتا ئىنتايىن چوڭ تەسىرى بارلىقىدا شەك يوق! ...

## 4 - جەمئىيەتتىكى شاللاق ۋە نومۇسسىز كۆرۈنۈشلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقى (زىبىنى)

بالاغەتكە يەتكەن ياكى بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرغان ياش يىگىت كوچىدا ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا

كۆرىدىغىنى نېمە؟

ئۇلار كىنو-فىلىملەر، گېزىت-ژۇرناللار، ئېلان-تەشۋىقاتلار، كوچىلار، تۇرالغۇ ئۆيلەر، سورۇنلار ۋە تىياتىرخانىلاردا تولۇپ ياتقان يالىڭاچ سۈرەتلەرنى كۆرىدۇ. ئىنتايىن چىرايلىق ياسانغان، باشقىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان قىياپەتتە كىيىنگەن، ئەمما يالىڭاچلاردىن پەرقى يوق ئاياللارنى كۆرىدۇ. نە ئىززەت-ھۆرمەتكە، نە ئەخلاق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلمايدىغان ئاياللارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدىغان مودا كىيىملەرنى كۆرىدۇ.

ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ-كېلىش جەريانىدا، خۇددى تارىلىپ كەتكەن چېكەتكۈلەردەك بىر-بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، قىستىلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا بەزىبىر شاللاق ۋە پەس ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ يولدا مېڭىۋاتقان ھاياسىز ۋە ئەخلاقسىز قىز ئوقۇغۇچىلارغا سەت گەپلەرنى قىلغىنىنى قانچە قېتىم ئاڭلىدۇق؟

بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان قىز-ئوغۇللارنىڭ تىياتىرخانا ئالدىغا توپلىشىپ زىنا-پاھىشە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەخلاقسىز كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بەزى چاغلاردا ئوغۇللار ۋەدىلىشىپ ياكى ۋەدىلەشمەستىن كىنو بېلىتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئارقىلىق قىزلارنى كىنو كۆرۈشكە قىزىقتۇرىدۇ. نەتىجىدە ئىككىسى ھاياسىز كىنو-فىلىملەرنى بىرگە كۆرىدۇ.

بالىلار مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى، بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يامان ئىشلارنى بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ياشلىق مەزگىللىرىدە كۆرىدۇ.

شەك-شۈبھىسىزكى، ناچار مۇھىتنىڭ ئىنسانلارنى بۇزۇپ ئازدۇرۇشتا ئىنتايىن چوڭ تەسىرى بار! ...

## 5 - يامان ھەمراھنىڭ بۇزۇقچىلىقى ( زىيىنى )

بىز ئىلگىرى «بالىلاردىكى ئېزىپ كېتىش سەۋەبلىرى» دېگەن تېمىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا تۆۋەندىكى بىر تۈرلۈك مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: يامان ھەمراھ ۋە ئەسكى دوست بالىلارنى تاپتىن چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىللاردىندۇر. بولۇپمۇ بالىلار ئەقلى چولتا، ئەقىدىسى ئاجىز، مىجەزى تۇراقسىز بولسا، تېزلا يامان ھەمراھلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ يامان ئادىتى ۋە ناچار ئەخلاقىنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن بىرگە يامان يولغا ماڭىدۇ. نەتىجىدە جىنايەت ئىشلەش ئۇلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە، تاپتىن چىقىش ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇش، ئازغۇنلۇق ۋە بەختسىزلىك ئازگاللىرىدىن تارتىپ چىقىش تەسكە توختايدۇ.

تەربىيەتچى قېرىنداشىم! بىز ( ئىشرەتخانىلارنىڭ بۇزۇقچىلىقى ) ھەققىدە سۆزلىگەن چېغىمىزدا، سىز يامان ھەمراھنىڭ ياش قىز-يىگىتلەرنى پاھىشە ئىش-ھەرىكەتلەرگە سۆرەپ ئاپىرىپ، پىتنە-پاسات ۋە ئەخلاقسىزلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويۇشتا خەتىرى ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىڭىز ... چۈنكى، ھەمراھ ۋە

ئۈلپەت دېگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەك بولىدۇ. ئىمام ئىبنى ھىببان رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «كىشىنىڭ دىيانىتى دوستىنىڭ دىيانىتىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار كىم بىلەن دوستلىشىدىغانلىقىغا قارىسۇن».

ئاللاھ تەئالا بىرىسىگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن:

گەر بىرىنى بىلمەك بولساڭ دوستىنى سورا،
چۈنكى ئىنسان ئۈلپەتلەشكەن دوستىدەك بولا.

## 6 - قىز - ئوغۇللارنىڭ بىر - بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىشىنىڭ بۇزۇقچىلىقى (زىيىنى)

قىز - ئوغۇللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشكە يېقىنلاشقان مەزگىللەردە بىر - بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىشىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتكە، ئىلىمگە، ئىقتىسادقا، جىسمانىيەتكە ۋە نېرۋىلارغا چوڭ زىيىنى بار.

بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئىسلامىي رايونلاردا ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىش جىنسىي ھېسسىياتنى ساپلاشتۇرىدۇ، يوشۇرۇن شەھۋەتلەرنى قايتۇرىدۇ، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشىنى كۆنۈپ كەتكەن ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ دېگەندەك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپلەردە ۋە خىزمەت ئىشخانىلىرىدا ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى مەيدانغا چىقتى.

بىز ئىلگىرى «بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى» دېگەن تېمىدا ئىككى جىنسنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى جىنسىي ھېسسىياتنى ساپلاشتۇرىدۇ، شەھۋەتنى كېسىدۇ ھەمدە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۆزئارا ئۆچرىشىشىنى تەبىئىي ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ دەپ دەۋا قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمگە كۈچلۈك ۋە قانائەتلەنگۈدەك دەلىل - پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىپ ئۆتكەن.

تەربىيەتچى قېرىنداشلىرىم! مەزكۇر تېمىغا قايتىپ، شۇ تېمىدىكى «ئىككى جىنسنىڭ ئارىلىشىشىغا دەۋەت قىلغۇچىلارغا رەددىيە» دېگەن ماۋزۇنى ئوقۇسىڭىز، ئاللاھ تەئالا خالىسا دىل يارىڭىزغا شىپالىق مەلھەم تاپالايسىز! ...

ئەي تەربىيەتچىلەر! بىز ئەشۇ تېمىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ۋاستىلەر بالىلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇپ، جىنسىي شەھۋەتنى قوزغاشتىكى ئەڭ خەتەرلىك ۋاستىلەر بولۇپ، ئۇ بولسا سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭلاردەك بالىلارنى ۋەيران قىلىپ ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب - ۋاستىلەردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر پەرزەنتلىرىڭلارنى مۇكەممەل نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئادا قىلىپ، مەيلى ئائىلە ئىچىدە بولسۇن، ياكى سىرتتا بولسۇن، ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن كۈچەيتىشىڭلار كېرەك! ...

لېكىن، پەقەت نازارەت قىلىپ كۆزىتىشنىڭلا يېتەرلىك ئۈنۈمى بولامدۇ؟ ياكى تەربىيەتچى ئاتا-ئانىلار ۋە مۇئەللىملەر پەرزەنتلەرنى ئىسلاھ قىلىشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك باشقا ئىجابىي ئۇسۇل-چارىلەرمۇ بارمۇ؟

## • بۇ ئىللەتلەرنى تۈزەشتىكى ئىجابىي تەدبىرلەر

مېنىڭ پەرىزىمچە، تەربىيەتچىلەر قوللانسا، روھى پاك، قەلبى ساپلىقتا پەرىشتىدەك، ئۈلگە بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇشتا پەيغەمبەردەك، روھانىيلىق ۋە تەقۋادارلىقتا رەببانىي بىر يېتەكچىدەك بولسا، ئەۋلادلىرىنىڭ ئەخلاقى تۈزۈلۈپ، جىنسىي ھېسسىياتى تۇراقلىق بولىدىغان ئۈچ خىل ئىجابىي تەدبىر بار:

1 - ئەۋلادلارنى ئاك-ساپالىق قىلىپ تەربىيىلەش چارىسى.

2 - ئىسلامغا خىلاپ يامان ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى.

3 - ھەر ساھە تەلىم-تەربىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش چارىسى.

### 1 - ئەۋلادلارنى ئاك-ساپالىق قىلىپ تەربىيىلەش چارىسى

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، باللار كىچىك چېغىدىن باشلاپ يەھۇدىيلار، كوممۇنىستلار، ناسارالار ۋە مۇستەملىكچى دۆلەتلەرنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، جايلاردىكى ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە كەڭ تارقالغان ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىق ۋە ئەخلاقىي چۈۋالچاقلىقلار چۈشەندۈرۈلسە، چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ ئېڭىدا شەھۋەتلەرگە بېرىلىشتىن ھەمدە نۇرغۇنلىغان پىتنە-پاساتلاردىن قايتۇرىدىغان پىشىپ يېتىلگەن بىر ئاك چۈشەنچىگە ئايلىنىدۇ. ئېنىقكى، بۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇپ ئازدۇرۇش ۋاستىلىرى بولسا، ھەر خىل شەھۋانىي تۈردىكى كىنو-فىلىملەر، گېزىت-ژۇرناللار، رادىئو-تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، مودا كىيىملەر، يالىڭاچ سۈرەتلەرنى تارقىتىش، مەخپىي ۋە ئاشكارا پاھىشىخانىلارنى ئېچىش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ۋاستىلەر بولۇپ، تەربىيەتچى قېرىندىشىم! سىز بۇ سۇيىقەست پىلانلىرىنى مۇشۇ كىتابنىڭ «مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىش» دېگەن تېمىدىكى مەزمۇنلاردىن تولۇق دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن بىلەلەيسىز.

بىز ئىلگىرى مەزكۇر تېمىنىڭ ئاخىردا «ئەقلىي جەھەتتە تەلىم-تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتى» دېگەن تېمىدا بۇ سۇيىقەستلىك پىلانلارغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتتۇق.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! سىز مۇشۇ ئىككى تېمىغا مۇراجىئەت قىلسىڭىز، ئاللاھ تەئالا خالىسا قەلب يارىڭىزغا شىپا بولىدىغان مەلھەم تاپالايسىز! ...

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتنى بۇزۇشتىكى قارا نىيەتلىرى زېھنىڭىزدە چوڭقۇر ئورۇنلىششى ئۈچۈن، مەن سىزگە مۇشۇ ئورۇندا بۇ سۇيىقەستلىك پىلانلارنىڭ لاھىيىسىنى قىسقىچە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىم تۈزۈك.

—— يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى: شەك-شۈبھىسىزكى، بۇلار پەرۋىدىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلاردۇر. پەرۋىد: «ئىنساننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىكى ھەرقانداق نەرسە جىنسىي شەھۋەتنى

قانـدۇرۇش ئۈچـۈن ھەمـدە شـەھۋەت ۋە لەززەتنـىڭ ئارقىسـىدىن قوغـلاش ئۈچۈنـدۇر» دەپ چۈشـەندۈردۇ.

شەك-شۈبھىسـىزكى، بـۇلار يەنـە كارل ماركـس دېگـەن يەھۇدىينىـڭ كۆزقاراشـلىرىنى تەشـەببۇس قىلىـدۇ. ئـۇ نۇرغۇنلىغـان ئىنسـانلارنىڭ ئەقـىدە ۋە ئەخلاقلىرىنـى بۇزۇۋەتكـەن، بارلـىق دىنلارنـى يوقىتىپ چىقىرىـپ، ئۇلۇھىيـەت (ئاللاھقـا بويسـۇنۇش) ئەقىدىسـىگە قارشـى چىققـان. باشـقىلار ئۇنىڭدىـن: «ئۇلۇھىيـەت ئەقىدىسـىنىڭ ئورنىـدا تۇرالىغـۇدەك بىـر نەرسـە بارمـۇ؟» دەپ سـورىغان چاغـدا، ئـۇ: «ئۇلۇھىيـەت ئەقىدىسـىنىڭ ئورنىنـى باسـىدىغان بىردىنبىـر نەرسـە بولسـا كىنو-تىياتىرخانىـلاردۇر، كىنو-تىياتىرخانىـلار ئارقىلـىق مۇسـۇلمانلارنى ئۇلۇھىيـەت ئەقىدىسـىدىن ئايرىۋېتىـڭلار!» دەپ جـاۋاب بەرگـەن.

شەكسـىزكى، بـۇلار يەنـە نەنتىزىينىـڭ كۆزقاراشـلىرىنى تەشـەببۇس قىلىدۇ. ئۇ بولسـا پۈتكۈل ئەخلاقلارنـى يوقاتقان، ھەربىـر ئىنسـانغا ئۆزىگـە پايدا-مەنپەئـەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىشـلارنى قىلىشـى يوللۇق دەپ قارايدىغـان ئادەمدۇر.

شەك-شۈبھىسـىزكى، بـۇلار جىنسـىي شـەھۋەت ۋە ئاياللار ئارقىلـىق ھەرقانـداق جايدا ئەخلاقنـى ۋەيـران قىلىشـقا ھەرىكـەت قىلىـدۇ. بـۇ يەھۇدىيـلار ۋە مىسسـىئونېرلار (خرىستىئان دىـن تارقاتقۇچىلىرى) نىڭ سـۆزلىرىدىن مۇنـۇلار بار: «بىـز ئاياللارنـى قولغـا كەلتۈرۈشـىمىز كېـرەك! ... بىـر كـۈن تـاڭ ئاتىدىكـەن، بىـز چوقـۇم زىنا-پاھىشـىلەرنى يولغـا قويـۇپ، دىننـى قوللىغۇچـى كۈچلەرنـى يوقىتىشـقا ھەرىكـەت قىلىشـىمىز كېـرەك!» ...

ـــ مۇسـتەملىكىچىلەر ۋە ئەھلـى سـەلىبلەر (خرىستىئانلار): مۇسـتەملىكچى چـوڭ دۆلەتلەرنـىڭ رەھبەرلىرىنـىڭ بىـرى مۇنـداق دەيـدۇ: «مۇھەممـەد پەيغەمبەرنـىڭ ئۈممىتىنـى ۋەيـران قىلىشـتا ھاراق-شـاراب ۋە ئۇسسـۇلچى ئاياللارنـىڭ كۈچـى مىڭلىغـان توپ-زەمبىرەكلەرنـىڭ كۈچىدىـن ئۈنۈملـۈك بولـىدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئۇلارنـى ماددىـي مەنپەئـەت ۋە جىنسـىي شـەھۋەتلەرنىڭ مۇھەببىتىگـە غـەرق قىلىۋېتىـڭلار!».

پەلەسـتىندىكى خرىسـتىئان دىـن تارقاتقۇچىلىـرى قۇرۇلتىيىـدا ئالكـس زۇۋەيمـر دېگـەن كىشـى مۇنـداق دېگـەن: «شەك-شۈبھىسـىزكى، سـىلەر مۇسـۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىـدا شـۇنداق بىـر ئەۋلادلارنـى يېتىشـتۈرۈپ چىقتىڭلاركـى، ئـۇلار ئاللاھ تەئالاغـا بولغـان ئالاقىسـىنى ئۇقمايـدۇ. بۇنـىڭ نەتىجىسـىدە چـوڭ ئىشـلارغا كۆڭـۈل بۆلمەيدىغـان، راھەتپەرەسـلىكنى ۋە ھورۇنلۇقنـى ياخشـى كۆرىدىغـان، بـۇ دۇنيـادا ئۆزىنـىڭ كۈچىنـى پەقـەت جىنسـىي شـەھۋەتلەرگىلا قارىتىدىغـان، ئىلىـم ئۆگەنسـىمۇ شـەھۋەتلىرى ئۈچۈنـلا ئۆگىنىدىغـان، مال-دۇنيـا توپلىسـىمۇ پەقـەت شـەھۋەتلىرى ئۈچۈنـلا توپلايدىغـان، ئالىـي مەركەزلەرگـە ئورۇنلاشسـىمۇ، پەقەت جىسـمانىي شـەھۋەتلىرى ئۈچۈنلا ئورۇنلىشـىدىغان، بارلىقىنـى جىسـمانىي شـەھۋەتلىرى ئۈچۈنـلا ئاتىۋېتىدىغـان، مۇسـتەملىكە قىلىشـىمىزدىكى مەقسـىتىمىزنىڭ ئەمەلـى ئىپادىسـى بولغـان بىـر تۈركـۈم ئىسـلامىي ئـەۋلادلار مەيدانغـا كەلـدى».

ـــ كوممۇنىسـتلار ۋە ماددىزىمچىـلار: تەربىيەتچـى قېرىندىشـىم! سـىز «ئۆزىنـىڭ مەسـئۇلىيىتىنى تونـۇش» دېگـەن تېمىـدا، كوممۇنىسـتلار تولـۇپ-تاشـقان ئىشـەنچ بىلـەن دېگـەن گەپلەرنـى تەپسـىلىي ھالەتتە تاپالايسـىز. لېكـىن، بىزنىڭ بـۇ تېمىمىزغـا زىـچ مۇناسـىۋەتى بولغانلىقـى ئۈچـۈن، ئۇلارنـىڭ مۇنـۇ سـۆزلىرىنى قىسـتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىـز: «بىـز دىننـى ۋەيـران قىلىدىغـان ھېكايىلـەر، كىنو-تىياتـىرلار، لېكسـىيىلەر، گېزىت-ژۇرنالـلار، دىنسـىزلىق ۋە خۇداسـىزلىقنى



www.uyghurkitap.com

تەشۋىق قىلدىغان ۋە ئۇنىڭغا باشقىلارنى دەۋەت قىلدىغان، دىننى ۋە دىنىي زاتلارنى مەسخىرە قىلدىغان، پەقەت ئىلىم-پەننىلا ئۇگىنىپ، ئۇ ئىلىمنى ھۆكۈمران ئىلاھقا ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدىغان نەشرىيات بۇيۇملىرىنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىشتا ئۇتۇق قازاندۇق»،

مانا بۇ سۆزلەر ۋە سۇيىقەستلىك پىلانلاردىن شۇ ئېنىق بولىدۇكى: ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار، مىسسىئونېرلار، كوممۇنىستلار، ئەھلى سەلىبلەر ۋە مۇستەملىكچىلەر ھاراق-شاراب، جىنسىي شەھۋەت، كىنو-فىلىم، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلدىغان كىتابلار ۋە ھەر تۈرلۈك نەشرىيات بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، ئەخلاقلارنى بۇزىدىغان ھېكايىلەر ۋە كىنو-فىلىملەرنى كۆپلەپ بازارغا سېلىش ئارقىلىق ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنى بۇزۇشتا بىر-بىرلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۆزئارا پىكىر جەھەتتە ئورتاقلىشىپ بىر-بىرلىرىگە ھەمدەمدە بولىدۇ ... تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەس ۋە رەزىل مەقسىتىگە يەتتى، نەتىجىدە بىز چىراي-شەكلى بىزگە ئوخشايدىغان، بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدىغان ھەمدە ئىسلام دىنىمىزغا نىسبەت بېرىلىۋاتقان، ئەمما كۆڭۈل خاھىشلىرى ۋە جىسمانىي شەھۋەتلىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، چۈشكۈنلۈك، ئەخلاقسىزلىق ۋە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش پاتقاقلىرىغا پېتىپ كېتىۋاتقان بىر تۈركۈم ياش ئوغۇل-قىزلارنى كۆردۇق، بۇلار شۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىكى، ئۇلارنىڭ پەسكەشلىك ۋە شەھۋانىيلىق پاتقاقلىرىدا ئېگىراش، ئۇياتسىز، ئەخلاقسىز ۋە شەھۋانىي كۆرۈنۈشلەر چىقىدىغان كىنو-تىياتىرلار ۋە دراممىلارنى كۆرۈش ياكى قەلبلىرىدىكى غورۇر، ئەركەكلىك، ئىززەت-شەرەپ ئۇقۇملىرىنى يوقىتىۋېتىدىغان جايلارنى تىمىسقىلاپ يۈرۈشتىن باشقا ھېچبىر غېمى، ھېچبىر غايە-نىشانى يوق! ... ۋە بۇلار يەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان جىنايى قىلمىشلارنى ئۆزلۈكسىز قىلىۋاتىدۇ.

تەربىيەتچى قېرىنداشىم! سىز چوقۇم جىگەر پارىلىرىڭىز بولغان پەرزەنتلىرىڭىزنى ئاڭ-ساپالىق قىلىپ تەربىيلەش مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشىڭىز كېرەك! ... شۇنداق بولغاندا ئۇلار سۇيىقەستچى دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، سىز ئۇلارنىڭ ئېڭىدا، ناۋادا ئۇلار پىتنە-پاسات پاتقاقلىرىغا مىلىنىپ، ئەخلاقسىز شەھۋانىيلىقنىڭ كەينىدىن سوكۇلداۋەرسە، يەھۇدىيلار، ئەھلى سەلىبلەر ۋە كوممۇنىستلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنىڭ، مىسسىئونېرلار، ناسارالار ۋە مۇستەملىكچىلەرنىڭ پىلانلىرىنىڭ ئىسلام زېمىنىدىكى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىدىكى ئەمەلىي ئىجراچىلىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاڭ چۈشەنچىسىنى پەيدا قىلالىسىڭىزمۇ خېلى چوڭ گەپ! ... مېنىڭچە مۇشۇنداق ئاڭنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئۇلارنى ئەقلىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قانائەتلەندۈرۈش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنى ھارام قىلىنغان ناشايان ئىشلاردىن قايتۇرۇشتا ئىنتايىن چوڭ رولى بار.

## 2 - ئىسلامغا خىلاپ يامان قىلمىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى

مېنىڭ قارىشىمچە، ناۋادا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى يېتەكلەپ ئاڭ-ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىسا، بۇ چارە پەرزەنتلەرنى ھارامدىن چەكلەپ، ناشايان ئىشلاردىن توسۇشتا ئىجابىي تەسىرى ئەڭ زور بولىدىغان چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ چارە پەرزەنتلەرگە شەھۋانىيلىقتا بېرىلىپ، ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۇياتسىزلىق

ھاڭلىرىغا تېيىلىپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن، زىنا-پاھىشە، ھارام قىلىنغان مۇناسىۋەتلەر ۋە گۇمانلىق ئالاقىلەردىن كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ مۇھىم خەتەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. بەلكىم، سىز شۇ ئارقىلىق پەرزەنتلىرىڭىزنى ئاڭ-سەۋىيىلىك قىلىپ تەربىيىلەش ۋە خاتا ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلالىشىڭىز، نەتىجىدە ئەۋلادلىرىڭىزمۇ ھارام قىلىنغان ناشايان ئىشلاردىن ۋە ئاللاھ تەئالا يامان كۆرىدىغان ئەخلاقسىزلىقتىن ئۆزلىكىدىن توختىشى مۇمكىن ...

— تەربىيەتچى ئاتا-ئانىلار، مۇئەللىملەر! ئەشۇنداق شەھۋانىيلىققا بېرىلىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەندىكى قورقۇنچلۇق خەتەرلەرگە قۇلاق سېلىڭلار! ...

### 1 - تەن-سالامەتلىككە ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى:

— سۆزنەك كېسىلى: بۇ كېسەل زىنا-پاھىشە ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەل ئېغىر دەرىجىدە ياللۇغ ياكى بالىياتقۇ ۋە ئىككى بۆرەكتە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە تۇغماسلىق ۋە بوغۇم ياللۇغى پەيدا قىلىدۇ. بەزى چاغلاردا بوۋاقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە كۆز ياللۇغى پەيدا قىلىپ كور قىلىپ قويىدۇ.

— تاناسىل (جىنسىي ئەزا) كېسەللىكى: بۇ كېسەل زىنا-پاھىشە كۆپ ئومۇملاشقان ياۋروپا جەمئىيەتلىرىدىن پەيدا بولغان كېسەل بولۇپ، ياۋروپالىقلار بۇ كېسەلنى دەسلەپتە ئومۇمىي كېسەللىك دەپ ئاتىغان.

— جىنسىي ئەزا جاراھەتلىنىپ يىرىڭداش كېسىلى: بۇ كېسەل ھارام قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەل بەلغەم مىجەزلىك كىشىلەردە ھەر تۈرلۈك بەز ياللۇغى پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك يىرىڭداش، سۈيدۈك يوللىرى ياللۇغى، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە پۇت-قوللارنىڭ ئىششىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

— يەڭگىل دەرىجىدە جاراھەت چىقىش كېسىلى: بۇ كېسەلمۇ زىنا ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەل جىنسىي ئەزالارغا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان جاراھەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە بۇ جاراھەت ئومۇمىي بەدەنگە تارايدۇ.

— جىنسىي جەھەتتە بالدۇر يېتىلىپ قېلىش كېسىلى: ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ۋە جىنسىي بەزلەر تولۇق يېتىلىشتىن بۇرۇن جىنسىي شەھۋەتلەرنىڭ قوزغىلىۋېرىش نەتىجىسىدە بەزى بالىلار بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇ كېسەل تەن قۇرۇلمىسىنىڭ سەتلىشىپ كېتىشى، نېرۋا كېسەللىكى ۋە روھىي كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنداق شەھۋانىيلىققا بېرىلىش بۇنىڭدىن باشقا يەنە سالامەتلىككە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان نۇرغۇن جىسمانىي كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 2 ـ روھىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى:

ھايۋانغا ئوخشاش بۇنداق باشتۇڭ شەھۋانىيلىق يەنە تۆۋەندىكى كېسەللىكلەرگە گىرپىتار قىلىدۇ:

ـــ جىنسىي ئەخلاق پەلسەپىسىدىن چەتنەپ كېتىش كېسىلى (يەنى ئەرلەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن لىۋاتەت قىلىش، ئاياللار بىر ـ بىرلىرى بىلەن چېتىلىش): بۇ بولسا ئىنتايىن خەتەرلىك كېسەل بولۇپ، ئەرلەر ئەرلەر بىلەن، ئاياللار ئاياللار بىلەن جىنسىي شەھۋىتىنى قاندۇرۇشى مانا مۇشۇ كېسەلنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.

كۆپلىگەن جەمئىيەتلەر مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەر بۇنى تېخى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت دەپ داۋراڭ سالىدۇ... ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھرىدە 500 مىڭ ئەر ـ ئايال مۇشۇنداق ئەخلاقسىزلىققا گىرىپتار بولغان. بۇلار تېخى مۇشۇ ئىشلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كەسپكە ئايلاندۇرغانلار. ئەمما، بۇ ئۇياتسىز قىلمىشنى مەخپىي قىلىدىغانلارغا كەلسەك، بۇنداقلارنى قانچىلىك كۆپ دېسىڭىز ھەرگىز خاتالاشمايسىز!...

ـــ جىنسىي ساراڭلىق كېسىلى: بۇنداق كېسەلنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى جىنسىي مۇناسىۋەت، سۆيۈشۈش، قۇچاقلىشىش قاتارلىق شەھۋانىي خىياللار بىلەن ۋە ئاياللارنىڭ يۈزى، ئىككى كۆزى، بوينى، ئىككى لىۋى، ئەمچىكى، جىنسىي ئەزاسى ۋە يوتىلىرى دېگەندەك ئەزالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن، ھەرقانداق بىر نەرسىدىن رايى قايتقان ھالدا ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىز. بۇنداقلار بارغانسېرى ئۇنتۇتقاق بولۇپ قالىدۇ. ئىرادىسى ئاجىزلايدۇ. غەپلىتى كۈچىيىپ، سەزگۈرلۈكى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئۇ سىزگە خۇددى گالۋاڭ، خامۇش ئادەمدەك، ياكى ئېغىر خاپىلىقتىن قاتتىق قايغۇغا چۆمگەن ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ئەلەملىك ئەھۋال ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە جۇدەپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ، روھىي بىئارامىلىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

زىنا ـ پاھىشىنىڭ يەنە ئومۇمىي ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئەخلاق جەھەتتە ئېلىپ كېلىدىغان خەتەرلىرىدىن مۇنۇلار بار:

ـــ پەرۋاسىز ھالەتتە شەھۋانىيلىققا بېرىلگەن، نەشە، ھاراق ۋە ئەپيۇن دېگەندەك زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە خۇمار بولۇپ قالغان ياشلار...

ـــ ئۆلتۈرۈش، ئېلىۋېلىش ۋە جىنسىي بۇلاڭچىلىق قىلىش تەشكىلاتلىرى...

ـــ جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىن مەجرۇھ بولۇپ قالغان ئەخلاقسىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر...

ـــ ئەپيۇن ۋە نەشە دېگەندەك زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەشكىلاتلار...

ـــ شەھۋانىي بۇيۇملارنى ، قىزلارنى ساتىدىغان ۋە پاھىشە ئاياللارنى ئىجارە بېرىدىغان تىجارەتچىلەر...

ـــ جىنسىي ۋە پۇل ـ مال پارىسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىنايەتلەرنى يوشۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى

دەپسەندە قىلىنىدىغان بىر ئوچۇم دوختۇرلار، ئادۋوكاتلار، ھاكىملار ۋە قانۇنشۇناسلار . . .

ـــ ئوپئوچۇق يالىڭاچلار سورۇنى . . . بۇنداق سورۇنلارغا كىلىپ ـ كىتىدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇيالماستىن، خىجىل بولماستىن بارلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلايدۇ.

ـــ ھەممە يەردە ئومۇملاشقان پاھىشە ئاياللارنى ئىجارە بېرىدىغان قانۇنلۇق ئىشرەتخانىلار . . .

ـــ تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن زىنا ـ پاھىشىنى كەسىپ قىلىۋالغان بىر توپ پاھىشە ئاياللار . . .

ـــ بىمەنە ناخشىلار، ھېسسىياتنى قوزغايدىغان ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار ۋە كىنو ـ تىياتىرلار . . .

ـــ جىنسىيەت ھەققىدىكى سېرىق كىتاب ـ ژۇرناللار ۋە ھاياسىز ئۇسسۇللۇق قاۋاقخانىلار . . .

ـــ ھايۋانلارغا ۋە تېزەك قوڭغۇزىغا ئوخشايدىغان ئەخلاقىي پرىنسىپتىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتكەن بىر ئوچۇم كىشىلەر . . .

ـــ ھاراقۋا ۋە زىنا ـ پاھىشىگە بېرىلگەن بىر توپ زابايلار . . .

ـــ ھەرقانداق ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئىنكار قىلىپ، پەس ـ رەزىللىككە رۇخسەت قىلىدىغان، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى بويىچە ماڭىدىغان بىر توپ ئەخلاقسىز ۋە ھاياسىز كىشىلەر . . .

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ساناپ تۈگەتكۈسىز نۇرغۇنلىغان پىتنە ـ پاسات ۋە ئەخلاقسىزلىق ھەرىكەتلىرى بار . . .

مانا مۇشۇنداق پىتنە ـ پاساتلارنىڭ نەتىجىسىدە ـ 1962 يىلى رۇسىيە دۆلەت ئەربابى خروشوف شۇنى ئېنىق جاكارلىدىكى: «رۇسىيىنىڭ كەلگۈسى خەتەر ئىچىدە، رۇسىيە ياشلىرى رۇسىيىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ، چۈنكى، رۇسىيلىكلەر ئەخلاق ئۆلچىمىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ، شەھۋەتلەرگە غەرق بولۇپ كەتتى».

دەل شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە جون كېنىدى (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ـ 35 رەئىسى) مۇ مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى خەتەر ئىچىدە، چۈنكى ئامېرىكىنىڭ ياشلىرى پۈتۈنلەي ئەخلاق ئۆلچىمىدىن چەتنەپ، شەھۋەتلەر قاينىمىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇلار زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلالمايدۇ، ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ھەر يەتتە نەپەر ياش ئەسكەرنىڭ ئالتىسى يارامسىز. چۈنكى، ئۇلار شۇڭغۇغان شەھۋەتلەر قاينىمى ئۇلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كېرەكسىز قىلىۋەتكەن».

غەرب ۋە شەرق جەمئىيەتلىرىدىكى بۇ ئەخلاقسىزلىق دولقۇنلىرىنىڭ تەسىرى ئىسلامىي جەمئىيەتلەرگىمۇ ئاللىقاچان ئېقىپ كىردى. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىدە زىناخورلارنىڭ ئايرىم خانىلىرى، پاھىشىۋازلىق ئىشرەتخانىلىرى، قىمارۋازلىق سورۇنلىرى، ھاياسىز شەرمەندىلەرنىڭ سەھنىلىرى، ھاراق ۋە نەشە ئۆۋىلىرى، يالىڭاچ ئۇسسۇل زاللىرى ھەممە جايدا ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىشلارنى شۇ جايلاردىكى مەسئۇل كىشىلەر ۋە ھوقۇقدارلارنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدۇق.

كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش قىزلارنى ئېلىپ ـ ساتىدىغان ۋە پاھىشە ئاياللارنى ئىجارە بېرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ھېچبىر يامان كۆرۈلمەستىن ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن ھەممە يەردە يامراپ

كەتكەنلىكنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالىدۇق، ياشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ھېچكىم «نېمىشقا؟» دەپ سورىماستىن، نارازىەت قىلماستىن، لەززەتكە، شەھۋەتكە ۋە ھاراقئا يۈزلىنىپ كەتتى.

بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەر بىلىدۇ.

### 3 ـ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى:

شەھۋانىيلىققا بېرىلىش ئوخشاشلا شەخس ۋە ئائىلىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، بەلكى بۈنكۈدىنمۇ ئۆتۈپ جەمئىيەتكە ئومۇمىيۈزلۈك ھالەتتە خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەممە كىشى قايىل بولىدىغان مەسىلىلەردىندۇر.

ـــ ئائىلىنى ۋەيران قىلىش تەھدىتىمۇ مۇشۇ خەتەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، تويى قىلمىغان ياشلار شەھۋەت نەپسىنى ھارام يوللار بىلەن قاندۇرغانىكەن، بۇ ياشلار بۇنداق ھالەتتە ئائىلە قۇرۇش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. پاھىشە ئاياللارمۇ شۇنداق. چۈنكى، بۇلار ھامىلدار بولۇشقا قىزىقمايدۇ، ھامىلدار بولۇشنىڭ ئاياللارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلىرىگە ئېلىپ كېلىدىغان مۇشەققەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى ئويلاپ تۇغۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. نەتىجىدە بۇ پاھىشە ئاياللار ھەرقانداق چارە-ئامال بىلەن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا ئورۇنىدۇ.

ـــ بوۋاقلار ۋە نارەسىدە باللارغا زۇلۇم قىلىشمۇ مۇشۇ خەتەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، تويى قىلىشتىن قاچىدىغان، پەرزەنتلىرى ئەخلاقسىز، ناشايان قىلمىشلارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدايدىغان جەمئىيەت، نە بىر ھۆرمىتى، نە نەسەبى يوق پەرزەنتلەر بىەن چۈقان سالىدۇ. مانا بۇ پەرزەنتلەرگە زۇلۇم قىلغانلىق. بۈنكۈدىنمۇ چوڭ زۇلۇم بارمۇ؟! ...

ـــ بۇ پەرزەنتلەرگە زۇلۇم قىلغانلىق. چۈنكى، باللار چوڭايغانسېرى ئۆزىنىڭ زىنادىن، ھارامدىن بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىلارنىڭ تەربىيەسى ۋە دوختۇرخانىلار ئۇنىڭ كۆڭلىدە روھىي تۈگۈن پەيدا قىلىدۇ. يۇرۇش-تۇرۇشى بارغانسېرى ئەخلاق ئۆلچىمىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۈنكۈدىن ئۆتۈپ كۆپىنچە ئەھۋالدا شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىققا زىيان ئېلىپ كېلىدىغان جىنايەت قورالى بولىدۇ.

ـــ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئوخشاشلا بەختسىز بولۇپ قېلىشىمۇ مۇشۇ خەتەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، ئەر-ئاياللار مېھر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇش بولمىسا، ھەرگىزمۇ تىنچ، خاتىرجەم، بەختلىك ۋە ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. سىز تويى قىلىشى راۋاجلانمىغان جەمئىيەتتە، ئۇچمە كۆڭۈللۈك ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن مىللەت ئىچىدە يۇقىرىقىلارنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرەلەيسىز...

ـــ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىمۇ مۇشۇ خەتەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، تويى قىلمىغان بويتاقلار ھارام قىلىنغان لەززەتلەر بازىرىدا جىنسىي شەھۋەتلىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداۋاتقان چاغدا، سىز

ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى سالىھ ياخشى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارسىز ۋە ئەرزىمەس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز، بۇ ئىش شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پىسخىكىسىدا باشتۇڭلۇق ۋە نائىنساپلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىدۇ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئوتىنى ياندۇرىدۇ.

بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسا، ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە تەڭ كېلىدىغان گۇناھ بولمىسا كېرەك! ...

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان خەتەر ۋە زىيانلار بار بولۇپ، بۇ ھەرقانداق ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىسىگە مەخپىي ئەمەس.

### 4 ـ ئىقتىسادىي زىيىنى:

ھەممە بىردەك شۇنداق قارايدۇكى، جەزمەن ۋاقىتلىرىنى لەززەتلەر ۋە ناشايان ئىشلار بازىرىدا ئۆتكۈزۈۋاتقانلار بولسا، قانۇنلۇق بولغان تىوي قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ھارام پاھىشە ئىشلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈۋاتقانلاردۇر، نەتىجىدە بۇلار شۇ مىللەت ئىچىدە ئىقتىسادىي بوھراننىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇنداق بولۇشى، بىرىنچىدىن، بۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ، ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىشى كېمىيىدۇ، ئۈچىنچىدىن، قانۇنسىز كەسىپلەرنى قىلىدۇ.

ــــ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا كەلسەك، ھارام لەززەتلەر ۋە ناشايان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرەيدىغان بويتاقلار ئەقلىي، جىسمانىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن مەجرۇھ كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، كېسەل ئادەم كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ، جىسمى ياداپ كېتىدۇ، ئىرادىسى بوشايدۇ، نەتىجىدە ئۇ مەسئۇلىيىتىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلالمايدۇ، مەجبۇرىيىتىنى توغرا ئۇسلۇبتا ئۆتىيەلمەيدۇ، مانا بۇ سەۋەبتىن ئىقتىساد ۋە تەرەققىيات ۋەيران بولىدۇ.

ــــ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كېمىيىشى شۇ سەۋەبتىندۇركى، جەزمەن پۇل ـ ماللار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەخلاقسىزلىق ۋە شەھۋانىيلىق ئۈچۈن ھەمدە جىنسىي شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇزۇپ چېچىلىدۇ، بۇنداق ئەخلاقسىز ۋە ئۇياتسىز ئادەمنىڭ قەلبى ۋە ۋىجدانىدا ھېچبىر دىن ۋە ئەخلاقىي كونترول قىلغۇچى بولمىغانلىقتىن، ئۆز خىزمىتىنى چىن ـ ئىخلاس بىلەن قىلمايدۇ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئەخلاق بۇزۇلىدۇ ۋە ئىقتىساد زەربىگە ئۇچرايدۇ.

ــــ قانۇنسىز كەسىپ قىلىشقا كەلسەك، ئاللاھ تائالادىن قورقۇشتىن ئىبارەت بىر تىزگىنلىگۈچى يوق بولغان بۇنداق ئۇياتسىز ۋە پەس ئادەم مەيلى جازانە قىلىش ۋە قىمار ئويناش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى ئويۇن ـ تاماشا، راھەت ـ پاراغەت ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى پارا بېرىش ۋە ئوغرىلىق قىلىش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى يۈز ـ ئابرۇيى بەدىلىگە تىجارەت قىلىش، يالىڭاچ سۈرەتلەرنى ئېلىپ ـ سېتىش، سېرىق ژۇرناللارنى ئېلىپ ـ سېتىش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى سېرىق كىنو ـ فىلىملەر تىجارىتى قىلىش، مەست قىلغۇچى، ئەقىلنى كەسكۈچى

زەھەرلىك چېكىملىك تىجارىتى قىلىش، سېرىق كىتاب ۋە ئىشىق-مۇھەببەت ھېكايىلىرى تىجارىتى قىلىش ئارقىلىق بولسۇن، ئىشقىلىپ قانداق يول ئارقىلىق بولسۇن، ئۆزىنىڭ ماددىي شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا مال-دۇنيا تېپىشنى ئويلايدۇ. مال-دۇنيا توپلاشتا بۇنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قانۇنسىز ئۇسۇل-چارىلەر باركى، بۇ ئۇسۇل-چارىلەر جەمئىيەتكە پەقەت زىيان-زەخمەت، كەمبەغەلچىلىك، ئىشسىزلىق، قەدىر-قىممەت ۋە ئېسىل ئەخلاقلارنىڭ يوقلىشىنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئۇسۇل-چارىلەر تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋەيران بولىدۇ، قانۇنلۇق تىجارەتلەر يوقىلىدۇ، جەمئىيەت خىيانەتچىلىك ۋە ئوغرىلىق ئاسارىتىدە، شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك تۇرمىسىدە، شەھۋەت، لەززەت ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەرنىڭ قۇللۇقىدا ياشايدۇ. بۇ سەۋەبتىن مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋەيران بولىدۇ، ئىقتىسادى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى ئاجىزلىشىدۇ.

### 5 - دىنىي ۋە ئاخىرەتلىك خەتىرى:

ئاللاھ تەئالا چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمايدىغان، شەھۋانىيلىقتىن ۋە پىتنە-پاساتلاردىن نەپسىنى يىغمايدىغان بويتاقلار ئاخىرقى ھېسابتا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاگاھلاندۇرغان ئۆتۈپ كەتكەن مۇنۇ ناچار تۆت سۈپەتكە دۇچار بولىدۇ: ئىمام تىبرانى «ئەۋسەتۇلكەبىر» دېگەن كىتابىدا نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «زىناخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بۇ ئىش مۇنداق ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ: چىرايدىن نۇرنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ، رىزقنى ئۈزۈۋېتىدۇ، ئاللاھ تەئالانى غەزەپلەندۈرىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ».

زىنا قىلغۇچى زىنا قىلىۋاتقان چېغىدا ئىماندىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى ئۇ قىلمىشنىڭ ئاخىرەتلىك خەتىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىن ھالەتتە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ».

—— زىنا قىلغۇچى تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە تەۋبە قىلماي شۇ گۇناھنى داۋاملاشتۇرغان پېتى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاب قىلىدىغانلىقىمۇ، ئۇ قىلمىشنىڭ ئاخىرەتلىك خەتىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تەئالا سۈرە فۇرقاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھ تەئالاغا ئىككىنچى بىر مەئبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ تەئالا ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ» (69 —— 68؛ 25).

ئى تەربىيەتچىلەر! ئەنە ئاشۇلار زىنادىن ۋە ناشايان ئىشلارغا ئۇرۇنۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق خەتەرلەردۇر. بۇ خەتەرلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭلاردەك تەن ساغلاملىقىغا، ئەخلاققا، روھقا، ئەقىلگە، دىنغا، ئائىلىگە، جەمئىيەتكە ۋە ئىقتىسادقا زەرەر ۋە دەرد-ئەلەم كەلتۈرىدىغان خەتەرلەردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلەر كىچىكلىكىدىن باشلاپ بۇ خەتەرلەردىن ئاگاھلاندۇرۇلسا ۋە بۇ زەرەرلەر

چۈشەندۈرۈلسە، چوڭ بولغاندا ئۆزىنى هارامدىن ساقلىغان ۋە ئىپپەتلىك بولغان هالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. هارام قىلىنغان ناشايان ئىشلاردىن توختايدۇ. ئىش ـ هەرىكەتلىرىدە ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن يولدا ماڭىدۇ. ئىسلامدا يولغا قويۇلغان نىكاھ ۋە هالال مۇناسىۋەتسىز جىنسىي شەھۋەتنى قاندۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرمايدۇ. بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئۈچۈندۇركى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار! سىلەردىن تويى قىلىشقا قادىر بولالايدىغانلار توي قىلسۇن! ...» (مۇھەددىس ئىماملار رىۋايەت قىلغان).

پەرزەنتلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلار پەرزەنتلەرگە ئۆگىتىشكە تېگىشلىك بولغان ئاگاھلاندۇرۇلىدىغان ئىشلار: مۇرتەدلىك (دىندىن يېنىۋېلىش)تىن ئاگاھلاندۇرۇش، خۇداسىزلىق (ئاتېئىزم)تىن ئاگاھلاندۇرۇش، هارام قىلىنغان ئويۇن ـ تاماشىلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش، (باشقا يات دىندىكىلەرگە ياكى دىنسىزلارغا) قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش (دوراش)تىن ئاگاھلاندۇرۇش، ناچار دوستلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش، ناچار ئەخلاقتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك هارام قىلىنغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش! ...

تەربىيەتچىلەر قېرىنداشىم! سىز مۇشۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدىكى «ئاگاھلاندۇرۇش قائىدىسى» دېگەن تېمىدا ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى تاپالايسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز شۇ تېمىغا قايتىسىڭىز، ئاللاھ تەئالا خالىسا تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرغۇدەك ئىلىمگە ئېرىشەلەيسىز ...

شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇرتەدلىك ۋە خۇداسىزلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش پەرزەنتلەرنى كۇپرىلىق، ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىق بوتقىلىرىدا قايناپ ئېرىپ كېتىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. هارام قىلىنغان ئويۇن ـ تاماشىلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش پەرزەنتلەرنى شەھۋانىيلىق ۋە لەززەتلەرنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كېتىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

يات دىندىكىلەرگە ياكى دىنسىزلارغا قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىسلامىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، ھۆرمىتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئەسكى دوستلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش روھىي جەھەتتىن تاپتىن چىقىپ ئەخلاقى بۇزۇلۇشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ناچار ئىش ـ هەرىكەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش پەرزەنتلەرنى رەزىللىك ۋە ئۇياتسىزلىق پاتقاقلىرىدا بۇلغىنىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

هارام قىلىنغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش پەرزەنتلەرنى تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارغا، كېسەللىكلەرگە ۋە روھىي ئاپەتلەرگە دۇچار بولۇشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق پەرزەنتلەر ئىسلاھ قىلىنىدۇ، ئەقىدىسى مۇستەھكەملىنىدۇ، ئەخلاقى تۈزىلىدۇ، جىسمى كۈچلىنىدۇ، ئەقلى پىشىپ يېتىلىدۇ، ئۆزىگە خاس ئىسلامىي خاراكتېر يېتىلدۈرىلىدۇ.

ئىشلىگۈچىلەر مانا مۇشۇنداق غايە ئۈچۈن ئىشلىسۇن! ...

## 3 - تىزگىنلەش ۋاستىسى

ھەممىگە مەلۇمكى، پەرزەنتلەر بىر نەرسىنى چۈشەنگۈدەك بولغاندىن باشلاپ، چوقۇم نەۋقىران يىگىت بولغانغا قەدەر ئېتىقادىي، روھىي پىكرىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش تىزگىنلىرى بىلەن تىزگىنلەنسە، شەك-شۈبھىسىز ئىمان-ئېتىقادلىق ۋە تەقۋادار ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بەلكى بۇ تىزگىنلەش ئۇلارغا نىسبەتەن جاھىلىيەت ئۇستىدىن غالىب كېلىش، ھاۋايى-ھەۋەسنى يېڭىش، ھەق ۋە ھىدايەت ئۇستىدە مۇستەھكەم ھالدا تەۋرەنمەي تۇرۇشتا تايىنىدىغان ئەقىدىنىڭ رەببانىي بولغان تۇرتكىلىك بىر ئامىلغا ئايلىنىدۇ.

ئەقىدە، پىكىر ۋە روھنى تىزگىنلەشتىنمۇ چوڭ تىزگىنلەش بارمۇ؟! رەببىگە بويسۇنىدىغان يېتەكچى ۋە ياخشى دوستقا ھەمسۆھبەت بولۇشتىنمۇ ئەۋزەلراق ھەمسۆھبەتلىك بارمۇ؟!

پەيغەمبەرلەر، ساھابىلەر ۋە ئىلگىرىكى پېشۋالىرىمىزنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىنمۇ ئۇستۈنرەك ئىش-پائالىيەت بارمۇ؟!

ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئەقىدە بىلەن، ئىبادەت بىلەن، يېتەكچى بىلەن، ياخشى ئۈلپەتداش بىلەن، دەۋەت ۋە دەۋەت قىلغۇچىلار بىلەن، مەسجىد، زىكرى-تەسبىھ، ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ چوقۇم داۋاملىق ئاللاھ تەئالانىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا بولىدىغانلىقى ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن، تارىخ، ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىز قازانغان شان-شۆھرەتلەر، پەيغەمبەر، ساھابىلەر ۋە ياخشى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي ئىش-ئىزلىرى بىلەن تىزگىنلىشى كېرەك!

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! سىز پەرزەنتلىرىڭىزنى تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىڭىزنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلاي دېسىڭىز، مۇشۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمى «تىزگىنلەش قائىدە-پرىنسىپى» دېگەن تېمىدىكى مۇشۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئوقۇڭ، پەرزەنتلىرىڭىزنى ئىمان جەھەتتە تەربىيىلەپ، ئەخلاق جەھەتتە يېتىشتۈرۈشتە ئاللاھ تەئالا خالىسا سىزنى ئەڭ توغرا بولغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا يەتكۈزەلەيدىغان مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايسىز.

مەن سىزگە دىققەت ئېتىبارىڭىزنى قارىتىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىمانىي تەربىيىنىڭ پەرزەنتلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەخلاق ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تۈزەشتە چوڭ تەسىرى بار.

بۇنداق بولۇشى شۇ سەۋەبتىندۇركى، جەزمەن پەرزەنتلەر ئاللاھ تەئالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش دېگەن ئىدىيىدە تەربىيىلەنسە، بۇ باللار ساغلام ئىنسان بولىدۇ، تەقۋادار ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ماددىي نەرسىلەر ئۇلارنى ئۆزىگە جەلب قىلالمايدۇ، شەھۋەت ئىسكەنجىگە ئالالمايدۇ، شەيتان چاڭگىلىغا ئېلىۋالالمايدۇ، يامانلىققا بۇيرىغۇچى نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇنى يۈز-ئابرۇيلۇق ۋە گۈزەل بىر ئايال زىناغا چاقىرسا، ئۇ: «مەن پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تەئالادىن قورقىمەن» دەيدۇ. ئۇنى شەيتان بىرەر يامانلىققا قۇتراتسا، ئۇ شەيتانغا: «سېنىڭ ماڭا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭغا ئەسكى دوستلىرى ناشايان ۋە مۇنكەر ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسەتسە، ئۇ: «مەن

جاهىل-نادانلارنىڭ يولىدا ماڭمايمەن» دەيدۇ.

مانا بۇ پەرزەنتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيىلەشتە ئىسلام كۆرسەتكەن يولدۇر. دېمەك، ئىسلام دىنى ھەربىر شەخسنى ئىسلاھ قىلىشنى باشقا يەردىن ئەمەس، ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن باشلايدۇ. ئىسلاھ قىلىش ۋە تەلىم-تەربىيە بېرىشنى قەلبنى ۋە ۋىجداننى پاكلاش، ھېس-تۇيغۇلارنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالەتتە بەندىلىرىنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ تەئالانىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىق ئىنسانلار بىلەن داۋاملىق بىرگە بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق كۆزىتىپ، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، مەخپىي گەپلىرى ۋە پىچىرلاشقانلىرىنى، كۆزلەرنىڭ خىيانەتلىرىنى، ھەتتا دىللاردىكى سىرلارنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق باشلايدۇ.

تەربىيەتچىلەر مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشى كېرەك!

ئەمەل قىلغۇچىلار مانا مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئەمەل قىلسۇن!

مەن يۇقىرىدا ئۆتكەن مەزمۇنلاردىن شۇنى خۇلاسىلايمەنكى، جەزمەن ئاتا-ئانىلار، ئىسلاھاتچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت بارلىق تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا ئىسلام دىنىنىڭ ئىجابىي ۋاستىلىرىنى قوللانسا، چوقۇم پەرزەنتلەر جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغايدىغان ۋە ئەخلاقنى بۇزىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن يىراق تۇرىدۇ، ئازغۇنلۇق ۋە پىتنە-پاسات سەۋەبلىرىدىن، ئەخلاقسىزلىق ۋە تاپتىن چىقىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن يىراقلىشىدۇ. بەلكى، ئۇلار روھىي ساپ، قەلبى پاك، ئەخلاقى ئېسىل، مۇئامىلىسى ياخشى، يۈرۈش-تۇرۇشى مۇلايىم، تەقۋالىقى ئاشكارا چىقىپ تۇرغانلىقتىن، جەمئىيەتتە ھىدايەت ئېيى، ئىسلاھات قۇياشى ۋە زېمىندىكى پەرىشتىلەرگە ئايلىنىدۇ.

ئەي رەببىم! بارلىق تەربىيەتچىلەرنى پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن! بۇنداق بولغاندا ئۇلار مال-دۇنيا ۋە بالىلار ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدىغان كۈندە سېنىڭ ئالدىڭدىكى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلالايدۇ.

بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئىسلامنى ئومۇميۈزلۈك ھالەتتە ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلايدىغان، «قۇرئان كەرىم»گە تولۇق ئەمەل قىلىدىغان، ئاللاھ يولىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىدىغان، ئالىي شان-شەرەپ ۋە يېمىرىلمەس قۇرۇلمىنى قولغا كەلتۈرگەن مۇسۇلمان بىر ئەۋلاد كۆرەلەيدۇ.

مانا مۇشۇ چاغدا مۇئمىنلەر ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمىدىن خۇشاللىققا چۆمىدۇ...

## 4 - پەرزەنتلەرگە بالاغەتكە يەتكەندە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەھكاملارنى ئۆگىتىش

بالىلار بىر نەرسىنى چۈشەنگۈدەك بولغاندىن باشلاپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىتىدىكى مايىللىق ۋە جىنسىي

جەھەتتە يېتىلىشىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش، ئىسلام دىنى تەربىيەتچى ئاتا- ئانىلارغا، مۇئەللىملەرگە ۋە يېتەكچىلەرگە يۈكلىگەن بۈيۈك مەسئۇلىيەتلەردىندۇر. بۇ تەلىم- تەربىيىدە ئوغۇل- قىز ئوخشاش. چۈنكى، ئۇلار ھەممىسى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تەئالا ئالدىدا، تەربىيەتچىلەر ئالدىدا ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆز ئەمەللىرىگە ئۆزلىرى جاۋابكاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچى بولغان ئادەم كىچىك بالىلار 12 ياش بىلەن 15 ياش ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلاردا مەنى شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقسا، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى، چوڭلارغا ۋاجىب بولغان مەسئۇلىيەت ۋە تەكلىپاتلار ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك!

تەربىيەتچىلەر! قىزلارغىمۇ ئۇلار توققۇز ياشقا كىرگەن چاغدا ئۆزلىرى ھەيز كۆرۈش ۋە ھامىلىدار بولۇش ئارقىلىق بالاغەتكە يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئىبادەت، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە چوڭ ئاياللارغا ۋاجىب بولغان مەسئۇلىيەت ۋە تەكلىپاتلار ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك!

دېمەك، ئىسلام دىنى بالىلار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھاياتى ۋە تەبىئىتىدىكى تەلپۈنۈشلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان ئىشلاردا ھەمدە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارغا يۈكلىنىدىغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەر ۋە شەرىئەت تەكلىپاتلىرى ھەققىدە مۇكەممەل ئاڭ ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، مۇشۇنداق مۇھىم ئىشلاردا بالىلارغا ئېنىق چۈشەنچە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈنلەي ئاتا- ئانىلارغا يۈكلەيدۇ.

بىز جۇنۇبلۇق ۋە ھەيزدىن كېيىن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەھكاملارنى بىلمىگەنلىكتىن، ھەيز ۋە جىنابەتتىن پاكلانماي بىر قانچە يىل يۈرۈپ كەتكەن قىزلارنى تولا ئاڭلىدۇق.

ئېھتىلام بولۇش ۋە جىنابەتتىن كېيىن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەھكاملارنى بىلمىگەنلىك تۈپەيلىدىن، جۇنۇب ھالەتتە يۈرۈپ كەتكەن، بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇللار ھەققىدىمۇ تولا ئاڭلىدۇق.

بەزىدە ئوغۇل- قىزلار جۇنۇب ياكى ھەيزدار ھالەتتە ناماز ئوقۇپ، ئۆزلىرىنى ئىتائەت ۋە ئىبادەتتىكى ئاللاھ تەئالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ئۇنداقتا بالىلار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا جىنسىيەت ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە بېرىش ۋە تەبىئىي خاراكتېرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە كىم مەسئۇل؟

ئېنىقكى، بۇنىڭغا دەسلەپتە ئاتا- ئانىلار، ئاندىن كېيىن بۇلارنىڭ تەلىم- تەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان مۇئەللىملەر ۋە يېتەكچىلەر مەسئۇل ...

بۇنداق بولمىغاندا بالىلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ گۇمان قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز رەببىنىڭ ھەققى، ئۆزىنىڭ ھەققى ۋە ئۆز دىنىنىڭ ھەققىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھكاملارنى ئەڭ بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! مەن ھازىر ئوغۇللار ئەرلىك مەقامىغا يېتىشتىن بۇرۇن، قىزلار ئاياللىق مەقامىغا يېتىشتىن بۇرۇن بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بۇ ئەھكاملارغا دىققەت قىلىڭ:

(1) بالا مەيلى ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن، ئۇخلىغاندا ئېھتىلام بولغانلىقنى ئېسىگە ئېلىپ، ئويغانغاندىن كېيىن كىيىمىدە ھۆللۈك بايقىمىسا، غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

خەۋلەن بىنتى ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندىكى، بۇ ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇخلىغاندا ئەرلەردەك چۈش كۆرگەن ئايال ھەققىدە سورىغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خۇددى ئەر كىشى مەنى تامدۇرمىسا غۇسۇل ۋاجىب بولمىغاندەك، ئايالغىمۇ مەنى تامدۇرمىسا غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ» دېگەن (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام نەسەئى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ئىمام نەسەئى رەھمەھۇللاھ نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن چۈشىدە ئېھتىلام بولۇپ قالغان ئايال ھەققىدە سورىۋىدىم، ئۇ: «مەنى چىقىپ كەتكىنىنى كۆرسە غۇسۇل قىلسۇن!» دېدى.

(2) بالا مەيلى ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن، ئويغانغاندىن كېيىن كىيىمىنىڭ ھۆل بولۇپ قالغانلىقنى كۆرۈپ، ئېھتىلام بولغانلىقنى ئەسلىيەلمىسە، غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىيىمىدە ھۆللۈكنى بايقىغان، ئەمما ئېھتىلام بولۇپ قالغانلىقنى ئەسلىيەلمىگەن ئادەم ھەققىدە سورىلىۋىدى، ئۇ: «غۇسۇل قىلىدۇ» دېدى. ئېھتىلام بولۇپ چۈش كۆرگەن، ئەمما ھۆللۈكنى بايقىمىغان ئادەم ھەققىدە سورىلىۋىدى، ئۇ: «غۇسۇل قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئايال كىشىمۇ ئاشۇنى (يەنى كىيىمىنىڭ ھۆل بولۇپ قالغانلىقنى) كۆرسە غۇسۇل قىلامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەئە، غۇسۇل قىلىدۇ. چۈنكى، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش» دېدى (بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىدىن باشقا بەش مۇھەددىسنىڭ ھەممىسى رىۋايەت قىلغان).

(3) ئەر ياكى ئايالدىن ئانانىزم (يەنى قولدا لەززەتلىنىش) ئارقىلىق ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ مەنى چىقىپ كەتسە، غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «مەن مەزى (شەھۋەتسىز، ئېتىلىپ چىقماستىن چىقىپ كېتىدىغان سۇيۇق، رەڭسىز ۋە سۈزۈك سۇيۇقلۇق) كۆپ چىقىپ كېتىدىغان ئادەم ئىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە سورىدىم. ئۇ: «مەزىدە تاھارەت ئېلىش، مەنىدە غۇسۇل قىلىش ۋاجىب» دېدى (ئىمام ئەھمەد، ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمۇللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، «مەنى چىقىپ كەتسە جىنابەتتىن غۇسۇل قىلغىن، بولمىسا غۇسۇل قىلمىساڭمۇ بولىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەدىستىكى «مەنى چىقىپ كېتىش» دېگەن سۆزدىن جىنسىي ئەزادىن مەنىنىڭ شەھۋەت بىلەن چىقىپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

بۇ ھەدىستە، شەھۋەتسىز، ياكى كېسەل سەۋەبىدىن، ياكى سوغۇقتا بەك توڭۇپ كەتكەنلىكتىن، ياكى دۈمبىسىگە ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، ياكى ئېغىر بىر نەرسە كۆتۈرگەنلىك تۈپەيلىدىن مەنى چىقىپ كەتسە، غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولمايدىغانلىقىغا ئەسكەرتىش بار.

( 4 ) زەكەر ( ئەر كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسى ) نىڭ ئۇچى ( يەنى خەتنە قىلىنغان جايىنىڭ يۇقىرى قىسمى ) ئايال كىشىنىڭ ئالدى ياكى ئارقا تەرىپىگە كىرىپ كەتسە، مەيلى مەنى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن، ئەر-ئايال ئىككىلىسىگە غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «ئەر كىشى تۆت شاخچىنىڭ ( يەنى ئايال كىشىنىڭ قول-پۇتلىرى ) ئارىسىدا ئولتۇرسا ( يەنى ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلسا ) ۋە ئەرنىڭ زەكىرى ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا تەگسە غۇسۇل قىلىش ۋاجىب» ( ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ).

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب رەھىمەھۇللاھنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ئىككى خەتنىگاھ ( يەنى ئەر ۋە ئايالنىڭ جىنسىي ئەزالىرى ) بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەرنىڭ زەكىرىنىڭ ئۇچى كىرىپ كەتسە، مەنى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ».

( 5 ) ھەيز ۋە نىفاس مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىششى ئايال كىشىگە غۇسۇلنى ۋاجىب قىلىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاياللار ( ھەيز ۋە نىفاستىن ) غۇسۇل قىلغانىدا قەدەر ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلماڭلار» ( ؟؟ ). بۇ ئايەتتىكى «ي رن» دېگەن سۆزدىكى چوڭ « »نى تەشدىد بىلەن ئوقۇغاندا، بۇ ئايەتتىن مۇشۇنداق مەنە چىقىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پاتىمە بىنتى ھۇبەيش ئىستىھازە كېسىلى بولۇپ قالدى ( بۇ ھەيز كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ياكى ھەيز مەزگىلىدە ئون كۈندىن كېيىن، ياكى نىفاستىكى 40 كۈندىن كېيىن ئاياللاردىن كېلىدىغان قان ). ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ بولسا تومۇرنىڭ قېنى، ھەيز ئەمەس، ھەيز ۋاقتى كەلسە، نامازنى تەرك ئەتكىن! ھەيز ۋاقتى ئاخىرلاشسا، غۇسۇل قىلىپ ناماز ئوقۇغىن» دەپ جاۋاب بەردى ( بۇنى ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ).

نىفاستىن غۇسۇل قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ئىجمائ ( ئۈممەت ئالىملىرىنىڭ بىردەك قارىشى ) بىلەن ۋە ھەيزگە

قىياس قىلىش بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈمدۇر.

(6) ھەممىگە مەلۇمكى، كىچىك بالىلار غۇسلىنى ۋاجىب قىلىدىغان ئامىللارنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، ناۋادا جۇنۇب بولۇپ قالسا، پاك بولۇش ئۈچۈن قانداق غۇسۇل قىلىشنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، غۇسۇلنىڭ پەرزلىرىنى، سۈننەتلىرىنى ۋە ئۇلارنى قانداق ئادا قىلىشنى ئۆگىنىشى ۋاجىب.

تەربىيەتچى قېرىنداشىم! باللىرىڭىزغا ئۆگىتىشىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندىكى غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى، سۈننەتلىرى ۋە قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ!

غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى ئۈچ بولۇپ: ئېغىزنى چايقاش، بۇرۇننى چايقاش ۋە پۈتۈن ئەزالىرىنى يۇيۇشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر جۇنۇب بولۇپ قالساڭلار پاكلىنىڭلار!» (5:6).

ئەمما، كۆزنىڭ ئىچىگە ئوخشاش يۇيۇش قىيىن بولغان ئەزالارنى يۇمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، يۇيۇشتا قىيىنچىلىق بولمايدىغان ئەزالارنى يۇيۇش ۋاجىب. دېمەك، ئېغىزنىڭ ئىچى ۋە بۇرۇننى يۇيۇشتا ھېچبىر قىيىنچىلىق يوقتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەربىر تۈكنىڭ تۈۋىدە جۇنۇبلۇق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن چېچىڭلارنى ھۆللەپ، تېرىنى پاكىزلاڭلار (يەنى پۈتۈن بەدىنىڭلارنى سۇ بىلەن پاكىزلاڭلار)» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

مۇشۇ شەرئىي بۇيرۇقلارغا بىنائەن كىندىك، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىرتقى ئېغىزى، ئىككى قۇلاقنىڭ كەينى ۋە ئىككى قولتۇقنىڭ ئاستى دېگەندەك يۇيۇش تەس كېلىدىغان بارلىق ئەزالارنى يۇيۇش ۋاجىب.

غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقى:

دەسلەپتە ئىككى قول ۋە ئەۋرەت يۇيۇلۇپ نىجاسەت يوقىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىنىدۇ. لېكىن، ئىككى پۇتنى يۇيۇش غۇسۇلنىڭ ئاخىرىغا كېچىكتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن پۈتۈن بەدەنگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككى پۇت سۇ جۇغلىشىپ قالمايدىغان ئورۇندا يۇيۇلىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ھاممام مەيمۇنە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەپ بەردى: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىنابەتتىن قانداق غۇسۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئالقىنىنى ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن كېيىن قولىنى قاچىغا تىقىپ (سۇ ئېلىپ) ئەۋرىتىنى سول قولى بىلەن يۇدى. ئاندىن كېيىن سول قولىنى يەرگە ئۇرۇپ (نىجاسەتتىن پاكلاش ئۈچۈن) قاتتىق سۈركىدى. ئاندىن كېيىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالدى ئاندىن كېيىن بېشىغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيدى، ھەر قېتىمدا ئىككى ئوۇچى توشقىدەك ئېلىپ قۇيدى. ئاندىن كېيىن پۈتۈن ئەزالىرىنى يۇدى. ئاندىن كېيىن غۇسۇل قىلغان ئورۇندىن چەتكىرەك ئۆتۈپ ئىككى پۇتىنى يۇدى. ئاندىن مەن بىر لۆڭگىنى ئېلىپ كېلىۋىدىم، ئۇ ئۇنى رەت قىلدى» (بۇ ھەدىسنى ئالتە سەھىھ كىتاب ئىگىلىرىنىڭ

ھەممىسى رىۋايەت قىلغان ).

ئەركىشىنىڭ ئۆرۈم چېچى بولسا، يۇيۇنۇش جەريانىدا سۇ يېتىشى ئۈچۈن چېچىنى چۇۋۇۋېتىشى ۋاجىب، لېكىن، ئايال كىشى ئۆرۈم چېچىنى يەشمىسىمۇ، چاچنىڭ تېگىگە سۇ يەتكۈزۈش كۇپايە قىلىدۇ.

ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇ ھەقتە سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇ ھەقتە سورىۋىدى، ئۇ: «ئەر كىشى چېچىنىڭ تۈۋىگە سۇ يېتىشى ئۈچۈن چېچىنى چۇۋۇپ، ئاندىن غۇسۇل قىلسۇن! ئايال كىشى چېچىنى يەشمەي بېشىدىن ئۈچ قېتىم سۇ قۇيسۇن!» دېدى ( بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ).

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھنىڭ بىر رىۋايىتىدە «ھەيز ۋە جىنابەتتىن غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن چېچىنى بۇزىمەنمۇ؟» دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق! بېشىڭغا ئۈچ ئۇگۇچ سۇ قويۇپ، ئاندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىڭگە سۇ قويۇپ پاكلانساڭ كۇپايە» دېدى.

غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى: دەسلەپتە نىيەت قىلىش، ئاندىن بىسمىللاھ دېيىش، مىسۋاك ئىشلىتىش، ساقال ۋە بارماقلىرىنى ئارىلاش ۋە بەدىنىدىن ئۈزۈلمىلى بولىدىغان جايلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش.

غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولغان ئادەم سۇ يىراق بولسا ياكى سۇ ئىشلەتسە كېسىلى ئېغىرلاپ كېتىشتىن ئەنسىرىسە، ياكى سوغۇقتا سۇنى ئىسسىتقۇدەك بىر نەرسە تاپالمىسا، ياكى دۈشمەندىن، ياكى ئۇسساپ قېلىشتىن قورقسا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس.

تەيەممۇمنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقى: قۇم، توپا ۋە تاش دېگەندەك زېمىن جىنسىدىن بولغان ھەرقانداق پاكىز نەرسىگە ئىككى قېتىم ئۇرۇش، بىر قېتىم ئۇرۇش يۈزنى سىلاش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ سىلاش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە سۈرە مائىدىدە مۇنداق دېگەن: «غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا ۋە قوللىرىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تەيەممۇم ئىككى قېتىم ئۇرۇشتۇر، بىر قېتىم يۈزنى سىلاش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئىككى بىلىكنى سىلاش ئۈچۈن».

تەيەممۇمدا تاھارەتسىز توغرا بولمايدىغان ئىبادەت ئادا بولۇشى ئۈچۈن نىيەت قىلىش شەرت.

7 ) ھەممىگە مەلۇمكى، پەرزەنتلەر ھارامغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن جۇنۇب ھالەتتە نېمىلەرنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك!

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! ئىسلام دىنى جۇنۇب كىشىلەر ۋە ئۈزرىلىك ( ھەيزدار، ياكى نىفاسدار، ياكى ئىستىھازە كېسىلى بولۇپ قالغان ) ئاياللار قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى بىلىۋېلىڭ!

ـــ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجمائى ( بىرلىككە كەلگەن قارىشى ) بىلەن ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللار روزا تۇتۇش

ۋە ناماز ئوقۇشتىن چەكلىنىدۇ.

قازاسىنى قىلىش مەسىلىسىدە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «بىزگە ئاشۇ ئىش يەتسە (يەنى ھەيزدار ياكى نىفاسدار بولۇپ قالساق)، (پاكلانغاندىن كېيىن) روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلاتتۇق، نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمايتتۇق» (بۇ ھەدىسنى ئالتە مۇھەددىس ئىمام ھەممىسى رىۋايەت قىلغان).

— ھەيزدار ياكى نىفاسدار ئايالنىڭ مەسجىدكە كىرىشى چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مەن جۇنۇب ۋە ھەيزدارنىڭ مەسجىدكە كىرىشىگە يول قويمايمەن» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

— ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ھەققىدىكى ھەدىس ئىلگىرى ئۆتتى.

— ئەرلەرنىڭ ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللىرى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشى چەكلىنىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەيز مەزگىللىرىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار» (2:222).

ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئايالىم ھەيزدار ۋاقتىدا قانداق مەنپەئەتلىنىسەم بولىدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئىشتىنىنىڭ ئۈستىدىكى جايلىرىدىن مەنپەئەتلىنىسەڭ بولىدۇ» دېدى.

«سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دە بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىستە، «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ ھېچقايسى بىرىنى ئىشتىنى كىيىۋېلىشقا بۇيرىمىغۇچىلىك قۇچاقلىمايتتى» دېيىلگەن.

— جۇنۇبقا، ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئازراق بولسىمۇ تۇتۇش چەكلىنىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەيزدار ئايال ۋە جۇنۇب ئادەم قۇرئاندىن ئازراقمۇ ئوقۇمىسۇن!»».

ھەيزدار ئايال بىلەن جۇنۇب ئادەم قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشتا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا چەكلىنىدۇ، لېكىن ئايەتنى ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش ۋە ئاللاھ تەئالانى مەدھىيىلەش مەقسىتىدە ئوقۇغان بولسا، مەسىلەن «بسم الل الرحمن الرحيم»، «الحمد لل رب العالمين»، « و الل حد» دېگەندەك، ھەيز ياكى جۇنۇب ئادەم باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ھەرپمۇھەرپ ئايرىم تەلەپپۇز قىلغان بولسا، زۆرۈر سەۋەبى بولغانلىقى ئۈچۈن فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارىشىغا ئاساسەن گۇناھكار بولمايدۇ.

ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللار بىلەن باشقىلارغا ئۆگەتكۈچى ياكى ئۆگەنگۈچى بولسا، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇسا ۋە تۇتسا بولامدۇ؟

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبىدىكى بىر كۆزقاراشتا، ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالنىڭ قۇرئان ئوقۇشى دۇرۇس.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھ مۇشۇ كۆزقاراشنى تاللىغان. بۇ «ئىنساپ» ناملىق كىتابتا شۇنداق بايان قىلىنغان.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ كۆزقارىشىدا، ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايال باشقىلارغا ئۆگەتكۈچى ياكى ئۆزى ئۆگەنگۈچى بولسا، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشى ۋە تۇتۇشى دۇرۇس.

«تەپسىر ساۋىي»نىڭ شەرھىسى دەردەيرنىڭ «شەرھۇسسەغىر» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى توم 65، 92 ـ 93 ۋە ـ بەتلىرىدە شۇنداق بايان قىلىنغان. بۇ ھۆكۈمدە ئۆگەنگۈچى ۋە ئۆگەتكۈچى ئاياللارغا زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرۇش بار.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ كۆزقارىشىدا جۇنۇب ئادەم ئۇچۇنمۇ ئۇخلىغاندا ياكى قورققان چاغدا ئاللاھ تەئالاغا سېغىنىش ئۈچۈن ياكى بەرىكەت تىلەش ئۈچۈن، ياكى كېسەل، ياكى كۆز تېگىشكە دۇئا ئوقۇش ئۈچۈن، ياكى شەرئەت ھۆكۈمگە دەلىل قىلىش ئۈچۈن قۇرئاندىن ئازراق ئوقۇش دۇرۇس.

ـــ تاھارەتسىز، جۇنۇب، ھەيزدار ۋە نىفاسدارلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى غىلاپسىز تۇتۇشى چەكلىنىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ» (79: 56).

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چاغدا ماڭا: «قۇرئاننى پەقەت پاك ھالەتتە تۇتقىن» دېگەن (بۇ ھەدىسنى ئىمام ھاكىم «مۇستەدرەك» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىھ دېگەن).

«سەھىھ بۇخارى»دا ئەبى ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، ئۇ كىشى دېدىكىنى ھەيزدار ھالەتتە ئەبى رەزىننىڭ قېشىغا «قۇرئان كەرىم»نى قېپىغا باغلانغان يېپىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئەبۇ ۋائىل ۋە ئەبۇ رەزىن رەھىمەھۇمەللاھلار تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ۋە ساھابىلەردىن ئىدى.

ـــ نامازدا «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلغانلىقى ئۈچۈن، جۇنۇب ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇشى، مەسجىدكە كىرىشى ۋە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشى چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن جۇنۇب ۋە ھەيزدارنىڭ مەسجىدكە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايمەن».

جۇنۇب ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشى توغرا، لېكىن، جۇنۇبلۇق نامازنى كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولۇپ قالسا، بۇ ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

ـــ ئېھتىلام بولۇپ قالغان ئادەم ئويغىنىپ، كىيىمىدە مەنىنى كۆرسە، ئەگەر مەنى ھۆل بولسا، پەقەت يۇيۇش ئارقىلىق پاكلىنىدۇ، ئەگەر قۇرۇق بولسا ئۇۋۇلاش ئارقىلىقمۇ پاك قىلغىلى بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

كيمىدىن مەنىنى قورۇق بولسا ئۇۋۇلۇۋېتەتتىم، ھۆل بولسا يۇيۇپ قوياتتىم» (ئىمام داۋۇتنىڭ «سۈنەن» ناملىق كىتابىدا، ئىمام بەززار «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان).

بىر رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمى ھۆل پېتى نامازغا چىقاتتى» دېيىلگەن.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! پەرزەنتلىرىڭىز بالاغەتكە يېتىپ ئىبادەتلەر پەرز بولغان چاغدا، نېمىلەرنى قىلسا بولىدۇ؟ نېمىلەرنى قىلىشتىن چەكلىنىدۇ؟ بۇلارنى بىلىشى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە ۋە بالاغەتكە يېتىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى شەرىئەت ھۆكۈمىنى بىلىشى ئۈچۈن، ئۇلار بىر نەرسىنى چۈشەنگۈدەك بولغاندىن باشلاپ مۇشۇ ئەھكاملارنى ئۆگىتىشكە كۆڭۈل بۆلۈڭ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن راست ئېيتقان: «ئاللاھ تەئالا كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇمەللاھ رىۋايەت قىلغان).

## 5 ـ تويى قىلىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت

ئاللاھ تەئالا ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئېچكى ھېسسىيات ۋە تەبىئىي خاراكتېرلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ ھېسسىيات ۋە خاراكتېرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ نەسلىنى ساقلاش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تەئالا مۇشۇ ھېسسىيات ۋە تەبىئىي خاراكتېرلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالايدىغان ھەمدە بۇ ھېسسىيات ۋە تەبىئىي خاراكتېرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان شەرىئەتلەرنى ۋە ئەھكاملارنى نازىل قىلدى.

ئىسلام دىنى يولغا قويغان تويى قىلىش بولسا، ئىنساننىڭ يات جىنسقا بولغان تەلپۈنۈش خاراكتېرىگە قايتۇرغان ئىنكاسىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ تويى قىلىشنى يولغا قويۇشى ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ پىتنە-پاساتلىرى ۋە شەھۋانىي ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن، ئۇنىڭ جىنسىي خاراكتېرى ۋە تەبىئىي مايىللىقى بىلەن پۈتۈنلەي ماسلىشىش ئۈچۈندۇر.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! مەن ھازىر جىنسىي ھېسسىياتقا ۋە تويى قىلىشنىڭ ھېكمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

بۇ ھەقىقەتلەر مۇنداق ئىككى نەرسىگە چېتىلىدۇ:

بىرى، ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان قارىشى.

ئىككىنچىسى، ئاللاھ تەئالا تويى قىلىشنى نېمە ئۈچۈن يولغا قويغان؟

### • ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان قارىشى

ئەمدى ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان قارىشىغا كەلسەك، بىز بىرىنچى قىسىمدا بايان قىلغىنىمىزدەك،

جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بىر شەخس ئۆزىنىڭ تەبىئىي خاراكتېر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە قارشى كېلىدىغان خاتا يوللارغا كىرىپ قالماستىن، بەلكى ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن ئەڭ توغرا بولغان نىكاھلىنىش يولى بويىچە مېڭىشى ئۈچۈن، ئىنسانىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىنى چۈشىنىشنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە ئىنسانىنىڭ ئىشتىياقلىرى ۋە مايىللىقلىرىغا ئىنكاس قايتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۈيۈك ئاللاھ تەئالا ھەقىقەتەن راست ئېيتقان: «ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھ تەئالانىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەتت ئورناتقانلىقى ئاللاھ تەئالانىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىندۇر» (30:21).

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىبادەتكە بېرىلىشى ۋە ئاللاھ تەئالاغا يېقىنچىلىق ئىزدەش نىيىتىدە، بولۇپمۇ مۇسۇلمان توي قىلىشقا قادىر، توي قىلىش سەۋەب ـ ۋاستىلىرى قولاي بولغان شارائىتتا توي قىلماي تەركى دۇنيالىق بىلەن ئۆتۈشنى ئىسلام دىنى چەكلىگەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك!

## 1 ـ توي قىلىشتىن باش تارتىشنىڭ ھاراملىقى

بەلكى، بىز ئىسلام شەرىئىتىدە بۇ شەرىئەتنىڭ ئاللاھ تەئالا يامان كۆرىدىغان راھىبلىق ۋە بويتاقلىققا چاقىرىدىغان ھەرقانداق بىر دەۋەتكە ناھايىتى قاتتىق قارشى تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى، بۇ راھىبلىق ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە قارشى كېلىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى ۋە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىغا قارشى كېلىدۇ.

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالا بىزگە راھىبلىقنىڭ ئورنىغا كەڭچىلىكنى خالايدىغان توغرا دىنىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى» (ئىمام بەيھەقى رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ئىمام تىبرانى ۋە ئىمام بەيھەقى رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋاەيت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «قانداق بىر ئادەم توي قىلغۇدەك ئىقتىدارى بار تۇرۇپ توي قىلمىسا، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قاتارىدىن ئەمەس».

تۆۋەندىكى ھەدىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمئىيەت كىشىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە نەپسىلەرنىڭ ئاپەتلىرىنى ھەل قىلىشقا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

ــــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ نەپەر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ ئىبادەتلىرى ھەققىدە سورىدى. ئۇلارغا خەۋەر بېرىلگەن چاغدا، ئۇلار بۇ ئەمەللەرنى ئازش سانىغاندەك قىلىپ، بىز بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارىلىقىدا پەرق چوڭ، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن ھەمىشە كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن» دېگەن، يەنە بىرى: «مەن

يىل بويى روزا تۇتمەن، روزىسىز يۈرمەيمەن» دېگەن، يەنە بىرى: «مەن ئاياللارغا يېقىن يولىمايمەن، مەڭگۈ ئۆيلەنمەيمەن» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئۇلارغا: «مۇنداق - مۇنداق دېگەن كىشىلەر سىلەرمۇ؟ ئاللاھ تەئالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن ئەلۋەتتە ئاللاھ تەئالادىن سىلەرگە قارىغاندا بەكرەك قورقىمەن ۋە سىلەردىن تەقۋادارراقتۇرمەن، لېكىن، مەن روزىمۇ تۇتىمەن ۋە روزىسىزمۇ يۈرىمەن، مەن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن، بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن ھەم ئاياللار بىلەن توي قىلىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېگەن ( بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس ).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان دىن، ھاياتلىق قانۇنى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكى تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر مەڭگۈلۈك پەيغەمبەرلىك ئىكەنلىكىنى ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر.

«( ئاللاھ تەئالاغا ) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھ تەئالادىنمۇ ئادىل كىم بار؟»

## 2 - شەھۋەتنى ھالال جايغا ئىشلىتىشنىڭ ساۋاب - ئەجرى

ئەمدى ئىسلام دىنىنىڭ شەھۋەتنى ھالال جايغا ئىشلىتىش ۋە جىنسىي ھېسسىياتنى قىلغۇچىنى ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىغا لايىقلاشتۇرىدىغان ۋە ئەجىر - مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىن بولغان توي ئىشى ئارقىلىق قاندۇرۇشقا ئېتىبار بېرىشى، ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن توغرا قاراشلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ـــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «ئى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى! بايلار ساۋاب ۋە ئەجىرلەرنى ئېلىپ كەتتى، بىز ئوقۇغان نامازلارنى ئۇلارمۇ ئوقۇيدۇ، بىز تۇتقان روزىنى ئۇلارمۇ تۇتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە ماللىرىنى سەدىقە بېرىدۇ، ئەمما، بىزنىڭ مال - مۈلۈكلىرىمىز يوق» دېيىشتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا سىلەرگىمۇ سەدىقە قىلىدىغان نەرسىنى قىلىپ بەردىغۇ؟! ھەربىر تەسبىھ سەدىقە، ھەربىر تەكبىر سەدىقە، ھەربىر ھەمدۇ سەدىقە، ھەربىر تەھلىل سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقە، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقە، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقە» دېدى، كىشىلەر: «ئى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ بىرىمىز ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇ شەھۋىتىنى ھارام يول بىلەن قاندۇرسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدىغۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش شەھۋىتىنى ھالال يول بىلەن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ» دېدى ( ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ).

ئىسلام دىنىغا جىنسىي تۇرمۇشقا قارشى دەپ تۆھمەت قىلىدىغانلار ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان قارشى ۋە نىكاھتىن ئىبارەت ئېنىق پوزىتسىيىسى ھەققىدىكى مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنسۇن! ...

## 3 ـ ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ

ئەر-خوتۇنلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، ئۇلار ھەدىستىكى «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى، ئۇلارنى دەۋەت مەجبۇرىيەتلىرىدىن، ئاللاھ تەئالا يولىدىكى مۇھىم جىھادىي ھەرىكەتلەردىن ۋە ئىسلام دىنىغا ياردەم بېرىشتىن مەھرۇم قويىدىغان دەرىجىدە جىنسىي شەھۋىتىنى قاندۇرۇش، ھاجىتىنى ئادا قىلىش ۋە خوتۇنلار قويىندا ئېغىناپ يېتىشنىڭ ئومۇمىي بىر ئۆلچىمى قىلىۋالماسلىقى كېرەك!

بۇنداق بولۇشى شۇ سەۋەبتىندۇركى، جەزمەن ئىسلام دىنى بىزگە بۇ دۇنيا ھاياتىدا ھېچبىر ھەقنى يەنە بىر ھەقتىن، ھېچبىر مەجبۇرىيەتنى يەنە بىر مەجبۇرىيەتتىن ئۈستۈن بىلمەيدىغان ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى جايىدا ئادا قىلدىغان نورمال، كۈچلۈك ئىنسانىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىپ بەردى. ئىسلام دىنىنىڭ مەنپەئىتى، جىھاد قىلىش ۋە باشقىلارنى ئاللاھ تەئالا تەرەپكە چاقىرىش تۇرمۇش مەنپەئىتى، ئەر-خوتۇنچىلىق، بالىلار ۋە مال-دۇنيا بىلەن قارىمۇقارشى كەپقالسا، مۇسۇلمان جىھاد ۋە دەۋەت مەنپەئىتىنى ھەرقانداق دۇنيالىق شەخسىي مەنپەئەتتىن، جەمەت، ۋەتەن ۋە ئائىلە ھېس-تۇيغۇلىرىدىن ئەلا بىلىشى كېرەك!

چۈنكى، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە گاڭگىراپ قالغان ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلامغا يېتەكلىنىشى بولسا، بىردىنبىر غايىدۇر. بەلكى، ئۇ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئالىي نىشان ۋە ئارزۇدۇر.

مانا بۇ غايە-نىشان رەبئى ئىبنى ئامىرنىڭ قادىسىيە ئۇرۇشىدا كاپىرلارنىڭ قوماندانى رۇستەمنىڭ ئالدىدا تۇرغان چاغدىكى پوزىتسىيىسىدە ئېنىق ئىپادىلەنگەن. ئۇ رۇستەمگە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەئالا بىزنى پۈتكۈل ئىنسانلارنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھ تەئالاغا قۇل بولۇشقا، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن دۇنيانىڭ كەڭرىلىكىگە، خىلمۇخىل دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى».

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! ئىلگىرىكى ياخشى پېشۋالىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ۋە جىھاد مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق شەخسىي مەنپەئىتىدىن ۋە ئائىلە-جەمەت ھېس تۇيغۇلىرىدىن، بولۇپمۇ خوتۇن-بالىلارغا بېرىلىش ھېس تۇيغۇلىرىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىكى ھەققىدىكى تېپىك مىساللارغا قۇلاق سېلىڭ!

### △ سەلەف سالىھلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىكى ئۈستۈنلۈك:

ــــ بۇ مۇئمىن ساھابە ھەنزەلە ئىبنى ئەبى ئامىر جۈمە كۈنى كېچىسى ئۇبەينىڭ قىزى جەمىلەنى نىكاھىغا ئالدى. ئاشۇ كۈنى سەھەردە جاكارچى: «جىھادقا چىقىڭلار!» دەپ توۋلىدى. ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ چاقىرىقنى ئاڭلاپلا قىلچىنى ئېسىپ، ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، ئارغىمىقىغا مىندى-دە، ئوھۇد غازىتىدىكى جەڭگە يۈرۈپ كەتتى. جەڭ باشلانغان چاغدا، ئۇ قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلدى. ئاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوھۇدتىكى مۇشرىكلار سېپى

ئارىسغا كۆز يۇگۇرتكەچ ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئەبۇ سۇفيانىنى تاپتى، ئۇنى تاپقان چاغدا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئەبۇ سۇفيان يەرگە يىقىلدى. ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قىلىچى بىلەن بوغۇزلىماقچى بولۇۋىدى، ئەبۇ سۇفيان قۇرەيشلەردىن ياردەم سوراپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان قۇرەيش مۇشرىكلىرى دەرھال ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قىلىچ سىلىشتى. نەتىجىدە ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد بولدى.

مانا بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پۈتكۈل غەيبلەرنى بىلگۈچى ئاللاھ تەئالا ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەيبىي خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە: «ھەقىقەتەن مەن پەرىشتىلەرنىڭ ھەنزەلەنى ئاسمان-زېمىننىڭ ئارىسىدا كۈمۈش تاۋاقلارغا ئېلىنغان يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېدى. ساھابىلار ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ بېشىدىن سۇ تېمىۋاتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇلارغا ئۇنىڭ جىھاد چاقىرىقىنى ئاڭلاپلا جۇنۇب ھالەتتە غۇسۇل قىلىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى پەرىشتىلەرنىڭ يۇيۇپ قويۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

ــــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيدنىڭ قىزى ئاتىكەنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ ھۆسن-جامالىق، ئىنتايىن ئەخلاقلىق ۋە تولىمۇ ئەدەپلىك بىر ئايال ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئايال ئابدۇللاھنى غازاتلىرى ۋە جىھادىدىن كاشىلا قىلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھنىڭ دادىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشكە بۇيرىدى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى: «ئۇ ئايال سېنى غازاتلىرىڭدىن كاشىلا قىلىپ قويدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قويۇۋەت» دەپ ئۇقتۇردى. ئاندىن ئۇ ئايالىنى قويۇۋەتتى. ئابدۇللاھنى دادىسى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ مۇنداق شېئىر ئېيتاتتى:

بۇنداق ئايالنى قويۇپ بەرگەن مەندەك بىرىنى ھېچ كۆرمىدىم،
گۇناھسىزلا قويۇۋېتىلگەن ئۇنداق ياخشى ئايالنى ھەم.
باردۇر ئۇنىڭ گۈزەل خۇلقى، ئۆتكۈر پىكرى، مەرتىۋىسى،
ئاڭا بەكمۇ ھۆرمىتىم بار ھەم ئاشىقمەن شۇ دەم.

ئاندىن دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئايالى بىلەن يارىشىۋېلىشقا بۇيرىدى. ئاندىن ئايالى بىلەن يارىشىۋالدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە تائىف ئۇرۇشىغا قاتناشتى. شۇ ئۇرۇشتا ئۇنىڭغا ئوق تەگدى، كېيىن مەدىنىدە ۋاپات بولدى (ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن).

ئىمام تەبەرى ۋە ئىبنى ئىسهاق رەھمەھۇمەللاھلار مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: ئەبۇ خەيسەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەبۇك ئۇرۇشىغا چىقىشنى نىيەت قىلىپ بىر قانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئىسسىق بىر كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى-دە، ئىككى ئايالىنى بېغىدىكى ئىككى چېدىردا تاپتى. ھەربىرى ئۆز چېدىرلىرىغا سۇ سېپىپ، ئەبۇ خەيسەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن سوغۇق سۇ ۋە تاماق تەييارلىغانىدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ چېدىرنىڭ ئىشىك تۈۋىدە توختىدى. ئىككى ئايالى ۋە ئۇلار تەييارلىغان نازۇ-نېمەتلەرگە قاراپ ئۆز-ئۆزىگە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاپتاپتا، شامالدا، تومۇز ئىسسىقتا تۇرسا، ئەبۇ خەيسەمە سالقىن سايە، تەييار تاماق، گۈزەل ئايال ۋە مال-دۇنياسى ئىچىدە تۇرامدۇ؟! بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟!» دېدى. ئاندىن ئاياللىرىغا: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىشمەي تۇرۇپ سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلارنىڭ چېدىرىغا كىرمەيمەن» دېدى. ئاندىن ئىككى ئايالى ئۇنىڭغا ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاپ بەردى. تۆگىسى ئېلىپ كېلىندى، دەرھال تۆگىسىنى چاپتۇرۇپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئاخىر ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەبۇك دېگەن جايغا چۈشكەن چاغدا يېتىشۋالدى.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئىسلام ئۈممىتى ۋە ئىسلام ياشلىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە باشقىلارنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىشقا بولغان مۇھەببىتىنى بۇ دۇنيادىكى ئەرزان-قىممەت ھەرقانداق نەرسىدىن ئارتۇق بىلگەن چاغدا، ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا زېمىندا قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قورقۇنچ ۋە ئەنسىرەشلىرىنى خاتىرجەملىككە، ئاجىزلىقىنى كۈچلۈكلۈككە ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. پۈتۈن دۇنيا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى كېلىپ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ جازاسى ۋە ئازابى چۈشكەنگە قەدەر كۈتسۇن! ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، ئاللاھنىڭ توغرا يولىدىن چەتنەپ كەتكەن قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

بۈيۈك ئاللاھ ھەقىقەتەن راست ئېيتقان: «ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار ( ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار )، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا ( يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار )، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى ( يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى ) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ( يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى ) ھىدايەت قىلمايدۇ› » ( 9:24 )

## • ئىسلام جىھادىدا ئايال كىشىنىڭ رولى

شۇنىڭدەك، بىز دەۋەت ۋە جىھاد مەجبۇرىيىتىدە ئايال كىشىنىڭ رولىدىنمۇ غاپىل قالماسلىقىمىز كېرەك! چۈنكى، ئىسلام دىنى ھاجەت چۈشكەندە ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئاياللارنىمۇ جىھادقا چىقىشقا تەكلىپ قىلغان. ئەينى

www.uyghurkitap.com

چاغدا مۇسۇلمان ئاياللار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قىلىچ بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تاڭاتتى، كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، شەھىد بولغانلارنى يۆتكەيتتى، تائام ھازىرلايتتى.

بۇنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتلىرىغا قۇلاق سىلىڭ:

— ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ مۇئەۋۋىزنىڭ قىزى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە جىھاد قىلاتتۇق، يارىدارلارنى ۋە شەھىد بولغانلارنى مەدىنىگە ئېلىپ كېتەتتۇق.

— ئەنسار ئايال ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يەتتە قېتىم جىھادقا قاتناشقاندىم، مەن ئۇلارنىڭ يۈك-تاقلىرىدىن خەۋەر ئالاتتىم، ئۇلارغا تاماق تەييارلايتتىم، يارىدارلارنى داۋالايتتىم، كېسەللەرنى باقاتتىم.

— ئىبنى ھىشام «سىيرەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ قىزى ئۇممۇ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئى ھامما! ماڭا ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان سەرگۈزەشتىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ» دېيدى، ئۇ: «مەن ئەتىگەندە سىرتقا چىقتىم، مەن كىشىلەرنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا قارايتتىم، مېنىڭ قولۇمدا بىر تۇلۇم سۇ بار ئىدى، ئاندىن مەن ساھابىلىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يېتىپ باردىم، بۇ چاغ مۇسۇلمانلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ۋاقىت ئىدى، كېيىن مۇسۇلمانلارغا مەغلۇبىيەت يۈزلەنگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتىم، تاكى يارىلانغانغا قەدەر قىلىچ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغدىدىم ۋە ياچاق بىلەن ئوق ئاتتىم.

— ئىبنى ھىشام رەھمەھۇللاھ مۇنۇ ۋەقەنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئەھزاب ئۇرۇشى مەزگىلىدە) مەدىنىنىڭ سېپىل سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر يەھۇدىينى كۆرۈپ بىلىنى مەھكەم باغلايدۇ-دە، بىر تۈۋرۈككە يامىشىپ سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ھېلىقى يەھۇدىينى چوماقلاپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ساناپ بولغىلى بولمايدۇ.

ئەمدى ئاياللارنىڭ باشقىلارنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيىتىگە كەلسەك، ئۇلار بۇ جەھەتتە ئەرلەرگە ئوخشاش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (9:71).

تەربىيەتچى قېرىنداشىم! مانا بۇلار پەرزەنتلەر توغرا- خاتانى پەرقلەندۇرۇش يېشىغا يەتكەن مەزگىللەردە ئۇلارغا ئۆگىتىشكە تېگىشلىك بولغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدۇر. مۇشۇ پرىنسىپلار پەرزەنتلەرگە ئۆگىتىلسە، بالىلار تويلىنىشقا پۈتۈشۈش ئىشى تاماملىنىپ، نىكاھ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان چاغدا، جىنسىي ئالاقىنىڭ ئىسلام دۆلىتى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي غايىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن بۇ ھاياتتا ھېچبىر مەسئۇلىيەتكە سەل قارىماستىن، ھېچبىر مەجبۇرىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن ھەرقانداق ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىدىغان نورمال ئادەم بولىدۇ.

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەققىي ماھىيىتى ۋە ساپ چۈشەنچىلىرىدۇر.

## • ئاللاھ تەئالانىڭ توي قىلىشنى يولغا قويۇشىنىڭ سەۋەبى

ئاللاھ تەئالا نېمە ئۈچۈن توي قىلىشنى يولغا قويغان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بىز ئىلگىرى مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى «توي قىلىش بولسا ئىجتىمائىي مەنپەئەتتۇر» دېگەن تېمىدا بۇ توغرىدىكى ھېكمەتنى بىر قۇر ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن، ئەمدى بۇ يەردىمۇ توي قىلغۇچىلار توي قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئەڭ مۇھىم پايدىلارنى ۋەز- نەسىھەت ۋە ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن ئىخچام ھالەتتە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ پايدىلارنىڭ جۈملىسىدىن مۇنۇلار بار:

1 ـ نەسەبنى ساقلاپ قېلىش: ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەر (نىڭ ئۆزى ـ ئۆلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى» (72:16).

2 ـ جەمئىيەتنى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكتىن ساقلاش: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار گۇرۇھى! سىلەردىن كىمكى توي قىلىشقا قادىر بولالىسا توي قىلسۇن! چۈنكى ئۇ كۆزنى (نامەھرەملەرگە قاراشتىن) يۇمدۇرىدۇ، ئەۋرەتنى (زىنا- پاھىشىدىن) ساقلايدۇ» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

3 ـ ئەر- خوتۇنلارنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشى ئۆز ئەھلى (خوتۇن- بالىلىرى) ئىچىدە پادىچىغا ئوخشايدۇ ۋە ئۆز پادىلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ. ئايال كىشىمۇ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىغا ئوخشايدۇ ۋە ئۆز پادىلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

4 ـ جەمئىيەتنىڭ خىلمۇخىل ۋابا كېسەللىكلىرىدىن ساقلىنىپ قېلىشى: بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(باشقىلارغا) زىيان سېلىشمۇ ۋە (ئۆزىنى) زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ يوق» (ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئىبنى ماجە رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

5 ـ روھىي ۋە پسىخىكا جەھەتتە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈش: ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئايالـلار بىلـەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشـىڭلار ئۈچـۈن ( ئاللاھنـىڭ ) ئۇلارنى سـىلەرنىڭ ئـۆز تىپىڭلاردىـن ياراتقانلىقى، ئـاراڭلاردا ( يەنـى ئەر ـ خوتـۇن ئارىسـىدا ) مېھر ـ مۇھەببـەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ ( كامالى قۇدرىتىنى كۆرسـىتىدىغان ) ئالامەتلىرىدىنـدۇر» ( 30:21 ).

6 ـ سـالىھ ئىسـلام پەرزەنتلىرىنـى قالـدۇرۇش: پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دېگـەن: «تـوي قىلـىڭلار! نەسىل قالـدۇرۇڭلار! كۆپىيىـڭلار! چۈنكى، مـەن قىيامـەت كۈنـى باشـقا ئۈممەتلـەر ئالدىـدا سـىلەر ( نىـڭ كۆپلۈكـۈڭلار ) بىلـەن پەخىرلىنىمـەن» ( ئىمـام ئابـدۇرەززاق ۋە ئىمـام بەيھەقـى رەھىمەھۇمەللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان ).

دېمـەك، تەربىيەتچـى قېرىندىشـىم! پەرزەنتلـەر تـوي قىلىشـتىكى بـۇ ھەقىقەتلەرنـى چۈشەنسـە، تـوي قىششـقا پۈتـۈن ۋۇجـۇدى بىلـەن ئىنتىلـىدۇ ھەمـدە كۈچىنـىڭ يېتىشـىچە تىرىشـىدۇ.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! مەن تۆۋەندىكى نەسىھەتلەرنى قۇلىقىڭىزغا دەپ قويماقچىمەن:

ئـەي دادا بولغۇچـى ئىنسـان! ئەگـەر سـىز ئىقتىسـادىي جەھەتتـىن بـاي ئـادەم بولسـىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىزنـىڭ ئەقلى ۋە تەپەككۇرىنـى ئىسـكەنجىگە ئېلىۋالغـان، ئۇلارنـىڭ نىشـانغا يېتىش ياكـى تەلىم ـ تەربىيە يولـىدا پۈتلىكاشـاڭ بولـۇپ تۇرىدىغـان روھـى ئېزىتقـۇلار ۋە جىنسـىي ئـوي ـ خىياللاردىـن ھەمـدە ئۇلارنـىڭ تـەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، نامغـا داغ تەگكۈزىدىغـان ئەخلاقـىي چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلـدۇرۇش ئۈچـۈن، ئۇلارنـىڭ تـوي قىلىـش سـەۋەبلىرىنى قولايلاشـتۇرۇپ بېرىشـكە ئاكتىپچانلىـق بىلـەن تىرىششـىڭىز كېـرەك! بـۇ ئـىش بىـر تەرەپتىـن تـوي قىلىـش سـەۋەبلىرىنى قولايلاشـتۇرۇپ بېرىـش، يەنـە بىـر تەرەپتىـن ئىقتىسـادىي جەھەتتىـن يـاردەم بېرىـش ئارقىـق روياپقـا چىقىـدۇ.

بـۇ يولدىكى ھەرقانـداق سـەل قـاراش ياكـى سۇسـلۇق قىلىـش يـاش پەرزەنتلىرىڭىزنـى ئـەڭ ناچار نەتىجـە ۋە ئـەڭ خەتەرلـىك ئاقىۋەتكـە دۇچـار قىلىـدۇ. كـۆپ ھاللاردا بىـز ئۇرغۇنلىغـان بـاي ۋە ھاللىـق سـەۋىيىگە يەتكـەن دادىلارنـىڭ ئـۆز پەرزەنتلىرىنـىڭ ئەمدى ئاتا ـ ئانىلىرىنـىڭ يـاردەم بېرىشـى ۋە نەپىقىسـىنى بېرىـش مەجبۇرىيىتـى ساقىت بولىدىغـان ياشـقا يېتىـپ بولغانلىقىنـى باھانـە قىلىـپ، ئۇلارغـا ماددىـي ۋە مەنىـۋى ياردەملەرنـى بېرىشـكە بېخىللىـق قىلىۋاتقانلىقىنـى ئـاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىـز. ئـۇلار نـاۋادا ئـۆز پەرزەنتلىرىگـە بەرگـەن مال ـ دۇنيانىـڭ ئـۇلار ئۇچراۋاتقـان تەپەككۇرىدىكـى ئېزىتـراپ، ئەخلاقىدىكـى بۇزۇلـۇش ۋە روھـىي بىئارامچىلىقتىـن قۇتقـۇزۇش قىيىقلىرىنـىڭ ئورنىـدا ئىكەنلىكىنـى چۈشـەنگەن بولسـا، ئـۇلار ئـۆز پەرزەنتلىرىگـە زور دەرىجىـدە يـاردەم بېرىـپ، تـوي قىلىـش سـەۋەبلىرىنى قولايلاشـتۇرۇپ بېرىشـكە ھەرگىزمـۇ بېخىللىـق قىلمىغـان ۋە يالتىيىـپ تۇرۇۋالمىغـان بولاتتـى.

بـاي بىـر دادا ئـۆز پەرزەنتلىرىگـە نېمـەدەپ بېخىللىـق قىلىـدۇ؟ نېمـە ئۈچـۈن ئۇلارغـا تـوي قىلىـش يوللىرىنـى قولايلاشـتۇرۇپ بەرمەيـدۇ؟ ئـۇ مەڭگـۈ ھايـات تۇرامـدۇ؟ ياكـى ئـۇ يىغقـان مال ـ دۇنيالىرىنـى ئـۆزى بىلـەن بىرگـە ئاخىرەتكـە ئېلىـپ كېتەمـدۇ؟ ھەقىقەتـەن ئـۇ شەكسـىز ئۆلىـدۇ. ئـۇ يـات ئارىـدا ھېچقانـداق ئائىلـە جابدۇقلىرى، ماـۋق كۆرپىلـەر ۋە زىبۇ ـ زىننەتلـەر يـوق بولغـان كىچىككىنـە كاتەككـە كۆمۈلـىدۇ. ئۇنـىڭ مال ـ دۇنيالـىرى شەكسـىز ئۇنـىڭ مىراسـخورلىرىنىڭ قولىغـا ئۆتـۈپ كېتىـدۇ.

ئۇنداقتا بۇ باي دادا ئۆز مىلىنى تېپىۋالسۇن! ئاللاھ تەئالا ئۇنى ئىگە قىلغان مال- دۇنيالىرىدىن مەلۇم قىسمىنى چىقىم قىلىۋالسۇن! ئۆزىگە تەۋە بولغان ئادەملەردىن باشلىسۇن! ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ توي قىلىش سەۋەبلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىستىكى سۆزىگە قۇلاق سالسۇن: «ئاللاھ يولىدا بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، قۇل ئازاد قىلىشقا بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، ئائىلەڭگە بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئائىلەڭگە سەرپ قىلغان دىنارنىڭ ساۋابى ئەڭ كاتتا بولىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

«ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ» (12: 90).

تەربىيەتچى قېرىنداشىم! سىز جۇرە تاللاش ھەققىدىكى ئىسلام پرىنسىپلىرىنى بىلمەكچى بولسىڭىز بىز مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى «توي قىلىش تاللاش ئاساسىدا بولىدۇ» دېگەن تېمىدىكى مەزمۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ! ئاللاھ خالىسا تولۇق ۋە مۇكەممەل بىر تەتقىقاتقا ئېرىشەلەيسىز. سىز پەرزەنتلىرىڭىزگە چوقۇم قارىسا خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدىغان، يوق چېغىدا مېلى ۋە ئابرۇيىنى قوغدايدىغان، ناۋادا ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلسا، پەرزەنتىڭىز: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەت قىلىدىغان پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دېگەن دۇئا بىلەن دۇئا قىلىدىغان، شۇ ئوغۇلنىڭ بۇ ھاياتتا باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان بىر ئىسلام ئەزاسى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئېرىگە ياردەم بېرىدىغان ياخشى ئايالنى تاللاپ بېرىشىڭىز كېرەك!

## • توي قىلغاندا ئايالى بىلەن خىلۋەتتە بولۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

مۇشۇلاردىن كېيىن ئەمدى بىز ئىسلام دىنىنىڭ بىزلەرگە ھەرقانداق بىر ئىشنى، ھەتتا توي كېچىسىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەدەپ- قائىدىلىرىنى ۋە ئەر- خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ قائىدە- پرىنسىپلىرىنى ئۆگەتكەن ئومۇمىي شەرىئەت ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغانلارنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، توي قىلغۇچى كېلىنچەك بىلەن خىلۋەتتە بولغاندىن باشلاپ جىنسىي ئالاقە تاماملانغانغا قەدەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان باسقۇچلارنى ئېنىق بايان قىلىمىز.

بۇ باسقۇچلار تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك!

1 - توي قىلغۇچى كېلىنچەكنىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ، ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ بەرىكەتكە دۇئا قىلىشى مۇستەھەب.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالسا، ئۇنىڭ كوكۇلىسىنى (يەنى بېشىنى) تۇتۇپ، ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ بەرىكەتكە دۇئا قىلسۇن

ۋە: ‹ئـى ئالـلاھ! ھەقىقەتـەن مـەن ئـۇ ئايالنىـڭ ياخشى بولۇشىنى ۋە مىجەز-خۇلقىنىـڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەيمـەن. ئـى ئالـلاھ! ساڭا سىغىنىپ ئـۇ ئايالنىـڭ يامان بولـۇپ قېلىشىدىن ۋە مىجەز-خۇلقىنىـڭ يامان بولـۇپ قېلىشىدىن پانـاھ تىلەيمـەن› دېسـۇن»».

2 ـ يېڭـى تـوي قىلغـان قىز-يىگىـت ئىككـى رەكئـەت نامـاز ئوقـۇپ، نامازدىـن كېيىـن ئالـلاھ تەئالاغـا دۇئا قىلىشـى مۇستەھەب.

شـەقىق رەھمەھۇللاھتىـن رىۋايـەت قىلىنغـان بىـر ھەدىستە مۇنـداق دېيىلگـەن: ئەبـۇ ھەرىيـز ئىسـىملىك بىـر ئـادەم كېلىـپ: «مـەن يـاش بىـر قىزنـى ئالدىـم، مـەن ئۇنىـڭ ئاچچىقىنـى كەلتـۈرۈپ قويۇشـتىن ئەنسـىرەيمەن» دېگەنـدە، ئابدۇلـلاھ ئىبنـى مەسـئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ: «ئۈلپەتلىشـىش ئاللاھتىـن، ئۆچمەنلىشـىش شـەيتاندىن، شـەيتان سىلەرگە ئالـلاھ ھـالال قىلىـپ بەرگـەن ئىشـنى يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئـۇ قىـز سېنىڭ قېشـىڭغا كەلسـە، سـەن ئۇنىـڭ كەينىڭـدە ئىككـى رەكئـەت نامـاز ئوقۇشـقا بۇيرىغىـن ۋە: ‹ئـى ئالـلاھ! ماڭا ئائىلـەم ئارقىلىـق بەرىكـەت ئاتـا قىلغىـن! ئائىلەمدىكىلەرگـە مـەن ئارقىلىـق بەرىكـەت ئاتـا قىلغىـن! ئـى ئالـلاھ! بىزنىـڭ بىرگـە ئۆتكۈزۈشـىمىزنى پۈتكـەن بولسـاڭ، ياخشـى ئۆتكىلـى نېسـىپ قىلغىـن! ئەگـەر بىزنىـڭ ئايرىلىـپ كېتىشـىمىزنى پۈتكـەن بولسـاڭ، بىزنـى ياخشـىلىق تەرەپكـە ئايرىۋەتكىـن› دېگىـن» دېـدى (ئىبنـى ئەبـى شـەيبە رەھمەھۇلـلاھ ياخشـى سـەنەد بىلـەن رىۋايـەت قىلغـان).

3 ـ ئـەر كىشـى كېلىنچەككـە سىلىق-سىپايە مۇئامىلـە قىلىشـى ھەمـدە ئۇنىـڭ ئالدىغـا يېمەك-ئىچمەكلەرنـى ئېلىـپ كېلىشـى مۇستەھەب.

ئەسـمائ بىنتـى يەزىـد ئىبنـى سـەكەن رەھمەھۇللاھتىـن رىۋايـەت قىلىندۇكـى، ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنها گـۈزەل كۆرۈنۈشـى ئۈچـۈن تۈزەشـتۈرۈلدى. ئاندىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم ئۇنىـڭ يېنىغـا چـوڭ بىـر قەدەھنـى ئېلىـپ كېلىـپ ئىچتـى. ئاندىـن كېيىـن ئۇنىڭغـا قەدەھنـى سـۇنۇۋىدى، ئـۇ تارتىنىـپ بېشـىنى تـۆۋەن قىلىۋالـدى (ئىمـام ئەھمـەد رەھمەھۇلـلاھ «مۇسـنەد» دېگـەن كىتابىـدا رىۋايـەت قىلغـان).

بـۇ ھەقتـە پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «مۇئمىنلەرنىـڭ ئىچىدىكـى ئـەڭ ئەخلاقلىـق ۋە ئائىلىسـىدىكىلەرگە ئـەڭ مېهرىبـان بولغانلىـرى ئىمانـى ئـەڭ مۇكەممـەل كىشـىلەردۇر» (ئىمـام تىرمىـزى رەھمەھۇلـلاھ رىۋايـەت قىلغـان).

يەنـە بىـر ھەدىسـتە مۇنـداق دېيىلگـەن: «سـىلەرنىڭ ئـەڭ ياخشـىلىرىڭلار ئائىلىسـىدىكىلەرگە ياخشـى مۇئامىلـە قىلغانـلاردۇر. مـەن ئائىلەمدىكىلەرگـە سـىلەردىنمۇ ياخشـىراق مۇئامىلـە قىلىمـەن» (تىرمىـزى رىۋايـەت قىلغـان).

شەك-شۈبهىسـىزكى، بـۇ مېهرىبانلىقتـا كېلىنچەكنىـڭ كۆڭلىنـى ياسـاش، ئەندىشىسـىنى يوقىتىـش ۋە مېهىر-مۇھەببەت ئورنىتىـش بار.

4 ـ ھـەر ئىككىيلـەن كىيىم-كېچەكلىرىنـى سېلىۋېتىش ئەر-خوتۇنچىلىـق مۇناسـىۋەتنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىدىنـدۇر. چۈنكـى، كىيىم-كېچەكلەرنـى سېلىۋېتىش بەدەنگـە راھـەت، ئۇياق-بۇياقا ئۆرۈلۈشكە قولايلىـق، ئارتۇقچە ھـوزۇر

ۋە ئايال ئۇچۇن ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىپ كېلىدۇ، پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىش يوتقان ئىچىدە بولغىنى ئەۋزەلراق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى ئاللاھ ھايالىقتۇر، بەك مەخپىيدۇر، ھايالىق ۋە مەخپىي بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ» (ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇمۇللاھلار رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى سىلەر بىلەن خالاغا كىرگەن ۋە جىنسىي ئالاقە قىلغاندىن باشقا چاغدا سىلەردىن ئايرىلمايدىغان پەرىشتىلەر بار، شۇڭا، ئۇلاردىن ھايا قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مېنىڭ ئەۋرىتىمنى كۆرمەي، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرمەي ۋاپات تاپتى».

ئىمام تىرمىزى رەھىمەھۇللاھ ئاجىز سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغاندا ئېشەكتەك يالىڭاچ بولۇۋالمىسۇن».

5 ـ جىنسىي ئالاقىدىن بۇرۇن ئوينىشىش، قۇچاقلىشىش ۋە سۆيۈشۈشمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىدىندۇر.

ئەبۇ مەنسۇر فىردەۋس رەھىمەھۇللاھنىڭ «مۇسنەد»ىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن خۇددى چاھارپايلاردەك جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولمىسۇن! ئىككىيلەن (يەنى ئەر ـ خوتۇن) نىڭ ئارىسىدا ئەلچى بولسۇن!»، بۇ چاغدا بىرەيلەن: «بۇ ئەلچى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «سۆيۈش ۋە شېرىن گەپ قىلىش» دېگەن،

ئەبۇ مەنسۇر رەھىمەھۇللاھ يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ئاجىزلىقتىن ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار» دەپ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ بەردى، ئۇنىڭ بىرى: «ئەركىشىنىڭ دېدىكى ياكى ئايالى بىلەن گەپلەشمەستىن، ئۆلپەتلەشمەستىن ۋە قۇچاقلاشماستىن بىرگە بولۇپ، ئۇ ھاجىتىنى ئادا قىلىشتىن بۇرۇن ئۆز ھاجىتىنى ئادا قىلىۋېلىشىدۇر».

بىز بۇ ھەدىسنى شۇنىڭغا دەلىل قىلىمىزكى، ئەركىشى جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىدا لەززەتلىنىش ۋە مەنىي چىقىرىشتا ئايالى بىلەن ماسلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك!

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ «دىن ئىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «... ئاندىن كېيىن ئەركىشى ئۆز شەھۋىتىنى قاندۇرۇپ بولغان چاغدا، ئايالىنىڭمۇ شەھۋىتىنى قاندۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن مۆھلەت بەرسۇن! چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ مەنىيسى بەزى چاغدا كېيىن چىقىدۇ، شەھۋىتىمۇ كېيىن قوزغىلىدۇ، شۇڭا، ئۆز شەھۋىتىنى قاندۇرۇپ بولۇپلا توختىۋېلىش ئايالىغا نىسبەتەن ئەزىيەت بولىدۇ، ئەركىشى قاچانكى مەنىيىنى تېز چىقىرىۋەتسە، مەنىي چىقىرىش تەبىئىتىدىكى ئوخشىماسلىق ئايالىنىڭ نەپرەتلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ، مەنىي چىقىرىشتا ماسلىشىش ئايال كىشىگە تەسۋىرلىگۈسىز لەززەت بېغىشلايدۇ...».

www.uyghurkitap.com

6 ـ ئەركىشى مۇنۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىش جىما ( جىنسىي مۇناسىۋەت )نىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىدىندۇر.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتتە بولماقچى بولسا، ‹ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئى ئاللاھ! بىزنى ۋە سەن بىزگە بەرگەن پەرزەنتنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن!› دېسۇن، ناۋادا شۇ نۆۋەت ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرزەنت كۆرۈش تەقدىر قىلىنغان بولسا، شەيتان ئۇ بالىغا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» ( ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ).

7 ـ ئەركىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئالدى تەرەپكە كېلىش شەرتى بىلەن قانداق خالىسا شۇنداق ھالەتتە جىنسىي ئالاقىدە بولۇشى دۇرۇس.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ( خۇددى ) ئېكىنزارلىقتۇر ( يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر )، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار!» ( 2:223 ).

بۇ ئايەتتىن مەيلى ئالدى تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى ئارقا تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى يان تەرەپتىن بولسۇن ... ئېكىنزارلىق ئورنى بولغان ئالدى تەرەپكە كېلىڭلار دېيىش مەقسەتتۇر.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، يەھۇدىيلار «ئەركىشى ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئالدىغا كەلسە، بۇنىڭدىن تۆرەلگەن بالا ئالىغاي بولىدۇ» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ( خۇددى ) ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار» دېگەن ئايەت نازىل بولغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ: «ئالدىدىن كەلسۇن ياكى كەينىدىن كەلسۇن، پەقەت ئالدى تەرەپكىلا كەلسە بولىۋېرىدۇ» دېگەن ( ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ).

جىنسىي ئالاقىدە ئەركىشىنىڭ ئايال كىشىنىڭ ئۈستىدە بولغىنى ياخشىراق. بۇ خىل ھالەت مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستىن شۇنداق مەلۇم بولىدۇ. ئۇنى ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بايان قىلىنغان: مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر دەتالاش قىلىشىپ قالدى. ئەنسارلار: «مەنى پەقەت شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىققاندىلا ئاندىن غۇسۇل ۋاجىب بولىدۇ» دېيىشتى، مۇھاجىرلار: «بەلكى ئەر ـ خوتۇن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولسىلا ( مەنىي چىقمىسىمۇ ) غۇسۇل ۋاجىب بولىدۇ» دېدى. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن سىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەي» دەپ مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى: مەن بىر كۈنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدىم، ماڭا رۇخسەت بېرىلدى. مەن كىرىپ: «ئى ئانا! مەن سىلىدىن بىر نەرسە سورىماقچى ئىدىم، لېكىن تارتىنىپ قېلىۋاتىمەن» دېدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «سەن سېنى تۇغقان ئۆز ئاناڭدىن سورايدىغان ئىشنى مەندىنمۇ تارتىنماي سوراۋەرگىن، مەنمۇ سېنىڭ ئاناڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «غۇسۇلنى ۋاجىب قىلىدىغان ئىش قايسى؟» دەپ سورىدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «سەن بۇ ھۆكۈمنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ قېشىغا كەپسەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ‹كىمكى تۆت شاخچىنىڭ ئارىسىدا (يەنى ئايالنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئارىسىدا) ئولتۇرسا ۋە خەتنىگاھ خەتنىگاھقا ئۇچراشسا غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ› » دېدى.

8 ـ جىنسىي ئالاقىدە قايتا كەلمەكچى بولسا، روھلۇق ۋە تېتىك بولۇش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تاھارەت ئېلىۋېتىش مۇستەھەبتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقىدە بولغاندىن كېيىن يەنە قايتا يېقىنچىلىق قىلماقچى بولسا، ئىككى ئالاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاھارەت ئېلىۋەتسۇن! چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا تېتىكلىك بېغىشلايدۇ» (ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ئەمما، ئىككى ئالاقىنىڭ ئارىسدا غۇسۇل قىلىۋەتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى بارلىق ئاياللىرىنى يوقلىغان ۋە ھەربىرىنىڭ قېشىدا يۇيۇنغان. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھەممىسىگە بىر قېتىملا غۇسۇل قىلساڭ بولمامدۇ؟» دېگەندە، ئۇ: «بۇنداق قىلىش تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ يېقىملىق ۋە تېخىمۇ پاكىز بولىدۇ» دېگەن.

9 ـ ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن غۇسۇل قىلىشقا ئالدىرىغىنى ياخشى، ناۋادا غۇسۇل قىلىش خۇشياقماي قالسا، ئۇخلاشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىۋېتىش مۇستەھەب.

ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنابەتتە قانداق قىلاتتى؟ ئۇخلاشتىن بۇرۇن غۇسۇل قىلامتى ياكى غۇسۇل قىلماستىنلا ئۇخلامتى؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئىككىلىسىنى قىلاتتى، يەنى بەزىدە غۇسۇل قىلىپ ئۇخلايتتى، بەزىدە تاھارەت ئېلىۋېتىپلا ئۇخلايتتى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «دىن ئىشىمىزدا كەڭچىلىك يارىتىپ بەرگەن ئاللاھقا شۈكرى» دېدىم.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن غۇسۇل قىلىۋېتىشنىڭ ئەۋزەل بولۇشى شۇ سەۋەبتىندۇركى، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ قايسىبىرى ئويغانسا، ئويغىنىپلا ھورۇنلۇق قىلماستىن، ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمەستىن، ياكى مۇشەققەت ھېس قىلماستىن بامدات نامىزىغا ئالدىرايدۇ. بولۇپمۇ قىش پەسلىدە سوغۇق زۇكام تېگىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇخلاشتىن بۇرۇن غۇسۇل قىلىۋېتىش ئەۋزەل.

10 ـ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ئورۇندا بىرگە غۇسۇل قىلىشى دۇرۇس.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر قاچىدا غۇسۇل قىلاتتىم، بىزنىڭ قوللىرىمىز بەزىدە دوقۇرۇشۇپ قالاتتى. ئۇ سۇنى شۇنداق تېز ئالاتتى. شۇڭا، مەن: «ماڭىمۇ قويۇڭ، مەنمۇ ئېلىۋالاي» دەيتتىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ھالبۇكى، ئۇ ئىككىلىسى جۇنۇب ئىدى» دېگەن (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

www.uyghurkitap.com

ئەر-خوتۇن ئىككىلەن بىرگە يالىڭاچ تۇرۇپ غۇسۇل قىلىش دۇرۇس، لېكىن، سەترە قىلىش ئەۋزەل. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەئالا ھايا قىلىشقا ئەڭ لايىق زاتتۇر» (ئەسھابۇسسۇنەن رىۋايەت قىلغان).

شۇنىڭدەك، ئەر-خوتۇنلار تۆۋەندىكى چەكلىمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك!

1 - ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۆزئارا جىنسىي ئالاقە قىلغان چاغدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئوچۇق ياكى ئىشارە قىلىپ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشى ھارام.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن ئادەم خوتۇنى بىلەن جىنسىي ئالاقىدە بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا شۇ مەخپىيەتلىكنى سۆزلەپ بەرگەن ئادەمدۇر» (ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇپ بەردى، سالام بېرىپ نامازدىن بىكار بولغان چاغدا بىزگە ئالدىنى قىلىپ: «جايىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار! ئاراڭلاردا خوتۇنى بىلەن جىنسىي ئالاقىدە بولغان چاغدا ئىشىكنى ئېتىپ، پەردىسىنى قويۇپ بېرىدىغان، ئاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ باشقىلارغا: ‹مەن خوتۇنۇم بىلەن ئۇنى قىلدىم، بۇنى قىلدىم› دەيدىغانلار بارمۇ؟» دېدى، ساھابىلەر جىم تۇرۇشتى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارغا ئالدىنى قىلىپ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا (بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا) دەپ بېرىدىغانلار بارمۇ؟» دېدى، ياش بىر قىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنى كۆرۈپ گېپىنى ئاڭلىشى ئۈچۈن بىر تىزىنى تىكلەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ۋە بوينىنى سوزۇپ: «ھەئە، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئەرلەر ۋە ئاياللار (ئۇ ئىشلارنى باشقىلارغا) سۆزلەپ بېرىدۇ» دېيىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنداق قىلغان ئادەم يولدا بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كىشىلەر قاراپ تۇرسىمۇ جىنسىي ئالاقە قىلغان ئەركەك-چىشى شەيتانغا ئوخشايدۇ» دېدى (ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

2 - ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشى ھارام. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەئالا ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلگەن (يەنى ئايالىنىڭ مەقئەتىدىن شەھۋىتىنى ئادا قىلغان) ئادەمگە (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ» (ئىمام نەسەئى ۋە ئىبنى ھەببان رەھىمەھۇمەللاھلار ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلگەن ئادەم لەنەتكەردە ئادەمدۇر» (ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەدى ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇمۇللاھلار رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەيزدار ئايال بىلەن

جىنسىي ئالاقە قىلسا، ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقىسىغا كەلسە، ياكى كاھىننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇ دېگەن گەپنى (راست دەپ) تەستىقلىسا، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ» (نەسەئىيدىن باشقا ئەسھابۇسسۇنەنلەر رىۋايەت قىلغان).

تائۇس رەھمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن خوتۇنىنىڭ ئارقىسىغا كەلگەن ئادەم ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «بۇ ئادەم مەندىن كۇپرىلىق ھەققىدە سوراۋاتىدۇ» دېگەن (ئىمام نەسەئى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان، ئىسنادى سەھىھ).

شەك-شۈبھىسىزكى، ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىش تەن ساغلاملىققا ۋە بەدەنگە زىيانلىق، ئەخلاق-پەزىلەت پرىنسىپلىرىغا زىت ۋە ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۇياتسىزلىق ئالامەتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئالامەتتۇر.

بىز «جىسمانىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى» دېگەن تېما ئاستىدا بۇ نىجىس قىلمىش ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتۇق. تەربىيەتچى قېرىنداشىم! سىز شۇ تېمىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنغا مۇراجىئەت قىلسىڭىز، ئاللاھ خالىسا تولۇق، مۇكەممەل ۋە قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز...

3 - ئەر كىشىنىڭ ھەيزدار ياكى نىفاسدار ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشى ھارام.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن يىراق تۇرۇڭلار (يەنى جىنسىي ئالاقە قىلماڭلار!)» (2:222).

شۇنىڭدەك، يۇقىرىدا «كىمكى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلسا، ...، ...، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئەمما، نىفاسدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن چەكلەش بولسا قىياس ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. نىفاسنىڭ ھەيزگە قىياس قىلىنىشىنىڭ ئاساسى شۇكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىللەت ۋە سەۋەبى بىردۇر. شۇنداقلا، بۇ ھۆكۈم ئىجماﺋ (ئۇممەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى) بىلەنمۇ ئىسپاتلانغان.

بىز ئىلگىرىكى تېمىدا ئەر كىشىنىڭ ھەيزدار ياكى نىفاسدار ئايال بىلەن تىزى بىلەن كىندىكىنىڭ ئارىلىقىدىن جايىدىن ئىشتانىنىڭ ئۈستىدىن مەنپەئەتلىنىسە بولىدىغانلىقى، ئەمما ئىشتانىنىڭ ئاستىدىن مەنپەئەتلىنىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ھارام قىلىنىشتىكى ھېكمەت شەرىئەتتە چەكلەنگەن ھەمدە تەن ساغلاملىققا زىيان ئېلىپ كېلىدىغان گۇناھلارغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىنسانىي يامانلىققا بۇيرىغۇچى نەپسىنىڭ باشباشتاقلىقىنى چەكلەش ئىكەنلىكى، مىلىنى چېگرا ئەتراپىدا ئوتلاتقان ئادەمنىڭ مىلىنىڭ چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ بەك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆز دىنى ۋە تەن ساغلاملىقىغا پەخەس بولۇشى ھەمدە ئۆزىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە مۇئامىلىلىرىدە ئەڭ تەقۋا ۋە ئەڭ پەرھىزكارلىق يولىنى تۇتۇشى كېرەك!

ھەيز ۋە نىفاس مەزگىللىرىدە ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش تۆۋەندىكى زەرەرلەرنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدىغانلىقى مىدىتسىنا ئىلمىدىمۇ ئىسپاتلانغان:

1) ئاياللاردىكى كۆپىيىش ئەزالىرى كېسەللىكى.

بۇ كېسەل بەزى چاغلاردا بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ياكى داس بوشلۇقى ياللۇغى پەيدا قىلىدۇ. بۇ كېسەل ئايال كىشىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەل تۇخۇمداننى كاردىن چىقىرىپ تۇغماسلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

2) ھەيز ئاجراتمىلىرىنىڭ ئەر كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسى ئىچىگە كىرىپ كېتىشى بەزى چاغلاردا سۆزنەك (ئېقىش كېسىلى)كە ئوخشاپ كېتىدىغان يىرىڭداش خاراكتېرلىك ياللۇغنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەل ئىچكى بۆرەكلەرگىچە يېتىپ بېرىپ، بۆرەكنى زەخىمگە ئۇچرىتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەرلەرنىڭ تۇغماسلىقى (ئۇرۇق پىچەك بولۇپ قېلىش) كېلىپ چىقىدۇ.

ناۋادا ئايال كىشىنىڭ ھەيز قېنىدا جىنسىي يول كېسەللىكى مىكروبلىرى بولۇپ قالسا، ئەر كىشىدە بەزىدە تاناسىل كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ مەزگىللەردە ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتا ئەر ياكى ئايالدا تۇغماسلىق كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار.

مانا بۇلاردا ئىنساننىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن) يېتەرلىك زەرەر بار. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ زەرەر بارمۇ؟!

شۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھازىرقى زامان مىدىتسىنا ئالىملىرى مۇشۇ مەزگىللەردە ئايال كىشىدىن يىراق تۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا. خۇددى ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار زات ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» كۆرسەتكەندەك: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ‹ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار!› » (2:222).

ئەمدى كىمكى ھەيزدار ياكى نىفاسدار ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىپ قالسا، راستچىل ۋە سەممىي ھالدا تەۋبە قىلىپ، گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى ئاللاھ تەئالادىن تىلەپ، قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ گۇناھى ئۈچۈن كەپپارەت بەرسۇن! بۇ بولسا كۆپ سانلىق فىقھى ئالىملىرىنىڭ كۆزى قارىشىدۇر. ئىبنى ئابباس، قەتادە، ئەۋزائى ۋە ئىسھاق رەھمەھۇمۇللاھلارنىڭ كۆزقارىشىمۇ شۇنداق، ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھنىڭ ئىككىنچى رىۋايىتىمۇ شۇنداق، يەنە شۇنىڭدەك، ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھنىڭ بۇرۇنقى سۆزىمۇ شۇنداق.

كەپپارەتنىڭ مىقدارى ئۆزىنىڭ باي-كەمبەغەللىكى، ياكى قاننىڭ قىزىل ياكى سېرىقلىقىغا قاراپ بىر دىنار ياكى يېرىم دىنارغا باراۋەر قىممەتتىكى نەرسىنى سەدىقە قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەيزدار ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغان ئادەم ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «ئۇ بىر دىنار ياكى يېرىم دىنارنىڭ قىممىتىنى سەدىقە قىلىدۇ» (ئەسھابۇسسۇنەن ۋە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قان قىزىل بولسا بىر دىنار، سېرىق بولسا يېرىم دىنار سەدىقە قىلسۇن!» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

## • مىدىتسىنا ئالىملىرى، ئەھلى ئىلىملەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى نەسىھەتلىرى

1 ـ شەھۋەتنى ئادا قىلىش ۋە ھېسسىياتنى قاندۇرۇش نورمال بولۇشى كېرەك! نورمال چەك ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم جىنسىي ئالاقە قىلىشتۇر، لېكىن، ئۆزىنى ۋە ئايالىنى ئىپپەتلىك ساقلاش ۋە ھارامدىن ساقلاش ئېھتىياجىغا قاراپ جىنسىي ئالاقىنى كۆپەيتسە ياكى ئازايتسا بولىدۇ، لېكىن، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك! چۈنكى، جىنسىي ئالاقىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ئىنسانىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ئەقلىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، خىزمەتتىن بىكار قىلىدۇ ۋە ئىسلامىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن بەزدۈرىدۇ.

2 ـ دەسلەپتە ئوينىشىش، ئاندىن كېيىن شەھۋەتنى قاندۇرۇش. بۇ ھەقتىكى بايانلار ئىلگىرى ئۆتتى.

3 ـ ئەر كىشى جىنسىي ئالاقىگە مۇۋاپىق پەيتنى تاللاش لازىم. چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ تەبىئىتى ئىنتايىن نازۇك كېلىدۇ. ناۋادا ئەر كىشى ئايالى كېسەل ياكى چارچاپ قالغانغا ئوخشاش ئايالنىڭ مىجەزىگە ياقمايدىغان ۋاقىتتا جىنسىي ئالاقە قىلسا، بەزىدە بۇ ئىش بىر-بىرىنى ياقتۇرماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئۆزئارا نەپرەت پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە ئايرىلىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4 ـ ئەر كىشى جىنسىي ئەزاسىنى تارتىپ چىقىرىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئايالىنىڭ لەززەتلىنەلىگەنلىكى ۋە شەھۋىتىنى قاندۇرالىغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك! بۇ ھەقتىكى بايانلارنىمۇ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

5 ـ شەرىئەت چەكلىگەندىن باشقا ھەرقانداق ئاي، ھەرقانداق چاغ، ھەرقانداق كۈن ۋە كېچە-كۈندۈزدىكى ھەرقانداق ۋاقىتتا جىنسىي ئالاقە قىلىش دۇرۇس. ئەمما، شەرىئەتتە چەكلەنگەن ۋاقىتلار، مەسىلەن، ئەر-خوتۇن ئىككىلىسى پەرز روزا تۇتۇۋاتقان ۋاقىتتا، ياكى ئايال كىشى ھەيزدار ياكى نىفاسدار بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا جىنسىي ئالاقە قىلىش چەكلىنىدۇ. لېكىن، جۈمە كۈنى ياكى جۈمە كېچىسى جىنسىي ئالاقە قىلىش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى جۈمە كۈنى جىنابەتتىن غۇسۇل قىلسا، ئاندىن كېيىن جۈمە نامىزىغا بۇرۇن بارسا بىر تۆگە قۇربانلىق قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئىككىنچى بولۇپ بارسا بىر كالا قۇربانلىق قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئۈچىنچى بولۇپ بارغان ئادەم بىر مۈڭگۈزلۈك قوچقار قۇربانلىق قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، تۆتىنچى بولۇپ بارغان ئادەم ئاللاھ يولىدا بىر توخۇ بوغۇزلىغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، بەشىنچى بولۇپ بارغان ئادەم بىر تۇخۇم سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا پەرىشتىلەر خۇتبە ئاڭلىغىلى ھازىر بولىدۇ» (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «كىمكى جۈمە كۈنى ئاياللىرى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىپ غۇسۇل قىلسا، ئاندىن جۈمە نامىزىغا بالدۇر تەييارلىق قىلىپ ئۇلاغقا مىنمەي پىيادە ھالدا بۇرۇن بارسا ۋە ئىمام يېقىن ئولتۇرۇپ، بىكار ئىش ۋە بىكار گەپ قىلماي خۇتبە تىڭشىسا، ماڭغان ھەربىر قەدىمىنىڭ بەدىلىگە بىر يىل كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغانىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام نەسەئى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

6 ـ ئايال كىشىمۇ ئېرىنى جەلپ قىلىدىغان زىبۇ ـ زىننەتلىرى ۋە نازاكىتى ئارقىلىق ھەمدە خۇسۇسىي ۋاقىتلاردا جىنسىي ئالاقە قىلىش ئارقىلىق ئېرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ قىزىقىشىغا تونۇش ئالغۇ بولۇشى ياكى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى توغرا ئەمەس.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنى بىللە بولۇش ئۈچۈن تۆشەككە چاقىرسا، ئۇ ئايال ئۇنىمىسا، ئاندىن ئەر غەزەپلەنگەن ھالدا يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

يەنە بىر رىۋايەتتە «تاكى ئۇ ئەر ئايالدىن رازى بولغۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ» دېيىلگەن.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «ئېرى يېنىدا بار ھالەتتە ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ (نەپلە) روزا تۇتۇش ئايال كىشىگە ھالال بولمايدۇ» (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ئەنە ئاشۇلار ئىسلام دىنىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان ئەڭ مۇھىم قاراشلىرىدۇر.

ئەنە ئاشۇلار جىنسىي ئالاقە ۋە نىكاھنىڭ قانداق تامام بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن شەرىئەت تەلىم بەرگەن ئەڭ ئالىي ئەدەپ ـ قائىدىلەردۇر.

ئاللاھ تەئالادىن بىزنىڭ ياشلىرىمىزغا قارىسا خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدىغان، يوق چېغىدا ئۆزىنى ۋە ئېرىنىڭ مېلىنى جايىدا ساقلايدىغان سالىھ ئاياللارنى ئاتا قىلىشىنى سورايمەن.

ئىلاھىم! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغايسەن!

## 6 ـ توي قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار ئۆزلىرىنى پاك ساقلىشى لازىم

ھەقىقەتەن مال ـ دۇنيا بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسى ۋە ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق. ناۋادا ئىنساننىڭ مال ـ دۇنياسى بولسا، بۇ مال ـ دۇنيا ئۇنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ، يولىدىكى ھەرقانداق داۋانىنى بويسۇندۇرىدۇ، ئۇنى ھەرقانداق نىشانغا يەتكۈزىدۇ.

تۆۋەندىكى سۆزنى دېگەن ئادەم راست ئېيتقان:

تەڭگە ـ تىللا ھەر جايدا،
ئەرگە ھۆسن ـ جامالدۇر،
ناتىقنىڭ تىلى بولسا،
قەھرىمانغا قورالدۇر.

مەنمەنچى، مال ـ دۇنيانى ئۆزىنىڭ بارلىقى دەپ قارايدىغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەتتىمۇ بەزى چاغلاردا ئىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق شۇنداق ئىنسانلار تېپىلىدۇكى، سىز گەرچە ئۇلار ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى ۋە ئىنسى ـ جىنلارنىڭ ئۆلىماسى بولغان تەقدىردىمۇ كەمبەغەل ۋە قولى قىسقا بولغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ بۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى ۋە ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز . . .

ئاللاھ تەئالا بىر كىشىگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:

ھەسسانىنىڭ پاساھىتى، ئىبنى مۇقەلنىڭ خەتتاتلىقى،
لوقمان ھەكىمنىڭ ھېكمىتى، ئىبنى ئەدھەمنىڭ زاھىدلىقى.
ئەگەر بولسا بۇنچە خىسلەت پۇلسىز بىرەر ئادەمدە،
ئاڭا دەرلەر يارىماس بىر تەڭگىگە بۇ ھەممىسى.

يەنە بىر شائىرمۇ ھەقىقەتەن راست ئېيتقانكى، ئۇ بىزگە بىلىمسىزلىك ئەۋج ئالغان، مال ـ دۇنيا كۆپەيگەن زاماندا مال ـ دۇنيانىڭ ئېتىبارى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:

ئۆلسە شىر ئاچلىقتىن ئورمان ئىچىدە،
قۇش گۆشى تاشلىنار ئىتقا بەزىدە.
ئۇخلىسا نادانلار تاۋار ئۈستىدە،
ئېغنار ئالىملار توپا كۆرپىدە.

كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانىڭىزدەك، مال ـ دۇنيا بولسا ھاياتلىق شوتىسىغا ئۆرلەشنىڭ ئەڭ سەزگۈر نېرۋىسىدۇر. خالىغان غايىگە يېتىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسىدۇر ۋە نادانلار ۋە ئازغۇنلارنىڭ نەزىرىدە تۇنجى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسىدۇر.

لېكىن، ياشلار توي قىلماقچى بولۇپ، مال ـ دۇنياسى بولمىسا نېمە قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ ئىنسانپەرۋەرلىك كۆرسىتىدىغانلارنى تاپالمىسا ئۇلار نېمە قىلىدۇ؟

ئېنىقكى، ئۇلار تويى قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلىماقچى بولىدۇ، لېكىن، بۇنىڭ چارىسىنى تاپالمايدۇ.

ئېنىقكى، ئۇلار پاك بولغان مۇناسىۋەت ئارقىلىق تەبىئىي خاراكتېرىنىڭ تەلەپلىرىگە ئىنكاس قايتۇرماقچى بولىدۇ، لېكىن، نۇرغۇنلىغان داۋانلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالىدۇ.

ئېنىقكى، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياشلارنى توي قىلىشقا دەۋەت قىلغان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشماقچى بولىدۇ، لېكىن، پۇل تاپالمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قېرىنداشىغا ئىنسانپەرۋەرلىك قىلىدىغان ۋەزىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلاش ھەمدە باشتۇڭ ھېسسىياتىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىنى چەكلەش چارىسى قايسى؟ بۇنىڭ چارىسى بولسا ئۇلار ئىپپەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىشتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشتۇر. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلاش ۋە ئىنسانىي داۋاملىق يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسىدۇر.

ئاللاھ تەئالا بۇلارغا چاقىرىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «توي قىلغۇدەك (پۇل-مال) تاپالمايدىغانلار تاكى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانغا قەدەر ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن!» (24:33).

بۇ قۇرئانىي چاقىرىق بولسا ئەڭ ياخشى روھىي تەربىيە بولۇپ، ياشلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ، قەلبلىرىدىكى ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەرىشتىلەردەك ئىنسانلارنى مەيدانغا چىقىرىدۇ، ئۇلارغا دائىملىق خاتىرجەملىك ۋە تەمكىنلىك ئاتا قىلىدۇ.

لېكىن، ئىسلام دىنى ياشلارنىڭ ئىپپەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەسى قايسى؟

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! بىز بۇ كىتابنىڭ 3-پەسلىدىكى «ئانانىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش» دېگەن تېمىدا بۇ لايىھەنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق.

ئەمدى مەن بۇ تېمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ لايىھەنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ تېمىلىرىنى سىز بىلەن بىرگە كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقماقچىمەن، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئاللاھ كېپىلدۇر.

بۇ تېمىلار تۆۋەندىكىچە:

1- بالدۇر توي قىلىش.

2- ئۈزلۈكسىز نەپلە روزا تۇتۇش.

3- جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن يىراق تۇرۇش.

4- بوش ۋاقىتنى پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش.

5 ـ ياخشى دوست تۇتۇش،

6 ـ دوختۇرنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىش،

7 ـ ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش ھېسسىياتىدا بولۇش.

بۇ تېمىنى تولۇقلاش ئاساسىدا يىگىدىن قوشۇلغان مەزمۇنلار مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

1 ـ ھارام قىلىنغان جايلارغا قاراشتىن كۆزنى يۇمۇش،

2 ـ ھارامدىن توسقۇچى دىنىي ئامىلنى كۈچەيتىش.

## • ھارام قىلىنغان جايلارغا قاراشتىن كۆزنى يۇمۇش

ھارام قىلىنغان جايلارغا قاراشتىن كۆزنى يۇمۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز بۇ ھەقتە «قاراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى» دېگەن تېما ئۈستىدە كۆپ سۆزلىگەنىدۇق.

مەن بۇ يەردە تەربىيەتچى داۋاملىق چۈشىنىپ ۋە ئەسلەپ تۇرۇشلىرى ئۈچۈن قىسقىچە قىلىپ قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلەرگە يەنە بىر قېتىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى بۇرىماقچىمەن.

يات ئايالغا قاراش ئىبلىسنىڭ ئوقلىرىدىن بىر ئوق ئىكەنلىكىدە، كىمكى ئاللاھ تەئالادىن قورقۇپ يات ئايالغا قاراشنى تەرك ئەتسە، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئورنىغا قەلبىدە ھالاۋىتىنى تېتىيالايدىغان ئىماننى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىدا دەتالاش يوق.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئارقىمۇئارقا قاراش ئايالغا ياكى ئەرگە شەھۋانىيلارچە مەپتۇن بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ مەپتۇنلۇق تەبەسسۇم بىلەن قاراشقا، تەبۇسسۇم بىلەن قاراش سالامىلىشىشقا، سالاملىشىش سۆزلىشىشكە، سۆزلىشىش بەزىدە ۋەدىلىشىش ۋە ئۇچرىشىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇچرىشىش شەرتسىز يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئىلگىرى بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

قاراش بارچە ئاپەتلەرگە ئۇل سالار،
بىر تال ئۇچقۇن سەل قارالسا ئوت بولۇپ يانار.

يەنە بىرسى مۇنداق دېگەن:

قاراشتىن تەبەسسۇم چىقار، تەبەسسۇمدىن كېيىن سالام،
ئاندىن پاراڭ، ۋەدىلىشىش، ئۇچرىشىشلار بولۇر تامام.

www.uyghurkitap.com

ئايالларغا خيانەت كۆزلىرى بىلەن قاراشنىڭ زىيىنى شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، بۇ ئىش ئىنسانىڭ ساپ تەپەككۇر قىلىش يوللىرىنى ئېتىپ، كۆپلىگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن قالدۇرىدۇ، ئۇممەتنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇپ چۇشكۇنلەشتۈرىدۇ، ئەخلاقسىز ۋە تۇترۇقسىز ياشلار ئىچىدىن بۇ ھاياتتا ھېچبىر غايە-نىشانىسىز ياشايدىغان، ئويۇن-تاماشىغا بېرىلگەن بىر تۈركۈم ياشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، بەلكى، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىغا زور دەرىجىدە خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، ئەخلاق-پەزىلەتكە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن «قۇرئان كەرىم» مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارنى كۆزلىرىنى نامەھرەمدىن يۇمۇشقا ۋە ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلاشقا بۇيرىدى، ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار، مۆئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن» (31 — 30:24).

ئۇنداقتا ئىپپەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ھارام قىلىنغان جايلارغا قاراشتىن كۆزلەرنى يۇمۇشتۇر، پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.

## • ھارامدىن توسقۇچى دىنىي ئامىللارنى كۈچەيتىش

ئەمدى ئىنسانىنى خاتالىقتىن توسقۇچى دىنىي ئامىلنى كۈچلەندۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز مۇشۇ كىتابنىڭ كۆپلىگەن ئورۇنلىرىدا بالىلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە رەببانىي ئەقىدىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىلىرى ۋە بالىلاردا ئىمانىي تەربىيىنى مۇستەھكەملەشكە ئېلىپ بارىدىغان تەدرىجىي باسقۇچلار ھەققىدە توختالدۇق. بالىلار تەربىيەسى شۇ بويىچە ئېلىپ بېرىلسا، ئۇلار بالاغەتكە يېتىشكە يېقىنلىشىپ ياشلىق بوسۇغىسىدىن كىرگەن چاغدا ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، ئەخلاقى گۈزەللىشىدۇ ھەمدە زېمىندا ماڭىدىغان پەرىشتە كەبى بولىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، پەرزەنتلەرنىڭ رەببانىي ئەقىدە بىلەن تىزگىنلىنىشى، مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالەتتە ئاللاھ تەئالا داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ دېگەن ئىدىيىدە تەربىيىلىنىشى، ئىلىم ۋە زىكرى-تەسبىھ سورۇنلىرىغا قاتنىششى، پەرز ۋە نەپلە نامازلارنى داۋاملىق ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ئادەتلىنىش، كېچىدە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، ئىزچىل ھالەتتە پەرز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش، ساھابىلەرنىڭ ۋە ئىلگىرىكى سالىھ پېشۋالىرىمىزنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش، ئۆلۈم ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلەش، ياخشى دوست ۋە مۆئمىن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش — ياشلار مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلسا، ئۇلارنىڭ روھىدىكى گۇناھتىن توسقۇچى دىنىي ئامىل كۈچىيىدۇ، پىتنە-پاسات ئورۇنلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، شەھۋانىيلىققا ئېغىش ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن يىراق تۇرىدۇ، ئىپپەت ۋە پاكلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىدۇ.

ئەي ياشلار! ئۆلگە قىلىش ۋە ئەگىشىشكە تېگىشلىك بولغان ئىپپەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ بۈيۈك ئىككى

نەمۇنىسىگە قۇلاق سېلىڭلار!

1 ـ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەرلىك قۇۋۋىتى تولۇپ ـ تاشقان، يىگىتلىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق مەزگىلىدىكى نەۋقىران بىر يىگىت بولۇپ، ئىشىكلەر ئېتىلگەن قۇلاي بىر شارائىتتا مەرتىۋىلىك ۋە گۈزەل بىر ئايال ئۇنىڭدىن غەيرى مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلدۇ. بۇ ۋەقەلىكنى «قۇرئان كەرىم» مۇنداق بايان قىلىدۇ: «يۇسۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: ‹بېرى كەل› دېدى» (12:23).

كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان مۇشۇنداق قىزىقتۇرۇش ۋە ئاشۇنداق ئازدۇرۇش ئالدىدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق بولدى؟ ئۇنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، نەپسىگە بويسۇنۇپ، ئىشەنچ قىلىنغان ساداقەتكە خىيانەت قىلدىمۇ؟

ھەرگىز ئۇنداق بولمىدى. بەلكى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام: «خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ(يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» (12:33) دېدى.

ھەقىقەتەن مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى، سۈيىقەستلىرى، قىزىقتۇرۇش ۋە تەھدىت سېلىشلىرىدىن ئىبارەت تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، ئۇنى تېز پۈكتۈرۈشكە ئورۇندى. ھەتتاكى، بۇ تەھدىت ۋە سۈيىقەستنى قاتتىق سىقىلغان ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا ھوزۇرىدىكى ئاياللارغا ئاشكارىلاپ: «مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمنى قىلمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ› دېدى» (12:32).

لېكىن، ياش يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تەئالاغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭدىن شەيتانغا قارشى ياردەم بېرىشنى ۋە ئازغۇنلۇقتىن ساقلاشنى تىلەپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» (12:33) دېدى.

بۇ ئىش مۇئمىننىڭ قەلبى ۋە پەرۋەردىگارىدىن قورقۇش بىلەن گۇناھقا قۇتراتقۇچى ئامىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر سىناق ئىدى. نەتىجىدە قۇتراتقۇچى ئامىللار مەغلۇب بولۇپ، ئىمان غەلىبە قىلدى.

2 ـ ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر ئايالنىڭ ئېرى جىھادقا بىر چىقىپ كەتكەنچە خېلى ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنى بارغانسېرى ئېرىنى سېغىنىش ھېسلىرى قاپلاپ، يالغۇزلۇق ۋەسۋەسىلىرى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تومۇرىدا ئاياللىق قېنى جۇش ئۇرۇۋاتقان بولۇپ، جىنسىي ھېسسىيات ئوتى يالقۇنلاۋاتاتتى. ئۇ ئايالنى قەبىھ جىنايەتكە ئورۇنۇشتىن پەقەت ئىمان تۇسۇقى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر تۇيغۇ توسۇپ تۇراتتى. قاپقاراڭغۇ كېچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنىڭ مۇنداق شېئىر ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

ئەجەب ئۇزۇن ھەم قاراڭغۇ بولدى بۇ كېچە،
سىرداش دوستۇم بولمىغاچ بىدار بولدۇم تاڭغىچە.
گەر ھەقىقەت بولمىسا ئاللاھىمنىڭ ئازابى،
ھەرىكەتلىنىپ كېتەتتى كارۋىتىمىز قانغۇچە.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى قىزى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن: «ئايال كىشى ئېرى بولمىسا قانچىلىك ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «تۆت ئاي» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىنقى سەپتە جىھاد قىلىۋاتقان قوماندانلارغا ھەرقانداق بىر مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە قايتىش مۇددىتىنى تۆت ئايدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ مەكتۇپ ئەۋەتتى.

بۇ بولسا بىر مۆئمىن ئايالنىڭ ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش ھېسسىياتىدا بولۇشى بىلەن گۇناھ ۋە پاھىشىگە ئۈندىگۈچى ۋەسۋەسە ئوتتۇرىسىدىكى سىناق بولۇپ، نەتىجىدە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى مەغلۇپ بولدى، ئىمان غەلىبە قىلدى.

ئەنە ئاشۇلار ياشلارنىڭ ئىپپەت ۋە يۈكسەكلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىھەنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدۇر. ياشلار قاچانكى مۇشۇ لايىھەنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلسا ھەمىدە تەپسىلىي ھالەتتە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ۋە چىدامچان بولۇش ئارقىلىق مۇشۇ لايىھەنىڭ شەرتلىرى بويىچە ماڭسا، بۇ ھاياتتا چوقۇم قەلبىدە ئۆركەشلەۋاتقان شەيتانىي ۋە نەپسانىي ۋەسۋەسىلەر ئۈستىدىن ۋە ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورۇنلىشىپ كەتكەن جىنسىي ھېسسىيات ئامىللىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ.

## • ئىسلام ۋە جىنسىي كەمستىلىش

بەلكى، ئۇلار تاكى ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىپ مال-دۇنياغا ئىگە بولغانغا قەدەر ئەخلاقتا پەيغەمبەرلەردەك، پاكلىقتا پەرىشتىلەردەك، ئىپپەتتە ئىلگىرىكى سالىھ پېشۋالىرىمىزدەك بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا داۋاملىق تەقۋادار ياخشى كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق غەم-قايغۇسىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. ھەرقانداق قىيىنچىلىققا چىقىش يولى بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تەئالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ تەئالادىن قورقسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ» (3 ـــ 2: 65)؛ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «نىكاھلىنىشقا قادىر بولالمايدىغانلار تاكى ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانغا قەدەر ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك ساقلىسۇن!» (24: 33).

بۇنداق ئىپپەت ۋە يۈكسەكلىك بەزىلەر ئويلىغاندەك ھېچقاچان ھېسسىياتنى خارلىغانلىق ئەمەس. چۈنكى، ھېسسىياتنى خارلاش پسىخكا ئالىملىرى چۈشەندۈرگەندەك، «جىنسىي ئالاقىنى مەينەتچىلىك دەپ قاراش، جىنسىي ئالاقىنى ئادەم گەرچە نىكاھ ئارقىلىق قىلغان بولسىمۇ ئۇنى گۇناھكار دەپ قاراش»تۇر. بۇ بولسا راھىبلىقتۇر. بىز «نىكاھ ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت» دەپ ئالاھىدە بىر تېما يازدۇق.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! سىز شۇ تېمىدا ئىسلام دىنىنىڭ بويتاقلىقنى قانداق ئەيىبلىگەنلىكىنى، راھىبلىقنى قانداق نەپرەتلەندۈرگەنلىكىنى، ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرى ۋە ھېسسىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن توي قىلىشنى قانداق يولغا قويغانلىقىنى كۆردىڭىز؟ مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئەمەلىي يوليورۇقلىرى تۇرسا، بۇ قانداقمۇ ھېسسىياتنى خارلىغانلىق بولسۇن؟

ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇنداق پرىنسىپلىرىغا قارىغاندا ياش يىگىت ئۆزىدە جىنسىي قىزىقىشنى سەزگەن چاغدا، (ئىسلامدا) بۇ ياش مۇشۇنداق سېزىمدىن ئاللاھ تەئالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەشكە موھتاج ئەمەس. چۈنكى، ئىسلام دىنى بۇ قىزىقىشنىڭ ئىنكار قىلغىلى ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئىي بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ياش باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ نەزىرىدە پاك كۆرۈنۈش ئۈچۈن بۇ قىزىقىشنى زورىغا بېسىۋېلىشقا موھتاج ئەمەس. شۇنداقلا، مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولغانلىقى ئۈچۈنلا گۇناھ تۇيغۇسىدا بولۇشقا، شۇ سەۋەبتىن گۇناھ تۇيغۇسىدا بولۇشتىن كېلىپ چىققان ھەمدە ئەخلاقتىن چىقىپ كەتكەن ئەھۋاللاردا يۈز بېرىدىغان جىنايەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان روھىي ۋە ئەسەبىي پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋېتىشكە موھتاج ئەمەس. لېكىن، بىز ئىسلام دىنىنىڭ ھېچبىر شەخسكە مۇشۇنداق جىنسىي ھېسسىياتقا ئىتائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى، پەقەتلا بۇ ھېسسىياتقا ماسلاشقانلىقىنى ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن چەتنەپ كەتمىسە بولىدىغان، ئەمما چەتنەپ كەتسە چەكلىنىدىغان شەرئىي بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇپ بەرگەنلىكىنى بىلىمىز.

بۇ توغرا، لېكىن بۇ باشقا نەرسە، خارلاش باشقا نەرسە ...

چۈنكى، بۇ چەكلىمىنىڭ ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سالىدىغان، لېكىن ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتمەيدىغان ھەمدە ھېچقاچان ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ روھىي ئارىسىدىكى بۇ ھېسسىياتنى پۈتۈنلەي چەكلىۋەتمەيدىغان ئىزاھاتلىرى بار.

ئىسلامىي تەربىيە ئىچىدە ھېسسىياتنى خارلاش ۋە زورىغا بېسىشنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكى ئېنىق. ئەمما، بىرەر ئىنسان بويتاق ھاياتىدا جىنسىي شەھۋەت ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالسا ۋە بۇ ھېسسىيات كۈچىيىپ كەتسە، ئۇ چوقۇم زىنا-پاھىشە قويىنىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. بۇ چاغدا «ئىككى زەرەرنىڭ يەڭگىلراقىنى تاللاش» دېگەن ئۇسۇل قائىدىسى بويىچە، ھېسسىياتنى جىمىقتۇرۇش ۋە شەھۋەت بېسىمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئانانىزم (قولدا مەنى چىقىرىش) قا تايىنىش شەرئەتتە دۇرۇس.

شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناس ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى قولدا مەنى چىقىرىش ناۋادا شەھۋەت

www.uyghurkitap.com

پەيدا قىلىش ۋە تىنچ تۇرغان شەھۋەتنى قوزغاش ئۈچۈن بولسا، ئۇ چوقۇم ھارام. ئەمما بۇ شەھۋەت ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلەپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ، ئۇنى زىنا-پاھىشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ بارسا ۋە بۇ شەھۋەتنى جەمئىيەتنىڭ چارىسى ئاياللىق ئىكەنلىكى مۇئەييەن بولسا، بۇ ئىش دۇرۇس ۋە پاھىشىگە چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. پاھىشىدىن قېچىپ ئاياللىق قىلغان ئادەم ئەجىرسىز ھەم گۇناھسىز، پەقەت ئۆزىنى پاھىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ساۋابمۇ بېرىلمەيدۇ ھەم جازاغىمۇ تارتىلمايدۇ.

ئىسلام دىنى ھېسسىياتنى خارلاش ۋە راھىبلىق دىنى، ئۇنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان قارىشى مەيىنەت ھېسابلاش، ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇش ۋە يامان كۆرۈشتۇر دەيدىغانلارنىڭ تىلى تۇتۇلسۇن!

ئوقۇرمەن قېرىنداشىم! سىز بۇ دەۋانىڭ مەڭگۈلۈك ئىسلام پرىنسىپلىرىدا ھېچقانداق ئاساسى يوقلىقىنى كۆردىڭىز ...

## • ئەدىب ئەلى تەنتاۋى رەھمەھۇللاھنىڭ سۆزى

«مىسكۇل خىتام» ناملىق كىتابتا بۈيۈك ئۇستاز يازغۇچى ئەلى تەنتاۋى رەھمەھۇللاھنىڭ ياشلارغا ھازىرقى زامان ئىسلامىي چۈشەنچىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن ھېكمەتلىك سۆزى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ سۆز باشقىلارنى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن ھەقىقەتكە چاقىرىدىغان ئۆتكۈر چۈشەنچە تىنچ قانائەتلەندۈرۈشنىڭ يېگانە نەمۇنىسىدۇر.

بۇ كىشى ئۆزىنىڭ «ئەي ئوغلۇم!» ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «نېمىشقا ماڭا ئىككىلىنىپ تارتىنغان ھالدا خەت يازىسەن؟ سەن ئۆزۈڭنى شەھۋەت ئوتىنىڭ مۇشۇنداق يالقۇنىنى ھېس قىلىۋاتقان بىردىنبىر ئادەم، بۇنداق ھېسسىيات باشقىلاردا ئەمەس، يالغۇز مەندىلا بار دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

—— ياق ئوغلۇم! ئۆزۈڭنى بېسىۋال! چۈنكى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان پەقەت سەنلا ئەمەس. بۇ دېگەن ياشلار كېسىلى ... ھەقاچان بۇ كېسەل سەن 17 ياش ۋاقتىڭدا سېنى ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلدى. چۈنكى، بۇ كېسەل ئۆزۈڭدىن بىرى سەندىن باشقا چوڭ-كىچىك نۇرغۇن ياشلارنى ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى. ئۆزۈڭدىن بىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇنىڭ لەززىتىنى يوقاتتى. ئۆزۈڭدىن بىرى ئوقۇغۇچىنى دەرستىن، خىزمەتچىنى ئىشتىن، تىجارەتچىنى تىجارەتتىن قويدى.

ئىنساننىڭ ئۆمرىدىكى شەھۋەت ئوتى، ئىزتىراپلىرى ۋە ھاياجىنى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ جۇشقۇن مۇشۇنداق مەزگىللەردە ياشلار نېمە قىلىدۇ؟

زادى قانداق قىلىدۇ؟ ...

بۇ بىر قىيىن مەسىلە! ...

ئەمما، ئاللاھ تەئالانىڭ قانۇنىيىتى ۋە روھنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭغا: «توي قىل!» دەيدۇ.

ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ۋە تەلىم-تەربىيە ئۇسلۇبلىرى بولسا ئۇنىڭغا: «ئۇچ يامانلىقنىڭ بىرىنى تاللا! لېكىن

بىردىنبىر ياخشىلىق بولغان تۆتىنچىسى ھەققىدە ئويلىنىپ سالما! ئۇ بولسا تويى قىلىش!» دەيدۇ.

ئۈچ يامانلىقنىڭ بىرىنچىسى، ياكى سەن جىنسىي خىياللىرىڭ ۋە شەھۋانىي ھەۋەسلىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭ يالغۇز ياشايسەن، جىنسىيەت ۋە شەھۋانىيلىق ھەققىدە ئويلىنىشقا ئادەتلىنىسەن. شەھۋانىي ھېكايىلەر، سېرىق فىلىملەر ۋە يالىڭاچ سۈرەتلەر بىلەن بۇ ئويى-خىياللىرىڭغا مەدەت بېرىسەن. نەتىجىدە بۇ ئويى-خىياللار پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى قاپلايدۇ. قۇلىقىڭ ۋە كۆزلىرىڭنى ئىگىلەپ ئالىدۇ. ئاندىن سەن كىتابنى ئاچساڭ كىتابتا، تولۇن ئايغا قارىساڭ تولۇن ئايدا، قىزىل شەپەقتە، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا، ئويغاق ۋە ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشلىرىڭدەك، ئومۇمەن نەگە قارىساڭ شۇ يەردە پەقەت جەلىپكار نازىنىنلارنىڭ سۈرەتلىرىنىلا كۆرىسەن.

مەشۇقۇمنى ئۇنۇتاي دېسەممۇ، ئۇ گوياكى،
ئەكس ئەتكەندەك ماڭا ھەر جايدا ئۇنىڭ سىماسى.

ئاخىردا سەن ياكى سەۋدالىق، ياكى ساراڭلىق، ياكى نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولىسەن.

ئىككىنچىسى، ياكى ئانانىزم دەپ ئاتىلىدىغان ئىشقا تايىنىسەن. بۇ ئىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە فىقھشۇناس ئالىملار سۆزلىگەن ۋە شائىرلارمۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى ئېيتقان. بۇ ئىش گەرچە ئۈچ يامانلىق ئىچىدە يامانلىقى ئازراقى ۋە زەرەرى يەڭگىلرەكى بولسىمۇ، لېكىن چەكتىن ئېشىپ كەتسە روھنى غەم-قايغۇغا، بەدەننى كېسەلگە مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان نەۋقىران يىگىتنى ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن، غەم-قايغۇغا چۆمگەن ۋە يېتىمسىراش ھېس قىلىدىغان، باشقىلاردىن قاچىدىغان، بىرەرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىدىغان، ياشاشتىن ۋە ياشاشنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىدىن ئەنسىرەيدىغان بىر قېرى بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

بۇ بولسا ئىنسان تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالدى دېگەن گەپ.

ئۈچىنچىسى، ياكى ھارام قىلىنغان لەززەتنىڭ سېسىق ئازگىلىدىن ئۇگۇچلەپ ئېلىپ ئىچىسەن. ئازغۇنلۇق يولىغا مېڭىپ، پاھىشىخانىلارغا يۈزلىنىسەن، ۋاقىتلىق لەززەت ۋە ئۆتكۈنچى مەنپەئەت ئۈچۈن ساقلىقىڭنى، ياشلىقىڭنى، كەلگۈسۈڭنى ۋە دىنىڭنى قۇربان قىلىسەن. بۇ چاغدا سەن ئېرىشىمەن دەپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ دۇنيا، ھېرىسمەن بولۇۋاتقان ۋەزىپە-مەنسەپ ۋە ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىلىمدىن قۇرۇق قالىسەن. كۈچ-قۇۋۋىتىڭ ۋە ياشلىقىڭدىن ئەركىن خىزمەت دولقۇنىغا كىرگۈدەك ھېچنەرسە قالمايدۇ.

سەن ئەمدى تويىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ قالما! ...

ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئېنىقكى، سەن بىرەر ئايال بىلەن مۇناسىۋەتتە بولساڭ، بۇ مۇناسىۋەت سېنى تېخىمۇ ئاچكۆز قىلىۋېتىدۇ. خۇددى ئىچكەنسېرى تەشنالىقى ئېشىپ كەتكەن تۇزلۇق سۇ ئىچكەن ئادەمگە ئوخشاش.

ئەگەر سەن ئۇ ئاياللاردىن نەچچە مىڭنى تونۇغان تەقدىردىمۇ، يەنە بىرسىگە ئېرىشەلمەيۋاتقاندەك، ئۇ

ئايال سەندىن يۈز ئۆرۈۋاتقاندەك ئويلايسەن-دە، شۇنىڭغا قىزىقسەن، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ھاياتىدا بىرەر ئايالنىمۇ بىلىپ باقمىغان ئادەمدەك دەرد-ئەلەم تارتىسەن.

پەرەز قىلايلى! سەن ئۇ ئاياللاردىن ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشتىڭ، ھوقۇق ۋە مال-دۇنيالىرىڭ كۆپەيدى دەيلى! ئەمدى جىسمىڭ بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ شەھۋەتنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا تەن سالامەتلىكىڭ يار بېرەمدۇ؟

بۇ شەھۋەت تەلەپلىرى ئالدىدا نۇرغۇن كۈچلۈك بەدەنلەر خاراب بولۇۋاتىدۇ. ئاجايىپ كۈچتۈڭگۈر، قەۋم-قېرىنداشلىرى ئىچىدە چېلىشتا، ئوق ئېتىشىشتا ۋە مۇسابىقىلەردە قەھرىمان بولغان نۇرغۇن ئەركەكلەر شەھۋەتلىرى ۋە جىنسىي ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا كېرەكسىز تاشلاندۇق نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان.

ئاللاھ تەئالانىڭ پەزىلەت، ئالىيجانابلىقنىڭ مۇكاپاتىنى تەن ساقلىق ۋە تېتىكلىك قىلغانلىقى، رەزىللىكنىڭ جازاسىنى چۈشكۈنلۈك ۋە كېسەللىك قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نۇرغۇن يىگىتلەر باركى، 30 ياشتىن ئۆتمەي تۇرۇپلا يامان يولغا مېڭىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىق تۈپەيلىدىن 60 ياشلىق بوۋايدەك بولۇپ قالغان. نۇرغۇن بوۋايلار باركى، 60 ياشقا كىرىپ قالغان تۇرۇپمۇ ئىپپەتلىك بولغانلىقىدىن 30 ياشلىق ياشلاردەك كۆرۈنىدىغان.

بىز ئاڭلىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ياۋروپالىقلارنىڭ مۇنداق بىر ماقال-تەمسىلى بار: «كىمكى ياشلىقنى مۇھاپىزەت قىلسا، ئۇنىڭ قېرىلىقى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ».

گوياكى مەن سېنىڭ: «بۇ بىر كېسەل، بۇنىڭ دورىسى نېمە؟» دەۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىمەن.

بۇنىڭ دورىسى ئاللاھ تەئالا بەندىلەر ئۈچۈن كۆرسەتكەن يولغا ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ تەئالا شۇ نەرسىلەرگە ئاتا قىلغان تەبىئىي خاراكتېرىگە قايتىشتۇر.

شەكسىزكى، ئاللاھ تەئالا بىر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ ئورنىغا چوقۇم يەنە بىر نەرسىنى ھالال قىلىپ بەردى. جازانىلەرنى ھارام قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سودا-سېتىقنى ھالال قىلىپ بەردى. زىنا-پاھىشىنى ھارام قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توي قىلىشنى ھالال قىلىپ بەردى. دېمەك، بۇ دورا بولسا توي قىلىشتۇر. ناۋادا توي قىلىشقا قادىر بولالمىساڭ، بۇ دورا پەقەت ئۆزۈڭنى ئىپپەتلىك تۇتۇشتۇر.

مەن ئېنىق بىر چۈشەنچە بولۇشى ئۈچۈن يازغان بۇ تېمىنى پسخىكا ئىلمى ئاتالغۇلىرى بىلەن چۈشىنىكسىز قىلىپ قويۇشنى خالىمايمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا بۇ مەنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر مىسال ئېلىپ بېرەي ...

ئوت ئۈستىدە قايناۋاتقان بىر چۆگۈنگە قاراپ باقىن!

ئېنىقكى، سەن ئەگەر ئۇنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپ، ئاستىغا ئوت قالساڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھورلار ئېتىلىپ چىقىدۇ.

ئەگەر ئۇنى ئېشىۋەتسەڭ، سۈيى ئېقىپ چۈگۈن كۆيۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۇنى پارلاۋۇزنىڭ سۇ باكىغا ئوخشاش بىر نەرسە قىلساڭ، ئۇ سەن ئۈچۈن زاۋۇت، كارخانىلارنى ئايلاندۇرۇپ، پويىزلارنى ماڭدۇرۇپ، ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ.

ئالدىنقىسى، ئۆزىنى شەھۋەتكە ئاتاپ، شەھۋەت ھەققىدە ئويلىنىپ، پۈتۈنلەي شەھۋەتكە بېرىلگەن ئادەمنىڭ ھالىدۇر.

ئىككىنچىسى، ئازغۇنلۇق يولىغا قاراپ ماڭغان، ھارام قىلىنغان لەززەتلەرگە ئۆزىنى ئاتقان ئادەمنىڭ ھالىدۇر.

ئۈچىنچىسى، ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتقان ئادەمنىڭ ھالىدۇر.

ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇش بولسا روھىي، ياكى ئەقلىي، ياكى قەلبىي، ياكى جىسمانىي تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرۇشتۇر.

بۇ تىرىشچانلىقلار مۇشۇ زاپاس كۈچ-قۇۋۋەتنى كېمەيتىپ، مۇشۇ چەكلەنگەن ئېنېرگىيىنى چىقىرىدۇ. بۇ نېمە ئارقىلىق بولىدۇ دەمسەن؟ بۇ ئاللاھ تەئالاغا ئىلتىجا قىلىش ئارقىلىق، ئىبادەتكە بېرىلىش ئارقىلىق، ياكى شەرئىي لەۋزىلەر ۋە رەڭدار كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىچكى ھېسسىياتىڭ تەسۋىرلەپ بەرگەن مۇشۇ ئوبرازنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەتكە بېرىلىش ئارقىلىق، ياكى جىسمانىي تىرىشچانلىق ۋە تەنھەرىكەتكە بېرىلىش ئارقىلىق ھەمدە دىنىي تەلىم-تەربىيەگە ياكى تەنھەرىكەت چولپانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئوغلۇم! ئىنسان ئۆزىنى سۆيىدۇ، ئۇ ئۆزىدىن ھېچكىمنى ئەۋزەل بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۈچۈن ئىنسان ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مۆرىسىنىڭ دۈگىلەكلىكىنى، گەۋدىسىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە بىلەكلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرسە، بۇ تەنھەرىكەتكە ماس كېلىدىغان كۈچلۈك بەدەن بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا مۇشۇ بەدىنى ئارقىلىق تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرقانداق ئايالنىڭ بەدىنىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولىدۇ. ئۇ ئايالالرنى دەپ شۇ بەدىنىنى قۇربان قىلىۋېتىشكە، كۈچ-قۇۋۋىتىنى يوقىتىۋېتىشكە ۋە ئاجرالمىلارنى چىقىرىۋېتىشكە ھەمدە قىزلارنىڭ قارا ۋە كۆك كۆزلىرى تۈپەيلىدىن ئۇستىخان ئۇستىگە كىيگۈزۈلگەن تېرىگە ئايلىنىپ قېلىشقا رازى بولمايدۇ.

بۇ دورا بولسا تويى قىلىش! ئۇ بولسا مۇكەممەل چارە! ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇش. ئەمما، بۇ ۋاقىتلىق تۇرالغۇكى، لېكىن مەنپەئەت بېرىدىغان، زەرەر يەتكۈزمەيدىغان مۇستەھكەم قورغان ئەمەس.

ئەمما، بىر قىسىم غاپىل، بۇزغۇنچىلارنىڭ «بۇ ئىجتىمائىي بۇزۇلۇشنىڭ دورىسى بولسا، ئىككى جىنسنى ئارىلىششقا ئادەتلەندۇرۇش، مۇشۇنىڭغا ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە شەھۋەت ئوتى پەسىيىدۇ، شۇنىڭدەك ئاممۋىي سورۇنلارنى ئېچىش. بۇ ئارقىلىق مەخپىي زىنا-پاھىشىلەر توگەيدۇ» دېگەن گەپلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ.

كاپىر مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى جىنسنىڭ ئارىلىششىنى سىناپ كۆردى. بۇ ئىش شەھۋانىيلىق ۋە بۇزۇلۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئاممۋىي سورۇنلارنىڭ ئېچىلىشى توغرا دەپ قارىساق، بىز ئۇنى پۈتۈن ياشلار سىغقۇدەك دەرىجىدە كېڭەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا قاھىرەدە 10 مىڭدىن كۆپرەك ياش پاھىشىۋازغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، قاھىرەدە ئاز دېگەندىمۇ 100 مىڭ ياش بار.

بىز ياشلارنىڭ بۇ سورۇنلارغا كېلىپ-كېتىپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلساق، ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق توي قىلىشتىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت قىلسا، بۇ چاغدا بىز قىزلىرىمىزنى نېمە قىلىمىز؟ ئۇلارغىمۇ پاھىشىۋاز ئوغۇللار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاممۋىي سورۇنلارنى ئېچىپ بېرىمىزمۇ؟ ئەزبىرايى خۇدا! ئوغلۇم! بۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ.

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ ئەقلىلىرى ئەمەس، ھېسسىياتلىرى دېگەن گەپ. ئۇلار نە ئەخلاقنى تۈزەشنى، نە ئائىلىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، نە مەدەنىيەت تارقىتىشنى، نە تەنھەرىكەتنى جانلاندۇرۇشنى، نە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى بەرپا قىلىشنى خالىمايدۇ. پەقەتلا ئۇ بولسا ئۇلار ئېغىزلىرىنى تاتلىق قىلىپ دەپ باققان گەپلەر، خالاس. ئۇلار ھەر كۈنى بىر يېڭىلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى قورقىتىدۇ. باشقىلارنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن شۇنى بازارغا تاپقۇزۇشقا ئورۇنىدۇ. ئۇلار قىزلىرىمىز ۋە ئاچا-سىڭىللىرىمىزنىڭ بەدەنلىرىنى مەخپىي ۋە ئاشكارا كۆرۈپ مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ھالال ۋە ھارام ھالدا مەنپەئەتلىنىشكە نائىل بولۇش ئۈچۈن، سەپەرلەردە يالغۇز ھالەتتە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن، يىغىلىش ۋە مۇراسىملاردا چىرايلىق ياسانغان ھالەتتە ئۇلار بىلەن تانسا ئويىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى سىرتقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزى دادىلار بۇنىڭغا ئالدىنىپ، مەدەنىيلەشكەن دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن يۈز-ئابرۇيلىرىنى قۇربان قىلىدۇ.

ئوغلۇم! سەن گەرچە داۋاملىق ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى بولساڭمۇ، يەنىلا ئۆيلىنىشىڭ كېرەك! ئەگەر ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىساڭ، ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشقا، ئىبادەت ۋە دەرسكە بېرىلىشكە ۋە بىر ھەر سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقا تايانغىن! تەنھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بول! چۈنكى بۇ ئەڭ ياخشى چارە ...

ئەي ئوغۇل-قىزلار! ...

مانا بۇ مەسىلەرنىڭ جىنسىي مۇشكۈلچىلىكلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇشكۈلچىلىكنىڭ چارىسى بولسا، كىچىك چېغىدىن باشلاپ قىز-ئوغۇللارنىڭ ئايرىلىشى ئارقىلىق تەبىئىي خاراكتېرىنى ساپلاشتۇرۇش ياكى ھارام بىلەن ھېسسىياتنى قاندۇرۇشتۇر دېگەن سەپسەتىلىرى ئارقىلىق ھارام ۋە گۇناھ قىلمىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان تەرەققىيات داۋراڭچىلىرىغا قۇلاق سالماڭلار! چۈنكى، بۇلار كەلسە-كەلمەس جۆيلۈيدىغان ماختانچاقلاردۇر. بۇلار ئەمەلىيەتتە پەقەت بىلىپ-بىلمەي يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ، خرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتلەردىكى ياش ئوغۇل-قىزلارنى جىنايەت دۇنياسىغا ۋە زىنا-پاھىشە يوللىرىغا سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنىڭ ئىجراچىلىرىدۇر.

بۇ سۇيىقەستلىك پىلانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن پىلانلانغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئىسلام ياشلىرىنى كۈرەش ۋە جىھاد قىلىش ئۈچۈن سىزىپ بېرىلگەن لىنىيەدىن بۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ...

زوراۋان مۇستەبىتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشى ئۈچۈن ...

ھەرقانداق ئاۋازغا چاۋاك چېلىپ، ھەرقانداق دىنسىز ۋە خۇداسىز ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ...

زومگەرلەرنىڭ ھاسىلىرى ھەيدەپ ماڭدىغان بىر توپ يالقاۋلار بولۇشى ئۈچۈن ...

ئەي ياشلار! بۇ يالغان داۋراڭلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار! سەۋر قورغىنىغا كىرىڭلار! قەلبىڭلارنى ئاللاھ تەئالاغا باغلاڭلار! بېشىڭلارغا ئىسلامنىڭ ئىززىتىنى تاج قىلىپ كىيىڭلار!

ئەخلاقسىزلىق ۋە جىنايەتكە دەۋەت قىلىدىغان ھەرقانداق چاقىرىقنى، ھەرقانداق ماتېرىيالىزمچى ۋە ئاتېئىزمچىلارنىڭ كۆرەڭلەشلىرىنى ئومۇمەتەن رەت قىلىڭلار!

ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار: «ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئادىشىپ كەتكەن قەۋمنىڭ نەپسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار» (5:77).

## 7 ـ باللارغا جىنسىيەت ھەققىدە ئۇچۇق چۈشەنچە بېرىش توغرىمۇ؟

كۆپلىگەن تەربىيەتچى ئاتا-ئانىلار باللارغا ئۇلاردا پەيدا بولىدىغان بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلەر ۋە بالاغەتكە يېتىشنىڭ سىرتقى ئىپادىلىرى ھەققىدە ئۇچۇق گەپ قىلىش توغرىمۇ؟

كۆپىيىش ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە، قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلىش توغرىمۇ؟

توي قىلغان چاغدىكى جىنسىي ئالاقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە بولامدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ؟

ئۇلار دۇرۇس ياكى دۇرىس ئەمەسلىك ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ سوئاللارنىڭ كۆپىنچىسىگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز بۇنىدىن كېيىن كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۆتىدىغان شەرئىي دەلىللەرگە كۆرە، تەربىيەتچى بولغان ئادەم ئوغلى ياكى قىزىغا جىنسىيەتكە ۋە تەبىئىي خاراكتېرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئېنىق چۈشەنچە بېرىشى دۇرۇس، بەلكى، شەرئىي ھۆكۈملەر بېرىلىدىغان چاغلاردا ئۇچۇق سۆزلەش ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى بۇنىدىن كېيىن كېلىدۇ.

جىنسىيەت ھەققىدە ئۇچۇق سۆزلەشنىڭ تۈۋەندىكى دەلىللىرىگە قۇلاق سېلىڭ:

1) نۇرغۇن ئايەتلەر جىنسىي ئالاقە، ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ۋە زىنا-پاھىشە ھەققىدە سۆزلەيدۇ: «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر، (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر» (7 ـــ 23:5)؛

ـــ «روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى» (2:187)؛

— «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللاھ تەئالا بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار»» (2:222)؛

— «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار» (2:223)؛

— «ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار» (2:237)؛

— «بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق، ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان)دا (جايلاشقان) ئابمەنىي قىلدۇق» (13 — 23:12)؛

— «شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق» (2:76)؛

— «بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغىدى، ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر» (46:15)؛

— «زىناغا يېقىنلاشماڭلار! چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر» (17:32)؛

— «زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ (يەنى زىنا) مۆئمىنلەرگە ھارام قىلىندى» (24:3)؛

— «لۇتنى (ئەھلى سەدومغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى، سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلەپىڭلارنى قاندۇرىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» (7:80 — 81)

دېمەك، مەزكۇر ئايەتلەر ئىنسان كىملەردىن ئەۋرىتىنى ساقلاپ، كىملەردىن ساقلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقى ھەققىدە، روزا كېچىلىرى جىنسىي ئالاقە قىلىش ھەققىدە، ھەيز ۋە ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇش ھەققىدە، پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئورۇن ھەققىدە، ئاياللارنى جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىش،



www.uyghurkitap.com

مەنى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بالىياتقۇسىدا شەكىللىنىشى، ئىنسانىنىڭ ئەر ۋە ئايالىنىڭ ئارىلاشما مەنىيسىدىن يارىتىلغانلىقى، بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا كۆتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئېمىتىش مۇددىتى ھەققىدە، زىنا ۋە ئۇنىڭ قەبىھ قىلمىش، يامان يول ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋە بۇندىن باشقا جىنسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە ئوچۇق سۆزلەيدۇ.

باللار ئەمدىلا ئەقلىگە كېلىپ ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرگۈدەك بولغان ۋاقىتتا، بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىملەر ياكى تەربىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىسە، بۇ باللار ئۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنالىرىنى ۋە ئۇ ئايەتتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنالارنى قانداق چۈشىنەلەيدۇ؟

پاراسەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەمنىڭ مۇئەللىملەر ياكى تەربىيەتچىلەر بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئۇ ئايەتلەردىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرمەيدىغان ئىزاھاتلار بىلەن يوشۇرۇپ ئۆتۈپ كەتسە، ياكى ئېنىق بايان قىلىپ چۈشەندۈرمەستىن، مۇنداقلا دەپ ئۆتۈپ كەتسە بولىدۇ دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئۇللۇق بولغان تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپلىرىغا تۈپتىن زىت كېلىدىغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇنى چۈشىنىش ۋە ئويلىنىشقا قىلغان چاقىرىقىغا قارشى كېلىدىغان ناتوغرا يولدۇر.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «( بۇ ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر» ( 38:29 ).

بەلكى، بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ قۇرئان ئوقۇيدىغان، ئەمما ئايەتلىرىنى ئويلانمايدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ۋە بۇنداق ئادەملەرنى روھى قۇرۇق، قەلبى ئېتىك ۋە دىلى قاتتىق دەپ قارىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ( ھەقنى تونۇش ئۈچۈن ) قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئويلانمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە قۇلۇپ بار ( شۇڭا ئۇلار ھەقنى چۈشەنمەيدۇ ) )» ( 47:24 ).

مۇشۇ سەۋەبتىن بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئېچىپ، ئېنىق چۈشەندۈرسە تۈزۈك بولىدىغان، بەزى جىنسىي مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بۆلۈك مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بىلىمىز.

بۇ مەدەنىيەتنى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ۋە ئەر ـ ئايال ھەممىسى چۈشىنىشى كېرەك!

شەكسىزكى، مۇسۇلمان جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرماقچى ۋە شەھۋىتىنى ئادا قىلماقچى بولغىنىدا، نېمە ھالال بولىدۇ؟ نېمە ھارام بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى، نېمىنى قىلىپ، نېمىنى تەرك ئېتىش كېرەكلىكىنى بىلىشى مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىلىرىدىندۇر.

شەكسىزكى، مۇسۇلماننىڭ ئىنسانىي يارىتىلىشى، شەكىللىنىشى ۋە ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىكى ھالەتتە مەنىيدىن لەختە قانغا، ئاندىن كېيىن بىر چىشلەم گۆشكە، ئاندىن كېيىن بېجىرىم ئىنسانغا تەرەققىي قىلىشى ھەققىدە سۆزلەيدىغان ئايەتلەردىن ئۆتكەن چاغدا، ئىلاھىي كەشپىياتقا بولغان قانائەتى ۋە ئىماننىڭ ئېخىمۇ زىيادە بولۇشىمۇ، مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىلىرىدىندۇر.

شەكسىزكى، مۇسۇلماننىڭ بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئومۇمىي

پرىنسىپلىرىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى ھەمدە بۇ دىنىنىڭ ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالايدىغان، تاكى دەۋر قىيامەتكە قەدەر ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن تەڭ ماڭالايدىغان بىردىنبىر دىن ئىكەنلىكىگە كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە كەسكىن ئىشەنچكە كېلىشىمۇ مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىلىرىدىندۇر.

( 2 ) باللار بالاغەتكە يېتىش ئالامەتلىرى ئاشكارا بولغان چاغدا نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلىشى، بەلكى ھالال - ھارامنى بىلىشى ئۈچۈن، توغرا - خاتانى پەرقلەندۈرگۈدەك بولغان مەزگىللەردە، ئۇلارغا بالاغەتكە يېتىش ئەھكاملىرىنى ۋە بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلەرنى ئۆگىتىش، باللارغا جىنسىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە ئوچۇق چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەلىللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىز ئىلگىرى «باللارغا بالاغەتكە يېتىش ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش» دېگەن تېمىدا ( 433 - بەتتە ) بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! شۇ تېمىغا قايتىسىڭىز تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرىدىغان مەزمۇنلارغا ئېرىشەلەيسىز.

( 3 ) باللار بالاغەتكە يېتىپ، نىكاھ بوسۇغىسىدىن كىرەي دەپ قالغان مەزگىللەردە ئۇلارغا جىنسىي ئالاقىنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىنى ۋە جىنسىي ھېسسىياتنى قاندۇرۇشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش، باللارغا جىنسىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەلىللەردىندۇر. بىز ئازراق ئىلگىرى «توي قىلىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت» دېگەن تېمىدا بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! سىز شۇ تېمىغا قايتىسىڭىز تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرالايسىز.

ئەنە ئاشۇلار باللار توغرا - خاتانى پەرقلەندۈرگۈدەك بولغان چاغدا جىنسىي ھېسسىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە ئۇلارغا ئېنىق چۈشەنچە بېرىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دەلىللەردىندۇر.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! مۇشۇنداق ئېنىق بايانلاردىن كېيىن پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ جىنسىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئۆتەڭ!

چۈنكى، شەرىئەت سىزگە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ بىلمەسلىك قاپقانلىرىغا، گۇناھ پاتقاقلىرىغا ۋە ئەخلاقسىزلىق ھاڭلىرىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەققەتلەرنى ئۇلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈشىڭىزنى كەسكىن ۋاجىب قىلدى. لېكىن، مەن سىزگە مۇھىم ئىككى ئىشنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەن:

( 1 ) باللىرىڭىزغا بۇ ھەقتە تەلىم - تەربىيە بېرىشتە، ئۇلارنىڭ ياش باسقۇچلىرىدىن ھەربىر باسقۇچقا مۇناسىپ تەربىيە بېرىڭ.

مەسىلەن، بالىڭىز 10 ياش ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا جىنسىي ئالاقىنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتسىڭىز، ئۇ ھەرگىز چۈشىنەلمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا بالاغەتكە يېتىش ئالدىدىكى ۋە بالاغەتكە يەتكەن چاغدىكى ئەھكاملارنى ئۆگىتىشكە سەل قارىماڭ.

(2) بۇنـداق جنسـيەت مەسـىللىردە قىزلارغـا تەلىم-تەربىيـە بېرىشـكە ئانـا مەسـئۇل بولغىنـى ياخشـىراق، چۈنكـى، قىـز بۇنـداق تەربىيىنـى ئانىسـىدىن ئالسـا قۇلايلىقـراق ھـەم چۈشىنىشـلىكرەك بولـىدۇ.

ئـۆز ئانىسـى بولمىغـان ئەھـۋال ئاستىدا، ئانىسـىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان قانـداق بىـر ئايـال يېتەكچى بـۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈتسـە بولىدۇ.

ئـى تەربىيەتچىلـەر! ئەنـە ئاشـۇلار پەرزەنتلەرنـى جىنسـىي جەھەتتـە تەربىيلـەش، ئەخـلاق جەھەتتە يېتىشتۈرۈش ۋە ھېسسـىياتنى تۇراقلاشـتۇرۇش ھەققـىدە يولغـا قويغـان ئاساسـلىق ۋە ئـەڭ مۇھىم كۆرسـەتمىلەردۇر.

مۇتەپەككـۇرلار، تەربىيەتچىلـەر ۋە ئىسـلاھاتچىلار پەرزەنتلىرىگـە تەلىم-تەربىيـە بېرىشـتە ئىسـلامنىڭ پرىنسـىپلىرىغا ئەمـەل قىلىشـقا، جىنسـىي ھېسسـىياتنى تۇراقلاشتۇرۇشتا «قۇرئـان كەرىم»نىـڭ كۆرسەتمىسـى بويىچـە مېڭىشـقا ئـەڭ ئېھتىياجلىـق كىشـىلەردۇر.

بەلكـىم، بىـز خاراكتېرى مۇكەممـەل بولغـان، ئىچكى دۇنياسـى ياخشى بولغـان، ئەخلاقى تـۈزۈك، نەپسـلىرى ۋە قەلبلىـرى پىسـخىكلىق ئاپەتلەردىـن، ئىجتىمائىـي بۇزۇقچىلىقلاردىـن ئـازاد بولغـان بىـر تۈركۈم ئىسـلامىي ئەۋلادلارنى تاپالىشـىمىز مۇمكىـن ... بـۇ چاغـدا ئـۇلار دەۋەت ۋەزىپىسـىنى ئۈسـتىگە ئېلىـپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالايدۇ. ئىنسـانىي ۋۇجـۇد ئاسـمىنىدا تەۋھىـد بايرىقىنى ئېگىـز كۆتـۈرۈپ، ئىسـلام شـوئارىنى توۋلىيالايدۇ.

مـەن ھەرقانـداق ئەقىل-پاراسـەت ئىگىسـىنىڭ ئىسـلام دىنـى ئىنسـانىيەت مۈشـكۈلچىلىكلىرىنى ھـەل قىلىـپ، ئىجتىمائىـي ئاپەتلەرنىـڭ ئالدىنى ئالغـان چاغـدا، بـۇ ئىسـلام دىنىنىـڭ ھـەر ساھەگە ئاممىباب بولغـان، ھـەر تەرەپنـى نـازارەت قىلغۇچـى بىـر دىـن ئىكەنلىكىنـى چۈشىنىشـنى خالايمـەن. چۈنكـى، ئىسـلام دىنى ئاللاھ تەئالانىـڭ مەڭگۈلۈك شـەرىئىتىكى، ئـۇ بـۇ شـەرىئەتنى پۈتـۈن خەلقـى ئالەمگـە يېتەكچـى، شـۇ شـەرىئەتكە ئەگەشكەنلەرگە جەننـەت بىلـەن خـۇش بېشـارەت بەرگۈچـى، ئۇنـى رەت قىلغۇچىلارنـى دوزاختىـن ئاگاھلاندۇرغۇچـى قىلىـپ نازىـل قىلغـان. شـۇنىڭ ئۈچـۈن بـۇ شـەرىئەت بىلـەن ھۆكـۈم قىلغـان ئـادەم ئادىـل ھۆكـۈم قىلغـان بولـىدۇ. ئۇنىڭغـا ئەگەشـكەن ئـادەم بەختكـە ئېرىشـىدۇ. ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغـان ئـادەم توغـرا يولغـا يېتەكلىگـەن بولـىدۇ.

بـۇ دۇنيانـى ئۆتكۈنچـى ھېسسـىياتنىڭ چۇۋالچاقلىقىدىـن، ۋابـا خاراكتېرلىـك ئەخلاقىـي يىمىرىلىشـتىن پەقـەت ئىسلامىيەتنىڭ جىنسـىيەتكە بولغان قارىشـىدىن باشـقا ھېچنەرسـە قۇتقۇلدۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئىسـلامىيەت ھەر نەرسـنى ئـۆز ئورنىـدا قويىـدۇ. ئىنسـانلار ئۈچـۈن ئىنسـانىيەت ئۇقۇمىنى ئەمەلىيلەشـتۈرۈپ بېرىدىغـان، ئۇنـى مەمنـۇن قىلىدىغـان ۋە ئىنسـانىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ماسلىشـىدىغان، مۇكەممـەل ۋە تەكـپـۈك بىـر شـارائىت يارىتىـپ بېرىـدۇ.

بەلكـىم، مۇسـۇلمانلار ئۆزلىرىنىـڭ دىنىنى چۈشـىنىپ قىلىشى ۋە دىنىنىـڭ سايىسـىدا خاتىرجـەم ۋە تىنـچ ياشىشـى مۇمكىن.

بەلكـىم، ئـۇلار دىـن قۇياشـى ئاسـتىدا مىللەتلـەر ئوتتۇرىسـىدىكى ئورنىنى ۋە شان-شـەرىپىنى ئەسـلىگە كەلتۈرەلىشـى مۇمكىن.

بۇنداق قىلىش ئاللاھ تەئالاغا تەس ئەمەس.

ئى تەربىيەتچىلەر! ...

ئەمدى زىممەڭلاردىكى مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر ۋەزىپەڭلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

ئىمانىي تەربىيە مەسئۇلىيىتىنىڭ دىققىتىڭلارنى قارىتىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسلىق مەركەز ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

ئەخلاق تەربىيە مەسئۇلىيىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلارغا تېگىشلىك بولغان چوڭ مەسئۇلىيەتلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

جىسمانىي تەربىيە مەسئۇلىيىتىنىڭ تىرىشچانلىقىڭلارنى ۋە ئىرادەڭلارنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان كۈچ-قۇۋۋەت ۋاسىتىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

ئەقلىي تەربىيە مەسئۇلىيىتىنىڭ ئۈممىتىڭلار ۋە ۋەتىنىڭلار ئىچىدىكى شان-شەرەپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

روھىي تەربىيە مەسئۇلىيىتىنىڭ ئەۋلادلىرىڭلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى يېتىلدۈرۈش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئاساسلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

ئىجتىمائىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى بولسا، جىگەر پارەڭلار بولغان ئەۋلادلىرىڭلارغا ئۆگىتىشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ گەۋدىلىك مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

جىنسىي تەربىيە مەسئۇلىيىتى بولسا، زىممەڭلارغا تەربىيىلەش ھەققى يۈكلەنگەنلەرنى شۇ بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش زۆرۈر بولغان ئەڭ بۈيۈك مەسىلىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەن بولساڭلار، بوشاڭلىق قىلماستىن، قاراملىق قىلماستىن تەلىم-تەربىيە بېرىش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بەيگىسىگە چۈشۈشىڭلار كېرەك! مۇشۇنداق بولغاندا سىلەر پاكلىقتا پەرىشتىلەردەك، ئىرادىدە ساھابىلەردەك، شىجائەتتە شىرلاردەك، نۇرلۇق بولۇش ۋە يورۇقلۇق بېرىشتە تولۇن ئايدەك، ھاياتىڭلارنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە قەلبىڭلارنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلەيسىلەر ...

بەرگەن تەربىيەڭلار، سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقىڭلار، كۆرسەتكەن غەيرىتىڭلار ۋە ھېس قىلغان مەسئۇلىيىتىڭلارغا قاراپ ئۈممىتىڭلارغا ياخشىلىق، پەرزەنتلىرىڭلارغا ئىسلاھات ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭلارغا ئالىي تەربىيە ئىشقا ئاشىدۇ.

## • ئالىي تەربىينى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى

تەربىيەتچىلەر! بۇ ئىشلارنىڭ قانداق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ئالىي تەربىينىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

مېنىڭچە بۇ ئىشلار چوقۇم مۇنداق ئاساسلىق ئىككى چوڭ ئىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ: 1) كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش بىلەن، 2) بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىش بىلەن.

## 1 - كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش

پەرزەنتلەر ئىمان جەھەتتە تەربىيىلىنىدۇ، ئەخلاق جەھەتتە يېتىلىدۇ، جىسمانىي جەھەتتە كۈچلىنىدۇ، ئەقىل جەھەتتە پىشىپ يېتىلىدۇ، روھىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇكەممەللىشىدۇ. كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش ئارقىلىق بالىلار يامانلارغا ھەمراھ بولۇشتىن، ناچار ئادەملەر بىلەن ئارىلىششتىن، ئازدۇرغۇچى ۋە ئەخلاقسىز كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشتىن قۇتۇلىدۇ.

كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش ئارقىلىق: بالىلار تاپىتىن چىقىش ۋە بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئامىلدىن ئازاد بولىدۇ، ئەخلاقسىز، جىنسىيەتكە ئائىت كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىنو-فىلىملەر، قۇتراتقۇچى رازۋېدكا ھېكايىلىرى ۋە شەھۋانىيلىققا باشلايدىغان تىياتىرلار قويۇلىدىغان كىنو-فىلىملەر ۋە تېلېۋىزورلارنى كۆرۈشتىن ئازاد بولىدۇ، ئەخلاق-پەزىلەتنى ۋەيران قىلىدىغان، ماھىيەتتە ئىسلامىي ئەخلاققا ھۇجۇم قىلىدىغان، جىنسىي ھېسسىياتنى قوزغايدىغان سېرىق ژۇرناللارنى، جىنسىيەتكە ئائىت ھېكايىلەرنى ۋە ئەخلاقسىز، ھايۋانىي سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوقۇشتىن ۋە كۆرۈشتىن ئازاد بولىدۇ.

كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش ئارقىلىق پەرزەنتلەر ئىسلامىيەتنىڭ ئالىي تەربىيەسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلەيدۇ، روھىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە ئىلمىي جەھەتتە مۇكەممەللىشىدۇ، ئەخلاقتا ۋە مۇئامىلىدە باشقىلارغا ياخشى يېتەكچى ۋە ئۈلگە بولالايدۇ. بەلكى، بۇ ئاسماندىكى تولۇن ئاي كەبى، زېمىندا ماڭغان پەرىشتە كەبى بولىدۇ.

## 2 - بوش ۋاقىتنى پايدىلىنىش

بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىشقا كەلسەك، بۇ ئىش تەربىيەتچى بولغان ئادەم ئائىلىسىگە قايتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرغان چاغدا تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىش ۋە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىشقا مەركەزلىشىدۇ. بۇنداق بوش ۋاقىتلاردا تەربىيەتچى بولغان ئادەم بالىلارنى ئىلمىي جەھەتتە تەربىيىلەش، ئەقىدە جەھەتتە يېتىشتۈرۈش، ئەخلاق جەھەتتە كۆرسەتمە بېرىشكە ماس كېلىدىغان پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك!

كەچلىك بەزمىلىرىنى پەرزەنتلىرى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ۋە جىگەر پارىلىرىغا تەلىم-تەربىيە بېرىش ئۈچۈن نىشانلىق پروگراممىلارنى تۈزىدىغان ئاتا-ئانىلار نېمىدېگەن ياخشى ئاتا-ئانا ھە! بەلكى، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرى يادلاۋاتقان دەرسلەرنى ئاڭلاش، ياكى ئۇلار يېزىۋاتقان مەسىلىلەرنى چۈشىنىش، ياكى ئۇلار ئۆگىنىۋاتقان ھېكايىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، ياكى ئۇلار يۈزلىنىۋاتقان پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى چۈشەندۈرۈش، ياكى ئۇلار ئۆگىنىۋاتقان قۇرئان تىلاۋىتىنى ياخشىلاش، بالىلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدىغان ئويۇنلارنى ئويناش، ياكى ئۇلارنى خۇش قىلىپ كۈلدۈرىدىغان قىزىقارلىق چاقچاقلارنى قىلىش ئۈچۈن بالىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغان چاغدا، ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەجرى نېمىدېگەن كاتتا-ھە!

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ توغرا يول پەرزەنتلەر ئۈچۈن پۈتكۈل ياخشىلىقنى روياپقا چىقىرىدۇ، ئۇلارنى ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ئېسىل ئەخلاق پەللىسىگە كۆتۈرىدۇ، بەلكى، ئۇلار ئىچىدىن بېجىرىم ئىنسان، دانا ئەركەك

ۋە پەزىلەتلىك ۋە ئېسىل مۇسۇلمان يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

بۇ يول ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلەرنى ھايات ئۈچۈن يېتىشتۈرۈش، پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ بىناسىدىكى مۇستەھكەم بىر خىش بولۇشى ئۈچۈن تەييارلاش، مۆئمىن ۋە سالىھ بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تەربىيىلەشنىڭ نەمۇنىلىك يولىدۇر.

پەرزەنتلەر ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى دوستلىرى بىلەن كەچلىك بەزمىلەردە، ياكى مەھەللىسىدىكى باللار ئىچىدىكى بىكارچىلار بىلەن قەھۋەخانىلاردا، ياك يۇرتىدىكى ھەمتەڭلەر ئىچىدىكى تاپتىن چىققان، ئەخلاقسىز باللار بىلەن شەھۋانىي فىلىملەر قويۇلىدىغان تىياتىرخانىلاردا ئۆتكۈزسە، دادا، ياكى ئانا، ياكى تەربىيەتچىلەر بۇ باللارغا قانچىلىك زۇلۇم قىلغان، قانچىلىك ھەق-ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان، قانچىلىك ئىنسانىيىتىنى ۋەيران قىلغان بولار؟ ...

## • ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى

پەرزەنتلەرنى ئىمانلىق ۋە توغرا، تەۋرەنمەس ئېتىقادلىق قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىن باشقا ياخشىراق كىم بار؟

پەرزەنتلەرنى ئېسىل ئەخلاقلىق ۋە ئالىيجاناب قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىن ياخشىراق كىم بار؟

پەرزەنتلەرنى ئەقلى ساپ، جىسمى ساغلام ۋە كۈچلۈك قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىن لايىقراق كىم بار؟

پەرزەنتلەرنى ئىلىملىك ۋە مەدەنىيەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىن ياخشىراق كىم بار؟

پەرزەنتلەرنى روھىي پرىنسىپلار ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش، تەمكىن بولۇش ئاساسلىرى بويىچە تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىن ياخشىراق كىم بار؟

پەرزەنتلەرنى باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىدىغان، ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدىغان ھالەتتە تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىن ياخشىراق كىم بار؟

ناۋادا دادا ئۆيۈنچى، بىكار تەلەپ، ئانا دىنىي ئەخلاقتا سەل قارايدىغان بولۇپ قالسا، باللارنى مۇشۇ خىسلەت بويىچە تەربىيىلەيدىغان، ئۇلارنىڭ روھىدا ئەشۇ ئالىيجانابلىقلارنى يېتىلدۈرىدىغان ئادەم كىم؟

ئاللاھ تەئالا شەۋقى ھەزرەتلىرىگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:

يېتىم ئەمەس ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغان،
بۇ دۇنيادا خارلىنىپ قول-قاناتى قايرىلغان.
ھەققىي يېتىمدۇر ئەخلاقسىز ھەم پەرۋاسىز،
ئانا بىلەن ئاتىنىڭ قۇچىقىدا زارلىغان.

ئۇنداقتا ئاتا-ئانا ھەر ئىككىلىسى پەرزەنتلىرىنى ئىمانلىق، ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئەقلى پىشقان ۋە روھىي جەھەتتە تەمكىن ھالەتتە تەربىيىلەش، مەنپەئەتلىك ئىلىملەر ۋە خىلمۇخىل پايدىلىق بولغان مەدەنىيەتلەر بىلەن قوراللىنىشقا كۆرسەتمە بېرىشكە باشتىن-ئاخىر مەسئۇل كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم راست ئېيتقان: «ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسى ئىچىدە پادىچىغا ئوخشايدۇ ۋە ئۆز پادىلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىغا ئوخشايدۇ ۋە ئۆز پادىلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ» (سەھىھلىكتە بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەئالا ھەرقانداق پادا باققۇچىدىن ئۆزى باققان پادىسىنى جايىدا قوغدىدىمۇ ياكى زايا قىلىۋەتتىمۇ؟ چوقۇم سوئال قىلىدۇ» (ئىبنى ھىببان رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

يەنە مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر دادا ئۆز بالىسىغا ياخشى ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگەتكەندىنمۇ ئارتۇقراق ھەدىيە بەرگىنى يوق» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئۇنداقتا ئاتا-ئانىلار چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ تولۇق مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىشى، مۇشۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىپ، ئاشۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن بوش ۋاقىتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى كېرەك!

ئىلگىرىكى ھەدىستە كەلگەن ۋە تەپسىلاتلىرى كونكرېتنى بايان قىلىنغان ئاشۇ مەسئۇلىيەتلەردىن قايسى بىر مەسئۇلىيەتكە سەل قاراش، ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەنلەردىن باشقىلارغا مال-دۇنيا ۋە بالىلار ئەسقاتمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دە ئاتا-ئانىلارنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ئازابقا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بىلىشلىرى كېرەك!

ئاتا-ئانىلار ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار! ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» (66:6) دېگەن سۆزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە كۇپايە.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئاتا-ئانىلار بۇ ئايەتنى ئېسىدە تۇتسا، ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ ئىككىسىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ۋە مۇشۇ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ چوڭ ئامىل بولىدۇ.

تەربىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇسۇن! پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلانسۇن! ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۈنى ئۇلار كەسمىسە، ئۇ ئۇلارنى كېسىۋېتىدىغان قىلىچقا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، مەجبۇرىيەتلىرى ۋاقىتلىرىدىن بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئۆمۈرنىڭ ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىپ قالىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئۇلار زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلالمىسا، بۇ مەسئۇلىيەتلەرگە لايىقىدا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇلار سەزمەي قالغان ھالەتتە ئۇلارغا تۇيۇقسىز ئۆلۈم كېلىدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ئازاب كېلىپ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدىغانلىقىنى بىلىشلىرى كېرەك!

www.uyghurkitap.com

بۈيۈك ئاللاھ تەئالا «قۇرئان كەرىم»دە راست ئېيتقان: «سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان (كۈن كېلىشتىن) بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار! سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازاب تۇيۇقسىز كېلىشتىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار!» (55 ـــ 39:54).

ئاخىردا مەن دەرىجىلىرى خىلمۇخىل، مەسئۇلىيەتلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان بارلىق تەربىيەتچىلەرگە، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلارغا تەلىم-تەربىيە ھەققىدە، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيە ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ لاھىيەلەرنىڭ چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش ۋە ئەر-ئايال ھەممىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئەي تەربىيەتچىلەر! تەلىم-تەربىيە بېرىشتە بالىلىرىڭلارغا ئۆگىتىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلار ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇڭلار! بۇنداق قىلساڭلار تەربىيىلەش ۋە مەسئۇلىيەت ھەققى زىممەڭلارغا چۈشكەن ھەممە ئادەم ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولالايسىلەر. ئاندىن كېيىن جىگەر پارەڭلار بولغان ئەۋلادلىرىڭلارغا تەلىم-تەربىيە بېرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلاركى، ئۇلار ساغلام ئەقىدە، مۇكەممەل ئىسلام ۋە يۈكسەك ئەدەپ-ئەخلاقلىق چوڭ بولسۇن! مۇشۇ ئارقىلىق سىلەر ئۇلارنى مۇئمىن قەلبلەر بىلەن، سەۋرچان نەپسلەر بىلەن، ساپ ۋە پاك روھلار بىلەن، پىشىپ يېتىلگەن، ئۆزىنى تونۇۋالغان ئەقىللەر بىلەن، چىدامچان ۋە كۈچلۈك بەدەنلەر بىلەن ھايات قاينىمىغا چۈكۈپ، ئەڭ مۇشەققەتلىك مەسئۇلىيەتلىرىڭلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تەييارلىغان بولىسىلەر! . . .

شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن تىرىشىڭلار! بىرلىككە كېلىڭلار! ئاللاھ تەئالانىڭ بەرىكىتى بىلەن مېڭىڭلار! ئاللاھ تەئالانىڭ بۈيۈكلۈكى تەشنالىقىڭلارنى قاندۇرسۇن! كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىڭلارغا سەرنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭلار ۋە قىلغان خىزمەتلىرىڭلار بەرىكەتلىك بولسۇن!

ئاللاھ تەئالانىڭ كۆزى سىلەرنى ساقلايدۇ!

ئاللاھ تەئالا سىلەرگە ياخشى مۇكاپاتلار بەرسۇن!

قىيامەت كۈنى سىلەرگە مول ئەجىر بەرسۇن!

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەمەل قىلىڭلار! قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ تەئالا، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ تەئالا)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ئاللاھ تەئالا قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ» (9:105).

دۇئايىمىزنىڭ ئاخىرى: «جىمىي ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەئالاغا خاستۇر».

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

## ئۈچىنچى قىسىم

- پەرزەنتلەرگە تەسىر كۆرسەتكۈچى تەربىيە ۋاستىلىرى
- پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئاساسىي قائىدە-پرىنسىپلار
- زۆرۈر بولغان تەربىيىۋى تەكلىپلەر

### بىرىنچى پەسىل پەرزەنتلەرگە تەسىر كۆرسەتكۈچى تەربىيە ۋاستىلىرى

ھۆرمەتلىك كىتابخان! «پەرزەنت تەربىيەسى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، مەيلى ئىمان ياكى ئەخلاق تەرەپتە بولسۇن، ئەقلىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، شەخسىي ياكى ئىجتىمائىي جەھەتتە بولسۇن، تەربىيەتچىلەرنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى چوڭ مەسئۇلىيەتلىرى ھەققىدە بايانلارنى ئوقۇدىڭىز. ئىلگىرى تەپسىلاتى كونكرېتنى بايان قىلىنغان بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە ۋە بالىلارنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر كەلگۈسىدە تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىلىرىگە ئېرىشسە، ئۆزلىرى تىككەن كۆچەتلىرىنىڭ سايىسىدا سايىدىسا، ئۆزلىرىنى قانچىلىك بەختلىك ھېس قىلار، قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر؟

جىگەر پارىلىرىنىڭ زېمىندا مېڭىۋاتقان پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى، يۈرەك مېۋىلىرىنىڭ ئىنسانلار ئىچىدە كېزىپ يۈرۈۋاتقان ھەرىكەتچان سەھىپىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى قانچىلىك يايراپ، قانچىلىك خۇرسەن بولار؟

لېكىن، تەربىيەتچىلەر مۇشۇ ئارقىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدىم، مەجبۇرىيىتىمنى ئۆتىدىم، تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم دەپ ئويلاپ، مۇشۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مۇشۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلسىلا كۇپايە قىلامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، داۋاملىق مۇكەممەللىك ۋە ئەۋزەللىكنى ئىزدەش

مەسئۇلىيىتى بارمۇ؟

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئائىلىق ۋە ئىنساپلىق تەربىيەتچى شان ـ شەرەپ ۋاستىلىرى ھەققىدە ۋە پەرزەنتلىرىنى ئەقىدە، ئەخلاق، ئىلىم، روھ ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تەربىيىۋى قائىدە ـ پىرىنسىپلار ھەققىدە، تاكى پەرزەنتلەر مۇكەممەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە، پىشىپ يېتىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغان، چوڭقۇر پىكىر قىلىش ۋە تەمكىنلىكنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسىگە يەتكەنگە قەدەر داۋاملىق ئىزدىنىدۇ. لېكىن، بۇ شان ـ شەرەپ ۋاستىلىرى ۋە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تەربىيىۋى قائىدە پىرىنسىپلار قايسى؟

مېنىڭچە بۇ ۋاستە ۋە قائىدە ـ پىرىنسىپلار مۇنداق بەش ئىشقا مەركەزلىشىدۇ:

1 ـ ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش؛

2 ـ ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق تەربىيىلەش؛

3 ـ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق تەربىيىلەش؛

4 ـ كۆزىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەش؛

5 ـ جازالاش ئارقىلىق تەربىيىلەش.

## 1 ـ ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش

تەلىم ـ تەربىيىدە ئۈلگە بولۇش بولسا، پەرزەنتلەرنى ئەخلاق، روھ ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلەردىن بىرىدۇر. چۈنكى، تەربىيەتچى بولغان ئادەم كىچىك بالىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئالىي نەمۇنە ۋە ياخشى ئۈلگىدۇر. ئۇ بالا بىلىپ ـ بىلمەي ئىش ـ ھەرىكەتتە تەربىيەتچىنى دورايدۇ. ئەخلاق جەھەتتە تەربىيەتچى قىلغاننى قىلىدۇ. بەلكى، تەربىيەتچىنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، ھېسسىيات ۋە مەنئۇيەت جەھەتلەردىكى ئوبرازى بىلىپ ـ بىلمەي بالىنىڭ روھى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى تەبىئىي خاراكتېرىگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۈلگە بولۇش بالىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىدىكى چوڭ ئامىلدۇر. مەسىلەن، تەربىيەتچى بولغان ئادەم راستچىل، ئىشەنچلىك، ئەخلاقلىق، ئىپپەتلىك بولسا، بالىمۇ راستچىل، ئامانەتچان، ئەخلاقلىق، ئېسىل، شىجائەتلىك ۋە ئىپپەتلىك چوڭ بولىدۇ. ئەگەر تەربىيەتچى يالغانچى، خىيانەتچى، ئەخلاقسىز، بېخىل، قورقۇنچاق، پەسكەش بولسا، بالىمۇ يالغانچى، خىيانەتچى، ئەخلاقسىز، قورقۇنچاق، بېخىل ۋە پەسكەش چوڭ بولىدۇ.

شەكسىزكى، بالىنىڭ ياخشى ئەمەلگە تەييارلىنىشى قانچىلىك زور بولسۇن، تەبىئىي خاراكتېرى قانچىلىك ساپ ۋە ساغلام بولسۇن، تەربىيەتچىسىنى ئەخلاق ۋە قەدىر ـ قىممەتلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە ۋە ئالىي نەمۇنە بولىدىغان ھالەتتە كۆرمىسە، ئۇ بالا ياخشىلىق پىرىنسىپلىرىغا ۋە ياخشى تەربىيە ئاساسلىرىغا توغرا ئىنكاس قايتۇرالمايدۇ.

تەربىيەتچى بولغان ئادەم بالىلارغا تەربىيە پىلانلىرى ئىچىدىن قايسىبىر پىلاندا بىر نەرسە ئۆگىتىش قۇلاي،

لېكىن بالىلار ئۆز تەربىيەسىگە مەسئۇل بولغان ئادەمدە بۇ پىلاننىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ پىلاننىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىمىغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار بۇ پىلانغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئورنىدا قىيىن.

مۇشۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئەرەب شائىرىمىزنىڭ مۇنۇ كايىش سۆزى ئىش-ھەرىكىتى دېگەن گېپىگە ئوخشىمايدىغان مۇئەللىمگە قاتتىق ئەلەم بولغان:

ئاللاھ تەئالا ساماۋىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆزى تەرىپىدىن مەلۇم بىر ئۈممەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇ پەيغەمبەردىن دىنىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭغا ئەگىشىشى، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشى، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشى، ئىپسىل پەزىلەت ۋە بۈيۈك ئەخلاق بابىدا شۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىشى ئۈچۈن، بۇ پەيغەمبەرنىڭ روھى، ئەخلاقى ۋە ئەقلىي مۇكەممەللىكلەرنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسى بىلەن سۈپەتلىنىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ پەيغەمبەرلىك تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تەئالانىڭ تاپشۇرۇشىغا ئائىت بىر ئىش بولدى. چۈنكى، ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەردە قىلىشنى (يەنى كىمنىڭ پەيغەمبەرلىككە لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئاللاھ تەئالا ئىنسانلار ئىچىدىن خۇش بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر بولۇشقا كىملەرنى تاللايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ياخشى ئۈلگىسى بولۇشى ئۈچۈن ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى نۇرلۇق چىرىغى ۋە ھىدايەت ئېپى بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

## • رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى ئۈلگىدۇر

«سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» (33:21)؛

«ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت-ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق» (46 — 33:44).

ئاللاھ تەئالا ئۈزلۈكسىز دۇنياغا كېلىدىغان كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەخلاقنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە بۈيۈكلۈكىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا مەڭگۈلۈك جانلىق ئۈلگە ئۈچۈن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خاراكتېرىدە ئىسلامىي يولنىڭ مۇكەممەل كۆرۈنۈشىنى يېتىلدۈرگەن.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغان چاغدا، ئۇ زات: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

شەكسىزكى، بۇ ئىنتايىن نازۇك مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىخچام ۋە ئومۇمىي جاۋاب بولۇپ، ئائىشە



www.uyghurkitap.com

رەزىيەللاھۇ ئەنھا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئومۇمىي كۆرسەتمىسى ۋە ئىسىل ئەخلاقلىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى مۇشۇ جاۋابىنىڭ مەنالىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

ـــ ھەق! شەكسىزكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىك ئەمەللىرىنىڭ جانلىق تەرجىمانى ۋە قۇرئاننىڭ مەڭگۈلۈك كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەرىكەتچان ئوبرازى ئىدى.

ئەخلاق-پەزىلەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىنلىششقا كىم قادىر بولالايدۇ؟ ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۈيۈك ئەخلاق دېڭىزىنىڭ مەلۇم بىر پارچىسىغا كىم يېتەلەيدۇ؟

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى ھەققىدە، ئۇنىڭ داۋاملىق بەدەنلەرنىڭ ساغلاملىقى، كائىناتنىڭ قۇياشى، زۇلمەت دېڭىزلىرىدا پارلىغان تولۇن ئاي بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ئەدەپ-ئەخلاقلارنى ئۆگەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغانلىقى، ئۇنىڭ پەخىرلىنىشى، ئۇلۇغلۇقى ۋە مەڭگۈلۈك پەيغەمبەر بولۇشىغا يېتەرلىك.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رەببىم ماڭا ئەدەپ ئۆگەتتى، ئاندىن ئەدەپ ئۆگىتىشنى ياخشى قىلدى» (ئەسكەرى ۋە ئىبنى سەمئانى رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىمۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇنىڭغا ئەدەپ ئۆگەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ رەببانىي پەرۋىشتە بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاھىلىيەت گۇناھلىرىدىن بىرەر گۇناھنى قىلىشقا ئورۇنمىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭ ئىپپەتلىك ۋە پاك دەپ تونۇلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ئەمما، ئۇ راستچىللىق ۋە ئامانەتچانلىق تەرەپتىن جاھىلىيەت ئەھلى ئۇنى پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ئۇنى «راستچىل ۋە ئىشەنچلىك» دەپ چاقىراتتى. بۇ بولسا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئارىسىدا دېگەن گەپ بولۇپ، ئۇلار: «بىز سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭنى كۆرمىدۇق» دېگەن.

ئەمما، ئۇنىڭ ئەقىللىق زېرەكلىكىدە ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ تۇرالمايتتى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز تەدبىرى ۋە دانالىقى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەدنى جايىغا قويۇشتا قەۋمى ئۈچۈن مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ بەرگەنلىكى ۋە قاچانغىچە سوزۇلۇشىنى ئاللاھ تەئالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇش ئوتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، پەخرى ۋە مەڭگۈلۈك پەيغەمبەرلىكىگە يېتەرلىك.

ئەمما، دەۋەتنى يەتكۈزۈشتە تاكى ئۈممىتىنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئۇيقۇمۇ ياقمايتتى. تاماقمۇ ئېتمايتتى. كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قايغۇرۇپ ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋەتمەسلىكى ۋە جىسمىنى خەتەرگە ئۇچراتماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ غەم-قايغۇلىرىنى يەڭگىللىتىش ھەمدە ھەرىكىتى ۋە دەۋەت يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىمەسلىككە قىزىقتۇرۇپ ئايەتلەر نازىل بولاتتى. مەسىلەن، مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن:

«ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن» (18:6).

«شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگە ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ تەئالا ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ» (28:56).

«سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن» (35:8).

مۇشۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋەت يولىدىكى مۇستەھكەملىكى، تەۋرەنمەسلىكى، چىدامچانلىقى، سەۋرچانلىقى، قەتئىيلىكى ۋە جىھادىدا ئەڭ ئالىي نەمۇنە ئىدى. شۇنداقلا، ئىرادە ئىگىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرمۇ تاكى ئۆز قەۋملىرىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرگىنىنى كۆرگەنگە قەدەر تىرىشاتتى ۋە كۈرەش قىلاتتى.

## • ئىبادەتتىكى ئۈلگىلىكى

ئەمما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبادەت ۋە ئەخلاق ساھەسىدە ياراتقان ئۈلگىلىك روھىغا كەلسەك، ئۇ ئىبادەت ۋە ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن. زامانلار ئۆتۈپ، دەۋرلەر ئالماشقانسېرى ئىنسانلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبادىتى ۋە ئومۇمىي ئەخلاقىدا مۇكەممەل نەمۇنە، ياخشى ئۈلگە ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى نۇرلۇق چىراغ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئىبادەتتىكى ئۈلگىلىكى ھەققىدە مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە قىيامدا تۇرۇۋېرىپ، تاپانلىرى ئىششىپ كەتتى. ئۇنىڭغا: «ئاللاھ تەئالا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدى ئەمەسمۇ؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «مەن شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟!» دەپ جاۋاب بەردى (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

يەنە ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈنلەر ئىچىدىن مەلۇم كۈندە ئارتۇقراق ئىبادەت قىلاتتىمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ياق، ئۇنىڭ ئەملى داۋاملىق ئىدى، سىلەرنىڭ قايسىڭلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاندەك ئىبادەت قىلىشقا قادىر بولالايسىلەر» دېگەن (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ئەنە شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەلبى ئاللاھ تەئالاغا باغلانغانىدى. ئىبادەت قىلىشقا ۋە رەببى بىلەن سىرداشىشقا ئاشىق ئىدى. كېچىلىرى قىيامدا تۇراتتى. كۈندۈزىنىڭ مەلۇم قىسمىدىمۇ ناماز ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. نامىزىدا لەززەت، ئىبادىتىدە خۇرسەنلىك ھېس قىلاتتى. ساھابىلىرىنى ئۇلار تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلاردا ئۆزىنى دوراشتىن ۋە ئۈلگە قىلىشتىن چەكلەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيتتى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر ئەمەلنى قىلىشنى ياخشى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، باشقىلارنىڭمۇ شۇ ئەمەلنى قىلىپ، ئۇ ئەمەل ئۇلارغا پەرز قىلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى قىلىشنى تەرك

ئېتەتتى»،

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كېچە-كۈندۈز ياكى ئۈچ كېچە-كۈندۈزنى ئۇلاپ روزا تۇتتى. بۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. باشقا ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش ئۇلاپ تۇتۇشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىۋىدى، ئۇ: «كاشكى بۇ ئاي بىزگە تېخىمۇ ئۇزۇن قىلىنغان بولسا، بىز ئۇلاپ روزا تۇتۇۋېرەتتۇق، ئاندىن ئىبادەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى تەرك ئەتكەن بولاتتى. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، رەببىم ماڭا تائام بېرىپ ۋە سۇغىرىپ تۇرىدۇ (يەنى مېنىڭ ئۇلاپ روزا تۇتۇشۇمغا ياردەم بېرىپ، مېنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ)» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەئالا بۇيرىغان تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇش، ئىبادەت قىلىش، زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنى جايىدا ئىجرا قىلىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە ئىبادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدە بولمىسۇن؟! ...

«ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن. ساڭا ھەقىقەتەن ئەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۇچۇن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنىچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ» (73:1 — 6)؛

«ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت مەقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر» (17:79)؛

«ئەتىگەن-ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭغا كۆپ تائەت-ئىبادەت قىلغىن)، كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت» (76:25 — 26)؛

## • ئالىيجاناب ئەخلاقتىكى ئۈلگىلىكى

ئەمما، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىنىڭ ئۈلگىلىك تەرىپىگە كەلسەك، مەيلى ئۇنىڭ سېخىيلىقى ۋە زاھىدلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ياكى كەمتەرلىك ۋە ئېغىر-بېسىقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ياكى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە شىجائەتلىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ياكى ئۈممەتنى ياخشى باشقۇرۇشى ۋە پرىنسىپتا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىدىن بىردىن تېپىك مىسال ئالساق كۆپايە ...

www.uyghurkitap.com

## • سېپىيلىقتىكى ئۈلگىلىكى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارغا ئاتايى ـ ئېھسانلارنى ناھايىتى كۆپ بېرەتتى، نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقمايتتى. ئۇ ياخشىلىقتا ئەركىن شامالدىنمۇ سېخىيراق ئىدى. رامزاندا ھەممىدىن بەك سېخىي بولۇپ كېتەتتى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ھەرقاچان رەسۇلۇللاھتىن ئىسلام ئۈچۈن بىرەر نەرسە سورالسا، ئۇ بەرمەي قويمايتتى. ھەقىقەتەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر نەرسە سوراپ كېلىۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر توپ قوي پادىسىنى بېرىۋەتتى. ئۇ كىشى قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار! ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامرات بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان ئادەمدەك بېرىدىكەن» ( ھافىز ئەبۇ شەيخ رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەرقاچان بىر نەرسە سورالسا، ئۇ «يوق» دېمەيتتى.

## • زاھىدلىقتىكى ئۈلگىلىكى

زاھىدلىقتىكى ئۈلگىلىكى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ بورا ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك بېقىنلىرىغا بورىنى ئىزلىرى چىقىپ كەتكەنىدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا كۆرپە قىلىپ بەرگەن بولساق، بورا بېقىنلىرىڭغا پېتىپ كەتمەس ئىدى» دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنىڭ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مەن دۇنيادا پەقەت دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىداپ ئارام ئالغاندىن كېيىن ئۇنى تاشلاپ كەتكەن يولۇچىغا ئوخشايمەن» دېدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئائىلىسىگە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك رىزىق بەرگىن!».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندىن باشلاپ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئۇدا ئۈچ كۈن بۇغداي نېنىغا تويۇپ باقمىغان ( ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان ).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر پارچە ئارپا نېنى بېرىۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا: «بۇ داداڭ ئۈچ كۈندىن بېرى يېگەن تۇنجى تاماق» دېدى ( ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەئالانىڭ: «بىز ( كۇففارلاردىن ) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن! بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ

رىزقى (يەنى ساۋابى) بـۇ پانىي نېمەتتىن ياخشىدۇر ۋە ئـەڭ مەڭگۈلۈكتـۇر» (20:131) دېگـەن سـۆزىدىكى ئىرادىسـىنى ۋە خىتابىنـى كەسـكىن ئىجـرا قىلغۇچـى تۇرسـا، قانداقمـۇ دۇنياغـا بېرىلمەسـلىكنىڭ ئـەڭ يۇقـىرى مەرتىۋىسـىدە بولمىسـۇن؟!

بىـز ھەرگىـز پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ قولـى قىسـقا، ياكـى كەمبەغـەل، ياكـى ئـوزۇق-تۈلۈكـى ئـاز بولغانلىقـى ئۈچـۈن زاھىـد ئـىدى دەپ چۈشەنمەسـلىكىمىز كېـرەك! ئەگـەر پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ھايـات خۇشـاللىقلىرىنى، نازۇ-نېمەتلەرنـىڭ كـۆپ بولۇشـىنى ۋە ھاياتـى دۇنيانـىڭ زىبـۇ-زىننەتلىرىدىـن مەنپەئەتلىنىشـنى ئـىرادە قىلغـان بولسـا، ئۇنـىڭ ئالدىغـا دۇنيـا ئىتائـەت قىلغـان ۋە ئۆزىنى تـۆۋەن تۇتقان ھالـدا كەلگـەن بولاتتـى. لېكـىن، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم نۇرغـۇن ئىشـلار تۇپەيلىدىـن دۇنياغـا بېرىلمەسـلىكنى ۋە دۇنيادىـن ئۆزىنـى تارتىشـنى تاللىغـان.

مەن تۆۋەندە بۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئەڭ مۇھىم بولغانلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

ــــ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم زاھىدلىقـى (يەنـى دۇنياغـا بېرىلمەسـلىكى) ئارقىلـىق مۇسـۇلمان ئەۋلادلارغـا ئۆزئـارا ھەمكارلىشـىش، قۇربـان بېرىـش ۋە باشـقىلارنىڭ مەنپەئىتىنـى ئـۆز مەنپەئىتىدىـن ئـەلا بىلىـش ئۇقۇملىرىنـى ئۆگىتىشـنى ئـىرادە قىلغـان.

ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھادىـن رىۋايـەت قىلىنىدۇكـى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئـۇدا ئـۈچ كـۈن تويغـۇدەك تامـاق يـەپ باققـان ئەمـەس، ئەگـەر بىـز تويغـۇدەك تامـاق يېيىشـنى خالىسـاق، ئـۇ ئـۆز نەپسـىدىن كېچەتتـى (ئىمـام بەيھەقـى رەھمەھۇلـلاھ رىۋايـەت قىلغـان).

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم نامـرات بولـۇپ قېلىشـتىن قورقمايدىغـان ئادەمـدەك بېرىدىغانلىقـى ھەققىدىكـى ھەدىسـنى يۇقىرىـدا سـۆزلەپ ئۆتتـۇق.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇسـۇلمان ئەۋلادلىرىنـى ھاياتـى دۇنيانـىڭ زىبۇ-زىننەتلـىرى ۋە ئۇنـىڭ پىتنىسـى دەۋەت مەجبۇرىيىتىنـى ئۆتەشـتىن ۋە ئالـلاھ تەئالانـىڭ كەلىمىسـىنى ئۈسـتۈن قىلىـش ئۈچـۈن كـۈرەش قىلىشـتىن توسـۇپ قويۇشـتىن ئەنسـىرەپ ھەمـدە ئۇلارغـا مال-دۇنيـا بـەك كۆپـرى بولـۇپ كەتكسـە، ئىلگىرىكـى ئۈممەتلـەر ھالـەك بولغانـدەك ھالـەك بولـۇپ كېتىشـتىن ئەنسـىرەپ، تۇرمۇشـنى قامدىيالىغـۇدەكلا رىزىققـا قانائـەت قىلىشـتا مۇسـۇلمان ئەۋلادلىرىغـا ئۈلگـە بولۇشـنى ئـىرادە قىلغـان.

ــــ قەلبىـدە كېسـەل بـار مۇناپىقـلار، دىـن دۈشـمەنلىرى ۋە كاپىرلارغـا كىشـلەرنى چاقىرىۋاتقـان دەۋەتچىدىـن مـال-دۇنيـا توپلاشـنى، پانىـي دۇنيانـىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنـى، پەقەتـلا يىگانـە ئالـلاھ تەئالادىـن ئەجىرگـە ئېرىشىشـنى، قېشـىدا دۇنيانىڭ مال-ماتالىرىدىـن ھېچنەرسـە يـوق ھالـدا ئالـلاھ تەئالاغـا ئۇچرىشىشـنى ئـىرادە قىلغانلىقىنى چۈشـەندۈرۈپ قويماقچـى بولغـان. ئۇنـىڭ ۋە ئۇنىڭدىـن ئىلگىرىكـى پەيغەمبەرلەرنـىڭ شـوئارى مۇنـداق ئـىدى: «ئـى قەۋمىـم! سـىلەرگە (دىنـنى) تەبلىـغ قىلغانلىقىـم ئۈچـۈن سـىلەردىن پۇل-مـال تەلـەپ قىلمايمـەن، مـاڭا ئەجىـر بېرىشـنى پەقـەت ئالـلاھ تەئـالا ئـۆز ئۈسـتىگە ئالغـان» (11:29).

www.uyghurkitap.com

## • كەمتەرلىكلىكتىكى ئۈلگىلىكى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمتەرلىكتە ئۈلگە ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن بىر زاماندا ياشىغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى، ئۇ ساھابىلىرىگە بۇرۇن سالام قىلاتتى. مەيلى كىچىك بولسۇن، ياكى چوڭ بولسۇن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، قولىنى كېيىن قويۇپ بېرەتتى. بىرەر سورۇنغا كەلسە، سورۇندىكى ساھابىلىرىنىڭ كەينىدە ئولتۇراتتى. بازارغا بېرىپ سېتىۋالغان نەرسە-كېرەكلىرىنى ئۆزى كۆتۈرەتتى ۋە مەن بۇنى كۆتۈرۈشكە ئەڭ لايىق دەيتتى. مەيلى مەسجىد قۇرۇلۇشىدا بولسۇن، ياكى خەندەك كولىغاندا بولسۇن، ئىجارىگە ئىشلىگۈچى ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە چوڭچىلىق قىلمايتتى. قول ۋە دېدەكلەرنىڭ چاقىرىقىغىمۇ ئىجابەت قىلاتتى. ئۆزرە ئېيتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. كىيىملىرىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى. كەشىنى يەملەيتتى. ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. تۆگىسىنى باغلايتتى. خىزمەتكارلار بىلەن تاماق يەيتتى. ئاجىز-يوقسۇللارنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىپ بېرەتتى. توپىدا ئولتۇراتتى.

ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا: «ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن» (26:215) دېگەن سۆزىنى نازىل قىلغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ مۇشۇنداق ئېنتايىن كەمتەر بولمىسۇن؟! ...

## • ئېغىر-بېسىقلىقتىكى ئۈلگىلىكى

ئېغىر بېسىقلىقتىكى ئۈلگىلىكىگە كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيلى ئەئرابىلار (سەھرالىق ئەرەبلەر)نىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندا بولسۇن، ياكى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ھاكاۋۇرلۇقلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندا بولسۇن، ئېغىر-بېسىقلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەن.

— ئەئرابىلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان چاغدىكى ئېغىر-بېسىقلىقى ھەققىدە ئۇنىڭ تارىخىدىكى نۇرغۇن مىساللار ئىچىدىن مۇنۇ بىر مىسالنى سۆزلىسەم يېتەرلىك.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە مېڭىۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچىسىدا قوپال رەختتىن توقۇلغان نەجران تونى بار ئىدى. بىر ئەئرابىي كېلىپ ئۇنىڭ تونىدىن سىلكىپ تارتقانىدى، تونىنىڭ ياقىسى ئۇنىڭ بويىنىنى سۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ: «ئى مۇھەممەد! يېنىڭدىكى ئاللاھ تەئالانىڭ مېلىدىن ماڭا بۇلۇپ بەرگىن!» دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارىدىم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرىدى (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

— غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دۈشمەنلىرىگە مۇئامىلە قىلغان چاغدىكى ئېغىر-بېسىقلىقىغا كەلسەك، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئەزىيەت بەرگەن، دەھشەتلىك ئېكىسپولاتاتسىيە قىلغان، يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغان، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ۋە ئۇنىڭغا يالغاندىن تۈرلۈك بوھتانلارنى چاپلىغان

مەككە مۇشرىكلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسىگە قارايدىغان بولساق، ھەرقانداق ئىككى كۆزى بار ئادەمگە ئۇنىڭ ئەپۇچان ۋە كەڭ قورساقلىق ئەينىكىدىكى ئۇلۇغ سىماسى نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ مەككىنى مۇشرىكلاردىن تازىلىغان، ئۇنىڭ جەڭ ئاتلىرى مەككىگە بېسىپ كىرگەن، ئەرەب يېرىم ئارىلى مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ باقمىغان زور قوشۇن ئىچىدىكى غالىب ھالىتىگە قاراڭلار! ئۇنىڭ پۈتۈن مەككە ئاھالىسىنى، ھەتتا زېمىندا ھەددىدىن ئاشقان ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغان كاتتىۋاشلارنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە ئېھسان قىلغانلىقىغا قاراڭلار! ھالبۇكى، زېمىننىڭ باشقا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇنداق غەلىبە قازانغان چاغدا، دۈشمەنلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن باشقا ئىشلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغىنى بولسا، پەقەت ئۇلارنى بىرلەشتۈردى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلدى ۋە ئۇلارنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى. ئۇلارغا تارىخ بېتىگە مەڭگۈلۈك خاتىرلەنگەن مۇنۇ سۆزنى دېدى: «سىلەر مېنى نېمە قىلىدۇ؟ دەپ ئويلايسىلەر»، ئۇلار: «سەن بولساڭ بىزنىڭ كەڭ قورساق قېرىندىشىمىز ۋە كەڭ قورساق قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى، شۇڭا بىزگە ياخشىلىق قىلار دەپ ئويلايمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «بېرىڭلار! ھەممىڭلار ئازاد سىلەر!» دېدى.

ئاللاھ تەئالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭغا: «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرىغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)» (7:199)؛ «ئۇلارغا چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن» (15:85) دېگەن سۆزلىرىنى نازىل قىلغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ مۇلايىملىقنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى پەللىسىدە بولمىسۇن؟! ...

## • جىسمانىيىتى كۈچلۈك بولۇشتىكى ئۈلگىلىكى

جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشتىكى ئۈلگىلىكىگە كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈرەش قەھرىمانلىرى ۋە مۇستەھكەم ئىرادە ئىگىلىرىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە جاسارەتتە ئۇلۇغۋار نەمۇنە ياراتقان.

قانداقسىگە شۇنداق بولمىسۇن؟! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىلىشچىلارنىڭ سەركىسى رەكانەنى ئۈچ قېتىم يىقىتقان تۇرسا! ...

رەكانە ئۈچىنچى قېتىم يىقىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «مەن سېنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن.

قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوھۇد جېڭىدە ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن نەيزە ئارقىلىق ئېلىشقان چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەيزىسىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە نىشانلاپ ئاتقان، ئاندىن ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ كەتكەن ۋە دەرد ـ ئەلىمىنى يېڭىشكە ئورۇنۇپ: «ئەگەر مۇھەممەد ماڭا تۈكۈرگەن بولسىمۇ، ئەلۋەتتە مېنى ئۆلتۈرىۋېتەتتى» دېگەن.

قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟! ساھابىلەر خەندەك كولىغان چاغدا، نۇرغۇن بىلەكلەر ۋە نۇرغۇن پالتىلار ھېچنېمە قىلالمىغان چوڭ بىر قورام تاشنى پارچىلاشتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تايانغان

تۇرسا! ...

قانداقمۇ شۇناق بولمىسۇن؟! ساھابىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈرەكلىكلىكى، جىسمىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ مەزمۇتلۇقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، قىيىن ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدىغان تۇرسا! ...

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداقمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ ئالىي پەللىسىدە بولمىسۇن؟! ئۇ: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىدۇر ۋە ئاللاھ تەئالاغا سۆيۈملۈكرەكتۇر» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن تۇرسا! ...

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىسمىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە قانداقمۇ باشقىلارغا ئۈلگە بولمىسۇن؟! ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تېپىڭلار!» (8:60) دېگەن سۆزنى نازىل قىلغان تۇرسا! ...

## • شجائەتتىكى ئۈلگىلىكى

شجائەتتىكى ئۈلگىلىكىگە كەلسەك، شجائەتتە ھېچكىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشىيالمايتتى.

مېنىڭ نەزىرىمدە جەڭچىنىڭ شجائىتىگە ئەڭ ئالىي نەمۇنە بولالايدىغان مۇنۇ ئىككى ھادىسىگە قۇلاق سېلىڭلار: بىر كېچىسى مەدىنىلىكلەر قاتتىق بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتى ـ دە، ھەممەيلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئاندىن ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچرىدى. ئۇ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياۋداق ئېتىغا مىنىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۇلاردىن بۇرۇن بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كەلگەندى. ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچى ئېسىلغان بولۇپ، كىشىلەرگە: «قورقماڭلار! ...» دەپ كېلىۋاتاتتى.

ـــ ھۇنەيىن كۈنى كىشىلەر قېچىۋاتقان چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېچىرى ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

مەن پەيەمبەر راست سۆزۈم، يالغان ئېغىز ئاچمايمەن،

ئابدۇلمۇتتەلىب پۇشتىمەن، ياۋدىن ھەرگىز قورقمايمەن.

ئاشۇ كۈندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ ساباتلىقراق ۋە دۈشمەنگە يېقىنراق تۇرغان بىرسى كۆرۈنمەيتتى.

مېنىڭ ئۇزۇن تارىخ ئىچىدىن مۇشۇ ئىككى ۋەقەنى تاللىشىم شۇ سەۋەبتىندۇركى، بۇ ۋەقەنىڭ بىرىنچىسىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر ھەرىكەتكە كېلىشتىن بۇرۇن خەتەرلىك ئورۇنغا بېرىپ بولغان. ئىككىنچىسىدە بولسا، كىشىلەر قاچقان ھالەتتىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەتەرلىك ئورۇندا تەۋرەنمەي تۇرغان.

جەڭ ئىلمىنى بىلىدىغان ئادەملەر چوقۇم بۇ ئىككى ئورۇننىڭ شىجائەتنى سىنايدىغان ۋە قەھرىمانىنى ئايرىيدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. چۈنكى، قورقۇنچ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ۋە قورقۇنچ غەلىبە قىلغان ھالەتتە، ئىنسانغا خەتەرگە ئالدىدا بېرىش ۋە ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشتىن قىيىنراق ئىش يوق.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ خەتەرلىك ئورۇنلاردا قانداقمۇ شىجائەتمەنلىك بىلەن ئالدىدا ماڭمىسۇن؟! ھالبۇكى ئاللاھ تەئالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭغا: «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن! (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان، مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە) سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن، مۇئمىنلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرغىن ...» (4:84)؛ «ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر بولساڭلار قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ تەئالا ئەڭ لايىقتۇر» (9:13) دېگەن سۆزلىرىنى نازىل قىلغان تۇرسا! ...

## • دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈلگىلىكى

— دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈلگىلىكىگە كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭ-كىچىك، مۇئمىن-كاپىر، ئام-خاس بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈلۈغۋار نەمۇنىسى ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خاراكتېرىدە ئېسىل ئەخلاق بولغانلىقى، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىش ۋە ئىشلارنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇش قابىلىيىتى بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازىناتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زېرەكلىكى ۋە بۈيۈك ئەخلاقىدىن مەيدانغا كەلگەن ئاقىلانە سىياسىتىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، تارىخ بەتلىرى خاتىرىلىگەن نەمۇنىلىك ئىش-ئىزلىرى ئىچىدىن مۇنۇ بۈيۈك نەمۇنىگە قۇلاق سېلىڭلار:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن قۇرەيشلەرگە ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە غەنىمەتنى بۆلۈپ بېرىپ، ئەنسارلارغا ھېچنەرسە بەرمىگەن چاغدا، ئەنسارلار كۆپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز قەۋمىنى تېپىۋالدى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «ئەي ئەنسارلار! سىلەرنىڭ مۇنداق-مۇنداق دېگىنىڭلار ۋە مېنىڭ تەقسىماتىمغا نارازىلىق كەيپىياتىدا بولغىنىڭلار نېمىسى؟ مەن قېشىڭلارغا سىلەر ئازغۇن ھالەتتە كەلمىدىمۇ؟ ئاندىن ئاللاھ تەئالا مەن ئارقىلىق سىلەرنى ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟! ئىلگىرى كەمبەغەل ئىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ تەئالا مەن ئارقىلىق سىلەرنى باي قىلمىدىمۇ؟! بىر-بىرىڭلار بىلەن دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ تەئالا مەن ئارقىلىق قەلبىڭلارنى بىرلەشتۈرمىدىمۇ؟!» دېدى. ئەنسارلار: «ئەلۋەتتە ئاللاھ تەئالا ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدى ۋە كۆپ مەرھەمەت قىلدى» دېيىشتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئەنسارلار! ماڭا جاۋاب بەرمەمسىلەر؟!» دېدى. ئاندىن ئۇلار: «ياخشىلىق قىلىش ۋە پەزىلى-مەرھەمەت قىلىش ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مەنسۇپ تۇرسا، يەنە نېمە دەيمىز؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر خالىساڭلار

ئەلۋەتتە: ‹سەن بىزنىڭ قېشىمىزغا ئىنكار قىلىنغان ھالەتتە كەلدىڭ، بىز سېنى تەستىقلىدۇق، ياردەمچىسىز ھالەتتە كەلدىڭ، بىز ساڭا ياردەم بەردۇق، يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقىرىلدىڭ، بىز ساڭا جاي بەردۇق، پۇلسىز ۋە ھېچنېمەڭ يوق ھالەتتە كەلدىڭ، بىز بارنى سەن بىلەن تەڭ كۆردۇق› دېگەن بولاتتىڭلار. ئى ئەنسارلار! مەن ئۇلارنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئازراق مال-دۇنيا بەرسەم، سىلەرنى ئىمان ۋە ئىسلامىڭلارغا تاپشۇرسام، بۇنىڭغا نارازى بولدۇڭلارمۇ؟ باشقىلار قوي ۋە تۆگىلەرنى ئېلىپ كېتىپ، سىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆيلىرىڭلارغا ئېلىپ كېتىشكە رازى ئەمەسمۇ سىلەر؟ مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ھىجرەت قىلىش بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارلار ئىچىدىن ئەۋەتىلگەن بولاتتىم، ئەگەر بارلىق ئىنسانلار بىر يولدا ماڭسا، ئەنسارلار يەنە بىر يولدا ماڭسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارلار ماڭغان يولدا ماڭاتتىم. ئى ئاللاھ! ئەنسارلارغا رەھىم قىلغىن! ئەنسارلارنىڭ بالىلىرىغا ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا رەھىم قىلغىن» دېدى. بۇ چاغدا ئەنسارلار يىغلىشىپ، ھەتتاكى ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى ھەمدە ئۇلار: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ تەقسىمىگە رازىمىز» دېيىشتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋە ئۇنىڭ تىلى يېشىپ بەرگەن بۇ راست ۋە سەمىمىي سۆزلەر ئەنسارلارنىڭ قەلبلىرىنى ئېگىلىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى پەرىشتىلەر مەرتىۋىسىگە كۆتۈردى. پىتنە-پاساتنى زاكىسىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ھەقنى تونۇش ۋە ھېكمەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندى. بۇ سۆزلەر بىرگە مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە ئىسلام بايرىقى ئاستىدىكى بۆيۈك بىرلىكىنىڭ ئىشقا پېشىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنى ئىسلامنىڭ ئالىي مەنپەئەتىگە قانداق جۇغلىغانلىقى، ئىسلامنىڭ نۇسرىتى ۋە ئىززەت-شەرىپىنى كۆڭلىگە پۈكۈشى ھەمدە قەلبلەرنى بىرلەشتۈرۈش غايىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق ئالىيجاناب سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغان، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق زېرەكلىك ۋە قەلبلەرنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان، ياخشى سىياسىي ئىستىدات ئاتا قىلمىغان بولسا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىزمۇ مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرالمايتتى ھەمدە مېھىر-مۇھەببەت ۋە دوستانىلىق بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالمايتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىش ۋە مۇئامىلىسى ياخشى بولۇشتا، قانداقسىگە ياخشى ئۈلگە بولمىسۇن؟! ئۇ قولانغان مۇشۇ سىياسەتتە ۋە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ مۇئامىلىسىدە ئۆز رەببىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇچى تۇرسا! ...

رەببىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېئمىتىنى ئەسلىتىپ قىلغان خىتابىغا قۇلاق سېلىڭلار:

«ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھ تەئالاغا تەۋەككۈل قىلغىن، ئاللاھ



www.uyghurkitap.com

تەئـالا ھەقىقەتـەن تەۋەككـۇل قىلغۇچىلارنـى دوسـت تۇتـىدۇ (3:159).

## • پرىنسىپچانلىقتىكى ئۈلگىلىكى

ئىسـلامنىڭ ئاساسـىي پرىنسىپىدا تەۋرەنمـەي تۇرۇشـتىكى ئۈلگىلىككـە كەلسـەك، شەكسـىزكى بـۇ ئىـش پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ سـۈپەتلىرى ئىچىدىكـى گەۋدىلىـك سـۈپەت ۋە ئۇنـىڭ ئەخلاقلـىرى ئىچىدىكـى ئاساسـلىق ئەخـلاق ئىـدى. بـۇ ئورۇنـدا پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم تاغىسـى ئەبـۇ تالىبنـى، ئەمدى تاغامـۇ ھامىيلىقتـىن ۋاز كېچىدىغـان ئوخشـايدۇ، ماڭا يـاردەم قىلىشـتىن ئاجـىز كەلگـەن چېغى دەپ ئويلىغـان چاغـدا، ئۇنـىڭ تاغىسـىغا بىلدۈرگـەن پوزىتسىيىسـىنى سـۆزلەپ ئۆتسـەك كۇپايـە.

بىـز بـۇ يـەردە ئـازراق ۋاقىـت ئىشـەنچ ۋە تەۋرەنمـەي تۇرۇشـنىڭ قانـداق بولىدىغانلىقىنـى، قۇربـان بېرىـش ۋە پىداكارلىقنـىڭ قانـداق بولىدىغانلىقىنـى، باشـقىلارنى ئاللاھ تەئـالا تەرەپكـە چاقىرىشـنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنـى پۈتـۈن دۇنياغـا جـاكارلاش ئۈچـۈن ئوتتۇرىغـا چىقىرىلغـان مەڭگۈلـۈك ئىسـلامىي رىسـالەتنىڭ سـاھىبى بولغـان رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ تىلىـدا تەكرارلىنىۋاتقـان ھـەق كەلىمىلـىرى، ئىمـان كەلىمىلـىرى ۋە ئىمان ـ ئېتىقـاد پرىنسىپىدا تەۋرەنمـەي تـۇرۇش كەلىمىلىرىگـە قـۇلاق سېلىپ باقايلى!

«ئەزىزىمـ خـۇدا، ئـى تاغـا! مېنـىڭ بـۇ دەۋىتىمنـى تاشـلاش بەدىلىگـە ئـۇلار ئـوڭ قولۇمغـا قۇياشـنى، سـول قولۇمغـا ئاينـى تۇتقۇزغـان تەقدىردىمـۇ، تاكـى ئالـلاھ تەئـالا بـۇ دىننـى غالىـب قىلغانغـا قـەدەر، ياكـى مـەن مۇشـۇ دەۋەت يولـىدا ئۆلـۈپ كەتكەنگـە قـەدەر مـەن بـۇ دەۋەتنـى ھەرگـىز تـەرك ئەتمەيمـەن». ئاندىـن كېيىـن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئورنىدىـن تـۇرۇپ، يىغلىغـان پېتـى كېتىـپ قالـدى. تاغىسـى ئۇنـىڭ بـۇ دەۋەتنـى داۋاملاشتۇرۇشـتىكى قەتئىـي ئىرادىسـىنى ۋە ئۇنـىڭ بـۇ يولـدا قىلچـە تەۋرەنمەيدىغانلىقىنـى ھەمـدە ھېچكىمگـە ۋە ھېچبىر ئىنسـانغا پـەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى چۈشـىنىپ يەتكـەن چاغـدا، ئۇنى چاقىرىپ مۇنـداق دېدى: «بارغىـن ئـى قېرىندىشـىمنىڭ ئوغلـى! خالىغىنىڭنـى دېگىـن! ئالـلاھ بىلـەن قەسـەمكى، مـەن سېنى ھەرگـىز ياردەمسـىز تاشـلىۋەتمەيمەن». ئاندىـن مۇنـۇ شېئىرنى ئوقـۇدى:

قەسەم ئاللاھ تەئالا زاتى بىرلە، تېگەلمەيدۇ ياۋ ساڭا،
مەن توپا ئىچرە كىرىپ ئورۇن ئېلىپ ياتقۇچە،
بار ۋە ھەقنى جاكارلا، ھېچكىم قارشى تۇرالماس،
شادلىنىپ يۈز ـ كۆزلىرىڭ خۇشاللىققا پاتقۇچە،
دەۋەت قىلىپ سەن مېنى، غەمگۈزارىڭ مەن دېدىڭ،
راستچىل ھەم ئەمىن بولدۇڭ ناملىڭ كۆككە يەتكۈچە،
سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ دىن شەكسىز بىر ھەقىقەتتۇر،
بارچە دىننىڭ ياخشىسى مۇشۇ چاغقا كەلگۈچە،

گەر مالامەت ھەم تىل ـ ئاھانەت بولمسا،
قوللار ئىدىم بۇ دىنى كۈچ ـ مادارىم يەتكۈچە.

ئەقىدە ۋە پرىنسىپتا بۇنىڭدىنمۇ كاتتا قەيسەرلىك بارمۇ؟ ئىمان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ سىناق بارمۇ؟ ناۋادا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشۇ پوزىتسىيىسىدىن باشقا ھېچقانداق پوزىتسىيىسى بولمىغان بولسىمۇ، تا دەۋر قىيامەتكىچە پەخىرلىنىش، شەرەپ ۋە مەڭگۈلۈكلۈككە يېتىپ ئاشاتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداقمۇ مۇشۇنداق باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قەيسەر ۋە تەۋرەنمەس سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىسۇن؟ ھالبۇكى ئاللاھ تەئالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭغا: «(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن» (46:35)؛ «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر: ‹ئاللاھ تەئالانىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» (2:214) دېگەن سۆزلىرىنى نازىل قىلغان تۇرسا! ...

بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقلىرى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مىساللار ئەمەلىيەتتە پەقەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۈيۈك ئەخلاقى ۋە سۈپەتلىرىدىن ئازغىنە بىر قىسمىدۇر، خالاس.

ئاللاھ تەئالا ئۇنى: «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» (68:4) دېگەن مۇشۇنداق يۈكسەك سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ ۋە بۇ مەڭگۈلۈك سۈپەتكە خاس قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىم بۇ بۈيۈك پەيغەمبەرنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقىرىنى ساناپ بولالايدۇ؟!

بىر شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى نېمدېگەن ياخشى ئېيتىلغان ھە!

## • ساھابە كىراملارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭغا تارتىشىپ تۇرىدىغانلىقى

ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇشۇنداق بۈيۈك ئەخلاقلارنى خاس قىلىپ ۋە مۇشۇنداق ياخشى ئۈلگە بولۇش ئىمتىيازىغا ئىگە قىلغانىكەن، قەلبلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتىلىشى، كۆڭۈللەر ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى ھەمدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي، دۇنياۋى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوبرازىدا مۇكەممەل ئۈلگە ۋە ئالىي نەمۇنىنى تاپالىشى تۇرغانلا گەپ. بەلكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بىلەن

بىرگە ياشىغان ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ۋە مۇھەببەتتە ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ جامالىنى كۆرمەي چىدىيالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئۇنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرمىسە كۆڭۈللىرى ئارام تاپمايتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى (قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋېتىلگەن ئادەم) سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنى كۆرمەي چىدىيالمايدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ چىرايى تاتارغان ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «چىرايىڭ تارتىپ كېتىپتىغۇ؟» دېۋىدى، ئۇ: «ئى ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى! مەندە ھېچقانداق كېسەل يوق، لېكىن مەن سېنى بىردەم كۆرمىسەم تاكى سەن بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىمەن. ئاندىن مەن ئاخىرەتنى ئەسلىسەم، يەنە سېنى كۆرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. چۈنكى، سەن پەيغەمبەرلەر بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىلەردە بولىسەن، گەرچە مەن جەننەتكە كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ، مەن سەندىن بەكمۇ تۆۋەن دەرىجىدە بولىمەن. ئەگەر جەننەتكە كىرەلمىسەم سېنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمەن» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولدى: «كىملەركى ئاللاھ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھ تەئالانىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر)، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار» (4:69).

مانا مۇشۇنداق يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان چىن مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆز نەپسلىرىگە بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ ئەلا بىلىدىغان بولغان. زەيد ئىبنى دەسىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەلىكىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇشرىكلار زەيد ئىبنى دەسىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرەمدىن تەنئىم دېگەن جايغا ئېلىپ چىقتى. خۇبەيب ئىبنى ئەدىييىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن زەيد ئىبنى دەسىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېرىم يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ بىر-بىرلىرىنى يەتكەن ئەزىيەتلەر ئۈچۈن سەۋر-سۇباتلىق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىشتى. ئەبۇ سۇفيان بۇ چاغدا مۇشرىك ئىدى. ئۇ زەيد ئىبنى دەسىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى زەيد! مەن سەندىن ئاللاھ تەئالانىڭ نامى بىلەن سوراپ باقاي! ھازىر سېنىڭ ئورنۇڭدا مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلۈپ، سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ كېتىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دېدى. زەيد ئىبنى دەسىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھازىر مەن ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاپىنىغا بىر تال تىكەن كىرىپ كېتىشكە رازى ئەمەسمەن» دېدى. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان: «مەن ئىنسانلار ئىچىدە مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى مۇھەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك، ھېچكىمنىڭ بىرەرسىنى ياخشى كۆرگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم» دېدى (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ھەقىقەتەن زەيد ئىبنى دەسىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئازراق ئەزىيەت يېتىشتىنمۇ ئەلا بىلگەندى.

هافىز زەرقانى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: يەنە بىر رىۋايەتتە، مۇشرىكلار بۇ گەپنى ھەزرىتى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىغان. خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتىغا كىرىدىغان تىكەننىڭ بەدىلىگە مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىڭىزغا رازى ئەمەسمەن» دېگەن.

ئىمام بەيھەقى ۋە ئىمام ئىبنى ئىسھاق رەھمەھۇمەللاھ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ۋەقەلىكمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەنسارلاردىن بىر ئايالنىڭ دادىسى، قېرىندىشى ۋە ئېرى ئۇھۇد كۈنى شەھىد بولدى. بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ئۇ ئايالغا يەتكۈزۈلگەن چاغدا، ئۇ ئايال: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئاللاھ تەئالاغا شۈكرى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى ياخشى» دېدى. ئاندىن ئۇ ئايال: «رەسۇلۇللاھنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، مەن ئۇنى بىر كۆرەي!» دېدى. ئۇ ئايالغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسىتىپ قويۇلۇۋىدى: «سەن ساق بولساڭ، باشقا مۇسىبەت ھېچقانچە» دېدى.

## • ساھابىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولىدىغانلىقى

مېھىر-مۇھەببەت باغلاش، دوست تۇتۇش ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ۋىجدانىي تۇيغۇ بولغانلىق تۈپەيلىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۈلگە قىلدى. چۈنكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە ئىبادەت ۋە ئەخلاقنىڭ ئالىي نەمۇنىسى ھەمدە سىلىق-سىپايە ۋە مۇلايىم مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ياخشى ئۈلگە كۆڭۈللەرگە ئەنە شۇنداق تەسىر قىلىدۇ. ئۈممەتنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە تەييارلاشتا ئەنە شۇنداق ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۈلگە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ روھلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقىدا پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئازراق بىر نەرسە بىلمەكچى بولغان ئادەم ئۇلارنىڭ گۈزەل ئىش-ئىزلىرى ۋە ئېسىل-ئەخلاقلىرىنى كۆپ ئاڭلاش ئۈچۈن تارىخ بېتىنى ۋاراقلاپ باقسۇن!

دۇنيا تارىخى ئۇلاردىنمۇ ئالىيجانابىراق، ئېسىلراق، شەپقەتلىكراق، كۆيۈمچانراق، كاتتىراق، بۈيۈكراق، يۈكسەكراق ۋە ئالىمراق كىشىلەرنى كۆرۈپ باققانمۇ؟!

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلار توغرىلىق: «مۇھەممەد ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر» (48:29)؛ «ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى» (51:17) «ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن، ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار

بـار» ( 48:29 )؛ «ئۇلاردىـن ( يەنى مۇھاجىرلاردىـن ) مەدىنىـدە يەرلـىك بولغـان، ئىمانـى كۈچلـۈك بولغانـلار ( يەنى ئەنسارلار ) يېنىغـا ھىجـرەت قىلىـپ كەلگەنلەرنـى ( يەنـى مۇھاجىرلارنـى ) دوسـت تۇتـىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسـىلەر ئۈچـۈن ئىچـى تارلىـق قىلمايـدۇ، ئـۇلار موھتـاج تۇرۇقلـۇق ( مۇھاجىرلارنـىڭ مەنپەئىتىنـى ) ئۆزلىرىنـىڭ ( مەنپەئىتى ) دىـن ئـەلا بىلـىدۇ» ( 59:9 )؛ «مۇئمىنلەرنـىڭ ئىچـىدە ( رەسـۇلۇللاھ بىلـەن غازاتقـا چىققانـدا سـاباتلىق بولـۇپ، شـەھىد بولغانغـا قـەدەر داداللىـق بىلـەن جـەڭ قىلىـش توغرىلـىق ) ئاللاھ تەئالاغـا بەرگـەن ئەھدىنى ئىشـقا ئاشـۇرغان نۇرغـۇن كىشـىلەر بـار، ئۇلارنـىڭ بەزىسـى ( ئەھدىگـە ۋاپا قىلىـپ ) شـەھىد بولـدى، بەزىسـى ( شـەھىد بولۇشـنى ) كۈتكـەكتـە، ئـۇلار ( پەرۋەردىگارىغـا بەرگـەن ئەھدىسـىنى ) ھەرگىـز ئۆزگەرتكىنـى يـوق» ( 33:23 ) دېگـەن سـۆزلىرى ئۇلارنـىڭ شـەرىپى، پەخـرى ۋە مەڭگۈلـۈك خاتىرىلىنىشـىگە يېتەرلـىك.

بـۇ بولسـا ئۇلارنـىڭ مەدھىيىلەشـكە تېگىشـلىك ياخشـى ئىش ـ ئىزلـىرى ھەققـىدە نازىـل بولغـان نۇرغۇنلىغـان ئايەتلەرنـىڭ ئازغىنـە بىـر قىسـمى.

ئەمەلىيەتتـە قەدىمدىـن تارتىـپ مۇتەپەككۇرلارنـىڭ شېرىن چۈشـى ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئارزۇسـى بولـۇپ كېلىۋاتقـان ياخشـى بىـر جەمئىيـەت بەرپـا قىلىـش ئىشـى شـۇ ساھابە كىرامـلار ئارقىلـىق رويابقـا چىقتـى. قانداقسـىگە شـۇنداق بولمىسـۇن؟! بىـر قـارى ئۇلارنـىڭ ئارىسـىدا دەۋا ـ دەسـتۇرلارنى بىتـەرەپ قىلىـش ئۈچـۈن ئىككـى يىـل تۇرسـا، ئۇنـىڭ قېشـىغا بىـرەر قېتـىم ئىككـى ئـادەم دەۋالىشـىپ بارمىسـا؟! ...

ئۇلارنـىڭ قوللىرىـدا «قۇرئـان كەرىـم» تۇرسـا، نېمـىدەپ دەۋالاشـقۇدەك؟! ئـۇلار ئۆزلـىرى ئۈچـۈن ياخشـى كۆرگـەن نەرسـىنى ئـۆز قېرىنداشـلىرى ئۈچۈنمـۇ ياخشـى كۆرىدىغـان تۇرسـا، نېمـىدەپ ئىختىلاپلاشـقۇدەك؟!

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئۇلارنـى بىر ـ بىرىنـى ياخشـى كۆرۈشـكە ۋە قېرىنداشـلارچە ئۆتۈشـكە بۇيـرۇپ، ئۇلارنـى ئۆزئـارا كۆيۈمچـان بولۇشـقا ۋە قېرىندىشـىنىڭ مەنپەئىتىنـى ئـۆز مەنپەئىتىدىـن ئـەلا بىلىشـكە تەرغىب قىلىۋاتقـان تۇرسا، ئـۇلار نېمـىدەپ دۈشمەنلەشكۈدەك؟!

بۈيـۈك سـاھابە ئابدۇلـلاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ سـاھابىلەرنىڭ مەدھىيىلەشـكە تېگىشـلىك ئېسـىل پەزىلەتلـىرى ھەمـدە ئۇلارنـىڭ ياخشـى ئىش ـ پائالىيەتلـىرى ۋە ئېسـىل ئەخلاقلىرىنـى ئۈلگـە قىلىشـنىڭ ۋاجىبلىقـى ھەققـىدە دېگـەن گېپيگـە قـۇلاق سـالايلى: «كىمكـى بىرەرسـىنى ئۆزىگـە ئۈلگـە قىلماقچـى بولسـا، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ئۈلگـە قىلسـۇن! چۈنكى، ئـۇلار مۇشـۇ ئۇممـەت ئىچىدىكى قەلبى ئـەڭ ياخشى، ئىلمـى ئـەڭ چوڭقـۇر، تەكەللۇپـى ئـاز، يولـى ئـەڭ توغـرا، ئەھۋالى ئـەڭ ياخشـى كىشـىلەر بولۇپ، ئاللاھ تەئـالا ئۇلارنـى ئـۆز پەيغەمبىرىنـىڭ سـۆھبىتىگە ۋە ئـۆز دىنىنـى بەرپـا قىلىشـقا تاللىغـان. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئۇلارنـىڭ پەزىلىتىنـى بىلـىڭلار! ئۇلارنـىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغـا ئەگىشـىڭلار! چۈنكـى، ئـۇلار توغرا يولـدا بولغان كىشـىلەردۇر».

ھەر زامان ۋە ھەر جايدىكى مۇسـۇلمان مىللەتلەر رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ سـاھابىلىرىدىن ئىبـادەت ۋە ئەخلاقتـا، شـجائەت ۋە سـۇباتلىقتا، ئىـرادە ۋە قەيسـەرلىكتە، كۆيۈمچانلىـق ۋە قېرىنداشـلىقنىڭ مەنپەئىتىنى ئـۆز مەنپەئىتىدىـن ئـەلا بىلىشـتە، جىھاد قىلىـش ۋە شـەھىدلىققا ئىرىشىشـتە ياخشـى ئۈلگـە بولىدىغـان ئىش ـ ئىزلىرىنـى

كۆرۈپ كەلمەكتە. ئۇلار ھىدايەتتە ئەسىرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۈلگە بولۇشتا دەۋرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاق نۇرى ئارقىلىق قەلبلىرنى يورۇتۇپ تەربىيلەشتە شۇلارنىڭ ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە شۇلارنىڭ يولى بويىچە مېڭىپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم راست ئېيتقاندىكى، «مېنىڭ ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە ئەگەشسەڭلار توغرا يولدا بولغان بولىسىلەر» (ئىمام بەيھەقى ۋە دەيلەمى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

## • بۇ ئۈلگىلەرنىڭ ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدە ۋە ئۇلارغا ئىسلام بىلەن ئەگەشكەنلەردە مۇجەسسەملەنگەن مۇشۇنداق ياخشى ئۈلگىلىك روھ ئارقىلىق، ئىسلام دىنى كۆپلىگەن چەت مەملىكەتلەرگىچە، دۇنيانىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى بىپايان زېمىنلارغىچە تارقالغان.

تارىخ تولۇپ تاشقان ئېتىبارلىنىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن شۇنى خاتىرلەيدۇكى، ئىسلام دىنى ھىندىستاننىڭ جەنۇبى ۋە سەيلان ئاراللىرىغىچە، ھىندى ئوكياندىكى لىكدىۋ ۋە مالادىۋ ئاراللىرىغىچە، تىبەت، جۇڭگو ساھىللىرى، پىلىپپىن، ھىندونوزىيە ئاراللىرى، مالايو يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى سېنگال، نىگېرىيە، سومالى، تانزانىيە، مادىغاسقار، زەنگىبار ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغان ...

ئىسلام دىنى بۇ مىللەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى، ئامانەتچانلىقى، راستچىللىقى ۋە ۋاپادارلىقى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىنى سىزىپ چىققان. ئاندىن كېيىن ياخشى سۆز ۋە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلغان مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولغان دەۋەتچىلەر ئارقىلىق يېتىپ بارغان. شۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئىسلام دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرگەن ۋە قانائەت قىلغان. ئىشەنگەن ۋە قىزىققان ھالدا يېڭى دىنغا ئېتىقاد قىلغان. ئەگەر مۇشۇ دەۋەتچى سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقى ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرمىغان بولسا، ئاشۇ مىللەتلەر ئارىسىدا راستچىللىق ۋە ئامانەتچانلىقتا ئۈلگە ياراتمىغان بولسا، يۇرتىدىن ئايرىلغان مۇساپىرلارغا كۆيۈنۈش ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىش بىلەن تونۇلمىغان بولسا، مىليونلىغان ئىنسانلار ھەرگىز بۇ دىنغا ئەگەشمىگەن بولاتتى ھەمدە بۇ دىننىڭ ھىدايىتى ۋە رەھمىتى ئىچىگە كىرەلمەيتتى.

بىز يۇقىرىدا ئۆتكەن تارىخىي نەمۇنىلەردىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ياخشى ئۈلگە بولۇشتا ئەكس ئەتكەن ئەخلاقىي ئالاھىدىلىك قەلبلەرگە ۋە كۆڭۈللەرگە تەسىر قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ چەت ئەللەرگە ۋە گۈللەنگەن رايونلارغا تارقىلىشىدىكى ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ ئىمان ۋە ئىسلام يولىغا مېڭىشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبلەردىندۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ ئەر-ئايال، قېرى-ياش، چوڭ-كىچىك ھەممىسى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشى ھەمدە ئۇلار داۋاملىق پۈتۈن دۇنيادا ھىدايەت ئايلىرى، ئىسلاھات قۇياشلىرى، ياخشىلىق ۋە ھەق

دەۋەتچىلىرى، ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈك رىسالىتىنىڭ تارقىلىش ۋە كېڭىيىش ئامىللىرى بولۇشلىرى ئۈچۈن، باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە، ئېسىل ئەخلاق، ياخشى نام، ياخشى مۇئامىلە ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئالىيجاناب سۈپەتلىرىنى تقدىم قىلىشلىرى كېرەك! ...

شۇنداقلا، ئۇنۇملۇك تەربىيلەش ۋە پىكىر تارقىتىشنىڭ يارامىلىق ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك! ...

كۆزلەر تىكىلىدىغان ۋە جامالىغا كۆڭۈللەر مەپتۇن بولىدىغان ئەڭ ئالىي نەمۇنە بولۇشى كېرەك! ...

جەمئىيەت ياخشىلىققا ئېرىشىدىغان، ئۈممەت ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئىش-ئىزلارنى قالدۇرىدىغان پەزىلەتلىك ئەخلاقلار بولۇشى كېرەك! ...

## • رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيچىلەرنى ئۈلگە بولۇشتا ئاگاھلاندۇردى

مۇشۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلدىن باشلاپ ياخشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى، كىچىكلىكىدىن باشلاپ ئالىيجاناب ۋە پەزىلەتلىك سۈپەتلەر بىلەن ئەخلاقلىنىشى ئۈچۈن، تەربىيەتچىنىڭ تەربىيلىمەكچى بولغانلار ئالدىدا ھەرقانداق ئىشتا ياخشى ئۈلگە بولۇش ئىپادىسىنى نامايان قىلىشقا ھېرىسمەن بولغاندى، تۆۋەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەتچىلەرنى ئۈلگە بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشتا قوللانغان ئۇسۇلدىن تېپىك مىساللارغا قۇلاق سالايلى!

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئانام مېنى چاقىرىپ: «ئابدۇللاھ! بۇياققا كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرەي!» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانامغا: «ئۇنىڭغا نېمە بەرمەكچىسىز؟» دەپ سورىۋىدى، ئانام: «ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچى ئىدىم» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرمىسىڭىز، سىزنىڭ ھەققىڭىزدە يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ» دېدى (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «كىمكى كىچىك بالىسىغا: (بۇياققا كەل، بۇنى ئال!) دەپ بولۇپ، ئۇنى بەرمىسە، بۇ يالغانچىلىقتۇر» (ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ كۆرسەتمىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەتچىلەرنىڭ تەربىيلەش مەسئۇلىيىتى زىممىسىگە چۈشكەنلەرگە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا راستچىللىقنى نامايان قىلىشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بەرمەمدۇ؟!

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، دادىسى ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «مەن بۇ ئوغلۇمغا بىر

خىزمەتكارىمنى ھەدىيە قىلدىم» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەممە بالاڭغا مۇشۇنداق ھەدىيە بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، دادام: «ياق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن» دېدى (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

يەنە بىر رىۋايەتتە بۇ مۇنداق كېلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. دادام: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالادىن قورقۇڭلار! باللىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇڭلار!» دېدى. ئاندىن دادام ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا، ئاشۇ سەدىقىنى قايتۇرۇۋالدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە بۇ مۇنداق كېلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى بەشىر! سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بالاڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. دادام: «ھەئە، بار» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىيە بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. دادام: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا مېنى بۇ ئىشقا گۇۋاھ قىلما! چۈنكى مەن ھەقسىزلىققا گۇۋاھچى بولمايمەن» دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە بۇ مۇنداق كېلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئىشقا باشقا بىرسىنى گۇۋاھ قىلغىن» دېدى. بىردەمدىن كېيىن: «سەن ئۇلارغا ياخشىلىقنى ئوخشاش قىلساڭ خۇش بولامسەن؟» دېدى. دادام: «ئەلۋەتتە خۇش بولىمەن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداق بولسا بۇنداق قىلما» دېدى.

مانا بۇ كۆرسەتمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەتچىلەرنىڭ تەربىيلەش مەسئۇلىيىتى زىممىسىگە چۈشكەنلەرگە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئادىللىقنى نامايان قىلىشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىنى ئوقتۇرۇپ بەرمەمدۇ؟! ...

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى سۆيۈپ قويدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا تەمىملىك ئەقرەئ ئىبنى ھابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن كىشى بار ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ ئون بالام بار، مەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ بىردەمدىن كېيىن: «باشقىلارغا مېھىر- شەپقەت قىلمىغان ئادەم (ئاللاھ تەئالانىڭ) مېھىر- شەپقىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى (بىرلىكە كېلىنگەن ھەدىس).

يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سىلەر باللىرىڭلارنى سۆيىدىكەنسىلەر، بىز ئۇلارنى سۆيمەيمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا قەلبىڭدىن رەھىمدىللىكنى تارتىۋەتسە، مەن قانداق قىلالايتتىم؟» دېگەن.

مانا بۇ كۆرسەتمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەتچىلەرنىڭ تەربىيلەش مەسئۇلىيىتى

زىممىسىگە چۈشكەنلەرگە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېھىر ـ شەپقەتنى نامايان قىلىشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟! ...

ئاۋادا تەربىيەتچىنىڭ قەلبىدىن مېھىر ـ شەپقەت تارتىۋېتىلسە، بۇنىڭ تەربىيەسى باللارغا پايدا بېرەرمۇ؟ باللار تەسىر كۆرسىتىدىغان تەربىيلەش ئۇسۇللىرىنىڭ پايدىسى بولارمۇ؟ باللار ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، ئېسىل ئەخلاقلىق چوڭ بولارمۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى كەسكىن «ياق!».

ئۇنداقتا، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاقلىق ئۆسۈپ يېتىلىشى، ياخشى تەربىيلىنىشى، ئىززەت ـ شەرەپ ۋە قەھرىمانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىگە مېھىر ـ شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىك تۇرمۇشىدا، دەۋەت ۋە تەربىيەۋى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغان چاغدا مېھىر ـ شەپقەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك!

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باللارغا مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش ئارقىلىق، ھەر جاي ۋە ھەر دەۋردىكى ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار، ئاتا ـ ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەرنىڭ ئۈلگە قىلىشى ئۈچۈن، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى بارلىق ئىسلامىي ئۈممەتلەرگە ئۈلگە ياراتقان.

## • پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىچىك باللارغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقلىرىدىن بىر قانچە تىپىك مىسال

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىچىك باللارغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىدىن تىپىك مىساللارغا قۇلاق سالايلى!

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇ ئەسنادا ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىسى ئۇستىباشلىرىدا قىزىل كۆينەك بار ھالەتتە يىقىلىپ ـ قوپۇپ يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈردى ۋە قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزدى. بىر ئازدىن كېيىن: «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار پەقەت بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. مەن بۇ ئىككىسىنىڭ يىقىلىپ ـ قوپۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئاخىر سۆزۈمنى توختىتىپ قۇچىقىمغا ئالماي تۇرالمىدىم» دېدى (ئىمام تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان).

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، سەجدىگە باش قويۇپ تۇرۇۋاتقان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بوينىغا مىندى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

www.uyghurkitap.com

ئەلەيهى ۋەسەللەم سەجدىنى ئۇزۇن قىلدى. ھەتتا كىشىلەر بىرەر ئىش يۈز بەرگەن چېغى دەپ ئويلاپ قېلىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولغان چاغدا كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەجدىلەرنى شۇنداق ئۇزۇن قىلدىڭكى، ھەتتا بىز بىرەر ئىش يۈز بەرگەن چېغى دەپ ئويلاپ قاپتۇق» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن مېنىڭ ئوغلۇم مېنى ئۇلاغ قىلىپ مىنىۋالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇ ئويۇننى تۈگەتكۈچە ئۇنى ئالدىرىتىپ قويۇشنى ياقتۇرمىدىم» دېدى (ئىمام نەسەئى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

ــــ «ئىسابە» ناملىق كىتابتا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمالارغا ئۆيىنىشىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۆمىلەپ ماڭاتتى، ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېسىلاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىۋېتىپ: «ئىككىڭلارنىڭ تۆگىسى نېمىدېگەن ياخشى تۆگە، ئىككىڭلار نېمىدېگەن ياخشى يۈك» دەيتتى.

ــــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەزمەن مەن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ نامازنى باشلاپ، كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسام، ئۇ بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ يىغىسىدىن بىسەرەمجان بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، نامازنى قىسقارتىمەن» (بىرلىكتە كېلىشكەن ھەدىس).

ــــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم كىچىك بالىلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ ئۇلارغا سالام بەردى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يەنە ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم داۋاملىق شۇنداق قىلاتتى (بىرلىكتە كېلىشكەن ھەدىس).

ــــ كىشىلەر تۇنجى پىشقا مېۋىنى كۆرسە، ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنى ئالغان چاغدا: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ مېۋىلىرىمىزگە بەرىكەت بەرگىن! يۇرتىمىزغا بەرىكەت بەرگىن! جىڭ-تۇرۇزلىرىمىزغا بەرىكەت بەرگىن» دەپ دۇئا قىلاتتى. ئاندىن كېيىن ئەڭ كىچىك بالىسىنى چاقىرىپ، ئۇ مېۋىنى بېرەتتى (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ــــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئۈچ كىشى ماڭا-ماڭا كەچ كىرىپ قېلىپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىشىپتۇ. بۇ چاغدا بىر قورام تاش يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ تاشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزئارا: «ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ تەئالاغا سېغىنايلى!» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانام بار ئىدى. مەن ھەمىشە ئالدى بىلەن ئاتا-ئانامنى غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن ئەھلى-ئايالىم ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى مەن ماللىرىمنى ئوتلىتىش ئۈچۈن يىراق

جايلارغا كېتىپ قېلىپ كەچرەك قايتىپ كەلدىم، ماللىرىمنى سېغىپ، سۈتنى ئېلىپ كەلسەم، ئاتا-ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلارنى ئويغىتىشنى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ئەھلى-ئايالىمنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇرۇشنى خوپ كۆرمەي، تاڭ ئاتقانغا قەدەر قاچا قولۇمدا ئاتا-ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتۈم. كىچىك بالىلىرىم قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى. ئاتا-ئانام ئويغىنىپ كەچلىك تاماقنى بولغان سۈتنى ئىچىشتى. ئى ئاللاھ! مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورام تاش بىرئاز كۆتۈرۈلۈپتۇ. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن چىقىپ كېتەلمەيدىكەن ...» (بىرلىكە كېلىنگەن ھەدىس).

مانا بۇ كۆرسەتمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەتچىلەرنىڭ تەربىيلەش مەسئۇلىيتى زىممىسىگە چۈشكەنلەرگە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ يارقىن ئىپادىسىنى نامايان قىلىشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟! ...

قاچا قولدا تۇرغان ھالەتتە كىچىك بالىلارنىڭ ئاچلىقتىن يىغلىشى نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟

بۇ ياخشىلىق قىلىش بابىدا ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟!

سەھل ئىبنى سەئىدىسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر قاچىدا ئىچىملىك (يەنى سۈت) كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە پېشقەدەم ساھابىلەر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈتتىن ئازراق ئىچىپ، ھېلىقى بالىغا: «ماۋۇ چوڭلارغا بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟» دېدى. ھېلىقى بالا: «ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سەندىن كەلگەن نېسىۋەمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن» دېدى (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ كۆرسەتمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن، كىچىك بالىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە بىر نەرسە ئىچىش ئەدەپ-قائىدىسىدىمۇ ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشتا ئۆزى ئۈلگە بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بەرمەمدۇ؟!

شۇنداقلا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىممىسىگە تەربىيلەش مەسئۇلىيتى يۈكلەنگەنلەرنى باشقىلار ئۈلگە قىلىشى ۋە بالىلار ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش-پائالىيەتلىرى، تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلىرى، توغرا مۇلاھىزىلىرى ۋە ئامىباب ۋە ئاقىلانە ئەدەپ ئۆگىتىشلىرىنى قوبۇل قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەرقانداق ئىشتا ياخشى ئۈلگە بولۇشنى ئۆگەتتى.

## • ياخشى ئۈلگە بولۇشنىڭ تەربىيىدىكى ئەھمىيتى

يۇقىرىقى نەمۇنىلىك مىساللاردىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئۆزى ئۈلگە بولۇش تەربىيلەش ئۇسۇللىرى ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زور بولغان بىر ئۇسۇلدۇر.

كىچىك بالا ئاتا-ئانىسى ۋە تەربىيەتچىسىنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ياخشى ئۈلگە ئىكەنلىكىنى بىلسە، ياخشىلىق پرىنسىپلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرىدۇ ۋە ئىسلامىي ئەخلاق بويىچە خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىدا راستچىللىق، ئامانەتچانلىق، ئىپپەتلىك ۋە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش ۋە خاتا ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرمەكچى بولىدىكەن، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە يامانلىقتىن يىراق تۇرۇشتا، پەزىلەتلىك ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىپ، رەزىللىكلەردىن خالىي بولۇشتا، ھەققە ئەگىشىپ، خاتادىن قېچىشتا، ئالىي ئىشلارغا قەدەم قويۇپ، پەسكەشلىكلەردىن ئۆزىنى تارتىشتا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياراملىق ئۈلگە بولۇشلىرى كېرەك! ...

ئېنىقكى، بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، راستچىللىقنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئاتا-ئانىسىنىڭ باشقىلارنى ئالداۋاتقانلىقىنى ياكى خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىنى پات-پات كۆرۈپ تۇرىدىغان بالىنىڭ ئامانەتچانلىقنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەخلاقسىز ۋە ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ پەزىلەتلىك بولۇشنى ئۆگىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئاتا-ئانىسىنىڭ كۇپرى ۋە تىل-ئاھانەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بالىنىڭ تىلى تاتلىق بولۇشنى ئۆگىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئاتا-ئانىسىنىڭ غەزەپلەنگەن، چېچىلاڭغۇ ۋە تېز ئۆزگىرىدىغان ھالىتىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ ئېغىر-بېسىقلىقنى ۋە تەمكىنلىكنى ئۆگىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئاتا-ئانىسىنىڭ قاتتىق قول، قوپاللىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ مېھرىبان ۋە كۆيۈمچانلىقنى ئۆگىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ يارامىلىق ئۈلگە بولۇشىغا ئېرىشەلىسە، ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىك تەربىيىلىنىدۇ. ناۋادا ئاتا-ئانىسىدىن ناچار ئۆرنەك ئالسا، تەدرىجىي تايتىن چىقىدۇ، كۇپۇرلۇق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىق يولىغا قاراپ ماڭىدۇ.

بالىلار مۇشۇنداق يارامسىز ئاتا-ئانىلارنىڭ تەربىيەسىدە بولسا، ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ئىنسان بولۇشىنى كۈتكىلى بولارمۇ؟!

## • بالىلار ھەممە ئىشلاردا ئۈلگە ساھىبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە باغلىنىشى كېرەك

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا يارامىلىق ئۈلگە بولۇپلا، مەسئۇلىيەتىمىزنى ئادا قىلىپ بولدۇق دەپ ئويلىسا ھەم بولمايدۇ، بەلكى، بۇلار ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەرزەنتلىرىڭلاردا ئۈچ خىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ بىرى پەيغەمبىرىڭلارنى ۋە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرۈش ...» دېگەن سۆزىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىنى ئۈلگە ساھىبى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە باغلىشى كېرەك! بۇ ئىش پەرزەنتلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتلىرىنى، شانلىق تارىخىنى ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرىنى ئىدۆگىتىش ئارقىلىق

ئەمەلگە ئاشىدۇ.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەۋلادلىرىمىزغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتلىرىنى خۇددى قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتۇق. بۇنداق بولۇشى باللارنىڭ ئىرسىل ۋە مۇكەممەل سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى ھەمدە شىجائەتلىك ۋە جۈرئەتلىك چوڭ بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇنداق بولغاندا باللار چوڭ بولغاندا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا نە بىر يېتەكچى، نە بىر ئۈلگە، نە بىر قوماندان ۋە نە بىر ئالىي نەمۇنىنى تونۇمايدۇ.

شۇنداقلا، ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىنى تۇنجى ئىسلام كارۋىنى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىرىنى، سەلەف سالىھلارنىڭ ھەمدە ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، شۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن» (6:91) دېگەن سۆزىنى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمام بەيھەقى ۋە دەيلەمى رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان: «مېنىڭ ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ئەگەشسەڭلار توغرا يولدا بولغان بولىسىلەر» دېگەن سۆزىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيامەتكىچە شۇلارغا ئەگەشكەن سالىھ كىشىلەرنىڭ ئۈلگىلىك ئىش-ئىزلىرىغا باغلىشى كېرەك!

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «كىمكى بىرەرسىنى ئۈلگە قىلماقچى بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ئۈلگە قىلسۇن!» دېگەن سۆزىنى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

باللار مۇشۇ ئۈممەتنىڭ قەلبى ئەڭ ياخشىسى، ئىلمى ئەڭ چوڭقۇر، تەكەللۇپى ئەڭ ئاز، يولى ئەڭ توغرا، ئەھۋالى ئەڭ ياخشى بولغان شۇ ساھابىلەرنىڭ مۇشۇ ساپ ۋە ئىلغار ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانسۇن! ھەتتاكى ئۇلار ساھابىلەرنىڭ پەزىلىتىنى بىلسۇن، شۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭسۇن، قەلبى شۇلارنىڭ قەلبىگە باغلانسۇن!

ئاتا-ئانىلار يەنە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىمانىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي، روھىي ۋە ئەقلىي تەربىيەلەرگە ئېرىششى ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشى مەكتەپ، ياخشى دوست، ياخشى جامائەت شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك! بۇنداق ياخشى مۇھىتتا چوڭ بولغان باللارنىڭ ئەقىدە جەھەتتە تاپىنى چىقىپ، ئەخلاق جەھەتتە بۇزۇلۇپ، روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ، جىسمانىي جەھەتتە ئاجىزلاپ، ئىلىم ۋە سەۋىيە جەھەتتە كەينى قېلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. بەلكى، بۇنداق باللار ئەقىدىسىنىڭ مۇستەھكەملىكى، ئەخلاقىنىڭ يۈكسەكلىكى، نېرۋىلىرىنىڭ مۇستەھكەملىكى، جىسمىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئەقىل ۋە ئىلىم سەۋىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە يۇقىرى پەللىگە يېتەلەيدۇ. بىز جەمئىيەتنىڭ ھەقىقەتەن بۇزۇق ۋە ئەتراپىتىكى مۇھىتنىڭ جاھىلىيەت بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بولۇپ، باللار ئۈچۈن ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىدە ئوخشاش قاراشتىمىز. بۇ ھەقىقەت! لېكىن، دادا پەرزەنتلىرىنى ئىمانىي، ئەخلاقىي، پىكرىي، روھىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلسا ۋە مۇكەممەل ۋاسىتىلەرنى قوللانسا، شۇنداق تۇرۇپمۇ ناۋادا باللا تاپىنى چىقىپ كېتىپ، پاسىقلىق ۋە ئازغۇنلۇق ھاڭلىرىغا كىرىپ كەتسە، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ دادا ئاللاھ

www.uyghurkitap.com

تەئالانىڭ ئالدىدا ئۆزرىلىكتۇر.

پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولۇش، ئۇلارنىڭ ئاڭلىق تەلىم-تەربىيە، بۇ بولسا بالىنىڭ ياراملىق بولۇش، ھىدايەت تېپىشى، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەزالىقىغا تەييارلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئاتا-ئانا بالىلىرى ئۈچۈن بولارنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، ئاتا-ئانىلار جىگەر پارىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشسا ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كىشىلەر ئىچىدە ياشايدىغان پەرىشتە بولۇشىغا بەل باغلىسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرەلىشى مۇمكىن.

پەرزىمچە، ئاتا-ئانا، ياخشى دوست، مۇئەللىم ۋە چوڭ بىر تۇغقاننىڭ ئۈلگە بولۇشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەلىم-تەربىيە، بۇ بولسا بالىنىڭ ياراملىق بولۇش، ھىدايەت تېپىشى، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەزالىقىغا تەييارلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئاتا-ئانا بالىلىرى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، ئاتا-ئانىلار جىگەر پارىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشسا ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كىشىلەر ئىچىدە ياشايدىغان پەرىشتە بولۇشىغا بەل باغلىسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرەلىشى مۇمكىن.

## • چوڭ بالىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك

چوڭ بالىنى ئىسلاھ قىلىش باشقا بالىلارنى ئىسلاھ قىلىشقا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېكىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك! چۈنكى، ئادەتتە كىچىك بالا چوقۇم چوڭى قىلغاننى دورايدۇ. بەلكى، چوڭنى ھەرقانداق ئىشتا ئەڭ ئالىي نەمۇنە دەپ قارايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ قىسمىنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ.

بالىلار ناۋادا ئۆزىدىن ياشتا چوڭ بولغانلارنىڭ ئەخلاقسىز، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىنى بىلسە ھەمدە ئۆزىدىن بۇرۇن تۇغۇلغانلارنىڭ رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىق پاتقاقلىرىدا ئىگىراۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئىنتايىن چوڭ پاجىئە يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، شەك-شۈبھىسىزكى، بالىلار چوڭلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، چوڭلارنىڭ يولىدىن ماڭىدۇ ھەمدە شۇلارنى ئۈلگە قىلىدۇ.

مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چوڭلار كىچىكلەرگە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار تىرىشچانلىقلىرىنى ئالدى بىلەن چوڭ بالىلىرىغا، ئاندىن كېيىن كىچىكلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك! ئاللاھ تەئالا ياخشى كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ!

## • ئىسلام دىنى سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ

بۇ تېمىمىزنىڭ ئاخىرىدا بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى دېگەن گېپى بىلەن بىردەك بولمىغانلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويىمىز.

بۇ ئەيىبلەش ئاتا-ئانىلارنى، بارلىق تەربىيەتچىلەرنى ۋە زىممىسىگە تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ـــ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) [2] سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)» (3 ـــ 2:61)؛

ـــ « كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب ( يەنى تەۋرات ) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر» ( 2:44 ).

ئاللاھ تەئالانىڭ ئايەتلىرىدە ئەنە ئاشۇ باشقىلارغا يامان ئۈلگە بولىدىغان ۋە قەبىھ ئىشلارنى ئۆگىتىدىغان ئادەملەرنى ئەيىبلەپ، چەكلىگىنىدىنمۇ چوڭراق چەكلەش ۋە ئەيىبلەش بارلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا مۇنۇ سۆزنى دېيىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر يەرگە يىغقان چاغدىكى پوزىتسىيىسى نېمىدېگەن بۈيۈك؟!

«مەقسەتكە كەلسەك، مەن ھەقىقەتەن كىشىلەرنى مۇنداق-مۇنداق ياخشىلىقلارغا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى مۇنداق-مۇنداق يامان ئىشلاردىن چەكلەيمەن. ھەقىقەتەن مەن بۈيۈك ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاراڭلاردىن بىرەرسىنىڭ مەن باشقىلارنى چەكلىگەن ئىشنى قىلغىنىنى ياكى مەن قىلىشقا بۇيرىغان ئىشلارنى تەرك ئەتكىنىنى كۆرۈپ قالماي! ئۇنداق بولمىسا، شۇ سەۋەبلىك مەن قاتتىق جازالىنىمەن».

ئاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ زات باشقىلارغا ئېغىزىدا بىر گەپنى دېيىشتىن بۇرۇن ئەمەلىي ئۈلگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ۋە ئىتائەت قىلماي قالمايتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ئۆزى قىلمايدىغان ئادەملەر قىيامەت كۈنى ئىبرەت يۈزىسىدىن قاتتىق جازالىنىدۇ، جەھەننەمدە خارلىنىپ ھەممە گۇۋاھچىلار ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ.

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: قىيامەت كۈنى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى قورسىقىدىن ساڭگىلاپ قالغان بولىدۇ. ئۇ ئادەم خۇددى ئېشەك تۈگمەننى چۆرگىلىگەندەك ئىچ-باغرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ تۇرىدۇ. دوزاخ ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ: «ئى پالانى! ساڭا نېمە بولدى؟ سەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توساتتىڭغۇ؟!» دەيدۇ. ئۇ كىشى: «شۇنداق، مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتۇم-يۇ، ئۆزەم قىلمايتتىم ۋە يامانلىقتىن توساتتىم-يۇ، ئۆزەم قىلاتتىم» دەيدۇ ( بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ).

بۇ كىشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن مىئراج كېچىسى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۇم. ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى ئوتتىن بولغان قايچىلار بىلەن كېسىلىۋاتاتتى. مەن: «ئى جىبرىئىل! بۇلار كىملەر؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى قىلمايدىغان ئىشنى ( قىلىمىز ) دەيدىغان ناتىقلار» دەپ جاۋاب بەردى.

گۇۋاھچىلار ئالدىدا رەسۋا بولۇشقا كەلسەك، بۇ ھەقتە مەنسۇر ئىبنى زازاندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن شۇنداق خەۋەر بېرىلدىمكى، دوزاخقا تاشلىنىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ بەتبۇي پۇرىقىدىن پۈتۈن دوزاخ ئەھلى بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا: «ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! سەن ( ھاياتىي

دۇنيادا ) نېمە ئىش قىلغانتىڭ؟ بىز تارتىۋاتقان بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر يەتمىگەندەك، ئەمدى سېنىڭ سىيىق پۇرىقىڭغا دۇچ كەلدۇق؟›› دېيىلىدۇ، ئۇ: ‹‹مەن ئىلمى مەنپەئەت قىلمىغان بىر ئالىم ئىدىم›› دەيدۇ ( ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان ).

بارلىق ئاتا ـ ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەر شۇنى بىلسۇنكى، ھەقىقەتەن ياراملىق ئۆلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش باللارنىڭ ئەگرىلىكىنى توغرىلاشتا ئاساسىي ئامىلدۇر، بەلكى، ئۇ باللارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلەر ۋە ئالىيجاناب ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ قائىدىلەر تەرەپكە ئۆرلەشتىكى ئاساستۇر.

مۇشۇنداق ئۆلگە بولماي تۇرۇپ باللارغا ئەدەپ ئۆگەتكەننىڭ پايدىسى يوق. ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەتمۇ تەسىر قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ـــ ئى تەربىيەتچىلەر! ـــ پەرزەنتلىرىڭلار ھەققىدە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇڭلار! جىگەر پارىلىرىڭلارنىڭ ئىسلاھات قۇياشلىرى ۋە ھىدايەت ئايلىرى بولغىنىنى كۆرۈشۇڭلار ئۈچۈن، ئۇلارغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولۇڭلار! جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ نۇرى ئارقىلىق دىللىرىنى يورۇتسۇن! ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىنى ئۆرنەك قىلسۇن! ئەدەپ ـ ئەخلاق بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچسۇن! ئۇلارغا ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى توغرا كەلسۇن: ‹‹ئەنە شۇلار ( يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر ) ئاللاھ تەئالا ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، شۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن!›› ( 6:90 )؛ ‹‹( ئۇلارغا ) ئېيتقىنكى، ( خالىغان ) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ تەئالا، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ›› ( 9:105 ).

## 2 ـ ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق تەربىيىلەش

شەكسىزكى، باللارنىڭ ساپ تەۋھىد، توغرا دىن ۋە ئاللاھ تەئالاغا ئىمان ئېيتىش تەبىئىتى بىلەن يارىتىلغانلىقى ئىسلام شەرىئىتىدە ئىسپاتلانغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ‹‹باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا ( ئەگەشكىنكى ) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ›› ( 30:30 ).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ بۇنىڭغا دەلىلدۇر: ‹‹ھەرقانداق بالا ( تەۋھىد ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ) تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ›› ( ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ).

مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەتلەندۈرۈش، ئۆگىتىش ۋە ئەدەپلەشنىڭ باللارنىڭ ساپ تەۋھىد، ئېسىل ئەخلاق، روھىي پەزىلەت ۋە شەرىئەتنىڭ توغرا ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىدە رولى بار.

پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياخشى بولغان ئىسلامىي تەربىيە ئامىلى ۋە ياخشى مۇھىت ئامىلى قولاي بولسا، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىمانلىق ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىسلام ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشى، روھىي پەزىلەتلەر ۋە ئېسىل ئەخلاقلارنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلىشىدە شەك يوق.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە ياخشى بولغان ئىسلامىي تەربىيە ئامىلىنى

تەكتلگەن:

— «ئاللاھ بلەن قەسەمكى، بر ئادەمنڭ بالسغا ئەدەپ ئۆگەتكنى بر سائ (ھەجم ئۆلچەم برلكى، تەخمنەن ئۈچ گلوگرام ساپ سۇنڭ ھەجمگە تەڭ كېلدۇ) بر نەرسە سەدىقە قلغندن ياخشراق» (ئمام ترمزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قلغان).

— «ھېچبر دادا بالسغا ياخشى ئەدەپ ئۆگەتكەندنمۇ ئەۋزەلرەك سوۋغا بەرگنى يوق» (ئمام ترمزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قلغان).

— «باللرىڭلارغا ۋە ئائلە-تاۋابئاتلرىڭلارغا ياخشى ئش ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگتڭلار» (ئمام ئابدۇرەززاق ۋە سەئد ئبنى مەنسۇر رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قلغان).

— «باللرىڭلاردا مۇنۇ ئۈچ خسلەتنى يېتلدۇرۇڭلار: پەيغەمبرىڭلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنڭ ئائلە-تاۋابئاتلرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە قۇرئان تلاۋەت قلش» (ئمام تبرانى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قلغان).

بۇ ھەدستن شۇ مەلۇم بولدۇكى، جەزمەن بالا مۇسۇلمان، سالھ، بالسغا ئمان ۋە ئسلام پرىنسپلرىنى ئۆگتدىغان ئاتا-ئانغا مۇيەسسەر بولالسا، بالا چوقۇم ئمان ۋە ئسلام ئەقدىسى بلەن ئۆسۈپ يېتلدۇ، مانا بۇ «ئائلە مۇھت ئاملى» دېگەن گەپ.

— «ئنسانڭ دىيانتى دوستنڭ دىيانتگە باغلق بولدۇ، شۇڭا، سلەرنڭ ھەربرىڭلار كم بلەن دوستلشدىغانلقغا قارسۇن!» (ئمام ترمزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قلغان).

بۇ ھەدستن شۇ مەلۇم بولدۇكى، دوست ھەقىقەتەن ئۆز دوستغا نسبەتەن ياخشى، تەقۋادار بولسا، دوستى ئۇنڭدن ياخشلق ۋە تەقۋادارلقنى ئۆگندۇ، بۇ بولسا مەيلى مەكتەپتە بولسۇن، ياكى مەھەللدە بولسۇن «ئجتمائىي مۇھت ئاملى» دېگەن گەپ.

ياخشى مۇھتنڭ مۇسۇلمانڭ ياخشلق ۋە تەقۋادارلق ئۈستدە تەربىيلنشى ۋە ئمان، ئەقدە ۋە ئېسل ئەخلاق ئاساسلرى ئۈستدە يېتلشگە زور تەسرى بارلقى ئېنق.

بۇنڭ دەلىلى سۈپتدە بز سلەرگە 99 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بر ئادەمنڭ ھەدسنى ئمام بۇخارى ۋە ئمام مۇسلم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قلغان پېتى تولۇق سۆزلەپ بېرەيلى، قۇلاق سالغايسلەر!

ئەبى سەئد ئبنى سەئد ئبنى مالك ئبنى سنانل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدن رىۋايەت قلندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سلەردن ئلگرى ئۆتكەن ئۈممەت ئچدە 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بر ئادەم بولغان، ئۇ: «زېمن ئەھلدن ئەڭ ئالم كشى كم؟» دەپ سورىغان، كشلەر ئۇنى بر راھبنڭ ئالدىغا باشلاپ قويغان، ئۇ راھبتن: «مەن 99 ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، تەۋبە قلسام تەۋبەم قوبۇل بولامدۇ؟» دەپ سورىغان، ئۇ راھب: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن، شۇنڭ بلەن ئۇ ئادەم بۇ راھبنمۇ ئۆلتۈرۈپ ساننى 100گە يەتكۈزگەن، ئاندن يەنە زېمن ئەھلدن كم ئالم؟ دەپ سۈرۈشتە قلغان، كشلەر ئۇنى يەنە بر ئالم كشنڭ يېنغا باشلاپ قويغان، ئۇ: «مەن 100 ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، تەۋبە

قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟›› دەپ سورىغان، ئالىم كىشى: ‹‹تەۋبەڭنىڭ قوبۇل بولۇشىنى كىم توسۇپ قالالايدۇ، سەن پالانى جايغا بارغىن، ئۇ جايدا ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار، سەنمۇ شۇ كىشىلەر بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلغىن! يۇرتۇڭغا ھەرگىزمۇ قايتمىغىن! بۇ يەر يامان جايدۇر›› دېگەن، ئۇ كىشى شۇ جايغا قاراپ ماڭغان، يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆلۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۈستىدە رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالىشىپ قالغان، رەھمەت پەرىشتىلىرى: ‹‹ئۇ تەۋبە قىلىپ پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئاللاھ تەئالاغا يۈزلەنگەن ھالدا كەلدى›› دېگەن، ئازاب پەرىشتىلىرى: ‹‹ئۇ پەقەت ياخشى ئەمەل قىلىپ باقمىغان›› دېگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر پەرىشتە ئادەمزات سۈرىتىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن، پەرىشتىلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلغان، ئۇ پەرىشتە ئۇلارغا: ‹‹سىلەر ئىككى جاينىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەڭلار! ئۇ قايسى جايغا يېقىن بولسا، شۇنىڭغا ھېساب بولسۇن›› دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلچەپ ئۇ كىشىنىڭ بارماقچى بولغان جايغا (يەنى ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار جايغا) يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئالغان›› (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر رىۋايەتتە ئاللاھ تەئالا زېمىنغا ۋەھيى قىلىپ: ‹‹يامان جايدىن يىراقلاشقىن، ياخشى جايغا يېقىنلاشقىن!›› دەپتۇ، ئاندىن كېيىن پەرىشتىلەرگە: ‹‹ئىككى جاينىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلار!›› دەپتۇ، ئۇلار ئۆلچەپ ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى جايغا بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمگە مەغپىرەت قىلىنىپتۇ دېيىلگەن.

بىز كەلتۈرگەن بۇ ھەدىسلەردىن شۇ يەكۈن چىقىدۇكى، چوقۇم پەرزەنتلەر ئۈچۈن سالىھ ئاتا-ئانىلار ۋە ئىخلاسمەن مۇئەللىملەر تەرىپىدىن ياخشى مۇھىت تولۇق بولسا، شەكسىزكى پەرزەنتلەر يەزىلەتلىك، ئىمان ۋە تەقۋا ھالەتتە تەربىيىلىنىدۇ، ھەرقانداق يۈكسەك ئەدەپ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل بىر ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

مۇشۇ ئاساس ۋە پرىنسىپلار بويىچە ئىلگىرىكى پېشۋالىرىمىز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەربىيەتچىلەرنى تاللاشقا، ئۇلارنىڭ ياخشى ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكە، ئۇلارنى مۇكەممەل ئەخلاقلار ۋە گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

— ئىمام جاھىز رەھمەھۇللاھ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇقبە ئىبنى ئەبى سۇفيان باللىرىنى ئەدەپ ئۆگەتكۈچى مۇئەللىمگە بەرگەن چاغدا، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىكەن: ‹‹سەن پەرزەنتلىرىمنى ئىسلاھ قىلىشنى ئەۋۋەل ئۆزۈڭدىن باشلا! چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سېنىڭ كۆزۈڭگە تىكىلگەن بولىدۇ، سەن ياخشى دەپ قارىغان ئىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى بولىدۇ، سەن قەبىھ دەپ قارىغان ئىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدىمۇ قەبىھ بولىدۇ، ئۇلارغا دانىشمەنلەرنىڭ تارىخلىرىنى، ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاقلىرىنى ئۆگەتكىن! ئۇلارنى مەن بار يەردە قورقۇتقىن، مەن يوق يەردە ئەدەپ ئۆگەتكىن! ئۇلارغا نىسبەتەن كېسەلنى بىلمەي تۇرۇپ داۋالاش ئېلىپ بارمايدىغان تېۋىپقا ئوخشاش بولغىن! (ئۇنىڭغا مەلۇم نەرسىنى ئۆگەتمەسلىكىڭگە) مېنى باھانە قىلىپ كۆرسەتمە! چۈنكى، مەن سېنى تولۇق ئۆگىتىدۇ دەپ ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم››.

ـــ راغىبۇل ئەسفەھانى شۇنداق بايان قىلىدۇ: مەنسۇر بەنى ئۇمەييەدىن زىندانغا قامالغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا: «بۇ زىنداندا سىلەرگە ئەڭ ئېغىر كەلگەن قىسمەت قايسى؟» دەپ سوراپ كېلىش ئۈچۈن بىرسىنى ئەۋەتكەندە، ئۇلار: «باللىرىمىزنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدىن يوقاتقانلىرىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ـــ ئىبنى سىنانىڭ پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدىكى نەسىھەتلىرىدىن بىرى شۇكى، سەبىي باللار بىلەن ئەدەپ-ئەخلاقى گۈزەل، ئادەتلىرى ياخشى سەبىيلەر بولسۇن! چۈنكى، سەبىيلەر سەبىيلەردىن تېز ئۆگىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنىڭ ئادەتلىرىنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرىدۇ.

ئىلگىركى پېشىۋالىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ دەلىللەرگە ئىگە بولماقچى بولغان ئادەم بىز بۇ كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە كەلتۈرگەن مەزمۇنلارغا مۇراجىئەت قىلسۇن! بەزىلەرنىڭ خۇددى قوزا ياۋاش، شىر يىرتقۇچ ھالەتتە تۇغۇلغىنىدەك، ئىنسانلارمۇ ياخشى ياكى يامان تۇغۇلىدۇ. ئەسلى ياخشى بولغىنىنى ئۆزگەرتكىلى بولمىغاندەك، ئەسلى يامان بولغىنىنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى ئېغىر خاتالىقتۇر.

بۇ خاتا دەۋا شەرىئەتنىمۇ، ئەقلىدىنمۇ ۋە ئەمەلىي تەجرىبە-سىناقلاردىنمۇ بىتچىت قىلىنغان.

شەرىئەتتە بىتچىت قىلىنغىنى شۇكى، ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿و د ي ن ا الن ج د ي ن﴾ «ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟» (90:10)؛ «روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ» (10 ـــ 91:7)؛ «شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى-يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر» (76:3).

ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر: «ھەرقانداق بالا (تەۋھىد ۋە ئاللاھنى تونۇش) تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنى ياكى يەھۇدىي، ياكى نەسارا، ياكى ئاتەشپەرەس قىلىپ تەربىيىلەيدۇ».

ئەقلىي جەھەتتە بىتچىت قىلىنغىنى شۇكى، ئاللاھ تەئالا كىتابلارنى نازىل قىلدى، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، بۇلارنى نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىي ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ھەمدە ئۇنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!

ئاندىن قالسا، ھۆكۈمەتلەر نېمە ئۈچۈن تۈرلۈك پىلانلارنى ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشقا بۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن مەكتەبلەرنى، فاكۇلتېتلارنى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تەسىس قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن تەلىم-تەربىيە، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ئىلىم ئالىملىرى ئىچىدىن ئىقتىساسلىق

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتكە قويىدۇ؟

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەلىم-تەربىيە ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئۈچۈن، پىتنە-پاساتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، ياخشى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە خاتالىقلارنى توغرىلاش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!

ئەگەر ئۇنداق بولسا، ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابلارنى نازىل قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نېمە ئۈچۈن؟

ھۆكۈمەتلەرنىڭ تۈرلۈك يولىيورۇقلار ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنى ئورنىتىشى نېمە ئۈچۈن؟

بۇرۇندىن تارتىپ ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگەتكۈچى تەربىيەتچىلەرنىڭ خىزمىتى نېمە ئۈچۈن؟ ۋە بۇندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن بولماقچى؟

بۇ خىزمەتلەر ھېچبىر پايدىسى يوق جاپا تارتىشلا ئەمەستۇ؟ ۋەياكى ئەخلاق دەرسىنىڭ ئۆزىمۇ بىكار ئويۇن-تاماشا ئەمەستۇ؟

بىز بۇ ئەقلىي سوئاللار ۋە مۇھاكىملەردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى، چوقۇم ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەت بىلەن يارىتىلغان، قاچانكى، ئۇ ياخشى تەربىيە ۋە ياخشى مۇھىتقا ئېرىشەلىسە، ساپ ئىمانلىق، ئېسىل ئەخلاقلىق ۋە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، جەمئىيەتتە مۇئمىن، پەزىلەتلىك ۋە ئەخلاقلىق بىر ئىنسان بولىدۇ.

بۇ دەۋانىڭ ئەمەلىي تەجرىبە ۋە ئىسپاتلار ئارقىلىق بىتچىت قىلىنىشى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئىشلار تۈپەيلىدىندۇر:

1 ـ مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى! ئىنسانىيەت دۇنياسىدا قايسىبىر ئىنسان ئازغۇنلۇق ۋە پىتنە-پاساتقا تولغان مۇھىتتا ئۇزۇن زامان ياشاپ، ئىنسان قىلالايدىغانلىكى جىنايەت ۋە ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلسا، جەمئىيەت ئۇنىڭ يامانلىق ۋە جىنايەتلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىسا، ئۇ قىلغان ئەسكىلىك ۋە جىنايەتلەردىن پاراكەندە بولسا، ئۇ ئادەم تۇيۇقسىز ياخشى ھەمراھ، تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تەربىيەتچى ياكى ئىخلاسمەن بىر دەۋەتچىگە يولۇقسا، بۇ ئادەم ئۇنى بەختسىزلىك ھاڭلىرىدىن بەخت-سائادەت باغچىسىغا، جىنايەت پاتقاقلىرىدىن پاكلار دۇنياسىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن بەختسىزلىك ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان جىنايەتلەردىن كېيىن، تەقۋادارلارنىڭ پېشۋالىرىدىن ۋە ياخشىلارنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

بۇنداق ئىشلار پىتنىلەر يامرىغان، گۇناھلارغا تولغان، پىسقى-پۇجۇر ۋە مۇنكەر تەرەپكە قارىغۇلارچە مېڭىۋاتقان بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ئىنتايىن كۆپ. بۇ ھەقىقەتنى پەقەت تەرسا ۋە كۆزى ھەقنى كۆرۈشتىن پەردىلەنگەن ئادەمدىن باشقا ھېچكىم ئىنكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

2 ـ يەنە بىز ھايۋاناتلار دۇنياسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ باقىدىغان بولساق، شەكسىزكى ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىنى ھۆركۈتۈشتىن كۆنۈشكە، تەرسا ۋە ئاساۋلىقتىن ياۋاشلىق ۋە بويسۇنۇشقا، مېڭىشى ئەگرى ۋە تۇراقسىزلىقتىن نورمال ۋە تەرتىپچانلىققا يۆتكەشكە مۇۋەپپەق قىلىنىپ كەلدى، ھەتتاكى ئىنسانلار ئاتنى ئۇسۇلغا سېلىپ، قۇشلار بىلەن ئوينىشىپ، يىرتقۇچلارغا نۇرغۇن

نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.

بۇ ئەھۋال تىلسىز ھايۋانلارنىڭ تەبىئەتلىرىدە ئەمەلگە ئاشقان ئىش تۇرسا، «پسىخىكا سېلىشتۇرما ئىلمى ) بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، خىلمۇخىل، پىشىپ يېتىلىشىنى، نورماللىقنى ۋە راۋرۇس بولۇشىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقتىن بويسۇنۇشى ئىنتايىن قۇلاي، ماسلىشىشچانلىقى ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان ئىنسانىيەت تەبىئەتلىرىدە قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشمىسۇن؟!

3 - ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارساق، ئېنىقكى دېھقان ئۇرۇقنى مۇنبەت يەرگە چېچىپ، ئۇنى پات-پات سۇغىرىپ، ئۇغۇتلاپ تۇرسا، ھاشارەتلەردىن ۋە پارازىت قۇرتلاردىن قوغدىسا، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھارام پۇتاقلىرىنى ئېلىپ، شاخلىرىنى رۇسلاپ تۇرسا، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇرۇق پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىدۇ. ئىنسانلار ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئۈزىدۇ، سايىسىدا سايىدايدۇ. ئۇنىڭ ھوسۇللىرىدىن ئۇزۇن زامانلارغىچە پايدىلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇرۇقنى چېچىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا سەل قارىسا، ئۇنى ئۇغۇتلىمىسا، سۇغارمىسا، ھارام پۇتاقلىرىنى ئالمىسا، شاخلىرىنى رۇسلىمىسا، ھارام پۇتاقلىرىنى ئالمىسا، شاخلىرىنى رۇسلىمىسا، ئېنىقكى بۇ ئۇرۇق ھوسۇل بەرمەيدۇ، چېچەكلىمەيدۇ، مېۋە بەرمەيدۇ. بەلكى، بۇ ئۇرۇق قۇرۇپ، شامال-بورانلار تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىنسانىيەت روھى ۋە ئۇنىڭدىكى قابىلىيەت ۋە ئىستىداتلار، تەبىئەت ۋە خاراكتېرلەر ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن پەرۋىش قىلىنىپ، ئىلىم ۋە مائارىپ سۈيى بىلەن سۇغىرىلسا، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۇغۇتلانسا، چوقۇم بۇ روھ ياخشى ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ ھەمدە بۇ روھنىڭ ساھىبى كىشىلەر ئىچىدە ماڭىدىغان پەرىشتە كەبى بولىدۇ.

ناۋادا روھقا سەل قاراپ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى جاھىللىق داتلىرى باسىدۇ، ئەسكى دوستلىرىنىڭ كېسىلى يۇقىدۇ، ناچار ئادەتلەرنىڭ خارابىلىرى ئۇنى بېسىۋالىدۇ-دە، بۇنداق روھ شەكسىز يامان ۋە ناچار روھ بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئەخلاقسىزلىق ۋە باشباشتاقلىقنىڭ سېسىق ئازگىلىغا پاتىدۇ ھەمدە بۇ روھنىڭ ساھىبى خۇددى كىشىلەر ئىچىدە مېڭىۋاتقان تىلسىز ياۋايىلارغا ئوخشايدۇ ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلىك ئىنسانلار ئىچىدىن دەپ گۇمان قىلىدۇ.

بىز يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن كېيىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئىنسانىيەتنىڭ يامانلىق ياكى ياخشىلىقتىن ئىبارەت تەبىئىي خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغانلارنىڭ بۇ دەۋاسى ئەمەلىيەتتە شەكسىز باتىل دەۋادۇر. شەرىئەت بۇ دەۋانى بىتچىت قىلىۋېتىدۇ، ئەقىل ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىكى تەجرىبە-سىناق ۋە دەلىل-ئىسپاتلار ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. پسىخىكا، تەلىم-تەربىيە ۋە ئەخلاق ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ دەۋانى خاتا دەيدۇ.

بىز بۇ ئورۇندا ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھنىڭ «دىن ئىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش» دېگەن كىتابىدىكى باللارنى ياخشى خىسلەتلەر ياكى يامان ئادەتلەرگە كۆندۈرۈش، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە تەبىئىي خاراكتېرى ئېتىبارى

بىلەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە دېگەن سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بولدى قىلىمىز.

ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بالا ئاتا-ئانىغا بېرىلگەن ئامانەت، ئۇنىڭ قەلبى پاك ۋە قىممەتلىك بىر گۆھەردۇر. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈلۈپ، ياخشىلىق ئۆگىتىلسە، ياخشى ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدۇ. ئەگەر يامانلىققا ئادەتلەندۈرۈلسە، چاھارپايلارغا ئوخشاش سەل قارالسا، بەدبەخت ئادەم بولۇپ ھالەك بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ھالاكەتتىن ساقلىنىشى ئۇنىڭغا ئەدەپ ئۆگىتىش ۋە رىتوھنى ساپلاشتۇرۇش بىلەن ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ.

ئىبنى خەلدۇن (مەشھۇر پەلسەپە ئالىمى) مۇ «مۇقەددىمە» ناملىق كىتابىدا ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھنىڭ بالىلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىستېداتى ھەمدە ئۇلارنىڭ يامان يولغا مېڭىپ بۇزۇلۇپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ياخشىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقارىشىغا بارغان. بەلكى، غەرب ۋە شەرقتىكى پەلسەپە ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ كۆزقاراشقا قوشۇلغان ھەمدە شۇ قاراش بويىچە ماڭغان.

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە خاتالىقلىرىنى تۈزەشتە ئىككى دەۋرنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈشى، مەلۇم ئىشقا ئادەتلەندۈرۈپ، ئەدەپ ئۆگىتىشتە ئىككى ياشنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈشى كېرەك!

مەسىلەن، چوڭلارنىڭ چوڭ بالىلارغا خاس يول ۋە ئۇسۇلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك كىچىكلەرنىڭمۇ كىچىك بالىلارغا خاس يولى ۋە ئۇسۇلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن چوڭ بالىلارنى ئىسلاھ قىلىشتىكى ئۇسۇلى ئاساسلىق ئۈچ ئىش بويىچە بولىدۇ: 1) ئەقىدىگە باغلاش؛ 2) يامانلىقتىن خالاس قىلىش، 3) مۇھىتنى ئۆزگەرتىش.

ئەقىدىگە باغلاش بولسا، مۆئمىننىڭ داۋاملىق «ئاللاھ مېنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئىدىيىدە بولۇشى، ھەرقانداق شارائىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر ھەمدە بۇنىڭ مۆئمىن بەندىنىڭ روھىي قۇۋۋىتىنى ۋە شەخسىي ئىرادىسىنى كۈچەيتىش رولى بار. بۇ چاغدا مۆئمىن بەندە شەھۋىتىنىڭ قۇلى بولمايدۇ، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، رەببانىي قانۇن-پرىنسىپنى قەتئىي ئىككىلەنمەستىن ۋە سىقىلىش ھېس قىلماستىن ئاللاھ تەئالا ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋەھيى قىلغان پېتى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يولدىكى شوئارى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدۇر: «(ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار» (5:50)؛ «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار» (59:7).

چۈنكى، شەرىئەتكە سىقىلىش ھېس قىلماستىن ئەمەل قىلىش ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىغا تولۇق بويسۇنۇش مۇشۇ ئىماننىڭ تەلەپلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان



www.uyghurkitap.com

ئېيتقـان بولمايـدۇ» ( 4:65 ).

شەك ـ شۈبھىسـىزكى، بارلىـق ئىبادەتلـەر، زىكرى ـ تەسبىھلەر، كېچىلـەردە ۋە ئەتىگەن ـ ئاخشـامدا قۇرئـان تـىلاۋەت قىلىـش ۋە ئايەتلەرنىـڭ مەنىلىرىنـى ئويلىنـش، ھەرقانـداق شـارائىت ۋە ھەرقانـداق ئەھۋالـدا ئىلاھـىي بۈيۈكلۈكنـى ھېـس قىلىـش، ئۆلۈمگـە ۋە ئۆلگەندىـن كېيىنكـى ئىشـلارغا چىـن ئىشـىنىش، قەبـرە ئازابىغـا ۋە ئىككـى پەرىشـتىنىڭ قەبرىـدە سـوئال سـورايدىغانلىقىغا ئىشـىنىش، ئاخىرەتنىـڭ ئالامەتلىرىگـە ۋە قىيامـەت كۈنىدىكى قورقۇنچلـۇق ئەھۋاللارغا ئىشـىنىش، بۇلارنىـڭ ھەممىسـى مۆئمىننىـڭ ئېڭىـدا ئالـلاھ تەئـالا داۋاملىـق مېنـى كۆزىتىـپ تۇرىـدۇ دېگـەن ئېدىيىنـى پەيـدا قىلىـدۇ ھەمـدە ئۇنـى روھنىـڭ تەلەپلىـرى بىلـەن جىسـمىنىڭ تەلەپلىرىنـىڭ ئوتتۇرىسىنى، دۇنيالىق ئەمـەل بىلەن ئاخىرەتلىـك ئەمەلنىـڭ ئوتتۇرىسـىنى مۇۋاپىقلاشـتۇرۇپ تـەڭ تۇتـۇپ ماڭىدىغـان، ئاندىـن سـەل قارىماسـتىن، بوشاڭلىق قىلماسـتىن ھەرقانـداق ھـەق ئىگىسـگە ئـۆز ھەققىنـى تولـۇق ئـادا قىلىدىغـان نورمـال، راۋۇرۇس بىـر ئىنسـانغا ئايلاندۇرىـدۇ. ئۇنىـڭ بـۇ ھەقتىكى شـوئارى پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمنىڭ: «شەكسـىزكى، سېنىڭ ئۈسـتۈڭدە ئالـلاھنىڭمۇ ھەققـى بـار، ئـۆز نەپسـىڭنىڭمۇ ھەققـى بـار، ئەھلى ـ ئاياللىرىڭنىڭمـۇ ھەققى بار... شـۇڭا، ھەرقانـداق ھـەق ئىگىسـگە ئـۆز ھەققىنـى بەرگىـن! ...» دېگـەن سـۆزى بولىـدۇ.

شەك ـ شۈبھىسـىزكى، مۆئمىـن ئادەمنىـڭ روھىدىكـى «ئالـلاھ مېنـى كۆزىتىـپ تۇرىـدۇ» دېگـەن ئـاڭ كۆچەيسـە، ئۇنىڭـدا يامانلىقـقا بۇيرۇغۇچـى نەپـس بىلـەن ھاۋايى ـ ھـەۋەس تۇيغۇلىرىنـى باشـقۇرۇش ئىرادىسـى پەيـدا بولسـا، بۇ ئـادەم قەلبىدىـن تارتىـپ ياخشـىلىنىپ، بارچـە ئىشـلىرىنى ئەقىـدە ۋە ۋىجـدان ئۆلچىمىگـە سېلىپ قىلىدىغـان بولۇشـى، ئاندىـن بـۇ ئادەمنىـڭ ئېزىـپ كەتمەيدىغانلىقـى، ئالـلاھ ۋە ئالـلاھنىڭ پەيغەمبىرىنىـڭ ئىتائىتىدىـن چىقمايدىغانلىقـى، ئەخـلاق ئۆلچىمىدىـن چەتنـەپ كەتمەيدىغانلىقـى ۋە ھـەر ئىككـى دۇنيـادا بەختسـىز بولـۇپ قالمايدىغانلىقـى ھەممـە ئېتىـراپ قىلىدىغـان بىـر ھەقىقەتتـۇر. چۈنكـى، بـۇ ئـادەم شەكسـىزكى، ئالـلاھنىـڭ ئۇخـلاپ قالمايدىغـان كـۆزى داۋاملىـق ئۇنـى كۆزىتىـپ نـازارەت قىلىـپ تۇرىـدۇ، مەخپىـي سـۆزلىرى ۋە پىچىرلاشـقانلىرىنى بىلىـپ تۇرىـدۇ، كۆزلەرنىـڭ خىيانەتلىرىنـى ۋە كۆڭۈللـەر يوشـۇرغان مەخپىـي سىرلارنى بىلىـپ تۇرىـدۇ دەپ كەسـكىن ئېتىقـاد قىلىـدۇ.

مۇشـۇ سـەۋەبتىن ساھابە كىرامـلار ھـارام ھـارام قىلىنغـان چاغـدا، بىـردەك ئـاۋاز قوشـۇپ: «ئـى رەببىمىـز! بىـز ھـاراق ئىچىشـتىن توختىـدۇق» دەپ ھەممـە بـۇ سـۆزلىرىنى ئەمەلىيىتـى ئارقىلىـق ئىسـپاتلاپ، تۇڭلاپ ـ تـۇڭلاپ ھاراقلىرىنـى مەدىنـە كوچىلىرىغـا تۆكۈۋەتكـەن چاغـدا، ئۇلارنىـڭ مۇشـۇنداق بۈيـۈك ۋە ئۇلۇغـۋار پوزىتسـىيىدە بولغانلىقـى بىـر سىـر بولغـان.

يەنـە شـۇ سـەۋەبتىن ئىسـلامىي جەمئىيەتنىـڭ چەت ـ ياقىلىرىغـا قـەدەر ئىسـلاھ بولغانلىقىدىمـۇ سىـر مەۋجـۇد بولغـان. ھەتتاكى ئۆمـەر ئىبنى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ ئەبـۇ بەكرى رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇنىـڭ خەلىپىلىك دەۋرىـدە ئىككـى يىـل قازىلىـق مەنسـىپىدە ئولتۇرغـان بولـۇپ، شـۇ مەزگىـل ئىچىـدە ھېچكىـم ئۇنىـڭ يېنىغـا دەۋا قىلىـپ كەلمىگـەن. تارىخـي رىۋايەتلـەردە ئېيتىلىشـچە، ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇشـۇ يىلـلاردا ھېچبىـر ئىـش قىلمـاي ۋە دەۋا ـ دەسـتۇر ئاڭلىمـاي ئولتۇرغانلىقتىـن، خەلىپـە ئەبـۇ بەكـرى رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇنىـڭ يېنىغـا خىزمىتىدىـن ئىسـتىپا سـوراپ كەلگەنىكـەن.

www.uyghurkitap.com

ساھابىلەرنىڭ مۇشۇنداق ھېس-تۇيغۇدا بولۇشىدىكى سىر بولسا، ئۇلارنىڭ «ئاللاھ بىزنىڭ ھەرقانداق ھالەتتىكى بارلىق ئىشلىرىمىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئىدىيىدە بولغانلىقى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

پەرۋەردىگار تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان قانۇن-پرىنسىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرسا، ئۇلار يەنە نېمە دەپ دەتالاش قىلغۇدەك؟!

ئاللاھتىن قورقۇش ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا توشۇپ كەتكەن تۇرسا، يەنە نېمىدەپ ئۆزئارا ئىختىلاپلاشقۇدەك؟!

ئۇلار پۈتۈن ھاياتىدا ھەرقانداق ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىپ كەلگەن تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا تاپتىن چىقىپ كەتسۇن؟!

ھۇشيار تۇرۇڭلاركى، بۇلاردىن ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالسۇن!

يامانلىقتىن خالاس قىلىش بولسا، چوڭ باللارنى مۇنكەرنى تەرك ئېتىشكە قانائەتلەندۈرۈپ، پىتنە-پاسات ۋە گۇناھتىن نەپرەتلەندۈرۈشتە ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۇ يامانلىقتىن خالاس قىلىش ۋە خاتانى ئېچىپ تاشلاش «قۇرئان كەرىم»نىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنى كونا ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئېسىلىۋېلىشنى چۆرۈپ تاشلاش ۋە گۇناھ بولىدىغان يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە قانائەتلەندۈرۈشتە قوللانغان ئۇسۇلىدۇر.

بۇنىڭ بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى: ئىسلام دىنى ھاراقنى ھارام قىلغان چاغدا، ھاراق ئىچىشنىڭ جىنايەتلىرى، ئۇنىڭ ئىنساندىكى يامان تەسىرى، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە دىني جەھەتتىكى زىيانلىرىنى ئۈچ‌ۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان ئايەتلەر ئارىلاپ-ئارىلاپ نازىل بولۇش ئارقىلىق ھارام قىلىنغان.

مەسىلەن، ھاراق توغرىسىدا تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت مۇنۇ ئايەتتۇر: «سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى ) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار» ( 16:67 ). دېمەك، ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتتە ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ شارابنىڭ باشقا نەرسە، پاكىز يېمەكلىكلەرنىڭ باشقا بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى، نەتىجىدە بۇنىڭدىن كېيىن ھاراققا قارىتا سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، شاراب بىلەن پاكىز يېمەكلىكلەرنى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئورۇندا قىلدى.

ئىككىنچى قېتىم نازىل بولغىنى مۇنۇ ئايەتتۇر: «( ئى مۇھەممەد! ) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە ( ئازغىنا ماددى ) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن» ( 2:219 ).

ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتتە كۆڭۈللەرنىڭ ھاراققا بولغان چوڭقۇر رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە كۆڭۈللەرگە ھۆكۈمران بولۇۋالغان ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ھاراقنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى تىجارەتتىكى مەنپەئەت تەرىپىدىن كۈچلۈك دەپ ئۇقتۇردى.

ئۈچىنچى قېتىم مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار» (4:43).

دېمەك، ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتتە ناماز ۋاقىتلىرىدا هاراق ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەندىن سىرت، هاراقنىڭ ئەقىلگە ئېلىپ كېلىدىغان يامان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئىبادەتتە زېھنىنى ئىلەشتۈرۈش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تۆتىنچى قېتىم ئاندىن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئى مۇئمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، ياسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟» (91 ـــ 5:90).

«قۇرئان كەرىم»نىڭ هاراقنى قىمار ۋە بۇتلار بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغانلىقى ۋە ئۇنى نىجىس دەپ سۈپەتلىگەنلىكى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ شەيتاننىڭ ئەملى دەپ ئاگاهلاندۇرۇش بەرگەنلىكى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇغدۇرۇش ئارقىلىق كەلتۈرىدىغان ئەخلاقىي زىيىنىنى سۆزلىگەنلىكى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ زىكرىدىن ۋە نامازدىن توسۇش ئارقىلىق كەلتۈرىدىغان دىنىي جەھەتتىكى زىيانلىرىنى سۆزلىگەنلىكى نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟ بۇلارنىڭ مەنىسى نېمە؟

بۇنىڭ مەنىسى هاراقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ھەقىقەتەن ئېچىپ تاشلاندى، ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىلىرىگە هاراقنىڭ زىيانلىرى ۋە خەتەرلىرى ئايدىڭلاشتى دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟!

مۇشۇنداق ئېنىق بايان ۋە ئوچۇقلىمىدىن كېيىنمۇ بىرەر ئادەم هاراقنى هارام دەپ بىلىشتىن ۋە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشتىن باش تارتارمۇ؟!

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەقىللىق ۋە ئىنساپلىق مۇئمىن: «ئى رەببىم! سەن هاراقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كونكرېتنى بايان قىلىپ هارام قىلغىنىڭدىن كېيىن مەن هاراق ئىچىشتىن توختىدىم» دەيدۇ. مانا بۇ هاراقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىپ ئۇنىڭ هارام قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ساھابىلەر قىلغان ئىشتۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، زىنا قىلىش، جازانە بىلەن شۇغۇللىنىش، قىمار ئويناش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، قىزلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىشقا ئوخشاش ھەرقانداق جاھىلىيەت ئېتىقادلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى زىيانلىق ئىشلارنى هارام قىلغانلىقىنى مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ!

«قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق نەرسىنى هارام قىلىپ چەكلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن زىيانلىرىنى سۆزلىمەي تۇرۇپ، ئۇ ئىش شەخس ۋە جەمئىيەتكە ئەڭ يامان

www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەت ۋە ئېغىر دەرىجىدە خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەقىل ئىگىلىرىنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرۈپ يىراقلاشتۇرماي تۇرۇپ ھېچ نەرسىنى ھارام قىلغىنى يوق.

مۇھىت ئالماشتۇرۇشقا كەلسەك، بۇنىڭ ئەھمىيىتى شەخسنى ئىسلاھ قىلىپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە باشقا ئاساسلاردىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن ئۆز پەيغەمبىرىگە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە ئۈچۈن ساھابە كىراملارنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى؟

سورۇنلىرىدا مۇنكەرگە رۇخسەت قىلىنمايدىغان، تەۋەلىكىدە گۇناھ-مەئسىيەتلەر ۋە چەكلەنگەن ئىشلار ئىشلەنمەيدىغان ياخشى مۇھىتتا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قانۇن ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر بايراق ئاستىدا دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!

بىز ئىلگىرى 100 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، زېمىن ئەھلى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىم ئادەمدىن: «مەن تەۋبە قىلسام تەۋبەم قوبۇل بولامدۇ؟» دەپ سورىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا: «سەن پالانى يۇرتقا بارغىن! ئۇ يۇرتتا ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار، سەنمۇ شۇلار بىلەن بىرگە ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلغىن! ئۆز يۇرتۇڭغا ھەرگىز قايتىپ كەلمىگىن! چۈنكى، بۇ يامان جايدۇر» دەپ جاۋاب بېرىلگەن بىر ئادەمنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

بۇ ھەدىسمۇ ياخشى مۇھىتنىڭ شەخسنى ئىسلاھ قىلىپ، خاتانى توغرىلاشتا ھەمدە ئۇنى رەزىل ئادەتلەردىن ۋە قەبىھ سۈپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇشتا زور كۈچى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بەرمەمدۇ؟!

بىز ئىلگىرى ئىنساننىڭ دىن-دىيانىتى ئۆز دوستىنىڭ دىن-دىيانىتىگە قاراپ بولىدىغانلىقى، ياخشىلىنىش ۋە بۇزۇلۇشتا ئارىلاشقان ئادەمنىڭ چوڭ تەسىرى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئادەمدە ئارىلاشقان ھەمراھى ياخشى ياكى يامان تەسىر قالدۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىس بايان قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

بىز بۇلاردىن شۇنى بىلىپ يېتەلەيمىزكى، ئىنساننىڭ ياخشىلىنىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولسا، ئەخلاقسىز مۇھىت، ناچار دوست ۋە جاھىل قەۋم-قېرىنداشتىن ئىبارەت ناچار مۇھىتنى ئالماشتۇرۇشتۇر.

بىز يۇقىرىقى ئەمەلىي پاكىتلارغا كۆرە شۇ يەكۈننى چىقىرىمىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭلارنى ئىسلاھ قىلىشتىكى ئۇسۇلى، ئەخلاقنى تۈزەپ، خاتانى توغرىلاشتا ئەڭ چوڭ تەسىرى بولغان مۇنداق ئۈچ ئىشنى ئاساس قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئەقىدىگە باغلاش ئارقىلىق چوڭ بولغان چاغدا ئاللاھ تەئالانىڭ داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ۋە مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالەتتە ئاللاھ تەئالادىن قورقۇش ئىدىيىسى پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ

ئـش ئۇنـاڭ هارامدىـن توختىشى، ئېسـل ئەخلاقـلار ۋە ئالىيجانـاب سـۈپەتلەر بىلـەن زىننەتلىنىشـى ئۈچـۈن ئۇنـاڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ.

مۇنكـەر ۋە يامـان ئىشـلاردىن خالىـي قىلـش ئارقىلـق چـوڭ بالـلار خاتـا ئىشـلارنى تـەرك ئېتىشكە قانائەت هاسـل قىلـدۇ. رەزىللىكلەردىـن خالىـي بولۇشـقا پۈتۈنلـەي بـەل باغلايـدۇ. بەلكـى، ئۇنىڭـدا گۇنـاھ بولىدىغـان ئىشـلارنى تـەرك ئېتىشكە روهىي ۋە قەلبىي خاتىرجەملىك بولىدۇ.

ئىجتىمائـي مۇهىتنـى ئالماشـتۇرۇش ئارقىلـق چوڭلارنـاڭ ئىسـلاھ قىلىنىشـى ئۈچـۈن ئـەڭ ياخشـى ۋە سـاپ مۇهـىت ۋە شـەرەپلىك هايـات بەرپـا قىلىنـدۇ. بەلكـى، كۆڭۈللەرنـاڭ ئۆتۈشـى بىلـەن ئەهۋالـى ياخشـلىنىدۇ، ۋاقىتنـاڭ ئۆتۈشـى بىلـەن ئىش ـ هەرىكىتـى ۋە ئەخلاقـى گۈزەللىشـىدۇ.

شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئىجتىمائـي جەمئىيەتتىكى تەربىيەتچىلـەر ئىسـلام ئۈممىتىنـاڭ ئەمىنلىكى، ياخشىلىنىشى، تىنـچ ۋە خاتىرجەملىكىنى كۆزلىسـە، چوڭلارنى ئىسـلاھ قىلىشـتا ئىسـلام پرىنسـىپىغا ئەمـەل قىلىشـى كېـرەك!

«ئېيتقىنكى، (بـۇ مېنىـاڭ يولۇمـدۇر، (كىشـلەرنى) ئاللاهقـا دەۋەت قىلىمـەن، مـەن ۋە مـاڭا ئەگەشكەنلەر روشـەن دەلىلگـە ئاساسـلىنىمىز. ئالـلاھ پاكتـۇر، مـەن مۇشـرىكلاردىن ئەمەسـمەن)» (12:108).

ئىسلام دىنىنىڭ كىچىكلەرنى ئىسلاھ قىلىشتىكى پرىنسىپى بولسا، مۇنداق ئاساسلىق ئىككى نەرسىگە تايىنىدۇ:

1 - ئۆگىتىش.

2 - ئادەتلەندۈرۈش.

بىز ئۆگىتىش دېگىنىمىزدىن ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيلەشتىكى نەزەرىيىۋى تەرەپنى مەقسەت قىلىمىز.

ئادەتلەندۈرۈش دېگىنىمىزدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى ئەمەلىي تەرەپنى مەقسەت قىلىمىز.

كىچىـك بالـلار ۋە ئۇلارنـاڭ تەبئىتـى ئۆگىتـش ۋە ئادەتلەندۈرۈشـنى باشـقا ياشـتىكىلەرگە قارىغانـدا كۆپـرەك قوبـۇل قىلىدىغـان بولغاچقـا، ئاتا ـ ئانـلار ۋە مۇئەللىملەردىـن ئىبارەت تەربىيەتچىلـەر كىچىـك بالـلار ئەقلىگـە كېلـپ، هايـات ھەقىقەتلىرىنـى چۈشـەنگۈدەك بولغاندىـن باشـلاپ ئۇلارغـا ياخشـى ئىشـلارنى ئۆگىتىش ۋە ياخشـىلىققا ئادەتلەندۈرۈشـكە ئەهمىيـەت بېرىشى كېـرەك!

بىز ئىلگىرى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاهنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزىنى نەقىل قىلىپ ئۆتتۇق.

ئـۇ كىشـى مۇنـداق دەيـدۇ: كىچىـك بـالا ئاتا ـ ئانىسـىنىڭ يېنىدىكـى ئامانەتتـۇر. ئۇنـاڭ پـاك قەلبـى قىممـەت باھالىـق گۆھـەردۇر. ئەگـەر ئـۇ بـالا ياخشـىلىققا ئادەتلەندۈرۈلـۈپ، ياخشـى ئىشـلار ئۆگىتىلسـە، ياخشـى هالەتتـە ئۆسـۈپ يېتىلىـدۇ، دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە بەختلىـك بولىـدۇ.

بـۇ ئورۇنـدا تەربىيەتچىلـەر ئۈچـۈن نەمۇنـە ۋە پاكىـت بولۇشـى ئۈچـۈن ئۇلارغـا كىچىـك بالىلارغـا ياخشـىلىق پرىنسـىپلىرىنى ئۆگىتىـپ، ياخشـىلىققا ئادەتلەندۈرۈشـتىكى بـەزى تىپىـك مىسـاللارنى بايـان قىلىـپ ئۆتـۈش كېـرەك!

ـــ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم تەربىيەتچىلەرنـى پەرزەنتلىرىگـە «ئاللاهتىـن باشـقا ھېچقانـداق

www.uyghurkitap.com

ئىلاھ يوق» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۆگىتىشكە بۇيرىغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىڭلارغا دەسلەپتە ‹ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق› دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىڭلار!» (ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ نەزەرىيىۋى تەرەپ ...

بۇ ئۆگىتىشنىڭ ئەمەلىي تەرىپى بولسا، بالىلارنى ئاللاھ تەئالادىن باشقا ياراتقۇچى ۋە تۇنجى پەيدا قىلغۇچى يوقلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىشكە تەييارلاش ۋە ئادەتلەندۈرۈشتۇر. بۇ ئىش پەقەت زېھنىي جەھەتتە مۇئەييەن بىر يەكۈننى چىقىرىش ۋە ھەقىقىي تەسىر كۆرسەتكۈچىنىڭ ئاللاھ تەئالا ئىكەنلىكىگە ئەقلىي دەلىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چېچەك، ئاسمان، زېمىن، دېڭىز، ئىنسان ۋە بۇلاردىن باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش كىچىك بالىلار كۆرەلەيدىغان ئاللاھ تەئالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئالامەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئۇنداقتا تەربىيەتچى كىچىك بالىلارغا بىلدۈرەلەيدىغان ھەقىقەت شۇكى، بۇ كائىنات ئاڭلاش ۋە كۆرۈش دائىرىسىگە كىرىدىغان مەۋجۇداتلار بىلەن توشقان، بۇ مەۋجۇداتلار جانسىز، ئاڭسىز، ئەقىل-ئىدراكسىز، تەدبىرسىز، ئىلىمسىز ۋە ئىرادىسىز شەيئىلەر بولغاچقا، ئۆزىنى ياكى بىر-بىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا بۇ مەۋجۇداتلارنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى بولسا چوقۇم ئاللاھ تەئالادۇر دېگەن ئۇقۇمدىن ئىبارەت.

شۇنداقلا، تەربىيەتچىلەر كىچىك بالىلارنى ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق يەككە-يېگانە بولغان ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى ئاللاھ تەئالاغا ئىمان ئېيتىش دەرىجىسىگە يەتكۈزەلىشى ھەمدە تەدرىجىي ھالەتتە ئوبيېكتىپ نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشتىن سۇبيېكتىپ نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا، پارچىلارنى تەپەككۇر قىلىشتىن بىر پۈتۈن گەۋدە ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا، ئاددىي نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشتىن مۇرەككەپ نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۆتۈپ، ھەتتاكى ئاللاھ تەئالاغا دەلىل-پاكىت بىلەن ئىمان كەلتۈرۈش مەسىلىسىگە قەلبىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە قانائەت ھاسىل قىلالىشى مۇمكىن.

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەربىيەتچىلەرنى پەرزەنتلىرى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارغا ناماز ئىبادىتىنى ئۆگىتىشكە بۇيرىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار! ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا، ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار!» (ئىمام ھاكىم ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ نەزەرىيىۋى تەرەپ ...

ئەمەلىي تەرەپ بولسا، پەرزەنتلەرگە نامازنىڭ ئەھكاملىرىنى، رەكئەتلىرىنىڭ سانىنى ۋە سۈپەتلىرىنى ئۆگىتىش، ئاندىن كېيىن تاكى ناماز ئوقۇش ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە ئادىتىگە ئايلانغانغا قەدەر ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ناماز ئوقۇشقا، نامازنى جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئادا قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشتۇر.

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەربىيەتچىلەرنى پەرزەنتلىرىگە ھالال-ھارام ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشكە بۇيرىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «... پەرزەنتلىرىڭلارنى ئىسلامي بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشقا، چەكلىمىلەردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇڭلار! بۇنداق قىلىش ئۇلارنى ۋە سىلەرنى ئوتتىن ساقلايدۇ» (ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى مۇنزىر رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ نەزەرىيەۋى تەرەپ ...

ئەمەلىي تەرەپ بولسا، پەرزەنتلەرنى ئاللاھ تەئالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا چېنىقتۇرۇشتۇر. مەسىلەن، تەربىيەتچىلەر ناۋادا پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇرلۇق ياكى تىللاشقا ئوخشاش مۇنكەرنى قىلغانلىقىنى ياكى گۇناھقا ئورۇنغانلىقىنى سەزسە، ئۇنى توسايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن بۇ مۇنكەر ئىش، ھارام ئىش ...» دەيدۇ.

ناۋادا ئۇلارنىڭ سەدىقە قىلىش ياكى ياخشىلىققا ياردەملىشىش دېگەندەك ياخشى ئىشلارنى قىلغىنىنى كۆرسە، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن بۇ ياخشى ۋە ھالال ئىش» دەيدۇ. شۇنداقلا، ياخشى ئىش قىلىش تاكى ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە ئادىتىگە ئايلانغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ.

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەربىيەتچىلەرنى پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىنى، ساھابىلىرىنى ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىتىشكە بۇيرىدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلىرىڭلاردا مۇنداق ئۈچ خىسلەتنى يېتىلدۈرۈڭلار: پەيغەمبىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈش، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرۈش» (ئىمام تىبرانى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

بۇ بولسا نەزەرىيىۋى تەرەپ ...

ئەمەلىي تەرىپى بولسا، تەربىيەتچى پەرزەنتلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ، ساھابىلىرىنىڭ ھەمدە تارىختىكى يولباشچى شەخسلەرنىڭ ۋە كاتتا كىشىلەرنىڭ غازات-كۈرەشلىرىنى ئوقۇپ بېرىش ۋە ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگىتىش.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە پەرزەنتلەر قەھرىمانلىق ۋە جىھادتا ئەلگىرىكىلەرنىڭ تارىخىي ئىش-ئىزلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ، ھېس-تۇيغۇدا ئىسلام تارىخىغا چەمبەرچەس باغلىنىدۇ، دەستۇر ۋە قانۇن جەھەتتە «قۇرئان كەرىم»گە چەمبەرچەس باغلىنىدۇ.

بىز ئىلگىرى تارىخىي كىتابلاردا نەقىل قىلىنغان مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ ئۆتكەن. مۇپەززەل ئىبنى زەيد رەھمەھۇللاھ بىر قېتىم ئەئرابىلاردىن بىر ئايالنىڭ ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن ھەيران

قالدى ـ دە، ئانىسىدىن ئۇ بالا توغرىلىق سورىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال: «ئوغلۇم بەش ياشقا توشقان چاغدا مەن ئۇنى بىر تەربىيەتچىگە تاپشۇردۇم، ئۇ قۇرئاننى يادلىدى، قۇرئان يادقا تىلاۋەت قىلالايدىغان بولدى، ئاندىن تەربىيەتچى ئۇنىڭغا شېئىر ئۆگەتتى، ئۇ شېئىرلارنى ئوقۇيالايدىغان بولدى، ئاندىن ئۇ قەۋمىنىڭ پەخىرلىك ئىشلىرىغا رىغبەتلەندۈرۈلدى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئۆگىتىلدى، ئۇ بالاغەتكە يەتكەن چاغدا مەن ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويدۇم، ئاندىن ئۇ تاغقا يامىشىشنى ۋە ئات مىنىشنى مەشىق قىلدى، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى كەيدى، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە قۇلاق سالدى ...» دەپ جاۋاب بەردى.

مانا بۇ ھەقىقىي ئۇقۇمغا ئىگە بولغان ئۆگىتىش ۋە ئادەتلەندۈرۈش.

ئەگەر خالىسىڭىز، بۇ ئىككىسى بولسا پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتىكى ھەمدە ئۇلارنى ئەقىدىلىك، ئەمەلىيەتچان، دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن تەييارلاشتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ دەڭ!

بۇلار پەرزەنتلەرگە ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ، شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈشتىكى قىسمەن تىپىك مىساللار بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بەرگەن، بۇ مىساللار پەرزەنتلەرنى ئەقىدە ۋە ئىمان جەھەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا ئىسلام دىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئومۇمىي پىلان دائىرىسىگە كىرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، تەربىيەتچى كىچىك بالىلارنى تەربىيىلەش، ئەدەپ ئۆگىتىش، ياخشى ئىشلارنى ئۆگىتىش ھەمدە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشقان چاغدا، ئاندىن چوقۇم بۇ بالىلار كۆپ ھالدا ئىسلام قوشۇنى جۈملىسىدىن ھەمدە ئەقىدىلىك، دەۋەتچى ۋە دىن ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ كۈرەش قىلىدىغان ئەرلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ چىقىدۇ، ئىسلام ئۈممىتىمۇ شۇنداق ئوغلانلارنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، جەمئىيەتمۇ ئۇنىڭ سالاملىقى ۋە ئەخلاقىدىن بەختلىك بولىدۇ.

پەرزەنتلەرنى ياخشى خىسلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا ئادەتلەندۈرۈشتە، تەربىيەتچىلەر بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم ئىشلاردىن مۇنۇلار بار.

بەزىدە ياخشى سۆزلەرنى قىلىش، بەزىدە ھەدىيە بېرىش ئارقىلىق ياخشى ئىشلارغا، ئەدەپ ـ ئەخلاققا رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسلۇبىنى قوللىنىش؛ بىر قېتىم قىزىقتۇرۇش ئۇسلۇبىنى قوللىنىش، يەنە بىر قېتىم قورقۇتۇش ۋاسىتىسىنى قوللىنىش.

تەربىيەتچى بەزى ھاللاردا پەرزەنتلىرىنىڭ تاپتىن چىقىشى ۋە خاتالىقى توغرىلىنىشىغا پايدىسى بار دەپ قارىسا، بالىلارنى قاتتىق جازالاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ ...

بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ روھىي پەزىلەتلەر، ئېسىل ئەخلاقلار ۋە ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە ئادەتلىنىشىگە پايدىلىق ھەمدە ئۇلارنى قەلبلەر مۇھەببەت قىلىدىغان، كۆڭۈللەر ئىززەت ـ ئىكرام قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك، ئەدلى ـ ئادالەتلىك ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئاخىردا دەيدىغىنىم شۇكى، جەزمەن تەربىيەتچى ئادەتلەندۈرۈش تەربىيەسىدە، ئەقىدە ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە يېتىلدۈرۈشتە، ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلسا، پەرزەنتلەر كۆپ ھاللاردا چوڭقۇر ئىسلام ئەقىدىسى ۋە يۈكسەك قۇرئانىي ئەخلاق بويىچە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بەلكى، ياخشى ئىش-پائالىيىتى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ ھەرىكەت قىلىشى، بالىلارغا ياخشى ئىش-ھەرىكەت، ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشى، شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش ھەمدە روھىنى پاكلاشتىن ئىبارەت پەرزەنتلەر تەربىيەسىنى جايىدا ئادا قىلىشى كېرەك! بۇلار شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىشى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدىكى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، تەربىيە جەھەتتىكى تەرەققىيات چاقىنى ئالدىغا سىلجىتقان، جەمئىيەتتە تىنچ-خاتىرجەملىك ۋە مۇقۇملۇق ئاساسلىرىنى ئورنىتالىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بۇنداق مۆئمىن ئەۋلادتىن، مۇسۇلمان جەمئىيەتتىن ۋە سالىھ ئۈممەتتىن بارچە مۆئمىنلەر خۇش بولىدۇ ...

بۇ ئىش ئاللاھ تەئالاغا ھەرگىز قىيىن ئەمەس!! ...

مېنىڭچە، ئادەتلەندۈرۈش ۋە ئەدەپ ئۆگىتىش ئارقىلىق بېرىلگەن تەربىيە ئەڭ بولغان تەربىيە ئاساسلىرىنىڭ بىرى ھەمدە پەرزەنتلەرنىڭ ئىمانلىق ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئەخلاقى تۈزۈك بولۇشىدىكى ئەڭ پۇختا ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، بۇ خىل تەربىيە كۆزىتىش ۋە نازارەت قىلىش، قىزىقتۇرۇش ۋە قورقۇتۇشنى ئاساس قىلىدۇ. يوليورۇق ۋە كۆرسەتمە بېرىشنى مەركەز قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا چاقىرىدىغان دەۋەتچىلەر، ئىسلاھات ئەربابلىرى، دەۋەتچى ياشلار ۋە كۈرەشچان ئەسكەرلەر بولغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلالايدىغان، كۆڭۈل بۆلۈش، ئەمەل قىلىش، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش، چىدامچان بولۇش ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئىسلام تەربىيەسىنى جايىدا ئادا قىلالايدىغان تەربىيەتچىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ...

شەك-شۈبھىسىزكى، پەرزەنتلەرگە كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش ۋە تەكشۈرۈپ سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇش ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرنى بېرىدۇ ...

چوڭ بولغاندا ئەدەپ ئۆگىتىش بەكمۇ قىيىن ...

ئاللاھ تەئالا مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇغان كىشىگە رەھمەت قىلسۇن:

كىچىكىدە بالىلارغا يېتەر تەربىيە،
چوڭ بولغاندا ھەرگىزمۇ بەرمەس مەنپەئەت.
نوتىنى قەيەرگە ئەگسەڭ ئېگىلەر،
چوڭ ياغاچ ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئېگىلمەس پەقەت.

www.uyghurkitap.com

## 3 - ۋەز - نەسھەت ئارقىلىق تەربىيىلەش

ۋەز-نەسھەت ئارقىلىق تەربىيىلەش پەرزەنتلەرنى ئىمان، ئەخلاق، روھ ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، پەرزەنتلەرگە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئۈندەش، ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە قىلىش ۋە ئىسلام پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە ۋەز-نەسھەت قىلىشنىڭ زور تەسىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز-نەسھەت ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى، كۆڭۈللەرگە شۇنىڭ بىلەن خىتاب قىلغانلىقى ھەمدە كۆپلىگەن ئايەتلەردە بىر قانچە ئورۇندا ۋەز-نەسھەت ۋە كۆرسەتمىلەرنى تەكرارلىغانلىقىنى ئۇچرىتىشىمىز ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز-نەسھەت ھەققىدىكى سۆزلىرى ۋە ۋەز-نەسھەتنىڭ مەنپەئەت بېرىدىغانلىقىنى كۆپ تەكرارلىغانلىقىغا قۇلاق سېلىڭلار:

ئاللاھ تائالا سۈرە لۇقماندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسھەت قىلىپ: ‹ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر› دېدى. ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن. (لوقمان ئېيتتى) ‹ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر› » (17 — 30:13).

سۈرە سەبەئتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ‹مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى تىلەڭلار)، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار› ، ھەمراھىڭلاردا (يەنى مۇھەممەدتە) ھېچ مەجنۇنلۇق يوق، پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ئېيتقىنكى، ‹سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، ئۇ سىلەرگە بولسۇن؛ ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن تىلەيمەن. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر› ، ئېيتقىنكى،

‹پەرۋەردىگارىم، ھەقىقەتەن ھەق ئارقىلىق (باتىلنى) ئاتىدۇ (يەنى پاكىتنى روشەن بايان قىلىدۇ)، ئاللاھ غەيىبنى تامامەن بىلگۈچىدۇر› . ئېيتقىنكى، ‹ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى (باتىل يوقالدى)، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ› » (49 ــــ 34:46).

ئاللاھ تەئالا سۈرە ھۇدتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): ‹ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن› دېدى. نۇھ ئېيتتى: ‹ئۇنى (يەنى ئازابنى) ئەگەر خالىسا ئاللاھلا چۈشۈرەلەيدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر› » (34 ــــ 11:32).

ئاللاھ تەئالا سۈرە ئەئرافتا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاد (قەۋمى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد: ‹ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقامسىلەر؟› دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: ‹بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز. بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز› دېدى. ھۇد ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن› » (68 ــــ 7:65).

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسانلارنى ئاللاھ تەئالاغا دەۋەت قىلىش، ئاللاھنى ئەسلىتىش ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىشتىكى ئۇسلۇبى خىلمۇخىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق جارى بولغان ھەمدە دەۋەتچى جامائەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئېغىزلىرى ئارقىلىق قايتا-قايتا ئېلىپ بېرىلىپ كەلگەن.

شەك-شۈبھىسىزكى، خالىس ۋە تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەت ناۋادا ساپ روھ، ئېچىلغان قەلب ۋە دانا ۋە يىراقنى كۆرەر بىر ئەقىل بىلەن ئۇچرىشالىسا، ئاۋاز قوشۇلۇشى ئەڭ تېز ۋە تەسىرچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولۇشى ھەممە قايىل بولىدىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم»مۇ كۆپلىگەن ئايەتلەردە بۇ مەنىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، ۋەز-نەسىھەتنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت بېرىدىغانلىقى ھەمدە توغرا سۆز ۋە توغرا نەسىھەتنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكرارلىغان:

«بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز-نەسىھەتكە) ھوزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز-نەسىھەت بار» (37:50).

«ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، ۋەز-نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىق» (55:56).

«(ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن)

پاكلىنىشى مۇمكىن، ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن» ( 80:3 — 4 ).

«ئاللاھقا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە ( ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە ( ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ) ئەسلىتىش ئۈچۈن ( شۇنداق قىلدۇق )» ( 50:8 ).

«بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر» ( 11:114 ).

«بۇنىڭ بىلەن ( يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن ) ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىندۇ» ( 65:2 ).

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ۋەز-نەسىھەت ئۇسۇلىنى دەۋەت يولىنىڭ ئاساسى، شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە جامائەتلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشنىڭ يولى قىلغان ئايەتلەرگە تولۇپ كەتكەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ سەھىپىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئادەم ۋەز-نەسىھەت ئۇسۇلىنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئوچۇق-ئاشكارا كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. بەزىدە تەقۋالىققا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، بەزىدە ۋەز-نەسىھەتنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق، بەزىدە ۋەز-نەسىھەت بىلەن ئىبارەت كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بەزىدە نەسىھەتكە، بەزىدە توغرا يولغا ئەگىشىشكە قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق، بەزىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب-مۇكاپاتلارغا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق، بەزىدە تەھدىت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىنۇاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ئادەم ئۇنىڭدىكى ۋەز-نەسىھەتلەرنىڭ ئۇنىڭ لەۋزىلىرى ۋە مەنىلىرىگە خىلمۇخىل شەكىل ۋە تۈرلۈك-تۈرلۈك ئۇسلۇبلار ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا بۇ ئىشلار ھەرقانداق ئەقىل-پاراسەت ئىگىسىگە «قۇرئان كەرىم»دىكى ۋەز-نەسىھەتلەرنىڭ روھلارنى ياخشى ھالەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە، ھەقىقەت تەرەپكە ئېلىپ بېرىشتا ۋە ھىدايەتنى قوبۇل قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىر ئىلگىرى ساپ روھلار، ئوچۇق قەلبلەر ۋە چۈشىنىدىغان ئەقىللەر ناۋادا تەسىرلىك سۆزلەرگە، جايىدا بولغان نەسىھەتكە، توغرا ۋە خالىس بولغان ۋەز-نەسىھەتكە ئۇچراشسا، ئىككىلەنمەستىن تېزلا ئىنكاس قايتۇرۇپ دەرھال تەسىرلىنىدىغانلىقى، ھەقىقەتكە تېزلا بويسۇنۇپ ئاللاھ تەئالا نازىل قىلغان ھىدايەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى قىل سىغمايدىغان، كەسكىن رەۋىشتىكى بىر مۇنچە قۇرئانىي دەلىل-پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق.

بۇ دېگىنىمىز چوڭلار ھەققىدە ...

ئۇنداقتا، ئىسلامىي تەبىئەت بىلەن تۇغۇلغان، قەلبى پاك، تېخى بۇلغانمىغان، جاھىلىيەتنىڭ جىنايەت پاتقاقلىرىغا پاتمىغان، گۇناھ ۋە تاجاۋۇز قىلىش يوللىرىغا ماڭغان روھى ئاق ۋە سۈزۈك كىچىك بالىلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلغاننىڭ قانداق پايدىسى بار؟

شەكسىزكى، كىچىك بالىلارنىڭ ۋەز-نەسىھەتتىن تەسىرلىنىشى كۈچلۈكرەك ھەمدە ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى تېزراق بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى، مۇكەممەل، ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردە پىشىپ يېتىلگەن نورمال ئادەم بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، پەرزەنتلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئىمانىي، ئەخلاقىي، روھىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىكى ئۇسلۇبىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر ...

مېنىڭچە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىكى ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك ئۇسلۇبلاردا گەۋدىلىنىدۇ:

1 ـ كۆڭلىنى ياساش ياكى ئەيىبلەش بىلەن بىرگە قايىل قىلارلىق نىدا قىلىش. بۇ ئۇسلۇبنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلارغا ۋە قەلبلەرگە كۈچلۈك تەسىرى بار. ئەيىبلەپ ياكى كۆڭلىنى ياساپ قايىل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسلۇب «قۇرئان كەرىم»نىڭ شەكلىي كۆرۈنۈشى، جىنسلىرى ۋە تەبىقىلىرى ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ۋە ئەقىللىرىگە پەيغەمبەرلەر ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق خىتاب قىلىشىدا ناھايىتى ئېنىق ...

خىلمۇخىل ئۇسلۇبلار ئارقىلىق قىلىنغان بۇ نىدالاردىن تېپىك مىساللارغا قۇلاق سېلىڭلار:

— «قۇرئان كەرىم»نىڭ لوقمان ھەكىمنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلغان نىداسى: «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان ( ھەكىم ) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ‹ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر› دېدى» ( 30:13 ).

— نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلغان نىداسى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» ( 11:42 ).

— يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلغان نىداسى: «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قالمىسۇن، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» ( 12:5 ).

— ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلغان نىداسى: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى ( يەنى ئىسلام دىنىنى ) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار ( يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار ) » ( 2:132 ).

— پەرىشتىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەريەم ئەلەيھىسسالامغا قىلغان نىداسى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى ( پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن ) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى. ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل» ( 43 — 3:42 ).

«ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر، سىلەر ( يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا ) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، ( نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار ) دىلىدا نىفاق بار ئادەم ( سىلەرگە قارىتا ) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، ( گۇماندىن خالى ) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار» ( 33:32 ).

— مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلغان نىداسى: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەئبۇد قىلىپ ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى

ئۆلتۈرسۇن! مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاندىن ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (2:54).

— يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلىنغان نىداسى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ياد قىلىڭلار، ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرۈشتىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى» (5:20).

— پىرئەۋن خانىدانىدىن ئىمان ئېيتقان دەۋەتچىنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلىنغان نىداسى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر. كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۇئمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ. ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن (دوزاختىن) قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر» (40:38 — 41).

— دەۋەتچى جىنلارنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلىنغان نىداسى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق. ئى قەۋمىمىز! ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ بەزى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ» (46:30 — 31).

— مۇئمىنلەرگە قىلىنغان نىداسى: «ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» (2:153).

«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار» (3:102).

«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار» (8:24).

— ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) قا قىلىنغان نىداسى: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھ غىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىرخىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار

جامائەسى ! ) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار› » ( 3:64 ).

«ئى ئەھلى كىتاب ( يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) ! سىلەرگە سىلەر كىتابتا ( ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا ) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە ( يوشۇرغان نەرسىلەردىن ) نۇرغۇنىنى كەچۈرىدىغان ( ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان ) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ) ۋە روشەن كىتاب ( يەنى قۇرئان ) كەلدى» ( 5:15 ).

ـــ بارلىق كىشىلەرگە قىلىنغان نىداسى :

«ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار ( يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر ) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا ( يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش ) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر ( ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى ) بىلىپ تۇرىسىلەر» ( 22 ــ 2:21 ).

«ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ( شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ) ئۈچۈق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى ( يەنى قۇرئاننى ) نازىل قىلدۇق» ( 4:174 ).

«ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن ( يەنى ئازابىدىن ) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال ( قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن ) ئېمىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ( ھەقىقەتتە ) مەست ئەمەس ( دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس-ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن )، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» ( 2 ــ 22:1 ).

بۇنداق چاقىرىقلار «قۇرئان كەرىم»دە ئىنتايىن كۆپ . . .

2 ـ ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئۇسلۇبى :

بۇ ئۇسلۇبنىڭ پسىخىكىلىق تەسىراتلىرى، زېھنىي جەھەتتىكى تەسىرلىرى، لوگىكىلىق ۋە ئەقلىي جەھەتلەردە دەلىل-پاكىتلىرى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»مۇ كۆپلىگەن ئورۇنلاردا، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرى بىلەن بولغان ۋەقەلىكلىرىدە مۇشۇ ئۇسلۇبنى قوللانغان. ئاللاھ تائالامۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ چىرايلىق قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىش ۋە ئەڭ گۈزەل سۆزنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئاتا قىلغان.

ئەلۋەتتە بۇ كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەت بولۇشى ۋە ئىبرەت بولىشى ئۈچۈن ھەمدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن ئىدى :

«بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز» ( 12:3 ).

«( ئى مۇھەممەد! ) ئەشۇ شەھەرلەر ( ئاھالىسى )نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى ساڭا ھېكايە قىلىپ بېرىمىز» ( 7:101 ).

«كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز» ( 11:120 ).

«ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى ( قەۋمىڭگە ) سۆزلەپ بەرگىن» ( 7:176 ).

«ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟» ( 79:15 ).

«( ئى مۇھەممەد! ) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟» ( 51:24 ).

«( ئى مۇھەممەد! ) سەن لەشكەرلەرنىڭ ـــ پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ قىسسىسىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟» ( 18 ـــ 85:17 ).

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرى بىلەن بولغان ۋەقەلىكلىرىگە تولغان. بىر ۋەقە بەزىدە بىر قانچە سۈرىدە تەكرارلانغان بولىدۇ. بۇ تەكرارلاش ۋەقەلىكنى ھەر قېتىمدا ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا، بىر تەرەپتىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ قالتىس ئۇسلۇبى ۋە تەڭداشسىز بايان قىلىش خاراكتېرىدىكى مۆجىزىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئايەتلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان، لەۋزى ۋە مەنالار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، پەقەت ئىلمى چوڭقۇر كىشىلەر ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىستىلىستىكىلىق مەنىلىرىنى بىلەلەيدىغانلارغا چۈشىنىپ يېتەلەيدىغان باشقا ئىبرەتلىك تەرەپلىرىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈندۇر.

بىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى:

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان ۋەقەلىكى «قۇرئان كەرىم»دە قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنغان. بىز بۇ قىسسىلەر ئىچىدىن ئىككى جايدا سۆزلەنگىنىنى تاللاپ ئېلىپ، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ خىل تەكرارلىنىشنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرما قىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى قىسسە سۈرە ئەئرافتا:

«مۇسا ئېيتتى: ‹ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن. ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن باشقىنى ئېيتماسلىققا لايىقمەن، راستىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە ( مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان ) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن ( مەن بىلەن بىللە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن )› . پىرئەۋن ( مۇساغا ): ‹ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، ( بۇ دەۋايىڭدا ) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن› دېدى. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى. قولىنى ( ياقىسىدىن ) چىقىرىۋېدى، ئۇ ناگاھان قارىغۇچىلارغا ( نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان ) ئاپئاق

بولۇپ كۆرۈندى» ( 108 — 7:104 ). شۇنڭدەك، بۇ ئايەتلەردىن كېيىنكى ئايەتلەرگىمۇ قاراڭ!

ئىككىنچى قىسسە سۈرە نازىئاتتا:

«ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا ( مۇنداق دەپ ) چاقىردى: ‹سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا: ( كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن ) پاك بولۇشنى خالامسەن، سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ ( ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن ) قورقىسەن-دە، ( ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن )، دېگىن› . مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى. پىرئەۋن ( ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسانى ) ئىنكار قىلدى ۋە ( ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ) ئاسىيلىق قىلدى. ئاندىن پىرئەۋن ( مۇسادىن ) يۈز ئۆرۈپ ( ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە ) كىرىشتى . ( ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى ) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ دېدى: ‹مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن› . ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ» ( 26 — 79:15 ).

بۇ ئىككى قىسسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇشتىن تۆۋەندىكى ئىشلار رۇشەن بولىدۇ:

1 ) ئەۋۋەلقىسى كونكرېتنى ۋە ئۇزۇن بايان قىلىنغان، كېيىنكىسى قىسقا ۋە ئىخچام بايان قىلىنغان.

2 ) مەيلى ئايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار بولسۇن، مەيلى ئايەتلەرنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، مەنا قۇرۇلمىلىرى ۋەياكى بۆيرۇش ۋە چەكلەش ياسالمىلىرىدىكى قاپىيىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار بولسۇن، ئىككى ئۇسلۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار.

3 ) ئەۋۋەلقى قىسسە ئىبرەت قىلىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

( 1 ) پىرئەۋن ( نىڭ باتىل دەۋاسىغا قارشى ) دەلىل-پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش.

( 2 ) مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان مۆجىزىلەرنى نامايەن قىلىش.

( 3 ) مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە سېھىرگەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ-سۆزلەر.

( 4 ) دەلىل-پاكىتلار ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن سېھرگەرلەرنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى.

( 5 ) پىرئەۋننىڭ ( مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنگەن مۇئمىنلەرگە ) تەھدىد ۋە سىياسەت قىلغانلىقى.

( 6 ) سېھىرگەرلەرنىڭ قەلبىدە ئىمان چوڭقۇر ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پىرئەۋننىڭ تەھدىدلىرىگە پەرۋا قىلمىغانلىقى.

( 7 ) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ قورغاقچىلىق ۋە مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىش ئارقىلىق سىنالغانلىقى.

( 8 ) ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنى نىل دەرياسىغا غەرق قىلىش ئارقىلىق جازالىغانلىقى.

ئەمما، سۈرە نازىئاتتىكى قىسسە ئاساس قىلغان مەنىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئاللاھ تەئالانىڭ پىرئەۋننى ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالەك قىلغانلىقى.

(2) ۋەز-نەسىھەت ئېلىشنى ياكى ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىدىن قورقۇشنى ئىرادە قىلغان ئادەمنىڭ ئىبرەت ئالىدىغانلىقى.

بۇ ئىزاھاتلاردىن كېيىن پىرئەۋن ۋەقەلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئايەتلەرنىڭ مەيلى ئىستىلىستىكىلىق تەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ياكى ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەت ئېلىش تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ئىككى قىسسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بارلىقى سىزگە ئايان بولدى. ئۇنداقتا بىز قايتىلانغان قىسسىلەرنى پەقەت تەكرارلاش دەپ قارىساق توغرا ئەمەس. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» تەكرارلىغان قىسسىلەر پەقەت تەكرارلاشلا بولماستىن، بەلكى كۆرۈپ ئۆتكىنىڭىزدەك ھەر ئىككى قىسسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر مەۋجۇد.

3 - ۋەز-نەسىھەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرئاني كۆرسەتمىلەر

«قۇرئان كەرىم» ئۇنى ئوقۇغۇچىنىڭ دىنى، دۇنياسى ۋە ئاخىرىتىگە پايدىلىق بولغان كۆرسەتمىلەرنى بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ روھى، ئەقلى ۋە جىسمىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى دەۋەتچى ۋە قەھرىمان مۇجاھىد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئايەتلەرگە لىق تولغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ روھلارغا ۋە قەلبلەرگە كۈچلۈك تەسىرى بار. مۇسۇلمان ئاللاھ تەئالانىڭ ئايەتلىرىنىڭ تىلاۋەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا قەلبى تىترەپ، كۆڭلى يايراپ، ئايەتلەرنىڭ مۇڭدىن روھى لەرزىگە كېلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئاللاھ تەئالاغا ئايەتلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن يېنىشقا ئەھدە قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتلەر ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئۇنىڭدا كېسەللەرگە شىپالىق مەلھەم بار، جىسماني كېسەللەر ۋە قەلبنىڭ ئاپەتلىرىدىن ساقلىغۇچى چارە-تەدبىرلەر بار.

تۆۋەندە «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمە بېرىشكە ئائىت بەزى تىپىك مىساللىرىغا قۇلاق سېلىڭلار:

«ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ‹ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر› دېدى. ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن. (لوقمان ئېيتتى) ‹ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ ئىچىدە ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

ئـى ئوغۇلچقـم! نامازنـى (ۋاقتـدا تەئدىـل ئـەركان بلـەن) ئوقۇغـن، (كشـلەرنى) ياخشـلىققا بۇيرۇغـن، ياماندىقتـن توسـقىن، ساڭا يەتكـەن كۈلپەتلەرگـە سـەۋر قلغـن (چۈنكـى ھەقىقەتكـە دەۋەت قىلغۇچـى ئەزىيەتلەرگـە ئۇچرايـدۇ)، بـۇ ھەقىقەتـەن قىلىشـقا ئـىرادە تىكلەشكە تېگىشـلىك ئىشـلاردىندۇر» . كىشـلەردىن مەنسىتمەسـلىك بىلەن يـۈز ئۆرۈمگـن، زىمىنـدا غادىيـىپ ماڭمىغـن، ئـاللاھ ھەقىقەتـەن ھـاكاۋۇر، ئۆزىنـى چـوڭ تۇتقۇچىلارنـى دوسـت تۇتمايـدۇ. ئوتتۇراھـال ماڭغـن، ئاۋازىڭنـى پەسـلەتكىن، ئاۋازلارنـىڭ ئـەڭ زېرىكەرلىكـى ھەقىقەتـەن ئېشـەكلەرنىڭ ئاۋازىـدۇر» (17 ـــ 30:13)؛

«مەرھەمەتلىـك ئاللاھنـىڭ (ياخشـى كۆرىدىغـان) بەندىلـىرى زىمىنـدا ئۆزلىرىنـى تـۆۋەن تۇتـۇپ تەمكىنلىـك بىلـەن ماڭىـدۇ، نادانـلار ئۇلارغـا (ياقتۇرمايدىغـان) سـۆز قىلسـا، ئـۇلار: «سـىلەرگە ئامانلىـق تىلەيمـز» دەيـدۇ (يەنـى گۇنـاھ بولمايدىغـان سـۆزلەرنى قىلـدۇ)، ئـۇلار كېچىلەرنـى پەرۋەردىگارىغـا سـەجدە قىلـش ۋە قىيامـدا تـۇرۇش بىلـەن (يەنـى نامـاز ئوقـۇش بىلـەن) ئۆتكۈزىـدۇ، ئـۇلار (يەنـى ئاللاھ ياخشـى كۆرىدىغـان بەندىلـەر) ئېيتىـدۇ: «پەرۋەردىگارىمـز! بىزدىـن جەھەننـەم ئازابىنى دەپئـى قىلغـن، جەھەننەمنـىڭ ئازابـى ھەقىقەتـەن (سىنىڭ دۈشـمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايـدۇ، جەھەننـەم ھەقىقەتـەن يامـان قارارگاھتـۇر، يامـان جايـدۇر» . ئـۇلار (يەنـى ئاللاھ ياخشـى كۆرىدىغـان بەندىلـەر) خىراجـەت قىلغانـدا، ئىسـراپچىلىقمۇ قىلمايـدۇ، بېخىللىقمـۇ قىلمايـدۇ، ئوتتۇرىھـال خىراجـەت قىلىـدۇ، ئـۇلار ئاللاھقـا ئىككىنچـى بىـر مەئبۇدنـى شېرىك قىلمايـدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغـان ناھـەق ئـادەم ئۆلتـۈرۈش ئىشـىنى قىلمايـدۇ، زىنـا قىلمايـدۇ، كىمكـى بـۇ (گۇناھلار)نـى قىلىدىكـەن، (ئاخىرەتتـە) ئـۇ جازاغـا ئۇچرايـدۇ، قىيامـەت كۈنـى ئۇنىڭغـا ھەسسىلەپ ئـازاب قىلىنـدۇ، ئـۇ مەڭگـۈ ئـازاب ئىچىـدە خارلانغـان ھالـدا قالىـدۇ، پەقـەت (ئۇلارنـىڭ ئىچىدىـن) (بـۇ دۇنيادىكـى چېغىـدا) تەۋبـە قىلغـان، ئىمـان ئېيتقـان ۋە ياخشـى ئەمەللەرنـى قىلغانـلارلا بـۇ ھالـدا قالمايـدۇ، ئـاللاھ ئۇلارنـىڭ گۇناھلىرىنـى ياخشـىلىققا ئالماشـتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمـۇ مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر ۋە مەرھەمـەت قىلغۇچىـدۇر، كىمكـى (گۇناھلىرىغـا) تەۋبـە قىلىدىكـەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكـەن، ئـۇ ئاللاھقـا يۈزلەنگـەن بولىـدۇ (يەنـى ئـاللاھ ئۇنـىڭ تەۋبىسـىنى قوبـۇل قىلىـپ، ئۇنىڭدىـن رازى بولىـدۇ)، ئـۇلار (يەنـى ئـاللاھ ياخشـى كۆرىدىغـان بەندىلـەر) يالغـان گۇۋاھلىـق بەرمەيـدۇ، يامـان سـۆزنى ئـاڭلاپ قالغـان چاغـدا ئالىيجانابلىـق بىلـەن ئۆتـۈپ كېتىـدۇ، ئۇلارغـا پەرۋەردىگارىنـىڭ ئايەتلـىرى بىلـەن ۋەز-نەسـىھەت قىلىنسـا، گاس، كـور بولىۋالمايـدۇ (يەنـى ئۇنـى بېرىلىـپ ئىخـلاس بىلـەن ئاڭلايـدۇ)، ئـۇلار: «ئـى پەرۋەردىگارىمـز! بىزگـە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمـز ئارقىلىـق شـادلىق بېغىشلىشـىڭنى (يەنـى بىزگـە ساڭا ئىتائەتـمـەن پەرزەنـت ئاتـا قىلىشـىڭنى) تىلەيمـز، بىزنـى تەقۋادارلارنـىڭ پېشۋاسـى (يەنـى تەقۋادارلارنـىڭ نەمۇنىسـى، ياخشـىلىققا دەۋەت قىلغۇچـى) قىلغـن» دەيـدۇ، ئەنـە شـۇلار سـەۋرلىك بولغانلىقـى ئۈچـۈن جەننـەت بىلـەن مۇكاپاتلىنـىدۇ، ئـۇلار جەننەتتـە (پەرىشـتىلەر تەرىپىدىـن) دۇئـا ۋە سـالام بىلـەن قارشـى ئېلىنـدۇ، ئـۇلار جەننەتتـە مەڭگـۈ قالىـدۇ، جەننـەت نېمىدېگـەن گـۈزەل قـارارگاھ! نېمىدېگـەن گـۈزەل جـاي! ئېيتقىنكـى، «ئەگـەر سـىلەرنىڭ دۇئايـىڭلار بولمىسـا، پەرۋەردىگارىـم سـىلەرگە پـەرۋا قىلمايـدۇ، (ئـى كاپىـرلار! پەيغەمبەرنـى) ئىنكار قىلدىـڭلار، (ئاخىرەتتـە) سـىلەر قۇتۇلالمايدىغـان ئازابقـا دۇچـار بولىۇسـىلەر» (77 ـــ 25:63)؛

«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئانىڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى (يەنى پۇل-مالنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىدۇ، (ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا خورلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق. ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى ھەمراھ قىلىدىكەن (ئۇ شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ)، شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!» (38 ــــ 4:36).

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر» (2:177).

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا-ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر. تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى-سەبىلگە (خەيرى-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى. ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتۈۋاتقان مەرھەمەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا خەيرى-ساخاۋەت قىلماقچى بولساڭ (يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان بىر نەرسە بولمىسا)، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن. قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى

تـار قىلـدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتـەن بەندىلىرىنىـڭ (ئەھۋالىنى، مەنپەئىتىنى) بىلىـپ تۇرغۇچىـدۇر، كـۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. كەمبەغەللىكتىـن قورقـۇپ بالىلىرىڭلارنـى ئۆلتۈرمـەڭلار[1]. ئۇلارنىـڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنـى بىـز بېرىمىـز، ئۇلارنـى ئۆلتـۈرۈش ھەقىقەتـەن چـوڭ گۇناھتـۇر. زىناغـا يېقىنلاشـماڭلار، چۈنكـى ئـۇ قەبىـھ ئىشـتۇر، يامـان يولـدۇر. ناھـەق ئـادەم ئۆلتۈرمەڭلاركـى، ئاللاھ (ناھـەق ئـادەم ئۆلتۈرۈشـنى) ھـارام قىلـدى، كىمكـى ناھـەق ئۆلتۈرۈلىدىكـەن، (قاتىلدىـن قىسـاس ئېلىـش، يـا دىيـەت ئېلىـش، يـا كەچـۈرۈم قىلـىش) ھوقۇقنـى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىـڭ ئىگىسـىنىڭ قولىـدا قىلـدۇق، ئىگىسـى قىسـاس ئېلىشـتا چەكتىـن چىقىـپ كەتمىسـۇن (قاتىلدىـن غەيرىنـى ئۆلتـۈرۈش، يـا ئۇنىـڭ ئەزالىرىنـى كېسـىش، بىـر ئـادەم ئۈچـۈن ئىككـى ئادەمنـى ئۆلتـۈرۈش قاتارلىـق ئىشـلارنى قىلمىسـۇن)، (ناھـەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىـڭ) ئىگىسـىگە ئاللاھ ھەقىقەتـەن مەدەتـكاردۇر. يېتىمنىـڭ مېلىنـى تاكـى ئـۇ بالاغەتكـە يەتكەنگـە قـەدەر (يېتىمگـە) ئـەڭ پايدىلىـق ئۇسـۇلدا تەسـەررۇپ قىلـىڭلار، ئەھدىگـە ۋاپـا قىلـىڭلار، (قىيامـەت كۈنـى) ئەھـدە ئۈسـتىدە (يەنـى ئەھدىگـە ۋاپـا قىلغان ـ قىلمىغانلىـق ئۈسـتىدە) ئەلۋەتتـە سوئال ـ سـوراق قىلىنىسـىلەر. سـىلەر (باشـقىلارغا ئاشـلىق قاتارلىقلارنـى) ئۆلچـەپ بەرگەنـدە تولـۇق ئۆلچـەڭلار ۋە تارازىـدا تارتـىپ بېرىـڭلار، بۇنـداق قىلـىش (سـىلەرگە دۇنيـادا) ياخشـىدۇر، ئاخىرەتلىكـڭلار ئۈچـۈن تېخىمـۇ ئوبدانـدۇر. بىلمەيدىغان نەرسـەڭگە ئەگەشـمە (يەنـى بىلمىگەننـى بىلدىـم، كۆرمىگەننـى كـۆردۈم، ئاڭلىمىغاننـى ئاڭلىدىـم دېمـە)، (ئىنسـان قىيامـەت كۈنـى) قـۇلاق، كـۆز، دىـل (يەنـى سـەزگۈ ئەزالىرى)نىـڭ قىلمىشـلىرى ئۈسـتىدە ھەقىقەتـەن سوئال ـ سـوراق قىلىنىدۇ. سـەن زېمىنـدا مەغرۇرانـە يۈرمىگـەن، (ھاكاۋۇرلۇقتـىن ئايىغىـڭ بىلـەن) يەرنـى تېشىۋېتەلمەيسـەن، (ھەرقانچـە گىدەيگىنىـڭ بىلـەن) ئېگىزلىكتـە تاغلارغـا تەڭلىشەلمەيسـەن. يۇقىرىقـى (ئـىش) لارنىـڭ ھەممىسـى قەبىـھ بولـۇپ، ئاللاھنىـڭ دەرگاھىـدا يامانـدۇر» (38 ـــ 17:23).

بۇنىڭدىـن باشـقا يەنـە مۇشـۇ خىلدىكى ۋەز ـ نەسـىھەتلەر، يول ـ يـورۇق كۆرسـەتمىلەر، بۇيـرۇق ۋە چەكلىملـەر باركـى، بـۇ ھەقتـە ئاللاھ تەئالانىـڭ ئايەتلىـرى جاراڭلاپلا تۇرىـدۇ ھەمـدە ئۇلـۇغ قۇرئانمـۇ شـۇنىڭغا چاقرىـدۇ.

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەر كېلىپ چىقىدۇ:

1 ـ كۆچلەنـدۈرۈش تاۋۇشـلىرى بىلـەن بىرگـە كەلگـەن قۇرئانـىي كۆرسـەتمە: ئاللاھ تەئالانىـڭ مۇنـۇ سـۆزلىرىگە ئوخشاش:

«شەك ـ شۈبھىسـىزكى، ئاشـۇنىڭدا ئەقىـل ئىشـلىتىدىغان قـەۋم ئۈچـۈن (ئاللاھنىـڭ بىرلىـك، بارلىقنـى ۋە كامالـى قۇدرىتىنى كۆرسـىتىپ بېرىدىغـان) ئالامەتلـەر بـار».

«شەك ـ شۈبھىسـىزكى، ئاشـۇنىڭدا پىكىر ـ تەپەككـۇر قىلىدىغـان قـەۋم ئۈچـۈن (ئاللاھ تەئالانىـڭ بارلىـق، بىرلىـك ۋە كامالـى قۇدرىتىنى كۆرسـىتىپ بېرىدىغـان) ئالامەتلـەر بـار».

«ھەقىقەتـەن ئاشـۇنىڭدا (ھەقىقەتكـە) قـۇلاق سـالىدىغان قـەۋم ئۈچـۈن (ئاللاھ تەئالانىـڭ بارلىـق، بىرلىـك ۋە كامالـى قۇدرىتىنى كۆرسـىتىپ بېرىدىغـان) ئالامەتلـەر بـار».

(1) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر نامراتلىقتىن قورقۇپ ياكى نومۇس قىلىپ قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى.

www.uyghurkitap.com

«بۇنڭدا ( ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى ( ۋەز-نەسىھەتكە ) ھوزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز-نەسىھەت بار» ( ).

2 - ئىنكار خاراكتېرىدىكى سوئال تاۋۇشلىرى بىلەن كەلگەن قۇرئاني كۆرسەتمە: ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئوخشاش:

«ئۇلار ئېيتىدۇ: ‹ئۇ شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە ( يولۇقۇشىنى ) كۈتىمىز›. ( ئى مۇھەممەد! ) ئېيتقىنكى، ‹سىلەر كۈتۈڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر بىلەن بىرگە كۈتكۈچىلەردىنمەن ( يەنى سىلەر مېنىڭ ھالاك بولۇشۇمنى كۈتسەڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى كۈتىمەن )›. ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق ( سۆز ) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ( كۇفرىدا ) ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر. ياكى ئۇلار: ‹( مۇھەممەد قۇرئاننى ئۆزى توقۇدى دېيىشەمدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ( قۇرئانغا ) ئىشەنمەيدۇ. ئەگەر ( مۇھەممەد ئۇنى توقۇدى دېگەن سۆزۈڭلاردا ) راستچىل بولساڭلار، ( تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، باياندا ) قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار ( ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ) ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار ( شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ) ( كائىناتنى ) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ( ئاسمانغا چىقىپ ) سۆز تىڭشايدىغان شوتىسى بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز ئاڭلىغۇچىسى ئوچۇق بىر پاكىتنى كەلتۈرسۇن. ياكى ئاللاھنىڭ قىزلىرى، سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلار بارمۇ؟ ياكى سەن ئۇلاردىن ( دەۋىتىڭ ئۈچۈن ) ھەق سوراپ، شۇ زىياندىن ( ئۇلارغا ) ئېغىر يۈك ئارتىلىپ قېلىپ ( ئىمان ئېيتامدۇ؟ ) ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىلمى غەيب بولۇپ ( ئۇنىڭدىن غەيب نەرسىلەرنى ) يېزىۋالامدۇ؟ ياكى ئۇلار ساڭا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتەمدۇ؟ كاپىرلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى مەغلۇپ بولىدۇ. ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا مەبۇدى بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن ( بۇتلىرىدىن ) ئاللاھ پاكتۇر» ( 31 ـــ 30 :52 ).

3 - ئەقلىي دەلىللەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرئاني كۆرسەتمە: ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئوخشاش:

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ( ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ) دەلىللەر باردۇر» ( 2:164 ).

«ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ( كائىناتنىڭ تەرتىپى ) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر » ( 21:22 ).

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟» ( 52:35 ).

«زېمىنـدا ۋە ئـۆزۈڭلاردا ئاللاھقـا چـن ئېتىقـاد قىلىدىغانـلار ئۈچـۈن ( ئاللاھنىـڭ قۇدرىتىنـى ۋە بىرلىكىنـى كۆرسـىتىدىغان ) نۇرغـۇن ئالامەتلـەر بـار، ( بۇنـى ) كۆرمەمسـىلەر» ( 21 ـــ 51:20 ).

4 ـ ئىسلامنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلـەن بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرئاني كۆرسـەتمە: ئاللاھ تەئالانىـڭ مۇنـۇ سـۆزلىرىگە ئوخشـاش:

«سىلەرنىڭ كـۈن چىققـان ۋە كـۈن پاتقـان تەرەپكـە يـۈز كەلتۈرۈشـۈڭلارنىڭ ئۆزىـلا ياخشى ئەمەلگـە ياتمايـدۇ، بەلكى ئاللاھقـا، ئاخىـرەت كۈنىگـە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقـا ( يەنى ئاللاھ نازىـل قىلغـان كىتابلارغـا )، پەيغەمبەرلەرگـە ئىمـان كەلتـۈرۈش، ئاللاھنى سـۆيۈش يۈزىسـىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغـا، يېتىملەرگـە، مىسـكىنلەرگە، ئىبـن سـەبىللەرگە ( يەنى پۇل ـ مېلىدىـن ئالاقىسـى ئۈزۈلـۈپ قالغـان مۇساپىرلارغا )، سـائىللارغا ۋە قۇللارنىـڭ ئازادلىققـا ئېرىشىشـىگە پۇل ـ مـال يـاردەم بېرىـش، نامـاز ئوقـۇش، زاكات بېرىـش، ئەھدىگـە ۋاپـا قىلـش، يوقسـۇزلۇققا، كېسـەللىككە ۋە ( ئاللاھنىـڭ يولىـدا قىلىنغـان ) ئۇرۇشـقا بەرداشلىق بېرىـش ياخشى ئەمەلگـە كىرىـدۇ، ئەنـە شـۇلار ( يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگـە كىشىلەر ) ( ئىمانىـدا ) راستچىل ئادەملـەردۇر، ئەنـە شـۇلار تەقـۋادار ئادەملـەردۇر» ( 2:177 ).

«لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق ( يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق )» ( 6:38 ).

5 ـ قانـۇن چىقىرىـش پرىنسـىپلىرى بىلـەن بىرلەشـتۈرۈلگەن قۇرئانـي كۆرسـەتمە: ئاللاھ تەئالانىـڭ مۇنـۇ سـۆزلىرىگە ئوخشـاش:

ـــ ھۆكۈمـدە ئادىـل بولـۇش پرىنسـىپى ھەققىـدە: «شۈبھىسـىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنـى ئىگىسـىگە قايتۇرۇشـقا، كىشـىلەر ئارىسـىدا ھۆكـۈم قىلغانـدا ئادىـل ھۆكـۈم قىلىشـقا بۇيرۇيـدۇ، ئاللاھ سـىلەرگە نەسـىھەت قىلغـان ئىشـلار نېمىدېگـەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتـەن ( سـۆزۈڭلارنى ) ئـاڭلاپ تۇرغۇچىـدۇر، ( ئىشـىڭلارنى ) كـۆرۈپ تۇرغۇچىـدۇر» ( 4:58 ).

ـــ سىياسـي كېڭـەش پرىنسـىپى ھەققىـدە: «ئۇلارنـى ئەپـۇ قىـل، ئـۇلار ئۈچـۈن مەغپىـرەت تىلىگـن، ئىشتا ئـۇلار بىلـەن كېڭەشكىن؛ ( كېڭەشكەندىن كېيـن ) بىـر ئىشـقا بـەل باغلىسـاڭ، ئاللاھقـا تەۋەككـۇل قىلغىـن، ئاللاھ ھەقىقەتـەن تەۋەككـۇل قىلغۇچىلارنـى دوسـت تۇتىـدۇ» ( 3:159 ).

«ئۇلار ( يەنى مۇئمىنلەر ) ئىشلىرىنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش بىلەن قارار قىلىدۇ» ( 42:38 ).

ـــ ئىنسـانىي باراۋەرلىـك پرىنسـىپى ھەققىـدە: «ئـى ئىنسـانلار! سـىلەرنى بىـز ھەقىقەتـەن بىـر ئـەر، بىـر ئايالدىـن، ( ئـادەم بىلـەن ھەۋۋادىـن ئىبـارەت ) بىـر ئاتـا بىـر ئانىدىـن ياراتتـۇق، ئۆزئـارا تونۇشۇشـۇڭلار ئۈچـۈن سـىلەرنى نۇرغـۇن مىللـەت ۋە ئـۇرۇق قىلـدۇق، ھەقىقەتـەن ئـەڭ تەقـۋادار بولغانلىرىـڭلار ئاللاھنىـڭ دەرگاھىـدا ئـەڭ ھۆرمەتلىـك ھېسابلىنىسـىلەر ( يەنـى كىشـىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىـن ئارتـۇق بولۇشـى نەسـەب بىلـەن ئەمـەس، تەقۋادارلىـق بىلـەن بولىـدۇ )، ئاللاھ ھەقىقەتـەن ھەممىنـى بىلگۈچىـدۇر، ھەممىدىـن خـەۋەرداردۇر» ( 49:13 ).

ئەنـە ئاشـۇلار «قۇرئـان كەرىـم» ۋەز ـ نەسـىھەتلەردە قوللانغـان ئـەڭ مۇھـىم ئۇسـلۇبلاردۇر، بـۇ خىلمۇخىـل ئۇسـلۇبلارنىڭ قەلـب تارىلىرىنـى چېكەلەيدىغـان كۈچلـۈك تەسىرچانلىققا ئىگـە مەنا ـ ئۇقۇملىرى بـار، ئەگـەر بارلىـق

تەربىيەتچىلەر ئۆز پەرزەنتلىرى، جىگەر- پارىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە «قۇرئان كەرىم» تۇتـۇپ ماڭغان مۇشـۇ ئۇسلۇبلار بويىچە يول تۇتسا، شەك- شۈبھىسىزكى، پەرزەنتلەر ئەڭ ياخشى بولغان تەربىيە، مەدەنىيلەشكە لايىق ئەخلاق، توغرا بولغىن ئىنساني ئىش- پائالىيەت ۋە ئومۇمىي بولغان ئىسلامىي ئاڭ بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ...

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەسىھەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە تەربىيەتچى ۋە دەۋەتچىلەرگە قانداق ۋەز- نەسىھەت قىلىش توغرىلىق كۆرسەتمە بەرگەن. شۇڭلاشقا، ھەربىر مۇسۇلماننى بۇ ھاياتتا ئۆزى تۇرغان ھەرقانداق ئورۇن ۋە ھەرقانداق شارائىتتا باشقىلارنى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىشقا چاقىرغان. ھەقىقەت ئۈستىدە ئۇيۇلىنىدىغان قەلبى بار ياكى ھەق سۆزنى ھوزۇرى قەلب بىلەن تىڭشايدىغان ئادەم ۋەز- نەسىھەتلەردىن تەسىرلىنىشى مۇمكىن. دەۋەت ۋە ۋەز- نەسىھەت ئارقىلىق جاھىلىيەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن، ئەخلاقسىزلىق يوللىرىدا تېيىلىپ كەتكەن ۋە ئازغۇنلۇق ھاڭلىرىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىشى مۇمكىن.

تۆۋەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقىلارغا ۋەز- نەسىھەت قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالا تەرەپكە چاقىرىشتىكى ئەڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىغا قۇلاق سېلىڭلار:

ــــ تەمىم ئىبنى ئەۋسى ئەددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دىن دېگەن نەسىھەتتۇر». بىز: «كىمگە» دەپ سورىۋىدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرىگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا» دەپ جاۋاب بەردى (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ــــ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەرقانداق مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا بەيئەت بەردىم (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ــــ ئەبى مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «باشقىلارنى ياخشىلىققا باشلاپ قويغان ئادەمگە شۇ ياخشى ئىشنى قىلغان ئادەمگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ــــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارنى توغرا يولغا چاقىرسا، ئۇ ئادەمگە توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىگە ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ــــ سەھل ئىبنى سەئد ئەسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەيبەرنى پەتھى قىلىشقا ئەمر قىلىپ تەيىنلىگەندە ئۇنىڭغا

مۇنداق دېگەن: «سەن ئۇلارنىڭ ماكانىغا يېتىپ بارغۇچە ئالدىرىماي ئاستا ماڭغىن، ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ ھەققىدىن ئىملەرنى ئۇلارنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرغىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىرەر كىشىنى ھىدايەت قىلىپ قويغىنى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراقتۇر» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

بۇ ھەققە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچىلەر شۇ ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى ھەمدە شۇ ھەدىسلەردىكى مەزمۇنلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك! بولۇپمۇ پەرزەنتلىرى، شاگىرتلىرى ۋە ئىخلاسمەن مۇرىدلىرىغا شۇنداق قىلىشى كېرەك!

باشقىلارغا يېڭىچە ۋە خىلمۇخىل ئۇسلۇبتا ۋەز-نەسىھەت قىلىشتا بىزنىڭ تۇنجى مۇئەللىمىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ۋە نەمۇنىلىك يولى بار...

تۆۋەندە مۇشۇ ئۇسۇل ۋە مۇشۇ يول ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلارغا قۇلاق سېلىڭلار:

1 ـ قىسسە سۆزلەش ئۇسلۇبىنى قوللىنىش: بىز بۇ ھەققە بەزى مىساللارنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1) ئاق كېسەل، تاز ۋە قارىغۇ ئادەمنىڭ قىسسىسى: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە بىرى ئاق كېسەل، بىرى تاز ۋە بىرى قارىغۇ بولغان ئۈچ ئادەم بار ئىدى. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى.

ئۇ پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «سەن ھەممىدىن بەك نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دېدى. ئۇ: «رەڭگىمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى، تېرەمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ۋە كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدىغان بۇ كېسەلدىن ساقىيىشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇۋىدى، ئۇ ئادەم ساقايدى ۋە ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا چىرايلىق رەڭ ئاتا قىلدى. ئاندىن ھېلىقى پەرىشتە يەنە: «سەن ھەممىدىن بەك قايسى مالنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى ئاق كېسەل: «تۆگىنى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا بىر بوغاز تۆگە ئاتا قىلدى. پەرىشتە: «ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن!» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئاندىن تازنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سەن ھەممىدىن بەك نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دېدى. تاز: «چىرايلىق چېچىم بولۇشىنى ۋە كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدىغان بۇ كېسەلدىن ساقىيىشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. پەرىشتە ئۇنى شۇنداق سىلاپ قويۇۋىدى، ئۇ كېسەلدىن ساقايدى ھەمدە ئاللاھ ئۇنىڭغا گۈزەل چاچ ئاتا قىلدى. ئاندىن پەرىشتە ئۇنىڭدىن: «سەن ھەممىدىن قايسى مالنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «كالىنى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا ئاتا قىلدى. پەرىشتە ئۇنىڭغىمۇ: «ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن!» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئاندىن قارىغۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سەن ھەممىدىن بەك نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

«ئاللاھ تەئالانىڭ كۆزۈمنى كۆرىدىغان قىلىپ بېرىشىنى ۋە باشقىلارنى كۆرەلەيدىغان بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى كۆرىدىغان قىلىپ بەردى. پەرىشتە يەنە: «ھەممىدىن بەك قايسى مالنى ياخشى كۆرىسەن؟» دېۋىدى، ئۇ: «قوينى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر بوغاز قوي ئاتا قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھېلىقى تۆگە، كالا ۋە قويلار كۆپىيىپ، ئاق كېسەل ئادەم بىر يايلاق تۆگىگە، تاز ئادەم بىر يايلاق كالىغا ۋە قارىغۇ ئادەم بىر يايلاق قويغا ئىگە بولۇپ قالدى.

بىر چاغدا ھېلىقى پەرىشتە ئاق كېسەلدىن ساقايغان ئادەمنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئاق كېسەل قىياپىتىدە كېلىپ: «مەن سەپەردە ئوزۇق-تۈلۈكۈم تۈگەپ كەتكەن بىر بىچارىمەن، بۈگۈن مەن ئەۋۋەل ئاللاھ، ئاندىن قالسا سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا ئۆيۈمگە قايتالمايمەن. شۇڭا، مەن سەندىن ساڭا مۇشۇنداق گۈزەل ھۆسن-جامال، چىرايلىق تېرە ۋە مال-دۇنيا ئاتا قىلغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بىر تۆگە بېرىشىڭنى سورايمەن، مەن شۇ ئارقىلىق مەنزىلىمگە يېتىۋالسام» دېۋىدى، ئۇ: «بۇ ماللارنى ئىشلىتىدىغان جايلار بەك كۆپ ...» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە: «مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن، سەن ھېلىقى كىشىلەر يىرگىنىدىغان ئاق كېسەل ئەمەسمىدىڭ؟! سەن ھېچنېمەڭ يوق كەمبەغەل ئەمەسمىدىڭ؟! بۇ مال-دۇنيانى ساڭا ئاللاھ بەرمىدىمۇ؟!» دېۋىدى، ئۇ: «بۇ مال-دۇنيالار ماڭا دادامدىن مىراس قالغان، دادامغا بوۋامدىن مىراس قاپتىكەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە: «ئەگەر سەن يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئەسلىدىكى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن!» دېدى.

ئاندىن تازدىن ساقايغان ئادەمنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تاز قىياپىتىدە كېلىپ: «مەن سەپەردە ئوزۇق-تۈلۈكۈم تۈگەپ كەتكەن بىر بىچارىمەن، شۇ تاپتا مەن ئەۋۋەل ئاللاھ، ئاندىن قالسا سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا، مەنزىلىمگە يېتەلمەيمەن. شۇڭا مەن سەندىن ساڭا مۇشۇنداق چىرايلىق چاچ، گۈزەل ھۆسن-جامال ۋە مال-دۇنيا ئاتا قىلغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ماڭا بىر كالا بېرىشىڭنى سورايمەن. شۇ ئارقىلىق مەنزىلىمگە يېتىۋالسام» دېۋىدى، ئۇ: «بۇ ماللارنى سەرپ قىلىدىغان جايلار بەك كۆپ ...» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى پەرىشتە: «مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن، سەن ھېلىقى كىشىلەر يىرگىنىدىغان تاز ئەمەسمىدىڭ؟! سەن ھېچنېمەڭ يوق كەمبەغەل ئەمەسمىدىڭ؟! بۇ مال-دۇنيانى ساڭا ئاللاھ بەرمىدىمۇ؟!» دېۋىدى، ئۇ: «بۇ مال-دۇنيا ماڭا دادامدىن قالغان، دادامغا بوۋامدىن قاپتىكەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە: «ئەگەر يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئەسلىدىكى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن!» دېدى.

ئاندىن قارىغۇلۇقتىن ساقايغان ئادەمنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قارىغۇ قىياپىتىدە كېلىپ: «مەن سەپەردە ئوزۇق-تۈلۈكۈم تۈگەپ كەتكەن بىر بىچارىمەن، شۇ تاپتا ئەۋۋەل ئاللاھ، ئاندىن قالسا سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا مەنزىلىمگە يېتىپ بارالمايمەن. شۇڭا، مەن سەندىن ساڭا كۆزۈڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بىر دانە قوي بېرىشىڭنى سورايمەن، مەن شۇ ئارقىلىق مەنزىلىمگە يېتىپ بېرىۋالسام» دېۋىدى، ئۇ: «مەن ئىلگىرى ھەقىقەتەن كور ئىدىم، ئاللاھ ماڭا كۆزۈمنى كۆرىدىغان قىلىپ بەردى. شۇڭا، خالىغىنىڭنى

ئېلىپ، خالىغىنىڭنى قوي! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نەرسە ئالساڭ، مەن ساڭا قارشى تۇرمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە: «مېلىڭ ئۆزەڭدە قالسۇن، سىلەر پەقەت سىنالغان ئىدىڭلار، ئاللاھ سەندىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، سېنىڭ ئىككى ھەمراھىڭغا غەزەپلەندى» دېدى (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

2) ياغاچنىڭ ئاجايىپ ۋەقەلىكى: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن مىڭ دىنار قەرز ئالماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرز بەرگۈچى: «گۇۋاھچىلارنى ئېلىپ كەلگىن! مەن ئۇلارنى گۇۋاھ قىلىپ قوياي» دەيدۇ. قەرز سورىغۇچى: «ئاللاھ گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىك!» دەيدۇ. قەرز بەرگۈچى: «ئۇنداقتا كېپىل بولىدىغان ئادەم ئېلىپ كەل!» دەيدۇ. قەرز سورىغۇچى: «ئاللاھ كېپىل بولۇشقا يېتەرلىك!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرز بەرگۈچى: «راست ئېيتتىڭ» دەپ ئۇنىڭغا مەلۇم مۇددەتكىچە مىڭ دىنار قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. قەرز سورىغۇچى پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قەرز ئالغۇچى ئادەم بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئالغان قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن (دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان) قەرز بەرگۈچىنىڭ يېنىغا بېرىشقا دېڭىزدىن ئۆتىدىغان نەرسە ئىزدەيدۇ. لېكىن، بىرەر ئامال تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ياغاچ تېپىپ، ئۇنى ئويۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مىڭ دىنار پۇلنى ۋە پۇلنىڭ ئىگىسىگە يېزىلغان بىر ۋاراق خەتنى سالىدۇ. ئاندىن ئېغىزىنى ئېتىپ ئۇنى دېڭىز بويىغا ئېلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! سەن بىلىسەن، مەن ئىلگىرى پالانىدىن مىڭ دىنار قەرز سورىغانىدىم. ئۇ مەندىن كېپىل سورىسا، مەن ئۇنىڭغا ‹ئاللاھ كېپىل بولۇشقا يېتەرلىك› دېگەنىدىم، بۇنىڭغا ئۇ رازى بولغان. ئاندىن گۇۋاھچى سورىغاندا، مەن ئۇنىڭغا: ‹ئاللاھ گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىك› دېگەنىدىم، ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى بولغانىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭغا قەرز ئالغان پۇلنى ئاپىرىپ بېرىشكە قانچە تىرىشقان بولساممۇ، دېڭىزدىن ئۆتىدىغان نەرسە تاپالمىدىم. شۇڭا بۇ پۇللارنى ساڭا تاپشۇرىمەن» دېدى ـ دە، ياغاچنى دېڭىزغا تاشلىدى ۋە ئۇ ياغاچنىڭ دېڭىزغا شۇڭغۇپ كەتكىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كەتتى.

ئۇ ئادەم يۇرتىغا قايتىش ئۈچۈن ئۇلاغ ئىزدەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن ئادەم «مەن قەرز بېرىپ تۇرغان ئادەمنى پۇلۇمنى ئېلىپ كەلگەنمىدۇ؟» دەپ دېڭىز ساھىلى تەرەپكە چىقىدۇ ۋە دېڭىز بويىدىن ھېلىقى دىنارلار سېلىنغان ياغاچنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئالغاچ قايتىدۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى يارسا، ئىچىدىن مىڭ دىنار پۇل ۋە خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەز چىقىدۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن قەرز ئالغان ئادەم يەنە مىڭ دىنارنى ئېلىپ قەرز بەرگۈچىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنىڭ پۇلۇڭنى ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ، لېكىن دېڭىزدىن ئۆتۈشكە ئامال بولماي قالدى» دەيدۇ. بۇ چاغدا قەرز بەرگۈچى: «سەن ماڭا بىرەر نەرسە ئەۋەتكەنمۇ؟» دەپ سورايدۇ. قەرز ئالغۇچى: «مەن ساڭا بۇنىدىن بۇرۇن دېڭىزدىن ئۆتىدىغان ئۇلاغ تاپالمىدىم دەۋاتىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرز بەرگۈچى: «شەكسىزكى، ئاللاھ تەئالا سەن ياغاچنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈچىگە سېلىپ ئەۋەتكەن پۇلنى ماڭا يەتكۈزدى. شۇڭا، سەن بۇ مىڭ دىنارنى توغرا يول تاپقۇچى بولغان ھالدا قايتۇرۇپ كەتكىن» دەيدۇ (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

3) ھاجەر ئانا بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكى: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ قىسسىنى بايان قىلىپ بەرگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەرنى ۋە ئېمىۋاتقان ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ كېلىپ بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا، يەنى مەسجىدىلھەرامنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە جايلاشقان زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئۈستىدە ئۆسكەن دەۋھە دېگەن دەرەخنىڭ قېشىدا قويۇپ قويدى. ئۇ چاغلاردا مەككىدە نە بىر ئىنسان، نەر بىر تېمىتىم سۇ يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى شۇ يەردە قويۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىدا ئازراق خورما بار بىر خورجۇن بىلەن، ئازراق سۇ بار بىر تۇلۇمنى قالدۇردى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەينىگە قايتتى.

ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ: «ئى ئىبراھىم! نەگە كېتىۋاتىسەن؟ بىزنى نە بىر ئىنسان، نە بىر گىياھ يوق بىر چۆلگە تاشلىۋېتەمسەن؟» دېدى. ئۇ بۇ گەپنى بىر قانچە قېتىم دېگەن بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى. ھاجەر يەنە: «ئاللاھ سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىمۇ؟» دېۋىدى، ئۇ: «ھەئە!» دېدى. ھاجەر: «ئۇنداقتا، ئاللاھ بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ» دېدى ۋە قايتىپ كەتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مېڭىۋەردى. ھەتتا ئۇلار ئۇنى كۆرمەيدىغان «سەنىييە» دېگەن جايغا كەلگەن چاغدا، بەيتۇللاھ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ قولنى كۆتۈرۈپ مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇدى: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) نامازنى ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم. پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن» (14:37).

ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئىسمائىلنى ئېمىتىپ تۇلۇمدىكى سۇدىن ئىچتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ ئۇ ھەم بالىسى ئۇسسىغان چاغدا ئۇياق-بۇياققا قاراشقا باشلىدى. بالىسىنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ چىداپ تۇرالماي تەرەپ-تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولغان سەفا تېغىغا چىقتى. ئاندىن بىرەر ئادەمنى كۆرۈپ قالارمەنمۇ؟ دېگەن ئۈمىدتە ئەتراپقا قارىدى. لېكىن، ئۇ ھېچكىمنى كۆرمىدى. ئاندىن ئۇ سەفا تېغىدىن چۈشۈپ تۆزلەڭلىككە كەلگەن چېغىدا، كۆينىكىنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ جاپادا يۈگۈرۈپ، تۆزلەڭلىكنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەرۋە تېغىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاندىن مەرۋە تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىرەرسىنى كۆرۈپ قالارمەنمۇ؟ دېگەن ئۈمىدتە ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ھاجەر بۇ ئىشنى يەتتە قېتىم تەكرارلىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگـەن: «مۇشـۇ سـەۋەبتىن ئىنسـانلار سـەفا ۋە مەرۋىنـىڭ ئوتتۇرىسـدا يۈگۈرەيـدۇ».

ھاجـەر ئانا مـەرۋە تېغىغا چىققـان چاغـدا بىـر ئاۋازنـى ئاڭلـدى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگـە: «توختـا!» دېـدى. ئاندىـن كېيىـن قـۇلاق سېلىۋىدى، يەنـە بىـر ئاۋازنـى ئاڭلـدى. بـۇ چاغـدا ئـۇ ئېيتتىكى، «ئاۋازىڭنـى ئاڭلاتتـىڭ، ئەگـەر سېنىڭ يـاردەم بېرىـش نىيىتـىڭ بولسـا يـاردەم بەرگىـن».

ئۇشتۇمتۇت زەمـزەم قۇدۇقىنـىڭ يېنىدا بىـر پەرىشـتە تۇراتتى. ئـۇ پەرىشـتە سـونجىقى بىلـەن ياكـى قانىتـى بىلـەن يەرگـە ئۇرۇۋىـدى، ئـۇ يەردىـن سـۇ ئېتىلىـپ چىقىـپ بىـر كۆلچـەك ھاسـىل قىلدى. ھاجـەر ئانـا سـۇنى قولـى بىلەن توسـايتتى. ئـۇ تۇلۇمغـا سـۇ ئۇسۇشـقا باشـلىدى. سـۇ تېخىچـە بۇلدۇقـلاپ چىقىۋاتاتتـى. ھاجـەر ئانـا سـۇ ئىچتـى ۋە بالىسـىنى ئېمىتتـى.

ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا رىۋايـەت قىلىدۇكـى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «ئاللاھ تەئـالا ئىسـمائىلنىڭ ئانىسـىغا رەھمـەت قىلسـۇنكى، ئەگـەر ئـۇ زەمـزەم سـۈيىنى قاشـالاپ توسـۇۋالمىغان بولسـا، (ئـۇ تاكـى دەۋر قىيامەتكىچـە) ئېقىـپ تۇرىدىغـان بـۇلاق بولاتتـى».

ئاندىـن ھېلىقـى پەرىشـتە ئۇنىڭغـا مۇنـداق دېـدى: «ھالـەك بولـۇپ كېتەرمەنمـۇ؟ دەپ ئەنسـىرىمە! چۈنكـى بـۇ جايـدا ئاللاھنىـڭ ئۆيـى بـار، ئـۇ ئۆيىنى كەلگۈسـدە بـۇ بـالا ۋە ئۇنىـڭ دادىسـى بىنـا قىلـدۇ. شەكسـىزكى، ئاللاھ ئـۆز ئەھلىنـى تاشـلىۋەتمەيدۇ».

بەيتۇللاھ ئۇ ۋاقىتتا دۆڭگە ئوخشاش ئېگىز بولۇپ، سەل كەلسە ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئېقىپ كېتەتتى.

تاكـى جۇرھـۇم قەبىلىسـىدىن بىـر تۈركـۈم كىشـىلەر كـەدائ دېگـەن جايدىـن كېلىـپ، ئۇلارنىـڭ قېشـىغا جايلاشـقانغا قـەدەر ئـۇ ئىككىيلـەن يالغـۇز تـۇردى. جۇرھۇملۇقـلار مەككىنىـڭ ئاسـتىنقى تەرىپىگە چۈشتى. ئۇلار بىر توپ قۇشـلارنىڭ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كـۆرۈپ، ئېنىقكـى بـۇ قۇشـلار سـۇنىڭ ئۈسـتىدە ئۇچۇۋاتـىدۇ. ئاللاھ بىلـەن قەسـەمكى، بىـز بـۇ چۆلـدە سـۇ يوقلۇقنـى بىلمىـز دېيىشـتى. ئاندىـن ئـۇلار چارلىغۇچىلارنـى ئەھۋالنـى ئۇقـۇپ كېلىشكە ئەۋەتتـى. چارلىغۇچـىلار ئـۇ يـەردە سـۇ بارلىقنـى كـۆرۈپ قايتىـپ كېلىشـتى ھەمـدە ئۇلارغـا ئەھۋالنـى مەلـۇم قىلـدى. ئـۇلار دەرھـال سـۇنىڭ قېشـىدا تۇرغـان ئىسـمائىلنىڭ ئانىسـىنىڭ يېنىغـا كېلىـپ: «بىزنىـڭ بـۇ يـەردە تۇرۇشـىمىزغا رۇخسـەت قىلامسـىز؟» دېـدى. ھاجـەر ئانـا: «بولىـدۇ، لېكىـن سـىلەرنىڭ سـۇدا ھەققىڭلار يـوق» دېـدى. جۇرھۇملۇقـلار: «بولىـدۇ» دېـدى.

ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا رىۋايـەت قىلىـپ ئېيتىدۇكـى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «بـۇ قەبىلە ئىسـمائىلنىڭ ئانىسـىنى ئىنسـانلارنى ياخشـى كۆرىدىغان ھالەتتـە ئۇچراتتى».

شـۇنىڭ بىلـەن جۇرھۇملۇقـلار بـۇ يەرگـە ئورۇنلاشـتى ۋە ئـۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىمـۇ كۆچـۈپ كېلىشـكە دەۋەت قىلىـپ ئەلچـى ئەۋەتىشـتى. ئاندىـن ئۇلارمـۇ شـۇ يەرگـە ئورۇنلاشـتى. ھەتتاكـى، ئـۇلار ئـۇ يـەردە بىـر قانچـە ئائىلـە بەرپـا قىلـدى.

ۋاقىتنىـڭ ئۆتۈشـىگە ئەگىشـىپ ئىسـمائىلمۇ يـاش يىگىـت بولـۇپ قالـدى. ئـۇ جۇرھۇملۇقلاردىـن ئـەرەب تىلـى

www.uyghurkitap.com

ئۆگەندى، ئۇ يىگىتلىك دەۋرىدىلا ئۇلارنى بېسىپ چۈشۈپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئەقىلگە كەلگەن چاغدا ئۇلار ئۇنى ئۆز ئىچىدىن بىر قىزغا ئۆيلەپ قويۇشتى. ئارىدا ھاجەر ئانىمۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى.

شۇ مەزگىللەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى يوقلاپ كەلدى. لېكىن، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېلىندىن: «ئىسمائىل نەگە كەتتى؟» دەپ سورىدى. كېلىن: «ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپ كەتكەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىندىن ھال-ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سورىدى. كېلىن: «ئەھۋالىمىز ئىنتايىن ناچار، بىز بەك جاپادا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز» دەپ ئۆزلىرىنىڭ قىيىن شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى داتلىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئېرىڭ كەلسە ئۇنىڭغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تاپىلىغانلىقىمنى ئېيتىپ قوي!» دەپ قويۇپ قايتىپ كەتتى.

كېيىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن: «بىرەرسى كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئايالى: «ھەئە، تەقى-تۇرقى مۇنداق-مۇنداق بىر بوۋاي كېلىپ سىزنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ يوقلىقىڭىزنى ئېيتتىم. ئاندىن ئۇ ھال-كۈنىمىزنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتتىم» دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: «ساڭا بىرەر ئىشنى ۋەسىيەت قىلدىمۇ؟» دېۋىدى، ئايالى: «ھەئە، ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشىڭنى تاپىلىدى» دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: «ئۇ مېنىڭ دادام، ئۇ مېنى سەندىن ئايرىلىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ، ئۆيۈڭگە كەتكىن!» دەپ بۇ ئايالىدىن ئايرىلىپ كەتتى ۋە باشقا بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يەنە يوقلاپ كەلدى. ئەمما، بۇ قېتىممۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشالماي كېلىنى بىلەنلا كۆرۈشتى. ئۇ ئۇنىڭدىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ۋە ھال-كۈنىنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىنى سورىدى. كېلىن: «بىزنىڭ يېمەكلىكىمىز ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپ كەتتى. ئەھۋالىمىز خېلى ياخشى، چۈشۈپ تاماق يەپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچەمسىز؟» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «نېمە يەپ نېمە ئىچىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. كېلىن: «گۆش يەيمىز، سۇ ئىچىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىگە بەرىكەت بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «( بۇ ) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى» دېگەن. ئاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنىگە: «ئېرىڭ قايتىپ كەلسە ئۇنىڭغا سالام ئېيتقىن! ھەمدە ئۇنى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنى مەھكەم قويۇشقا بۇيرىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن» دەپ قويۇپ قايتىپ كەتتى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ ئايالىغا: «يېنىڭغا بىرەر كىم كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئايالى: «ھەئە، تەقى-تۇرقى چىرايلىق بىر بوۋاي كېلىپ مەندىن سېنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتتىم» دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: «ساڭا بىرەر ئىشنى تاپىلىدىمۇ؟» دېۋىدى، ئايالى: «ھەئە، ساڭا سالام ئېيتتى ھەمدە سېنى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنى مەھكەم قويۇشۇڭنى بۇيرىدى» دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: «ئۇ مېنىڭ دادام، ئىشىكنىڭ بوسۇغىسى بولساڭ سەن، ئۇ مېنى سېنى ئەمرىمدە

ساقلىشىمنى بۇيرۇپتۇ» دېدى.

يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. بۇ چاغدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىدا ئوق ئۇششاۋاتاتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاتا-باللار كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئى ئىسمائىل! ئاللاھ مېنى بىر ئىشقا بۇيرىدى» دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا رەببىڭ بۇيرىغاننى قىل!» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ماڭا ياردەملىشەمسەن؟» دېۋىدى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: «ئەلۋەتتە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ مېنى مۇشۇ جايغا بىر ئۆي بىنا قىلىشىمنى بۇيرىدى» دەپ يېقىن ئەتراپتىكى ئېگىز بىر دۆڭلۈكنى كۆرسەتتى.

ئاشۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنىڭ ئۇلىنى قوپاردى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تاش توشۇپ بەرگەندى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشنى تىزاتتى، ھەتتاكى تام ئېگىزلەپ قول يەتمەيدىغان بولغان چاغدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مۇشۇ تاشنى (يەنى مەقامى ئىبراھىمنى) ئېلىپ كېلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىغا قويۇپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ تامنى قوپۇردى. ئۇلار ئىشلەۋېتىپ مۇنداق دەيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» (2:127).

شۇنىڭدەك، باشقا ھەدىسلەردىمۇ نۇرغۇن قىسسىلەر بايان قىلىنغان.

ماھىر ۋەز-نەسىھەتچى، دانا تەربىيەتچى ۋە ئوتتۇقلۇق دەۋەتچىلەر گەپ تىڭشاۋاتقانلارنىڭ ئەقلىگە مۇناسىپ ئۇسلۇبتا ۋەقەلىك بايان قىلالايدۇ. شۇنداقلا، سۆزلىگەن قىسسىنىڭ باشقىلارغا بولغان تەسىرى ئېخىمۇ كۈچلۈك ھەمدە قوبۇل قىلىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ قىسسىدىن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەت ئورۇنلىرىنى سۈزۈپ چىقالايدۇ.

ئۇنداقتا تەربىيەتچىلەر تاكى گەپ تىڭشىغۇچىلار روھىي جەھەتتە تەسىرلىنىپ، زېھنى ئېچىلىپ، ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە يۈرەكلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بۇلاقلىرىدىن تۆكۈلگەنگە قەدەر قىسسە سۆزلەشتە ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە سەزگۈرلۈكىدىن پايدىلىنىشى كېرەك!

بۇ چاغدا قىسسىنى تىڭشىغۇچى ئائىلەلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا بويسۇنغۇچى، بۇيرىقىغا ئەمەل قىلغۇچى، ئۇنىڭدىن قورققۇچى ۋە باش ئەگكۈچى بولىدۇ ھەمدە تەربىيەتچىلەر ئۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشقا، ئىش-ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلەردە بۇ دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشقا ئەھدە ئالالايدۇ.

2 - دىئالوگ ۋە سوئال سوراش ئۇسلۇبىنى قوللىنىش:

بۇ ئىش ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سەگەكلىكىنى قوزغاش ۋە سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش ھەمدە قانائەتلەندۈرۈش ۋە دەلىل-پاكىت بىلەن سۆزلەش ئۇسلۇبىدىكى تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن سۇغىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا سوئال

تاشلاش ئارقىلىق بولىدۇ.

بىز بۇنىڭغا بىر قانچە مىسال ئالايلى:

1 ) ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېۋىدى، ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولى (يەنى تىلى ۋە قولى ئارقىلىق يېتىدىغان ئەزىيەتلەر)دىن خاتىرجەم بولالىغان كىشىدۇر» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق ئادەمنىڭ مۆئمىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېۋىدى، ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۆئمىن دېگەن باشقا مۆئمىنلەر ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ جانلىرى ۋەماللىرىغا ئەمىن بولالىغان ئادەمدۇر» دېدى.

ئاندىن كېيىن مۇھاجىرلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ دېدىكى: «مۇھاجىر دېگەن يامان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرغان ئادەمدۇر» (ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

2 ) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەردىن بىر كىشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭدا كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر دېگەن نەرسە قالمايدۇ» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەش ۋاخ ناماز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئارقىلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ» دېگەن (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

3 ) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر كىمنىڭ ياقتۇش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ياقتۇش دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇلى يوق ۋە مېلى يوق ئادەم» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن ياقتۇش دېگەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكات قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن ھازىر بولغان، لېكىن (ھاياتىي دۇنيادىكى چېغىدا) بىرىنى تىللىغان، بىرىگە بوھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ ناھەق قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ (قىساسى ياكى تۆلەم ئۈچۈن) ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا بېرىپ، بۇنىڭغا بېرىپ، ئاخىر ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈزىگە يۈكلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا تاشلانغان ئادەمدۇر» دېدى (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

3 - ۋەز-نەسىھەتنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ باشلاش:

ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۇئمىن بولمىغۇچىلىك جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلار بىلەن دوستلاشمىغۇچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرنى ئۆزئارا دوستلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار!».

ــــ ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۇئمىن بولالمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەندە، «ئى رەسۇلۇللاھ! كىم مۇئمىن بولالمايدۇ؟» دېيىلگەندى، ئۇ: «قوشنىسى يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم» دېدى (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

بۇنداق قەسەم قىلىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىلىرىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ.

4 - ۋەز-نەسىھەتكە چاقچاق ئارىلاشتۇرۇش:

بۇنداق قىلىش زېھىننى ئېچىش، مالاللىقنى يوقىتىش ۋە كۆڭۈلنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى سايمانلىرىنى ئارتىش ئۈچۈن بىر سەدىقە تۆگىسى سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن ساڭا تۆگىنىڭ بالىسىدىن بىرنى بېرىمەن» دېۋىدى، ئۇ ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تۆگىنىڭ بالىسىنى نېمە قىلىمەن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تۆگە پەقەت تۆگىنىڭ بالىسىنىلا تۇغىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ چاقچاق ئارقىلىق تۆگە گەرچە يوك كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ نەرسە بولسىمۇ، يەنىلا تۆگىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ قويدى.

بۇ ئۇسۇل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاقچاقلىرىدا ئىنتايىن كۆپ.

5 - زېرىكىپ قېلىش خەۋپى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتنى نورمال قىلىش.

ــــ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇيتتۇم، ئۇنىڭ نامىزى ئوتتۇرىھال ئىدى (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ــــ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنلۈكتە ۋەز-نەسىھەتنى ئۇزۇن قىلمايتتى، پەقەتلا بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلاتتى (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ــــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇسا (بەك قىسقا قىلىپ) چۈشىنىكسىز قىلىپ قويمايتتى، (بەك ئۇزۇن قىلىپ)

باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويمايتتى دېيىلگەن.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئارىلاپ-ئارىلاپ ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى.

6 - سورۇندىكىلەرگە ۋەز-نەسىھەتنىڭ تەسىرلىك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش:

—— ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە شۇنداق بىر ۋەز-نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭدىن تىرىلىرىمىز كۆيۈشۈپ كەتتى، كۆزلەر ياش تۆكتى، دىللارنى قورقۇنچ باستى. ئاندىن بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ خۇددى ۋىدالاشقۇچىنىڭ نەسىھىتىگە ئوخشايدۇ، بىزگە نېمىنى تەۋسىيە قىلىسەن؟» دېۋىدۇق، ئۇ: «ئاللاھتىن قورقۇشۇڭلارنى، مېنىڭ ۋە مەندىن كېيىن توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلىرىمنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشىڭلارنى ھەمدە ئۇنى ئېزىق چىشلىرىڭلار بىلەن مەھكەم چىشلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. شەكسىزكى، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر» دېدى (ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

—— ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: «ئۇلار ئاللاھنى ھەققىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ. ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر» (39:67) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە قولىنى پولاڭلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تەئالا (قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە) ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئۇقتۇرۇپ: ‹مەن قەھرى قىلغۇچى زاتتۇرمەنكى، بەندىلىرىمگە خالىغان ئىشنى قىلدۇرالايمەن، مەن ئۇلۇغلۇق ئىگىسىمەن، ھەققىي پادىشاھتۇرمەن، ھەممىدىن غالىب ۋە ھەممىدىن سېخىيمەن› دەيدۇ». ئاندىن مۇنبەر شۇنداق تەۋرەپ كەتتىكى، ھەتتا بىز مۇنبەر ئۆرۈلۈپ كېتىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىقىلىپ چۈشەرمۇ؟ دەپ قالدۇق.

باشقىلارنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان ۋەز-نەسىھەتچى پەقەت نىيىتى خالىس، قەلبى يۇمشاق، روھى قورققۇچى، ئىچكى دۇنياسى پاك، دىلى نۇرلۇق بولغاندىلا ئاندىن باشقىلارنى مۇشۇنداق ئۆزىگە قارىتالايدۇ ۋە تەسىر قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا مەسئۇلىيەت بەكمۇ ئېغىردۇر.

ئىمام ئىبنى ئەبى دۇنيا ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار مۇرسەل ھالەتتە مالىك ئىبنى دىنار رەھمەھۇللاھتىن، ئۇ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «قانداق بىر بەندە سۆزلىسە، ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن سۆزلىگەن نۇتۇقىدىن نېمىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى چوقۇم سورايدۇ». ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ مۇشۇ ھەدىسنى سۆزلىسە يىغلاپ كېتەتتى. ئاندىن كېيىن: «سىلەر مېنى سىلەرگە قىلغان سۆزۈمدىن خۇرسەن

بولىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ مەن بىلمەن، ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى مەندىن: «سۆزلىگەن سۆزۈڭدىن نېمىنى مەقسەت قىلغانىدىڭ؟» دەپ چوقۇم سورايدۇ. ئاندىن مەن: «سەن مېنىڭ قەلبىمدىكىنى بىلسەن، ئەگەر مەن بۇ گەپنىڭ ساڭا ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسام، ئۇ گەپنى ھەرگىز ئىككى كىشىگە دېمەيتتىم دەيمەن» دەيتتى.

باشقىلارنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن ياساللىق بىلەن تىلىنىڭ ئۇچىدا سۆزلەيدىغان دەۋەتچى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىيات بىلەن سۆزلەيدىغان، ئىسلامغا دىلى كۆيىدىغان مۇئمىن ۋە ئىخلاسمەن دەۋەتچى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئىككىنچىسىنىڭ باشقىلارغا تەسىر قىلىشى كۈچلۈكرەك، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرىراق.

ئۇنىڭ سۆزى ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىشى زورراق بولىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى زەر دەيدىغان بىر بالا دادىسىغا: «ئەي دادا! ئەجەبا سەن گەپ قىلساڭ باشقىلارنى يىغلىتىۋېتىدىكەنسەن، ئەمما باشقا بىرى گەپ قىلسا ئۇلارنى يىغلىتالمايدىكەنغۇ؟» دېگەندە، دادىسى: «ئەي ئوغلۇم! ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىغا ھازا قىلىپ يىغلىغۇچى ئايال باشقىلار ھەق بەرسە يىغلاپ بېرىدىغان ئايالغا ئوخشىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «كىمكى كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن سۆزمەنلىكنى ئۆگەنسە، ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن نە تەۋبىنى، نە پىدىيىنى قوبۇل قىلمايدۇ» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

7 - مىسال ئېلىش ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا، قىلغان ۋەز-نەسىھىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىشى ھەمدە زېھنىدە چوڭقۇر ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن، ۋەز-نەسىھەتنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىكرەك قىلىش مەقسىتىدە، كىشىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان سەزگۈر ئەزالىرى بىلەن بىلەلەيدىغان ۋە قوللىرى بىلەن تۇتالايدىغان نەرسىلەرنى مىسال ئېلىپ سۆزلەيتتى.

— ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پات-پات قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇئمىننىڭ مىسالى ئاپېلسىنغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقىمۇ ياخشى، تەممۇ ياخشى؛ قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇئمىن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تەمى ياخشى، ئەمما پۇرىقى يوق؛ قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان پاجىرنىڭ مىسالى رەيھان گۈلىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى ياخشى، ئەمما تەمى ئاچچىق؛ قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان پاجىر ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تەمى ئاچچىق، شۇنداقلا پۇرىقىمۇ يوق؛ يامان ھەمراھ كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ ساڭا قارىسى يۇقمىغان تەقدىردىمۇ،

ئىس ـ تۈتەكلىرى چوقۇم يېتىدۇ» (ئىمام نەسەئى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مانا مۇشۇنداق ئوخشىتىشلىرىدا ياخشىلىققا تەرغىب قىلىش ۋە يامانلىقتىن چەكلەش سۆز تىڭشىغۇچىلار بىلەلەيدىغان ئەڭ روشەن ئۇسلۇب ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

8 ـ قولى بىلەن مىسال كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مۇھىم ئىشنى تەكىتلىمەكچى بولسا، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئەشۇ مۇھىم ئىشنى قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ مىسال ئېلىپ كۆرسەتتى.

ـــ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىن مۇئمىن ئۈچۈن بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرغان بىناغا ئوخشايدۇ» دەپ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتكەن (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن يېتىمنى باققۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مەن مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرگىن» دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رەببىم ئاللاھ دېگىن، ئاندىن (شۇ ئېتىقادىڭدا) مۇستەھكەم تۇرغىن!» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەندىن ھەممىدىن بەك نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟» دېسەم، ئۇ ئۆزىنىڭ تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مۇشۇنىڭدىن ...» دەپ جاۋاب بەردى (ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ھەدىسلەردە بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

9 ـ سىزىپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ۋە بەزى پايدىلىق تەسەۋۋۇرلارنى ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىگە يېقىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا سىزىقلارنى سىزىپ كۆرسەتتى.

ـــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تۆت چاسا بىر كاتەكچە سىزدى. ئاندىن ئۇ كاتەكچىنىڭ سىرتىغا بىر سىزىق سىزدى. ئاندىن كاتەكچىنىڭ ئىچىگە بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە كىچىك سىزىقلارنى سىزدى. ئاندىن: «بۇ ئىنسان، بۇ ئۇنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ تۇرغىنى ئۇنىڭ ئەجىلى. بۇ (كاتەكچىنىڭ) سىرتىدىكىسى ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، بۇ كىچىك سىزىقلار بولسا ئۇنىڭغا تويۇقسىز كېلىدىغان بالا ـ مۇسىبەتلەر. ئەگەر ئىنسان بۇ خاپىلىقتىن ئۆتۈپ كەتسە بۇ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتسە يەنە بىرسى كېلىدۇ. ئەگەر ھەممىسىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتسە قېرىلىق كېلىدۇ» دېدى (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەزكۇر ھەدىستە سىزىپ كۆرسەتكەن سىزىقچىلار:

دېمەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەرگە سىزىق سىزىش ئارقىلىق تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئۆلۈم ياكى بالا-مۇسىبەتلەر ۋەياكى ئۇنى ھالسىرىتىپ قويىدىغان قېرىلىقنىڭ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ چەكسىز ئارزۇ-ئارمانلىرى ئارىسىدا قانداق توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردى. مانا بۇ تۇنجى مۇئەللىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناھايىتى گۈزەل چۈشەندۈرۈشىدۇر.

ـــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن يەرگە بىر سىزىق سىزدى. ئاندىن: «بۇ ئاللاھنىڭ يولى» دېدى ۋە ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى سىزىق، سول تەرىپىگە ئىككى سىزىق سىزىپ: «بۇ شەيتاننىڭ يوللىرىدۇر» دېدى. بىردەمدىن كېيىن قولىنى ئوتتۇرىدىكى سىزىقتا قويۇپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» (6:153).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەزكۇر ھەدىستە سىزىپ كۆرسەتكەن سىزىقچىلار:

دېمەك، بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەرگە سىزىش ئارقىلىق ساھابىلەرگە ئىسلام يولى بولغان، ئەزىزلىك ۋە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى ھەمدە ئىسلام يولىدىن باشقا خىلمۇخىل قانۇن-پىرىنسىپلار ۋە پىكرىي ئېقىملاردىن ئىبارەت بولغان ھالاكەتكە ۋە دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان شەيتاننىڭ يوللىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

10 ـ ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ ۋەز-نەسىھەت قىلىش:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلىم-تەربىيە بېرىش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۇسلۇبىدا ساھابىلىرىگە جانلىق نەمۇنىلەرنى كۆرسەتتى.

بۇنىڭدىن بەزى مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

— ئەمرى ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! تاھارەتنى قانداق ئالىمەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قاچا سۇنى ئەكېلىپ، ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇغان، ھەتتا تولۇق تاھارەت ئالغان. ئاندىن كېيىن: «كىم بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتسە ياكى كەم قىلىپ قويسا چەكتىن ئاشقان ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ» دېگەن (ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام نەسەئى ۋە ئىمام ئىبنى ماجە رەھمەھۇمۇللاھلار رىۋايەت قىلغان).

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تاھارەت ئالدى. ئاندىن كېيىن: «كىمكى مېنىڭ مۇشۇ تاھارىتىمگە ئوخشاش تاھارەت ئالسا، ئاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، نامازدا دۇنيا ئىشلىرىدىن بىر نەرسىنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

— ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ناماز ئوقۇغىنىنى ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈشى ھەمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ئۆگىنىشلىرى ئۈچۈن، مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى، ناماز ئوقۇپ بولغاندا ساھابىلەرگە ئالدىنى قىلىپ: «ئى ئىنسانلار! مەن بۇنى پەقەت مېنىڭ قىلغىنىمنى قىلىشىڭلار ۋە مېنىڭ نامىزىمنى ئۆگىنىشىڭلار ئۈچۈن قىلدىم» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

11 - مۇۋاپىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەز-نەسىھەت قىلىش:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغان ۋەز-نەسىھەتنىڭ تېخىمۇ تەسىرلىك بولۇشى ۋە چۈشىنىش ئاسانراق بولۇشى ئۈچۈن، كۆپىنچە ۋاقىتتا ۋەز-نەسىھەت قىلماقچى بولغاندا مۇناسىپ ۋاقىتتىن پايدىلىناتتى.

— جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. بازارنىڭ قاسىنىقىدا نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلۈپ قالغان كىچىك قۇلاقلىق بىر ئوغلاقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئوغلاقنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «قايسىڭلار بۇنى بىر دىرھەمگە ئېلىشنى ياقتۇرىسىلەر؟» دېدى. كىشىلەر: «بىز ئۇنى كىچىككىنە نەرسىگە ئېلىشنىمۇ خالىمايمىز، بىز ئۇنى نېمە قىلىمىز؟» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر ئۇ ئوغلاقنىڭ سىلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىنى خالامسىلەر؟» دېۋىدى، ئۇلار: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ تىرىك چېغىدىمۇ قۇلىقى كىچىك بولۇپ ئەيىبلىك تۇرسا، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى قانداق قىلالاتتۇق؟» دېيىشتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، دۇنيا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ بۇنى مەنسىتمىگىنىڭلاردىنمۇ بەكرەك ئەرزىمەستۇر» دېدى (ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ــــ ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىندۇكـى، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ ئالدىغـا بىـر نەچچـە ئەسـىر ئېلىـپ كېلىنگـەن. شـۇ ۋاقىتتـا ئەسـىرلەر ئىچىدىكى بىـر ئايـال مېڭىـپ يـۈرۈپ ئەسـىرلەر ئارىسـىدىن بىـر كىچىـك بالىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئېمىتتى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «قاراڭلار! بـۇ ئايـال ئـۆز بالىسـنى ئوتقـا تاشـلارمۇ؟» دېـدى. بىـز: «ئاللاھ بىلەن قەسـەمكى، ئۇنـداق قىلمايـدۇ» دېـدۇق. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ئالـلاھ تەئـالا بەندىلىرىگـە بـۇ ئايالنىـڭ ئـۆز بالىسـىغا بولغـان مېھرىبانلىقىدىنمـۇ ئارتـۇق مېھرىبانـدۇر» دېـدى (ئىمـام بۇخـارى ۋە ئىمـام مۇسلىم رەھىمەھۇمەللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان).

12 ـ سۆزنى ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشقا بوراش ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش:

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمدىن بـەزى نامۇۋاپىـق سـوئاللار سورالسـا، ئـۇ سـوئالنى ئۇنىڭدىنمـۇ مۇھىـم راق بولغـان نەرسـگە بورىۋېتەتتـى.

ــــ ئەنـەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىندۇكـى، بىـر يېزىلىـق ئـەرەب پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ يېنىغـا كېلىـپ: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! قىيامـەت قاچـان بولـىدۇ؟» دەپ سـورىۋىدى، پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «قىيامـەت ئۈچـۈن قانچىلـىك تەييارلـىق قىلدىـڭ؟» دەپ قايتۇرمـا سـوئال بىلـەن جـاۋاب بـەردى. ئـۇ ئـادەم: «مـەن ئالـلاھ ۋە ئاللاھنـىڭ پەيغەمبىرىنـى ياخشـى كۆرىمـەن» دېۋىـدى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ئۇنداقتـا سـەن قىيامـەت كۈنـى ياخشـى كۆرگـەن ئادىمىـڭ بىلـەن بىرگـە بولسـەن» دېـدى.

بـۇ ھەدىسـتە پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم قىيامەتنىڭ قاچـان بولىدىغانلىقى ھەققىـدە سورالغان سـوئالنى سـوئال سـورىغان ئـادەم ئېخىمـۇ ئېھتىياجلىقـراق بولغـان باشـقا نەرسـگە بورىۋەتتـى. ئـۇ نەرسـە بولسـا، پۈتكـۈل ئىنسـانلار ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىـگارى ئاللاھنىـڭ ئالدىـدا ھېسـاب بېرىـش ئۈچـۈن تۇرىدىغـان ئاشـۇ كـۈن ئۈچـۈن ياخشـى ئەمەللەرنـى تەييارلاشـتۇر.

13 ـ ئىسلام ھارام قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن نەرسىنى ئاشكارا كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش:

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم سـۆزلەش ۋە كۆرسـىتىش ئارقىلـىق چەكلەنگـەن نەرسـىنى ساھابىلەرگە مۇئەييەنلەشـتۈرۈپ بىلـدۈرۈپ قويـۇش ئۈچـۈن، ھـارام قىلىنغـان ۋە چەكلەنگـەن نەرسـىنى قولىغـا ئېلىـپ، سـورۇندىكىلەرنىڭ ئالدىـدا ئېگىـز كۆتۈرەتتـى. چۈنكـى، بۇنـداق قىلىـش كۆڭۈللەرگـە بەكـرەك تەسـىر قىلىـدۇ ھەمـدە شـۇ نەرسـىنىڭ ھاراملىقىنـى ئۇقتـۇرۇپ بېرىشـتە كەسـكىن كەيپىياتنـى ئىپادىلەيـدۇ.

ــــ ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىندۇكـى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم سـول قولىغـا يىپەكنـى، ئـوڭ قولىغـا ئالتۇننـى ئېلىـپ، ئـۇ ئىككىسـىنى ئېگىـز كۆتـۈرۈپ تـۇرۇپ: «ھەقىقەتـەن بـۇ ئىككـى نەرسـە مېنىـڭ ئۈممىتىمنىـڭ ئەركەكلىرىگـە ھـارام، ئاياللىرىغـا ھالالـدۇر» دېـدى (ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد، ئىمـام نەسـەئى ۋە ئىمـام ئىبنـى ماجـە رەھىمەھۇمۇللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان).

تۈنجـى مۇئەللىـم پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم چوڭلارغـا يوليـورۇق بېرىش، كىچىكلەرگـە ئۆگىتىش،

خۇسۇسـي كۆرسـەتمە بېرـش، ئومۇمەتـەن يېتەكلـەش، پەزىلەتلـك ئەمەللەرنـى تۇراقلاشـتۇرۇش ۋە خاتالىقلارنـى تۈزەشـتە قوللانغـان ئاشـۇ ئـەڭ مۇھـم ئۇسـلۇبلار بولسـا، سـلەر كـۆرۈپ تۇرۇۋاتقانـدەك خىلمۇخـل ئۇسـۇللار ۋە بىر-بىرىگـە ئوخشـمايدىغان ۋاستىلەردۇر، بـز ئىشارە قىلـپ ئۆتكنمـزدەك، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم ساھابىلەرنى توغـرا يولغا يېتەكلەشتە، ئۇلارنـى ئىسلاھ قىلـپ كۆرسـەتمە بېرىشتە بىـر خـل ئۇسـلۇبقىلا ئېسـلىۋالمايتتى. ۋەقەلـك بايـان قىلشـتىن دىئالوگلىششـقا، ئادەمنـى قورقتىدىغـان تەسـرلىك سـۆزلەرنى قىلشـتىن نـازۇك چاقچاقلارغـا، مىسـاللارنى بايـان قىلشـتىن قولـى بىلـەن سـزىپ چۈشەندۈرۈشكە، سـۆزلەش ئارقىلـق ۋەز-نەسـھەت قىلشـتىن ئەمەلىيتـى ئارقىلـق ئۈلگـە بولۇشـقا، «قۇرئـان كەرـم» بىلـەن ۋەز-نەسـھەت قىلشـتىن مۇناسـپ پۇرسـەتتىن پايدىلـنىپ ئىبـرەت قىلشـقا، مۇھـم سوئالدىن ئۇنىڭدىنمـۇ مۇھـمراق سـوئالغا، گـەپ بىلـەن چەكلەشـتىن كۆرسـتىپ تـۇرۇپ چەكلەشـكە يۆتكەيتتـى.

بۇنـداق ئۇسـلۇبلارنىڭ مەلۇماتلارنـى سـورۇندىكىلەرنىڭ كاللىسـىدا چوڭقـۇر ئورۇنلاشـتۇرۇش، چۈشـنىش ۋە زېرەكلىكنـى قوزغـاش، نەسـھەتنى قوبـۇل قىلـش ھەمـدە سورۇندىكىلەر ۋە بالىلارنـى چوڭقـۇر ئويغـا سېلىشتا زور دەرىجـدە تەسـر بارلىقـى مەخپـي ئەمـەس.

دېمـەك، تەربىيەتچـى ئۆزلـرى تەربىيلـەپ يېتىشتۈرۈشـكە مەسئۇل بولغـان خوتۇن-باللـرى ۋە شـاگىرتلىرىغا ۋەز-نەسـھەت قىلـش ۋە كۆرسـەتمە بېرىشـتە بـۇ ئۇسـلۇبلارنى ياخشـى قوللىنالسـا، شەك-شۈبھىسـزكى، ئـۇلار ئۆگىنەلەيـدۇ، ئەمەلىيتـگە تەتبىقلىيالايـدۇ ۋە تەسـرلىندۇ. شـۇنداقلا، ئـۇلار ياخشـىلىققا دەۋەت قىلغۇچـى، توغـرا يولغـا يېتەكلىگۈچـى، ۋەزىپىسـنى ئىجرا قىلغۇچـى ئەسـكەر ۋە جىھادىي قەھرىمانلارغـا ئايلىنىـدۇ، يەنـە شـۇنداقلا، ئـۇلار ياخشـى جەمئىيـەت بەرپـا قىلـش ۋە ئىسـلام دۆلتـى قـۇرۇپ چىقىشـتىكى ئـۇل بولـدۇ.

شـۇنىڭ ئۈچـۈن تەربىيەتچـى تۇتـۇپ ماڭغـان يولـى ئـەڭ گـۈزەل ۋە ئـەڭ ياخشـى بولۇشـى ئۈچـۈن، كۆرسـەتمە بېرـش ۋە ۋەز-نەسـھەت قىلشـتا پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمنىڭ ئۇسـلۇبىغا ئەمـەل قىلشـى كېـرەك! چۈنكـى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم ھاۋايى-ھەۋەسـتىن سـۆزلىمەيدۇ، پەۋەردىـگارى ئۇنىڭغـا شـۇنداق ياخشـى ئـەدەپ ئۆگەتكەنكـى، ئـۇ داۋاملىـق ئاللـاھ تەئالانىـڭ نـازارەت قىلشـى ۋە كۆڭـۈل قويـۇپ پەرۋىـش قىلشـى نەتىجىسـدە يېتىشـىپ چىققـان.

شـۇنداق بولغانىكـەن، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمدىن سـادىر بولغـان ھەرقانـداق گەپ-سـۆز، ئىش-ھەرىكـەت ۋە سـۈكۈت قىلـش ئارقىلـق قىلشـقا بولىدىغانلىقـى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىشـلارنىڭ ھەممىسـى تـا دەۋر قىيامەتكىچـە پۈتكـۈل ئىنسـانىيەت ئۈچـۈن يولغا قويۇلغـان قانـۇن ۋە توغـرا يولـدۇر.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم ھەققـدە ئاللـاھ تەئالانـىڭ: «سـلەرگە ـــ ئاللاھنـى، ئاخـرەت كۈننـى ئۈمـد قىلغـان ۋە ئاللاھنـى كـۆپ يـاد ئەتكەنلەرگـە ـــ رەسـۇلۇللاھ ئەلۋەتتـە ياخشـى ئۈلگـدۇر» (33:21) ۋە: «كىمكـى پەيغەمبەرگـە ئىتائـەت قىلىدىكـەن، ئـۇ ئاللاھقـا ئىتائـەت قىلغـان بولـدۇ» (4:80) دېگەنلىكـى پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم ئۈچـۈن يېتەرلـك ۋە مەڭگۈلـۈك شـەرەپتۇر.

تەربىيەتچىلەر ناۋادا باشقىلارغا دېگەن گەپنى، قىلغان ۋەز-نەسىھەتنى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىمىسا، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، ھېچبىر ئىنسان ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھىتىدىن تەسىرلەنمەيدىغانلىقىنى، ھېچكىم ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمايدىغانلىقىنى، بەلكى باشقىلارنىڭ تەنقىد قىلىشى ۋە بەزلىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك...

چۈنكى، يۈرەكتىن چىقمىغان سۆز يۈرەككە كىرمەيدۇ، روھقا ئارىلاشمىغان ۋەز-نەسىھەت روھقا تەسىر قىلمايدۇ. سىلەر بىر ئاز ئىلگىرى بىر بالىنىڭ دادىسىدىن: «ئەجەب ئىش، سەن گەپ قىلساڭ باشقىلارنى يىغلىتىۋېتىدىكەنسەن، باشقا بىرسى گەپ قىلسا ئۇلارنى يىغلىتالمايدىكەنغۇ؟!» دەپ سورىغاندا، دادىسىنىڭ: «ئەي ئوغلۇم! ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىغا ھازا قىلىپ يىغلىغۇچى ئايال باشقىلار ھەق بەرسە يىغلاپ بېرىدىغان ئايالغا ئوخشىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلار.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى شۇكى، ئىسلام دەپ قەلبى يارا بولغان، ھەققىي ئىمانغا ئېرىشكەن دەۋەتچى ھەرگىزمۇ مۇناپىق ۋە ھەزىلكەش ۋەز-نەسىھەتچىگە ئوخشىمايدۇ.

بىز ئىلگىرى مۇشۇ كىتابنىڭ «ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش» دېگەن تېمىسىدا ئىش-ھەرىكىتى ئېغىزىدىكى گېپىگە ئوخشىمايدىغان، قىلغان ۋەز-نەسىھەتلىرى ئەمەلگە زىت بولغان كىشىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالغانىدۇق. سۆيۈملۈك كىتابخان! سىز شۇ تېمىغا قايتا مۇراجىئەت قىلسىڭىز، ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرغۇدەك، كېسەللىكلىرىڭىزگە شىپا بولىدىغان مەلھەمگە ئېرىشەلەيسىز...

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! ئاخىردا دەيدىغىنىم شۇكى، سىز ۋەز-نەسىھەت قىلىش يوللىرى، نەسىھەت قىلىش ئۇسلۇبلىرى ۋە كۆرسەتمە بېرىش ۋاستىلىرى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن ئىسلامنىڭ پىلان-لايىھەلىرىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاكى بالىڭىز، ياكى شاگىرتىڭىز، ياكى قوللىغۇچىلىرىڭىزنىڭ قەلبى ۋەز-نەسىھەتكە ئېچىلغانلىقى، ھىدايەت ۋە توغرا يولغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بويسۇنغانلىقىنى ھەمدە ھەقكە ۋە ئىسلامغا ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرگىنىڭىزگە قەدەر، ئۆزىڭىز چۈشەنگەن پىلان-لايىھلەرنى ئىجرا قىلىش ۋە شۇ ئۇسلۇبلارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا قاتتىق تىرىشىپ، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئىرادە باغلىشىڭىز كېرەك...

تەربىيەتچى ئاتا-ئانىلار ھەر كۈنى كەچتە بالىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۇخلاش ئالدىدىكى ۋاقىتلىرىنى ھەرخىل قىزىقارلىق پاراڭلار بىلەن، تۈرلۈك ھېكمەتلەر بىلەن ۋە يېقىملىق ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن، مەسىلەن بەزىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، بەزىدە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، گاھى شېئىر ئېيتىش ئارقىلىق، گاھىدا قۇرئان تىلاۋىتى ئاڭلاش ئارقىلىق، بەزىدە قىزىقارلىق لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، يەنە بەزىدە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆتكۈزسە نېمىدېگەن ياخشى!...

يەنە شۇنىڭدەك، خىلمۇخىل چارە-ئۇسۇللارنى قوللىنىش بىلەن بىرگە بالىلارنىڭ ئاخشاملىق ۋاقىتلىرى ئۇلارنىڭ روھ، پسىخىكا ۋە ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرالىشى ئۈچۈن، تەربىيەتچى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ دەرس تەكرارلىشى ۋە تاپشۇرۇق ئىشلىشى ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ

قالماسلىقلىرى كېرەك …

شۇنداقلا، تەربىيەتچى پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى مەنپەئەتلىك ئىشلار ۋە پايدىلىق نەرسىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىگە كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ۋىجدانى قانائەتلىنىشى ئۈچۈن چىن-پىششىق گەپ بىلەن چاقچاقنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرەلىشى، ۋەز-نەسىھەت بىلەن كۈلكىلىك گەپلەرنى ئارىلاشتۇرالىشى، ھەقىقەت بىلەن كۈلكە-چاقچاقنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالىشى كېرەك …

قاچانكى تەربىيەتچى ھەر كۈنى مۇشۇ ھالەتتە ماڭسا، ئۇزۇنغا قالماي ئۆزلىرى كۆڭۈل قويۇپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ تەربىيىلىگەن ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى توغرا يول تېپىپ، باشقىلارنىمۇ شۇ يولغا يېتەكلىگەن ئاللاھ تەئالانىڭ ياخشى بەندىلىرى قاتارىدا تۇرغانلىقىنى، ئۈمىدلەر باغلانغان، ئىسلامنىڭ غەلىبىسى شۇلارنىڭ قوللىرىدا ئەمەلىيلىشىدىغان يارامىلىق ئەۋلادلار بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

تەربىيەتچى پەرزەنتلىرىگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز-نەسىھەت ئۇسلۇبىدىكى ئۇسۇلنى، مەسىلەن بەزىدە تەقۋالىققا ئۈندىسە، بەزىدە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، بەزىدە سەممىيلىككە قىزىقتۇرۇپ رىغبەتلەندۈرسە، بەزىدە قورقۇتۇش ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، شۇنداقلا ئەمەلىي شارائىت، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئۇسلۇبنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلنى قوللانسا قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەر! …

بۇ ئۇسلۇب پەرزەنتلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋىجدانىنى قوزغاشتا چوڭ ئامىل بولۇشى ئۈچۈن، تەربىيەتچىلەرنىڭ: «ئەي ئوغلۇم! ئەي بالام!» دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشاش «ئەي» بىلەن باشلانغان تەكرار-تەكرار قىلىندىغان نىدالاردىن سىرتقى ئۇسلۇبتۇر.

«قۇرئان كەرىم» بۇ چاقىرىقلار بىلەن قانچە قېتىم باشلىغان؟

ئىبرەت قىلىش بىلەن ۋەز-نەسىھەت ئورۇنلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەش ئۇسلۇبىدىن سىرتقى ئۇسلۇب …

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئۇسلۇبنىمۇ قانچە قېتىم قوللانغان؟

ۋەز-نەسىھەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئەخلاقىي كۆرسەتمە بېرىشتىن سىرتقى ئۇسلۇب …

«قۇرئان كەرىم» قانچە قېتىم بۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن؟

تەكىت قوشۇمچىلىرى بىلەن باشلانغان ئىسلامىي كۆرسەتمە بېرىشتىن سىرتقى ئۇسلۇب …

«قۇرئان كەرىم» بۇنى قانچە قېتىم تەكرارلىغان؟

ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى سوئال قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن ئىجتىمائىي كۆرسەتمىلەردىن سىرتقى ئۇسلۇب …

«قۇرئان كەرىم» بۇنى قانچە قېتىم سۆزلىگەن؟

ئەقلىي دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن قانائەتلىنەرلىك كۆرسەتمە بېرىشتىن سىرتقى ئۇسلۇب …

بۇ ئۇسلۇبنى «قۇرئان كەرىم» قانچە قېتىم ئىشلەتكەن؟

دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن كەلتۈرۈلگەن ئومۇمىيلىققا ئىگە تەسۋىري كۆرسەتمە بېرىشتىن ئىبارەت سىرتقى ئۇسلۇب ...

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئۇسلۇبنى قانچە قېتىم ئىشلەتكەن؟

شەرىئەتنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرى بىلەن دەلىللەنگەن پىلانلىق كۆرسەتمە بېرىشتىن ئىبارەت سىرتقى ئۇسلۇب ...

«قۇرئان كەرىم» بۇنى قانچە قېتىم بايان قىلغان؟

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇشۇنداق تۈرلۈك كۆرسەتمىلەر ۋە يېڭى ـ يېڭى ئۇسلۇبلار بار بولۇپ، ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان.

تەربىيەتچى بولغان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش يوللىرىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوللانغان ئۇسۇلنى قوللانسا، نەسىھەت قىلىش ۋە يېتەكلەشتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇسلۇبىغا ئەگەشسە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەر؟!

بەرەر ۋەقەلىكنى بايان قىلغان چاغدا، ئۇ ۋەقەلىكنىڭ ئىبرەتلىك ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتسە، قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنار؟!

پەرزەنتلىرىگە سوئال تاشلىغانغا ئوخشاش سوئال ـ جاۋاب ئۇسلۇبىنى قوللانسا قانچىلىك نەتىجە قازىنار؟!

ھەربىر ئولتۇرۇشتا ۋەز ـ نەسىھەتنى نورمال قىلسا، نەسىھەت ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىم بولغىنىغا قىسقارتسا قانچىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەر؟!

ۋەز ـ نەسىھەتنى باشلىغان چاغدا تەكىتلەش ئۈچۈن قەسەم بىلەن باشلاپ، نەسىھەت ئارىلىقىدا باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ نەسىھەت قىلسا، قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەر؟!

ۋەز ـ نەسىھەتنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىكراق قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ زېھنىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن مىسال ئېلىش ۋە سىزىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، كىشىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان، ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن بىلەلەيدىغان نەرسىلەر بىلەن چۈشەندۈرسە، قانچىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەر؟!

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىگە تەلىم ـ تەربىيە بېرىشتە ئۆزلىرى ئەمەلىي ئۈلگە بولسا، قانچىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەر؟!

ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ياخشىراق، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولۇشى ئۈچۈن نەخ يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردىن ۋە مۇناسىپ پۇرسەتتىن پايدىلانسا، قانچىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەر؟!

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆتۈپ مېڭىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ۋەز ـ نەسىھەت ئۇسلۇبلىرى ھەمدە بىلىشكە تېگىشلىك يېتەكلەش ئۇسۇللىرى بار بولۇپ، تەربىيەتچىلەر بۇلارنى «قۇرئان كەرىم» باغچىسىدا ۋە ھەدىس شەرىف دەرەخلىرىدە چېچىلىپ ياتقانلىقىنى تاپالايدۇ ...

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەتچى كىشىلەرگە سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇيۈك ئۇسلۇبىنى قوللىنىشلىرى كېرەك! چۈنكى، «قۇرئان شۈبھىسىز غالىب كىتابتۇر، ئۇنىڭغا

ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرەپتىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» (42 — 41:41).

شۇنداقلا، ئۇلار مەڭگۈلۈك رىسالەت ساھىبى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۈلگىگە ئۈلگە قىلىشلىرى كېرەك! چۈنكى ئۇ زات خاتالىقتىن ساقلانغان پەيغەمبەر بولۇپ، ئۆز نەپسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، باشقا ھېچبىر ئىنسان ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىگە ۋە مەرتىۋىسىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن» (68:4) ۋە: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (21:107) دەپ، مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك خىتاب بىلەن خىتاب قىلىپ، مۇشۇنداق يۈكسەك سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى ئۇنىڭ مەڭگۈ پەخىرلىنىشىگە يېتەرلىك ...

يەنە ئۆزى ھەققىدە: «ماڭا رەببىم ياخشى ئەدەپ ئۆگەتتى» دېگەنلىكمۇ ئۇنىڭ ئۈلۈغ ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك ...

## 4 - كۆزىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەش

كۆزىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەشتىن مەقسەت، پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈش، پىسخىكا ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە يېتىلىشىنى نازارەت قىلىپ ۋە كۆزىتىپ تۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ جىسمانىي تەربىيەسى ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىنىڭ قانداقلىقىنى داۋاملىق سوراشتۇرۇپ تۇرۇش.

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ تەربىيە بۇ ھاياتتا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىدىغان، ئۆلچەملىك، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل ئىنسانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئاساسلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنساننى ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئادا قىلىشقا ئۈندەيدۇ ھەمدە ئۇ ئىنساننى ئىسلامنىڭ ئىززىتىنىڭ روياپقا چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئىسلام دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك تايانچى بولىدىغان، پۈتكۈل ئۈممەت ئۇنىڭ مەدەنىيىتىدىن، ئورنىدىن ۋە قۇرۇلمىسىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئىسلامىيەتنىڭ مۇستەھكەم ئۇلىنىڭ ئاساسلىق بىر تېشى بولىدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى ۋە مەڭگۈلۈك قانۇن-تۈزۈملىرى ئارقىلىق بارلىق ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەتچىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ جىگەر پارىلىرى بولغان پەرزەنتلىرىنى ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەش ئارقىلىق چىڭ تۇتۇپ، قاتتىق باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە قىزىقتۇرىدۇ.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! مۇشۇنداق چىڭ تۇتۇپ نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتلەرگە قۇلاق سېلىڭ! ...

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» (66:6).



www.uyghurkitap.com

تەربىيەتچىلەر ناۋادا بالا-چاقىلىرىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسمىسا، ئۇلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرمىسا، ئۇلارنى قانداقمۇ دوزاختىن قانداقمۇ ساقلىيالىسۇن؟

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ سۆزى ھەققىدە «ئۇلارغا ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىلىم ئۆگىتىڭلار» دەيدۇ.

ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ تەئالا سىلەرنى چەكلىگەن ئىشتىن ئۇلارنىمۇ چەكلەڭلار، سىلەرنى قىلىشقا بۇيرىغان ئىشلارغا ئۇلارنىمۇ بۇيرۇڭلار! شۇ ئارقىلىق ئۇلار بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا توساق بارلىققا كېلىدۇ» دېگەن.

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن» (20:132).

ئائىلىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا سۇسلۇق قىلىۋاتقان ۋە سەل قاراۋاتقان ھالەتتە قانداقمۇ نامازغا بۇيرۇش بولسۇن؟ ...

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك!» (2:233).

دادا بولغۇچىلار بالا-چاقىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە ساغلاملىق ئەھۋاللىرىغا نازارەتچىلىك قىلمىسا، ئۇلارنى قانداقمۇ يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان بولسۇن؟ ...

بالا-چاقىلارنى چىڭ تۇتۇپ نازارەت قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ:

— ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «... ئەر كىشى بالا-چاقىلىرى ئىچىدە پادىچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزىدىكىلەردىن سورىلىدۇ، ئايال كىشىمۇ پادىچى، شۇڭا ئۇمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ ...» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

— ئەبى مىسبەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىڭلار! ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار!» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە ئۇ زاتنىڭ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەمنىڭ بالىسىغا ئەدەپ ئۆگەتكىنى ئۇنىڭ بىر سائ (ئالتۇن ياكى كۈمۈش) سەدىقە قىلغىنىدىن ياخشىراق» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان (ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

— ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلىرىڭلارنى ئۈچ خىسلەت بىلەن تەربىيىلەڭلار: پەيغەمبىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ ئائىلە-

تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرۈش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش» (ئىمام تىبرانى رىۋايەت قىلغان).

— ئەبۇ سۇلايمان مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆزئارا ھەمتەڭ بىر قانچە يىگىت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا يىگىرمە كېچە تۇردۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكىلەرنى سېغىنغانلىقىمىزنى بىلىپ، بىزدىن ئائىلىمىزدە قالغانلار ھەققىدە سورىدى. بىز ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بەردۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنتايىن مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ بىزگە: «ئۆيۈڭلارغا قايتىپ بېرىپ ئائىلەڭلەردىكىلەرگە (بالىلىرىڭلارنى) ئۆگىتىڭلار! ئۇلارنى (ياخشىلىققا) بۇيرۇڭلار! نامازنى مەن ئوقۇغان پېتى ئوقۇڭلار! ناماز ۋاقتى بولغاندا بىرىڭلار ئەزان ئوقۇسۇن! چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن» دېدى (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ «ئەدەبۇلمۇفرەد»تە نەقىل قىلغان).

ھېلىقى «ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن سورىلىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ «ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن سورىلىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسىچۇ؟ «پەرزەنتلىرىڭلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار!»، «ئۇرۇڭلار!» دېگەنلەرنىڭ مەنىسىچۇ؟ يۇقىرىدىكى ئىككى ھەدىستىكى ئەدەپ ئۆگىتىشنىڭ مەنىسىچۇ؟ «ئۆيۈڭلارغا قايتىپ بېرىپ ئائىلەڭلەردىكىلەرگە (بالىلىرىڭلارنى) ئۆگىتىڭلار! ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇڭلار» دېگەننىڭ مەنىسىچۇ؟!!

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسى تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى نازارەت قىلىپ چىڭ تۇتسۇن! ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگەتسۇن، ئۇلارنىڭ ماڭغان-تۇرغانلىرىنى كۆزەتسۇن، بىرەر ھەققە سەل قارىسا، ئۇنىڭغا توغرىسىنى كۆرسىتىپ قويسۇن، بىرەر مەجبۇرىيەتكە سۇسلۇق قىلسا، ئۇنى قىزىقتۇرسۇن، مۇنكەر ئىشنى قىلغىنىنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن توسسۇن، ياخشى ئىش قىلغان چېغىدا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتسۇن ... دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟! ...

بالىلارنى نازارەت قىلىپ كۆزىتىشنىڭ تەربىيەتچىلەرگە نىسبەتەن تەربىيە ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىراقى ۋە ئۈنۈملۈكراقى ئىكەنلىكىدە ھېچكىم ئىختىلاپلاشمايدۇ. چۈنكى، پەرزەنتلەر تەربىيەتچىلەر ئۇلارنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، گەپ-سۆزلىرىنى ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان جايدىكى نازارەت قىلىپ قاتتىق باشقۇرۇش ئۇسكۇنىسى ئاستىدىكى مۇقىم نىشاندۇر. بۇنداق بولغاندا ئەگەر ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش قىلغىنىنى كۆرسە ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر يامان ئىش قىلغىنىنى كۆرسە، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن توسىدۇ ۋە ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارغا يامانلىقنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى ۋە خەتەرلىك نەتىجىلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ۋە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن غەپلەتتە قالسىلا ياكى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەس بولۇۋالسا، بۇ ئەھۋال پەرزەنتلەرنى شەرتسىز تاپتىن چىقىرىدۇ. شەكسىز ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ مۇھەققەق ھالاك بولىدۇ ۋە چوقۇم ۋەيران بولىدۇ.

بىزنىڭ تۇنجى مۇئەللىمىمىز ۋە مەرھەمەتلىك يېتەكچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە ياخشى كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇش، ھال-ئەھۋالىنى سوراش، ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىش،

www.uyghurkitap.com

كەمچىلىك ئۆتكۈزگۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، كەمبەغەل ـ مىسكىنلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، كىچىكلەرگە ئەدەپ ئۆگىتىش، بىلمىگەنلەرگە تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ئۆز ئۈممىتىگە ياخشى ئۈلگە بولغانىدى.

تۆۋەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى كۆزىتىپ، سۈرۈشتە قىلىشلىرىدىن بىر قانچە تىپىك مىساللارنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

ـــ ئىجتىمائىي تەربىيە ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىدىن: ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە: «يولدا ئولتۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە يولدا ئولتۇرماي ئامال يوق، بىز ئۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالىمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئولتۇرىمىز دەپ تۇرۇۋالساڭلار، ئۇنداقتا يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئاندىن ئولتۇرۇڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! يولنىڭ ھەققى نېمە؟» دەپ سورىشىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كۆزنى (ھارام ئىشلاردىن) يىغىش ۋە باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىش، سالام قايتۇرۇش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» دېدى (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ـــ ھارامدىن چەكلەشتىكى كۆزىتىشلىرىدىن: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئادەمنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپلا تاشلىۋەتتى ۋە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئوتتىن بىر چوغنى ئېلىپ قولىغا سېلىۋالىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئادەمگە: «ئۈزۈكۈڭنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇلدا پايدىلانغىن» دېيىلىۋىدى، ئۇ ئادەم: «ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشلىۋەتكەن ئۈزۈكنى ھەرگىز ئالمايمەن» دېدى (ئىمام نەۋەۋى «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتابتا بايان قىلغان).

ـــ كىچىكلەرگە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشكە دىققەت قىلىشلىرىدىن: ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەسىدە تۇرۇۋاتقان بالا ئىدىم. تاماق يېگەن چاغدا قولۇم تاۋاقنىڭ ھەممە يېرىدە چېپىپ يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز ماڭا: «ئى بالام! تاماق يېگەندە بىسمىللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) دېگىن ۋە ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن!» دېدى (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ـــ چوڭلارغا توغرىنى كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشلىرىدىن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ئولتۇراتتى. ئانام مېنى چاقىرىپ: «بۇياققا كەل! مەن ساڭا بىر نەرسە بېرەي!» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىز ئۇنىڭغا نېمە بەرمەكچى؟» دەپ سورىۋىدى، ئانام: «مەن ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچى ئىدىم» دېدى.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانامغا: «ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرمىسەڭ، ساڭا بىر يالغان ئېيتقانلىقنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ» دېدى (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام بەيھەقى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ـــ ئەخلاقىي تەربىيە بېرىشكە كۆڭۈل بۆلۈشلىرىدىن: ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى بەكرەك ماختىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەپسۇس! بۇرادىرىڭنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋەتتىڭ» دېگەن سۆزنى نەچچە قېتىم تەكرارلىدى، ئاندىن: «بىرەرىڭلارنىڭ ماختىماسلىقتا چارىسى بولمىسا چارىسى بولمىسا ۋە ماختالغۇچىنى ماختاشقا لايىق دەپ قارىسا، مەن ئۇنى مۇنداق ـ مۇنداق دەپ قارايمەن دېسۇن! چۈنكى، ماختىغۇچىنىڭ (بىلىپ ـ بىلمەي ماختىغانلىقىنىڭ ۋە ماختالغۇچىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ) ھېسابىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىر كىمنى ئاقلاشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ـــ پىسخىكا جەھەتتىكى تەربىيەگە كۆڭۈل بۆلۈشلىرىدىن: نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ: «مەن ئوغلۇمغا مېنىڭ خىزمەتكارىمنى بەردىم» دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق خىزمەتكار بەردىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ: «ياق!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن!» دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىغانلىقى، ئۇنىڭ: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇڭلار!» دېگەنلىكى، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ سەدىقىسىنى قايتۇرۇۋالغانلىقى بايان قىلىنغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇنداقتا مېنى گۇۋاھلىققا تارتمىغىن، چۈنكى مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ـــ جىسمانىي تەربىيەگە كۆڭۈل بۆلۈشلىرىدىن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرسىنىڭ تۆگىگە ئوخشاش سۇنى بىر قېتىمدىلا ئىچىۋەتكىنىنى كۆرۈپ ساھابىلىرىگە: «سۇنى تۆگىگە ئوخشاش بىر قېتىمدىلا ئىچىۋەتمەڭلار! ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمدا ئىچىڭلار، سۇ ئىچكەندە ‹بىسمىللاھ› دەڭلار! ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ‹ئاللاھقا شۈكرى› دەڭلار» دېگەن (ئىمام تىرمىزى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوق ئېتىۋاتقان ساھابىلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «ئېتىڭلار! مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىلەن بىرگە» دېگەن (ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

ـــ دەۋەت جەھەتتە تەربىيىلەشكە ۋە باشقىلارغا مۇلايىم بولۇشقا دىققەت قىلىشلىرىدىن: ئەنەس رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كېتىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىدە نەجراندىن كەلتۈرۈلگەن پەۋازلىرى يىرىك بىر تون بار ئىدى. بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەينىدىن كېلىپ ئۇنىڭ تونىدىن تۇتۇپ قاتتىق تارتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بويىنىغا قاراپ باقسام، تون ئۇنىڭ بويىندىن ئىز چىقىرىپتۇ. ئۇ ئەئرابى: «ئى مۇھەممەد! قولۇڭدىكى ئاللاھنىڭ ماللىرىدىن ماڭا بۇيرۇپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرىدى (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ئەنە ئاشۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىدايەت ۋە ئىسلاھات ئاساسىدا بەرپا بولغان جەمئىيەت ئەزالىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتىكى تىپىك مىساللارنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ مىساللار رىئاللىققا ئۇيغۇن، جانلىق نەمۇنىلەر بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا، ئەھۋاللىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە نەقەدەر ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئوقۇرمەن قېرىنداشىم! چوقۇمكى سىز بۇ كۆڭۈل بۆلۈشلەر ۋە كۆرسەتمە بېرىشلەرنىڭ چوڭلارغىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى كىچىكلەرگىمۇ قارىتىلغانلىقىنى، ئىنسانىي روھنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت مۇئەييەن بىر تەرەپكىلا خاس قىلىنماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىمانىي، ئىلمىي، روھىي، ئىجتىمائىي ۋە جىسمانىي تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆردىڭىز... ئەمدى سىلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللارنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە كۆرسەتمە بېرىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

بىر ياش قىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مېنى دادام ئۆز ئەيىبىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قېرىنداشىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى. مەن ئۇنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ دادىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى قىزنىڭ نىكاھ ئىشىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن ئۇ قىز: «مەن دادامنىڭ قىلغان ئىشىغا ماقۇل بولدۇم، لېكىن مەن نىكاھ ئىشىدا دادىلارنىڭ مەجبۇرلاش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئاياللارنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن يېنىڭىزغا كەلگەنىدىم» دېدى (ئىمام نەسەئى ۋە ئىمام ئىبنى ماجە رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىرايى قارامتۇل ۋە كۆرۈمسىزرەك ياخشى مۇسۇلمان ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «شەكسىزكى، مەن سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئەخلاقى ۋە دىنىغا ئەيىب قويمايمەن، ئەمما مەن ئىسلامدا تۇرۇپ كۇپرىلىقنى (يەنى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماي، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىغا تۇزكورلۇق قىلىپ سېلىشنى) يامان كۆرىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن تويلۇق مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرەمسەن؟» دېۋىدى، ئۇ ئايال: «بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئايالىڭنى بىر تالاق قىلىۋەت» دېدى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتتى (ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان).

زەينەب ئىسمىلىك بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن ئاياللارغا ۋاكالىتەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم. بۇ جىھادنى ئاللاھ تەئالا ئەرلەرگىلا پەرز قىلدى، ناۋادا ئەرلەر جىھادتا مۇسىبەتكە ئۇچرىسا ئەجرگە ئېرىشىدۇ، ئۆلتۈرۈلسە رەببىنىڭ دەرگاھىدا رىزىق بېرىلىپ تۇرىدىغان تىرىكلەرگە ئايلىنىدۇ. بىز بولساق ئاشۇ ئەرلەرگە قاراشلىقمىز، شۇڭا بىزگىمۇ ئاشۇ ئەجردىن نېسىۋە بارمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن ئۇچرىغانلىكى ئاياللارغا شۇنى يەتكۈزگۈنكى، ئەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلىش ئاشۇنىڭغا (يەنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ ئەجرىگە) باراۋەر. ئەمما ئاراڭلاردىن ئۇنداق قىلالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز» دېدى (ئىمام بەززار ۋە ئىمام تىبرانى رەھمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىنى كۆزىتىپ ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدىكى بۇ خىل ھەرىكىتى پۈتكۈل تەربىيەتچىلەرگە باشقىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئەمەلىي ئۇسۇلنى ۋە ئىسلاھاتتا كۆرۈنەرلىك تەسىرى بولىدىغان شەرەپلىك يولنى سىزىپ بېرىدۇ. ھەمدە زىممىسىدە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى ۋە كۆرسەتمە بېرىش مەسئۇلىيىتى بولغان ھەرقانداق بىر ئادەمنى پەرزەنتلىرىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئىسلاھ قىلىش يولىدا ھەمدە ئۇلارنىڭ روھى ۋە ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈندەيدۇ.

كۆزىتىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھەرىكىتى چوڭلارغا پايدىلىق بولغانىكەن، كىچىكلەرگە ئەلۋەتتە پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىكراقتۇر. چۈنكى، كىچىك باللاردا ياخشىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان تۇغما قابىلىيەت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھى ساپ، قەلبى پاكتۇر. بۇ خىل ئەھۋال چوڭلاردا يوق. مەيلى ئائىلىدە بولسۇن ياكى مەكتەپتە ۋەياكى جەمئىيەتتە بولسۇن، باللارغا ياخشى مۇھىت ۋە ياخشى تەربىيە بولسا، ئۇلار ياخشىلىنىپ، ئىمانى، ئەخلاقى ۋە روھى جەھەتلەردە يېتىشىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ. تەربىيەتچىلەر چوڭلارنى ئىسلاھ قىلىشتا قانداق بىر توسالغۇغا ئۇچرىسا، مەيلى ئۇ توسالغۇ جاھىل-تەرسالار تەرىپىدىن بولسۇن، مەيلى ئازغۇنلۇقتا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكەنلەر تەرىپىدىن بولسۇن، بىر شائىر مۇنۇ مىسرالىرىدا مەقسەت قىلغاندەك ئىش بولىدۇ:

كىچىكىدە باللارغا يېتەر تەربىيە،
چوڭ بولغاندا ھەرگىزمۇ بەرمەس مەنپەئەت.
نوتىنى قەيەرگە ئەگسەڭ ئېگىلەر،
چوڭ ياغاچ ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئېگىلمەس پەقەت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمئىيەتتە شەخسلەرگە، ئۇممەت ئىچىدە ئاياللارغا، ئائىلىدە باللارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدە ئاساسىي پرىنسىپلارنى يولغا قويغان مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاتا-ئانىلار ۋە مۇئەللىملەردىن ئىبارەت بارلىق تەربىيەتچىلەر مۇسۇلمان ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ چىقىش، ياخشى جەمئىيەت بەرپا

قىلىش ۋە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش يولىدا نازارەت قىلىش، كۆزىتىش ۋە قاتتىق تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا بەل باغلىشى ۋە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك! ...

دىققەت قىلىپ كۆزىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەش ئىنسانىيەت روھىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى ئىسلاھات ساھەلىرىدىن بىر ياكى ئىككى ساھەگىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي، روھىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىي بولۇشى، تەربىيەتچىلەرنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم ئىشلاردىندۇر. بۇنداق بولغاندا بۇ تەربىيە بۇ ھاياتتا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىدىغان ئۆلچەملىك، مۇكەممەل، ساغلام مۇسۇلمان كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە نەتىجە بېرىدۇ.

پەرزەنتلىرىدىكى ئىمانىي تەرەپنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشلەردىن:

ـــ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ياكى مەكتەپنىڭ سىرتىدا ئۇلارغا تەلىم- تەربىيە بېرىشكە مەسئۇل بولغان كىشىلەردىن قوبۇل قىلغان كۆزقاراش، ئىدىيە ۋە ئېتىقادلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشى لازىم: ئەگەر ياخشىلىقنى بىلسە ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇ ئېيتسۇن! ... ئەگەر باشقىچە بولسا پەرزەنتلەر ئىنساننى گۇناھقا پاتقۇزىدىغان دەھرىيلىك چۈشەنچىسىدىن، خەتەرلىك دىنسىزلىق يولىيورۇقلىرىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا تەۋھىد قاراشلىرىنى پەيدا قىلىش ۋە ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسۇن! ...

ـــ يەنە بالىلار ئوقۇۋاتقان كىتابلار ۋە گېزىت- ژۇرناللارغا دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر بۇ كىتابلار ۋە گېزىت- ژۇرناللار ئىچىدىكى مەزمۇنلار ئازغۇنلۇق پىكىرلىرى، خۇداسىزلىق كۆزقاراشلىرى ۋە خىرىستىئانلاشتۇرۇش سۇيىقەستلىرى بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇلاردىن تارتىۋالسۇن! ... ئاندىن كېيىن بۇ كىتابلار ۋە بۇنىڭدىن باشقا زەھەرلىك ماتېرىياللارنىڭ ئۇنىڭ ساپ ئىماننى ۋە بۈيۈك ئىسلامنى بۇزىدىغانلىقىغا قانائەتلەندۇرسۇن! ...

ـــ يەنە بالىلارنىڭ ئارىلىشىدىغان دوست- بۇرادەر ۋە يېقىن- يورۇقلىرىغا دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر ئۇلار ئارىلىشىۋاتقان دوستلار خۇداسىنى تونۇمايدىغان ئازغۇنلار بولسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسلاھ بولۇشىغا، ئېتىقادىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ بەختكە ئېرىشىشىگە ياردىمى بولىدىغان ياخشى ۋە ئەقىۋادار دوستلارنى تېپىپ بېرىشلىرى كېرەك! ...

ـــ يەنە ئۇلار ئەزا بولغان پارتىيە ۋە تەشكىلاتلارغا دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر بۇ پارتىيىلەر كۆزقاراشلىرى ۋە يولىيورۇق پىرىنسىپلىرىدا خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان، بۇ تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ نىشان- مەقسەتلىرىدە ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىدە دىنسىز بولسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارنى قاتتىق چەكلىشى، ئېخمۇ كۆپ نازارەت قىلىشى، تاكى ئۇلارنىڭ ھەققە مايىل بولۇپ، ھىدايەتكە قايتىپ، توغرا يولدا ماڭغانلىقىنى كۆرگەنگە قەدەر ئۇلارنى قانائەتلەندۇرۇپ كۆرسەتمە بېرىشتە بار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكلىرى كېرەك ...

پەرزەنتلەردىكى ئەخلاقىي تەرەپنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشلەردىن:

ـــ تەربىيەتچىلەر بالىلاردىكى چىنلىققا دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر بالىلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىدە ۋە قىلغان

ۋەدىلىرىدە يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى، كەلسە-كەلمەس گەپ-سۆزلەر بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقانلىقىنى، جەمئىيەتتە مۇناپىق، كەززابلارنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، بالا تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتقان چاغدا ئۇنى تىزگىنلىشى، ئۇنىڭغا ھەق ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇشى، بۇنداق ئىشنى قەتئىي قىلماسلىقى ئۈچۈن، يالغان ئېيتىش ۋە يالغانچىلارنىڭ، نىپاق ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئاقىۋىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك ...

ئەگەر ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە، ئۇلارنى نازارەت قىلىش ۋە كۆرسەتمە بېرىشكە سەل قارىسا، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇلار يالغانچىلىققا ئادەتلىنىپ قالىدۇ ھەمدە ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يالغانچى بولۇپ قالىدۇ ...

—— تەربىيەتچىلەر يەنە بالىلاردىكى ئامانەتچانلىققا دىققەت قىلىشى كېرەك: ئەگەر بالىلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پارچە پۇللىرىنى ياكى دوستىنىڭ قەلىمىنى ئوغرىلىغانلىقى ئوخشاش ئەرزىمەس نەرسىلەر بولسىمۇ ئوغرىلىق يولىغا ماڭغانلىقىنى بايقاپ قالسا، تېز سۈرئەتتە بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ ھاراملىقىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا «ئاللاھ مېنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دەپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ئىدىيىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلار گۇمراھلىقتىن قايتىپ ئەھۋالى ياخشىلىنىشى ۋە ئەخلاقى توغرىلىنىشى مۇمكىن.

ئۇنداق بولمايدىكەن، شەك-شۈبھىسىزكى، بالىلار ئاستا-ئاستا خىيانەتچى بولىدۇ، ئالدامچىلىق ۋە ئوغرىلىققا ئادەتلىنىدۇ، باشقىلار ۋە جەمئىيەت ئۇنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن قاچىدىغان بەدبەخت، خائىن جىنايەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ ...

—— تەربىيەتچىلەر يەنە بالىلارنىڭ تىلىنى ساقلىشىغا دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر ئۇلارنىڭ باشقىلارغا تىل-ئاھانەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ تىلىدىن سەت ۋە ئېتىقسىز گەپلەرنىڭ چىققىنىنى بايقىسا، بۇ قىلمىشنى ئاقىلانىلىك بىلەن ھەل قىلىشى، تىرىشىپ بالىسىنىڭ ئېغىزىنى يامان، گېپىنى سەت قىلىپ قويغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ، بالىلار بىلەن ئۇ ئامىللارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تاشلىشى، ئاندىن كېيىن تەسىرلىك ئۇسلۇبتا ئەخلاقلىق بالىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئەدەپلىك كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك ... شۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئالىيجاناب ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا مەپتۇن بولۇشى مۇمكىن ... تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ تىلىنى سەت گەپلەردىن تازىلاشتا كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ئۇسۇل ئۇلارنى يامان دوستلاردىن يىراقلاشتۇرۇشتۇر، چۈنكى، بالىلار يامان گەپنى ئاشۇ يامان دوستلاردىن ئۆگىنىدۇ، شۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرىدۇ ...

—— تەربىيەتچىلەر يەنە بالىلاردىكى پەسخەشلىكى ۋە تەبىئىي ئەخلاقىغا دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر بالىلارنىڭ باشقىلارغا قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىپ، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىۋاتقانلىقىنى، مەنىسى ساغلام بولمىغان ناخشا-مۇزىكىلارنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، سىرتقى قىياپەتتە ئاياللارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى، تۆھمەت ئورۇنلىرىدا

تۇرغانلىقنى، نامەھرەم ئايال‌لار بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقنى، ناشايان ئىشلار يۈز بېرىدىغان كەچلىك بەزمىخانىلاردا ئولتۇرۇۋاتقانلىقنى، تىياتىرخانىلارغا بېرىۋاتقانلىقنى، سېرىق ژۇرناللارنى ئوقۇۋاتقانلىقنى، جىنسىيەتكە دائىر سۈرەت ۋە ئىشقى-مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى يىغىپ ساقلىغانلىقنى، يەنى مۇشۇ ئىشلاردىن قايسىبىرىنى قىلغانلىقنى بايقاپ قالسا، بۇ ئەخلاقسىز ۋە ناشايان قىلمىشنى بەزىدە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش، بەزىدە قورقۇتۇش ئارقىلىق، بەزىدە قىزىقتۇرۇش ۋە بەزىدە جازالاش ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك، پەرزەنتلىرىنى تەقۋادار ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ سېپىدە ۋە سالىھ ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ توپى ئىچىدە كۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنى جىنايەت پاتقاقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بارچە ۋاستىلەرنى قوللىنىشى كېرەك ...

دادا ئۆز بالىسىنىڭ نېمىلەرنى ئۆگىنىپ، نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇ بىخۇت قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا پات-پات تۇيۇقسىز كىرىپ تۇرسا، بالىسىغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قانچىلىك دانا ئىش قىلغان بولار؟!

بەلكىم، ئۇ بالىسىنىڭ يالىڭاچ سۈرەتلەرگە قاراپ ئولتۇرغان، ياكى سېرىق گېزىت-ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغان، ياكى ھېسسىياتنى قوزغايدىغان ھېكايىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرغان، ياكى قىز دوستىغا سالام خەت يېزىۋاتقان ۋەياكى بۇنىڭدىن باشقا ياخشى دەپ قارالمايدىغان ئاللىقانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇرغان يېرىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن ...

دادا قىزىنىڭ مەكتەپكە بېرىش ۋە مەكتەپتىن قايتىشىنى ئېنىقلاپ تۇرسا، ئۇنىڭغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قانچىلىك ئاقىلانە ئىش قىلغان بولار؟!

بەلكىم، ئۇ قىزىنىڭ ئىنسانىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى يوق قىلىۋېتىدىغان پاسكىنا جايلارغا بارغانلىقىنى، ياكى قىزىنىڭ ئەخلاقسىز ۋە ئۈجمە كۆڭۈل بىر يىگىت بىلەن بىنورمال ھالەتتە مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشى مۇمكىن ...

بىز ئۆزۈمىزدىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئەخلاقىي پاجىئەلەرنى، ئىنسانىنى دەردكە قويىدىغان، كۆڭۈللىرىگە ئۈچمەس ئاھ-ھەسرەتلەرنى قالدۇرىدىغان ناچار مۇناسىۋەتلەرنى كۆپ ئاڭلىدۇق.

ئۇنداقتا دىققەت بىلەن كۆزىتىش پەرزەنتلەرنىڭ يوشۇرۇن ماھىيەتلىرىنى بايقاش، ئۇلار قىلىۋاتقان يامانلىق ۋە مۇنكەر ئىشلارنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاشتا مەنپەئەتى ئەڭ زور ھەرىكەتتۇر، بۇ ئىش تەربىيەتچىلەرگە پەرزەنتلەرنىڭ بۇ ھاياتتىكى ئەخلاقى ۋە ئىش-پائالىيىتى ھەققىدە ھەققىي مۇكەممەل كۆرۈنۈشنى ئاتا قىلىدۇ.

مۇشۇ تەربىيىلەر ئارقىلىق تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلاق تېمىسىدىن چەتنەپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك ئۇسلۇب ۋە ماس ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلالايدۇ ھەمدە پەرزەنتلىرىنى ئىسلاھ قىلالايدىغان، ئۇلارنى جىنايەت پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان، ئۆلچەملىك ۋە توغرا يولدا بولغان مۇسۇلمان ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايدىغان ئاخىرقى نىشانغا چوقۇم يېتىپ بارالايدۇ.

پەرزەنتلەردىكى ئەقلىي ۋە ئىلمىي تەرەپلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشلەردىن:

ــــ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىگە دىققەت قىلىشى لازىم. بۇ ئىلىم ئۇنىڭ زىممىسىدىكى پەرز ئەينىمۇ ياكى پەرز كۇپايىمۇ؟ دېگەنلەرگە دىققەت قىلىش.

مەسىلەن، تەربىيەتچى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە پەرز ئەين بولغان ئەمەللەرنى ئۆگەندىمۇ؟ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگەندىمۇ؟ ئۆزىگە لازىم بولىدىغان ئىبادەت ئەھكاملىرىنى ئۆگەندىمۇ؟ ھالال-ھارام ئىشلىرىنى ئۆگەندىمۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتلىرىنى ئۆگەندىمۇ؟ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن ئىسلامنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىدىن ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆگەندىمۇ؟ ... دېگەندەك ئەھۋاللىرىغا دىققەت قىلىشلىرى كېرەك ...

بۇ ئىشلار ئۆگەنگەن ياكى ئۆگەنمىگەنلىك ھەققىدە سورىلىدىغان ئىشلار بولۇپ، ئەگەر تەربىيەتچىلەر ۋە باشقىلار بۇ ئىشلارغا سەل قارىسا، ئاللاھ تەئالا بۇلاردىن چوقۇم سورايدۇ.

پەرزەنتلەر ناۋادا دوختۇرلۇق ئىلمى ياكى ئىنژېنىرلىق ئىلمىگە ئوخشاش پەرز كۇپايىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن بولسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، نەتىجە قازىنىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشىگە دىققەت قىلىشى كېرەك! پەرزەنتلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندا ئۆز كەسپى ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىگە پايدا يەتكۈزۈپ، ئىلمى ۋە قابىلىيىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، تەربىيەتچى ئۇلارنى ئىلمىدە ۋە مۇكەممەل پىشىپ يېتىلىشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قىلىدىغان ۋاستىلەرنى قولدىن بەرمەسلىكلىرى كېرەك! ...

بىز بۇ ئورۇندا تەربىيەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى پەرز ئەينگىلا ئەمەل قىلىپ، پەرز كۇپايىلەرگە سەل قارىماسلىق، بەلكى ھەممىدىن بۇرۇن ئەڭ ئەۋزىلىگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئاندىن قالسا ئىككىنچىسىگە، ياكى ھېچبولمىغاندا ئىككى پەرزنى تەڭ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بۇرايمىز. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەسئۇلىيەت بەكمۇ ئېغىر ...

ــــ تەربىيەتچى پەرزەنتلىرىنىڭ پىكرىي ئاڭ-چۈشەنچىسىنىڭ دىن ۋە دۆلەت جەھەتتە ئىسلامغا باغلىنىشىدىن، دىن ۋە قانۇن جەھەتتە قۇرئانغا باغلىنىشىدىن، يېتەكچى ۋە ئۈلگە قىلىش جەھەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، پەخىرلىنىش ۋە ئىپتىخارلىنىش جەھەتتە ئىسلامىي تارىخقا، روھ ۋە پىكىر جەھەتتە ئىسلامىي مەدەنىيەتكە، ئىنتىلىش ۋە قىزغىنلىق جەھەتتە دەۋەت ھەرىكىتىگە باغلىنىشلىرىدىن شەكىللەنگەن بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. بۇ ئاڭ-چۈشەنچە پەقەت پەرزەنتلەرنى قاتتىق تۇتۇش، توغرا كۆرسەتمە بېرىش ھەمدە پىكىرگە ئائىت كىتابلارنى، دەۋەتكە ئائىت ژۇرناللارنى ۋە پات-پات چىقىپ تۇرىدىغان ئىسلامىي نەشرىيات بۇيۇملىرىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئاندىن قالسا پايدىلىق بولغان ئىسلامىي لېكسىيەلەرنى ۋە قىزغىنلىقنى قوزغايدىغان نۇتۇقلارنى ئاڭلاشقا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئىسلام ھەققىدە، ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش ھەققىدە ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە رەددىيە بېرىش ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار يىغىلغان كۇتۇپخانىسى بولسا تېخىمۇ ياخشى ...

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇسۇللار باللارنى خرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە بىر ئوچۇم دىنسىز كاپىرلار يېزىۋاتقان نەرسىلەردىن قاتتىق مۇداپىئە قىلىپلا قالماي، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بەرپا قىلىش ۋە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشتىكى پايدىلىق ئەزا بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى ۋە ئىشەنچىسى ۋە غەيرەت-شىجائىتى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

تەربىيەتچىلەر مەكتەپلەردە پەرزەنتلىرىنىڭ ئاسىيا ياۋروپالىق پەلسەپىچىلەرنىڭ تارىخى ۋە تەرجىمىھاللىرىنى يادلاۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى، پېشۋالىرىمىزنىڭ ھاياتى، غالىب قوماندانلىرىمىزنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇكەممەل ئىلمىي قابىلىيەتلىرى ھەققىدە ئازغىنىسىدىن باشقا ھېچنەرسە ئۆگىنىلمەي، كۆپىنچە شەرقشۇناس كاتىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، كۆزقاراشلىرى ۋە قۇرۇق نەزەرىيىلىرى ھەققىدە دەرس ئۆتۈلىۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دەرد-ئەلەمدىن قانچىلىك پارە-پارە بوپكېتەر؟! ...

تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئىسلام دىنغا يات بولغان مەدەنىيەتنىڭ، غەربشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلىق پىكىرلىرىنىڭ، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە خۇداسىزلىق قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، نەتىجىدە ئۆز دىنىنىڭ، تارىخىنىڭ ۋە شان-شەرەپلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلانغانلىقىنى بىلسە، قانچىلىك دەرد-ئەلەم ۋە ھەسرەت چېكەر؟! ...

ئۇنداقتا پىكرىي ئاڭ-چۈشەنچىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەش، ھەققىي مۇسۇلماننى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ توغرا قانۇن، ھايات پرىنسىپى، ئىززەت-ھۆرمەت ئاملى، ئۇلۇغلۇق ۋە كۈچلۈكلۈككە ئېلىپ ماڭغۇچى دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇكەممەل تەسەۋۋۇر ئاتا قىلىشتا زور ئەھمىيىتى ۋە كۈچلۈك تەسىرى بار ...

— تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي جەھەتتە ساغلام بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم: باللارنىڭ ئەقلى، تەپەككۇرى ۋە نورماللىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق نەرسە بولسا، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئۇ نەرسىدىن يىراقلاشتۇرۇشى، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن چەكلىشى ھەمدە ئۇلارغا ئۇ نەرسىنىڭ جىسمىغا، ئەقلىگە ۋە روھىغا ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك ...

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن بۇزىدىغان ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا دىققەت قىلىشى كېرەك! ... چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئادەم بەدىنىنى چىرىتىدۇ ھەمدە روھىي كېسەللىك ۋە ساراڭلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

— تەربىيەتچىلەر باللىرىنىڭ ئانانىزىم (قولدا لەززەتلىنىش) بىلەن شۇغۇللانغان-شۇغۇللانمىغانلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك: چۈنكى، بۇ ئادەت سىل كېسەلى (ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزى) پەيدا قىلىدۇ، ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، زېھنى چېچىلاڭغۇلۇق، بىئارامچىلىق، باشقىلاردىن ئۆزىنى تارتىش ۋە قورقۇنچاقلىق كېسەلى پەيدا قىلىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، تاماكا چەككەن-چەكمىگەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى، بۇ ئىش نېرۋىلارنى

قوزغايدۇ، ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ، پىكىر- تەپەككۇرنىڭ ئۆتكۈرلۈك ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

ئەڭ ئاخىردا ناشايان كۆرۈنۈشلەر چىقىدىغان كىنو- تىياتىرلار ۋە يالىڭاچ سۈرەتلەرنى كۆرۈش ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش كېرەك، چۈنكى، بۇ ئىش ئەقلنىڭ خىزمىتىنى بىكار قىلىدۇ، تەدرىجىي ھالەتتە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە سۆزلۈك تەپەككۇرنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. باللارنىڭ ئەقلىي ساغلاملىقى بولسا، تەربىيەتچىلەر دىققەت قىلىپ كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر بولغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر، چۈنكى، ئەقىل دېگەن ئىنسانىڭ زىننىتى. ئىنساننىڭ توغرا ۋە نورمال پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى بولسا، ئۇنى باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك سۈپەتتۇر. باللارنىڭ سالماق، ئەقىللىق ۋە نورمال بولۇشى تەربىيەتچىلەرنىڭ قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كۆزىتىشىگە باغلىق ...

پەرزەنتلەرنىڭ جىسمانىي تەرپىگە كۆڭۈل بۆلۈشلەردىن:

ــــ تەربىيەتچى پەرزەنتلىرى كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، خىلمۇخىل ۋابا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئۆلارنىڭ بەدەنلىرىنى جۇدىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشى تاماق، ياخشى تۇرالغۇ ۋە ياخشى كىيىم- كېچەك بېرىشتىن ئىبارەت زىممىسىگە ۋاجىب بولغان چىقىملارنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ــــ يەپ- ئىچىش ۋە ئۇخلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئىسلام دىنى بۇيرىغان توغرا قائىدە- پرىنسىپلارغا ئەھمىيەت بېرىش. مەسىلەن، يېمەكلىككە نىسبەتەن تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ تاماق ھەزىم قىلالماسلىق، ئادەتتىكىدىن ۋە ئېھتىياجدىن ئارتۇق تاماق يەۋېلىش ھەمدە تاماق ئۈستىگە تاماق يەۋېلىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىچىملىككە نىسبەتەن پەرزەنتلەرنىڭ ئىچىملىكنى ئىككى- ئۈچ يۇتۇمدىن ئىچىشىگە ئەھمىيەت بېرىش، سۇ ئىچكەندە قاچىغا تىنىشتىن چەكلەش ھەمدە ئۆرە تۇرۇپ ئىچىشتىن چەكلىشى كېرەك. ئۇخلاشقا نىسبەتەن تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىشى ۋە تاماق يەپ بولۇپلا ئۇخلىماسلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك! ...

ــــ تەربىيەتچى پەرزەنتلەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشتا ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىغا دىققەت قىلىش لازىم. بۇ ئىش مېۋىلەرنى توڭ چاغدا يېمەسلىك، كۆكتاتلارنى يۇماي تۇرۇپ يېمەسلىك، تاماقتىن بۇرۇن قولنى يۇيۇش، قاچىغا پۈۋلىمەسلىك ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنى بۇيرىغان ساغلاملىق تەلىماتلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ــــ پەرزەنتلەرنى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا، ئات مىنىشكە، ئاددىي- ساددا بولۇشقا، ھەققىي ئەركەكلەردەك ياشاشقا ۋە راھەت- پاراغەتكە بېرىلمەسلىككە ئادەتلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇنداق بولغاندا باللار كۈچلۈك، ئىرادىلىك ۋە ئىستېبداتلىق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ...

ــــ تەربىيەتچىلەر ئەڭ ئاخىردا پەرزەنتلىرىنىڭ مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، تاماكا چېكىش، ئانانىزم بىلەن شۇغۇللىنىش، زىنا ۋە لىۋاتەت قىلىش قاتارلىق جىسمىنى ۋەيران قىلىدىغان، ساغلاملىققا زىيان يەتكۈزىدىغان، خىلمۇخىل كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىش- ھەرىكەتلەرگە

دىققەت قىلىشى كېرەك! ... چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ ئومۇمىيسى تۇرلۇك راك كېسىلى، يۈرەك كېسىلى، خىلمۇخىل جاراھەت چىقىش كېسىلى، جىگەر يېرىلىش كېسەللىرى، تۇغماسلىق كېسەللىرى ۋە بۇنىڭدىن باشقا دوختۇرلار خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىغان ھەمدە مۇتەخەسسىسلەر ئاگاھلاندۇرغان نۇرغۇن پاجىئەلىك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ! ...

پەرزەنتلەردە كېسەللىك دەسلەپتە باشلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە كېسەللىكنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن چاغدا، تەربىيەتچىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام نەسەئى رەھىمەھۇمەللاھلار رىۋايەت قىلغان: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! داۋالىنىڭلار! چۈنكى، ئاللاھ ھەرقانداق كېسەلنىڭ شىپالىق دورىسىنى ياراتتى» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن پەرزەنتلىرىنى داۋالىتىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ قېشىغا تېز ئېلىپ بېرىشى كېرەك! ...

تەربىيەتچىلەر بۇنداق قىلسا، داۋالىنىش، شىپالىق تىلەش، ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، سەھىيە ۋە مەدەنىيەت ئىلمىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلىشتا ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلغان بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق بەدەن خىلمۇخىل كېسەللىكلەردىن ساغلام بولىدۇ. ھەرقانداق تۇيۇقسىز كېلىدىغان خەتەردىن ۋە ئۆتكۈنچى كېسەللەردىن ئەمىن بولغىلى بولىدۇ ...

پەرزەنتلەرنىڭ پسىخىكىسىغا دىققەت قىلىشلاردىن:

ـــ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەرنىڭ خىجىللىق ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر پەرزەنتلەردە باشقىلاردىن قورقۇش، يالغۇزلۇق خالاش ۋە باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن قېچىش ئەھۋاللىرى بايقالسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارنى روھلاندۇرۇشى، باشقىلار بىلەن جەم بولۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشى، پىكرىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئاڭلىق، چۈشەنچىلىك بولۇش ۋە پىشىپ يېتىلىش ئۇقۇملىرىغا قىزىقتۇرۇشى كېرەك.

ـــ پەرزەنتلەرنىڭ قورقۇش ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىش لازىم: ئەگەر پەرزەنتلەردە قورقۇنچاقلىق ۋە خەۋپسىرەش، بالا-مۇسىبەتلەر ئالدىدا مەغلۇب بولۇش ۋە ئېغىرچىلىقلاردىن قېچىش ئەھۋاللىرى بايقالسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارنى ئىشەنچ بىلەن تەۋرەنمەي تۇرۇشقا، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە شىجائەتلىك بولۇشقا، ھەتتا مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بۇ ھاياتنىڭ مۈشكۈلچىلىكلىرى ۋە خەتەرلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك! ...

بولۇپمۇ ئانىلار پەرزەنتلىرى قورقۇنچاق، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى خىيالىي مەنزىرىلەر بىلەن، قاراڭغۇدا قالدۇرۇش بىلەن، ياكى ئاجايىپ ناتونۇش مەخلۇقاتلار بىلەن، ياكى جىن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بېرىش بىلەن قورقۇتماسلىقى كېرەك! ...

ـــ پەرزەنتلەرنىڭ تۆۋەنچىلىكنى ھېس قىلىش ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىش لازىم: ئەگەر پەرزەنتلەردە مۇشۇ خىل ھېسسىيات بايقالسا، تەربىيەتچىلەر بۇنى ئالاقانلىك بىلەن، چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت بىلەن ھەمدە شۇ كەمچىلىككە ئېلىپ بارغان سەۋەبلەرنى يوقىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك! ...

www.uyghurkitap.com

ئەگەر باشقىلارنىڭ كەمستىشى ۋە ھاقارەتلىشى بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارغا ياخشى چاقىرىش ۋە چىرايلىق سۆز بىلەن خىتاب قىلىشى كېرەك! ...

ئەگەر بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ سەۋەبى يېتىملىق بولسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە سەۋرچان بولۇش، چىدامچان بولۇش، ئىسلامىي خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشتە ئۆزىگە تايىنىش، ھەتتاكى ئۆز-ئۆزىگە يول ئېچىپ، باشقا بۈيۈك ئەربابلار ۋە كاتتا بايلار ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش روھىنى پەيدا قىلىش كېرەك! ...

ئەگەر بۇ ھېسسىياتنىڭ سەۋەبى ھەسەتخورلۇق بولسا، تەربىيەتچىلەر بۇ خىل ئەھۋالنى پەرزەنتلىرىگە مۇھەببەت قىلىش، قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە ھەسەتخورلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنى يوقىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك! ...

ــــ پەرزەنتلەرنىڭ ئاچچىقلىنىش ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىش لازىم: ئەگەر تەربىيەتچى پەرزەنتلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ ئاچچىقلانغانلىقىنى بايقىسا، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى شۇ ئاچچىقلىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى يوقىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك! ...

ئەگەر ئاچچىقلىنىشنىڭ سەۋەبى كېسەللىك بولسا، تەربىيەتچىلەر ئۇنى داۋالىتىشقا ئالدىرىشى كېرەك! ...

ئەگەر ئاچچىقلىنىشنىڭ سەۋەبى ئاچلىق بولسا، تەربىيەتچى بولغان ئادەم مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تاماق بېرىشكە ئالدىرىشى كېرەك،

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبى يولسىز ئەيىبلەش بولسا، تەربىيەتچى تىل-ئاھانەت قىلىدىغان ۋە كايىيدىغان سۆزلەردىن تىللىرىنى ساقلىشى كېرەك! ...

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى راھەت-پاراغەت بولسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارغا ئادەتتىكىچە مۇئامىلە قىلىش ھەمدە ئۇلارنى ئاددىي-ساددىلىققا ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك! ...

بارلىق تەربىيەتچى غەزىپىنى پەسەيتىشتە ئىسلامنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشى، پەرزەنتلىرى ئاچچىقلانغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇلارغا تەربىيە بېرىشى كېرەك! ...

پەرزەنتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىشلىرىدىن:

ــــ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان-قىلمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم: ئەگەر پەرزەنتلەردە ئۆزىنىڭ ھەققىگە، ياكى ئانىسىنىڭ ھەققىگە، ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ھەققىگە، ياكى دوستلىرىنىڭ، ياكى قوشنىسىنىڭ، ياكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ، ياكى چوڭلارنىڭ ھەققىگە سەل قارىغانلىقى بايقالسا، تەربىيەتچى ئۇلارغا بۇ سەل قاراشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە بۇ مۇئامىلىنىڭ نەتىجىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك ... بەلكىم، ئۇلار چۈشىنىپ قېلىشى، ھەق گەپنى ئاڭلىشى، خاتالىقتىن يېنىشى، باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە دەخلى يەتكۈزۈشتىن، ئەدەپ-قائىدىلەرگە ۋە مەسئۇلىيەتلەرگە سەل قاراشتىن توختىشى مۇمكىن ...

شەك-شۈبھىسىزكى، تولۇق نازارەت قىلىش، كۆزىتىش ۋە داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش پەرزەنتلەرنى ھوشيار، زېرەك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، بۇ ھاياتتا سەل قارىماستىن، ياكى قارىغۇلارچە ئىش قىلماستىن، ياكى قارىماستىن ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى ئادا قىلىدىغان ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ.

—— تەربىيەتچى يەنە پەرزەنتلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلىرىگە دىققەت قىلىشى لازىم: ئەگەر پەرزەنتلەردە يېمەك-ئىچمەك ئەدەپ-قائىدىلىرى، ياكى ئويۇن-چاقچاق ئەدەپ-قائىدىلىرى، ياكى گەپ-سۆز ئەدەپ-قائىدىلىرى، ياكى چۈشكۈرۈش ئەدەپ-قائىدىلىرى، ياكى تەسەللىي بېرىش ئەدەپ-قائىدىلىرى، ياكى بۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەرگە سەل قاراش بايقالسا، تەربىيەتچىلەر ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ بۇلار ھەققىدىكى ئەدەپ-قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش ھەمدە ئەڭ ياخشى بولغان ئۆرپ-ئادەت ۋە ئېسىل خىسلەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىشلىرى كېرەك ...

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئۆزلۈكسىز ئەدەپ ئۆگىتىش ۋە داۋاملىق ئادەتلەندۈرۈش پەرزەنتلەرنى باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئەدەپلىك بولۇشتىكى مەجبۇرىيىتىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىدىغان، قارىغۇلارچە ئىش قىلماستىن ۋە سەل قارىماستىن باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ.

—— تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن ئالىيجاناب ھېسسىياتتا بولۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم: تەربىيەتچىلەر ناۋادا پەرزەنتلىرىنىڭ شەخسىيەتچى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇلارغا باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئالا بىلىش يولىنى كۆرسىتىش قويۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىغا بېرىلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئۇلاردا مېھىر-مۇھەببەت ۋە دوستانىلىق ئۇرۇقىنى تىكىش، ئۇلارنىڭ ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام دەپ بىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئۇلارنى تەقۋالىققا بۇيرۇش ھەمدە ئۇلارغا ئاللاھ تەئالانىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىنى ئەسلىتىش، ئۇلارنىڭ قەلبىدە «ئاللاھ مېنى دائىم كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دەيدىغان ئېتىقاد ۋە ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسىنى يىلتىز تارتقۇزۇش. باللار ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشتىن ياكى بىرەر كېسەللىكتىن ئەزىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ۋە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇش ئەقىدىسىنى مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇش. شۇنداقلا، تەربىيەتچىلەر ئىمان، تەقۋالىق ۋە «ئاللاھ مېنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت مۇشۇ روھىي پرىنسىپلار پەرزەنتلەرنىڭ روھىغا تىكىلسە، ئۇلارنىڭ پاك قەلبىگە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش، باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش، ھېسداشلىق قىلىش ۋە دوستانىلىق ھېسسىياتلىرىنى يېتىلدۈرەلىسە، ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلىپ بالاغەتكە يەتكەن چاغدا، ئاللاھنىڭ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان، باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى دەپ ئىشارە قىلىنىدىغان، مۇكەممەل ئىنسان ۋە ئاقىل ۋە دانا ئەرگە ئايلىنىدۇ. ئاخىردا باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن ھۆرمەت قىلىش، ئەزىزلەش ۋە چوڭ بىلىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ.

باللارنىڭ روھىي تەرىپىگە دىققەت قىلىشلاردىن:

—— تەربىيەتچى پەرزەنتلىرىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ ئىنسانىي داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېس-

تۇيغۇسىغا دىققەت قىلىشى لازىم: بۇ ئىش ئۇلارغا داۋاملىق ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقى، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى، مەخپىي قىلىنغان سۆزلىرى ۋە پىچىرلاشقانلىرىنى بىلىدىغانلىقى، كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى، ھەتتا كۆڭۈللەر يوشۇرغان خىياللار ۋە نىيەتلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئاللاھ تەئالاغا ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىشلىرىدىن ھېچبىر ئىشنىڭ مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ئىش پەقەت ئۇلارنى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئاجايىپ ئىجادىيەتلىرىگە ئىشىنىشكە يېتەكلەش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بىرەر ئىش قىلىۋېتىپ، ئويلىنىۋېتىپ ۋە ھېس قىلىۋېتىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ئۇلارنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىگىلەيدۇ. پەرزەنتلەر كىچىك ۋاقتىدا مۇشۇنداق نىشانلىق كۆرسەتمە بېرىشكە ۋە مەنپەئەتلىك ئىمانىي تەربىيەگە نېمىدېگەن ئېھتىياجلىق ـ ھە؟! ...

ـ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تەئالاغا تەقۋا بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىشىغا دىققەت قىلىشى لازىم:

بۇ ئىش ئۇلارغا كىچىك ۋە چوڭ، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەردىكى، ئۆسۈپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۆسمەيدىغان دەل ـ دەرەخلەردىكى، رەڭلىرى چىرايلىق پۈرەكلەپ ئېچىلغان گۈللەردىكى، يارىتىلىشى ئاجايىپ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك، مىليونلىغان مەخلۇقاتلاردىكى ئاللاھ تەئالانىڭ ھەممىگە ئومۇمىي بولغان بۈيۈكلۈكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ قۇدرەت ئالدىدا ئىنساننىڭ قەلبى ئاللاھ تەئالانىڭ بۈيۈكلىكىگە باش ئەگمەي، ئاللاھ تەئالاغا تەقۋادار بولۇش ۋە قۇلچىلىق قىلىش ھېسسىياتىدا بولماي تۇرالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلىشنىڭ لەززىتىنى ۋە قۇلچىلىق قىلىشنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ.

باللار بىر نەرسىنى چۈشىنىپ، ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك بولغان چاغدا، ئۇلارنى نامازدا ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورققان ھالدا تۇرۇشقا، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا مىسكىن ھالەتتە تۇرۇش، يىغلاش ياكى زورمۇزور بولسىمۇ يىغلىغان قىياپەتتە تۇرۇشقا كۆندۈرۈش ئۇلاردىكى مۇشۇ قورقۇش ھېسسىياتىنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە مۇشۇ تەقۋالىق ھەقىقىتىنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇستەھكەملەيدۇ. باللار مۇشۇ سۈپەتلەرگە كۆنسە ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىسا، شەكسىزكى ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن قورقمايدىغان، بۇ دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە قايغۇرمايدىغان خۇداگۈي كىشىلەردىن بولىدۇ. نەتىجىدە ياخشىلارنىڭ باغچىسىغا كىرىدۇ ھەمدە ئاللاھ تەئالا: «راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر» (63 ــ 62:10) دەپ سۈپەتلىگەن كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ.

ــ تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىبادەتنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە دىققەت قىلىشى لازىم: بۇ ئىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەرزەنتلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار ...» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش ئارقىلىق ئىشقا

ئاشىدۇ. باللار كىچىك ۋاقتىدا روزا تۇتۇشقا قادىر بولالىسا، ئۇلارنى رامزاننىڭ بەزى كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، تەربىيەتچىلەر قادىر بولالىسا ئۇلارنى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئېلىپ بېرىش، ئۇلار شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە مۇكەللەپ بولغان ۋە مۇسۇلمانلار ئالدىدا مەسئۇل بولغان چاغدا پەرز زاكاتقا ئادەتلىنىشلىرى ئۈچۈن، بىر قانچە تەڭگە بولسىمۇ پات-پات ئاللاھ يولىدا خەجلەشكە ئادەتلەندۈرۈش نامازغا قىياس قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئىبادەت ۋە زىكرى-تەسبىھ سورۇنلىرىغا بىرگە ئېلىپ بېرىشى، ئىلىم سورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىشى، ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ۋە قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى ئۆگەتىدىغان ئۇستازلارنى تېپىپ بېرىشى ھەمدە ئۇلارغا خۇداگۇي، ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىتىشى كېرەك ... تەربىيەتچىلەر مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالىسا، نەتىجىدە ئىبادەت ئارقىلىق پەرزەنتلەرنىڭ روھى ساپلىشىدۇ، ئاللاھنىڭ زىكرى ئارقىلىق قەلبلىرى يورۇيدۇ، ھەقنى تونۇغان ياخشى كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق دىللىرى يۇمشايدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىبارەت تۇنجى كارۋاننىڭ تارىخىي تەرجىمھاللىرى ئارقىلىق ۋىجدانلىرى ھەرىكەتلىنىدۇ ...

تەربىيەتچى پەرزەنتلىرى ھەققىدە پىسخىك ۋە روھىي كۈرەشلەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشى ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى ھالەتكە يېتىپ بارغانلىقىغا ۋە قانچىلىك تەسىرلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىشلىرى كېرەك ... شۇنداقلا، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ يامانلىققا بۇيرىغۇچى نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگىنىدەك، زۇلۇم ۋە كۇپرىغا قارشى جىھاد قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى تەربىيىلەشتە روھىي كۈرەش بىلەن دەۋەتكە ئائىت ۋە سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئېلىپ مېڭىشلىرى كېرەك ... چۈنكى، تەربىيەتچىلەر ناۋادا پەرزەنتلىرىنىڭ ئاللاھقا دەۋەت قىلىش مەجبۇرىيىتى، سىياسىي ۋە قورال بىلەن جىھاد قىلىش مەجبۇرىيىتى ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيىتىگە سەل قارىسا، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئايرىمچى، بۇرۇقتۇرمىلىقنى خالايدىغان، قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان، ئەمەلىي رېئاللىققا كۆز يۇمىدىغان، جەڭ مەيدانىدىن قاچىدىغان، ( خۇداغا ئىسيان قىلغان ) مۇستەبىت ۋە زالىم ھاكىمىيەتكە باش ئېگىدىغان ھالەتتە تەربىيىلىنىدۇ.

نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش بىلەن سىياسىي جىھادنىڭ ئوتتۇرىسىنى مۇشۇنداق تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پەرزەنتلەرنىڭ بۇ ھاياتتا ھەرقانداق ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەئالانى ئۆزلىرىگە داۋاملىق كۆزەتچى قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالاغا قۇلچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ، زېمىندا ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەش ۋە ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ دەپسەندە قىلىۋاتقان تاغۇت ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇلار قۇرئان بىلەن قىلىچنىڭ، دىن بىلەن دۆلەتنىڭ، ئىبادەت بىلەن سىياسەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرگەن بولىدۇ.

بىر شائىرنىڭ ئۇلار ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزى ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان:

تاغ-داۋانلار ئېشىپ چۈشكەن ياش-يىگىتلەر،
ئىسلامدىن ئۆزگە دىنني ھېچ تونۇماس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەگەر كىرسە جەڭلەردە بولۇپ قەھرىمان،
ھېچبىر قەلئە، ئىستىھكامنى ساق قويماس،
كېچە بولسا شەپقەت تىلەپ رەببىدىن،
سەجدە قىلىپ، دۇئا قىلىپ ئۇخلىماس،
ئىسلام شۇنداق يېتىشتۈردى مىللىتىمنى،
پاك، ھەم ئەركىن، ھەم ئىشەنچنى يەردە قويماس،

— تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان دۇئالارنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشىغا دىققەت قىلىشى لازىم: بۇ ئىش پەرزەنتلەر تاڭ ئاتقاندا، كەچ كىرگەندە، ئۇخلىغاندا، ئويغانغاندا، تاماق يېگەندە، قورساق تويغاندا، ئۆيگە كىرگەندە ۋە چىققاندا، كىيىم كىيگەندە ۋە سالغاندا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم دۇئالارغا، شۇنداقلا سەپەر دۇئالىرى، ياخشىلىق تەلەپ قىلىش دۇئالىرى، يامغۇر ياغقاندا، يېڭى ئاي كۆرگەندە، ئۇيقۇسى قاچقاندا، كېسەل بولغاندا قىلىدىغان دۇئالارغا، يەنە بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى سەھىھ بولغان ئىشەنچلىك دۇئالارغا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

شەك-شۈبھىسىزكى، تەربىيەتچىلەر قاچانكى پەرزەنتلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇشۇ دۇئالارنى ئۆگىتىشكە كۆڭۈل بۆلسە ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ دۇئالارنى يادلاپ، ئەمەلىيەتتە قوللانغانلىقىغا دىققەت قىلسا، چوقۇم ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى، سىرتقى تەقۋالىقى ۋە ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىلىدىغان ئىچكى تەقۋالىقى زىيادە بولىدۇ. بۇ بولسا پەرزەنتلەرنى ئىمان، ئەخلاق، روھ، پسىخىكا ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە زور تەسىرى بار ئامىللاردىندۇر. بۇ چاغدا پەرزەنتلەرنىڭ ئىشى توغرىلىنىدۇ، گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى تۈزۈلىدۇ ھەمدە ئۇلار زېمىن ئۈستىدە پاك ۋە ساپ ھالەتتە مېڭىۋاتقان پەرىشتىلەرگە ئايلىنىدۇ.

تەربىيەتچى قېرىندىشىم! ئەنە ئاشۇلار پەرزەنتلەرنى دىققەت قىلىپ كۆزىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەش ھەققىدىكى ئىسلامنىڭ يولى. شۇنداقلا، ئۇ سىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭىزدەك ئەلۋەتتە توغرا يول. ئەگەر سىز پەرزەنتلىرىڭىزنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە ھېرىسمەن بولۇڭ! ... ئۇلار نەدە بولسا سىز ئۆزىڭىز بىلەن، پىكرىڭىز بىلەن، كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز بىلەن ئۇلارنى چىڭ تۇتۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىڭىز ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بىللە بولۇڭ. ئۇنىڭ ئىمانىغا، روھىغا، ئەخلاقىغا، ئەمەلىگە، باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگە، روھىي ھالىتىگە ۋە نېرۋا ھالەتلىرىگە دىققەت قىلىڭ! ...

پەرزەنتىڭىز مۆئمىن، تەقۋادار، باشقىلار ھۆرمەت قىلىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورنى بار ئادەم بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشىغا دىققەت قىلىڭ ... ئەگەر سىز ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىسىڭىز، ئىشلىرىنى توغرىلاپ تۈزىسىڭىز، يىغىپ ئېيتقاندا زىممىڭىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلسىڭىز بۇ

ئىشلارنىڭ روياپقا چىقىشى ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەس! . . .

## 5 - جازالاش ئارقىلىق تەربىيىلەش

ھەممىگە مەلۇمكى، نۇرلۇق ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرى ئۆزىنىڭ ھەققىي ئادىللىقى ۋە ئومۇمىي پرىنسىپلىرى بىلەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىھاجەت بولالمايدىغان ھەمدە ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان ئاساسلىق زۆرۈرىيەتلەرنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇجتەھىد ئىماملار ۋە فىقھشۇناس ئۆلىمالار بۇ زەرۇرىيەتلەرنى بەشتە توختاتقان بولۇپ، ئۇلارنى «بەش زەرۇرىيەت» دەپ ئاتىلغان. ئۇلار: «دىننى قوغداش»، «جاننى قوغداش»، «يۈز-ئابرۇيىنى قوغداش»، «ئەقلىنى قوغداش» ۋە «مالنى قوغداش»تىن ئىبارەت. ئۇلار دېدىلەركى، ئىسلام تۈزۈمىدىكى ھۆكۈملەر، قائىدە-پرىنسىپلار ۋە قانۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ «بەش زەرۇرىيەت»نى قوغداپ، شۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى مۇشۇ «بەش زەرۇرىيەت»نى قوغداش ئۈچۈن، شۇ «بەش زەرۇرىيەت»كە تاجاۋۇز قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ھەق-ھۆرمىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغان ھەرقانداق بىر ئادەمنى شۇ خاتالىقتىن قايتۇرىدىغان قاتتىق تەن جازالىرىنى يولغا قويدى. بۇ تەن جازالىرى شەرىئەتتە «ھەد ئۇرۇش ۋە تەزىيە ئۇرۇش» دېگەن نام بىلەن تونۇلىدۇ.

«ھەد»لەرگە كەلسەك، بۇلار شەرىئەتنىڭ بەلگىلىشى ئارقىلىق ئىجرا قىلىندىغان تەن جازالىرى بولۇپ، بۇلارنى ئىجرا قىلىش ۋاجىب بولغان ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرىدۇر.

بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - مۇرتەدلىكنىڭ جازاسى: دىندىن قايتىۋالغان بىرەر ئادەم تەۋبە قىلىش تەلەپ قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، دىننى تەرك ئېتىش ياكى دىنسىزلىقتا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يۇيۇلۇپ تارالمايدۇ، كېپەنلەنمەيدۇ، نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ.

بۇ جازانىڭ دەلىلى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: «مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈش پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلغانلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ: تويى قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىر جان يەنە بىر جاننىڭ بەدىلىگە ئۆلتۈرۈلىدۇ، دىندىن يۈز ئۆرۈپ ئىسلام جامائىتىدىن ئايرىلغۇچى ئۆلتۈرۈلىدۇ» (بۇ ھەدىسنى ئالتە ئىمام ۋە ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇمۇللاھلار رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە: «كىم دىننى ئۆزگەرتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان.

2 - قاتىللىقنىڭ جازاسى: ئەگەر بىراۋنى قەستەن ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز

قىلىندى، ھەر ئادەم ئۈچۈن ھەر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ» (2:178).

3 ـ ئوغۇرىنىڭ جازاسى: موھتاج بولۇپ قالمىغان ياكى ئامالسىز قالمىغان ھالەتتە ئوغۇرلۇق قىلغان كىشىنىڭ قولى بېغىشىدىن كېسىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (5:38).

4 ـ بوھتان چاپلىغانىنىڭ جازاسى: بۇنىڭ جازاسى سەكسەن دەررە ئۇرۇش ۋە باشقىلار ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلماسلىقتۇر.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)» (24:4).

5 ـ زىنا قىلغانىنىڭ جازاسى: زىنا قىلغۇچى تويى قىلمىغان بولسا، يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ، ئەگەر تويى قىلىپ بولغان بولسا تاكى ئۆلگەنگە قەدەر تاش ۋە چالما ئېتىلىدۇ.

يۈز دەررە ئۇرۇشنىڭ دەلىلى بولسا، ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدۇر: «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار» (24:2).

ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا زىنا قىلغۇچى ئەر ۋە ئايالنى ئايرىماستىن (بۇ جازادىن سىرت) يەنە بىر يىل پالاش ۋاجىب، چۈنكى، بۇ ھەقتە ھەدىس بار. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا بىر يىل پالاش ۋاجىب ئەمەس، ئەگەر ئىمام (خەلىپە ياكى ئەمىر) بولغان ئادەم شۇنداق قىلىشنى قارار قىلسا، بۇ شەرئىي جەھەتتىكى سىياسەت قوللىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆلگەنگە قەدەر چالما-كېسەك قىلىشنىڭ دەلىلى بولسا مائىز ئىبنى مالىك بىلەن غامىدى قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ ۋەقەلىكىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىيلەننىڭ ھەر ئىككىلىسى تويى قىلىپ بولغان كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان.

6 ـ زېمىنداق بۇزۇقچىلىق قىلىشنىڭ جازاسى: بۇنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈش، ياكى دارغا ئېسىش، ياكى پۇت-قوللىرىنى ئوڭ-چەپ قىلىپ كېسىش، ياكى يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىشتۇر.

ئىمام شافىئى ۋە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇمەللاھلا ۋە كۆپ سانلىق فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ كۆزقارىشىدا

بۇلاڭچىلار ناۋادا مال ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ماللىرىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئۇلارمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، دارغا ئېسىلمايدۇ، ماللىرىنى ئېلىۋېلىپ مال ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ قول- پۇتلىرى ئوڭ- چەپ قىلىپ كېسىلىدۇ، يولۇچىلارنى قورقۇتقان، لېكىن ماللىرىنى ئېلىۋالمىغان بولسا، يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىدۇ، بۇ سۆز ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ سۆزىگە يېقىن.

يەنە بىر بۆلۈك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ئىمام قايسى جازانى جىنايەتچىلەرنى جىنايەت يولىدىن قايتۇرۇپ، مەنپەئەتنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ دەپ قارىسا، ئۇنىڭ شۇ جازانى بېرىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ جازانىڭ دەلىلى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْأَرْضِ ذَٰلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى، ياكى دارغا ئېسىلىشى، ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى، ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (5:33).

7 - ھاراق ئىچكەننىڭ جازاسى: بۇنىڭ جازاسى 40 تىن 80 دەررىگىچە ئۇرۇشتۇر.

چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ھاراق ئىچكەننىڭ جازاسىنى 40 دەررە قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام شەۋكانى رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاراق ئىچكۈچىنى ئىككى دانە خورما شېخى بىلەن 40 دەررە ئۇرغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاراق ئىچكۈچىنى 40 دەررە ئۇرغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. 80 دەررە ئۇرۇش بولسا ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەكلىپى بولۇپ، ئۇ زات ساھابىلەرگە ھاراق ئىچكۈچىنى 80 دەررە ئۇرۇش مەسلىھەتىنى بەرگەن. ساھابىلەرمۇ ھاراق ئىچكۈچىلەرنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۇ تەكلىپكە قوشۇلغان.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەردە: «كىشى ھاراق ئىچسە مەست بولىدۇ، مەست بولسا ئېغىز- پەس گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق گەپ قىلىش بوھتان چاپلاشقا ئېلىپ بارىدۇ» دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر بۇنى بوھتان چاپلاشنىڭ جازاسىغا قىياس قىلغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قاراردىن كېيىن ھاراق ئىچكۈچىنىڭ جازاسىنى 80 دەررە قىلىپ ئىجرا قىلغان.

دېمەك، ھاراق ئىچكۈچىنىڭ ئەسلى جازاسى 40 دەررە ئۇرۇشتۇر، ئەگەر بۇ جازا ھاراق ئىچكۈچىلەرنى قىلمىشىدىن ياندۇرالمىسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش 80 دەررىگىچە ئۇرسا بولىدۇ.

تەزىيە ئۇرۇشقا كەلسەك، بۇ شەرىئەت تەرەپتىن ۋاجىب قىلىپ بېكىتىلمىگەن، ئاللاھ تەئالانىڭ ياكى ئادەملەرنىڭ ھەققى بولمىغان، ھەد ئۇرۇش ۋە كەپپارەت بېرىش بېكىتىلمىگەن ھەرقانداق مەئسىيەتكە بېرىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

جازادۇر. ئۇ بولسا باشقىلارنى خاتالىقتىن چەكلەش ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتە ئۇممەتنىڭ ئىسلاھاتى ئۈمىد قىلىنىپ يۈرگۈزىلىدىغان جازالاردۇر.

تەزىيە بېرىش جازاسى شەرىئەت تەرەپتىن بەلگىلەنمىگەن جازا بولغاچقا، ھاكىم بولغان ئادەم ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان جازانى بېكىتسە بولىدۇ. بۇ جازا بەزىدە كايىش بىلەن بولىدۇ، بەزىدە ئۇرۇش بىلەن بولىدۇ، بەزىدە تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن بولىدۇ، بەزىدە مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ جازالار خاتالىقى ھەد ئۇرۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن شەرت ئاستىدا يۈرگۈزۈلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ھەد ئۇرۇش ۋە تەزىيە ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ جازالارنى خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىقتىن شەكىللەنگەن تىنچ ۋە ھەممە مەمنۇن بولىدىغان بىر ھاياتنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن يولغا قويغانلىقىدا ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمايدۇ. چۈنكى، مۇشۇ جازالار يۈرگۈزۈلسە، زالىملار مەزلۇملارغا تاجاۋۇز قىلمايدۇ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قۇل قىلمايدۇ، بايلار كەمبەغەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، ھەممە ئادەم ھەق ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ. تەقۋالىقتىن باشقا ھەرقانداق بىر ئامىل تۈپەيلىدىن ئەرەبلەر ئەجەملەردىن ۋەياكى ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئارتۇق بولالمايدۇ. بۇ بولسا ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار. (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)» (2:179) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

شۇنداقلا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قىزىم فاتىمە ئوغۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم» دېگەن سۆزىدىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنىدۇر.

تەن جازاسى مەيلى قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بولسۇن، ياكى تەزىيە ئۇرۇش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بولسۇن، بۇ جازا خەلقنى تۈزەش، ئۇممەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە تىنچلىق ۋە مۇقۇملۇق ئاساسلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قەتئىي زۆرۈر بولغان چارىدۇر. جىنايەتچىلەرگە جازا بېرىلمەستىن ياشاۋاتقان خەلق بولسا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ۋۇجۇدى يىمىرىلگەن، ئەزالىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەت رىشتىلىرى ئۈزۈلگەن، داۋاملىق ئىجتىمائىي چۇۋالچاقلىقتا ھەمدە جىنايەتلەر تۈپەيلىدىن ئۈزلۈكسىز قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقتۇر. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئوبرازى دەل ئامېرىكا. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان تەربىيەتچى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپىنچىسى جىنايەتچىلەرنى جازالاشتىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار بۇ جازانى تىلغا ئېلىشنىمۇ يامان كۆرىدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇ جازا ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشتىن قېچىپ، بۇ چارىنىڭ ئورنىدا قوللىنىدىغان نۇرغۇن قانۇن-تۈزۈملەرنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چۈشكۈنلەشكەن، كۆزقارىشى تۇراقسىز، مەسئۇلىيەتتىن قاچىدىغان، بۇزۇقچىلىق ۋە جىنايەتلەرگە ھەدەپ ئۆزىنى ئاتىدىغان بىر ئەۋلاد پەيدا بولدى.

مانا بۇ ئىش ـ 1962 يىلى ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىسى كېندىينىڭ مۇنۇ سۆزلەرنى ئېنىق ئېيتىشىغا سەۋەب بولغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى ھەقىقەتەن خەتەر ئىچىدە، چۈنكى ئامېرىكا ياشلىرى چۈشكۈن، ئىدىيىسى تۇراقسىز، شەھۋەتلەرگە غەرق بولغان، زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلالمايدۇ. ئەسكەرلىككە تىزىملىتىشقا كەلگەن ھەر يەتتە نەپەر ياشنىڭ ئالتىسى يارامسىز. چۈنكى، شەھۋەتلەر ۋە مەسئۇلىيەت ۋە ئەخلاق چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتىش ئۇلارنىڭ تېببىي ۋە پسىخىكا جەھەتتىن لاياقىتىنى بۇزۇۋەتكەن».

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس مارگىرت سىمىس لۋاندا چىقىدىغان يەكشەنبىلىك گېزىتنىڭ ـ 650 ساندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، قىز ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ھەققىدە ھەمدە مۇشۇ ھېسسىياتقا ماس كېلىدىغان ۋاستىلەر ھەققىدىلا ئويلىنىدۇ. يۇزدە ئاتمىش پىرسەنتتىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ داۋاملىق جىنسىيەت ھەققىدە ئويلىنىپ، زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن شۇغۇللىنىغانلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارانلا يۈزدە ئون پىرسەنتى بۇ مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىپ كەلمەكتە ...».

بۇلار تېخى ئامېرىكىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە يامراپ كەتكەن جىنايەت شايكىلىرىدىن باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلارغا، ماللارغا، يۈز ـ ئابرۇيلارغا، ئومۇمي شەكىلدىكى تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىققا خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جازالاشقا سەل قارىغانلىقنىڭ، تەربىيە بېرىشتە ھەممىگە يو قويغانلىقنىڭ ھەمدە جىنايەتچىلەرنى كەسكىن چارە ـ تەدبىر ئارقىلىق جىنايەتتىن قايتۇرىدىغان قاتتىق تەن جازاسى ئارقىلىق تىزگىنلىمىگەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى ...

ئاللاھ تەئالا نېمىنى يولغا قويغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بەندىلىرىگە جىنايى جازا قانۇننى يولغا قويۇپ بەردى. ئەگەر ئاللاھ تەئالا بۇ جازالارنىڭ شەخسلەرنىڭ ئەمىنلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن بىلمىگەن بولسا، ئىنسانلار ئۈچۈن بۇ «ھەد»لەرنى بەلگىلىمىگەن ۋە مەڭگۈلۈك شەرىئىتىدە بۇنداق جىنايەتچىلەرنى جىنايەتتىن توسقۇچى جازالارنى يولغا قويمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ جازالار پەقەت جەمئىيەتنى بۇزغۇنچىلارنىڭ جىنايەتلىرىدىن، خائىنلارنىڭ خىيانەتلىرىدىن ۋە تاغۇت ـ زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن پاكلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئۈنۈملۈك چارە ۋە شىپالىق مەلھەمدۇر.

ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە ئىسلامنىڭ جىنايى جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشلىرىدا ئىسلامي جەمئىيەتتىن ئىجتىمائىي جىنايەتلەرنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ چوڭ شاھىدى بار. سىز ئۇ چاغلاردا ئۆلتۈرۈش ھادىسىسى ياكى ئوغۇرلۇق ۋەقەسى، ياكى بىرىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈش، ياكى ھاراق ئىچىش، ياكى ئوچۇق ئاشكارا باتىنى ئەقىدىسىگە ۋەياكى ھەممىنى ۋەيران قىلغۇچى بىرەر كۆزقاراشقا چاقىرىدىغان ئىشلارنى ئىنتايىن كەمدىن كەم ئۇچرىتالايسىز ...

نېمىشقا؟ ...

www.uyghurkitap.com

چۈنكى، دۆلەتنىڭ كۆزى ھامان ئوچۇق، شەرىئەتنىڭ بەلگىلىملىرى ئىجرا قىلىنىۋاتقان، مۇنكەر ئىشلارنى يوقىتىشقا ھەمكارلىق مەۋجۇد، بۇزغۇنچىلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىش مۇھەققەق، بەلكى ئۇ دەۋرلەردە، بولۇپمۇ خەلىپىلەرنىڭ دەۋرلىرىدە بىر قازى قازىلىق مەنسىپىدە ئىككى يىل ئولتۇرۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كېلىپ باقمىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. چۈنكى، جىنايەت ئىشلىمەكچى بولغان بىر جىنايەتچى ئۇنىڭدا جىنايەتتىن توسقۇدەك ئىمان ياكى ئاللاھتىن قورقۇش بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىسلام دىنى بېكىتكەن تېن جازاسىنى نەچچە مىڭ قېتىم ئويلايتتى ـ دە، ئۆزىنىڭمۇ چوقۇم ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توختايتتى، قولى چوقۇم كېسىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىشتىن توختايتتى، چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ياكى ھەد ئۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن زىنا ـ پاھىشىدىن توختايتتى، چوقۇم قۇيرۇقىنى قىرىم باسىدىغانلىقىنى ۋە يوقىتىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن دىنسىزلىق ۋە كۇپرى ئەقىدىلەرگە دەۋەت قىلىشتىن توختايتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىلغان گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىنىدىغانلىقى كاللىسىدا ئوچۇق بولغاچقا، بارلىق كىشىلەر ئىجتىمائىي جىنايەتلەردىن توختايتتى.

بىز جازالار ئىچىدىن خاس دۆلەت ئىجرا قىلىدىغان جازالار بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىدە، ياكى تەربىيەتچىلەر مەكتەپتە قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغان جازالارنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك...

دۆلەتكە خەۋەر قىلىنىدىغان جازا ئەگەر ھەدلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولسا، ھاكىم ئۇنى كۆرمەسكە سېلىشى ۋەياكى ئۇنىڭغا سەل قارىشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ «ھەد»نى ئىجرا قىلىشتىن توسىدىغان ھەرقانداق بىر ئارىچىنى ۋە سالاچىنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىلىق قىلغان مەخزۇم قەبىلىسىلىك بىر ئايالنى تىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ قاتتىق رەددىيە بەرگەنلىكىدۇر. شۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر ئىچىدە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۈممەتلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، مۇنقەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا زۇلۇم يولىغا مېڭىش ۋە ئادالەت پرىنسىپىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلماسلىق ئىكەنلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئەگەر ئىچىدىن ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاجىز كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم». ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ قولى كېسىلىپ جازا ئىجرا قىلىنغان.

ئەگەر ئۇ جازا تەزىيەلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولسا، ئۇنى ئىجرا قىلىش ۋاجىب. ئەگەر ئۇنى بەلگىلىش ھاكىمنىڭ پىكرىگە قاراشلىق بولسا، ھاكىم ئۆزى پايدىلىق دەپ قارىغان جازانى ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇ ئاگاھلاندۇرۇش، كايىش، ئۇرۇش، تۇتۇپ تۇرۇش ۋە مۇسادىرە قىلىش جازالىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى بولىدۇ.

ئۇ جازا جازالانماقچى بولغان شەخسنىڭ يېشى، ئىلىم سەۋىيىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ پەرقلىق

بولـدۇ. ئۇلارنـىڭ ئىچـىدە سـىلىق نەسـىھەت قىلـىش كۇپايـە قىلىدىغانلـىرى بار، كايىشـقا تېگىشـلىك بولىدىغانلـىرى بار، پەقـەت كالتەكلەشـلا كارغـا كېلىدىغانلىرىـمۇ بـار. يەنـە ئۇلارنـىڭ ئىچـىدە تۇرمىگە قاممسـا يامانلىقتـىن قايتمايدىغانلىرىمۇ بـار. شـۇنىڭدەك، ئۇلارنـىڭ ئىچـىدە يەنـە بىرقانچـە تۈرلـۈك جازاغـا لايـىق بولىدىغانلىرىـمۇ بـار...

بۇ ھەقتە مۇنۇ سۆز تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان:

ئاقىلغا ئىشارەت يېتەر،

نادانغا جۇۋالدۇرۇز كېتەر.

تەربىيەتچـى ئائىلـىدە ياكـى مەكتەپتـە قوللىنىدىغـان جازالارغـا كەلسـەك، بـۇ جـازالار قانچىلـىك بولـۇش، قانـداق بولـۇش ۋە قانـداق ئۇسـۇل بىلـەن بولـۇش دېگەنـدەك تەرەپلـەردە باشـقا جەمئىيـەت كىشـىلىرىگە بېرىلىدىغـان جازالارغا ئوخشىمايدۇ.

تەربىيەتچـى قېرىنداشـىم! بـىز سـىزگە پەرزەنتلەرگـە جـازا بېرىشـتە ئىسـلام دىنـى قوللانغـان ئۇسـۇللارنى ئوتتۇرىغـا قويىمىز:

1 ـ پەرزەنتلەرگە سىلىق ـ سىپايە ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم:

ئەسلى:

ـــ «مۇلايىـم بولغـىن، قوپاللىقتـىن ۋە سـەت گـەپ قىلىشـتىن ساقلانغىن» (ئىمـام بۇخـارى رەھىمەھۇلـلاھ «ئەدەبـۇل مۇفرەد»تـە نەقـل قىلغـان).

ـــ «توغرا ـ خاتانى تونۇتۇڭلار، قوپاللىق قىلماڭلار» (ئاجرى رىۋايەت قىلغان).

ـــ ئەبـۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئۇنـى مۇئـاز رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىلـەن بىللـە يەمەنگـە ئەۋەتكـەن چاغـدا: «قۇلايلاشـتۇرۇڭلار، قىينلاشـتۇرۇۋەتمەڭلار، خـۇش بېشـارەت بېرىـڭلار، قاچۇرۇۋەتمـەڭلار» دېگـەن (ئىمـام مۇسـلىم رەھىمەھۇلـلاھ رىۋايـەت قىلغـان).

ـــ «ئۆگىتـىڭلار، قوپاللىـق قىلمـاڭلار، چۈنكـى ئۆگەتكۈچـى ئـادەم قوپاللىـق قىلغۇچـى ئادەمدىن ياخشـىراقتۇر» (ھارىـس، تەيالىسـى ۋە ئىمـام بەيھەقـى رەھىمەھۇمۇللاھـلار رىۋايـەت قىلغـان).

پەرزەنتلـەر تەربىيەتچىلەرنىـڭ پەرۋىـش قىلـىش نۇقتىسـى ۋە مېھرىبانلىـق قىلـىش ئورنـى بولـۇش ئېتىبـارى بىلـەن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ بـۇ كۆرسـەتمىلىرى ئىچىگـە ئـەڭ بـۇرۇن كىرىـدۇ.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ باللارغـا بولغـان مۇلايىملىقـى مۇلايىـم ۋە سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلـە قىلىشـىنىڭ ئاسـاس ئىكەنلىكىنـى ئېنىـق ئۇقتـۇرۇپ بېرىـدۇ. بـۇ ھەقتـە ئىلگـىرى كىتابىمىزنـىڭ «ئۈلگە بولـۇش ئارقىلىق تەربىيلـەش» دېگـەن تېمىسـىدا پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ باللارغـا كۆڭـۈل بۆلۈشـلىرى، ئۇلارغـا

كۆيۈمچانلىقى، مۇلايىملىقى ۋە ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىشى ھەققىدىكى تېپىك مىساللارنى ۋە دەلىل-ئىسپاتلارنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، شۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

2 - جازالىغان چاغدا خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى بالىلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە دىققەت قىلىش لازىم:

بالىلار زېرەكلىك، رايىشلىق ۋە مايىللىقتا بىر-بىرىگە ئوخشىمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ، بەزىسى ئېغىر-بېسىق، چىقىشقاق مىجەزلىك بولىدۇ، بەزىسى مۆتىدىل مىجەزلىك بولىدۇ، بەزىسى قاتتىق ئاچچىقى يامان نېرۋا مىجەزلىك بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئىرسىيەتكە، ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتنىڭ تەسىرلىرىگە ۋە تەلىم-تەربىيە ئامىللىرىغا باغلىق بولىدۇ.

بەزى بالىلارغا خاتالىقتىن توسۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قاپاقنى تۈرۈپ قاراپ قويۇش يېتەرلىك، يەنە بەزىسى خاتالىقتىن توسۇش ئۈچۈن كايىشقا موھتاج، شۇنىڭدەك، بەزىدە تەربىيەتچىلەر نەسىھەتنىڭ، كايىش ۋە ئەيىبلەشنىڭ ئۈنۈم بېرىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن چاغدا ئۇرۇشقىمۇ مەجبۇر بولىدۇ.

ئىبنى سىنا، ئەبدەرى ۋە ئىبنى خەلدۇن قاتارلىق ئىسلامىي تەربىيەتچى ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى تەربىيەتچىلەر قاتتىق زوراۋانلىق قوللانماسلىق بالىلارنى جازالىشى توغرا ئەمەس، ئۇرۇش ۋاستىسى پەقەت بالىلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتە يېتىلدۈرۈشتە كۆزلەنگەن تەسىرنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇش ۋە باشقىلارنى ئارىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قوللىنىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئىبنى خەلدۇن رەھىمەھۇللاھ «مۇقەددىمە» ناملىق كىتابىدا بالىلارغا بەك قوپال مۇئامىلە قىلىش ئۇلاردا ئاجىزلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە ھايات تەكلىپاتلىرىدىن قېچىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇغۇچىلار، قۇللار ۋە خىزمەتكارلار ئىچىدىن رەھىمسىزلىك ۋە قاتتىق بېسىم بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەمنى زۇلۇم ئېزىۋېتىدۇ، يۈرىكى سىقىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ تېتىكلىكىنى يوقىتىپ، ھورۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ، زۇلۇم قوللىرى سوزۇلۇشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، بۇ ئەنسىرەش ئۇلارنى يالغان ئېيتىش ۋە قارا نىيەتلىككە ئۈندەيدۇ، ئۇلارغا ھىيلىگەرلىك ۋە ئالدامچىلىقنى ئۆگىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ئادىتى ۋە خۇي-مىجەزىگە ئايلىنىدۇ-دە، ئۇلاردىكى ئىنسانىيلىق ئۇقۇملىرى بۇزۇلىدۇ».

ئىبنى خەلدۇن رەھىمەھۇللاھ بالىلارغا بېسىم ئىشلىتىش ۋە بەك قوپال مۇئامىلە قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەپسىلىي بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان ئادەم باشقىلارغا يۈك بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئېسىل پەزىلەتلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈستىگە قىزغىنلىق ۋە ھىمايە قىلىش خاراكتېرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نومۇس-شەرىپىنى ۋە ئائىلىسىنى قوغداشتىن ئاجىز بولۇپ قالغان، مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنسانىنىڭ پسىخىكىسى ئۆز غايىسىدىن ۋە ئىنسانىيلىق نىشانىدىن چېكىنىپ كېتىدۇ».

ئىبنى خەلدۇن رەھىمەھۇللاھ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ كۆزقاراش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بالىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئىلگىرى سۆزلەنگەن كۆرسەتمىسىگە تامامەن

ئۈيغۇن كېلىدۇ. ھەمدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلەرنىڭ يېشى ۋە تەبىقىلىرى بىر-بىرلىرىدىن پەرقلىق بولغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مۇشكۇلچىلىكلىرىنى ھەل قىلغان ئاقىلانە ئۇسلۇبىغا ماس كېلىدۇ، ھەتتا ئىلگىرىكى پېشۋالار ۋە يۇقىرى مەنسەپ ئىگىلىرىمۇ پەرزەنتلىرىنى ھېكمەت بىلەن ۋە سىلىق-سىپايىلىق بىلەن باشقۇرغان، ئۇلار قاتتىق جازالاش ۋاستىسىنى پەقەت ۋەز-نەسىھەت ۋە ئەيىبلەش ئۇسلۇبى كارغا كەلمىگەندىن كېيىنلا ئاندىن قوللىناتتى.

تارىخىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، خەلىپە رەشىد بالىسىنىڭ مۇئەللىمى ئەھمەر دېگەن كىشىدىن مۇنداق ئۆتۈنگەنىكەن: «ئوغلۇمنىڭ ئازراق ۋاقتىنىمۇ پايدىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە يول قويما، لېكىن ئۇنى قايغۇغا تاشلىما، ئۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆلتۈرۈپ قويىسەن، ئۇنىڭغا يول قويۇشتا بەك ئاشۇرۇۋەتمىگىن، ئۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭغا بىكارچىلىق شېرىن بىلىنىپ، ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالىدۇ، كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە يېقىنچىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن خاتالىرىنى تۈزەتكىن، ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسا قاتتىقلىق ۋە قوپاللىق بىلەن تۈزەتكىن».

بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىز ئۇ مىساللارنى تەربىيە كىتابىنىڭ 3 ـ قىسمىغا چېچىۋەتتۇق.

بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن شۇنى خۇلاسىلەيمىزكى، تەربىيەتچىلەر بالىلارنىڭ زېرەكلىكى، ئاڭ-ساپاسى ۋە مىجەز-خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان جازا ۋاستىسىنى قوللىنىشتا ئاقىلانە بولۇشى ۋە ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالمىغۇچە جازالاشقا تايىنىۋالماسلىقى كېرەك ...

3 ـ تەدبىر قوللىنىشتا يەڭگىلدىن ئېغىرغا پەيدىن-پەي ئۆتۈش:

بىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەربىيە ئۇسۇللىرى ئىچىدىكى تەربىيەتچىلەر پەرزەنتلەرگە قوللىنىدىغان جازالاش ئۇسۇلى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتا بولۇشى كېرەك دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە تەربىيەتچىلەر ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان چارە-تەدبىر باسقۇچلىرى بار، بەلكىم، بۇ باسقۇچلار پەرزەنتلەرنىڭ خاتالىرىنى تۈزەشتىكى مەقسەتنى ئادا قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ھەمدە ئۇلارنى مۇكەممەل ئىنسانغا ئايلاندۇرالىشى مۇمكىن دېگەنلىكتۇر.

چۈنكى، ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، تەربىيەتچى دېگەن دوختۇرغا ئوخشاش، خۇددى دوختۇر كېسەلگە زىيان يېتىش خەۋپى بولغاچقا، ئۇنى بىر خىل دورا بىلەن داۋالىشى توغرا بولمىغىنىدەك، تەربىيەتچىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ مۇشكۇلچىلىكلىرىنى ھەل قىلىش ۋە خاتالىقلىرىنى توغرىلاشتا پەقەت كايىش ئۇسۇلىنىلا قوللىنىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى، بۇنداق قىلسا بەزىلەر تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ ئەسكىلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ھەرقانداق بالىغا ماس كېلىدىغان ھالەتتە مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى خاتالىققا ئېلىپ بارغان سەۋەبنى، خاتالاشقۇچىنىڭ يېشىنى، ئاڭ سەۋىيەسىنى ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەن شارائىتنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلەرگە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن، تەربىيەتچىلەرنىڭ ئۇلاردىكى خاتالىشىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىگە توغرا دىئاگنوز قويۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

تەربىيەتچى قاچانكى كىشىلەرنىڭ ئورنىنى بايقاپ، كىشىلەرگە ئىنىق دىئاگنوز قويالىسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق چارە كۆرۈپ، ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى قوللىنالايدۇ، ئاخىردا پەرزەنتلەرنى ساغلاملار باغچىسى ۋە مۇتتەقىيلەر قىرغىقىغا ئېلىپ چىقالايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرزەنتلەرنىڭ تاپتىن چىقىپ كېتىشىگە چارە قوللىنىپ، ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىرىنى تۈزەش ھەققىدە تەربىيەتچىلەر ئالدىدا بەلگىلىرى ئېنىق بولغان نۇرغۇن يوللارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، تەربىيەتچى پەرزەنتلەرگە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىپ، تەدبىر قوللىنىشتا ئۇ يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن مېڭىپ، ئەڭ ئەۋزىلىنى تاللىيالىسا، چوقۇم پەرزەنتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، روھلىرىنى تازىلاپ، ئۇلارنى مۆئمىن، تەقۋادار ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا يەتكۈسى!!! ...